«شەرق شاسلى قۇرۇلۇشى» كىتاب نەشر قىلىش تۈرى ( 0393 )

“东风工程” 图书出版项目之 0393

شى نەيئەن لو گۇەنجۇڭ

# سۇبويدا

2



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

شى نەيئەن
لو گۇنجۇڭ

# سۇ بويىدا

2



图书在版编目(CIP)数据

水浒传：插图版.2：维吾尔文 / (明) 施耐庵著；《水浒传》翻译小组译. — 2版. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.8
ISBN 978 - 7 - 228 - 15828 - 7

Ⅰ.①水… Ⅱ.①施… ②水… Ⅲ.①章回小说—中国—明代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.① I242.4

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第201908号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 艾尔肯·希力甫 |
| 编　　辑 | 包维汉，阿布力米提·伊明 |
| 责任校对 | 阿达来提·买合苏提 |
| 特约校对 | 伊里亚斯·热依弥 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆希望印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 26.75 |
| 插　　页 | 16 |
| 版　　次 | 2012年9月第2版 |
| 印　　次 | 2012年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-13600 |
| 定　　价 | 45.80 元（第二册） |

www.uyghurkitap.com



مەخلىك ياۋا ياڭ جى




زەر نەيزىۋاز شۈ نىڭ



چاپاۋول سو چاۋ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭ

www.uyghurkitap.com



قىزىل چاچ شەيتان ليۇ تاڭ




قارا قۇيۇن لى كۇي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




ئەجدىھا يىگىت شى جىن



دەريا بۇلغار لەھەڭ لى جۈن

www.uyghurkitap.com




توسقۇنسىز مۇ خۇڭ




سەككىز قوللۇق نالاكۇۋارا شياڭ چۇڭ




ئۇچار ئەۋلىيا لى گۇن

www.uyghurkitap.com




مۆلايىم بەكچە لۇ فاڭ




www.uyghurkitap.com


假李逵剪徑劫單人 黑旋風沂嶺殺四虎

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

ئوتتۇز بىرىنچى باب ........................................ 1
جاڭ سۈركاۋۇلنىڭ قوشماق ئۆردەك راۋىقىدا قانغا بويالغانلىقى
ۋۇ سۇڭ دەرۋىشنىڭ قىرىقئايانغ چوققىسىدىن كېچىلەپ كەتكەنلىكى
ئوتتۇز ئىككىنچى باب ........................................ 27
ۋۇ سۇڭ دەرۋىشنىڭ كەيپىلىكتە كۇڭ لياڭنى دومبالىغانلىقى
تىللا رەڭ يولۋاسنىڭ مەردانىلىك بىلەن سۇڭ جياڭنى ئازاد قىلغانلىقى
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب ........................................ 64
سۇڭ جياڭنىڭ كېچىدە لەھەڭ پانۇس سەيلىسى قىلغانلىقى
خۇا رۇڭنىڭ شامال تورانى غەزەپ بىلەن بېشىغا كىيگەنلىكى
ئوتتۇز تۆتىنچى باب ........................................ 92
ئۈچ تاغ غوجىسىنىڭ چىڭجۇ ئۆتىكىنى مالىمان قىلغانلىقى
تېرىككەكنىڭ كېچىلەپ خارابىلىككە قاراپ قاچقانلىقى
ئوتتۇز بەشىنچى باب ........................................ 123
شى يۇڭ زەردارنىڭ يېزا مەيخانىسىدا خەت بەرگەنلىكى
كىچىك لى گۇاڭنىڭ لياڭشەن تېغىدا تورنا ئاتقانلىقى
ئوتتۇز ئالتىنچى باب ........................................ 155
ۋۇ يۇڭنىڭ لياڭشەن كۆلىدە دەي زوڭنى ئىززەتلىگەنلىكى
سۇڭ جياڭنىڭ جىيېياڭدا لى جۈن بىلەن ئۇچراشقانلىقى
ئوتتۇز يەتتىنچى باب ........................................ 180
توسقۇنسىز يىگىتنىڭ شىپالىق يامغۇرنى قوغلاپ يەتكەنلىكى
قېيىقچى يىگىتنىڭ شۇنياڭ دەرياسىنى پاتپاراق قىلغانلىقى
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب ........................................ 206

شىپالىق يامغۇرنىڭ يەل تاپان شەيخ بىلەن ئۇچراشقانلىقى
قارا قۇيۇننىڭ دولقۇن يارار ئاق بېلىق بىلەن ئېلىشقانلىقى
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب ........................................ 237
سۇڭ جياڭنىڭ شۇنياڭ راۋىقىدا ئىسيان نەزمى يازغانلىقى
دەي زۇڭنىڭ لياڭشەن كۆلىدە ساختا مەكتۇپ يەتكۈزگەنلىكى
قىرقىنچى باب ........................................ 276
لياڭشەن كۆلىدىكى پالۋانلارنىڭ جازا مەيدانىغا تەگكەنلىكى
باتۇرلارنىڭ ئاق ئەجدىھا بۇتخانىسىدا مەردلىك يولىدا جەم
بولغانلىقى
قىرىق بىرىنچى باب ........................................ 299
سۇڭ جياڭنىڭ ۋۇۋېي قەلئەسىنى پەم بىلەن ئالغانلىقى
جاڭ شۇنىنىڭ خۇاڭ ۋېنبىڭنى تىرىك تۇتقانلىقى
قىرىق ئىككىنچى باب ........................................ 329
سۇڭ دانىشنىڭ خۇەنداۋسۇن كەنتىدە ئۈچ پارچە تىلسىمنامىنى
قوبۇل قىلغانلىقى
ئۇنىڭ ئەرشتىكى ھۆر قىز بىلەن ئۇچراشقانلىقى
قىرىق ئۈچىنچى باب ........................................ 357
يالغان لى كۇينىڭ يول توسۇپ يالغۇزاقلارنى بۇلىغانلىقى
قاراقۇيۇن
لى كۇينىڭ يىلىڭ چوققىسىدا تۆت يولۋاسنى ئۆلتۈرگەنلىكى
قىرىق تۆتىنچى باب ........................................ 390
گۈللۈك قاپلاننىڭ چىغىر يولدا دەي زۇڭ بىلەن ئۇچراشقانلىقى
قەھرلىك گۇەن سۇنىڭ ئۇزۇن يولدا شى شيۇغا دۇچ كەلگەنلىكى
قىرىق بەشىنچى باب ........................................ 421
ياڭ شيۇڭنىڭ كەيپىلىكتە پەن چياۋيۇننى تىللىغانلىقى
شى شيۇنىڭ پېي رۇخەينى پەم بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكى
قىرىق ئالتىنچى باب ........................................ 457
قەھرلىك گۇەن سۇنىڭ سۇيپىڭ تېغىنى بويىغانلىقى
پىداكار يىگىتنىڭ جۇ جەمەتىنىڭ سارىيىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى
قىرىق يەتتىنچى باب ........................................ 482
ئاسمان بۇركۇتى لى يىڭنىڭ ئەھدىنى ئىزھار قىلىپ ئىككى

www.uyghurkitap.com

پارچە مەكتۇپ ئەۋەتكەنلىكى
سۇڭ دانىشىنىڭ جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا بىرىنچى قېتىم تەگكەنلىكى
قىرىق سەككىزىنچى باب ........................................ 512
غۇنچە بوي قىزنىڭ ۋاڭ پەتەك يولۋاسنى ئۆزى يالغۇز تۇتۇۋالغانلىقى
سۇڭ دانىشىنىڭ جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا ئىككىنچى قېتىم تەگكەنلىكى
قىرىق توققۇزىنچى باب ........................................ 532
شيې جېن بىلەن شيې باۋنىڭ زىنداندىن قاچقانلىقى
سۇن لى بىلەن سۇن شىنلارنىڭ زىندانغا تەگكەنلىكى
ئەللىكىنچى باب ........................................ 562
خەلپەت ۋۇ يۇڭ خەلپەتنىڭ قوش پەنت ئىشلەتكەنلىكى
سۇڭ دانىشىنىڭ جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا ئۈچىنچى قېتىم تەگكەنلىكى
ئەللىك بىرىنچى باب ........................................ 587
قاناتلىق يولۋاسنىڭ بەي شيۇيىڭنى تاقاق بىلەن ئۇرغانلىقى
كۆركە ساقالنىڭ بەگزادىنى يوقىتىپ قويغانلىقى
ئەللىك ئىككىنچى باب ........................................ 614
لى كۇيىنىڭ يىن تيەنشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكى
چەي جىننىڭ گاۋ تاڭ ئايمىقىدا قولغا چۈشكەنلىكى
ئەللىك ئۈچىنچى باب ........................................ 641
دەي زۇڭنىڭ گۇڭسۇن شېڭنى پەم بىلەن ئېلىپ كەلگەنلىكى
لى كۇيىنىڭ لۇ بوۋاكالاننى پالتا بىلەن چاپقانلىقى
ئەللىك تۆتىنچى باب ........................................ 673
پەلەك ئەجدىھاسىنىڭ سېھىر ـ كارامەتتە سىنىشىپ گاۋ ليەننى تىرىپىرەن قىلغانلىقى
قارا قۇيۇننىڭ قۇدۇقتىن ئاختۇرۇپ چەي جىننى قۇتقۇزۇپ ئالغانلىقى
ئەللىك بەشىنچى باب ........................................ 699
گاۋ ئەمىرنىڭ ئۈچ قوشۇننى سەپراس قىلغانلىقى

خۇ يەنجوننىڭ ئاتلىق چېرىكلەردىن چاتما قاتار تۈزگەنلىكى
ئەللىك ئالتىنچى باب .............................. 723
ۋۇ يۇڭنىڭ شى چيەننى قۇياق ئوغرىلاشقا ئەۋەتكەنلىكى
تاڭ لۇڭنىڭ شۇ نىڭنى گوللاپ تاغقا ئېلىپ چىققانلىقى
ئەللىك يەتتىنچى باب .............................. 748
شۇ نىڭنىڭ ئىلمەك نەيزە ئىشلىتىشنى لەشكەرلەرگە
ئۆگەتكەنلىكى
سۇڭ جياڭنىڭ چاتما قاتار چېرىكلەرنى تىرىپىرەن قىلغانلىقى
ئەللىك سەككىزىنچى باب .............................. 775
ئۈچ تاغدىكىلەرنىڭ مەردلىك يولىدا جەم بولۇپ چىڭجۇغا
تەگكەنلىكى
شىرمەتلەرنىڭ بىر نىيەتكە كېلىپ سۇ بويىدىكىلەرگە
قېتىلغانلىقى
ئەللىك توققۇزىنچى باب .............................. 800
ۋۇ يۇڭنىڭ ئالتۇن قوڭغۇراقلىق پانۇسنى ئالداش بىلەن
قولغا كەلتۈرگەنلىكى
سۇڭ جياڭنىڭ كۈنپېتىش يوخۋا تېغىدا مالىمان
چىقارغانلىقى
ئاتمىشىنچى باب .............................. 825
گۇڭسۇن شېڭنىڭ ماڭداڭ تېغىدا يالماۋۇزنى يەڭگەنلىكى
چاۋ گەي ھەزرەتنىڭ زېڭتۇ شەھرىدە يارىلانغانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

## جاڭ سۇركاۋۇلنىڭ قوشماق ئۆردەك راۋىقىدا قانغا بويالغانلىقى ۋۇ سۇڭ دەرۋىشنىڭ قىرىقئاياغ چوققىسىدىن كېچىلەپ كەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، جاڭ سۇركاۋۇل جياڭ مۇئەككەلنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، جاڭ قورېبگىنىڭ سۆزىگە كوللىنىپ ۋۇ سوڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى، كىم بىلسۇن، ئەكسىچە تۆتەيلەن بۇلۇتلۇق كۆلدە ۋۇ سوڭنىڭ قولىدا ئۆلدى. بۇ چاغدا ۋۇ سوڭ كۆۋرۈك ئۈستىدە توختاپ، قەھر ـ غەزەپ بىلەن: «جاڭ سۇركاۋۇلنى ئۆلتۈرمەي، بۇ ئۆچۈم نېچۈك چىققاي!» دەپ بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئىككىلىنىپ قالدى، ئاندىن ئۆلۈكلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى خەنجەرلىرىنىڭ ياخشىسىدىن بىرنى ۋە قول قىلىچلىرىنىڭمۇ ئوبدانراق بىرسىنى ئىلغىۋالدى ـ دە، قايتىپ يەنە مېڭجۇ ئايمىقىغا كەلدى. ئۇ شەھەرگە يېتىپ كىرگەندە، ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ، ھەممە كىشى ئۆيلىرىگە كىرىپ ئىشىكلىرىنى تاقىۋالغانىدى.

### نەزم

چاسا مەلە ئىچرە ياندى يالتىراپ شامۇچىراغ،
ياڭرىدى نۇرانە بۇتخانا ئىچىدە قوڭغۇراق.
بىر تولۇن ئاي سۈپسۈزۈك ئاسماندا كۆرسەتتى جامال،
يالتىراپ تۈن چولپىنى قوشتى تولۇن ئايغا كامال.

ئاڭلىنىپ لەشكەر قوشىدىن بۇرغا ـ كاناي دۇت ـ دۇتى،
تامچىلاپ ۋاقىتتىن دېرەك بەردى راۋاق سۇ سائىتى.
نازىنىن ـ بەگلەر كىرىشتى گۇل كۆشۈكىگە شۇ دەم،
ئەھلى موللا جۈپتى بىرلە ئىپتىكاپقا بولدى جەم.

ۋۇ سۇڭ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن تۈپتوغرا جاڭ سۇركاۋۇلنىڭ قورۇسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى باغچىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ توختىدى، بۇ يەردە بىر ئېغىل بار ئىدى. ۋۇ سۇڭ ئاشۇ ئېغىلنىڭ يېنىغا مۆكۈپ تۇرۇپ، ئىچكىرى تەرەپكە قۇلاق سالدى. قۇلاق سالسا مىراخور قورۇدا ئىكەن، دەل شۇ چاغدا غاچ قىلىپ يان ئىشىك ئېچىلدى، مىراخور پانۇس كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقىۋالغاندىن كېيىن يان ئىشىك ئىچىدىن ئېتىلىپ قالدى. ۋۇ سۇڭ قاراڭغۇدا مۆكۈنۈپ تۇرغان پەيتتە، مىرشەپ ئەلياتقۇ تاكتىكىنى ئۇردى. ھېلىقى مىراخور ئاتلارغا ئوت ـ چۆپ، يەم ـ بوغۇزلارنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن پانۇسنى ئېسىپ قويۇپ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى سالدى ـ دە، يېشىنىپ كاتقا چىقىپ يېتىپ قالدى. ۋۇ سۇڭ ئىشىكنى تاراقشىتتى، مىراخور ۋارقىراپ:

—— كىم سەن؟ غوجا ئاكاڭ ئەمدىلا ياتاي دەۋاتسا، كىيىم ـ كېچەكمنى ئوغرىلاي دەپ كەلدىڭمۇ، بالدۇر كېلىپ قاپسەن! —— دېدى.

ۋۇ سۇڭ قول قىلىچىنى ئىشىككە يۆلەپ قويۇپ، خەنجىرىنى قولىغا ئېلىپ ئىشىكنى يەنە غاچىلدىتىپ ئىتتەردى. مىراخور بىتاقەت بولۇپ قىپيالىڭاچ ھالدا كاتتىن چاچراپ تۇردى ـ دە، قولىغا ئارىنى ئېلىپ ئىشىكنىڭ تاقىقىنى كۆتۈردى؛ ئۇ ئەمدىلا ئىشىكنى ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، ۋۇ سۇڭ زەپتى بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن ئالدى، ئۇ «ۋايجان !» دەپ ۋارقىرىدى، شۇ ئارىدا ئۇنىڭ كۆزى چىراغ سايىسىدا ۋۇ سۇڭنىڭ قولىدا ۋال ـ ۋۇل قىلىپ پارقىراپ تۇرغان خەنجەرگە چۈشۈپ، پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى.

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن ! — دەپ نالە - زار قىلدى ئۇ.

— مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ — دېدى ۋۇ سۇڭ.

مىراخور بۇ ئاۋازدىن ئۇنىڭ ۋۇ سۇڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئۇ:

— ئاغا، مېنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرىم يوق، ئۆزلىرىدىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن ! — دەپ داد - پەرياد قىلدى.

— ئۇنداق بولسا، راستىنى ئېيت، جياڭ سۇركاۋۇل ھازىر قەيەردە؟

— بۈگۈن ئۇ جاڭ قۇربېگى ۋە جياڭ مۇئەككەللەر بىلەن كۈنبويى مەي ئىچتى. ھازىر يەنە راۋاقتا مەي ئىچىۋاتىدۇ.

— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟

— يالغان ئېيتقان بولسام، پىقىرنى مەرەز بېسىپ كەتسۇن.

— ئۇنداق بولسا مانا ئەمىسە! — دېدى - دە، خەنجىرى بىلەن مىراخورنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ۋۇ سۇڭ ئۆلۈكنى بىر تەرەپكە تېپىۋېتىپ، خەنجىرىنى غىلىپىغا سالدى، ئاندىن شام يورۇقىدا بىلىدىن شى ئېن يوللۇق تۇتقان تاۋار كىيىمنى چىقاردى، كونا كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھېلىقى ئىككى قۇر يېڭى كىيىمنى يەڭگۈشلىدى ۋە بېلىنى چىڭ باغلاپ، قىلىچ - غىلاپلىرىنى بېلىگە ئېسىپ، يەردە چېچىلىپ ياتقان كۈمۈش تەڭگىلەرنى مىراخورنىڭ كات ياپقۇچىغا ئوراپ، خالتا پوتىسىغا سالدى - دە، ئىشىك يېنىغا ئېلىپ قويدى، ئاندىن قوش ئىشىكنى چىقىرىۋېلىپ تام تۈۋىگە تىكلەپ قويۇپ، چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى ۋە ئۆيدىن چىقىپ قىلىچنى ئالدى - دە، تامغا يۆلەكلىك ھېلىقى ئىشىكنىڭ بېشىغا دەسسەپ ئاستا تامغا يامىشىپ چىقتى.

بۇ چاغدا ئازراق ئاي يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى. ۋۇ سۇڭ تام بېشىدىن سەكرەپ تام ئىچىگە چۈشۈپ، يان ئىشىكنى ئاچتى، ئاندىن تامغا يۆلەكلىك ھېلىقى ئىشىكنى جايىغا ئاپىرىۋېتىپ،



www.uyghurkitap.com

قايتىپ كىرىپ يەنە ئىشىكنى يېپىپ قويدى. ۋۇ سۇڭ ئىشىكنىڭ تاقاقلىرىنى ئېلىپ تاشلىغانىدى، ئۇ چىراغ يېنىپ تۇرغان يەرگە كېلىپ قارىدى، قارىسا بۇ بىر ئاشخانا بولۇپ چىقتى. بۇ ئاشخانىدا ئىككى دېدەك مىس قازان تۇۋىدە چاي قايىنىتىپ ئولتۇراتتى، ئۇلار:

— كەچكىچە كۈتسەكمۇ بۇ بىرنېمىلەر ياتقىلى ئۇنىماي، چاي ـ چاي دەۋېرىدىكەن. ئاۋۇ ئىككى مېھمانمۇ تازا يۇزى قېلىن بىرنېمىلەر ئىكەن. چاغلىماي ئىچىۋېرىپ غەرق مەست بولۇپ كېتىشتى. تېخىچىلا راۋاقتىن چۈشمەي ئولتۇرۇشۇپتۇ، گېپى ئەجەبمۇ تۈگىمەستە قالدى، — دەپ غودۇڭشۇاتاتتى.

بۇ ئىككى دېدەك كۈسۈلداپ ـ پىچىرلاپ، ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغاندا، ۋۇ سۇڭ قىلىچىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، قانغا مىلەنگەن خەنجىرىنى غىلىپىدىن چىقاردى ـ دە، ئىشىكنى غاچ قىلىپ ئېچىپ ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى ۋە دېدەكلەردىن بىرىنىڭ كۆكۈلىسىدىن تۇتۇپ شارت قىلىپ چېپىۋەتتى. يەنە بىرى قاچماقچى بولۇۋىدى، ئىككى پۇتى قېقىپ قويغان مىختەك بىر يەرگە قادىلىپ قېلىپ قىمىر قىلالمىدى، ئۇنىڭ «ۋايجان!» دەپ تۇۋلىغۇسى كەلدى، لېكىن گاچىلاردەك تىلى گەپكە كەلمەي قېتىپلا قالدى، شۇ تاپتا ئىككى دېدەكنىڭ ئەمەس، ھەتتا مۇئەللىپىنىڭمۇ تىلى كالۋالىشىپ گەپكە كەلمەي قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ۋۇ سۇڭ ئۇنىمۇ چېپىپ تاشلىدى. بۇ ئىككى مۇردىنى سۆرەپ ئوچاق ئالدىغا ئاپىرىۋېتىپ، ئاشخانىدىكى چىراغنى ئۆچۈردى ـ دە، پەنجىرە سىرتىدىكى ئاي يورۇقىدا بىر ـ بىر بېسىپ سارايغا كىردى.

ۋۇ سۇڭ بۇرۇنىسىدا بۇ قورۇغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەچكە، ئۇ يەرنىڭ ئىگىر ـ چىگىر يوللىرىنى بىلەتتى. ئۇ ئۇدۇللا قوشماق ئۆردەك راۋىقىنىڭ پەلەمپىيى يېنىغا كېلىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ مېڭىپ راۋاق ئۈستىگە چىقماقچى بولدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئادەملىرى ئۇلارنى كۈتۈشتىن بىزار

بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىدىن نېرى كەتكەندى، راۋاقتىن پەقەت جاڭ سۇركاۋۇل، جاڭ قۇربېگى ۋە جياڭ مۇئەككەلنىڭلا پارىڭى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ۋۇ سۇڭ پەلەمپەي تۇۋىدە تۇرۇپ، جياڭ مۇئەككەلنىڭ: «ھەزرەتلىرى كەمىنىلىرىگە قىساس ئېلىپ بېرىمەن دەپ رىيازەت چەكتىلە، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا كۆپرەك خىزمەت كۆرسىتىپ جاۋاب ياندۇرارمەن» دەپ ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىۋاتقانلىقىنى، جاڭ سۇركاۋۇلنىڭ: «ئىنىم جاڭ قۇربېگىنىڭ يۈز ـ خاتىرىنى دېمىسەم، بۇنداق ئىشنى قىلىشقا كىمنىڭ خاھىشى! سىلى ئازراق پۇل خەجلىگەن بولسىلىمۇ، لېكىن ئۇ مۇتتەھەمنى جۆندەشنى ئوبدانلا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتىلا، بەربىر ئۇلار بۇ چاغقا تۇتۇش قىلىپ ئۇنى جايلىۋەتتى، بولۇتلۇق كۆلدىلا جۆندىۋېتىشكەنلار دېگەنىدىم. ئاشۇ ئەۋەتىلگەن تۆت كىشى ئەتە قايتىپ كەلسە مەلۇم بولىدۇ» دەۋاتقانلىقىنى، جاڭ قۇر بېگى: «بۇ تۆتەيلەننىڭ ئۇنداق بىر ئادەمگە نېمىشقا كۈچى يەتمىسۇن؟ ئۇنىڭ يەنە نەچچە جېنى بولسىمۇ تۈگەشتى» دېسە، جياڭ مۇئەككەلنىڭ «پېقىرمۇ ئۇلارغا ئاشۇ يەردىلا جۆندىۋېتىپ، پاتراق خەۋەر ئېلىپ كېلىڭلار دەپ تاپىلىدىم» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

## نەزم

ئالدىيالماس قەست، تۇزاق ـ قاپقان كىشىنى ھەرقاچان،
قىلسا كىم شۇملۇق قەدىمدىن بولدى نابۇت شۇل ھامان.
قاغا ـ قۇزغۇن قىلدى شۇملۇق پالىۋان ياتقاندا تىنچ،
ئاقىۋەت شۇملۇق ئۈچۈن باتۇر قولىدا ئۈزدى جان.

ۋۇ سۇڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلەپ پەلەككە يەتتى ـ دە، ئوڭ قولىدا خەنجىرىنى كۆتۈرۈپ، سول قولىدا ئىشىكنى ئىتتىرگەن پېتى راۋاققا باستۇرۇپ

كىردى، ئۇ يەردە بىرنەچچە شام - چىراغلار پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى، پەنجىرىدىن ئۆيگە بىر - ئىككى جايدىن ئاي يورۇقى چۈشۈپ، راۋاقنى خىلىلا يورۇتۇپ تۇراتتى؛ شىرە ئۈستىدىكى جام - قەدەھلەر يىغىشتۇرۇلمىغانىدى. يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان جياڭ مۇئەككەل ۋۇ سۇڭنى كۆرۈپ شۇنداق چۆچۈپ كەتتىكى، جېنى تېنىدىن ئاجراپ يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ قەرىگە ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەندەك بولدى. ئېيتماق ئاستا، قىلماق تېز دېگەندەك، جياڭ مۇئەككەل جان تالىشىپ باقماقچى بولدى، ۋۇ سۇڭ خەنجىرى بىلەن كەلتۈرۈپ بىرنى چېپىۋىدى، خەنجەر ئۇنىڭ يۈزىگە بېرىپ تېگىپ، ئۇنى ئولتۇرغان ئورۇندۇق - پورۇندۇقى بىلەن يەرگە دومىلىتىپ چۈشۈردى. ۋۇ سۇڭ قايرىلىپ كېلىپ خەنجىرىنى كۆتۈرگىنىچە توپتوغرا بېرىپ، قوپۇشقا تەمشىلىۋاتقان جاڭ سۇركاۋۇلنىڭ بوينىغا چاپتى، خەنجەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا تەگدى، سۇركاۋۇل پالاقلاپ راۋاق تاختىيىغا يىقىلىپ چۈشتى. بۇ يىقىلغان ئىككىسى يەردە جان تالىشىپ ياتاتتى. جاڭ قۇربېگى مەست بولۇپ قالغىنى بىلەن، مىڭ قىلمىسۇن بۇرۇنىسىدا لەشكەر بېشى بولغانلىقىدىن، بىلىكىدە يەنىلا ئانچە - مۇنچە ماغدۇر بار ئىدى، ئۇ يېنىدىكى ئىككىيلەننىڭ يەرگە چاپلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭمۇ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن دەرھال بىر ئورۇندۇقنى پىرقىرىتىپ ۋۇ سۇڭغا ئاتتى. ۋۇ سۇڭ بۇ ئورۇندۇقنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئاتتى، قۇربېگى ھازىرغۇ مەست، ساپساق چېغىدىمۇ ۋۇ سۇڭنىڭ خاسىيەتلىك كۈچىگە زادى تەڭ كېلەلمەيتتى، شۇڭا پالاقىدە ئارقىغا يىقىلىپ چۈشتى. ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ شارت قىلىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋەتتى. جياڭ مۇئەككەل بار جاسارىتى بىلەن تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇردى. ۋۇ سۇڭ سول پۇتىنى ئاللىقاچان تەييارلاپ تۇراتتى، شۇڭا موللاق ئېتىپلا بىر تېپىك بىلەن ئۇنى يەنە ئۆرۈۋېتىپ، كاللىسىنى كېسىپ

تاشلىدى. ئاندىن قايرىلىپ كېلىپ جاڭ سۇركاۋۇلىنىڭ كاللىسىنىمۇ ئالدى. شىرە ئۈستىدە مەي ـ شاراب ۋە گۆش، تائاملار تۇراتتى، ۋۇ سۇڭ خۇمرىدىكى مەينى ئېلىپ، گۈپ ـ گۈپ قىلىپ ئىچىپ قۇرۇقدىۋەتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ ـ تۆت خۇمرا مەي ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئۆلۈكلەرنىڭ كىيىمىدىن بىر پېشنى كېسىۋېلىپ، ئۇنى قانغا تەگكۈزۈپ، ئاق تامغا: «قاتىل ـــ يولۋاس ئۆلتۈرگەن ۋۇ سۇڭدۇر» دەپ چوڭ قىلىپ يېزىپ قويدى. ئاندىن شىرەدىكى قاچا ـ قۇچىلاردىن بىرنەچچىسىنى قويىنىغا سېلىپ، قالغانلىرىنى دەسسەپ ماكچايتىۋەتتى. ئۇ راۋاقتىن پەسكە چۈشەي دەپ تۇرۇشىغا پەستە خېنىمنىڭ: «راۋاقتىكى بېگىملەرنىڭ ھەنىۋاسى كەيپ بولۇپ قالدى، چاپسان بىر ـ ئىككىڭلار چىقىپ يۆلەڭلەر...» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، گەپنىڭ ئايىغى چۈشە ـ چۈشمەيلا، ئىككى كىشى راۋاققا يېتىپ چىقتى.

ۋۇ سۇڭ پەلەمپەي تۈۋىدە تۇرۇپ قارىسا، نەچچە كۈن بۇرۇن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان شۇ ئۆينىڭ خىزمەتچىلىرى ئىكەن. ۋۇ سۇڭ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ يول توسۇپ تۇردى. بۇ ئىككىسى راۋاقتا ئۈچ ئۆلۈكنىڭ ئوڭدىسىغا قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپ، خۇددى چېكىسىدىن تاپىنىغىچە بىر سوغا مۇز سۈيىنى قويۇۋەتكەندەك بىر ـ بىرىگە قارىغىنىچە زۇۋان سۈرمەستىن قېتىپلا قالدى. ئۇلار شاق قىلىپ بۇرۇلۇشىغا، ئارقىدا تۇرغان ۋۇ سۇڭ ئۇلاردىن بىرىنى خەنجىرى بىلەن چېپىپ يەرگە چاپلاشتۇرۇپ قويدى. يەنە بىرى شۇ ھامان تىزلىنىپ كەچۈرۈم سورىدى، ۋۇ سۇڭ: «سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن!» دەپ ئۇنىڭ كۆكۈلىسىدىن تۇتۇپ كاللىسىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن چاچراپ چىققان قان راۋاقنى بىر ئالدى، مۇردىلارچىراغ سايىسىدا ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ۋۇ سۇڭ: «قىلغاندىكىن مانا مۇشۇنداق كامالىغا يەتكۈزۈپ قىلغۇلۇق، يۈزنىڭ جېنىنى ئالسامىمۇ ماڭا شۇ بىرلا ئۆلۈم كېلىدۇ» دېدى ـ

دە، خەنجىرنى كۆتۈرگىنىچە راۋاقتىن چۈشۈپ كەتتى.
— يۇقىرىدىكى نىمە ئاھ - زار ئۇ، — دېدى خېنىم.
ۋۇ سۇڭ ئۆينىڭ ئالدىغا باستۇرۇپ كەلگەندە، خېنىم ئاجايىپ گەۋدىلىك بىر دارازا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز - ئۆزىگە: «ھەي ! بۇ كىمدۇ ؟» دېگەن سوئالنى قويدى. بۇ چاغدا ۋۇ سۇڭنىڭ خەنجىرى كۆكتە پەرۋاز قىلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە چىپىلدى. خېنىم ۋار - ۋۇر چىرقىراپ ئىشىك ئالدىغا يىقىلدى. ۋۇ سۇڭ خېنىمنى بېسىپ تۇرۇپ يەنە بىر چېپىۋىدى، خەنجەر ئۇنىڭ بېشىغا ئۆتمىدى. ۋۇ سۇڭ ھەيران بولۇپ، ئاي يورۇقىدا خەنجىرىگە قارىسا خەنجەرنىڭ بىسى ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ۋۇ سۇڭ: «كالىلىغا ئۆتمىگىنىنى ئەمدى بىلدىم !» دېدى - دە، ئارقىغا يېنىپ، يان ئىشىكنىڭ سىرتىغا چىقىپ، قول قىلىچنى ئالدى، بىسى ئۇچۇپ كەتكەن خەنجىرنى تاشلىۋېتىپ، يەنە راۋاققا كىردى. راۋاققا كىرىشى بىلەنلا چىراغ يورۇقى كۆرۈندى. ئالدى تەرەپتىن غەزەلچى يۈ لىيەن ئىككى دېدەكنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى، بۇلار چىراغنى كۆتۈرۈپ، خېنىم ئۆلتۈرۈلگەن يەرگە كەلگەندە، خېنىمنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ «ۋاي ئاللا ! ۋاي تو ۋا!» دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. ۋۇ سۇڭ گاچ قىلىپ قىلىچنى يۈ لىيەننىڭ يۈرىكىگە تىقتى. ئىككى كىچىك دېدەكمۇ ۋۇ سۇڭنىڭ قىلىچىدا ئۇجۇقتى. ۋۇ سۇڭ ئارا دالاندىن چىقىپ، ئالدى دەرۋازىنىڭ تاقاقلىرىنى ئەتكەندىن كېيىن يەنە قايتىپ كىرىپ، قالغان ئىككى - ئۈچ ئايالنىمۇ ئىزدەپ تېپىپ چېپىپ تاشلىدى. ۋۇ سۇڭ: «ئەمدى كۆڭلۈمدىكىدەك بولدى، كېتەي» دەپ غىلاپىنى تاشلاپ، قول قىلىچنى كۆتۈرگىنىچە يان ئىشىكنىڭ سىرتىغا چىقىپ، خالتا پوتىسىنى يېشىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە قويىنىدىكى ماكچىيىپ كەتكەن كۈمۈش قەدەھلەرنى سېلىپ بېلىگە باغلىدى - دە، قىلىچنى ئېلىپ گۈرس - گۈرس قەدەم تاشلاپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ شەھەر دەرۋازىسىنىڭ قېشىغىراق كەلگەندە: «ئەگەر دەرۋازا ئېچىلىپ قالسا، مېنى تۇتۇۋېلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە كېچىلەپ بولسىمۇ شەھەردىن چىقىپ كەتكىنىم تۈزۈك» دەپ

ئويلىدى ـ دە، سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقتى. مىڭجۇ دەپ ئاتىلىدىغان بۇ شەھەر كىچىك شەھەر بولۇپ، سېپىلى ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىدى. ۋۇ سۇڭ سېپىل كۈنگۈرىسىدىن تۆۋەنگە قارىدى، ئاندىن قىلىچىنىڭ ئۇچىنى ئۈستۈنگە، سېپىنى پەسكە قارىتىپ كۈنگۈرىگە تىرەپ تۇرۇپ، شاققىدە قىلىپ كۈنگۈرىنى ئاتلاپ ئۆتۈۋىدى، سىرتىدىكى خەندەك يېنىغا چۈشتى. ئاي يورۇقىدا خەندەكتىكى سۇغا قارىدى. سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى پەقەت بىر ـ ئىككى چىلا كېلىدىكەن. بۇ دەل ئونىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، بۇلاقلارنىڭ سۇلىرى سوغۇلۇپ كەتكەنىدى، ۋۇ سۇڭ خەندەكنىڭ لېۋىدە كەش ـ پايپاقلىرىنى سېلىپ، تىزلاپچىلىرىنى يېشىپ، پۇچاقلىرىنى تۇرۇۋېلىپ، سېپىل خەندىكىدىن كېچىپ قىرغاققا چىقتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يادىغا شى ئېن بەرگەن بوغچا ئىچىدىكى سەككىز قولاقلىق چىگە چورۇق كەلدى ـ دە، ئۇنى بوغجۇمىسىدىن ئېلىپ كىيىۋالدى. بۇ چاغدا شەھەردىن سۇبھى تاڭ تاكتىكى ئاڭلاندى. ۋۇ سۇڭ: «پۇخانىمدىن مانا ئەمدى چىقتىم، ‹قەپەس ئالتۇندىن بولسىمۇ، بۇلبۇلغا ئاشىيان بولماس› دېگەن گەپ بار، بۇ يەردىن كەتكىنىم ياخشى» دېدى ـ دە، قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، كۈنچىقىش تەرەپتىكى چىغىر يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

## نەزم

قىيدى جان يول ئۈستىدە ئۇ قولىغا خەنجەر ئېلىپ،
قوت شارابى ئىچتى قوشماقلار[①] راۋاقىغا چىقىپ.
ئۆزى تەنها قەتلى ئەيلەپ شۇنچە كۆپ جاننى بۈگۈن،
رەھىمسىزلىك بابىدا ئۇ چۈشتى قاتىلدىن ئېشىپ.
قىيدى جانلارنى بۇ يەردىن دەس تۇرۇپ ماڭدى شۇئان،
ئەنسىرەپ كۆڭلى يەنە جىن ئالمىسۇن دەپ چاپلىشىپ.

① قوشماقلار ــ قوشماق ئۆردەكلەر راۋىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ۋۇ سۇڭ سۇبھى تاڭ تاكتىمكىنىڭ بەشىنچىسى ئۇرۇلغۇچە ماڭدى، ھاۋا گۇگۇم بولۇپ تېخى تاڭ يورۇپ كەتمىگەنىدى. ئۇ بىر كىچە رىيازەت چېكىپ، چارچاپ ماجالى قالمىدى؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە تاياق زەخىملىرى ئېچىشىپ ئاغرىماقتا ئىدى، ئۇ بۇنىڭغا قانداقمۇ چىدىسۇن ؟ ئۇنىڭ بىر دەرەخزارلىق ئىچىدىكى كىچىككىنە قەدىمىي بۇتخانىغا كۆزى چۈشتى ـ دە، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قىلىچىنى تامغا يۆلەپ قويدى، ئاندىن بوغجىمىسىنى يېشىپ بېشىغا تەكىيە قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى.

ئۇ ئەمدىلا كۆزىنى يۇماي دەپ تۇرۇشىغا، سىرتتىن ئىككى ئىلمەك ئوقۇرۇق كىرىپ ۋۇ سۇڭنى ئىلىۋالدى، ئاندىن ئىككى ئادەم سىرتتىن باستۇرۇپ كىرىپ، ۋۇ سۇڭنى بېسىۋېلىپ ئارغامچا بىلەن باغلىدى.

— بۇ زەڭگىۋاي ئەجەبمۇ سېمىز ئىكەن، غوجامغا تارتۇق قىلىپ تۇتۇشقىلا لايىق ئىكەن، — دېدى بۇ تۆت غالچا.

ۋۇ سۇڭ ئۇلارنىڭ قولىدىن زادىلا قۇتۇلۇپ چىقالمىدى، تۆت غالچا ۋۇ سۇڭنىڭ بوغجۇما ـ قىلىچلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى خۇددى قوينى سۆرىگەندەك يۆتىنى يەرگە تەگكۈزمەي مەھەللىگە سۆرەپ باردى. بۇ تۆت غالچا يول ئۈستىدە ئۆزلىرىچە: «بۇ ئادەمنىڭ ئۇستىبېشى قان تۇرىدۇ، نەدىن كەلگەندۇ؟ ئوغرىلىق قىلىپ قېچىپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟» دېيىشتى.

ۋۇ سۇڭ بۇنى ئاڭلاپ، دېسە دەۋەرسۇن، دەپ ھېچنېمە دېمىدى. ئۇچ ـ تۆت چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن بىر كەپىگە يېتىپ باردى. ئۇلار ۋۇ سۇڭنى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، يالىڭاچلاپ تۈۋرۈككە باغلاپ قويدى؛ يان تەرەپتىكى بىر كىچىك ئۆيدە جىنچىراغ يېنىپ تۇراتتى، ۋۇ سۇڭ ئۆينىڭ ئىچىگە قارىسا، قازان بېشىدىكى لىمدا ئىككى ئادەم شىرىقى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. ۋۇ سۇڭ كۆڭلىدە: «جەبرائىلنىڭ قولىغا چۈشۈپتىمەن، ۋاقىتسىز ھارام ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم. بۇنداق بولارىمنى

بالدۇرراق بىلگەن بولسام، مېڭجۇ دىيارى مەھكىمىسىگە ئۆزۈمنى تۇتۇپ بېرىپ قىلىچ ئاستىدا ئۆلەتتىم، ئۇ چاغدا دۇنيادا پاك نامىم قالاتتى» دېگەن ئويلارنى كەچۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## نەزم

ئۆلتۈرۈپ پاسىق ـ زىناخورنى دىلى تاپتى ئامان،
قەھرىمان قاچقان بىلەن قاچماس ئۇنىڭ نامى ھامان.
مەڭگۈلۈك مەردلىككە لايىق ئەر ئىشىنى قىلدى ئۇ،
ئىككى گەز پەتەك جېنىنى دېمىگىن قىيماق ئاسان.

تۆت غالچا بوغجۇمىنى كۆتۈرگىنىچە:
— ۋاي غوجام، ۋاي خېنىم، چاققان چىقسىلا ! بىز ئەجەبمۇ بەلەن بىر ئولجا ئەكەلدۇق، — دەپ ۋارقىرىدى.
— مەن ھازىرلا چىقىمەن ! سىلەر تەگمەڭلار، ئۇنى ئۆزۈم سويىمەن، — دېگەن جاۋاب ئاڭلاندى ئالدى تەرەپتىن.
بىر پىيالە چاي ئىچكۈدەك ۋاقىتمۇ ئۆتمەيلا، ئۆيدە ئىككى ئادەم ھازىر بولدى. ۋۇ سۇڭ قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدىكىسى بىر ئايال، كەينىدىكىسى بىر دارازا ئىكەن. بۇ ئىككىيلەن ۋۇ سۇڭغا ئوبدان سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ئايال:
— ۋوي، بۇ ئاغىمىز ۋۇ سۇڭ يۈزبېشىغۇ! — دېدى.
— چاپسان يېشىڭلار ئىنىمنى ! — دېدى دارازا.
ۋۇ سۇڭ ئۇلارغا قارىسا، ئۇ دارازا باشقا بىراۋ ئەمەس، ھېلىقى كۆكتاتچى جاڭ چىڭ ئىكەن، ئايال بولسا ھېلىقى چىشى يەكشا سۇن چوكان ئىكەن. تۆت غالچا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ دەرھال ئارغامچىنى يېشىپ، ۋۇ سۇڭغا كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ قويىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى بوغمىچىسى يىرتىلىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭغا بىر كىگىز قالپاق كىيدۈرۈپ قويدى. بۇ جاڭ چىڭنىڭ چاسا داۋاندا بىرقانچە يەردە دۇكىنى بار ئىدى، شۇڭا ۋۇ سۇڭ ئۇنى

دەرھال ئاڭقىرالمىغانىدى. جاڭ چىڭ ۋۇسۇڭنى شۇ زامان ئالدى تەرەپتىكى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى، سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن جاڭ چىڭ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ شۇ ھامان ئۇنىڭدىن:

—— ئەزىز ئىنىم، قانداق بولۇپ بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالدىلا؟ —— دەپ سورىدى.

—— نېمىسىنى دەيدىلا، ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا! سىلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن مەھبۇسلار كۇرەسىگە باردىم، —— دېدى ۋۇ سۇڭ، —— ئۇ يەردە كۇرەبېگىنىڭ ئوغلىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشتىم، ئۇنى پالكۆز يولۋاس شى ئېن دەپ ئاتىشىدىكەن. بىر كۆرۈپلا قەدىناس بولۇپ كەتتى، ئۇ ھەر كۈنى ئېسىل مەي ـ شاراب، مەززىلىك شورپا ـ قورداقلارنى ئەكېلىپ، مەندىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ئۇنىڭ شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئارامجاڭگالدا بىر مەيخانىسى بار ئىكەنىمىش، ئۇنىڭدىن ئوبدان تاپاۋەت بولۇپ تۇرىدىكەنتۇق، جاڭ قۇربېگى دېگەن بىر كىشى ئەگەشتۇرۇپ كەلگەن جياڭ مۇئەككەل دېگەن مۇتتەھەم زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، بىكاردىن ـ بىكارغا ئۇنى تارتىۋاپتۇ. شى ئېن مېنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلدى، مەن بۇ ناھەقچىلىكنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كەيپىلىكتە جياڭ مۇئەككەلنى دۇمبالاپ، ئارامجاڭگالنى يېڭىباشتىن شى ئېنغا تارتىپ ئېلىپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن شى ئېن مېنى قەدىرلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. كېيىن جاڭ قۇربېگى جاڭ سۇركاۋۇلنى سېتىۋاپتۇ، ئۇلار مەسلىھەت قىلىشىپ، جياڭ مۇئەككەلگە ئۆچ ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، مېنى جاڭ سۇركاۋۇلنىڭ خاس يىگىتلىكىگە ئېلىپ تۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ: سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئاخشىمى ئۇلار ئوغرى كەلدى دېگەن باھانە بىلەن مېنى ئىچكىرىكى ھويلىغا گوللاپ ئەكىرىشتى، ئۇلار ئاللىقاچان كۈمۈش مەي قاچىلىرىنى مېنىڭ چىغ ساندۇقۇمغا سېلىپ قويۇپتىكەن، مېنى مىڭجۇ ئايماق يامۇلىغا ئېلىپ بېرىپ،

www.uyghurkitap.com

گەدىنىمگە ئۇغرى دېگەن بەتنامنى تېڭىپ، قاتتىق دۇمبالىدى، تاياق دەستىدە زورمۇزور ئىقرار قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن زىندانغا تاشلىدى؛ شى ئېنغا ئۆلىشىپ قالغانلىقىمدىن، ئۇ يۇقىرى – تۆۋەندىكى بەگ – سىپاھلارغا پۇل خەجلەپ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يې ئاتلىق بىر پەتىۋاچىغىمۇ ئۆلىشىپ قالدىم، بۇ كىشىمۇ مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان، كىشىلەرگە زىيان – زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان مۆمىن، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن. يەنە زىندانغا قارايدىغان كاڭ ئاتلىق بىر گۇندىپايمۇ بار ئىكەن، ئۇ شى ئېن بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتۈشىدىكەن. بۇلار ھەدەپ كۈچ چىقىرىپ، دەررە مۆھلىتىم توشقاندىن كېيىن ئېنجۇ ئايمىقىغا يۆتكەپ قويماقچى بولدى. تۇنۇگۈن ئاخشام شەھەردىن چىققاندا، جاڭ سۇركاۋۇل دېگەن لەنتى بىر تۇزاق قۇرۇپ، جياڭ مۇئەككەلگە: «شاگىرتلىرىڭىزدىن ئىككىنى تەيىنلەڭ، ئۇلار يايلارغا ياردەملىشىپ ۋۇ سۇڭنى يول ئۈستىدە ئۇجۇقتۇرۇۋەتسۇن» دەپ بۇيرۇپتۇ. ئۇلار بۇلۇتلۇق كۆلنىڭ خالىي – خىلۋەت بىر جايىغا يېتىپ كەلگەندە قول سالماق بولۇۋىدى، ئىككى تېپىك بىلەن جياڭ مۇئەككەلنىڭ ئىككى شاگىرتىنى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتتىم. ئاندىن ھېلىقى ئىككى يايى دېگەن كىسىپۇرۇشلارمۇ بولۇشۇشقا يېتىپ كېلىشتى، ئۇلارنىمۇ ھەر بىرىنى بىر قىلىچ بىلەن قەتل قىلىپ، سۇغا تاشلىۋەتتىم، يۇخادىن تېخى چىقماي، يەنە مېڭجۇ ئايمىقىغا قايتىپ كېلىپ، ئەلياتقۇ مەھەلدە ئېغىلغا كىرىپ ئات باقار مىراخورنى ئۆلتۈردۈم؛ تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئاشخانىدا ئىككى دېدەكنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم؛ ئۇ يەردىن قوشماق ئۆردەك راۋىقىغا چىقىپ، جاڭ سۇركاۋۇل، جاڭ قۇربېگى ۋە جياڭ مۇئەككەلنى ئۆلتۈردۈم، ئاندىن يەنە ئىككى خاس يىگىتنىڭ كاللىسىنى ئالدىم، راۋاقتىن پەسكە چۈشۈپ ئۇنىڭ خوتۇنى، قىزى ۋە دېدەكنى ئۆلتۈردۈم – دە، كېچىلەپ سېپىل ئاتلاپ شەھەردىن قېچىپ چىقتىم. بەشىنچى تاڭ – تاڭ ئۇرۇلغۇچە يول

يۇرۇپ چارچاپ ماجالىم قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاياق زەخمىلىرى ئېچىشىپ ماڭالماي قالدىم، شۇنىڭ بىلەن كىچىك بىر بۇتخانىغا كىرىپ، سەل ئارام ئالاي دەپ تۇرسام، بۇ تۆتەيلەن مېنى باغلاپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى.

— بىز تۆتىمىز جاڭ غوجامنىڭ خىزمەتكارلىرى، — دېدى تۆت چوماقچى يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىپ، — ئۇدا نەچچە كۈن قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىمىزدىن، جاڭگاللىقا ئاز - تولا ئوقەت قىلىپ كەلسەك، دەپ بارغانىدۇق. قارىساق سىلى چىغىر يولدىن كېلىپ قالدىلا ئاغا، ئۇستىباشلىرىدىن پۇتۇنلەي قان تېمىپ تۇرۇپتۇ. ئۇدۇللا بۇتخانىغا كىرىپ كەتتىلە، بىز كىملىكلىرىنى بىلەلمىدۇق. جاڭ غوجام بىزگە: «تىرىك تۇتۇپ كېلىڭلار» دەپ نەچچە قېتىم تاپىلىغانىدى، شۇڭا بىز سىلىنى ئەلمەك ئوقۇرۇق بىلەن تۇتتۇق، غوجام تاپىلاپ قويمىغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىغا زامىن بولۇپ قالاتتىكەنمىز. كۆزىمىز تورۇقلۇق ئۇلۇغىمىزنى تونۇماپتىمىز. ئۇقۇشماي گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدۇق، گۇناھىمىزنى كەچۈرسىلە!

— نەچچە زامان بولدى، بىز ئەنسىرەپ ئۇلارغا ئولجا ئالىدىغان ئادەملەرنى تىرىك تۇتۇپ كېلىڭلار دەۋاتقىلى، — دېدى جاڭ چىڭ بىلەن خوتۇنى كۈلۈپ، — كۆڭلىمىزدىكىنى تاپقاندەك ئىش قىپتۇ بۇلار. ناۋادا ئىنىمىز چارچاپ ماجالىدىن قالمىغان بولسا، سەندەك تۆتەيلەن ئەمەس، قىرىقەيلەن بولغىنىڭ بىلەنمۇ تەڭ تۇرۇشالمايتتىڭ.

تۆت چوماقچى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. ۋۇ سۇڭ ئۇلارنىڭ بىرسىنى چاقىرىپ:

— قىمارغا پۇلۇڭلار بولمىسا مەن بېرەي، — دېدى ۋە بوغجۇمىسىنى يېشىپ ئۇنىڭدىن ئون سەر كۈمۈش چىقىرىپ، تۆتەيلەنگە ئۈلەشتۇرۇپ بەردى. تۆت چوماقچى ۋۇ سۇڭغا تەزىم بىلەن تەشەككۈر بايان قىلدى. جاڭ چىڭ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇمۇ يېنىدىن ئۈچ - تۆت سەر كۈمۈش چىقىرىپ

www.uyghurkitap.com

ئۇلىشۋېلىڭلار دەپ ئۇلارغا ئىنئام قىلدى.

— ئەزىز ئىنىم، ئۆزلىرى مېنىڭ قەلبىمنى بىلمەيدىلا! — دېدى جاڭ چىڭ، — ئۆزلىرى كەتكەندىن كېيىن بىرەر نەسلىككە دۇچ كېلىپ، بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغۇ دەپ، بۇ پەسلەرگە: «ئۇلجا ئالغان ئادەملىرىڭلارنى تىرىك ئەكېلىڭلار» دەپ تاپىلىغانىدىم. بۇ نېمىلەر مىلجىڭراقلىرىنى تىرىك تۇتۇپ كېلىشتى. ئۆزلىرى تەڭ تۇرالمىغانلىرىنى بولسا ئۆلتۈرۈۋېتىشتى؛ شۇڭا ئۇلارغا تىغ تۇتقۇزۇپ ئەۋەتمەي، ئىلمەك ئۇقۇرۇق ۋە سالما تۇتقۇزۇپ ئەۋەتىدىغان بولۇپ قالدىم. ھېلى ئۇلارنىڭ ئولجا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، مەن چىققۇچە تەگمەڭلار دەپ تاپشۇرغانىدىم، سىلى ئىكەنلىكلىرىنى نەدىن بىلەي قېرىنداشىم!

— ئىنى، — دېدى سۇن چوكان، — ئۆزلىرىنىڭ جياڭ مۇئەككەلنى بابىلىۋەتكەنلىكلىرىنى، يەنە كېلىپ ئۇنى كەيىپ تۇرۇقلۇق يېڭىۋالغانلىقلىرىنى ئاڭلىسا، ھاڭ - تاڭ قالمايدىغان قايسى يولۇچى ئىكەن ئۇ! ئارامجاڭگالدا سودا - سېتىقلارغا كەلگەن كارۋانلارمۇ بۇ ھەقتە دائىم سۆزلىشىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇلار كېيىن نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئىنى، چارچاپ كەتكەنلا. ئاۋۋال مېھمانخانىغا كىرىپ ئارام ئالسىلا، قالدى ئىشنى كېيىن بىر نېمە قىلارمىز.

جاڭ چىڭ ۋۇ سۇڭنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ۋۇ سۇڭنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئاشخانىغا چىقىپ مەززىلىك غىزا - تائام، مەي - شارابلارنى تەييارلىدى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە ھەممىنى تەخمۇتەخ قىلىپ بولۇپ، ۋۇ سۇڭنىڭ ئويغىنىشىغىلا قاراپ قالدى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

گۆھەر - دۇنيا گاراخ ياتسا، قىلىچ ئويغاق ئىدى قولدا.
تەڭرى كۆكتە، يىراقتا خان تۇرۇپ، دال بولمىدى جانغا.

بىسىپ كەتكەن بىلەن بۇتخانىنى شۇملۇق ئىغىر دەھشەت، ئەلكىزەرلەر ماكانى لىق تولۇپ ياتار ئىجاتچىغا.

ئەمدى مىڭجۇ شەھىرىدىكى جاڭ سۇركاۋۇلىنىڭ قورۇسىغا كەلسەك، بۇ يەردە مۆكۈنۈپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلارمۇ بار ئىدى، بۇلار تاڭ يورۇغاندىن كېيىنلا سىرتقا چىقالىدى. ئۇلار ئىچكىرىدىكى خاس يىگىتلەرنى چاقىردى، سىرتتا ئىشىك بېقىپ تۇرغان گۇندىپايلارنىڭ ھەننىۋاسى يۇگۇرۇشۇپ كىرىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ۋاڭ ـ چۇڭلار كۆتۈردى، ئەھلىمەھەللە، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ سىرتقا چىقىشقا قانداق ھەددى دەيسىز؟ كۈن ئوبدان يورۇغاندىن كېيىنلا ئۇلار مىڭجۇ ئايماق يامۇلىغا ئەرز قىلىپ كەلدى. ئايماقبېگى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيران بولۇپ، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ سانىنى ئىبدىتلاش، قاتىلنىڭ قەيەرگە بېكىنىۋالغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە دەرھال ئادەم تەيىنلىدى، ئۇلار تەپسىلىي ئۇچۇرلار يېزىپ چىقىپ، يامۇلغا قايتىپ كېلىپ ئايماقبېگىگە: «ئاۋۋال ئىغىلغا كىرىپ ئات باقار مىراخورنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئۇ يەردە ئىككى كونا كىيىمنى سېلىپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئاشخانىغا كىرىپ ئوچاق تۈۋىدە ئىككى دېدەكنى ئۆلتۈرۈپتۇ، يان ئىشىك تۈۋىدە بىسى ئۇچۇپ كەتكەن بىر خەنجەرنى تاشلاپ قويۇپتۇ. راۋاقتا جاڭ سۇركاۋۇلنى ئىككى خاس يىگىت بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇنىڭ سىرتىدا، يەنە چىللاپ كېلىنگەن جاڭ قۇربېگى بىلەن جياڭ مۇئەككەل ئۆلۈپ يېتىپتۇ. لاتىنى قانغا تەگكۈزۈپ ئاق تامغا: ‹قاتىل ــ يولۋاس ئۆلتۈرگەن ۋۇ سۇڭدۇر› دېگەن سۆزنى چوڭ قىلىپ يېزىپ قويۇپتۇ. تۆۋەندە خېنىمنى، سىرتتا يۇ لىيەن بىلەن ئېمىكئانىنى ۋە ئۈچ قىزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، جەمئىي ئون بەش ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن. ئالتە دانە ئالتۇن ـ كۈمۈش مەي قاچىسى بۇلاپ كېتىلگەن» دەپ مەلۇم قىلدى. ئايماقبېگى تۆت تەرەپتىكى دەرۋازىلارنى

بېكىتىشكە ئادەم بۇيرۇدى. لەشكەرلەرنى ۋە تۇتقاۋۇللارنى ئېدىتلاپ چىقتى، شەھەردىكى مەھەللە ئاقساقاللىرىغا ئۆيمۇئۆي چارلاپ قاتىل ۋۇ سۇڭنى تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلدى.

ئەتىسى بۇلۇتلۇق كۆل تەۋەسىدىكى ئاقساقاللار كېلىپ: «تۆت ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ كۆلگە تاشلىۋېتىپتۇ. بۇلۇتلۇق كۆل كۆۋرۈكىنىڭ تۈۋىگە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ قېنى تېمىپ قاپتۇ، جەسەتلەرنىڭ ھەممىسى سۇ ئىچىدە تۇرىدۇ» دەپ مەلۇم قىلدى. ئايماقبېگى ئەرز تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال چېرىك يامۇل بېگىنى جورىدى، ئۇ بىر تەرەپتىن كۆلدىكى تۆت مۇردىنى سۇزدۇرۇپ ئېلىپ، تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۇلاردىن ئىككىسى ئۆز يامۇلىنىڭ يايىسى ئىكەن، ئىككىسى ئۆزىگە ئۆزى بالا تېپىۋالغانلار ئىكەن، بۇلارنى جەسەت ساندۇقلىرىغا سالدى، ئاندىن ئاقساقاللار يامۇلغا كېلىپ ئەرز ئېيتىپ، تېزدىن قاتىلنى تۇتۇپ جانغا جان ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى. شەھەر قوۋۇقلىرى ئۈچ كۈنگىچە ئېچىلمىدى، ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپ چىقىشتى، بەش ئۆيىنى بىر ـ بىرىگە چاتتى، ئون ئۆيگە بىر كېپىل ئالدى، ئاختۇرۇپ چىقىلمىغان بىرمۇ ئۆي قالمىدى. ئايماقبېگى بۇيرۇق يېزىپ ئۆزىگە قاراشلىق جايلارغا ـــ يېزىلار، چوققىلار، شەھەرلەر، كەنتلەرگىچە چۈشۈرۈپ، ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپ باش قاتىلنى تۇتۇشنى تاپشۇردى. ۋۇ سۇڭنىڭ يۇرت ـ سۇيى، ياش ـ قۇرامى، تەقى ـ تۇرقىنىڭ ئۇچۇرى يېزىپ ـ سىزىپ كۆرسىتىلدى، تۇتۇپ بەرگۈچىگە ئاتاپ ئۈچ مىڭ تىزىق يارماق ئاجرىتىلدى ۋە بۇيرۇقتا ئەگەر كىمدىكىم ۋۇ سۇڭنىڭ ئۇچۇرىنى ئېلىپ، ئايماق يامۇلىغا مەلۇم قىلسا، دەرھال ئىنئام بېرىلىدىغانلىقى، ناۋادا كىمدىكىم گۇناھكارنى ئۆيدە قوندۇرۇپ، غىزا ـ تائام بىلەن باققانلىقى يامۇلغا بىلىنىپ قالسا، گۇناھكار بىلەن ئوخشاش جازاغا تارتىلىدىغانلىقى ئىزھار قىلىنىدى. بۇيرۇق ھەممە قوشنا ئايماق يامۇللىرىنىڭ تۇتۇشۇپ بېرىشى ئۈچۈن تارقىتىلدى.



www.uyghurkitap.com

ئەمدى ۋۇ سۇڭغا كەلسەك، ئۇ جاڭ چىڭنىڭ ئۆيىدە تۆت ــ بەش كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن ئىشنىڭ ناھايىتى چاتاق بولۇۋاتقانلىقىنى، ياۋايىلار ئارقىمۇئارقا شەھەردىن يېزا ــ كەنتلەرگىچە سانجاق ــ سانجاق چۇشۇپ چارلاپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدى. جاڭ چىڭ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ۋۇ سۇڭغا:

ــــ قېرىنداشىم، مەن سىلىنى ئۇزۇن تۇرسا بېشىمغا بالا بولارمىكىن دەپ قورقۇۋاتمايمەن، ھالا بۇگۈنكى كۈنلۈكتە پادىشاھلىقنىڭ بەگ ــ سىپاھلىرى ئۆيمۇئۆي كىرىپ قاتتىق ئاختۇرۇۋاتقۇدەك. ئالىمادىس بىرەر ھادىسىگە دۇچ كېلىپ قالسىلا، ئەر ــ خوتۇن ئىككىمىزدىن ئاغرىنىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن. ئەمدى سىلىگە ئوبدان بىر پاناھ جاي ئويلاپ قويدۇم، ئۇنى ئېيتىپ باقاي، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىگە خوپ كېلەرمىكىن، ــــ دېدى.

ــــ مەنمۇ مۇشۇ نەچچە كۈندىن بېرى، بۇ ئىش چوقۇم تۇيۇلىدۇ، بۇ يەردە قانداقمۇ تۇرالايمەن، يەككە ــ يېگانە ئاكامنى يەڭگەم ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى؛ بۇ يەرگە كەلسەم، يەنە خەقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدىم، نە ئاتا ــ ئانا، نە ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرىم قالمىدى، دەپ ئويلاپ تۇراتتىم. ئەلھال ئۆزلىرى ماڭا ئوبدان بىر ماكاننى كۆرسىتىۋاتىدىلا، نېمىشقا مېنىڭ كۆڭلۈمگە ياقمىسۇن؟ بىلمەيدىكەنمەن، ئۇ قەيەركىن؟ ــــ دېدى ۋۇ سۇڭ.

ــــ ئۇ چىڭجۇ ئايمىقى تەۋەسىدىكى ئېرلۇڭشەن تېغىغا جايلاشقان مەرۋايىت ئىبادەتخانىسى، ــــ دېدى جاڭ چىڭ، ــــ گۇلدار شەيخ لۇ جىشىن بىلەن مەڭلىك ياۋا ياڭ جى دېگەن باتۇرلار ئەنە شۇ يەردە بۇلاڭ ــ تالاڭ بىلەن، بىرمۇنچە يەرنى غەلىبىيانچىلىق ماكانى قىلىپ ئىگىلىۋالدى. چىڭجۇ ئايماق يامۇلىنىڭ بەگ ــ سىپاھلىرى ئوغرى تۇتماقچى بولسىمۇ، ئۇلارغا كۆز ــ قىرىنى سالمايدۇ. ئەزىز قېرىنداشىم، پەقەت ئاشۇ

يەرگە بىرىپ پاناھلانسىلا، ئاندىن قۇتۇلالايدىلا؛ باشقا يەرگە باردىغان بولسىلا، ئاقىۋەت قولىغا چۈشۈپ قالىدىلا، ئۇلار مېنى تويقا قوشۇلغىن دەپ دائىم خەت ئەۋەتىپ كەلدى، مەن مۇشۇ يەر - سۈيۈمدىن رىشتىمنى ئۈزەلمەي بارمىدىم. مەن بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ گۈمپا - ماھارەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلسام، مېنىڭ يۈز - خاتىرىمنى قىلىپ بولسىمۇ، سىلىنى تويقا قوشماي قالمايدۇ.

— قېرىنداشىم، ئېيتقانلىرى دۇرۇس، — دېدى ۋۇ سۇڭ، — مېنىڭمۇ شۇنداق خىيالىم بار ئىدى. قارغىش تەگكۈر ۋاقتى - سائىتى يەتمەي، ئېپى - جېپىنى تاپالماي كەلگەنىدىم. ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويدۇم. بۇ ۋەقە تۈيۈلۈپ قالسا، ئۆزۈمنى يوشۇرۇشقا جاي - ماكان يوق. بۇ ناھايىتى ئەپلىك بولغۇدەك، قېرىنداشىم، ماڭا خەت يېزىپ بەرسىلە، بۈگۈنلا يولغا چىقاي.

جاڭ چىڭ شۇ زاماتلا قەغەز - قەلەم كەلتۈرۈپ، تەپسىلىي بىر مەكتۇپ يېزىپ، ۋۇ سۇڭغا بەردى ۋە غىزا - تائام، مەي - شاراب ھازىرلاپ، ۋۇ سۇڭنى ئۇزاتماق بولدى. چىشى يەكشا سۇن چوكان جاڭ چىڭغا تاپا - تەنە قىلىپ:

— سەن نېمىشقا بۇ قېرىنداشىمىزنى يولغا سېلىپ قويۇۋاتىسەن، ئۇنى تۇتۇپ كەتسۇن دەۋاتامسەن؟ — دېدى.

— يەڭگە، ئېيتىڭچۇ، مەن ئۇ يەرگە بارسام نېمىشقا بولمايدۇ؟ نېمىشقا ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىمەن؟ — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— ئىنى، ھازىر پادىشاھلىق ھەممە يەرگە ئېلان - بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. تۇتۇپ بەرگۈچىگە ئاتاپ ئۈچ مىڭ تىزىق يارماق ئىنئام پۇل ئاجرىتىپتىمىش. ئېلانغا ئۆزلىرىنىڭ تەقى - تۇرقلىرى، يۇرت - سۇلىرى، ياش - قۇراملىرى پۈتۈلۈپ ھەممە يەرگە چاپلىنىپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىرىدە ئىككى «ئالتۇن تامغا» ئاپئاشكارا چىقىپ تۇرسا، يولغا چىقسىلا تۇسۇلۇپ

قىلىشلىرى تۇرغان گەپ، — دېدى سۇن چوكان.

— يۇزىگە ئىككى پارچە مەلھەم دورا چاپلىۋالسىلا بولار، — دېدى جاڭ چىڭ.

— ئەجەبمۇ يوچۇن نېمە ئىكەنسەن، — دېدى سۇن چوكان مەسخىرە قىلىپ، — مۇشۇنداق داڭقان پۇتى گەپنى قىلىۋاتقىنىڭنى قارا، بۇنىڭ بىلەن يايىلارنى قانداقمۇ ئالدىيالايسەن؟ مېنىڭ بىر يول كۆرسەتكۈم بار، ئىنىم ئۆزلىرى ماقۇل كۆرەمدىلىكىن؟

بالايى ـ قازادىن قۇتۇلۇش كويىدا تۇرسام، نېمىشقا ماقۇل كۆرمەي؟ — دېدى ۋۇ سوڭ.

— خوپ، ئېيتسامۇ ئېيتاي، لېكىن رەنجىمىسىلە، ئېيتاي، — دېدى كۆلۈپ سۇن چوكان.

— يەڭگە، ئېيتىۋېرىڭ.

— بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن، — دېدى سۇن چوكان، — بىر قەلەندەر دەرۋىش بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى نەچچە كۈنلەر مانتىغا قىيما قىلدىم. ئۇنىڭدىن بىر دانە چاچ باستۇرۇۋالدىغان چەمبىرەك، بىر قۇر كىيىم، بىر قارا چاپان، بىر دانە قۇر ـ پوتا، بىر دەرۋىشلىك دەستىكى، ئادەم كاللىسىنىڭ سۆڭىكىدىن ياسالغان بىر يۈز سەككىز ئۇرۇقلۇق تەسۋى، ئاپپاق يالتىراپ تۇرىدىغان قويۇچتىن سوقۇلغان ئىككى قىلىچ سېلىنغان لەھەڭ تېرىسىدىن ياسالغان بىر دانە غىلاپ قالغانىدى. بۇ قىلىچلاردىن تۈن كېچە بولغاندا دائىم ئاۋاز چىقىدۇ، ئۆزلىرى ئۆتكەن نۆۋەت بۇنى كۆرگەن. ئەلھال ئۆزلىرى بۇ مۇشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلماقچى بولسىلا، چاچلىرىنى كەستۈرۈپ، دەرۋىشلىك قىياپىتىگە كىرىپ، چېكىلىرىدىكى ئالتۇن تامغىنى يوشۇرماقلىرى لازىم. بۇ دەرۋىشلىك دەستىكىمۇ ئۆزلىرىگە تىلتۇمار بولالايدۇ، ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن دەرۋىشنىڭ ياش ـ قۇرامى، تەقى ـ تۇرقىمۇ سىلىگە ئوخشاش. بۇمۇ تەقدىر ـ قىسمەت ئەمەسمۇ؟! ئۆزلىرىگە ئۇنىڭ

نامىنى قويۇپ مېڭىۋەرسىلە، كىممۇ ئۇنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى سوراپ ئولتۇراتتى؟ مۇشۇنداق قىلساق بولماسمۇ؟

— ھەببەللى، خوتۇننىڭ بۇ دېگىنى دۇرۇس، بۇ پەنت مېنىڭ ئېسىمگە كەلمەپتۇ، — دېدى جاڭ چىڭ چاۋاك چېلىپ.

## نەزم

تۇتقىلى ئادەم تارالدى خۇددى ئوت ـ ئۇچقۇن بولۇپ،
خەۋپ ـ خەتەر يۈزلەندى باشقا مىسلى بىر دولقۇن بولۇپ.
ئۇ پالاكەتتىن قۇتۇلماق يولىنى گەر ئىزدىسە،
ياسىنىپ ئالغاي ئۇ دەرۋىش تۇرقىدا يوچۇن بولۇپ.

— قېرىندىشىم، بۇنى ئۆزلىرى قانداق ئويلاۋاتىدىلىكىن؟ — دېدى جاڭ چىڭ.

— بۇغۇ بولىدۇ. شۇغىنىسى مېنىڭ تەقى ـ تۇرقۇم دەرۋىشكە ئوخشىماي قالارمىكىن، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— مەن ئۆزلىرىنى ياساپ باقاي، — دېدى جاڭ چىڭ.

سۇن چوكان ئۆيدىن بىر بوغجۇمىنى ئېلىپ چىقىپ ئاچتى، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن كىيىم ـ كېچەكلەر چىقتى، ۋۇ سۇڭنى ئىچىدىن تارتىپ تېشىغىچە شۇ كىيىملەر بىلەن كىيىندۇردى. ۋۇ سۇڭ ئۆزىنىڭ ئۇستىبېشىغا قاراپ: «ماڭىلا ئاتاپ تىكىلگەندەك، قويۇپ قويغاندەك كەلدى» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۇزۇن قارا چاپاننى كىيىپ، بېلىنى پوتا بىلەن باغلىدى، كىگىز قالپاقنى ئېلىۋېتىپ، چېچىنى قاتلاپ چەمبىرەككە باستۇردى، بوينىغا تەسۋى ئاستى. جاڭ چىڭ بىلەن سۇن چوكان قاراپ:

— مانا ئەزەلىي قىسمەتتە شۇنداق پۈتۈلگەن ئەمەسمۇ ! — دېدى باركاللا ئېيتىپ.

ۋۇ سۇڭ ئەينەككە قاراپ ئۆزىمۇ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى.

— نېمىگە كۈلىدىلا؟ — دېدى جاڭ چىڭ.

— ئۆزۈمنى ئەينەكتە كۆرگەندىن كېيىن مەنمۇ بەئەينى دەرۋىشكە ئوخشاپ قاپتىمەن دەپ كۈلگۈم كېلىپ كەتتى. قېرىنداشىم، مېنىڭ چېچىمنى قايچىلاپ قويسىلا، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

جاڭ چىڭ قايچىنى قولىغا ئېلىپ، ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدى ۋە ئارقا چېچىنى قايچىلاپ قويدى.

## نەزم

بار بولغاچقا ئەزەلدىن يولۋاس سوقۇشقا لى جۇڭ،
يولۋاس سوقار لەقەمدىن مەھرۇملا ئىدى ۋۇ سۇڭ.
بەختىگە چىشى يەكشا قىلىپ پەندى ـ نەسىھەت،
دەرۋىشچە ياساپ قويدى سۇرلۇك قىلىپ كارامەت.

ۋۇ سۇڭ ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، دەرھال بوغجۇملىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقماقچى بولدى. جاڭ چىڭ:

— قېرىنداشىم ماڭا قارىسىلا، مەن سىلىدىن نەپ ئېلىۋالاي دەۋاتقىنىم يوق، سىلى جاڭ سۇركاۋۇلنىڭ ئۆيىدىن ئېلىۋالغان مەي قاچىلىرىنى بۇ يەرگە قويۇپ قويسىلا، ئۇنى يولدا خەج ـ خىراجەت قىلىشقا تەڭگىگە تېگىشىپ بېرەي، بىرەر ۋەقە تۇغۇلۇپ قالمىسۇن، — دېدى.

— قېرىنداشىم، دۇرۇس، ئەقىللىرى جايىدا، — دېدى ۋۇ سۇڭ ۋە ئۇنى يېنىدىن چىقىرىپ جاڭ چىڭغا بەردى، جاڭ چىڭ بىر بولاق تەڭگىگە تېگىشىپ بەردى، ۋۇ سۇڭ ئۇنى خالتىغا پوتىسىغا سېلىپ، بېلىگە تۈگۈۋالدى. ئاندىن ئۇ مەي ـ شاراب، تائاملارغا ئوبدان تويۇۋېلىپ، جاڭ چىڭلار بىلەن خوشلاشتى ۋە ئىككى قىلىچىنى بېلىگە قىستۇرۇپ شۇ كېچە يولغا چىقىشقا تەخمۇتەخ بولدى. سۇن چوكان ھېلىقى دەرۋىشلىك دەستىكىنى

ئېلىپ چىقىپ، بىر تاۋار خالتا تىكىپ ئۇنىڭغا سېلىپ بەردى، ۋۇ سۇڭ ئۇنى كۆكرىكىگە تاقاپ ئىچىگە ئېسىۋالدى. ۋۇ سۇڭ جاڭ چىڭ بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىغا ئېگىلىپ رەھمەت، — تەشەككۈرلەر ئوقۇدى. مېڭىش ئالدىدا جاڭ چىڭ يەنە:

— قېرىندىشىم، يول ئۈستىدە قانداقلىكى ئىش دۈچ كەلسە، سەۋر - تاقەتلىك، ئېھتىياتچان بولسىلا، مەي - پەينى ئازراق ئىچىپ، خەقلەر بىلەن ئۇرۇش - جاڭجال قىلماي، قول بەرگەن دەرۋىش سىياقىدىلا ئىش تۇتسىلا. ئىش قىلغاندا ئانچە كايىپ كەتمىسىلە، باشقىلار بىلىپ قالىدۇ. ئېرلۇڭشەنگە يېتىپ بېرىپلا بىر پارچە خەت يېزىۋەتسىلە. بىز ئىككىمىزنىڭمۇ بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرغىمىز يوق؛ كېيىن مال - بىساتلىرىمىزنى قۇرۇتۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمىز: بىزمۇ تاغقا بېرىپ تويقا قوشۇلىمىز. قېرىندىشىم، ئۆزلىرىنى تەڭرىمگە تاپشۇردۇم، بىزدىن ئاتامان لۇ جىشىن، ياڭ جىلارغا كۆپتىن - كۆپ دۇئا يىسالام دېسىلە، — دەپ تاپىلىدى.

ۋۇ سۇڭ ئىشىكتىن چىقىپ يەڭلىرىنى شىمايلاپ، چاپىنىنى پۇلاڭلىتىپ يۇرۇپ كەتتى. جاڭ چىڭ بىلەن خوتۇنى ئۇنىڭغا قاراپ:

— دەرۋەقە، بەئەينى دەرۋىشنىڭ ئۆزىلا بولدى، — دەپ باركاللا ئېيتتى.

## نەزم

ئالدى چېچى تەكشى قىلىپ كېسىلىپ،
پېشانىسى - ماڭلىيىغا يېپىلغان.
ئارقا چېچى ھەرە چىشىدەك قىيىلىپ،
گەدىنىدىن بوينىغىچە يېيىلغان.
قارا چاپان بولۇت كەبى پۈركىلىپ،
ئۇنىڭ جەمى ئەت - تېنىنى قاپلىغان.

قۇر پۇتىسى گوياكى بىر چار يىلان،
قاپ بېلىدىن ئوراپ ئۇنى چىرمىغان.
چاچ باسقۇچى ماڭلىيىدا پارقىراپ،
كۆزى قىزىل گوياكى چوغ ـ ئوت يانغان.
ھەر خىل رەڭدە ئۇنىڭ كىيگەن پەشمىتى،
مۇسكۇللىرى گويا پولات تاۋلانغان.
جۇپ قىلىچى شۇنچە ھەيۋەت ـ دەھشەتلىك،
قۇيۇچ بىلەن جان قىيىشقا راسلانغان.
يۈز ئۇرۇقلۇق خاسىيەتلىك تەسۋىسى،
ئادەم بېشى سۆڭىكىدە ياسالغان.
قول قوشتۇرار كۆرسە لۇشا يالماۋۇز،
غەمدە قالار خۇفا كۇچتۇڭگۇر پالۋان.

شۇ ئاخشىمى ۋۇ سۇڭ دەرۋىش جاڭ چىڭلار بىلەن خوشلىشىپ يوغان تېرەكتىكى چاسا داۋاندىن يولغا راۋان بولدى. بۇ ئونىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، كۈن قىسقىراپ كەتكەن ۋاقىت ئىدى، كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. ۋۇ سۇڭ ئالاھازەل قىرىق ـ ئەللىك چاقىرىم يول ماڭا ـ ماڭمايلا ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئېگىز چوققا كۆرۈندى. ۋۇ سۇڭ ئايدىڭدا بىر بىسىپ ـ ئىككى بېسىپ چوققىغا چىقتى. بۇ چاغدا ئەلياتقۇ ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ۋۇ سۇڭ دەرۋىش چوققا ئۈستىدە تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى، قارىغۇدەك بولسا، ئاي كۇنچىقىشتىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، چوققا ئۈستىدىكى دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ گىياھلارنى يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ شۇنداق قاراپ تۇرغاندا ئالدى تەرەپتىكى جاڭگاللىق ئىچىدىن بىركىمنىڭ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى، ۋۇ سۇڭ: «ئەجەبا، بۇ يەنە نېمە ئىشتۇ! ئادەم ئايىغى تەگمەيدىغان مۇشۇنداق ئېگىز چوققىدا كىمدۇر بۇ كۈلۈشۈپ گەپ قىلىشىۋاتقان» دەپ ئويلىدى ـ دە، جاڭگالنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىدى، قارىغايلىق ئىچىدە تاغقا يۆلەپ سېلىنغان بىر مازار ۋە

ئۇن نەچچە ئېغىز كەپە كۆرۈندى، كەپىلەردىن ئىككىسىنىڭ پەنجىرىسى ئوچۇق ئىدى، كەپە ئىچىدە بىر شەيخ بىر ئايالنى قۇچىقىغا ئېلىپ پەنجىرە ئالدىدا ئاي سەيلىسى قىلىپ، «ھا ـ ھا، ھى ـ ھى» بىلەن كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋۇ سۇڭ دەرۋىش بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئىمانى قىرىق گەز ئۇچۇپ، شۇنداق قەھر ـ غەزەپكە كەلدىكى، ئۇ: «بۇ تاغ ئىچىدىكى جاڭگاللىقنى ماكان تۇتقان شەيخ تۇرۇقلۇق، مۇشۇنداقمۇ قىلىق قىلامدۇ!» دەپ ئويلىدى ـ دە، بېلىگە قىستۇرۇۋالغان پارقىراپ تۇرغان جۇپ قىلىچىنى ئېلىپ ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭغا قاراپ: «ھەي... ھەي نېمىدېگەن ياخشى قىلىچلار ـ ھە، مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەندىن كېيىن تېخى ئىشلىتىلمىگەنىدى، ئەمدى مۇشۇ بەدرەككە ئىشلىتىپ باقاي» دېدى ۋە بىرسىنى بىر قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە بىرسىنى غىلاپىقا سالدى، چاپىنىنىڭ يەڭلىرىنى ئارقىغا باغلىۋېلىپ توپتوغرا مازارغا كېلىپ ئىشىك قاقتى. ھېلىقى شەيخ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال ئارقا پەنجىرىنى ئېتىۋالدى.

ۋۇ سۇڭ دەرۋىش بىر پارچە تاش بىلەن ئىشىكنى ئۇرغىلى تۇردى، غاچ قىلىپ يان ئىشىك ئېچىلىپ ئىچكىرىدىن بىر بالا دەرۋىش چىقىپ:

— نېمە ئادەم سەن، بۇ تۈن كېچىدە كېلىپ ئادەمگە ئارام بەرمەي ئىشىك ـ پەنجىرىنى ئۇرۇپ يۈرگەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭغا چەكچىيىپ:

— ھەي بەچچىخەر، مانا بۇ قىلىچىمنىڭ قۇربانى بولىدىغان بولدۇڭ، — دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، بۇ سۆز ئاياغلاشا ـ ئاياغلاشمايلا، قولىنى بىر كۆتۈرۈپ شارت قىلىپ چاپتى، بالا دەرۋىشنىڭ بېشى تورۇكلاپ يەرگە چۈشتى. كەپە ئىچىدىكى ھېلىقى شەيخ: «مېنىڭ دەرۋىش بالامنىڭ جېنىنى قىيىشقا پېتىنغان كىم بۇ؟» دەپ ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە، ئىككى شەمشەرنى كۆتۈرگىنىچە ۋۇ سۇڭغا قاراپ ئېتىلدى. ۋۇ

www.uyghurkitap.com

سوْلۇڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— مېنىڭ گۇمپامنى كۆرۈپ باق، سېنىڭدەك ساندۇقتىن شەمشەر ئېلىپ ئولتۇرمايمەن. دەل قىچىشقان يېرىمنى تاتىلىدىڭ، — دېدى - دە، شۇ زامان غىلاپتىن يەنە بىر قىلىچنى شارت قىلىپ سۇغۇرۇۋېلىپ ، ئىككى قىلىچ بىلەن شەيخكە تاقابىل تۇردى. ئىككىسى ئاي يورۇقىدا بىرى ئۇياقتىن ئېتىلىپ كەلسە، بىرى بۇياقتىن ئېتىلىپ باراتتى، ئىككى شەمشەردىن ۋال - ۋۇل قىلىپ ئوت چاقنىسا، جۈپ قىلىچتىن پال - پۇل قىلىپ دەھشەت ياغاتتى. ئۇلار ئىككىسى گويا سۇمۇرغ ئەنقا بىلەن ئۇچراشقاندەك ئۇزاق ئېلىشتى ۋە خۇددى بۆركۈت توشقان ئالغاندەك، جەڭ ئاخىرى ئاياغلاشتى. ئىككىسى ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشقاندا تاغ يوتىسىدا ئۇنلۇك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى - دە، ئىككىيلەندىن بىرەيلەن يەرگە يىقىلدى. ئەيۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس ! دەھشەتلىك تىغ ئاستىدا قىيىلغان كاللا يەرگە چۈشتى، ئېتىلىپ چىققان قان گويا سەل بولۇپ ئاقتى. ئىككىيلەن ئېلىشىپ زادى قايسىسى ئۆلدى، بۇنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

## ۋۇ سۇڭ دەرۋىشنىڭ كەيپلىكتە كۇڭ لياڭنى دۇمبالىغانلىقى تىللا رەڭ يولۋاسنىڭ مەردانىلىك بىلەن سۇڭ جياڭنى ئازاد قىلغانلىقى

شۇ ئەسنادا ئىككىسى ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، ۋۇ سۇڭ تەڭ كېلەلمىگەندەك قىلىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولۇۋىدى، بۇنى كۆرگەن شەيخ شەمشىرىنى ۋۇ سۇڭغا قارىتىپ چاپتى، ۋۇ سۇڭ غىپپىلا قىلىپ، شەمشەردىن ئۆزىنى داجىتىپ بىر پىرقىرىۋىدى، ھېلىقى شەيخ ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالدى، ۋۇ سۇڭ قىلىچى بىلەن شەيخنى تازا كەلتۈرۈپ بىرنى چېپىۋىدى، ئۇنىڭ كاللىسى بىر چەتكە دومىلاپ ئۆزى تاش ئۇستىگە يىقىلىپ چۈشتى، ۋۇ سۇڭ دەرۋىش:

— ھەي چوكان، بېرى چىقىڭ، سىزنى ئۆلتۈرمەيمەن، سىزدىن پەقەت بۇ يەرنىڭ ئوي - دۆڭىنىلا سورىماقچىمەن، — دەپ چاقىردى ۋارقىراپ.

چوكان كەپىدىن چىقىپ، ئېڭىشىپ تەزىم قىلدى. ۋۇ سۇڭ:

— بەس، تەزىمىڭىزنى قويۇڭ. ئېيتىڭچۇ، بۇ يەرنى نېمىدەپ ئاتايدۇ؟ ھېلىقى شەيخ سىزنىڭ نېمىڭىز بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— دېدەكلىرى مۇشتۇ تاغ ئېتىكىدە ئولتۇرۇشلۇق جاڭ غوجامنىڭ قىزى بولىمەن، — دېدى چوكان كۆز يېشى قىلىپ، بۇ مازار بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبرىستانلىقى بولىدۇ. بۇ كىشىنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە پاناھداپ كېلىپ، يېتىپ - قوپۇپ يۈرگەندى. گەپ -

سۆزىگە قارىغاندا، راھىب سوپەت، بىر يەرنىڭ ئېگىز ـ پەسىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئادەمدەك قىلاتتى. ئاتا ـ ئانام ئۇنى جاڭزىدا ئېلىپ قېلىشنى لايىق كۆرمەي ، مۇشۇ مازارغا قاراپ خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا ئەكېلىپ قويغانىدى. بىراق، ئۇ دادامنى گوللاپ بىزنىڭكىدە يەنە خېلى كۈنلەر كەتمەي تۇرۇۋالدى. بۇ مۇتتەھەم بىر كۈنى مېنى كۆرۈپ قېلىپ، زادىلا كەتكىلى ئۇنىماي، ئىككى ـ ئۈچ ئاي بىزنىڭكىدە تۇرغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانا، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، مېنى زورمۇزور مۇشۇ مازارغا ئەكېلىۋالدى. بۇ دەرۋىش بالىمۇ باشقا يەردىن بولاپ كېلىنگەن بالا ئىدى. بۇ چوقىقا قىرىقئاياغ چوققىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەيخ بۇ چوققىنى خاسىيەتلىك چوققا دەپ قاراپ، ئۆزىنىمۇ ئۇچار قىرىقئاياغ ۋالى شەيخ دەپ ئاتىۋالدى.

— سىزنىڭ باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟

— بىرنەچچە تۇغقىنىم بار، ھەممىسى دېھقان، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولۇشقا ھەددىمۇ؟

— بۇ مۇتتەھەمنىڭ مال ـ مۈلكىمۇ بارمۇ؟

— ئۇنىڭ يىغىپ قويغان بىر ـ ئىككى يۈز سەر ئالتۇن ـ كۈمۈشى بار.

— ئۇنداق بولسا، تېزرەك يىغىشتۇرۇڭ، مەن مازارغا ئوت قويىمەن.

— سوپۇم، مەي ـ پەي، گۆش ـ تائامغا ئېغىز تېگەملا؟

— بولسا ئەكېلىڭ، ئېغىز تېگەي.

— قېنى ئەمىسە، خانىمىزغا ئىلتىپات قىلسىلا.

— ماڭا قەست ـ پەست قىلىپ قويىدىغان ئادەم ـ پادەم يوقتۇ؟

— يوقسۇ، كەمىنىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى گوللاشقا بېشىم ئونمۇ؟

ۋۇ سۇلۇڭ دەرۋىش بۇ چوكاننىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەپكە

www.uyghurkitap.com

كىردى، كىچىك پەنجىرە ئالدىدىكى شىرە ئۈستىدە مەي ـ شاراب، گۆش، گېزەكلەر تىزىقلىق تۇراتتى. ۋۇ سۇڭ گوپ قىلىپ بىر ئاپقۇر مەي ئىچىۋەتتى. چوكان ئالتۇن ـ كۇمۇش ۋەجىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇشىغىلا، ۋۇ سۇڭ مازارغا ئوت قويۇۋەتتى. چوكان بىر بولاق ئالتۇن ـ كۇمۇشنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ۋۇ سۇڭغا تۇتۇپ، بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى تىلىدى. ۋۇ سۇڭ:

ـــ ماڭا ئۇنىڭ لازىمى يوق! پات بولۇڭ، ئۇنى ئېلىپ بېرىپ جېنىڭىزنى بېقىڭ! ـــ دېدى.

چوكان تەزىم قىلىپ تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. ۋۇ سۇڭ ھېلىقى ئىككى ئۆلۈكنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈردى، ئاندىن قىلىچىنى قىستۇرۇپ، كېچىلەپ چوققىدىن ئېشىپ، يولنى بويلاپ چىڭجۇ ئايمىقىغا يول ئالدى.

يەنە ئون نەچچە كۈن يول يۈردى، ئۇ مەھەللە ـ ئۆتەڭلەر، يېزا ـ قىشلاق، شەھەر ـ رەستىلەر بېسىپ ئۆتتى، دەرۋەقە ھەممىلا يەرگە ۋۇ سۇڭنى تۇتۇش توغرىسىدىكى ئېلان ـ جاكارنامىلەر چاپلانغانىدى. ھەممىلا يەرگە شۇ تەرىقىدە ئېلان ـ جاكارنامىلەر چاپلانغان بولسىمۇ، ۋۇ سۇڭ دەرۋىشلىك تۇرقىدا ياسىنىۋالغانلىقتىن، يول ئۈستىدە ئۇنى ھېچكىم سۈرۈشتە قىلمىدى. بۇ دەل ئون بىرىنچى ئاي مەزگىللىرى بولۇپ، ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى. ۋۇ سۇڭ سەپەر ئۈستىدە ھەر كۈنى مەي ـ شاراب، گۆش، گېزەكلەر بىلەن ئوزۇقلانسىمۇ، سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ بىر دۆڭگە چىقىپ ئالدى تەرەپكە قارىدى، ئالدىدا بىر تاغ كۆرۈندىكى، ئۇ تاغ ئاجايىپ تىك تاغ ئىدى. ۋۇ سۇڭ دۆڭدىن چۈشۈپ، تۆت ـ بەش چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن بىر مەيخانا كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق بار ئىدى. ئارقىسى قەۋەت ـ قەۋەت تاشلاردىن ھاسىل بولغان تاغ ئىدى. ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىۋىدى، ئۇ بىر يېزا مەيخانىسى بولۇپ چىقتى.

## نەزم

ئىشىك ئالدى ئېرىق ـ ئۆستەڭ، تاغ تۇۋىدە قومۇشگاھلار،
قاشاغا بوي سوزۇپ گۈللەر، روجەك ئالدىدا قارىغايلار.
تېرە سالغان ئورۇندۇقتا، قوشۇپ ئۇندا شىرە قويغان،
تىزىلغان ئۈستىگە رەت ـ رەت چىنە ـ تەخسە، قەدەھ ـ جاملار.
قومۇشگاھلار تېمى سارغۇچ توپا بىرلە قىلىنغاندۇر،
ئۇنىڭغا نەقشى ئەيلەنگەن شارابخورۇ نەزمخانىلار.
شامالدا قىلىدۇ جەۋلان ھاۋا رەڭ مەي تۇغى كۆكتە،
جەلپ قىلار يولچى ـ كارۋاننى ئۇنىڭدا نەزم مىسرالار:
«بۇ يەردىن ئۆتكۈچى كارۋان دىمىقىغا ئۇرۇلسا مەي،
قونار بۇندا بىتەھقىقكى ئاشۇ مەنزىلچى كارۋانلار.
يېتىپ قالسا شامالدا مەي پۇراقى گەر قېپىقلارغا،
پۇراپ توختار شۇ زات ماڭماي سەپەردىن كېمە ۋە ساللار».

ۋۇ سۇك دەرۋىش دۆڭدىن ئۆتۈپ، ئاشۇ يېزا مەيخانىسىغا كىرىپ ئورۇن ئالغاندىن كېيىن:

— ئۇستام، ماڭا مەي ـ شارابلىرىڭىز بولسا ئاۋۋال ئىككى ئاپقۇر ئەكېلىپ بېرىڭ. گۆش ـ پۆشىڭىز بولسىمۇ ئەكېلىۋېرىڭ، — دېدى مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ.

— ئۆزلىرىگە راستىنى ئېيتاي سوپۇم، مەي ئازراق بارلىقى بار، لېكىن ئوت ـ خەشەك غوللىرىدىن ياسالغان مەي بار، گۆش سېتىلىپ بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى مەيپۇرۇش.

— مەيلى ئەكېلىڭ، بىرئاز ئىچىپ ئىسسىنىۋالاي، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

مەيپۇرۇش ئىككى ئاپقۇر مەينى ۋۇ سۇڭنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە ئۇنىڭغا تېتىق قىلىشقا بىر تەخسە قورۇما كەلتۈردى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ۋۇ سۇڭ ئىككى ئاپقۇر مەينى قۇرۇتۇپ يەنە ئىككى

www.uyghurkitap.com

ئاپقۇر كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. مەيپۇرۇش يەنە ئىككى ئاپقۇر مەينى چىنىگە قۇيۇپ ئەكەلدى. ۋۇ سۇڭ ئۇنىمۇ ئىچىۋەتتى، ئۇ دۆڭدىن ئۆتكۈچىلا ئۈچ ـ تۆت ئاپقۇر مەي ئىچكەنىدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تۆت ئاپقۇر مەي قوشۇلدى. يەنە كېلىپ شامال سوققاندىن كېيىن مەي ئۇنىڭ بېشىغا ئۆرلەپ چىقتى. ئۇ ۋارقىراپ:

— ھەي مەيپۇرۇش، راستىلا گۆشىڭىز تۈگەپ كەتتىمۇ؟ ئۇنداق بولسا، ئۆزىڭىز يەيدىغان گۆشتىن بولسىمۇ ئەكېلىڭ، بىراقلا ھېساب ـ كىتاب قىلىشىمىز، — دېدى.

— سىلىدەك دەرۋىشنى كۆرگىنىم يوق، — دېدى مەيپۇرۇش كۈلۈپ، — مەي بىلەن گۆشنى يەپ ـ ئىچىۋەرسىلە نەدىن تېپىپ تۈشۈتاي؟ بولار ئەمدى، توختاتسىلا سوپۇم.

— مەن بىكارغا يەپ ـ ئىچمىسەم، نېمىشقا سېتىپ بەرمەيسىز ماڭا؟ — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— مەن باشتا سىلىگە دېدىمغۇ، مۇشۇ ناچار مەي بار دەپ، باشقىسى نەدە بولسۇن؟ — دېدى مەيپۇرۇش.

بۇلار مەيخانا ئىچكىرىسىدە جېدەللىشىپ تۇرغاندا سىرتتىن بىر دارازا تۆت ـ بەش ئادەمنى باشلاپ كىردى. ۋۇ سۇڭ ئۇ دارازىغا قارىدى. ئۇ شۇنداق دارازا ئىدىكى:

## نەزم

بوغمىچا چەككەن بېلىقنىڭ قۇيرۇقىدەك قىپقىزىل،
كىيگىنى جەڭ تونىدۇر ئۆردەك بېشىدەك ياپيېشىل.
تۇمشۇقى تەتۈر ئۆتۈك كىيگەن دارازا پۇتىغا،
بېلىگە باغلاپتۇ گەزلەپ قىپقىزىل خالتا پوتا.
يۇمىلاق يۈز، چوڭ قۇلاق، ئويماق ئېغىز، قېلىن لېۋى،
بويى تۆت گەزدەك ئېگىز، يىگىرمە تۆت ـ بەشتە يېشى.
شۇنچە قاۋۇل، سەلتەنەتلىك تەقى ـ تۇرقى قامىتى،
ياش يوپۇرماق بۇ يىگىت، ئېچىلمىغان تېخى يۈزى.

بۇ دارازا مەيخانىغا بىرمۇنچە كىشىنى باشلاپ كىرگەندىن كېيىن مەيپۇرۇشنىڭ گۇلقەقەسى ئېچىلىپ:

— چوڭام، قېنى مەرھەمەت قىلىسىلا، — دەپ ئۇلارنى خۇشخۇي قوبۇل قىلدى.

— مەن بۇيرۇغانلارنى تەييارلاپ قويدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى دارازا.

— توخۇ بىلەن گۆش پىشىپ بولدى، ئۆزلىرىنىڭلا قاراپ تۇراتتۇق، — دېدى مەيپۇرۇش.

— مېنىڭ ھېلىقى گۇللۇك يېشىل كوزىدىكى شارابىم قېنى؟ — دېدى دارازا.

— مانا بۇ يەردە، — دېدى مەيپۇرۇش.

دارازا ھەمراھلىرىنى باشلاپ ۋۇ سۇڭ دەرۋىشنىڭ ئۇدۇلىدىكى شىرەنىڭ تۆرىگە چىقىپ ئولتۇردى؛ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. مەيپۇرۇش بىر گۇللۈك يېشىل كوزىدىكى مەينى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا چاپلانغان پالچىقلارنى ئاجرىتىپ، ئىچىدىكى مەينى بىر چوڭ خۇمرىغا قۇيدى. ۋۇ سۇڭ دەرۋىش يەر ئاستىدىن ئۇنىڭغا كۆز تاشلىدى، ئۇ گەمىدە ئېچىتىلغان ئېسىل مەي ئىكەن، شامالدا ئۇنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى گۇپپىدە كېلىپ ۋۇ سۇڭنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى، ۋۇ سۇڭنىڭ گېلى قىچىشىپ ئۇنى تارتىۋېلىپ ئىچكۈسى كەلدى؛ مەيپۇرۇش يەنە ئاشخانىغا كىرىپ كېتىپ بىر تەخسىدە بىر جۈپ پىشۇرۇلغان توخۇنى، يەنە بىر تەخسىدە لوق گۆش ئېلىپ چىقىپ، ھېلىقى دارازىنىڭ ئالدىغا قويدى، ئاندىن كۆك - گېزەكلەرنى تىزىپ، چۆمۈچ بىلەن مەي ئۇسۇپ ئىللىتىقلى ئېلىپ كەتتى. ۋۇ سۇڭ دەرۋىش ئۆزىنىڭ ئالدىغا بىر تەخسە قورۇمىدىن باشقا ھېچنېمە كەلتۈرۈلمىگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن غەزىپىنى باسالماي قالدى. كۆزى تويۇپ قورسىقى تويمىغان ۋۇ سۇڭ مەينىڭ كەيپى تۇتۇشى بىلەن ئاچچىقىغا چىدىماي شىرەنى مۇشت بىلەن بىر سېلىپ پاچاقلىۋەتكۈسى

كەلدى. ئۇ:

— ھەي مەيپۇرۇش، بېرى كەل ! سەن بەدرەك مېنى شۇنچىمۇ بوزەك ئېتەمسەن ! — دەپ ۋارقىرىدى.

— سوپۇم، كايىمىسىلا، مەي دېسىلە ئەكىرىپ بېرەي، — دېدى مەيپۇرۇش پايپېتەك بولۇپ.

— سەن بىغەرەز بىرنېمىكەنسەن ! ئاۋۇ گۈللۈك يېشىل كوزىدىكى مەيدىن ۋە توخۇ گۆشىدىن نېمىشقا ماڭا سېتىپ بەرمەيسەن؟ مەنمۇ ئوخشاش پۇل تۆلەيمەنغۇ؟ — دېدى ۋۇ سۇڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ۋارقىرىغىنىچە.

— گۈللۈك يېشىل كوزىدىكى مەي بىلەن توخۇ گۆشىنى ئاشۇ چوڭ‌خام ئۆزى ئەكەلگەن، مەن پەقەت تەييارلاپلا بەرگۈچى، — دېدى مەيپۇرۇش.

مەي ئىچكۈسى كېلىپ تاقىتى تاق بولۇپ كەتكەن ۋۇ سۇڭ ئۇ گەپكە نەدە قۇلاق سالسۇن، ئۇ ۋارقىراپ دۇكاننى بىر ئېلىپ:

— يالغان ! يالغان ! — دېدى.

— شۇنداقمۇ مۇتتەھەملىك قىلغان بارمۇ، ئۆزلىرىدەك راھىبنى كۆرمەپتىكەنمەن ! — دېدى مەيپۇرۇش.

— نېمىشقا غوجا ئاكاڭنى مۇتتەھەم دەيسەن؟ مەن يېسەم بىكارغا يەيتتىممۇ؟ — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— مەن راھىبلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى غوجا ئاكاڭ دەۋالغىنىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن، — دېدى مەيپۇرۇش.

ۋۇ سۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن دەس سەكرەپ تۇردى ـ دە، غۇلىچىنى كېرىپ مەيپۇرۇشنىڭ يۈزىگە تازا كەلتۈرۈپ بىر شاپىلاق ئۇرۇۋىدى، مەيپۇرۇش دەلدەڭشىپ بىر چەتكە يىقىلىپ كەتتى.

ئۇدۇلدا ئولتۇرغان دارازا بۇنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق غەزەپكە كەلدى. ھېلىقى مەيپۇرۇشنىڭ بىر يۈزى ئىششىپ چىقىپ، بىر ھازاغىچە ئورنىدىن قىمىرلىيالماي قالدى. دارازا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ۋۇ سۇڭغا قوللىرىنى شىلتىپ:

— ئۆز ھالىڭغا باقمايدىغان قانداق نېمىسەن ! ئەجەب پۇت - قولۇڭنى ئۇزارتىپ يورىسىنا ! بۇ «دەرۋىش بولغان كىشى ئېغىر - بېسىق بولغۇلۇق» دېگەنگە خىلاپ ئەمەسمۇ ! — دېدى.

— مەن ئۇرسام ئۇنى ئۇردۇم، سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ! — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— مەن ياخشى نىيەت بىلەن نەسىھەت قىلسام، ماڭا تىل قويۇپ دىلئازار قىلىۋاتقىنىنى بۇ چەلپەكچىنىڭ! — دېدى دەرغەزەپ بولۇپ دارازا.

ۋۇ سۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنى باسالماي قالدى - دە، شىرەنى ئۆرۈۋېتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ھومىيىپ كېلىپ:

— ھەي بەدرە، كىمنىڭنى تىللايسەن ! — دەپ ۋارقىرىدى.

— ھەي چەلپەكچى، مەن بىلەن ئېلىشماقچىمۇ سەن تېخى، بۇ خۇددى ئۆز پىرىگە پۇت ئاتقانلىق ئەمەسمۇ ! — دېدى دارازا مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ ۋە قولىنى مەيدىسىگە ئۇرۇپ، — ھەي ئوغرى، مەيەگە كەل، سەن بىلەن سۆزلىشىمەن !

— ئۆزۈڭچە مېنى قورقۇپ تېگەلمەيدۇ دەمسەن تېخى ! — دېدى ۋۇ سۇڭ دەرۋىش ۋە ئېتىلىپ ئىشىك تۈۋىگە باردى، دارازا غىپلا قىلىپ سىرتقا چىقىۋالدى. ۋۇ سۇڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقتى. دارازا ۋۇ سۇڭنىڭ قەددى - قامىتى، كۈچ - قۇدرىتىگە قاراپ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەسلىكىگە كۆزى يېتىپ، پەنت ئىشلەتمەكچى بولۇپ كۈتۈپ تۇردى، ۋۇ سۇڭ سىرتقا ئېتىلىپ چىققىنىچە دارازىنى تۇتىۋالدى. دارازا ۋۇ سۇڭنى تازا بىر يىقىتماقچى بولدى، ئۇ ۋۇ سۇڭنىڭ مىڭ پاتمان كەلگۈدەك خىسلەتلىك كۈچ - قۇدرىتىگە قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن، ۋۇ سۇڭ ئۇنى ئالدى تەرەپكە شۇنداق بىر تارتىۋىدى، ئۇ كېلىپ ۋۇ سۇڭنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالدى، ۋۇ سۇڭ ئۇنى خۇددى كىچىك بالىنى دومىلىتىپ ئويناتقاندەك، بىرلا ئىتتىرىپ قېقىپ تاشلىدى، دارازا قىمىرلىيالماي قالدى. ھېلىقى نەچچە سەھرالىق قوللىرى تىترەپ، پۇتلىرى يۇمشاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشكە

www.uyghurkitap.com

جۇرئەت قىلالماي تۇرۇپلا قالدى. ۋۇ سۇلۇق دارازىنى دەسسەپ تۇرۇپ، ئۆلىدىغان يېرىگە مۇشت بىلەن سىيلىۋەردى. يىگىرمە ـ ئوتتۇز مۇشت سالغاندىن كېيىن ئۇنى يەردىن يۆلۈۋېلىپ چەتتىكى ئېرىققا تاشلىۋەتتى. ھېلىقى ئۇچ ـ تۆت سەھرالىق ئاللا ـ توۋا دەپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئېرىققا سەكرەپ چۈشۈپ، دارازىنى چىقىرىۋېلىپ، يۆلەپ ـ سىغاپ تۆۋەن تەرەپكە ئېلىپ كەلدى. مەيپۇرۇش بايىقى تەگكەن كاچاتىنىڭ ئاغرىقىدا باشلىرى گاڭگىراپ قىمىر قىلالماي ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ سۇقۇنۇۋالدى. ۋۇ سۇلۇڭ:

ــ ھەببەللى، ھەممىڭ يوقالدىڭ. مەي بىلەن گۆش غوجا ئاكاڭغا قالدى، مانا ئەمدى كەڭتاشا يەيدىغان بولدۇم ! ــ دېدى ـ دە، خۇمرىدىن ئاپقۇرغا مەي قۇيۇپ ئىچىۋەردى. شىرەدىكى ھېلىقى بىر جۈپ توخۇ گۆشى بىلەن يەنە بىر تەخسە گۆشنىڭ ھېچقايسىسىغا تېگىلمەپتىكەن، ۋۇ سۇلۇڭ چوكىنى قايرىپ قويۇپ، قولى بىلەنلا تىتىپ خالىغىنىچە يەۋالدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە مەي، گۆش ۋە توخۇ گۆشىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك سوقۇۋەتتى. ۋۇ سۇلۇڭ تازا يەپ ـ ئىچىپ ، كېكىرىپ ـ كېرىلىپ غەرق مەست بولۇپ، تونىنىڭ يېڭىنى مۇرىسىگە ئارتتى ـ دە، مەيخانىدىن چىقىپ ئېرىق ياقىلاپ يۇرۇپ كەتتى. ۋۇ سۇلۇڭ شامالنىڭ زورىدا ئۆزىنى توختىتىۋالالماي غۇيۇلداپ كېتىۋاتاتتى، مەيخانىدىن تۆت ـ بەش چاقىرىم ماڭا ـ ماڭمايلا بىر سوقما تام ئىچىدىن بىر سېرىق ئىت چىقىپ ۋۇ سۇڭغا قاراپ قاۋىدى، بۇ يوغان ئىت ۋۇ سۇڭنىڭ كەينىدىن قاۋىغىنىچە قوغلاپ ماڭدى. بۇ ئىتنىڭ ھە دەپ قاۋاپ كېلىشى قاتتىق كەيپ ئىچىدە بىرەر چاتاق تېرىش كويىدا كېتىۋاتقان ۋۇ سۇڭنىڭ چىشىغا شۇنداق تەگدىكى، ئۇ شۇئان سول قولى بىلەن شارت قىلىپ غىلاپتىن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ گۇرس ـ گۇرس دەسسەپ ئىتنى قوغلاپ ماڭدى. ئىت ئېرىقنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتۈۋېلىپ قاۋىغىلى تۇردى. ۋۇ سۇلۇڭ تازا كەلتۇرۇپ بىرنى چېپىۋىدى، قىلىچى

تەگمىدى، ئەكسىچە ئۇ ئۆز كۆچىنىڭ زورىدا سەنتۇرۇلۇپ ئېرىق ئىچىگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپ ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. زىمىستان قىش كۈنلىرى بولغاچقا ئېرىق سۈيى سوغىلىپ قۇرۇپ قالاي دېگەنىدى، ئېرىقتىكى سۇ پەقەت بىر ـ ئىككى چىلەك چوڭقۇرلۇقتا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سوغۇقلۇقىغا چىداپ بولمايتتى. ۋۇ سۇڭ يامىشىپ ـ تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن سۇ ئېقىپ تۇراتتى، قىلىچى بولسا ئېرىقتا سۇغا چىلىشىپ ياتاتتى. ۋۇ سۇڭ ئېگىشىپ سۇدىن قىلىچىنى ئالماقچى بولۇۋىدى، «پولتۇڭ» قىلىپ يەنە سۇغا چۈشۈپ كەتتى ـ دە، سۇدىن چىقالماي دومىلاپ يۈردى.

بۇ ئەسنادا ئېرىقنىڭ بويىدىكى تام يېنىدىن بىر توپ ئادەم چىقىپ ئېرىق بويىغا كېلىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بېشىغا كىگىز قالپاق، ئۇستىگە سېرىق مەشۇت پەشمەت كىيىپ، قولىغا گۈرزە تۇتقان بىر دارازا تۇراتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا قولىغا توقماق تۇتقان ئون نەچچە ئەگەشتىسى بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرسى:

ـــ ئەنە ئاۋۇ ئېرىقتىكى ئوغرى دەرۋىش باياتىن كىچىك غوجامنى ئۇرغان لەنتى شۇ بايا كىچىك غوجام چوڭ غوجامنى ئىزدەپ تاپالماي، يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئوتاقچىنى ئەگەشتۈرۈپ مۇشۇنى تۇتۇش ئۈچۈن مەيخانىغا كەتكەنىدى. ئەمدى بۇ نەرسە بۇ يەردە يۈرىدۇ، ـــ دېدى. ئۇنىڭ سۆزى ئەمدىلا ئاياغلىشىشىغا يىراقتىن بايىقى تاياق يېگەن يىگىت كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ ، قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە ئارقىغا داڭدار يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئوتاقچىنى ئەگەشتۈرۈپ پەيدا بولدى، بۇلار شۇنداق نىملەر ئىدىكى:

ئېگىز بويى ۋاڭسەن شادا، پاكار بويى لىسى پەتەك،
بىرمۇنچىسى شاللاق تازا، گىجىڭلىرى قاشاڭ ئېشەك.
گويا بىرسى پوق ـ گەندىگە چۈشكەن مىتە سازاڭ ـ قۇرت،

بىرسى ئۇنىڭ چىن تام ـ قاشا ئۇستىدىكى شاتراق تېزەك.
بىرسى ئاشلىق مىتىسى، تائام ـ غىزانىڭ سىپسىقى،
بىرسى ئىدى زەھەر تىكەن، قۇملۇقتىكى چاۋا ـ خەشەك.
ۋە بەزىسى ھېچ كاردا يوق، گوياكى بىر سىپسىق پىتەك،
ۋە بەزىسى ھاڭۋاقتىدۇر، گويىاكى بىر پارچە كېسەك.

بۇلارنىڭ ئون ـ يىگىرمىسى باشلامچى ئوتاقچىلار بولۇپ، قالغانلىرى پۇتۇنلەي يېزىدىكى چوماقچىلار ئىدى. ئۇلار قوللىرىغا نەيزە ـ توقماق ئېلىپ، ئاشۇ دارازا كەينىدە چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ ۋۇ سوڭنى ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇلار تام تۈۋىگە يېتىپ كېلىپ بىر قاراش بىلەنلا ۋۇ سوڭنى تونۇپ قالدى ـ دە، سىرىق پەشمەت كىيگەن دارازىغا ۋۇ سوڭنى كۆرسىتىپ:

— قىرىندىشىمىزنى ئۇرغان چەلپەكچى ئەنە شۇ، — دېدى.

— تۇتۇڭلار بۇ مۇتتەھەمنى، جاڭزىغا ئاپىرىپ ئوبدان ئەدىپىنى بېرەيلى، — دېدى بايىقى دارازا.

— تۇتۇش ! — دېدى ھېلىقى يىگىت.

ئوتتۇز ـ قىرىق ئادەم ۋۇ سوڭغا گۇررىدە ئېتىلدى. بىچارە ۋۇ سوڭ مەست بولۇپ قالغاچقا، تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ باقماقچى بولسىمۇ، ھېچ ئىلاج قىلالماي قالدى، ئۇلار تۇشمۇ تۇشتىن كېلىپ ۋۇ سوڭنى يۇت ـ قولىدىن سۆرەپ ئېرىقتىن ئېلىپ چىقتى. سوقما تامدىن بۇرۇلغاندىن كېيىنلا بىر چوڭ ھويلا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپى ئاپپاق ئاقارتىلغان ئېگىز تام ۋە مەجنۇنتاللار، ئېگىز ـ ئېگىز قارىغايلار بىلەن ئورالغانىدى. ئۇلار ۋۇ سوڭنى ھويلىغا ئېلىپ كىرىپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ يالىڭاچلىدى، بوغجۇملىرىنى تارتىۋېلىپ، سۆرەپ ئاپىرىپ سۆگەتكە باغلىدى، ھېلىقى دارازا بىر باغلام چىۋىق ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى تازا ساۋىغىلى تۇردى.

ئەمدىلا تۆت ـ بەش چىۋىق ئۇرغاندا ھويلىنىڭ ئىچكىرىسىدىن بىر كىشى چىقىپ:

— ئاكا - ئۇكا ئىككىڭلار كىمنى ئۇرۇۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

بۇ ئىككى دارازا قول قوۋۇشتۇرۇپ:

— داد ئۇستام، بۇگۈن ئاكا - ئىنى ئىككىمىز بىرنەچچە ھەقەمسايىلىرىمىز بىلەن يۇقىرى مەھەللىنىڭ چىغىر يولى بويىدىكى مەيخانىغا بىرنەچچە قەدەھ مەي ئىچەيلى دەپ بارساق، بۇ لەنىتى دەرۋىش كېلىپ جەڭگى - جېدەل چىقىرىپ، مېنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇغا تاشلىۋەتتى، باش - كۆزۈم يېرىلىپ سۇدا توڭلاپ ئۆلگىلى تاس قالغاندا، تونۇش - بىلىشلەر كېلىپ قۇتقۇزۇۋالدى. ئۆيگە بېرىپ كىيىم - كېچەكلىرىمنى يەڭگۈشلەپ، ئادەم باشلاپ بېرىپ ئۇنى ئىزدەپ تاپتىم. بۇ مۇتتەھەم مەي، گۆشلەرنى سوقۇپ قۇرۇتۇۋېتىپ، ئۆزى غەرق مەست ھالدا ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقتا يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ دۇمبالاۋاتىمىز، قارىساق بۇ چەلپەكچى ئوغرى دەرۋىش ئەمەستەك تۇرىدۇ، يۇزىگە چېكىلگەن ئالتۇن تامغا بار ئىكەن، بۇ ئوغرى چاچلىرى بىلەن ئۇنى يوشۇرۇۋاپتۇ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن قورقۇپ قېچىپ يۇرگەن گۇناھكار ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۇ مۇتتەھەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراپ ئۇقىقاندىن كېيىن يامۇلنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئاپىرىپ بەرسەكمىكىن، — دېدى.

— سوراپ نېمە قىلىمىز! — دېدى سېرىق پەشمەت كىيگەن ھېلىقى دارازا، — بۇ پاخشەك سېنى ئۇرۇپ ھېچ ھالىڭنى قويماپتۇ، بىر - ئىككى ئايسىز ئۆز ھالىڭغا كېلەلمەس قىلىپ قويۇپتۇ. پاخشەكنى ئۇرۇپ ئۆلتۇرۇپ ئوتتا كۆيدۇرمىگۇچە ئۆچۈمىز چىقمايدۇ.

ئۇ سۆزىنى قىلىپ بولۇپلا چوۋىقنى ئېلىپ يەنە ئۇرماقچى بولۇۋىدى، بايىقى ئىچكىرىدىن چىققان كىشى:

— ئەزىز ئىنىم، توختاڭ، مەن ئۇنى كۆرۈپ باقاي، ئۇمۇ بىر ياخشى ئەردەك قىلىدۇ، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا ۋۇ سۇڭنىڭ كەيپى يېشىلىپ ئۆز ئىسىگە كەلگەنىدى، ئۇ قىنى ئۇرۇپ باقسۇن دەپ كۆزىنى يۇمۇپ غىڭ قىلماي تۇراتتى. ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ دۇمبىسىگە ئۇرۇلغان دەررە ئىزىغا قاراپ:

— ھەي، قىزىققۇ، بۇنىڭغا قارىغاندا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان يارىدەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى ۋە ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈپ ۋۇ سۇڭنىڭ چېچىنى قايرىپ سىنچىلاپ قاراپ، — ھەي، بۇ ئىنىم ۋۇ سۇڭ كەنجىۋاي ئىكەنغۇ ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ۋۇ سۇڭمۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۇ ئادەمگە قاراپ:

— ھەي، بۇ مېنىڭ ئاكامغۇ! — دېدى.

— ياق يېشىڭلار بۇنى، بۇ مېنىڭ ئىنىم بولىدۇ، — دېدى ھېلىقى كىشى.

بايىقى كاچات يېگەن سېرىق پەشمەتلىك كىشى ھەيران بولغىنىچە ئالمان - تالمان:

— ئۇستازىم، بۇ دەرۋىش قانداقىسىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىنىلىرى بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ مەن سىلەرگە گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان ھېلىقى جىڭياڭ داۋىنىدا يولۋاس ئۆلتۈرگەن ۋۇ سۇڭ بولىدۇ. ھازىر ئۇنىڭ قانداقىسىغا دەرۋىش بولۇپ قالغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، — دېدى ھېلىقى كىشى.

ھېلىقى ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ۋۇ سۇڭنى يېشىپ، بىر قۇر كىيىم كىيدۈرۈپ، يۆلەپ دالانغا ئېلىپ كىردى. ۋۇ سۇڭ ئېگىلىپ تەزىم قىلماقچى بولۇۋىدى، ھېلىقى كىشى ھەم ھەيران، ھەم خۇشاللىق ئىچىدە ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— ئىنىم، مەي تېخى تۇزۇك قويۇپ بەرمەپتۇ، سەل - پەل ئولتۇرۇۋېلىڭ، ئاندىن مۇڭدىشايلى، — دېدى.

ۋۇ سۇڭ ئۇ كىشىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا مەستلىكى خېلىلا يېشىلىپ قالدى. ئىلمان سۇ بىلەن يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ،

كەيپلىكىنى يېشىدىغان بىرنېمىلەرنى يەپ، ئاندىن ھېلىقى كىشى بىلەن سالام ـ سەھەت قىلىشىپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەشتى.

بۇ كىشى باشقا كىشى ئەمەس، دەل ھېلىقى يۈنچېلىك ناھىيەسىدىن چىققان سۇلى جياڭ ئاتلىق، دانىش لەقەملىك كىشى ئىدى. ۋۇ سۇلىك:

— ئاغا، ئۆزلىرىنى چەي جىن بېگىمنىڭكىدە دەپلا ئويلاپتىمەن. قانداقسىغا بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟ ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئولتۇرۇشۇم چۈشۈممۇ يا؟ — دېدى.

— مەن ئۆزلىرى بىلەن چەي جىن بېگىمنىڭ جاگىرىسىدا ئايرىلىشقاندىن كېيىن ئۇ يەردە يەنە بىر يىل تۇردۇم، — دېدى سۇلى جياڭ، — ئۆيۋاقىمنىڭ نە ھالدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر ئالالماي، ئاتام ئەنسىرەپ تۇرامدىكىن دەپ، ئىنىم سۇلى چىڭنى ئۆيگە قايتۇردۇم. كېيىن ئۆيدىن: «دەۋا ـ دەستۇرلارغا يۈزبېشى جۇ تۇڭ، لېي خېڭلارنىڭ ياردىمى تەگدى، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە ھېچ ئىش كەلمىدى، ئۆيئىچى تىنچلىق، سېنى تۇتىمىز دەپ يۈرۈۋېتىپتۇ. شۇڭا، ھەممە يەرگە تۇتۇش ھەققىدە ئېلانلار چىقىرىلىپ، ئىزدەك ـ سورىقىڭنى قىلىشىۋاتىدۇ» دېگەن خەت ئالدىم. بۇ ئىش ھازىر سەل بوشىشىپ قالدى. ئەمدى بۇ يەردە كۇڭ غوجام ئاتلىق بىر زات بار ئىكەن، بىزنىڭ ئۆيگە بىرنەچچە قېتىم دۇئايىسالام بىلەن ئادەم ئەۋەتكەنىكەن. سۇلى چىڭ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن مېنى چەي جىن بېگىمنىڭ جاگىرىسىدا قالدى دېگەننى ئاڭلاپ، ئالاھىدە ئۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ يەرگە ئەكېلىۋالدى. بۇ يەرنى شىرمەتلەر تېغى دەپ ئاتىشىدىكەن. بۇ جاگىرا كۇڭ غوجىنىڭ جاگىرىسى. ھېلىقى ئۆزلىرىنى ئۇرغان ئەنە شۇ كۇڭ غوجىنىڭ كەنجى ئوغلى بولىدۇ. ئۇ سەل سەپرا مىجەز ئادەم بوپتۇ، ئاسانلا كىشىلەر بىلەن سوقۇشۇپ قالىدىكەن، شۇڭا ھەممە خەق ئۇنى تەنھا ئۇچقۇن يۇلتۇز كۇڭ لياڭ دەپ ئاتايدىكەن. ھېلىقى سېرىق

پەشمەت كىيىۋالغان كۆك غوجىنىڭ چوڭ ئوغلى، ئۇنى خەقلەر تۇكباش يۇلتۇز كۆك مىلىڭ دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى نەيزە ـ قىلىچۋازلىقتا ھېرىس بولغاچقا، مەن ئۇلارغا ئۇنىڭ يولىنى ئاز ـ تولا ئۆگىتىپ كۆرسىتىپ قويدۇم، شۇڭا مېنى ئۇستازىمىز دەيدۇ. مەن بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىلى يېرىم يىل بولۇپ قالدى. يېقىندىن بېرى شامال تۇراغا بېرىپ چۆرگۈلەپ كېلەيمىكىن دەۋاتىمەن، مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈنىنىڭ ئىچىدە يولغا چىقماقچىمەن. مەن چەي جىن بېگىمنىڭ جاڭزىسىدىكى چېغىمدا خەقلەرنىڭ ئاغزىدىن ئىنىم ئۆزلىرىنى جىڭياڭ داۋىنىدا يولۋاس ـ قاپلانلارنى سوقۇپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. كېيىن يەنە ياڭگۇ ناھىيەسىدە يۈزبېشى بولغانلىقلىرىدىن ۋاقىپ بولدۇم، شى مېنچىڭ بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكلىرىنىمۇ ئاڭلىدىم. كېيىنكى چاغلاردا نەگە پالانغانلىقلىرىدىن خەۋەرسىز قالدىم. ئىنىم قانداق قىلىپ دەرۋىش بولۇپ قالدىلا؟

— ئىنىلىرى، — دېدى ۋۇ سۇڭ، — چەي جىن بېگىمنىڭ جاڭزىسىدا ئۆزلىرىدىن ئايرىلىپ، جىڭياڭ داۋىنىدا يولۋاس ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنى ياڭگۇ ئامبال يامۇلىغا ئاپىرىپ ئامبالغا تۇتتۇم، ئامبال مېنى يۈزبېشى قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىن قېيىنئېگىچىم بىۋاپالىق قىلىپ شى مېنچىڭ بىلەن زىنا ئۆتكۈزۈپ، رەھمەتلىك ئاكام ۋۇ دانى ئوغا بېرىپ ئۆلتۈردى؛ شۇنىڭ بىلەن كەمىنىلىرى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىلا ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، ئامبال يامۇلغا ئۆزۈمنى ئۆزۈم تۇتۇپ بەردىم، ئامبال يامۇل مېنى دۇڭپىڭ دىيارى مەھكىمىسىگە ئەۋەتىپ بەردى. كېيىن ئايماقبېگى چېنىنىڭ ھە دەپ كۆچ چىقىرىپ ھەمدەم بولۇشى نەتىجىسىدە مېڭجۇ ئايمىقىغا پالاندىم.

ۋۇ سۇڭ چاسا داۋاندا قانداقسىغا جاڭ چىڭ ۋە سۇن چوكانلارغا ئۇچرىشىپ قالغانلىقىدىن تارتىپ تاكى مېڭجۇ

ئايمىقىغا بېرىپ قانداقسىغا شى ئېنىغا ئۆچراشقانلىقى، قانداقسىغا جياڭ مۇئەككەلنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە قانداقسىغا جاڭ سۇركاۋۇل باشلىق ئون بەش ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ يەنە جاڭ چىڭنىڭ ئۆيىگە قېچىپ كەلگەنلىكىگىچە بايان قىلىپ:

— چىشى يەكشا سۇن چوكان مېنى دەرۋىشلىك تۈرقىغا كىرگۈزۈپ قويدى، قىرىقئاياغ چوققىسىدىن ئۆتۈۋېتىپ قىلىچىمنى سىناپ كۆرەي دەپ ۋاڭ شەيخنى ئۆلتۈردۇم. يېزا مەيخانىسىدا مەي ئىچىپ كەيپىلىكتە كۇڭ ئاغىنى ئۇرۇۋېتىپتىمەن، — دەپ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن - ئاخىرغىچە سۇڭ جياڭغا سۆزلەپ بەردى.

كۇڭ مىڭ، كۇڭ لياڭلار بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ تەزىم قىلدى. ۋۇ سۇڭ ئالدىراپ تەزىمنى ئىلىك ئېلىپ:

— ھېلى بىلمەي قول ئۇزارتىپ قويۇپتىمەن، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، ھەرگىز ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا! — دېدى.

— ئاكا - ئۇكا ئىككىمىز «كۆزىمىز تۇرۇقلۇق ئۇلۇغىمىزنى تونۇماپتۇق»، گۇناھىمىزنى كەچۈرسىلە! — دېدى كۇڭ مىڭ، كۇڭ لياڭلار.

— ئىككىلىرى ماڭا خەيرخاھلىق قىلىدىغان بولسىلا، مېنىڭ دەستەك - مەكتۇپلىرىمنى ۋە كۇدە - كۆرپە، كىيىم - كېچەكلىرىمنى قاقلاپ قۇرۇتۇپ بېرىشسىلە، ئىككى قىلىچىم بىلەن تەسۋىيىمنى يوقىتىپ قويماي ساقلاپ بېرىشسىلە، — دېدى دەرۋىش ۋۇ سۇڭ.

— بۇنىڭدىن غەم قىلمىسىلا، — دېدى كۇڭ مىڭ، — ئىنىلىرى بۇ نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ قويۇپ قوللىرىغا ساقمۇساق تەگكۈزىمەن.

ۋۇ سۇڭ تەشەككۇر ئېيتتى. سۇڭ جياڭ كۇڭ غوجىنى چاقىرىپ چىقىپ ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشتۈردى. كۇڭ غوجا مەي -

شاراب بىلەن مېھمان قىلدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى سۇڭ جياڭ شۇ كېچىسى ۋۇ سۇڭ بىلەن بىر كاتتا يېتىپ بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيانقى سەرگۈزەشتىلىرى ئۈستىدە مۇڭداشتى، سۇڭ جياڭ بۆلەكچىلا خۇش بولۇپ كەتتى. ۋۇ سۇڭ ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز ـ قوللىرىنى يۇغاندىن كېيىن ئارا دالانغا كىردى ۋە ھەممەيلەن بىللە ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدى. كۇڭ مىڭ ھەمداستىخان بولدى. كۇڭ لياڭمۇ تاياق ئاغرىقى بىلەن يۈرۈپ مېھمان قىلدى. كۇڭ غوجا مال ـ ۋاران سويدۇرۇپ بەزمە ھازىرلاتتى. شۇ كۈنى مەھەللىدىكى قولۇم ـ قوشنىلارمۇ ھال سوراپ كېلىشتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىرقانچە ئادەملىرىمۇ كۆرۈشكىلى كەلدى. سۇڭ جياڭنىڭ كۆڭلى شادلىققا چۆمدى. شۇ كۈنكى بەزمىدىن تارقىغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭ ۋۇ سۇڭدىن:

— ئىنى، ئەمدى قەيەرنى پاناھداپ باراي دەۋاتىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— ئاخشام ئۆزلىرىگە ئېيتتىمغۇ، كۆكتاتلىقنى باقىدىغان جاڭ چىڭ ماڭا ئېرلۇڭشەندىكى مەرۋايىت ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ گۇلدار شەيخ لۇ جىشېنلارنىڭ توپىغا قوشۇلغىن دەپ خەت يېزىپ بەردى. مېنىڭ كەينىمدىن ئۇمۇ بارغۇدەك، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— ئۇنداق قىلسىلىمۇ بولىدۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ، — مەن ئۆزلىرىگە ئاشكارىسىنى ئېيتسام، ئۆيۈمدىن يېقىندا خەت كەلدى، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، شامال تۇرانىڭ مۇتەۋەللىسى كىچىك لى گۇاڭ خۇا رۇڭ مېنىڭ يەن پوشىنى ئۆلتۈرگەنلىكىمنى ئۇقۇپتۇ، ئۇ مېنى تۇراسىغا بېرىپ بىرنەچچە مەھەل تۇرسۇن دەپ ھەر كۈنى خەت ئەۋەتىۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر شامال تۇراغا يىراق ئەمەس ئىكەن، شۇڭا مەن مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە شۇ يەرگە باراي دېۋىدىم، ھاۋا تېخىچىلا ئېچىلىپ كېتەلمىگەنلىكتىن يولغا چىقالمىدىم. ئۇ يەرگە بەربىر بارماي بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، ئىككىمىز بىللە

بارساق قانداق دەيلىكىن؟

— ئاغا، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئانچە سىرداش ئەمەس، — دېدى ۋۇ سۇڭ، — مېنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ بىرنەچچە مەھەل تۇرغۇزماقچى بولۇۋاتىدىلا! پېقىر كەچۈرگۈسىز ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، شۇڭا غەم قىلىۋاتىمەن، ئېرلۇڭشەنگە بېرىپ غەلىيان قىلىپ پاناھدىسامىكىن. ئۇنىڭ ئۇستىگە دەرۋىش بولۇۋالدىم، ئۆزلىرى بىلەن بىللە بارالمايمەن. يولدا بىرەر كىشى گۇمانلىنىپ قالسا ياكى ئۇلار بىلەن تارتىشىپ ـ تۇتۇشۇپ قالساق ئۆزلىرىگە چاتاق تېپىپ بېرىمەنمىكىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈم ـ كۆرۈمدە بىللە بولايلى دېگەنلىرى ياخشى. بىراق، خۇا رۇڭغا چاتاق تېپىپ بەرسەم ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا، مەن ئېرلۇڭشەنگىلا باراي. تەڭرى رەھىم قىلىپ، ئۆلۈپ ـ تارتىپ كەتمىسەك ، خانلىق ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىپ قالسا، ئەنە شۇ چاغدا ئۆزلىرىنى ئىزدەپ بارساممۇ كېچىكمەسمەن.

— ئىنى، ئوردىغا ئىتائەت قىلىدىغان مۇشۇنداق نىيەتلىرى بولسا، تەڭرىم ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، ئەگەر جەزمەن مەن بارىمەن دەيدىكەنلا، تۇتۇپ قالالمايمەن، ئەمدى شۇنداقتىمۇ ماڭا ھەمراھ بولۇپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ بەرسىلە، — دېدى سۇڭ جياڭ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن كۇڭ غوجامنىڭ ھويلىسىدا ئون نەچچە كۈن تۇردى، كېيىن سۇڭ جياڭ ۋۇ سۇڭ بىلەن يولغا چىقماقچى بولدى، كۇڭ غوجا ۋە ئوغلى ئۇلارنى زادىلا قويۇپ بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بەش ـ ئالتە كۈن تۇردى، ئاخىر سۇڭ جياڭنىڭ زورى بىلەن كۇڭ غوجا زىياپەت بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇ كۈنى بىر كۈن زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى. ئەتىسى ۋۇسۇڭغا بىر قۇر يېپيېڭى دەرۋىش كىيىمى، بىر قارا تون تىكتۈرۈپ بەردى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن دەستەك، مەكتۇپ، چاچ باستۇرۇۋالىدىغان چەمبىرەك، تەسۋى، قىلىچ، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىق نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بەردى؛ يەنە ھەر ئىككىسىگە يول خىراجىتى ئۈچۈن ئەللىك سەردىن

كۇمۇش يوللۇق تۇتتى. سۇڭ جياڭ ئالغىلى ئۇنىمىدى، كۇڭ غوجا بىلەن ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي خالتا پوتىسىغا تىڭىپ قويدى. ئاندىن كىيىم - كېچەك ۋە قورال - ياراغلىرىنى تەخلىدى، ۋۇ سۇڭ بۇرۇنقىدەك دەرۋىشلىك كىيىمىنى كىيدى. چېچىنى چەمبىرەك جىغا بىلەن باستۇرۇۋالدى، بويىنىغا ئادەم بېشىنىڭ سۆڭىكىدە قىلىنغان تەسۋىسىنى، بېلىگە قوش قىلىچىنى ئاستى - دە، بوغجۇمىسىنى يىغىشتۇرۇپ بېلىگە تاڭدى. سۇڭ جياڭ قىلىچىنى ئېلىپ، قىلىچىنى ئاستى، بېشىغا كىگىز قالپىقىنى كىيدى، ئاندىن كۇڭ غوجا بىلەن خوشلاشتى. كۇڭ مىڭ بىلەن كۇڭ لياڭ ئوتاقچىلىرىغا ۋۇسۇڭ بىلەن سۇڭ جياڭنىڭ يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرتكۈزۈپ، ئاكا - ئۇكا ئىككىسى يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يولغىچە ئۇزىتىپ، ئۇلار بىلەن ۋىدالاشتى. سۇڭ جياڭ ئۆزىنىڭ بوغجۇمىسىنى كۆتۈرۈپ:

— ئوتاقچىلارنىڭ يەنە ئۇزاقتا ئۇزىتىپ بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق، بىز ئۆزىمىز كېتىۋېرىمىز، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، كۇڭ مىڭ بىلەن كۇڭ لياڭ ئوتاقچىلارنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى سۇڭ جياڭ بىلەن ۋۇ سۇڭغا كېلەيلى، بۇلار يول ئۈستىدە پاراڭلاشقاچ كەچكىچە ماڭدى، كەچ بولغاندىن كېيىن يېتىپ ئارام ئالدى. ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ تاماق ئېتىپ يەۋېلىپ يەنە يولغا چىقتى. شۇ ماڭغىنىچە قىرىق - ئەللىك چاقىرىم يول بېسىپ بىر بازارغا يېتىپ كەلدى، بۇ ئۈچ ئاچا يولنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان رۇيلۇڭ دەپ ئاتىلىدىغان بازار ئىدى. سۇڭ جياڭ بۇ يەرلىك ئادەملەردىن:

— بىز ئېرلۇڭشەن بىلەن شامال تۇراغا بارماقچىدۇق، قايسى يول بىلەن ماڭىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ ئىككى يەرگە بىر يول بىلەن بارغىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىن ئېرلۇڭشەنگە كۈنپېتىش تەرەپتىكى يول بىلەن بارىدۇ.



www.uyghurkitap.com

شامال تۇراغا كۆنچىقىش تەرەپتىكى يول بىلەن بارىدۇ، شامال تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا شامال تۇراغا يېتىپ بارغىنىڭلار شۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بازارلىقلار.

— قېرىندىشىم، — دېدى سۈك جياڭ يولنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سورىۋالغاندىن كېيىن ۋۇ سۇڭغا قاراپ، — بۈگۈن ئىككىمىز ئايرىلىشىدىغان بولدۇق، بۇ يەردە ئايرىلىشقۇچە بىر - ئىككى قەدەھ ئىچىشىۋالايلى.

بۇ ھەقتە ۋەنشىشا ئۇسلۇبىدا تۆۋەندىكىدەك ۋىدالىشىش نەزمىسى پۈتۈلگەن:

قول تۇتۇپ ئايرىلغۇچە ھېچ كەلمىدى ئايرىلغۇسى،
تاغۇئورمان كۆرۈنەتتى خۇددى مارجاندەك تۇسى،
پالۋان ھەسرەتتە، كارۋان قەلبىدە ھىجران ئوتى.
يولغا چىقتى پالۋان ھەسرەتتە جان - مادارى يوق،
قوندى ئۇ ئۆتەڭ - مازار، لەڭگەر ئارا قاتتىق - قۇرۇق،
چۈشتى غۇربەتلىك بېشىغا تۈن ئۇزاق، يالغۇزچىلىق.

— قېرىندىشىم، مەن سىلىنى ئاپىرىپ قويۇپ كېلەي، — دېدى ۋۇ سۇڭ دەرۋىش.

— يوقسۇ، ھاجىتى يوق، — دېدى سۇڭ جياڭ، — قەدىمدىن «مىڭ چاقىرىمغىچە ئۇزاتسىمۇ، ھامان جۇدالىق بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئىنى ئۆزلىرى ئۆز يوللىرىغا مېڭىۋەرسىلە، ئۆزلىرىنىڭ بارىدىغان يەرلىرى يىراق، بالدۇرراق يېتىۋالسىلا. توپقا قوشۇلغاندىن كېيىن ئىچىملىككە ئازراق بېرىلسىلە، ئەگەر ئوردا ئەل بولۇشقا دالالەت قىلسا، دەرھال لۇ جىشېن بىلەن ياڭ جىنى قىزىقتۇرۇپ تەسلىم بولسىلا، كېيىن چەت - ياقا يۇرتلارغا بېرىپ، جەڭ - ىېغىلىقلاردا خىزمەت كۆرسەتسىلە، بالىچاقىلىرى يۇقىرى مەرتىۋە - دۆلەتكە ئىگە بولىدۇ، ئۇزۇنغىچە نام - شۆھرەتلىرى قالىدۇ، ئۆمرىمىز بىكار ئۆتكەن بولمايدۇ. مېنىڭ

www.uyghurkitap.com

دىلىم سادىق بولسىمۇ، بىلىم ـ ئىقتىدارىم بولمىغانلىقتىن ئىلگىرى چوڭ ئىش قىلالمىدىم. قېرىندىشىم، سىلى شۇ قەدەر باتۇر ئادەم، قوللىرىدىن جەزمەن چوڭ ئىشلار كېلىدۇ، بۇ گەپلىرىمنى ئەسلىرىدە تۇتسىلا، نادان قېرىنداشلىرىنىڭ لەۋزىنى دىللىرىدا ساقلىسىلا، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە يەنە كۆرۈشۈشنى نېسىپ قىلغاي.

ۋۇ سۇڭ دەرۋىش بۇ گەپلەرنى ئوبدان ئاڭلىغاندىن كېيىن مەيخانىدا بىرنەچچە قەدەھ مەي ئىچىپ مەي پۇلىنى تۆلىدى، ئىككىيلەن مەيخانىدىن چىقىپ بازارنىڭ چېتىدىكى ئۈچ يول ئاچىلىغا يېتىپ كەلدى. ۋۇ سۇڭ دەرۋىش بۇ يەردە سۇڭ جياڭغا تۆت مەرتەم ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. سۇڭ جياڭ كۆز يېشى قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي يەنە:

— قېرىندىشىم، مېنىڭ گەپلىرىمنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، ئىچىملىككە ئازراق بېرىلسىلە، تەڭرىمگە ئامانەت، تەڭرىم ئامان قىلسۇن! — دەپ جېكىلىدى.

ۋۇ سۇڭ دەرۋىش كۆنۈپېتىش تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى، ئوقۇرمەن، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ۋۇ سۇڭ دەرۋىش ئۆزى يالغۇز ئېرلۇڭشەنگە لۇ جىشېن بىلەن ياڭ جىلارنى پاناھداپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ توپىغا قوشۇلدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ ۋۇ سۇڭدىن ئايرىلىپ، كۈنچىقىش تەرەپكە بۇرۇلۇپ مېڭىپ، شامال تاغ يولىغا چۈشتى، يول بويى ۋۇ سۇڭ دەرۋىشنى ياد ئېتىپ ماڭدى. نەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن يىراقتىن شامال تاغنىڭ بارانى① كۆرۈندى. سۇڭ جياڭ بۇ تاغقا قارىدى، ئۇنىڭغا شۇنداق بىر تاغ كۆرۈندىكى:

هەر تەرىپى تىك قىيا تاغ، چۆرىسى ئېگىز داۋان،
قاپلىغان قارىغاي باراقسان، تال ـ دەرەخلەر بۈك هامان.

① بارانى — بىرنەرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى دېگەن مەنىدە.

شارقىراپ چۈشسە ئېگىزدىن شارقىراتما ئېتىلىپ،
تەندىكى ھەر مويغا تەگدى سوغى دىر ـ دىر تىترىتىپ.
تارقىسا تالۇ دەرەخنىڭ قاپقاراڭغۇ سايىسى،
كۈن نۇرى چۈشتى ئىچىلدى ئۈيقۇدىن كۆز قارىسى.
شىلدىرلاپ ئۆستەڭدىكى سۇ ئاڭلىناتتى گاھىدا ـــ
ھەم كېلىپ ئوتۇنچىلارنىڭ پالتىسىدىنمۇ سادا.
بوي ئېلىپ ھەيۋەت ئېگىز تاغ تىزمىسى قەۋەت ـ قەۋەت،
زارلىنىپ تاغ قۇشقچى تۆكتى ۋىچىرلاپ ئاھۇ دەرد.
توپ بولۇپ بۇغا ـ مارال يۈرسە چېپىپ جاڭگال ئارا،
سەپ تۈزۈپ تۈلكە ـ قاۋان يەم ئىزدىدى ئوۋلاپ راسا.
بۇ مىگەركىم بولمىسا خاس شەيخ بۈزرۈككە ماكان،
تاۋىكا بولغاي قاراقچىلارغا جەزمەن ئاتىغان.

سۈڭ جياڭ ئالدى تەرەپتە كۆرۈنگەن تاغقا نەزەر تاشلاپ، ئۇ تاغنىڭ دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ئاجايىپ تاغ ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىچ ـ ئىچىدىن خۇش بولۇپ، قاراپ ـ قاراپ كۆزى تويماي، قاراملىق بىلەن بىرمۇنچە يولنى بېسىۋەتتى، ئارام ئېلىشنىمۇ خىيالىدىن چىقىرىپ قويدى. قارىسا كەچ بولۇپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى ئەنسىرەپ قالدى، ئۇ ئىچىدە: «ياز كۈنلىرى بولغان بولسا، ئانچىكىم دەرەخزارلىق ئىچىگە كىرىپ بىر كېچە قونۇۋېتەتتىم؛ قارغىش تەگكۈر قىش كۈنلىرى كېلىپ قالدى، جۇت جان ـ جېنىمدىن ئۆتۈۋاتىدۇ، كېچىدە تېخىمۇ سوغۇق بولىدۇ، ئۇنىڭغا چىدىغىلى بولمايدۇ. ناۋادا بىرەر بۆرە، يولۋاس ـ قاپلان چىقىپ قالسا قانداقمۇ تەڭ تۇرالايمەن؟ جېنىم بىكارغىلا كېتىدىغۇ!» دەپ ئويلىدى ـ دە، كۈنچىقىش تەرەپتىكى چىغىر يولغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئالاھازەل ئەلياتقۇ مەھەلگىچە يول يۈرگەندىن كېيىن كۆڭلىنى تېخىمۇ ئەنسىرەك باستى، يەر يۈزى كۆرۈنمەيتتى، ئۇ بىر ئارغامچىغا پۈتلىشىپ قالدى، بۇ چاغدا دەرەخزارلىق

ئىچىدىن تۆچ قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭلا، شۇ يولغا مۆكۈنۈۋالغان ئون نەچچە چاپارمەن ھازىر بولدى، بۇلار ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ سۇلۇك جياڭنى تۇتۇپ يىقىتىپ ئارغامچا بىلەن باغلىدى، ئۇنىڭ قىلىچ، بوغجۇملىرىنى تارتىۋالدى، ئاندىن ئوتقاش ياندۇرۇپ سۇلۇك جياڭنى تاغقا ئېلىپ ماڭدى. سۇلۇك جياڭنىڭ داد ـ پەرياد قىلغىنىغا قارىماي ئۇنى تاغ تۇراغا ئېلىپ چىقتى.

سۇلۇك جياڭ ئوت يورۇقىدا قارىغۇدەك بولسا، بۇ يەرنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي ياغاچ قاشا بىلەن توسۇلغان، ئوتتۇرىدا بىر ساراي بولۇپ، سارايغا يولۋاس تېرىسى بىلەن ئورالغان ئۈچ دانە ئورۇندۇق قويۇلغان، ئارقا تەرەپتە يۈزنەچچە ئېغىز كەپە بار ئىكەن. چاپارمەنلەر سۇلۇك جياڭنى خۇددى تاڭزۇڭزىدەك چەمبەرچاس باغلاپ كېلىپ، ئەجەل تۈۋرۈكىگە تاڭدى، سارايدا تۇرغان بىرنەچچە چاپارمەنلەر:

— ئاتامان بېگىم يېڭىلا ئۇخلىدى، ھازىر خەۋەر قىلمايلى، ئۇ ئويغانغاندا ئالدىغا ئېلىپ كىرىپ، بۇ مۇتتەھەمنىڭ يۈرەك ـ جىگىرىنى پارچىلاپ ناشتىلىق مەيگە شورپا قىلىپ بېرەيلى، بىرەر پارچىدىن يېڭى گۆش يەيدىغان بولدۇق ئەمدى، — دېدى.

سۇلۇك جياڭ ئەجەل تۈۋرۈكىدە باغلاقلىق تۇرۇپ كۆڭلىدە: «مەن شۇنچىمۇ بىتەلەي يارىتىلامەنمۇ؟ بىر جالاپ خوتۇننى ئۆلتۈرىمەن دەپ شۇ قەدەر جاپا ـ مۇشەققەت تارتتىم. بۇ بېشىمنىڭ بۇ يەردە نابۇت بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي !» دەپ ئويلىدى. بۇ چاغدا چاپارمەنلەر شام ـ چىراغلارنى ياندۇردى. سۇلۇك جياڭنىڭ بەدىنى توڭلاپ مۇزدەك قېتىپ قالغانىدى، پەقەت ئۇ كۆزىنىلا پىلدىرلىتىپ تۆت تەرەپكە قاراپ بېقىپ، بېشىنى سىلىپ ھەسرەت چېكەتتى.

ئالاھازەل ئىككىنچى، ئۈچىنچى تاك ـ تاك چېلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتىلا ئاندىن سارايىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تۆت ـ بەش چاپارمەن چىقىپ:

— ئاتامان بېگىم چىقىۋاتىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.
بۇ چاغدا سارايىنىڭ شام - چىراغلىرى ئاجايىپ يورۇپ كەتتى، سۇڭ جياڭ يەر ئاستىدىن ئۇنىڭغا قارىسا، بۇ ئاتامان چېچىنى غاز تاجىسىدەك تۇرمەللەپ قىزىل شايى ياغلىق بىلەن چىگىۋاپتۇ، ئۇستىگە چىلان رەڭگىدە يىپەك پەشمەت كىيىپتۇ، ئۇ ھېلىقى يولۋاس تېرىسى سېلىنغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ ئاتامانىنىڭ تەقى - تۇرقى قانداق دېسىڭىز:

چېچى قىزغۇچ، ساقىلى سارغۇچ، ئۇنىڭ تۆرۈك كۆزى،
يەلكىسى كەڭ، ئۆزى تەمبەل، غەيرىتى پەلەك يۈزى.
ئەل - خەلق بەردى ئۇڭا «تىللا رەڭ يولۋاس» لەقەم،
ئەسلىدە يەن زاتىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ ئۆزى.

بۇ پالۋاننىڭ ئانا يۇرتى شەندۇڭ لەيجۇ ئايىمىقى بولۇپ، ئىسمىزاتى يەن شۈن، لەقىمى تىللا رەڭ يولۋاس ئىدى. ئەسلىدە ئۇ ئات - ئۇلاغ بازىرىدا بېدىك ئىدى، دەسمايىسىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن، يېتىمچىلەر ئىچىگە سەرگەردان بولۇپ كېلىپ قاراقچىلىق قىلدى. يەن شۈننىڭ كەيپى يېشىلگەندىن كېيىن ئوتتۇرىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ:
— باللار، بۇ مۇتتەھەمنى نەدىن تۇتۇپ كەلدىڭلار! — دەپ سورىدى.
— بىز تاغ ئارسىدا يول توسۇپ مۆكۈنۈپ ياتساق، دەرەخزارلىق ئىچىدىن تۇچ قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىساق مۇشۇ مۇتتەھەم ئۆزى يالغۇز بوغچۇمىسىنى يۈدۈپ ئۆتۈۋاتقاندا ئارغامچىغا تېگىپ كەتكەنىكەن، يۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇتۇۋېلىپ، ئۆزلىرىگە مەي كەيپىنى يېشىدىغان شورپا قىلىپ بېرىشكە ئېلىپ كەلدۇق، — دېيدى چاپارمەنلەر.
— خوپ ! يۇگۇرۇڭلار، بېرىپ ماڭا ئىككى ئاتامانىنى چىللاپ

كېلىپ بېرىڭلار، بۇنى ئۇلار بىلەن بىللە يەي، — دېدى يەن شۇن.

چاپارمەنلەر كېتىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا سارايىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككى پالۋان كىرىپ كېلىشتى، سول تەرەپتىكىنىڭ بويى پاكار بولۇپ كۆزلىرى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ قانداق كىيىنگەن دېمەمسىز؟ ئۇ شۇنداق كىيىنگەنكى:

هاۋا رەڭ پەشمەت كىيىپتۇ، تەڭگە گۈل يارماق سېلىپ،
تەقى - تۇرقىمۇ ئاجايىپ، يارىتىلغان سەت قىلىپ.
تازا بىر نەپسانىيەت، شەھۋەتپەرەس زالىم ئىكەن،
ۋاڭ پەتەك يولۋاس ئاتالغان ئوت قويۇپ ھەم جان قىيىپ.

بۇ پالۋاننىڭ ئانا يۇرتى لياڭخۇەي دېگەن يەردىن بولۇپ، ئىسمىزاتى ۋاڭ يىڭ ئىدى، ئۇنىڭ بويىغا قاراپ ئەل - يۇرتتىكىلەر ئۇنى پەتەك يولۋاس دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ ئەسلىدە ھارۋىكەش بولۇپ، يول ئۈستىدە مال - دۇنيالارنى كۆرگەندىن كېيىن نىيىتى بۇزۇلۇپ يولۇچىلارنى بۇلىغانلىقتىن، دادخاھ ئالدىغا بېرىپ قالغان، كېيىن گۈندىخانىدىن شامال تاغقا قېچىپ چىقىپ، يەن شۇن بىلەن مۇشۇ تاغنى ئىگىلەپ بولاڭچىلىققا كىرىشكەنىدى. ئوڭ تەرەپتىكىسى ئاقپىشماق، كىرپە ساقال، ياداڭغۇ، ئېگىز بوي، يەلكىلىرى كەڭ، تەقى - تۇرقى كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ئۇمۇ بېشىغا توق قىزىل بوغمىچا چىگىۋالغانىدى. ئۇنى قانداق كىيىنىپتۇ دېمەمسىز؟ ئۇ شۇنداق كىيىنگەنىدى:

ياپيېشىل زەرباپتا پەشمەت كىيىۋاپتۇ ئۈستىگە،
جەڭ - سەپەر پەشتامىسىنى تېڭىۋاپتۇ بېلىگە.
بوغمىچا چەككەن قىزىل رەڭ، تاغ تۇرانىڭ باتۇرى،
يۈزى ئاقپىشماق يىگىت دەپ نامى پۈر يۇرت ئەھلىگە.

بۇ پالۋاننىڭ ئانا يۇرتى جېجياڭنىڭ كۇنپىڭتىش تەرىپىدىكى

سۇجۇ ئايمىقىدىن بولۇپ، ئىسمىزاتى جېڭ تيەنشۇ ئىدى؛ ئۇ ئاقپىشماق، بوي - تۇرقى كېلىشكەن بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاقپىشماق بايۋەچچە دەپ لەقەم قويۇۋالغان. ئۇ ئەسلىدە زەرگەرلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى، ئۇ كىچىكىدىن نەيزىۋازلىققا ھېرىس بولغاچقا، يۇرت كېزىپ شامال تۇراغا كېلىپ قالغانىدى ۋە بۇ يەردە ۋاڭ پەتەك يولۋاس بىلەن يولۇقۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەللىك - ئاتمىش مەرتەم ئېلىشىپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىگەن. يەن شۈن ئۇنىڭ ھۈنىرىنىڭ قالتىسلىقىنى كۆرۈپ تاغدا ئېلىپ قېلىپ ئۈچىنچى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزغان.

ئۈچ ئاتامان ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ۋاڭ پەتەك يولۋاس:

— باللىرىم، كەيپلىكنى يېشىش شورپىسى ئېتىش پەيتى يەتتى، پات بولۇڭلار، بۇ مۆتتەھەمنىڭ جىگىرىنى ئويۇپ ئېلىپ، كەيپلىكنى يېشىدىغان ئاچچىق - چۈچۈك شورپا تەييارلاڭلار، — دېدى.

بۇ چاغدا بىر چاپارمەن بىر تەلەڭگە سۇ كۆتۈرۈپ كېلىپ، سۇڭ جياڭنىڭ ئالدىغا قويدى، يەنە بىر چاپارمەن يېڭنى تۈرۈپ، ۋال - ۋۇل پارقىراپ تۇرغان بىر يۈرەك ئويغۇچ خەنجەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ھېلىقى سۇ كۆتۈرۈپ كەلگەن چاپارمەن سۇڭ جياڭنىڭ يۈرەك قەپىسىگە ئىككى قولى بىلەن سۇ سەپتى. ئەسلىدە ئادەملەرنىڭ يۈرىكى ئىسسىق قان بىلەن ئورالغان بولىدۇ، ئۇنىڭغا سوغۇق سۇ سېپىپ، ئاندىن سوغۇرۇۋېلىنسا يېيىشلىك بولىدۇ. چاپارمەن سۇنى سۇڭ جياڭنىڭ يۈزىگە چاچتى، سۇڭ جياڭ ئاھ ئۇرۇپ: «ئىسىت، سۇڭ جياڭ بۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى !» دېدى.

يەن شۈننىڭ قۇلىقىغا «سۇڭ جياڭ» دېگەن گەپ ئاڭلانغاندىن كېيىن دەرھال چاپارمەنلەرگە:

— سۇنى چاچماي تۇرۇڭلار، — دېدى ئۇلارغا ھاي بېرىپ توسۇپ، — ھەي، ئۇ بەدرەك «سۇڭ جياڭ» دەۋاتامدۇ نېمە؟

— بۇ بەدرەك ئۆزىچە «ئىسىت، سۇڭ جياڭ بۇ يەردە ئۆلۈپ

www.uyghurkitap.com

كېتىدىغان بولدى» دەۋاتىدىغۇ، ــــ دېدى چاپارمەنلەر.

ــــ ھەي بەدرەك، سەن سۈك جياڭنى تونۇمسەن؟ ــــ دەپ سورىدى يەن شۈن ئورنىدىن قوزغىلىپ ئۈنگدىن.

ــــ سۈك جياڭ دېگەن ئۆزۈم بولىمەن، ــــ دېدى سۈك جياڭ.

ــــ سەن قەيەردىكى سۈك جياڭ؟ ــــ دەپ يەنە سورىدى يەن شۈن ئۈنىڭ قېشىغا كېلىپ.

ــــ مەن جىجۇ ئايمىقىنىڭ يۈنچېڭ ناھىيەسىدە مىرزىلىق قىلىدىغان سۈك جياڭ بولىمەن، ــــ دېدى سۈك جياڭ.

ــــ ئۆزلىرى يەن پوشىنى ئۆلتۈرۈپ ئەل كېزىپ يۈرگەن، شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر دەپ ئاتىلىدىغان سۈك دانىش سۈك جياڭ بولمىغايلا يەنە؟

ــــ سىلى قانداق بىلىدىلا بۇنى؟ مەن دەل ئۈچىنچى ئوغۇل سۈك جياڭ بولىمەن.

يەن شۈن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چۆچۈپ كېتىپ دەرھال چاپارمەنلەرنىڭ قولىدىن خەنجەرنى ئېلىپ ئارغامچىلارنى كېسىپ تاشلىدى. ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى چىلان رەڭلىك مەشۈت پەشمىتىنى سېلىپ، سۈك جياڭنىڭ ئۈچىسىغا ياپتى ۋە ئۈنى قولتۇقلاپ ئاپىرىپ ئوتتۇرىدىكى يولۋاس تېرىسى سېلىنغان ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن ۋاڭ يەتەك يولۋاس بىلەن جېڭ تيەنشۇنى پات چۈشۈڭلار دەپ چاقىردى. ئۈچەيلەن سۈك جياڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. سۈك جياڭ ئورۇندۇقتىن پالاقلاپ چۈشۈپ سالام بىلەن:

ــــ پالۋانلىرىم، ئۈچىلىرى نىمە سەۋەبتىن پېقىرنى ئۆلتۈرمەي، ئىززەت - ھۆرمەت قىلىپ كېتىشتىلە؟ بۇنىڭدىكى مۇددىئالىرى نىمە؟ ــــ دەپ سورىدى - دە، يەرگە يىقىلدى.

ھېلىقى ئۈچ پالۋانمۇ سۈك جياڭنىڭ ئايىغىغا تەڭلا يىقىلدى.

ــــ مېنىڭ كۆزۈم ياخشى ئادەمنى تونۇماپتۇ، شۇڭا مۇشۇ خەنجەر بىلەن ئۆزۈمنىڭ كۆزۈمنى ئويۇپ تاشلىسام بولغۇدەك، ــــ دېدى يەن شۈن، ــــ مەن بۇ ئىش ئۈستىدە بولمىغانلىقتىن نېرى -

بىرىنى سۈرۈشتۈرمەيلا مەردانىمىزنى نابۇت قىلىپ قويغىلى تاسلا قاپتىمەن. ھېلىغۇ تەڭرىمگە شۈكۈر، جانابلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك ناملىرىنى ئېيتقانلىرى ياخشى بولدى. ئېيتمىغان بولسىلا بىز نەدىن بىلەيلى ! كەمىنە ئىنىلىرى ئەلكېزەر يېتىمچىلەر ئىچىدە يۈرگىنىمگە نەچچە ئون يىللار بولدى، ئەزىز ئاغا، ئۆزلىرىنى مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان، غېرىب ـ مىسكىنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولىدىغان ئادەم دېگەن داڭقىلىرىنى ئاڭلىغانىدىم؛ شور پېشانىلىقىمدىن ئۆزلىرى بىلەن دىدار مۇلاقات بولالمىدىم، بۈگۈن تەڭرىم كۆرۈشۈشنى نېسىپ ئەتتى، بۇنىڭغا چىن دىلىمدىن مەمنۇنمەن.

— مەن جانابلىرىنىڭ بۇ قەدەر ئىلتىپاتلىرىغا مۇناسىپ پەزىلەت ـ لاياقەتكە ئىگە ئادەم ئەمەس، — دېدى سۇڭ جياڭ جاۋابەن.

— جانابلىرى، پېقىر ـ ناتىۋانلارنىڭ ۋاپادارى، باتۇرلارنىڭ قاياشى ئىكەنلىكلىرى پۈتۈن ئالەمگە ئايان تۇرسا، كىممۇ ئۆزلىرىنى ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلمىغاي!؟ لياڭشەن كۆلىنىڭ يېقىنىدىن بۇيان نەقەدەر گۈللىنىپ روناق تاپقانلىقى جىمى ئالەمگە پۇر كەتتى. كىشىلەر بۇنى جانابلىرىنىڭ ئىلتىپاتىدىن كۆرۈشىدۇ. قېرىنداشىم، ئۆزلىرى قانداقسىغا يەككە ـ يېگانە كېلىپ قالدىلا، قەيەرگە بارماقچى؟ ! — دېدى يەن شۈن.

سۇڭ جياڭ چاۋ گەينى قۇتقۇلدۇرۇپ قويغانلىقى، ئۆزىنىڭ يەن پوشىنى ئۆلتۈرۈپ، چەي جىن بىلەن كۆڭ غوجىنى پاناھداپ بىرىپ ئۇلارنىڭكىدە ئۇزۇنغىچە تۇرغانلىقى ۋە ئەمدى شامال تۇرادىكى كىچىك لى گۇاڭ خۇا رۇڭنى ئىزدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئۈچ ئاتامان ناھايىتى خۇشال بولۇپ، دەرھال كىيىم ـ كېچەكلەر ئالدۇرۇپ چىقىپ سۇڭ جياڭغا كىيدۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن مال ـ ۋارانلارنى سويدۇرۇپ كېچىلەپ بەزمە ـ زىياپەت بەردى، شۇ كېچىسى بەزمە سۇبھىگىچە

داۋام قىلدى، ئاندىن چاپارمەنلەرنىڭ پايپېتەك بولۇپ كۆتۈۋېلىشى بىلەن سۇلۇڭ جىياڭ يېتىپ ئارام ئالدى. ئەتىسى چاشكا ۋاقتى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، يول ئۈستىدىكى ئۆتكەن - كەچكەن نۇرغۇن ئىشلارنى، ۋۇ سۇڭنىڭ قالتىس باتۇر ئىكەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ بەردى.

— ھەتتەڭەي، بىز بىتەلەيكەنمىز، ئەگەر ئۇنى بۇ يەرگە ئەكىلىۋالغان بولساق، تولىمۇ ئوبدان بولاتتى. ئەمدى نەگىمۇ كەتكەندۇ ئۇ، دەپ تېپچەكلەپلا قالدى ئۈچ ئاتامان ئېچىنىپ.

گەپنى ئۇزارتمايلى، سۇلۇڭ جىياڭ شامال تۇرادا بەش - ئالتە كۈن تۇردى، ھەر كۈنى ئىبسىل مەي - شاراب، غىزا - تائاملار بىلەن مېھمان بولدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

بۇ ۋاقىت دەل ئون ئىككىنچى ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. شەندۇڭلۇقلارنىڭ يىلنامىسى بويىچە بۇ چاغدا قەبرە بېشىغا چىقىشاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ئىككى چاپارمەن كىرىپ:

— چوڭ يولدا بىر تەختىراۋان كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئىككى تاماقدان كۆتۈرگەن يەتتە - سەككىز ئادەم مېڭىپتۇ. قەبرىستانلىقتا قەغەز كۆيدۈرۈشكە بارسا كېرەك، — دەپ مەلۇم قىلدى.

پەتەك يولۋاس شەھۋەتپەرەس بىرنېمە بولغاچقا، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەختىراۋانغا چوقۇم بىر ئايال چۈشۈپ كەلدى، دېگەن ئويغا كەلدى - دە، ئوتتۇز - قىرىق چاپارمەننى تەييارلاپ تاغدىن چۈشمەكچى بولدى. سۇڭ جىياڭ بىلەن يەن شۈن ئۇنى نەدىمۇ توسۇۋالالىسۇن. ئۇ قولىغا نەيزە - قىلىچ ئېلىپ، جاڭ سوقۇپ تاغدىن پەسكە چۈشتى. سۇڭ جىياڭ، يەن شۈن ۋە جېڭ تيەنشۈلار تۇرادا مەي ئىچىپ قېلىشتى.

پەتەك يولۋاس كېتىپ ئالاھەل بىر - ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن چاپارمەنلەر كېلىپ:

— ۋاڭ ئاتامان يېرىم يولغا يېتىپ بارا - بارماي

تەختىراۋاننى ئېلىپ كەلگەن چېرىكلەر قېچىپ كەتتى، تەختىراۋاندىكى ئايالنى تۇتۇۋالدۇق. بىر كۈمۈش سوپۇن قۇتىسىدىن باشقا ھېچقانداق مال ـ مۈلۈكلەر يوق ئىكەن، ـــ دەپ مەلۇم قىلدى.

ـــ ئۇ ئايالنى ھازىر قەيەرگە ئېلىپ كەتتى؟ ـــ دەپ سورىدى يەن شۇن.

ـــ ۋاڭ ئاتامان تاغ ئارقىسىدىكى ئۆيىگە كۆتۈرتكۈزۈپ كەتتى، ـــ دېدى چاپارمەنلەر.

يەن شۇن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ـــ ۋاڭ يىلڭ قېرىندىشىمىز شەھۋەتپەرەس ئىكەن ـ دە، بۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس، ـــ دېدى سۇڭ جياڭ.

ـــ بۇ قېرىندىشىمىز ھەممە ئىشتا يارامىلىق، شۇغىنىسى مۇشۇنداق ئەيىبى بار، ـــ دېدى يەن شۇن.

ـــ ئىككىلىرى مەن بىلەن بىللە بارسىلا، نەسىھەت قىلايلى ئۇنىڭغا، ـــ دېدى سۇڭ جياڭ.

يەن شۇن جېڭ تيەنشۇ بىلەن سۇڭ جياڭنى باشلاپ پەتەك يولۋاسنىڭ تاغ ئارقىسىدىكى ئۆيىگە باردى. بۇلار يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاچتى. ئۆيدە پەتەك يولۋاس ھېلىقى خوتۇننى قۇچاقلاپ كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇپتۇ. پەتەك يولۋاس بۇ ئۈچەيلەننى كۆرۈپ ئالمان ـ تالمان ئايالنى ئىشىكتىن سىرتقا چىقىرىۋېتىپ، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. سۇڭ جياڭ ئۇ خوتۇنغا قارىدى، ئۇ شۇنداق خوتۇن ئىدىكى:

ئۈستىدە ماتەم لىباسى، قارىلىق بەل كۆڭلىكى،
ئۇپا ـ پەردازسىز يۈزى ئاق، ئەۋرىشىم زىلۋا بويى.
قاشلىق ئەتمەيتۇ قېشىغا قاپقارا سۈرمە سۈرۈپ،

www.uyghurkitap.com

ئەزەلى قىسمەت ئاتا قىپتۇ چىرايلىق يارىتىپ.
چىچى قۇندۇزدەك قارا، قىيغان قەلەم گويا قېشى،
خۇددى يامغۇر تامچىسىدەك يۇملاق كۆز قارىچۇقى.

سۇك جياڭ ئۇ خوتۇننى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن:

— چوكان، سىز كىمنىڭ ئاغىچىسى بولىسىز؟ مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئېگىز ـ پەس دەسسەپ نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ ئايال خىجىلچىلىق ئىچىدە سۇك جياڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى ۋە:

— دېدەكلىرى شامال تۇرابېگىنىڭ ئاغىچىسى بولىمەن. ئانام ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن، ئانامنىڭ بېشىنى يوقلاپ ئالاھىدە تۇپراق بېشىغا قەغەز كۆيدۈرۈشكە چىققانىدىم. ئېگىز ـ پەس دەسسەپ يۈرۈشكە نېمە ھەددىم؟ ئاتامان بېگىمدىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن ! — دېدى.

سۇك جياڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چۆچۈپ كېتىپ كۆڭلىدە: «مەن دەل شۇ تۇرا بېگى خۇا رۇڭ بەگنىڭ ھۇزۇرىغا پاناھداپ كېتىۋاتىمەنغۇ، بۇ شۇنىڭ خوتۇنى بولمىسۇن يەنە؟ — شۇنداق بولسا نېمىشقا ئۇنى پاناھىمغا ئالمايمەن؟» دەپ ئويلىدى ـ دە:

— كۈيئوغلىڭىز خۇا رۇڭ بەگ قەبرە بېشىغا نېمىشقا سىز بىلەن بىللە چىقمايدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتامانىم، مەلۇم بولغايكى، دېدەكلىرى خۇا رۇڭ بەگنىڭ خوتۇنى ئەمەس، — دېدى ئايال.

— ھېلىلا سىز شامال تۇرا بېگىنىڭ ئاغىچىسى بولىمەن دېدىڭىزغۇ؟

— ئاتامانىم ئۆزلىرى بىلمەيلا، بۇ شامال تۇرانىڭ ھازىر ئىككى بېگى بار: بىرسى قەلەمچى بەگ، بىرسى ئەلەمچى بەگ. ئەلەمچى بەگ دېگىنىمىز خۇا رۇڭ بولىدۇ، قەلەمچى بەگ

دىگىنىمىز، دىيەكلىرىنىڭ كۆيۈسى لىۋ گاۋ بەگ بولىدۇ، — دىدى ئايال.
سۇڭ جياڭ خىيال سۈرۈپ: «ئۇنىڭ كۆيۈسى خۇا رۇڭ بىلەن بىر ئەمەلدار تۇرسا، مەن ئۇنى قۇتقۇزۇپ قويماي ئەتە ئۇ يەرگە بارسام سەت بولىدۇ» دەپ ئويلىدى ــ دە، پەتەك يولۇۋاسقا:
— پىقىرنىڭ ئازراق گېپىم بار ئىدى. ئۆزلىرى ماقۇل بولامىلىكىن؟ — دىدى.
— ئاغا، گەپلىرى بولسا دەۋەرسىلە، — دىدى ۋاڭ يىڭ.
— پالۋانلار «يىلىكى سۆيۈقلۇق» قىلىسا، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ، — دىدى سۇڭ جياڭ، — بۇ چوكاننىڭ ئېيتىشىچە، ئوردىدىن تەيىنلەنگەن ئەمەلدارنىڭ خېنىمى ئىكەن. پىقىرنىڭ يۈز ــ خاتىرىنى قىلسىلا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەلكېزەرلەر ئىچىدە «مەردلىك» دىگەن گەپ بار، ئۇنى قويۇۋېتەيلى، ئۇ تاغدىن چۈشۈپ ئېرى بىلەن بىللە ئۆتسۇن، بۇنىڭغا قانداق دەيلىكىن؟
— ئاغا، مەلۇملىرىدا بولغايكى، ۋاڭ يىڭ ئەزەلدىن تۇرادا خوتۇنلارنى بەرىكە خېنىملىقا ئېلىپ ئۆزىگە جورا قىلغىنى يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە هازىرقى كۇنلەردە هەممە ئىشنى ئاشۇ بىشىغا يوغان بوغمىچا چىگىۋالغان ئادەملەر بۇزۇۋاتىدۇ، ئۆزلىرى بۇنى قوروپ نىمە ئىش قىلىلا؟ پىقىرنىڭ بۇ ئىشلىرىمغا هە دەۋەتسىلە، — دىدى ۋاڭ يىڭ.
— ئەزىز ئىنىم، ئەگەر بەرىكە خېنىم دىسىلە، مەن كېيىنرەكچە تازا بارماقتا توختايدىغاندىن بىرنى تالالاپ بىرەي، ئۇنىڭغا تويلۇق سىلىپ هەق نىكاهلاپ ئېلىپ خىزمەتلىرىگە سالسىلا. بۇ خېنىم پىقىرنىڭ دوستۇم بىلەن بىر مەنسەپتىكى بەگنىڭ كۆچەسى ئىكەن، هەرقانچە بولسىمۇ مىنىڭ يۈز ــ خاتىرىمنى قىلىپ ئۇنى قويۇۋەتسىلە، — دىدى ئۇنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ سۇڭ جياڭ.

www.uyghurkitap.com

— ئاغا، ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، — دېدى يەن شۇن بىلەن جېك تيەنشۇ سۇڭ جياڭنى يۆلەپ.

— ئۇنداق بولسا رەھمەت، دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن، — دېدى سۇڭ جياڭ يەنە رەھمەت ئېيتىپ.

يەن شۇن سۇڭ جياڭنىڭ بۇ ئايالنى قويۇپ بېرىش تەلىپىنىڭ كەسكىنلىكىنى كۆرۈپ، پەتەك يولۋاسنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، تەختىراۋانچىلارغا بۇ خېنىمنى ئېلىپ كېتىڭلار دەپ بۇيرۇدى. ئايال بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىككى قولىنى قوشلاپ تۇرۇپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي: «رەھمەت ئاتامانىم!» دەپ تەشەككۇر ئېيتتى.

— خېنىم، ماڭا رەھمەت دېمەڭ، — دېدى سۇڭ جياڭ، — مەن تاغ تۇرانىڭ ئاتامانى ئەمەس، يۇنچېڭ ناھىيەسىدىن كەلگەن يولۇچىمەن.

بۇ ئايال مىڭبىر رەھمەت ئېيتىپ تاغدىن پەسكە يول ئالدى، ئىككى تەختىراۋانچىنىڭمۇ جېنى قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇلار ئايالنى كۆتۈرگىنىچە تەختىراۋانغا سېلىپ تۆۋەنگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى، ئۇلار ئىككى پۇتىنى تۆت قىلالمىغىنىغا تىت ـ تىت بولۇپ كەتمەكتە ئىدى. پەتەك يولۋاس بىر تەرەپتىن خىجىل بولسا، بىر تەرەپتىن لام ـ جىم دېمەي ئولتۇراتتى. سۇڭ جياڭ ئۇنى ئالدى سارايغا ئېلىپ چىقىپ:

— قېرىندىشىم، رەنجىمىسىلە. مەن كېيىنرەك چوقۇم سىلىگە تازا راۋرۇس خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ بېرىپ، كۆڭۈللىرىنى تازا خۇش قىلىمەن. مەن لەۋزىمدىن تايمايمەن، — دەپ نەسىھەت قىلدى.

يەن شۇن بىلەن جېك تيەنشۇ كۇلۈۋەتتى. پەتەك يولۋاس سۇڭ جياڭنىڭ بۇ ئورۇنلۇق سۆزلىرى ئالدىدا ھېچ نەرسە دېيەلمەي قالدى، ئۇ كۆڭلىدە رازىلىقى بولمىسىمۇ، دېمىنى چىقىرالماي كۇلۇپلا قويدى. بۇ پەتەك تاغ تۇرادىكى بەزمە ـ زىياپەتلەردە سۇڭ

جىياڭغا ھەمداستىخان بولدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى شامال تۇرا چېرىكلىرىگە كەلسەك، ئۇلار خېنىمنى تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن تۇراغا قايتىپ كېلىپ تۇرابېگى لىيۇ گاۋغا:

— خېنىمنى شامال تاغدىكى قاراقچىلار بۇلاپ كەتتى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

لىيۇ گاۋ بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ، خېنىمنى نىمىشقا تارتقۇزۇپ قويىسىلەر كارغا يارىماسلار، دەپ ئۇلارنى غولدا بىلەن تازا سالدى.

— بىز ئاران بەش ـ ئالتەيلەنكەنمىز، ئۇلار ئوتتۇز ـ قىرىق ئادەم تۇرسا، ئۇلارغا قانداق تەڭ كېلەلەيتتۇق! — دېدى چېرىكلەر.

— كاپىشما! سەنلەر خېنىمنى قايتۇرۇپ كېلىشمەيدىغان بولساڭ، ھەممىڭنى زىندانغا تاشلايمەن، — دېدى ئۇلارغا ۋارقىراپ لىيۇ گاۋ.

چېرىكلەر ئۇنىڭ زورلىشى بىلەن ئىلاجسىز قېلىپ، تۇرادىكى يەتمىش ـ سەكسەن قاۋۇل چېرىككە يېلىنىپ ـ يالۋۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نەيزە ـ توقماقلارنى كۆتۈرۈشۇپ خېنىمنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ماڭدى؛ كىم بىلىپتۇ، بۇلار يولنىڭ يېرىمىغا يېتىپ بارغاندا، بۇلارنىڭ ئالدىدىن خېنىمنى كۆتۈرۈپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان ئىككى تەختىراۋانچى چىقىپ كەلدى.

چېرىكلەر خېنىمنى كۆرۈپ:

— تاغدىن قانداق چۈشتىلە؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ مۇتتەھەم مېنى تۇتۇۋېلىپ تاغقا ئېلىپ چىقتى. مەن لىيۇ بېگىمنىڭ كۆچەسى بولىمەن، دېۋىدىم، قورققىنىدىن ئالمان ـ تالمان ماڭا تەزىم قىلىپ، شۇ ھامان تەختىراۋانچىلارنى چاقىرىپ، مېنى تاغدىن ئېلىپ چۈشۈپ كېتىشنى بۇيرۇدى، —

دېدى ئايال.

— خېنىم، بىز بىچارىلەرگە رەھىم قىلىپ بېگىمگە مېنى بۇلاپ تارتىۋېلىپ چۈشتى، دەپ بىزنى تاياقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسىلا، — دېدى چېرىكلەر.

— ئۇنى ماڭا قويۇڭلار، مەن ئۇنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دېدى ئايال.

چېرىكلەر تەزىم بىلەن رەھمەت ئېيتىپ تەخترىۋاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇلار تەخترىۋانچىلارنىڭ تېز مېڭىۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

— بازاردا ئادەتتىكى چاغلاردا تەخترىۋان كۆتۈرسەڭلار غاز - ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ ماڭاتتىڭلار، ئەمدى نېمىشقا مۇنداق تېز يورغىلايسىلەر؟ — دېدى.

— ئەسلىدە ئۇنچىلىك ماڭالمايتتۇق، ئارقىمىزدىكى قاقباشنىڭ تايىقىنىڭ زورىدا مېڭىۋاتىمىز، — دېدى ئىككى تەخترىۋانچى جاۋابەن.

— ئارقاڭدا جىنمۇ بولمىسا، نەدىكى ئادەم ئىكەن؟ — دېدى چېرىكلەر كۈلۈپ.

— ھوي، شۇنداق ئىكەن - ھە ! مەن ھودۇقۇپ يۈگۈرۈپ كېتىپتىمەن. خۇددى ئارقامدا بىركىم سوقۇۋېتىپ كاللامغا ئۇرۇۋاتقاندەك، — دېدى تەخترىۋانچى ئارقىغا قاراپ.

چېرىكلەر ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلار تەخترىۋاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تۇراغا قايتتى. لىۋ بېگىم بۇلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ خېنىمدىن:

— سېنى كىم قۇتقۇزۇپ كەلدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ بەدرەكلەر مېنى بۇلاپ كەتكەندىن كېيىن مېنى ئالدىيالماي ئۆلتۈرمەكچى بولۇشۇپ تۇراتتى، مەندىن تۇرا بېگىمنىڭ كۆچەسى بولىمەن دېگەننى ئاڭلاپلا، چېقىلماي ئالمان - تالمان ماڭا تەزىم قىلدى. شۇ ئەسنادا مۇشۇ ئادەملەر كېلىپ

قىلىپ مىنى قۇتقۇزۇپ كەلدى، — دېدى ئايال.

لىۋ گاۋ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇن خۇمرا مەي ئالدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا بىر چوشقا قوشۇپ چېرىكلەرگە ئىنئام قىلدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەرگە قالسۇن.

ئەمدى سۈڭ جياڭغا كېلەيلى. ئۇ بۇ ئايالنى تاغدىن چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن تاغ تۇرادا يەنە ئالتە - يەتتە كۈن تۇردى، ئاندىن ئۇ خۇا رۇڭ بەگنىڭكىگە بېرىپ پاناھداش كويغا چۈشۈپ، تاغدىن چۈشمەكچى بولدى. ئۈچ ئاتامان ئۇنى قويۇپ بەرگىلى ئۇنىمىدى، ئۇ ئۇنىمىغاندىن كېيىن ئۇزىتىش زىياپىتى بەردى. ھەربىرى سۈڭ جياڭغا ئالتۇن - كۈمۈش، ئۇنچە - مەرۋايىتلارنى سوۋغا قىلدى، ئۇ بۇ نەرسىلەرنى بوغجۇمىسىغا سېلىپ تاڭدى. شۇ كۈنى سۈڭ جياڭ ئەتىگەن تۇرۇپ يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ، ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن كۆدە - كۆرپىلىرىنى تېڭىپ ئۈچ ئاتامان بىلەن خوشلىشىپ تاغدىن چۈشمەكچى بولدى. ئۈچ پالۋان مەي، گېزەك، غىزا - تائاملارنى تۇتۇپ، تاغ ئاستىدا يىگىرمە نەچچە چاقىرىم نېرىدىكى خانلىق يولنىڭ بويىغىچە ئۇزىتىپ بېرىپ، مەي - شاراب ئىچىشىپ خوشلاشتى. بۇ ئۈچەيلەن ئايرىلغۇسى كەلمەي:

— ئاغا، شامال تۇراغا بېرىپ قايتىشلىرىدا جەزمەن تۇرامىزغا كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشۈپ بىرنەچچە زامان بۇ يەردە تۇرسىلا، — دەپ يېنىش - يېنىشلاپ تاپىلىدى.

— خەير، يەنە كۆرۈشىمىز، — دېدى سۈڭ جياڭ بوغجۇمىسىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، قىلىچىنى ئالدى ۋە سالاملىشىپ ئايرىلىشتى. بۇ ۋىدالاشقۇچىلار بىر ۋاقىتتا تۇغۇلۇپ، بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولغان تەڭتۇشلاردىن بولغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇنى قۇچاقلاپ توسۇۋېلىپ، تارتىپ - سۆرەپ يۈرۈپ بولسىمۇ ئېلىپ قالاتتى. سۈڭ دانىش خۇا رۇڭ بەگنى پاناھداپ بارىمەن دەپ پاناھ جاي تاپالماي ئۆلگىلى تاس قالدى.

www.uyghurkitap.com

پۇتىلەر پېشانىگە ئوڭۇشسىزلىق ھەم جاپا،
نەدە بولغاي بىسەۋەب ھەر ۋەقە ئالەمئارا.

سۇڭ جياڭنىڭ خوا رۇڭ بەگنى ئىزدەپ كېلىپ، زادى قانداق ئادەم بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

## سۈك جياڭنىڭ كېچىدە لەھەڭ پانۇس سەيلىسى قىلغانلىقى خۋا رۇڭنىڭ شامال تۇرانى غەزەپ بىلەن بېشىغا كىيگەنلىكى

ئەلقىسسە، شامال تاغ چىڭجۇ ئايمىقىدىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئايماقنىڭ ئارىلىقى كۆپ دېگەندە بىرەر يۈز چاقىرىملا كېلەتتى. شامال تۇرا بولسا مەزكۇر ئايماقتىكى ئۈچ ئاچا يولنىڭ ئاغزىغا جايلاشقانىدى. بۇ يەر شامال بازار دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئاچالنىڭ ئايىغى بېرىپ - بېرىپ ئۈچ يامان تاغقا تۇتىشىپ كېتەتتى، شۇڭا شامال تۇرانى ئەتەي مۇشۇ شامال بازار دېگەن جايغا قۇرۇشقانىدى. بۇ يەردىمۇ تۆت - بەش مىڭ ئۆيلۈكچە ئادەم ياشايتتى. شامال تاغ بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىقى بىر ئۆتەڭدىن كۆپرەك كېلەتتى. ئەينى زاماندا، ئۈچ ئاتامان مانا مۇشۇ تاغقا چىقىۋالغانىدى.

بوغجۇملىرىنى ئارتىپ، تەنها ئۆزى يولغا چىققان سۈڭ دانىش ئەگىم - ئەگىم يوللارنى بېسىپ، ئاخىر شامال بازارغا كېلىپ قالدى، ئۇ ئاۋۋال تۇرابېگى خۋا رۇڭنىڭ تۇرالغۇسىنى سورىدى.

— شامال تۇرانىڭ يامۇلى، — دەپ ئېيتىپ بەردى بازارلىقلارنىڭ بىرسى، — مۇشۇ بازارنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بىر جايغا بارسىڭىز كىچىكرەك بىر تۇرا بار، قەلەمدار تۇرابېگى ليۇ گاۋ بېگىمنىڭ تۇرالغۇسى ئەنە شۇ يەردە. بازارنىڭ يۇقىرىسىدىكى كىچىك تۇرا بولسا دەل ئاشۇ ئەلىمىي تۇرابېگى خۋا رۇڭ بېگىمنىڭ تۇرالغۇسى بولىدۇ.

سۆڭ جياڭ ئاڭلاپ رەھمەت ئوقۇپ، يۇقىرىدىكى تۇراغا قاراپ ماڭدى. ماڭا ـ ماڭا بىر دەرۋازىنىڭ تۇۋىگە كېلىپ قالدى، قارىسا دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە دەرۋازىۋەن چېرىك تۇرۇپتۇ، چېرىكلەر سۆڭ جياڭنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئات ـ ئۇچۇرىنى سورىدى، ئاندىن ئۇنى مەلۇم قىلغىلى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. تۇرادىن ياشقىنا بىر سىپاھبەگ چىقىپ، سۆڭ جياڭنىڭ ئالدىنى توسۇپ سالام بەردى، بۇ سالام بەرگەن سىپاھبەگنىڭ تەقى ـ تۇرقى قانداق دېسىڭىز:

سەدەپ چىش، ئەينۇل لەۋ، كۆزلىرى شەھلا،
قەلەمدەك قاشلىرى قاپقارا سىياھ.
غۇنچە بەل، كەڭ يەلكە، تۇرقى مايمۇندەك،
توسۇن ئات ئۈستىدە گويا قارچىغا.
تېرەكنى تېشىدۇ ئوقياسى ئوقى —
خىسلەتلىك كۈچ بىلەن يىراقتىن ئاتسا.
كۆز ئېيى شەكلىنى ئالىدۇ ئوقيا —
كىرىچنى كۈچ بىلەن كەلتۈرۈپ تارتسا.
يا ئوقى غۇيۇلداپ چىقسا كاماندىن،
شۇ ھامان قادىلار كۆكتە چولپانغا.
خەقلەر كىچىك لى گۇاڭ دېگەن ئاتاقنى —
بېغىشلاپ بەردى بۇ خۇا رۇڭ پالۋانغا.

بۇ ياشقىنا سىپاھبەگ باشقا بىرى ئەمەس، دەل ھېلىقى شامال تۇرادىكى كىچىك لى گۇاڭ دەپ نام چىقارغان ئەلەمدار تۇرابېگى خۇا رۇڭ بەگ ئىدى. بۇ خۇا رۇڭ بەگ قانداق كىيىنىپتىكەن دېسىڭىز:

جەڭ تونى كىيگەن چىرايلىق زەر كالۋۇتۇن گۈل بېسىپ،
كەركىدان تىرنىقىنى كۆز قويدۇرۇپ بەلباغ ئېسىپ.

بېشىدا قوش چەمبىرەكلىك قاپقارا بىر بوغمىچا،
ئالماش ئۆتۈك كىيىپتۇ ياپىيېشىل چەملىك قىلىپ.

خۇا رۇڭ سۇڭ جياڭغا سالام بېرىپ بولۇپ، چىرىكلەرنى بۇيرۇپ ئۇنىڭ قولىدىن دەرھال بوغچۇما، قىلىچ ۋە خەنجەرلىرىنى ئالدۇردى ۋە ئۇنى يۆلەپ تۇرادىكى سارايغا ئېلىپ چىقىپ، ئوتتۇرىدا قويۇلغان قومۇش كاتقا تەكلىپ قىلدى، سۇڭ جياڭ ئولتۇرغاندىن كېيىن خۇا رۇڭ دەرھال ئېگىلىپ تۆت قېتىم تەزىم قىلدى. ئاندىن قەددىنى كۆتۈرۈپ:

— ئاغا، ئۆزلىرى بىلەن ئايرىلىشقاندىن بۇيان، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە بەش ـ ئالتە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. جانابلىرىنى ھەمىشە دېگۈدەك ئەسلەپ تۇردۇم. ئۆزلىرىنى قانداقتۇر بىر جالاپ خوتۇننى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىكەن، يامۇلدىن تۇتماقچى بولۇپ، تۇشمۇتۇشتىن ئالاقە يوللاپتىمىش دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، خۇددى يۈتى كۆيگەن توخۇدەك سەكرەپ ئولتۇرالماي كەتتىم، ئەھۋالنى بىر ئۇقۇپ كۆرەي دەپ، مۇبارەك جاڭزىلىرىغا كەينى ـ كەينىدىن ئون نەچچە قېتىم خەتمۇ يازدىم، تەگكەن ـ تەگمىگەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم. مانا بۇگۈن بەختىمىزگە يارىشا، تەڭرىم نېسىپ قىلىپ، بۇ يەردە بىر چىرايلىق كۆرۈشۈپ ئولتۇرۇپتىمىز، بۇ خۇشاللىقىمنى نېمىدەپ تەرىپلىسەم بولىدىكىنتاڭ ! — دېدى.

خۇا رۇڭ بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ بولۇپ، يەنە يۈكۈنۈپ تەزىم قىلغىلى تۇردى. سۇڭ جياڭ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— ئەزىز ئىنىم، بۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەڭ، ئولتۇرۇپ قىلىڭ، ئەھۋالاتنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى.

خۇا رۇڭ قىيپاشىراق ئولتۇردى. سۇڭ جياڭ ھېلىقى يەن پوشى دېگەن خوتۇننى قانداقسىغا ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، چەي جىن بېگىمنىڭ قېشىغا قېچىپ بارغانلىقىنى ۋە كۇڭ غوجامنىڭ جاڭزىسىدا ۋۇ سۇڭ بىلەن ئۇچرىشىپ

قالغانلىقىنى، كېيىن شامال تاغدا تۇتۇلۇپ قېلىپ، يەن شۇن ... لار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى ۋە شۇ خىلدىكى ئەھۋاللارنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرى بىلەن سۆزلەپ بەردى. خۇا رۇڭ ئاڭلاپ:

— ئاغا، ئۆزلىرى خۇيمۇ سورۇقچىلىق تارتىپتىلا، بەختىمىزگە يارىشا، بۇگۈن تەڭرىم ئۆزلىرىنى ئالدىمىزغا يەتكۈزۈپ كەلدى، مانا ئەمدى بۇ يەردە بىز بىلەن بىرنەچچە يىل بىللە بولغايلا، قالغان ئىشنى كېيىن كۆرەرمىز، — دېدى سۇڭ جياڭغا.

— پېقىر كۈڭ غوجىنىڭ جاڭزىسىدا چېغىمدا، سىزنى يوقلاپ ئالاھىدە بىر كېلىشنى نىيەت قىلىپ تۇراتتىم، بىراق شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئىنىم سۇڭ چىڭدىن خەت كېلىپ قېلىپ بارالماي قالدىم، — دېدى سۇڭ جياڭ.

خۇا رۇڭ سۇڭ جياڭنى ئىچكىرىكى دالانغا تەكلىپ قىلدى ۋە خوتۇنى سۇ ئاغىچىنى چاقىرىپ، تاغىڭىزغا سالام بېرىڭ دېدى. سۇ ئاغىچا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن خۇا رۇڭ يەنە سىڭلىسىنىمۇ چاقىرىپ، ئاغىڭىزغا سالام بېرىڭ دېدى. سالام ـ تەزىملەر بەجا كەلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭغا يېڭىباشتىن ئۇستىباش كىيدۈردى ۋە خۇشبۇي سۇدا يۇيۇندۇردى، ئاندىن ئىچكىرىكى دالاندا داستىخان راسلاپ، ھاردۇق چىيى بەردى.

شۇ كۈنكى چايدا سۇڭ جياڭ ئۆزىنىڭ ليۇ گاۋنىڭ خوتۇنىنى قانداق قىلىپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قويغانلىقىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرى بىلەن خۇا رۇڭغا سۆزلەپ بەردى. خۇا رۇڭ ئاڭلاپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— ئاغا، ئۆزلىرى ئۇنداق جالاپنى قۇتقۇلدۇرۇپ قويمەن، دەپ نېمە قىلاتتىلا؟ بىكار ئىش قىپتىلا. بۇ نىجىسنى شۇ يەردىلا يىغىشتۇرۇۋېتىش كېرەك ئىدى، — دېدى.

— ئاپلا! — دېدى سۇڭ جياڭ، — مەن ئۇنى شامال تۇرانى سوراۋاتقان بىر تۇرابىگىنىڭ ئاغىچا خېنىمى دەپ ئاڭلاپ، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۈيۈسىنى سىز بىلەن مەنسەپداش ئىكەن دېگەن ئويغا كەلدىم-دە، پەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭنىڭ قاش - قاپىقىنى تۈرۈپ، ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇپتىمەن، ئەمدى كېلىپ سىز مۇنداق دەۋاتىسىز!؟

— ئاغا، ئۆزلىرى بىلمەيلا، — دېدى خۇا رۇڭ، — پېقىرنىڭ ئاغزىم قىچىشىپ قېلىپ مۇنداق دەۋاتقىنىم يوق، شامال تۇرا دېگەن بۇ يەر چىڭجۇ ئايمىقى بويىچە ئەڭ مۇھىم بىر يەر، بۇ يەرگە پېقىر ئۆزۈم ئىگىدارچىلىق قىلىپ تۇرغان ۋاقتىمدا، چىڭجۇ تەۋەسىگە مەيلى يىراق، مەيلى يېقىن بولسۇن، ھېچقانداق بۇلاڭچى - قاراقچى يېقىن يولىيالمايتتى. ئەگەر بۇلاپ - تارتىپ قالسا، بۇرنىغا يەپ، جاجىسىنى تارتا! يېقىندىن بۇيان بۇ يالاڭ تۆش ئاچ كۆز بۇ يەرگە باش تۇرابېگى بولۇپ كېلىپ بېشىمغا بالا بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ ئۆزى موللام سۈپەت قەلەمدار سىپاھلاردىن بولغاچقا، قولىدىن پوق كەلمەيدىغان بىرنەرسە ئىكەن، ئەمەلگە ئولتۇرغان كۈندىن تارتىپ، يۇرتتىكى قول - ئىلىكىدە بار ئادەملەرنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، يول - ياساقلارنى بۇزۇپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. پېقىر بولسا ئەلمىي سىپاھ، شۇنىڭدەك مەزكۇر تۇرانىڭ ئورۇنباسار بېگى بولىمەن، بۇ ئەبلەخ دىلىمنى تولا ئاغرىتىپ، يۈرىكىمنى زېدە قىلىۋەتتى، بۇ ئىپلاس چەرەندىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ. بۇنداق ئەبلەخنىڭ خوتۇنىنى نېمىشقىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ قويغانلا ئاغا؟ بۇ بەكمۇ يامان خوتۇن، ئېرىنى كۈشكۈرتۈپ ناھەقچىلىك ئىشلارنى قىلدۇرىدىغان، بىگۇناھ پۇقرالارغا ئۇۋالچىلىق سالدۇرىدىغان، پۇل پارا ئېلىشقا ئۇندەيدىغان مۇشۇ پەسكەشنىڭ ئۆزى شۇ ئىدى. بۇ پېسەندىنىڭ ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىش كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق بىر نائەھلىنى قۇتۇلدۇرۇپ قويۇپ يامان قىپتىلا ئاغا.

سۇڭ جياڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، خۇا رۇڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئەزىز ئىنىم، شۇ تۇرقىدا سىز يىگىلىشىۋاتىسىز! بۇرۇنقىلار: «ئاداۋەت تۈگۈچىنى يەشكۈلۈككى، تۈگمىگۈلۈك» دەپتىكەن. ئۇمۇ سىز بىلەن مەنسەپداش كىشى ئىكەن، ئۇنىڭدىن ئانچە - مۇنچە سەۋەنلىك ئۆتۈلگەن بولسا، ھەر ھالدا ئۇنىڭ يامان يەرلىرىنى يېپىپ، ياخشى يەرلىرىنى يايغىنىڭىز تۈزۈك، ھەرگىز كەم ئەقىللىك قىلماڭ ئىنى، — دېدى.

— ئاغا، ئۆزلىرى تىرەن ئويلايدىكەنلا. ئەتە - ئۆگۈن مەھكىمىگە بارغاندا، تۇرابېگى ليۇ گاۋ بىلەن كۆرۈشۈپ قالىمەن، ئۇ كىشىگە ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئاغىچىسىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغانلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرەي دەيمەن، — دېدى خۇا رۇڭ.

— ئەگەر بۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزگىمۇ بەك ياخشى بولاتتى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— خۇا رۇڭ ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئەتىدىن - كەچكىچە سۇڭ جياڭنىڭ يېنىدىن ئاجرىماي، ئۇنىڭ ئايىغىدا چېپىپ - يۈگۈرۈپ، مەي - شاراب ۋە تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر بىلەن كۈتۈۋالدى. شۇ كۈنى كەچتە يەنە ئالاھىدە ئورۇن - تۆشەك سېلىپ ئىچكىرىكى دالاننىڭ ھۇجرىسىدا قوندۇرۇپ قالدى. ئەتىسى يەنە داستىخان راسلاپ، زىياپەت بىلەن مېھمان قىلدى.

ئەمدى ئۇزۇن گەپنى قويۇپ، قىسقا گەپكە ئۆتەيلى. سۇڭ جياڭ خۇا رۇڭ تۇراسىغا كېلىپ تۆت - بەش كۈن مەي - شارابلار بىلەن مېھمان بولدى. خۇا رۇڭنىڭ ئۆزى يېقىن كۆرىدىغان بىرنەچچە خىزمەتكارى بار ئىدى، خۇا رۇڭ بۇ ئادەملىرىنى ھەر كۈنى بىردىن يەڭگۈشلەپ، قولىغا پۇل - پۇچەك تۇتقۇزۇپ، سۇڭ جياڭنى كۈتۈۋېلىشقا قوشۇپ قويىدى، ئۇلار ھەر كۈنى سۇڭ جياڭنى شامال بازارغا باشلاپ بېرىپ، بازار ئايلاندۇرۇپ، كوچا - كوچىلاردىكى بۇتخانا - ئىبادەتخانىلارنى كۆرسىتىپ سەيلە - تاماشا قىلدۇردى. شامال بازاردىمۇ بىرنەچچە يەردە كىچىك - كىچىك ئويۇنخانىلار ۋە چايخانا -



www.uyghurkitap.com

مەيخانىلار بار ئىدى، بۇنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بىر كۈنى سۇڭ جياڭ بۇ خىزمەتكارلارنىڭ بىرسى بىلەن بازارغا چىقىپ، بىر ئويۇنخانىدا ئويۇن كۆردى، ئاندىن يېقىنىراق مەھەللىدىكى بىر ئىبادەتخانىغا كىرىپ، ھاپىزلار خانىقاسىنى سەيلە قىلدى، ئۇ يەردىن چىقىپ شامال بازاردىكى بىر مەيخانىغا كىرىپ مەي ئىچتى. ئۇ يەردىن كەتمەكچى بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا، ھېلىقى خىزمەتكار مەي پۇلىنى تۆلىمەكچى بولۇپ يېنىدىن پۇل چىقاردى. سۇڭ جياڭ ئۇنى دەرھال توسۇپ، مەي پۇلىنى ئۆزى تۆلىۋەتتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سۇڭ جياڭ خۇا رۇڭغا بۇ توغرىدا بىرنەرسە دېمىدى. سۇڭ جياڭنىڭ باھانىسىدە چۆنتىكىگە بىرئاز پۇل چۈشكەن ۋە ئويناپ تاماشا قىلىۋالغان بۇ خىزمەتكار بەكمۇ خۇشال ئىدى. سۇڭ جياڭ بۇ يەرگە قايسى كۈنى كەلگەن بولسا، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنى ھەر كۈنى بىر خىزمەتكار ئەنە شۇ تەرىقىدە باشلاپ يۈرۈپ تاماشا قىلدۇردى، تاماشا پۇلىنى بولسا سۇڭ جياڭ ئۆزى چىقاردى. شۇڭا، ئۇنى ئىززەت - ئىكرام قىلمايدىغان بىرمۇ خىزمەتكار يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىغا بىر ئايدىن ئوشۇقراق بولۇپ قالدى، قارىسا، قىش پەسلى تۈگەپ، ئەتىياز كۈنلىرى كېلىپ پانۇس سەيلىسىمۇ يېقىنلىشىپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى شامال بازاردىكى ئەل - جامائەتتىن ئاڭلاڭ. جامائەت پانۇس يېقىش توغرىسىدا كېڭەش ئېلىپ بېرىپ، پانۇس سەيلىسىگە قىزىق تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلار پۇل - مال يىغىش قىلىپ، يەر مۇئەككىلى بۇتخانىسىنىڭ ئالدىغا بىر لەھەڭ پانۇس ئاستى ۋە ئۇستىگە گۈل - پۈپۈكلەر قوندۇرۇپ، چۆرىسىگە تۇرلۇك - تۇرلۇك رەڭلەردە ياسالغان بەش - ئالتە يۈزچە گۈللۈك پانۇس ئاستى؛ بۇتخانىنىڭ ئىچىگە بولسا تۇرلۇك ئويۇنچىلار ئورۇنلىشىپ بەس - بەس بىلەن ئۆز ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ھەممە كىشى ئۆز ئىشىكلىرى ئالدىغا پانۇس لەتمىلىرى ياساپ، بەس - بەس بىلەن پانۇس چىراغلار

www.uyghurkitap.com

ئاستى. بازار ئىچى شۇ تاپتا جىمى ھۈنەر ـ شەيتانلىقلار بىلەن تولدى، گەرچە ئۇ ئاستانىگە يەتمىسىمۇ، پانىي دۇنيادىكى ئۇجماغ[1] نىڭ ئۆزى بولۇپ قالدى. سۇڭ جياڭنىڭ تۇرادا خۇا رۇڭ بىلەن مەي ـ شارابلار ئىچىشكەن ۋاقتى دەل پانۇس سەيلىسىگە توغرا كەلدى. ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى خۇا رۇڭ ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدىن سەل ئۆتكەن بىر چاغدا، ئىبتىغا مىنىپ تۇرا يامۇلىغا باردى ـ دە، نەچچە يۈز چېرىكنى يىغىپ، كوچا ـ كويلارنىڭ كېچىلىك ئامانلىقىنى ساقلاشقا بۇيرۇدى؛ يەنە بىرمۇنچە چېرىكنى بولسا تۇرانى چۆرىدەپ سىلىنغان چاقسا ـ قاشالاردا قاراۋۇللۇق قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ كۈن قايرىلىپ كەچكە قاراپ ماڭغان بىر چاغدا تۇراغا قايتىپ كېلىپ، سۇڭ جياڭنى سىنچايغا تەكلىپ قىلىپ، مەززىلىك شىبكەر توقاچلار بىلەن مېھمان قىلدى.

— ئاڭلىشىمچە، — دەپ سۆز ئاچتى سۇڭ جياڭ خۇا رۇڭغا قاراپ، — بۈگۈن كەچتە كوچىلارغا گۈللۈك پانۇسلار ئاسقۇدەكمىش، كۆرۈپ تاماشا قىلىپ كەلسەم دەيمەن.

— ئەسلىدە، — دەپ سۆز قايتۇردى خۇا رۇڭ، — پىقىرمۇ ئۆزلىرىنى بىللە ئېلىپ چىقىپ ئوينىتىپ كەلسەممىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، ئۆزۈم ئەمەل ئۈستىدىكى ئادەم بولغانلىقىم ئۈچۈن، كوچا ئايلىنىپ يۈرۈشكە بىئەپرەك تۇرىدىكەن. ئۆزلىرىگە ئۆز ئۆيىمىزدىكى ئادەملەردىن ئىككى ـ ئۈچىنى ھەمراھ قىلىپ قوشۇپ قوياي، شۇلار بىلەن بىللە چىقىپ، پانۇسلارنى تاماشا قىلىپ، ئەتىگەنرەك قايتىپ كەلسىلە. پىقىر ئۆيدە شاراب چېيى راسلاپ كۈتۈپ تۇرىمەن، ئۆزلىرى كەلگەندىن كېيىن بىللە ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىپ، پانۇس بايرىمىنى قۇتلۇقلايمىز.

— ياخشى گەپ ئىكەن تەخسىر، — دېدى سۇڭ جياڭ.

بۇ چاغدا كۈنمۇ كەچ كىرىپ، كۈنچىقىشتىن ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي ئۆرلەپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى.

[1] ئۇجماغ — جەننەت، بېھىش دېگەن مەنىلەردە.

قاشتېشى سۇ سائىتى بەس ! ئەمدى تاڭنى سۆيلىسە،
چىقتى پانۇسلار گويا چولپان بولۇپ كۆك ئىلكىگە.
گۈل ـ لەھەڭ پانۇس تۇتاشسا كۆك بۇلۇتنىڭ قەرىگە،
كۆرگىلى كەلمەيدىغان ئۇ كىم ئىكەن بۇ سەيلىگە.

شۇ ئاخشىمى سۇڭ جياڭ خۇا رۇڭنىڭ ئىككى ـ ئۈچ خاس خىزمەتكارى بىلەن بىللە بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ شامال بازارغا كەلدى. قارىسا، ئۆي ـ ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىگە پانۇس لەتمىلىرى ياسىلىپ، تۈرلۈك سەرگۈزەشتىلەرنىڭ تەسۋىرلىرى چۈشۈرۈلگەن خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ گۈللۈك پانۇسلار ئېسىلىپ كېتىپتۇ، بۇ پانۇسلارنىڭ بەزىلىرى ئاق مودەنگۈل، نىلۇپەر، لەيلىگۈلگە ئوخشىتىپ ياسالغان، يوچۇن ـ يوچۇن بوياقلاردا ئىشلەنگەن چىرايلىق پانۇسلار ئىدى. ئادەملەر تۆتتىن ـ بەشتىن بولۇپ، قول تۇتۇشقان ھالدا، يەر مۇئەككىلى بۇتخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھېلىقى لەھەڭ پانۇسقا زوقلىنىپ قارىشاتتى.

## نەزم

تاغۇتاشنى قاپلىدى قوش ئەجدىھا ئويۇنلىرى،
سۆيلىدى پانۇس پەلەككە تۇرنىدەك، چاقناپ نۇرى.
پارقىراپ نۇر چاچتى مېيخۇا، لەيلىگۈل پانۇسلىرى،
تۇگمىگۈل، سۇ لەيلىسى پانۇسلىرى كىمخاب كەبى.
كېچىنەك كۇمۇش بىلەن گويا تالاشتى رەڭ جامال،
خۇش پۇراقلىق شار ئۇچاتتى لېنتىسى بار ئىككى تال.
قار بىلەن ھۆسن تالاشتى لەيلى ـ مەجنۇن تال ـ تېرەك،
يەلپۈنۈپ لەرزان ئۇچاتتى پەردە ـ تۇغ ئاسمان پەلەك.
بەسلىشىپ ئويۇنچىلارنىڭ دۇمبىقى سەھرا كۈيى،
گۈل چىراغلار شولىسىدا ياڭرىدى شاۋقۇن ئۈنى.
پىلىچى يىگىت بىلەن ئۇرچۇقچى قىز جور بولۇپ،

گۇل چىراغ نۇرىدا سەيلە قىلدى خۇش ھۇزۇرلىنىپ.
ئەيش ـ ئىشرەت نەغمىسىگە يەتمىسىمۇ بۇندا ساز،
قاپلىدى كۆكنى خۇشاللىق تەنتەنە، ياڭراق ئاۋاز.

سۇڭ جياڭ ۋە ئۇنى كۈتۈپ كەلگەن بايىقى ئۈچ خاس خىزمەتكار لەھەڭ پانۇسنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىردەم كۆرۈپ، ئاندىن ئەگىپ تۆۋەن تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى. بەش ـ ئالتە يۈز قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ئالدى ياقتىن ئاپئاق يورۇپ تۇرغان پانۇس ـ چىراغلارنىڭ يورۇقى كۆرۈندى، بۇ يەردە بىر توپ ئادەم تاملىرى ئېگىز سېلىنغان چوڭ بىر قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا توپلىشىۋېلىپ قىزىقچىلىق كۆرۈۋاتاتتى. داقا ـ دۇمباقلارنىڭ ئاۋازلىرى ياڭراپ، ئادەملەرنىڭ قىيقاسلىرى قۇلاقنى ياراتتى. سۇڭ جياڭ شۇنداق قارىسا، باشلىرىنى رومال بىلەن ئورىۋالغان ئۇسسۇلچىلار راسا لەپپەڭشىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. سۇڭ جياڭنىڭ بويى پاكارراق بولغانلىقتىن، ئويۇننى ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدىن ياخشى كۆرەلمەيۋاتاتتى. بايىقى خىزمەتكارلار ئويۇنچىلار بىلەن تونۇش بولغانلىقتىن، ئۇلارغا دەپ يۈرۈپ، ئادەملەرنى داجىتىپ، سۇڭ جياڭنىڭ ئالدىنى ئېچىپ بەردى، سۇڭ جياڭ تۇرۇپ تازا كۆردى. ئۇ بەللىرىنى تولغاپ ناينىقشىپ ئويناپ يۈرگەن ئۇسسۇلچىلارنى كۆرۈپ، قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئەمدى گەپنى قورۇنىڭ ئىچىدىن باشلايلى. تۇرابىگى لىيۇ گاۋ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى بىرنەچچە ئايال بىلەن بىللە قورۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئويۇن كۆرۈۋاتاتتى. لىيۇ گاۋنىڭ خوتۇنى سۇڭ جياڭنىڭ قاقاھلاپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ پانۇس يورۇقى ئاستىدىن قارىدى ـ دە، سۇڭ جياڭنى تونۇۋېلىپ دەررۇ ئېرىگە كۆرسىتىپ:

— ھوي كىشى، ئاۋۇ تۇرغان قارا پەتەك ھېلىقى شامال تاغدا مېنى بۇلاپ كەتكەن قاراقچىلارنىڭ باشلىقى شۇ، — دېدى.

لىيۇ گاۋ ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە دەرھال ئالتە ـ يەتتە ئادىمىنى چاقىرىپ:
ـــ ئاۋۇ قاقاھلاپ كۈلۈۋاتقان قارا پەتەكنى تۇتۇڭلار! ـــ دەپ بۇيرۇدى.
سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ قىلىپ كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، بەدەر قاچتى. ئۇ قىچىپ ـ قىچىپ ئون نەچچە ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىن كېيىن چېرىكلەر قوغلىشىپ كېلىپ، خۇددى قارا بۇركۈت سۆسۈن قارلىغاچنى، يىرتقۇچ يولۋاس قوينىڭ قوزىسىنى ئالغاندەك، سۇڭ جياڭنى تۇتتى ـ دە، ئالدىغا سېلىپ تۇراغا ئېلىپ كەلدى ۋە تۆت تال ئارغامچا بىلەن چەمبەرچاس تېڭىپ، سارايىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. ھېلىقى ئۈچ خىزمەتكار سۇڭ جياڭنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال تۇراغا قايتىپ خۇا رۇڭغا مەلۇم قىلدى.
ئەمدى گەپنى لىيۇ گاۋدىن ئاڭلاڭ. سارايدا ئولتۇرغان لىيۇ گاۋ:
ـــ ھېلىقى ئەبلەخنى ئېلىپ كىرىش، ـــ دەپ ۋارقىرىدى.
چېرىكلەر سۇڭ جياڭنى ئىتتىرىپ ـ تارتىپ سارايىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزدى.
ـــ ھەي ئەبلەخ! ـــ دەپ سوراق قىلدى لىيۇ گاۋ، ـــ سەن شامال تاغدىكى قاراقچىلاردىن تۇرۇقلۇق، قايسى يۈرىكىڭ بىلەن بۇ يەرلەرگە كېلىپ ئويۇن كۆرۈۋاتىسەن! ئەمدى تۇتۇلغا چۈشكەنسەن، گېپىڭ بارمۇ؟
ـــ پېقىر يۈنچېڭ ناھىيەسىدىن كەلگەن جاڭسەن دېگەن مۇساپىر بولىمەن، ـــ دەپ سۆز باشلىدى سۇڭ جياڭ، ـــ خۇا رۇڭ بېگىم مېنىڭ قەدىناس دوستۇم بولىدۇ. بۇ يەرگە كېلىپ قالغىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، پېقىر شامال تاغدا بۇلاڭچىلىق قىلغىنىم يوق.
دەر پەردىنىڭ ئارقىسىدا مارىلاپ تۇرغان لىيۇ گاۋنىڭ خوتۇنى ئىتتىك چىقىپ:

— راستىڭنى ئېيت ئەبلەخ ! مېنى ئاتامانىم دېگۈزگىنىڭ يادىڭدا بارمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— يىڭىلىشىۋاتىدىلا خېنىم، — دەپ سۆز باشلىدى ئەھۋال ئېيتىپ سوڭ جياڭ، — ئۇ چاغدا مەن ئۆزلىرىگە:«پېقىر يۇنچېڭ ناھىيەسىدىن كەلگەن مۇساپىر بولىمەن، قاراقچىلار مېنى بۇلاپ كەلدى، تاغدىن چۈشەلمەي شۇ يەردە تۇرۇپ قالغانىدىم» دېگەنىدىمغۇ.

— ئەگەر سەن قاراقچىلار بۇلاپ كەتكەن مۇساپىر بولساڭ، قانداقسىغا تاغدىكىلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چۈشۈپ، بۇ يەرگە ئويۇن كۆرگىلى كېلەلەيتتىڭ؟ — دەپ سورىدى ليۇ گاۋ.

— ھەي قارا يۈز! — دەپ تىللاشقا باشلىدى ھېلىقى خوتۇن، — سەن تاغدا ھەممىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندۇقتا كېرىلىپ ئولتۇرغىنىڭدا، مەن «رەھىم قىلسىلا ئاتامانىم !» دەپ شۇنچە يالۋۇرسام نەزىرىڭنىمۇ سالماي ئولتۇرغان ئەبلەخ سەن ئەمەسمۇ !

— خېنىم، تاغدىكىلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چۈشۈشلىرىگە سەۋەبچى بولغان ئادەم مەن تۇرسام، قاراپ تۇرۇپ مېنى قاراقچىغا چىقىرىۋەتكەنلىرى نېمىسى ! — دېدى سوڭ جياڭ.

— بۇ جاھىل ئوغرىنى راسا ئۇرۇپ ئەدىپىنى بەرمىگۈچە تەن ئالمىغۇدەك! — دەپ تىللىدى ئاچچىقى بىلەن قول شىلتىپ ھېلىقى خوتۇن.

— راست ئېيتتىڭ خوتۇن، ساۋاڭلار بۇ ئوغرىنى، — دەپ ۋارقىرىدى ليۇ گاۋ.

چېرىكلەر سوڭ جياڭنى بېسىۋېلىپ، كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم ساۋىدى، سوڭ جياڭنىڭ تەنلىرى تىتما - تىتما بولۇپ، بەدەنلىرىدىن تىرىڭلاپ قان چىقىشقا باشلىدى.

— بۇ «يۇنچېڭ قاپلىنى جاڭ سەن»نى كىشەنلەپ، ئەتىلىككە تۆمۈر كۆشۈككە سېلىپ ئايماققا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىش، — دەپ بۇيرۇدى ليۇ گاۋ.

ئەمدى گەپنى سۇلۇڭ جياڭغا ھەمراھ بولۇپ چىققان خىزمەتكارلاردىن ئاڭلاڭ. خىزمەتكارلار شاپاشلاپ بىرىپ، بۇ ئەھۋالنى خۇا رۇڭغا مەلۇم قىلدى. خۇا رۇڭ ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە دەرھال خەت يېزىپ، يارامىلىق ئىككى خاس يىگىتنى لىيۇ گاۋنىڭ قېشىغا چاپتۇردى، يىگىتلەر خەتنى ئالدى ــ دە، ئۇچقاندەك چېپىپ توپتوغرا لىيۇ گاۋنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— خۇا رۇڭ بەگ خەت ئەۋەتىپتۇ بىگىم، خەتنى ئېلىپ كەلگۈچى دەرۋازا تۈۋىدە قاراپ قالدى، — دەپ مەلۇم قىلدى دەرۋازا بېقىپ تۇرغان چېرىك ئىچكىرىگە كىرىپ.

— كىرسۇن، — دەپ ئىجازەت قىلدى لىيۇ گاۋ.

خەت ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى يىگىت ئۆيگە كىرىپ خەتنى تۇتتى، لىيۇ گاۋ لىپاپىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى:

«كەمىنە خۇا رۇڭدىن ھەزرىتى مەنسەپداش ئاغامغا يېتىپ مەلۇم بولغايكى، ئاجىز تۇغقىنىم لىيۇ جاڭ يېقىندا جىجۇ ئايمىقىدىن پانۇس سەيلىسىگە كېلىپ، جانابلىرىنىڭ شانۇشەۋكەتلىرىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۇزۇپ قويۇپتۇ، ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن ۋە جانابلىرىغا يۇزمىڭ تەشەككۇر ئېيتىمەن. پېقىرنىڭ بۇ قېتىمقى تەلىپىمنى ئەيىب كۆرمەي، ئىجابەت قىلغايلا».

لىيۇ گاۋ خەتنى كۆرۈپ شۇنداق ئاچچىقلاندىكى، خەتنى يىرتىپ ـ يىرتىپ تاشلىۋەتتى ۋە خۇا رۇڭنى تىللاپ: «ھەي قارا يۇزا! سەنزە خانلىقنىڭ سىپاھلىرىدىن تۇرۇقلۇق، ئوغرى ـ قاراقچىلار بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ يۇرۇپسەن ـ دە، يەنە كېلىپ مەندىن يوشۇرۇپ يۇرگىنىنى قارا ! بۇ ئوغرى ئۆزىنى ئۆزى ئاشكارا قىلىپ، يۇنچېڭ ناھىيەسىدىن كەلگەن جاڭ سەن بولىمەن، دەپ ئاللىقاچان راستىنى ئېيتىۋاتسا، سەنزە ئۇنى ئۆز خېتىڭدە لىيۇ

www.uyghurkitap.com

جاڭ دەپ يېزىپسەن. بىلىپ قويغىن. مەن سېنىڭ ئەخمەق قىلىدىغان ئادىمىڭ ئەمەس. سەن ئۇنى ماڭا لىۋ جاڭ دەپ تونۇشتۇرۇپ، مەن بىلەن بىر ئۇرۇق قىلىپ كۆرسەتسەم، ئۇنى قويۇپ بېرەرمىكىن دەپ خام خىيال قىلما!» دەپ چالۋاقاپ كەتتى ۋە «قوڭغا تېپىش بۇ ئەبلەخنىڭ!» دەپ ئادەملىرىگە بۇيرۇق قىلدى. قوغلاپ چىقىرىلغان بۇ خەتچى شۇ يەردىن شاپاشلىغىنىچە كېلىپ، ئەھۋالنى خۇا روڭغا مەلۇم قىلدى. خۇا روڭ ئاڭلاپ:

— ئاغىمىزنىڭ ئىشى چاتاق بوپتۇ! ئېتىمنى ئېلىپ كېلىش! — دەپ ۋارقىرىدى.

خۇا روڭ دۇبۇلغا - قۇياقلىرىنى كىيىپ، ئوقياسىنى ئېسىپ، نەيزىسىنى ئالدى - دە، ئېتىغا مىندى ۋە قىرىق - ئەللىك چېرىكنى باشلاپ، نەيزە - كالتەكلىرىنى پىرقىرىتىپ، تۈپتوغرا لىۋ گاۋنىڭ تۇراسىغا چاپتۇرۇپ كەلدى. دەرۋازىۋەن چېرىكلەر نەدىكىنى توسۇۋالالىسۇن؟ ئۇلار خۇا روڭنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، شۇنداق قورقۇپ كېتىشتىكى، تەرەپ - تەرەپكە قاراپ قۇيرۇقلىرىنى تىكىۋېتىشتى. ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگەن خۇا روڭ سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، غاچچىدە ئاتتىن چۈشتى، قوللىرىغا نەيزە - كالتەكلەر تۇتۇشقان ھېلىقى قىرىق - ئەللىك چېرىكمۇ سارايىنىڭ ئالدىغا تەخ بولۇپ تۇرۇشتى.

— ھەي لىۋ بېگىم، ئوتتۇرىغا چىقسىلا، گېپىم بار، — دەپ ئۈن سالدى خۇا روڭ.

بۇنى ئاڭلىغان لىۋ گاۋ ھوش - كاللىسىنى يوقىتىپ، ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇ خۇا روڭنىڭ ئەلەمدار سىپاھلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا قورقۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشقا پېتىنالمىدى. خۇا روڭ ئۇنىڭ قورقۇپ چىقالمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ، بىردەم تۇردى، ئاندىن يان ھۇجرىلارنى ئاختۇرۇڭلار، دەپ ئادەملىرىنى بۇيرۇدى، شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قىرىق - ئەللىك چېرىك ئۇلاش - چۇلاش

بېرىپ، ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ چىقتى، ئاخىر ئايۋاننىڭ ئاستىدىكى بىر يان ھۇجرىغا كىرسە، سۇڭ جياڭ ئىگىز بىر لىمغا ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ، ئۇلار سۇڭ جياڭنى ئارغامچا بىلەن ئېسىپ، ئۈستىدىن زەنجىر بىلەن باغلىۋەتكەنىكەن، ئىككى پۇتىنى ئۇرۇپ شالاقشىتىۋېتىپتۇ. چېرىكلەردىن بىرنەچچىسى ئارغامچىنى كېسىۋېتىپ، زەنجىرنى چېقىپ تاشلاپ، سۇڭ جياڭنى قۇتقۇزۇپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى، خۇا رۇڭ چېرىكلەرگە سۇڭ جياڭنى ئاۋۋال ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. خۇا رۇڭ ئۆزى ئېتىغا مىنىپ، نەيزىسىنى تۇتقان ھالدا:

— ھەي ليۇ گاۋ، سەن بولساڭ تۇرايمىزنىڭ بىرىنچى قول بېگى، قېنى قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلىپ باقمامسەن! كىمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنى بولمايدۇ! زادى مەقسىتىڭ نېمە؟ سەن مېنىڭ بىر نەۋرە ئىنىمنى تۇتۇپ كېلىپ ئۇرۇپ - قىيناپ قىلمىغىنىڭ قالماپتۇ، ئادەمنى شۇنداقمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ! خەپ، سەن بىلەن ئەتە سۆزلىشىۋالىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى - دە، ئادەملىرى بىلەن بىللە سۇڭ جياڭنى كۆرۈشكە ئالدىراپ تۇراغا قايتتى.

ئەمدى گەپنى ليۇ گاۋدىن ئاڭلاڭ. ليۇ گاۋ خۇا رۇڭنىڭ سۇڭ جياڭنى ئەپقېچىپ كەتكەنلىكىگە چىدىماي، دەرھال بىر - ئىككى يۈز ئادەمنى تەييارلاپ، سۇڭ جياڭنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن خۇا رۇڭنىڭ تۇراسىغا ئەۋەتتى. بۇ ئىككى يۈز ئادەمنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كەلگەن ئىككى مەشقاۋۇل بار ئىدى. بۇ مەشقاۋۇللار نەيزىۋازلىق ۋە قىلىچۋازلىقتىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرى بولسىمۇ، لېكىن جەڭ ماھارىتىگە كەلگەندە خۇا رۇڭغا يېتەلمەيتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ليۇ گاۋنىڭ گېپىنى يىرالمىغانلىقتىن، بۇ ئادەملەرنى باشلاپ خۇا رۇڭنىڭ تۇراسىغا كېلىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ كېلىشىگىلا دەرۋازىۋەن چېرىكلەر خۇا رۇڭغا مەلۇم قىلغىلى كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا

www.uyghurkitap.com

تاڭ تېخى يورۇمىغانىدى، ئۇ ئىككى يۈز نەچچە ئادەمنىڭ ھەممىسى خۇا رۇڭنىڭ يامانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىچكىرىلەپ كىرىشكە پېتىنالماي دەرۋازا تۈۋىدە تىقىلىشىپ تۇرۇشتى. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن قارىسا، دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتى كەڭ ئوچۇق تۇراتتى، خۇا رۇڭ بەگ سول قولىغا يانى ئېلىپ، ئوڭ قولىدا يانىڭ ئوقىنى تۇتقان پېتى تۇرادىكى سارايدا غادىيىپ ئولتۇراتتى. كەلگەنلەر دەرۋازا ئالدىغا توپلىشىپ تۇردى، خۇا رۇڭ يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ تۇرۇپ:

— ھەي چېرىكلەر، سىلەر «ئۇۋۇالچىلىقنىڭ سورىقى، قەرزنىڭ ئىگىسى بار» دېگەننى ئاڭلىغانمۇ؟ سىلەرنى لىيۇ گاۋ ئالداپ ئەۋەتكەن، ھەرگىز ئۇنىڭ كەتمىنىنى چاپىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭلار، سىلەرنىڭ يېڭىدىن كەلگەن مەشقاۋۇللىرىڭلار كەمىنە خۇا رۇڭنىڭ ماھارىتىنى تېخى كۆرگىنى يوق، سىلەر ئاۋۋال مېنىڭ ئوقيانى قانداق ئاتىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ بېقىڭلار، ئاندىن لىيۇ گاۋنىڭ كەتمىنىنى چاپساڭلارمۇ مەيلى. قېنى، قورقمايدىغىنىڭلار ئىچكىرىگە كىرىڭلار، قاراپ تۇرۇڭلار، مەن ئاۋۋال دەرۋازىنىڭ سول قانىتىدىكى ئىشىك مۇئەككىلىنىڭ بېشىغا ئاتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى - دە، كىرىچىنى تارتىپ قويۇپ بېرىۋىدى، يانىڭ ئوقى «ۋىڭڭىدە» بېرىپ، ئىشىك مۇئەككىلىنىڭ بېشىغا تەگدى. دەرۋازا تۈۋىدە قاراپ تۇرغان چېرىكلەر ھەيران قېلىشتى. خۇا رۇڭ يەنە بىر پاي ئوقنى ئېلىپ:

— چېرىكلەر، مېنىڭ ئىككىنچى ئوقۇمغا قاراڭلار، ئەمدى سول قاناتتىكى ئىشىك مۇئەككىلىنىڭ دۇبۇلغىسىدىكى قىزىل پۆپۈككە ئاتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى، بۇ ئوقمۇ ۋىڭىلداپ بېرىپ، دەل ھېلىقى پۆپۈكنىڭ ئۆزىگە تەگدى. مانا بۇ ئىككى پاي ئوق شۇ تاپتا دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ ئۈستىدە مىختەك قادىلىپ تۇراتتى. خۇا رۇڭ ئەمدى ئۈچىنچى ئوقنى ئېلىپ:

— ھەي چېرىكلەر، ئەمدى ئۈچىنچى ئوقۇمغا قاراپ

تۇرۇڭلار، بۇ ئوق بىلەن سىلەرنىڭ ئاۋۇ ئاق چاپانلىق مەشقاۋۇلىڭلارنىڭ يۈرىكىگە ئاتىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى. مەشقاۋۇل «ۋايجان» دېدى ـ دە، كەينىگە قاراپ بەدەر قاچتى. چېرىكلەرمۇ ئاللا ـ توۋا سېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا قاچتى.

خۇا رۇڭ تۇرا دەرۋازىسىنى تاقاڭلار دەپ ئادەملىرىگە ئېيتىپ قويۇپ، ئۆزى سۇڭ جياڭنى يوقلاپ ئىچكىرىكى دالانغا كىرىپ كەتتى ۋە:

— كەمىنە ئىنىلىرى ئۆزلىرىنى جاپاغا سېلىپ قويدۇم ئاغا، — دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى سۇڭ جياڭغا قاراپ.

— ھېچقىسى يوق ئىنى، لىۋ گاۋ دېگەن ئوغرىنى سىز بىلەن تۇتۇشماي قالمايدۇ دەپ ئەنسىرىدىم. بىزمۇ ئىشنىڭ كەينىنى ئويلىشىمىز كېرەك، — دېدى سۇڭ جياڭ جاۋابەن.

— كەمىنە ئىنىلىرى خانلىقتىن بەرگەن گۇۋاھنامىدىن كەچسەم كېچىمەنكى، بۇ مۇناپىق بىلەن بىرنېمە دېيىشمەي قويمايمەن، — دېدى خۇا رۇڭ.

— ھېلىقى پەس خوتۇننى كۆرمەمسىز، — دېدى سۇڭ جياڭ، — ۋاپاغا جاپا بارمۇ دېگەندەك، مېنى ئېرىگە چېقىپ ئۇردۇردى. ئەسلىدە مەن راست گەپ قىلىپ، ئۆز ئېتىمنى ئېيتىپ بېرەي دېگەنىدىم، بىراق يەن پوشى دېگەن جالاپنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىمنى تۇيۇپ قالمىسۇن، دەپ يۈنچېڭلىق جاڭ سەن دېگەن مۇساپىر بولىمەن دەپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئېپلاس لىۋ گاۋ يولسىزلىق قىلىپ، مېنى «يۈنچېڭ قاپلىنى جاڭ سەن» دېگەن نام بىلەن تۆمۈر كۆشۈككە سېلىپ ئايماققا ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولدى. ئەگەر ئۇلار مېنى شامال تاغدىكى ئوغرىلارنىڭ باشلىقى دەپ قاراشقان بولسا، ئۇ چاغدا گەپ ـ سۆز يوق چېپىپ تاشلىغان بولاتتى. ئەزىز ئىنىم، ئەگەر سىز كېلىپ مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالمىغان بولسىڭىز، ئۇلارنى ھەرقانچە دەپ ـ ئېيتىپمۇ ئىشەندۈرەلمەيتتىم.

— كەمىنە ئىنىلىرى ئۇ ئەبلەخنى مەكتەپ يۈزى كۆرگەن

ئوقۇمۇشلۇق ئادەم، ئۆزلىرىنى لىۇ ئۇرۇقىدىن بولىدۇ دېسەم، بىر جەمەت ئىكەنمىز، دەپ رەھىم قىلارمىكىن دەپ خەتكە «لىۇ جاڭ» دەپ تونۇشتۇرۇپ يېزىپتىمەن، ئۇنىڭ مۇنداق ئادىمەتچىلىكى يوقلۇقىنى كىممۇ ئويلاپتۇ. ھەر نېمە بولسا، ئۆزلىرىنى ئامان - ئېسەن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ كېلىۋالدۇق، قالغان گەپنى كېيىن سۆزلىشەرمىز، — دېدى خۋا رۇڭ.

— ئەزىز ئىنىم، سىز بۇ ئىشتا يېڭىلىشىۋاتىسىز، مېنىڭغۇ باتۇرلۇقىڭىزغا يۆلىنىپ قۇتۇلدۇرۇۋالدىڭىز. ھەر ھالدا ئاستىنراق ئويلانغىنىڭىز تۈزۈك. قەدىمكىلەر: «تاماق يېگەندە گېلىڭغا تۇرۇپ قېلىشتىن ساقلان، يول ماڭغاندا مۈدۈرۈلۈپ كېتىشتىن» دېگەن. سىز مېنى ئەپقاچقان ھامان، ئۇ ئۆز ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ مېنى بۇلاپ كېتىشمەكچى بولدى. لېكىن، تەڭ كېلەلمەي، قورقۇپ قۇيرۇقلىرىنى تىكىۋېتىشتى. مېنىڭچە، ئۇ يەنە تىنچ ياتمايدۇ، چوقۇم ئەلەم ئورنىغا قەلەم ئىشلىتىدۇ. بۈگۈن كېچە شامال تاغقا چىقىپ يوشۇرۇنۇپ تۇراي، ئەتە سىزنىڭ تاقابىل تۇرۇشىڭىزغا ئاسان بولىدۇ، ئاقىۋەت بۇ جېدەل قەلەمدار سىپاھ بىلەن ئەلەمدار سىپاھنىڭ ئۆزئارا چېقىشالمىغانلىق دەۋاسى بولۇپلا تۈگەيدۇ، خالاس. ئەگەر ئۇ مېنى قايتا تۇتۇپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا سۆز تېپىپ بېرەلمەي، يەرگە قاراپ قالىسىز ئىنى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— كەمىنە ئىنىلىرى قارامىلىق قىلىشنىلا بىلىدىكەنمەن، ئۆزلىرىدەك يىراقنى كۆرەلمەيدىكەنمەن. ئاغا، ئۆزلىرىنى ئېغىر يارىدار بولۇپ قالدى، ماڭالماسمىكىن دەپلا ئويلاپتىمەن، — دېدى خۋا رۇڭ.

— ئۇنىڭ كارى چاغلىق. قاپتىلىغا كېلىپ قالغان ئىشنى كەينىگە سوزغىلى بولمايدۇ، تاغقا ئىلىشىپلىۋالسام بولغىنى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

شۇ كۈنى سۇڭ جياڭ بەدىنىدىكى يارىلىرىغا مەلھەم دورا چاپلىدى، ئاندىن ئولتۇرۇپ بىرئاز گۆش يېگەچ مەي ئىچتى،

بوغجۇملىرىنى خۇا رۇڭنىڭكىگە ئامانەت قويدى. گۇگۇم چۈشكەندىن كېيىن ئىككى چېرىك ئۇنى ئۇزىتىپ قاشانىڭ سىرتىغىچە ئېلىپ چىقىپ قويدى. ئۇ تاغقا يامىشىۋالىمەن دەپ كېچىچە يول ماڭدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى ليۇ گاۋ بەگدىن ئاڭلاڭ. ئۇنىڭ ئەۋەتكەن چېرىكلىرى بىرسى قالماي قېچىپ كېلىپ ئۇنىڭغا داد - پەرياد بىلەن:

— خۇا رۇڭ بەگ بالادەك باتۇر نېمە ئىكەن، ئۇنىڭ ئوقياسىغا ھېچكىممۇ تەڭ كېلەلمىگۇدەك! — دېدى.

— ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى، — دەپ سۆز قاتتى ئىككى مەشقاۋۇل، — شۇنداق دەل تېگىدىكەنكى، ھەتتا يىگىنىنىڭ تۆشۈكىگىمۇ تەگكۈزەلەيدىكەن، ھېچقايسىمىز ئۇنىڭ يېنىغا بارالمىدۇق.

ليۇ گاۋ دېگەن بۇ چۈپرەندە قەلەمي سىپاھ بولغانلىقتىن، بۇنداق ئىشلار ئۈستىدە تىرەنرەك پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئانچە - مۇنچە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشنىڭ يوللىرىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ كاللىسىغا: «خۇا رۇڭ سۇڭ جياڭنى ئەپقېچىش بىلەنلا قالمايدۇ، چوقۇم بۈگۈن كېچە ئۇنى شامال تاغقا چىقىرىۋېتىدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا، ئەتىلىككە ماڭا تاقابىل تۇرۇشقا ئاسان بولىدۇ. يەنە كېلىپ، يۇقىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەۋالىشىپ قالساقمۇ، بۇ جېدەلنى قەلەمي سىپاھ بىلەن ئەلەمي سىپاھنىڭ بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمىغانلىقىدىن تۇغۇلغان جېدەل ئىكەن دېگەن ھۆكۈملا چىقىرىلىدۇ - دە، تۈگەيدۇ. ئەگەر بۇ ئىش مۇشۇنداقلا ئاياغلىشىدىغان بولسا، ئۇنى نېمە قىلالايتتىم؟ بۈگۈن كېچە يىگىرمە - ئوتتۇز چېرىكنى ئەۋەتىشىم كېرەك، چېرىكلەر بەش چاقىرىمچە يەرگە بېرىپ يول توسۇپ تۇرسۇن. ئەگەر بەختىمىزگە يارىشا، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈۋالساق، ئاستاغىنا ئېلىپ كېلىپ ئۆيگە قامىتىپ قوياي - دە، تۈيدۇرماستىن كېچىلەپ ئايماققا كىشى ئەۋەتىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلاي، ئايماقتىن سىپاھ كېلىپ، ئۇنى خۇا رۇڭ بىلەن

بىللە تۇتۇپ كەتسۇن، ئۇلار ئاپىرىپ ھەر ئىككىلىسىنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. ئۇ چاغدا، شامال تاغ ئۆزۈمگىلا قالىدۇ، خۇا رۇڭ دېگەن ئەبلەخنىڭ دەردىدىنمۇ قۇتۇلىمەن» دېگەن ئويلار كەلدى ــ دە، شۇ ئاخشىمىلا يىگىرمە نەچچە ئادەمنى نەيزە ــ توقماقلار بىلەن يولغا سالدى. ئۇلار كېچىلەپ مېڭىپ، ئالاھازەل ئىغىر ياتقۇ مەھەللىدە، سۇڭ جياڭنى تۇتۇپ، چەمبەرچاس باغلاپ ئېلىپ كەلدى. لىيۇ گاۋ كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا قىن ــ قىنىغا پاتماي كەتتى ۋە ئادەملىرىگە:

ــ بەللى، بەللى، راسا كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولدىغۇ! ھازىرچە ئارقا ھويلىغا ئېلىپ كىرىپ قاماپ قويۇڭلار، ئىنس ــ جىن ئۇقمىسۇن، ــ دەپ بۇيرۇدى ــ دە، كېچىلەپ مەلۇمات يازدۇرۇپ، ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن ئىككىسىنى شۇ ھامان چىڭجۇ ئايمىقىغا ماڭدۇردى، ئۇلار كېچىچە ئۇچقاندەك مېڭىپ، مەلۇماتنى ئايماق ياموۇلىغا يەتكۈزۈپ كەلدى. ئەتىسى خۇا رۇڭ ئۆز ئۆيىدە سۇڭ جياڭنى ئاللىقاچان شامال تاغقا چىقىپ بولدى دەپ ئويلاپ: «قاراپ باقاي قېنى، نېمە قىلىدىكىن ئۇ!» دەپ بەخىرامان ئولتۇراتتى. لىيۇ گاۋمۇ بىلمەسكە سېلىپ ئولتۇرىۋەردى، شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككىسى ئۆز خىياللىرى بىلەن جىم قىلىشىۋەردى.

ئەمدى گەپنى چىڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگىدىن ئاڭلاڭ. ئايماقبېگى دىۋانغا كىرىپ ئىش ئورنىدا ئولتۇراتتى. بۇ بەگ مۇرۇڭ ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئىسمى يەندا ئىدى. ئۇ ئۇلۇغ تەڭرىقۇت مۇرۇڭ خۇيزۇڭنىڭ ئايىمى خانىش ئاغىچامنىڭ ئاغىسى بولغانلىقتىن، سىڭلىسىنىڭ كۈچ ــ ھوقۇقىغا تايىنىپ، چىڭجۇ ئايمىقىدا زورلۇق ــ زومبۇلۇق قىلىپ، مۆمىن پۇقرالارغا كۈن بەرمەيتتى، ئاغىنە ــ ئۆڭگە[1] لىرىنىمۇ ئالداپ، جىمى ئەسكىلىكنى قىلاتتى. بۈگۈن ئۇ ياموۇلدىن قايتىپ ئەتىگەنلىك ناشتىغا ماڭاي دەپ تۇرغاندا، يېنىدىكى يايىلاردىن بىرسى

① ئۆڭگە ــ دوست، بۇرادەر مەنىدە.



www.uyghurkitap.com

كېلىپ، ئۇنىڭغا لىۋ گاۋنىڭ قاراقچىلار توغرىسىدا ئەۋەتكەن جىددىي مەلۇماتىنى تۇتتى. ئۇ مەلۇماتنى كۆرۈۋېتىپ قاتتىق بىر چۆچۈدى ۋە ئىچىدە: «خۇا رۇڭ خانلىقىقا خىزمەت كۆرسەتكەن بىر سىپاھبەگنىڭ ئوغلى تۇرۇقلۇق، قانداقسىغا شامال تاغدىكى قاراقچىلارغا چېتىلىپ قالغاندۇ؟ بۇ گۇناھ كىچىك گۇناھ ئەمەس. يالغان بولۇپ قالمىسۇن» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ سۇركاۋۇلنى دىۋانغا چاقىرىپ ئۇنى دەرھال شۇ ياققا بېرىشقا بۇيرۇدى.

بۇ سۇركاۋۇلنىڭ ئىسمىزاتى خۇاڭ شىن ئىدى. ئۇ جەڭ ماھارىتىگە ئۇستا بولغانلىقتىن، چىڭجۇ ئايمىقىنى ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ، بۇ تەۋەلىكتە ئۆز ئالدىغا دەۋران سۈرەتتى؛ شۇ ۋەجىدىن ئۇ «ئۈچ تاغ غوجىسى» دېگەن ئاتاقنى ئالغانىدى.

چىڭجۇ ئايمىقى تەۋەسىدە ئۈچ يامان تاغ بار ئىدى، بۇ تاغلارنىڭ بىرىنچىسى شامال تاغ، ئىككىنچىسى ئېرلۇڭشەن تېغى، ئۈچىنچىسى شاپتۇللۇق تاغ دەپ ئاتىلاتتى. بۇ تاغلارنىڭ ھەممىسىلا ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ سۇقۇنۇۋالىدىغان ماكانى ئىدى. خۇاڭ شىن بۇ ئۈچ تاغدا ئادەمزاتنىڭ ئۇرۇقىنى قويمايمەن، دەپ ماختىناتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇ «ئۈچ تاغ غوجىسى» دەپ ئاتىلىپ قالغانىدى. مانا مۇشۇ خۇاڭ شىن دېگەن سۇركاۋۇل دىۋانغا كىرىپ ئايماقبېگىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئالدى ـ دە، دەرھال چىقىپ، يارامىلىق چېرىكلەردىن ئەللىكنى تاللىدى، ئۆزى دۇبۇلغا ـ قۇياقلىرىنى كىيىپ، قولىغا ئەجەل شەمشىرىنى ئالدى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار كېچىلەپ شامال تۇراغا قاراپ مېڭىپ، تۇپتوغرا لىۋ گاۋنىڭ تۇراسىغا يېتىپ كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. لىۋ گاۋ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە سالام ـ سەھەت قىلىشىپ، ئۇلارنى ئىچكىرىكى دالانغا باشلىدى. ئاندىن داستىخان تارتىپ، مەي ـ شاراب ۋە تۈرلۈك ئاش ـ تائاملار بىلەن مېھمان قىلدى، بىر تەرەپتىن چېرىكلەرگە سوۋغۇنچە تارقاتتى. كېيىن سۇڭ جياڭنى ئالدۇرۇپ چىقىپ، خۇاڭ

شىنغا كۆرسەتتى. خۇاڭ شىن:

— بۇ يەردە سوراق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ كاساپەتنى بۇگۈن كېچىلا كۆشۈككە سېلىپ، تەييارلاپ قويۇڭلار، — دېدى.

سۇڭ جياڭنىڭ بېشىنى قىزىل ياغلىق بىلەن ئوراپ، ئۈستىگە «شامال تاغدىكى ئوغرىلارنىڭ باشلىقى — يۇنچېڭ قاپىلىنى جاڭسەن» دەپ يېزىلغان بىر قەغەز ئەلەمنى قاداپ قويۇشتى. سۇڭ جياڭ ئۇلار بىلەن تاقارىشىپ تۇرۇشقا پېتىنالماي نېمە دېسە شۇنىڭغا ماقۇل دەپ شۈك تۇردى. خۇاڭ شىن ليۇ گاۋدىن:

— سىزنىڭ بۇ جاڭ سەننى تۇتۇپ كەلگىنىڭىزنى خۇا رۇڭ بىلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە.

— پېقىر ئۇنى بۈگۈن يېرىم كېچىدە تۇتقۇزۇپ كېلىپ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن ئايرىم بىر ئۆيگە قامىتىپ قويغانىدىم، خۇا رۇڭ ئۇنى ئاللىقاچان تاغقا چىقىپ كەتتى دەپ، ئۆيدە بەخىرامان ئولتۇرىدىغاندۇ، — دېدى ليۇ گاۋ.

— ئەگەر ئۇنداق بولسا، ئاسان گەپ ئىكەن. ئەتە ئەتىگەن تو-رۇپ قوي - پويلارنى سويۇپ، مەي - شارابلارنى راسلاپ، تۆرا مەھكىمىسىنىڭ مېھمانخانىسىغا داستىخان سېلىپ قويۇڭلار. ئەتراپقا يەنە قىرىق - ئەللىك ئادەمنى مۆكتۈرۈپ، تەخ قىلىپ قويۇڭلار. مەن بېرىپ خۇا رۇڭغا «مۇرۇڭ بېگىم ھەزرەتلىرى قە-لەملەر سىپاھ بىلەن ئەلەمدار سىپاھنىڭ چىقىشالمىغانلىقىدىن ئۇچۇر تېپىپ، ئىككىڭلارنى چاي قويۇپ، ئەپلەشتۇرۇپ قويۇش نىيىتى بىلەن مېنى ئالاھىدە ئەۋەتتى» دەپ، ئۇنى بۇ يەرگە چىللاپ كېلىمەن ۋە مېھمانخانىغا باشلاپ كېلىپ، قەدەھنى شۇنداق تاشلىشىمغا، ئۇنى غاچ قىلىپ تۇتۇسىلەر - دە، باغلاپ - تېڭىپ ئايماققا ئېلىپ كېتىمىز. قانداق، مېنىڭ بۇ ئامالىم يارامدۇ؟ — دېدى خۇاڭ شىن.

— قالتىس ئامال ئىكەن، يەنىلا بەرىمىزدىن ئۆزلىرى ئاقىل ئىكەنلا تەخسىر، خۇددى «كۆپكە چۈشكەن تاشپاقىنى قول سېلىپ

ئالغان» غا ئوخشاش ئىش بولىدىغان بولدى، ــ دېدى بۇ ئامال يارىپ كەتكەن لىۋ گاۋ ئاغزىنى چاكىلدىتىپ.

شۇ كېچىسى ئۇلار بۇ ئامالنى توغرا تېپىشىپ، ئەتىسى تاڭ يورۇشىغىلا ھەممىدىن ئاۋۋال چوڭ تۇرانىڭ ئىككى يېقىدىكى پەردىلەرنىڭ ئارقىسىغا چېرىكلەرنى مۆكتۈرۈپ قويۇشتى. يامۇل مېھمانخانىسىغا مەي ـ شاراب ۋە ئاش ـ تاماقلار راسلاپ، داستىخان سېلىپ قويۇلدى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن خۇاڭ شىن ئېتىغا مىنىپ، ئۈچ ـ تۆت ئادىمى بىلەن خۋا رۇڭنىڭ تۇراسىغا كەلدى. چېرىكلەردىن بىرى خۋا رۇڭغا مەلۇم قىلماق بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىردى.

ــ نېمە ئىش بىلەن كىردىڭ، ــ دەپ سورىدى خۋا رۇڭ.

ــ سۇركاۋۇل خۇاڭ شىن بېگىم كەلدى. ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكۈدەك، ــ دېدى چېرىك.

خۋا رۇڭ ئاڭلاپ، تاشقىرىغا چىقتى ۋە خۇاڭ شىننى قارشى ئېلىپ سالام بەردى. خۇاڭ شىن ئاتتىن چۈشۈپ خۋا رۇڭ بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى. خۋا رۇڭ ئۇنى مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلىپ:

ــ سۇركاۋۇل تەخسىر، بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كېلىپ قالدىلىكىن؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ پېقىر ئايماقبېگىمىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كېلىپ قالدىم. ئاڭلىشىمىزچە، تۇرايىڭىزلاردا قەلىمى سىپاھ بىلەن ئەلىمى سىپاھ چىقىشالمىغۇدەكمىش. نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولۇۋاتقانلىقى مەلۇم ئەمەس، ئايماقبېگىم ئىككىڭلارنىڭ شەخسىي ئاداۋىتى تۈپەيلىدىن خانلىق ئىشىغا نۇقسان يەتمىسۇن دەپ ئىككىڭلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن پېقىرنى ئالاھىدە ئەۋەتتى. چوڭ تۇرانىڭ مېھمانخانىسىغا داستىخان راسلاپ قويدۇق، ئېتىڭىزغا مىنىپ، بىز بىلەن مەرھەمەت قىلغايسىز، ــ دەپ خۋا رۇڭنى تەكلىپ قىلدى خۇاڭ شىن.

ــ پېقىرنىڭ لىۋ گاۋنى بوزەك قىلىشى ھەددىم ئەمەس، يەنە

كېلىپ مەن ئۇنىڭ ئورۇنباسارى. ئۇ كىشى ھەمىشە مەن بىلەن قېرىشىپ، مېنىڭ قۇسۇرۇمنى ئىزدەپ يۈردى، توۋا، بۇ ئادەمنىڭ ئايماقبېگىنى چۆچۈتۈپ يۈرگىنىنى دەيمەن، يەنە كېلىپ ئۆزلىرى ئاۋارە بولۇپ تۇرايمىزغا كەپتىلا، ماڭغان قەدەملىرىگە رازى بولسىلا سۇركاۋۇل بېگىم، — دېدى خۇا رۇڭ.

— جانابىڭىزنىڭ ئەلەمدار ماھارەتتىن خەۋىرىڭىز بارلىقىنى بېگىم ياخشى بىلىدۇ. لىيۇ گاۋ بولسا قەلىمى سىپاھ، ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟ يۈرۈڭ، مەن بىلەن مېڭىڭ، — دېدى خۇاڭ شىن ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ.

— جانابلىرىنىڭ پېقىرغا شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقلىرىغا مىڭ رەھمەت سۇركاۋۇل بېگىم، — دېدى خۇا رۇڭ.

خۇاڭ شىن خۇا رۇڭنى بىللە دەرۋازا سىرتىغا چىقىپ ئاتلىنىپ مېڭىشقا تەكلىپ قىلدى.

— يولغا چىقىش ئالدىدا بىر ئاز مەي كەلتۈرەي، ئىلتىپات قىلسىلا سۇركاۋۇل بېگىم، — دېدى خۇا رۇڭ.

— بىردەم تۇرۇپ داستىخان ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە ئولتۇرۇپ ئىچسەك قانداق؟ — دېدى خۇاڭ شىن.

خۇا رۇڭ نائىلاج ئېتىنى تەييارلاشقا بۇيرۇدى.

ئىككىيلەن ئاتلىرىغا مىنىشىپ بىرلىكتە يولغا چىقتى ۋە تويتوغرا چوڭ تۇراغا يېتىپ كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. خۇاڭ شىن خۇا رۇڭنى قولىدىن تۇتۇپ ئۇدۇل مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى، مېھمانخانىدا لىيۇ گاۋ ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇچەيلەن بىر - بىرى بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى. خۇاڭ شىن مەي بۇيرۇدى ۋە ئالدى بىلەن خۇا رۇڭنىڭ ئېتىنى ھويلىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىپ، دەرۋازىنى ئېتىپ قويۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. خۇا رۇڭ ئۆزىنىڭ تۇزاققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزمەي، خۇاڭ شىننى ئانچىكىملا ئەلەمدار سىپاھ، يامانلىق ئىشلەتمەس دەپ، بەخىرامان ئولتۇراتتى. خۇاڭ شىن

بىر قەدەھ مەينى كۆتۈرۈپ ئالدى بىلەن ليۇ گاۋغا تۇتۇپ:
— ئايماقبېگىم سىلەر ئىككى سىپاھ بەگنىڭ — قەلەمدار سىپاھ بىلەن ئەلەمدار سىپاھنىڭ چىقىشالمايۋاتقانلىقىنى ئىشىتىپ، بەكمۇ بىئارام بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، پېقىرنى ئالاھىدە ئالدىڭلارغا ئەۋەتتى، پېقىر ئىككىڭلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇشقا كەلدىم. خانىدانلىقىمىزغا سادىق بولۇشنى ئەۋزەل بىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئىش - كۈش بولسا، كېڭەش - مەسلىھەت بىلەن بىر ياقلىق قىلىشىڭىزلارنى ئارزۇ قىلىمەن، — دېدى.
— پېقىر ليۇ گاۋ پاراسەتسىز ئادەم بولسامۇ، لېكىن قائىدە - ياساقتىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرىم بار؛ بېگىمنىڭ بۇ غەمخورلۇقىغا مىڭ رەھمەت. ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا ھېچ گەپ يوق، بۇ ئېگىز - پەس گەپ - سۆزلەرنى سىرتتىكى خەقلەر تارقاتقىنى، — دېدى ليۇ گاۋ جاۋابەن.
«بەللى !» دەۋەتتى خۇاڭ شىن پاراقلاپ كۈلۈپ.
ليۇ گاۋ ھېلىقى تۇتقان مەينى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن خۇاڭ شىن يەنە بىر قەدەھكە مەي تولدۇرۇپ، ئۇنى خۇا رۇڭغا تۇتۇپ:
— ليۇ گاۋ بېگىمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ گەپ تالادىكى خەقلەرنىڭ تېپىۋالغان گېپى بولسا كېرەك، ئەگەر شۇنداق بولسا، چاغلىق گەپ ئىكەن، قېنى سىزمۇ بىرنى كۆتۈرۈۋېتىڭ، — دېدى.
خۇا رۇڭ قەدەھنى قولىغا ئېلىپ، گۈپ قىلىپ كۆتۈرۈۋەتتى. ئەمدى ليۇ گاۋمۇ بىر قەدەھ مەينى تولدۇرۇپ، ئۇنى خۇاڭ شىنغا تۇتۇپ:
— سۇركاۋۇل بېگىمنىڭ مالال كۆرمەي، بىزنىڭ بۇ سەھرايىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا ھەشقاللا ئېيتىپ مۇشۇ بىر قەدەھ مەينى تۇتتۇم، ئىلتىپات قىلغايلا تەخسىر، —

دېدى.

خۇاڭ شىن قەدەھنى ئېلىپ، تۆت ئەتراپىغا شۇنداق بىر قارىشىغا، ئون نەچچە چېرىك گۇپۇرلەپ كىرىپ كەلدى. خۇاڭ شىن قەدەھنى يەرگە قارىتىپ ئاتتى، شۇئان ئىچكىرىكى دالاندىن چوقان كۆتۈرۈلدى، ئىككى يېقىدا تارتىقلىق تۇرغان پەردە ئارقىسىدىن ئوتتۇز ـ قىرىق تەمبەل چېرىك ئېتىلىپ چىقىپ، خۇا رۇڭنى تۇتتى ـ دە، سۆرىگەن پېتى مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى.

ــ باغلاڭلار ! ــ دەپ ۋارقىرىدى خۇاڭ شىن.

ــ نېمە گۇناھ قىلدىم؟ ــ دەپ ۋارقىرى خۇا رۇڭ.

ــ ئاغزىڭنى يۇم ! سەن ئوغرى شامال تاغدىكى بۇلاڭچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خانىدانلىققا قارشى چىقماقچى بوپسەن، بۇ گۇناھىڭ بوش گۇناھمۇ؟ ھېلىمۇ مەن سېنىڭ بۇرۇنقى يۈز ـ خاتىرىڭنى قىلىپ، ئۆيۈڭدىكى بالىچاقىلىرىڭنى ئۈركۈتمەي ـ قورقۇتماي، ئۆزۈڭنىلا باشلاپ كەلدىم، شۇنى بىلسەڭ بولىدۇ، ــ دېدى خۇاڭ شىن تووۋلاپ ۋە قاقاھلاپ كۈلۈپ.

ــ دەلىل ـ گۇۋاھلار كېرەك، ــ دېدى خۇا رۇڭ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن.

ــ دەلىل ـ گۇۋاھلارنى ھېلىلا كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ قويىمەن، نەق ئوغرىنى ئالدىڭغا ئېلىپ چىقىپ كۆرسەتسەم نېمە دەيسەن؟ مەن ساڭا قارا چاپلاۋاتقىنىم يوق. ئېلىپ كىرىش ئوغرىنى ! ــ دەپ ۋارقىرىدى خۇاڭ شىن.

چېرىكلەر شۇ زامات سىرتتىن بېشىغا قىزىل ياغلىق ئوراپ، ئۇستىگە قەغەز ئەلەم سانجىپ قويۇلغان بىر ئادەمنى كۆشۈككە سېلىپ ئېلىپ كىرىشتى. خۇا رۇڭ شۇنداق قارىسا، كۆشۈكتە ئولتۇرغان بۇ ئادەم دەل سۇڭ جياڭنىڭ ئۆزى ئىدى. خۇا رۇڭ بىلەن سۇڭ جياڭ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ



www.uyghurkitap.com

قېتىپلا قالدى.

— بۇ مەن قىلىۋاتقان ئىش ئەمەس، سىنى پاش قىلغان ئادەم ليۇ گاۋ، يېنىمىزدا تۇرۇپتۇ مانا، — دېدى خۇاڭ شىن.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى خۇا رۇڭ، — بۇ ئادەم مېنىڭ تۇغقىنىم بولىدۇ. ئۆزى يۇنچېڭ ناھىيەسىدىن، ئەگەر سىلى ئىشەنمەي، ئۇنى قاراقچى دەپ ھېسابلايدىكەنلا، يۇقىرىغا بېرىپ داۋالىشايلى، شۇ چاغدا ئېنىقلىنىدۇ.

— ئەگەر سەن دەۋالىشىمەن دەيدىكەنسەن، — دېدى خۇاڭ شىن، — مەن بىلەن ئايماققا يۈر، دەۋايىڭ بولسا شۇ يەرگە بېرىپ قىل.

خۇاڭ شىن بۇ گەپنى دەپ بولۇپ، ليۇ گاۋغا بۇلارنى ئايماققا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تۇرا چېرىكلىرىدىن يۈزنى تەييارلاشنى بۇيرۇدى.

— سۇركاۋۇل بېگىم، — دەپ سۆز باشلىدى خۇا رۇڭ خۇاڭ شىنغا قاراپ، — مېنى ئالداپ ئالدىلىرىغا چاقىرىپ كېلىپ تۇتقانىكەنلا، ئەمدى بۇ دەۋانى خانلىقنىڭ ئالدىغا بېرىپ قىلىشايلى. مەن ليۇ گاۋ بىلەن تۇزۇك دېيىشىمەن. ئەگەر مېنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئەلىمىي سىپاھ دەپ قارايدىكەنلا، كىيىم ـ كېچەكمنى سالدۇرۇۋالمىسىلا، كۆشۈكە ئۆزۈم چۈشۈپ بارىمەن.

— بۇ ئاسان گەپ، شۇنداق بولسۇن، ليۇ بېگىمنى سەن بىلەن بىللە ئايماققا بېرىپ بۇ دەۋانى ئېنىقلاشقا بۇيرۇيمەن، ئۇۋال بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى خۇاڭ شىن.

خۇاڭ شىن بىلەن ليۇ گاۋ ئاتلاندى ۋە ئىككى كۆشۈك ھارۋىنى ئالدىغا سېلىپ، قىرىق ـ ئەللىك چېرىك ۋە يۈز تۇرا يىگىتى بىلەن چىڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئەيىۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! يۈزلىگەن ئۆي، باراڭلار ئوتتا كۆيۈپ ئىس ـ تۈتەككە ئايلانغۇسى؛ مىڭلىغان جانلار قىلىچ ـ شەمشەرلەر ئاستىدا قىرىلىپ تۈگىگۈسى.

كىم ئورا قازسا بىراۋغا قەست قىلىپ،
چۈشىدۇ ئۆزى قازغان ئوراسىغا كېلىپ.
ئۆزگىنى گەر قاقشىتار بولسا كىشى،
ئۆزگىدىن تەھقىق ئۆزىنىڭ قاقشىشى.

سۆڭ جىياڭنىڭ بۆلارنىڭ قولىدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## ئۈچ تاغ غوجىسىنىڭ چىڭجۇ ئۆتىڭنى مالىمان قىلغانلىقى تېرىككەكىنىڭ كېچىلەپ خارابىلىككە قاراپ قاچقانلىقى

ئەلقىسسە، خۇاڭ شىن قولىغا ئەجەل شەمشىرىنى ئېلىپ ئاتلاندى، تۇرابېگى ليۇ گاۋمۇ جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، قولىغا بىر چاڭگاكنى ئالدى ـ دە، ئېتىغا مىنىپ رۇسلاندى. ھېلىقى بىرەر يۈز ئەللىكچە چېرىك بىلەن تۇرا يىگىتلىرىمۇ قوللىرىغا پۆپۈكلۈك گۈرزە ـ نەيزىلىرىنى تۇتىشىپ، يانلىرىغا قىلىچ ـ خەنجەرلىرىنى ئېسىشىپ سەپراس بولدى؛ ئىككى مەررە دۇمباق چېلىنىپ، بىر رەت جاڭ ئۇرۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار سۇڭ جياڭ بىلەن خۇا رۇڭنى ئالدىغا سېلىپ، چىڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ راۋان بولدى.

ئۇلار شامال تۇرادىن چىقىپ، قىرىق ـ ئەللىك چاقىرىمچە يول ماڭغاندىن كېيىن يىراقتىن بىر چوڭ ئورمانلىق كۆرۈندى. يەنە بىر پەس مېڭىپ، تاغنىڭ ئاغزىغا يېتىپ كەلگەندە، ھەممىنىڭ ئالدىدا يول ئېلىپ ماڭغان يىگىتلەردىن بىرى:

— ھەي، ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە قانداقتۇر بىرى مارىلاپ تۇرۇپتۇ، — دەپ ئورمانلىقنى كۆرسىتىپ ئۈن سالدى.

ھەممە بىردىن توختىدى.

— نېمىگە توختاپ قېلىشتىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى خۇاڭ شىن ئات ئۈستىدە تۇرۇپ.

— ئەنە، ئاۋۇ ئورمانلىقتا بىركىم مارىلاپ تۇرۇپتۇ، — دېدى جاۋابەن چېرىكلەردىن بىرى.

— كارىڭلار بولمىسۇن، يولۇڭغا مېڭىش ! — دەپ ۋارقىرىدى

خۇاڭ شىن.

ئورمانلىقتا يېقىن كەلگەندە، جاڭىلداپ ئارقا ـ ئارقىدىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز قېتىم ئۇرۇلغان جاڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. يىگىتلەر ھودۇقۇپ كېتىپ قېچىشقا تەمشەلدى.

ـــ توختاش، ھەممىڭ تارقىلىش! ـــ دەپ توۋلىدى خۇاڭ شىن ۋە ليۇ گاۋغا قاراپ:

ـــ سىز كۆشۈكلەرگە ئاگاھ بولۇڭ، ـــ دەپ تاپىلىدى.

ليۇ گاۋ ئات ئۈستىدە ئولتۇرغىنىچە ھاڭ قېتىپلا قالدى ۋە ئاغزىدا: «يا تەڭرىم! ھەر بالا ـ ھەر قازادىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن» دەپ تەڭرىگە ئاتاپ يۇزمىڭ مەررە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، ئۈچ يۈز ئىبادەتخانا سېلىشقا ۋەدە بېرىپ، ئۆزىگە ئامانلىق تىلىدى. قورقىنىدىن چىرايلىرى تاتىرىپ، رەڭگىلىرى سۇپسۇر بولۇپ كەتتى. خۇاڭ شىن ئەلمىمي سىپاھ بولغانلىقتىن، ھەر ھالدا يۈرەكلىكرەك ئىدى، شۇڭا ئۇ ئېتىنى قامچىلاپ، ئۆزىنى رۇسلاپ ئالدىغا قاراپ بېرىپ قارىدى، قارىسا ھەربىرى ئېگىز بوي، ياۋۇز تەلەت، ۋۇجۇدىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت يېغىپ تۇرىدىغان، باشلىرىغا قىزىل ياغلىق چىگىپ، ئۇچىسىغا كەمزۇل كىيگەن، يانلىرىغا قىلىچ ـ خەنجەرلەرنى ئېسىپ، قوللىرىغا ئۇزۇن ـ ئۇزۇن نەيزىلەرنى تۇتۇشقان تۆت ـ بەش يۈزچە چاپارمەن ھەممە ياقنى قاپساپ كېتىپتۇ. ئورمانلىقتىن بىرى قارا، بىرى يېشىل، بىرى قىزىل چاپان كىيىپ، باشلىرىغا توشقان قۇلاقلىق سېرىق بوغمىچا چىگىۋالغان، بەللىرىگە خەنجەر ئېسىپ، قوللىرىغا قىلىچ تۇتقان ئۈچ پالۋان سەكرەپ چىقىپ، يولنى توسۇپ تۇردى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكىسى تىللا رەڭ يولۋاس يەن شۇن ئىدى. باشتىكىسى پەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭ، ئاياقتىكىسى ئاقپىشماق بايۋەچچە جېڭ تيەنشۇ ئىدى. بۇ ئۈچ پالۋان تەڭلا ۋارقىراپ:

ـــ ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، گەپكە قۇلاق سېلىڭلار، ھەرقانداق يولۇچى بۇ يەردە توختاپ، يول ھەققى ئۈچۈن ئۈچ مىڭ سەر

ئالتۇن قويۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك، بولمىسا بۇ يەردىن ئۆتمەن دەپ ئويلىمىسۇن، — دېدى.

ئات ئۈستىدە تۇرغان خۇاڭ شىن ۋارقىراپ:

— ھوي مۇتتەھەملەر، يولسىزلىق قىلىشما! ئۈچ تاغ غوجىسى بۇ يەردە ھازىر! — دېدى.

— تۈمەن تاغنىڭ غوجىسى بولساڭمۇ، يول ھەققى ئۈچۈن ئۈچ مىڭ سەر ئالتۇن قويۇشۇڭ كېرەك، بولمىسا بۇ يەردىن ئۆتمەن دەپ ئويلىما! — دەپ ۋارقىرىدى ئۈچ پالۋان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— مەن يۇقىرىنىڭ ئەمرى بىلەن كەلگەن سۇركاۋۇل بولىمەن، سەنلەرگە يول ھەققى تاپشۇرسۇن دەپ كىم ئېيتىپتۇ؟ — دېدى خۇاڭ شىن.

— ھېلىغۇ يۇقىرىدىن كەلگەن سۇركاۋۇل ئىكەنسەن، جاۋ پادىشاھ كەلسىمۇ، ئۈچ مىڭ سەر ئالتۇننى تاپشۇرماي بۇ يەردىن ئۆتەلمەيدۇ؛ ئەگەر يېنىمدا ئالتۇن يوق دەيدىكەنسەن، ئاۋۋال ئېلىپ ماڭغان گۇناھكارلارنى بۇ يەردە گۆرۈگە قويۇپ، ئالتۇننى ئەكېلىپ تاپشۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆتەلەيسەن، — دېدى ئۈچ پالۋان ھىجىيىپ.

— ھەي ئوغرىلار، تولا ھەددى - ھەددىڭدىن ئېشىشما! — دەپ تىللىدى غەزەپ بىلەن خۇاڭ شىن ۋە يېنىدىكىلەرگە قاراپ، — دۇمباقلىرىڭنى چېلىپ، جاڭلىرىڭنى ئۇرۇشمامسەن! — دەپ ۋارقىرىدى - دە، ئېتىنى قامچىلاپ، شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ يەن شۇنگە قاراپ ئېتىلدى. ئۈچ پالۋانمۇ تەڭلا قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ خۇاڭ شىنغا قاراپ ئېتىلىپ كېلىشتى.

خۇاڭ شىن بۇ ئۈچ پالۋاننىڭمۇ تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تەييارلىنىپ تۇردى ۋە تىركىشىپ - تىرمىشىپ ئون قېتىم ئېلىشتى، شۇغىنىسى ئۈچ ئادەمگە بىر ئادەم قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلىمى سىپاھ بولغان لىۋ گاۋ تۇرغان جايدا

ياغاچتەك قېتىپلا قالغانىدى، بۇ ھالنى كۆرگەن خۇاڭ شىن جېنى تۈيۈپ قېچىشقا تەييارلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۇچەيلەنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، يۈز ـ ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈپ رەسۋا ـ شەرمەندە بولىدىغانلىقىنى سېزىپ، ئېتىغا بىر قامچا ئۇردى ـ دە، كەلگەن يولىغا قاراپ قۇيۇندەك تىكىۋەتتى، ئۈچ ئاتامان قىلىچلىرىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ چېپىپ چىقىپ كەتتى. ئادەملىرىنىڭ ئۇچۇر ـ سىرتىقىنى ئېلىشقا قۇربى يەتمىگەن خۇاڭ شىن ھېچنېمىگە قارىماي، ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە شامال بازارغا قاراپ بەدەر قاچتى. چېرىكلەر خۇاڭ شىننىڭ قاچقانلىقىغا قاراپ ئالاقزادە بولۇپ چۇقان كۆتۈرۈشتى ۋە كۆشۈكلەرنى تاشلاپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشتى. تەنھا ئۆزى قالغان ليۇ گاۋ ئۆزىنىڭ يامان ئەھۋالدا قالغانلىقىنى سېزىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىدى ـ دە، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قامچا سالدى؛ ئات ئەمدىلا چاپاي دەپ تۇرۇشىغا، چاپارمەنلەردىن بىرى كېلىپ ئاتنىڭ پۇتىغا سالما تاشلاپ بىر تارتىۋىدى، ليۇ گاۋ ئېتى بىلەن بىللىلا دومىلاقلاپ چۈشتى. چاپارمەنلەر ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، ليۇ گاۋنى تۇتۇۋالدى ۋە كۆشۈكلەرنى تارتىۋېلىپ، ئۆرۈپ ـ چېقىشقا باشلىدى، خۇا رۇڭ ئۆزى ياتقان كۆشۈكنى بىرلا تېپىپ ئېچىۋېتىپ، ئىچىدىن سەكرەپ چىقتى ـ دە، ئۇستىدىكى چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەن ئارغامچىلارنى ئۈزۈپ تاشلاپ، سۇڭ جياڭ ئولتۇرغان كۆشۈكنىڭ يېنىغا باردى ۋە بۇ كۆشۈكنىمۇ بۇزۇپ يىرتىۋېتىپ سۇڭ جياڭنى قۇتۇلدۇردى. چاپارمەنلەر ليۇ گاۋنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپ، ئېتىنى تارتىۋالدى، ئەمدى ھارۋا قېتىشقا ئۈچ ئات قوشۇلدى. ليۇ گاۋنىڭ كىيىملىرىنى سۇڭ جياڭغا كىيدۈرۈشتى، ئاتلارنى بولسا ئالدىدىن تاغقا چىقىرىۋېتىشتى. ئۈچ پالۋان خۇا رۇڭ ۋە چاپارمەنلەر بىلەن بىرلىكتە ليۇ گاۋنى قىپيالىڭاچ قىلىپ باغلاپ، تۇراغا ئېلىپ ماڭدى.

ئەسلىدە بۇ ئۈچ پالۋان سۆك جياڭنىڭ ئۈچۈر ـ سىرتىقىنى ئالالماي، قولىدىن ئىش كېلىدىغان چاپارمەنلەردىن بىرنەچچىسىنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەندى. چاپارمەنلەر توپتوغرا شامال بازارغا كېلىپ سۈرۈشتە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن: «سۇركاۋۇل خۇاڭ شىن مەي تۆكۈش ئىشارىتى ئارقىلىق خۇا رۇڭ تۇرابىگى بىلەن سۇڭ جياڭنى تۇتۇپ كۆشۈككە سېلىپ، چىڭجۇ ئايمىقىغا ئېلىپ كېتىۋاتقۇدەكمىش» دېگەن پاراڭنى ئاڭلاپ قايتىپ كېلىپ، بۇ پاراڭنى ئۈچ پالۋانغا مەلۇم قىلغانىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرمۇنچە ئادەمنى باشلاپ، ناھايىتى تېزلىك بىلەن چوڭ يولغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغانىدى، كىچىك يوللارغىمۇ ئادەم قويۇۋېتىشكەنىدى. شۇڭا، ئۇلار ئىككى ئادەمنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، ليۇ گاۋنى تىرىك تۇتۇپ، ھەممىسى بىرلىكتە تۇراغا قايتىپ كەلدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى تاغ ۋاقتى بىلەن ئىبىغىر ياتقۇ بولغان مەزگىلدە، ھەممەيلەن مەردلەر سارىيىغا جەم بولۇشتى. سۇڭ جياڭ بىلەن خۇا رۇڭنى مەي ـ شاراب ۋە تۈرلۈك تائاملار بىلەن مېھمان قىلدى، سۇڭ جياڭ بىلەن خۇا رۇڭ تۆردە، ئۈچ پالۋان بولسا ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. «ھەممە ئوغلانلار مەي ئىچكەي» دەپ ئىجازەت بەردى يەن شۇن.

خۇا رۇڭ ئۈچ پالۋانغا رەھمەت ئوقۇپ:

— پالۋانلىرىم، سىلەر بىز ئىككىمىزنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئەنتىمىزنى خويمۇ ئوبدان ئېلىپ بېرىشتىلە، بۇ قىلغان ياخشىلىقىڭلارنى ھېچقاچان ئۇنتۇيالمايمىز، خوتۇنۇم بىلەن بىر كىچىك سىڭلىم شامال تۇرادا قالدى؛ ئۇلارنى خۇاڭ شىن چوقۇم تۇتۇپ كېتىدۇ، قانداق قىلىپ قۇتقۇزۇۋالغۇلۇق؟ — دېدى.

— خاتىرجەم بولسىلا تۇرابېگىم، مېنىڭچە خۇاڭ شىننىڭ ئاغىچا خېنىمنى ئېلىپ كېتىش ھەددى ئەمەس، ئېلىپ ماڭغان تەقدىردىمۇ، مۇشۇ يول بىلەن ئۆتمەي قالمايدۇ. ئەتە بىز ئۈچەيلەن

تاغدىن چۈشۈپ، ئاغىچا خېنىم بىلەن سىڭلىمىزنى قايتۇرۇپ كېلىپ، قوللىرىغا ساق ـ سالامەت تاپشۇرىمىز، — دېدى يەن شۈن. بۇ گەپنى دەپ بولۇپ، دەرھال چاپارمەنلەرنى تاغدىن چۈشۈپ، تىڭتىڭلاپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت باتۇرۇم، — دەپ تەشەككۈر بىلدۈردى خۋا رۇڭ.

— ماڭا ھېلىقى ليۇ گاۋ دېگەن بەتبەختنى ئەكېلىپ بېرىشسىلە، — دەپ تەلەپ قىلدى سۇڭ جياڭ.

— ئۇ ئەبلەخنى ئەجەل تۇۋرۇكىگە تېڭىۋەتتۇق، يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، جانابلىرىغا تۇتماقچىمىز، — دەپ جاۋاب قىلدى يەن شۈن.

— بۇ دەيۈزنىڭ يۈرىكىنى ئۆز قولۇم بىلەن سۇغۇرۇۋالمىسام دەردىم چىقمايدۇ، — دېدى خۋا رۇڭ.

— ھەي بەتبەخت، — دەپ تىللاشقا باشلىدى سۇڭ جياڭ ليۇ گاۋنى، — بىز ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كونا ئاداۋەت، يېڭى ئۆچ يوق ئىدى، سەن نېمىشقا ھېلىقى مۇناپىق خوتۇنۇڭنىڭ گېپىگە كىرىپ ماڭا زىيانكەشلىك قىلدىڭ؟ ئەمدىغۇ قولۇمغا چۈشكەنسەن، گېپىڭ بارمۇ؟

— بۇ ئەبلەختىن گەپ سوراپ نېمە قىلاتتىلا ئاغا، — دېدى خۋا رۇڭ ۋە خەنجىرىنى گاچ قىلىپ تىقىپ، ليۇ گاۋنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، سۇڭ جياڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ قويدى.

چاپارمەنلەر ليۇ گاۋنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرەپ ـ تارتىپ بىر چەتكە ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى.

— بۇ ئىپلاسنىغۇ ئۆلتۈردۇق، لېكىن ئۇنىڭ ھېلىقى پەسكەش خوتۇنىنى تېخى ئۆلتۈرمىدۇق، بۇ پەسكەش جالاپنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ، زادىلا دەردىم چىقمايدۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— خاتىرجەم بولسىلا ئاغا، — دېدى پەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭ، — مەن ئەتە تاغدىن چۈشۈپ، شۇ خوتۇننى ئېلىپ كېلەي. ئېلىپ

كەلسەم، ئۇنى ماڭا قوشۇپ قويۇشلىرىنى سورايمەن.
ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.
شۇ كېچىسى مەي ـ شارابلار ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەممەيلەن تارقاپ، دەم ـ ئاراملىرىنى ئېلىشتى. ئەتىسى تۇرۇپ، شامال تۇرانى قانداق ئېلىش ئۈستىدە مەسلىھەت ـ كېڭەشلەر قىلىشتى. يەن شۇن:
— ئوغلانلار تۇنۇگۇن تۇن بويى يول مېڭىپ چارچاپ كېتىشتى. بۈگۈن بىر كۈن دەم ئېلىشسۇن، ئەتە ئەتىگەن تۇرۇپ يولغا چىقىسىمۇ كېچىكمەيدۇ، — دېدى.
— دۇرۇس، ئوبدان ئارام ئېلىنسا، ئاتلارغا ماغدۇر، ئادەملەرگە جان كىرىدۇ، ئانچىمۇ ئالدىراپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك، — دېدى سۇڭ جياڭ.
تاغ تۇرادىكى يىگىتلەر ئۆزلىرىنى رۇسلاپ، ئاتلىرىنى راسلاپ سەپراس بولۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى سۇركاۋۇل خۇاڭ شىندىن ئاڭلاڭ.
خۇاڭ شىن ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ، شامال بازاردىكى چوڭ تۇراغا قايتىپ كېلىپ، تۇرا چېرىكلىرىنى سەپراس قىلدى ۋە تەرەپ ـ تەرەپتىكى چاقسىلارغا قاراۋۇل قويدى، ئاندىن بىر پارچە مەلۇمات يېزىپ، ئۇنى ئۇچقۇر ئاتلارغا مىنگەن ئىككى مەشقاۋۇلدىن ئايماقبېگى مۇرۇڭ بەگكە يوللىدى. بۇ مەلۇماتنىڭ چاقماق تېزلىكىدە يەتكۈزۈپ كېلىنگەن جىددىي يېغىلىق ئالاقىسى ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئايماقبېگى كېچىچە دىۋانغا ئولتۇرۇپ، خۇاڭ شىننىڭ: «خۇا رۇڭ بۇزۇلۇپ شامال تاغدىكى قاراقچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدى، شۇ تاپتا شامال تۇرا قىل ئۈستىدە تۇرۇپتۇ، ئىش چاتاق، بۇ جاينى چىڭ ساقلاشنى كۆزدە تۇتۇپ، تېزلىك بىلەن يارامىلىق قولباشلاردىن بىرنى ئەۋەتكەيلا» دەپ يېزىلغان بۇ مەلۇماتنى كۆزدىن كەچۈردى.
ئايماقبېگى بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە شۇئان كىشى چاپتۇرۇپ چىڭجۇ ئايمىقى پانسات مەھكىمىسىنىڭ ئايماقتا

تۇرۇشلۇق ئاتلىق چېرىكلەر باش بۇغى[1] چىن مىڭ قولباشنى چاقىرتىپ كېلىپ، بۇ جىددىي يىغىلىق مەلۇماتى ئۈستىدە كېڭەشمەكچى بولدى. بۇ ئادەم ئەسلىدە تاغ ئارقىسىدىكى كەيجۇ ئايمىقىدىن چىققان سەپرا مىجەز، بوغۇلغاق، چېچىلغاق، گۈر - گۈر ۋارقىرايدىغان بىر ئادەم بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنى چىن مىڭ تېرىككەك دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ ئاتا - بوۋىسىدىن بەگ - سىپاھلار بولۇپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ پۇشتى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس شۇنداق بۆرە چىشلىق گۈرزىسى بار ئىدىكى، بۇ گۈرزىسى بىلەن تۇمەن مىڭ چېرىكلەرگىمۇ بوي بەرمەيتتى.

بۇ ئادەم ئايماقبېگىنىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ ئان يامۇلغا كېلىپ بەگ بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى. ئايماقبېگى مۇرۇڭ بەگ خۇاڭ شىنىڭ چاقماق تېزلىكىدە ئەۋەتكەن مەلۇماتىنى ئېلىپ، چىن مىڭ قولباشقا كۆرسەتتى. چىن مىڭ كۆرۈپ ناھايىتى غەزەپ بىلەن:

— قىزىل ياغلىقلىقلار[2] نىمىدېگەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن - ھە ! غەم قىلمىسىلا تەخسىر، پېقىر دەرھال ئاتلىناي، ئەگەر بۇ ئوغرىنى تۇتۇپ كېلەلمىسەم، جانابلىرىنىڭ ئالدىدا يۈزۈم قارا بولسۇن ! — دېدى.

— ھوي سەردارىم، بىز مىتىق - سىتىقلاپ ئىش - كۆشلىرىمىزنى ئەپلەپ بولغۇچە بۇ نېمىلەر شامال تۇرانى سەپلەپ بولارمىكىن، — دېدى مۇرۇڭ بەگ.

— ياق، بۇ ئىشقا مىتىق - سىتىقلاپ ئولتۇرغىلى بولامدىكەن؟ بۈگۈن كېچىدە ئادەملىرىمىز بىلەن ئاتلىرىمىزنى سەپراس قىلىپ، ئەتە ئەتىگەندىلا يولغا چىقىپ كەتمىگىمىز كېرەك، — دېدى چىن مىڭ جاۋابەن.

ئايماقبېگى خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالدى ۋە شۇئان قول ئاستىدىكىلەرگە مەي - شاراب، گۆش - تائام

① باش بۇغ — باش قوماندان، سەردار دېگەن مەنىدە.

② قىزىل ياغلىقلىقلار — قاراقچىلار، ئوغرىلار دېگەن مەنىدە.

راسلاپ، چېرىكلەرنى تارتۇقلاش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىقىپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى.

خۇا رۇڭ بۇزۇلدى دېگەننى ئاڭلىغان چىن مىڭ غەزەپ بىلەن ئېتىغا مىنىپ پانسات مەھكىمىسىگە باردى ـ دە، بىر يۈز ئاتلىق، تۆت يۈز پىيادە چېرىكنى سەپراس قىلىپ، ئۇلارنى شەھەر سىرتىغا چىقىپ، يولغا تەييارلىنىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ئەمدى مۇرۇڭ بەگكە كېلەيلى، ئۇ ئالدى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر بۇتخانىدا ھور نان پىشۇرۇپ، ھاراق ـ شارابلارنى ھازىرلاپ، داستىخان تەييارلاتتى ۋە داستىخانغا ئاپقۇر ـ چىنىلەرنى تىزدۇرۇپ، ھەربىر كىشىگە ئۈچ ئاپقۇردىن مەي، ئىككىدىن ھور نان، بىر جىڭدىن پىششىق گۆش تەخلىتىپ قويدى.

دەل شۇ پەيتتە، شەھەردىن ئاتلىق ۋە پىيادە چېرىكلەر چىقىپ كەلدى. چېرىكلەر شۇنداق ھەيۋەت بىلەن چىقىپ كېلىۋاتاتتىكى ئايھاي.

نەزم

تۇغ ـ ئەلەملەر كۆكتە گويا ئوت ئىدى يالقۇنلىغان،
نەيزە ـ تىغ سانجاق ـ سانجاق دەل ـ دەرەخكە ئوخشىغان.
تۇشمۇتۇشقا يېيىلىپ لەشكەر يىلاندەك تۇزدى سەپ،
دەر ھەقىقەت جىن ـ شاياتۇنلارمۇ قورقتى ئەنسىرەپ.
قىلدى ۋال ـ ۋۇل نەيزىلەر يانغىن چېقىپ ھەر رەڭ شۇئان،
تۇغ ـ ئەلەم لەپىلدىدى پۆپۈكلىرى چوغ بوپ ھامان.
جەڭگە چۇشتى ئارغىماقلار تۇۋىقى تېپىرلىدى،
تۇتتى ئالەمنى غەزەپ كۆرگىن يىگىتتۇر كىمنىڭكى.

شۇ كۈنى چىن مىڭ تاڭ ئېتىشى بىلەنلا قوشۇننى سەپراس قىلىپ شەھەردىن چىقتى، قوشۇننىڭ ئالدىدىكى قىزىل تۇغقا

«لەشكەرلەر باش بوغى قولباش چىن مىڭ» دېگەن چوڭ خەتلەر يېزىلغان بولۇپ، ئۇ قوشۇننىڭ ئالدىدا يول باشلاپ كېلىۋاتاتتى. مۇرۇڭ بەگ چىن مىڭنىڭ باشتىن ـ ئاياغ دۇبۇلغا ـ قۇياقلار بىلەن جابدۇنغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىدە ئۇنىڭ ھەقىقەتەن تەڭداشسىز باتۇر ئىكەنلىكىگە قايىل بولدى.

## نەزم

ساۋۇتى ئۇستىدە ئۇچقۇنلاپ قىزىل چوغدەك پۆپۈك،
قىپقىزىل قان رەڭگىدە كىمخابتا تون كىيگەن تۇزۇك.
ھالقىلاپ سوققان قۇياقى خۇددى چولپاندەك سۇزۇك،
تاشپاقا پوستىدا تىككەن پۇتىدا يېشىل ئۆتۈك.
چىقسا ئاتنىڭ ئۇستىگە ئۇ شىرۇ غىلمانىنىڭ ئۆزى،
خۇددى مىختەك تاغدا سانجاق بۆرە چىشلىق گۈرزىسى.
قايىنىسا قەھر ـ غەزىپى چەكچىيەر ئىككى كۆزى،
خۇددى چاقماقتەك تېرىككەك پالىۋان چىن مىڭ ئىتى.

ئىتتىغا مىنىپ قوشۇننىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان چىن مىڭ تېرىككەك شەھەردىن چىقىپلا، قوشۇننى تارتۇقلاش ئۈچۈن شەھەر سىرتىدا كۈتۈپ تۇرغان مۇرۇڭ بەگنى كۆردى ۋە دەرھال قولىدىكى ياراغنى چېرىكلەرنىڭ بىرسىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە، كېلىپ ئايماقبېگى بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى. ئايماقبېگى شاراب تۇتۇپ باش بوغ چىن مىڭغا:

— ئىشىڭلارغا ئۇتۇق ـ نۇسرەت تىلەيمەن، تەنتەنە بىلەن قايتقايسىلەر، — دېدى.

قوشۇن تارتۇقلىنىپ بولغاندىن كېيىن بەركە پوسى ئېتىلدى، چىن مىڭ ئايماقبېگى بىلەن خوشلىشىپ، سەكرەپ ئىتىغا مىندى ـ دە، قوشۇننى سەپراس قىلىپ ئۆزى باشلاپ، قىلىچ ـ شەمشەرلىرىنى ئاسقان ھالدا دەبدەبە بىلەن شامال

تۇراغا قاراپ ماڭدى. ئەسلىدە شامال بازار دېگەن جاي چىڭجۇ ئايمىقىنىڭ تۆۋەن يېقىدا كۈنچىقىش تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، شامال تاغقا تۆۋەن تەرەپتىن بارسا يېقىنراق كېلەتتى ۋە تاغنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى چىغىر يولغىمۇ بالدۇرراق بارغىلى بولاتتى.

شامال تاغدىكى چاپارمەنلەر ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىپ، تاغقا مەلۇم قىلىپ چىقتى، تاغ تۇرادىكى باتۇرلار شامال تۇراغا تەگمەكچى بولۇپ تۇراتتى، بىردىنلا:

— ھوي، چىن مىڭ چېرىكلىرىنى باشلاپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ، ھاڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ھودۇقۇشمىسىلا، — دېدى خۇا رۇڭ، — ئەزەلدىن ياۋ لەشكەرلىرى باشقا تاقىلىپ كېلىپ قالغاندا، جان تىكىپ ئېلىشماقتىن باشقا يول بولغان ئەمەس، چاپارمەنلەر قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ھاراق - شارابىنى ئىچسۇن - دە، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ماڭسۇن. ئالدى بىلەن تىركىشىپ ئېلىشىمىز، ئاندىن ئۇنداق - مۇنداق پەنتلىرىمىزنى ئىشلىتىمىز، قانداق دېيىشىدىلا؟

— خوپ! شۇنداق قىلىش كېرەك، — دېدى سۇڭ جياڭ.

شۇ كۈنى سۇڭ جياڭ بىلەن خۇا رۇڭ مەسلىھەتىنى پىشۇرۇپ چاپارمەنلەرنى ئۆز تەييارلىقلىرىنى كۆرۈشكە بۇيرۇدى. خۇا رۇڭ ياخشى ئاتتىن بىرنى تاللاپ، قوياق كىيىمدىن بىرنى كىيىپ، ئوقيادىن بىرنى ئېسىپ، نەيزىدىن بىرنى ئېلىپ رۇسلاندى، قالغانلارمۇ تەخلىنىپ تەييار بولدى.

ئەمدى چىن مىڭغا كەلسەك، ئۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، شامال تاغنىڭ ئېتىكىگە كېلىپ، تاغدىن ئون چاقىرىم يىراقلىقتا توختىدى. ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا لەشكەرلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئاش - تاماقلىرىنى يېدى، تاماقتىن كېيىن بەرىكە پوسى ئېتىلدى، پو ئېتىلىشى بىلەنلا لەشكەرلەر توپتوغرا شامال تاغقا قاراپ چاپتى ۋە كەڭ بىر جايغا بېرىپ، سەپراس بولۇپ

تىزىلىپ، بۇرغا ـ دۇمباقلىرىنى ياڭراتتى، شۇ ئارىدا بىردىنلا تاغ ئۈستىدىن جاڭ ئۇرۇلۇپ، بىر سۇرۇك ئادەم ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چۈشتى. چىن مىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، بۆرە چىشلىق گۇرزىسىنى توغرىسىغا تۇتۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇردى، قارىسا چاپارمەنلەر كىچىك لى گۇاڭ خۇا رۇڭنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، تاغدىن چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار تاغ باغرىغا چۈشۈپ، جاڭ ئۇرۇلۇشى بىلەنلا سەپكە تىزىلىپ جەڭگە تەخلەندى. خۇا رۇڭ ئات ئۈستىدە تۆمۈر نەيزىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، چىن مىڭغا قاراپ سالام بىلدۈردى.

— خۇا رۇڭ، — دەپ ۋارقىرىدى شۇئاندا چىن مىڭ، — سەن بولساڭ ئەزەلدىن ئەمەل تۇتۇپ كەلگەن سەركەردىلەرنىڭ پۇشتى سەن، پادىشاھلىقنىڭ ئەمرى بىلەن قويۇلغان ئەمەلدارسەن، ھازىر تۇرابىگى بولۇپ، شۇنچە چوڭ يەرنى ئۆز ئالدىڭغا سوراۋاتىسەن، يېمەك ـ ئىچمەك، پۇل ـ خەجلەردىن تارتىپ ھەممە تەمىناتىڭ پادىشاھلىقتىن بولۇۋاتىدۇ، ئېيتچۇ قېنى، پادىشاھلىق ساڭا نېمە يامانلىق قىلدى؟ نېمە ئۈچۈن قاراقچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خانلىقتىن يۈز ئۆرىسەن؟ بىلىپ قوي، بۈگۈن مەن سېنى تۇتقىلى كەلدىم، مېنىڭ پوت ـ قولۇمنى بۇلغانمىسۇن دېسەڭ، ئاتتىن چۈشۈپ باغلانماققا تەييار بولۇپ تۇر.

— قۇلاق سالسىلا قولباش بېگىم، — دېدى خۇا رۇڭ كۈلۈمسىرەپ، — كەمىنە خۇا رۇڭ قانداقمۇ خانلىقتىن يۈز ئۆرۈسۇن؟ ليۇ گاۋ دېگەن ئوغرى يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، شەخسىي ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن پادىشاھلىققا چېقىشتۇرۇپ، پېقىرنى ئۆز يۇرتىغا مۇساپىر قىلىپ قويغانلىقتىن، نائىلاج مۇشۇ يەردە مۆكۈنۈپ ـ سۇقۇنۇپ يۈرۈپتىمەن، قولباش بېگىم، بۇ ئەھۋالنى ئېنىق تەكشۈرۈپ مېنى بۇ سەرسانلىقتىن قۇتۇلدۇرغايلا.

— نەۋاقىچە ئاتتىن چۈشۈپ باغلانماققا تەييار تۇرماي،

ئۇششۇقلۇق قىلىپ تۇرىسەن؟ تولا گەپ يورغىلاتما، قۇتراتقۇلۇقۇڭنى قوي، — دېدى چىن مىلىڭ ۋە يېنى - ۋېلىدىكىلەرگە قاراپ: «ئۇر دۇمباقنى» دەپ ۋارقىرىدى. ئارقىدىنلا ئۇ بۆرە چىشلىق گۇرزىسىنى پىرقىرىتىپ كېلىپ خۇا رۇڭغا ئېتىلدى. خۇا رۇڭ قاقاھلاپ كۇلۇپ:

— ھوي چىن مىڭ، مەن سېنى كاتتا سىپاھ دەپ چاغلاپتىمەن، ئەسلىدە ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدىغان بىر چۈپرەندە ئىكەنسەن. شۇ تاپتا راستلا مېنى قورقۇۋاتىدۇ دەمسەن! — دېدى - دە، نەيزىسىنى تىك كۆتۈرگىنىچە ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ چىن مىڭ بىلەن ئېلىشتى، خۇددى «تەڭتۇشلار ئېلىشقاندا كارامىتى بىلىنۇر، مەرد مەيدانغا چۈشكەندە ماھارىتى كۆرۈنەر» دېگەندەك ئىككى سەردار ماھارەت سىناشتى.

## نەزم

مىسلى جۇپ باتۇر ئارسلان شۇ تۆۋەن تاغ ئۈستىدە،
مىسلى بىر جۇپ ئەجدىھا يوقتۇر دېڭىزنىڭ كۆكسىدە.
ئەجدىھا قىلسا خىرىس گەر چوقچىيار مۈڭگۈزلىرى،
ئارسلان ئاتسا ئۆزىنى ئۈچلىنار تىرناقلىرى.
ئارىسلاننىڭ چاڭگىلى - تىرناقلىرى شۇنچە قەبىھ،
تەگسە موينى ئىلغۇسى گويا كۇمۇش قارماق كەبى؛
ئەجدىھا جۇپ مۈڭگۈزىكى چوقچىيىپ چىقسا ئەگەر،
سايىسىرىق ئالتۇن دەرەخلەرنى قەلەيدەك تىترىتەر.
ئۈستى - ئۈستى ئۇرۇلۇپ تىنماي پولات - نەيزە قىلىچ،
بۆرە چىش گۇرزە كېلىپ مىڭ مەررىلەپ تىنمايتتى ھېچ.
بۆرە چىش گۇرزە كېلىپ تەگكەندە باشقا جاق قىلىپ،
قىللا قالدى چۈشكىلى باش يەرگە شۇئان پاق قىلىپ.
كۈچ بىلەن چەنلەپ ئۇرۇلغاندا پولات نەيزە ھامان،
قارىسا قاپتۇ چىغىرتماقتەك پەقەت باغرى ئامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قولىغا تۇتقان پولات نەيزە ئاشۇ باتۇر يىگىت،
چۇشسە جەڭگە تىترىتەر يەر باغرىنى جەسۇر يىگىت.
بۆرە چىش گۇرزە قولىدا ئوينىغان شۇ پالىۋان،
قەھرىدىن لەرزىگە كەلگەي كۆك بۇلۇت ھەم ئاسمان.
بىرىدۇر دۆلەت مەدەتكارى پەلەك كۇچتۇڭگۇرى،
بىرىدۇر زىمىن ئىبدىتكارى قارا يەر ئەپتىرى.

چىن مىڭ بىلەن خۇا رۇڭ ئىككىسى تۇتۇشۇپ، قىرىق - ئەللىك قېتىم ئېلىشتى. لېكىن، ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. خۇا رۇڭ يەنە نۇرغۇن قېتىم ئېلىشقاندىن كېيىن تەڭ كېلەلمىگەندەك قىلىپ ئېتىنى بۇرىدى - دە، تاغ باغرىدىكى چىغىر يولغا قاراپ كېتىپ قالدى. چىن مىڭ غەزەپكە كېلىپ ئارقىدىن قوغلاشتى. خۇا رۇڭ نەيزىسىنى غانجۇغىغا ئىلىپ قويۇپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ۋە سول قولىدا يانى، ئوڭ قولىدا ئوقنى تۇتۇپ، يانىڭ كىرىچىنى تازا تارتىپ تۇرۇپ، كەينىگە بۇرۇلدى - دە، چىن مىڭنىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغىسىنىڭ چوققىسىنى چەنلەپ تۇرۇپ بىرنى ئېتىۋىدى، خۇددى چىن مىڭنى ئاگاھ بول دېگەندەك ئوق بىرىپ دەل ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىغا تېگىپ، ئۇستىدىكى قىزىل پۆپۈكنى ئۇزۇپ چۇشۇرۇۋەتتى. چىن مىڭ قاتتىق بىر چۆچۈپ، دەررۇ توختىدى ۋە ئوپۇل - توپۇل ئېتىنى قايرىپ، چاپارمەنلەر كېلىپ قالمىسۇن دەپ تۇرۇشىغا، ئۇلار گۇرۇلدەپ تاغقا چىقىپ كېتىشتى. خۇا رۇڭمۇ باشقا بىر يول بىلەن ئەگىپ، تاغ تۇراغا چىقىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ بىرىمۇ قالماي كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، چىن مىڭنىڭ شۇنداق زەردىسى قايىندىكى، «ھۇ بىئەدەپ لەنتى قاراقچىلار!» دەپ تىللاپ، ئادەملىرىگە: «جاڭ ئۇرۇپ، دۇمباق چېلىڭلار» دەپ ۋارقىرىدى ۋە دەرھال لەشكەرلىرىنى باشلاپ تاغقا قاراپ ماڭدى. لەشكەرلەر تەڭلا چۇقان كۆتۈردى، ھەممىنىڭ ئالدىدا پىيادە لەشكەرلەر تاغقا ياماشتى. ئۇلار ئىككى - ئۈچ

چوقىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئېگىز بىر چوقىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىردىنلا چوقىنىڭ ئۈستىدىن ئوق تاش ۋە ئوق كۆتەكلەر يېغىپ، هاك بومبىسى، ئېرىتكۈچلەر كەينى ـ كەينىدىن تاشلانغىلى تۇردى. ئالدىدا ماڭغانلاردىن قىرىق ـ ئەللىك ئادەم شۇ يەردىلا دۈم چۈشتى، قالغانلىرى بىر چامدامۇ ئىلگىرىلىيەلمەي، يەنە چېكىنىپ تاغدىن چۈشۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

چىن مىڭ مىجەزى چۇس ئادەم بولغانلىقتىن، ئوغىسى قايناپ، زادى چىداپ تۇرالمىدى ۋە لەشكەرلىرىنى باشلاپ تاغقا چىقىدىغان بىرەر ئەپلىك يولنى ئىزدىگەچ، تاغ ئايلىنىپ ماڭدى. كۈن چۈش مەزگىل بولغاندا، بىردىنلا كۈنپېتىش تەرەپتىكى تاغدىن ئۇرۇلغان جاڭ ـ جۇڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ئورمانلىق ئىچىدىن لەپپىدە بىر جۈپ قىزىل تۇغ كۆتۈرگەن بىر قوشۇننىڭ قارىسى كۆرۈندى. چىن مىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئۇلارغا ئەمدىلا تېگەي دەپ تۇرۇشىغا، هېلىقى جاڭ ـ جۇڭنىڭ ئاۋازلىرىمۇ يوقاپ كەتتى، تۇغلارمۇ كۆرۈنمەي قالدى. چىن مىڭ يول ئىزدەپ ئۇيان ـ بۇيان قارىدى، قارىسا ئوتۇن كەسلىگۈچىلەر ماڭىدىغان بىرنەچچە چىغىر يولدىن باشقا، تۈزۈكرەك بىرەر يول كۆرۈنمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گىرەلىشىپ كەتكەن توقايلىقلار يول ئاغزىنى توسۇۋالغانلىقتىن، تاغقا ئۆرلەشكە يەنە مۇمكىن بولماي قالدى.

چىن مىڭ بىرەر يول تېپىش ئۈچۈن، لەشكەرلىرىدىن بىرىنى ماڭدۇراي دەپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا لەشكەرلىرىدىن بىرى كېلىپ:

— كۈنچىقىش تەرەپتىكى تاغدىن جاڭ ئۇرۇپ قىزىل تۇغلۇق بىر قوشۇن چىقىپ كېلىۋاتىدۇ، — دېگەن خەۋەرنى مەلۇم قىلدى.

چىن مىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، شۇ تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك ئېتىلدى، بېرىپ قارىسا جاڭنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى، قىزىل تۇغمۇ كۆرۈنمەيتتى. چىن مىڭ يول

www.uyghurkitap.com

ئىزدەپ، تەرەپ - تەرەپكە چاپتى، ئەتراپتا توقايلىقتىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىدى، توقايلىقلارنىڭ دەستىدىن ھەتتا ئوتۇنچىلارنىڭ چىغىر يوللىرىمۇ توسۇلۇپ قالغانىدى. تىڭتىڭچىلاردىن يەنە بىرى كېلىپ:

— كۈنپېتىش تەرەپتىكى تاغدا يەنە جاڭ چېلىنىۋاتىدۇ، قىزىل تۇغلۇق قوشۇن يەنە چىقىپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

چىن مىڭ ئېتىنى چاپتۇرۇپ يەنە يېتىپ كەلدى، قارىسا بىرمۇ ئادەم يوق، قىزىل تۇغمۇ كۆرۈنمىدى. ئاچچىقى يامان چىن مىڭ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، چايناپ پۈركۈۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى.

چىن مىڭ كۈنپېتىش تاغدا ئۇغىسى قايناپ، ئاچچىق يۇتۇپ تۇرۇشىغا، كۈنچىقىش تاغدىن يەنە جاراڭشىپ جاڭ - جۇڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، يەنە شۇ كۈنچىقىش تاغقا چېپىپ كەلدى، كېلىپ قارىسا، قاراقچىلارنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمىدى، قىزىل تۇغلارمۇ كۆزگە چېلىقمىدى.

چىن مىڭنىڭ ئۆتى تېشىپ، ئەرۋايى ئۇچۇپ، يەنە بىر چېرىكنى تاغ بېشىغا چىقىپ، يول تېپىپ كېلىشكە ماڭغۇزاي دەپ تۇرۇشىغا، كۈنپېتىش تاغدىن يەنە بىر قىيقاسنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، چىن مىڭنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى، ئۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، يەنە شۇ تەرەپكە قاراپ چاپتى، بېرىپ قارىسا، تاغنىڭ يا ئۈستىدە، يا ئاستىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. چىن مىڭ لەشكەرلىرىگە ئىككى ياقتىن يول ئىزدىگەچ تاغقا يامىشىشنى بۇيرۇدى، شۇ ئەسنادا لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدىن بىرى:

— بۇ ئارىدا تۆۋەن كۈنچىقىش تەرەپتىكى چوڭ يولدىن باشقا، تۈزۈكرەك بىر يول يوق ئىكەن، شۇ يول بىلەنلا ماڭساق بولغۇدەك. ئەگەر بۇ ئەتراپتىكى يول بىلەن ماڭىدىغان بولساق،

بىرەر بالاغا يولۇقۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن، ــــ دېدى.
ــــ ئەگەر شۇنداق چوڭ يول بولىدىغان بولسا، كېچىچە مېڭىپ بولسىمۇ شۇ يولغا چىقىۋېلىشىمىز كېرەك، ــــ دېدى چىن مىڭ ۋە لەشكەرلەرنى ھەيدەپ، تۆۋەن كۆنچىقىش تەرەپتىكى بۇلۇڭغا يېتىپ كەلدى.
كۈن كەچ كىرىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەملەر چارچاپ، ئاتلارمۇ ھېرىپ قالغانىدى. ئەمدىلا تاغ باغرىغا يېتىپ كېلىپ، بارگاھ تىكىپ تاماق ــ پاماق ئېتىپ يەيلى دەپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا تاغ ئۇستىدىن ۋالىلداپ ئوتقاشلار كۆرۈندى ۋە گۇمبۇرلەپ چېلىنغان داقا ــ دۇمباقنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. چىن مىڭ دەرغەزەپ بولۇپ، قىرىق ــ ئەللىك ئاتلىق چېرىكنى باشلاپ، تاغقا قاراپ چاپتى. شۇ چاغدا تاغ ئۇستىدىكى ئورمانلىق ئىچىدىن ۋىژىلداپ ئوق ياغقىلى تۇردى. بۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە چېرىكلەرگە ئوق تېگىپ ياردار بولدى. چىن مىڭ نائىلاج ئېتىنى قايرىپ، تاغدىن چۈشتى ــ دە، چېرىكلەرگە: «تامىقىڭلارنى ئېتىۋېرىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. چېرىكلەر ئەمدىلا ئوت ياقاي دەپ تۇرۇشىغا، تاغ ئۇستىدىن بىردىنلا سەكسەن ــ توقسان ئوتقاش كۆرۈنۈپ، ئۇشقىرتقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. چىن مىڭ ئاچچىقى بىلەن لەشكەرلەرنى باشلاپ، تاغقا ئەمدىلا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، ئوتقاشلار بىردىنلا ئۆچۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. شۇ كېچىسى ئايدىڭ كېچە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، ھەممە ياق قاپقاراڭغۇچىلىق بولۇپ كەتكەنىدى. چىن مىڭ ئاچچىقىغا چىدىماي، «ئوتقاش يېقىپ، توقايلىقنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار» دەپ چېرىكلىرىنى بۇيرۇدى، شۇئاندا بىردىنلا يەنە تاغ ئاغزىدىن بۇرغا ــ دۇمباق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، چىن مىڭ ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ قارىسا، تاغنىڭ چوققىسىدا بىر جايدا ئون نەچچە ئوتقاش پالىلداپ يېنىپ تۇرۇپتۇ ۋە شۇ ئوتقاشلارنىڭ يورۇقىدا خۇا روڭ سۇڭ جياڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشىۋېتىپتۇ. چىن مىڭ بۇنى كۆرۈپ،

شۇنداق غەزەپلەندىكى، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، تاغ باغرىدا تۇرۇپ تازا تىل سالغىلى تۇردى.

— چېچىلمىسىلا قولباش بېگىم، هازىرچە قايتىپ كېتىپ دەم ئېلىپ تۇرسىلا، ئەتە ئۆزلىرى بىلەن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ بىر ئېلىشىپ كۆرىمەن، — دېدى خۇا رۇڭ جاۋاب قايتۇرۇپ.

— هەي ئوغرى، تاغدىن چۈش، سەن بىلەن ئۈچ يۈز قېتىم ئېلىشىپ، ئاندىن سۆزلىشىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى چىن مىڭ.

— باش بۇغ بېگىم، — دېدى خۇا رۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۈگۈن ئۆزلىرى هېرىپ قالدىلا، ئەگەر شۇ تاپتا ئېلىشىپ، ئۆزلىرىنى يېڭىۋالغىنىم بىلەنمۇ كۈچلۈك هېسابلانمايمەن، ئۆزلىرى بۈگۈن قايتىپ كېتىپ ئەتە كەلسىلە.

چىن مىڭ تېخىمۇ ئوغىسى قايناپ، پەستە تۇرۇپ تىللاۋەردى، ئەسلىدە ئۇ يول ئىزدەپ تاغقا چىقماقچى بولۇپ تۇراتتى، لېكىن خۇا رۇڭنىڭ ئوقياسىدىن قورقۇپ، پەستە تۇرۇپ تىللاۋېرىشتىن باشقا ئامال قالمىدى.

چىن مىڭ تازا تىللاپ تۇرۇۋشىغا، بىردىنلا ئۆز لەشكەرلىرى چۇقان سېلىپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. ئۇ دەرهال قايتىپ كېلىپ قارىسا، بۇ تەرەپتىكى تاغنىڭ ئۈستىدىن خۇددى ئوت - يالقۇن ياغقاندەك، ئوت تۇتاشتۇرۇلغان ئوقلار ئېتىلىپ چۈشكىلى تۇرۇپتۇ. ئارقا تەرەپتىنمۇ يىگىرمە - ئوتتۇز چاپارمەن بىر توپ بولۇۋېلىپ، قاراڭغۇدا كامالەكلەر بىلەن ئوق ياغدۇرغىلى تۇردى. چېرىكلەر قىيقاس سالغىنىچە گۇرۇلدەپ بېرىپ، نېرىقى تاغنىڭ لېۋىدىكى بىر چوڭقۇرلۇققا مۆكۈنۈۋالدى. بۇ دەل ئېغىر ياتقۇ مەهەل بولۇپ قالغان بىر چاغ ئىدى، ئەمدىلا مۆكۈنۈپ، ئۆزلىرىنى ئوقتىن ساقلىماقچى بولۇپ تۇرغان چېرىكلەر بىردىنلا چۇرقىرىشىپ كەتتى، چۈنكى تۆپە تەرەپتىن شارىلداپ سۇ ئېقىپ چۈشۈپ، چېرىكلەرنى جىلغىغا ئېقىتىپ كەتمەكتە ئىدى. چېرىكلەر جان تالىشىپ، سۇنىڭ ئىچىدە پالاقشىپ يۈردى. قىرغاقتا چىقىۋالغانلارنى چاپارمەنلەر ئىلغاق بىلەن

ئىلىنىۋېلىپ، تىرىك تۇتۇپ تاغقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى؛ قىرغاققا چىقالمىغانلىرى سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلدى.

ئەمدى گەپنى چىن مىڭدىن ئاڭلاڭ. چىن مىڭنىڭ بۇ چاغدا ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچۇپ، باشلىرىدىن تۇتۇن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. بىردىنلا يان ياقتىن بىر چىغىر يولغا كۆزى چۈشتى، ئۇ ئېتىنى غاچ بۇراپ تاغقا قاراپ چاپتى. قىرىق - ئەللىك چامدام ماڭمايلا، ئېتى بىلەن قوشۇلۇپ بىر ئورەككە چۈشۈپ كەتتى. ئورەكنىڭ ئىككى يېنىدا مۆكۈنۈپ ياتقان ئەللىكچە ئىلغاقچى دەرھال ئىلغاق سېلىپ، چىن مىڭنى ئورەكتىن ئېلىپ چىقاردى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى جەڭ تونى، قۇياق، بېشىدىكى دۇبۇلغا - يۇبۇلغىلىرىنى قويماي سالدۇرۇۋېلىپ قىلىچ - ياراغلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئارغامچا بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، ئېتى بىلەن قوشۇپ، شامال تاغقا ئېلىپ كەلدى.

ئەسلىدە بۇ تۇزاقلارنىڭ ھەممىسىنى خۇا رۇڭ بىلەن سۇڭ جياڭ ئويلاپ تاپقانىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن چاپارمەنلەرنىڭ بىر بۆلىكىنى كۈنچىقىش ياققا، بىر بۆلىكىنى كۈنپېتىش ياققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، چاپارمەنلەر چىن مىڭنى ئۇياق - بۇياققا ئازغاشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئادەملىرىنى چارچىتىپ، ئاتلىرىنى ھاردۇرۇۋەتتى ۋە باشلىرىنى گاڭگىرىتىپ، ئۆزلىرىنى قايمۇقتۇرۇۋەتتى. توپا قاچىلانغان ماتا خالتىلار بىلەن ئىككى جىلغىنىڭ سۇيىنى بوغۇپ تەييار قىلىپ قويۇپ، يېرىم كېچىگە بارغاندا، ئۇلارنى جىلغىنىڭ ئىچىگە سىغداپ چۈشۈرۈپ، ئۈستىدىن سۇ قويۇۋەتتى. شارىلداپ ئېقىپ كەلگەن سۇ ئۇلارنىڭ ئادەم - پادەم، ئات - ماتلىرىنى غەرق - مەرق قىلىۋەتتى. دېمەككى، چىن مىڭ باشلاپ كەلگەن بەش يۈزچە ئادەم ۋە ئاتنىڭ تەڭدىن تولىسى سۇغا غەرق بولۇپ تۈگەشتى، بىر يۈز ئەللىك - ئاتمىش ئادەم تىرىك تۇتۇۋېلىندى، يەتمىش - سەكسەن ئات قولغا چۈشتى. قىسقىسى، بىرەرمۇ ئادەم ياكى ئات قېچىپ

قۇتۇلالمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا چىن مىڭنىڭ ئۆزىمۇ ئېتى بىلەن ئورەككە چۈشۈپ تىرىك قولغا چۈشتى.

چاپارمەنلەر چىن مىڭنى تىرىك تۇتۇپ، تاغ تۇراغا ئېلىپ بارغاندا تاڭ خېلى يورۇپ قالغانىدى. بەش پالۋان مەردلەر سارىيىدا ئولتۇراتتى، چاپارمەنلەر چىن مىڭنى باغلاپ سارايىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. خۇا رۇڭ ئۇنى كۆرۈپ ، دەرھال ئورۇندۇقتىن سەكرەپ پەسكە چۈشتى ـ دە، ئارغامچىنى ئۆز قولى بىلەن يېشىپ، چىن مىڭنى سارايغا يۆلەپ ئېلىپ چىقتى ۋە بېشىنى يەرگىچە ئېگىپ تەزىم قىلدى. چىن مىڭ دەرھال تەزىم قايتۇرۇپ:

— مەن بولسام قولغا چۈشكەن ئادەم، نېمە قىلمىۋەتسەڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئىختىيارى، نېمىشقا ماڭا تەزىم قىلىپ يۈرىسىلەر؟ — دېدى.

— چاپارمەنلەر جانابلىرىنى تونۇماي، قارامىلىق قىلىپ قويۇپتۇ، گۇناھىمىزنى كەچۈرسىلە، — دېدى خۇا رۇڭ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ۋە دەرھال ئۈستىباش ئەكەلدۈرۈپ چىن مىڭغا كىيدۈرۈپ قويدى.

— باش بولۇپ تۇرغان بۇ باتۇرىمىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى خۇا رۇڭدىن چىن مىڭ.

— بۇ كىشى پېقىر خۇا رۇڭنىڭ ئاكىسى بولىدۇ، يۈنچېڭ ناھىيەسىدىكى مىرزا سۇڭ جياڭ دېگەن كىشى شۇ. بۇ ئۈچەيلەن بولسا تاغ تۇرانىڭ سەردار بەگلىرى بولىدۇ: يەن شۇن، ۋاڭ يىڭ، جېڭ تيەنشۇ دېگەن كىشىلەر شۇ، — دەپ تونۇشتۇردى خۇا رۇڭ.

— بۇ ئۈچەيلەندىن خەۋىرىم بار، سۇڭ مىرزا ھېلىقى شەندۈڭلۈق شىپالىق يامغۇر سۇڭ دانىش دەپ ئاتىلىدىغان كىشى شۇ بولمىسۇن يەنە؟ — دېدى چىن مىڭ.

— پېقىر دەل شۇ كىشى بولىمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ جاۋابەن.

— ناملىرىنى ئۇزاقتىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتاتتىم، ھەي،

ھەي، خويمۇ ئـوبدان ئۆچرىـشىپ قالـدۇق ـ ھە ! ــ دېدى چىــن مـىلى تەزىم قىلىپ.

سۇلى جياڭ يېنىش ـ يېنىشلاپ تەزىم قىلدى.

چىن مىلى سۇلى جياڭنىڭ پۇتىنىڭ بىر قانداق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ ئاغا، مۇبارەك پۇتلىـرى بىر قـانـداق تۇرىدىغـۇ؟ ــ دەپ سورىدى سۇلى جياڭدىن.

سۇلى جياڭ چىــن مىڭغا ئۆزىنىـڭ يۇنچېڭ ناھىـيەسىـدىــن چىقىپ، تا ليۇ گاۋنىڭ ئېسىـپ ئۇرغانـلىقىـغا قەدەر كۆرگـەن ـ تارتقـانلىرىـنى باشتــىن ـ ئايىـغىغــچە بىر ـ بىرلەپ سۆزلـەپ بەردى.

ــ بىـر تەرەپىنىـڭلا گېپىـگە قۇلاق سېلىپ، كـۆپ ئىشلارغـا ئۇۋالچىلىق سالپتىمىز، ــ دېدى چىن مىلى بېشىنى چايقـاپ، ــ پېقىر ئەمـدى ئايماقـقا قايتىـپ بېرىـپ، مۇرۇلى بېگىـمگـە بـۇ ئەھۋاللارنى ئېنىقى بىلەن يەتكۈزىمەن.

يەن شۇن چىــن مىڭنـى بىرنەچچە چاغ تـۇرغـۇزۇپ قېلىــش نىيىتـى بىلەن ، دەرھـال ئات ـ كالىــلارنى سويدۇرۇپ، گـۆش تارتىپ، مەي ـ شارابلار بىلەن مېھمان قىلـدى. ھېلىـقى تىرىـك تۇتۇپ چىقىپ، تاغنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆيلەرگە قامـاپ قويۇلغـان چېرىكلەرنىمۇ ئاش تارتىپ، مەي ـ شاراب بىلەن كۈتۈۋالدى.

چىن مىلى بىرنەچچە قەدەھ مەي ئىچكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ شىرمەردلىرىم، سىلەر مېنى ئۆلتۈرمىگەنىنىڭ ئۈستىگـە، دۇبۇلغا ـ قـۇياقلىـرىمنى ۋە ئـات ـ ياراغلىـرىمنىـمۇ قايتـۇرۇپ بەردىڭلار، بۇ ياخشىلىـقىڭلارغـا مىلى ـ مىـلى رەھمەت، ئـەمـدى ئايماققا قايتاي.

ــ يېڭىلىشۋاتىدىلا قولباش بېگىم، ئۆزلىرى ئەگەشتـۇرۇپ كەلگەن بەش يۈز چېرىك ئات ـ ياتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بىرىمۇ قالماي تۇگىدى. ئەمدى ئايماققا نېمە دەپمۇ بارالا؟ مۇرۇلى بېگىم

ئۆزلىرىنى جازاغا تارتماي قويامدۇ؟ ھەر ھالدا بۇ جەزىرە تاغ تۇرادا بىر مەزگىل تۇرۇپ تۇرغانلىرى ياخشى، ئەسلىدە ئۆزلىرىگە بۇ يەر لايىق ئەمەس، ئەلۋەتتە، بىراق ئايماقتىكى كاتتا سۇپەت بېگىملەرنىڭ ئىزا - ئاھانەتلىرىنى تارتىپ، ئېچىلىرىنى ئاچچىق قىلىپ يۈرگەندىن كۆرە، بۇ يەردە بىز بىلەن غەلىيان كۆتۈرۈپ، تاپقان - تەرگەن ئالتۇن - كۈمۈشلىرىمىزنى تەڭ خەجلەپ، كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى كەڭ - كۈشادە كىيىپ ئۆتكەنلىرى تۈزۈك بولماسمۇ؟ — دېدى يەن شۈن.

— پېقىرنىڭ تىرىكىمۇ، ئۆلۈكىمۇ ئۇلۇغ سۇڭ خانىدانلىقىنىڭ، — دېدى چىن مىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ۋە سارايدىن سىرتقا چىقىپ تۇرۇپ، — خاندانلىق مېنى لەشكەرلەرگە باش بوغ قىلدى ۋە قوشۇمچە قولباشلىق مەنسىپىگە قويدى. يەنە كېلىپ ماڭا ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدى، شۇنداق ئىكەن، مەن قانداقمۇ خانلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، قاراقچىلىق يولىغا دەسسەيمەن؟ مېنى ئۆلتۈرسەڭلار ئۆلتۈرۈڭلاركى، ئۆزىمىزگە قوشۇۋالىمىز دەپ خام خىيال قىلماڭلار.

— خاپا بولماي، گېپىمگە بىر قۇلاق سالسىلا ئاغا، — دېدى خۇا رۇڭ سارايدىن چىقىپ ۋە چىن مىڭنى تۇتۇپ، — مەنمۇ خانلىق بەگلىرىنىڭ ئوغلى بولىمەن، ئىلاج بولمىغانلىقتىن، مانا مۇشۇ يەرلەردە قاڭقىرىپ يۈرۈپتىمەن. باش بوغىمىز غەلىيانچىلىقنى خالىمىغان يەردە، بىز قانداقمۇ زورلاپ تۇتۇپ قالالايمىز؟ كىچىككىنە ئولتۇرۇپ بەرسىلە، زىياپىتىمىز تۈگىگەندىن كېيىن پېقىر ئۆز قولۇم بىلەن دۇبۇلغا - قۇياقلىرىنى كىيدۈرۈپ، قورال - ياراغلىرىنى تۇتقۇزۇپ، ئاتلىرىنى توقۇپ مىنگۈزۈپ، چىرايلىق يولغا سېلىپ قويىمەن.

چىن مىڭ نەدىكىنى ئولتۇرسۇن، خۇا رۇڭ يەنە نەسىھەت قىلىپ:

— باش بوغ بېگىم، ئۆزلىرى كېچىچە ئۇياق - بۇياققا چېپىپ چارچاپ كەتتىلە، بۇنىڭغا ئادەم چىدىغىلى بولمايدۇ. ئاتلىرىنى

تويغۇزۇپ قويمىساق بولامدۇ؟ — دېدى.

چىن مىلىڭ ئاڭلاپ، ئىچىدە ئۇنى توغرا ئېيتىدۇ دەپ ئويلىدى ـ دە، قايتىدىن سارايغا كىرىپ، مەي ئىچىشكە ئولتۇردى. بەش پالۋان نۆۋەت بىلەن مەي قۇيۇپ، ھۆرمەت بىلەن قەدەھ تۇتتى. چىن مىلىڭ بىر ياقتىن چارچاپ قالغاچقا، بىر ياقتىن پالۋانلارنىڭ كەينى ـ كەينىدىن تۇتقان مەيلىرىنى قايتۇرماي ئىچىۋەتكەچكە، مەست بولۇپ قالدى، پالۋانلار ئۇنى يۆلەپ ئاپىرىپ چىمىلدىقتا ياتقۇزۇپ قويدى ۋە ھەممەيلەن ئۆز ئىشلىرىغا كەتتى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى چىن مىڭدىن ئاڭلاڭ. چىن مىلىڭ شۇ ياتقىنىچە ئۇخلاپ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئويغاندى ـ دە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئاغزى ـ بۇرنىنى چايقاپ، يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ تاغدىن چۈشۈشكە ئالدىرىدى. پالۋانلار ھەممىسى كېلىپ:

— باش بۈغ بېگىم، ئاۋۋال ناشتا قىلىپ، ئاندىن يولغا چىقسىلا، بىز ئۇزىتىپ قويىمىز، — دېيىشتى.

ئالدىراقسان چىن مىلىڭ زادى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. پالۋانلار ئالدىراپ ـ تېنەپ داستىخان سېلىپ ئازراق مەي بىلەنلا مېھمان قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ دۇبۇلغا ـ قۇياقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ كىيىندۇردى، ئېتى بىلەن بۆرە چىشلىق گۇرزىسىنىمۇ يەتكۈزۈپ كەلدى، كۈتۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئالدىدىن بىرنەچچە ئادەمنى پەسكە چۈشۈرۈۋەتتى، چىن مىلىڭ ئېتىغا مىنىپ، گۇرزىسىنى ئېلىپ يولغا چىقتى، بەش پالۋان بىللە تاغدىن چۈشۈپ خوشلىشىپ ئۇزىتىپ قويدى.

چىن مىلىڭ گۇرزىسىنى ئېلىپ ئېتىغا مىندى ـ دە، كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەن بىر چاغدا شامال تاغدىن يولغا چىقىپ، چىڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ ئۇچقاندەك چاپتى. ئون چاقىرىمچە يول مېڭىپ، چۈشكە يېقىن بىر چاغقا بارغاندا، يىراقتىن بىر ئىس ـ تۈتەكنىڭ قارىسى كۆرۈندى، ئەمما بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. چىن مىلىڭ بۇنى كۆرۈپ، باشقىچىلا بىر گۇمانلارغا كەلدى ۋە

شەھەر سېپىلىنىڭ ياقىسىغا بېرىپ قارىدى، قارىسا ئەزەلدىن بۇ ئەتراپتا ياشاپ كەلگەن نەچچە يۈز ئۆيلۈك ئادەمنىڭ ئۆيۋاقى كۆيدۈرۈلۈپ بىر پارچە ئاپپاق خارابىلىككە ئايلاندۇرۇلۇپ، تۆپ ـ تاراس قىلىۋېتىلىپتۇ، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ھەددى ـ ھېسابىسىز ئىدى. چىن مىڭ بۇ ھالنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئېتىنى قامچىلىغان پېتى چېپىپ خارابىلىككە باردى، ئاندىن سېپىل تۈۋىگە بېرىپ، «قوۋۇقنى ئېچىش» دەپ سۈرەن سالدى، قارىسا قوۋۇقنىڭ ئالدىدىكى ئاسما كۆۋرۈكنى ئېگىزگە تارتىپ ئېسىلدۇرۇپ قويۇپتۇ ۋە تۇغ ـ ئەلەملەرنى قاداپ، ئوقتاش ۋە ئوقكۆتەكلەرنى قاتىرىسىغا تىزىۋېتىپتۇ. چىن مىڭ ئېتىنى توختىتىپ:

— كۆۋرۈكنى چۈشۈرۈش، شەھەرگە كىرىمەن، — دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى.

سېپىلنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ چىن مىڭنى كۆزىتىپ تۇرغان ئادەملەر بىردىنلا داقا ـ دۇمباق ياڭرىتىپ، چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— مەن باش بۇغ چىن مىڭ بولىمەن، نېمىشقا قوۋۇقنى ئېچىپ بېرىشمەيسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى چىن مىڭ.

— ھەي ئەبلەخ، — دېدى دەل شۇ چاغدا سېپىلنىڭ كۇنگۇرىسىدە قاراپ تۇرغان مۇرۇك بەگ ۋارقىراپ، — سەندە ئار ـ نومۇس دېگەن نەرسە بارمۇ! كېچە چېرىكلىرىڭنى باشلاپ كېلىپ، شەھەرنى ئالىتوپىلاڭ قىلىۋەتتىڭ، نۇرغۇنلىغان ياخشى پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆيۋاقىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، تۆپ ـ تاراس قىلىۋەتتىڭ. ئەمدى كېلىپ قوۋۇقنى ئېچىپ بېرىش دەپ گوللاۋاتىسىنا تېخى. سەن مۇناپىققا خاندانلىق نېمە يامانلىق قىلدى؟ ۋاپاغا جاپا قىلىپ، شۇنداقمۇ يۈز قارىلىق قىلامسەن! بىز خاندانلىققا مەلۇم قىلىپ كىشى ئەۋەتتۇق، قاچان بولمىسۇن كېلىپ سېنى تۇتۇپ، تېرەڭنى تەتۈر سويىدۇ.

— ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ تەخسىر، — دېدى چىن مىڭ ئۈنلۈك توۋلاپ، — پېقىر لەشكەرلىرىمدىن ئايرىلىپ، قاراقچىلارنىڭ

قولىغا چۈشۈپ قالدىم، قاراقچىلار مېنى تۇتۇۋېلىپ تاغقا ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. مانا ئەمدى قۇتۇلۇپ كېلىشىم، مەن قانداقسىغا كېچە كېلىپ شەھەرنى ئالتوپىلاڭ قىلغۇدەكمەن.

— مەن سېنىڭ مىنگەن ئېتىڭنى، كىيگەن دۇبۇلغا - قۇياقلىرىڭنى، قولۇڭدىكى قورال - ياراغلىرىڭنى بىلمىگۇدەكمەنمۇ، سەن مۇناپىقنىڭ قاراقچىلارنى باشلاپ يۇرۇپ، ئۇچرىغاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆيۋاقلىرىنى كۆيدۈرۈپ، چېپىپ يۇرگەنلىكىڭنى شەھەردىكى جىمى ئادەم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ، سەن بۇنىڭدىن تانالامسەن؟ سەن ئۆزۈڭچە مېنى قاراقچىلار تۇتۇۋېلىشتى دەيسەن، ئۇنداق بولسا، نېمىشقا بەش يۇز چېرىكنىڭ بىرەرى بولسىمۇ قېچىپ كېلىپ خەۋەر قىلىشمايدۇ؟ سەن خىيالىڭچە قوۋۇقنى ئاچۇرۇپ كىرىپ، بالىچاقىلىرىڭنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى تېخى، بىلىپ قوي، خوتۇنۇڭنىڭ كاللىسى ئاللىقاچان ئېلىندى، ئىشەنمىسەڭ مانا قارا، — دېدى مۇرۇڭ بەگ ۋارقىراپ.

چېرىكلەر ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ كاللىسىنى نەيزىگە سانجىپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتتى. تېرىككەك چىن مىڭ خوتۇنىنىڭ كاللىسىنى كۆرۈپ، يۇرىكى شۇنداق مۇجۇلدىكى، ئىچ - ئىچى لەختە - لەختە بولۇپ ئاھ ئۇرۇپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي، غىتقىدە بولۇپ قالدى. سېپىلنىڭ تۆپىسىدىن ئوق ياغدۇرۇلدى، چىن مىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇپ دالدىغا ئالدى، ھەممە ياق يېلىنجاپ، توختىماستىن كۆيۈۋاتاتتى.

چىن مىڭ ئېتىنى قايرىپ يەنە بايىقى خارابىلىككە كەلدى - دە، شۇ يەردە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇسى كېلىپ كەتتى، كېيىن بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى - دە، بايىقى كەلگەن كونا يولغا چۈشۈپ قۇيرۇقىنى تىكىۋەتتى. ئۇ مېڭىپ - مېڭىپ نەچچە چاقىرىمچە يەرگە بارغاندىن كېيىن بىر ئورمانلىقنىڭ ئىچىدىن ئات — ئارغىماقلارغا مىنگەن بىر توپ ئادەم چىقىپ كەلدى. ھەممىنىڭ ئالدىدىكى بەش ئاتقا بەش پالۋان

كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىنگەندى. بۇ پالۋانلار باشقا كىشى ئەمەس، دەل سۇڭ جياڭ، خۇا رۇڭ، يەن شۈن، ۋاڭ يىڭ، جېڭ تيەنشۇلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سوڭدىشىپ ماڭغانلار بىر ـ ئىككى يۈز چاپارمەن ئىدى. سۇڭ جياڭ ئات ئۈستىدە ئېگىلىپ تۇرۇپ:

— باش بوغ بېگىم، ئايماقتا قايتماپلىغۇ؟ يەككە ـ يېگانە مېڭىپ قاياققا سەپەر قىلىدىلىكىن؟ — دېدى.

— قايسى مۇتتەھەم، ئۆلمىگۈر ئوغرى شۇنداق قىلدىكىن، — دېدى چىن مىڭ زەردىسى بىلەن، — مېنىڭ سىياقىمغا كىرىۋېلىپ، شەھەرگە بېسىپ كىرىپتۇ، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، بىگۇناھ ئادەملەرنى قىرىۋېتىپتۇ، ھەتتا مېنىڭ خوتۇن ـ بالىچاقىلىرىمنىمۇ ساق قويماپتۇ؛ ئەمدى مەن ئۈچۈن ئاسمانغا چىقاي دېسەم يىراق، يەرگە كىرەي دېسەم قاتتىق كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر شۇ مۇناپىقنى تېپىۋالسام ئىدىم، مۇشۇ گۈرزەم بىلەن يانجىپ مېجىقىنى چىقىرىۋېتەتتىم!

— ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە باش بوغ بېگىم، — دېدى سۇڭ جياڭ، — خېنىمىدىن ئايرىلىپ قالدىم دەپ غەم قىلمىسىلا، بۇنىڭمۇ كارى چاغلىق، يېقىن ئۆزلىرىگە لايىق تېپىپ بېرىمەن. مېنىڭ ئۆزلىرىگە شۇنداق ياخشى بىر مەسلىھەتىم باركى، باش بوغ بېگىم، ئاۋۋال قايتايلى، بۇ يەر گەپلەشىدىغان يەر ئەمەس. تاغ تورىغا بارغاندىن كېيىن سۆزلەپ بېرەي. يۈرسىلە بىللە قايتايلى.

چىن مىڭ نائىلاج ماقۇل كېلىپ، شامال تاغقا يەنە قايتىپ كەلدى. ئۇلار يول بويى لام ـ جىم دېيىشمەي ماڭدى، بىردەمدىلا تاغ ئالدىدىكى شىپاڭنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ھەممە بىرلىكتە تاغ تورىغا كىردى. چاپارمەنلەر مەردلەر سارىيىغا داستىخان سېلىپ، مەي ـ شاراب، مېۋە ـ چېۋە ۋە كۆك ـ گېزەكلەر راسلاپ قويغانىدى. بەش پالۋان چىن مىڭنى تەكلىپ قىلىپ سارايغا ئېلىپ كىردى، ھەممەيلەن ئۇنى خوش ـ خوش قىلىپ تۆرگە ئولتۇرغۇزدى. بەش پالۋان تەڭلا يۈكۈنۈپ

چىن مىڭغا تەزىم بىلدۈردى، ئۇمۇ دەرھال تەزىم قايتۇرۇپ، يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— بىزدىن ئاغرىنمىسىلا باش بۇغ بېگىم، — دەپ سۆز باشلىدى سۇڭ جياڭ، — تۈنۈگۈن ئۆزلىرىنى تاغدا قېلىپ قالسىلا دېسەك زادى ئۇنىمىدىلا، شۇنىڭ بىلەن پېقىر مۇنداق بىر ھىيلىنى ئويلاپ چىقىپ، چاپارمەنلەردىن بىرىگە جانابلىرىنىڭ دۇبۇلغا - قۇياقلىرىنى كىيدۈرۈپ، ئاتلىرىنى مىندۈرۈپ، گۈرزىلىرىنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنى خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاش قىلىپ ياساندۇرۇپ، چىڭجۇ شەھىرىگە يولغا سالدۇق. ئۇ قىزىل ياغلىقلىقلارنى باشلاپ بېرىپ، ئۇچرىغاننى قىرىپ - چېپىپتۇ؛ كېيىن ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، يەن شۈن بىلەن يەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭمۇ ئەللىك نەچچە ئادەمنى باشلاپ كەتكەندى. ئۇلار بېرىپ جانابلىرىنىڭ بالىچاقىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمىز دەپ ئۆيلىرىگە بېرىپتۇ. شۇ ئارىدا ئۇچرىغان ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆيۋاقىلىرىغا ئوت قويۇۋېتىپتۇ. ئۆزلىرىنى قايتىش نىيىتىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق ۋەقەلەر بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىدىن گۇناھىمىزنى سورايمىز.

چىن مىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىچىدە شۇنداق بوغۇلدىكى، سۇڭ جياڭلار بىلەن بىر ئېلىشماقچى بولۇپ، يەنە ئۆزىنى توختىتىۋالدى ۋە ئىچىدە: «بىرىنچىدىن، مېنىڭ يۇلتۇزۇمنىڭمۇ مۇشۇلارغا قوشۇلىدىغانلىقى پېشانەمگە پۈتۈلۈپتىكەن؛ ئىككىنچىدىن، بۇلارنىڭ قولىغا بەند بولۇپ قالدىم، شۇنداق بولسىمۇ مېنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مەن بولسام يالغۇز ئۇلارغا كۈچۈم يەتمەيدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئاچچىقىغا ھاي بەردى ۋە سۇڭ جياڭغا قاراپ:

— سىلەر مېنى ياخشى نىيەت بىلەن قېلىپ قېلىشقا دەۋەت قىلغان بولساڭلارمۇ، بىراق مېنى خوتۇن - بالىچاقىلىرىمدىن

ئايرىپ بەكمۇ ئەلەم قىلدىڭلار ـ دە، ــ دېدى.

ــ مۇنداق قىلمىساق، ــ دېدى سۈك جياڭ جاۋابەن، ــ قايتىش نىيەتلىرىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل يېنىشلىرى مۇمكىنمىدى ئاغا؟ ئەمدى يەڭگە خېنىمنىڭ يوقلۇقىغا كەلسەك، پېقىر خۇا رۇڭ بېگىمنىڭ ناھايىتى ئەقىللىك بىر سىڭلىسى بار دەپ ئاڭلىدىم، مەن ئۆزلىرىگە ئاتا بولۇپ، تويغا كېتىدىغان ھەممە خەج ـ خىراجەتنى ئۆزۈم راسلاپ، شۇ قىزنى جانابلىرىغا ئېلىپ بەرسەم قانداق؟

چىن مىڭ ھەممەيلەننىڭ شۇنچە ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قىلىپ قىلىشقا ماقۇل بولدى.

ھەممەيلەن سۈك جياڭنى ئوتتۇرىدا، چىن مىڭنى تۆردە، خۇا رۇڭنى يان تەرەپتە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۈچ پالۋان ئۆز تەرتىپلىرى بويىچە ئولتۇرغاندىن كېيىن كاتتا زىياپەت قىلىپ ئولتۇرۇشۇپ، شامال تۇرانى قانداق ئېلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. چىن مىڭ:

ــ بۇ ئىش ئاسان، غەم قىلىشمىسىلا. بىرىنچىدىن خۇاڭ شىن بولسا مېنىڭ قول ئاستىمدىكى ئادەم. ئىككىنچىدىن ئۇ مەشىق ـ ماھارەتنى پېقىردىن ئۆگەنگەن. ئۈچىنچىدىن ئۇ مەن بىلەن ناھايىتى ياخشى. ئەتە مەن ئالدى بىلەن ئۆزۈم بېرىپ چاقىسىنى ئاچۇرىمەن ـ دە، بىسمىللاسىغا «بوي ئېگىپ تويقا قوشۇل !» دەيمەن، ئاندىن خۇا رۇڭنىڭ ئەزىز ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تېپىپ، لىيۇ گاۋنىڭ ھېلىقى پاسىق خوتۇننى قولغا چۈشۈرۈپ، ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا ئېلىپ كېلىپ، ئەزىز بۇرادەرلىرىمىزنىڭ ئۆچ ـ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەرسەم قانداق؟

ــ ئەگەر باش بۇغ جانابلىرى ئىلتىپات كۆرسەتسىلە، ھەممەتلىرىگە مىڭ ـ مىڭ رەھمەت ئوقۇيمىز ! ــ دېدى سۈك جياڭ بەكمۇ خۇش بولۇپ.

شۇ كۈنى ئولتۇرۇش ئاخىرلىشىپ، ھەممە ئۆز جايلىرىغا قايتىشتى. ئەتىسى سەھەر تۇرۇشۇپ، ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ھەممىسى دۇبۇلغا ـ قۇياقلىرىنى كىيىشىپ تەييار بولۇشتى. چىن مىڭ ئېتىغا مىنىپ گۈرزىسىنى ئېلىپ، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا تاغدىن چۈشتى ـ دە، شامال بازارغا قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

ئەمدى خۇاڭ شىنغا كەلسەك، ئۇ شامال بازارغا بارغاندىن كېيىن بازاردىكى ئاھالە بىلەن چېرىكلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، تۇرا يىگىتلىرىنى سەپراس قىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز قوغدىنىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، چاقسا ـ قوۋۇقلارنى چىڭ ساقلىدى، ئەمما ئۇرۇشقا چىقىشتىن قورقۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە تىڭتىڭچى قويۇۋەتتى. چىڭجۇ ئايمىقىدىن چېرىك چىقىرىپ تاقابىل تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ ھېچقانداق ئۇچۇر بولمىدى. دەل شۇ پەيتتە، چېرىكلەر: «چىن مىڭ قولباش ئۆزى يالغۇز بىر ئاتنى مىنىپ كېلىپ، چاقسىنى ئېچىپ بېرىڭلار دەپ قاشا سىرتىدا تۇرۇپتۇ» دېگەن خەۋەرنى مەلۇم قىلىپ كىردى. خۇاڭ شىن ئاڭلاپ، دەرھال ئېتىغا مىندى ـ دە، چېپىپ بېرىپ چاقسىنىڭ ئەتراپىغا قارىدى. قارىسا ھېچقانداق ھەمراھسىز، يەككە ـ يېگانە بىر ئادەم ئېتىغا مىنىپ چاقسا تۈۋىدە تۇرۇپتۇ. خۇاڭ شىن دەرھال چاقسىنى ئاچۇرۇپ ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشەرتتى ۋە چىن مىڭ قولباشنى قارشى ئېلىپ، ئۇدۇل تۇرا مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى، چىن مىڭ ئاتتىن چۈشۈپ مەھكىمىگە قاردى، ئۇلار سالام ـ سەھەت قىلىشىپ، تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن:

—— قولباش بېگىم، قانداق بولۇپ يالغۇز كېلىپ قالدىڭلا؟ —— دەپ سورىدى خۇاڭ شىن.

چىن مىڭ ئاۋۋال چېرىكلىرىنىڭ قانداق ۋەيران بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن:

— بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان، مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان ۋە ئالەمدىكى مەرد يىگىتلەرنى دوست ـ يار تۇتۇشقا ھېرىس شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر سۇڭ دانىشقا ئاپىرىن ئوقۇمايدىغان كىم بار؟ ھازىر ئۇ كىشى شامال تاغدا ئىكەن، مەنمۇ شۇ تاغدىكى تۇرا ئەھلىنىڭ توپىغا قوشۇلدۇم. سىزنىڭ تارتىشىدىغان بالىچاقىڭىزمۇ يوق، گېپىمگە كىرسىڭىز سىزمۇ شۇ توپقا قوشۇلۇڭ، قەلىمى سىپاھلارنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى تارتىپ يۈرمەيسىز، — دېدى.

— شاپائەتلىك بېگىمنىڭ مەسلىھەتىگە كىرمەسكە نېمە ھەددىم؟ — دېدى خۇاڭ شىن جاۋابەن، — سۇڭ دانىشنىڭ بۇ تاغدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن، ئەمدى ئاڭلاۋاتىمەن، قاياقتىن كەپتىمىش؟

— ھېلىقى سىز ئېلىپ بارغان يۈنچېڭ قايلىنى جاڭ سەن دېگەن كىشى شۇ ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ سۇڭ جياڭ ئىكەنلىكىنى سوراقتا تارتىلغاندا بىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئات ـ ئۇچۇرىنىڭ راستىنى ئېيتىشتىن قورقۇپ، ئۆز ئىنىسى جاڭ سەن دەپ ئېيتىپ بەرگەنىكەن، — دېدى چىن مىڭ كۈلۈپ.

— ئەگەر مەن ئۇ كىشىنىڭ سۇڭ دانىش ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، يول ئۈستىدىلا قويۇۋېتىدىكەنمەن، كەم ئەقىللىك قىلىپ، يالغۇز ليۇ گاۋنىڭلا گېپىگە كىرىپ، ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغىلى تاسلا قاپتىمەن، — دېدى خۇاڭ شىن ئاڭلاپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ.

چىن مىڭ بىلەن خۇاڭ شىن ئىككىسى ئارامگاھتا مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا، تۇرا يىگىتلىرىدىن بىرى كىرىپ:

— داقا ـ دۇمباقلىرىنى ياڭرىتىپ، ئىككى بۆلەك لەشكەر بازارغا بېسىپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

چىن مىڭ بىلەن خۇاڭ شىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاتلىرىغا مىندى ـ دە، كېلىۋاتقان بۇ ياۋنىڭ ئالدىغا قاراپ چاپتى.

لەشكەرلەر چاقسىنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىسا، جاھاننى چاڭ ـ توزان باسقان، ئالەمنى چۇقان قاپلىغان بولۇپ، ئىككى بۆلەك لەشكەر تۇغ ئويىنىتىپ بازارغا بېسىپ كېلىۋېتىپتۇ، تۆت پالۋان تاغدىن چۈشۈۋېتىپتۇ. چىن مىڭ بىلەن خۇاڭ شىنىنىڭ ياۋغا قارشى زادى قانداق تاقابىل تۇرغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز بەشىنچى باب

## شى يۈكى زەردارنىڭ يېزا مەيخانىسىدا خەت بەرگەنلىكى كىچىك لى گۇاڭنىڭ لياڭشەن تېغىدا تۇرنا ئاتقانلىقى

شۇ ئارىدا چىن مىڭ بىلەن خۇاڭ شىن چاقىسىدىن چىقىپ ئۇيان ـ بۇيان قارىدى، قارىسا بايىقى ئىككى يۈنىلىش بويىچە سەپ تارتىپ كېلىۋاتقان ئىككى بۆلەك ئاتلىق لەشكەر چاقىسىغا يېقىنلا كېلىپ قاپتۇ، بۇ لەشكەرلەرنىڭ ھەربىر يۈنىلىشىدە بىر يۈز ئەللىك نەچچىدىن ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر يۈنىلىشىنى سۈك جياڭ بىلەن خۇا رۇڭ، يەنە بىر يۈنىلىشىنى يەن شۇن بىلەن پەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭ باشلاپ كېلىۋېتىپتۇ. خۇاڭ شىن تۇرا يىگىتلىرىنى ئاسما كۆۋرۈكنى چۇشۇرۇپ، تۇرا قوۋۇقىنى ئېچىۋېتىشكە بۇيرۇدى. يىگىتلەر قوۋۇقنى ئېچىپ، لەشكەرلەرنى قارشى ئالدى. لەشكەرلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ بازار ئىچىگە كىرىشكە باشلىدى، كىرگەندىن كېيىن سۈك جياڭ لەشكەرلەرگە قاراپ:

— ئاۋۋال تۆۋەن تۇراغا بېسىپ كىرىپ، ليۇ گاۋنىڭ بالىچاقىسىنى بىرنى قويماي قىرىۋېتىڭلار، ئەمما بىرەر پۇقراغا ياكى بىرەر تۇرا يىگىتىگىمۇ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويماڭلار، — دەپ جېكىلىدى بۇيرۇق بىلەن.

پەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭ بولسا ھېچنېمىگە قارىماستىن ھەممىدىن ئاۋۋال بېرىپ ليۇ گاۋنىڭ خوتۇنىنى ئولجا ئالدى. چاپارمەنلەر ليۇ گاۋنىڭ ئۆيىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ مۈلۈك، پۇللۇق نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھارۋىلارغا

بىسىپ، ئات ـ ئېشەك، قوي ـ كالىلارنىمۇ قويماي ھەيدەپ ماڭدى. خۇا رۇڭ بولسا، توپتوغرا ئۆز ئۆيىگە بېرىپ ئۆيىدىكى جىمى نەرسە ـ كېرەكلەرنى ھارۋىغا بېسىپ، خوتۇنى بىلەن سىڭلىسىنى ئېلىپ ماڭدى ۋە بازار ئاھالىسىنى ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشقا قويۇپ بەردى. ھەممە پالۋانلار ئۆز نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ شامال بازاردىن چىقتى ـ دە، ئۇدۇل تاغ تۇرا تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

تاغ تۇراغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جېڭ تيەنشۇ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، مەردلەر سارىيىغا باشلاپ كىردى. خۇاڭ شىن ھەممە ئەزىمەتلەر بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن خۇا رۇڭنىڭ يېنىدىن ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇردى. سۇڭ جياڭ بولسا چاپارمەنلەرگە خۇا رۇڭنىڭ بالىچاقىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى ۋە ئۇلارغا ليۇ گاۋنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ئۈلەشتۇرۇپ بەردى، پەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭ ليۇ گاۋنىڭ خوتۇنىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ مۆكتۈرۈپ قويدى.

— ليۇ گاۋنىڭ خوتۇنى قېنى؟ — دەپ سوراپ قالدى يەن شۈن شۇ ئارىدا.

— مەن ئۇنى خوتۇن قىلىپ تاغ تۇرادا بەرىكە خېنىم قىلىۋالاي دەيمەن، — دېدى جاۋابەن پەتەك يولۋاس.

— خوتۇن قىلىۋالسىڭىزمۇ مەيلى، ئەمما ئۇنى ھازىر بۇ يەرگە چاقىرىپ چىقىڭ، دەيدىغان گېپىم بار، — دېدى يەن شۈن.

— مېنىڭمۇ گېپىم بار ئىدى، — دېدى سۇڭ جياڭ گەپ قىستۇرۇپ.

پەتەك يولۋاس بۇ خوتۇننى چاقىرىپ سارايىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. خوتۇن قورققانلىقتىن ئۆزىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ نالە ـ پەرياد قىلدى.

— ھەي پەس قانجۇق، — دەپ ۋارقىرىدى سۇڭ جياڭ ئۇنى

تىللاپ، ــــ مەن سېنى پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن تەيىنلەنگەن بەگنىڭ خېنىمى ئىكەن دەپ ياخشىلىق قىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىپ تاغدىن چۈشۈرۈۋەتسەم، سەن نېمىشقا يۈز قارىلىق قىلىپ ۋاپاغا جاپا قىلىسەن؟ بۈگۈنغۇ قولغا چۈشتۈڭ، ئەمدى نېمە دەيسەن؟ ــــ دېدى.

بۇ جالاپتىن سوراپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى نېمە؟ ــــ دەپ يەن شۈن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ قىلىچىنى چىقاردى ۋە ئۇنى چېپىپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. ۋاڭ پەتەك يەن شۈننىڭ بۇ خوتۇننى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق غەزەپكە كېلىپ شارت قىلىپ قولىغا بىر قىلىچنى ئالدى ـ دە، يەن شۈن بىلەن ئېلىشماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى، سۇڭ جياڭ بىلەن باشقىلار ئىتتىك بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنىڭغا:

ــــ يەن شۈن بۇ جالاپنى چېپىپ تاشلاپ ناھايىتى توغرا ئىش قىلدى. ئىنى، مەن ئۇنى ئېرىگە قوشۇلۇپ بىللە ئۆتسۇن، دەپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ تاغدىن چۈشۈرۈپ قويسام، بۇ جالاپ يۈزسىزلىك قىلىپ مېنى ئېرىگە ئازابلاتقۇزدى. ئەزىز ئىنى، ئەگەردە سىز ئۇنى خوتۇن قىلىپ يېنىڭىزدا ساقلىغان بولسىڭىز، كېيىنكە بېرىپ بېشىڭىزغا بالا بولاتتى. پېقىر سىزگە كېيىنرەك كۆڭلىڭىزگە ياقىدىغان خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ بېرىمەن، ــــ دەپ نەسىھەت قىلدى سۇڭ جياڭ.

ــــ پېقىرمۇ شۇ خىيالدىمەن، بۇنداق خوتۇننى ئۆلتۈرۈۋەتمەي، ساقلاپ قالغاننىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق، بولمىسا كېيىنكى كۈنلۈكتە بېشىڭىزغا چوڭ بالا بولاتتى، ــــ دەپ تەكىتلىدى يەن شۈن.

ھەممەيلەن پەتەك يولۋاسقا چۈشەندۈرۈپ ئېيتىپ، كۆپ نەسىھەتلەر قىلدى. ئۇ لام ـ جىم دېمىدى. يەن شۈن چاپارمەنلەرگە يەردە ئىككى پارچە بولۇپ ياتقان ئۆلۈكنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، قان ـ داغلارنى تازىلىۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئاندىن داستىخان سالدۇرۇپ، ھەممىگە قۇت مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ

بەردى.

ئەتىسى سوُك جياڭ بىلەن خوُاڭ شىن ئاتا بولۇپ، يەن شۇن، پەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭ ۋە جېياڭ تيەنشۇلارنى خوُا روُڭنىڭ سىڭلىسىنى چىن مىڭغا سوراپ، خوُا روُڭنىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ھەممە تويلۇق ۋە چىقىم ـ خىراجەتلەرنى سوُك جياڭ بىلەن يەن شوُن راسلىدى. ئۈچ ـ تۆت كۈن مەرىكە بولدى. مەرىكە توُگەپ، ئالتە ـ يەتتە كوُن ئۆتكەندىن كېيىن چاپارمەنلەر تەرەپ ـ تەرەپكە بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كەلدى ۋە دەرھال تاغقا چىقىپ: «ئاڭلىشىمىزچە، چىڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى مۇرۇڭ بەگ مىرزىبەگ مەھكىمىسىگە: ‹خۇا رۇڭ، چىن مىڭ ۋە خۇاڭ شىنلار بۇزۇلدى، ئۇلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ بېرىپ، شامال تاغنى قىرغىنغا توُتوُپ، بۇ ئەبلەخلەرنى باستۇرۇشنى سورايمىز› دەپ مەلۇمات يوللاپتىمىش» دەپ مەلۇم قىلدى.

پالۋانلار بۇنى ئاڭلاپ: «بۇ يەر بولسا كىچىك بىر يەر، بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ. ئەگەر لەشكەرلەر كېلىپ ئەتراپىمىزنى قورشىۋالسا، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالايمىزمۇ؟» دېگەن ئويغا كېلىشتى.

— پىقىرنىڭ، — دەپ سۆز ئاچتى سوُك جياڭ، — مۇنداق بىر مەسلىھەتىم بار، ھەرقايسىلىرىغا خوپ كېلەرمىكىن؟

— دانا تەدبىرلىرىنى ئاڭلايلى، — دېيىشتى پالۋانلار شۇئان.

— تۆۋەن تەرەپتە، — دېدى سوُك جياڭ، — لياڭشەن كۆلى دېگەن بىر يەر بار. ئۇ يەرنىڭ دائىرىسى سەككىز يۈز چاقىرىمدىنمۇ چوڭراق، ئۇ كۆلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا دالدا قورغان، قومۇشلۇق كۆل دېگەن يەرلەر بار، ئۇ يەر ھازىر چاۋ گەي ھەزرەتنىڭ ئىلكىدە، ئۇ كىشىنىڭ قولىدا تۆت ـ بەش مىڭچە ئاتلىق لەشكەر بار. خان لەشكەرلىرى ئۇلارغا تىكىلىپ قارىيالمايدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن ئۆز لەشكەرلىرىمىزنى باشلاپ بېرىپ شۇلارنىڭ توپىغا قوشۇلمايمىز؟

— ئەگەر مۇنداق بىر جاي بولىدىغان بولسا، بەك ياخشى ئىكەن. — دېدى چىن مىڭ، — بىراق باشلاپ بارىدىغان ئادەم يوق - دە، ھە راست بىزنى ئۇ كىشى قوبۇل قىلارمۇ؟

سۇڭ جياڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە مەۋلۇت سوۋغىتى ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىلغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ قانداق بۇلانغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەنى تىلغا ئېلىپ كېلىپ:

— چاۋگەي ھەزرەت ماڭا رەھمەت ئوقۇش يۈزىسىدىن لىۇ تاڭ ئارقىلىق بىر پارچە خەت ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئەۋەتىپتۇ، شۇ سەۋەبتىن مەن يەن پوشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتكەنىدىم، — دەپ سۆزلەپ بەردى.

— ئەگەر ئۆزلىرى، — دېدى چىن مىڭ ئاڭلاپ ئاجايىپ خۇش بولۇپ، — ئۇلارغا شۇنچىلىك ياخشىلىق قىلغان بولسىلا، قاراپ تۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي، چاققانراق يولغا چىقىپ كېتەيلى.

شۇ كۈنى مەسلىھەت پىشتى. ئون نەچچە ھارۋا تەييارلىنىپ، ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل - پۇچەك، كىيىم - كېچەك، يۈك - تاقلارنىڭ ھەممىسى ھارۋىلارغا بېسىلدى، بالىۋاقىلارمۇ ھارۋىلارغا چۈشتى، ياخشى ئاتلاردىن ئىككى - ئۈچ يۈز ئات تەخلەندى. چاپارمەنلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇ يەرگە بېرىشنى خالىمىدى، ئۇلارغا ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئۆزۈڭلار ئېلىڭلار دەپ، بىر ئازدىن كۈمۈش پۇل بېرىپ يولغا سېلىپ قويدى؛ بېرىشنى خالايدىغانلار سەپكە تىزىلدى، ئەمدى ئۇلار چىن مىڭ باشلاپ كەلگەن چېرىكلەرگە قوشۇلۇپ، تۆت - بەش يۈزچە ئادەم بولۇپ قالدى. سۇڭ جياڭ ئۇلارنى ئۈچكە بۆلۈپ، لياڭشەن تېغىنى قايتۇرۇۋېلىشقا كېتىۋاتقان خان لەشكەرلىرىنىڭ تۈسىگە كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاغ تۈرىغا ئوت قويۇۋېتىپ، ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ تاغدىن چۈشتى. سۇڭ جياڭ بىلەن خۇا رۇڭ قىرىق - ئەللىك ئادەمنى باشلاپ، بالىۋاقىلار چۈشكەن ئالتە - يەتتە ھارۋىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا

ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇز - قىرىقى ئاتلىق ئىدى. چىن مىڭ بىلەن خۇاڭ شىن سەكسەن - توقسان ئاتلىقنى باشلاپ، نەرسە - كېرەكلەر بېسىلغان هارۋىلار بىلەن بىللە ئىككىنچى قاتاردا ماڭدى؛ يەن شۈن، پەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭ، جېڭ تيەنشۇلار قىرىق - ئەللىك ئاتلىقنى باشلاپ ئەڭ ئارقىدا ماڭدى. بىر - ئىككى يۈز ئادەم شامال تاغدىن چىقىپ، لياڭشەن تېغىغا قاراپ يول ئالدى. يولدا تۈغ - ئەلەملىرىگە: «قاراقچىلارنى تۈنجۇقتۇرۇشقا كېتىۋاتقان خان لەشكەرلىرى» دېگەن خەتلەر ئوپئوچۇق يېزىلغان بۇنچىۋالا كۆپ ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ ئالدىنى توسۇشقا هېچكىم پېتىنالمىدى. ئۇلار ئالتە - يەتتە كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن چىڭجۇ ئايمىقىدىن كۆپ ئۇزاپ كەتتى.

ئەمدى سۇڭ جياڭ بىلەن خۇا رۇڭغا كەلسەك، ئۇلار ئىككىسى ئاتلىرىغا مىنىپ، هەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. ئارقىدىن بالىۋاقىلارنى باسقان هارۋىلار كېتىپ باراتتى. بۇلار بىلەن كەينىدە كېلىۋاتقانلارنىڭ ئارىلىقى يىگىرمە چاقىرىملا كېلەتتى. ئالدى ياقتىن بىر جاي كۆرۈندى. بۇ جاي ئىككى تەرىپى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان بىر جاي بولۇپ، دۈييىڭشەن تېغى دەپ ئاتىلاتتى، بۇ ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر ئۆتەڭ بار ئىدى. ئىككىيلەن ئاتقا مىنىپ كېتىۋاتقىنىدا، بىردىنلا ئالدىدىكى تاغدىن جاڭ - دۇمباقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئالدىمىزدا چوقۇم قاراقچى باردەك تۇرىدۇ، — دەپ خۇا رۇڭ دەرهال نەيزىسىنى ئېگىرىگە ئىلدى ۋە ئوقياسىنى رۇسلاپ تەييارلاندى، كېيىن يەنە ئوقيانى قايتۇرۇپ ئۇچار بېلىقسىمان قېپىغا سېلىپ، ئارقىدىكى ئىككى يۈرۈش لەشكەرلەرنى هەيدەپ دەرهال ئالدىغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاتلىق چېرىكلەردىن بىرىنى ئۇلارنىڭ يېنىغا چاپتۇردى ۋە ئالدىدىكى هارۋىلار بىلەن چېرىكلەرنى توختاتتى. سۇڭ جياڭ بىلەن خۇا رۇڭ ئىككىسى يىگىرمە نەچچە ئاتلىق چېرىك بىلەن يول چارلاپ، ئالدى ياققا

چىپىپ كەتتى.

ئالدى ياقتىن يېرىم چاقىرىمدىن ئوشۇقراق بىر يەردە بىرەر يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىق ئادەم كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ياش بىر پالۋان يىگىت ئېتىغا مىنىپ، زەبەردەس تۇراتتى. بۇ پالۋان يىگىتنىڭ قانداق جابدۇنغانلىقىنى تۆۋەندىكى قۇرلاردىن كۆرۈڭ:

بېشىغا كىيگىنى ئوتۇغات تاج،
ئالتۇندىن قاش تاقاپ، كۆز قويۇپ كاتتا.
ئۇستىگە رەڭگارەڭ گۈللۈك تون كىيگەن،
ئۇنىڭغا كىمخابتەك گۈللەرنى تىككەن.
قۇياقى ئۇستىگە ئەجدىھا چىقىپتۇ،
قىپقىزىل بىر تىزىق ھېقىق چىگىپتۇ.
ئاستىدا ئەجدىھادەك چىلان تورۇق ئات،
بېلىدە قىزىل سەپ خاقانى شەمشاد.
ئارقىدىن ئەگەشكەن چېرىك ـ نۆكەرلەر،
قىزىل تون ـ قۇياقلىق يىگىت لەشكەرلەر.

بۇ پالۋان يىگىت ئات ئۇستىدە نەقىشلەنگەن يالمانلىق نەيزىسىنى توغرىسىغا تۇتقىنىچە، بىر تاغ دۆمبىلىنىڭ ئېتىكىدە تۇرۇپ:

— بۈگۈن سەن بىلەن سىناشقىنىم سىناشقان، يا سېنى مەن ئۇتۇپ چىقىمەن، يا مېنى سەن ئۇتۇپ چىقىسەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇ ئارىدا ئۇدۇلدىكى بىر دۆمبەلچەكنىڭ ئارقىسىدىن بىرەر يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىق ئادەم دۈپۈرلەپ چىقىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدىمۇ ئاق كىيىملىك بىر ياش پالۋان بار ئىدى، بۇ پالۋان شۇنداق جابدۇنغانىدىكى:

بېشىغا كىيگىنى ئوتۇغات تاج،
قار كەبى دەل چېكىسىدە كۈكۈلا.

ئۈستىدە يالتىرار پولات قۇياقى،
تەم ـ تەم گۈل چېكىلگەن مۆلدۈر سىياقى.
ئاق تاۋار تون چاقناپ يورۇتتى كۈننى،
كۈمۈش گۈل بەلبېغى خىجىل قىپ ئاينى.
مىنگىنى مەرمەردەك ئاپپاق جەڭ ئېتى،
قولىدا يالتىرار غەزەپ خەنجىرى.
ئارقىدىن ئەگەشكەن چېرىك ـ نۆكەرلەر،
ئاق تونلۇق، ئاق قۇياقلىق يىگىت ـ لەشكەرلەر.

بۇ پالۋاننىڭ قولىدىمۇ نەقىشلەنگەن يالمانلىق بىر نەيزە بار ئىدى. بىر ياقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاق تۇغ، يەنە بىر ياقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى قىزىل تۇغ تۇتقانىدى. ئىككى ياقتا ئاق تۇغلار بىلەن قىزىل تۇغلار لەپىلدەپ، بۇرغا ـ دۇمباقلارنىڭ ئاۋازى جاھاننى تىترىتىپ تۇراتتى. ھېلىقى ئىككى پالۋان لام ـ جىم دېمەستىن، قوللىرىدىكى نەقىشلەنگەن يالمانلىق نەيزىلىرىنى تىك كۆتۈرگىنىچە ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئوتتۇرىدىكى كەڭ يولدا شۇنداق تۇتۇشتىكى، ئۆزلىرىنى يا ئۆلۈم، يا كۆرۈمگە ئاتاپ قويىدى. خۇا رۇڭ بىلەن سۇڭ جياڭ ئاتلىرىنى توختىتىپ، بىردەم كۆزىتىپ بۇ ئىككى پالۋاننىڭ قانداق ئېلىشقانلىقىغا قاراپ تۇردى.

نەزم

قوللىرىدا پىرقىراپ نەيزە ـ ئەلەم،
جەڭ لىباسى يەلپۈنۈپ كۆكتە شۇ دەم.
قىپقىزىل شەپەق ئارا جەۋلان قىلىپ،
ئۇچتى كۆكتە تۇغ ـ ئەلەم يەلپۈلىنىپ؛
خۇددى ئاپپاق قارغا ئوخشاش نۇر ئارا،
ياندى يالقۇنجاپ ـ لاۋۇلداپ ئوت ئارا.

بۇ قەدىم ماكاندا قىشنىڭ ئاخشىمى،
ھۆسنىدىن بەسلەشتى مىيخۋا تاغ چىبىي؛
كىيدى چارباغ خۇش باھارلىق تون لىباس،
تالىشىپ شاپتۇل ـ ئالۇچا رەڭمۇراس.
بىرىدۇر يالغان جەنۇبنىڭ گۇلخىنى،
قاپلىغان كۆكنى گويا مەش يالقۇنى؛
بىرىدۇر غەربنىڭ سىرىق رەڭ ئالتۇنى،
ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۇ تەيخاڭشەن كىنى؛
دەرغەزەپ بولدى شۇ ئوت ئالۋاستىسى،
مىندى، چاپتى باغقا چوغ — ئوت ئىتىنى؛
سۇ ئىلاھى چۈشتى ئارازغا شۇ دەم،
ئوينىتىپ ئاق ئارغىماقنى قويدى گۇلزارغا قەدەم.

ئىككى پالۋان نەقىشلەنگەن يالمانلىق نەيزىلىرىنى بىرقىرىتىپ ئوتتۇز قەپەس ئېلىشتى، لېكىن ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. خۇا رۇڭ بىلەن سۇڭ جياڭ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ باركاللا ئېيتتى. خۇا رۇڭ ئالدىغىراق بېرىپ قارىدى، قارىسا بۇ ئىككىسى ئېلىشا - ئېلىشا بېرىپ، بىر چوڭقۇر جىلغىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قاپتۇ. نەيزىلەرنىڭ بىرىگە يىلپىز قۇيرۇقىغا ئوخشىغان پۆپۈك، يەنە بىرىگە چىكىم - چىكىم گۈللەر چېكىلگەن ئالا پۆپۈك چىگىلگەن بولۇپ، شۇ تاپتا بۇ پۆپۈكلەر بىر - بىرىگە چىرمىشىپ ئۈستىدىكى مەخمەل چىلتەك بىلەن شۇنداق چىگىچلىشىپ كەتكەنىدىكى، قىلچە ئاجراتقىلى بولمايدىغان بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن كۆزىنى ئالماي تۇرغان خۇا رۇڭ ئېتىنى تارتتى - دە، سول قولى بىلەن يانى ئۈچار بېلىقسىمان قېپىدىن، ئوڭ قولى بىلەن ئوقنى ساداقتىن ئېلىپ، ئوقنى سېلىپ ۋە يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ تۇرۇپ، ھېلىقى چىگىچلىشىپ كەتكەن پۆپۈكلەرگە قارىتىپ تۇرۇپ بىرنى ئېتىۋىدى، دەل بېرىپ ھېلىقى مەخمەل چىلتەكنى



www.uyghurkitap.com

ئۈزۈپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر - بىرىگە چاپلىشىپ قالغان ھېلىقى ئىككى نەيزە بىردىنلا ئاجراپ كەتتى، قاراپ تۇرغان ئىككى يۈز نەچچە ئادەم باريكاللا ئېيتىپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

ئىككى پالۋان ئېلىشىشنى توختىتىپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ توپتوغرا سۇڭ جياڭ بىلەن خۇا رۇڭنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئات ئۈستىدە تۇرۇپ تەزىم بىلەن:

— ھېلىقى كارامەتلىك ئوقنى ئاتقان سەردارىمىزنىڭ ئۇلۇغ نامى كىم بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— يۈنچېڭ ناھىيەسىنىڭ مىرزىسى شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر سۇڭ دانىش دېگەن بولىدۇ، — دېدى خۇا رۇڭ ئات ئۈستىدە جاۋاب بېرىپ، — بۇ زات مېنىڭ مەردانە ئاغام بولىدۇ، مەن بولسام شامال بازاردىكى تۇرابېگى خۇا رۇڭ بولىمەن، مېنى يەنە كىچىك لىگۇاڭ دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

ئىككى پالۋان ئاڭلاپ، نەيزىلىرىنى تۇتقىنىچە ئاتلىرىدىن چۈشتى ۋە ئېگىلىپ - پۈكۈلۈپ تەزىم بىلەن:

— شۆھرەتلىك ناملىرىڭلارنى ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلاپ كەلگەنىدۇق، — دېدى.

سۇڭ جياڭ بىلەن خۇا رۇڭ دەرھال ئاتتىن چۈشتى ۋە بۇ ئىككى پالۋاننى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— ئىككىڭىزلارنىڭ شانۇشەۋكەتلىك نامىڭىزلار كىم بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر، — دەپ سۆز باشلىدى قىزىل ئېگىن كىيگىنى، — ئىسمىزاتىم لۈ فاڭ بولىدۇ، يۇرتۇم تەنجۇ ئايمىقى. كىچىكىمدىن لۈ بۇ دېگەن سەردارنىڭ ماھارىتىنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، مۇشۇ نەقىشلەنگەن يالمانلىق نەيزىنى ئۆگەنگەنىدىم، شۇڭا كىشىلەر مېنى كىچىك لۈ فاڭ دەپ ئاتىشىۋالغان، بىر چاغلاردا دورا - دەرمەكلەر سېتىپ يۈرۈپ، شەندۇڭغا بېرىپ قايتىمەن، كېيىن دەسمايەم تۈگەپ كېتىپ، يۇرتۇمغا قايتىپ كېتەلمەي، ئاخىرى ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى بۇلاپ، مەزكۇر

دۆيىيىڭشەن تېغىدا تۇرۇپ قالدىم. يېقىندىن بۇيان بۇ پالۋان يىگىت نەدىن پەيدا بولدى، پېقىردىن بۇ تاغدىكى تۇرانى تالىشىپ، مەن بىلەن كۆپ قېتىم ئېلىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئىككى تاغنى بۆلۈشىۋالدۇق، ئەمما بۇ يىگىت بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلمىدى، شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز ھەر كۈنى تاغدىن چۈشۈپ تۇتۇشىدىغان بولۇپ قالدۇق. كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ، تەقدىر ـ ئىرادە بىلەن مانا بۈگۈن جانابىڭىزلارنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم.

سۇڭ جياڭ ئاق ئېگىنلىك پالۋاننىڭ ئىسمىزاتىنى سورىدى.

— پېقىرنىڭ ئىسمىزاتى گو شېڭ بولىدۇ، — دېدى ئاق ئېگىنلىك پالۋان، — يۇرتۇم سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى جياڭلىڭ دېگەن يەردىن، سىماب سېتىقچىلىقى قىلاتتىم، بىر كۈنى سىماب ئېلىپ كېتىۋاتقىنىمدا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بورىنىدا قېيىقىمىز ئۆرۈلۈپ كېتىپ، يۇرتۇمغا كېتەلمەي شۇ ياقلاردا قېلىپ قالدىم. ئەسلىدە پېقىر جياڭلىڭدا شۇ يەردىكى ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ باقاۋۇلى جاڭ باقاۋۇلدىن نەقىشلەنگەن يالمانلىق نەيزە ئوينىتىشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم. كېيىنرەك بېرىپ ناھايىتى ئۇستا بولۇپ كەتتىم، شۇڭا كىشىلەر مېنى سەي رېنگۈيدىن ئېشىپ چۈشىدىغان گو شېڭ دەپ ئاتىشىدىغان بولۇۋالدى. بىر كۈنى ئەل ئاغزىدىن دۆيىيىڭشەن تېغىنى بىر نەيزىۋاز ئىگىلىۋېلىپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ يۈرگۈدەكمىش دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن نەيزىۋازلىقىمنى بىر سىنىشىپ كۆرمەيمۇ دېگەن ئويغا كېلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، مانا ئىككىمىز ئۇدا ئېلىشىۋاتقىلى ئون نەچچە كۈن بولدى، ھېچقايسىمىز بىر ـ بىرىمىزنى يېڭەلمەيۋاتىمىز. بۈگۈن تۇساتتىنلا ھەرقايسىڭىزلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق، بۇمۇ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى.

— تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بىر ئوبدان ئۇچرىشىپ قالدۇق، — دېدى سۇڭ جياڭ ئۆز ئىشلىرى توغرىسىدا

سۆزلىگەندىن كېيىن، — ئىككىڭىزلار ياخشىلىقچە يارىشىپ قالسىڭىزلار قانداق؟
پالۋانلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا خۇش بولۇپ ماقۇلغا كەلدى.

## نەزم

سۇلھى قىلىپ زەنجىردە توسقان تىغنى پۇتكەن ئىش ئاسان،
نەيزىنى ئوقيادا توستى دەپقۇ ئاڭلاپ باقمىغان.
بىلكى پالۋانلار نىيەتتە بىللە بولسا ھەر ماكان،
ھەرنە چىلىك ئالتۇننى كەسكەي ھاجىتى يوق شەك ـ گۇمان.

شۇ ئارىدا ئارقىدا كېلىۋاتقان لەشكەرلەرمۇ يېتىپ كەلدى ۋە كېلىپلا ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشتى. ئۇلارنى ئاۋۋال لو فاڭ تاغقا چىللاپ چىقىپ، ئات ـ كالا سويدۇرۇپ، كاتتا مېھمان قىلدى. ئەتىسى گو شىڭمۇ داستىخان سېلىپ مەي ـ شارابلار بىلەن كۈتۈۋالدى. سۇڭ جياڭ بۇ ئىككىسىنى لەشكەرلىرىنى باشلاپ لياڭشەن كۆلىگە بېرىپ چاۋ گەي باشچىلىقىدىكى مەردلەر توپىغا قوشۇلۇشقا دەۋەت قىلدى. ئۇلار باشلىرى ئاسمانغا تاقاشقاندەك خۇش بولۇشۇپ ماقۇل كېلىشتى ۋە ھەر ئىككىسى ئۆز تاغلىرىدىكى ئادەملىرى بىلەن، ئاتلىرىنى سەپراس قىلىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ مېڭىشقا تەييارلاندى. ئۇلار ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا:
— توختاڭلار، — دەپ سۆز باشلىدى سۇڭ جياڭ، — مۇشۇنداقلا كېتىۋېرىشكە بولمايدۇ، بىز بولساق تۆت ـ بەش يۈزچە ئادەم، لياڭشەن كۆلىدىكىلەرنىڭ تەرەپ ـ تەرەپكە قويۇۋەتكەن چارلامچىلىرى بار، ئەگەر بىز ئۇلارغا ئالدىدىن ئۇچۇر بېرىپ قويماي، جىم ـ جىملا بارىدىغان بولساق، ئۇلار بىزنى ئۆزلىرىنى باستۇرغىلى كەلگەن لەشكەرلەر ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئىشنىڭ يوغىنىنى تېرىيدۇ، بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش

ئەمەس. يەن شۇن بىلەن ئىككىمىز ئاۋۋال بېرىپ ئۇلارغا ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرايلى، ئاندىن سىلەر ئۇچكە بۆلۈنۈپ ئارقىمىزدىن كېلىڭلار.

— ئاغىمىزنىڭ مەسلىھەتى دانا مەسلىھەت بولدى، مۇشۇ مەسلىھەت بويىچە ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا چىقايلى، ئاغىمىز بىزدىن يېرىم كۈن بۇرۇن يولغا چىققاي، ئاندىن بىز لەشكەرلەرنى ئېلىپ كەينىدىن يېتىپ بارايلى، — دېدى خۇا رۇڭ بىلەن چىن مىڭ.

دۇيىنگشەن تېغىدىكى لەشكەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا چىقىپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى سۇڭ جياڭ بىلەن يەن شۇندىن ئاڭلاڭ. سۇڭ جياڭ بىلەن يەن شۇن ئون نەچچە ئادەمنى ئېلىپ، ئاتلىنىپ ئالدى بىلەن لياڭشەن كۆلىگە قاراپ ماڭدى، ئۇلار يولغا چىقىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن چىڭقىچۈش مەزگىلىدە، پادىشاھلىق يولىنىڭ بويىغا جايلاشقان بىر چوڭ مەيخانىنى كۆردى. سۇڭ جياڭ بۇ مەيخانىغا قاراپ:

— ئوغلانلىرىمىز يول مېڭىپ چارچىدى، بۇ يەرگە چۈشۈپ بىر ئازدىن مەي ـ پەيلەرنى ئىچىشىپ ئارامنى ئېلىشىۋالسۇن، — دېدى.

سۇڭ جياڭ بىلەن يەن شۇن ئاتلىرىدىن چۈشتى ۋە ئوغلانلارغا: «ئاتلارنى باغلاپ قويۇپ، مەيخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇڭلار» دەپ جېكىلەپ قويۇپ، ئالدى بىلەن ئۆزلىرى مەيخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇلار كىرىپ مەيخانىنىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. مەيخانىدا چوڭراق ئورۇندىن ئاران ئۈچلا ئورۇن بار ئىدى، كىچىكرەك ئورۇنلاردىنمۇ بىرنەچچىسىلا بار ئىدى. بۇ يەرگە سۇڭ جياڭلاردىن سەللا بۇرۇنراق بىر ئادەم كىرىپ، ھېلىقى چوڭراق ئورۇنلاردىن بىرىنى يالغۇز ئۆزىلا ئىگىلەپ ئولتۇرۇۋالغانىدى. سۇڭ جياڭ بۇ ئادەمگە نەزەر سالدى، بۇ شۇنداق بىر تۇستە ياسىنىۋالغان ئادەم ئىدىكى، ئۇنىڭ قانداقلىقىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن كۆرۈڭ:

بېشىغا چەگكىنى سوزۇق بوغمىچا،
گەجگىسى ئۈستىدە تەيىۋەنچە ھالقا.
ئۈستىگە كىيگىنى قاپقارا كۆڭلەك،
بېلىگە باغلىغان خالتىلىق پوتا.
تىزىغا تارتقىنى تىزلاپچا ئۇنىڭ،
قۇلاقلىق چىگە چورۇق كىيگەن پۇتىغا.
شىرەگە يۆلەكلىك كالتە گۈرزىسى،
بوغچىسى ئېسىلغان شىرە بېشىغا.

ئۇنىڭ بويى ئىككى غۇلاچ، ئىككى مەڭزىنىڭ سۆڭىكى چوقچىيىپ چىقىپ قالغان، چىرايى سارغۇچ ئىدى، كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. يۈزلىرىدە ساقال ـ بۇرۇتنىڭ تايىنى يوق ئىدى. سۇڭ جياڭ مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ:

— مەيپۇرۇش، مېنىڭ ئادەملىرىم كۆپ، ئاۋۋال بىز ئىككىمىزگە ئىچكىرىدىن بىر ئورۇن بېرىڭ، ئاندىن ئاۋۇ چوڭ ئورۇندا ئولتۇرغان مېھمانغا ئېيتىڭ، مېنىڭ ئادەملىرىمگە شۇ ئورۇننى بېرىپ، ئۆزى كىچىكرەك ئورۇنغا ئالمىشىۋالسۇن، مېنىڭ ئادەملىرىم بىرئاز مەي ـ پەي ئىچىپ ئارام ئېلىشىۋالسۇن، — دېدى.

— گېپىڭىزنى چۈشەندىم، — دېدى دەرھال مەيپۇرۇش.

سۇڭ جياڭ بىلەن يەن شۈن ئىچكىرىگە كىرىپ ئولتۇردى ۋە مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ:

— بىزگە ئەمدى مەي كەلتۈرۈڭ، ئاۋۋال ئادەملىرىمنىڭ ھەربىرىگە ئۈچ ئاپقۇردىن مەي كەلتۈرۈڭ، گۆش ـ پۆشلىرىڭىز بولسىمۇ ئەكېلىڭ، ئاندىن كېلىپ بىزگە مەي قۇيۇپ بېرىڭ، — دېدى.

مەيپۇرۇش ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئوچاق بېشىدا دۈۋىلىشىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھېلىقى يايى سۈپەت مېھمانغا:

— خىزمىتىڭىزدە بولاي تەخسىر، خاپا بولماي شۇ

ئۇرنىڭىزنى ئېچكىرىدە ئولتۇرغان ئىككى سىپاھىبېگىمنىڭ ئادەملىرىگە بوشىتىپ بەرگەن بولسىڭىز! — دېدى.

مەيپۇرۇشنىڭ تەخسىر دېگىنىگە سۇنۇرقاپ[1] ئاچچىقى بىلەن:

— ئالدىدا كەلگەن ئالدىدا ئولتۇرىدۇ، سىپاھىبېگىمنىڭ ئادەملىرى ئورۇن بوشىتىپ بەرگۈدەك شۇنچە كاتتا ئادەملەرمىكەن ! ياق، ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان، ھېچكىمگە ئورۇن بوشىتىپ بەرمەيمەن ! — دېدى ئۇ ئادەم.

— قاراڭ بۇنىڭ يولسىزلىقىنى ! — دېدى يەن شۇن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۆڭ جياڭغا قاراپ.

— بوپتۇ ئولتۇرىۋەرسۇن، تازا قىزىق ئىكەنسىز، شۇنىڭ بىلەنمۇ تەڭ بولغان بارمۇ! — دەپ باستى سۆڭ جياڭ يەن شۇننى.

ھېلىقى ئادەم سۆڭ جياڭ بىلەن يەن شۇنگە قاراپ مەسخىرە بىلەن كۈلدى، مەيپۇرۇش ئېھتىرام بىلەن:

— تەخسىر، پېقىر بىر ئاز سودا قىلمىۋالاي، ئۇرنىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى يەنە.

ئۇ ئادەمنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، ئۇ ئاچچىقى بىلەن شىرەگە قولىنى ئۇرۇپ:

— ھوي ئادەم تونۇمايدىغان خومسى ! غوجا ئاكاڭنى يالغۇز دەپ بوزەك قىلماقچىمۇسەن؟ ھېلىغۇ بۇ نېمىلەر ئىكەن، خان غوجام كەلسىمۇ، ئورنۇمنى ئالماشتۇرۇپ بەرمەيمەن، يەنە كاپشىيدىكەنسەن، بۇرنۇڭغا مۇشت يەيسەن ! — دېدى ۋارقىراپ.

— پېقىر يامان گەپ قىلمىدىمغۇ ! — دېدى مەيپۇرۇش.

— يامان گەپ قىلغىنىڭنى كۆرەي قېنى ! — دېدى ۋارقىراپ ھېلىقى ئادەم.

— ھوي جاڭۋا، نېمە يولسىزلىق قىلىسەن؟ ئالماشتۇرمىساڭ

[1] سۇنۇرقاش — ھەيران قالماق، ئەجەبلەنمەك دېگەن مەنىلەردە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئىگىسى

مەيلى، پوپوزاڭنى قوي ! ــ دېدى يەن شۈن ئاڭلاپ تاقەت قىلىپ تۇرالماي.

مەن ئاۋۇنى تىللاۋاتسام، ساڭا نېمە دەز كەتتى ! ــ دېدى ئۇ ئادەم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، كالتە گۇرزىسىنى كۆتۈرگەن هالدا، ــ غوجا ئاكا دۇنيادا ئىككىلا ئادەمگە قايىل، قالغىنى تاپىنىمدىكى لايغا تەڭ، ــ دېدى.

يەن شۈن ئاچچىقىغا پايلىماي، قولىغا ئورۇندۇقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى.

بۇ ئادەمنىڭ گېپىدىن باشقىچە بىر مەنە چىقىپ تۇرغانلىقىنى سەزگەن سۇڭ جياڭ يەن شۈننى دەرهال توستى ۋە ئىچكىرىدە تۇرۇپ هەر ئىككىسىگە نەسىهەت قىلىپ:

ــ ئۇرۇشماڭلار، ئالدى بىلەن سىزدىن شۈنى سورىماقچىمەنكى، سىزنىڭ جاهاندا قايىل بولىدىغان هېلىقى ئىككى ئادىمىڭىز كىم بولىدۇ؟ ــ دېدى.

ــ بۇنى ئېيتسام چۆچۈپ كېتىسىز، ــ دېدى هېلىقى ئادەم.

ــ بۇ ئىككى باتۇرنىڭ ئۇلۇغ نامىنى ئاڭلاپ باقايلى، ئېيتىپ بېقىڭ، ــ دېدى سۇڭ جياڭ.

ــ بىرىنىڭ ئېتى، ــ دەپ سۆز باشلىدى ئۇ ئادەم، ــ كالتە قۇيۇن چەي جىن بېگىم دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ كىشى بولسا چاڭجۇ ئايمىقىغا قاراشلىق خېڭخىي تەۋەسىدىكى چەي شىزۇڭ هەزرەتلىرىنىڭ نەۋرىسى.

ــ يەنە بىرى كىم؟ ــ دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ بېشىنى سەل لىڭشىتىپ قويۇپ.

ــ ئۇ تېخىمۇ كاتتا ئادەم، يەنى يۈنچېڭ ناهىيەسىنىڭ مىرزىسى، شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر، ئۇندەكچى دېگەن نامىمۇ بار سۇڭ جياڭ بولىدۇ.

سۇڭ جياڭ يەن شۈنگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، يەن شۈن دەرهال ئورۇندۇقنى تاشلىدى.

ــ پېقىر بۇ ئىككى ئادەمدىن باشقا، خاقانى سۆڭدىنىمۇ

قورقمايدۇ، — دېدى يەنە ئۇ ئادەم.

— توختاڭ، — دېدى سۇلۇڭ جياڭ، — يەنە بىرنەرسىنى سورىماقچىمەن: سىز دېگەن بۇ كىشىلەرنىڭ ھەر ئىككىسىنىلا تونۇيمەن، بۇ كىشىلەرنى نەدە كۆرگەنىدىڭىز؟

— ھە، سىزمۇ تونۇيدىكەنسىز ـ دە، پېقىر يالغان ئېيتىشنى بىلمەيمەن، راست گېپىمنى ئېيتسام، سۇلۇڭ دانىشنى كۆرگىنىم يوق، ئەمما چەي جىن بېگىمنى ياخشى بىلىمەن، چۈنكى مەن بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى ئۇ كىشىنىڭ جاڭزىسىدا تۆت ئايدىن ئوشۇقراق تۇرغان.

— قارا باتۇر دېگەننى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدى سۇلۇڭ جياڭ.

— مەن دەل شۇ كىشىنى ئىزدەۋاتىمەن.

— سىزنى كىم ئەۋەتتى؟

— ئۇ كىشىنىڭ تۆمۈر يەلپۈگۈچ سۇلۇڭ چاڭ دېگەن بىر تۇغقان ئىنىسى ئەۋەتتى، ئەۋەتكەندىمۇ بىر پارچە خەت بىلەن ئەۋەتتى.

سۇلۇڭ جياڭ ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى ۋە ئالدىراپ بېرىپ:

— «تەلپىي بار تېپىشار كېلىپ نە ـ نەلەردىن، تەلپىي يوق تېپىشالماس بىر مەھەللىدىن» دەپتىكەن، قارا باتۇر سۇلۇڭ جياڭ دېگەن مانا مەن بولىمەن، — دېدى.

ئۇ ئادەم شۇنداق بىر قارىۋېلىپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە:

— تەڭرى بەختىمگە ئاغىمىزنى ئۇچراشتۇردى، بولمىسا كۆڭ غوجامنىڭكىگە كېتىپ قېلىپ بىكار ئاۋارە بولاتتىكەنمەن، — دېدى.

سۇلۇڭ جياڭ بۇ ئادەمنى ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ:

— ئۆيدىكىلەر تىنچلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قولاق سىلىڭ ئاغا، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ ئادەم، — پېقىرنىڭ ئىسمىزاتى شى يۇڭ بولىدۇ، ئۆزۈم دامىڭ دىيارىدىن

بولىمەن. ئادەتتە جەزخورلۇق قىلىپ جان باقاتتىم. يېزىمىزدىكىلەر پېقىرغا شى يۈك زەردار دەپ نام قويۇپ قويغان. قىمار ئۈستىدە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ چەي جىن بېگىمنىڭ جاڭزىسىغا قېچىپ كەتكەندىم. كېيىن جانابىڭىزنى پاناھ تارتىپ، يۈنچېڭ ناھىيەسىگە بارماقچى بولدۇم، بىراق جانابىڭىزنى سىرتقا قېچىپ كەتتى دېگەننى ئاڭلاپ، ئىنىڭىزنىڭ قېشىغا باردىم، ئىنىڭىز مېنىڭ جانابىڭىزنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىمنى ئۇقۇپ، بۇ خەتنى شىرمەتلەر تېغىدىكى كۆك غوجامنىڭ جاڭزىسىغا ئالغاچ بېرىڭ دەپ، قولۇمغا بىر پارچە سالام خەت يېزىپ بەردى. ئەگەر «ئاكامنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز، دەرھال ئۆيگە قايتىپ كەلسۇن» دەپ ئېيتىپ قويۇڭ دېگەندى.

— جاڭزىمىزدا نەچچە كۈن تۇردىڭىز؟ ئاتامنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ گۇمان بىلەن.

— پېقىر بىر كېچىلا تۇرۇپ كېتىپ قالدىم، بەگ ئاتامنى كۆرەلمىدىم.

سۇڭ جياڭ لياڭشەن كۆلىگە چىقىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى شى يۈڭغا سۆزلەپ بەردى.

— پېقىر، — دېدى شى يۈڭ، — چەي جىن بېگىمنىڭ جاڭزىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئەل ئاغزىدىن جانابىڭىزنىڭ بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان، مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان زات دېگەن ئۇلۇغ نامىڭىزنى ئاڭلىدىم. ئەگەر شۇ ياققا بېرىپ تويغا قوشۇلماقچى بولىدىكەنسىز، پېقىرنى چوقۇم بىللە ئالغاچ كېتىڭ ئاغا.

— بۇنى دېمىسىڭىزمۇ ئۆزۈم بىلىمەن، بىرەر - يېرىم ئادەمنى بىللە ئېلىپ كېتىش ھېچ گەپ ئەمەس! كېلىڭ، يەن شۇن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈڭ، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ، مەي قۇيۇشقا بۇيرۇدى. مەينى ئىچمەپ بولۇپ، شى يۈڭ بوغجۇمىسىدىن خەتنى ئالدى - دە، ئالدىراپ - تېنەپ سۇڭ جياڭغا سۇندى.

سۇڭ جياڭ خەتنى ئېلىپ قارىسا، خەتنىڭ لىپاپىسى تەتۈرىگە چاپلاقلىق تۇراتتى، يەنە كېلىپ لىپاپىنىڭ ئۈستىگە «ئامانلىق» دېگەن سۆزمۇ يېزىلمىغانىدى. سۇڭ جياڭ بۇنى كۆرۈۋېتىپ، ئىچىدە تېخىمۇ قاتتىق گۇمانغا چۈشتى ۋە ئالمان ـ تالمان لىپاپىنى ئېچىپ خەتنى ئوقۇدى، ئوقۇپ ـ ئوقۇپ ئاخىرىغا كەلگەندە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كۆردى:

ئاتام بۇ يىل بىرىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا ئاغرىق سەۋەبى بىلەن ۋاپات تاپتى، هازىر كېپەنگە ئېلىپ ئۆيدە ساقلاۋاتىمىز. سىز كەلگەندىن كېيىنلا يەرلىككە قويماقچىمىز. تېز كېلىڭ، هەرگىز كېچىكىپ قالماڭ! قان ـ زارلىق كۆز يېشى بىلەن بۇ خەتنى يازغۇچى ئىنىڭىز سۇڭ چىڭ.

سۇڭ جياڭ خەتنى ئوقۇپ هۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى ۋە كۆكسىنى تۇتۇپ ئۆزىگە ئۆزى لەنەتلەر ئوقۇدى: «ئاھ ئاتام، ئەسكىلىكنى تاشلىمىغان ۋاپاسىز ئوغلىڭىز پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلالمىدى. مېنىڭ هايۋاندىن نېمە پەرقىم بولدى!»
سۇڭ جياڭ ئۆزىگە بۇ لەنەتلەرنى ئوقۇپ بېشىنى تامغا ئۇرۇپ هۆڭ ـ هۆڭ يىغلىدى. يەن شۇن بىلەن شى يوڭ ئۇنى تۇتۇۋالدى. سۇڭ جياڭ هوشىدىن كېتىپ، بىر هازادىن كېيىن ئاران هوشىغا كەلدى. يەن شۇن بىلەن شى يوڭ:
— ئاغا، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، — دەپ تەسەللى بەردى.
— مەن كۆڭلى قارا ۋاپاسىزلاردىن ئەمەسمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ يەن شۇنگە جېكىلەپ، — كېچە ـ كۈندۈز ئويلايدىغىنىم مۇشۇ جاندىن ئەزىز ئاتام ئىدى، ئەمدى ئاتامدىن ئايرىلىپتىمەن، كېچە دېمەستىن قايتىشىم كېرەك، ئەزىز قېرىنداشلىرىم، سىلەر ئاۋۋال تاغقا چىقىپ تۇرۇڭلار، — دېدى.
— ئاغا، — دېدى يەن شۇن تەسەللى بېرىپ، — سۇڭ غوجام تۈگەپ كېتىپتۇ، ئەمدى ئۆيگە بارغانلىرى بىلەنمۇ بەرىبىر

كۆرۈشەلمەيدىلا، بەس، دۇنيادا ئاتا ـ ئانىسى ئۆلمەيدىغان كىم بار، كۆڭۈللىرىنى كەڭ تۇتۇپ، ئاۋۋال بىزنى تاغقا باشلاپ چىقسىلا. كېيىن شۇ يەردىن پېقىر ئۆزلىرىنى بەگ ئاتامنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا باشلاپ باراي، شۇ چاغدىمۇ كېچىككەن بولمايمىز. قەدىمكىلەر: «بېشى يوق يىلان ماڭالمايدۇ» دېگەن. ئەگەر بىزنى جانابلىرى باشلاپ چىقمىسىلا، ئۇلار بىزنى قانداقمۇ قوبۇل قىلسۇن؟

— ئەگەردە مەن سىلەرنى تاغقا باشلاپ چىقىپ، ئاندىن قايتىپ كېلىدىغان بولسام، ئۇ چاغدا ۋاقىت ئۆزىرىپ كېتىپ، ئاتام مەرھۇمنىڭ دەپنىسىگە ئۈلگۈرۈپ بارالمايمەن، ياق، ياق، بولمايدۇ. مەن سىلەرگە ئايرىم ـ ئېچىم قىلىپ، ھەممە گەپلەر ئېيتىلغان بىر پارچە سالام خەت يېزىپ بېرەي، سىلەر خەتنى ئېلىپ، ئارقىمىزدىكى ئادەملىرىمىز كەلگەندىن كېيىن بىرلىكتە تاغقا چىقىپ كېتىڭلار. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىمىغان بولسامغۇ مەيلى ئىدى، تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ خەۋەر ماڭا كېلىپ تەگدى. ئەمدى ھايال بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس، شۇ تاپتا بىر كۈن بىر يىلغا تەڭ. ماڭا ئاتمۇ كېرەك ئەمەس، ئادەممۇ كېرەك ئەمەس، كېچىچە مېڭىپ بولسىمۇ ئۆيگە يېتىپ بېرىشىم كېرەك، — دېدى سۇڭ جياڭ.

يەن شۈن بىلەن شى يۇڭ ھەر نېمە دەپمۇ سۇڭ جياڭنى سۆزگە كىرگۈزەلمىدى.

سۇڭ جياڭ مەيپۇرۇشتىن دۇۋەت ـ قەلەم ۋە بىر پارچە قەغەز سوراپ ئالدى ۋە يىغلاپ ئولتۇرۇپ خەتنى يازدى، خەتكە دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى قايتا ـ قايتا تاپىلاپ يازدى. يېزىپ بولۇپ، لېپاپىنىڭ ئاغزىنى چاپلىماستىنلا يەن شۇنگە بەردى. شى يۇڭنىڭ سەككىز قۇلاقلىق چىگە چورۇقىنى ئېلىپ كىيدى ۋە بىر ئاز كۈمۈش پۇل ئېلىپ يېنىغا سالدى. ئاندىن خەنجىرىنى ئېسىپ كالتە گۈرزىسىنى ئېلىپ، تاماقمۇ يېمەستىن يولغا چىقىشقا تەييارلاندى.

— چىن مىنىڭ باش بوٴغ بىلەن خوٴا روٴك بىگىم كەلگەندىن كېيىن ئوٴلار بىلەن كوٴروٴشوٴۋېلىپ ئاندىن ماڭسىلىئموٴ كېچىكمەيتتىلە ئاغا، — دېدى يەن شوٴن.

— مەن ئوٴلارنى ساقلىيالمايمەن، چاۋگەي ئاقساقال مىنىڭ خېتىمنى كوٴرگەندىن كېيىن سىلەرنى گەپ - سوٴز يوق قوبوٴل قىلىدوٴ. شى يوٴڭ ئىنىم ئەھۋالاتنى قېرىنداشلىرىمغا تەپسىلىي ئېيتىپ بەرسوٴن، مەن ئوٴچوٴن ئوٴلارغا بىچارە ئالدىراش كېتىپ قالدى، ئەيىبكە بوٴيروٴمىسوٴن دەيدوٴ، دەپ قويارسىلەر، — دېدى.

سوٴڭ جياڭنىڭ بىر چامدايلا ئوٴيىگە بېرىۋالغوٴسى كېلىپ كېتىپ، تەنها ئوٴزى ئوٴچقاندەك كېتىپ قالدى.

ئەمدى يەن شوٴن بىلەن شى يوٴڭغا كەلسەك، ئوٴلار ئىككىسى ھېلىقى مەيخانىدا قورسىقىنى موما - قوروٴما، مەي - شاراب ۋە تاماق - ياماق بىلەن ئانچە - موٴنچە چىڭدىۋېلىپ ۋە مەيپوٴروٴشقا پوٴلنى توٴلىۋېتىپ مېڭىشقا تەمشەلدى، يەن شوٴن سوٴڭ جياڭنىڭ ئېيتقىنى مىنىپ، ئوٴز ئادەملىرىنى ئەگەشتوٴروٴپ يولغا چىقتى ۋە مەيخانىدىن توٴت - بەش چاقىرىم نېرىراق بىر جايغا بېرىپ، چوڭراق بىر سارايغا چوٴشوٴپ، قالغانلارنى كوٴتوٴپ توٴردى. ئەتىسى چاي ۋاقتى بىلەن قالغانلار ھەممىسى يېتىپ كېلىشتى. يەن شوٴن بىلەن شى يوٴڭ سوٴڭ جياڭنىڭ ئاتىسىنىڭ دەپنە موٴراسىمىغا ئالدىراپ كېتىپ قالغانلىقىنى سوٴزلەپ بەردى. قالغانلار ھەممىسى يەن شوٴنگە تاپا - تەنە قىلىپ:

— نېمىشقا قويوٴپ بەردىڭلار؟ — دېدى.

— ئوٴ، — دېدى شى يوٴڭ ئەھۋالنى چوٴشەندوٴروٴپ، — ئاتىسىنىڭ توٴگەپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئوٴلوٴۋالغىلى تاس قالدى. قولىدىن كەلسە، قانات ياساپ ئوٴچوٴپ كەتكوٴسى كېلىپ كەتتى. بوٴنداق ئەھۋالدا قانداقموٴ توسوٴۋالغىلى بولسوٴن. «سىلەر كېتىۋېرىڭلار، بوٴ خەتنى كوٴتوٴروٴپ بارساڭلار، گەپ - سوٴز يوق قوبوٴل قىلىدوٴ» دەپ قولىمىزغا بىر پارچە سالام خەت يېزىپ بەردى، خەت مانا.

www.uyghurkitap.com

خۇا رۇڭ بىلەن چىن مىڭ خەتنى كۆرۈپ، كۆپچىلىك بىلەن كېڭىشىپ:

— يا ئالدىمىزغا، يا ئارقىمىزغا ماڭالماي، يول ئوستىدە قېلىپ قالدىغان بولدۇق، تارقىلىپ كېتىشكە تېخى بولمايدۇ. بارماقتىن باشقا ئىلاج يوق. خەتنى كۆتۈرۈپ، ھەممىمىز تاغقا چىقىپ كۆرەيلى، ئەگەر ئۇلار قوبۇل قىلمىسا، باشقا بىر ئامال قىلارمىز، — دېدى.

توققۇز پالۋان بىر توپ بولۇپ، تۆت - بەش يۈز ئادەمنى باشلاپ يولغا چىقتى ۋە مېڭىپ - مېڭىپ لياڭشەن كۆلگە يېقىنراق بىر جايغا بارغاندىن كېيىن تاغقا ئۇدۇل چىقىدىغان بىرەر چوڭ يول ئىزدىدى. بىر قومۇشلۇقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىردىنلا كۆلنىڭ ئىچىدە گۈلدۈرلەپ داقا - دۇمباق ۋە جاڭ - جۇڭنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ھەممەيلەن شۇ ياققا قارىدى، قارىسا تاغنىڭ جىمى يېرىگە رەڭگارەڭ تۇغ - ئەلەملەر قادىلىپ كەتكەن، كۆلدىن ئىككى دانە تېز كېمە چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئالدىدا كېلىۋاتقان كېمىدە قىرىق - ئەللىك چاپارمەن تىزىلىپ ئولتۇراتتى. كېمە بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق بىر جايدا بىر ئاتامان ئولتۇراتتى، بۇ ئولتۇرغان كىشى قاپلانباش لىن چۇڭ ئىدى. ئارقىدا كېلىۋاتقان چارلاپچى كېمىدىمۇ قىرىق - ئەللىك ئادەم بار بولۇپ، ئۇنىڭمۇ باش تەرىپىدە بىر ئاتامان ئولتۇراتتى، ھېلىقى قىزىل چاچ شەيتان ليۇ تاڭ دېگەن شۇ ئىدى، ئالدىدىكى كېمىدە ئولتۇرغان لىن چۇڭ:

— سىلەر كىم؟ نەدىن كەلگەن خان لەشكەرلىرى؟ سىلەر قايسى يۈرىكىڭلار بىلەن بىزنى تۇتقىلى كەلدىڭلار؟ بىرىڭلارنى قويماي قىرىپ تاشلايمىز، لياڭشەن كۆلىدىكى باتۇرلار دېگەن نامىمىزنى ئاڭلىغانسىلەر! — دېدى ۋارقىراپ.

— بىز خان لەشكەرلىرى ئەمەس، قولىمىزدا شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر سۇڭ دانىش ئاغىمىزنىڭ يېزىپ بەرگەن خېتى بار، چوڭ تۇرانىڭ تۈپىگە قوشۇلۇشقا كەلدۇق، — دەپ جاۋاب

بەردى خۇا رۇڭ، چىن مىڭلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ قىرغاقتا تۇرۇپ.

— ئاغمىز سۇڭ دانىش خەت يېزىپ بەرگەن بولسا، — دېدى لىن چۇڭ ئاڭلاپ، — يۈرۈڭلار ئەمىسە، ئاۋۋال جۇ گۇينىڭ مەيخانىسىغا بارايلى، شۇ يەردە ئولتۇرۇپ خەتنى كۆرگەچ ئەھۋاللىشايلى.

كېمە ئۇستىدىن كۆك بايراق پۇلاڭشىۋىدى، قومۇشلۇقنىڭ ئىچىدىن دەرھال بىر قېيىق چىقىپ كەلدى، ئىچىدە ئۈچ بېلىقچى ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ بىرى قېيىقتا قاراپ قالدى، ئىككىسى قىرغاققا چىقىپ:

— ھەي سەردارلار، مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار، — دېدى.

كۆلدە ئىككى چارلامچى قېيىق تۇراتتى، بۇ قېيىقلارنىڭ بىرىدە ئاق بايراق پۇلاڭشىپ، دۇمباقلار گۇمبۇرلىۋىدى، ھېلىقى ئىككىلا كېمە تەڭلا يۈرۈپ كەتتى.

— ياپىر، خان لەشكەرلىرى بۇ يەرگە قانداقمۇ كېلەلىسۇن؟ — دېدى پالۋانلار بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، — بىزدەك تاغلىقلار نەدىكىنى تەڭ كېلەلەيمىز؟

پالۋانلار ئىككى بېلىقچىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ چوڭ بىر دوقمۇشتىن ئەگىپ ئۆتكەندىن كېيىن تۇپتوغرا ھېلىقى قۇرۇتقاق تىمساھ جۇ گۇينىڭ مەيخانىسىغا يېتىپ كەلدى.

جۇ گۇي بۇلار بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشۈپ قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى، ئاندىن ئىككى كالىنى يىقىتىپ، مەي ـ شارابلار بىلەن تۈرلۈك تائاملارنى تارتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆلدىكى شىپاڭغا قارىتىپ بىر پاي يا ئوقى ئېتىلدى، ئوق بېرىپ قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە چۈشتى، شۇ ئاندىلا غۇيۇلداپ بىر تېز قولۋاق يېتىپ كەلدى، جۇ گۇي چاپارمەنلەرنى چاقىرىپ، خەتنى دەرھال تاغقا ئېلىپ چىقىپ مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. مەيخانىدا قورۇما ـ تائاملار تارتىلىپ، توققۇز پالۋان مېھمان قىلىندى، مېھماندارچىلىقتىن كېيىن

ئاتلار ئېغىللارغا، ئادەملەر ھوجرىلارغا جايلىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىشىپ دەم ئېلىشتى.

ئەتىسى چاي ۋاقتى بىلەن مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ خەلپەت يېتىپ كېلىپ، جو گۈيىنىڭ مەيخانىسىدا پالۋانلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ، سالام ـ سەھەت قىلىشىپ ھال ـ ئەھۋال سوراشتى. ئۇلارنى ئالغىلى يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئات پالاقلىق چوڭ كېمە ئاللىقاچان كېلىپ تەييار بولۇپ تۇرغانىدى. ۋۇ يۇڭ بىلەن جو گۈي توققۇز پالۋاننى كېمىلەرگە چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى، چوڭ ـ كىچىك بالىۋاقىلار، ھارۋا، يۈك ـ تاقلار، ئات ۋە ئادەملەر ھەممىسى كېمىلەرگە جايلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن كېمىلەر جىنشاتەن ساھىلىغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە كېمىلەر قىرغاققا كېلىپ توختىدى، ھەممە قىرغاققا چىقىپ، قارىغايلىق ئارىسىدىن كەتكەن بىر چىغىر يولغا چۈشۈپ ماڭدى، دەل شۇ چاغدا ئاتامان چاۋ گەي بىلەن نۇرغۇن ئەزىمەتلەر بىللە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارنى داقا ـ دۇمباقلار بىلەن قارشى ئالدى. چاۋ گەي باشچىلىقىدا ھەممەيلەن كېلىپ توققۇز پالۋان بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى باشلاپ قوۋۇق ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. شۇ يەردىن يەنە ھەممە ئۆز ئاتلىرىغا مىنىشىپ، بەزىلىرى تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ تۈپتوغرا مەردلەر سارىيىغا كەلدى ۋە سارايدا ھەر كىم ئۆز پارى بىلەن سالاملىشىپ، جۈپ ـ جۈپى بىلەن ئولتۇرۇشتى. سول ياقتىكى بىر قاتار ئورۇندۇققا چاۋ گەي، ۋۇ يۇڭ، گۇڭسۇن شېڭ، لىن چۇڭ، ليۇ تاڭ، رۇەن شياۋئېر، رۇەن شياۋۋۇ، رۇەن شياۋچى، دۇ چيەن، سۇڭ ۋەن، جو گۈي، بەي شېڭلار ئولتۇردى؛ بۇنىڭدىن نەچچە ئاي ئىلگىرى كۇندۇز چاشقىنى بەي شېڭ جىجۇ ئايمىقىدىكى چوڭ زىنداندىن قېچىپ چىقىپ، لياڭشەن تېغىغا بېرىپ توپقا قوشۇلغانىدى، ئۇ ۋۇ يۇڭ خەلپەتنىڭ ئاستىرتىن ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم قىلىشى بىلەن قۇتۇلۇپ چىققانىدى. ئوڭ ياقتىكى بىر قاتار ئورۇندۇقتا خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، خۇاڭ شىن، يەن شۇن، ۋاڭ يىڭ، جېڭ

تيەنشۇ، لۇ فاڭ، گو شىڭ، شى يۈڭلار ئۇلتۇردى. بۇ ئىككى قاتار ئورۇندۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆجىدان قويۇلۇپ، كۆجە - ئىسرىقلار يېقىلدى ۋە ھەرقايسىسى قەسەمياد قىلىشتى. شۇ كۈنى چوڭ داغدۇغىلار بىلەن ئات - كالىلار سويۇلۇپ، كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى. يېڭى كەلگەن سەپداشلار تۆردىن چۈشۈپ ھەرقايسىسى بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى، كىچىكرەك سەركەردىلەر ئويان - بۇيان چېپىپ زىياپەتكە قاراشتى. ئارقا تاغدىن ئۆي، ھوجرىلار راسلىنىپ، چوڭ - كىچىك بالىۋاقىلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چىن مىڭ بىلەن خۇا رۇڭ زىياپەت ئۈستىدە سۇڭ دانىشنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تەرىپلەپ ئۆتتى، ئۇنىڭ شامال تاغدا ناھەقچىلىككە چىدىماي، بىر مەلئۇننى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئاتامانلار ناھايىتى خۇش بولۇشتى. ئاندىن لۇ فاڭ بىلەن گو شىڭنىڭ ئۆز نەيزىۋازلىقلىرىنى سىنىشىپ بىر - بىرى بىلەن ئېلىشقانلىقلىرىنى، خۇا رۇڭنىڭ بىر ئوق بىلەنلا ئۇلارنىڭ نەقىشلەنگەن يالمان نەيزىلىرى ئۇچىدىكى چىگىشىپ قالغان مەخمەل چىلتەكنى ئۈزۈپ تاشلاپ ئىككى نەيزىنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. چاۋ گەي بۇنى ئاڭلاپ، سەل ئىشەنمىگەندەك قىلىپ: «ئەگەر شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئۈزۈۋەتكەن بولسا، ئەتە سىنىشىپ باقساق بولىدىكەن» دېدى ئىچىدە پىچىرلاپ.

شۇ كۈنى يېرىم قانغۇدەك مەي - شاراب ئىچىلىپ، بىرقانچە خىل تائاملار يېيىلگەندىن كېيىن ئاتامانلار ھەممىسى بىردەك:

— تاغ - باغنى ئارىلاپ، ئاندىن كېلىپ ئولتۇرۇشمايلىمۇ، — دېيىشتى.

ئاتامانلار بىر - بىرىگە ئىلتىپات قىلىشىپ پەلەمپەيدىن چۈشتى ۋە تاغ مەنزىرىلىرىنى سەيلە قىلىشىپ، كۆڭۈللىرىنى ئېچىشتى. تۇرا ئالدىدىكى ئۈچىنچى قوۋۇققا كەلگەندە، بىردىنلا كۆكتە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۇرنىلارنىڭ غاق - غۇقلىرى

ئاڭلاندى. خۇا رۇڭ ئويلىنىپ، ئىچىدە: «چاۋ گەي ھېلى مىنىڭ مەخمەل چىلتەكنى بىر ئوق بىلەنلا ئۈزۈۋەتكەنلىكىمگە ئىشەنمىگەندەك قىلىۋىدى، بۇگۈن مەشەدە كارامىتىمنى بىر كۆرسەتمەيمۇ، ھەممىسى كۆرۈپ ھەيران قالسۇن» دېدى ــ دە، شۇنداق بىر قاراپ، ھەمراھلىرىدىن بىرىنىڭ قولىدىكى ئوقياغا كۆزى چۈشتى ۋە ئۇنىڭدىن ئوقيانى سوراپ ئالدى، قارىسا، بۇ ئالتۇن يالىتىپ، سىغىزخانىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ياخشى ئوقيا ئىكەن، بۇ ئوقيا خۇا رۇڭنىڭ دىتىغا ئاجايىپ يېقىپ كەتتى، شۇڭا ئۇ دەرھال قولىغا ياخشى ئوقتىن بىرنى ئېلىپ چاۋ گەيگە قاراپ:

— ئاغا، ھېلى پېقىرنىڭ بىر ئوق بىلەنلا مەخمەل چىلتەكنى ئۈزۈۋەتكەنلىكىمنى ئاڭلىدىلا، بۇنىڭغا ئاتامانلىرىمىز ئىشەنمىگەندەك قىلدى، ئەنە يىراقتىن بىر قاتار تۇرنا كېلىۋاتىدۇ، پېقىر چوڭ گەپ قىلماي، شۇ تۇرنىلارنىڭ ئۈچىنچىسىنىڭ بېشىغا بىر ئېتىپ كۆرەي، ئەگەر ئېتىپ چۈشۈرەلمىسەم، زاڭلىق قىلىشمىسىلا، — دېدى.

خۇا رۇڭ ئوقنى سېلىپ، يانىڭ كىرىچىنى تارتتى، تارتتى ــ دە، ئوقنى كۆككە قارىتىپ راسا چەنلەپ تۇرۇپ قويۇۋەتتى.

## نەزم

سىغىزخان سۈرەتلىك ئوقيا ئايسىمان —
ئېگىلىپ، ئوق ئۇچتى يۇلتۇزلار سايان.
بىغىشلار ئېگىلىپ كۆچىنىپ تارتسا —
كىرىچنى، ئوق ئۈزدى غۇيۇلداپ شۇئان.
ئاق قۇدەك تىزىلغان تۇرنىلار كۆكتە،
ئېتىلدى ئوق چىقىپ يېلىم بەردەنگە.
بۇلۇتنىڭ قەرىگە ئوق يەتكەن زامان،
غاق قىلىپ يىقىلدى تۇرنىمۇ پەسكە.

ئاسمانىنىڭ باتۇرى تۇرنا لەشكىرى،
تاڭ قالدى ئۈزۈلگەچ ئۇنىڭ قاتىرى.
قەھرىمان تۇرنىلار تەرتىپى ـ رېتى،
ئۇلاندى شادلىنىپ رىشتى زەنجىرى.

خۇا رۇڭنىڭ ئاتقان ئوقى دەل بېرىپ ھېلىقى تۇرنىلارنىڭ ئۈچىنچىسىگە تەگدى، تۇرنا پۇلاڭلاپ توپتوغرا تاغنىڭ باغرىغا چۈشتى. چاپارمەنلەردىن بىرسى ئېتىنىڭ بېرىپ تۇرنىنى ئېلىپ كەلدى، قارىسا ئوق دەل بېرىپ تۇرنىنىڭ بېشىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. چاۋ گەي ۋە باشقا ئاتامانلارنىڭ ھەممىسى ھەس ـ ھەيران قېلىشتى ۋە ئۇنى ماختاپ، ئۇنىڭغا «كارامەتلىك سەركەردە» دەپ نام قويدى. ۋۇ يوڭ خەلپەتمۇ ماختاپ:

— سەردارىمىز كىچىك لى گۇاڭدىنلا ئەمەس، ياڭ يوجىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان پالۋان! تاغ تۇرامىز ئەمدى بەرىكە ـ قۇدرەت تاپقۇدەك! — دېدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، لياڭشەن كۆلىدە خۇا رۇڭغا ئاپىرىن ئوقۇمايدىغان بىرمۇ كىشى قالمىدى.

ئاتامانلار مېھمانخانىغا كىرىپ زىياپەتكە ئولتۇردى، كەچقۇرۇن ھەرقايسىسى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ ئارامىنى ئېلىشتى.

ئەتىسى تاغ تۇرادا يەنە زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈپ، ئورۇن تەرتىپى بەلگىلەندى. ئەسلىدە چىن مىڭ خۇا رۇڭ بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىدى، خۇا رۇڭ چىن مىڭنىڭ قېيىنئاغىسى بولغانلىقتىن، ھەممىسى ئۇنى لىن چۇڭنىڭ يېنىدا بەشىنچى ئورۇندا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، چىن مىڭ بولسا ئالتىنچى ئورۇندا ئولتۇردى، ليۇ تاڭ يەتتىنچى ئورۇندا، خۇاڭ شىن سەككىزىنچى ئورۇندا ئولتۇردى، رۇەن ئاتلىق ئۈچ بىر تۇغقاننىڭ تۆۋىنىدە يەن شۈن، ۋاڭ يىڭ، لۇ فاڭ، گو شېڭ، جېڭ تيەنشۇ، شى يوڭ، دۇ چيەن، سۇڭ ۋەن، جۇ گۈي، بەي شېڭ

قاتارلىق يىگىرمە بىر ئاتامان ئۆلتۈردى. قۇت مەرىكىسى تۈگىدى، تاغ تۈرادا چوڭ كىيىملەر ياسىتىش، ھۇجرا ـ ياتاق سېلىش، ھارۋا ـ سايمان تەييارلاش، قىلىچ ـ قورال، دۇبۇلغا ـ قۇياق ياساش، تۇغ ـ ئەلەم، تون ـ چاپان، ئوقيا ـ كامالەكلەرنى ئېدىتلاش قاتارلىق خان لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا ھازىرلىق كۆرۈش ئىشى باشلىنىپ كەتتى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى سۇڭ جياڭدىن ئاڭلاڭ. سۇڭ جياڭ يېزا مەيخانىسىدىن چىققاندىن كېيىن كىچىچە مېڭىپ ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كەلدى. ئەتىسى كۈن قىيىلغان چاغلاردا مەھەللىنىڭ ئاغزىدىكى جاڭ شېجاڭ ئۇستام دېگەننىڭ مەيخانىسىغا كىرىپ بىردەم ئارام ئالدى. بۇ جاڭ ئۇستام دېگەن كىشى سۇڭ جياڭلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىپ ئوبدان ئۆتۈشەتتى. ئۇ سۇڭ جياڭنىڭ چىرايى سۇنۇق، يىغا تۇتۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ھەي مىرزىبەگ، ئۆيىڭىزدىن چىقىپ كەتكىلى يېرىم يىل بولدى، ئەمدى كەپسىز، نېمىشقا خۇشال ـ خۇرام قايتىپ كەلمەي، غەم ـ قايغۇ بىلەن كەلدىڭىز؟ نېمىگە بىئارام بولۇۋاتىسىز؟ كەچۈرۈم بولغاندىن كېيىن گۇناھىڭىزمۇ يەڭگىللىگەندۇ، ئەلۋەتتە، — دېدى.

— تاغا، ئېيتقىنىڭىز توغرا، — دېدى سۇڭ جياڭ، — ئۆزۈمنىڭ دەۋاسىنى گەپ قىلماي قويۇڭ. بىچارە ئاتام قازا قىلىپ كېتىپتۇ، نېمىشقا بىئارام بولمىغۇدەكمەن؟

جاڭ ئۇستام قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— مىرزىبەگ، راست دەۋاتامسىز؟ ئاقساقال ھېلىلا مەي ئىچىپ قايتىپ كەتتى، يېرىم سائەتمۇ بولمىدى، سۇنۇ[1]لا بىر

[1] سۇنۇ — باشقىچە، ئاجايىپ، غەلىتە، يوچۇن، يات دېگەن مەنىلەردە.

گەپ قىلىسىزغۇ؟ — دېدى.

— پېقىرنى زاڭلىق قىلماڭ تاغا، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە ئۆيدىن كەلگەن خەتنى ئېلىپ جاڭ ئۇستامغا كۆرسەتتى.

— ئىنىم خېتىدە شۇنداق ئوچۇق يېزىپتۇكى، — دېدى سۇڭ جياڭ، — ئاتام بۇ يىل بىرىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا قازا تېپىپ كېتىپتۇ، ئۆيدىكىلەر ئاتامنى مەن كەلگەندىن كېيىن يەرلىكىدە قويماقچى بولۇپ، پەقەت مېنىلا كۈتۈپ ئولتۇرغۇدەكمىش.

— تۇفى! نەدە مۇنداق ئىش بولسۇن! — دېدى جاڭ ئۇستام خەتنى كۆرۈپ، — بايا، چۈش ۋاقتىدىلا، كۈنچىقىش مەھەللىدىكى ۋاڭ غوجام بىلەن بۇ يەردە ئانچە - مۇنچە ئىچىشىپ قايتىپ كەتتى. مەن قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتامدىم!؟

سۇڭ جياڭ ئاڭلاپ، ئىچىدە سەل گۇمانلىنىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، بىر پەس ئويلىنىپ قالدى، كەچ كىرگەندە ئاندىن ئۇستام بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتتى.

سۇڭ جياڭ جاڭزىغا كىرىپ قارىسا، ھېچ ئىش بولماپتۇ. ئوتاقچىلار سۇڭ جياڭنى كۆرۈپ گۇررىدە كېلىپ سالام بېرىشتى:

— ئاتام بىلەن كىچىك ئىنىم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— غوجام ھەر كۈنى سىزنىڭ يولىڭىزغا كۆز تىكىپ تەقەززا بولۇۋاتاتتى. قايتىپ كەلگەنلىرىڭىزگە مۇبارەك، غوجام ھېلىلا كۈنچىقىش مەھەللىدىكى ۋاڭ ئۇستام بىلەن مەھەللە ئاغزىدىكى جاڭ ئۇستامنىڭ مەيخانىسىدا مەي ئىچىپ قايتىپ كەلگەنىدى. شۇ تۇرقى ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۇخلاۋاتىدۇ، — دېدى ئوتاقچىلار.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سۇڭ جياڭ ھەيران - ھەس بولۇپ قىسقا گۈرزىنى تاشلىدى - دە، ئىتتىك دالانغا كىرىپ قارىدى، ئىنىسى سۇڭ چىڭ سالام بېرىپ ئالدىدا ھازىر بولدى. سۇڭ

جياڭ ئىنىسىنىڭ قارىلىق تۇتىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇنداق غەزەپلەندىكى، قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ ئىنىسىنى تىللىدى:

— ھەي قارا يۈز مەلئۇن، نېمە قىلغىنىڭ بۇ! ئاتام دالاندا ئۇخلاۋېتىپتىغۇ، نېمىشقا مېنى كولدۇرلىتىپ، يالغاندىن خەت يازىسەن؟ مەن ئۆزۈمنى نەچچە قېتىم ئۆلتۇرۇۋالماقچى بولۇپ، يەنە توختىۋالدىم، نەچچە قېتىم ھوشۇمدىن كەتتىم. ھەي كۆڭلى قارا بەتنىيەت!

سۇڭ چىڭ ئەھۋاللارنى ئۇقتۇرماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، دەرپەردىنىڭ ئارقىسىدىن سۇڭ غوجا چىقىپ:

— سەۋر قىل ئوغلۇم، بۇ ئىشنى ئىنىڭ قىلمىغان، مەن قىلغان، مەن سېنى بىر كۆرسەم ئىدى دەپ تولا ئويلاپ، ئاخىر كىچىك ئىنىڭغا مېنى قازا تېپىپ كەتتى دەپ خەت يازغىن، دەپ مۇشۇ خەتنى يازدۇرغانىدىم، شۇڭا سەن تېز قايتىپ كەلدىڭ، بولمىسا نەدىكىنى. مەن يەنە كىشىلەردىن شىرمەتلەر تېغىدا قاراقچىلار كۆپ ئىمىش دېگەننى ئاڭلاپ، سېنى شۇ قاراقچىلارنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن غەلىيانچى بولۇپ كەتمىسۇن دەپ تاقىتىم تاق بولۇپ، مۇشۇ خەتنى يازدۇرۇپ، چەي جىن بېگىمنىڭكىدىن كەلگەن شى يۈگدىن ئەۋەتكەنىدۇق. مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەن قىلدۇرغان، ئىنىڭ قىلدۇرغان ئەمەس، ئۇنىڭغا تاپا ـ تەنە قىلما. مەن ھېلىلا جاڭ ئۇستامنىڭ مەيخانىسىدىن قايتىپ كېلىپ، ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاي دەپ تۇرۇشۇمغا سەن كېلىپ قالدىڭ.

سۇڭ جياڭ ئاڭلاپ ھەم قايغۇ، ھەم خۇشاللىق ئىچىدە ئېگىلىپ ـ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە:

— ھېلىقى دەۋا ئىشى قانداق بولدى؟ بايا جاڭ ئۇستاممۇ كەچۈرۈم بولدىغۇ، گۇناھىڭىز يېنىكلىگەندۇ، ئەلۋەتتە، دەۋاتاتتى، — دەپ سورىدى.

— ئىنىڭ سۇڭ چىڭ قايتىپ كەلمەستە جۇ تۇڭ بىلەن لېي

www.uyghurkitap.com

خېنىمنىڭ يارىدىمىگە كۆپ تاياندۇق، — دېدى سۇك غوجا، — كېيىنكى كۈنلەردە بىر قېتىملا ئېلان چىقىرىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن كارى بولمىدى. سەن مېنى نېمىشقا چاقىرتتىڭ دېسەڭ، يېقىندا خانىدانلىق شاھزادىگە تاج كىيدۈرۈپ، كەچۈرۈمنامە چۈشۈرۈپتۇ، ئەل ئىچىدە ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ گۇناھىنى بىر دەرىجە يېنىكلەتكۈدەك ئىمىش، بۇنى ھەرقايسى جايلاردا ئىجرا قىلمۇۋېتىپتۇ. ئەگەر بىلىنىپ قېلىپ، بەگ ـ سىپاھلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قالغان تەقدىردىمۇ، كۆپ بولغاندا سۈرگۈن قىلار، ئەمما جېنىڭغا كەلمەس. نېمە قىلسا قىلسۇن، كېيىن بىر ئىش قىلارمىز.

— جۇ تۇڭ بىلەن لىبي خېنىڭ ئىككىسى جاڭزىغا كەلگەنمىدى؟ — دەپ سورىدى يەنە سۇك جياڭ.

— يېقىندا ئاڭلىشىمچە، بۇ ئىككى يۈزبېشى باشقا جايغا كېتىپتۇ. جۇ تۇڭ ئاستانىگە كېتىپتىمىش، لىبي خېنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. يېقىندا يامۇلدىن يېڭىدىن جاڭ ئاتلىق ئىككى كىشىنى ئىشقا قويۇپتىمىش، — دېدى سۇك چىڭ.

— يول مېڭىپ چارچىغانسەن ئوغلۇم، ئۆيگە كىرىپ دېمىڭنى ئېلىۋال، — دېدى سۇك غوجا.

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن جەم بولۇپ، كۆڭۈللىرى خۇشلۇق تاپتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

كەچ كىرىپ كۈنچىقىشتىن ئاي چىقتى. ئەلياتقۇ بولغان مەھەلدە جاڭزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتتى. ئالدى ـ ئارقا دەرۋازىلاردا سۈرەن ـ چۇقانلار كۆتۈرۈلدى، بىردىنلا تۆت ئەتراپنى ئوتقاشلار قاپلاپ، سۇڭ جەمەتلەر جاڭزىسىنى ئورىۋېلىشتى ۋە «سۇڭ جياڭنى قاچۇرۇپ قويماڭلار!» دېگەن ئاۋازلار چىقتى.

سۇڭ غوجا ئاڭلاپ، ئاللا ـ توۋغا چۈشتى. ئەييۇھەنناس،

ئىشتىڭلار ئامۇخاس ! بۇ ۋەقە بولمىغان بولسا، دەريا بويىغا باتۇر - ئەزىمەتلەر توپلانمىغان، شەھەر - بازارلاردىنمۇ مەردۇمەردانىلەر چىقمىغان بولاتتى. سۆك دانىشنىڭ جاڭزىدىن زادى قانداق قىلىپ قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب

## ۋۇ يۇڭنىڭ لياڭشەن كۆلىدە دەي زۇڭنى ئىززەتلىگەنلىكى سۇڭ جياڭنىڭ جيېياڭدا لى جۈن بىلەن ئۇچراشقانلىقى

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا سۇڭ غوجا شوتىنى قويۇپ، تامغا چىقىپ قارىدى، كۆردىكى، پەستە ۋال - ۋۇل يېنىپ تۇرغان ئوتقاشلارنى كۆتۈرۈپ بىر مەر يۈزدىن ئارتۇق ئادەم تۇرۇپتۇ، بۇلارغا باش بولۇپ كەلگەن ئىككى ئادەم يېڭىلا تېخى يۈنچىلىك ناھىيەسىگە ئىشقا قويۇلغان يۈزبېشىلىرى بولۇپ، ئىككىسى بىر تۇغقان ئاكا - ئۇكىلار ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرى جاۋ نېڭ، بىرى جاۋ دې دەپ ئاتىلاتتى.

— ھەي سۇڭ غوجا، — دېدى ئۇلار ۋارقىراپ، — ئەقلىڭ بولسا ئوغلۇڭ سۇڭ جياڭنى بىزگە چىقىرىپ بەر، بىزگە شۇنىڭ ئۆزىلا كېرەك؛ ئەگەر چىقىرىپ بەرمەيدىكەنسەن، سەن قاقباش قېرىنىمۇ ئوغلۇڭغا قوشۇپ بىللە ئېلىپ كېتىمىز.

— سۇڭ جياڭ بۇ يەرگە قاچان كەپتىكەن، — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى سۇڭ غوجا.

— خۇپسەنلىك قىلما! ئوغلۇڭ مەھەللىنىڭ بېشىدىكى جاڭ ئۇستامنىڭ مەيخانىسىدا مەي ئىچىپ بولۇپ، بۇ يەرگە قايتىپ كەپتۇ، ئارقىدىن ئەگىشىپ كەلگەن ئادەم بار ئىكەن، سەن قانداقمۇ تانالايسەن؟ — دېدى جاۋ نېڭ.

— ئاتا، — دېدى سۇڭ جياڭ شوتىنىڭ تۆۋىنىدە تۇرۇپ، — بۇ نېمىلەر بىلەن تاكاللىشىپ نېمە قىلاتتىڭىز! ئوغلىڭىز سوراقتا تارتىلسىمۇ ھېچقىسى يوق. يامۇلدا تونۇش -

بىلىشلىرىم بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر كەچۈرۈم بولۇۋاتىدۇ، ماڭا چوقۇم يېنىك چارە كۆرىدۇ، بۇ نېمىلەرگە يېلىنىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ خەپ، بۇ مۇتتەھەملەرنىڭ بىر دىنىلا يۈزبېشى بولۇۋالغانلىقىنى قاراڭ! بۇ نېمىلەر مەردلىكنى نەدىن بىلسۇن! ئاتا، ئۇلاردىن ماڭا ياخشىلىق كەلمەيدۇ، قويۇڭ، ئۇلارغا يالۋۇرۇپ ئاۋارە بولماڭ.

— بالام، — دېدى سۇڭ غوجا كۆزىگە ياش ئېلىپ، — سېنى بالاغا تىقىپ قويىدىغان بولدۇم.

— ئاتا، — دەپ سۆز باشلىدى سۇڭ جياڭ، — كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ھازىرچە مەن سوراقتا تارتىلسامۇ، ئاخىر بېرىپ بۇ ئىش قۇتلۇق ئىش بولۇپ چىقىدۇ. ئەگەر مەن تاغ تۇراغا چىقىپ كەتسەم، ھېلىقى بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرىدىغان قېرىنداشلارغا ئۇچراپ قېلىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ قېلىشىم مۇمكىن، ئۇ چاغدا قانداقمۇ يۈزىڭىزگە قارايمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە سۈرگۈن قىلىنىپ، باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكىنىم ياخشى، سۈرگۈن دېگەننىڭ ۋاقتى - قەرەلى بار ئىش، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى قايتىپ كېلىپ، ئەتە - ئاخشىمى خىزمىتىڭىزدە بولۇپ سىز بىلەن ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتۈشۈم مۇمكىن.

— ئۇنداق بولسا ئوغلۇم، — دېدى سۇڭ غوجا، — مەن چوڭ - كىچىك بەگ - سىپاھىلارغا سوۋغا - سالاملارنى بېرىپ سېنى ياخشىراق بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلاي.

— سىلەر جېدەللەشمەي تۇرۇڭلار، — دېدى سۇڭ جياڭ شوتا بىلەن تامنىڭ ئۇستىگە چىقىپ تۇرۇپ ئىككى يۈزبېشىغا، — مېنىڭ گۇناھىم كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ھېچبولمىغاندا ماڭا ئۆلۈم كەلمەيدۇ، بۈگۈن بىزنىڭكىدە مەي - پەي ئىچىپ مېھمان بولۇڭلار، ئەتە يامۇلغا بىللە بارايلى.

— ئۇستاتلىقىڭنى قوي، بىزنى ئالداپ ئېلىپ كىرىپ نېمە قىلماقچى سەن؟ — دېدى جاۋ نېڭ.

— مەن قاراپ تۇرۇپ ئاتامنى ۋە قېرىنداشلىرىمنى بالاغا

www.uyghurkitap.com

قويمەنمۇ؟ ئۇنداق گەپنى قويۇپ ئۆيگە مەرھەمەت قىلىڭلار، — دېدى سۇلڭ جياڭ.

سۇلڭ جياڭ شوتىدىن چۈشۈپ، دەرۋازىسنى ئاچتى ۋە ئىككى يۈزبېشىنى مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلدى ۋە توخۇ ـ ئۆردەك ئۆلتۈرۈپ، مەي ـ شاراب راسلاپ كېچىچە مېھمان قىلدى. ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن يۈز چېرىكنىمۇ مەي ـ شاراب، غىزا ـ تائاملار بىلەن كۈتتى، ئۇلارغا ئانچە ـ مۇنچە تەڭگە ـ تەرسەك، مال ـ پۇچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى تارتۇق قىلدى. ئىككى يۈزبېشىغا يىگىرمە سەر كۆمۈش تۇتتى.

## نەزم

پۇلنى كۆرسە شۇ ھامان ئۇڭلايدۇ ئىشنى يۈزبېشى،
ئالىيۇر پۇل بەرمىسەڭ كۆزى، چىقار ھىڭگاڭ چىشى.
پۇللا بولسا نە ئەمەل، قانۇنغا چۈشمەس ھاجىتىڭ،
شۇڭا ئاڭلانغاي قۇلاققا خۇش يېقىملىق پۇل ئىتى.

شۇ كېچىسى ئىككى يۈزبېشى سۇلڭ جياڭنىڭ جاڭزىسىدا قونۇپ قالدى. ئەتىسى ئۇلار تاڭ ئاتا ـ ئاتمايلا ئامبال يامۇلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ساقلاپ تۇرۇپ، تاڭ يورۇغاندىن كېيىن يامۇلىنىڭ ئىچىگە كىردى. بۇ چاغدا، ئامبال ئەمدىلا دىۋانغا ئولتۇرغانىكەن، جاۋ نېڭ بىلەن جاۋ دېنىڭ سۇلڭ جياڭنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىغا پاتماي كەتكەن ئامبال شى ۋېنبىن: «گۇناھىڭنى تاپشۇر!» دەپ سۇلڭ جياڭغا ۋارقىرىدى. سۇلڭ جياڭ ئۆز گۇناھىنى تاپشۇرۇپ ئىقرارنامە يازدى:

«ئالدىنقى يىلى كۈزدە يەن پوشىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغاندىم، ئۇ ئەسكىلىك قىلىۋىدى، مەستلىكتە ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئۆلتۈرۈپ قويدۇم، شۇنىڭدىن كېيىن گۇناھىمدىن قورقۇپ قېچىپ

يـۈردۇم. ئاخىرى مـېنى يامـۇلغا تۇتـۇپ كېلـىشتى، پـېقىرنـىڭ بۇرۇنقى ئەھدىلىرىمنى نەزەردە تۇتۇپ، يېنىكرەك چارە كۆرۈشنى سورايمەن، مەن ئۆز گۇناھىمغا مىڭ مەرتىۋە ئىقرارمەن».

ئامبال ئۇنىڭ ئىقرارنامىسىنى كۆرۈپ بولۇپ ۋاقتىنچە قاماپ قويۇشقا بۇيرۇدى. پـۈتۈن ناھىـيەدىكى خـالايىق سۇڭ جـياڭنىـڭ تۇتۇپ كېلىنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى ۋە ئۇنىڭ ھەممە ياخشىلىقلىرىنى قويماي ئېيتىپ، يامۇلغا بېـرىپ ئۇنىـڭ گۇناھىنـى تىلـىدى. ئامبالـمۇ ئۇنىـڭغا ئىـچ ئاغرىتـىپ، ئۇنىـڭ ئىقرارنامىسىنى تەستىقلاپ ئۆزۈن تاقاق سالماستىـن، نەزەربەنـد قىلىپ قويۇشنىلا بۇيرۇدى. سۇڭ غـوجا بولسـا يۇقىرى ـ تـۆۋەن چېپىـپ يـۈرۈپ، چوڭ ـ كىـچىك بەگـلـەرگە نۇرغـۇن پـۇل ـ ماللارنى بەردى. شۇ چاغدا يەن كەمپىرنىڭ ئۆلگىنىگە يېرىم يىل بولۇپ قالغان، ھېچ ھەقداسى قالمىغانىدى. جاڭ سەنمـۇ بەرىبىـر بولغـۇلـۇق بولـدى دەپ ئـانچە جـېدەل قىـلمـايدىغـان بـولـۇپ قالغانىـدى. ئامبـال يامۇلى بـۇ دەۋانى ئەنـگـە ئېلـىـپ، ئاتمـىش كـۈنلۈك مۆھـلەت بىلـەن جىجۇ ئـايمىقـىغا ئالاقـە ئەۋەتىپ، شـۇ يەردىكى يامۇلـنىڭ ھۆكمىنى كۈتۈپ تـۇردى. مەزكۇر ئـايـماقنىـڭ بېگى يوللانغان مـەلۇماتنـى كۆرۈپ، گۇناھـكارلارنىڭ گـۇناھىنـى كـەچۈرۈم قىلـىش دېگەن يـارلىققـا بىنائـەن ئۇنىـڭ گـۇناھـىنـى يېنىكلىتىپ، سۇڭ جياڭنى يىگىرمە دەررە ئـۇرۇپ، يۈزىگە خـەت چېكىپ، جيـاڭجۇ ئـايـمىقـىدىكى مەھـبۇسلار كۈرەسىگە يولـلاپ بېرىشنى قارار قىلدى. مەزكۇر ئايماقتىـكى ئەمەلـدارلار ئىچىـدە سۇڭ جياڭنى تونۇيدىغانلار بار ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ پـۇل ـ ماللارنى بەرگەنلىكى نەزەرگە ئېلىنىپ، دەررە ئۇرۇلـماي يۈزىگـە خەت چېكىپ پالانسۇن، دېگەن جازا بېكىتىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگـە ھەقدار بولمىغانلىقى ۋە كۆپچىلىكنىڭ سۆلىھى ـ سالا قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئىش يېنىكچە ھەل بولدى. سۇڭ جياڭنىڭ بـوينىغـا شۇ يەردىلا تاقاق سېلىنىپ، بىر پارچە ئالاقە بىلەن ئۇنى ئېلىـپ

مېڭىشقا ئىككى يايى تەيىنلەندى. بۇ يايلارنىڭ بىرى جاڭ چيەن، يەنە بىرى لى ۋەن ئىدى.

ئىككى يايى ئالاقىنى كۆتۈرۈپ، سۇڭ جياڭنى ئايماق يامۇلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. سۇڭ جياڭنىڭ ئاتىسى سۇڭ غوجا بىلەن ئىنىسى سۇڭ چىڭ شۇ يەردە ساقلاپ تۇراتتى، ئۇلار ئىككى يايىنى مەي ـ شارابلار بىلەن مېھمان قىلىپ، قولىغا بىرئازدىن كۈمۈش پۇل تۇتقۇزدى، ئاندىن كېيىن سۇڭ جياڭنىڭ كىيىم ـ كېچەكنى يەڭگۈشلەپ بوغجۇملىرىنى تېڭىپ، چىگە چورۇقىنى كىيدۈردى، سۇڭ غوجا سۇڭ جياڭنى خالىيراق بىر جايغا چاقىرىپ ئاپىرىپ:

— ئوغلۇم، جياڭجۇ ئايمىقى بولسا ياخشى يەر، ئاشلىق ـ تۈلۈكنىڭ ماكانى، مەن ئەتەي پۇل خەجلەپ ساڭا شۇ يەرنى تاللاتتىم. سەن كۆڭلۈڭنى كەڭ، يۈرىكىڭنى توق تۇتۇپ، سەۋر ـ تاقەتلىك بولغىن، كېيىنرەك سېنى يوقلىتىپ كىچىك ئىنىڭنى ئەۋەتىمەن، خەج ـ خىراجەتلىرىڭنى يولۇچىلاردىن ئۈزۈلدۈرمەي ئەۋەتىپ تۇرىمەن. مۇشۇ مېڭىشىڭدا دەل لياڭشەن كۆلىدىن ئۆتىسەن. ئەگەر تاغدىكىلەر چۈشۈپ سېنى بۇلاپ كېتىپ، توپقا قوشۇل دېسە، ھەرگىز ئۇنىمىغىن، بولمىسا ساداقەتسىز، ۋاپاسىز بىرنېمە ئىكەن دېگەن تىل ـ ئاھانەتكە قالىسەن، بۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت. يوللاردا ئالدىرىماي ماڭغىن، تەڭرىم ئامان قىلسا، بالدۇرراق قايتىپ كېلىپ، ئاتاڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭ بىلەن جۈغ ـ جەم بولۇپ ئۆتكەيسەن بالام، — دەپ تاپىلىدى.

سۇڭ جياڭ كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ ئاتىسى بىلەن خوشلاشتى، ئىنىسى سۇڭ چىڭ خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى.

سۇڭ جياڭ ئىنىسى بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا ئۇنىڭغا جېكىلەپ:

— مېنى كېتىۋاتىدۇ دەپ غەم قىلماڭلار، ئاتام بولسا ياشىنىپ قالدى، مەن بولسام جازاغا تارتىلىپ، ياقا يۇرتلارغا كېتىۋاتىمەن. ئىنىم، سەن ئەتە ـ ئاخشىمى ئۆيدىن ئاجرىماي،

ئاتامنىڭ خىزمىتىدە بول، ئاتامنى تاشلاپ، مېنى جياڭجۇغا ئىزدەپ بارمىغىن، ئاتام يالغۇز قالمىسۇن. مېنىڭ ئەل ـ يۇرتلار ئىچىدە تونۇش ـ بىلىشلىرىم كۆپ، كۆرگىنى ماڭا ياردەم قولىنى سۇنماي قالمايدۇ. خەج ـ خىراجەتلەرنى ئۆزۈم بىرنەرسە قىلىمەن. تەڭرىم ئامان قىلسا، بىر كۈنى بولمىسۇن بىر كۈنى قايتىپ كېلىمەن.

سۇڭ چىڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ ئاكىسى بىلەن خوشلاشتى ۋە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئاتىسىنىڭ خىزمىتىدە بولدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى يول ئۈستىدىكى سۇڭ جياڭ بىلەن ئىككى يايىدىن ئاڭلاڭ. يايى جاڭ چيەن بىلەن لى ۋەن سۇڭ جياڭنىڭ ئاز ـ تولا ھەممىستىگە ئېرىشكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ باتۇر ئەزىمەتلەردىن ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، يول بويى ئۇنى ئاسراپ ئاۋايلاپ ماڭدى. ئۈچەيلەن بىر كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن كەچ كىرىش بىلەنلا بىر سارايغا كېلىپ قوندى ۋە تاماق ـ پاماقلارنى ئېتىپ يېيىشتى، سۇڭ جياڭ بىرئاز مەي، گۆشلەرنى ئېلىپ يايىلارنى مېھمان قىلدى.

ــــ راستىنى ئېيتسام، ــــ دەپ سۆز ئاچتى سۇڭ جياڭ ئۇلارغا قاراپ، ــــ بىز ئەمدى ماڭساق، دەل لياڭشەن كۆلىنى ياندىپ ئۆتىمىز، تاغ تۇرادا بىرنەچچە پالۋان بار، ئۇلار مېنىڭ ئېتىمنى ئاڭلاپ قالسا، تاغدىن چۈشۈپ مېنى ئەپقېچىپ كېتىپ سىزلەرنى ئاۋارە قىلىپ قويارمىكىن، ئەتە ئەتىگەنرەك تۇرۇپ، كۆپرەك يول ماڭساقمۇ بىرەر چىغىر يول بىلەن غىپىلا قىلىپ ئۆتۈپ كېتەيلى.

ــــ ھەي مىرزا، سىز دېمىسىڭىز بىز نەدىن بىلەيلى؟ چىغىر يولنى بىز ياخشى بىلىمىز، شۇ يول بىلەن ماڭساق، ئۇلارغا يولۇقمايلا ئۆتۈپ كېتەلەيمىز، ــــ دېدى ئىككى يايى.

شۇ كېچىسى ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، ئەتىسى تاڭ قاراڭغۇسىدا تۇرۇپ، تاماقنى ئېتىپ يېيىشتى. ئىككى يايى

بىلەن سۇڭ جياڭ سارايدىن چىقىپ، چىغىر يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئالاھازەل ئوتتۇز چاقىرىمچە يول ماڭغاندىن كېيىن ئالدى تەرەپتىكى بىر داۋاننىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىزلا بىر توپ ئادەم چىقىپ كەلدى. سۇڭ جياڭ بۇنى كۆرۈپ ئاللا ـ تۇۋۇغا چۈشتى. كەلگەنلەر باشقا كىشى ئەمەس، دەل قىرىق ـ ئەللىك ئادەمنى باشلاپ كەلگەن قىزىل چاچ شەيتان ليۇ تاڭ باتۇر ئىدى. ئۇلار ھېلىقى ئىككى يايىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ دېۋەيلەپ كەلدى. يايلار دۈگدەيگىنىچە يۈكۈنۈپ يەرگە يىقىلدى.

— ئىنىم، سىز كىمنى ئۆلتۈرمەكچى؟ — دەپ ۋارقىرىدى سۇڭ جياڭ.

— ئاغا، — دېدى ليۇ تاڭ، — بۇ ئىككى پېسەندە ـ چەرەندىنى ئۆلتۈرمەي بولامدىكەن؟

— قولىڭىزنى قانغا بويىۋالماڭ، قىلىچنى ماڭا بېرىڭ، ئۆزۈم ئۆلتۈرەي، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ئەمدى تۈگىشىپتۇق، — دەپ داد ـ پەرياد قىلدى ئىككى يايى.

ليۇ تاڭ قىلىچنى سۇڭ جياڭغا بەردى.

## نەزم

ئۆتكۈزۈپ قويدى گۇناھ، لېكىن قېچىشقا كۆنمىدى،
قۇتقۇزايلى دېسە خەق «زىنداندا ياتقايمەن» دېدى.
تاپتى كۆڭلى قېتىدىن شۇئان ئۇ ئەپچىل بىر ئەقىل:
«يايى قالسۇن مەن ئۆلەي» دەپ ئۆزگىدىن تىغ تىلىدى.

سۇڭ جياڭ قىلىچنى ئېلىپ، ليۇ تاڭدىن سورىدى:

— يايلارنى ئۆلتۈرۈپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

— ئاغا، ئۆزلىرىنى يامۇلغا تۇتۇلۇپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، زىنداندىن ئەپقېچىش ئۈچۈن تاغدىكى ئاغىلىرىمىز ئەتەي يۇنچېڭ

ناھىيەسىگە كىشى ئەۋەتمەكچى بولغانىدى، بىراق ئۆزلىرىنىڭ زىندانىدا ئەمەسلىكلىرىنى ۋە قىيىن - قىستاقتا قالمىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ توختاپ قالغانىدى. بۈگۈن ئۆزلىرىنى جياڭجۇ ئايمىقىغا سۈرگۈن قىلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، يولدىن ئۆتۈشۈپ كەتمەيلى دەپ چوڭ - كىچىك ئاتامانلارنى يول توسۇپ، ئۆزلىرىنى تاغقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە چاپتۇرۇۋەتكەنىدۇق. بۇ ئىككى يايىنى نېمىشقا ئۆلتۈرمەيمىز؟

— بۇنداق قىلساڭلار مېنى ئەزىزلىگەن بولمايسىلەر، بەلكى ساداقەتسىز، ۋاپاسىزلار قاتارىغا ئىتتىرىۋەتكەن بولىسىلەر. ئەگەر مېنى مۇشۇ تەرىقىدە قىستاۋەرسەڭلار، ئاقىۋەت مېنىڭ جېنىمغا زامىن بولىسىلەر، بۇنىڭدىن كۆرە ئۆلگىنىملا ياخشى، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە قىلىچنى ئېلىپ بوغۇزىغا تەڭلىدى. ليۇ تاڭ دەرھال ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئاغا، گەپ بولسا ئاستىراق دېيىشەيلى، — دېدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن شارت قىلىپ قىلىچنى تارتىۋالدى.

— ئەگەر سىلەرنىڭ ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسا، مېنى قويۇپ بېرىڭلار، مەن جياڭجۇ ئايمىقىدىكى مەھبۇسلار كۇرەسىگە بېرىپ مۇددىتىمنى توشقۇزۇپ كېلەي، شۇ چاغدا ئاندىن سىلەر بىلەن كۆرۈشەي، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ئاغا، — دېدى ليۇ تاڭ، — بۇ گەپلىرىگە مەن بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. ئالدىمىزدىكى چوڭ يولدا مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ خەلپەت خۇا رۇڭ بەگ بىلەن بىللە پەقەت ئۆزلىرىنىلا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. پېقىر كىشى ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كېلەي، شۇلار بىلەن بىللە كېڭىشىپ كۆرەيلى.

— مېنىڭ گېپىم شۇ، قالغىنىنى ئۆزۈڭلار بىلىڭلار، — دېدى سۇڭ جياڭ.

چاپارمەنلەر كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ۋۇ يۇڭ بىلەن خۇا رۇڭ ئىككىيلەن ئالدىدا، ئون - يىگىرمە ئادەم ئارقىدا ئاتلىرىغا

مىنىشىپ ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىشتى ۋە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ سالاملىشىپ كۆرۈشتى.

— نېمىشقا ئاغىمىزنىڭ بويىنىدىكى تاقاقىنى ئېلىۋەتمەيسىلەر؟ — دېدى خۇا رۇڭ.

— ئەزىز ئىنىم، — دېدى سۇڭ جياڭ، — بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ بۇ بولسا پادىشاھلىقنىڭ قانۇنى، ئۇنىڭغا قانداق تەگكىلى بولسۇن! — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ئاغىمىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندىم، — دېدى ۋۇ يوڭ خەلپەت كۈلۈپ، — بۇ ئاسان، ئۈزلىرىنى تاغ تۇرادا ئېلىپ قالمىساقلا بولىدىغان گەپ. ئاتامانىمىز چاۋ گەي ھەزرەتلىرى جانابىي ئاغىمىز بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، مۇشۇ تاپتا ئۈزلىرىنى كەلسە، ئىچ - قارنىلىرىمىزدىكى گەپ - سۆزلىرىمىزنى ئېيتىشىپ، بىردەم - يېرىمدەم ئولپەتلىشىۋالساق دەپ تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. تۇرايىمىزغا چىقىپ بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە، ئاندىن يولغا سېلىپ قويساق.

— پېقىرنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەقەت خەلپىتىملا تاپتى، — دېدى سۇڭ جياڭ ئىككى يايىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— بۇ ئىككىيلەننىڭ كۆڭلى ئامان تاپسۇن، مەن ئۆلسەم ئۆلەيكى، بۇلار ئۆلمىسۇن، — دېدى يەنە.

— بىزنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردىڭىز مىرزا، سىزدىن باشقا كىمىمىز بار، — دېدى ئىككى يايى.

ھەممەيلەن چوڭ يولدىن چىقىپ قومۇشلۇق بويىغا يېتىپ كەلدى، قىرغاقتا بىر كېمە تۇراتتى. تاغ ئالدىدىكى چوڭ يولدىن ئۆتكەندىن كېيىن ۋۇ يوڭ ئادەملىرىنى تەخترىۋاننى كۆتۈرۈشكە بۇيرۇدى، ئادەملەر تەخترىۋاننى كۆتۈرۈپ، تويتوغرا چىڭ دوستلۇق شىياڭىغا كېلىپ توختىدى. ۋۇ يوڭ يەنە چاپارمەنلەرگە ئاتامانلارنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، ئاتامانلار كېلىپ سۇڭ جياڭنى قارشى ئېلىپ تاغقا ئېلىپ چىقتى، شۇنىڭ

بىلەن ھەممەيلەن مەردلەر سارىيىغا جەم بولۇپ، بىر ـ بىرلىرى بىلەن يۈز ـ دىدار كۆرۈشتى.

— ئۆزلىرى بىزنى يۈنچېڭ ناھىيەسىدە ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق، كەلگەندىن كېيىن جانابلىرىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى بىر كۇنمۇ ئۇنتۇپ قالمىدۇق. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزلىرى تونۇشتۇرغان باتۇرلار بۇ تاغقا كېلىپ تۇرايمىزنى ئاۋاتلاشتۇردى. بۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىغىمۇ جاۋاب ياندۇرالمىدۇق، — دېدى چاۋ گەي.

— پېقىر ئۆزلىرى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن بىر پاھىشە خوتۇننى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئەل ئارىسىدا يېرىم يىلچە قېچىپ يۇردۇم، ئەسلىدە تاغقا چىقىپ، ھەرقايسىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشنى نىيەت قىلىپ يۇرگەنىدىم، تۇيۇقسىزلا يېزا مەيخانىسىدا شى يۇڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ ماڭا ئۆيدىن ئەۋەتكەن بىر پارچە خەتنى بەردى، خەتتە ئاتىڭىز ئالەمدىن ئۆتتى دەپ يېزىلىپتۇ. نەدىن بىلەي، بۇ ئەسلىدە ئاتام مېنى پالۋانلارغا ئەگىشىپ توپقا قوشۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ، ئەتەي چاقىرتىۋېلىش ئۇچۇن يازغان خەت ئىكەن. ئۆزۈم دەۋا ـ دەستۇرلارغا چۈشۈپ قالغان بولسامۇ، چوڭ ـ كىچىك بەگ ـ سىپاھلارنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئېغىر جازالاردىن قۇتۇلۇپ قالدىم. مانا ئەمدى جياڭجۇ ئايمىقىغا سۇرگۇن قىلىنىدىم، بۇمۇ ياخشى بولدى. جانابلىرى چاقىرغانلىقتىن، بۇ يەرگە كەلمەسكە بولمىدى. ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك جامالىرىنى كۆردۈم، بارىدىغان يېرىمگە ۋاقتىدا بارمىسام بولماس، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرالمايمەن، خوش ئەمىسە، يامۇلغا ماڭاي، — دېدى سۇڭ جياڭ جاۋابەن.

— شۇنداقمۇ ئالدىرامدىلا قېرىنداشىم! بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە، — دېدى چاۋ گەي.

ئىككىيلەن ئوتتۇرىدا ئولتۇردى، سۇڭ جياڭ ئىككى يايىنى ئارقىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغۇزدى.

چاۋگەي ئاتامانلارنىڭ ھەممىسىنى سۇڭ جياڭغا سالام بېرىشكە بۇيرۇدى، ئۇلار ئىككى قاتار بولۇپ ئولتۇردى، كىچىك سەردارلار چېپىپ يۈرۈپ جام ـ ئاياقلارغا مەي قۇيۇشتى. ئالدى بىلەن چاۋگەي مەي تۇتتى، ئاندىن مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ خەلپەت، گۇڭسۇن شېڭ ۋە بەي شېڭ قاتارلىقلارمۇ مەي تۇتۇشتى. مەي بىرنەچچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭ ئورنىدىن تۇرۇپ رەھمەت ئوقۇپ:

— قېرىنداشلىرىمنىڭ قانچىلىك كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى بىلىۋاتىمەن. بىچارە گۇناھكار بولۇپ قالغان ئادەم، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇش ھەددىم ئەمەس، ئەمدى يولۇمغا مېڭىشىم كېرەك، — دېدى.

— مېھرىبان قېرىندىشىم، بۇچۇنلا گەپ قىلمىدىلىغۇ! بۇ ئىككى يايىنى بالاغا قويۇشقا كۆڭۈللىرى ئۇنىمىسا، ئۇلارغا بىر ئاز تەڭگە ـ كۈمۈش بېرىپ قايتۇرۇۋەتسەك بولمامدۇ، ئۇلار بېرىپ ئۆزلىرىنى لياڭشەن كۆلىدىكىلەر بۇلاپ كەتتى دېسە، ئۇلارنى جازاغا تارتماسلىقى مۇمكىن، ئەزىز قېرىندىشىم، — دېدى چاۋگەي.

— بۇ گەپنى قىلمىسىلا قېرىندىشىم، بۇ بىچارىنى ئىززەتلەپ ـ ھۆرمەتلىگەنلىرى ئەمەس. ئەكسىچە ئوپئوچۇق بالاغا تىققانلىرى بولىدۇ. ئۆيدە قېرى ئاتام قالدى. بىچارە بىرەر كۈنمۇ يېنىدا تۇرۇپ خىزمىتىدە بولالمىغان تۇرۇقلۇق، قانداقمۇ ئاتامنىڭ نەسىھەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۇنى بالاغا تىقىپ قويىمەن؟ ئەسلىدە ھەرقايسىلىرىغا كېلىپ قوشۇلۇشنى نىيەت قىلىپ خېلى غەيرەت قىلغانىدىم، تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېزا مەيخانىسىدا شى يوڭغا يولۇقۇپ قېلىپ، ئۆيگە قايتىپ كەتتىم. ئاتام بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىپ، بىچارىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن دەۋا ـ دەستۇرلارغا چۈشۈشكە ئۈندەپ، سۈرگۈن بولۇشقا ئالدىراتتى ۋە يېنىش ـ يېنىشلاپ تاپىلىدى. مېڭىش ئالدىدىمۇ يەنە ئۆزۈڭنىڭ راھەتىنى دەپ ئۆيۈڭدىكىلەرنى

مالاللىقا سېلىپ، قېرى ئاتاڭنى بالاغا قويما دەپ، تۆمەن مىڭ قېتىم جېكىلىگەنىدى. شۇڭا، ئاتام ماڭا ناھايىتى ئېنىق پەندى ـ نەسىھەتلەرنى بەردى. پېقىر ئاتامنىڭ دېگىنىگە كىرمىسەم، ئاسماندا تەڭرىنىڭ يولىغا، يەردە ئاتامنىڭ نەسىھەتىگە خىلاپلىق قىلغان ساداقەتسىز، ۋاپاسىز ئادەم بولۇپ قالمامدىمەن، دۇنيادا بۇنداق ياشىغانىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئەگەر پېقىرنى قويۇپ بېرىشمىسىلە، ھەرقايسىلىرىنىڭ قولىدا ئۆلۈشكە رازىمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ يۇم ـ يۇم يىغلاپ يەرگە يىقىلىپ.

چاۋ گەي، ۋۇ يۇڭ، گۇڭسۇن شېڭلار تەڭلا ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— ئاغىمىز ئەگەر جياڭجۇغا بارمىسام زادى بولمايدۇ دەيدىكەن، بۈگۈن بۇ يەردە بىر كۈن خاتىرجەم تۇرۇپ بەرسىلە، ئەتە ئەتىگەندە تاغدىن چۈشۈرۈپ ئۇزىتىپ قويايلى، — دېدى كۆپچىلىك.

قايتا ـ قايتا ئېيتىپ، ئاران تەسلىكتە ئۇنى ماقۇل كەلتۈرۈشتى. شۇنداق قىلىپ، سۇڭ جياڭ تاغ تۇرادا بىر كۈن مېھمان بولدى. بوينىدىكى تاقاقنى ئېلىۋېتەيلى دېسە، زادىلا ئۇنىماي، ئىككى يايى بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇۋالدى.

بىر كېچە قونغاندىن كېيىن ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ ماڭىمەن دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئاغا، ئۆزلىرىگە شۇنى يەتكۈزمەكچىمەنكى، — دەپ سۆز باشلىدى مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ خەلپەت، — پېقىرنىڭ بىر يېقىن تونۇشۇم بار، ھازىر جياڭجۇ ئايمىقىدا ئىككى زىندانغا بەگلىك قىلىدۇ، ئېتى دەي زۇڭ، شۇ يەردىكى خەقلەر ئۇنى دەي بېگىم دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ كۈنىگە سەككىز يۈز چاقىرىم يول باسىدىغان خىسلىتى بار، شۇڭا ئۇنى كىشىلەر يەل تاپان شەيخ دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان ئاجايىپ خالىس بىر ئادەم. پېقىر بىر پارچە خەت يېزىپ قويدۇم، ئالغاچ كەتسىلە، بارغاندىن كېيىن شۇ كىشى

بىلەن ئوبدان تونۇشۇۋالسىلا، بىرەر ھادىسە يۈز بېرىپ قالسا، پېقىر ئىنىلىرىغا دەرھال ئۇچۇر بەرسىلە.

ئاتامانلار سۈڭ جياڭنى ئېلىپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن زىياپەت بېرىپ ئۇزىتىشقا كىرىشتى ۋە بىر تاۋاق ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى راسلاپ سۈڭ جياڭغا تۇتتى، يەنە يىگىرمە سەر كۈمۈشلەرنى راسلاپ ئىككى يايىغا تۇتتى. ئۇلار سۈڭ جياڭنىڭ بوغجۇملىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تاغدىن چۈشتى ۋە ھەممىسى بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. مۇشاۋىر ۋۇ يوڭ خەلپەت بىلەن خۇا رۇڭ ئىككىسى سۈڭ جياڭنى كېچىكتىن ئۆتكۈزۈپ، چوڭ يولنىڭ يىگىرمە چاقىرىم نېرىسىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئاتامانلار قايتىپ تاغقا چىقىپ كېتىشتى.

ئەمدى سۈڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ ئىككى يايى بىلەن جياڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى، تاغ تۇرادىكى نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن ئاتامانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سۈڭ جياڭنى ئىززەت - ھۆرمەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇلاردىن ئانچە - مۇنچە كۈمۈش ئېلىپ ئالغان يايىلار يول ئۈستىدە سۈڭ جياڭنى ئاسراپ - ئاۋايلاپ ماڭدى. ئۇچەيلەن ئالاھازەل يىرىم ئايدىن كۆپرەك يول ماڭغاندىن كېيىن ئالدىدىن بىر ئېگىز چوققا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر جايغا يېتىپ كەلدى.

— بەللى ! ئەنە، ئاۋۇ جيېياڭ چوققىسىدىن ئۆتسەكلا، شۈنياڭ دەرياسىغا يېتىپ بارىمىز، جياڭجۇغا ئەنە شۇ دەريادىن ئۆتۈپ بارىمىز، ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس، — دېدى ئىككى يايى.

— كۈن ئىسسىق، چوققىدىن ئەتىگەنرەك ئۆتۈپ، بىرەر قونالغۇغا يېتىۋالايلى، — دېدى سۈڭ جياڭ.

— توغرا ئېيتتىڭىز مىرزا، — دېدى يايىلار.

ئۇچەيلەن چوققىدىن ئېشىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ - تېنەپ مېڭىشتى.

يېرىم كۈنچە يول ماڭغاندىن كېيىن چوققىدىن ئارتىلىپ

ئۆتۈشتى، پەستە بىر مەيخانا كۆرۈندى، مەيخانىنىڭ ئارقىسىدا ئېگىز بىر خادا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئالدىدا بولسا دەرەخلەر ئۆڭگۈلە ـ سۆڭگۈلە ئۆسۈپ كەتكەنىدى، مەيخانىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە بىرمۇنچە كەپە ئۆيلەر بار ئىدى؛ ئۇلار ھېلىقى دەرەخلەرنىڭ يېنىغا بىرىپ قارىسا، بىر مەي تۇغى چوقچىيىپ تۇرۇپتۇ. سۇڭ جياڭ كۆرۈپ ئىچىدە بەك خۇش بولۇپ كەتتى ۋە يايىلارغا قاراپ:

— شۇ تاپتا قورساقلىرىمىز ئېچىپ، تازا چاڭقاپ كەتتۇق، بۇ چوققىدا مەيخانا بار ئىكەن ئەمەسمۇ، بىرئازدىن مەي ـ پەيلەرنى ئىچىۋېلىپ، ئاندىن ماڭايلى، — دېدى.

ئۇچەيلەن مەيخانىغا كىردى، ئىككى يايى يۈك ـ تاقلىرىنى قويۇپ، تاياق ـ توقماقلىرىنى تامغا يۆلەپ قويدى، ئاندىن سۇڭ جياڭ ئىككى يايىنى تۆردە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى تاپىسىدا ئولتۇردى. ئولتۇرۇپ خېلى بىر ۋاقىتچىمۇ بىرەر كىشى چىقمىدى، سۇڭ جياڭ:

— بۇ دۇكاننىڭ ئىگە ـ چاقىسى يوقمۇ نېمە؟ — دەپ توۋلىدى.

— مانا كەلدى مانا! — دەپ ئىچكىرىسىدىن بىر ئاۋاز چىقتى ـ دە، يان تەرەپتىكى ئۆيدىن ئېگىز بىر دارازا چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى قانداقكىن دېسىڭىز:

ئېڭەكىدە قىپقىزىل ساقاللىرى سالا ـ سالا،
قىپقىزىل يولۋاس كۆزىدەك كۆزلىرى چاقنار يانا.
جان قىيۇر جىبىياڭ داۋانىدا بۇ ۋەھشىي يالماۋۇز،
پىلسىراتنىڭ جان ئالار ئەزرائىلى ئىدى گويا.

بېشىغا كونىراپ كەتكەن بىر بوغمىچا چىگىپ، ئۇستىگە بىر جىلىتكە كىيىۋالغان، يەلكىلىرى ئوچۇق، ئالدىغا بىر بۆز ياغلىق تارتىۋالغان بۇ ئادەم سۇڭ جياڭغا قاراپ تەزىم قىلىپ:

— مېھمانلارغا قانچىلىك مەي كەلتۈرىمىزكىن؟ — دەپ سورىدى.

— يول مېڭىپ قورساقلىرىمىز ئېچىپ كەتتى. گۆش - پۆشىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— كالا گۆشى بىلەن دۇغلۇق ئاق ھاراق بار، — دېدى ھېلىقى ئادەم.

— بەللى، ئاۋۋال ئىككى جىڭ پىششىق گۆش ۋە بىر خۇمرا مەي ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— مېھمان، كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن، بىزنىڭ بۇ مەيخانىمىزدا ئاۋۋال پۇل تاپشۇرۇپ، ئاندىن مەي بېرىلىدۇ، — دېدى ھېلىقى ئادەم.

— پۇلنى تۆلەپ بولۇپ ئاندىن مەي ئىچىشنى مەنمۇ ياقتۇرىمەن، تۇرۇپ تۇرۇڭ، پۇلنى ئېلىپ بېرەي، — دېدى سۇڭ جياڭ.

سۇڭ جياڭ بوغجۇمىسىنى ئېچىپ، بىرئاز ئۇششاق پۇل ئالدى. ھېلىقى ئادەم بىر چەتتە ئوغرى كۆزى بىلەن قاراپ تۇراتتى، ئۇ بوغجۇمىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ ھەر ھالدا بىرنەرسە بار ئىكەن دەپ ئويلاپ، ئىچىدە ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ سۇڭ جياڭ بەرگەن پۇلنى ئېلىپ، ئىچكىرىدىن بىر خۇمرا مەي بىلەن بىر تەخسە كالا گۆشى ئېلىپ چىقتى ۋە شىرەگە ئۈچ ئاپقۇر، ئۈچ كىشىلىك چوكا قويۇپ، مەينى ئاپقۇرلارغا قۇيدى.

ئۈچەيلەن يەپ - ئىچىۋېتىپ: «ھازىر ئەل - يۇرت ئىچىدە بىر قىسىم يامان ئادەملەر پەيدا بولۇپ قاپتىمىش، نۇرغۇن ياخشى ئەرلەر ئۇلارنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ نىمىلەر مەي بىلەن گۆشكە بىھوش دورىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئادەملەرنى بىھوش قىلىپ قويۇپ، پۇل - ماللىرىنى بۇلاپ كېتەرىمىش، گۆشىنى چاناپ قىيما قىلىپ مانتا تۈگۈپ ساتارىمىش، مەن بۇ گەپكە ئىشەنمىدىم، نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن!» دېيىشتى.

ھېلىقى مەي ساتقۇچى ئادەم كۈلۈپ:
— ئۇنداق بولسا سىلەر ئىچمەڭلار، گۆشنىمۇ يېمەڭلار، مېنىڭ مەي - شارابىم بىلەن گۆشۈمگىمۇ بىھوش دورىسى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلغان، — دېدى.
— بۇ ئاكام بىزنىڭ بىھوش دورىسى توغرىسىدا گەپ قىلىشىۋاتقىنىمىزنى ئاڭلاپ چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى كۈلۈپ سۇڭ جياڭ.
— ئاغا، ئىسسىتىپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دېدى ئىككى يايى.
— ئۇنداق بولسا مەن ئىسسىتىپ ئەكىرىپ بېرەي، — دەپ، مەي ساتقۇچى ئۈچ ئاپقۇر مەينى ئىسسىتىپ ئەكىرىپ بەردى. قورساقلىرى ئېچىپ، تاماقلىرى قۇرۇپ تازا چاڭقاپ كەتكەن بۇ ئادەملەر ئاغزىغا كېلىپ قالغان بۇ مەينى ئىچمەي، گۆشنى يېمەي تۇرالامتى؟ ئۈچەيلەن بىر ئاپقۇردىن ئىچىۋەتتى، ھېلىقى ئىككى يايىنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ، ئاغزىلىرىدىن شۆلگەيلەر ئېقىشقا باشلىدى، بىر - بىرىگە ئېسىلىشىپ ئاخىرى يۆلەڭلاپ ئولتۇرۇپ ئۆگدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. سۇڭ جياڭ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:
— نېمە بولدىڭىزلار، بىر ئاپقۇردىن ئىچە - ئىچمەيلا مەست بولۇپ قالدىڭىزلارغۇ؟ — دېدى - دە، كېلىپ ئۇلارنى يۆلىدى، شۇ ئارىدا ئۆزىنىڭمۇ باش - كۆزى قېيىپ، يۆلەڭگىدە يىقىلىپ چۈشتى. ئەمدى ھەممىسىنىڭلا كۆزلىرى پارقىراپ، بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە مەست - ئەلەس بولۇپ، قىمىرلىيالماي يېتىپ قېلىشتى. مەيپۇرۇش:
— بەللى، ئەجەبمۇ ياخشى بولدى! كىرىم قىلالمايۋاتقانغا نەچچە كۈنلەر بولغانىدى، بۈگۈن بۇ ئۈچ مالنى تەڭرىم ئۆزى يەتكۈزۈپ بەردى، — دېدى - دە، سۇڭ جياڭنى ئۆگدىسىغا سۆرەپ، خادىنىڭ تۆۋىدىكى ئادەم سويىدىغان قاسساپخانىغا ئېلىپ كىرىپ، ئادەم سويىدىغان تاختا ئۈستىگە قويدى، ئاندىن ھېلىقى ئىككى يايىنىمۇ سۆرەپ ئېلىپ كىردى. ھېلىقى ئادەم بوغجۇما،

يۇك ـ تاقلارنىڭ ھەممىسىنى قازناقا ئەكىرىپ قويىدى. بوغجۇمنى ئېچىپ قارىۋىدى، ساپلا ئالتۇن ـ كۈمۈش چىقتى، بۇ ئادەم ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن شۇنچە يىللاردىن بۇيان مەيخانا ئېچىپ، مۇنداق گۇناھكارلارنى كۆرمەپتىكەنمەن، بۇ گۇناھكارنىڭ دۇنياسى نېمانچە كۆپتۇ؟ تەڭرىم ماڭا ئاسماندىن تاشلاپ بېرىپتۇ» دېدى ـ دە، بوغجۇمنى كۆرۈپ بولۇپ، يەنە چىگىپ قويدى ۋە شېرىكلىرىم كەلسە ئۇلارنى سويىمىز، دەپ ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇردى.

ئۇ ئادەم ئىشىك ئالدىدا بىردەم قاراپ تۇردى، شېرىكلىرىنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى، قارىسا چوققىنىڭ ئېتىكىدىن ئۈچ ئادەم كېلىۋېتىپتۇ، ئۇ بىر قاراپلا بۇ ئادەملەرنى تونۇپ، ئالمان ـ تالمان ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى ۋە:

— ئاغىلار، نەدىن كېلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئىچىدىن بىر دارازا ئالدىغىراق كېلىپ:

— بىز ئەتىي بىر كىشىنى ئىزدەپ بۇ چوققىغا كەلگەنىدۇق، پەرىزىمىزچە، مۇشۇ كۈنلەردە كېلىشى كېرەك ئىدى. مەن ھەر كۈنى چوققا تۈۋىگە بېرىپ قاراشتۇرۇۋاتىمەن، زادى كۆرۈنمەيدۇ، نەدە ھايال بولۇپ قالدىكىن؟ — دېدى.

— ئاغا، سىز كىمنى ئىزدىمەكچى؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى ئادەم.

— ئاجايىپ بىر ئەرنى ئىزدىمەكچىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى دارازا.

— بۇ ئاجايىپ ئەر دېگىنىڭىز كىم ئىدى؟

— سىز بۇ ئۇلۇغ كىشىنىڭ ئېتىنى ئاڭلىماقچى بولسىڭىز، ئۇ جىجۇ ئايمىقىدىكى يۈنچېڭ ناھىيەسىنىڭ مىرزىسى سۇڭ جياڭ دېگەن شۇ.

— ئەل ـ يۇرت ئىچىدە شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر دەپ ئاتىلىپ يۈرگەن سۇڭ دانىش دېگەن كىشى بولمىغاي يەنە؟

— ھەببەللى، دەل شۇ كىشى.

— ئۇ كىشى بۇ يەرلەردە نېمە قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى هېلىقى ئادەم يەنە.

— مەنمۇ بىلمەيتتىم، — دېدى دارازا، — يېقىندا جىجۇ ئايمىقىدىن بىر تونۇشۇم كەپتىكەن، ئۇ ماڭا: «يۇنچېڭ ناھىيەسىنىڭ مىرزىسى سۇڭ جياڭ جىجۇ ئايمىقىدا قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن بالا - قازاغا ئۇچراپ، جياڭجۇ ئايمىقىدىكى مەھبۇسلار كۆرەسىگە سۈرگۈن قىلىنىپتىمىش» دېگەن گەپنى قىلىپ بەردى. مېنىڭچە، ئۇ چوقۇم مۇشۇ يولدىن ئۆتىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق. ئۇ كىشى تېخى يۇنچېڭ ناھىيەسىدىكى چاغدىلا بىر كۆرۈشۈپ كەلسەم ئىكەن، دەپ يۈرەتتىم. بۇگۈن دەل مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىغان چاغدا كۆرۈشۈۋالمىسام بولامدۇ؟ دېگەن ئويغا كېلىپ، چوققا ئېتىكىدە ساقلىغىلى تۆت - بەش كۈن بولدى، ھېچبىر گۇناھكار ئۆتمىدى. بۈگۈن بۇ ئىككى قېرىندىشىم چوققىغا ساياھەت قىلىپ چىققانىكەن، شۇلار بىلەن بىرلىكتە، بەللە بۇ يەرگە كېلىپ بىر ئاز مەي ئىچكەچ، سىز بىلەن كۆرۈشۈپ كېتەيلى دەپ كەلدىم، يېقىندىن بۇيان ئوقمىتىڭىز قانداق؟

— ئاغا، سىزدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاتتىم، بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ھېچقانداق سودا قىلالمىدىم، تەڭرىگە شۈكۈر، ئۈچ مال قولۇمغا چۈشۈپ قالدى، بىر ئاز نەرسىسىمۇ بار ئىكەن، — دېدى هېلىقى ئادەم.

— بۇ ئۈچەيلەن قانداق كىشىلەر ئىكەن؟ — دەپ سورىدى دارازا ئالمان - تالمان.

— ئىككىسى يايى، بىرى گۇناھكار ئىكەن، — دېدى هېلىقى كىشى.

— گۇناھكار دېگىنىڭىز سېمىزرەك كەلگەن قارا پەتەك ئادەممىكەن؟ — دەپ سورىدى دارازا چۆچۈپ.

— بوي - تۇرقى ئانچىمۇ چوڭ ئەمەس، بۇغداي ئۆڭلۈك ئادەم ئىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى هېلىقى ئادەم.

— بىر نەرسە قىلىۋەتمىگەنسىلەر؟ — دېدى دەرھال ھېلىقى دارازا.

— ھېلىراقلا ئادەم سويىدىغان قاسساپخانىغا ئەكىرىپ قويۇپ، سويغۇچىلارنى كۈتۈپ تۇراتتىم، تېخى سويمىدۇق، — دېدى ھېلىقى ئادەم جاۋابەن.

— قېنى مەن كۆرۈپ باقاي، — دېدى دارازا.

تۆتەيلەن ھېلىقى خادىمنىڭ تۇۋىدىكى ئادەم سويىدىغان قاسساپخانىغا كىردى. قارىسا ئادەم سويىدىغان تاختا ئۈستىگە سۆڭ جىياڭ بىلەن ئىككى يايىنى بېشى تۆۋەن قىلىپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ھېلىقى دارازا سۆڭ جىياڭنى تونۇيالمىدى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئالتۇن تامغىنىڭ ئىزىمۇ ئوچۇق كۆرۈنمەيتتى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ كاللىسىغا دەرھال مۇنداق بىر خىيال كېلىپ: «ھە راست، يايىلارنىڭ بوغچىمىسىنى ئېچىپ، يامۇلنىڭ ئالاقىسىگە قارىساق مەلۇم بولىدۇ» دېدى.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى ھېلىقى ئادەم ۋە ئۆيگە كىرىپ يايىلارنىڭ بوغچىمىسىنى ئېچىپ قارىدى، ئىچىدە بىر كاللەك كۈمۈش بىلەن پارچە - پۇرات كۈمۈشلەر تۇراتتى، ئاندىن ئالاقە تەللىسىنى ئېچىپ قارىۋىدى، قولىغا تەستىقنامە چىقتى، ھەممەيلەن بۇنى كۆرۈپلا ئىسىركەپ[1]: «ۋاي ئاتام !؟» دەۋەتتى.

— ھېلىمۇ ياخشى تەگرى بۇيرۇپ، بۈگۈن بۇ چوقىقىغا كەلگىنىمنى دېمەمسىلەر، ئۈستىگىلا كەپتىمەن، ئاغىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولغىلى تاسلا قاپسىلەر، — دېدى دارازا.

## نەزم

ئېلىنۇر ئاخىر قىساس ھەرگىز كېتەلمەيدۇ قېچىپ،
ئۆچ ئېلىشقا دېمىسەڭمۇ كېلىدۇ پۇرسەت يېتىپ.
سەن تۆمۈر كەشنى كىيىپ ئالەمنى كەزسەڭمۇ بىكار،
ۋاقىت - سائەت ئەجىرسىزلا بىر كۈنى بولغاي نېسىپ.

---

[1] ئىسىركەپ — چۆچۈمەك، ئالاقزەدە بولماق، قورقۇش دېگەن مەنىلەردە.



www.uyghurkitap.com

— چاققان بولۇڭ، مەستلىكنى يېشىدىغان تىرياق① ئېلىپ كېلىڭ، ئاۋۋال ئاغامنى قۇتۇلدۇرايلى، — دەپ ۋارقىرىدى دارازا ھېلىقى ئادەمگە.

بۇ ئادەم تەمتىرەپ كېتىپ، دەرھال دورىنى راسلاپ، دارازا بىلەن ئادەم سويىدىغان قاسساپخانىغا كىردى ـ دە، ئاۋۋال تاقاقنى ئېچىپ، سۇڭ جياڭنى يۆلەشتۈرۈپ، ئاغزىدىن دورىنى قۇيدى، تۆت ئادەم سۇڭ جياڭنى كۆتۈرۈپ ئالدىدىكى مېھمانلار ئولتۇرىدىغان ئۆيگە ئاچىقتى، دارازا ئۇنى يۆلەپ تۇردى، سۇڭ جياڭ ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. قارىسا، ئالدىدا تونۇمايدىغان بىرنەچچە ئادەم قاراپ تۇراتتى، ھېلىقى دارازا ئىككى ئاغىنىسىنى سۇڭ جياڭنى يۆلەپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى باش ئېگىپ تەزىم قىلغىلى تۇردى.

— سىلەر كىم؟ ئۇخۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

ھېلىقى مەي ساتقۇچىمۇ تەزىم قىلغىلى تۇردى.

— ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار ئاغىلار، بۇ زادى قانداق يەر؟ شەۋكەتلىك نامىڭلار كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ ئۇلارنىڭ تەزىمىنى ئىلىك ئېلىپ.

— يېقىرىنىڭ ئىسمىزاتىم لى جۈن بولىدۇ، يۇرتۇم لۇجۇ، ياڭزىجياڭ دەرياسىدا قېيىق ھەيدەپ جان باقىمەن، سۇ ـ سەلنىڭ ئېپىنى بىلىمەن، كىشىلەر دەريا بۆلغار لەھەڭ لى جۈن دەپ ئاتىشىدىغان كىشى مەن شۇ. بۇ مەي ساتقۇچى بولسا جىيېياڭ چوققىسىدا ئالدى ـ ساتتىچىلىق بىلەن جان باقىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى جان ئالغۇچى ئەزرائىل لى لى دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ئىككى ئىنىمىز بولسا شۇنياڭ دەرياسىنىڭ بويىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئادەملەر، تۇز ئېلىپ ـ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ، مېنى پاناھداپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغان. ياز كۈنلىرى

① تىرياق — زەھەر قايتۇرغۇچى دورا.

دەريا تاشقاندا قېيىق ھەيدەپ ئوقەت قىلىدۇ. ئىككىنىسى ئاكا - ئۇكا بولۇپ، بىرىنىڭ نامى غارتېشەر ئەجدىھا تۇڭ ۋېي، يەنە بىرىنىڭ نامى دەريا باغلار قۇلۇلە تۇڭ مېڭ، — دېدى دارازا.

بۇ ئىككىسىمۇ سۇڭ جياڭغا ئېگىلىپ تۆت قېتىم تەزىم قىلدى.

— مېنى بىھوش قىلىپ قويۇپ، قانداقسىغا ئېتىمنى بىلىۋالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— پېقىرنىڭ بىر تونۇشۇم بار ئىدى، يېقىندا سودا - سېتىق بىلەن جىجۇ ئايمىقىغا بېرىپ قايتىپ كېلىپ، جانابلىرىنىڭ مۇبارەك نامىنى ۋە جياڭجۇغا پالانغانلىقلىرىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. پېقىرنىڭ بۇرۇندىن ئۆزلىرىنىڭ يانلىرىغا بېرىپ زىيارەت قىلىپ كەلسەممىكىن دەيدىغان ئارزۇيۇم بار ئىدى، تەقدىر - قىسمەت يار بەرمىدى. ئۆزلىرىنى جياڭجۇغا بېرىشتا چوقۇم مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، چوققا ئېتىكىدە ساقلاپ ياتقىلى ئالتە - يەتتە كۈن بولدى، ھېچ كەلمىدىلە، بۈگۈن توساتتىنلا تەقدىر - ئىرادە بىلەن مەن بۇ ئىككى قېرىندىشىمنى ئەگەشتۈرۈپ، لى لىنىڭ مەيخانىسىدا بىر ئاز مەي - پەي ئىچكەچ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەيلى دەپ كەلگەنىدىم، لى لى بۇ ئەھۋاللارنى پاراڭ سېلىپ بەردى، پېقىر ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم ۋە ئالمان - تالمان ئۆيگە كىرىپ قارىدىم. ئەمما، ئۆزلىرىنى تونۇيالماي قالدىم. بىردىنلا بىر نەرسە خىيالىمغا كېلىپ، ئالاقىنى ئېلىپ قارىۋىدىم، ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرى تۇرمامدۇ، شۇنىڭدىن بىلدىم، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا مېھرىبان ئاغا، جانابلىرىنى يۇنچېڭ ناھىيەسىنىڭ مىرزىسى دەپ ئاڭلىغانىدىم، قانداق بولۇپ جياڭجۇغا پالىنىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى لى جۈن.

سۇڭ جياڭ يەن پوشىنى ئۆلتۇرۇپ قويغانلىقىنى، شى يۇڭنىڭ يېزا مەيخانىسىدا ئۆيدىن ئەۋەتكەن خەتنى بەرگەندىن

كېيىن ئۆيىگە قايتىپ بارغانلىقىنى، ئەمدى جياڭجۇغا پالىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. تۆتەيلەن ئاڭلاپ ھەق - ھەق بولۇپ كەتتى.

— ئاغا، — دېدى لى لى، — جياڭجۇغا بارماي مەشەدە تۇرۇپ قالسىلا، ئۇ يەرگە بېرىپ زىنداندا جاپا تارتىپ يۈرمىسىلە.

— لياڭشەن كۆلىدىكىلەر مېنى قېلىپ قالسىلا دەپ شۇنچە زورلىغاندىمۇ، ئۆيىمىزدىكى قېرى ئاتامنى بالاغا قويماي دەپ زادىلا ئۇنىمىغانىدىم، ئەمدى بۇ يەردە قانداق قالالايمەن؟ — دەپ جاۋاب بەردى سۇڭ جياڭ.

— ئاغا، سىلى بولسىلا مەردانە ئادەم، ھەرگىز يامان ئىشلارنى قىلمايلا، — دېدى لى جۈن ۋە مەي ساتقۇچىغا قاراپ، — تېز بولۇڭ، ئاۋۇ ئىككى يايىنى ھوشىغا كەلتۈرۈڭ، — دېدى يەنە.

لى لى دەرھال شېرىكلىرىنى چاقىردى، شېرىكلىرى كېلىپ ئىككى يايىنى تاشقىرىقى ئۆيگە ئاچىقىپ دورا ئىچۈردى، ئىككى يايى ھوشىغا كېلىپ:

— يول مېڭىپ ھېرىپ كەتكەنلىكىمىزدىن ئاسانلا مەست بولۇپ قاپتۇق - دە ! — دېيىشتى بىر - بىرىگە قارىشىپ، قالغانلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

شۇ كېچىسى لى لى مەي - شاراب قويۇپ، ھەممىسىنى مېھمان قىلدى، بۇ كېچە شۇ يەردە ئۆتتى. ئەتىسى يەنە ئۇ مەي، تائام راسلاپ مېھمان قىلدى. سۇڭ جياڭ بىلەن ئىككى يايىنىڭ بوغجۇملىرىنى ئاچىقىپ قايتۇرۇپ بەردى. ئۇلار ئەمدى خوشلىشىپ ماڭماقچى بولدى، سۇڭ جياڭ لى جۈن، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ ۋە ئىككى يايى بىلەن بىللە چوقىدىن چۈشۈپ، تويتوغرا لى جۈننىڭ ئۆيىگە بېرىپ قوندى. لى جۈن ئۇلارنى يايپېتەك بولۇپ مېھمان قىلدى ۋە سۇڭ جياڭ بىلەن قول بېرىشىپ ئاكا - ئۇكا بولۇپ، ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن قوندۇرۇپ قالدى. كېيىن سۇڭ جياڭ ماڭىمەن دەپ تۇرۇۋالدى، لى جۈن ھەرقانچە ئېيتىپمۇ ئېلىپ قالالمىدى، ئۇ بىرئاز كۈمۈش تەڭگە

ئېلىپ ئىككى يايىغا بەردى. سۇڭ جياڭ بوينىغا تاقاقنى سالدۇرۇپ، بوغجۇما، يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ، لى جۈن، تۇڭ مېڭ، تۇڭ ۋېيلار بىلەن خوشلاشتى ـ دە، جىبىياڭ چوققىسىدىن چۈشۈپ، جياڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى.

ئۇچەيلەن يېرىم كۈنچە يول يۈرۈپ چۈش ۋاقتى بىلەن ئادەملىرى مىغ ـ مىغ، سودا ـ سېتىقلار قايناپ تۇرىدىغان بىر جايغا يېتىپ كەلدى، قارىسا بۇ شۇنداق بىر ئاۋات بازار ئىكەن، بازاردا بىر توپ ئادەم بىر يەرگە ئولىشىۋاپتۇ، سۇڭ جياڭ ئۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قارىۋىدى، بىر ئادەم نەيزىۋازلىق قىلىپ مەلھەم دورا سېتىۋېتىپتۇ. سۇڭ جياڭ بىلەن ئىككى يايى تۇرۇپ قېلىپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ نەيزە ئوينىتىشىغا بىر پەس قاراپ تۇردى. بىردەمدىن كېيىن بۇ مەشقاۋۇل قولىدىكى نەيزە كالتەكنى قويۇپ قويۇپ چامباشچىلىق قىلغىلى تۇردى، سۇڭ جياڭ بارىكاللا ئېيتىپ: «يارايسىز!» دەۋەتتى. ھېلىقى ئادەم قولىغا بىر پەتنۇسنى ئېلىپ:

— ھەي خالايىق، پېقىر بولسام يىراق يەرلەردىن ئەزىز يۇرتۇڭلارغا ئوقەت قىلىپ كېلىپ قالغان ئادەم، ھەيران قالغۇدەك ماھارىتىم بولمىسىمۇ، پېقىرغا خەيرخاھلىق قىلىڭلار. بۇ شۇنداق ياخشى دورا ئىدىكى، ئۇنى ماختىمايدىغان كىشى يوق، پەي ـ سىڭىر تارتىشىدىغانلار بۇ دورىدىن ئېلىپ چاپلىۋېلىڭلار، پايدا قىلىدۇ؛ ئەگەر ئالىمساخىلار پېقىرغا بىرئاز كۈمۈش ـ يارماق ئاتا قىلىڭلار، مۇساپىرنى نائۇمىد قويماڭلار، — دەپ جاۋۇلداپ سۆزلەپ پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ بىر ئايلىنىپ چىقتى، ئەمما ھېچكىم بىر تىيىن پۇل چىقارمىدى. بۇ ئادەم يەنە: «ئىلتىپات قىلىشسىلا خالايىق» دەپ پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ يەنە بىر ئايلىنىپ چىقتى، خالايىق بىر تىيىنمۇ چىقارماي، كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇشتى. سۇڭ جياڭ ئۇنىڭ غەمكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ۋە خالايىقنىڭ پۇل بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، يايىلارغا بەش سەر كۈمۈش ئالدۇردى ۋە ھېلىقى ئادەمگە قاراپ:



www.uyghurkitap.com

— ھەي مەشقاۋۇل، مەن بولسام بىر گۇناھكار، سىلىگە بەرگۈچىلىك بىرنەرسەم يوق. مانا بۇ بەش سەر كۈمۈشنى سىلىگە تۇتتۇم، ئازنى كۆپكە تاۋاپ قىلىپ ئالغايلا! — دېدى.

بۇ ئادەم بەش سەر كۈمۈشنى ئېلىپ قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— شۇنداق داڭلىق جېبىيالڭ بازىرىدا پېقىرنى تونۇغۇدەك بىر ئىنسابلىق ئەر چىقمىدى! مانا قاراڭلار، ئۆزى دەۋا ـ دەستۇرلارغا چۈشۈپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول ئۈستىدە كېتىۋاتقان بىر بېگىم چېغىدا بەش سەر كۈمۈش ئاتا قىلدى.

## نەزم

خەق كۈلەتتى بىر زامان جىلڭ يۈەنخېنى مەسخىرە قىلىپ:
«ئەيش ـ ئىشرەتخانىدىن كەتمەيدۇ ئۇ كۆڭۈل ئېچىپ».
باي ۋە باتۇرلۇقتا خاس ھەر كىم ئەمەلدار بولمىقى،
ھۆسن قوشمايدۇ پەقەت كىيىم ـ كېچەكنىڭ كۆپلۈكى.

— بۇ بەش سەر كۈمۈشنى باشقىلارنىڭ ئەللىك سەر كۈمۈشىدىن ئەلا بىلىمەن، — دېدى دورا ساتقۇچى، — ئۆزلىرىگە مىڭ تەزىم، شەپقەتلىك بېگىمنىڭ شەۋكەتلىك ئىسمىزاتى نېمىكىن، تەرىپلىرىنى قىلىپ خەلقئالەمگە يايسام.

— ھەي ئۇستاز، بۇ قانچىلىك نەرسە ئىدى، رەھمەت ئېيتقۇچىلىكى يوق، — دېدى سۇڭ جيالڭ.

دەل شۇ چاغدا، كىشىلەر ئارىسىدىن بىر دارازا چىقىپ، گۈرسۈلدەپ كېلىپ:

— ھوي چۈپرەندە، قانداق بىرنېمە سەن؟ جېبىيالڭ بازىرىدىكى خالايىقنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈپ، نەدىن كەلگەن گۇناھكارسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئىككى مۇشتۇمىنى كۆتۈرۈپ سۇڭ جياڭغا دېۋەيلەپ كەلدى. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئاموخاس! بۇ جېدەل

بولمىغان بولسا، شۇنىڭ دەرياسى بويىغا دېڭىزلارنى لەرزىگە سالغۇچى لەھەڭلەرگە ئوخشايدىغان ئەرلەر جەم بولمىغان بولاتتى، لياڭشەن كۆلىگە تاغ ئاشار قاپلانلارغا ئوخشايدىغان باتۇرلار قوشۇلمىغان بولاتتى. ھېلىقى دارازىنىڭ سۇڭ جياڭغا نېمە سەۋەبتىن دېۋەيلەپ كەلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئوتتۇز يەتتىنچى باب

## توسقۇنسىز يىگىتنىڭ شىپالىق يامغۇرنى قوغلاپ يەتكەنلىكى
## قىيىقچى يىگىتنىڭ شۇنياڭ دەرياسىنى پاتپاراق قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، سۈڭ جياڭ بەش سەر كۈمۈش تەڭگىنى بېشىدىن ئۆرۈپ، ھېلىقى مەشقاۋۇلغا بەرگەندىن كېيىن جىيېياڭ بازىرىدىكى كىشىلەر توپى ئارىسىدىن بىر دارازا چىقىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— بۇ مۇناپىق ئاز - تولا چامباشچىلىقنى ئۆگىنىۋېلىپ، بىزنىڭ بۇ جىيېياڭ بازىرىمىزغا كېلىپ ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتسا، مەن «ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماڭلار» دەپ خالايىققا جېكىلەپ قويغان تۇرسام، سەن ئەبلەخ پۇلۇڭنى كۆز - كۆز قىلىپ، ئۇنىڭغا كۈمۈش تەڭگە تارتۇق قىلىۋاتىسەنا تېخى، بۇ سېنىڭ جىيېياڭ بازىرىمىزدىكى خەلقىنىڭ ئىناۋىتىنى تۆككەنلىكىڭ ئەمەسمۇ؟ — دەپ ھۆركىرىدى سۈڭ جياڭغا.

— پۇلنى بەرسەم مەن بەردىم، سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ — دېدى سۈڭ جياڭ ئېغىز ياندۇرۇپ.

— سەن پالاندى مۇناپىق تېخى ماڭا گەپ ياندۇرامسەن؟ — دېدى ھېلىقى دارازا سۈڭ جياڭغا ئېسىلىپ.

— ساڭا گەپ ياندۇرۇشقا بولمامدىكەن؟ — دېدى سۈڭ جياڭ.

دارازا مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، سۈڭ جياڭنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاتقاندى، سۈڭ جياڭ غاچچىدە داجىدى. دارازا يەنە بىر قەدەم ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى، سۈڭ جياڭ ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشماي دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى چامباشچى مەشقاۋۇل

www.uyghurkitap.com

دارازىنىڭ كەينىدىن كېلىپ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بېشىدىكى بوغمىچىسىدىن، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بېلىدىكى پوتىسىدىن تۇتۇپ شۇنداق بىر كۆتۈرۈۋىدى، دارازا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇراي دەپ تۇرۇشىغا مەشقاۋۇل كېلىشتۇرۇپ بىرنى تېپىپ تەتۈر ئۆرۈۋەتتى. ئىككى يايى مەشقاۋۇلغا هاي بېرىپ توختىتىۋالدى. دارازا ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇڭ جياڭ بىلەن مەشقاۋۇلغا:

— خەپ توختاپ تۇرۇش، سەنلەرگە تېتىمايدىغان بولسام، — دېدى ـ دە، ئۇدۇل تۆۋەن تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى.

— مەشقاۋۇل، ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك نامىشەرىپلىرى نېمىكىن؟ قەيەرلىك بولىدىلىكىن؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ مەشقاۋۇلدىن.

— پېقىر خېنەننىڭ لوياڭ دېگەن يېرىدىن بولىمەن، — دېدى مەشقاۋۇل جاۋاب بېرىپ، — ئىسمىزاتىم شۆ يۈڭ بولىدۇ، بۇۋام پېشقەدەم باسقاقبەگنىڭ دەرگاهىدا بەگ ـ سىپاهلار بولغانىدى، مەنسەپداشلىرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغاچقا، مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى ئۆسمىگەن. بىز نەۋرىلىرى بولساق، مانا چامباشچىلىق ـ نەيزىۋازلىق بىلەن خېرىدار تاپالاپ، دورا ـ دەرمەكلەر سېتىپ كۈن ئېلىۋاتىمىز، ئەل ـ يۇرت پېقىرنى قەهرىلىك يولۋاس دەپ ئاتىشىدۇ. شاپائەتلىك بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك نامىشەرىپلىرىنى سورالمايۋاتىمەن، نامىشەرىپلىرى كىم بولىدىكىن؟

— پېقىرنىڭ ئىسمىزاتىم سۇڭ جياڭ بولىدۇ، يۈنچېڭ ناهىيەسىدىن بولىمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر سۇڭ دانىش دېگەن ئۆزلىرى بولامدىلا؟ — دەپ سورىدى شۆ يۈڭ.

— هە، مەن بولىمەن.

بۇنى ئاڭلىغان شۆ يۈڭ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، سۇڭ جياڭ دەرهال ئۇنى يۆلەپ:

— بىر ئاز ئىچكۈلۈك قىلىپ پاراڭلاشساق قانداق دەيلا؟ — دېدى.

— ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆرۈشنى ئارزۇلاپ يۈرەتتىم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پېقىرغا نېسىپ بولماي كەلدى، — دېدى شۇ يوڭ توقماق - نەيزىلىرى ۋە دورا - دەرمەكلىرىنى ئالمان - تالمان يىغىشتۇرۇپ.

ئۇ سۇڭ جياڭ بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى بىر مەيخانىغا مەي ئىچىش ئۈچۈن كەلدى.

— مەي - شاراب، گۆش، غىزالارغۇ بار، لېكىن سىلەرگە سېتىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن، — دېدى مەيپۇرۇش ئۇلارغا.

— نېمىشقا ئاجىزلىق قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— بايا سىزلەر بىلەن ئېلىشقان دارازا، — دەپ سۆز باشلىدى مەيپۇرۇش، — ئادەم ئەۋەتىپ جېكىلەپ قويىدى، سىزلەرگە مەي سېتىپ بەرسەم، ئۇ دۇكىنىمىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتكۈدەكمىش، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويسام بولمايدۇ. ئۇ جىيېياڭ بازىرىنى سورايدىغان بىر نوچى، كىم ئۇنىڭ گېپىنى يىرالايدۇ؟

— ئۇنداق بولسا كىرمەيلا قويايلى، ئۇ مۇتتەھەم يەنە كېلىپ غوۋغا چىقارمىسۇن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— پېقىر سارايغا بېرىپ ياتاق ھەققىنى تۆلىۋېتەي، بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن جياڭجۇ ئايمىقىدا كۆرۈشەرمىز، سىلى ئالدىدا مېڭىپ تۇرسىلا، — دېدى شۇ يوڭ.

سۇڭ جياڭ شۇ يوڭغا يەنە ئون - يىگىرمە سەر كۈمۈش پۇل بەرگەندىن كېيىن ئۇ خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى.

سۇڭ جياڭ ئىككى يايى بىلەن بىللە بۇ مەيخانىدىن چىقىپ، يەنە بىر مەيخانىغا كېلىپ مەي سېتىپ بېرىشنى سورىدى. مەيپۇرۇش:

www.uyghurkitap.com

— كىچىك بېگىم سىلەرگە مەي سېتىپ بەرمەڭلار دەپ تاپىلاپ قويدى، بىز سىلەرگە قانداق سېتىپ بېرەلەيمىز؟ سىلەر قانچە قاترىغىنىڭلار بىلەنمۇ بىكار ئاۋارە بولىسىلەر، — دېدى.

سۇلۇڭ جياڭ بىلەن ئىككى يايى ئۇنىدىمەي كېتىپ قالدى ۋە بىرقانچە مەيخانىلارغا كىرىپ باقتى، ھەممىسى ئوخشاشلا شۇ گەپنى تەكرارلىدى. ئۇچەيلەن بازار بېشىغا ئۆتۈپ بىرنەچچە كىچىك سارايىنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭغا كىرىپ قونماقچى بولدى، بىراق ئۇلارمۇ قونالغۇ بەرمىدى. سۇلۇڭ جياڭ سەۋەبىنى سورىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا:

— كىچىك بېگىم ئۇچىڭلارنى قوندۇرۇشقا بولمايدۇ، دەپ قايتا ـ قايتا جېكىلەپ قويغان، — دېيىشتى.

سۇلۇڭ جياڭ ئىشنىڭ قاملاشمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئىككى يايىنى باشلاپ، ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىپ چوڭ يولغا قاراپ كەتتى. بۇ چاغ كۈن پېتىپ، كۆز باغلانغان چاغ ئىدى.

## نەزم

قاپلىغان تاغۇدالانى كەچ گۇگۇمدا ئىس ـ تۇمان،
بىپايان كۆكنى ئېلىپ ئۆز ئىلكىگە سوغۇق ـ مانان.
بىھېساب يۇلتۇز، تولۇن ئاي نۇر چاچاتتى بەسلىشىپ،
خۇددى زۇمرەتتەك ۋالىلدار تەڭلىشىپ سۇ، تاغ ـ داۋان.
شۇ شالاڭ ئورمان ئارا تۇرغان قەدىم بۇتخانىدىن،
قوڭغۇراقنىڭ زىل ساداسى چىقتى تارقاپ ھەر تامان؛
كۆل ئارا بېلىقچىلارنىڭ كېمىسىدىن ـ سالىدىن،
جىنچىراغ نۇرى كۆرۈندى گاھ يورۇق، گاھى ئاران.
نالە ئەيلەپ شاختا كاككۇك تۆكسە مۇڭ ـ زار كېچىدە،
كېپىنەك ئۇخلايتتى گۇلزار ئىچىدە جىمجىت ئامان.

سۇلۇڭ جياڭ بىلەن ئىككى يايى بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ

ئالدىردى. ئۇچەيلەن: «بىكاردىن ـ بىكار چامباشچىلىقنى كۆرىمىز دەپ، ئۇ مۇتتەھەمنىڭ چىشىغا تېگىپ قويدۇق! ئالدى ـ كەينىمىزدە يا بىرەر مەھەللە، يا قونالغۇ ـ ئۆتەڭ بولمىسا ئەمدى نەدىمۇ ياتقۇلۇق؟» دەپ بېشى قېتىپ تۇرغان چاغدا، يىراقتا تۇرغان چىغىر يولنىڭ نېرىسىدىكى ئورمان ئىچىدىن غىل ـ پال چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ قالدى.

— ئاۋۇ چىراغ يېنىپ تۇرغان جايدا جەزمەن ئادەمزات بار، — دېدى سۇڭ جياڭ، — بېرىپ ھال ـ ئەھۋالىمىزنى ئېيتىپ، بىر كېچە قونۇپ ئەتە سەھەردە يولغا چىقىپ كېتەيلى.

— ئۇ جاي يول بويىدا ئەمەس ئىكەن، — دېدى يايى شۇ ياققا قاراپ.

— باشقا ئامال يوق. يول نېرىسىدا بولسىمۇ ئەتە ئەتىگەن ئىككى ـ ئۈچ چاقىرىم يولنى كۆپرەك ماڭساق نېمە بولاتتى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

ئۇلار چوڭ يولدىن چەتلەپ، ئىككى چاقىرىم ماڭمايلا، ئورمانلىق كەينىدىن بىر يوغان جاڭزا كۆرۈندى.

سۇڭ جياڭ بىلەن يايىلار جاڭزا قورۇسىغا كېلىپ دەرۋازىنى قاقتى، قورۇدىن بىر ئوتاقچى چىقىپ:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ يېرىم كېچىدە دەرۋازىنى قېقىپ، نېمە ئىشىڭلار بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر، — دېدى سۇڭ جياڭ ھال ـ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، — جياڭجۇ ئايمىقىغا پالانغان گۇناھكارمەن، بايا ئۇقۇشماي قونالغۇ ـ ئۆتەڭدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇق، ياتىدىغان جاي تاپالماي، جاڭزاڭلاردا بىر كېچە قونايلى دەپ كەلدۇق، ئەلنەرخىدە قونالغۇ ھەققىنى تۆلەيمىز.

— ئۇنداق بولسا سەل تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن كىرىپ غوجامغا مەلۇم قىلاي، ئۇنىسا قونۇپ قالارسىلەر، — دېدى ئوتاقچى ۋە كىرىپ مەلۇم قىلىپ قايتىپ چىقىپ:

— غوجام كىرسۇن دەيدۇ، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

سۇلۇڭ جياڭ ئىككى يايى بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ، دالاندا غوجا بىلەن سالاملاشتى. غوجا ئوتاقچىسىغا ئۇلارنى ھۇجرىغا جايلاشتۇرۇپ، كەچلىك غىزا بېرىشنى بۇيرۇدى. ئوتاقچى ئۇلارنى باشلاپ ھۇجرىغا ئېلىپ كىرىپ، چىراغ يېقىپ، ئۇچىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۈچ كىشىلىك ئاش ـ تاماق، كۆك ـ گېزەكلەر ۋە زەنجىۋىل شورپىسى ئېلىپ كىردى. ئۇلار غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن ئوتاقچى داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

— مىرزىبېگىم، — دېدى يايىلار، — بۇ يەردە يات ئادەم يوق، بويىنىڭىزدىكى تاقاقنى ئېلىۋېتىپ ئارامخۇدا ئۇخلىۋېلىڭ، ئەتە تاڭ سەھەردە مېڭىپ كېتىمىز.

سۇلۇڭ جياڭ «شۇنداق قىلاي» دەپ تاقاقنى ئېلىۋېتىپ، يايىلار بىلەن ھاجەتكە چىقتى. كۆپكۆك ئاسماندا سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى؛ سۇلۇڭ جياڭ خامان يېنىدىكى ئۆينىڭ كەينىدە بىر چىغىر يول بارلىقىنى كۆردى. ئۇچەيلەن ھاجەت قىلىپ بولۇپ ھۇجرىغا كىرىپ، ئىشىكنى تاقاپ ئۇخلىماقچى بولۇشتى. سۇلۇڭ جياڭ يايىلارغا:

— ھېلىمۇ ياخشى بۇ غوجا بىزنى قوندۇرۇپ قالدى، — دېدى.

دەل شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا جاڭزىدا بىر كىملەرنىڭ ئوتقاش كۆتۈرۈپ خامانغا كېلىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكى ئاڭلاندى. سۇلۇڭ جياڭ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىسا، غوجا ئۈچ ئوتاقچىنى باشلاپ ئوتقاش بىلەن ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە قاراپ يۈرۈپتۇ.

— بۇ غوجا خۇددى مېنىڭ ئاتامغا ئوخشاش ھەممىلا ئىشنى ئۆزى باشقۇرىدىكەن. كېچە ـ ئەتىسى ئۇخلىماي، ھەممە يەرنى ئۆزى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىدىكەن، — دېدى سۇلۇڭ جياڭ يايىلارغا قاراپ.

دەل شۇ چاغدا تالادا بىرىنىڭ «دەرۋازىنى ئېچىڭلار» دەپ

تورۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئوتاقچى ئالدىراپ بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى، قولىدا قىلىچ تۇتقان بىرى ئارا ۋە كالتەك - چوماق كۆتۈرگەن بەش - ئالتە كىشىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. سۆڭەك جىياڭ ئوتقاش يورۇقىدا ئۇنى تونۇپ، ئىچىدە: «قىلىچ تۇتقان بۇ ئادەم ھېلىقى جىيىياڭ بازىرىدا بىز بىلەن جاڭجال چىقارغان ئادەم شۇغۇ» دېدى. ئۇ غوجىنىڭ ئۇنىڭدىن: «ئوغلۇم، نەدىن كەلدىڭ؟ كىملەر بىلەن جېدەل قىلىشتىڭ؟ شۇنچە كەچ بولۇپ كەتسىمۇ نەيزە - يالمانلارنى كۆتۈرۈپ يۈرسەنغۇ؟» دەپ سوراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

— دادا، سەن بىخەۋەرسەن، ئاكام ئۆيدىمۇ؟ — دېدى ھېلىقى دارازا.

— ئاكاڭ مەست بولۇپ قېلىپ، ئارقا شىپاڭدا ئۇخلاۋاتىدۇ، — دېدى غوجا.

— مەن ئۇنى ئويغىتىپ بىرنى تۇتۇپ كېلىمەن.

— يەنە كىم بىلەن جاڭجاللىشىپ قالدىڭ؟ ئاكاڭنى ئويغاتساڭ تۇتمىغۇچە قويمايدۇ، سەن ئاۋۋال نېمە ئىش بولدى، ماڭا دېمەمسەن.

— دادا، بۈگۈن بازاردا بىر چامباشچى دورىپۇرۇش ئاكام بىلەن ئىككىمىزگە سالام بەرمەي تۇرۇپ، چامباشچىلىق بىلەن دورا سېتىپ يۈرۈپتۇ، مەن خالايىققا بىر يارماقمۇ بەرمەڭلار، دەپ قويغانىدىم، نەدىن كەلدى بىر گۇناھكار ئۆزىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا بەش سەر كۈمۈش تارتۇق قىلىپ، بازىرىمىزدىكى خەلقنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكتى. مەن ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشاي دەپ تۇرسام، ھېلىقى لەنىتى دورىپۇرۇش ئارقامدىن كېلىپ مېنى يىقىتىپ، ئۇرۇپ - تېپىپ دۇمبالىدى، بېلىم ھازىرغىچە ئاغرىۋاتىدۇ. مەن ئالدى بىلەن ئۇ ئۇچەيلەن بۈگۈن كېچە ماكانسىز قالسۇن دەپ، تەرەپ - تەرەپتىكى مەيخانا - مېھمانخانىلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارغا يېمەك - ئىچمەك، قونالغۇ بەرمەسلىكنى تاپىلاپ قويدۇم. ئاندىن قىمارخانىدىكى

www.uyghurkitap.com

شىرىكلىرىمنى باشلاپ بىرىپ، سارايدىن ھېلىقى دورىپۇرۇشنى تېپىپ، ئۇنى يۇخادىن چىققۇچە ئۇرۇپ ـ دۇمبالىدۇق، ھازىر ئۇ يۈزبېشىنىڭ ئۆيىدە ئېسىقلىق قالدى. ئەتە ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ دەرياغا تاشلاپ، ئۆچۈمنى ئالىمەن. لېكىن، يايلارئېلىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى گۇناھكارنى تۇتالمىدۇق. ئالدى تەرەپتە ساراي يوق ئىدى، نەگە كەتتىكىنتالىڭ، تاپالمايۋاتىمىز. ئەمدى ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ قوغلايلى، دەپ ئاكامنى چاقىرغىلى كەلدىم.

— ئوغلۇم، ئۆزۈڭگە بالا تېرىپ نېمە قىلىسەن. بەرسە ئۆزىنىڭ يولىنى بېرىپتۇ، سېنىڭ نېمەڭ كېتىپتۇ! ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇپ نېمە قىلالايتتىڭ؟ ئانچە قاتتىق تاياقمۇ يېمەپسەن، گېپىمنى ئاڭلاپ بولدى قىل، ئاكاڭغا دېمەيلا قوي. سېنىڭ تاياق يېگىنىڭنى بىلسە، ئاكاڭ جىم تۇرالامتى؟ يەنە كېلىپ كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان ئىش ئىكەن! گېپىمگە كىرىپ ئۆيۈڭگە ئۇخلا. بۇ يېرىم كېچىدە خەقنىڭ ئىشىك ـ دەرۋازىلىرىنى قېقىپ، بىسەرەمجان قىلما. ئاخىرەت يولىدا ساۋابلىق ئىش قىل.

ھېلىقى دارازا دادىسىنىڭ گېپىگە كۆنمەي، قىلىچىنى كۆتۈرگەن پېتى ھويلىغا كىرىپ كەتتى. غوجىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن كىردى.

ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان سۇڭ جياڭ يايلارغا:

— بۇ پېشكەللىكنى قارىمامدىغان، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ دەل شۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قاپتۇق ئەمەسمۇ، بۇ يەردىن كەتكىنىمىز تۈزۈك. بۇ مۇتتەھەم بىلىپ قالسا، جېنىمىزنى ئامان قويمايدۇ، غوجا ئۇنىڭغا دېمىگەندىمۇ، ئوتاقچىلار دېمەي قالارمۇ؟ — دېدى.

— ھەق گەپ، — دېدى يايلار، — كېچىكسەك بولمايدۇ، پاتراق ماڭايلى.

— بىز ئالدى يول بىلەن ماڭماي، ئۆينىڭ كەينى تېمىنى تېشىپ چىقىپ كېتەيلى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

تامنى تېشىپ بولغاندىن كېيىن يايىلار بوغجۇمىنى، سۈك جياڭ تاقاقىنى ئاچىقىپ كەتتى، ئۇچىسى ئاي يورۇقىدا ئورمانلىقتىكى چىغىر يولغا چۈشۈپ ماڭدى، ئۇلار ئالدىراپ ــ تېنەپ يولمۇ تاللىماي بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن بىر قومۇشلۇققا كېلىپ قالدى، ئالدىدا شۇنياڭ دەرياسى شارقىراپ ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇراتتى.

## غەزەل

زېمىن ــ ئاسماندا قاپقان ــ تور، بوغۇلدۇم مەن ئاسارەتتە،
پېشانەم شور مېنىڭ زادى، تۆكەرمەن ياش نادامەتتە.
قۇتۇلغاندىم هېلى ياۋۇز ــ قەبىھ شۇمنىڭ بالاسىدىن،
يولۇقتۇم مەن يەنە قايتا قەبىھ ۋەھشىي قاباھەتكە.

ئۇلار كەينىدىن ئوتقاش كۆتۈرگەن كىشىلەرنىڭ جارقىراپ، ئۇشقىرتىپ ــ ئىسقىرتىپ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. سۈك جياڭ: «ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن تەڭرىم !» دەپ داد ــ پەرياد قىلدى. ئۇلار قومۇشلۇققا مۆكۈندى ۋە كەينىگە قاراپ، ئوتقاش يورۇقىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ــ دە، هودۇقۇپ ــ تەمتىرەپ سەنتۈرۈلگەن پېتى قومۇشلۇق ئىچىگە قاچتى؛ قېچىپ، ئالەمنىڭ ئۇ چېتى دېگىلى بولمىسىمۇ، زېمىنىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كېلىپ قالغىنىنى كۆردى، زەن سېلىپ قارىسا، ئالدىدا يولنى توسۇپ بىر دەريا تۇرۇپتۇ، يان تەرەپ بىر كەڭ كەتكەن شاخاپچە ئىكەن. سۈك جياڭ قاتتىق پۇشايمان قىلىپ: «بۇنچىلىك دەردلەرگە قالىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام، ۋاقتىنچە لياڭشەن كۆلىدە قالغان بولاتتىم. بۇ يەردە هالاك بولىدىغانلىقىمنى نەدىن بىلەي !» دەپ نالە قىلدى.

سۈك جياڭ شۇنداق خەۋپ ئاستىدا تۇرغان چاغدا، قومۇشلۇق ئىچىدىن بىردىنلا بىر قېيىق ئاستا ئۈزۈپ چىقتى. سۈك جياڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇنى كۆرۈپ:

— ھەي قېيىقچى، بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قال، ساڭا پۇل بېرەيلى، — دەپ توۋلىدى.

— سىلەر نېمە ئادەم؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ — دەپ سورىدى قېيىقچى.

— كەينىمىزدىن قاراقچىلار قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ، — قېچىۋېرىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق، چاپسان قېيىقىڭنى ئېلىپ كېلىپ بىزنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قوي، ساڭا يەتكۈدەك پۇل بېرەيلى.

قېيىقچى يەتكۈدەك پۇل بېرىمىز دېگەننى ئاڭلاپ، قېيىقنى ھەيدەپ يېقىن ئەكەلدى، ئۈچەيلەن دەرھال قېيىققا سەكرەپ چىقتى، يايلاردىن بىرى بوغجۇمىنى قېيىققا تاشلىدى، يەنە بىرسى قولىدىكى ئالا بالداق كالتەكنى بىلەن تىرەپ، قېيىقنى ئورنىدىن قوزغاتتى. قېيىقچى پالاقنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بوغجۇمىنىڭ قېيىققا تاشلانغاندا شاراقلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىچىدە خۇش بولدى ـ دە، پالاقنى بىرلا سىلكىپ، قېيىقنى دەريا ئوتتۇرىسىغا ھەيدەپ ماڭدى.

بۇ چاغدا قىرغاقتىكى قوغلاپ كېلىۋاتقان كىشىلەر دەريا بويىغا يېتىپ كەلگەنىدى، ئون نەچچە ئوتقاش لاۋۇلداپ يېنىپ تۇراتتى، يىگىرمە نەچچە نەيزە تۇتقان كىشىنى باشلاپ كەلگەن ئىككى دارازا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان ھالدا:

— ھەي قېيىقچى، كەينىڭگە قايت! — دەپ توۋلىدى.

سۇڭ جياڭ بىلەن يايلار قېيىقنىڭ قازنىقىغا مۆكۈنۈۋېلىپ:

— ھەرگىز كەينىڭگە يانما، بىز ساڭا جىقراق پۇل بېرىمىز، رەھمەت ئوقۇيمىز، — دېيىشتى.

قېيىقچى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، قىرغاقتىكىلەرگە جاۋاب بەرمەي، قېيىقنى غىرىلدىتىپ ھەيدەپ كېتىۋەردى.

— ھەي قېيىقچى، كەينىڭگە يانمىساڭ جېنىڭنى ئالىمىز! — دەپ چۇرقىراشتى قىرغاقتىكىلەر.

قىپىقچى سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ ئۈنىمىدى.

— سەن كىم بولىسەن؟ قاپ يۈرەك نېمە ئىكەنسەنغۇ، كەينىڭگە يانمايسىنا؟ — دەپ توۋلاشتى قىرغاقتىكىلەر.

— ئاكاڭ قارىغاي جاڭ قىپىقچى دېگەن شۇ، ئاغزىڭنى چايقاپ سۆزلەش، — دېدى قىپىقچى سوغۇققىنا كۈلۈش بىلەن جاۋاب ياندۇرۇپ.

— جاڭ ئاكام ئىكەنسەنغۇ، ئاكا - ئۇكا ئىككىمىزنى تونۇمايۋاتامسەن؟ — دەپ توۋلىدى قىرغاقتىكى ئوتقاشلار ئارىسىدىن دارازىلارنىڭ چوڭى.

— تونۇمايدىغان قارىغۇ - كورمىدىم؟ — دەپ جاۋاب قايتۇردى قىپىقچى.

— تونۇغان بولساڭ، قىپىقنى ھەيدەپ بېرى كەل، ساڭا گېپىم بار.

— گېپىڭ بولسا ئەتە ئېيت، قىپىقتىكىلەر ئالدىراۋاتىدۇ.

— بىز دەل شۇ قىپىقتىكى ئۈچ ئادەمنى تۇتۇشقا كەلدۇق.

— بۇلار مېنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىم، ئاش - تامىقىم، كىيىم - كېچەكلىرىمنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئاتا - ئانام، ئۇلارنى كەسكەن لەگمەن بىلەن كۈتۈۋالاي دەيمەن.

— سەن، — دېدى دارازىلارنىڭ چوڭى، — ئالدى بىلەن قىپىقىڭنى ھەيدەپ بۇياققا كەل، مەسلىھەتلىشىمىز.

— ئالدىمدىكى لوق گۆشنى ساڭا ئاپىرىپ بەرسەم بولغۇدەك - دە! — دېدى قىپىقچى.

— ئۇنداق دېمە جاڭ ئاكا، بىزگە ئاۋۇ گۇناھكار كېرەك، ئاۋۋال بۇياققا كەلگىن! — دېدى دارازىلارنىڭ چوڭى.

— نەچچە كۈندىن بۇيان، — دېدى قىپىقچى بېشىنى چايقاپ، — ئاران تاپقان خېرىدارىمنى بېرەتتىممۇ! خاپا بولماڭلار، كېيىنچە كۆرۈشەرمىز.

سۆڭ جياڭ ئۇنىڭ سۆزىدىكى يوشۇرۇن مەنىنى چۈشەنمەي قىپىقتىكى يايىلارغا ئاستا پىچىرلىدى:

— ھېلىمۇ ياخشى بۇ قېيىقچى ئۈچىمىزنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالدى، ئۇنىڭ ھەممىتىنى ئۇنتۇماي، ئوبدان رازى قىلايلى، تەلىيىمىزگە بىزنى ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ياخشى ئىش قىلدى.

قېيىقچى قېيىقنى ھەيدەپ قىرغاقتىن خېلى يىراقلاشتى، قېيىقتىكى ئۈچەيلەن قومۇشلۇقتىكى ئوتقاش كۆتۈرگەنلەرنىڭ كەينىگە يانغانلىقىنى كۆردى.

— بەللى، ئەجەبمۇ ياخشى بولدى! — دېدى سۇڭ جياڭ، — «ياخشىلار بىلەن تېپىشتۇق، يامانلاردىن قۇتۇلدۇق» دېگەن شۇ، ئەمدى بۇ بالا - قازادىنمۇ قۇتۇلدۇق.

قېيىقچى پالىقىنى لىڭشىتىپ خۇجۇلۇقلار ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

غوجاكاڭ ئۈستى مۇشۇ دەريا بويىدا چوڭ بولۇپ،
قورقمىدى دەۋا - قاماقتىن، كەتمىدى خاندىن چۆچۈپ.
كېچە كەپ خوا گۇاڭ قېيىققا چۈشتى ئالدىرىتىپ مېنى،
تارتقۇزۇپ كەتتى ماڭا ئالتۇن كېسەكتىن بىرىنى.

بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ، سۇڭ جياڭ بىلەن ياپىلارنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. «بۇ شۇنداقلا ئېيتىپ قويغان بىر ناخشىغۇ» دەپمۇ ئويلىدى سۇڭ جياڭ، ئۈچىسىنىڭ گېپى بېسىققاندا، قېيىقچى پالاقنى تاشلىدى - دە:

— سەن ھارامزادە ياپىلار دائىم قۇۋلۇق - شۇملۇق بىلەن قاقتى - سوقتى قىلىپ يۈرىسىلەر، ئەمدى غوجائاكاڭنىڭ قولىغا چۈشتۈڭلارمۇ! قېنى كەسكەن لەڭمەن يەمسىلەر، چۆچۈرىمۇ؟ — دېدى.

— بۇرادەر، چاقچاق قىلماڭ، — دېدى سۇڭ جياڭ، — كەسكەن لەڭمەن دېگەن نېمە، چۆچۈرە دېگەن نېمە؟

— كىم سەنلەرگە چاقچاق قىپتۇ! — دېدى قېيىقچى

كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — كەسكەن لەڭمەن يېگۈچىلەر كەلسە، قېيىقنىڭ قازنىقىدا شۇنداق ئۆتكۈر قىڭرىقىم باركى، نەچچە چىپپىشتا ئەمەس، پەقەت بىر چىپپىشتا بىرىڭنى ئىككى پارچە قىلىپ دەرياغا تاشلىۋېتىمەن. چۆچۈرە يەيمەن دېسەڭلار، كىيىمىڭلارنى يېشىڭلار - دە، دەرياغا ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار غەرق قىلىڭلار.

— ۋاي دەردىمەي! «بەخت كەلسە تاق كەپتۇ، بالا كەلسە قوش» دېگەن مۇشۇ - دە، — دەپ نالە قىلغىلى تۇردى سۈك جياڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يايلارغا ئېسىلىپ.

— ئۆزۈڭلار كېلىشىپ، تېز جاۋاب بېرىڭلار، — دېدى ھېلىقى قېيىقچى.

— ھەي قېيىقچى يىگىت، مەن بولسام بىر بىچارە ئادەم، گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، جياڭجۇ ئايمىقىغا پالاندىم، بىز ئۈچەيلەنگە رەھىم قىلىڭ! — دەپ يېلىندى سۈك جياڭ.

— رەھىم قىل دەمسەن! — دېدى قېيىقچى ھۆركىرەپ، — قوي قۇرۇق گېپىڭنى، باغرى تاش جاڭ نوچى دەپ داڭق چىقارغان ئاكاڭ قارىغاي بولىدۇ، ھېچقايسىڭنى ساق قويمايمەن، ۋاقتى كەلگەندە تۇغقان ئاتا - ئانامغىمۇ يۈز - خاتىر قىلمايمەن. تولا ۋالاقشىماي چاپسان سۇغا سەكرەش!

— بىز بوغجۇمىزدىكى بارلىق ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇن، كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى سىزگە بەرسەك، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىڭىز، — دەپ يالۋۇردى يەنە سۈك جياڭ.

— قېنى قانداق ئۆلىسىلەر؟ — دەپ ۋارقىرىدى قېيىقچى قېيىقنىڭ قازنىقىدىن پارقىراپ تۇرغان قىڭرىقىنى ئېلىپ.

— مەن تەڭرىگە سېغىنماي، ئاتا - ئانامغا ۋاپا قىلماي، گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، سىزلەرنىمۇ بالاغا قويدۇم، — دېدى سۈك جياڭ نالە - پەرياد قىلىپ يايلارغا.

— مىرزىبېگىم، بولدى سەۋر قىلىڭ، ئۆلسەك ھەممىمىز

بىللە ئۆلىمىز، — دېيىشتى يايلارمۇ سۇڭ جياڭغا ئېسىلىپ.

— چاپسان كېمىڭلارنى يېشىپ، دەرياغا سەكرەڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى قېيىقچى، — بولمىسا ئۆزۈم سىلەرنى چېپىپ سۇغا تاشلايمەن.

سۇڭ جياڭ بىلەن يايلار قۇچاقلىشىپ، شۇمشىيىپ بىللە سۇغا سەكرىمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، دەريادا «شار ـ شۇر» قىلغان پالاق ئاۋازى ئاڭلاندى. سۇڭ جياڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىسا، بىر قېيىق ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. قېيىقتا ئۈچ كىشى بولۇپ، بىر دارازا چاڭگاك تۇتۇپ ئالدىدا تۇرۇپتۇ، كەينىدىن ئىككى ياش يىگىت پالاق تاشلاپ قېيىق ھەيدەپ كېلىۋېتىپتۇ، ئاي يورۇقىدا ئۇلارنىڭ يېقىن كېلىپ قالغانلىقى كۆرۈندى.

— كېلىۋاتقان قايسى قېيىقچى سەن؟ — دەپ توۋلىدى ھېلىقى قېيىق بېشىدا چاڭگاك تۇتۇپ تۇرغان دارازا، — بۇ يەردە نېمە ئوۋلاپ يۈرىسەن؟ قېيىقتىكى مالغا تەڭ شېرىك بولىمىز.

— كىمكىن دېسەم، لى ئاكام ئىكەنسەنغۇ، ئاكا، ئوقەتنى ئۆزۈڭلا قىلىپ، مېنى ياندۇرالماپسەنغۇ؟ — دېدى دەرھال جاۋابەن قېيىقچى.

— ئۇكا، بۇ يەردە يەنە شۇ قىلىقىڭنى قىلىپ يۈرەمسەن؟ قېيىقىڭدىكى نېمە مال؟ بىرەر نەپ چىقامدۇ؟ — دەپ سورىدى دارازا.

— دېسەم كۈلگۈك كېلىدۇ، — دېدى قېيىقچى، — بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئوقىتىمنىڭ تايىنى بولمىدى، قىماردا يەنە ئۇتتۇردۇم، قولۇمدا بىر يارماق قالمىدى. دەريا بويىدا بېشىم قېتىپ ئولتۇرسام، بىر توپ كىشى ئۈچ ئادەمنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنى غىپلا قىلىپ قېيىقىمغا چىقاردىم. بۇلار ئىككى ھارامزادە يايى بىلەن بىر قارا پاكىنەك گۇناھكار ئىكەن.

① يوچۇن — ئاجايىپ دېگەن مەنىدە.

نەلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. جياڭجۇغا پالانغان ئادەممەن دەيدۇ ـ يۇ، بويىندا تاقاق يوق. قوغلاپ كەلگەنلەر بازاردىكى مۇ جەمەتلىك ئاكا ـ ئۇكىلار ئىكەن، گۇناھكارنى بىزگە بەر دەپ تۇرۇۋاپتۇ، قارىسام نەپ تېگىدىغاندەك قىلىدۇ، بەرمىدىم.

— ئاكىمىز سۇڭ دانىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ — دېدى دارازا.

— ھەي پالۋان، سەن كىم بولىسەن؟ سۇڭ جياڭنى قۇتقۇزۇۋال، — دېدى قېيىقتا ياتقان سۇڭ جياڭ بۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ.

— ھە راستلا ئاكام ئىكەنغۇ، بالدۇرراق دېسىلە بولمامدۇ؟ — دېدى ھېلىقى دارازا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ.

سۇڭ جياڭ قوپۇپ قارىدى. ئاي يورۇقىدا قېيىقتا بىر دارازا كۆرۈندى، ئۇ شۇنداق دارازا ئىدىكى:

يۇرتىدۇر شۇنياڭ دېگەن ئەزىمى دەريا بويىدا،
قەھرىمان ـ باتۇر دېگەن لايىق ئاتاق بار تۇرقىدا.
قوشماقاش، كۆزى بۇلاق، يۈزى توغاچتەك قىپقىزىل،
ساقىلى گويا تىكەن ئاۋازى جىل دىردەك ئېسىل.
خۇي زەبەردەس، قەددى ـ قامەت بابىدا تاپقان كامال،
ئۈينىتار ئەپچىل قولىدا شاپ قىلىچ، نەيزە قورال.
ئۇزدى بۇ پالۋان دېڭىز ـ دەريا ئارا دولقۇن يېرىپ،
غەيرىتى بىرلە ئاجايىپ تۆھپە ـ خىزمەت كۆرسىتىپ.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرى لۇجۇ، ئېتى لى جۇن ئۇنىڭ،
«دەريانى بۇلغار لەھەڭ» دەپ لەقىمى يوچۇن① ئۇنىڭ.

قېيىقتا كەلگەن دارازا دەريا بۇلغار لەھەڭ دەپ نام ئالغان لى جۇن ئىدى، كەينىدىكى پالاق تۇتقانلار بولسا غار تېشەر ئەجدىھا تۇڭ ۋېي بىلەن دەريا باغلار قۇلۇلە تۇڭ مېڭ ئىدى.

لى جۇن ئۇنىڭ سۇڭ دانىش ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، سەكرەپ

قېيىققا ئۆتتى ۋە ئېچىنغان هالدا:

— ئاكا، بىسەرەمجان بوپتىلا، كەمىنە ئىنىلىرى سەل كىچىككەن بولسام، ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلىپ قالاتتىكەنلا، بۇگۈن ئۆيدە ئولتۇرۇپ كۆڭلۈمنىڭ هېچ ئارامى بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن سىيتىپ كېلەي دەپ قېيىققا تۇز بېسىپ چىققانىدىم، سىلىنىڭ بۇنچىلىك قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقلىرىنى كىم ئويلاپتۇ! — دېدى.

قېيىقچى بىر هازا ئۇن - تىن چىقارماي هاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرغاندىن كېيىنلا:

— لى ئاكا، بۇ قارا باتۇر شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر سۇڭ دانىش بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇ بولمايچۇ! — دېدى لى جۈن.

— ۋاي ئاتامەي، — دېدى قېيىقچى ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، — نېمىشقا شەۋكەتلىك ناملىرىنى بالدۇرراق دېمەيلا، جانابلىرىنى نابۇت قىلىپ قويۇشقا تاس قاپتىمەن.

— بۇ باتۇر كىم بولىدۇ؟ مۇبارەك نامى نېمە؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ لى جۈندىن.

— ئۆزلىرى بىلمەيلا، — دېدى لى جۈن جاۋابەن، — بۇ باتۇر پېقىر بىلەن قېرىنداش بولۇپ قول ئېلىشقان ئۇكام بولىدۇ. شياۋگۇشەن تېغىدىن، ئىسمىزاتى جاڭ خېڭ بولىدۇ، لەقىمى قېيىقچى پالۋان، مۇشۇ شۇنياڭ دەرياسى بويىدا ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ.

سۇڭ جياڭ بىلەن يايىلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككى قېيىق جۈپلىشىپ مېڭىپ قىرغاققا باردى. قېيىق توختىغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭ بىلەن يايىلارنى يۆلەپ قىرغاققا چىقىرىشتى. لى جۈن جاڭ خېڭغا:

— بۇرادەر، مەن ساڭا دائىم جاهاندا شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر، يۈنچېڭ ناهىيەسىنىڭ مىرزىسى سۇڭ جياڭدىن باشقا مەرد باتۇر يوق، دەيتتىم. بۇگۈن ئەمدى سەن ئۇنىڭ بىلەن

تونۇشۇۋال، ــــ دېدى.

جاڭ خېڭ چاقماق تاش چېقىپ چىراغنى ياندۇرۇپ سۇڭ جياڭغا قارىدى ۋە دەرھال دەريا بويىدىكى قومۇشلۇققا يىقىلىپ:

ــــ ئاغا، پېقىرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىلە، ــــ دەپ تەزىم قىلدى.

سۇڭ جياڭ شۇنداق قارىسا، جاڭ خېڭ شۇنداق بىر ئەر ئىدىكى:

بويى ـ بەستى ئىككى گەز، كۆرسەڭكى ئۈچ بۇرجەك كۆزى،
ساپسېرىق بۇرۇت ـ ساقىلى، قىپقىزىل چاچ ـ كۆزلىرى.
داڭقى شۇنياڭ بويىدا چىقتى پۇر بولۇپ كەتتى ئىبتى،
سۇ پەرىسىدەك يارار دولقۇننى ئۇ،
خۇددى لەھەڭدەك ئۈزەر ئۆركەشسىرى.
چىقسا بوران، ئۇرسا دولقۇن زادى قورقماس ھېچقاچان،
ئەجدىھا كۆرسە ئۇنى قورقۇپ چىقار تەندىن جېنى.
تەڭرىتائالا ئەۋەتتى يارىتىپ دۇنيا ئارا،
جان ئالارغا شۇنچە ھەيۋەت كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك قىلىپ ئۇنى.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانى ـ يۇرتى شياۋگۇشەن تېغى،
ئالدى بۇ جاڭ خېڭ «قېيىقچى پالۋان»لىق نامىنى.

ــــ جاڭ خېڭ تەزىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن:

ــــ مەرد ئاغا، ئۆزلىرى نېمە ۋەجىدىن بۇ ياققا پالاندىلىكىن؟ ــــ دەپ سورىدى.

لى جۈن سۇڭ جياڭنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ جياڭجۇ ئايمىقىغا پالانغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ــــ ئاغىمىزغا مەلۇم بولغايكى، ــــ دېدى جاڭ خېڭ بۇنى ئاڭلاپ، ــــ بىز بىر ئاتىدىن ئىككى ئاكا ـ ئۇكا، چوڭى مەن بولىمەن. بىر ئۇكام باركى، ئۇ كارامەت يىگىت، پۈتۈن بەدىنى قاردەك ئاپئاق، سۇدا بىر ئۈزسە قىرىق ـ ئەللىك يولىغا بىراقلا

ئۈزىدۇ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز سۇ تېگىدە چۆكۈپ يۈرەلەيدۇ، ئۈزگەندە خۇددى ئاق بېلىقتەك شۇڭغۇپ ئۈزىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنداق ياخشى جەڭ ماھارىتىگە ئىگىكى، كىشىلەر ئۇنىڭغا دولقۇن يارار ئاق بېلىق جاڭ شۇن دەپ نام قويۇپ قويغان. بىز ئەسلي ياڭزىجياڭ دەرياسى بويىدا ھالال ئوقەت قىلىپ يۈرەتتۇق.

— خوش، قېنى دەۋىرىڭ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى جاڭ خېڭ، — قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويدۇق، شۇنىڭ بىلەن مەن دەريا بويىدىكى خالىيراق جايلارغا بېرىپ يولۇچىلارنى توشۇپ جان بېقىپ يۈردۈم، پۇلنىڭ كۆزىگە قارايدىغان ۋە دەريادىن تېزرەك ئۆتۈۋېلىشنى خالايدىغان يولۇچىلار مېنىڭ قېيىقىمغا چىقاتتى، قېيىقتا ئادەملەر لىقمۇلىق ئولتۇرۇپ بولغاندا، ئۇكام جاڭ شۇنمۇ سالتاڭ يولۇچى بولۇۋېلىپ بىر بوغجۇمنى يۈدۈپلا قېيىققا چىقاتتى. بىر قېتىم مەن قېيىقنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەيدەپ كېلىپ توختاتتىم ـ دە، قىڭراقنى تۇتۇپ قېيىقتا چۈشكەنلەرگە كىرا ھەققىنى بېرىڭلار دېدىم، بىر ئادەمنىڭ ھەققى ئەسلىدە بەش يۈز يارماق بولاتتى، مەن ئۈچ تىزىق يارماق بېرىڭلار، دەپ تۇرۇۋالدىم. ئالدى بىلەن ئۇكامدىن سورىدىم، ئۇ قەستەن بېرىشتىن باش تارتقان بولدى. مەن ئۇنىڭغا ئېسىلىپ، بىر قولۇم بىلەن بېشىدىن، يەنە بىر قولۇم بىلەن بېلىدىن ئالدىم ـ دە، ئىتتىرىۋەتتىم. ئۇ «چولتوك» قىلىپ دەرياغا چۈشۈپ كەتتى، ئاندىن قاتىرىسىغا ھەممىڭ ئۈچ تىزىق يارماق بېرىسەن دېسەم، ھەممىسى قورققىنىدىن غىڭ قىلماي چىقىرىپ بەردى. پۇلنى تولۇق يىغىپ بولۇپ، ئۇلارنى خالىيراق بىر جايغا ئاپىرىپ قىرغاققا چىقىرىپ قويدۇم. ئۇكام بولسا سۇ تەكتىدىن ئۈزۈپ قىرغاققا ئاللىقاچان چىقىۋالغانىكەن. يولۇچىلار كەتكەندىن كېيىن ئۇكام بىلەن پۇلنى تەڭ بۆلۈشۈپ، قىمار ئويناشقا ماڭدۇق. ئۇ كەملەردە بىر

شۇنداق قىلىپ كۈنىمىزنى ئالاتتۇق.

— دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن سىلەرنى ئىزدەپ نۇرغۇن يولۇچىلار كېلىدىكەن - دە ! — دېدى سۇڭ جياڭ.

لى جۈن باشلىق ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ھازىر، — دېدى يەنە جاڭ خېڭ، — ئەمدى باشقا ئوقەتكە كىرىشىۋالدۇق، مەن شۈنياڭ دەرياسى بويىدا ئېلىپساتارلىق قىلىمەن. ئۈكام جاڭ شۈن جياڭجۇدا بېلىق تۇخۇمى ساتىدۇ. سىلى شۇ ياققا كېتىۋاتىدىلا، كەمىنىلىرى بىر پارچە خەت يېزىپ بەرسەم بولاتتى، شۇغىنىسى خەت يېزىشنى بىلمەيمەن.

— مەھەللىدىكى خەلپىتىمگە يازدۇرايلى، — دېدى لى جۈن.

تۇڭ ۋېي بىلەن تۇڭ مېڭ قېيىقلارغا قاراپ قالدى. ئۈچى لى جۈنگە ئەگىشىپ مەھەللىگە قاراپ كەتتى. جاڭ خېڭ پانۇس تۇتۇپ ماڭدى.

ئۇلار بىرەر چاقىرىم يول ماڭا - ماڭمايلا قىرغاقتا پارىلداپ تۇرغان ئوتقاش يورۇقىنى كۆردى.

— ئاكا - ئۇكا ئىككىسى تېخىچە ياتماپتۇ، — دېدى جاڭ خېڭ.

— كىملەرنى دەيسەن؟ — دەپ سورىدى لى جۈن.

— بازاردىكى مۇ جەمەتلىك ئاكا - ئۇكىلارنى دەيمەن، — دېدى جاڭ خېڭ.

— ئۇلارنىمۇ چاقىرايلى، ئاكىمىز بىلەن كۆرۈشسۇن، — دېدى لى جۈن.

— ياق، چاقىرماڭلار، ئۇلار بىزنى تۇتىمىز دەپ قوغلاپ يۈرىدۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ ئالدىراپ.

— ئاكا، — دېدى لى جۈن، — خاتىرجەم بولسىلا، ئۇلار سىلىنى تونۇماي قالغىنى، بىز بىر يولدىكى ئادەملەر.

لى جۈن قولىنى بۇلغاپ، ئاغزى بىلەن ئۇشقىرتقانىدى، ئوتقاش كۆتۈرگەنلەرنىڭ جىمىسى يوپۇرۇلۇپ يېتىپ كەلدى، لى جۈن بىلەن جاڭ خېڭنىڭ سۇڭ جياڭنى ھۆرمەتلەپ، پاراڭلىشىپ

ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھېلىقى ئاكا ـ ئۇكىلار ئەجەبلىنىپ:

— ئاغىلار، بۇ ئۇچى بىلەن قانداق تونۇشىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى لى جۇن قاقاھلاپ كۈلۈپ.

— بىلمەيمىز، ئۇ بازاردا چامباشچىغا پۇل تارتۇق قىلىپ بازىرىمىزدىكى خەلقنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكتى، شۇڭا ئۇنى تۇتىمىز دەپ يۈرگەنىدۇق.

— بۇ ياق، — دېدى لى جۇن، — مەن سىلەرگە دائىم گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر، يۇنچېڭ ناھىيەسىنىڭ مىرزىبېگى سۇڭ دانىش ئاغىمىز بولىدۇ، پات كېلىپ تەزىم قىلمامسىلەر.

ھېلىقى ئاكا ـ ئۇكىلار قىلىچلىرىنى تاشلىغان پېتى كېلىپ تەزىم قىلىپ:

— ناملىرىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئاڭلاپ كەلگەنىدۇق، بۈگۈن كۆرۈشۈشكە نېسىپ بوپتۇ. بايا بىز قاراملىق قىلىپ ئۆزلىرىنى رەنجىتىپ قويۇپتۇق، رەھىم قىلسىلا، گۇناھىمىزنى تىلەيمىز.

— پالۋانلىرىم، مۇبارەك نامىڭىزلار نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ ئۇلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇۋېتىپ.

— بۇلار، — دېدى لى جۇن، — مۇشۇ يەرلىك بايلار بولىدۇ، مۇ جەمەتىدىن، چوڭىنىڭ ئېتى مۇ خۇڭ، لەقىمى توسقۇنسىز يىگىت، كىچىكى مۇ چۈن، لەقىمى كىچىك توسقۇن، جېيياڭ بازىرىنى سورايدىغان نوچىلار مۇشۇلار. ئاغا، ئۆزلىرى بىلمەيدىلا، مەن سىلىگە دەپ بېرەي، بىزنىڭ بۇياقتا ئۈچ جۈپ نوچى بار. جېيياڭ چوققىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىنى مەن لى لى بىلەن سورايمەن؛ جېيياڭ بازىرىنى مۇنۇ ئاكا ـ ئۇكىلار سورايدۇ؛ ئېلىپساتارلىق قىلىدىغان جاڭ خېڭ بىلەن جاڭ شۈن شۈنياڭ دەرياسى بويىنى سورايدۇ. ئۈچ جۈپ نوچى دېگىنىمىز شۇ.

— بۇنى نەدىن بىلەيلى؟ — دېدى سۇڭ جياڭ جاۋابەن، —

ھەممەيلەن ئاكا ـ ئۇكا ئىكەنمىز، ئۇنداق بولغاندىكىن، يۈز ـ خاتىرىمىز ئۈچۈن شۇ يۈگىنى قويۇپ بەرسەڭلار.
— ھېلىقى چامباشچى شۇمۇ؟ — دېدى مۇ خۇڭ كۈلۈپ، — خاتىرجەم بولسىلا ئاكا، ئىنىم مۇ چۈن بېرىپ باشلاپ كەلسۇن. ئەزىز ئاكىمىزنى غېرىبخانىمىزغا تەكلىپ قىلىمىز، ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسىتىپ گۇناھىمىزنى يۇيايلى.
— بەللى، بۇ ناھايىتى ياخشى گەپ بولدى! سىلەرنىڭ جاڭزاڭلارغا بارايلى، — دېدى لى جۈن.
مۇ خۇڭ ئوتاقچىلارغا قېيىقلارنى قارىتىپ قويۇپ، تۇڭ ۋېي بىلەن تۇڭ مېڭنىمۇ جاڭزىغا بارسۇن دەپ جورىدى ۋە قوي ـ كالا سويۇپ، مەي ـ شارابلارنى ھازىرلاپ، بەزمىگە تەرەددۇت قىلىپ تۇرۇشنى خەۋەر قىلىپ قويۇش ئۈچۈن جاڭزىغا ئادەم ئەۋەتتى.
ئۇلار تۇڭ ۋېي بىلەن تۇڭ مېڭنى بىردەم ساقلاپ تۇرۇپ، كەلگەندىن كېيىن ھەممىسى بىللە جاڭزىغا قاراپ يول ئالدى، تاڭ يورۇش ئالدىدا جاڭزىغا يېتىپ كېلىشتى، مۇ غوجا چىقىپ ئۇلار بىلەن سالاملاشتى. ساھىبخانا ۋە مېھمانلار دالانغا كىرىپ، ھەرقايسىسى ئۆز جايلىرىغا ئولتۇرۇشتى. سۇڭ جياڭ مۇ خۇڭغا قارىدى، ئۇ شۇنداق قامەتلىك باتۇر ئىدىكى، بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دەپ يازىدۇ:

يۈزى گوياكى كۈمۈش، بەدىنى ئاق قاشتېشىدىن،
يۇملاق باش، كۆزى يىتتەك، ئايلىناي يىپ قېشىدىن.
تىترىگەي دىر ـ دىر كىشىلەر سۈرى ھەيۋەتلىك ئۇنىڭ،
كەلدى مەدەت بەرگۈچى بۇ ئەنبىيا كۆك قەرىدىن.
چىقسا جەڭگە زادى قايتماس ئولجا ئالماي ھېچقاچان،
بەرمىگەي جەڭلەردە ئەسلا تۇغ ـ ئەلەمنى ئىلكىدىن.
دەر ھەقىقەت خوپ كارامەت پالۋان مۇ خۇڭ ئۆزى،
ئالدى توسقۇنسىز يىگىت دەپ نام ـ لەقەم يۇرت ئەھلىدىن.

www.uyghurkitap.com

سۇلۇڭ جياڭ بىلەن مۇ غوجا روبىرو ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. تاڭ يورۇغاندا مۇ چۈن قەھرلىك يولۋاس شۇ يۇڭنى باشلاپ كىرىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى جەم بولۇشتى. مۇ خۇڭ زىياپەت راسلاپ، سۇلۇڭ جياڭ قاتارلىق مېھمانلارنى تا كەچ كىرگۈچە كۈتۈۋالدى ۋە ھەممىسىنى قوندۇرۇپ قالدى. ئەتىسى سۇلۇڭ جياڭ ماڭماقچى بولدى، مۇ خۇڭ نەدىمۇ ئۇنىسۇن، ئۇ باشقىلارنى جاڭزىدا قالدۇرۇپ، سۇلۇڭ جياڭغا ھەمراھ بولۇپ بازارنى ئايلاندۇرۇپ، جيېياڭ شەھىرىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇرۇپ كەلدى. سۇلۇڭ جياڭ بۇ يەردە يەنە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن مۆھلەت توشۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، مۇ خۇڭ قاتارلىقلارنىڭ يىلىنىپ - يالۋۇرغىنىغا قارىماي، كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالدى، مۇ خۇڭ شۇ كۈنى ئۇنىڭغا خوشلىشىش زىياپىتى بەردى، سۇلۇڭ جياڭ ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ مۇ غوجا ۋە باشقىلار بىلەن خوشلاشتى ۋە شۇ يۇڭغا:

— ھازىرچە مۇ خۇڭنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تۇرۇڭ، كېيىنچە جياڭجۇدا كۆرۈشەرمىز، — دەپ جېكىلىدى.

— ئاكا، خاتىرجەم بولسىلا، مەن ئوبدان قاراپ قويىمەن، — دەپ بىر پەتنۇس ئالتۇن - كۈمۈش ئاچىقىپ سۇلۇڭ جياڭغا يوللۇق تۇتتى مۇ خۇڭ. ئىككى يايىغمۇ ئانچە - مۇنچە كۈمۈش ئىنئام قىلدى. جاڭ خېڭ مېڭىش ئالدىدا، مۇ خۇڭنىڭ جاڭزىسىدىكى بىراۋغا يازدۇرغان سالام خېتىنى جاڭ شۇنگە ئالغاچ كەتسىلە دەپ سۇلۇڭ جياڭغا بەردى. سۇلۇڭ جياڭ خەتنى ئېلىپ بوغجۇمىسىنىڭ ئىچىگە سالدى. ھەممىسى بىللە ئۇلارنى شۇنياڭ دەرياسى بويىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. مۇ خۇڭ بىر قېيىقنى راسلىتىپ ئالدىدا كەلگەن يۈك - تاقلارنى قېيىققا باستۇردى. ھەممىسى دەريا لېۋىدە تۇرۇپ سۇلۇڭ جياڭنى ئۇزىتىش شارابى تۇتۇپ قېيىققا چىقىرىشتى ۋە كۆز يېشى قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. لى جۈن، جاڭ خېڭ، مۇ خۇڭ، مۇ چۈن، شۇ يۇڭ، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلار ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى، بۇ گەپ

مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى سۇلۇ جىياڭغا كەلسەك، ئۇ ئىككى يايى بىلەن قىيىنچىلىق چۇشۇپ جىياڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى. بۇ قېتىم قىيىنچىلىقى ئۆتكەندىكىدەك ئەمەس، بەلكى يەلكەن چىقىرىپ ئۇلارنى بىردەمدىلا جىياڭجۇغا ئەكىلىپ قويدى. سۇلۇ جىياڭ تاقاق سىلىنغان، ئىككى يايى ئالاقىنى كۆتۈرگەن پېتى يۈك – تاقنى يۈدۈپ تويتوغرا جىياڭجۇ ئايماق ياملۇغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، ئايماقبېگى دىۋاندا ئولتۇراتتى. ئەسلىدە بۇ بەگنىڭ ئىسمىزاتى سەي دېجاڭ بولۇپ، ئوردىدىكى ۋەزىرئەزەم سەي جىڭ بېگىمنىڭ توققۇزىنچى ئوغلى بولغانلىقتىن، جىياڭجۇلۇقلار ئۇنى توققۇزىنچى بەگزادە ئامبال دەپ ئاتىشىۋالغانىدى. ئۇ ئاچ كۆز، كەيپ – ساپاغا بېرىلىپ كەتكەن ھاكاۋۇر ئەمەلدار ئىدى. جىياڭجۇ ئايمىقى ئالتۇن – كۈمۈش ۋە ئوزۇق – تۈلۈك مول، ئادىمى كۆپ، باياشات بىر جاي بولغانلىقتىن، ۋەزىرئەزەم ئۇنى ئەتەي بۇ جاينىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى.

ئىككى يايى سۇلۇ جىياڭنى دىۋانغا ئېلىپ كىرىپ ئالاقىنى ئايماقبېگىگە سۇندى. ئايماقبېگى سۇلۇ جىياڭنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان تەقى – تۇرقىنى كۆرۈپ:

— بوينۇڭدىكى تاقاقتا ئايماق ياملۇنىڭ پېچىتى يوققۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يول بويى باھار يامغۇرى يېغىپ ھۆل قىلىپ چۇشۇرۇۋەتتى، — دەپ مەلۇم قىلدى يايىلار.

— چاپسان پېچەت چاپلاپ، شەھەر سىرتىدىكى مەھبۇسلار كۇرەسىگە ئاپىرىڭلار، ئۆزىمىزنىڭ دورغا – يايىلىرى يالاپ ئېلىپ بارسۇن، — دېدى ئايماقبېگى.

بۇ ئىككى يايى سۇلۇ جىياڭنى مەھبۇسلار كۇرەسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدى. مېڭىش ئالدىدا يايىلار تاقاقتا پېچەت چاپلاپ، سۇلۇ جىياڭنى ئېلىپ ھېلىقى ئىككى يايى بىلەن بىللە ياملۇدىن چىقتى ۋە بىر مەيخانىغا كىرىپ مەي ئىچىشتى.

www.uyghurkitap.com

سۇڭ جياڭ يېنىدىن ئىككى ـ ئۈچ سەر كۈمۈش چىقىرىپ، جياڭجۇ يامۇلىنىڭ يايلىرىغا بەردى، ئۇلار تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭنى يەككە كىشىلىك گۇندىخانىغا ئېلىپ باردى ۋە گۇندىپاينىڭ تۇرالغۇسىغا كىرىپ، سۇڭ جياڭغا ياخشىراق قاراپ قويۇڭلار دەپ تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۇلاردىن تاپشۇرۇۋالغانلىق ھەققىدە ھۆججەت ئېلىپ، جياڭجۇ يامۇلىغا قايتىپ كەتتى. ھېلىقى ئىككى يايمۇ سۇڭ جياڭغا بوغجۇما، كۆدە ـ كۆرپىلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، مىڭبىر تەشەككۈر، رەھمەتلەرنى ئېيتىپ خەيرلىشىپ بازارغا كەتتى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ: «جاپا چەككەن بولساقمۇ خېلى كۆپ پۇل تاپتۇق» دېيىشتى ۋە ئايماق يامۇلىغا بېرىپ جاۋاب ئالاقىسىنى ئېلىپ جىجۇ ئايمىقىغا قاراپ راۋان بولدى.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ زىندانغا كىرگەندىلا يېلىنىپ ـ يالۋۇرغانلىقتىن، ئۇلار ئۇنى يەككە كىشىلىك گۇندىخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ گۇندىپايغا ئون سەر كۈمۈش بەردى؛ يەنە كۆرەبېگى ھۇزۇرىدا ئىشلەيدىغانلارغىمۇ كۆپلەپ پۇل بەردى؛ كۆرەدىكى ئىش باشقۇرغۇچىلار ۋە خىزمەتچى ـ يايلارغىمۇ چاي پۇلى ئۈچۈن بىرنەچچە سەردىن كۈمۈش بەردى. شۇڭا، سۇڭ جياڭ ھەممىسىنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالدى. بىر پەستىن كېيىن ئۇنى سوراقخانىغا چاقىرىپ، بوينىدىكى تاقاقنى ئېلىۋېتىشتى. كۆرەبېگى كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.

— ھەي يېڭى كەلگەن پالاندى سۇڭ جياڭ قولاق سال. ئالدىنقى بوۋاكالانىمىز ۋۇ دي خاننىڭ پەرمانى بويىچە كېلىۋاتقان ئادەتكە ئاساسەن، ھەرقانداق پالاندى يېتىپ كېلىشىگە ئالدى بىلەن يۈز دەررە ھەيۋە غولدىسى ئۇرۇلىدۇ. ھەي جالالات! تۇت ئۇنى، دەررىگە باس! — دەپ بۇيرۇدى پارا يېگەن كۆرەبېگى.

— كەمىنىلىرى، — دەپ يالۋۇردى سۇڭ جياڭ، — يولدا سوغۇق تېگىپ زۇكام بولۇپ قالغانىدىم، تېخى تۈزۈلۈپ كېتەلمىدىم.

— بۇ كىشى، — دېدى كۆرەبېگى، — راستلا كېسەل ئوخشايدۇ، قانسىز جۇدەڭ يۈزىدىن كېسەللىك ئالامىتى چىقىپ تۇرمامدۇ، ھازىرچە ئۇرماي كېيىنچە ئۇرارسىلەر. بۇ ئۆزى ناھىيە بەگلىرىدىن ئىكەن، كۆرەمىزنىڭ مىرزىخانىسىدا پۈتۈكچىلىك قىلسۇن.

شۇ ھامان ئۇنى ئەنگە ئېلىپ پۈتۈكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. سۇڭ جياڭ تەشەككۇر ئېيتىپ، يەككە كىشىلىك گۇندىخانىغا قايتىپ كىرىپ يۈكلىرىنى ئالدى - دە، مىرزىخانىغا كېلىپ جايلاشتى. گۇناھكارلار سۇڭ جياڭنىڭ يۈز - ئابرۇيى بارلىقىنى كۆرۈپ، مەي تۇتۇپ ئۇنى قۇتلۇقلىدى. ئەتىسى سۇڭ جياڭ ئۆز نۆۋىتىدە مەي، تائاملار ھازىرلاپ، ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ئۇ پات - پات گۇندىپايىنى مېھمان قىلىپ تۇردى. كۆرەبېگىگىمۇ دائىم سوۋغا - سالام بېرىپ تۇردى، سۇڭ جياڭنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيالىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇلار بىلەن ئوبدان چىقىشىۋالدى. ئارىدا يېرىم ئاي ۋاقىت ئۆتتى، كۆرەدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى. قەدىمكىلەر: «پۇلى بارنىڭ يۈزى يورۇق، پۇلى يوقنىڭ يۈزى چورۇق» دەپتىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى سۇڭ جياڭ مىرزىخانىدا گۇندىپاي بىلەن مەي ئىچىشىپ ئولتۇرغانىدى. گۇندىپاي سۇڭ جياڭغا قاراپ:

— ئەزىز بۇرادەر، مەن ئاۋۇ كۈنى زىندانبېگىگە يوسۇن پۇلى بېرىپ قويۇڭ دېگەنىدىم. خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، نېمىشقا تېخىچە ئەۋەتىپ بەرمىدىڭىز؟ مانا ئون كۈندىن ئېشىپ قالدى، ئەتە ئۆزى كېلىپ قالسا سەت بولارمىكىن، — دېدى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى سۇڭ جياڭ، — ئۇ ئادەم پۇل تەلەپ قىلسا، بەرمەيمەن. ئەگەر ئۆزلىرىگە پۇل لازىم بولسا پېقىردىن سوراۋەرسىلە. زىندانبېگى پۇل سورىسا، بىر يارماقمۇ بەرمەيمەن. ئۆزى كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن.

— مىرزىبېگىم، — دېدى گۇندىپاي، — ئۇ ناھايىتى يامان ئادەم، پۈت - قولى ئەڭسىز، ناۋادا ئېگىز - پەس گەپ قىلىپ

سىزنى خارلاپ قويىدىغان بولسا، مېنى دېمەيسەن دەپ ئاغرىنىپ يۈرمەڭ.
— ئاغا، — دېدى سۇلۇك جياڭ، — ئۇنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بېرەيلى، سىلى خاتىرجەم بولسىلا، مەن ئۆزۈم ئامال قىلىمەن. مەن بەرسەممۇ ئۇنىڭ ئېلىشى ناتايىن.
شۇ گەپلەر بولۇۋاتقان چاغدا، شۇ يەرلىك لەشكەربېشى كىرىپ:
— زىندانبېگى كەلدى، ئۇ ھازىر سوراقخانىدا ئاچچىقلاپ، يېڭى پالىنىپ كەلگەن گۇناھكار ماڭا نېمىشقا يوسۇن پۇلى بەرمەيدىكەن، دەپ تىللاۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.
— دېمىدىممۇ، — دېدى گۇندىپاي، — ئۇ كەپتۇ، ئەمدى بىزگىمۇ كايىيدىغان بولدى.
— ئاغا، كەچۈرسىلە، — دېدى سۇلۇك جياڭ كۈلۈپ، — ئۆزلىرىگە ئۆلپەت بولالمايدىغان بولدۇم، باشقا بىر كۈنى ئولتۇرۇۋالارمىز. يېقىر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقاي.
— مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسەممۇ بولىدۇ، — دەپ ئورنىدىن قوپتى گۇندىپاي. سۇلۇك جياڭ ئۇنىڭغا «خوش» دەپ مىرزىخانىدىن چىقىپ، زىندانبېگى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سوراقخانىغا كىردى.
ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! مۇبادا سۇلۇك جياڭ كېلىپ بۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشمىگەن بولسا، جياڭجۇ شەھرىدە بۆرە ـ قاپلانلار ئۇۋىسىدىن چىقىپ يامرىمىغان، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا قانلار دەريادەك ئېقىپ، جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلەنمىگەن بولاتتى. ئاسماندىكى تور ـ توسۇقلارنى بۆسۈپ سۇ بويىغا كەلمىگەن، يەردىكى قاپقان ـ تۇزاقلارنى بۇزۇپ لياڭشەن تېغىغا چىقمىغان بولاتتى. سۇلۇك جياڭنىڭ زىندانبېگى بىلەن قانداق كۆرۈشكەنلىكىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

## شىپالىق يامغۇرنىڭ يەل تاپان شەيخ بىلەن ئۇچراشقانلىقى
## قارا قۇيۇننىڭ دولقۇن يارار ئاق بىلىق بىلەن ئېلىشقانلىقى

ئەلقىسسە، سۈڭ جياڭ گۇندىپاي بىلەن خوشلىشىپ، مىرزىخانىدىن سوراقخانىغا كەلدى، شۇنداق قارىسا، ھېلىقى زىندانبېگى ئۆزۈن ئورۇندۇقنى قويۇپ سوراقخانىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ.

— يېڭى پالىنىپ كەلگەن گۇناھكار قايسىڭ؟ — دەپ توۋلىدى زىندانبېگى.

— مانا بۇياق شۇ، — دەپ سۈڭ جياڭنى كۆرسەتتى سۈپەرلىك لەشكەربېشى.

— ھوي! دۆيۈز قارىمۇتۇق پەتەك، — دەپ تىللىدى زىندانبېگى تايىنىپ ماڭا يوسۇن پۇلى بەرمەيسەن؟

— ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئادەمنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدىكى ئىش، سىلى خەقتىن پۇلنى زورلاپ ئالامدىلا؟ نېمىدېگەن پەسكەشلىك بۇ! — دېدى سۈڭ جياڭ جاۋابەن.

— ئىككى ياقتا تۇرغانلار ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، سوغۇق تەرگە چۆمدى. زىندانبېگى تېخىمۇ غەزەپلىنىپ تىللاپ كەتتى:

— ھۇ پالاندى مۇناپىق، بۇنچىلا بىئەدەپلىك قىلىشقا نېمە ھەددىڭ! مېنى پەسكەش دەيسىنا تېخى! ھەي جاللات، بۇ ئەبلەخنى دەررىگە بېسىپ يۈز كالتەك ئۇر!

ئىككى ياقتا تۇرغان كۆرەدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سۈڭ جياڭ بىلەن چىقىشىپ قالغانىدى. ئۇلار سۈڭ جياڭنى ئۇرۇڭلار دېگەن

www.uyghurkitap.com

گەپنی ئاڭلاپ جىمسى دۇررىدە چىقىپ كەتتى. زىندانبېگى بىلەن سۇڭ جياڭلا قالدى. زىندانبېگى خالايىقنىڭ تارقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ جۇدۇنى تۇتۇپ، جازا تايىقىنى ئالدى ـ دە، سۇڭ جياڭنى ئۇرۇشقا تەمشەلدى.

ــ زىندانبېگى جانابلىرى، مېنى ئۇرماقچى بولۇۋاتىسىلا، نېمە گۇناھ قىلدىم؟ ــ دېدى سۇڭ جياڭ.

ــ هەي پالاندى بەتبەخت، سەن مېنىڭ قولۇمدىكى مال، يۆتىلىپ قويساڭمۇ گۇناھ قىلغىنىڭ، ــ دەپ ۋارقىرىدى زىندانبېگى.

ــ مېنىڭ گۇناھىم بولغان بىلەنمۇ، ئۆلۈمگە لايىق ئەمەسمەن، ــ دېدى سۇڭ جياڭ.

ــ ئۆلۈمگە لايىق ئەمەسمەن دەمسەن؟ ــ دېدى زىندانبېگى غەزەپ بىلەن، ــ مېنىڭ سېنى جايلىۋەتمىگىم بىر چىۋىننى ئۆلتۈرگەندەك ئاسان گەپ.

ــ مەن، ــ دېدى سۇڭ جياڭ مىيىقىدا سوغۇققىنا كۈلۈپ، ــ يوسۇن پۇلى تارتۇق قىلمىغىنىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە لايىق بولسام، لياڭشەن كۆلىدىكى ۋۇ يۇڭ خەلپەت بىلەن ئالاقىسى بار كىشىنى نېمە قىلىش كېرەك؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان زىندانبېگى ئالمان ـ تالمان قولىدىكى جازا تايىقىنى چۆرۈۋېتىپ:

ــ كىمنى دەۋاتىسەن؟ ــ دەپ سورىدى سۇڭ جياڭدىن.

ــ مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ خەلپەت بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئادەمنى دەۋاتىمەن، يەنە نېمىسىنى سورايلا؟ ــ دېدى سۇڭ جياڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ زىندانبېگىنىڭ پۇت ـ قولى بوشىشىپ كەتتى، ئۇ سۇڭ جياڭغا ئېسىلىپ:

ــ سەن ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ بۇ گەپنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ.

ــ يېقىر شەندۇڭدىكى يۈنچېڭلىق سۇڭ جياڭ مەن، ــ دېدى سۇڭ جياڭ كۈلۈمسىرەپ.

بۇ نامنى ئاڭلىغان زىندانبېگى ھەيران - ھەس بولۇپ، دەرھال قول قوۋۇشتۇرۇپ:

— ئاغا ئۆزلىرى شىپالىق يامغۇر سۈلۈك دانىش ئىكەنلى - دە، — دېدى.

— نامىمنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، — دېدى سۈلۈك جياڭ.

— ھەي ئاغا، — دېدى زىندانبېگى، — بۇ جاي مۇڭدىشىدىغان جاي ئەمەس. ئۆزلىرىگە تەزىم قىلغىلىمۇ بولمىدى. شەھەرگە كىرىپ مۇڭدىشايلى، قېنى يۈرسىلە ئەمىسە.

— خوپ، بىردەم تۇرۇپ تۇرسىلا، مەن ئىشىكنى تاقىۋېتىپ كېلەي، — دېدى سۈلۈك جياڭ.

سۈلۈك جياڭ ئالدىراپ - تېنەپ ھۇجرىسىغا كەلدى - دە، ۋۇ يۈلۈك ئەۋەتكەن مەكتۇپنى ئېلىپ، يېنىغا بىرنەچچە كۈمۈش تەڭگىنى سالدى ۋە ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، سۈپەرلىك لەشكەربېشىغا ئۆيىگە قاراپ قويۇشنى تاپىلاپ، ھېلىقى زىندانبېگى بىلەن مەھبۇسلار كۆرەسىدىن چىقىپ، جياڭجۇ شەھىرىگە كىردى. ئۇلار كوچىدىكى بىر مەيخانىغا كىرىپ، بالىخانىغا چىقىپ ئولتۇردى. زىندانبېگى:

— ئاغا، ۋۇ يۈلۈك خەلپەتنى قەيەردە كۆرگەنىدىلە؟ — دەپ سورىدى سۈلۈك جياڭدىن.

سۈلۈك جياڭ قوينىدىن مەكتۇپنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى. ئۇ مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى ۋە ئوقۇپ بولۇپ يېڭىگە تىقىۋالدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ سۈلۈك جياڭغا تەزىم قىلدى.

— باياتىن گەپ بىلەن سىلىنى رەنجىتىپ قويدۇم، كەچۈرسىلە! — دېدى سۈلۈك جياڭ ئۇنىڭ تەزىمىگە جاۋابەن.

— سۈلۈك جەمەتىدىن بولغان بىر كىشى مەھبۇسلار كۆرەسىگە كەلدى دەپ ئاڭلىدىم. ئادەتتە سۈرگۈن قىلىنىپ كەلگەنلەر يوسۇن پۇلى ئۈچۈن بەش سەر كۈمۈش تەقدىم قىلاتتى. كەلگىلى ئون نەچچە كۈندىن ئېشىپ كەتسىمۇ تېخىچە پۇل تەقدىم قىلمىدىغۇ دەپ، بۈگۈن چولام تەگكەندى، شۇ پۇلنى ئالغىلى

كېلىۋىدىم. مېھرىبان ئاغىمىز ئىكەنلىكلىرىنى كىم ئويلاپتۇ. بايا كۆرەدە چىشلىرىغا تېگىپ سالدىم. گۇناھىمدىن ئۆتۈشلىرىنى مىڭ مەرتىۋە سورايمەن، — دېدى ئۇ.

— گۇندىپاي دائىم ئۆزلىرىنىڭ مەشھۇر ناملىرىنى تىلغا ئالاتتى، پېقىرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆرۈشنى نىيەت قىلاتتىم، تۇرىدىغان جايلىرىنى بىلەلمىدىم ھەم شەھەرگە كىرىشكە سەۋەبمۇ تاپالمىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى كەلسە كۆرۈشەي دەپ كېلىشلىرىنى كۈتۈپ، يوسۇن يولىنى بىرىشنى كېچىكتۈرۈپ كەلدىم. ھۆرمەتلىك ئاغا، بۇنداق قىلغىنىم بەش سەر تەڭگىنى بىرىشكە كۆزۈم قىيمىغانلىقتىن ئەمەس، قەستەنگە مۇشۇنداق كەينىگە سۈرسەم ئۆزلىرىنى جەزمەن كېلىدۇ، دەپ ئويلىدىم. خەيرىيەت، مانا بۈگۈن كۆرۈشۈپ ئارمىنىمغا يەتتىم، — دېدى سۈك جياڭ.

خوش، بۇ زادى كىم؟ بۇ ئادەم ۋۇ يۈڭ خەلپەت تونۇشتۇرغان جياڭجۇ ئايمىقىدىكى ئىككى زىندانىنىڭ بېگى، دەي تۆرە دەپ ئاتىلىدىغان دەي زۇڭ دېگەن كىشى ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى زامانىسىدا جىنلىڭ ئەتراپىدا زىندانبېگىنى «ئاقساقال» دەپ ئاتىشاتتى؛ خۇنەن ئەتراپىدا زىندانبېگىنى «تۆرە» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ دەي تۆرىنىڭ كارامەت ھېكمىتى بار ئىدى، ئۇ جىددىي بېغىلىق خەۋەرلىرىنى ئۇچقاندەك ئاپىرىپ يەتكۈزۈپ بېرەتتى، ئىككى پۇتىغا ئىككى سېرىق تۇمارنى باغلاپ، ھېكمىتىنى كۆرسىتىپ چاپىدىغان بولسا، كۈنىگە بەش يۈز چاقىرىم يول باساتتى. ئىككى پۇتىغا تۆت سېرىق تۇمارنى باغلاپ چاپىدىغان بولسا، كۈنىگە سەككىز يۈز چاقىرىم يول ماڭاتتى. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭ دەپ ئاتىشاتتى. مۇنۇ لىنجياڭ ئۇسلۇبىدىكى نەزم ئۇنىڭغا بېغىشلانغان:

يۈزى كەڭ، لېۋى قېلىن، سىرتقا تېپىپ چىققان كۆزى،
ئۆسكىلەڭ بوي، قامىتى زىلۋا، ياداڭغۇدۇر ئۆزى.

چىگىڭالغان بېشىغا بىر قارا شايى بوغمىچا ــ
خۇددى ئوخشار چېكىسىدە شوخ ئېچىلغان غۇنچىغا.
ساپسېرىق تۈغ ئۇستىگە «پەرمان» دېگەن خەتلەر يېزىق،
قىپقىزىل شەلپەردە دەستەك ھەم جاكارنامە تىزىق.
پۈتلىرى مەزمۇت يۈگۈرسە مىسلى تۇلپار ھەرقاچان،
تورقا ـ دۇردۇن ئېگىندىن ھېچ ئۆكسۈمەيدۇ چاڭ ـ تۇمان.
يەل تاپان شاتۇر ئاتالغاچ بار كارامەت خىسلىتى،
تاڭدا گەر قىلسا سەپەر كەلگەي زاۋال بولماي تېخى.

دەي تۆرە بىلەن سۈك دانىش مۇڭدىشىپ، كۆڭۈللىرىنى يېشىشتى، ئىككىسى مەيخانىنىڭ ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ، مەيپۇرۇشنى قىچقىرىپ، مەي ـ شاراب، مېۋە ـ چېۋە، كۆك ـ گېزەكلەرنى ئالدۇرتۇپ كېلىپ يەپ ـ ئىچىشتى، سۈك جياڭ ئۆزىنىڭغا ئۆزىنىڭ يول بويى نۇرغۇنلىغان پالۋانلار بىلەن تونۇشقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، دەي زۇڭمۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىدىكىنى تۆكۈپ، ۋۇ يۇڭ خەلپەت بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىسىنى بىر قۇر ئېيتىپ بەردى.

بۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ دىلىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلىپ، ئەمدىلا ئىككى ـ ئۈچ قەدەھ مەي ئىچكەندە، بالىخانا ئاستىدا چۇقان كۆتۈرۈلدى. مەيپۇرۇش ئالمان ـ تالمان ھۇجرىغا كىرىپ دەي زۇڭغا:

ــ تۆرەم، ئۇ كىشى ئۆزلىرىدىن باشقا ئادەمنىڭ گېپىگە كۆنمەيدۇ، بىزمۇ ئامال قىلالمايمىز، ئۆزلىرىنى نەسىھەت قىلىپ قويامدىكىن دەپ كەلدىم، ــ دېدى.

ــ جاڭجاللىشىۋاتقان كىم ئۇ؟ ــ دەپ سورىدى دەي زۇڭ ئۇنىڭدىن.

ــ دائىم ئۆزلىرى بىلەن بىللە يۈرىدىغان ھېلىقى تۆمۈر كالا دەپ ئاتىلىدىغان لى تاغام شۇ. خوجايىنىمىزغا پۇل ئۆتنە بەر دەپ كۆكەملىك قىلىۋاتىدۇ، ــ دېدى مەيپۇرۇش.

— كىمكىن دەپتىمەن، — دېدى كۈلۈپ دەي زۇڭ، — ئۇ بىرنېمە يەنە بىئەدەپلىك قىلىۋېتىپتۇ - دە، ئۆزلىرى بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرسىلا ئاغا. مەن چۈشۈپ ئۇنى چاقىرىپ چىقاي.

دەي زۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ بالىخانىدىن چۈشۈپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي، قاپقارا سۇرلۇك بىر دارازىنى باشلاپ چىقتى. سۇڭ جياڭ ئۇنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ:

— تۆرەم، بۇ ئىنىمىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى دەي زۇڭدىن.

— بۇياق، — دەپ جاۋاب بەردى دەي زۇڭ، — پېقىرنىڭ قول ئاستىمىدىكى بىر گۇندىپاي، ئىسمى زاتى لى كۇي، يىجۇ ئايمىقىنىڭ يىشۈي ناھىيەسىدىكى بەيجاڭسۇن كەنتىدىن، لەقىمى قارا قۇيۇن، يۇرتىدىكىلەر ئۇنى «تۆمۈر كالا لى كۇي» دەپ ئاتىشىدىكەندۇق. ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، يۇرتىدىن قېچىپ چىقىپتۇ. گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنغان بولسىمۇ، يۇرتىغا قايتماي جياڭجۇ ئايمىقىدا مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپتۇ. مەي ئىچىۋالسا بولغىنى، ئالەمنى بېشىغا كىيىدۇ. شۇڭا، ھەممە خەق ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. ئۇنىڭ قورالى بىر جۈپ ئايپالتا، چامباشچىلىققىمۇ شۇنداق ئۇستا. ھازىر زىنداندا ئىشلەيدۇ، — دېدى. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى نەزم دەلىل:

يۇرتى يىجۇ سۇي تېغىنىڭ شەرقىدىن،
جان قىيىش ھەم ئوت قويۇشكىم ئاڭا ئەرمەك ھەرقاچان.
ھېلى چىققاندەك بوياقچى كۆپىدىن تۇرقى قارا،
كۆزلىرى گىلدۇر بەئەينى قىپقىزىللا ھەر زامان.
بولسا بوش دەريا بويىغا پالتا قايرايدۇ بېرىپ،
تاغدا كەسلەر ئارچا - قارىغاي ئىچى پۇشقاندا ھامان.
كالا دەيسەن كۈچ - قۇۋۋەتتە، تۇرقىدۇر تۆمۈر، چويۇن،
قارا قۇيۇن قۇدرىتىدىن ئۆكتۈرۈلگەي يەر - جاھان.

لى كۆي سۈڭ جياڭغا بىر قاراپ قويۇپ، دەي زۇڭدىن:
— ئاغا، بۇ قاپقارا كىشى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى. دەي زۇڭ سۈڭ جياڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:
— كۆردىلىمۇ مىرزىبېگىم، بۇنىڭ قوپاللىقىنى، قائىدە - يوسۇن دېگەننى زادى بىلمەيدۇ، — دېدى.
— ئاغا — دېدى لى كۆي، — بۇ قانداقسىغا قوپاللىق بولىدىكەن؟
— ئۇكا، سەن «بۇ قاپقارا كىشى كىم بولىدۇ» دەپ سورىماي، بۇ بېگىم كىم بولىدۇ، دەپ سورىساڭ بولىدۇ، بولمىسا قوپاللىق بولمامدۇ؟ مەن ساڭا دەي: بۇ ئاغىمىز ھېلىقى سەن ھەمىشە قېشىغا پاناھ تارتىپ بارسامكەن دەپ ئارزۇ قىلىدىغان مەرد ئاغىمىز شۇ، — دېدى دەي زۇڭ ئۇنىڭغا.
— شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر قارا پەتەك سۈڭ جياڭنى دەمسەن؟ — دەپ سورىدى لى كۆي.
— ھۇ ئىززەت - ئىكرامنى بىلمەيدىغان هارامزادە، — دەپ ۋارقىرىدى دەي زۇڭ، — چاپسان تەزىم قىلماي، نېمە ئاغزىڭغا كەلگەننى دەپ ھۆرمەتسىزلىك قىلىسەن؟
— ئۇ ئەگەر راستلا سۈڭ دانىش بولسا، ئاندىن تەزىم قىلىمەن، ئەگەركىم ئۇ نەدىكى بىر ئادەم بولسا، ئۇنداق نەرسىگە كىم تەزىم قىلغۇدەك! زىنھار ئېگىزلىك ئاغا، مېنى ئالدىما، بىكار تەزىم قىلىپ قويسام، مېنى كۈلكىگە قويىسەن، — دېدى لى كۆي.
— مەن شەندۇڭلۇق قارا پەتەك سۈڭ جياڭ بولىمەن، — دېدى سۈڭ جياڭ ئۇنىڭغا.
— ۋاي ئاتامەي، — دەپ چاۋاك چېلىپ كەتتى لى كۆي، — بالدۇرراق دەپ مېنى خۇشال قىلىسىڭىز بولماتتى، — دېدى - دە، يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىشقا باشلىدى.
— قېنى ئولتۇرۇڭ باتۇر ئۇكا، — دېدى سۈڭ جياڭ دەرھال ئۇنىڭ تەزىمىنى ئىلىك ئېلىپ.

— ھەي ئۇكا، — دېدى دەي زۇڭ لى كۇيغا، — بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ مەي ئىچكىن.

— كىچىك جامدىمۇ مەي ئىچەمدىكەن ئىچىمنى پىشۇرۇپ، خۇمرا بىلەنلا ئىچەي، — دېدى لى كۇي.

— بايا پەستە نېمىشقا جېدەل چىقىرىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ لى كۇيدىن.

— مېنىڭ بىر كاللەك كۇمۇشۇم بار ئىدى، — دېدى لى كۇي جاۋاب قايتۇرۇپ، — شۇنى رەنگە قويۇپ، ئون سەر كۇمۇش ئۆتنىگە ئېلىپ خەجلىگەنىدىم، ئەمدى بۇ مەيخانا غوجايىنىغا ئون سەر كۇمۇش قەرز بېرىپ تۇر، رەنگە قويغان كۇمۇشۇمنى قايتۇرىۋېلىپ، قەرزىڭنى بېرىمەن دېسەم، ئۇ پىخسىق قەرز بېرىشكە ئۇنىمىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر تۇتۇشاي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئاغام چاقىرىپ قالدى، بولمىسا ئۇنىڭ ئۆيۋاقىسىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتەتتىم.

— رەنگە قويغان كۇمۇشنى ئون سەر كۇمۇش بىلەن قايتۇرۇۋالامسىز؟ ئۆسۈم پۇلىچۇ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— ئۆسۈم پۇلىنى جايلاپ قويدۇم، ئون سەر كۇمۇش بىلەنلا قايتۇرۇۋالايمەن، — دېدى لى كۇي.

سۇڭ جياڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يانچۇقىدىن ئون سەر تەڭگىنى چىقىرىپ لى كۇيغا سۇنۇپ:

— ئۇكا، مەڭ، ماۋۇنى ئېلىڭ، رەنگە قويغان كۇمۇشىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىڭ، — دېدى.

دەي زۇڭ ئۇنى توسماقچى بولدى، سۇڭ جياڭ ئاللىقاچان پۇلنى لى كۇينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ بولغانىدى، لى كۇي پۇلنى ئېلىپ:

— ھەببەللى، ئەمدى ئوبدان بولدى! ئاغىلار، مۇشۇ يەردە مېنى بىردەم كۈتۈپ تۇرۇڭلار، كۇمۇشنى رەنىدىن قايتۇرۇۋېلىپ كېلىپ، قەرزنى ياندۇراي، ئاندىن سۇڭ تاغام بىلەن شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئىچكۈلۈك قىلايلى، — دېدى.



www.uyghurkitap.com

— بىرپەس ئولتۇرۇڭ، بىرەر ئاپقۇردىن مەي ئىچىشەيلى، ئاندىن مېڭىڭ، — دېدى سۇڭ جياڭ لى كۈيغا.

— مەن بىرىپلا قايتىپ كېلىمەن، — دەپ لى كۈي مىلەڭزىنى ئاچتى - دە، بالىخانىدىن چۈشۈپ كەتتى.

— ئاغا، — دېدى دەي زۇڭ سۇڭ جياڭغا، — ئۇنىڭغا پۇل ئۆتنە بەرمىگەن بولسىلا ئوبدان بولاتتى، بايا مەن ئەمدى گەپ قىلاي دېگۈچە، ئۆزلىرى پۇلنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدىلا.

— نېمىشقا؟

— ئۇ ئۆزى كۆڭلى تۈز بولغان بىلەن هاراقخۇمار ۋە قىمارۋاز نېمە، ئۇ نەدىكى كۈمۈشنى رەنگە قويسۇن، يالغان ئېيتىپ ئۆزلىرىدىن پۇل ئۇندۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئالدىراپ چىقىپ كېتىشىمۇ، شۇ قىمار ئويناش ئۈچۈن، ئەگەر قىماردا ئۇتسا، ئۆزلىرىگە قەرزنى ياندۇرىدۇ، ناۋادا ئۇتتۇرۇپ قويسا، ئون سەر كۈمۈشنى نەدىن تېپىپ بېرەلىسۇن، ئۇنداق بولغاندا، پېقىرنىڭ يۈزۈمگىمۇ سەت بولىدۇ.

— هۆرمەتلىك تۆرەم، — دېدى سۇڭ جياڭ كۈلۈپ، — مېنى نېمانچە يات كۆرىدىغانلا، ئۇنچىلىك بىرەر - يېرىم تەڭگىنىڭ كارى چاغلىقۇ، قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ. مەنچە ئۇ كۆڭلى تۈز، ساداقەتمەن باتۇردەك قىلىدۇ.

— ئۇنىڭ قولىدىنغۇ ئىش كېلىدۇ، بىراق قارامىراق، هېچ نەرسىدىن قورقمايدۇ، — دېدى دەي زۇڭ، — زىنداندا مەي ئىچىپ مەست بولۇپ قالسا، گۇناھكارلارغا چېقىلماي، يامانراق گۇندىپايلارنى دۇمبالايدۇ. مەن ئۇنىڭ نۇرغۇن بالاسىغا قالدىم. ناھەق ئىشلارنى كۆرسىلا تۇرالماي، يامانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ، شۇڭا جياڭجۇدا ئۇنىڭدىن قورقمايدىغان كىشى يوق.

## غەزەل

ئەۋجى ئالدى پارىخورلۇق قالدى قانۇن قايرىلىپ،
بىگۇناھلار بېشىغا چىقتى گۇناھلار ئارتىلىپ.

www.uyghurkitap.com

ناتىۋانغا جەبىر قىلغان زورغا بەرگەي دەپ جازا،
تەڭرى لى كۆي مۆشتۆمغا بەردى كۆچنى يار قىلىپ.

يەنە ئىككى قەدەمتىن ئىچىشىپ، شەھەر سىرتىغا چىقىپ
تاماشا قىلىپ كېلەيلى، ــ دېدى سۆڭ جياڭ دەي زۇڭغا.
ــ پېقىرمۇ ئۆزلىرىنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ سەيلە قىلدۇرۇپ
كېلەي دەپ ئويلىغانىدىم، شۇ تاپ يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، ــ
دېدى دەي زۇڭ.
ــ ئۇنداق بولسا بەك ئوبدان. كەمىنىلىرىمۇ شەھەر
مەنزىرىسىنى بىر تاماشا قىلاي دېگەنىدىم، ــ دېدى سۆڭ جياڭ.
خوش، بۇ ئىككىسىنىڭ مەي ئىچىشكەنلىكىنى قويۇپ
تۇرۇپ، ئەمدى لى كۇيغا كېلەيلى. لى كۆي سۆڭ جياڭدىن تەڭگە
ئالغاندىن كېيىن ئىچىدە: «سۆڭ جياڭ ئاغام بىلەن ئانچە تونۇش
بولماي تۇرۇپ، ماڭا ئون سەر كۈمۈش ئۆتنە بەردى، دەر ھەقىقەت
ئۇ مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان
ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ نامى بىكار تارقالماپتۇ. ھەسسىنەي، مانا
ئەمدى ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندە قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىمنى
قارىمامدىغان، باتۇرلۇق سۆيپتىم بىلەن ئۇنى چىللاي دېسەم، شۇ
تاپتا بىر يارماقمۇ پۇلۇم يوق، مۇشۇ تۇرقى ئۇنىڭدىن ئالغان ئون
سەر كۈمۈش بىلەن بىر قىمار ئويناي، ئەگەردە بىرقانچە تىزىق
يارماق ئۇتۇۋېلىپ، ئۇنى تازا بىر مېھمان قىلسام، ئۆزۈمنىڭ
يۈزىگىمۇ ياخشى بولار» دەپ ئويلاپ، شۇ ئالدىراش ماڭغان پېتى
شەھەر سىرتىغا چىقىپ شياۋ جاڭيىنىڭ قىمارخانىسىغا كىردى -
دە، ئون سەر كۈمۈشنى تاۋاقاغا تاشلاپ:
ــ ئەكېلىش شىپقىنى مانا مەن ئاچىمەن، ــ دەپ توۋلىدى.
ھېلىقى شياۋ جاڭيى دېگەن كىشى لى كۈينىڭ قىماردا مەرد
ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ:
ــ ئاغا، سەن بۇ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇپ، كېلەر نۆۋەت
ئاچساڭ، ــ دېدى ئۇنىڭغا.

— ياق، بۆ نۆۋەت مەن ئاچىمەن، — دېدى لى كۆي.

— سەن چەتتە تۆرۆپ دو تىككىن.

— ياق، بۆ نۆۋەت زادى ئاچقىنىم - ئاچقان. مانا بەش سەر كۆمۆش تىكتىم.

قىمارۋازلاردىن بىرى ئاچماقچى بولۇۋىدى، لى كۆي شىپقىنى «كاپ» قىلىپ تۆتۆۋالدى - دە:

— قېنى قايسىڭغا ئاچىمەن؟ — دېدى.

— بوپتۆ، مەن بەش سەر تەڭگە تىكتىم، — دېدى شياۋ جاڭيى.

لى كۆي «دەتتىكام» دەپ شىپقىنى ئاچقانىدى، شىپقا تەتۆر چۆشۆپ ئۆتتۆرۆپ قويىدى، شياۋ جاڭيى ئۆنىڭ تەڭگىسىنى ئېلىۋالدى.

— مېنىڭ تەڭگەم ئون سەر، — دەپ توۋلىدى لى كۆي.

— قېنى، يەنە مېنىڭ بەش سەر تەڭگەمگە ئاچە، ئوڭ چۆشۆپ ئۆتۆۋالساڭ بۆ تەڭگىنى ياندۆرۆپ بېرىمەن، — دېدى شياۋ جاڭيى.

لى كۆي يەنە شىپقىنى ئېلىپ «دەتتىكام» دەپ ئاچقانىدى، شىپقا يەنە تەتۆر چۆشتى.

— شىپقىنى تالاشماي بۆ قېتىم تۆرۆپتۆر دېسەم، گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭ، مانا ئەمدى ھەر ئىككى قېتىمدا تەتۆر چۆشتى، — دېدى شياۋ جاڭيى كۆلۆپ.

— بۆ خەقنىڭ پۆلى ئىدى.

— كىمنىڭ بولسا بولمامدۆ، ئۆنىڭ بىلەن نېمە كارىم، ئۆتتۆرۆپ قويۆپ يەنە نېمە دەيتتىڭ؟

— نېمە ئىلاجىم، سەن ماڭا پۆل ئۆتنە بېرىپ تۆر، ئەتىلا ياندۆرۆپ بېرىمەن.

— قۆرۆق گېپىڭنى قوي، تاۋكادا ئەزەلدىن ئاتا - بالىمۆ بىر - بىرىگە يۆز - خاتىر قىلمايدۆ، ئۆتتۆرۆشنى ئۆتتۆرۆپ قويۆپ يەنە نېمە تاكاللىشىسەن؟

www.uyghurkitap.com

— پۇلۇمنى ياندۇرۇپ بېرەمسىلەر، يوق؟ — دەپ توۋلىدى لى كۇي بۆز كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى شىمايلاپ دېۋەيلىگەن ھالدا.

— ھەي لى ئاغا، — دېدى شياۋ جاڭيى، — سەن دائىم قىماردا مەرد ئىدىڭ، بۇگۇن نېمىشقا چىدىماسلىق قىلىسەن؟

لى كۇي ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەي، تاۋكادىكى پۇللارنى ئېلىۋالدى ۋە باشقىلارنىڭمۇ ئون نەچچە سەر تەڭگىسىنى تارتىۋېلىپ، بۆز كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن:

— ئاكاڭ قارىغاي قىمارنى مەرد ئوينايتتىم، بۇگۇن بىر مەرتەم نامەردلىك قىلاي، — دېدى لى كۇي كۆزىنى چەكچەيتىپ.

شياۋ جاڭيى پۇلنى تارتىۋالماقچى بولۇپ ئېتىلىپ كەلگەندى، لى كۇي ئۇنى بىر ئىتتىرىپلا يىقىتىۋەتتى؛ بۇنى كۆرگەن ئون ئىككى - ئون ئۈچ قىمارۋاز تەڭگىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن گۇررىدە لى كۇيغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى، لى كۇي ئۇ ياققا بىر مۇشت، بۇ ياققا بىر مۇشت ئېتىپ ئەدىپىنى بەردى. ئۇلار جېنىنى پاناھدايدىغان توشۇك تاپالماي قېلىشتى. لى كۇي ئىشىك ئالدىغا كېلىۋىدى، ئىشىك باقار ئۇنىڭدىن:

— ھەي چوڭام، نەگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى. لى كۇي ئۇنىمۇ گەجگىسىدىن ئېلىپ بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ، ئىشىكنى جالاقىدە تېپىپ ئاچتى - دە، تالاغا چىقىپ كەتتى. قىمارۋازلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشىك ئالدىغا قوغلاپ چىقىپ:

— ھەي لى ئاغا، نېمىدەپ پۇلىمىزنى تارتىۋالىسەن، شۇنچىلا يولسىزلىق قىلىغان بارمۇ! — دەپ توۋلاشتى. ئۇلار پەقەت يېقىن بېرىشقا پېتىنالماي، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپلا توۋلىشاتتى.

بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بۇ جاھان ئەھلى سەۋەبسىز ھېچقاچان قىلماس جېدەل،
توغرا مەردلىككە قىماردىن باشقا چاغ قىلماس ئەمەل.
ئۆزى مەردلىك قىلمىسىغۇ مەيلىدى لى كۇي بۇ دەم،
پەس قىمارۋازلارغا لېكىن بولدى ئۆرنەك ئەڭ ئاۋۋال.

لى كۆي يولدا كېتىۋاتاتتى، كەينىدىن بىر كىشى قوغلاپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن كاپ قىلىپ تۇتتى ـ دە:

— ھەي مۇتتەھەم، نېمىشقا خەقنىڭ پۇلىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالىسەن؟ — دېدى.

— سېنىڭ كارىڭ نېمە؟ — دېدى لى كۆي جاۋابەن ۋە بۇرۇلۇپ كەينىگە قارىسا، دەي زۇڭ ئىكەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدا سۇڭ جياڭ تۇرۇپتۇ، ئۇلارنى كۆرۈپ لى كۆي ئىنتايىن ئاللاقىزادە بولۇپ قالدى.

— ئەيىب كۆرمەڭلار ئاغىلار، پېقىر ئادەتتە قىمار ئويۇنىدا مەرد ئىدىم. بۈگۈن ئويلىمىغان يەردىن ئاغا سىز بەرگەن كۈمۈشنى ئۇتتۇرۇپ قويدۇم. ئاغامنى مېھمان قىلاي دېسەم باشقا پۇلۇم بولمىغانلىقتىن، ئىچىم تىت ـ تىت بولۇپ مۇشۇنداق قىلىپ قويدۇم، — دېدى لى كۆي.

— ھەي ئەزىز ئۇكام، پۇلغا ھاجىتىڭىز چۈشسە، مەندىن سوراۋەرمەمسىز، بۈگۈن ئۇنىڭغا ئۇتتۇرۇۋەتكەنىدىن كېيىن دەرھال پۇلىنى بېرىۋېتىڭ، — دېدى ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭ كۈلۈپ.

لى كۆي ئىلاجىسىز قېلىپ، بۆز كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىدىن پۇلنى ئالدى ـ دە، سۇڭ جياڭغا سۇندى. سۇڭ جياڭ شياۋ جاڭيىنى چاقىرىپ پۇلنى ئۇنىڭغا بەردى. شياۋ جاڭيى پۇلنى ئېلىپ:

— ئىككى بېگىم مانا بۇ يەردە تۇرۇپتۇ، پېقىر ئۆزۈمگە تېگىشلىك پۇلنىلا ئالاي، ماۋۇ ئون سەر تەڭگىنى ئىككى قېتىملىق شىپقا ئېچىشتا لى ئاغىدىن ئۇتتۇۋالغان بولسامۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇنى ئالماي، — دېدى.

— ئۇنى ئېلىۋېرىڭ، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

شياۋ جاڭيى پۇلنى ئېلىشقا زادى ئۇنىمىدى. سۇڭ جياڭ:

— ئادەملىرىڭلاردىن ئۇنىڭ ئۆرۈپ ياردار قىلىپ قويغانلىرى يوقتۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— چۇرتاچىنى، پۇل يىغقۇچىنى، ئىشىك باقارنى ئۆرۈپ ياتقۇزۇپ قويدى، — دەپ جاۋاب بەردى شىياۋ جاڭيى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى سۇڭ جياڭ، — بۇ پۇلنى ئېلىپ ئاشۇلارنى داۋالىتىڭ، بۇ ئۇكىمىز ئەمدى سىلەرنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن.

شىياۋ جاڭيى پۇلنى ئېلىپ تەشەككۇر، رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ كەتتى.

— بىز لى كۈي ئۇكا بىلەن بىرىپ مەي - پەي ئىچىشىپ كېلەيلى، — دېدى سۇڭ جياڭ دەي زۇڭغا.

— ئالدىمىزدىكى دەريا بويىدا ئۇد شىپاڭى① مەيخانىسى بار، ئۇ مەيخانا تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى بەي دىلشات②تىن قالغان يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. بىز شۇ شىپاڭغا بېرىپ مەي ئىچكەچ دەريا مەنزىرىسىنى تاماشا قىلايلى، — دېدى دەي زۇڭ.

— ئۇنداق بولسا شەھەردىن يېمەك - ئىچمەك ئالغاچ بارايلى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ھاجىتى يوق، — دېدى دەي زۇڭ، — ئۇ يەردىمۇ ھازىر مەي ساتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئوبدان ئىكەنغۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇچەيلەن ئۇد شىپاڭغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار شىپاڭغا كېلىپ قارىسا، شىپاڭنىڭ بىر يېنىدا شۇنياڭ دەرياسى، يەنە بىر يېنىدا مەيخانا خوجايىنىنىڭ ئۆيلىرى بار ئىكەن. شىپاڭغا ئون نەچچە شىرە تىزىلغان بولۇپ، دەي زۇڭ ئۇنىڭدىن پاكىز بىرىنى تاللاپ، سۇڭ جياڭنى تۆرگە ئولتۇرغۇزدى، ئۆزى ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا، لى كۈي ئۇنىڭ يېنىدا

---

① ئۇد شىپاڭى — تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر بەي جۈيىنىڭ «سەپەر ئۈستىدە ئۇد سازىنى ئاڭلاش» دېگەن داڭلىق شېئىرىدا مۇشۇ جاي تەسۋىرلەنگەن.

② بەي دىلشات — بەي جۈيىنىڭ تەخەللۇسى.

ئولتۇردى. ئۇچەيلەن ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ، كۆك ـ گېزەك، مېۋە ـ چېۋە، دېڭىز نېمەتلىرىدىن قىلىنغان ئېسىل تائاملار ۋە مەي ـ شاراب ئەكەلدۇردى، مەيپۇرۇش «يۇخۇچۇن» شارابىدىن ئىككى كوزا ئېلىپ كىردى، بۇ شاراب جياڭجۇدىن چىقىرىلغان داڭلىق ئېسىل شاراب ئىدى، ئۇلار كوزىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشتى، سۇڭ جياڭ دەرياغا شۇنداق نەزەر تاشلاپ قارىسا، بۇ دەريانىڭ مەنزىرىسى دەرۋەقە شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى:

ئاق بۇلۇتلار ياپىپېشىل تاغ ئۈستىدە لەيلەپ كېزەر،
كۆۋەجەپ دەريادا سۇ، ئۆركەشلىگەن دولقۇن ئۈزەر.
خالىي پىنهانە سايازلىقتىن شۇ تاپ پەرۋاز قىلىپ،
ئۇچتى كۆكلەرگە دېڭىز لاچىنلىرى قانات قېقىپ.
لەيلەدەپ چىقتى قېيىقلار تار يېكەنلىكتىن تاراپ،
سەپ تۈزۈپ ماڭدى بېلىق قېيىقلىرى ئۆيگە قاراپ.
قار كەبى دولقۇن ئېلىپ شىددەت بىلەن كۆك قەرىنى،
چىقتى غۇيۇلداپ شامال قاپلاپ دېڭىزنىڭ باغرىنى.
تىك زىشياۋفېڭ چوققىسى پەلەككە تاقاشقانىدى،
ئۇد شىپاڭى ئاشۇ سۇ لېۋىگە جايلاشقانىدى.
ھەممە يېقى بىپايان، كەڭ بىپايان،
شۇنچە كۆركەم كۆرۈنەتتى ھەر تامان.
سۇپسۈزۈك سۇ تەكتىدە ئوينار سالاسۇن شولىسى،
مىسلى زۇمرەت سۇ يۈزىدە چاقنىغان نۇر جىلۋىسى.
بىر زامان دىلشات بۇ يەردە شان قۇچۇپ ئۆتكەنىكەن،
دەل بۇ جايدا ئاشۇ چاۋۇش[①] كۆز يېشى تۆككەنىكەن.

ئۇچى ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشكە ھازىرلانغان چاغدا، لى كۈي:
— ھەي مەيپۇرۇش، ماڭا مەينى ئاپقۇرغا قۇي، كىچىك

① چاۋۇش — بەي جۈيىنىڭ ئەمىلى.

قەدەھتە مەي ئىچىشكە-تاقىتىم يوق مېنىڭ، — دېدى.

— خىجىل بولمايدىكەنسەن ئۇكا، — دېدى دەي زۇڭ ئۇنىڭغا، — شۇك ئولتۇرۇپ ئەكەلگەننى ئىچىۋەرمەمسەن.

— بىز ئىككىمىزگە، — دەپ جورىدى سۇڭ جياڭ مەيپۇرۇشقا، — كىچىك قەدەھكە قۇيۇپ، بۇ قىرىندىشىمىز ئالدىغا ئاپقۇرغا قۇيۇپ كەلتۈرۈڭ.

مەيپۇرۇش ماقۇل دەپ چۈشۈپ كېتىپ، بىر ئاپقۇرنى ئەكېلىپ لى كۇينىڭ ئالدىغا قويدى ـ دە، داستىخان راسلاپ تائاملارنى تىزدى.

— سۇڭ ئاغام نېمىدېگەن ياخشى ئادەم، — دېدى لى كۇي كۈلۈپ، — كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىمۇ شۇنداق دەپ ئاڭلىغانىدىم. مېنى بىر كۆرۈپلا مىجەزىمنى بىلىۋالدى. بۇنداق ئادەمگە قول بەرسەم زايە كەتمىگۈدەك.

مەيپۇرۇش ئۇلارغا مەي قۇيۇپ تۆت ـ بەش نۆۋەتتىن ئايلاندۇردى. سۇڭ جياڭ بۇ ئىككىسى بىلەن ئولتۇرغىنىدىن كۆڭلى شادلىنىپ، بىرنەچچە قەدەھنى ئارتۇق ئىچىۋەتتى ۋە بىردىنلا ئاچچىق ـ چۈچۈك بېلىق شورپىسى ئىچكۈسى كېلىپ دەي زۇڭدىن:

— بۇ يەردە يېڭى بېلىق تېپىلامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— دەريانى قاپلىغان بېلىقچى قېيىقلارنى كۆرمەيۋاتاملا ئاغا، — دېدى دەي زۇڭ كۈلۈپ، — بۇ جاي بېلىق بىلەن گۈرۈچنىڭ ماكانى دېسىلە، يېڭى بېلىق نېمىشقا تېپىلمىسۇن؟

— ئاچچىق ـ چۈچۈك بېلىق شورپىسى كەيپىنى ئوبدان يېشەتتى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

دەي زۇڭ مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ، ئازراق لازا قوشۇلغان ئۈچ كىشىلىك قىزىل ـ ئاق بېلىق شورپىسى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. بىردەمدىن كېيىن بېلىق شورپىسى كەلتۈرۈلدى، سۇڭ جياڭ ئۇنى كۆرۈپ:

— تامىقى ئېسىل ئىكەن، لېكىن قاچا ـ قومۇچلىرى

ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل ئىكەن، بۇ بىر مەيخانا بولسىمۇ، قاچا ـ قومۇچلىرى نېمىدېگەن بەلەن ـ هە ! ـــ دېدى ـ دە، چوكىنى ئېلىپ دەي زۇڭ بىلەن لى كۇينى شاراب ئىچىشكە ئۈندىدى، ئۆزىمۇ بېلىقتىن يەپ، شورپىغا ئېغىز تەگدى. لى كۇي چوكىمۇ ئىشلەتمەستىن قولى بىلەن قاچىدىكى شورپىدىن بېلىقنى سۇزۇۋېلىپ ئۇستىخانلىرى بىلەن قوشۇپ چايناپ يېدى. سۇڭ جياڭ ئۇنى كۆرۈپ، ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ كەتتى. ئۇ شورپىدىن ئىككى ئوتلاپ قويۇپ، چوكىنى شىرەگە قويدى ـ دە، بولدى قىلدى.

ـــ ئاغا، ـــ دېدى دەي زۇڭ سۇڭ جياڭغا، ـــ بۇنى تۇزلىغان بېلىقتا ئېتىپتۇ، ئاغزىلىرىغا تېتىمىدى بولغاي.

ـــ پېقىر مەيدىن كېيىن يېگى بېلىق شورپىسى ئىچىشكە ئامراق، بۇ بېلىق راستلا ئانچە ياخشى ئەمەس ئىكەن، ـــ دېدى.

ـــ مەنمۇ ئىچەلمىدىم، تۇزلۇق ئىكەن، ئاغزىمغا تېتىمىدى، ـــ دېدى دەي زۇڭ جاۋابەن.

ـــ ئاغىلىرىم يېمىسە، مەن يەۋېتەي، ـــ دېدى لى كۇي ئۆزىنىڭ قاچىسىدىكى بېلىقنى يەپ بولۇپ، دەرهال سۇڭ جياڭنىڭ ئالدىدىكى قاچىنى ئېلىپ، ئىچىدىكى بېلىقنى يەۋەتتى، ئاندىن يەنە دەي زۇڭنىڭ قاچىسىدىكى بېلىقنىمۇ يەۋەتتى، ئۇ يېگەندە بېلىق شورپىسىنى شىرەگە تامغۇزۇپ، شىرەنى بىر قىلىۋەتتى.

سۇڭ جياڭ لى كۇينىڭ ئۈچ قاچا شورپىنى ئىچىپ، بېلىقنى ئۇستىخانلىرى بىلەن قوشۇپ چايناپ يەۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

ـــ بۇ قېرىندىشىمىزنىڭ قورسىقى ئاچ ئىكەن، سىز ئۇنىڭغا ئىككى جىڭ گۆش توغراپ ئەكېلىپ بېرىڭ، بىردەمدىن كېيىن پۇلىنى بىراقلا تۆلەيمەن، ـــ دەپ جورىدى.

ـــ مەيخانىمىزدا قوي گۆشىلا سېتىلىدۇ، كالا گۆشى يوق، سىمىز قوي گۆشى دېسىڭىز بار، ـــ دېدى مەيپۇرۇش.

لى كۆي بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاچىدىكى بېلىق شورپىسىنى مەيپۇرۇشقا چاچتى، بۇنىڭ بىلەن مەيپۇرۇشنىڭ ئۇستىبېشى بۇلغىنىپ كەتتى.

— يەنە نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى دەي زۇڭ ئۇنىڭغا.

— بۇ مۇناپىقنىڭ بىئەدەپلىكىنى قارىمامدىغان، مېنى كالا گۆشىلا يەيدىكەن دەپ بوزەك ئېتىپ، قوي گۆشى سېتىپ بېرىشكە ئۇنىمايۋاتىدۇ، — دېدى لى كۆي جاۋابەن.

— يېقىن بىر ئېغىزمۇ ئۇشۇق گەپ قىلماي، سوراپلا باقتىمغۇ، — دېدى مەيپۇرۇش.

— سىز گۆشنى ئەكىلىۋېرىڭ، پۇلىنى مەن بېرىمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ مەيپۇرۇشقا.

مەيپۇرۇش ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىر تەخسىگە ئىككى جىڭ قوي گۆشىنى توغراپ كېلىپ شىرەگە قويىدى. لى كۆي گۆشنى كۆرۈپ، تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرماستىنلا، قولى بىلەن سىقىملاپ ئېلىپ يېگىلى باشلىدى، ھەش - پەش دېگۈچىلا ئىككى جىڭ گۆشنى سوقۇۋەتتى. سۇڭ جياڭ بۇ ھالنى كۆرۈپ:

— بەللى، ھەقىقەتەن قالتىس باتۇر ئىكەنسىز، — دېدى.

— سۇڭ جياڭ ئاغام مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىدىكەن، بېلىقتىن گۆش ئوبدان ئەمەسمۇ، — دېدى لى كۆي.

دەي زۇڭ مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ:

— بايىقى شورپاڭنى ئىسسىق قاچىدا كەلتۈرگەن بولساڭمۇ، بېلىقىڭ تۇزلىغان بېلىق ئىكەن، ئاغزىمىزغا تېتىمىدى. ئوبدان يېڭى بېلىقلىرىڭ بولسا، باشقىدىن ئاچچىق - چۈچۈك شورپا قىلىپ ئەكەل، بۇ ئىككى بېگىمنىڭ مەستلىكى يېشىلسۇن، — دېدى.

— تۆرەم، — دېدى مەيپۇرۇش، — سىلىدىن يوشۇرۇشقا نېمە ھەددىم، بۇ بېلىق دەرۋەقە تۈنۈگۈن ئاخشامقى بېلىق ئىدى. بۈگۈن تۇتۇلغان تىرىك بېلىقلار تېخى قېيىقتا، بېلىقچىلارنىڭ

خوجايىنى كەلمىگەچكە، ئۇنىڭغا تېگەلمەيۋاتىمىز، شۇڭا ئوبدان يېڭى بىلىق تاپالمىدىم. لى كوي بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— مەن ئاغامىلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن ئىككى تىرىك بىلىق تېپىپ كېلەي، — دېدى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ.

— سەن بارمىساڭمۇ بولىدۇ، مەيپۇرۇش بېرىپ بىرنەچچىنى تېپىپ كەلسۇن، — دېدى دەي زۇڭ ئۇنىڭغا.

— ماڭا بىلىق بەرمەيدىغان قانداق بىلىقچىلار ئىكەن ئۇ؟ — دېدى لى كوي.

دەي زۇڭ ئۇنى توسۇپ قالالمىدى، لى كوي ئۇتتۇر كېتىپ قالدى.

دەي زۇڭ سۇڭ جياڭغا:

— ئاغا، كەمىنىلىرىنى مۇشۇنداق بىر ئادەمنى بىللە ئولتۇرۇشقا باشلاپ كەپتۇ دەپ ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، ئۇ قىلچە ئەدەپ ـ قائىدە، يۈز ـ خاتىر دېگەننى بىلمەيدۇ، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ خىجىل، — دېدى.

— ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداق تۇرسا، ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ؟ مەن ئۇنىڭ ساختا ئەمەس، تۈزلۈكىگە قايىل بولۇپ قالدىم، — دېدى سۇڭ جياڭ.

ئىككىسى شۇ تەرىقىدە ئۇد شىپاڭىدا چاقچاق پاراڭلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇشتى.

شائىر شۇ پەيتنى مۇنداق تەرىپلىگەن:

تاڭ قېلىپتۇ بارچە خالايىق كاتتا دەريا ھۆسنىگە،
تاج بولۇپتۇ ئاق بۇلۇتلار تاغۇچوققا ئۈستىگە.
كۆكتە ئاي بار، ئۇدچى قىز يوق ئىدى بۇندا بىراق،
پەسلى خازان شام ـ زاۋالدا چىقتى دولقۇن ئەۋجگە.

ئەمدى لى كويغا كەلسەك، ئۇ دەريا بويىغا بېرىپ قارىسا، قىرغاقتىكى چىنارغا باغلانغان سەكسەن ـ توقسانغا يېقىن

بېلىقچى قېيىقلار قاتار تىزىلىپ تۇرۇپتۇ، بېلىقچىلارنىڭ بەزىلىرى قېيىقنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئۇخلاۋاتقان، بەزىلىرى قېيىق بېشىدا تور توقۇۋاتقان، بەزىلىرى دەريادا يۇيۇنۇۋاتقاندى. بۇ چاغ دەل بەشىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، قىزىل قۇياش ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدى، تېخىچىلا بېلىق خوجايىنى بېلىق سېتىشقا كەلمەيۋاتاتتى. لى كۇي قېيىقلارنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— قېيىقىڭلاردىكى تىرىك بېلىقتىن ماڭا ئىككىنى بېرىڭلار، — دەپ توۋلىدى.

— غوجايىنىمىز كەلمىگۈچە قېيىق قازنىقىنى ئېچىپ بېلىق ساتالمايمىز، قارىمامسەن، بېلىق سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قىرغاقتا ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرمامدۇ، — دېدى جاۋابەن بىر بېلىقچى.

— ھەي، مۇناپىق خوجايىنىڭنى كىم كۈتۈپ ئولتۇراتتى! ماڭا ئاۋۋال ئىككىنى بېرىۋەت، — دېدى لى كۇي.

— قەغەز كۆيدۈرمەي تۇرۇپ قازناقنى قانداق ئاچقىلى بولسۇن؟ ساڭا نەدىكى بېلىقنى بېرىمىز؟ — دەپ جاۋاب بەردى بېلىقچى.

لى كۇي بېلىقچىلارنىڭ بېلىقنى بەرمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆزى بىر قېيىققا سەكرەپ چىقتى، بېلىقچىلار ئۇنى قانداقمۇ توسۇيالىسۇن؟ لى كۇي قېيىقتىكى ئىشلاردىن خەۋىرى بولمىغاچقا، بىرىپلا قازناقنىڭ بامبۇك توسۇقىنى ئېچىۋەتتى. قىرغاقتىكى بېلىقچىلار ۋارقىرىشىپلا قالدى. لى كۇي قولىنى سوزۇپ قازناقنىڭ تېگىنى سىلاپ كۆرۈپ، بېلىقنىڭ سايىسىنىمۇ تاپالمىدى. ئەسلىدە بۇ دەريادىكى بېلىقچى قېيىقلارنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە يوغان بىر تۆشۈك بار ئىدى، ئۇنىڭدا تىرىك بېلىقلار بېقىلاتتى، دەريا سۈيى كىرىپ - چىقىپ تۇرۇشى ئۈچۈن شۇ تۆشۈككە بامبۇك تاياقچىلىرىدىن ياسالغان توسۇق بېكىتىلگەنىدى، ئادەتتە شۇ يەردىن قېيىقنىڭ قازنىقىغا سۇ كىرىپ - چىقىپ تۇرغاچقا، بېلىقلار تىرىك ساقلىناتتى،

شۇڭا جياڭجۇ شەھرىدە يېڭى بېلىقلار تېپىلاتتى، لى كۇي بۇنى ئۇقمىغانلىقتىن، ئالدى بىلەن بامبۇك توسۇقنى ئېچىۋەتتى، قازناقتىكى ھەممە تىرىك بېلىقلارنى قاچۇرۇۋەتتى، لى كۇي يەنە يېنىدىكى بىر قېيىققا سەكرەپ چىقىپ ئۇنىڭمۇ بامبۇك توسۇقىنى تارتىپ ئېچىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن يەتمىش ـ سەكسەندەك بېلىقچىلار لى كۇينى ئۇرىمىز دەپ بامبۇك پالاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قېيىققا ئېتىلىپ كەلدى، لى كۇينىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى ـ دە، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىپ يالىڭاچ بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۆزىگە تەڭلەنگەن پالاقلارغا ئىككى قولىنى ئۇزارتتى ـ دە، بىراقلا بەش ـ ئالتىسىنى تۇتۇۋېلىپ، خۇددى قوناق شېخىنى سۇندۇرغاندەك سۇندۇرۇپ تاشلىدى. بېلىقچىلار بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپ، ھەممىسى قېيىقلىرىنى يېشىپ ھەيدەپ كېتىشتى. لى كۇي دەرغەزەپ بولۇپ، يالىڭاچ پېتى قولىدا ئىككى پارچە بولۇپ سۇنغان پالاقنى تۇتقان ھالدا قىرغاققا چىقىپ، بېلىق سېتىۋېلىشقا كەلگەن ئېلىپساتارلارنى ئۇرغىلى باشلىدى، ئۇلار ئەپكەشلىرىنى كۆتۈرۈپ، دۇكۇرەپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى.

تازا ئالتوپىلاڭ بولۇۋاتقان چاغدا، چىغىر يولدىن بىر كىشى چىقىپ كەلدى، خالايىق ئۇنى كۆرۈپ:

— خوجايىن كەپتىلا، بىر قارا دارازا بېلىقىمىزنى بۇلاپ، ھەممە بېلىق قېيىقلىرىمىزنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى، — دەپ چۇرقىراشتى.

— قانداق قارا دارازا ئىكەن ئۇ، ئۇنچىۋالا يولسىزلىق قىلىشقا پېتىنغان! — دېدى ھېلىقى كىشى.

— قىرغاقتا كىشىلەرنى ئۇرۇۋاتقان ئاۋۇ ئەبلەخ شۇ، — دېدى قېيىقچىلار قولى بىلەن لى كۇينى كۆرسىتىپ.

— سەن لەنتى، — دەپ ھۆركىرىدى ئۇ كىشى، — قاپلان يۈرىكىنى يەۋالغاندەك، ئەجەب ئاكاڭ قارىغاينىڭ ئوقىتىنى

بۇرۇشقا پىتىنىپسىنا !

لى كۈي ئۇ كىشىگە شۇتداق قارىۋىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا بويى ئىككى گەز كېلىدىغان ئۇتتۇز ئىككى ــ ئوتتۇز ئۈچ ياش چامىسىدىكى، قاپقارا ئۆچكە ساقاللىق، بېشىغا كۆك شايى بوغمىچا چىگكەن، مەيدىسىدىن قىزغۇچ تۈكلەر چىقىپ تۇرغان، ئۈچىسىغا بۆز كۆڭلەك كىيگەن، بېلىگە تاۋار پوتا باغلىغان، پۇتىغا ئالا تىزلاپچا يۆگەپ، كۆپ قولاقلىق چىگە چورۇق كىيگەن، قولىغا تارازا تۇتقان بىر ئادەم تۇراتتى. بۇ كىشى بىلىق ساتقىلى كېلىپ قارىسا، لى كۈي ئالدىغا كەلگەن ئادەمنى كالتەكلەۋېتىپتۇ، ئۇ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن قولىدىكى تارازىسىنى بىر ئىبلىپساتارغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ لى كۈينىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـــ هەي دۆيۈز، نېمىشقا ئادەم ئۇرىسەن؟ ـــ دەپ ۋارقىرىدى.

لى كۈي ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب قايتۇرماستىن، قولىدىكى بامبۇك پالاقنى پىرقىرىتىپ كېلىپ ئۇنىمۇ ساۋىدى. ئۇ كىشى ئالدىغا ئېتىلىپ بارغىنىچە پالاقنى تارتىۋالدى، لى كۈي «كاپ» قىلىپ ئۇنىڭ كۆكۈلىسىدىن تۇتتى، ئۇ كىشى لى كۈينىڭ پاقالچىقىغا ئېسىلىپ، لى كۈينى يىقىتماقچى بولدى. بىراق، كالىدەك كۈچى بار لى كۈيغا ئۇ قانداق تەڭ كېلەلىسۇن؟ لى كۈي ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ئۆزىنى تۇتقۇزمىدى، ئۇ لى كۈينىڭ بىقىنىغا بىرنەچچىنى مۇشتلىدى، ئۇنچىلىك مۇشتلار لى كۈيغا نېمىتى، ئۇ كىشى يەنە لى كۈينى تەپمەكچى بولدى، لى كۈي ئۇنىڭ بېشىنى پەسكە نىقتاپ تۇرۇپ، بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە راسا سالغىلى تۇردى، ئۇ كىشى قانداقمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلىسۇن؟ لى كۈي ئۇنى تازا ئۇرۇۋاتقان چاغدا، ئارقىدىن بىر كىشى كېلىپ لى كۈينىڭ بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى، يەنە بىر كىشى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

ـــ بولدى قىل، بولدى قىل دەيمەن، ـــ دەپ ۋارقىرىدى.

لى كۈي كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغۇدەك بولسا سۇڭ جياڭ بىلەن

دەي زۇڭ ئىكەن، لى كۈي شۇ ئان قولىنى بوشاتتى، ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ قولىدىن غىپلا قىلىپ تىكىۋەتتى.
— مەن سىنى بېلىق ئالغىلى بارما دېسەم، ئۇنىماي بۇ يەرگە كېلىپ جېدەل تېرىپسەن، ناۋادا ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولساڭ، ئۇنىڭ خۇنى ئۇچۇن زىنداندا ياتماتتىڭ؟ — دەپ كايىپ كەتتى دەي زۇڭ لى كۈيغا.
— سەن ماڭا بالاسى تېگىدۇ دەپ قورقۇۋاتامسەن؟ بىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويسام ئۇ ئۆزۈمگە ھېساب، — دېدى لى كۈي.
— ئىنىم، ئۇنداق گېپىڭىزنى قويۇپ، قېنى كۆڭلىڭىزنى ئېلىڭ، مەي ئىچكىلى بارايلى، — دېدى سۇڭ جياڭ.
لى كۈي سۆگەت دەرىخىنىڭ تېگىدىكى كۆڭلىكىنى ئېلىپ بىلىكىگە ئارتىۋېلىپ، سۇڭ جياڭ بىلەن دەي زۇڭنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار ئون نەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا، ئارقىسىدىن بىرىنىڭ:
— ھۇ، قارىمۇتۇق، بۇگۇن سەن بىلەن تۇتۇشۇپ ئېلىشمىغىنىمنى كۆر، — دەپ تىللاۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.
لى كۈي كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىسا، يالىڭاچلانغان ۋە پۇچقىقىنى تۇرۇۋالغان، ئاپپاق بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان، مەيدىسىدىن قىزغۇچ تۈكلىرى كۆرۈنۈپ يالاڭباش تۇرغان بىر كىشى يەككە ـ يېگانە ھالدا بامبۇك پالاق بىلەن قېيىق ھەيدەپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ كىشى:
— سەن قارىمۇتۇقنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتمىگىنىمنى كۆر، سەندىن قورقسام، باتۇر بولماي كېتەي! قاچقان ئادەم ئەر ئەمەس! — دەپ ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللىدى.
لى كۈي بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ بىر نەرە تارتتى ـ دە، كۆڭلىكىنى تاشلاپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈپ كەلدى، ھېلىقى كىشى قېيىقنى قىرغاقنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ توختىتىپ، ھە دەپ تىللىغىلى تۇردى.
— نوچى بولساڭ چىقە قىرغاققا، — دەپ تۈۋلىدى لى كۈي

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا.

ئۇ كىشى پالاق بىلەن لى كۈيىنىڭ پۇتىغا نوقۇدى، لى كۈيىنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ، لىككىدە قېيىققا چىقىۋالدى، ئېيتماق ئاسان، قىلماق تېز دېگەندەك، ھېلىقى كىشى لى كۈينى ئالداپ قېيىققا چىقىرىۋالدى ــ دە، پالاقنى قىرغاققا تىرەپ تۇرۇپ ئىككى پۇتى بىلەن بىر ئىتتەرگەندى، بۇ بىلىقچى قېيىق خۇددى بوران ئۇچۇرغان غازاڭدەك، ساداقتىن ئۇزۇلگەن ئوقتەك تېزلىكتە دەريا ئوتتۇرىسىغا قاراپ ئۇچتى.

لى كۈي سۇنىڭ تىلىنى بىلسىمۇ، بىراق ئانچە ئۇستا ئەمەس ئىدى، شۇ تاپتا ئۇ ھودۇقۇپ قالدى، ھېلىقى ئادەم ئۇنى تىللاشنى توختاتتى ــ دە، پالاقنى تاشلاپ:

ــــ كېلە قېنى، بۈگۈن كىمنىڭ نوچىلىقىنى كۆرىمىز؟ ــــ دەپ لى كۈينىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدى ۋە يەنە، ــــ ئاۋۋال سەن بىلەن مۇشتلاشماي، سېنى سۇغا بىر تويغۇزاي، ــــ دېدى ــ دە، پۇتى بىلەن قېيىقنى ئىرغاڭشىتىپ دوم كۆمتۈرۈۋەتتى. باتۇرلار سۇغا چۈشۈپ كەتتى، ئىككى پالۋان «پولتۇڭ» قىلىپ موللاق ئېتىپ دەرياغا چۈشۈپ كەتتى. سۇڭ جياڭ بىلەن دەي زۇڭ يۈگۈرۈپ دەريا لېۋىگە كەلدى، بۇ چاغدا قېيىق ئاللىقاچان كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندى. ئۇلار قىرغاقتا ۋارقىرىشىپ زارلانغىنىچە قالدى. دەريا لېۋىگە تۆت يۈز ــ بەش يۈزچە كىشى توپلاشتى، ئۇلار سۆگەت سايىسىدا تۇرۇپ:

ــــ بۈگۈن بۇ قارا دارازىنىڭ كۆرگۈلۈكى بار ئىكەن، جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالىغان تەقدىردىمۇ، قورسىقىغا لىق سۇ تولدىغان بولدى، ــــ دېيىشتى.

سۇڭ جياڭ بىلەن دەي زۇڭ دەريا لېۋىدە قاراپ تۇراتتى، دەريادا ھېلىقى كىشى لى كۈينى تۇتۇۋېلىپ سۇدىن بىر چىقىرىپ، بىر چۆكتۈرەتتى، سۇپسۈزۈك زۇمرەتتەك دەريا سۈيىدە بىرىنىڭ قاپقارا كۆمۈردەك، يەنە بىرىنىڭ سۈتتەك ئاپپاق بەدەنلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىككىسى تۇتۇشۇپ بىر ــ

بىرىگە ياماشقىنىچە ئېلىشىۋاتاتتى. دەريا لېۋىدە قاراپ تۇرغان تۈت يۈز ـ بەش يۈزچە ئادەمنىڭ ھەممىسى «بارىكاللا» دەپ توۋلىشاتتى. ئۇلارنى شائىر مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

بىرسى يېشىللىق ئاجايىپ ئەينى جىندەك ھەيۋىتى،
بىرسى شىياۋخۇاشەن تېغىدىن دۆ پىرىدەك قامىتى.
بىرسى سۈتتەك ئاق بەدەنلىك ھەممە ھەيران قالغۇدەك،
بىرسىنىڭ خۇددى كۆمۈردەك قاپقارادۇر تەلەتى.
بىرسى گويا «ما» ئىلاھدۇر ئاق يىلان تاپقان ئۇنى،
بىرسى جاۋ يۈەنشۇەي مەبۇدە قارا يولۋاس ئۇرۇقى.
بىرسى يالقۇن ئوتتا كۆرمىگ تاۋلىنىپ چىققان كۈمۈش،
بىرسى پولات چوغدەك پىشقان، نوچىلاردەك سۆلىتى.
بىرسى ۋۇ تەيشەن تېغىنىڭ قەددى ـ قامەتلىك پىلى،
بىرسى جيۇچۇ دەرياسىنىڭ قاسىرىقى گاڭ ئەجدىھاسى.
بىرسى ئارخاتتۇر گوياكى پەم ـ پاراسەت بابىدا،
بىرسى كۈچتۈڭگۈر سىياقلىق مول جاسارەت جۈرئىتى.
بىرسى شۇنچە دەۋرى ئەيلەپ ئېلىشىپ كەتتى ئۇزاق،
بارچە ئەزايۇ تېنىدىن ئاقتى تەرلەر ئۇنچىسى؛
بىرسى شۇنچە ئېسىلىشتى تىركىشىپ كەتتى ئۇزاق،
قارا تەرگە چۆمدى پاتمان ئاقتى سۇلار تامچىسى.
بىرسى خۇا گۇاڭ ـــ سۇ ئىلاھىدىن ئېلىپتۇ قول گويا،
مىسلى زۇمرەت دولقۇن ئىچرە قىلدى ئايان شەكلىنى.
بىرسى كىم زەڭگى مالائىك چۈشتى ئاسماندىن ئۇچۇپ،
قار كەبى دولقۇندا قىلدى ئۇ نامايان ۋەسلىنى.
كۆكنى تىلغاپ، كۇننى نۇرسىز ئەيلىدى ئاق ئەجدىھا،
ئاچتى دەريا تەكتىنى ھەم زەڭگى دىۋە قۇدرىتى.

شۇ ئەسنادا سۇڭ جياڭ بىلەن دەي زۇڭ ھېلىقى كىشىنىڭ لى كۈينى تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى سۇغا بىر پاتۇرۇپ، بىر چىقىرىپ، شۇ تەرىقىدە ئون نەچچە قېتىم سۇغا پاتۇرغانلىقتىن

ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ھەيھات:

مەيلى يەردە، مەيلى سۇدا ئېلىشىشقا ئۇ چېۋەر،
رەقىبى ئاتقان بىلەن مۇشت، ئاڭا قانداق تەڭ كېلەر.
قارا قويۇن كۆتۈرۈپ ئاق مەۋجى دولقۇنلار سۇدا،
سۇ كالىسى بولدى شۇ تاپ نام ئېلىپ تۇمۇر كالا.

سۇڭ جياڭ لى كۇينىڭ ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەي زۇڭغا: «بىرىنى بۇيرۇپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قويايلى» دېدى. دەي زۇڭ خالايىقتىن:

— بۇ ئاق دارازىنى تونۇمسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ باتۇر مۇشۇ يەردىكى بېلىق ساتقۇچى خوجايىن بولىدۇ، ئىسمى جاڭ شۇن، — دېدى ئۇنى تونۇيدىغانلاردىن بىرى.

— دولقۇن يارار ئاق بېلىق دەپ نام ئالغان جاڭ شۇن دېگەن شۇمۇ يا؟ — دەپ سورىدى بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇڭ جياڭ دەرھال ئۇنى ئېسىگە ئېلىپ.

— ھە ـ ھە، شۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى خالايىق.

— مەندە ئۇنىڭ ئاكىسى جاڭ خېڭنىڭ ئەۋەتكەن سالام خېتى بار ئىدى. كۆرەدە قاپتۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ دەي زۇڭغا.

دەي زۇڭ بۇنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان دەرياغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھەي جاڭ ئاغا، بولدى قىل، ئاكاڭ جاڭ خېڭدىن سالام خەت ئەكەلدۇق. ئۇ قارا دارازا بىزنىڭ ئۇكىمىز ئىدى، ئۇنىڭغا رەھىم قىل، كەل قىرغاققا چىق، ساڭا گېپىمىز بار.

دەريا ئوتتۇرىسىدىكى جاڭ شۇن دەي زۇڭنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ دەي زۇڭنى تونۇيتتى، شۇڭا ئۇ لى كۇينى دەرھال قويۇۋېتىپ، دەريا بويىغا كېلىپ قىرغاققا چىقتى ۋە دەي زۇڭغا قاراپ:

— تۆرەم، پېقىرنىڭ بىئەدەپلىكىنى كەچۈرسىلە، — دەپ

تەزىم قىلدى.
— مېنىڭ يۈزۈمنى دەپ، سۇ ئىچىدىكى ئۆكىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قىرغاققا چىقىرىپ قويساڭ، ئاندىن سېنى بىر كىشى بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن، — دېدى دەي زۇڭ ئۇنىڭغا.
جاڭ شۇن يەنە سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ ئۈزۈپ كەتتى، بۇ ۋاقىتتا لى كۇي بىردەم سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ، بىردەم سۇغا چۆكۈپ، خۇددى ھېلىلا سۇغا غەرق بولۇپ كېتىدىغاندەك ھالەتتە پولتۇڭلاپ - پالاقشىپ يۈرەتتى. جاڭ شۇن ئۈزۈپ لى كۇينىڭ قېشىغا باردى - دە، ئۇنىڭ بىر قولىدىن تۇتۇپ، خۇددى تۈز يولدا ماڭغاندەك سۇدا يېتىلەپ ماڭدى. سۇ ئۇنىڭ كىندىكىدىن ئۆتمىدى، ئۇ بىر قولى بىلەن لى كۇينى يۆلەپ قىرغاققا چىقىرىپ قويدى، دەريا لېۋىدە قاراپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. سۇڭ جياڭ بۇ ھالنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالدى، بىر ھازادىن كېيىن جاڭ شۇن قىرغاققا چىقتى، لى كۇي قاتتىق ھاسىراپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن توختىماي ئاق كۆپۈك چىقىپ تۇراتتى.
— قېنى ئۇد شىپاڭغا مەرھەمەت قىلىڭلار، شۇ يەرگە بېرىپ پاراڭلىشايلى، — دېدى دەي زۇڭ ئۇلارغا.
جاڭ شۇن بۆز كۆڭلىكىنى ئېلىپ كىيدى، لى كۇيمۇ بۆز كۆڭلىكىنى كىيىۋالدى. تۆتەيلەن يەنە ئۇد شىپاڭغا كەلدى.
— ئاغا، — دېدى دەي زۇڭ جاڭ شۇنغا قاراپ، — مېنى تونۇمسىز؟
— پېقىر ئۆزلىرىنىڭ تۆرە ئىكەنلىكلىرىنى بىلىمەن. بىراق، سىلى بىلەن ئەسرا بولۇپ تونۇشۇشقا مۇيەسسەر بولالمىغانىدىم، — دېدى جاڭ شۇن.
— بۇ ياقنى تونۇمتىڭىز؟ بۈگۈن چىشىڭىزغا تېگىپ ساپتۇ - دە، — دەپ سورىدى دەي زۇڭ لى كۇينى كۆرسىتىپ جاڭ شۇندىن.
— لى ئاغامنى نېمىشقا تونۇمايدىكەنمەن؟ بىراق ئېلىشىپ

كۆرمىگەنىدىم، ــ دەپ جاۋاب بەردى جاك شۇن.
ــ مېنى سۈغا تازا چۆكتۈردۈڭ ـ دە، ــ دېدى لى كوي جاك شۇنگە.
ــ سەنمۇ راسا ئۇرۇۋالدىڭ مېنى، ــ دېدى جاك شۇن.
ــ سىلەر ئەمدى سىرداش ئاغا ـ ئىنى بولۇپ قېلىشتىڭلار. «ئېلىشىپ كۆرمىگۈچە تونۇشالماس» دېگەن گەپ بارغۇ، ــ دېدى دەي زۇڭ.
ــ سەن قورۇقلۇقتا ماڭا چېقىلغۇچى بولما، ــ دېدى لى كوي جاك شۇنگە.
ــ مەنچۇ، سېنى سۇدىلا بابلاي، ــ دېدى جاك شۇن.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاندىن تۆتەيلەن بىر ـ بىرى بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى.
ــ ھەي ئاغا، سىز بۇ ئاغىمىزنى تونۇمىسىز؟ ــ دېدى دەي زۇڭ جاك شۇنگە قولى بىلەن سۇڭ جياڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.
ــ پېقىر تونۇمايدىكەنمەن، بۇ يەردىمۇ كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، ــ دېدى جاك شۇن.
ــ بۇ ئاغىمىز قارىمۇتۇق سۇڭ جياڭ بولىدۇ، ــ دېدى لى كوي چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ.
ــ ھە، ھېلىقى شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر، يۈنچېڭ ناھىيەسىنىڭ سۇڭ مىرزىبېگى شۇمۇ؟ ــ دېدى جاك شۇن.
ــ ھەئە، دانىش ئاغىمىزنىڭ دەل ئۆزى مۇشۇ، ــ دېدى دەي زۇڭ.
ــ مەشھۇرناملىرىنى كۆپتىن بۇيان ئاڭلاپ كەلگەنىدىم، ــ دېدى جاك شۇن دەرھال يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىپ، ــ ئويلىمىغان يەردىن بۈگۈن كۆرۈشۈش نېسىپ بوپتۇ. ئەل ـ يۇرتلاردىن ئاغا ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك پەزىلەتلىك، كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولىدىغان، مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان زات دېگەن تەرىپلىرىنى نۇرغۇن ئاڭلىغانىدىم.

— يېقىن ئۇنچىلىك تەرىپكە ئەرزىمەيدۇ! ئاۋۇ كۈنى بۇياققا كېلىۋاتقىنىمىزدا جيېياڭ چوققىسى باغرىدىكى دەريا بۇلغار لەھەڭ لى جۇنىنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالغانىدىم. كېيىن شۇنياڭ دەرياسى بويىدا مۇ خۇڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئاغىنىمىز جاڭ خېڭ بىلەن تونۇشتۇم، ئۇ مەندىن سىزگە سالام خەت ئەۋەتكەنىدى. خەت كۆرەدە قاپتۇ، ئالغاچ كەلمەپتىمەن، بۇگۈن دەي تۆرە ۋە لى كۇي ئىنىم بىلەن مۇشۇ ئۇد شىپاڭىدا دەريا مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ ئىككى - ئۈچ قەدەھتىن مەي ئىچتۇق. مەي ئىچكەندىن كېيىن بىرئاز كەيپىلىكتىن يېشىلەي دەپ يېڭى بېلىق شورپىسى ئىچكۈم كېلىپ قالدى، ئۇ بېلىق تېپىپ كېلىمەن دەپ تۇرۇۋالدى، ئىككىمىز ئۇنى توسۇپ قالالمىدۇق. بىركەمدە دەريا بويىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئاڭلاندى، مەيپۇرۇشتىن نېمە ئىش دەپ سورىساق، قارا دارازا جاڭجال تېرىپتۇ، دېدى، بىز ئىككىيلەن ئالدىراپ - تېنەپ ئاجرىتىپ قويايلى دەپ كېلىپ كۆتمىگەندە، سىزدەك باتۇر بىلەن ئۇچراشتۇق. بۇگۈن يېقىن سۇڭ جياڭ بىر كۈن ئىچىدىلا ئۈچ باتۇر بىلەن ئۇچراشتىم، بۇ تەڭرىم بەرگەن ئامەت ئەمەسمۇ! ئەمدى ھەممەيلەن بىللە ئولتۇرۇشۇپ شاراب ئىچەيلى! — دېدى سۇڭ جياڭ جاۋابەن ۋە مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ داستىخان يېڭىلاپ، مەي، تائام ھازىرلاشنى بۇيرۇدى.

— ئاغىمىزنىڭ ئوبدان، يېڭى بېلىق يېگۈسى بولسا، مەن بېرىپ بىرنەچچىنى ئەكېلەي، — دېدى جاڭ شۇن.

— ئۇنداق بولسىغۇ تولا ئوبدان بولاتتى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— مەنمۇ باراي، — دېدى لى كۇي جاڭ شۇنگە.

— ھە، تېخى سوغا تويماپسەن - دە، — دەپ توۋلىدى دەي زۇڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جاڭ شۇن كۈلۈپ كەتتى ۋە لى كۇينىڭ قولىدىن تارتىپ:

— ئەمدى سەن بىلەن بىللە بېلىق ئالغىلى باراي، قېنى خەق نېمە دېيەلەيدىكىن ! — دېدى.
خۇددى شۇنداق بولدىكى:

مىسلى يولۋاستەك تۇرۇشتى، بەس تالاشتى، چېلىشتى،
سۇغا چۈشكەندە گوياكى ئەجدىھادەك ئېلىشتى.
بىر ـ بىرىگە بولدى قوغداش ئاقىۋەت قول ئېلىشتى.
ئىككى سەھرا پالۋىنى شەنىگە شان قېتىشتى.

بۇ ئىككىسى شىپاڭدىن چۈشۈپ، دەريا بويىغا كەلدى، جاڭ شۇن بىر ئىسقىرتىپ قويۇۋىدى، دەريادىكى بېلىقچى قېيىقلارنىڭ ھەممىسى قىرغاققا يېقىنلىشىپ كەلدى.

— قايسى قېيىقتا ئالتۇن زاغرا بېلىق بار؟ — دەپ سورىدى جاڭ شۇن بېلىقچىلاردىن.

«قېنى بۇ يەرگە كېلىڭ !»، «بىزدە بار !» دەپ تەڭلا ۋارقىرىشىپ كەتتى بېلىقچىلار.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇلار ئون نەچچە ئالتۇن زاغرا بېلىقنى تەييار قىلدى. جاڭ شۇن تۆت بېلىقنى خىللاپ ئالدى ـ دە، بىر چىۋىققا ئۆتكۈزۈپ، لى كۈيغا سەن بالدۇرراق شىپاڭغا بېرىپ تۇر، دەپ بېلىقنى بەردى. جاڭ شۇن بېلىقچىلارغا بېلىقنى جىڭلاپ ئېلىپساتارلارغا سېتىشنى تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى سۇڭ جياڭلار بىلەن ھەمداستىخان بولۇش ئۈچۈن ئۇد شىپاڭغا كەلدى.

— بېلىقنى نېمانچە جىق ئەكەلدىڭىز، بىرى بولسىلا يېتىپ ئاشاتتى، — دېدى سۇڭ جياڭ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ.

— ئاغا، ئۇنچىلىك نەرسىنىڭ كارى چاغلىق، يەپ بولالمىسىلا قالغىنىنى ھۇجرىلىرىغا ئالغاچ كېتىپ يېمەملا، — دېدى جاڭ شۇن جاۋابەن.

لى كۈينىڭ يېشى جاڭ شۇندىن چوڭ بولغاچقا، ئۈچىنچى

ئورۇنغا لى كۇي، تۆتىنچى ئورۇنغا جاڭ شۇن ئولتۇردى. ئۇلار يەنە مەيپۇرۇشقا ئىككى كوزا ئىسىل «يۇخۇچۇن» شارابى ۋە دىڭىز نازۇنېمەتلىرى بىلەن مېۋە - چېۋىلەرنى ئەكەلدۇردى. جاڭ شۇن مەيپۇرۇشقا بېلىقنىڭ بىرىدە ئاچچىق - چۇچۇك شورپا قىلىپ، ئۇنى مەينىڭ هوردا دۇملەپ ئەكېلىشنى، يەنە بىر بېلىقنى قەلەمچە قىلىپ توغراپ ئەكېلىشنى بۇيرۇدى.

تۆتەيلەن مەي - شاراب ئىچىشىپ، كۆڭلى - كۆكسىدىكى گەپلەرنى تۆكۇشۇپ، تازا قىزىق پاراڭغا چۇشكەن چاغدا ئون بەش - ئون ئالتە ياشلاردىكى شايى كۆڭلەك كىيگەن بىر قىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئېگىلىپ تۆت قېتىم تەزىم قىلىپ ئىسەنلىك سورىغاندىن كېيىن ناخشا باشلىدى. بۇ چاغدا لى كۇي ئەمدىلا نى - نى باتۇر پالۋانلار ھەققىدە ھېكايە باشلىماقچى بولۇپ تۇرغانىدى. قىزنىڭ ناخشىسى ئۇچەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتىپ كېتىپ، ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن لى كۇي ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، بېرىپ بارمىقى بىلەن قىزنىڭ چېكىسىگە بىرنى چەكتى، قىز شۇئان «ۋايجان !» دەپ ۋارقىراپ، گۇپپىدە يەرگە يىقىلدى. باشقىلار دەررۇ قىزنىڭ قېشىغا بېرىپ قارىدى، قىزنىڭ توغاچتەك مەڭزىلىرى تامدەك تاتىرىپ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالغانىدى. مەيخانا خوجايىنى يۇگۇرۇپ كېلىپ، ئۇ تۆتەيلەننىڭ ئالدىنى توسۇپ پادىشاھلىققا ئەرز قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇلارنىڭ بويى ئەنبەردەك خۇش پۇراق، قاشتېشىدەك سۇزۇكلەرگە ئىشقى يوق، نەغمە - ناۋالارغا ۋە تۇرنا كەبى نازۇكلارغا خۇشى يوق بولغاچقا، ئۇ قىزنىڭ قەدرىگە يەتمەي ئاياغ ئاستى قىلىپ ماجىرا چىقاردى. سۇڭ جياڭ قاتارلىق تۆتەيلەننىڭ زادى قانداق قىلىپ مەيخانىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

## سۇڭ جياڭنىڭ شۇنياڭ راۋىقىدا ئىسيان نەزمى يازغانلىقى دەي زۇڭنىڭ لياڭشەن كۆلىدە ساختا مەكتۇپ يەتكۈزگەنلىكى

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا لى كۈي بارمىقى بىلەن قىزنىڭ چېكىسىگە بىرنى چېكىپلا يىقىتىۋەتتى، مەيخانا خوجايىنى ئۇنى تۇسۇۋېلىپ:

— بەگلىرىم، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى ۋە ئالاقزەدە بولغان هالدا مەيپۇرۇشلارنى چاقىرىپ ئۇنى قوتۇلدۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئۇلار سۇ چېچىپ قىزنى هوشىغا كەلتۈرۈپ، يۆلەپ تۇرغۇزدى، قارىسا ئۇنىڭ چېكىسىدىكى بىر پارچە تېرە سويۇلۇپ كېتىپتۇ، شۇڭا قىز هوشىدىن كېتىپ قالغانىكەن، ئۇ هوشىغا كەلگەندىن كېيىن ساپساقلا بولۇپ قالدى. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئۇرۇپ يىقىتقان ئادەمنىڭ قارا قۇيۇن لى كۈي ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىر هازا هاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە قېتىپلا قالدى، ئۇنىڭغا بىرنىمە دېيىشكە نېمە هەددى دەڭ. قىزنىڭ تىلى سۆزگە كەلدى، بۇنى كۆرگەن ئانىسى قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، ئۆز قولى بىلەن قىزىنىڭ بېشىنى تېڭىپ، جىغا[1] سىنى ئوڭلاپ قويدى، سۇڭ جياڭ مومايدىن:

— ئىسمىڭلار نېمە؟ قەيەرلىك بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— بېگىم، ئۆزلىرىدىن نېمىسىنى يوشۇراي، بىز ئەر ـ خوتۇن ئاجىز ـ ئاجىزەلىرى سۇڭ ئۇرۇقىدىن بولىمىز،

---

[1] جىغا — ئۇستىگە پۆپۈكچە ياكى چېچەك ئورنىتىلغان باش كىيىم.

ئاستانىلىقمىز. پەقەت مۇشۇ بىرلا قىزىمىز بار، ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى يۇ لېيەن، دادىسى ئۇنىڭغا بىرنەچچە ناخشا ئۆگىتىپ قويغانىدى، مۇشۇ ئۇد شىپاڭىدا كەلسە - كەلمەس توۋلاپ ناخشا ئېيتىپ جېنىمىزنى بېقىۋاتىمىز. ئۇ تەنتەكلىك قىلىپ، ھەرقايسىلىرىنىڭ سورۇن - سۆھبەتلىرى بىلەن كارى بولماي، ئۆزىنىڭ ناخشىسى بىلەنلا بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇگۈن قىزىمغا بۇ ئاغىمىزنىڭ قولى تېگىپ كېتىپ يۈزىنى ئازراق يارا قىلىپ قويۇپتۇ، بۇ دادخاھ ئالدىغا بېرىپ بەگلىرىمنى بالاغا قويغۇدەك ئىش ئەمەس، — دېدى موماي.

— ماڭا بىرىنى قوشۇپ قويۇڭلار، مەن بىلەن كۇرەگە بارسۇن، يىگىرمە سەر كۈمۈش بېرەي، شۇ پۇلغا قىزىڭلارنى داۋالىتىڭلار، كېيىنچە بىرەر لايىقراق كىشى چىقىپ قالسا تېگىۋالسۇن، ئاندىن بۇ يەردە ناخشا ئېيتىپ جان باقمەن دەپمۇ يۈرمەيدۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ.

— مۇشۇ كۈپايە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقىغا قانداقمۇ ئېغىزىمىز بارىدۇ! — دېيىشتى تەزىم بىلەن رەھمەت ئېيتىپ ھېلىقى ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن.

— مېنىڭ سۆزۈم سۆز، يالغان ئېيتىشنىمۇ بىلمەيمەن. سىز بوۋايىنى ماڭا قوشۇپ قويۇڭ، پۇلنى ئۇنىڭغا بېرەي، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— بېگىم، جانابلىرىنىڭ خەيرخاھلىقلىرىغا رەھمەت! — دېيىشتى ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن تەزىم قىلىپ.

— سەن ھارامزادە، — دېدى دەي زۇڭ لى كۇيغا قاراپ ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ، — خەق بىلەن سوقۇشۇپ ئاغاڭنىڭ يەنە نۇرغۇن كۈمۈشكە زىيان سالدىغان بولدۇڭ.

— بارمىقىم ئانچىكىم تېگىپلا كېتىۋىدى يېتىۋالدى، بۇنداق ئاجىز، نازۇك قىزنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، مېنىڭ يۈزۈمگە يۈز مۇشت ئۇرساڭمۇ ئۇر، چىدايمەن! — دېدى لى كۇي.

سۇڭ جياڭ باشلىق خالايىق كۇلۇشۇپ كېتىشتى. جاڭ شۇن مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ:

— ئىچىلگەن مەينىڭ پۇلىنى مەن تۆلەيمەن، — دېدى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، كېتىۋېرىشسىلە، — دېدى مەيپۇرۇش.

سۇڭ جياڭ بۇنىڭغا نەدىمۇ كۆنسۇن، ئۇ:

— ئۇكا، ئىككىڭىزلارنى مەي ئىچىشكە مەن دەۋەت قىلىپ ئەكەلگەن تۇرسام، سىز پۇل تۆلىسىڭىز قانداق بولىدۇ، — دېدى.

— ئاغام بىلەن ئاران يۈز كۆرۈشتۇق، مېھرىبان ئاغىمىز شەندۇڭدىكى چاغدا بىز ئاكا ـ ئۇكا ئىككىمىز ئاغىمىزنىڭ يېنىغا پاناھداپ بارماقچىمۇ بولغانىدۇق، بۈگۈن ئاغىمىزنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈش نېسىپ بولدى، بۇ مېنىڭ ئەرزىمەس كىچىككىنە كۆڭلۈم، بۇنىڭ تالىشىپ كەتكۈچىلىكى يوق، — دېدى جاڭ شۇن پۇلنى مەن تۆلەيمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىپ.

— ئاغا، — دېدى دەي زوڭ سۇڭ دانىشقا قاراپ، — جاڭ ئاغا ئىززەتلەپ ـ ئىسرىكلەپ كۆڭۈل خۇشلۇقىنى بىلدۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، بوپتىلا، رۇخسەت قىلىسىلا.

— ئۇكام تۆلەيمەن دېسە بوپتۇ تۆلىسۇن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرارمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— جاڭ شۇن خۇشال بولۇپ، ئىككى بېلىق ئالدى ۋە دەي زوڭ، لى كۈيلار بىلەن بىللە سۇڭ بوۋاينى ئېلىپ، سۇڭ جياڭنى ئۇد شىپاڭدىن كۈرەگە ئۇزىتىپ كەلدى. ئۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بەشەيلەن مىرزىخانىغا كىرىپ ئولتۇردى، سۇڭ جياڭ ئالدى بىلەن يىگىرمە سەر كېلىدىغان ئىككى كاللەك كۈمۈش ئاچىقىپ سۇڭ بوۋايغا بەردى، ئۇ بوۋاي رەھمەت ئېيتقىنىچە قايتىپ كەتتى. بۇ ھەقتىكى گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن. ئەمدى گەپنى سۇڭ جياڭلاردىن ئاڭلايلى. كەچ كىرگەندىن كېيىن جاڭ شۇن بېلىقلىرىنى سۇڭ جياڭغا تۇتتى، سۇڭ جياڭ جاڭ خېنىڭنىڭ مەكتۇپىنى چىقىرىپ جاڭ شۇنگە بەردى، شۇنىڭ بىلەن جاڭ شۇن

خوشلىنىپ قايتتى. سۇڭ جياڭ يەنە ئەللىك سەر كالالەك كۇمۇش ئاچىقىپ:

— ئۇكام، بۇنى ئاپىرىپ ئىشلىتىڭ، — دەپ لى كۇيغا سۇندى.

دەي زۇڭ، لى كۇيلارمۇ سۇڭ جياڭ بىلەن خوشلىشىپ شەھەرگە كىرىپ كېتىشتى.

سۇڭ جياڭ بىر بېلىقنى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ، بىرنى كۈرە بېگىگە بەردى، سۇڭ جياڭ بېلىقنىڭ يېڭى بېلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاچ كۆزلۈك قىلىپ كۆپرەك يەۋەتتى، يېرىم كېچىدە ئۇنىڭ قورسىقى تولغاپ ئاغرىشقا باشلىدى؛ تاڭ ئاتقاندا ئارقا ـ ئارقىدىن توختىماي ئىچى سۈرۈپ، گاس ـ گاراڭ هالدا ئۇخلاپ قالدى. سۇڭ جياڭ كىشىلەر بىلەن بەكمۇ ئەپ ئۆتەتتى، شۇڭا كۈرەدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شوۋىنگۈرۈچ ۋە سۇيۇق ـ سەلەڭ ئاش ـ تاماق ئېتىپ، ئۇنى يوقلاپ كېلىپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى. ئەتىسى جاڭ شۈن سۇڭ جياڭنىڭ بېلىق يېيىشكە ئامراقلىقىنى كۆرۈپ، ئوبدان ئالتۇن زاغرا بېلىقتىن ئىككىنى ئېلىپ، سۇڭ جياڭنىڭ مەكتۇپ ئالغاچ كەلگەن ياخشىلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە كەلدى. كېلىپ قارىسا سۇڭ جياڭنىڭ ئىچى سۈرۈپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، ھەممە گۇناھكارلار ئۇنىڭ ئۆيىدە ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ بېشىدا ئولتۇرۇپتۇ.

جاڭ شۈن بۇ ھالنى كۆرگەندىن كېيىن تېۋىپ چاقىرىپ داۋالاتماقچى بولدى. سۇڭ جياڭ:

— ئاچ كۆزلۈك قىلىپ يېڭى بېلىقتىن كۆپرەك يەپ قويۇپتىمەن، ئىچىمنى سۈرۈۋەتتى. سىز ماڭا ئىچىمنى توختىتىدىغان بىر بولاق ليۇخېتاڭ دورىسى ئەكېلىپ بەرسىڭىز، ئىچىمۇەتسەملا ساقىيىپ قالىمەن، — دېدى ۋە جاڭ شۈنگە ئىككى بېلىقنىڭ بىرىنى ۋاڭ كۈرەبېگىگە، بىرىنى جاۋ گۇندىپايغا بېرىشنى تاپىلىدى. جاڭ شۈن بېلىقلارنى ئۇلارغا ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىن سۇڭ جياڭغا بىر بولاق ليۇخېتاڭ

دورىسى ئەكىلىپ بېرىپ كەتتى، بۇ گەپمۇ مۇشۇ يەردە قالسۇن.
كۆرەدىكىلەر دورىنى قايىنتىپ سۇلۇڭ جىياڭغا ئىچۈرۈپ ئۇنىڭ
ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئەتىسى دەي زۇڭ، لى كۇيلار مەي، تائام
ئېلىپ سۇلۇڭ جىياڭنى يوقلاپ مىرزىخانىغا كەلدى. ئۇلار سۇلۇڭ
جىياڭنىڭ قاتتىق كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقى ۋە مەي،
تائامغا كۆڭلى تارتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ يەردە ئۆزلىرى يەپ –
ئىچىپ كەچ كىرگۈچە ئولتۇرغاندىن كېيىن خوشلىشىپ
قايتىشتى، بۇ گەپمۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

سۇلۇڭ جىياڭ كۆرەدە بەش – ئالتە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن
كېسىلى سەللىمازا ساقىيىپ قالغاندەك ھېس قىلدى – دە،
شەھەرگە كىرىپ دەي زۇڭنى ئىزدەپ تېپىش ئۈيىگە كەلدى.
ئاردىن يەنە بىر كۈن ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كەلمىدى.
ئەتىسى سۇلۇڭ جىياڭ ناشتا قىلىپ بولۇپ چاشگاھ ۋاقتى بىلەن
يېنىغا ئازراق كۈمۈش سېلىپ، ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى
قۇلۇپلاپ كۆرەدىن يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كوچىغا پىيادە چىقىپ
ئۇدۇل شەھەرگە كىرىپ ئايماق يامۇلىنىڭ يېنىغا بېرىپ، دەي
زۇڭ تۆرىنىڭ ئۆيىنى سۈرۈشتە قىلدى. بىر كىشى:

— ئۇنىڭ خوتۇن – بالىچاقىلىرى يوق، ئۆزى تەنھا،
چېڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىغا قوشنا مۇڭزار مەبۇدە بۇتخانىسىدا
تۇرىدۇ، — دېدى.

سۇلۇڭ جىياڭ بۇنى ئاڭلاپ شۇ يەرگە ئىزدەپ باردى، بېرىپ
قارىسا، ئۇ ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن سۇلۇڭ جىياڭ قارا قويۇن لى كۇيىنى ئىزدەپ باردى،
بىرمۇنچە ئادەم ئۇنىڭغا:

— ئۇ بىر ئالۋاستى، تۇرار يېرىنىڭمۇ تايىنى يوق، پەقەت
زىنداندىلا يېتىپ قوپىدۇ، ھەممە يەرنى ئالا قويماي تىنتىپ،
ئۆيىاندا ئىككى كۈن، بۇياندا ئىككى كۈن يۈرىدۇ، ئۇنىڭ تۇرار
يېرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىزمۇ تازا بىلمەيمىز، — دېيىشتى.

سۇڭ جياڭ بېلىقچى جاڭ شۇنى سۈرۈشتۈرۈۋىدى، بەزىلەر ئۇنىڭغا:

— ئۇ شەھەر سىرتىدىكى كەنتتە تۇرىدۇ، بېلىق ساتىدىغان چاغلىرىدىمۇ شەھەر سىرتىدىكى دەريا بويىدا بولىدۇ. نېسى پۇللىرىنى يىغقىلى شەھەرگە كىرىپ قالمىسا، باشقا ۋاقىتتا شەھەرگە كىرمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ، شەھەرنى يەنە بىر قۇر ئىزدەپ چىقىپ، شۇ ئىزدىگەن پېتى تەنها ئۆزى ئىزدەپ تاپالماي ئىچى پۇشۇپ، پىيادە ماڭغىنىچە شەھەردىن چىقتى، ئۇ شەھەر سىرتىدا ئاجايىپ چىرايلىق دەريا مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى، ئۇنىڭغا قاراپ - قاراپ كۆزى تويمىدى. ئۇ ماڭا - ماڭا بىر مەيخانا ئالدىغا كېلىپ قالدى، شۇنداق بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ يان تەرەپتىكى خادىدا كۆك رەختتىن ئىشلەنگەن مەي تۇغى ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭغا «شۇنياڭ دەرياسى مەيخانىسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغانلىقىنى، ئويما نەقىشلىق لەمپىنىڭ سىرتقى بىر تەرىپىگە سۇ دۇڭپونىڭ «شۇنياڭ راۋىقى» دېگەن بېغىشلىمىسى يېزىلغانلىقىنى كۆردى. سۇڭ جياڭ بۇنى كۆرۈپ: «يۈنچېڭ ناھىيەسىدىكى چېغىمدا جياڭجۇ ئايمىقىدا شۇنياڭ راۋىقى دېگەن بىر بەلەن راۋاق بار دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئۇ بۇ يەردە ئىكەن - دە، ئۆزۈم يالغۇز بولساممۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، بىر چىقىپ تاماشا قىلىپ چۈشمەيمۇ» دەپ ئويلىدى - دە، راۋاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىدى، راۋاق ئىشىكىنىڭ يان ياغاچلىرى قىپقىزىل چىرايلىق سىرلانغان، تۈۋرۈككە ئاپپاق سىرلاقلىق ئىككى تاختا ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، ھەربىرىدە: «ئالەمدە تەڭداشسىز مەي - شاراب بۇندا، جاھاندا داڭقى بار شۇ راۋاق بۇندا» دېگەن چوڭ - چوڭ قىلىپ يېزىلغان خەتلەر تۇرۇپتۇ. سۇڭ جياڭ راۋاققا چىقىپ، دەرياغا يانداش بىر ھۇجرىدىن ئورۇن ئالدى؛ ئۇ سالاسۇندىن يىراققا نەزەر تاشلىدى، دەرۋەقە بۇ شۇنداق راۋاق ئىكەنكى:

نەقىشلىك لەمپىدە چاقناپ كۆن نۇرى،
گۈل تۇۋرۇك تاقاشقان پەلەككە بويى.
ياپيېشىل تىيەكلىك ئايۋان پەنجىرى،
لەپىلدەر پەردىلەر، مايسىدەك رەڭگى.
كەيپ بىلەن تاشلىساڭ ئۇنىڭغا نەزەر،
بوي تارتقان تىزما تاغ بولۇتقا قەدەر.
دەريالار دولقۇنلاپ مەۋج ئۇرۇپ ئۆتەر،
قەلبىمدە ئىلھاملار ئۆركەشلەپ تېپەر.
بەيپىلىڭ كېچىكىدىن ئاڭلىنار گاھى،
بېلىقچى بوۋاينىڭ سوققان تاكتىكى؛
قىپقىزىل قومۇشلۇق دەريا سازلىقى —
لېۋىدە ئۇرۇلار بېلىق پالىقى.
راۋاقنىڭ بويىدا يېشىل تۇخۇمەك —
ئۈستىدە سايرايدۇ بۇلبۇل غۇرۇلەك.
ئىشكى ئالدىدا مەجنۇنتال، تېرەك،
باغلاقلىق ئاق بوز ئات ئاڭا دۇلدۇلدەك.

سۇڭ جياڭ راۋاققا كۆز تاشلاپ زوقلىنىپ ئاپىرىن ئوقۇدى. مەيپۇرۇش:

— بېگىم، ساقلاۋاتقان مېھمان - پېھمانلىرى بارمۇ ياكى يالغۇز ئىچ پۇشۇقى قىلامىلا؟ — دەپ سورىدى.

— ئىككى مېھمىنىم بار ئىدى، كەلمەيۋاتىدۇ. سەن ئاۋۋال ماڭا ئوبدان مەيدىن بىر خۇمرا كەلتۈر، بېلىقتىن باشقا، مېۋە - چېۋە، تائاملىرىڭ بولسىمۇ ئېلىپ كېلىۋەر، — دېدى سۇڭ جياڭ.

مەيپۇرۇش بۇنى ئاڭلاپ راۋاقتىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ بىردەمدىلا بىر پەتنۇسنى ۋە بىر چىرايلىق گۈللۈك خۇمرىدا ئېسىل مەينى كۆتۈرۈپ چىقتى. كۆك - گېزەك، يېڭى مېۋە - چېۋىلەرنى تىزدى، مەي قۇيدى، سېمىز قوي گۆشى، چۈجە

گۆشى، دۇملەپ پىشۇرۇلغان غاز ۋە باشقا سېمىز گۆشلەر قىپقىزىل تەخسىلەرگە سېلىنغانىدى. سۇڭ جياڭ بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىدە ناھايىتى خۇشال بولۇپ: «ھاي - ھاي! بۇ نېمىدېگەن ئېسىل تائاملار، نېمىدېگەن كۆركەم قاچىلار - ھە! جياڭجۇ ئايىمقى دەرۋەقە ئوبدان يەر ئىكەن. مەن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، يىراق جايدىن بۇ يەرگە پالىنىپ كەلگەن بولسامۇ، مانا مۇشۇ يەردە تاغ - دەريانىڭ چىن ئۆزىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. بىزنىڭ يۇرتىمىزدىمۇ بىرنەچچە داڭلىق تاغلار، قەدىمىي بارگاھلار بارۇ، بىراق بۇنچىلىك كۆركەم، ھەيۋەتلىك ئەمەس» دەپ ئۆزىچە ماختاپ كەتتى. ئۆزى يالغۇز سالاسۇنغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ بىر - ئىككى قەدەھ ئىچىپ پەيزى قىلدى - دە، ئىچىپ ئولتۇرۇپ تۇيمايلا كەيپ بولۇپ قالدى، بىردىنلا ئۇ: «مەن شەندۇڭدا تۇغۇلۇپ، يۇنچېڭ شەھىرىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم، ئوقۇمۇشلۇق مەنسەپدار ئائىلىدە دۇنياغا كەلدىم، نۇرغۇن ئەلكېزەر مەرد پالۋانلار بىلەن تونۇشتۇم، بىر قۇرۇق نامىم بولسىمۇ، يېشىم ئوتتۇزدىن ئاشتى، نە نام - ئاتاق چىقىرالمىدىم، نە تۆھپە - خىزمەتلەر يارىتالمىدىم، ئەكسىچە يۈزۈمگە خەت چېكىلىپ بۇ يەرگە پالاندىم. يۇرتۇمدىكى قېرى ئاتام ۋە قېرىنداشلىرىم ئالدىغا قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ بارىمەن؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈردى، مەي ئۇنى تۇتۇشقا باشلىدى، ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، ئويلىغانسېرى كۆڭلى شۇنچە يېرىم بولدى، ئۇنىڭ ئىلھامى قوزغىلىپ كۆڭلىگە «شىجياڭيۆ» ئۇسلۇبىدا بىر نەزم كەلدى - دە، مەيپۇرۇشنى قەلەم - دۇۋەتلەرنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق - بۇياقنى سەيلە قىلدى، ئاپپاق ئاقارتىلغان تامدىكى بۇرۇنىسىدا ئۆتكەن ئادەملەر يېزىپ قالدۇرغان نۇرغۇن نەزملەر كۆزىگە چۈشتى.

ئۇ: «ھەي، نېمىشقا مەنمۇ بۇ يەرگە يېزىپ قويمايمەن؟ ناۋادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە شان - شۆھرەتكە ئېرىشىپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالسام، بۇلارنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۆتكەن ئۆمرۈمنى ۋە

هازىر تارتىۋاتقان جاپالىرىمنى ئەسلىمەيمەنمۇ؟» دەپ ئويلىدى ـ دە، مەينىڭ كەيپى بىلەن سىياھىنى قويۇق ئېزىپ، قەلەمنى تولۇق چىلاپ، ئاشۇ ئاق تامغا مۇنۇ نەزمىنى يازدى:

كىچىكىمدىن قىلىپ ئەجىر ئوقۇپ دەستۇر كاللامنامە،
بولۇپ چوڭ مەن زەكىلىكتە تولۇپ پەمۇپاراسەتكە.
غەيۇر يولۋاس كەبى ياتتىم، قاقاس تاغنى ماكان ئەيلەپ،
يۈرەكتە قالمىدى تاقەت، چىداپ يۈردۈم پىغان ئەيلەپ.
بەختسىزلىك چۈشۈپ باشقا، چېكىلدى يۈزلىرىمگە خەت،
بۈگۈن جىياڭجۇغا پالاندىم، قىلاي ئەمدى نىچۈك تاقەت.
كېلىپ يەتسە ئەگەر بىر كۈن، قىساسىمنى ئېلىشقا پەيت،
بويارمەن قانغا شۈنياڭنى چىقار دەردىم، قىلارمەن ھېيت.

سۇڭ جياڭ بۇنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزى كۆرۈپ چىقىپ، خۇشاللىقىدا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، يەنە بىر قانچە قەدەھ مەي ئىچىپ، خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي سەكرەپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، قولىغا يەنە قەلەم ئالدى ۋە ھېلىقى «شىجياڭيۈ» شېئىرىنىڭ ئارقىسىغا يەنە مۇنداق تۆت مىسرا نەزم يازدى:

ئۆزۈم جياڭجۇدىمەن، ئەمما خىيالىمدا كېزەر شەندۇڭ،
يۈرىمەن چەتتە سەرگەردان، يۈرەككە تولدى ھەسرەت ـ مۇڭ.
ئەمەلگە ئاشسا كۈنلەرنىڭ بىرىدە دىلدىكى ئارمان،
كۈلەرمەن شۇندا خۇاڭ چاۋنى ئاتاپ نامەرد تېپىپ دەرمان.

سۇڭ جياڭ نەزمىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىغا چوڭ ـ چوڭ قىلىپ: «يۈنچېڭلىق سۇڭ جياڭ يازدى» دەپ يېزىپ قويدى، ئاندىن قەلەمنى شىرەگە تاشلاپ، يەنە بىر مەھەل غەزەل ئېيتتى. كېيىن يەنە بىرقانچە قەدەھ مەي

ئىچمۇەتتى، مەي ئۇنى كەيپ قىلىپ قويدى، ئۇ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇ مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ ھېساب ـ كىتاب قىلىپ، يېنىدىن بىرمۇنچە كومۇشنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى ۋە مەي، تائام پۇلىدىن ئېشىپ قالغىنىنى مەيپۇرۇشقا ئىنئام قىلىۋېتىپ، يەڭلىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە راۋاقتىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ، كۆرەڭگە قايتىپ كېلىپ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ـ دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ تاڭ سۈزۈلگىچە ئۇخلىدى، مەستلىكى يېشىلگەندە، تۈنۈگۈن ئۆزىنىڭ شۇنىياڭ دەرياسى بويىدىكى راۋاقتا نەزم يازغانلىقى تامامەن ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى، ئۇ كۈنى ئۇنى مەي چىشلىۋالغانلىقتىن كەچكىچە ئۆيدە ئۇخلىدى، بۇ گەپ ئەمدى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى جياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئۇ قېتىدىن ئاڭلاڭ. بۇ يەردە ۋۇۋېي دېگەن بىر قەلئە بولۇپ، چەترەك جايغا جايلاشقانىدى. ئۇ يەردە بىر بىكارچى نائىب بولۇپ، ئىسمىزاتى خۇاڭ ۋېنبىن ئىدى. بۇ ئادەم كىتابنامىلەرنى ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن تەخسىكەش، خۇشامەتچى، قىتىغۇر بىر ئادەم ئىدى، ئاق كۆڭۈل، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەرنى كۆرەلمەيتتى. ئۆزىدىن ئىقتىدارلىقلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۆزىدىن ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىپ، يۇرتتىكى كىشىلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپلا يۈرەتتى. ئۇ كىشىلەردىن ئامبال سەي جيۇنىڭ شۇ خاندانلىقتىكى سەي جىڭ ۋەزىرئەزەمنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ھەمىشە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ يالاقچىلىق قىلىدىغان، خىزمەتكە تونۇشتۇرۇپ قويامدىكىن دېگەن تەمە بىلەن دائىم دېگۈدەك دەريادىن ئۆتۈپ ئۇنى يوقلاپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. سۇڭ جياڭنىڭ پېشانىسىگە ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىش پۈتۈلۈپ كەتكەندەك، ئۇ دەل مانا مۇشۇ رەقىبكە يولۇقۇپ قالدى.

شۇ كۈنى خۇاڭ ۋېنبىڭ ئۆيىدە بىكار ئولتۇرۇپ زېرىكىپ، ئىككى مالىيىنى ئەگەشتۈرۈپ ئانچە ـ مۇنچە يېڭى مېۋە ـ

چىۋىلەرنى سوۋغا ـ سالاملىق ئۈچۈن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تېز ئۈزەر قېيىقى بىلەن ئامبال سەي جيۇنى يوقلىغىلى يامۇلغا كەلدى. قىرىشقاندەك دەل مۇشۇ چاغدا يامۇلدا زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈۋېتىپتۇ، ئۇ كىرىشكە پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز قېيىقىنىڭ يېنىغا قايتىپ باردى، ئۇنىڭ مالايلىرى قېيىقنى شۇنياڭ راۋىقىنىڭ تۈۋىگە باغلاپ قويغانىدى. خۇاڭ ۋېنبىڭ هاۋانىڭ بەك ئىسسىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، راۋاققا چىقىپ بىر پەس سەيلە قىلىپ چۈشمەكچى بولدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ مەيخانىغا كىرىپ بىر ئايلانغاندىن كېيىن راۋاققا چىقتى، ئۇ سالاسۇنغا يۆلەنگەن پېتى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن تامغا يېزىلغان نەزمىلەرگە كۆز تاشلىدى، تامدا نەزمىلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئوبدان يېزىلغانلىرىمۇ، مۇقامدا يوق ئېگىز ـ پەس سۆزلەر بىلەن يېزىلغانلىرىمۇ بار ئىكەن، خۇاڭ ۋېنبىڭ بۇ نەزمىلەرنى مەسخىرە قىلىپ، كۈلۈپ قويۇش بىلەنلا كۆرۈپ ئۆتتى، دەل بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى سۇڭ جياڭنىڭ «شىنجياڭيۈ» ئۇسلۇبىدىكى نەزمىسىگە ۋە يەنە تۆت مىسرا نەزمىگە چۈشۈپ قالدى ـ دە، چۆچۈپ كېتىپ: «بۇ ئىسيان نەزمى ئەمەسمۇ؟ كىم يازغاندۇ؟» دېدى ۋە ئۇنىڭ ئايىغىغا «يۈنچېڭلىق سۇڭ جياڭ يازدى» دېگەن خەتلەر يېزىلغانلىقىنى كۆردى. خۇاڭ ۋېنبىڭ يەنە: «كىچىككىمدىن قىلىپ ئەجىر ئوقۇپ دەستۇر كالامنامە، بولۇپ چوڭ مەن زەكىلىكتە تولۇپ پەمۇپاراسەتكە» دېگەن مىسرالارنى ئوقۇپ: «بۇ ئادەم ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايدىكەن ـ دە» دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلدى ۋە يەنە: «غەيۇر يولۋاس كەبى ياتتىم، قاقاس تاغنى ماكان ئەيلەپ، يۈرەكتە قالمىدى تاقەت، چىداپ يۈردۈم پىغان ئەيلەپ» دېگەن مىسرالارنى ئوقۇپ: «بۇ، تېخى ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلمايدىغان بىر مۇتتەھەم ئىكەن ـ دە» دېدى، ئاندىن يەنە: «بەختسىزلىك چۈشۈپ باشقا، چېكىلدى يۈزلىرىمگە خەت، بۇگۈن جياڭجۇغا پالاندىم، قىلاي ئەمدى نېچۈك تاقەت» دېگەن مىسرالارنى ئوقۇپ: «قارىغاندا ئۇنچىلىك يۈكسەك



www.uyghurkitap.com

ئىرادىلىك بىرنېمە ئەمەستەك تۇرىدۇ، بىر پالاندى ئوخشايدۇ» دېدى ـ دە، يەنە: «كېلىپ يەتسە ئەگەر بىر كۈن، قىساسىمنى ئېلىشقا پەيت، بويارمەن قانغا شۇنياڭنى چىقار دەردىم، قىلارمەن ھېيت» دېگەن مىسرالارنى ئوقۇپ: «بۇ مۇتتەھەم كىمدىن قىساس ئالماقچى؟ بۇ يەردە بىر ئىش توغدۇرماقچىمۇ نېمە! ئۆزۈڭ پالاندى تۇرساڭ نېمە قىلماقچىدىڭ سەن؟» دېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن «ئۆزۈم جياڭجۇدىمەن، ئەمما خىيالىمدا كېزەر شەندۇڭ، يۈرىمەن چەتتە سەرگەردان، يۈرەككە تولدى ھەسرەت ـ مۇڭ» دېگەن مىسرالارنى ئوقۇپ: «بۇ ئىككى مىسرادا ئۆزىچە خاپىلىقىنى ئىزھار قىپتۇ» دېدى ۋە يەنە «ئەمەلگە ئاشسا كۆڭلەرنىڭ بىرىدە دىلدىكى ئارمان، كۆلەرمەن شۇندا خۇاڭ چاۋنى ئاتاپ نامەرد تېپىپ دەرمان» دېگەن مىسرالارنى ئوقۇپ بېشىنى چايقاپ: «ھۇ ئەدەپسىز مۇتتەھەم! تېخى خۇاڭ چاۋدىن ئېشىپ چۈشەرمىش، بۇ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغانلىق بولماي نېمە؟» دېدى. ئاخىرىدا نەزمىنىڭ ئاستىدىكى «يۈنچېڭلىق سۇڭ جياڭ يازدى» دېگەن سۆزلەرنى كۆرۈپ، «بۇ نامنى كۆپ ئاڭلىدىم، بۇ ھەرقاچان بىر كىچىك مەنسەپدار ئوخشايدۇ» دېدى ۋە مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن:

— بۇ ئىككى نەزمىنى بۇ يەرگە زادى قانداق ئادەم يېزىپ قويدى؟ — دەپ سورىدى.

— تۈنۈگۈن بىر ئادەم ئۆزى يالغۇز كېلىپ بىر خۇمرا مەي ئىچتى، مەيدىن كېيىن كەيپىلىكتە يازدى، — دېدى مەيپۇرۇش.

— ئۇ قانداق ئادەم ئىكەن؟

— يۈزىدە ئىككى قۇر ئالتۇن تامغىسى بار ئىكەن، مەھبۇسلار كۈرەسىدىكى ئادەمدەك تۇرىدۇ. قارىمۇتۇق، پاكىنەك، سېمىز ئادەم.

— خوپ، — دېدى خۇاڭ ۋېنبىڭ ۋە دۇۋەت ـ قەلەم ئەكەلدۈرۈپ، نەزمىنى بىر پارچە قەغەزگە كۆچۈرۈپ يېنىغا سېلىۋالدى، ئاندىن كېيىن مەيپۇرۇشقا نەزمىنى

www.uyghurkitap.com

ئۆچۈرۈۋەتمەسلىكنى تاپىلىدى.

خۇاڭ ۋېنبىڭ راۋاقتىن چۈشۈپ قېيىنقىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇ يەردە شۇ كېچىسى قونۇپ قالدى. ئۇ ئەتىسى ئاماقتىن كېيىن مالايلىرىغا ساندۇقنى كۆتۈرتكۈزۈپ، يەنە ئۇدۇل يامۇل ئالدىغا باردى. بۇ چاغدا نۆۋەتچى ئامبال يامۇلدىن ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى. خىزمەتكارلار ئامبالغا خەۋەر قىلدى. بىر ئازدىن كېيىن ئامبال سەي جيۇ خۇاڭ ۋېنبىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن خۇاڭ ۋېنبىڭ ئامبالغا سوۋغا ـ سالىمىنى تۇتتى، مېھمان ۋە ساھىبخانىلار ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن خۇاڭ ۋېنبىڭ:

— پېقىر، تۈنۈگۈن ئۆزلىرىنى يوقلاپ كېلىۋىدىم، زىياپەت ئۈستىدە ئىككەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ كىرەلمىدىم. بۈگۈن قايتىدىن يوقلاپ كەلدىم، — دېدى.

— نائىب سىز مېنىڭ ئۆز سىردىشىم تۇرسىڭىز، نېمىدىن تەپ تارتىسىز، كىرىپ بىللە ئولتۇرىۋەرمەمسىز! ئالدىڭىزغا چىقىپ قارشى ئالالماپتىمەن! — دېدى ئامبال.

ئۇنىڭ يېنىدىكى خىزمەتچىلەر چاي ئېلىپ كىرىشتى، چايدىن كېيىن خۇاڭ ۋېنبىڭ:

— بېگىم! ھەزرەتلىرىدىن سورالمايۋاتىمەن. يېقىن ئارىدا ھەزرىتى ۋەزىرئەزەم قېشىدىن مۇبارەك ھۇزۇرلىرىغا بىرەر كىشى ئەۋەتىلدىمىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۈلۈشكۈن مەكتۇپ كەلدى، — دېدى ئامبال.

— سوراشقا تىلىم بارمايۋاتىدۇ، — دېدى خۇاڭ ۋېنبىڭ، — پېقىرنىدىن بۇيان ئاستانىدە قانداق خەۋەر ـ پەۋەرلەر باركىن؟

— ئاتام، — دېدى ئامبال، — ئۆز مەكتۇپىدا: «خانلىق رەسەتخانا: ‹كېچىدە ئاسمان ھادىسىلىرىگە نەزەر سالساق، ئەختەر يۇلتۇزى ۋۇ، چۇ يۇرتىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قاپتۇ، بەزىلەر يېغى قىلماقچى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ، بۇنى ئوبدان تەكشۈرۈپ، دەرھال تۇپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋەتمەك لازىم› دەپ جاكارلىدى. بۇنىڭدىن

باشقا كوچا ـ كويلاردىكى خەق ئاغزىدا: «زىيان يەتكەي ئەل ـ يۇرتقا ئۆي بىلەن ھەم ياغاچ①تىن، يىغى چىققاي سۇ بەلگىلىك ئىش② دىگەن نام ـ ئاتاقتىن قوش ئالتىلىق يىل ـ ئايدا، ئىسيان چىققاي شەندۇڭدىن، دىگەن قوشاق تارقىلىپ يۈرىدۇ» دىگەن سۆزلەرنى يېزىپ كېلىپ، مېنىڭدىن بۇ يەرنى ئوبدان قوغداشنى جېكىلەپتۇ.

— تەخسىر، بۇ تاسادىپىي ئىش ئەمەس، — دىدى خۇاڭ ۋېنبىڭ بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن كۈلۈپ ۋە ھېلىقى كۆچۈرۈۋالغان نەزمنى يەڭ ئىچىدىن چىقىرىپ ئامبالغا سۇنۇپ، — گەپ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىمەن، — دىدى.

— بۇ ئىسيان نەزمىسى ئىكەن، نائىب، بۇنى نەدىن تاپتىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئامبال سەي جيۇ.

— كەمىنىلىرى تۈنۈگۈن يامۇلغا كىرىشكە پېتىنالماي، دەريا بويىغا قايتىپ كەتتىم، ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغۇدەك ئىش تاپالماي، شۈنياڭ راۋىقىغا سەگىدەپ ـ سەيلە قىلىپ كېلەي دەپ بارغانىدىم، ئۇ يەردە بۇرۇنىسىدا ئۆتكەن ئادەملەر يېزىپ قويغان نەزملەرنى كۆرۈپ تۇرسام، ئاپپاق ئاقارتىلغان تامغا يېڭىلا يېزىلغان مۇشۇ نەزم تۇرۇپتۇ، — دىدى خۇاڭ ۋېنبىڭ.

— بۇنى قانداق ئادەم يېزىپتۇ؟

— بىگىم، «يۈنچېڭلىق سۇڭ جياڭ يازدى» دەپ نام ـ ئەملىنىمۇ ئوچۇق يېزىپ قويۇپتۇ.

— سۇڭ جياڭ دىگەن كىم ئىكەن؟

— ئۇ ئېنىق قىلىپ «بەختسىزلىك چۈشۈپ باشقا، چېكىلدى يۈزلىرىمگە خەت، بۇگۈن جياڭجۇغا پالاندىم، قىلاي ئەمدى نېچۈك تاقەت» دەپ يازغىنىغا قارىغاندا، بىر پالاندى ئىكەنلىكى ئېنىق، ئۇ مەھبۇسلار كۇرەسىدىكى بىر گۇناھكار ئوخشايدۇ.

— بىر پالاندىنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟

---

① ئۆي بىلەن ھەم ياغاچ — خەنزۇچە «宋» (سۇڭ) دىگەن خەتنى كۆرسىتىدۇ.
② سۇ بەلگىلىك ئىش — خەنزۇچە «江» (جياڭ) دىگەن خەتنى كۆرسىتىدۇ.

— بىگىم، ئۇنداق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، بايىقى مۇبارەك ھۇزۇرلىرىغا كەلگەن مەكتۇپتا ئېيتىلغان قوشاقتا دەل مۇشۇ ئۈچۈر بولۇپ تۇرۇپتۇ.

— بۇنى قانداق بىلىسىز؟

— «زىيان يەتكەي ئەل - يۇرتقا ئۆي بىلەن ھەم ياغاچتىن» دېگىنى «ئۆي» (家) دېگەن بەلگە بىلەن «ياغاچ» (木) دېگەن خەتتىن ھاسىل بولغان «سۇڭ» (宋) دېگەن خەتنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئەل - يۇرتنىڭ مال - دۇنياسى، ئاشلىق - تۈلۈكىگە زىيان كەلتۈرىدىغان ئادەمنىڭ دەل سۇڭ ئۇرۇقىدىن بولغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى مىسرادىكى «يىغى چىققاي سۇ بەلگىلىك ئىش دېگەن نام - ئاتاقتىن» دېگىنى «سۇ» (氵) دېگەن بەلگە يېنىغا «ئىش» (工) دېگەن خەت قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان «جياڭ» (江) دېگەن خەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قورال - ياراغ كۆتۈرۈپ يىغى قىلىدىغان ئادەم جياڭ ناملىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. دېمەك، بۇ كىشىنىڭ ئىسمىزاتى سۇڭ جياڭ ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسيان نەزمىسى يېزىشىنى تەقدىر پېشانىسىگە پۈتكەن. بىزنىڭ ئۇنى بىلىۋالغانلىقىمىز ئەھلى - خالايىقنىڭ تەلەيلىك ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

— «قوش ئالتىلىق يىل - ئايدا، ئىسيان چىققاي شەندۇڭدىن» دېگىنى نېمىسى؟

— ئۇ قوش ئالتە قېلىپ قالغان يىلنى ياكى قوش ئالتە كەلگەن كۈننى كۆرسىتىدۇ، «ئىسيان چىققاي شەندۇڭدىن» دېگىنى ھازىرقى شەندۇڭنىڭ يۈنچېڭ شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۆت مىسرالىق نەزم دەل قوشاق بىلەن بىر يەردىن چىقتى.

— بۇ يەردە مۇشۇ ئادەم بارمىدۇ؟

— كەمىنىلىرى تۈنۈگۈن كېلىپ مەيپۇرۇشتىن سورىسام، بۇنى بىر ئادەم ئالدىنقى كۈنى يېزىپ قويۇپ كەتتى، دېدى. بۇنى ئېنىقلاش تەس ئەمەس. مەھبۇسلار كۈرەسىنىڭ رويخەت دەپتىرىنى ئېلىپ تەكشۈرسەكلا بار - يوقلۇقى مەلۇم بولىدۇ.

— نائىب، سىزنىڭ دانا پىكرىڭىز بەكمۇ ئورۇنلۇق، — دېدى ئامبال ۋە خىزمەتكارلىرىنى چاقىرىپ، مەھبۇسلار كۇرەسىنىڭ رويخەت دەپتىرىنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. خىزمەتكارلار رويخەت دەپتىرىنى ئاچىقتى. ئامبال سەي جيۇ ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ۋاراقلاپ چىقتى، دەرۋەقە دەپتەرنىڭ ئاخىرىدا بۇ يىل پالىنىپ كەلگەن «يۇنچېڭلىق سۇڭ جياڭ» دېگەن بىر يېڭى گۇناھكارنىڭ نامى چىقىپ قالدى. خۇاڭ ۋېنبىڭ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن:

— ھېلىقى پىتنە ـ پاساتتا ئېيتىلغان كىشى دەل مۇشۇ، بۇنىڭغا سەل قارىمىسىلا. ئەگەر كېچىكىپ قالساق، بۇ ئىش سېزىلىپ قېلىشى ئېھتىمال، شۇڭا دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ تۇتۇپ كېلىپ، زىندانغا تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن قانداق قىلىشنى مەسلىھەتلەشسەك، — دېدى.

— ئېيتقىنىڭىز بەكمۇ ئورۇنلۇق، — دېدى ئامبال ۋە دەرھال دىۋانغا كىرىپ، ئىككى كۇرەنىڭ زىندانبېگىنى چاقىردى. تۆۋەندە دەي زۇڭ سالام بېرىپ ھازىر بولدى.

— سەن، — دېدى ئامبال، — يايىلارنى باشلاپ دەرھال مەھبۇسلار كۇرەسىگە بېرىپ، شۇنياڭ راۋىقىغا ئىسيان نەزمىسى يازغان گۇناھكار، يۇنچېڭلىق سۇڭ جياڭنى تۇتۇپ كەل، بىرئازمۇ كېچىكتۇرۇپ بولمايدۇ.

دەي زۇڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چۆچۈپ كەتتى ـ دە، كۆڭلىنى غەشلىك قاپلىدى. ئۇ دەرھال يامۇلدىن چىقىپ، زىندانبېگى، گۇندىپايىلارنى توپلاپ: «ھەممىڭلار ئۆيۇڭلەرگە بېرىپ، قورال ـ ياراغلىرىڭلارنى ئېلىپ مېنىڭ تۇرالغۇم يېنىدىكى چېڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىغا يىغىلىڭلار» دەپ تاپىلاپ، ئۇلارنى ئۆيلىرىگە قايتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يەل تاپانلىق كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ مەھبۇسلار كۇرەسىگە كېلىپ، ئۇدۇل مىرزىخانىغا كىردى. سۇڭ جياڭ شۇ يەردە ئىكەن. سۇڭ جياڭ دەي زۇڭنى كۆرۈپ ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئۈلۈشكۈن شەھەرگە كىرىپ سىلىنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، ئۆيلىرىدە يوق ئىكەنلا، شۇڭا يالغۇز ئىچىم پۇشۇپ، شۇنىڭ راۋىقىغا كىرىپ بىر خۇمرا مەي ئىچكەنىدىم. شۇ مەي چىشلىۋېلىپ ئىككى كۈندىن بۇيان گاراڭ ھالەتتە يۈرىمەن، — دېدى.

— ئاغا، سىلى ئۈلۈشكۈن راۋاقتا نېمىلەرنى يېزىپ قويغان؟ — دەپ سورىدى دەي زۇڭ.

— كەيپچىلىكتە يازسام يازغاندىمەن، ئۇ كىمنىڭ يادىدا تۇرسۇن دەيدىلا، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ھېلى ئامبال مېنى دىۋانغا چاقىرىپ: «بىرنەچچە يايى باشلاپ بېرىپ، شۇنىڭ راۋىقىغا ئىسيان نەزمىسى يازغان يۈنچېڭلىق گۇناھكار سۇڭ جياڭنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ ياموۇلغا ئېلىپ كېلىسەن» دەپ بۇيرۇدى. پېقىر چۆچۈپ كېتىپ خىزمەتكارلارغا چېڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىغا بېرىپ مېنى ساقلاپ تۇرۇشنى دەپ قويۇپ، ئاتايىتەن سىلىگە خەۋەر قىلىشقا كەلدىم، ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلغۇلۇق؟ — دېدى دەي زۇڭ.

— ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم! — دەپ ئاھ ئۇردى سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ قانداق قىلىشنى بىلمەي.

— ئاغا، — دېدى دەي زۇڭ، — مەن قۇتۇلۇشنىڭ پەنتىنى كۆرسىتەي، سىلىگە خوپ كېلەرمىكىن؟ مەن ھايال بولۇپ قالسام بولمايدۇ، مەن ھازىر قايتىپ بېرىپ ئادەملىرىم بىلەن سىلىنى تۇتقىلى كېلىمەن، سىلى دەرھال چاچلىرىنى چۇۋۇپ، ئورۇنلىرىغا تەرەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئېغىناپ ياتقاندىن ساراڭ بولۇپ يېتىۋالسىلا، مەن ئادەملەرنى ئېلىپ كەلگەندە، ئاغزىلىرىغا كەلگەننى جۆيلۈپ ئېگىز - پەس سۆزلەپ، ئېلىشىپ قالغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالسىلا، شۇنىڭ بىلەن مەن قايتىپ بېرىپ، ئامبالغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن.

— ئەقىل كۆرسەتكەنلىرىگە رەھمەت جېنىم ئۇكام، قېنى

بىر شۇنداق قىلسىلا، — دېدى سۇڭ جياڭ رەھمەت ئېيتىپ.
دەي زۇڭ شۇ ھامان سۇڭ جياڭ بىلەن خوشلىشىپ، شەھەرگە قايتىپ، چېڭخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىغا باردى ـ دە، يايىلارنى باشلاپ ئۇدۇل مەھبۇسلار كۆرەسىگە كىردى. ئۇ كىرىپلا:
— يېڭىدىن پالىنىپ كەلگەن سۇڭ جياڭ دېگىنىڭ قايسىڭ؟ — دەپ يالغاندىن ۋارقىرىدى.
چېرىكبېشى ئۇلارنى مىرزىخانىغا باشلاپ كىردى، ئۇلار سۇڭ جياڭنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا ئۆزىنىڭ تەرىتى ئۈستىدە ئېغىناپ ياتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ دەي زۇڭ بىلەن يايىلارنى كۆرۈپلا:
— نېمە قىلغىلى كەلگەن ئەبلەخلەر سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.
— تۇتۇڭلار بۇ مۇتتەھەمنى ! — دەپ ۋارقىرىدى يالغاندىن دەي زۇڭ.
— مەن ئۇلۇغ تەڭرىتائالانىڭ كۈيئو ئوغلى بولىمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ ئۇلارنى تىللاپ، — قېيىنئاتام ماڭا ئون تۈمەن ساھابە ـ پەرىشتىلەرنى قوشۇپ، سەن جياڭجۇلۇقلارنى قىرىشقا ئەۋەتتى، لەشكەرلىرىمنىڭ ئالدىدا ئەزرائىلنىڭ ئۆزى سەركەردە بولۇپ، لەشكەرلىرىمنىڭ ئارقىسىدا شاھىمەردان مەدەتكار ـ ھەمدەم بولۇپ كەلدى. تەڭرىتائالا ماڭا سىلەر ئەبلەخلەرنى قىرىۋەت دەپ سەككىز يۈز نەچچە جىڭ كېلىدىغان ئالتۇن تامغا بەردى.
— بۇ ئېلىشىپ قالغان ئادەم ئىكەنغۇ، ئۇنى تۇتۇپ نېمە قىلىمىز؟ — دېدى يايىلار ئۇنى كۆرۈپ.
— راست ئېيتتىڭلار، قايتىپ بېرىپ شۇنداق دەيلى، ئەگەر تۇتۇپ كېلىڭلار دېسە يەنە كېلىپ تۇتارمىز، — دېدى دەي زۇڭ.
يايىلار دەي زۇڭغا ئەگىشىپ ئايماق يامۇلغا قايتتى، ئامبال سەي جيۇ دىۋاندا ئۇلاردىن خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن. دەي زۇڭ ۋە يايىلار دىۋان ئالدىغا كېلىپ ئامبالغا:

— سۇڭ جياڭ دېگەن بۇ نېمە ئېلىشىپ قالغان بىر نېمە ئىكەن. پوق - سۈيدۈككىمۇ پەرۋا قىلماي، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئېغناپ ئاغزىغا كەلگىنىچە ئېگىز - پەس سۆزلەپ يېتىپتۇ. ئەزايۇبەدىنىنىڭ ھەممىسى پوق - سۈيدۈكلەرگە مىلىنىپ كېتىپتۇ، يېقىن ياندىشقىلى بولىدىغاندەك ئەمەس، — دەپ مەلۇم قىلدى.

ئامبال بۇنىڭ نېرى - بېرىسىنى سوراي دەپ تۇرغاندا، دەرپەردىنىڭ ئارقىسىدا ئەگىپ يۈرگەن خۇاڭ ۋېنبىڭ ئامبالنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۇ گەپكە ئىشەنمىسىلە. ئۇنىڭ يازغان نەزمىسى ۋە خېتىنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇ ساراڭ ئادەم ئەمەس، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئويۇن بار بولسا كېرەك. قانداق بولسا بولسۇن، تۇتۇپ كەلسۇن، ماڭالمىسا كۆتۈرۈپ بولسىمۇ ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى.

— نائىب سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز توغرا، — دېدى ئامبال ۋە دەي زۇڭغا قاراپ:

— قانداقلا بولسا بولسۇن تۇتۇپ كېلىۋېرىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

دەي زۇڭ پەرماننى ئېلىپ، «چاتاق بولدى» دەپ ئويلىدى ۋە يەنە يايىلارنى باشلاپ مەھبۇسلار كۈرەسىگە كېلىپ سۇڭ جياڭغا:

— مېھرىبان ئاغا، ئىش ئەپلەشمەي قالدى. ئۆزلىرى بىر بېرىپ كەلمىسىلە بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى - دە، سۇڭ جياڭنى چوڭ بىر باداڭغا سېلىپ كۆتۈرگىنىچە ئايماق يامۇلىغا ئەكېلىپ دىۋان ئالدىغا چۈشۈردى. ئامبال ئۇنى كۆرۈپ:

— قېنى ئۇ ئەبلەخنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى.

يايىلار سۇڭ جياڭنى دىۋاننىڭ تاپىسىسى ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. سۇڭ جياڭ نەدىكىنى تىز پۈكسۇن، كۆزىنى ئېچىپ ئامبال سەي جيۇغا:

— قېنى مېنى سوراققا تارتىشقا پېتىنغان قانداق ئەبلەخ سەن!

مەن ئۇلۇغ تەڭرىتائالانىڭ كۆيۈئوغلى بولىمەن. قېيىنئاتام ماڭا ئون تۈمەن ساھابە ـ پەرىشتىلەرنى قوشۇپ، سەن جياڭجۇلۇقلارنى قىرىشقا ئەۋەتتى، لەشكەرلىرىمنىڭ ئالدىدا ئەزرائىلنىڭ ئۆزى سەركەردە بولۇپ، لەشكەرلىرىمنىڭ ئارقىسىدا شاھىمەردان مەدەتكار ـ ھەمدەم بولۇپ كەلدى. مەندە سەككىز يۈز نەچچە جىڭ كېلىدىغان بىر ئالتۇن تامغا بار، سەنلەر تېزرەك جېنىڭلارنى جان ئېتىڭلار، بولمىسا ھەممىڭ ئۆلۈشىسەن، — دېدى.

ئامبال سەي جيۇ بۇنى ئاڭلاپ بىرنېمە دېيەلمەي قالدى. خۇاڭ ۋېنبىڭ ئامبالغا يەنە:

— بۇ كۆرەنىڭ گۇندىپىيى بىلەن چېرىك باشلىقىنى چاقىرىپ كېلىپ، بۇ ئادەم كەلگەندىلا ساراڭمىدى ياكى يېقىندىن بۇيان ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ، دەپ سوراپ باقايلى، ئەگەر كەلگەندىلا ساراڭ بولسا ئۇنىڭ ساراڭلىقى راست. ئەگەر يېقىندىن بۇيان ساراڭ بولۇپ قالغان بولسا، ساراڭلىقى يالغان، — دېدى.

— ئېيتقانلىرىڭىز بەكمۇ ئورۇنلۇق، — دېدى ئامبال ۋە كۆرەبېگى بىلەن زىندانبېگى ھەم گۇندىپاينى چاقىرتىپ ئىككىسىدىن سورىۋىدى، ئۇلار يوشۇرۇشقا پېتىنالماي نائىلاج:

— بۇ كىشى كەلگەندە ساراڭدەك قىلمىغانىدى، يېقىندىن بۇيانلا شۇنداق كېسەل بولۇپ قالدى، — دەپ توغرىسىنى ئېيتىۋەتتى.

ئامبال بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق كايىپ كەتتى. ئۇ زىنداندىكى گۇندىپايلارنى چاقىرىپ، سۇڭ جياڭنى باغلاپ يىقىتقۇزۇپ ئەللىك نەچچە دەررە ئۇرغۇزۇپ، تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتتى. تاياق دەستىدە ئۇنىڭ بەدەنلىرى تىتماتىت بولۇپ، باش ـ كۆزلىرى قانغا بويالدى، دەي زۇڭ بۇنى كۆرۈپ ئىچىدە ئاھ ـ پىغان چەكتى ـ يۇ، قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا ۋەج ـ سەۋەب تاپالمىدى. سۇڭ جياڭ باشتا ئانچە ـ مۇنچە ئېغىز ـ پەس سۆزلەپ باقتى، كېيىن تاياققا چىدىيالماي نائىلاج:

— ئۆزۈمنى چاغلىماي مەي ئىچىپ، كەيپىلىكتە بىخەستەلىك قىلىپ، ئىسيان نەزمىسى يېزىپ قويۇپتىمەن، باشقا نىيىتىم يوق ئىدى، — دەپ ئىقرار قىلدى.

ئامبال ئىقرارنامىگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا قاتىللارغا سېلىنىدىغان يىگىرمە بەش جىڭلىق تاقاقتىن بىرنى سېلىپ زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇدى. سۆڭ جياڭ تاياق زەربىسىدىن پۇتنى قىمىرلىتالماي قالدى، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا تاقاق بېكىتىلىپ، ئۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلار ياتىدىغان زىندانغا تاشلاندى. لېكىن، دەي زۇڭ كۈچ چىقىرىپ گۇندىپايلارغا جېكىلەپ قويغانلىقتىن، ئۇلار سۇڭ جياڭغا ئوبدانراق قاراپ قويۇشتى. سۇڭ جياڭنىڭ تامىقىنى دەي زۇڭ ئۆزى ئەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى ئامبال سەي جيۇغا كېلەيلى. ئۇ دىۋاندىن يېنىپ خۇاڭ ۋېنبىڭنى ئىچكىرىكى دالانغا تەكلىپ قىلىپ كىرىپ:

— نائىب، سىزنىڭ يىراقنى كۆرەر دانالىقىڭىز بولمىغان بولسا، پېقىرنى بۇ ئەبلەخ ئالداپ كەتكىلى تاسلا قاپتىكەن، — دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— بېگىم، ھېلى بولسىمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، دەرھال بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ، بىر ئادەمدىن كېچىلەپ ئاستانىگە ئەۋەتىپ، ھەزرىتى ۋەزىرئەزەمگە بۇ ئىشنى مەلۇم قىلايلى، ۋەزىرئەزەمگە ئۆزلىرىنىڭ ئەل ئۈچۈن كۆرسەتكەن بۇ ئۇلۇغ خىزمەتلىرىنى ئايان قىلايلى. شۇنىڭ بىلەن خەتكە: «ئەگەر تىرىك ئەكېلىشىڭلار دېسىلە، كۆشۈككە سېلىپ ئەۋەتىمەن؛ ئەگەر يولدا قېچىپ كەتمىسۇن، ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار دېسىلە، مۇشۇ يەردىلا ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، بۇ چوڭ بالايىئاپەتنى بېسىقتۇرۇۋېتىمەن» دەپ ئىزھار قىلىپ قويايلى، ۋەزىرئەزەم بۇنىڭدىن خەۋەر تاپسا جەزمەن خۇش بولغۇسى، — دېدى خۇاڭ ۋېنبىڭ.

— نائىب، ئېيتقانلىرىڭىز بىرمۇبىر ئورۇنلۇق، پېقىر

دەرھال ئادەم ئەۋەتەي، مەكتۇپتا سىزنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىزنى ئالاھىدە ئىزھار قىلاي، ئاتام ھەزرىتى تەڭرىقۇتقا سىزنى مەلۇم قىلسۇن، بالدۇرراق دۆلەتمەنلىككە ئېرىشىپ، راھەت ـ ھالاۋەت كۆرگەيسىز، ــ دېدى ئامبال.

ــ كەمىنىلىرى، ــ دېدى خۇاڭ ۋېنبىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ــ ئۆمۈر بويى ئۆزلىرىگە تايىنىدۇ، ئاياغلىرىدا قۇلدەك ئىشلەپ ئالىي ھىممەتلىرىنى ياندۇرىدۇ.

خۇاڭ ۋېنبىڭ ئامبال سەي جيۇنى كۆشكۈرتۈپ، ۋەزىر ئەزەمگە مەكتۇپ يازغۇزۇپ، تامغىسىنى باستۇردى، ئاندىن كېيىن:

ــ بېگىم، مەكتۇپنى قايسى يېقىنلىرىدىن ئەۋەتىدىلا؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئايماق يامۇلىمىزدا ئىككى كۈرەنىڭ دەي زۇڭ ئاتلىق بىر زىنىدانبېگى بار، ئۇ يەل تاپانلىق كارامىتىنى ئىشقا سالسا، بىر كۈندە سەككىز يۈز چاقىرىم يول باسىدۇ. بۇ كىشىنى بۇرۇنراق ئەۋەتسەك، ئون كۈن ئەتراپىدىلا قايتىپ كېلەلەيدۇ، ــ دېدى ئامبال.

ــ شۇنداق تېز بولسا تېخىمۇ ياخشى، ــ دېدى خۇاڭ ۋېنبىڭ.

ئامبال سەي جيۇ ئىچكىرىكى دالاندا داستىخان راسلىتىپ خۇاڭ ۋېنبىڭنى مېھمان قىلدى. ئەتىسى خۇاڭ ۋېنبىڭ ئامبال بىلەن خوشلىشىپ ۋۇۋېي قەلئەسىگە قايتىپ كەتتى.

ئامبال سەي جيۇ ئىككى ساندۇقتا ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مارجان، مەرۋايىتلارنى قاچىلاپ، ئۈستىگە پېچەت چاپلىتىپ تەييارلاتتى. ئەتىسى دەي زۇڭنى ئىچكىرىكى دالانغا چاقىرتىپ:

ــ ئالتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئاتامنىڭ مەۋلۇت كۈنىگە ئاتاپ، مۇشۇ سوۋغا ـ سالام ۋە مەكتۇپنى ئاستانىدىكى ۋەزىر ئەزەم مەھكىمىسىگە ئەۋەتمەك بولۇۋاتىمەن، ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى، بۇنىڭغا پەقەت سەنلا ئۈلگۈرتۈپ

www.uyghurkitap.com

ئاپىرالايسەن، سەن بۇنى ئىغىر كۆرمەي، كىچىلەپ ئاپىرىپ بىرىپ جاۋاب خەت ئىلىپ كەلسەڭ، ساڭا كاتتا ئىنئام بىرىمەن. ماڭىدىغان يولۇڭنىڭ ھەممىسى كۆڭلۈمدە ئايان. سىنىڭ يەل تاپانلىق كارامىتىڭگە قاراپ، سىنىڭ خەۋەر ئىلىپ كىلەلەيدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن، يولدا ھايال بولۇپ ئىشقا دەخلى يەتكۈزۈپ قويما، ــــ دەپ جىكىلىدى.

دەي زۇڭ بۇنى ئاڭلاپ ياق دىيەلمىدى. ئۇ خەت ۋە ساندۇقنى ئىلىپ ئامبال بىلەن خوشلاشتى ـ دە، ئۆز چۇشكۇنىگە كىلىپ، نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ قويغاندىن كىيىن زىندانغا بىرىپ، سۇڭ جياڭغا:

ــــ ئاغا، خاتىرجەم بولسىلا، ئامبال مىنى ئاستانىگە بۇيرۇدى. ئون كۈن ئىچىدىلا قايتىپ كىلىمەن. ۋەزىرئەزەم مەھكىمىسىدە سىلىنى قۇتۇلدۇرۇۋىلىشنىڭ بىر ئامالىنى قىلىپ كۆرىمەن. ھەر كۈنلۈك غىزالىرىنى يەتكۈزۈپ بىرىشنى لى كۈيغا تاپىلاپ قويدۇم. مىھرىبان ئاغا، كەڭ قورساق بولۇپ، بىرنەچچە كۈن تاقەت قىلىپ تۇرسىلا، ــــ دىدى.

ــــ ۋاي جىنىم ئۇكام، بىر ئىلاج قىلىپ پىقىر سۇڭ جياڭنىڭ جىنىنى قۇتقۇزۇپ قالسىلا، ــــ دىدى سۇڭ جياڭ.

ــــ ئاغاڭ بىخەستەلىك قىلىپ، ئىسيان نەزمى يىزىپ قويۇپ، زىندانغا كىرىپ قالدى، ــــ دىدى دەي زۇڭ لى كۈينى چاقىرىپ دەرقەمتە تۇرغۇزۇپ، ــــ ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى نامەلۇم. ھازىر مىنى ئاستانىگە بۇيرۇدى، ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىپ كىلىمەن. ئاغامنىڭ ئەتە ـ ئاخشاملىق غىزاسىدىن ئۆزۈڭ خەۋەر ئىلىپ تۇرغىن.

ــــ ئىسيان نەزمىسى يىزىپ قويسا نىمە بوپتۇ! تۇرلۇك ـ تۈمەن شۇملۇقلارنى قىلغانلارمۇ چوڭ ئەمەلدار بولۇۋاتامدۇ؟ سەن خاتىرجەم كىتىۋەرگىن ئاغا، زىنداندا قىينى ئۇنىڭغا كىم چىقىلالايدىكىن ! ياخشىلىقچە ئۆتسە ياخشىلىقچە ئۆتىمىز، ياخشىلىقچە ئۆتمىسە ئاپپالتام بىلەن ئۇنداقلارنىڭ ئانىسىنى

كۆزىگە كۆرسىتىمەن، — دېدى لى كۇي.

— ئۇكام، ئېھتىيات قىلغىن، مەينى دەپ ئاغامنىڭ ئاش - تاماقلىرىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويما. كەيپ بولۇپ يېتىۋېلىپ، ئاغامنى ئاچ قويما يەنە، — دەپ تاپىلىدى دەي زۇڭ مېڭىش ئالدىدا يەنە.

— ئاغا، خاتىرجەم كېتىۋەرگىن. ئەگەر شۇنداق ئەندىشە قىلساڭ، پىقىر بۈگۈندىن باشلاپ مەي ئىچمەي، سەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىچەي، بۇ قانچىلىك ئىشتى، ئەتە - ئاخشامدا زىنداندا تۇرۇپ سۇڭ جياڭ ئاغامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاي، — دېدى لى كۇي.

— ئۇكام، بۇنداق ئىنسابقا كېلىپ ئاغامنى ئوبدان كۈتسەڭ، تېخىمۇ ياخشى، — دېدى دەي زۇڭ بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا.

دەي زۇڭ شۇ كۈنىلا خەيرلىشىپ مېڭىپ كەتتى. لى كۇي راستىلا مەي ئىچمەي، ئەتىسى - ئاخشىمى سۇڭ جياڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمىدى.

لى كۇينىڭ سۇڭ جياڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقانلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، دەي زۇڭغا كېلەيلى. دەي زۇڭ ئۆز چۈشكۈنىگە كېلىپ پۇتىدىكى تىزلاپچىلىرىنى يەڭگۈشلەپ، سەككىز قۇلاقلىق چورۇقىنى تارتتى، ناۋات رەڭ سېرىق كۆڭلىكىنى كىيىپ، بەلبېغىنى تۈزەشتۈردى. نىشان بەلگىسىنى قىستۇرۇپ، بوغمىچىسىنى يەڭگۈشلەپ، چۆنتىكىگە خەت ۋە خەج - خىراجەتلىرىنى سېلىپ، ئىككى ساندۇقنى كۆتۈردى - دە، شەھەر سىرتىغا چىقتى، يېنىدىن ئىككى جۈپ سېرىق تۇمارىنى چىقىرىپ، ھەربىر پۇتىغا بىر جۈپتىن تاڭدى، ئاندىن يەل تاپانلىق ئەپسۇنىنى ئوقۇشقا باشلىدى. يەل تاپانلىق كارامىتىنى قانداق دېمەمسىز؟

## نەزم

كۆكتە ئۇ ئۇزىدۇ گوياكى تۇمان،
بەئەينى بۇلۇتتەك ئۇچىدۇ ھەر يان.

ئالەمنى ئۇچقاندەك كېزەر تاپىنى،
ئاشىدۇ لىپ قىلىپ نى ـ نى تاغ ـ داۋان.
ھېلىلا مەلىدىن چىقسا سەپەرگە،
ئۇندۇ قايتىپ كېلىپ ئايماققا شۇئان.
پۇتىغا تىللا رەڭ تۇمارنى تاڭسا،
مىڭلارچە يول ئاڭا بىردەملىك ھامان.

شۇ كۈنى دەي زۇڭ جياڭجۇ ئايمىقىدىن چىقىپ، كەچكىچە يول يۈرگەندىن كېيىن بىر سارايغا بېرىپ چۈشتى، ئۇ پۇتىدىكى تۇمارنى يېشىپ تاشلاپ، يېنىدىن بىرنەچچە يۈز پارچە داچەن ئويۇلغان قەغەزنى ئېلىپ كۆيدۈردى. ئۇ يەردە بىر كېچە قونغاندىن كېيىن ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ، ئانچە ـ مۇنچە غىزا ـ تائام بىلەن ناشتا قىلىپ، سارايدىن ئايرىلدى ـ دە، ئىككى جۈپ تۇمارنى پۇتىغا تېڭىپ، ساندۇقلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا چوڭ ـ چوڭ چامداپ كېتىۋەردى. دەرۋەقە قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە بوران ـ چاپقۇن ئۇشقىرىتىپ تۇرسىمۇ، پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي كېتىۋەردى، يولدا ئاز ـ تولا گۆشسىز تاماق يەپ، گۆشسىز كۆك ـ گېزەك بىلەن مەي ـ شارابلارنى ئىچىپ، ھورنان يەپ مېڭىۋەردى. كەچ كىرگەندە بۇرۇنراق ئارام ئالاي دەپ، يەنە بىر سارايغا چۈشۈپ بىر كېچە قوندى. ئەتىسى ئۇ سالقىندا مېڭىۋېلىش ئۈچۈن، سۈبھى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، سېرىق تۇمارلىرىنى پۇتىغا تېڭىپ، ساندۇقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە يەنە يولغا چىقتى. ئالاھازەل ئىككى ـ ئۈچ يۈز چاقىرىم يول ماڭغان بولسىمۇ، چاشكا ۋاقتى بولۇپ قالغۇچە پاكىزرەك بىر مەيخانا ئۇچرىمىدى. بۇ دەل ئالتىنچى ئاينىڭ باشلىرى بولۇپ، ئوتتەك قىزىق ئاپتاپ ئادەمنى خۇددى قاسقاندا ھوردىغاندەك قىزىتىپ، پۈتۈن ئەزايى بەدىنىدىن چىپ ـ چىپ تەر ئاققۇزاتتى، ئۇ ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىشتىن قورقتى، دەل قورساقلىرى ئېچىپ، ئۇسساپ چاڭقاپ تۇرغان پەيتتە، دەي زۇڭنىڭ كۆزىگە ئالدى تەرەپتىكى

ئورمانلىقنىڭ يان تەرىپىدە كۆلگە ياندىشىپ تۇرغان بىر مەيخانا كۆرۈندى، دەي زۇڭ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ قارىسا، پاك ـ پاكىز يىگىرمە نەچچە ئورۇندۇقلۇق بىر مەيخانا ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى شىرە ـ ئورۇندۇقلارنىڭ ھەممىسى قىپقىزىل سىرلانغان بولۇپ، تۆت ئەتراپىدا سالاسۇنلىرى بار ئىكەن. دەي زۇڭ ساندۇقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، مەزمۇتراق بىر ئورۇندۇقنى تېپىپ ئولتۇردى، ئاندىن ساندۇقلىرىنى قويۇپ قويۇپ، پوتىسىنى يەشتى ۋە سىرىق كۆڭلىكىنى سېلىپ، سۇ پۈركۈپ سالاسۇنغا يېيىپ قويدى. دەي زۇڭ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مەيپۇرۇش كېلىپ:

— تەخسىر، قانچىلىك مەي كەلتۈرەي؟ مەيگە تېتىق قىلىشقا چوشقا، قوي، كالا گۆشلىرىنىڭ قايسىسىدىن ئېلىپ كېلەي؟ — دەپ سورىدى.

— مەي ئانچە كۆپ كېرەك ئەمەس، ماڭا بىر تاماق ئېتىپ بەر، — دېدى دەي زۇڭ.

— بۇ يەردە مەيمۇ، تاماقمۇ ھەم ھورنان، سۇيۇق ـ سەلەڭ نەرسىلەرمۇ بار.

— مەن گۆشلۈك تاماق يېمەيمەن. گۆشسىز قانداق سۇيۇق ـ سەلەڭ نەرسەڭ بار؟

— دورا ـ دەرمەك سېلىپ پىشۇرۇلغان چۆچمەل دۇفۇ ئېلىپ كەلسەم قانداقراقكىن؟

— ئوبدان، ئوبدان.

مەيپۇرۇش چىقىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر قاچا پىشۇرۇلغان دۇفۇ ۋە ئىككى تەخسە كۆك ـ گېزەكلەر كەلتۈردى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ ئاپقۇر مەي ئىسسىتىپ كەلدى. دەي زۇڭ قورسىقى ئاچ ھەم چاڭقاپ كەتكەنلىكتىن مەي بىلەن دۇفۇنى بىردەمدىلا سوقۇۋەتتى ھەمدە تاماق كەلگۈچە ئاسمان ـ زېمىن پىرقىراپ، بېشى قېيىپ، كۆزلىرى

قاراڭغۇلىشىپ، ئورۇندۇقىنىڭ يېنىغا يىقىلىپ چۈشتى. مەيپۇرۇش «يىقىلدى» دېيىشىگىلا ئىچكىرىدىن بىر كىشى چىقتى، ئۇنى قانداق كىشى ئىكەن دېمەمسىز؟ ئۇ:

يەلكىسى كەڭ، شادا پۇت، غۇنچە ئۇنىڭ بېلى گويا،
خۇش مۇلايىملىق بىلەن ئاچتى قۇچاق مېھمانىغا.
ئەم ـ پاراسەتلىك، چېھرى لياقەتلىك كەلگەن پالىۋان،
قۇرۇتقاق تىمساھ دېگەن نام ئالدى جۇ گۈي ئەل ئارا.

جۇ گۈي ئىچكىرىدىن چىقىپ:
ــ ئۇنىڭ ساندۇقلىرىنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، ئاۋۋال بۇ ئەبلەخنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ بېقىڭلار، يېنىدا نېمە باركىن، ــ دېدى.
ئىككى خىزمەتكار ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇردى، ئۇنىڭ يانچۇقىدىن قەغەز بولاقتا ئورالغان بىر پارچە خەت چىقتى، ئۇنى ئاتامان جۇ گۈيغا تاپشۇردى. جۇ گۈي ئۇنى يىرتىپ قارىسا، بىر پارچە دۇئايىۇسالام خەت ئىكەن. لېپاپىنىڭ ئۈستىگە: «بۇ دۇئايىسالام خەت ھۆرمەتلىك ئاتام ئالىيلىرىغا تېگىدۇ. ئوغلىڭىز سەي دېجاڭدىن» دەپ يېزىلىپتۇ. جۇ گۈي ئۇنى ئېچىپ باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭغا: «قوشاقلاردا ئېيتىلغاندەك چىقىپ، ئىسيان نەزمىسىنى يازغان شەندۇڭلۇق سۇڭ جياڭنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلىدىم، ھۆكمىڭىزگە قاراقلىق تۇرۇپتىمەن...» دېيىلگەن.
جۇ گۈي بۇنى كۆرۈپ بىر ھازاغىچە لام ـ جىم دېمەي، ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە قېتىپلا قالدى. خىزمەتكارلار دەي زۇڭنى كۆتۈرۈپ ئادەم سويىدىغان قاسساپخانىغا سۆرىمەكچى بولغاندا، ئورۇندۇقنىڭ باش تەرىپىدە تۇرغان پوتىسى سۆرىلىپ يەرگە چۈشتى، ئۇنىڭدا قىزىل، يېشىل سىرلاقلىق نىشان بەلگىسى ئېنىقلىق ئىكەن. جۇ گۈي بۇنى ئېلىپ قارىدى،

ئۇنىڭ ئۇستىگە: «جياڭجۇ ئايمىقىدىكى ئىككى كۇرەنىڭ زىندانبېگى دەي زۇڭ» دېگەن پارقىراق خەتلەر نەقىشلەنگەنىكەن. جۇ گۇي بۇنى كۆرۈپ: «ھەي، تەگمەي تۇرۇڭلار، مەن دائىم مۇشاۋىرىمىزدىن جياڭجۇ ئايمىقىدا دەي زۇڭ دەيدىغان بىر يەل تاپان شەيخ بار، ئۇ مېنىڭ جانجىگەر تونۇشۇم دېگەن گەپلەرنى ئاڭلايتتىم. بۇ ئاشۇ كىشى بولمىسۇن يەنە؟ بۇ قانداق قىلىپ سۇڭ جياڭنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئېلىپ كېتىۋاتىدىكىنە؟ يا تەڭرىم، ھېلىمۇ ياخشى بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالدى» دېدى ـ دە، خىزمەتكارلارغا:

— ماڭا زەھەر قايتۇرىدىغان تىرياق دورىسى ئەكېلىپ بېرىڭلار، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ، ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىر ئۇقۇپ كۆرەيلى، — دېدى.

خىزمەتكارلار تىرياق دورىسىنى ئەكېلىپ سۇدا ئېزىپ دەي زۇڭنى يۆلەپ تۇرۇپ ئىچۈرۈۋەتتى. بىرئازدىن كېيىن دەي زۇڭ كۆزلىرىنى ئېچىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ جۇ گۇينىڭ دۇئايىسالام خەتنى يىرتىپ قولىدا تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، ۋارقىراپ:

— قانداق نېمە سەن؟ يۈرىكىڭ ئەجەب چوڭكىنە، بىھوش دورىسى بىلەن مېنى مەست قىلىپ يىقىتىپسەن! ئەمدى بولسا ۋەزىرئەزەم مەھكىمىسىنىڭ خېتىنى يىرتىپ، پېچەت تامغىلىرىنى بۇزۇپسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق گۇناھقا تارتىلىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ — دېدى.

— بۇ پاسكىنا خېتىڭنى كۆرگەنگە نېمە بوپتۇ! ۋەزىرئەزەمنىڭ خېتىنى يىرتىپ كۆرۈش ئەمەس، يامىنى كەلسە ئۇلۇغ سۇڭ خانىغىمۇ تەڭ تۇرالايمەن، — دېدى جۇ گۇي مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ.

— پالۋان، — دېدى دەي زۇڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چۆچۈپ، — ئىسمىشەرىپلىرىنى ئاڭلاشقا ئىنتىزارمەن.

— مېنىڭ ھەرقانداق يەردە نام ـ ئەمەلىم بىر، لياڭشەن

كۆلىنىڭ پالۋىنى قورۇتقاق تىمساھ جۇ گوي دېگەن مەن بولىمەن، — دېدى جۇ گوي.

— لياڭشەن كۆلىنىڭ پالۋىنى بولغانىدىكەن ۋۇ يوڭ خەلپىتىمنى تونۇيدىغانلا، — دېدى دەي زوڭ.

— ۋۇ يوڭ خەلپەت تۇرامىزنىڭ مۇشاۋىرى، ئۇ لەشكەر ھوقۇقىنى تۇتىدۇ. ئۆزلىرى ئۇ كىشىنى قانداق تونۇيدىلا؟ — دەپ سورىدى جۇ گوي.

— پېقىر ئۇ كىشى بىلەن جانجىگەر تونۇش بولىمەن.

— ئۆزلىرى مۇشاۋىرىمىز ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان جياڭجۇ ئايمىقىدىكى ھېلىقى يەل تاپان شەيخ دەي زوڭ تۆرەم بولمىغايلا يەنە.

— مەن شۇ.

— سوڭ دانىش جياڭجۇ ئايمىقىغا پالىنىپ تاغ تۇرامىزدىن ئۆتكەندە مۇشاۋىر ئۆزلىرىگە خەت ئەۋەتكەنىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق بۈگۈن يەنە نېمىشقا سوڭ جياڭنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئېلىپ كېتىپ بارىدىلا؟

— سوڭ دانىش بىلەنمۇ جانجىگەر قېرىنداش بولىمەن. ئۇ ئىسيان نەزمىسى يېزىپ قويغانلىقتىن، ھازىر ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولمايۋاتىدۇ. ھازىر مەن ئاستانىگە بېرىپ بىر ئامال تېپىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى بولۇۋاتىمەن. مەن نېمىشقا ئۇنىڭ جېنىغا قەست قىلاي؟

— ئىشەنمىسىلە، ئامبال سەي جيۇنىڭ ئەۋەتكەن بۇ خېتىنى كۆرۈپ باقسىلا، — دېدى جۇ گوي ئۇنىڭغا خەتنى بېرىپ.

دەي زوڭ خەتنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ۋۇ يوڭ خەلپەتنىڭ دەسلەپتە ئەۋەتكەن خېتى ھەققىدە، سوڭ دانىش بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەم سوڭ جياڭنىڭ شۇنياڭ راۋىقىدا مەي ئىچىپ، كەيپلىكتە ئىسيان نەزمىسى يېزىپ قويغانلىقلىرى ھەققىدە بىر قۇر ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى. جۇ گوي:

— ئۇنداق بولسا سوڭ دانىشنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇۋېلىش

ئۇچۇن ئۆزلىرىنىڭ تاغ تۇراغا بېرىپ، ئاتامانلار بىلەن بىرلىكتە ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ كېلىشلىرىنى سورايمىز، — دېدى.

جۇ گۇي دەرھال داستىخان تەييارلىتىپ دەي زۇڭنى مېھمان قىلدى ۋە كۆل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان شىپاڭ تەرەپتىكى شاخاپچىغا قارىتىپ بىر تال بەلگە ئوق ئاتتى. ئوق چۈشكەن يەردىن چاپارمەنلەر بىر قېيىقنى ھەيدەپ كەلدى. جۇ گۇي دەي زۇڭنى ۋە ئۇنىڭ ساندۇقلىرىنى قېيىققا سېلىپ جىنشاتەنگە كېلىپ قىرغاققا چىقتى ۋە ئۇنى تۇراغا باشلاپ كىردى. ۋۇ يۇڭ خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال قوۋۇق سىرتىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ۋۇ يۇڭ دەي زۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن:

— ئايرىلغىنىمىزغا ئۇزۇن بولغانىدى، بۈگۈن ئۆزلىرىنى بۇياققا قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ قېنى تۇرايىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ ئاتامانلار بىلەن كۆرۈشسىلە، — دېدى.

— ھازىر سۇڭ دانىش مۇشۇ يەردىكى زىنداندا ئىكەن، — دېدى جۇ گۇي دەي زۇڭنىڭ نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ.

چاۋ گەي بۇنى ئاڭلاپ ئالمان - تالمان دەي تۆرىنى ئولتۇرغۇزۇپ، سۇڭ جياڭنىڭ نېمە سەۋەبتىن قاملىپ قالغانلىقىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سورۇشتۇردى. دەي زۇڭ سۇڭ جياڭنىڭ ئىسيان نەزمىسى يېزىپ قويغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. چاۋ گەي بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، ئۇ دەرھال ئاتامانلارنى چاقىرىپ، لەشكەرلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا جياڭجۇ ئايمىقىغا بېرىپ سوقۇش قىلىپ سۇڭ جياڭنى قۇتقۇزۇپ تاغقا ئېلىپ چىقىشنى جاكارلىدى. ۋۇ يۇڭ نەسىھەت قىلىپ:

— ئاغا، بۇنداق قىلساق بولمايدۇ، جياڭجۇ ئايمىقى بۇ يەرگە يىراق، لەشكەر باشلاپ بارساق ئالمادىس بىرەر كېلىشمەسلىككە دۇچ كېلىپ، ئۇلار تۇيۇپ قالسا، سۇڭ دانىشنىڭ جېنىغا زامىن

بولۇپ قالىمىز. بۇ ئىشنى كۈچ بىلەن ئەمەس، پەم بىلەن قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. پېقىر ۋۇ يۇك كەم ئەقىل ئادەم بولساممۇ، كىچىككىنە پەم كۆرسىتىپ باقاي، سۇڭ جياڭنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش پەقەت دەي تۆرەمگىلا باغلىق، — دېدى.

— مۇشاۋىر، قېنى قانداق پەنتىلىرى باركىن، ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى چاۋ گەي.

— ئامبال سەي جيۇ دەي تۆرىنى ئاستانىگە مەكتۇپ ئېلىپ بېرىپ، ۋەزىرئەزەمنىڭ جاۋاب خېتىنى ئېلىپ كەل دەپ ئەۋەتكەن، دەل ئەنە شۇ مەكتۇپ ئەۋەتىشتىن پايدىلىنىپ ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىمىز - دە، بىر پارچە ساختا جاۋاب خەت يېزىپ دەي تۆرەمدىن ئەۋەتىمىز. خەتكە: «گۇناھكار سۇڭ جياڭنى جازالىماي، ئىشەنچلىك ئادەملىرىڭدىن ئاستانىگە ئەۋەتكىن، ئاشۇ قوشاقتا ئېيتىلغان بالا - قازانى تۈپ تومۇرىدىن تۈگىتىش ئۈچۈن ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سوراپ بىلىۋالغاندىن كېيىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ، سازايى قىلىمىز» دەپ يازىمىز، سۇڭ جياڭنى يالاپ ئېلىپ مېڭىپ بۇ يەردىن ئۆتكەندە، بىز ئادەم ئەۋەتىپ تارتىۋالىمىز، بۇنىڭغا قانداق دېيىشىدىلىكىن؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

ناۋادا بۇ يەردىن ئۆتمەي قالسا، ئۇ چاغدا ئىشقا دەخلى يەتمەمدۇ؟ — دېدى چاۋ گەي.

— بۇنىسىنى بىرنەرسە قىلماق ئاسان. بىز يىراق - يېقىنغا ئادەم ئەۋەتىپ تىڭتىڭلاپ تۇرمامدۇق؟ مەيلى قەيەردىن ئۆتسە ئۆتسۇن، ساقلاپ تۇرۇپ تارتىۋالىمىز، خالاس، گەپ ئۇلارنىڭ ئېلىپ كېلىش - كەلمەسلىكىدە، — دېدى گۇڭسۇن شېڭ.

— بۇ پەنتنىڭ ياخشىلىقىغۇ ياخشى ئىكەن، شۇغىنىسى بۇ يەردە سەي جىڭنىڭ خېتىنىڭ نۇسخىسىدا خەت يازالايدىغان ئادەم يوق - تە، — دېدى چاۋ گەي.

— پېقىر بۇنىمۇ ئويلاپ قويدۇم. ھازىرقى زاماندا ئېقىۋاتقىنى سۇ دۇڭپو، خۇاڭ لۇجى، مى يۈەنجاڭ، سەي جىڭ دېگەن تۆت

زاتىنىڭ خەت نۇسخىسى. سۇڭ خانىدانلىقىدا سۇ، خۇاڭ، مى، سەيلەرنىڭ خەت نۇسخىلىرىدىن باشقا نۇسخا يوق، كەمىنىلىرى جىجۇ شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر موللا بىلەن تونۇشۇپ قالدى، ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىزاتى شياۋ راڭ بولىدۇ. ئۇ ھەرقايسى كاتتا زاتلارنىڭ خەت نۇسخىسىدا خەت يېزىشنى بىلىدۇ. شۇڭا، خەقلەر ئۇنى تەۋەررۇك قول تالىپ دەپ ئاتىشىدۇ، ئۇنىڭ چامباشچىلىق، قىلىچۋازلىقتىنمۇ خەۋىرى بار. خېتىنىڭ نۇسخىسى سەي جىڭنىڭ خېتىنىڭ نۇسخىسىغا ئوخشايدىغانلىقى پېقىرلىرىغا مەلۇم. دەي تۆرەم ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ: «تەيئەن ئايمىقىدىكى بەش تاغ بۇتخانىسىغا تاش پۇتمەكچىدۇق، سىزگە ئەللىك سەر كۈمۈش ئېلىپ كەلدىم، ئۇنىڭ بىلەن بالىچاقىلىرىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ بېرىپ پۇتكۈزۈپ بەرسىڭىز» دەپ ئېلىپ كەلسە؛ ئاندىن كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ ئۇنى توپقا قوشۇۋالساق دەيمەن، بۇنىڭغا قانداق دېيىشىدىلىكىن؟ — دېدى ۋۇ يوڭ خەلپەت.

— خەتنىغۇ ئۇ يازار، ئەمدى مۆھۈر ـ پۆھۈرمۇ كېرەك بولۇپ قالارمىكىن، — دېدى چاۋ گەي.

— مېنىڭ يەنە بىر تونۇشۇم بار، — دېدى ۋۇ يوڭ خەلپەت، — پېقىر ئۇنىمۇ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم، بۇ ئادەمنى ئوتتۇرا ئىقلىمدا تېڭى يوق دېسىمۇ بولىدۇ. ھازىر جىجۇ شەھىرىدە ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمىزاتى جىن داجيەن، تاش پۇتۈكلەرگە خەتنى ئوبدان ئويىدۇ، قاشتېشىدىنمۇ تامغا، مۆھۈرلەرنى ئوبدان ئويىدۇ؛ چامباشچىلىقتىنمۇ خەۋىرى بار. ئۇ قاشتېشى ئويمىلارنى ئوبدان ئويغاچقا، خەقلەر ئۇنى «قولى ئالتۇن ئۇستام» دېيىشىدۇ. ئۇنىڭغىمۇ ئەللىك سەر كۈمۈش بېرىپ، پۈتۈك ئويۇپ بەر دەپ گوللاپ ئەكېلەيلى؛ يېرىم يولغا كەلگەندە ئۇنىمۇ شۇنداق قىلايلى. بۇ ئىككىيلەن تاغ تۇرامىزغا كېرەكلىك ئادەملەر.

— بارىكاللا، — دېدى چاۋ گەي ۋە شۇ كۈنى زىياپەت ئۆتكۈزۈپ دەي زۇڭنى مېھمان قىلىپ كەچتە تارقاشتى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن دەي زۇڭ تۆرە شەيختەك ياسىنىپ، بىر ـ ئىككى يۈز سەر كۈمۈش ئالدى ـ دە، پۇتىغا تۇمارىنى تېڭىپ، تاغدىن چۈشۈپ قېيىق بىلەن جىنشاتەندىن ئۆتۈپ، قىرغاققا چىقىپ جىجۇ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى، ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتتا قالمايلا شەھەرگە يېتىپ كەلدى، ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىپلا خەتتات موللا شياۋ راڭنىڭ تۇرالغۇسىنى سۈرۈشتۈردى، بىراۋ ئۇنىڭغا: «ئايماق يامۇلىنىڭ كۈنچىقىش بېشىدىكى ۋېنمياۋ بۇتخانىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ قويدى. دەي زۇڭ ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ يۆتىلىپ قويۇپ:

— شياۋ تەخسىر ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىچكىرىدىن شۇ هامان بىر موللا چىقتى. شياۋ راڭ سىرتقا چىقىپ، دەي زۇڭنى تونۇماي:

— شەيخىم، قەيەردىن كەلدىلە، نېمە كۆرسەتمىلىرى باركىن؟ — دەپ سورىدى.

— كەمىنە، — دېدى دەي زۇڭ سالام بېرىپ، — تەيئەن ئايمىقىنىڭ بەش تاغ بۇتخانىسىنىڭ چىرىغىنى يورۇتىدىغان شەيخ بولىمەن. هازىر بۇتخانىمىزدىكى بەش تاغ راۋىقىنى قايتا ياساتقانىدۇق، ئايمىقىمىزدىكى يۇرت كاتتىلىرى ئۇنىڭغا بىر تاش پۈتۈك ئورناتماقچى بولۇپ، پېقىرنى ئەللىك سەر كۈمۈش بىلەن سىزگە ئەۋەتتى، بۇ كۈمۈش بىلەن بالىچاقىلىرىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، مەن بىلەن بىللە بېرىپ ئۇنىڭغا خەت پۈتۈپ بەرسىڭىز، ۋاقتى ـ سائەتنى تاللاپ تەيىن قىلىپ قويغانىدۇق، كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى.

— پېقىر، — دېدى شياۋ راڭ، — پەقەت خۇشخەت يېزىش ۋە خەت پۈتۈشنىلا بىلىمەن، باشقا ئىشقا يارىمايمەن. ئەگەر تاش پۈتۈك پۈتمەكچى بولسىلا، بۇنىڭغا يەنە خەت ئويىدىغان ئادەمنىمۇ تەكلىپ قىلسىلا بولارمىكىن.

— پېقىردا يەنە ئەللىك سەر كۈمۈش بار، — دېدى دەي زۇڭ، — خەت ئويىدۇرۇش ئۈچۈن قولى ئالتۇن ئۇستام جىن داجيەننى

تەكلىپ قىلماقچىمەن. خەت پۈتمىدىغان خاسىيەتلىك كۆن بەلگىلەپ قويۇلغانىدى، شۇ ئۇستامنى تېپىپ بىللە كەتسەك.
شياۋ راڭ ئەللىك سەر كۈمۈشكە ئىگە بولغاندىن كېيىن دەي زۇڭ بىلەن بىللە جىن داجيەننى ئىزدەپ ماڭدى. بۇلار ۋېنمياۋ بۇتخانىسى ئالدىدىن ئۆتكەندە، شياۋ راڭ قولى بىلەن كۆرسىتىپ:
— ئالدىمىزدا كېلىۋاتقان ئاشۇ كىشى قولى ئالتۇن ئۇستام جىن داجيەن بولىدۇ، — دېدى.
شۇنىڭ بىلەن شياۋ راڭ جىن داجيەننى چاقىرىپ دەي زۇڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى ھەم:
— تەيئەن ئايمىقىنىڭ بەش تاغ بۇتخانىسىدىكى بەش تاغ راۋىقى قايتا ياسالغانىكەن، يۇرت كاتتىلىرى بىر تاش پۈتۈك پۈتكۈزمەكچى بولۇپ، ھەربىرىمىزگە ئەللىك سەردىن كۈمۈش ئاتاپ، ئىككىمىزنى تەكلىپ قىلغىلى مۇشۇ شەيخىمىزنى ئەۋەتىپتۇ، — دېدى.
جىن داجيەن كۈمۈشنى كۆرگەندىن كېيىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئىككىيلەن دەي زۇڭنى مەيخانىغا تەكلىپ قىلىپ بىرنەچچە قەدەھ مەي ئىچۈردى، ئاش ـ تائام، كۆك ـ گېزەكلەر بىلەن مېھمان قىلىشتى. دەي زۇڭ جىن داجيەنىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەللىك سەر كۈمۈش بەردى ۋە:
— مۇنەججىملەر پۈتۈك ئويۇلىدىغان كۈننى تەيىن قىلىپ قويۇشقانىدى، مالال كۆرمەي ئىككىڭلار بۈگۈنلا يولغا چىقساڭلار بولارمىكىن، — دېدى.
— ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى. بۈگۈن يولغا چىقساقمۇ ھېچقانچە يول ماڭالمايمىز. ئالدىمىزدىكى قونالغۇ ـ ئۆتەڭلەرگىمۇ يېتىپ بارالمايمىز. ئەڭ ياخشىسى ئەتە سۈبھى ۋاقتىدا قوپۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتسەك، — دېدى شياۋ راڭ.
— مۇشۇنداق قىلايلى، — دېدى جىن داجيەن.

ئىككىيلەن ئەتىگەندە مېڭىشقا كېلىشىۋالغاندىن كېيىن نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا تەييارلىنىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە قايتىشتى. شياۋ راڭ دەي زۇڭنى ئۆيدە قوندۇرۇپ قالدى.

ئەتىسى سۇبھى ۋاقتى بىلەن جىن داجيەن سەپەر بوغجۇملىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ شياۋ راڭ، دەي زۇڭلار بىلەن يولغا چىقتى. جىجۇ شەھىرىدىن چىقىپ ئون نەچچە چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن دەي زۇڭ:

— ئىككىڭلار ئالدىرىماي ئاستا مېڭىپ تۇرۇڭلار، پېقىر ئاۋۋالراق بېرىپ يۇرت كاتتىلىرىغا خەۋەر قىلاي، ئىككىڭلارنىڭ ئالدىغا چىقسۇن، — دېدى - دە، چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ ئالدىدا مېڭىپ كەتتى. بۇ ئىككىيلەننىڭ ئۆشنىسىدە بوغجۇملىرى بولغانلىقتىن ئالدىرىماي ئاستا مېڭىشتى. پېشىن ۋاقتىغىچە ئاللاھازەل يەتمىش - سەكسەن چاقىرىم يول ماڭدى. بۇ چاغدا ئالدى تەرەپتىن بىر ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، شۇ هامان شەھەر سېپىلى يېنىدىكى داۋاندىن ئاللاھازەل قىرىق - ئەللىكچە پالۋان ئارتىلىپ چۈشتى. ئۇلارغا شامال تاغدىكى ۋاڭ پەتەك يولۋاس باش بولۇپ كەلگەندى، ئۇ:

— ئىككىڭ نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەملەر؟ نەگە مېڭىشتىڭلار؟ ئوغلانلار، بۇ ئىككى هارامزادىنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ مەيگە تىتىق قىلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئىككىمىز تەيئەن ئايمىقىغا تاش پۇتۇككە خەت ئويغىلى كېتىۋاتىمىز، قولىمىزدا بىر تىيىنمۇ پۇل - پۇچەك يوق. پەقەت ئۈچىمىزدىكى كىيىممىزلا بار، — دېدى شياۋ راڭ يالۋۇرۇپ.

— بىزگە سەنلەرنىڭ پۇل، كىيىمىڭ كېرەك ئەمەس، مەيگە تىتىق قىلىشقا سەن ئىككى دانىشمەنىنىڭ يۈرىكىلا كېرەك، — دېدى ۋاڭ پەتەك يولۋاس.

شياۋ راڭ، جىن داجيەنلەرنىڭ ئوغىسى قايناپ، ئۆزلىرىنىڭ بىڭىسىنى ئىشقا سالماق بولۇپ، توقماق - چوماقلىرىنى

كۆتۇرگىنىچە ۋاڭ پەتەك يولۋاسقا دىۋەيلەپ كەلدى، ۋاڭ پەتەك يولۋاسمۇ بۇ ئىككىسى بىلەن ئېلىشتى. ئۇچەيلەن قورال ــ ياراغلار بىلەن ئالاھازەل يەتتە ــ سەككىز مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن ۋاڭ پەتەك يولۋاس بۇرۇلۇپ غىپلا قىلىپ تىكىۋەتتى، ئىككىيلەن ئەمدى قوغلاي دەپ تۇرۇشىغا تاغدىن جاڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى، سول تەرەپتىن پەلەك پالۋىنى سۇڭ ۋەن، ئوڭ تەرەپتىن خادا بوي دۇ چيەن، ئارقا تەرەپتىن ئاقپىشماق بايۋەچچە جېڭ تيەنشۇلار چىقتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئوتتۇز نەچچىدىن ئادەم باشلاپ چىقىپ، شياۋ راڭ بىلەن جىن داجيەننى پۈت ــ قولىدىن سۆرىگەن پېتى ئورمانلىققا ئېلىپ كىرىپ كېتىشتى.

ــ ئىككىلىرى خاتىرجەم بولۇشسىلا، ــ دېدى تۆت پالۋان ئۇلارنى ئورمانلىققا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ــ بىز چاۋ گەي ھەزرەتنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئالاھىدە ئىككىلىرىنى تاغقا چىقىپ تويقا قوشۇلسا دەپ تەكلىپ قىلىپ كەلدۇق.

ــ تاغ تۇرادا بىز نېمىگە يارايمىز؟ ئىككىمىزنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ، پەقەت قاچا بوشىتىشنىلا بىلىمىز، ــ دېدى شياۋ راڭ.

ــ مۇشاۋىرىمىز بىرىنچىدىن، ئىككىلىرى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن؛ ئىككىنچىدىن، ئىككىلىرىنىڭ جەڭ ماھارەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىپ دەي زۇڭنى ئالاھىدە ئىككىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئەۋەتكەن، ــ دېدى دۇ چيەن.

شياۋ راڭ بىلەن جىن داجيەن بىر ــ بىرىگە قارىشىپ گەپ قىلالماي قېلىشتى. ھەممەيلەن قۇرۇتقاق تىمساھ جۇ گۈيىنىڭ مەيخانىسىغا كىرىپ مېھمان بولۇشتى، ئاندىن كېچىلەپ قېيىققا چۈشۈپ تاغقا كېتىشتى. چوڭ تۇراغا كەلگەندىن كېيىن چاۋ گەي، ۋۇ يۇڭلار ۋە ئاتامانلارنىڭ ھەممىسى بۇلار بىلەن كۆرۈشتى، بىر تەرەپتىن زىياپەت بېرىپ ئۇلارنى مېھمان قىلدى. ئاندىن سەي جىڭ ۋەزىرئەزەمنىڭ نامىدا جاۋاب خەت يېزىپ چىقىش توغرىسىدا توختىلىپ:

— ئىككىلىرىنى تاغقا چىقىپ توپقا قوشۇلۇپ، مەردلىك يولىدا جەم بولسا دېگەن مۇددىئادا ئېلىپ چىقتۇق، — دېيىشتى.

— ئىككىمىز بۇ جايدا تۇرساققۇ بولاتتى، بىراق ھەر ئىككىمىزنىڭ خوتۇن - بالىچاقىمىز بار، ئەتە - ئۆگۈن پادىشاھلىق بىلىپ قالسا، چاتاق بولار، — دېيىشتى ئۇلار ۋۇ يۇڭ خەلپەتنىڭ پىشىگە ئېسىلىپ.

— ھەي ئەزىز ئىنىلىرىم، غەم قىلىشمىسىلا، ئەتە بىر گەپ بولار، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

ئۇ كېچىسى مەي ئىچىپ يېتىپ قېلىشتى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا چاپارمەنلەر: «ھەممەيلەن يېتىپ كەلدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزۈشتى.

— مەرھەمەت، ئەزىز ئىنىلىرىم، ئەزىز بالىچاقىلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشسىلا، — دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

شياۋ راڭ بىلەن جىن داجيەن بۇنى ئاڭلاپ بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي مېڭىپ تاغنىڭ بېلىگىچە يېتىپ چۈشكەندە، بىر قانچە تەختىراۋاندا ئىككىسىنىڭ بالىچاقىلىرىنى تاغقا ئېلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئىككىيلەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ، ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۈرۈشتۈردى.

— ئىككىڭلار تۈنۈگۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۇشۇ بىر توپ ئادەم تەختىراۋان كۆتۈرۈپ كېلىپ: «شياۋ راڭ ئۇستام بىلەن جىن داجيەن ئۇستام شەھەر سىرتىدىكى سارايدا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ يېتىپ قالدى، خوتۇن - بالىلىرىمنى ئېلىپ كېلىڭلار، مېنى قۇتقۇزۇۋالسۇن دەيدۇ» دېدى. شەھەردىن چىققاندىن كېيىن بىزنى تەختىراۋاندىن چۈشكىلى قويماي مۇشۇ يەرگىچە كۆتۈرۈپ كەلدى، — دېدى خوتۇن - بالىلىرى.

ھەر ئىككى ئۆيلۈكنىڭ گېپى بىردەك چىقتى. شياۋ راڭ بۇنى ئاڭلاپ، جىن داجيەن بىلەن ھېچ نەرسە دېيەلمەي، نائىلاج كۆڭلىنى توختىتىشتى - دە، تاغقا قايتىپ بېرىپ توپقا قوشۇلۇپ، خوتۇن - بالىلىرىنى جايلاشتۇردى.

ۋۇ يۇڭ خەلپەت جىن داجيەن بىلەن شياۋ راڭنى چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن سەي جىڭنىڭ خېتىنىڭ نۇسخىسىدا جاۋاب خەت يېزىپ، سۇڭ دانىشنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش توغرىسىدا كېڭەشتى. جىن داجيەن:

— مەن ئەزەلدىن سەي جىڭنىڭ ھەر خىل تامغا ۋە خەتلىرىنى ئويۇپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىيلەننىڭ بىرى دەرھال قەلەم تەۋرىتىپ جاۋاب خەت يېزىپ چىقتى، يەنە بىرى تامغا ۋە مۆھۈرلەرنى ئويۇپ چىقتى - دە، ئىشنى پۈتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن چاۋگەي، ۋۇيۇڭ خەلپەت قاتارلىق ئاتامانلار دەي زۇڭغا ئۆزىتىش زىياپىتى بېرىپ، ئۇنى خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ئېنىق خەۋەردار قىلىپ سەپەرگە ئۇزاتتى. دەي زۇڭ ئاتامانلار بىلەن خوشلىشىپ تاغدىن چۈشتى، چاپارمەنلەر ئۇنى قېيىق بىلەن جىنشاتەندىن ئۆتكۈزۈپ جۇ گۈينىڭ مەيخانىسىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. دەي زۇڭ ئىككى جۈپ تۇمارىنى پۇتىغا تېڭىپ، جۇ گۈي بىلەن خوشلاشتى - دە، چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ يولغا راۋان بولدى.

ئەمدى ۋۇ يۇڭغا كېلەيلى. ۋۇ يۇڭ دەي زۇڭنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئاتامانلار بىلەن چوڭ تۇراغا قايتىپ كېلىپ زىياپەتكە ئولتۇردى. دەل مەي - شاراب ئىچىپ ئولتۇرغاندا، نېمىشقىدۇر ۋۇ يۇڭ «ئاپلا» دەپ نالە - پەرياد چېكىپ كەتتى. ئاتامانلار ئۇنىڭدىن:

— مۇشاۋىر، نېمىگە شۇنچە نالە - پەرياد چېكىپ بىئارام بولۇۋاتىسىلا؟ — دەپ سورىدى.

— ھەرقايسىلىرى بىلمەيلا، ئويلىسام مېنىڭ ھېلىقى خېتىم دەي زۇڭ بىلەن سۇڭ دانىشنىڭ جېنىغا زامىن بولغۇدەك، — دېدى.

— مۇشاۋىر، خەتتە قانداق چاتاق بار؟ — دەپ سورىدى ئاتامانلار چۆچۈپ ئالمان - تالمان.

— مەن پەقەت هازىرنىلا ئويلاپ، ئاقىۋىتىنى ئويلىماپتىمەن. خەتتە بىر ئىشنى ناهايىتى چاتاق قىپتۇق، — دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

— پېقىرنىڭ خەت نۇسخام سەي جىڭ ۋەزىرئەزەمنىڭكى بىلەن ئوپئوخشاش، سۆز - جۈملىلەردىمۇ پەرق يوق. قېنى، ئېيتسىلىچۇ مۇشاۋىرىم، قەيېرىدە چاتاق باركىن؟ — دەپ سورىدى شياۋ راڭ.

— پېقىر ئويغان تامغىدىمۇ زادىلا چاتاق يوق ئىدى، يەنە قەيېرىدە چاتاق باركىن، — دېدى جىن داجيەن.

خەلپەت ۋۇ يۇڭ ئىككى بارمىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ چاتاقنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتتى. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! باتۇرلار جياڭجۇ شەھرىنى ئالتوپىلاڭ قىلغۇسى، ئاق ئەجدىھا بۇتخانىسى پاراقلاپ قايناپ تاشقۇسى. هايهات، يامغۇر كەبى ئوق ئاستىدىن ئېلىپ چىقتى جېنىنى، سانجاق - سانجاق تىغ ئىچىدىن قۇتۇلدۇردى باتۇرنى. مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭنىڭ قانداق چاتاق ھەققىدە سۆزلىگىنىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# قىرىقىنچى باب

## لياڭشەن كۆلىدىكى پالۋانلارنىڭ جازا مەيدانىغا تەگكەنلىكى باتۇرلارنىڭ ئاق ئەجدىھا بۇتخانىسىدا مەردلىك يولىدا جەم بولغانلىقى

ئەلقىسسە، چاۋ گەي بىلەن باشقىلار بۇنى ئاڭلاپ:

— ئۇ خەتنىڭ نەرى چاتاق بولۇپ قاپتۇ؟ — دەپ سوراشتى مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭدىن.

ئەتىگەن دەي زۇڭ بېگىم ئېلىپ كەتكەن جاۋاب خەتكە ئاۋايلىمايلا، هۆسنخەت بىلەن ئويۇلغان «مىرزىبەگ سەي جىڭ» دېگەن تامغىنى بېسىپ قويۇپتىمەن ئەمەسمۇ؟ هەي، مانا مۇشۇ تامغا دەي زۇڭنى سوئال ـ سوراقلارغا قويىدىغان بولدى، — دېدى ۋۇ يوڭ.

— پېقىر ۋەزىرئەزەم سەي جىڭ هەزرەتنىڭ هەر قېتىمقى خەت ـ چەكلىرىنى هەم يازغان پۈتۈكلىرىنى كۆرگەنىدىم، ئۇلارنىڭ هەممىسىگە شۇنداق تامغا بېسىلاتتى. بۇ تامغىنىمۇ خۇددى شۇ تامغىغا ئوخشاش قىلىپ ئويغان تۇرسام، نېمىشقا چېنىپ قالىدىكەن؟ — دېدى جىن داجيەن.

— هەرقايسىلىرى ئۇقمايلا، جياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلى سەي جيۇ بېگىم ۋەزىرئەزەم سەي جىڭ هەزرەتنىڭ ئوغلى تۇرسا، ئاتىسى بالىسىغا خەت يازغاندا تامغا باسىدىغان ئىش نەدە بار؟ چاتاق ئەنە شۇ يەردە. هەي مەن ئېرەنسىزلىك قىپتىمەن، ئۇ ئادەم ئايماققا يېتىپ بارغان هامان، تايىن سوئال ـ سوراقلارغا قالىدۇ. سوراقتا ئىشنىڭ تەكتى ئېچىلىپ قالسا، چاتاقنىڭ

www.uyghurkitap.com

يوغىنى شۇ يەردىن چىقامدۇ؟ — دېدى ۋۇ يۈك خەلپەت.

— ئۇنداق بولسا تېزدىن ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىۋېلىپ باشقىدىن يازساق قانداق؟ — دېدى چاۋ گەي.

— ئۇنىڭغا قانداقمۇ يېتىشەلىسۇن؟ ئۇ يەل تاپانلىق كارامىتىنى ئىشلىتىپ ئالىلىقاچان بەش يۈز چاقىرىمدىن ئوشۇق يول بېسىپ بولدى. ئەمدى ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. بىز ھەرقانداق قىلىپ بولمىسۇن، ئۇ ئىككىسىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك، — دېدى ۋۇ يۈك خەلپەت.

— قانداق قۇتۇلدۇرۇۋالىمىز؟ قانداق ياخشى ئامال بار؟ — دەپ سورىدى چاۋ گەي.

— مۇنداق، مۇنداق قىلىشىمىز كېرەك ... سەردارىم، يوشۇرۇنچە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بۇ ئىشنى كۆپچىلىككە ئۇقتۇرسىلا، ئىشنى مۇشۇنداق باشلىشىمىز كېرەك، ۋاقىتنى قىلچە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، — دەپ پىچىرلىدى ۋۇ يۈك خەلپەت ئالدىغىراق كېلىپ چاۋ گەينىڭ قۇلىقىغا.

پالۋانلار بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كېچىلەپ تاغدىن چۈشتى - دە، جياڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، تۆۋەندىكىلەرنى ئاڭلىغايسىز.

دەي زۇڭ بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە جياڭجۇ ئايمىقىغا قايتىپ كەلدى ۋە دىۋانغا كىرىپ جاۋاب خەتنى تاپشۇردى. ئامبال سەي جيۇ دەي زۇڭنىڭ ئۆز مۆھلىتىدە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئۈچ قەدەھ مەي تارتۇق قىلىپ، جاۋاب خەتنى ئۆز قولى بىلەن ئالدى ۋە:

— سەن ئاتام بىلەن كۆرۈشەلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پەقەت بىر كېچە قونۇپ قايتتىم، ھەزرىتىم بىلەن كۆرۈشەلمىدىم، — دېدى دەي زۇڭ.

ئامبال لېپاپىنى ئېچىپ خەتنى كۆردى. خەتنىڭ بېشىدا ساندۇقتىكى سوۋغىلارنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم،

دېيىلگەن؛ ئاخىرىدا، جادۇگەر سۇڭ جىياڭنى تەڭرىقۇتىمىزنىڭ ئۆزى كۆرمەكچى، ئۇنى كۆشۈك ھارۋىغا پۈختىلاپ سېلىپ، مۇۋاپىق ئادەملەردىن كېچىلەپ ئاستانىگە ئەۋەتكىن، يولدا پەخەس بولسۇن، قېچىپ كەتمىسۇن، دېيىلگەن؛ شۇنداقلا يەنە خۇاڭ ۋېنبىڭنى قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى تەڭرىقۇتىنىڭ قولىغا سېلىپ، جەزمەن ئالىي ھىممەتكە ئېگە قىلىمەن دېيىلگەن. سەي جيۇ ئامبال بۇلارنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي، شۇئان يىگىرمە بەش سەر كۈمۈشنى ئالدۇرۇپ چىقىپ، دەي زۇڭنى تارتۇقلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن كۆشۈك ھارۋا راسلاشقا جورۇپ، سۇڭ جىياڭنى ئاستانىگە ئېلىپ ماڭىدىغان ئادەم توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. دەي زۇڭ مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپ، ئۆز چۈشكۈنىگە قايتتى ـ دە، بازاردىن مەي ـ پەي، گۆش ـ پۆشلەرنى ئېلىپ، سۇڭ جىياڭنى يوقلاپ زىندانغا كەلدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى سەي جيۇ ئامبالدىن ئاڭلاڭ. ئامبال كۆشۈكنى راسلىتىپ، بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن يولغا سالماقچى بولۇۋاتقاندا، ئىشىك باقار كىرىپ:

— ۋۇۋېي قەلئەسىدىن خۇاڭ نائىب ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

سەي جيۇ ئامبال ئۇنى ئىچكىرىكى سارايغا تەكلىپ قىلىپ كىرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن خۇاڭ ۋېنبىڭ ئامبالغا سوۋغا ـ سالام ۋە يېڭى تەييارلانغان مەي ـ شارابلار بىلەن قەنت ـ گېزەكلەرنى تۇتتى، ئامبال ھەشقاللا ئېيتىپ:

— ھىممىتىڭىزگە رەھمەت، جوۋاپسىز، — دېدى.

— سەھرايىمىزنىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرى، ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق، — دېدى خۇاڭ ۋېنبىڭ.

— سىزنى قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى شانۇشۆھرەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىڭىز بىلەن قۇتلۇقلايمەن، — دېدى ئامبال.

— بۇنى قانداق بىلدىلا تەخسىر؟ — دېدى خۇاڭ ۋېنبىڭ.

— تۈنۈگۈن خەتنى ئېلىپ كەتكەن كىشى قايتىپ كەلدى، جادۇگەر سۇڭ جياڭنى ئاستانىگە ئەۋەتىپ بەرگۈدەكمىز. سىزنى قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى تەڭرىقۇتنىڭ قولىغا سېلىپ، يۇقىرى مەنسەپكە ئىگە قىلغۇدەك. پېشۋا ئاتام يازغان جاۋاب خېتىدە مانا شۇلارنى ئىبرىغ[1] يېزىپتۇ، — دېدى ئامبال.

— ئۇنداق بولسا، ھەزرىتىمنىڭ قىلغان ئالىي ھىممىتىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، ھېلىقى خەتنى ئېلىپ بارغان ئادەم دەرۋەقە يەل تاپان شاتۇر ئىكەن، — دېدى خۇاڭ ۋېنبىڭ.

— ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز نائىبىم، مانا بۇ ئۆيدىن كەلگەن خەتنى كۆرۈپ بېقىڭ، يالغان گەپ قىلىۋاتامدىكىن دەپ قالماڭ، — دېدى ئامبال.

— پېقىر ئۆيدىن كەلگەن دۇئايىسالامنى كۆرسە مۇۋاپىق بولماسمىكىن دەپ، كۆرۈپ باقاي دېيىشكە ئاغزىم بارمىدى؛ ئەگەر جانابلىرى رۇخسەت قىلسىلا بىر كۆرۈپ باقسام، — دېدى خۇاڭ ۋېنبىڭ.

— نائىبىم، سىز مېنىڭ جانجىگەر ئاغىنەم تۇرسىڭىز، بۇ خەتنى كۆرگەنگە نېمە بولاتتى؟ — دېدى ئامبال ۋە خەتنى ئالدۇرۇپ چىقىپ خۇاڭ ۋېنبىڭغا بەردى.

خۇاڭ ۋېنبىڭ خەتنى ئېلىپ، بېشىدىن - ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقتى، ئارقىسىنى ئۆرۈپ لېپاپىقا قاراپ، تامغىنىڭ يېڭىدىن ئۇرۇلغانلىقىنى بىلدى - دە، بېشىنى چايقاپ:

— بۇ خەت يالغان خەت ئىكەن، — دېدى.

— نائىبىم، يېڭىلىشىۋاتىسىز. بۇ خەت پېشۋا ئاتامنىڭ ئۆز قەلىمى تۇرسا، قانداقسىغا يالغان خەت بولىدۇ؟ — دېدى ئامبال.

— سوراشقا رۇخسەت قىلسىلا بىگىم، بۇرۇندا كېلىدىغان خەتلەرگە مۇشۇنداق تامغا بېسىلاتتىمۇ؟ — دېدى خۇاڭ ۋېنبىڭ.

— بۇرۇنقى خەتلەردە بۇنداق تامغا بولمايدىغان، پەقەت قولدىلا

① ئىبرىغ — پۈتۈنلەي دېگەن مەنىدە.

ئىمزا قويۇپ قوياتتى. ئېھتىمال تامغا قۇتىسى يېنىدا بولغاچقا، خەتكە تامغا بېسىۋەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى ئامبال.

— بېگىم، پېقىرنى ئەجەبمۇ ۋات - ۋات بىرنېمە ئىكەن دەپ قالمىسىلا، ئۆزلىرىنى بىرى ئالداپ كېتىپتۇ. ھازىرقى زاماندا ئېقىۋاتقىنى سۇ، خۇالڭ، مى، سەي دېگەن تۆت زاتنىڭ خەت نۇسخىسى، ئۇنى كىم ئۆگىنىۋالالمايدۇ؟ يەنە كېلىپ بۇ تامغىنى ھەزرىتىم باش مىرزا چېغىدا ئىشلەتكەن، قانۇن - ياساق، ئەمىر - پەرمانلاردا ئىشلىتىلىپ كۆپ ئادەملەرگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن. ھەزرىتىم ئەمدى ۋەزىرئەزەملىككە كۆتۈرۈلگەندە قانداقمۇ باش مىرزىلىق تامغىسىنى ئىشلەتسۇن؟ يەنە ئالايلۇق، ئاتا بالىسىغا خەت يازغاندا تامغا ئىشلەتمەيدۇ. ھەزرىتى ۋەزىرئەزەم بىلىمدە تەڭدىشى يوق دانا، يىراقنى كۆرەلەيدىغان بىر زات تۇرسا، تامغىنى خاتا ئىشلىتىپمۇ قويارمۇ؟ بېگىم، ئەگەر پېقىرنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىسىلە، خەتنى ئېلىپ بارغۇچى كىشىدىن مەھكىمىگە بېرىپ كىملەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئىنچىكىلەپ سوراپ كۆرسىلە، ئەگەر ئۇنىڭ گېپى تاققا - تۇققا بولسا، ساختا مەكتۇپ بولۇپ چىقىدۇ. پېقىرنى ۋات - ۋات بىرنېمە ئىكەن دەپ قالمىسىلا، ئۆزلىرىگە كۆيۈنگەنلىكىم ۋە ئىخلاس قىلغانلىقىمدىن، ئەنە شۇنداق كەلسە - كەلمەس سۆزلەپ قويۇۋاتىمەن، — دېدى خۇالڭ ۋېنبىڭ.

— بۇ تەس ئىش ئەمەس، — دېدى سەي جيۇ ئامبال بۇنى ئاڭلاپ، — بۇ ئادەم ئاستانىگە بېرىپ باقمىغان، سوراپ باقساقلا راست - يالغىنى ئېنىق بولۇپ چىقىدۇ.

ئامبال خۇالڭ ۋېنبىڭنى دەرپەردىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، دەرھال دىۋانغا ئولتۇرۇپ دەي زۇڭنى چاقىرتتى، ياپىلار ئامبالنىڭ پەرمانىنى ئېلىپ تەرەپ - تەرەپكە ئىزدەپ چىقىپ كېتىشتى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

ساختىا خەت بىرلە چېتىشلىق ئاشۇ ئىسيان نەزمىسى،
باغلىنار لياڭشەندىكى قاراقچىلارغا يىپ ئۇچى.
سىرىق ھەرە① نەشتىرىنى جايىغا دەل ئۇرمىسا،
تاشپاقا② گەر بولسىمۇ چوڭ يوق ئىدى ھېچ چارىسى.

ئەمدى گەپنى دەي زوڭدىن ئاڭلاڭ. دەي زوڭ جياڭجۇ ئايمىقىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاۋۋال زىندانغا بېرىپ سوڭ جياڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارنى سوڭ جياڭنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ئېيتىپ بەردى، سوڭ جياڭ ئىچىدە خۇشال بولۇپ ئولتۇردى. ئەتىسى يەنە بىر يېلەن دەي زوڭنى مەيگە تەكلىپ قىلدى. دەي زوڭ مەيخانىدا مەي ئىچىپ ئولتۇرغاندا، يايلارنىڭ تەرەپ ـ تەرەپتە ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار دەي زوڭنى ئۇ يەردىن تېپىۋېلىپ دىۋانغا ئېلىپ كىردى. ئامبال ئۇنىڭدىن:

— ئالدىنقى كۈنى سېنى ئاۋارە قىلىپ يول ماڭدۇردۇم، ئىشنى ئوبدان بېجىرىپسەن، بىراق ساڭا كۆپلەپ تارتۇق قىلماپتىمەن، — دېدى.

— پېقىر بولسام، ئالىيلىرىنىڭ ئاياغلىرىدا ئىشلەيدىغان خىزمەتكارلىرى، قانداقمۇ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرمەي؟ — دېدى دەي زوڭ.

— مەن نەچچە كۈندىن بۇيان ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەي، بەزى نەرسىلەرنى سەندىن تەپسىلىي سورىۋالماپتىمەن. ھە، راست، سەن ئاۋۇ كۈنى ئاستانىگە بارغىنىڭدا، قايسى قوۋۇقتىن كىردىڭ؟ — دەپ سورىدى ئامبال.

— پېقىر ئاستانىگە يېتىپ بارغىنىمدا كەچ بولۇپ كەتكەنلىكتىن نېمىدەپ ئاتىلىدىغان قوۋۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەي

① سىرىق ھەرە — بۇ سۆز قوش مەنىلىك بولۇپ، بۇ يەردە خۇاڭ ۋېنبىڭنى كۆرسىتىدۇ.

② تاشپاقا — بۇ سۆز قوش مەنىلىك بولۇپ، بۇ يەردە سەي جيۇنى كۆرسىتىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قالدىم، — دېدى دەي زوڭ.

— بىزنىڭ خانىدانىمىزنىڭ مەھكىمىسىدە سېنى كىم قوبۇل قىلدى؟ سېنى نەدە قوندۇردى؟ — دەپ سورىدى ئامبال.

— پېقىر مەھكىمە ئالدىغا بېرىپ بىر خادىمنى تاپتىم، ئۇ مەكتۇپنى ئېلىپ كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ خادىم چىقىپ ساندۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن مېنى بىرەر سارايغا چۈشۈپ، شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن دەپ بۇيرۇدى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە مەھكىمە ئالدىغا بېرىپ ساقلاپ تۇرسام، ھېلىقى خادىم جاۋاب خەتنى ئېلىپ چىقتى. پېقىر مۆھلەت ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ تەپسىلىي سوراشتۇرۇپ ئولتۇرمايلا، ئالدىراپ ـ تېنەپ قايتىپ كەلدىم، — دېدى دەي زوڭ.

— سەن كۆرگەن ھېلىقى مەھكىمە خادىمى قانچە ياشلاردا ئىكەن؟ قاپقارا ئاۋاق ئادەممىكەن؟ ياكى ئاپپاق خام سېمىز ئادەممىكەن؟ تەمبەل ئادەممىكەن ياكى پاكىنەك، ۋىجىك ئادەممىكەن؟ ساقال ـ بۇرۇتى بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئامبال.

— پېقىر مەھكىمىگە يېتىپ بارغىنىمدا كەچ بولۇپ كەتكەنىدى؛ قايتقان چاغمۇ تاڭ سەھەر گۇگۇم ۋاقتى بولغانلىقتىن، ئانچە ئېنىق كۆرەلمىدىم، پەملىشىمچە ئانچە ئېگىز ئەمەس، ئوتتۇرا بوي ئادەم ئىكەن. ئاز ـ تولا ساقال ـ بۇرۇتىمۇ باردەك قىلىدۇ، — دېدى دەي زوڭ.

— ئاچىقىپ كېتىش ! — دېدى ئامبال قاتتىق غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ.

ياندىكى ئون نەچچە يايى يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ دەي زوڭنى كۆتۈرۈپ يەرگە باستى.

— مەندە گۇناھ يوق، — دەپ دادلىدى دەي زوڭ.

— ھۇ ئۆلۈم تەگكۈر خۇنپەر ! خانىدانىمىزنىڭ مەھكىمە خادىمى ۋاڭ بوۋاي ئۆلۈپ كەتكىلى نەچچە يىللار بولغان. ھازىر ئۇنىڭ بالىسى مەھكىمە خادىمى تۇرسا، يېشى چوڭ، ساقال ـ

بۇرۇتى بار دەيسىنا؟ يەنە كېلىپ ئادەتتىكى مەھكىمە خادىمى ئىچكىرىكى سارايغا كىرەلمەيدۇ، جايلاردىن كەلگەن خەت ـ چەك ۋە تەكلىپ ـ باغاقلار ئىچكىرىكى سارايدىكى جاڭنىڭ قولىدىن ئۆتۈپ لى كاھبەگ ئارقىلىق ئىچكىرىگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن سوۋغا ـ سالاملار ئاندىن قوبۇل قىلىنىدۇ. جاۋاب خەت ئېلىشتىمۇ ئۈچ كۈن كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق تۇرسا، مېنىڭ ساندۇقتىكى سوۋغامنى قانداقسىغا بىرەر يېقىن كىشى چىقىپ سەندىن ئېرى ـ بىر ـ سىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، كەلسە ـ كەلمەس تاپشۇرۇۋالىدۇ. سەن خۇنپەر تۇنۇگۇن مېنىڭ ئالدىراشلىقىمدىن پايدىلىنىپ مېنى ئالداپ كېتىپسەن. سەن ئەمدى بۇ خەتنى نەدىن ئېلىپ كەلگەنلىكىڭنى ياخشىلىقچە ئېيت! — دېدى ئامبال.

— يېقىن يولغا چىقىشقا ئالدىراپ كەتكەنلىكىمدىن تازا زەن قويۇپ قارىماپتىمەن، — دېدى دەي زۇڭ.

— جۆيلۈمە! بۇ تۇخۇمى بۇزۇقنى تازا دۇمبالىمىغۇچە ئىقرار قىلامدۇ؟ بۇ بەتبەختنى بولۇشىغا دۇمبالاڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئامبال.

يايلار ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، يۈز ـ خاتىر قىلماي، دەي زۇڭنى چەمبەرچاس باغلاپ يەرگە يىقىتتى ۋە ئۇرۇپ بەدەنلىرىنى تىتما ـ تىتما قىلىۋەتتى، ئۇنىڭ بەدىنىدىن چاچراپ قانلار ئاقتى. دەي زۇڭ تاياققا چىدىماي:

— بۇ مەكتۇپ راستلا ساختا مەكتۇپ ئىدى، — دەپ بويىنىغا ئالدى.

— ئۇنداق بولسا بۇ يالغان خەتنى نەدىن ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئامبال.

— يېقىن، — دېدى دەي زۇڭ، — لياڭشەن كۆلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا بىر توپ قاراقچىلار ئالدىمدىن چىقىپ مېنى كوپلا قىلىپ تۇتتى ـ دە، باغلاپ تېغىپ تاغقا ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى ۋە ئۇ يەردە ئۈچەي ـ قارنىڭنى چۇۋۇۋېتىمىز دەپ

يىنىمنى ئاختۇرۇپ خەتنى ئېلىپ كۆرگەندىن كېيىن ساندۇقنى تارتىۋېلىپ پېقىرنى كەچۈردى. يۇرتۇمغا قايتىشقا كۆزۈم يەتمەي، مېنى مۇشۇ تاغدا ئۆلتۈرۈۋېتىشلار دەپ تۇرۇۋالدىم، ئۇلار ماڭا مۇشۇ خەتنى يېزىپ بېرىپ، ئەمدى جېنىڭنى قۇتقۇز دېيىشتى. ئۆز گۇناھىمدىن قورقۇپ، جانابلىرىنى ئالدىغانلىقىم راست.

— بۇ دېگىنىڭ راستۇ، لېكىن سۆزۈڭنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىرمۇنچە يالغان ـ ياۋىداقلار تۇرىدۇ، قارىغاندا، سەن لياڭشەن كۆلىدىكى ئوغرىلار بىلەن نىيىتىڭنى بىر قىلىپ، مېنىڭ خېتىم ۋە سوۋغىلىرىمنىڭ پېيىگە چۈشۈپسەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟ ئۇرۇڭلار بۇ مۇتتەھەمنى يەنە! — دەپ ۋارقىرىدى ئامبال.

ئۇلار دەي زوڭنى ھەرقانچە ئۇرۇپ ـ قىيناپمۇ ئۇنىڭ لياڭشەن كۆلىدىكىلەر بىلەن چېتىشلىقى بارلىقىنى بوينىغا ئالدۇرالمىدى. ئامبال سەي جيۇ ئۇنى يەنە بىر پەس قىيىن ـ قىستاققا ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭ باش ـ ئايىغى ئوخشاشلا چىقمۇاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بەس، ئەمدى يەنە سوراۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. بوينىغا ئېغىر تاقاق سېلىپ زىندانغا تاشلاڭلار ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى، ئاندىن دىۋاندىن چىقىپ خۇاڭ ۋېنبىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ:

— ناۋادا نائىبىمىزنىڭ دانالىقى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكى بولمىغان بولسا، پېقىر چوڭ ئىشقا دەخلى يەتكۈزۈپ قويغان بولاركەنمەن، — دېدى.

— قارىغاندا، بۇ ئادەم لياڭشەن كۆلىدىكىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شېرىكلىشىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇلارنى يوقاتمىساق جەزمەن بېشىمىزغا بالا بولىدۇ، — دېدى خۇاڭ ۋېنبىڭ.

— بۇ ئىككىيلەننى تېزرەك ئىقرار كەلتۈرۈپ، دېلو تۇرغۇزۇپ ئاۋۋال كوچىدىكى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ كاللىسىنى

ئېلىپ، ئاندىن خانلىققا مەلۇم قىلىپ قويايلى، — دېدى ئامبال.

— ئامبال بېگىم، بۇ گەپلىرى تازا دانا گەپ بولدى. بۇنداق قىلساق، بىرىنچىدىن، ئوردىنى خۇشال قىلىپ جانابلىرىنىڭ بۇ ئۇلۇغ خىزمىتىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ، ئىككىنچىدىن، لياڭشەن كۆلىدىكى ئوغرىلارنىڭ كېلىپ زىنداندىكىلەرنى بۇلاپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، — دېدى خۇاڭ ۋېنبىڭ.

— نائىبىم، سىز يىراقنى كۆرۈپ، تېرەن ئويلايدىكەنسىز، پېقىر دەرھال ئالاقە يېزىپ، سىزنى شەخسەن ئۆزۈم مەنسەپكە سايە قىلىمەن! — دېدى ئامبال ۋە شۇ كۈنىلا خۇاڭ ۋېنبىڭنى كاتتا زىياپەتلەر بىلەن كۈتۈۋېلىپ، يامۇلنىڭ ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، ۋۇۋېي قەلئەسىگە يولغا سېلىپ قويدى.

ئەتىسى ئامبال سەي جيۇ دىۋانغا ئولتۇرۇپ، پەتىۋاچىنى چاقىرىپ:

— دېلونى دەرھال پۈتكۈزۈپ، سۇڭ جياڭ بىلەن دەي زۇڭنىڭ ئىقرارنامىسىنى يېزىپ چىقىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ گەدىنىگە ئاسىدىغان ئۆلۈم تاختىسىنى تەييارلاپ قويۇڭلار، ئەتە ئەتىگەندە شەھەردىكى جازا مەيدانىغا ئاچىقىپ كاللىسىنى ئالىمىز. قەدىمدىن تارتىپ ئازغانلارنى جازالاشتا ۋاقىت كۈتۈپ تۇرۇلمىغان، كېيىنكى بالايىئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سۇڭ جياڭ بىلەن دەي زۇڭنىڭ كاللىسىنى ئالماق كېرەك، — دەپ تاپىلىدى.

خۇاڭ پەتىۋاچى بولسا دەي زۇڭ بىلەن ياخشى ئۆتۈشكەن ئادەم ئىدى. شۇڭا، ئۇ دەي زۇڭنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا ئامال قىلالماي تىت ـ تىت بولۇپ ئىچىدىلا ئاھ ئۇردى ۋە:

— ئەتە ئەل بويىچە ئادەم ئۆلتۈرۈش مەنئى قىلىنغان كۈن. ئۆگۈنلۈككە بولسا يەتتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى يىل ئوتتۇرىسى بايرىمى، ئۇ كۈن ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىشقا بولمايدۇ؛ ئىندىنلىققا بولسا ئەلنىڭ قۇتلۇق كۈنى، شۇڭا يەنە بەش كۈندىن كېيىن ئاندىن بۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى.

بىرىنچىدىن تەڭرى سۇڭ جىياڭنى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى. ئىككىنچىدىن لىياڭشەن پالۋانلىرى تېخى يېتىپ كېلەلمىدى.

ئامبال سەي جيۇ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇاڭ پەتىۋاچىنىڭ گېپى بويىچە ئالتىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنىگىچە ساقلىدى، ئالتىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئالدى بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى جازا مەيدانىنى تازىلاتقۇزدى، تاماقتىن كېيىن بەش يۈزدەك چېرىك، جاللاتنى تاللاپ، چوڭ زىنداننىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. چاشكا ۋاقتى بىلەن زىندانبېگى ئامبالغا ھۆكۈم ئارتقۇرۇش ئۈستىدە ئۆزلىرى ھۆكۈم نازارەتچىسى بولۇپ بەرسىلە، دەپ ئىلتىجا قىلدى. خۇاڭ پەتىۋاچى ئۆلۈم تاختىسىنى ئاچىقىپ، شۇ يەردىلا كاللىسى ئېلىنسۇن، دېگەن سۆزنى يېزىپ بىر پارچە قومۇش بورىغا چاپلىدى. جىياڭجۇ يامۇلىدىكى زىندانبېگى، گۇندىپايلار دەي زۇڭ ۋە سۇڭ جىياڭلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا ئامال قىلالمىغانلىقتىن، تىت - تىت بولۇپ ئاھ ئۇرۇشتى. ھەممە ئىش تەخ بولغاندىن كېيىن زىنداندا سۇڭ جىياڭ بىلەن دەي زۇڭنى تۇرغۇزۇپ، بېشىغا يېلىم سۈرۈپ، چاچلىرىنى مۇشتۇمدەك قىلىپ تۈگۈپ، ھەربىرىگە بىردىن قىزىل قەغەز گۈلنى قاداپ قويدى. ئۇلارنى كۆك يۈزلۈك بۇرھان شىرەسىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىپ، بىر چىنىدىن مەڭگۈ خوشلىشىش تامىقى ۋە ۋىدالىشىش شارابى بەردى. ئاندىن ئۇلار بۇرھان شىرەسى ئالدىدىن ئايرىلىپ كەينىگە ئۆرۈلدى - دە، سىرتقا قاراپ مېڭىشتى. ئاتمىش - يەتمىشچە گۇندىپاي سۇڭ جىياڭنى ئالدىدا، دەي زۇڭنى ئارقىدا ماڭدۇرۇپ زىنداندىن ئېلىپ چىقتى. سۇڭ جىياڭ بىلەن دەي زۇڭ بىر - بىرىگە قاراپ قويۇپ لام - جىم دېمەي مېڭىشتى. سۇڭ جىياڭ يەرنى تېپىپ قويدى. دەي زۇڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئاھ ئۇراتتى. بۇلارنى كۆرۈشكە جىياڭجۇ ئايمىقىدىن بىر - ئىككى مىڭچە ئادەم توپلاشقانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## غەزەل

قايغۇ ـ ماتەم بولۇتىغا قاپلىنىپ يەر ـ ئاسمان،
چۇلغىنىپ ئەل ـ يۇرت نادامەت ئوتىدا چەكتى پىغان.
كۆكتە ئىللىق نۇر ـ قۇياشتىن يوق ئىدى قىلچە ئەسەر،
ئۇشقىرتاتتى تۇشمۇتۇشتىن قايغۇ ـ ھەسرەتلىك بوران.
جۇپ ـ جۇپى بىلەن پۆپۈكلۈك نەيزىلەر ۋال ـ ۋۇل قىلىپ،
چىللىدى جان ئالغۇچىنى ناغرا ياڭراپ ھەر تامان.
چەپراس سانجاقمۇسانجاق گۈرزە ھەم غولدا ـ تاياق،
سوقۇلۇپ جاڭلار قەۋەتلەپ سۆيلىدى «ئۆل» دەپ ھامان.
گەدىنىگە قىستۇرۇلدى ئۆلۈم ـ قەتلى تاختىسى،
دېيىشەر ئەل: ئەمدى كەتسە كېلىدۇ بولار قاچان؟
ئاق چېچەك قەغەزدە گۈللەر سىلكىنەتتى بېشىدا،
ھەممە دەر: ئەمدى ئۇلارغا يوق ھايات سۈرمەك ئامان.
مەڭگۈ خوشلاشماق تامىقى ـ گۆشلىرى ئۆتكەي نېچۇك ـــ
گېلىدىن ھەم ئەلۋىدالىق مەي ـ شارابى شۇ زامان.
ۋەھشىي جاللاتلار قولىدا گاڭ قىلىچلار ئوينىدى،
ئالدى قاتىللىق ياراقمۇ گۈندىپاي بۆرە ـ قاۋان.
قارا تۇغنى ئەگىشىپ سۈرۈلۈك ـ سۈرۈلۈك ھۆجۇ ـ بۆجۇ،
چىقتى كوچا دوقمۇشىغا چىش بىلەن ئەرۋاھ شۇئان.
بەرسە پەرمان كەسكىلى باشنى نازارەتچى بېگىم،
كۆمگىلى كەلگەن كېپەنچىلەرگە توشقاي شۇل ماكان.

جاللاتلار ھۆركىرىشىپ كېلىپ سۇڭ جياڭ بىلەن دەي زۇڭنى ئۇيان ـ بۇيانغا ئىتتىرىپ دۆشكەلىگەن پېتى تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى جازا مەيدانىغا ئەكېلىپ، نەيزە ـ كالتەكلەر بىلەن ئوراپ تۇردى، سۇڭ جياڭنىڭ يۈزىنى جەنۇبقا، دۈمبىسىنى شىمالغا، دەي زۇڭنىڭ يۈزىنى شىمالغا، دۈمبىسىنى جەنۇبقا

قارىتىپ ئولتۇرغۇزدى ـ دە، چۈشتىن كېيىن ھۆكۈم نازارەتچىسى كېلىشى بىلەنلا چاپماقچى بولۇپ تۇرۇشتى. خالايىق باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۆلۈم تاختىسىغا يېزىلغان: «جياڭجۇدىكى گۇناھكار سۈڭ جياڭ ئىسيان نەزمىسى يېزىپ، پىتنە ـ پاسات تۇغدۇرۇپ، لياڭشەن كۆلىدىكى قاراقچىلار بىلەن بىر تىللىق بولۇپ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن كاللىسىنى ئېلىشقا ھۆكۈم قىلىندى. يەنە بىر گۇناھكار دەي زۇڭ بولسا، سۈڭ جياڭ بىلەن يوشۇرۇنچە خەت ئېلىشىپ، لياڭشەن كۆلىدىكى قاراقچىلار بىلەن بىر تىللىق بولۇۋېلىپ، توپىلاڭ چىقارماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭمۇ كاللىسىنى ئېلىشقا ھۆكۈم قىلىندى. ھۆكۈم نازارەتچىسى جياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلى سەي جيۇ بەگ» دېگەن خەتلەرگە قارىشاتتى. ئامبال ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، خەۋەرنى كۈتۈپ تۇراتتى.

بۇ چاغدا جازا مەيدانىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە يىلان ئويناتقۇچى بىر توپ قەلەندەر مەيدانغا كىرىپ تاماشا كۆرىمىز دەپ چاتاق سېلىپ تۇراتتى، چېرىكلەر ئۇلارنى قوغلاپ كەتكۈزەلمەي جېدەللىشىپ تۇرغاندا، جازا مەيدانىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى دورا ـ دەرمەك ساتىدىغان بىر توپ چامباشچىلارمۇ مەيدانغا كىرىمىز دەپ زورلۇق قىلدى. چېرىكلەر:

— سىلەر غەرەز ئۇقمايدىغان قانداق نېمىلەر؟ بۇ قانداق بىلىشمەسەن، سەنلەرنىڭ تاماشا كۆرىدىغان يېرىڭلار ئەمەس، — دەپ ۋارقىراشتى.

— كۆتۈر قاسقىنىڭنى، بىز دېگەن ئايماق بارمۇ، خاندان بارمۇ كىرىۋېرىمىز، قەيەردە ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، شۇ يەرنى بېرىپ كۆرىمىز، ھېلىغۇ بۇ يەر ئىكەن، ئاستانىدە خاقان ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ خەقنى توسمايدۇ، كۆرىۋېرىدۇ، سەنلەر بۇ كىچىككىنە يېرىڭدە ئىككى ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالىمىز دەپ ئالەمنى مالەم قىلىشىسەن؟ بىز كىرىپ كۆرۈپ باقساق نېمەڭگە تاقىشاتتى، — دېيىشتى ئۇلار. ئۇلار چېرىكلەر بىلەن ئەنە

شۇنداق تاكاللىشىپ تۇرغاندا ھۆكۈم نازارەتچىسى:

— ئۇلارنى قوغلىۋېتىڭلار، كىرگۈزمەڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى. بۇ غوۋغا بېسىقماي تۇرۇپلا جازا مەيدانىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئەپكەش كۆتۈرگەن بىر توپ ھامماللار يەنە مەيدانغا قىستىلىشىپ كىرمەكچى بولدى، چېرىكلەر:

— بۇ يەردە ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ، سەنلەر ئەپكەش كۆتۈرۈپ نەگە بېرىشماقچى؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— بىز بۇ نەرسىلەرنى ئامبال بېگىمگە ئېلىپ كېتىۋاتىمىز، سەنلەر نېمىشقا توسۇسىلەر؟ — دېدى ھېلىقى كىشىلەر.

— بېگىمنىڭ يامۇلىدىكى ئادەم بولساڭمۇ باشقا جايدىن ئۆت! — دېدى چېرىكلەر.

ھېلىقى ئادەملەر ئەپكەشلىرىنى قويۇپ، بالداقلىرىنى قولىغا ئېلىپ، ئادەم ئارىسىغا كىرىپ تاماشا كۆرۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا جازا مەيدانىنىڭ يۇقىرىسىدىن يەنە بىر توپ سودىگەر ئىككى غالتەك ھارۋىنى ئىتتىرىپ مەيدانغا زورمۇزور كىرىپ كېلىۋاتاتتى. چېرىكلەر:

— نەگە بېرىشىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— بىز يولغا ئالدىراپ كېتىۋاتىمىز، بىزنى ئۆتكۈزۈۋېتىڭلار، — دېدى سودىگەرلەر.

— بۇ يەر ئادەم ئۆلتۈرۈلىدىغان يەر تۇرسا، سەنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈۋەتكىلى بولسۇن؟ يولغا ئالدىراپ تۇرغان بولۇشساڭمۇ باشقا يولدىن مېڭىش، — دېدى چېرىكلەر.

— بۇ گەپ ئاغزىڭغا ئەجەبمۇ ئاسان كېلىدىكەنغۇ. بىز ئاستانىدىن كەلگەن كىشىلەرمىز، سەنلەرنىڭ بۇ يېرىڭلاردىكى يوللارنى بىلمەيمىز، مۇشۇ چوڭ يول بىلەن ماڭغىنىمىز ماڭغان، — دېيىشتى ھېلىقى سودىگەرلەر كۈلۈپ تۇرۇپ. چېرىكلەر بۇنىڭغا ئۇنىمىدىغان، شۇڭا ھېلىقى سودىگەرلەر ئەدەپ بىلەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ جىم بولدى، بىراق ئەتراپتىكى غوۋغا بېسىلمىدى. ئامبالنىڭ بۇلارنى جىمىقتۇرغىلى

بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، ھېلىقى سودىگەرلەرنىڭمۇ غالتەكنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ قارىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.
ئۇزۇن ئۆتمەيلا جازا مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئادەملەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ تۇردى، ئارىدىن بىر خەۋەرچى چىقىپ:
— چۈش ۋاقتى بولدى ! — دەپ مەلۇم قىلدى.
ھۆكۈم نازارەتچىسى «چاپ» دەپ بۇيرۇدى.
ئىككى ياقتا قوللىرىغا قىلىچ تۇتۇپ تۇرغان جاللاتلار بىرىپ تاقاقنى ئاچتى، ھۆكۈمنى ئارتقۇرغۇچىلار قىلىچلىرىنى قولىدا چىڭ تۇتۇپ تۇرۇشتى. ئىپتىماقتا ئاستا دېگەندەك، ھەممە چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇشاتتى؛ قىلماقتا تېز دېگەندەك بىردىنلا قىيقاس - سۈرەن كۆتۈرۈلدى. ھېلىقى سودىگەرلەر ھارۋىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، «چاپ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ھامان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى قوينىدىن بىر كىچىك جاڭنى چىقىرىپ، غالتەكنىڭ ئۈستىدە تۇرغان پېتى جاڭ - جاڭ قىلىپ ئۈچ - تۆت قېتىم ئۇرۇشىغىلا، تەرەپ - تەرەپتىن تەڭلا تۇتۇش قىلىشتى، بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

كۆڭۈل ئاچقىلى كىردىم، دەريادىكى راۋاققا،
غورىگىل كۆز ئورالغان، ئىس - تۈتەك غۇۋالىقتا.
شاراب ئىچىپ يۇيايمەن، ئۇزۇن يىللىق زەردىمنى،
تۆكەي مۇشۇ نەزمەمدە، قات - قات قايغۇ - دەردىمنى.
ساختا خەت قىلالماس پور، باتۇرلۇق ئىرادەمنى،
سەۋەنلىك قىلىپ ئالدىم تۇتقۇن دېگەن بەتنامنى.
قوزغىتىپتىمەن لياڭشەنلىك مەردانە ئوغلانلارنى،
جياڭجۇدىكى مەلئۇنلارنىڭ كۆككە سورۇي كۆلىنى.

شۇ ئەسنادا يەنە تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى چايخانىنىڭ بالىخانىسىدىن قاۋاندەك يوغان بىر قارا دارازا كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچ ھالدا قولىغا يوغان ئايپالتىنى تۇتقىنىچە

www.uyghurkitap.com

نەرە تارتىپ، خۇددى گۈلدۈرمامىدەك ھەيۋەت بىلەن يەرگە سەكرەپ چۈشتى، ئۇ پالتىلىرىنى ئوينىتىپ، ئىككى جاللاتنى يەر چىشلەتتى ــ دە، ھۆكۈم نازارەتچىسىنىڭ ئىتى تۇرغان جايغا قاراپ ئېتىلدى. چېرىكلەر قورال تەڭلەپ ئۇنى توسۇۋالماقچى بولۇشتى، بىراق ئۇنى قانداقمۇ توسۇۋالالىسۇن؟ ئۇلار دەرھال سەي جيۇنى ئارىغا ئېلىپ جانلىرىنى پاناھدىدى.

كۈنچىقىش تەرەپتىكى يىلان ئويناتقۇچى قەلەندەرلەر يانلىرىدىن خەنجەرلىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، چېرىكلەرنى قىرىشقا باشلىدى، كۈنپېتىش تەرەپتىكى ھېلىقى چامباشچىلارمۇ قاتتىق نەرە تارتىپ، دۈكۈرەپ بېسىپ كېلىشتى ــ دە، چېرىكلەر بىلەن گۈندىپايلارنى چېپىپ يىقىتتى؛ تۆۋەن تەرەپتىكى ھېلىقى ئەيكەش كۆتۈرگەن ھامماللارمۇ بالداقلىرىنى ئوينىتىپ، ئۇدۇل كەلگەننىلا دۇمبالاپ، چېرىكلەر بىلەن تاماشا كۆرگۈچىلەرنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. يۇقىرى تەرەپتىكى ھېلىقى سودىگەرلەر غالتەك ھارۋىلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، غالتەكلىرىنى ئىتتىرىپ كېلىپ، قېچىۋاتقانلارنى توسۇۋالدى. ئىككى سودىگەر ئادەملەر ئارىسىغا ئۇسۇپ كىرگەن پېتى بىرى سۈك جياڭنى، بىرى دەي زۇڭنى يۈدۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قالغانلىرىنىڭ بەزىلىرى ئوقيا ئاتتى، بەزىلىرى تاش ئاتتى، يەنە بەزىلىرى نەيزىلىرىنى ئاتتى. سودىگەر بولۇپ ياسىنىۋالغان ھېلىقى كىشىلەر چاۋ گەي، خۋا رۇڭ، خۋاڭ شىن، لۈ فاڭ، گو شېڭلار ئىدى؛ چامباشچى بولۇپ ياسىنىۋالغانلار يەن شۈن، ليۇ تاڭ، دۇ چيەن، سۇڭ ۋەنلەر ئىدى؛ ھاممال بولۇۋالغانلار جۇ گۈي، پەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭ، جىبەك تيەنشۇ، شى يۇڭلار ئىدى؛ قەلەندەر بولۇپ ياسىنىۋالغانلار رۇەن شياۋئېر، رۇەن شياۋۋۇ، رۇەن شياۋچى، بەي شېڭلار ئىدى. لياڭشەن كۆلىدىكى بۇ ئون يەتتە ئاتامان يۈزدىن ئارتۇق يىگىتنى باشلاپ كېلىپ تەرەپ ــ تەرەپتىن قىرغىن قىلغىلى تۇردى.

ئادەملەر ئارىسىدىكى ھېلىقى قارا دارازا قوش ئايپالتىنى

ئوينىتىپ ئادەملەرنى بولۇشقا چاپتى، چاۋ گەيلەر ئۇنى تونۇمىدى، لېكىن ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ كۆچ چىقىرىپ ئادەمنى ئەڭ كۆپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆردى. چاۋ گەي شۇ چاغدا دەي زۇڭنىڭ قارا قۇيۇن لى كۇي دېگەن بىر ئادەم بار، ئۇ سۇڭ جياڭ بىلەن بەكمۇ ئوبدان ئۆتۈشىدۇ، لېكىن بەكمۇ قارام ئادەم دېگەنلىكىنى دەرھال ئېسىگە ئالدى - دە:

— هوي پالۋان، قارا قۇيۇن لى كۇي دېگەن كىشى سىز بولامسىز؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ پالۋان گەپكە جاۋاب بېرىشكىمۇ چولىسى تەگمىگەندەك، ئايپالتىنى ئوينىتىپ، ۋاچىلدىتىپ قىرىش - چېپىش بىلەنلا بولۇپ كەتكەندى. چاۋ گەي سۇڭ جياڭ بىلەن دەي زۇڭنى يۇدۇپ كېتىۋاتقان ئىككى چاپارمەنگە ئاشۇ قارا پالۋانغا ئەگىشىپ مېڭىشنى بۇيرۇدى. تۆت كوچا دوقمۇشىغا يېتىپ كەلگەندە، بۇ پالۋان بەگ - سىپاھ ياكى پۇقرا بولۇشىغا قارىماي، قارىقويۇق چېپىۋېتىپ، كوچىنىڭ هەممە يەرلىرىنى ئۆلۈككە توشقۇزىۋەتتى، ئادەملەرنىڭ قانلىرى دەريا بولۇپ ئاقتى، ئوڭتەي - توڭتەي ياتقان ئادەملەرنىڭ ھەددى - هېسابى يوق ئىدى، ئاتامانلار غالتەك ۋە يۈك - تاقلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، قارا پالۋاننىڭ ئارقىسىدىن چاپ - چاپ بىلەن شەھەردىن چىقتى؛ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خۇا رۇڭ، خۇاڭ شىن، لۈ فاڭ، گو شېڭلار تۆت ئوقيا بىلەن ئارقىغا قارىتىپ ئوق ياغدۇردى. جياڭجۇ ئاھالىسىدىن بىرمۇ ئادەم ئۇلارنى قوغلاپ ماڭالمىدى.

ئايمىقىدىكى چېرىك ۋە پۇقرالاردىن هېچكىم ئۇلارغا يېقىن ياندىشىشقا پېتىنالمىدى. هېلىقى قارا دارازا ئادەملەرنى قىرىپ چاپقىنىچە ئۇدۇل دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۇستىبېشى قانغا بويىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، هېچنېمىگە قارىماي ئادەملەرنى بىر خىلدا ئۆلتۈرمەكتە ئىدى. چاۋ گەي كۆتمەك قىلىچىنى تۇتقان هالدا:

— هوي پالۋىنىم، بۇ ئىش بىلەن پۇقرالارنىڭ چېتىشلىقى يوق، بىگۇناھ ئادەملەرگە زەرەر يەتكۈزمەڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇ تاپتا بۇ پالۋاننىڭ قولىغا گەپ كىرمىگەنىدى! ئۇ بىر باشتىن پالتىسى بىلەن ئادەملەرنى قاتىرىسىغا چاپقىنىچە كېتىۋەردى. ئۇلار دەريا ياقىسىنى بويلاپ ئالاھازەل بەش ـ ئالتە چاقىرىم يول باسقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان چوڭ دەريا توسۇۋالدى، ئۆتىدىغان بىرەر يەرمۇ يوق ئىدى، چاۋ گەي بۇنى كۆرۈپ، چاتاق بولدى دەپ ئاھ ئۇردى.

— ھودۇقماي، ئاغىمىزنى بۇتخانىغا يۇدۇپ كىرىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى قارا دارازا. ھەممەيلەن قارىسا دەرياغا يانداش چوڭ بىر بۇتخانا تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئىككى قاناتلىق دەرۋازىسى چىڭ يېپىقلىق ئىكەن. قارا دارازا پالتا بىلەن ئىككىنى ئۇرۇپلا دەرۋازىنى ئېچىپ، ئىچكىگە ئېتىلىپ كىردى. چاۋ گەيلەر بۇتخانىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بوك ـ باراقسان قېرى قارىغايلار ۋە ئارچىلارنىڭ قاپقاراڭغۇ سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىنى، دەرۋازىنىڭ ماڭلىيىغا ھەل بىلەن «ئاق ئەجدىھا بۇتخانىسى» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆردى. يىگىتلەر سۇڭ جياڭ بىلەن دەي زوڭنى بۇتخانىغا يۇدۇپ ئەكىرگەندىن كېيىن سۇڭ جياڭ ئاندىن كۆزىنى ئېچىپ قارىدى ۋە چاۋ گەي بىلەن خالايىقنى كۆرۈپ:

— ئاغا، مېنىڭ سىلى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقىنىم ئۇخلىمۇ يا چۈشۈممۇ؟ — دەپ يىغلاپ كەتتى.

— قېرىندىشىم، تاغدا قېلىپ قېلىشقا ئۇنىماستىن، مانا بۈگۈنكىدەك كۈلپەتلەرگە قالدىلا. بۈگۈن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ھەممىدىن كۆپ كۈچ چىقارغان ھېلىقى قارا دارازا كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى چاۋ گەي.

— قارا قۇيۇن لى كۇي دېگەن ئادەم بولىدۇ. ئۇ بىرنەچچە قېتىم مېنى زىنداندىن قاچۇرۇۋېتىمەن دېگەنىدى، بىراق قېچىپ قۇتۇلالماي قالارمەنمىكىن دەپ ئۇنىمىغانىدىم، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— مانا شۇ ئادەم پالتا، قىلىچ ۋە ئوقيالاردىن قورقماي، ئالامەت كۈچ چىقاردى، — دېدى چاۋ گەي.

— كىيىم - كېچەك كەلتۈرۈپ، ئاغىلىرىمىزنىڭ ئېگىنىنى يۆتكەپ قويۇڭلار، — دەپ بۇيرۇدى خۇا رۇڭ.

ئۇلار ئەمدىلا جەم بولۇپ تۇرۇشىغا لى كۈي قوش پالتىسىنى تۇتقان پېتى ئايۋاندىن چىقىپ كەلدى. سۇڭ جياڭ ئۇنى چاقىرىپ:

— ئۇكا، نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— بۇتخانىنىڭ شەيخلىرىنى تېپىپ بىراقلا ئۆلتۈرۈۋېتەي دەيمەن. بۇ ئەبلەخلەر دەرۋازىنى ئېچىپ بىزنى قارشى ئالماقتا يوق، قوتۇر بۇتخانىسىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋالغىنىنى قاراڭلار. مەن بۇ هارامزادىلەرنى تۇتۇپ كېلىپ قۇربانلىق قىلاي دېسەم تاپالمايۋاتىمەن، — دېدى لى كۈي.

— سىز ئاۋۋال كېلىپ، ئاغىمىز ۋە باشقا ئاتامانلار بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇڭ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

لى كۈي بۇنى ئاڭلاپ قولىدىكى قوش پالتىسىنى تاشلىۋېتىپ، چاۋ گەيگە قاراپ تىزلىنىپ:

— ئاغا، پېقىر تۆمۈر كالا لى كۈينى تازىمۇ قوپال بىرنېمە ئىكەن دەپ قالمىسىلا، — دېدى ۋە خالايىقنىڭ ھەممىسى بىلەن بىر - بىردىن كۆرۈشتى، شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتلۇقى جۇ گۈينى تونۇپ قالدى، ھەر ئىككىسىلا بەكمۇ خۇشال بولۇشۇپ كەتتى.

— ئاغا، سىلى بىزنى لى كۈي ئاغىمىزغا ئەگىشىپ مېڭىۋېرىڭلار دېگەنىدىلە، بۇ يەرگە كېلىپ قارىساق، ئالدىمىزنى دەريا توسۇپ تۇرۇپتۇ، بۇ بىر ئۆلۈم يولى ئىكەن، ھەتتا جان قۇتقۇزغۇدەك بىرەر قېيىقمۇ يوق ئىكەن. ناۋادا شەھەردىن خان لەشكەرلىرى باستۇرۇپ كېلىپ قالسا، ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟ ئۇ چاغدا قانداق قۇتۇلغۇلۇق؟ — دېدى خۇا رۇڭ.

— ھودۇقماڭلار، بىز يەنە شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ھېلىقى هارامتاماق ئامبال سەي جيۇنىمۇ چانىۋېتىپ، ئاندىن بىراقلا كېتەيلى! — دېدى لى كۈي.

— ئۇكام، قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ، شەھەردە بەش ـ ئالتە مىڭ چېرىك بار، شەھەرگە باستۇرۇپ كىرسەك، جەزمەن زىيان تارتىپ قالىمىز، — دېدى دەي زۇڭ شۇ چاغدىلا ھوشىغا كېلىپ.

— دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە قارىساق، دەريا بويىدا بىرقانچە قېيىق تۇرىدۇ، بىز ئاكا ـ ئۇكا ئۈچەيلەن سۇ ئۈزۈپ بېرىپ، بىرنەچچە قېيىقنى تارتىۋېلىپ، سىلەرنى ئۆتكۈزۈپ قويساق قانداق؟ — دېدى رۇەن شياۋچى.

— ھەببەللى، بۇ گەپ جايىدا بولدى ! — دېدى چاۋ گەي.

بۇ چاغدا رۇەن ئائىلىق بۇ ئۈچ بىر تۇغقان كىيىملىرىنى سېلىپ، يانلىرىغا بىردىن خەنجەر ئېسىپ سۇغا شۇڭغۇدى. ئۇلار ئالاھازەل يېرىم چاقىرىم يەرگە ئۈزۈپ بارغاندا، دولقۇنلار ئارىسىدىن ئۈچ قېيىق غۇيۇلداپ چىقىپ كەلدى. ئۇلار قارىسا قېيىقلارنىڭ ھەربىرىدە ئون نەچچىدىن ئادەم قوللىرىغا قورال ـ ياراغ تۇتقان ھالدا ئولتۇرۇشۇپتۇ، بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ھەممەيلەننى سۈر باستى. سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ: «ۋاي، ئەجەبمۇ تەتۈر پېشانە بەندە ئىكەنمەن» دەپ زارلىنىپ، بۇتخانىدىن چىقىپ قارىدى، قارىسا باشتىكى قېيىقتا پارقىراپ تۇرغان چارمىخلارنى تەتۈر تۇتۇپ، بېشىغا قىزىل لۆڭگىنى تۇگۇۋالغان، بېلىگە ئاق شايىدىن ئىشلەنگەن بېلىقچىلار پەشتامىسى تارتىۋالغان بىر قامەتلىك، تەمبەل دارازا ئىسقىرتقىنىچە ئولتۇراتتى. بۇ تۆۋەندىكىدەك كىشى ئىدى:

تۇمەن مىڭ چاقىرىم شەرققە ئاقار چاڭجياڭدا بىر پالۋان،
كېزەر دەريا ئارا تۈز يەر كەبى ئاق تەن ئاشۇ مەردان.
كىرىشكە كۆھقاپقا ھەم ئۇنىڭدا بار جىگەر ـ جۈرئەت،
ئېلىشقا ئۈنچە ئەجدىھا[1]دىن ئۇنىڭدا بار يۈرەك ـ غەيرەت.

شۇ ئەسنادا جاڭ شۇن قېيىقنىڭ تۇمشۇقىغا چىقىپ بۇلارنى

① ئەجدىھانىڭ كېكىردىكىدە ئەڭ ئېسىل ئۈنچە بولىدىكەن.

كۆردى ۋە:

— ئاق ئەجدىھا بۇتخانىسىغا جەم بولۇۋېلىشقا پېتىنغان كىم سىلەر؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ھەي ئىنى، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، — دېدى سۇڭ جياڭ قەددىنى رۇسلاپ بۇتخانا ئالدىغا چىقىپ.

جاڭ شۇنلەر بۇنىڭ سۇڭ جياڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ: «ئەجەبمۇ ئوبدان بولدى!» دەپ چۇرقىراشقان پېتى ھېلىقى ئۈچ قېيىقنىڭ تۇمشۇقىنى غاچچىدە بۇراپ قىرغاققا قاراتتى، رەن ئاتلىق ئۈچ بىر تۇغقانمۇ بۇلارنى كۆرۈپ ئۇزۇپ كېلىشتى. بۇ يارەنلەر قىرغاققا چىقىپ بۇتخانا ئالدىغا كەلدى. سۇڭ جياڭ قارىسا جاڭ شۇن ئونلىغان قاۋۇل يىگىتلەرنى باشلاپ قېيىق تۇمشۇقىدا تۇرۇپتۇ؛ جاڭ خېڭ، مۇ خۇڭ، شۆ يۇڭلار باشچىلىقىدا ئون نەچچە ئوتاقچى يەنە بىر قېيىقتا تۇرۇپتۇ؛ لى جۈن، لى لى، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلارنى ۋە تۇز ساتىدىغان ئونلىغان خىزمەتچىلىرىنى ئېلىپ ئۈچىنچى قېيىقتا تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قورال - ياراغلىرىنى كۆتۈرگەن پېتى قىرغاققا چىقتى. جاڭ شۇن سۇڭ جياڭنى كۆرۈپ خۇشاللىقى پەلەككە يەتتى، ئۇ دەرھال تەزىم قىلىپ:

— ئاغا، سىلى دەۋا - دەستۇرغا چۈشۈپ قالغاندىن بۇيان قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەي، بەكمۇ بىئارام بولۇپ يۈردۈم، قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا ئامالمۇ بولمىدى. يېقىندا يەنە دەي زۇڭ بېگىمنىڭمۇ قولغا چۈشۈپ قالغىنىنى ئاڭلىدىم. لى كۈي ئاغامنى كۆرۈنمەس بولۇپ كەتتى. شۇڭا، مەن ئاغامنى ئىزدەپ تاپتىم، ئۇ مېنى مۇ غوجامنىڭ جاڭزىسىغا باشلاپ كېلىپ، نۇرغۇن ئادەم بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويدى. بۈگۈن بىز جياڭجۇ ئايمىقىغا تېگىپ، زىندانغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى بولۇپ كەلسەك، مېھرىبان ئاغا ئۆزلىرىنى بۇ مەرد ئوغلانلار قۇتۇلدۇرۇپ بۇ يەرگە ئەكېلىۋاپتۇ. سوراشقا ئىجازەت قىلسىلا، بۇ باتۇر لياڭشەن كۆلىنىڭ مەرد ئوغلانى

بولغان چاۋ گەي ھەزرىتىم ئەمەسمىكىن؟ — دېدى.

— بۇ كىشى چاۋ گەي ئاغىمىز بولىدۇ، ھەممىڭلار بۇتخانىغا كىرىپ كۆرۈشۈپ چىقىڭلار، — دېدى سۇڭ جياڭ تۆردە ئولتۇرغان كىشىنى كۆرسىتىپ.

جاڭ شۈن باشلاپ كەلگەن توققۇز كىشى، چاۋ گەي بىلەن كەلگەن ئون يەتتە كىشى ۋە سۇڭ جياڭ، دەي زۇڭ، لى كۇيلار قوشۇلۇپ جەمئىي يىگىرمە توققۇز كىشى ئاق ئەجدىھا بۇتخانىسىغا كىرىپ جەم بولدى. مانا بۇ ئاق ئەجدىھا بۇتخانىسىدىكى جەم بولۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

يىگىرمە توققۇز پالۋان سالام - سەھەت قىلىشىپ بولۇپ تۇرۇشىغا چاپارمەنلەردىن بىرى ھاپىلا - شاپىلا كىرىپ:

— جياڭجۇ شەھىرىدىن بۇرغا - دۇمباقلارنى چېلىپ، سەپ - سەپ لەشكەرلەر بىزنى قوغلاپ چىقىپ كېلىۋاتىدۇ. تۇغ - ئەلەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن كۈننىڭ نۇرى كۆرۈنمەيۋاتىدۇ، قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق. ئالدىنقىلارنىڭ ھەممىسى دۇبۇلغا - قۇياق كىيگەن ئاتلىق لەشكەرلەر، ئارقىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قورال - ياراغلىق ياياق لەشكەرلەر ئىكەن. ئۇلار ناھايىتى شىددەت بىلەن ئاق ئەجدىھا بۇتخانىسىغا قاراپ باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

لى كۇي بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇر - چاپ!» دەپ نەرە تارتىپ، قوش ئايپالتىسىنى كۆتۈرگىنىچە بۇتخانىدىن ئېتىلىپ چىقتى. چاۋ گەيمۇ:

— بولار ئىش بولدى، ئەمدى ئۇنى بىر باشقا ئېلىپ چىقايلى. پالۋانلىرىم، ھەممىڭلار پېقىر چاۋ گەيگە ھەمدەم بولۇڭلار، جياڭجۇ ئايمىقىنىڭ لەشكەرلىرىنى بىرنى قويماي تۈگىتىپ، ئاندىن لياڭشەنگە قايتايلى! — دەپ ئۇن سالدى.

— خوپ! بۇيرۇقىڭىزنى بەجا كەلتۈرىمىز! — دەپ ۋارقىراشتى ھەممە پالۋانلار بىر ئېغىزدىن.

بىر يۈز ئەللىكچە ئادەم بىردەك نەرە تارتىپ، جياڭجۇ ئايمىقى

تەرەپكە ئات سالدى. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس!

دەريا ـ دەريا بولۇپ ئاقتى قىزىل قانلار،
تاغ ـ تاغ بولۇپ دۆۋىلەندى ئۆلۈك جانلار.

ھايھات:

ئوت پۈركۈدى دولقۇن ئارا ئەجدىھالار،
نەرە تارتتى قوزغاپ بوران ئارسلانلار.

چاۋ گەي باشلىق پالۋانلارنىڭ بۇ يەردىن قانداق قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنىڭ تەپسىلاتىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

# قىرىق بىرىنچى باب

## سۇڭ جياڭنىڭ ۋۇۋېي قەلئەسىنى پەم بىلەن ئالغانلىقى جاڭ شۇنىنىڭ خۇاڭ ۋېنبىڭنى تىرىك تۇتقانلىقى

ئەلقىسسە، لياڭشەن كۆلىدىكى پالۋانلار جازا مەيدانىغا تېگىش قىلىپ سۇڭ جياڭ بىلەن دەي زوڭنى قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن، جياڭجۇ شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئاق ئەجدىھا بۇتخانىسىغا قېچىپ كېلىشۋالدى. بۇلار ئىچىدە چاۋ گەي، خۇا روڭ، خۇاڭ شىن، لۇ فاڭ، گو شېڭ، ليۇ تاڭ، يەن شۇن، دۇ چيەن، سۇڭ ۋەن، جۇ گۈي، ۋاڭ پەتەك يولۋاس، جېڭ تيەنشۇ، شى يوڭ، رۇەن شياۋئېر، رۇەن شياۋۋۇ، رۇەن شياۋچى، بەي شېڭ قاتارلىق ئون يەتتە كىشى ۋە سەكسەن – توقساندەك جاسارەتلىك چاپارمەن بار ئىدى. شۇنياڭ دەرياسىدىكى پالۋانلاردىن جاڭ شۇن، جاڭ خېڭ، ليۇ جۇن، لى لى، مۇ خۇڭ، يۇ چۇن، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ، شۆ يوڭ قاتارلىق توققۇز پالۋانمۇ دەريا كېزىپ ئۆز ئالدىغا ئوقەت قىلىدىغان قىرىق نەچچە كىشىنى باشلاپ ئۈچ چوڭ قېيىق بىلەن بولۇشۇشقا كەلدى. شەھەردىن قارا قۇيۇن لى كۈيمۇ ئادەم باشلاپ چىقىپ، ئۇر – چاپ بىلەن شۇنياڭ دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى. ئىككى ياقتىن كېلىپ قوشۇلغانلار جەمئىي بىر يۈز قىرىق – بىر يۈز ئەللىكچە كىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاق ئەجدىھا بۇتخانىسىغا جەم بولۇشقانىدى. شۇ ئەسنادا چاپارمەنلەردىن بىرى كېلىپ «جياڭجۇ شەھىرىدىن بۇرغا – دۇمباقلار چېلىپ، ئەلەم چۆرۈپ، نەرە تارتقان لەشكەرلەر بىزنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر قىلدى.

قارا قويۇن لى كۈي بۇنى ئاڭلاپ بىر نەرە تارتتى – دە، ئايپالتىسىنى كۆتۈرگىنىچە ھەممىنىڭ ئالدىدا بۇتخانىدىن چىقتى. باشقا پالۋانلارمۇ چۇقان سېلىپ قوللىرىدىكى قورال – ياراغلىرىنى روسلاپ بۇتخانىدىن چىقىپ ياۋغا تۇغرا تۇردى. ليۇ تاڭ بىلەن جۇ گۈي سۇڭ جياڭ ۋە دەي زۇڭنى قېيىققا ئېلىپ چىقتى. لى جۈن، جاڭ شۈن، روەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ قېرىنداش قېيىقلارنى جايلاشتۇردى. دەريانىڭ ياقىسىدا تۇرۇپ قارىسا، شەھەردىن ئالتە – يەتتە مىڭچە خان لەشكەرلىرى چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاتقا مىنگەن بولۇپ، دۇبۇلغا – قۇياقلارنى كىيىپ، بەللىرىگە ئوقيا ئېسىپ، قوللىرىغا نەيزە – توقماقلارنى تۇتۇپتۇ، ئارقىسىدىكى ياياق لەشكەرلەر بولسا قىستىلىشىپ ئەلەم چۆرۈپ چۇقان – سۈرەنلەر بىلەن كېلىۋېتىپتۇ. بۇياقتىن لى كۈي باش بولۇپ، ئايپالتىسىنى ئوينىتىپ، قىپيالىڭاچ ھالدا توپ ئىچىگە ئۇر – چاپ بىلەن كىرىپ كەتتى. كەينىدىن خۇا رۇڭ، خۇاڭ شىن، ليۈ فاڭ، گو شېڭ قاتارلىق تۆت پالۋان ئۇنى قوغداپ ماڭدى. خۇا رۇڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ نەيزە – توقماقلىرىنى توغرىلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، لى كۈينى زەخىملىنىپ قالمىسۇن، دەپ ئاستا ئوقياسىنى ئېلىپ ئوقلاپ، كىرىچىنى بولۇشىچە تارتىپ، ياۋ قوشۇنىنىڭ ئاتلىق كېلىۋاتقان باشلىقىغا قارىتىپ ئېتىپ، بىر ئوق بىلەنلا ئۇنى ئاتتىن تىك موللاق چۈشۈردى. قالغان ئاتلىق لەشكەرلەر بۇنى كۆرگەندىن كېيىن چۆچۈشۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز جېنىنى پاناھداپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ بەدەر قېچىشتى، بۇنىڭ بىلەن ياياق كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭمۇ تەڭ يېرىمى ئات ئايىغى ئاستىدا قالدى. بۇياقتىكى پالۋانلار بىراقلا چاپقۇنغا ئۆتتى، خان لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرى دالانى قاپلاپ، تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى، قانلىرى دەريا بولۇپ ئاقتى، پالۋانلار چاپ – چاپ بىلەن جياڭجۇ ئايمىقىنىڭ سېپىلى يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، سېپىل

تۆپىسىدىكى چىرىكلەر سىپىلدىن ياغاچ ـ تاش، توپىلارنى ئاتقىلى تۇردى. بۇ ياقتىن قاچقان ياۋ لەشكەرلىرى ئالدىراپ ـ تېنەپ شەھەرگە كىرىۋالدى ـ دە، شەھەر دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىپ، نەچچە كۈنگىچە شەھەردىن چىقالماي ياتتى. پالۋانلار قارا قويۇننى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئاق ئەجدىھا بۇتخانىسىنىڭ ئالدىدا قېيىقتا چىقىشتى. چاۋ گەي كۆپچىلىكنىڭ تولۇق كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى ئېنىقلاپ كۆرگەندىن كېيىن قېيىقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەريا بىلەن يۇرۇپ كەتتى.

شامال ئوڭدىن كەلگەچكە، يەلكەنلەر چىقىرىلدى، ئۈچ چوڭ قېيىقتا نۇرغۇن ئاتامانلار ۋە چاپارمەنلەر چىقىپ، مۇ غوجامنىڭ جاڭزىسىغا قاراپ ماڭدى. قېيىقلار ئوڭۇشلۇق مېڭىپ، قىرغاقتىكى قېيىق توختايدىغان جايغا كېلىپ توختىدى، ھەممە قىرغاققا چىقتى. مۇ خۇڭ پالۋانلارنى جاڭزىدىكى سارايغا تەكلىپ قىلدى، مۇ غوجا چىقىپ ئۇلارنى قارشى ئالدى، سۇڭ جياڭ ۋە باشقىلار ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.

— ئاتامانلىرىم، — دېدى مۇ غوجا، — كېچىچە يول مېڭىپ كۆپ جاپا چېكىشتىڭلە، مېھمانخانىغا ئىلتىپات قىلىپ، ھازىرچە ئاراملىرىنى ئېلىشىپ تۇرۇشسىلا.

ئاتامانلار ئۆيگە كىرىپ دەم ئالغاچ، كىيىم ـ كېچەك، قورال ـ ياراغلىرىنى سەرەمجانلاشتۇردى. شۇ كۈنى مۇ خۇڭ ئوتاقچىلىرىغا بىر كالا، ئون نەچچە چوشقا، قوي، توخۇ، غاز، بېلىق، ئۆردەكلەرنى سويدۇرۇپ، ئېسىل تائاملارنى راسلىتىپ، كاتتا زىياپەتلەر بىلەن ئاتامانلارنى مېھمان قىلدى. داستىخان ئۈستىدە نۇرغۇن پاراڭلار سېلىندى.

— ئەگەر ھەرقايسىلىرى قېيىق بىلەن كېلىپ بىزنى قۇتۇلدۇرمىغان بولسىلا، ھەممىمىز تۇتۇلۇپ كەتكەن بولاتتۇق، — دېدى چاۋ گەي.

— نېمىشقا ئۇ يول بىلەن كېلىشتىلە؟ — دەپ سورىدى مۇ غوجا.

— مەن نەدە ئادەم كۆپ بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ چاپتىم، ۋايتالڭ، ئۇلار ئۆزلىرى كەينىمدىن ئەگىشىپ كەپتۇ، مەن ئۇلارنى چاقىرغىنىم يوق، — دېدى لى كۈي.

كۆپچىلىك ئاۋلاپ كۇلۇشۇپ كەتتى. سۇڭ جيالڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپچىلىككە قاراپ:

— ئاتامانلىرىم، ئەگەر ھەرقايسىلىرى كېلىپ قۇتۇلدۇرمىغان بولۇشسىلا، پېقىر سۇڭ جيالڭ ئاللىقاچان دەي زۇڭ بېگىم بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتىم، ھەرقايسىلىرىنىڭ دېڭىزدىن چوڭقۇر شەپقەتلىرىنى قاچانمۇ قايتۇرارمەن؟ خۇاڭ ۋېنبىڭ دېگەن بۇ ئەبلەخ ئىشىنىڭ يېپىدىن - يىڭنىسىگىچە سۈرۈشتۈرۈپ، ئامبالغا نۇرغۇن زەھەرلىك پەملەر كۆرسىتىپ بىزگە قەست قىلدى. بۇ ئۆچىمىزنى ئالمىساق بولامدۇ؟ پالۋانلاردىن شۇنى سورايمەنكى، ماڭا يەنە بىر قېتىم شەپقەت قولىلىرىنى سۇنۇشسىلا، ۋۇۋېي قەلئەسىگە تېگىش قىلىپ، خۇاڭ ۋېنبىڭ دېگەن ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈپ، پېقىرنىڭ تۇگىمەس بۇ ئۆچۈمنى ئېلىپ بېرىشسىلە، ئاندىن تاغقا قايتساق؟ — دەپ ئۆتۈندى.

— بىز ياۋ قوشۇنلىرىغا بىر قېتىم ئۇشتۇمتۇت تېگىش قىلدۇق، — دېدى چاۋ گەي، — بۇ ئۇسۇلنى بىرلا قېتىم ئىشلىتىشكە بولىدۇ، يەنە ئىشلەتسەك قانداق بولۇر؟ مەككارلار ھازىر ئاللىقاچان تەييارلىنىپ بولدى. ھازىرچە تاغ تۇراغا قايتىپ، بارلىق يىگىتلەر بىلەن ۋۇ يۇڭ خەلپىتىم، گۇڭسۇن شېڭ موللام، لىن چۇڭ ۋە چىن مىڭلارنى باشلاپ كېلىپ قىساسىمىزنى ئالساقمۇ كېچىكمەيمىز.

— ئەگەر تاغقا قايتساق، ئىككىنچى كېلەلمەيمىز. بىرىنچىدىن، يول ئۇزۇن، ئىككىنچىدىن، جياڭجۇ ئايمىقىدىن ئېلانلار چىقىرىپ، جايلارنى قامال قىلىپ كېتىدۇ. ھاماقەتلىك قىلماي، ئۇلار تەييارلىنىپ بولغۇچە مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ تېگىش قىلغىنىمىز ياخشى، — دېدى سۇڭ جيالڭ.

— ئاغىمىزنىڭ ئېيتقىنى توغرا، — دەپ سۆز قاتتى خۇا

رۇڭ، — ئىش شۇنداق بولسۇن، ئۇ يەرگە بارىدىغان يولنى، ئۇ يەرنىڭ ئوي - دۆڭلىرىنى ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز، ئاۋۋال بىرەيلەن ئۇ يەرگە بېرىپ، ئەھۋال ئۇقۇپ، ۋۇۋبي قەلئەسىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەرگە قانداق بارىدىغانلىقىنى بىلىپ كەلسۇن، شۇ چاغدا خۇاڭ ۋېنبىڭ دېگەن ئوغرىنىڭ تۇرىدىغان يېرىمۇ مەلۇم بولىدۇ. ئاندىن تەگسەك ئەپلىكرەك بولىدۇ.

— پېقىر ھەمىشە ئەل كېزىپ يۈرىمەن، شۇڭا ۋۇۋبي قەلئەسىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىمەن، مەن بىر بېرىپ ئۇقۇپ كەلسەم قانداق؟ — دېدى شۆ يۈڭ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بۇ ناھايىتى ياخشى گەپ بولدى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

شۆ يۈڭ شۇ كۈنى ھەممىسى بىلەن خوشلىشىپ، يولغا راۋان بولدى.

سۇڭ جياڭ ئاتامانلار بىلەن بىللە مۇ خۇڭنىڭ جاڭزىسىدا ۋۇۋبي قەلئەسىگە تېگىش قىلىش ئۈستىدە كېڭەشىپ، قىلىچ - نەيزە، يا - ئوقلارنى ھازىرلاش، چوڭ - كىچىك قېيىقلارنى تەييارلاش بىلەن بولدى. تەييارلىق پۈتتى. شۆ يۈڭ كېتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن جاڭزىغا بىر ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، سۇڭ جياڭ بىلەن كۆرۈشتى. سۇڭ جياڭ:

— ئىنىم، بۇ باتۇر كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— بۇ كىشىنىڭ ئىسمىزاتى خۇ جيەن، ئاتا - بوۋىسى خۇڭدۇ شەھىرىدە ئۆتكەن. ئۆزى ئالدىنقى قاتاردىكى تىككۈچىلەردىن، قولى ناھايىتى ئەپچىل. چامباشچىلىقنى ياخشى كۆرگەچكە، مىنى ئۇستاز تۇتقان. بۇ كىشى قارىمۇتۇق، ئاۋاق ۋە چەبدەس بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ئەۋرىشىم بىلەك مايمۇن دەپ ئاتىشىۋالغان. ھازىر ۋۇۋبي قەلئەسى ئىچىدىكى خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئۆيىدە ئىش قىلىۋېتىپتۇ. پېقىر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىپ، بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى شۆ يۈڭ.

سۇڭ جياڭ خۇشال بولۇپ، ئۇنى بىللە ئولتۇرۇپ كېڭەشىشكە تەكلىپ قىلدى، ئۇ كىشىمۇ زېمىنني ئەپتەر

قاتاردىكىلەردىن بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇلار بىلەن بىر يەردىن چىقىشى تۇرغان گەپ ئىدى. سۇڭ جياڭ جياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئەھۋالىنى، ۋۇۋېي قەلئەسىگە بارىدىغان يولنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى سورىدى. شۆ يۇڭ:

— سەي جيۇ ئامبال يېقىندا خان لەشكەرلىرى بىلەن يۇقىرالاردىن قىرىلغانلارنى ھېسابلاپ بېقىپتىكەن، بەش يۈزدىن ئارتۇق چىقىپتۇ؛ يارىدار بولغان، ئوقيا ئوقى تەگكەنلەر ھەددى - ھېسابسىز ئىكەن، خان ھۇزۇرىغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن كېچىلەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇدەك. شەھەر قوۋۇقىنى چۈشتىن كېيىنلا تاقايمىش، كىرىپ - چىقىقۇچىلارنى قاتتىق تەكشۈرگۈدەك. ئاغىمىزنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى سەي جيۇ ئامبالدىن ئەمەس ئىمىش، ئەسلىدە خۇاڭ ۋېنبىڭ دېگەن ئەبلەخ ئامبالغا قايتا - قايتا ئەقىل كۆرسىتىپ، ئىككىلىرىگە قەست قىلغانىكەن. جازا مەيدانىغا تەگكەندىن كېيىن شەھەردىكىلەر ئالاقزادە بولۇپ كېتىپتۇ، ھازىر كېچە - كۈندۈز تەييار تۇرارمىش. پېقىر ۋۇۋېي قەلئەسىگىمۇ بىرىپ ئۇقۇشۇپ كۆردۈم، ئىنىمىز خۇ جيەن تاماق يېگىلى چىققانىكەن، كۆرۈشۈپ قېلىپ ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىنى سوراپ بىلدىم، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— خۇ جيەن قېرىندىشىم، سىز قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— پېقىر كىچىكىمدىن تارتىپلا چامباشچىلىقنى ئۆگىنىشكە خۇشتار ئىدىم، ئۇستام شۆ يۇڭ ئاغزىمغا ئىلىم سالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كىشىنىڭ ھىممەت - شەپقىتىنى ئۇنتۇشقا ئاجىزلىق قىلىمەن. نائىب خۇاڭ ۋېنبىڭ پېقىرغا ئۆز ئۆيىدە كىيىم تىكتۈرۈۋاتاتتى، ئۇستام كۆرۈپ قېلىپ، مېھرىبان ئاغىمىزنىڭ نامىنى تىلغا ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپنى سۆزلەپ بەردىم. كەمىنىلىرى مېھرىبان ئاغىمىز بىلەن تونۇشماقچى بولۇپ، ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە بۇ

يەرگە كەلدىم. خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ خۇاڭ ۋېنيې دەيدىغان بىر ئاكىسى بار، ئۇلار بىر قورساقتىن چىققان. خۇاڭ ۋېنيې ئادەتتە كۆۋرۈك ـ يوللار ياسىتىش، بۇتخانا ـ ئىبادەتخانىلار سالدۇرۇش، شەيخلەرگە خەير ـ سەدىقىلەر بېرىش، غېرىب ـ غۇرۋالارنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولۇش، پېقىر ـ مىسكىنلەرنىڭ بېشىنى سىلاشتەك ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىدۇ، شۇڭا ۋۇۋېيلىقلار ئۇنى «خۇاڭ ۋەلى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئەمدى خۇاڭ ۋېنبىڭ بولسا، مەنسىپى يوق نائىب بولسىمۇ، كىشىلەرگە ھەمىشە يامانلىق قىلىشنىلا ئىزدەيدۇ، يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. شۇڭا، ۋۇۋېيلىقلار ئۇنى «خۇاڭ چايان» دەپ ئاتىشىدۇ. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى بۆلەك ـ بۆلەك ھويلىدا ئولتۇرىدۇ. بىر كوچىدىن كىرىپ چىقىدۇ، يۇقىرى قوۋۇق ياقىسىدىكى خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئۆيى. خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئۆيى سېپىلنىڭ تۈۋىدە، خۇاڭ ۋېنيېنىڭ ئۆيى چوڭ كوچا بويىدا. پېقىر خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئۆيىدە ئىش قىلىۋاتاتتىم، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىپ: «سەي جيۇ ئامبال ئالدىنىپ كېتىپتىكەن، مەن ئۇنىڭغا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىش توغرىسىدا ئەقىل كۆرسەتتىم» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ گەپنى خۇاڭ ۋېنيې ئاڭلاپ: «قاراڭلار، ئۇنىڭ يەنىلا مۇشۇنداق ئۆز ئۆمرىنى قىسقارتىدىغان ئىشنى قىلىپ يۈرگىنىنى. سەن بىلەن چېتىشىسىز ئىش بولغاندىن كېيىن نېمىشقا خەققە قەست قىلىسەن؟ خەپ قاراپتۇر، ئاخىر بېرىپ جاجاڭنى يەيسەن، بۇ دېگەن ئۆتنىگە لايىقۇت ئالەم» دەپ تىللىدى. مۇشۇ كۈنلەردە جازا مەيدانىغا تېگىش قىلىنىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ ناھايىتى ھودۇقتى، ئاخشام جياڭجۇدىكى سەي جيۇ ئامبالنىڭ يامۇلىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كېڭەشكىلى كەتكەن، تېخى قايتىپ كەلمىدى، — دېدى خۇ جيەن.

— خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئۆيى بىلەن ئاكىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— ئەسلىدە بىر ئىدى، ھازىر ئۆيلىرىنى ئايرىۋالدى، ئىككى ھويلىنىڭ ئارىلىقىدا بىر كۆكتاتلىق بار.

— خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئۆيىدە نەچچە ئادەمى بار، نەچچە خوتۇنى بار؟

— ئەر - ئايال بولۇپ، جەمئىي قىرىق - ئەللىكچە ئادەمى بار.

— تەگرى مېنى ئۆچىنى ئېلىۋالسۇن دەپ بۇ ئادەمنى ئەۋەتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ يەنە ھەرقايسىلىرىدەك ئاغا - ئىنىلىرىمنىڭ ياردىمىگە موھتاجمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— بۇ چىركىن ۋەھشىينى يوقىتىپ، ئاغىمىزنىڭ ئۆچىنى ئېلىشقا جېنىمىز پىدا، — دەپ جاۋاب بەردى كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن.

— بىز تىغنى خۇاڭ ۋېنبىڭ دېگەن ئوغرىنىڭ ئۆزىگىلا قارىتىشىمىز كېرەك، ۋۇۋېيلىق پۇقرالار بىلەن كارىمىز بولمىسۇن. جاھان ئەھلى بىزنى نامەردلەر دەپ قارغىمىسۇن دېسەك، ئۇنىڭ ئاكىسىغا چېقىلمايلى، چۈنكى ئۇ شەپقەتلىك ئادەم ئىكەن. ئاغىلار، ئۇكىلار، ئۇ يەرگە بارغاندا پۇقرالارغا قىلچە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيلى. ئۇ يەرگە بېرىشقا مېنىڭ بىر ئامالىم بار. ھەرقايسىلىرىنىڭ ھەمدەم بولۇشلىرىنى تىلەيمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ يەنە.

— ئاغىمىز نېمە دېسە شۇ، — دېدى ھەممە بىر ئېغىزدىن.

— مۇ غوجام مالال كۆرمىسە، — دېدى سۇڭ جياڭ، — سەكسەن - توقسان تاغار، بىرەر يۈز باغلام ئوتۇن - قومۇش راسلىسۇن، يەنە بەش چوڭ قېيىق، ئىككى كىچىك قېيىق تەييارلايلى. جاڭ شۇن بىلەن لى جۈن ئىككى قېيىقنى ھەيدەپ دەريادا مۇشۇنداق يۈرسۇن؛ بەش چوڭ قېيىقنى جاڭ خېڭ، رۇەن شياۋئېر، رۇەن شياۋۋۇ، رۇەن شياۋچى، تۇڭ ۋېي ۋە باشقا سۇنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلار ھەيدەپ ماڭسۇن، مۇشۇ ئامالنى قىلساقلا ئىشىمىز ئەپلىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

— بۇ يەردە ئوتۇن ــ قومۇش، ماي ــ پاي، تاغار ــ پاغارلارنىڭ ھەممىسى تەييار، جاڭزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سۇ ئۈزۈشنى، قېيىق ھەيدەشنى بىلىدۇ، ئىشنى باشلاۋەرسىلە ئاغا، — دېدى مۇخۇلۇڭ.

— ئىنىمىز خۇ جيەن شۆ يۈڭ بىلەن بەي شېڭنى باشلاپ، ۋۇۋېي قەلئەسىگە بېرىپ مۆكۈنۈپ تۇرسۇن، تەڭ كېچە بولغاندا، دەرۋازىنىڭ سىرتىدا قويۇپ بېرىلگەن قوڭغۇراقلىق كەپتەرنىڭ قوڭغۇرىقى ئاڭلانغاندىن كېيىن بەي شېڭ سېپىلغا چىقىپ، بىر ئاق ياغلىقنى قاداپ بەلگە بەرسۇن ــ دە، خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئۆيىگە يېقىن يەردىن سېپىلغا چىقسۇن. ئاندىن شى يۈڭ بىلەن دۇ چيەن تىلەمچى قىياپىتىگە كىرىپ سېپىل دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر جايغا مۆكۈنسۇن. ئوت قويۇپ بەلگە بېرىلگەندىن كېيىن دەرۋازىنى ساقلاۋاتقان چېرىكلەرنى دەررۇ ئۆلتۈرۈۋەتسۇن. لى جۈن بىلەن جاڭ شۈن دەريادا چارلاپ يۈرۈپ، بولۇشۇشقا رۇسلىنىپ تۇرسۇن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

سۇڭ جياڭ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن شۆ يۈڭ، بەي شېڭ ۋە خۇ جيەنلەر ئالدىدا يۈرۈپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شى يۈڭ بىلەن دۇ چيەن تىلەمچى قىياپىتىگە كىرىپ، قويۇنلىرىغا خەنجەرلىرىنى تىقىشىپ يولغا راۋان بولدى. بۇ يەردە قالغانلار قۇم قاچىلانغان تاغار، قومۇش، ئوتۇن ۋە مايلارنى قېيىقلارغا سالدى. ۋاقىت توشقاندا پالۋانلار جابدۇنۇپ، قورال ــ ياراغلىرىنى ئېلىشتى، يىگىتلەر قېيىقلارنىڭ قازناقلىرىغا يوشۇرۇندى، ئاتامانلار بۆلۈنۈپ قېيىقلارغا چىقىشتى. چاۋ گەي، سۇڭ جياڭ، خۇا رۇڭلار تۇڭ ۋېينىڭ قېيىقىغا چىقتى؛ يەن شۈن، ۋاڭ پەتەك يولۋاس، جېڭ تيەنشۇلار جاڭ خېڭنىڭ قېيىقىغا چىقتى؛ دەي زۇڭ، ليۇ تاڭ، خۇاڭ شىنلار رۇەن شياۋئېرنىڭ قېيىقىغا چىقتى؛ لۇ فاڭ، گو شېڭ، لى لىلار رۇەن شياۋۋۇنىڭ قېيىقىغا چىقتى؛ مۇ خۇڭ، مۇ چۈن، لى كۈيلار رۇەن شياۋچىنىڭ قېيىقىغا چىقتى. جۇ گۈي

بىلەن سۇڭ ۋەن جياڭجۇ شەھىرىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن مۇ غوجىنىڭ جاڭزىسىدا قالدۇرۇلدى. ئالدى بىلەن تۇڭ مىڭ تېز ئۇزەر بېلىقچى قېيىقى بىلەن يولنى چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتىلدى. ئاتامان – چاپارمەنلەر بىلەن يىگىتلەر قېيىقنىڭ قازناقلىرىغا يوشۇرۇندى، ئوتاقچىلار بىلەن قېيىقچىلار قېيىقنى ھەيدەپ، شۇ كېچىسى يوشۇرۇن ھالدا ۋۇۋېي قەلئەسىگە قاراپ يول ئالدى. بۇ چاغ يەتتىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ، كېچە سالقىن ۋە جىمجىت ئىدى، دەريانى ئاي سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى، دەريادا تاغلارنىڭ شولىسى يېنىپ، ئاسمان بىلەن دەريانىڭ يۈزى ئوخشاشلا كۆپكۆك بولۇپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇرۇنىسىدا ئۆتكەن سەن لياۋزى دېگەن بىر كىشى بۇ دەريانىڭ كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق بىر نەزم پۈتكەنىكەن:

ئاقار سۈيى ياساپ دولقۇن، قاشتا تۇرۇپ باقساڭ ئەگەر،
قاپلار ئۇنى سارغۇچ تۇمان، يىراقلاردىن سالساڭ نەزەر.
ئاي كۆرۈنسە ئاسماندا سۈس، پەستە ئۇرار مەيىن شامال،
مانا جۇجياڭ دەرياسىدا، بولىدۇكى شۇنداق سەھەر.
سورىساڭ گەر بېلىقچىدىن مەنزىرىسىن بۇ ئىقلىمنىڭ،
كىچىك كۆردۇم لۇشەن تېغىن، دەپ ئۇ ساڭا جاۋاب بېرەر.

يېرىم كېچىدىن بۇرۇن چوڭ – كىچىك قېيىقلارنىڭ ھەممىسى ۋۇۋېي دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ كېلىپ، قومۇشلۇقنىڭ قويۇق ئۆسكەن يېرىدە سەپ – سەپ بولۇپ توختاشتى، شۇ ئارىلىقتا تۇڭ مىڭ كېلىپ: «شەھەر ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە – شىما يوق» دەپ خەۋەر قىلدى. سۇڭ جياڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە قۇم، توپا قاچىلانغان تاغارلار بىلەن ئوتۇن، قومۇشلارنى قىرغاققا توشۇتقۇزدى، ئۇلار شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ۋاقىتتا ئەلياتقۇ مەھەل تاكتىكى ئۇرۇلدى. سۇڭ جياڭ چاپارمەنلەرنى قۇم، توپا قاچىلانغان تاغارلار بىلەن ئوتۇن،

قومۇشلارنى شەھەر سېپىلىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ دۆۋىلەشكە بۇيرۇدى. پالۋانلار قوللىرىغا قورال ـ ياراغلىرىنى ئېلىشتى. جاڭ خېڭ، رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئاكا ـ ئۇكىلار بىلەن تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلار قېيىقلارغا قاراپ بولۇشۇشقا قالدۇرۇلدى، قالغان ئاتامانلار شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار شەھەر سېپىلىغا قاراپ مېڭىپ يۇقىرى دەرۋازىغا يېرىم چاقىرىمچە قالغاندا، سۇڭ جياڭ قوڭغۇراقلىق كەپتەرنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. شۇ زامات شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدە قومۇش تاياقلىق چىگىلگەن ئاق ياغلىق كۆرۈنۈپ، شامالدا لەپىلدىدى. سۇڭ جياڭ ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن بىر بۆلەك يىگىتلەرگە قوم، توپا قاچىلانغان تاغارلارنى شەھەر سېپىلىنىڭ يېنىغا دۆۋىلەتكۈزدى، بىر بۆلەك يىگىتلەرنى ئوتۇن، قومۇش، مايلارنى ئېلىپ سېپىلغا چىقىشقا بۇيرۇدى، بۇ يەردە بەي شېڭ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇ يىگىتلەرگە قولى بىلەن كۆرسىتىپ:

— خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئۆيى ئاۋۇ كوچىدا ئىكەن، — دېدى.

— شۇ يۇڭ بىلەن خۇ جيەن نەدە؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ ئۇنىڭدىن.

— ئۇ ئىككىسى خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئۆيىگە مۆكۈندى، ئاغمىزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بەي شېڭ.

— سىز شى يۇڭ بىلەن دۇ چيەننى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— ئۇ ئىككىسى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئەتراپىدا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بەي شېڭ.

سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ، پالۋانلارنى باشلاپ شەھەر سېپىلىدىن چۈشۈپ خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى، بىردىنلا لەمپىنىڭ ئاستىدا خۇ جيەن پەيدا بولدى، سۇڭ جياڭ ئۇنى چاقىرتىپ، قولىقىغا پىچىرلاپ:

— سىز بېرىپ كۆكتاتلىقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىڭ،

يىگىتلەر كىرىپ ئوتۇن ـ قومۇشلارنى دۆۋىلىسۇن، شۇ يۇڭ ئۇنىڭغا ئوت قويسۇن؛ سىز بېرىپ ئىشىكنى ئۇرۇپ: «چوڭ بېگىمنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتتى، ساندۇق ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سىلەرنىڭكىدە قويۇپ تۇرايلى» دەپ توۋلاڭ. ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم جۆندەيمەن، ـــ دېدى.

سۇڭ جياڭ پالۋانلارنى بۆلۈنۈپ ھويلىنى ئالدى ـ ئارقىدىن قاپسىۋېلىشقا بۇيرۇدى. خۇ جيەن بېرىپ كۆكتاتلىقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتتى، يىگىتلەر ئوتۇن، قومۇشلارنى ئەكىرىپ ئىچىگە دۆۋىلىدى. خۇ جيەن تۇتۇرۇق ئەكېلىپ شۇ يۇڭغا بەردى. شۇ يۇڭ ئوتنى ياقتى. خۇ جيەن چىقىپ ئىشىكنى قېقىپ: «چوڭ بېگىمنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتتى، ساندۇق ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سىلەرنىڭكىدە قويۇپ تۇرايلى، ئىشىكنى چاپسان ئېچىڭلار» دەپ توۋلىدى. ئىچىدىكىلەر ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇشۇپ قاراپ، نېرىقى ھويلىدىكى ئوتنى كۆردى ـ دە، دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن چاۋ گەي، سۇڭ جياڭ ۋە باشقىلار چۇقان سېلىپ باستۇرۇپ كىردى؛ پالۋانلار يەڭلىرىنى شىمايلاپ بىرى ئۇچرىسا بىرنى، ئىككىسى ئۇچرىسا ئىككىنى ئۆلتۈرىۋەردى، خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئۆيىدىكى چوڭ ـ كىچىك قىرىق ـ ئەللىكچە ئادەمنىڭ بىرسىنىمۇ قويماي ئۆلتۈرۈۋەتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت خۇاڭ ۋېنبىڭلا كۆرۈنمەيتتى. پالۋانلار خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ يۇقىرىلارنى بوزەك قىلىپ توپلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ دۇنيالىرىنى پاك ـ پاكىز يىغىشتۇردى، بىر ئىسقىرتىش بىلەن پالۋانلار ساندۇق ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپ، شەھەر سېپىلىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. شى يۇڭ بىلەن دۇ چيەن ئوتنى كۆرۈپ، خەنجەرلىرىنى چىقىرىپ دەرۋازا ساقلايدىغان چېرىكلەرنى ئۆلتۈردى. خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئالدىنقى كوچىدىكى قوشنىلىرى سوغا ۋە شوتىلارنى كۆتۈرۈپ، ئوت ئۆچۈرگىلى كېلىشتى. شى يۇڭ بىلەن دۇ چيەن ئۇلارغا: «پۇقرالار، قەدىمىڭلارنى توختىتىڭلار، لياڭشەن كۆلىدىكى پالۋانلاردىن بۇ

www.uyghurkitap.com

يەردە نەچچە مىڭىمىز بار، بىز خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئۆيىدىكى بۇزۇقلارنى ئۆلتۈرۈپ، سۆڭ جياڭ بىلەن دەي زۇڭنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلدۇق، پۇقرالار بىلەن كارىمىز يوق، سىلەر ئاربلاشماي، ئۆيۈڭلەرگە بېرىپ جېنىڭلارنى جان ئېتىڭلار» دەپ ۋارقىرىدى. قوشنىلارنىڭ بەزىلىرى ئىشەنمەي توختاپ قالدى، قارا قۇيۇن لى كۈي قوش ئايپالتىسىنى ئويناتقىنىچە دېۋەيلەپ ئالدىغا مېڭىۋىدى، قوشنىلار چۇقان سېلىشىپ شوتا، سوغىلىرىنى كۆتۈرگىنىچە قېچىپ كەتتى. ئارقا كوچىدىن دەرۋازا ساقلايدىغان چېرىكلەر ئادەم باشلاپ، كىگىز ـ پالاز، ئىلمەك ـ چىلمەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ ئوت ئۆچۈرگىلى كېلىشتى، خۇا رۇڭ ئوقيانى ئېلىپ بىر ئوق بىلەن بىرنى تىك موللاق چۈشۈرۈپ: «ئۆلگۈڭ كەلگەنلەر كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرۈش» دەپ ۋارقىرىدى. ھېلىقى چېرىكلەر چېكىنىپ، كېتىپ قېلىشتى. شۆ يۇڭ ئوتقاش كۆتۈرۈپ كېلىپ، خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە ئوت قويدى، ئوت پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. بۇ ئوت شۇنداق كۆيدىكى:

قاپلىدى زېمىننى قاپقارا بۇلۇت،
پەلەككە ئۈچ تارتىپ يالقۇنجىدى ئوت.
تۇمەن لەك يىلاندەك سەپ ـ سەپ سوزۇلۇپ،
لاۋۇلداپ ھەر ياقتا كۆيدى ئوت توپ ـ توپ.
ھەمدەم بوپ چىقتى بىر شۇم قارا بوران،
نەقىشلىك لىم تۈۋرۈك ئالدى سەل ئارام.
ۋە لېكىن ئۇلغايدى قىزىپ ئوت تەپتى،
بىردەمدە راۋاقلار كۈل بولۇپ كەتتى.
بۇ ئەسلىي ئوت ئەمەس، ۋېنبىڭ بەتنىيەت،
ئىلاھنىڭ غەزىپىن تارتتى ئاقىۋەت.
كىمكى تىقسا گەر ئوتقا قولىنى،
غەزەپنىڭ ئوتلىرى ئۆرتىگەي شۇنى.

بۇ چاغدا شى يۈك بىلەن دۇ چيەن دەرۋازا ساقلايدىغان چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ بولغانىدى، لى كۈي تۆمۈر قولۇپنى چېقىپ تاشلاپ، دەرۋازىنى يوغان ئېچىۋەتتى، ئادەملەرنىڭ يېرىمى سېپىلنىڭ ئۈستىدىن، يېرىمى سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى. جاڭ خېڭ، رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئاكا ـ ئۇكىلار بىلەن تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى، ھەممىسى جەم بولۇشقاندىن كېيىن نەرسە ـ كېرەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ قېيىققا چىقىشتى، ۋۇۋېيلىقلار جياڭجۇ ئايمىقىدا لياڭشەن كۆلىدىكى پالۋانلارنىڭ جازا مەيدانىغا تېگىش قىلىپ نۇرغۇن ئادەملەرنى قىرىپ تاشلىغانلىقىدىن خەۋەردار بولغاچقا، قوغلاپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇردى. سۇڭ جياڭ قاتارلىق پالۋانلار خۇاڭ ۋېنبىڭنى تۇتالمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىپ، قېيىققا چىقىپ مۇ خۇڭنىڭ جاڭزىسىغا قاراپ راۋان بولدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

جياڭجۇ ئايمىقىدىكىلەر ۋۇۋېيدا ئوت كۆيۈپ، جاھاننى قىزىلچىلىق قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، بۇ گەپ پۈتۈن شەھەرگە يېيىلىپ، يامۇلغا خەۋەر قىلىندى. بۇ چاغدا خۇاڭ ۋېنبىڭ يامۇلدا ئىش بىلەن بەند ئىدى، ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئامبالنىڭ قېشىغا كىردى ۋە ئۇنىڭغا: «ئۆيۈمگە ئوت كېتىپتۇ، چاپسان بېرىپ كۆرۈپ كەلسەممىكىن» دەپ ئىلتىجا قىلدى. ئامبال ئاڭلاپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئاچۇرۇپ، پادىشاھلىق كېمە بىلەن ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇشنى بۇيرۇدى، خۇاڭ ۋېنبىڭ ئامبالغا رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ چىقتى ۋە خىزمەتچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، كېمىگە چىقىپ ۋۇۋېيغا قاراپ يولغا چىقتى. ئوتنىڭ ناھايىتى ئۇلۇغ كۆيگەنلىكىنى، دەريا يۈزىنىڭمۇ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن كېمىچى:

— بۇ ئوت يۇقىرى دەرۋازا تەرەپتە كۆيۈۋېتىپتۇ، — دېدى.

خۇاڭ ۋېنبىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھودۇقتى. كېمە

www.uyghurkitap.com

دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، بىر قېيىق ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن يەنە بىر قېيىق كەلدى، ئۇ ئۆتۈپ كەتمەي، پادىشاھلىق كېمىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلىۋاتاتتى. خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ خىزمەتچىسى:

— ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئۇسۇپ كېلىشكە جۈرئەت قىلىۋاتقان قانداق قېيىق ئۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

قېيىقتىن بىر دارازا سەكرەپ قوپتى. ئۇنىڭ قولىدا ئىلمەك بار ئىدى، ئۇ:

— ئوت كەتكەنلىكىنى جياڭجۇغا خەۋەر قىلىشقا كېتىۋاتقان قېيىق، — دەپ جاۋاب بەردى.

— نەگە ئوت كەتتى؟ — دەپ سورىدى خۇاڭ ۋېنبىڭ كېمە قازنىقىدىن چىقىپ.

— يۇقىرى دەرۋازىدىكى خۇاڭ نائىبىنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتتى. لياڭشەن كۆلىدىكى پالۋانلار كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، مال - دۇنيالىرىنى بۇلاپ كەتتى، ئوت ھازىرمۇ كۆيۈۋاتىدۇ، — دېدى دارازا.

خۇاڭ ۋېنبىڭ ئاھ ئۇرۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى. ھېلىقى دارازا ئاڭلاپ، ئىلمەك بىلەن كېمىنى ئىلدى ۋە كېمىگە سەكرەپ چىقتى. خۇاڭ ۋېنبىڭ تويغۇن ئادەم بولغاچقا، تونۇپ قېلىپ، كېمىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ دەرياغا سەكرىدى. بىردىنلا دەريادا بىر قېيىق پەيدا بولدى - دە، بىر ئادەم سۇنىڭ ئاستى بىلەن بېرىپ خۇاڭ ۋېنبىڭنى بېلىدىن قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى ۋە بېشىدىن سۆرەپ قېيىققا تارتىپ چىقاردى. قېيىقنىڭ تۆپىسىدىكى ھېلىقى دارازا كېلىپ بولۇشۇپ چىگە ئارغامچا بىلەن باغلىدى. سۇنىڭ ئىچىدە خۇاڭ ۋېنبىڭنى تۇتۇۋالغان كىشى دولقۇن يارار ئاق بېلىق جاڭ شۇن، قېيىقنىڭ تۆپىسىدە ئىلمەك تۇتۇپ تۇرغان كىشى دەريا بۇلغار لەھەڭ لى جۈن ئىدى، بۇ ئىككى پالۋان قېيىقنىڭ تۆپىسىدە ئۆرە تۇراتتى. پادىشاھلىق كېمىنى ھەيدەيدىغان كېمىچىلەر يۈكۈنۈپ تەزىم

قىلىپ كەتتى، لى جوْن ئۇلارغا:

— مەن سىلەرنى ئۆلتۈرمەيمەن، خۇاڭ ۋېنبىڭ دېگەن ئەبلەخنى تۇتساملا بولىدۇ، سەنلەر ئامبال سەي جيۇ دېگەن ئېشەككە بېرىپ ئېيتىش، بىز لياڭشەن كۆلىدىكى پالۋانلار ئۇنىڭ ئېشەك كاللىسىنى هازىرچە قالدۇرۇپ تۇرۇپ، كېيىن بىر كۈنى ئالغىلى كېلىمىز، — دېدى.

— خوش، بىز بېرىپ ئېيتايلى، — دېدى كېمىچىلەر غال - غال تىترەپ.

لى جوْن بىلەن جاڭ شۈن خۇاڭ ۋېنبىڭنى ئېلىپ ئۈزۈپ كەتتى. پادىشاھلىق كېمىنى بولسا قويۇپ بەردى.

ئىككى پالۋان ئىككى قېيىقنى هەيدەپ، مۇ خۇڭنىڭ جاڭزىسىغا قاراپ يولغا چىقتى، ئۇلار قىرغاققا بېرىپ قارىسا، ئاتامانلار قىرغاقتا ئۇلارنى كۈتكەچ ساندۇق ۋە نەرسە - كېرەكلەرنى توشۇۋېتىپتۇ. خۇاڭ ۋېنبىڭنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، سۇڭ جياڭ قىن - قىنىغا پاتماي خۇش بولۇپ كەتتى، پالۋانلارمۇ خۇشال بولۇشۇپ «مۇشۇ ئادەمنى بىر كۆرمەكچىدۇق» دېيىشىپ كەتتى. لى جوْن بىلەن جاڭ شۈن خۇاڭ ۋېنبىڭنى قىرغاققا ئېلىپ چىقتى، كۆپچىلىك كۆرۈپ، ئالدىغا سېلىپ مۇ خوجىنىڭ جاڭزىسىغا ئېلىپ كەلدى. جۇ گۈي بىلەن سۇڭ ۋەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، جاڭزىغا باشلاپ كىرىپ، دالانغا ئولتۇرغۇزدى. سۇڭ جياڭ خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ هۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ، ئۇنى سۆگەتكە باغلاتقۇزدى ۋە ئاتامانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. سۇڭ جياڭ بىر خۇمرا مەي ئەكەلدۇرۇپ، چاۋ گەيدىن تارتىپ بەي شېڭغىچە جەمئىي ئوتتۇز پالۋاننىڭ هەممىسىگە بىر قېتىم مەي تۇتۇپ ئۆتتى. سۇڭ جياڭ خۇاڭ ۋېنبىڭنى تىللاپ:

— هەي ئەبلەخ، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن هېچقانداق ئۆچ - ئاداۋەت بولمىسا، نېمىشقا ماڭا قەست قىلىسەن، نېمىشقا ئامبال سەي جيۇنى قايتا - قايتا

كۆشكۆرتۈپ، ئىككىمىزنى ئۆلتۈرگۈزمەكچى بولسەن، سەن شۇنداق ئۇلۇغ دەستۇرلارنى ئوقۇپ تۇرۇپمۇ، يەنە نېمىشقا مۇشۇنداق يامان نىيەتلىك قىلىسەن؟ مەندە ئاتاڭنىڭ قىساسى بارمىدى، ماڭا نېمىشقا قەست قىلىسەن؟ سېنىڭ ئاكاڭ خۇاڭ ۋېنيې سەن بىلەن بىر ئانىدىن، بىر دادىدىن تۇغۇلغانىكەن، ئۇ شۇنچە ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل بولغاچقا، شەھەردىكىلەر ئۇنى «خۇاڭ ۋەلى» دەپ ئاتىشىدىكەن، تۇنۇگۈن كېچە ئۇنىڭغا قىلچە زىيان سالمىدۇق. سەن ئەبلەخ يۇرتۇڭدا باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلدىڭ، زوراۋانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ بەگ - سىپاھلارنىڭ تاپىنىنى يالاپ، ياخشى ئادەملەرنى بوزەك قىلدىڭ، ئاڭلىشىمچە، ۋۇۋېي خەلقى سېنى «خۇاڭ چايان» دەيدىكەن. بۈگۈن مەن سېنىڭ زەھىرىڭنى سۇغۇرۇۋالىمەن.

— پېقىر ئۆزۈمنىڭ گۇناھىمنى بىلدىم، ئەمدى پاتراق ئۆلتۈرۈشلىرىنى سورايمەن! — دېدى خۇاڭ ۋېنبىڭ.

— ھوي ئېشەك، ئۆلمەي قالىمەنمىكىن دەپ ئەنسىرىمە! مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلگەندىكىن ئۇنداق قىلمىساڭ بولماسمىدى، — دەپ ۋارقىرىدى چاۋ گەي.

— بۇ ئۆلگۈرنى قايسى ئىنىمىز سويۇپ بېرىدۇ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— بۇ ئەبلەخنى مەن سويۇپ بېرەي، — دېدى قارا قۇيۇن لى كۈي سەكرەپ تۇرۇپ، — قارىسام خېلى سېمىز تۇرىدۇ، ياخشى كاۋاپ بولغۇدەك.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى چاۋ گەي، — قېنى خەنجەر ئېلىپ كېلىڭلار، يەنە بىر داس چوغ ئېلىپ كېلىڭلار، بۇ ئەبلەخنىڭ گۆشىنى تىلىم - تىلىم قىلىپ مەيگە تېتىق قىلايلى، ئىنىمىزنىڭ ئۆچى چىقسۇن.

لى كۈي خەنجەرنى ئېلىپ خۇاڭ ۋېنبىڭغا قاراپ كۈلۈپ:

— سەن ئەبلەخ سەي جيۇ ئامبالنىڭ ئىچكىرىكى سارىيىغا كىرىۋېلىپ چېقىمچىلىق قىلىپ، بىگۇناھ كىشىلەرگە قەست

www.uyghurkitap.com

قىلدىڭ، تۇخۇمدىن تۆك ئۈندۈرۈپ، قۇتراتقۇلۇق قىلدىڭ، ئەمدى كېلىپ بالدۇرراق ئۆلەي دەيسەن، توختا، غوجا ئاكاڭ سېنى ئالدىرىماي ئۆلتۈرىدۇ، — دېدى ـ دە، خەنجىرىنى ئېلىپ ئۈنىڭ يوتىسىدىن كەسكىلى تۇردى، ئۈنىڭ لوق ـ لوق گۆشلىرىنى ئۈدۈللۇق كاۋاپ قىلىپ مەيگە تېتىق قىلىپ يېيىشتى، شۇنداق قىلىپ بىر دەمدىلا خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئەتلىرى كېسىلىپ تۈگىدى. ئاندىن ئۈنىڭ تۆشىنى يېرىپ، يۈرەك ـ باغرىلىرىنى ئالدى ـ دە، ئاتامانلارغا كەپىلىكنى يېشىش شورپىسى قىلىپ بەردى. خۇاڭ ۋېنبىڭ سويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاتامانلار سارايغا كېلىپ سۇڭ ـ جياڭنى قۇتلۇقلىدى. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى نەزم دەلىل:

خانغا ياخشى بولماق ئۈچۈن، ۋېنبىڭ تۈرلۈك ھىيلە قىلدى،
ساداقەتلىك ھەم مەردلىككە ئەمەل قىلماي چەتتە قويدى.
ئىشقا ئاشماي نەيرەڭلىرى، باشتا ئۈنىڭ ئۆزى ئۆلدى،
سۇغۇرۇلدى يۈرەك ـ باغرى، گۆشى ئوتتا كاۋاپ بولدى.

سۇڭ جياڭنىڭ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاتامانلارمۇ دەررۇ يۈكۈنۈپ بىرلىكتە:

— نېمە ئىش بولسا، تارتىماي ئېيتىۋەرسىلە ئاغا، ئاڭلىماي ھەددىمىز ئەمەس، — دېدى.

— ئۆزۈم نادان بولغانلىقىم ئۈچۈن، كىچىكىمدىن تارتىپ ئوقۇدۇم، — دەپ سۆز باشلىدى سۇڭ جياڭ، — دۇنيادا ئادەم بولۇپ ياشىغان كىشى جاھاندىكى ئەزىمەتلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشى كېرەك. ئەقىل ـ ئىدراكىمنىڭ كەملىكىدىن ئۇلارغا ئۇلىشالماي، ئۈمىد ـ ئارزۇيۇم ئىشقا ئاشمىدى. جياڭجۇ ئايمىقىغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن چاۋ گەي ئاتامانىم بىلەن پالۋانلىرىم لياڭشەن كۆلىدە قېلىشقا شۇنچە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئاتامنىڭ نەسىھەتىنى دەپ ئۇ يەردە قېلىشقا ئۇنىمىغانىدىم. تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن شۇنياڭ دەرياسىغا

كەلگۈچە يولدا نۇرغۇن ئەزىمەتلەر بىلەن تونۇشتۇم. ئەقىلسىزلىقىمدىن مەي ئىچىپ چاتاق تېرىپ قويۇپ، دەي زۇڭ تۆرەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغىلى تاس قالدىم. پالۋانلىرىم، خەۋپ-خەتەرلەردىن قورقماي، پېقىرنى يۇلۇۋاسنىڭ ئۆۋىسىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشتىلا، ئۆچۈمنى ئېلىشىپ بېرىشتىلە. خوپ، ئەمدى چاتاقنىڭ چوڭىنى تېرىپ، ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدۇق. ئىككى ئايماق شەھرىدە غوۋغا چىقاردۇق، بۇ ئىش چوقۇم خاننىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئەمدى پېقىرنىڭ لياڭشەن كۆلىگە بېرىپ، چاۋگەي ئاغىمىزنىڭ توپىغا قوشۇلماستىن ئىلاجىم يوق، ھەرقايسىلىرىنىڭ نېمە دېيىشقانلىقلىرىنى بىلمەيمەن. مەن بىلەن بىللە ماڭىدىغانلار بولسا، بۈگۈن نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تەييار بولسۇن؛ بېرىشنى خالىمايدىغانلار بولسا، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى. ئەگەر بارماي بۇ ئىش تۈپەيلى قالسا، بالانىڭ يوغىنىغا قالىسىلەر، ئوبدانراق ئويلىشىپ كۆرۈڭلار.

ئۇنىڭ گېپى تۈگە-تۈگمەيلا، لى كۈي سەكرەپ چىقىپ:

— ھەممىمىز بارىمىز، كىمكى بارمايدىكەن، مۇشۇ پالتا بىلەن چېپىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىمەن! — دەپ جار سالدى.

— نېمە قوپاللىق قىلىسىز. قېرىنداشلىرىمىز چىن كۆڭلىدىن قوشۇلسا، ئاندىن بارغۇلۇق، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— بىز نۇرغۇن خان لەشكەرلىرىنى قىرىپ تاشلىدۇق، ئىككى ئايماقتا غوۋغا چىقاردۇق، — دېدى كۆپچىلىك، — ئۇلار خانغا مەلۇم قىلماي تۇرالامدۇ، چوقۇم بىزنى تۇتۇش ئۈچۈن لەشكەر ئەۋەتىدۇ. ئاغىمىز نەگە بارسا شۇ يەرگە بېرىپ، ئۆلۈم-كۆرۈمدە بىللە بولمىساق بولامدۇ، باشقا نەگە باراتتۇق؟

سۇڭ جياڭ خۇشال بولۇپ كۆپچىلىككە رەھمەت ئېيتتى. شۇ كۈنى جۇ گۈي بىلەن سۇڭ ۋەنني تاغ تۇراغا ئاۋۋالراق بېرىپ خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتىشتى. قالغانلارنىڭ ھەممىسى بەش تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى: بىرىنچى تۈركۈمدە، چاۋ گەي، سۇڭ جياڭ، خۇا رۇڭ، دەي زۇڭ، لى كۈي؛ ئىككىنچى تۈركۈمدە،

لىيۇ تاڭ، دۇ چيەن، شى يۈڭ، شۆ يۈڭ، خۇ جيەن؛ ئۈچىنچى تۈركۈمدە، لى جۈن، لى لى، لۇ فاڭ، گو شېڭ، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ؛ تۆتىنچى تۈركۈمدە، خۇاڭ شىن، جاڭ شۈن، جاڭ خېڭلار بىلەن رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئاكا - ئۇكىلار؛ بەشىنچى تۈركۈمدە، يەن شۈن، ۋاڭ پەتەك يولۋاس، مۇ خۇڭ، مۇ چۈن، جېڭ تيەنشۇ، بەي شېڭلار يولغا چىقتى. بەش تۈركۈمگە بۆلۈنگەن جەمئىي يىگىرمە سەككىز ئاتامان ھەرقايسىسى ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ، خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئۆيىدىن ئالغان مال - مۈلۈكلەرنى بۆلۈشۈپ هارۋىلارغا بېسىشتى. مۇ خۇڭ مۇ غوجىنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتكارلارنى ئېلىپ، ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيالىرىنىڭ ھەممىسىنى هارۋىغا باستى. بېرىشنى خالىمىغان ئوتاقچىلىرىغا بىر ئازدىن كۈمۈش تارقىتىپ بەردى، ئۇلار ئۆزلىرى پاناھ ئىزدەپ باشقا ياقلارغا كېتىشتى؛ بارىمىز دېگەن ئوتاقچىلار يولغا چىقىشقا راسلاندى. ئالدىنقى تۆت تۈركۈمدىكىلەر ئارقىمۇئارقا يولغا چىقىشتى. مۇ خۇڭ جاگىرىسىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئون نەچچە ئوتقاش يېقىپ جاگىرىسىغا ئوت قويۇۋەتتى ۋە يەر - زېمىنلىرىنى تاشلاپ، لياڭشەن كۆلىگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ. بەش تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ يولغا چىققان ئاتامان ۋە چاپارمەنلەرنىڭ ھەر تۈركۈمى يىگىرمە چاقىرىمچە ئارىلىق تاشلاپ رەت بويىچە مېڭىشتى. بىرىنچى تۈركۈمدىكى چاۋ گەي، سۇڭ جياڭ، خۇا رۇڭ، دەي زۇڭ، لى كۇيلار ئاتلارغا مىنىشىپ، هارۋا ۋە ئادەملىرى بىلەن ئۈچ كۈن يول مېڭىپ، خۇاڭمېڭشەن تېغىغا يېتىپ كەلدى. سۇڭ جياڭ ئاتلىق كېتىۋېتىپ چاۋ گەيگە:

— بۇ تاغنىڭ تۈزۈلۈشى غەلىتە ئىكەن. ئىچىدە يوشۇرۇنغان ئادەم بار چېغى. ئادەم ئەۋەتەيلى، كەينىمىزدىكىلەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن بىللە ماڭايلى، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا، ئالدىنقى تاغنىڭ ئاغزىدىن

داقا ـ دۇمباقنىڭ ئاۋازى كەلدى. سۈك جياڭ:
— دېمىدىمmu مانا! توختاپ تۇرايلى، كەينىمىزدىكىلەر يېتىپ كەلسۇن، ئاندىن ئىلىشقىنىمىز ياخشى، — دېدى.
خۇا رۇڭ قولىغا يانى ئېلىپ، ئوقلاپ تەييارلاندى، چاۋ گەي بىلەن دەي زۇڭ كۆتمەك قىلىچلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشتى. لى كۈي قوش ئايپالتىسىنى قولىغا ئېلىپ سۈڭ جياڭنى قوغداپ ماڭدى، ئۇلار ئاتلىرىنى دېۋىتىپ ئىلگىرىلىدى. بىردىنلا تاغنىڭ باغرىدىن تۆت ـ بەش يۈز چاپارمەن چىقىپ كەلدى. ھەممىسىنىڭ ئالدىدا قوللىرىدىكى قوراللىرىنى توغرىلاپ تۆت پالۋان چىقىپ:
— سەنلەر جياڭجۇ ئايمىقىدا غوۋغا چىقىرىپ، ۋۇۋېي قەلئەسىنى بۇلاپ ـ تالاشتىڭ، نۇرغۇنلىغان خان لەشكەرلىرى بىلەن پۇقرالارنى قىرىۋېتىشتىڭ، ئەمدى لياڭشەن كۆلىگە كېتىمىز دەۋاتامسىلەر؟ بىز سەنلەرنى تۇتىمىز دەپ ساقلاپ تۇرغىلى نىكەم، ئەقىلىڭلار بولسا سۈڭ جياڭنى تاشلاپ كېتىڭلار، بىر قوشۇق قېنىڭلاردىن كېچىمىز.
سۈڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ:
— پېقىر سۈڭ جياڭ سۈيىقەستكە ئۇچرىدىم، مېنى ئاقلايدىغان ئادەم چىقمىدى، ھېلىمۇ ياخشى ھەرياقتىن كەلگەن پالۋانلار مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. پېقىر تۆت پالۋانغا يامانلىق قىلغىنىم يوق، رەھىم قىلغايسىلەر، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، — دېدى تەزىم بىلەن.
ھېلىقى تۆت پالۋان سۈڭ جياڭنىڭ تىزلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالمان ـ تالمان ئاتتىن چۈشتى ۋە قوراللىرىنى تاشلاپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ باش ئۇرۇپ:
— بىز تۆت قېرىنداش شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر سۈڭ دانىش دېگەن مۇبارەك ناملىرىنى ئاڭلىغانىدۇق، بىراق زادىلا كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولمىغانىدى. بىز ئاغىمىزنىڭ جياڭجۇدا دەۋا ـ دەستۇرلارغا قېلىپ زىندانغا تاشلانغانلىقىنى ئاڭلاپ،

زىندانغا تىگىش قىلىش مەسىلىسىدە تەشەببۇسكار بولۇپ، ئەمما ئىشەنچلىك ئۇچۇر ئالالمىدۇق. ئالدىنقى كۈنى ئەھۋالنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن جياڭجۇ ئايمىقىغا چاپارمەن ئەۋەتكەنىدۇق، ئۇلار قايتىپ كېلىپ: «نۇرغۇن پالۋانلار بېرىپ جياڭجۇ ئايمىقىدا غوۋغا چىقىرىپ، جازا مەيدانىغا تېگىش قىلىپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ، جېيياڭ بازىرىغا ئېلىپ كېتىپتۇ؛ كېيىن ۋۇۋېي قەلئەسىگە ئوت قويۇپ بېرىپ، خۇاڭ نائېبنىڭ ئۆيىنى بۇلاپتۇ» دەپ مەلۇم قىلدى. بىز ئاغىمىز چوقۇم مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ دەپ ئويلىدۇق. يولغا قاراشقا نەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتتۇق، كۈتۈلمىگەن بىرەر ۋەقە چىقىپ قالمىسۇن دەپ، يالغاندىن بايىقىدەك سوراپ، ئاغىمىزنىڭ ئالدىنى توستۇق، ئېغىر ئالمىغايلا ئاغا، بەختىمىزگە يارىشا، بۈگۈن مانا مېھرىبان ئاغىمىز بىلەن كۆرۈشتۇق. ھاردۇق ئالسۇن دەپ، كىچىككىنە تۇرامىزدا ئاددىيغىنا داستىخان راسلىغانىدۇق. پالۋانلىرىمىز تۇرايىمىزغا بېرىپ، چېيىمىزغا داخىل بولۇپ بىردەم - بىرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا مەرھەمەت قىلغاي، — دېدى.

سۇڭ جياڭ خۇشال بولۇپ، ئۇلارنى يولەپ تۇرغۇزدى ۋە ھەرقايسىسىنىڭ ئات - ئۇچۇرىنى سورىدى. تۆتىسىنىڭ بېشى ئوۋ پېڭ ئاتلىق كىشى ئىدى، ئۇنىڭ ئانا يۇرتى خۇاڭجۇ ئايمىقى ئىدى، ئوۋ پېڭ بولسا دەريا ساقلايدىغان لەشكەرلەردىن كېلىپ چىققان، ئۆز باشلىقى بىلەن پۇت تېپىشىپ قېلىپ ئەلكېزەر بولۇپ يۈرگەنلىكتىن، «ئۇچقۇر زەر قانات» دەپ نام ئالغانىدى، ئىككىنچى پالۋاننىڭ ئىسمىزاتى جياڭ جىڭ ئىدى، ئۇنىڭ ئانا يۇرتى خۇنەننىڭ تەنجۇ ئايمىقى ئىدى، ئۇنىڭ ئاتىسى پادىشاھلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن، ئۆزىمۇ پادىشاھلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەچكە، قەلەمنى تاشلاپ ئەلەمنى قولىغا ئالغان. ئۆزى پەم - پاراسەتلىك، ھېساب - كىتابقا پىششىق، ھېساب - كىتابىدىن قۇسۇر چىقمايدىغان ئادەم ئىدى، چامباشچىلىقنىمۇ ياخشى بىلەتتى، سەپ تۈزۈپ لەشكەر ئىشلىتىشتىنىمۇ خەۋىرى بار

ئىدى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «ھېساپچى موللا» دەپ ئاتىشاتتى. ئۈچىنچى پالۋاننىڭ ئىسمىزاتى ما لىن ئىدى. ئانا يۇرتى تۆۋەن ئاستانىدىكى جيەنكاڭ ئىدى، ئۆزى قۇلاق كېسەر، بىكار تەلەپ بولۇپ، تۆمۈر نەي چالاتتى، چامباشچىلىقنى ياخشى بىلەتتى، يۈز ئادەممۇ ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەيتتى. شۇڭا، خەقلەر ئۇنى «تۆمۈر نەيچى» دەپ ئاتايتتى. تۆتىنچى پالۋاننىڭ ئىسمىزاتى تاۋ زۇڭۋاڭ ئىدى، ئانا يۇرتى گۇاڭجۇ ئايمىقى ئىدى، ئۆزى دېھقان بولۇپ، چوت، گۇرجەك ئىشلىتىشنى ياخشى بىلىدىغان قاۋۇل، بەستلىك ئادەم ئىدى، چامباشچىلىقنىمۇ ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى «توققۇز قۇيرۇقلۇق تاشپاقا» دەپ ئاتايتتى. بۇ تۆتەيلەننىڭ قانداق پالۋان ئىكەنلىكىگە تۆۋەندىكى «شىجياڭيۈ» ئۇسلۇبىدا يېزىلغان نەزم دەلىل:

ئۆزى بەستلىك قاۋۇللۇقتا يوق تەڭدىشى،
شۇنچە چەبدەس گويا دۇلدۇل يول مېڭىشى.
شۇڭا ئوۋ پېڭ زەر قانات دەپ ئاتاق ئالدى،
خۇاڭشەندە ئۇ تۆت پالۋانغا سەردار بولدى.
كىچىكىدە قەلەمدىن ھېچ نەپ ئالمىغان،
چوڭ بولۇپلا ئەلەمدىن سەل بەھرە ئالغان.
جياڭ جىڭ لەشكەر ئىشلىتىشنىڭ پىرى بولدى،
قەلەم ـ ئەلەم ھەممىسىگە كامىل تولدى.
تۆمۈر نەي ساداسىدىن تاغ يېرىلار،
جۈپ قىلىچى پولات بىسلىق، جىنىمۇ قورقار.
بۇ مالىننىڭ تەقى ـ تۇرقى شۇنچە سۈرلۈك،
چۈشسە جەڭگە يېڭىش بولغاي ئاڭا تالىق.
زۇڭۋاڭ گويا كۈچ ـ قۇۋۋەتتە مىسلى يولۋاس،
ئۇ كۆتۈرسە چوت، گۇرجەكنى رەھىم قىلماس.
توققۇز قۇيرۇق تاشپاقىمۇ ئۇڭا قايىل،
باتۇر، قەيسەر ئاتامانلار ئۇڭا مايىل.



www.uyghurkitap.com

بۇ تۆت پالۋان سۇڭ جياڭنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى،
چاپارمەنلەر بىر سېۋەت مېۋە ۋە بىر كۈپ مەي ــ شاراب، ئىككى
تاۋاق گۆش ئەكېلىپ مەي تۇتتى. ئاۋۋال چاۋ گەي بىلەن سۇڭ
جياڭغا، ئاندىن خۇا رۇڭ، دەي زۇڭ، لى كۇيلارغا تۇتتى. ھەممە
بىر ــ بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئىچىشىش
باشلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئاتامانلارمۇ
يېتىپ كەلدى، ئۇلارمۇ كۆرۈشۈپ سالام ــ سەھەت قىلىشتى،
ئۇلارغا مەي تۇتۇلدى، ئاندىن ھەممىسى تاغقا تەكلىپ قىلىندى.
ئىككى تۈركۈمدىكى ئون ئاتامان خۇاڭمېڭشەن تېغىدىكى تۇراغا
كەلدى، ھېلىقى تۆت پالۋان ئۆز ئادەملىرىگە ئات، كالا سويۇپ
داستىخان راسلاشنى بۇيرۇدى، ئاندىن ئارقىدا ئۈچ تۈركۈم بولۇپ
كېلىۋاتقان ئون سەككىز ئاتامانىنىمۇ بۇ زىياپەتكە باشلاپ چىقىش
ئۈچۈن، چاپارمەنلىرىنى كەينى ــ كەينىدىن چۈشۈردى. يېرىم
كۈن ئۆتمەي، قالغان ئۈچ تۈركۈمدىكى پالۋانلار ئېرىغ يېتىپ
كەلدى، ئەمدى ھەممىسى بۇ سارايدىكى زىياپەتكە جەم بولۇشتى.
ئىچىشىش جەريانىدا سۇڭ جياڭ سۆز باشلىدى:

— پېقىر سۇڭ جياڭ ئاغىمىز چاۋ گەينىڭ تويىغا قوشۇلۇپ،
لياڭشەن كۆلىگە چىقىپ، شۇ يەردە جەم بولۇش قارارىغا كەلدىم،
تۆت پالۋانمۇ بۇ يەرنى تاشلاپ، لياڭشەن كۆلىدىكى چوڭ تۇرادا
بىللە تۇرۇشنى خالامدىكىن؟

— ئەي مەردانىلىرىمىز، ئىككىلىرى بىزنى لايىقلىرىدا
كۆرگەن بولسىلا، ئاياغلىرىدا پايپېتەك بولۇپ خىزمەتلىرىنى
قىلىشقا رازىمىز، ئەلۋەتتە، — دېدى تۆت پالۋان.

— مەردلىك يولىغا چۈشۈشكە رازى بولغان بولۇشسىلا،
دەرھال نەرسە ــ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ سەپەرگە تەييار
بولغايلا، — دېدى سۇڭ جياڭ بىلەن چاۋ گەي ناھايىتى خۇش
بولۇپ.

ئاتامانلارنىڭ ھەممىسى شادلىققا چۆمدى، تاغ تۇرادا بىر
كېچە ــ كۈندۈز تۇردى. ئەتىسى سۇڭ جياڭ بىلەن چاۋ گەي كونا

www.uyghurkitap.com

ئاتامانلار بىلەن بىللە تاغدىن چۈشتى، ئاندىن تەرتىپ بويىچە يولغا راۋان بولدى، ھەربىر تۈركۈمنىڭ ئارىلىقى يىگىرمە چاقىرىمدىنلا كېلەتتى. تۆت پالۋان مال ـ مۈلۈك، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۈچ ـ تۆت يۈز چاپارمەننى ئەگەشتۈرۈپ، تۇرا، قاشالارغا ئوت قويۇپ، ئالتىنچى مەرتەمدە يولغا چىقتى. سۆڭ جياڭ يەنە بۇ تۆت پالۋان بىلەن قوشۇلغانلىقىغا كۆڭلىدە بەكمۇ خۇشال ئىدى، يول ئۈستىدە ئۇ چاۋ گەيگە:

— يىقىر ئەل ئارىلاپ، يۇرت كېزىپ، نۇرغۇن خەۋپ ـ خەتەرلەرگە يولۇققان بولسامۇ، لېكىن بىرمۇنچە مەرد پالۋانلار بىلەن تونۇشۇۋالدىم. بۈگۈن مانا ئۆزلىرى بىلەن بىللە تاغقا چىقىپ كېتىۋاتىمەن، بۇ مەررە شۇنداق چىڭ نىيەتكە كەلدىمكى، ئۆلۈم ـ كۆرۈمدە بىللە بولۇشقا رازىمەن، — دېدى ۋە يول بويىلاپ پاراڭ بىلەن مېڭىپ، جۇ گۈيىنىڭ مەيخانىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى.

ئەمدى گەپنى تاغ تۇرانى ساقلاپ قالغان تۆت ئاتامان — ۋۇ يۇڭ، گۇڭسۇن شېڭ، لىن چۇڭ، چىن مىڭلاردىن ئاڭلاڭ. ئۇلار يېڭى كەلگەن شياۋ راڭ، جىن داجيەنلەر بىلەن بىللە جۇ گۈي، سۇڭ ۋەنلەرنىڭ ئاۋۋال قايتىپ كېلىپ يەتكۈزگەن ئۇچۇرلىرىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن چاۋ گەيلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى چاپارمەنلەرنى قېيىق بىلەن مەيخانىغا ئەۋەتىپ تۇردى. بۇلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ جىنشاتەن ساھىلىغا داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇنايلار بىلەن بېرىپ، مەردۇمەردانىلەرنى ئات ـ ئۇلاغ، تەختىراۋانلار بىلەن تۇراغا ئېلىپ كەلدى. تاغ تۇرانىڭ قوۋۇقىغا يېتىپ كەلگەندە، مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ خەلپەت قاتارلىق ئاتامانلارغا قوللىرىغا ھاردۇق شارابى قۇيۇلغان قەدەھلەرنى تۇتقىنىچە ئۇلارنى داغدۇغا بىلەن قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالدى، ئاندىن مەردلەر سارىيىغا باشلاپ كىردى. مەردلەر سارىيىغا خۇشبۇي ئىسرىقلار يېقىلدى. چاۋ گەي سۇڭ

جياڭنى تاغ تۇرانىڭ پاسىبانى بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ، بىرىنچى پاسىبانلىق ئورۇنغا ئولتۇرغۇزماق بولدى. سۇڭ جياڭ نەدىكىنى ئۇنىسۇن.

— ئۇنداق دېمىسىلە ئاغا، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — ھەربىرلىرىنىڭ ئۆلۈم خەۋپىدىن قورقماي مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقلىرىغا مىڭ - مىڭ رەھمەت، ئۆزلىرى ئەزەلدىن بۇ تاغ تۇرانىڭ پاسىبانى ئىدىلىغۇ، يەنە نېمىشقا مېنىڭدەك نائەقىل ئادەمگە پاسىبانلىقنى ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدىلا؟ ئەگەر يەنىلا شۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىلا، مەيلى ئۆلۈپلا تۈگىشەي.

— ئەزىز ئىنىم، نېمىشقا مۇنداق دەيدىلا؟ — دېدى چاۋ گەي، — ئەگەر ئۆزلىرى قان كېچىپ بىز يەتتەيلەننىڭ جېنىغا ئارا بولۇپ، بىزنى تاغقا چىقىرىۋەتمىگەن بولسىلا، بىزگە بۈگۈنكىدەك كۈن نەدە؟ بۇ تاغ تۇرانىڭ شاپائەتچىسى بولۇشقا ئۆزلىرىلا مۇناسىپ، بۇ تەختتە ئۆزلىرى ئولتۇرمىسىلا كىم ئولتۇرىدۇ؟

— مېھرىبان ئاغا، ياش قۇرامدىن ئالساقمۇ ئۆزلىرى مەندىن ئون ياش چوڭ، پېقىر بۇ تەختتە ئولتۇرۇۋېلىشقا قايسى يۈزۈم چىدىسۇن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

قايتا - قايتا زورلىغاندىن كېيىنلا چاۋ گەي بىرىنچى ئورۇنغا، سۇڭ جياڭ ئىككىنچى ئورۇنغا، ۋۇ يۇڭ خەلپەت ئۈچىنچى ئورۇنغا، گوڭسۇن شېڭ تۆتىنچى ئورۇنغا ئولتۇردى. سۇڭ جياڭ:

— ياش قۇرامى بويىچە ئولتۇرماي، لياڭشەن كۆلىگە بىرىنچى سەپەر كەلگەن كونا ئاتامانلار سول ياقتىكى ساھىبخانىلىق ئورۇننى ئىگىلىسە، يېڭىدىن كەلگەن ئاتامانلار ئوڭ ياقتىكى مېھمانلىق ئورۇننى ئىگىلىسە، كېيىنلىكتە ھەر كىمنىڭ ئورنى كۆرسەتكەن ئەجرىگە قاراپ ئاندىن بەلگىلەنسە، — دېدى.

— ئاغىمىزنىڭ سۆزى بەكمۇ ئورۇنلۇق سۆز بولدى، — دېدى جامائەت بىر ئېغىزدىن ماقۇللاپ.

شۇنداق قىلىپ، سول ياقتا لىن چۇڭ، لىيۇ تاڭ، رۇەن شياۋئېر، رۇەن شياۋۋۇ، رۇەن شياۋچى، دۇ چيەن، سۇڭ ۋەن، جۇ گۇي، بەي شېڭلار؛ ئوڭ ياقتا ياش قۇرامى بويىچە ۋە بىر ـ بىرىگە ئۆزرە قىلىشقان هالدا خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، خۇاڭ شىن، دەي زۇڭ، لى كۇي، لى جۇن، مۇ خۇڭ، جاڭ خېڭ، جاڭ شۇن، يەن شۇن، لۇ فاڭ، گو شېڭ، شياۋ راڭ، ۋاڭ پەتەك يولۋاس، شۆ يۇڭ، جىن داجيەن، مۇ چۇن، لى لى، ئوۋ پېڭ، جياڭ جىڭ، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ، ما لىن، شى يۇڭ، خۇ جيەن، جېڭ تيەنشۇ، تاۋ زۇڭۋاڭلار ئولتۇردى. جەمئىي قىرىق ئاتامان ئۆز ئورۇنلىرىنى ئېلىشتى. داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇنايلار چېلىنىپ، بەزمە ـ زىياپەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ، تەنتەنە قىلىشتى.

ئەمدى سۇڭ جياڭ جياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلى سەي جيۇنىڭ پىتنە ـ ئىغۋا تېرىغانلىقىدىن سۆز باشلاپ جامائەتكە:

— خۇاڭ ۋېنبىڭ دېگەن ئىپلاس ئۆزىگە قىلچە چېتىشلىقى بولمىغان ئىشقا چېپىلىۋېلىپ، ئامبالنىڭ ئالدىدا ئاغزىغا كەلگەننى كايشىپ: «زىيان يەتكەي ئەل ـ يۇرتقا ئۆي بىلەن هەم ياغاچتىن› دېگىنى ‹ئۆي› (家) دېگەن بەلگە بىلەن ‹ياغاچ› (木) دېگەن خەتتىن هاسىل بولغان ‹سۇڭ› (宋) دېگەن خەتنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئەل ـ يۇرتنىڭ مال ـ دۇنياسى، ئاشلىق ـ تۈلۈكىگە زىيان كەلتۈرىدىغان ئادەمنىڭ دەل سۇڭ ئورۇقىدىن بولغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى مىسرادىكى يېغى چىققاي سۇ بەلگىلىك ئىش دېگەن نام ـ ئاتاقتىن» دېگىنى سۇ (氵) دېگەن بەلگە يېنىغا «ئىش» (工) دېگەن خەت قوشۇلۇپ هاسىل بولغان جياڭ (江) دېگەن خەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قورال ـ ياراغ كۆتۈرۈپ يېغى قىلىدىغان ئادەم جياڭ ناملىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.» دەپ يەشتى. ئاخىرقى ئىككى مىسرادىكى: «قوش ئالتىلىق يىل ـ ئايدا، ئىسيان چىققاي شەندۇڭدىن› دېگىنى سۇڭ جياڭ شەندۇڭدا ئىسيان كۆتۈرىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ» دەپ پېقىرنى تۇتقۇزالدى. ئۇزۇن

ئۆتمەي، دەي زۇڭ تۆرىنى ساختا مەكتۇپ ئېلىپ كەلدى دەپ زىندانغا تاشلىدى، شۇنداقلا خۇاڭ ۋېنبىڭ دېگەن بۇ مۇتتەھەم ئايماق ئامبىلىنى ئاۋۋال دەي زۇڭ تۆرە بىلەن مېنىڭ كاللامنى ئېلىۋېتىپ، ئاندىن يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى. ھەرقايسىلىرى مېنى قۇتقۇزۇۋالمىغان بولساڭلار، مېنىڭ بۇ يەرگە كېلەلىشىم نەدىكىنى دەپ، ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— جېنىم ئاغا، تەڭرىمىز پېشانىمىزگە شۇنداق پۈتۈپ قويغان ئوخشايدۇ، ئۆزلىرىنى خۇاڭ ۋېنبىڭ دېگەن ئوغرى كۆپ قىيناپتۇ، ئەمدى خۇاڭ ۋېنبىڭمۇ مېنىڭ خەنجىرىمنىڭ تەمىنى تېتىدى. بىزنىڭمۇ شۇنچىلىك كۆپ ئات ـ ئۇلاغ، لەشكەرلىرىمىز بار، بىزمۇ ئىسيان قىلايلى، نېمىدىن قورقاتتۇق؟ چاۋ گەي ئاغام خاقان بولدى، سۇڭ جياڭ ئاغام كىچىك خاقان بولدى، ۋۇ يۇڭ موللام ۋەزىر بولدى، گۇڭسۇن شېڭ دەرۋىش مۇشاۋىر بولدى، قالغانلىرىمىز سەركەردە بولدۇق، ئەمدى ئاستانىگە باستۇرۇپ كىرىپ، كىسپۇرۇشلارنىڭ تەختى ـ پەختىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىمىز دەۋران سۈرسەك نېمە يامىنى بار؟ بۇ شورى قۇرغۇر كۆل بويىدىن مىڭ ئەلا ئەمەسمۇ؟ — دېدى لى كۈي سەكرەپ تۇرۇپ.

— ھوي كالا، نېمە ۋالاقشىيسەن ! بۇ يەردە سەن جياڭجۇدىكىدەك قىلىقلىرىڭنى ئىشلىتەلمەيسەن، ئىككى ئاتامانىمىزنىڭ پەرمانلىرىغا بويسۇنمىقىڭ كېرەك. ئاغزىڭغا كەلگەنچە جۆيلۈپ، يېتىم ئاقساقاللىق قىلما. ئەگەر شۇنداق ئاقساقاللىق قىلىۋېرىدىغان بولساڭ، كاللاڭنى ئېلىپ سازايى قىلىمەن، — دېدى دەي زۇڭ ئالمان ـ تالمان.

— ياپىرىم، كاللامنى ئېلىۋەتسەڭ، كاللا ئىزدەپ نەگە بارارمەن، بوپتۇ ئەمىسە، شارابىمنى ئىچىۋېرەي، — دېدى لى كۈي.

ھەممە پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

سۇڭ جياڭ خان لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسىدە توختىلىپ:

— پىقىر شۇ چاغدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن چۆچۈگەنىدىم، مانا ئەمدى ئۆز بېشىمغا كەلدى، — دېدى.

— ئاغا، ئۆزلىرى دەسلەپتىلا مېنىڭ سۆزۈمگە كىرىپ جياڭجۇغا بارماي تاغدا قېلىۋەرگەن بولسىلا، نۇرغۇن بالا — قازادىن ئامان قالمايتتىلىمۇ؟ بۇنىڭ ھەممىسى تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئەزەلى قىسمەتتە پۈتۈپ قويغىنى، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— خۇاڭ ئەن دېگەن مۇتتەھەم ھازىر نەدە؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— ئۇ بىرنېمە بۇ يەرگە چىقىپ ئىككى - ئۈچ ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى چاۋ گەي.

سۇڭ جياڭ بىر ھازاغىچە ئىچىگە تىنىپ ھەسرەت چەكتى. شۇ كۈنى ھەممەيلەن مەي - شارابلارنى ئىچىپ، كۆڭۈللىرىنى ئېچىشتى. چاۋ گەي ئالدى بىلەن مۇ غوجىنىڭ بالىچاقىلىرىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى. خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كېلىنگەن مال - بىساتلىرىنى ئالدۇرۇپ چىقىپ، كۈچ چىقارغان چاپارمەنلەرنى تارتۇقلىدى. ھېلىقى سوۋغات ساندۇقىنى ئېلىپ دەي زۇڭ بەگكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. دەي زۇڭ نەدىكىنى ئالسۇن، خەزىنىدە ساقلاپ جامائەت ئۈچۈن ئىشلىتىشكە تاپشۇردى. چاۋ گەي چاپارمەنلەرنى لى جۈن قاتارلىق يىگىت ئاتامانلارغا سالام بېرىشكە بۇيرۇدى. چاپارمەنلەر سالام بېرىپ بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقتى. تاغ تۇرادا ئۇدا نەچچە كۈن مال - ۋاران سويۇلۇپ، قۇتلاش بەزمىلىرى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى چاۋ گەيگە كەلسەك، ئۇ ھەممەيلەننى تاغنىڭ ئالدى - ئارقىسىدىكى ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاغ تۇرادا يەنە ئۆي - ئىمارەتلەرنى سالدۇرۇش، قورغان تاملارنى ياستىتىشقا كىرىشتى. ئۈچىنچى كۈنگە كەلگەندە، سۇڭ جياڭ داستىخان ئۈستىدە

ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتامانلاردىن:

— پېقىر قىلىدىغان يەنە بىر چوڭ ئىش بار، بۇنى قېرىنداشلىرىمغا ئېيتقۇم كېلىۋاتىدۇ، پېقىرنىڭ تاغدىن چۈشۈپ، ئەتراپنى بىر ئايلىنىپ كەلگۈم بار، بىرنەچچە كۈنلۈك رۇخسەت سورايمەن، نېمە دېيىشىدىلىكىن؟ — دېدى.

— ئەزىز ئىنىم، نەگە باراي دەيدىلا، قانداق چوڭ ئىش ئىدى؟ — دەپ سورىدى چاۋ گەي.

سۇڭ جياڭ ئالدىرىماي ـ تەمتىرىمەي بارماقچى بولغان يېرىنى ئېيتتى. ئەييۇھەننىاس، ئىشتىڭلار ئاموخاس! نەيزە ـ قىلىچلار ئىچىدە بۇ جان يەنە بىر قېتىم ھايات قالدى، تاغ تىزمىلىرى باغرىدا ئۇلۇغ ئىشلار توغرىسىدا ۋەھىيلەر كەلدى. ئەرش قىزى ھۆر قىز بەرگەن ئۈچ كىتاب ئەل ئىچىدە دەستۇر بولۇپ قالغۇسى. سۇڭ دانىشنىڭ زادى قەيەرگە بارماقچى بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قىرىق ئىككىنچى باب

## سۈك دانىشنىڭ خۇەنداۋسۇن كەنتىدە ئۈچ پارچە تىلسىمنامىنى قوبۇل قىلغانلىقى
## ئۇنىڭ ئەرشتىكى ھۆر قىز بىلەن ئۇچراشقانلىقى

ئەلقىسسە، سۈڭ جياڭ زىيابەت ئۈستىدە پالۋانلارغا:

— پېقىر سۈڭ جياڭنى ھەرقايسىلىرى قۇتقۇلدۇرۇپ تاغقا ئېلىپ چىققاندىن بۇيان، ئۇدا نەچچە كۈن زىياپەتكە داخىل بولۇپ كۆڭلۈم تېخىمۇ سۆيۈندى، بىراق ئۆيدە قېرى ئاتام قالغانىدى، ھازىر ئۇنىڭ نە ھالدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. جياڭجۇ ئايمىقى مېنى ئاستانىگە مەلۇم قىلسا، ئاستانىدىن جىجۇ ئايمىقىغا جەزمەن پەرمان چۈشۈرۈلىدۇ، ئۇلار گۇناھكار ئورنىدا ئۆيدىكىلەرنى تۇتۇپ كېلىڭلار دەپ، يۇنچېڭ ناھىيەسىگە ئالاقە چۈشۈرسە، ئاتامنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. ئۆيگە بېرىپ، قېرى ئاتامنى تاغقا ئېلىپ چىقسىپ، غەمدىن خالاس بولسامىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن، قېرىنداشلىرىم، ھەرقايسىلىرى بۇنىڭغا قانداق دەيدىلىكىن؟ — دېدى.

— ئەزىز ئىنى، بۇ ئىنسانچىلىقتا چوڭ ئىش، سىلى بىز بىلەن بۇ يەردە راھەت - ھالاۋەتتە ئۆتۈپ، ئاتىلىرىنى ئۇ يەردە جاپاغا تاشلاپ قويۇشقا قانداق كۆڭۈللىرى ئۇنىسۇن؟ ئىنى، ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرىگە قانداقمۇ كۆنمەيلى؟ بىراق، قېرىنداشلىرىم نەچچە كۈندىن بۇيان رىيازەت چەكتى، ئىش - كۈشلىرىنى سەرەمجانلاپ بولالمىدى، شۇڭا يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، تۇرامىزدىن ئادەم باشلاپ بېرىپ ئېلىپ كەلسىلە، —

دېدى چاۋ گەي.

— مېھرىبان ئاغا، يەنە نەچچە كۈننى ئۆتكۈزسەكمىغۇ مەيلىدى، — دېدى سۈك جياك، — بىراق بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈپ قويساق، جياڭجۇ ئايمىقى جىجۇ ئايمىقىغا ئالاقە ئەۋەتىپ، ئۆيۈمدىكىلەرنى تۇتقۇزۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. ھازىر كۆپ ئادەم ئېلىپ بېرىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، پېقىر يوشۇرۇنچە ئۆزۈم يالغۇزلا بېرىپ، ئىنىم سۈك چىك بىلەن بىللە ئاتامنى ئېلىۋېلىپلا كېچىلەپ تاغقا يېنىپ كېلەي، شۇ چاغدا بۇنى يۇرتىمىزدىكى ئىنىسجىنىمۇ تۇيمايدۇ. ئەگەر كۆپ ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ بارسام، جەزمەن يۇرت - جامائەت تۇيۇپ قالىدۇ - دە، ئىش ئەپلەشمەي قالىدۇ.

— ئەزىز ئىنى، يولدا بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالسىلا، قۇتقۇزۇۋالغۇدەك ئادەم چىقماي قالىدۇ، — دېدى چاۋ گەي ئۇنىڭغا.

— ئاتامنى دەپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق، — دېدى سۈك جياك ۋە شۇ كۈنى ھەرقانچە تۇتقانغا ئۇنىماي، يولغا چىقمەن دەپ چىك تۇرۇۋېلىپ، بېشىغا كىگىز قالپاق كىيىپ، قولىغا كالتە توقماقتىن بىرنى ئالدى - دە، بېلىگە خەنجەر قىستۇرۇپ تاغدىن چۈشۈپ يولغا راۋان بولدى. ئاتامانلار ئۇنى جىنشاتەنگىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كېلىشتى.

سۈك جياك كېچىكتىن ئۆتۈپ، جۇ گۇينىڭ مەيخانىسىنى ئارىلاپ قىرغاققا چىقىپ، چوڭ يول بىلەن يۈنچېڭ ناھىيەسىگە قاراپ ماڭدى. يول ئۈستىدە قورسىقى ئاچسا قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، ئۇسسىسا ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇۋېلىپ، كېچىسى ئارام ئېلىپ، كۈندۈزى يول يۈردى. ئۇ سۇڭجياسۇن كەنتىگە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالغاندا، كەچ بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۆيگە يېتەلمەي، كارۋان سارىيىدا قونۇپ ئەتىسى باردى، ئۇ كۈندۈزى بېرىپ قالغانلىقتىن دەرەخلىك ئارىسىدا مۆكۈنۈپ يېتىپ، كەچ بولغاندا ئاندىن جاڭزىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىغا كېلىپ

ئىشىك قاقتى. ئاۋاز جاڭزىدىكىلەرگە ئاڭلانغاندىن كېيىن سۇك
چىلىك چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى، ئۇ ئاكىسىنى كۆرۈپ
چۆچۈپ كېتىپ ئالمان ـ تالمان:
ـــ ئاكا، سەن نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ ـــ دەپ سورىدى.
ـــ مەن ئاتايىتەن ئاتام بىلەن سېنى ئالغىلى كەلدىم، ـــ
دېدى سۇك جىياڭ.
ـــ ئاكا، سېنىڭ جىياڭجۇ ئايمىقىدا قىلغان ئىشىڭنى ھازىر
بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىپ بولدى. ئامبال يامۇلى جاۋ
ئاتلىق ئىككى يۈزبېشىنى بۇ يەرگە ئەۋەتتى، ئۇلار كۈندە
كېلىدۇ، بىزنى نەزەربەند قىلىپ قويۇپ، مىدىر ـ سىدىر
قىلغۇزمايۋاتىدۇ، جىياڭجۇ ئايمىقىدىن ئالاقە كەلگەن ھامان، ئاتا ـ
بالا ئىككىمىزنى تۇتۇپ زىندانغا سېلىپ، سېنى قولغا
چۈشۈرگۈچە تۇتۇپ تۇرغۇدەك، كېچىسى بۇ يەردە بىر ـ ئىككى
يۈز چېرىك كۆزەت قىلىپ چارلاپ يۈرىدۇ. سەن تەخىرسىز
لياڭشەن كۆلىگە بېرىپ ئاتامانلارنى باشلاپ كېلىپ، ئاتام بىلەن
مېنى قۇتقۇزۇۋال، ـــ دېدى سۇك چىلىك.
سۇك جىياڭ بۇنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن قارا تەرگە چۆمدى. ئۇ
بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىشكە پېتىنالماي، ئارقىغا بۇرۇلۇپ،
لياڭشەن كۆلىگە يول ئالدى. بۇ چاغدا ئاي خىرە يورۇپ تۇرغان
بولۇپ، يولنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. شۇڭا، سۇك جىياڭ چەت،
خىلۋەت چىغىر يوللارنى تاللاپ ماڭدى. ئالاھازەل بىر ئاش
پىشىم ماڭغاندىن كېيىن ئارقىسىدىكى كىشىلەرنىڭ قىيقاس ـ
سۈرەنلىرى ئاڭلاندى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تىڭشىدى، بىر ـ
ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتا بىر توپ ئوتقاش يورۇپ تۇرغان
جايدىن: «ھەي سۇك جىياڭ توختا !» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ
ھېچنېمىگە قارىماي مېڭىۋەردى ۋە ئىچىدە: «چاۋ گەينىڭ
گېپىنى ئاڭلىماي، بۇگۈن مۇشۇ بالاغا يولۇقتۇم، ئەي
پەرۋەردىگار، رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ سۇك جىياڭنى
قۇتقۇزغايسەن !» دەپ ئويلىدى، ئۇ يىراقتا كۆرۈنگەن بىر جايغا

قاراپ ماڭدى. بىرئازدىن كېيىن شامال بۇلۇتلارنى سۈرۈپ تاشلاپ، تولۇن ئاي ئۆز جامالىنى كۆرسەتتى، سۇلۇڭ جياڭ شۇ چاغدىلا ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ، ئاھ ــ پەرياد چەككىنىچە نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئاشۇ ماكانىغا قاراپ ئۇ يەرنىڭ خۇەنداۋسۇن كەنتى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەسلىدە بۇ تۆت ئەتراپى قاتمۇقات تاغ ــ چوققىلار بىلەن ئورالغان كەنت بولۇپ، تاغنىڭ ئېتىكىدىكى بىر جىلغىدا سۇ ئېقىپ تۇراتتى، پەقەت ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا بىر يول بولۇپ، بۇ كەنتكە كىرىدىغان بىردىنبىر يول ئىدى. سۇلۇڭ جياڭ بۇ كەنت ئېغىزىنى بىلەتتى، شۇڭا ئەمدى بۇرۇلۇپ شۇ ياققا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەنلەر يول ئېغىزىنى توسۇۋېلىپ، ئوتقاشلار بىلەن ئۇيەرنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى. سۇلۇڭ جياڭ ئىلاجسىزلىقتىن كەنتكە كىرمەي، ئۆزىنى بىر چەتكە ئالماقچى بولدى. ئۇ بىر دەرەخلىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن كۆزىگە بىر قەدىمىي بۇتخانا كۆرۈندى.

## نەزم

تام ــ تۇزاقى پۇچۇلۇپ ۋەيرانە بولغان،
سارايلىرى ئۆرۈلەي دەپ قىڭغىيىپ قالغان.
ئىككى ئايۋان گۈل تاملىرى مۇخ بىلەن تولۇپ،
گۈل سىلىنغان يەر خىشلىرىن ئوت ــ چاۋا باسقان.
ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى مۇنكىر ــ نەكىرلەر ـــ
قول ــ بىلەكتىن ئايرىلىپ سۇرى يوقالغان.
سارايدىكى دادخاھنىڭ بېشى ئۈزۈلۈپ ـــ
ئەسلىدىكى سالاپەتلىك ئەپتىن يوقاتقان.
گېزەك ــ تاۋاپ شىرەسىگە ئۆمۈچۈك تورلاپ،
كۈجىدانغا چۇمۇلىلەر ئۇۋىمۇ سالغان.
قەغەز پۇللار كۆيدۈرىدىغان ئوچىقىنى،

بۆرە ـ تۈلكە دائىم ياتار ماكان تۇتۇشقان.
مالائىكلەر چىمىلدىقى ئېچرە ھەر دەم،
شەپەرەڭلەر يايرايدىكەن بىغەم ـ خىرامان.

سۇڭ جياڭ بۇتخانا ئىشىكىنى ئىتتىرىپ، ئاينىڭ يورۇقىدا بۇتخانا ئىچىگە كىردى ـ دە، يوشۇرۇنغۇدەك بىر پاناھ جاي ئىزدىدى. ئۇ بۇتخانىنىڭ ئالدى ـ كەينىنى بىر قۇر ئايلىنىپ كۆرۈپ، بىرەر پاناھ جاي تاپالماي تېخىمۇ ئالاقزادە بولدى. شۇ ئارىدا سىرتتىن بىراۋنىڭ: «تايىنلىق مۇشۇ بۇتخانا ئىچىگە كىرىۋالدى» دېگىنى ئاڭلاندى. سۇڭ جياڭ بۇنىڭ جاۋ نېڭنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى تونۇدى ـ دە، ئۆزىنى يوشۇرالماي تەمتىرەپ كەتتى. ئۇ سارايدىكى بىر بۇت تەكچىسىنى كۆردى ـ دە، پەردىسىنى قايرىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىۋېلىپ، توقمىقىنى جايلاشتۇرۇپ، تەكچە ئىچىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالدى، ئۇ نەپەس ـ دېمىنى چىقىرىشقىمۇ پېتىنالمايتتى. بۇ چاغدا سىرتتىن ئوتقاش كۆتۈرگەن كىشىلەر كىردى.

سۇڭ جياڭ تەكچىدە ئولتۇرۇپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، جاۋ نېڭ، جاۋ دېلارنىڭ قىرىق ـ ئەللىك ئادەمنى باشلاپ، ئوتقاش كۆتۈرگەن ھالدا ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ، تۆت تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. سۇڭ جياڭ كۆڭلىدە: «مەن تۇيۇق يولغا كىرىپ قاپتىمەن، ئۇلۇغ پەرۋەردىگار، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، مالائىك ـ ماشايىخلىرىم باشپاناھ بولغايسىلەر!» دېدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەكچە ئىچىگە قارىماستىن ئۆتۈپ كەتتى. سۇڭ جياڭ: «تەلىيىم ئوڭ كەلدى، شۈكۈر !» دېدى ئىچىدە. شۇنداق دەپ تۇرۇشىغىلا جاۋ دې ئوتقاشنى تاكچىگە تۇتتى. سۇڭ جياڭ «ئاپلا، ئەمدى قولغا چۈشتۈم» دەپ ئويلىدى. جاۋ دې بىر قولىدىكى قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن پەردىنى قايرىپ، ئوتقاشنى ئۇياق ـ بۇياققا تۇتۇشىغا ئۇنىڭ ئىچىدىن ئىس ـ تۈتەكلەر ئارىلاش يالقۇن ئېتىلىپ چىقىپ، قاپقارا چاڭ ـ

توزانلار جاۋ دىنىڭ كۆزىگە كىرىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئوتقاشنى يەرگە تاشلاپ، دەسسەپ ئۆچۈرگەندىن كېيىن بۇتخانىدىن چىقىپ چېرىكلەرگە:

— بۇ ھارىمى بۇتخانا ئىچىدە يوق ئىكەن، بۇ يەردە باشقا يولمۇ بولمىسا نەگە قېچىپ كەتكەندۇ! — دېدى.

— بۇ خۇنپەر ھەرقاچان كەنتتىكى دەرەخلىككە كىرىۋالدى. ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلمىساقمۇ بولىدۇ، بۇ كەنتكە كىرىپ ـ چىقىدىغان پەقەت بىرلا يول بار، ئۇنىڭدا ئېگىز ـ ئېگىز تاغلار ۋە قويۇق ئورمانلىقلار بولسىمۇ، ئۇنىڭغا چىقىدىغان يول يوق. يۈزبېشى، ئەگەر بىز كەنتنىڭ ئېغىزىنى توسۇۋالىدىغان بولساقلا، ئۇ قانات چىقىرىپمۇ ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، تاڭ يورۇغاندىن كېيىن كەنت ئىچىنى ئوبدان ئاختۇرۇپ باقايلى، — دېدى چېرىكلەر.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى جاۋ دې ۋە چېرىكلەرنى باشلاپ بۇتخانىدىن چىقىپ كەتتى.

سۇڭ جياڭ: «مالائىك ـ ماشايىخلار باشپاناھ بولۇپ بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقسام، بۇ بۇتخانىنى جەزمەن قايتىدىن ياسىتىپ، قايتىدىن ئىبادەتخانا، خانىقالار سالدۇرىمەن، پەرۋەردىگارىم، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ تۇرۇشىغىلا، بىرنەچچە چېرىك بۇتخانا ئىشىكىدە: «يۈزبېشى، مانا بۇ يەردە ئىكەن !» دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن جاۋ نېڭ، جاۋ دېلار بىر توپ كىشى بىلەن باستۇرۇپ كىرىشتى. سۇڭ جياڭ: «مانا ئەمدى يەنە نەس باستى، بۇ نۆۋەت جەزمەن تۇتۇلىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدى. جاۋ نېڭ بۇتخانا ئالدىغا كېلىپ:

— قېنى نەدە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— يۈزبېشى قارىسىلا، بۇتخانىنىڭ ئىشىكىدە ئىككى بارماقنىڭ ئىزى تۇرىدۇ، ئۇ چوقۇم ھېلىلا بۇتخانا ئىشىكىنى ئېچىپ غىپپىلا قىلىپ كىرىپ كېتىپتۇ، — دېدى چېرىك.

— راست ئېيتتىڭ، يەنە بىر قېتىم ئوبدان ئاختۇرۇپ

كۆرەيلى، ـــ دېدى جاق نىلڭ.

بۇ كىشىلەر يەنە بۇتخانىغا كىرىپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى، سۇلڭ جياڭ: «مەن ئەجەبمۇ تەتۈر پېشانە ئىكەنمەن، ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدى. چېرىكلەر بۇتخانىنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئوبدان ئاختۇرۇپ چىقتى. خىشلارنىڭ تەكتىدىن باشقا، ئاختۇرمىغان يېرى قالمىدى. ئۇلار يەنە بىر نۆۋەت ئاختۇرۇپ ئوتقاش بىلەن بۇتخانىنى يەنە يورۇتۇپ كۆردى. جاق نىلڭ:

ـــ ئۇ ھەرقاچان مۇشۇ بۇت تەكچىسى ئىچىدە. بايا سىلەر ئوبدان قارىمىغان ئوخشايسىلەر، ئوتقاش بىلەن ئۆزۈم بىر قاراپ باقاي، ـــ دېدى.

بىر چېرىك ئوتقاشنى يورۇتۇپ بەردى، جاق نىلڭ بىر قولى بىلەن پەردىنى قايرىدى، بەش ـ ئالتە كىشى باشلىرىنى سوزۇپ تەكچىگە قارىدى. قارىمىغان بولسىغۇ ھېچ ئىش بولمايتتى، ئۇلار شۇنداق قارىشىغىلا تەكچىنىڭ ئىچىدىن بىر دەھشەتلىك بوران چىقىپ ئوتقاشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆچۈرىۋەتتى، پۈتۈن بۇتخانىنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇق قاپلاپ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. جاق نىلڭ:

ـــ تۇۋا، ھېچ يەردە ھېچنېمە يوقلا قاتتىق بوران چىقىپ كەتكىنىنى قاراڭلار، بۇنىڭ ئىچىدە مالائىك ـ ماشايىخلار ئولتۇرغان بولسا كېرەك، ئۇلار بىزنىڭ بۇ يەرنى ئاختۇرۇپ مالاللىق كەلتۈرگىنىمىزدىن غەزەپلىنىپ، مۇشۇ قاتتىق بوران بىلەن كارامەتلىرىنى كۆرسەتتى بولغاي. بىز ئەمدى قايتىپ كېتىپ، كەنتنىڭ ئېغىزىنى توسۇپ ئولتۇرۇپ، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن كېلىپ ئاختۇرايلى، ـــ دېدى.

ـــ بۇت تەكچىسىنىڭ ئىچىگە ئىنچىكىلەپ قارىمىدۇق، ئۇنىڭغا نەيزىلەرنى سانجىپ يەنە بىر قېتىم ئاختۇرۇپ باقايلى، ـــ دېدى جاق دې.

ـــ شۇنداق قىلايلى، ـــ دېدى جاق نىڭمۇ.

ئىككىيلەن ئەمدى ماڭايلى دەپ تۇرۇشىغا بۇتخانىنىڭ

ئارقىسىدىن يەنە بىر دەھشەتلىك قويۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قۇم - شېغىللارنى ياغدۇردى، بوتخانىنىڭ تام - تورۇسلىرىنىمۇ غاراس - غۇرۇس قىلىپ تەۋرىتىۋەتتى، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، يەر - زېمىننى قاراڭغۇلۇق باستى، ئۇلارنى سوغۇق شامال ئۇرۇپ شۈركۈندۈرۈۋەتتى. جاۋ نىيىڭ ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئىنىم، تېزرەك كېتىۋالايلى، مالائىك - ماشايىخلىرىمىزنىڭ غەزىپى قوزغىلىپ قالدى، — دەپ جاۋ دېنى چاقىردى.

ھەممەيلەن بوتخانىدىن شاپاشلاپ سىرتقا قاچتى، بىرنەچچەيلەن موللاق ئېتىپ چۈشتى، بەزىلىرىنىڭ پۇتلىرى قايرىلدى، ئۇلار ئۆمىلەپ قوپۇپ يەنە ھە دەپ قېچىشتى. شۇ ئەسنادا بوتخانا ئىچىدىن بىراۋنىڭ «بىزنى ئەپۇ قىلىڭلار» دەپ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى. جاۋ نىيىڭ كىرىپ قارىسا بىرنەچچە چىرىك سۇپىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى بوتخانا ئىچىدىكى دەرەخ يىلتىزى ئىلىۋالغانلىقتىن، ئۇنى ئاجرىتالماي، قوللىرىدىكى قىلىچلىرىنى تاشلاپ، كىيىملىرىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ھەپىلىشىپ، ۋايداد سېلىۋاتقانىكەن. سوڭ جياڭ بوت تەكچىسى ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ تاشلىدى.

جاۋ نىيىڭ چىرىكلەرنىڭ كىيىملىرىنى ئىلىنغان يەردىن چىقىرىۋېلىپ، ئۇلارنى بوتخانا سىرتىغا ئېلىپ چىقتى. بۇرۇنراق سىرتقا چىقىپ كەتكەن بىرنەچچە چىرىك:

— مالائىكلىرىمىزنىڭ كارامىتى ئەجەبمۇ قالتىس ئىكەن، سىلەر بوتخانا ئىچىدە ھە دەپ كاشىلا سېلىۋېرىپ، مۇنكىر - نەكىرلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇپسىلەر، بىز كەنتنىڭ ئىچىگە بېرىپ ئۇنى ساقلاپ تۇرايلى، ئۇ ئۇچۇپمۇ ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ، — دېيىشتى.

— توغرا، كەنت ئىچىنىڭ ئەتراپىدا ساقلايلى، — دېيىشتى

جاۋ نىلىق، جاۋ دىلار.

ھەممەيلەن كەنت ئىغىزىغا قاراپ ماڭدى.

سۇلۇق جياڭغا كەلسەك، ئۇ بۇت تەكچىسى ئىچىدە ئەجەبمۇ ئوبدان بولدى دەپ: «بۇ لەنتىلەرنىڭ قولىغىمۇ چۈشمىدىم، بىراق كەنت ئىغىزىدىن قانداق چىقىپ كېتەرمەن؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاھ ئۇرۇپ ھېچ ئامال تاپالماي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا، ئارقىدىكى ئايۋاندىن بىرەيلەننىڭ چىقىپ كېلىۋاتقان تىۋىشى ئاڭلاندى. سۇلۇق جياڭ: «ئاپلا، يەنە چاتاق بولدى. نىمىشقىمۇ بالدۇرراق چىقىپ كەتمىگەندىمەن» دەپ تۇرۇشىغا، قارا كىيىم كىيىۋالغان ئىككى بالا ئۇدۇل بۇت تەكچىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ:

— بىز نارەسىدىلەر مەبۇدىمىزنىڭ يارلىقى بويىچە ئەختەرلەر پىرى ئۇزلىرىنى چىللاپ كەلدۇق. مەبۇدىمىز سىلى بىلەن سۆزلەشكۇدەك، — دىدى.

سۇلۇق جياڭ جاۋاب بىرىشكە قانداقمۇ پېتىنالىسۇن. تەكچە سىرتىدىكى ھېلىقى بالىلار:

— مەبۇدىمىز چىللاۋاتىدۇ، پىرىم ئىلتىپات قىلىپ، قەدەم تەشرىپ قىلسىلا، — دىدى يەنە.

سۇلۇق جياڭ ئۈنىڭغىمۇ جاۋاب بىرىشكە پېتىنالمىدى. سىرتتىكى بالىلار يەنە:

— سۇلۇق پىرىم، ئارىسالدى بولمىسىلا، مەبۇدىمىز ساقلاپ تۇرغىلى خېلى بولۇپ قالدى، — دىدى.

سۇلۇق جياڭ بۇ زىل ئاۋازنىڭ ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئەمەسلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن تەكچە ئاستىدىن مارىلاپ قارىدى، قارىسا بۇتنىڭ ئىككى تەرىپىدە قارا كىيىم كىيىۋالغان ئىككى قىز بالا تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ سۇلۇق جياڭ چۆچۈپ كەتتى، بۇلار ئەسلىدە ئىككى لاي بۇت ئىدى. بۇ چاغدا تالادىن: «سۇلۇق پىرىمىز، سىلىنى مەبۇد چىللاۋاتىدۇ» دېگەن ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. سۇلۇق جياڭ پەردىنى قايرىپ سىرتقا چىقىپ قارىغۇدەك

بولسا، چاچلىرىنى چوققىسىغا تۇرمەكلىۋالغان قارا كىيىم كىيگەن ئىككى قىز بالا ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلىپ، باش ئېگىپ تۇرۇپتۇ. سۇڭ جياڭ قارىسا ئۇلار شۇنداق قىزلار ئىكەنكى:

يۈزلىرى قىزىل ئالما، چاچلىرى سۇمبۇل،
چىشلىرى سەدەپتەك، كۆزلىرى ھۆل ـ ھۆل.
غۇبارسىز، مەسۇملار ئەجەبمۇ ئوماق،
تەقى ـ تۇرقى بەئەينى پەرىشتە سىياق.
بوجۇغۇر كوكۇلى تاغنىڭ چوققىسى،
پۈتىدا سۇمۇرۇغباش ئەپچىل ئۆتۈكى.
ئۈستىگە قاپقارا كۆڭلەك كىيىپتۇ،
ئۇنىڭغا كۈمۈش رەڭ توقۇش تۇتۇپتۇ؛
ئۇچىدۇ چىچىدا سۆسۈنە لېنتا،
ھالقىسى ئوخشايدۇ چاقناپ شەپەققە.
چارباغنىڭ ئارزۇلۇق قوشماق ئەركىسى،
ۋە ياكى ئىدى ئەرش ھۆرى ـ ئەلچىسى.

— ھۆرلىرىم، قەيەردىن كېلىشتىڭلە؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ ئۇلاردىن.

— مەبۇدىمىزنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، پىرىمىز ئۆزلىرىنى خانىدانغا چىللاپ كەلدۇق، — دېدى قارا كىيىملىك بالىلار.

— ھۆرلىرىم، يېڭىلىشىپ قېلىشىپلا، — دېدى سۇڭ جياڭ، — مېنىڭ ئىسمىم زاتىم سۇڭ جياڭ بولىدۇ، مەن ئەختەرلەر پىرى ئەمەس.

— نېمىشقا يېڭىلىشىمىز؟ قېنى پىرىم، مەرھەمەت قىلسىلا، مەبۇدىمىز ساقلاپ قالغىلى خېلى بولۇپ قالدى.

— مەبۇدىمىز دېگەنلىرى كىم بولىدۇ؟ مەن ئۇ كىشى بىلەن تونۇشمىسام، ئالدىغا قانداق بارالايمەن؟

— پىرىم، شۇ يەرگە بارغاندا بىلىدىلا، بۇنى سورىمىسىلىمۇ

بولىدۇ.

— مەبۇدىلىرى قەيەردە؟

— ئارقىدىكى خانىداندا.

قارا كىيىملىك باللار ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى، سۇك جياڭ ئۇلارغا ئەگىشىپ بۇتخانىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئارقا يان تېمىدىن بۇرۇلغاندىن كېيىن بىر يان ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى، قارا كىيىملىك باللار:

— خوش، سۇك پىرىم، قېنى ئىچكىرىگە مەرھەمەت قىلسىلا، — دېدى.

سۇك جياڭ باللارغا ئەگىشىپ يان ئىشىكتىن ئىچكىرىگە كىردى، كىرىپ قارىسا ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان، خوش ھاۋالىق، ئەتراپى بوك - باراقسان دەل - دەرەخلىك بىر جاي ئىكەن. سۇك جياڭ: «ھەي ئىسىت، بۇتخانىنىڭ ئارقىسىدا بۇنداق يەرنىڭ بارلىقىنى بالدۇرراق بىلسەمچۇ، بۇ يەرگە كېلىپ مۆكۈنۈۋالار ئىكەنمەن، شۇنچىلا تەمتىرەپمۇ كەتمەسكەنمەن» دەپ ئويلىدى.

سۇك جياڭ كېتىۋېتىپ ئىككى تەرىپىگە ئىسرىقدانلار قويۇلغان، ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا چوڭ - چوڭ قارىغايلار ئۆسكەن، ئوتتۇرىدا بىر بېلىق سىرتى قىلىپ ياسالغان تۇپتۇز چوڭ يول بارلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلىدە: «بۇ قەدىمىي بۇتخانىنىڭ ئارقىسىدا مۇنداق ئوبدان يول بارلىقى خىيالىمغا كەلمەپتۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ قارا كىيىملىك باللارغا ئەگىشىپ بىر چاقىرىمدەك يول ماڭا - ماڭمايلا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان جىلغا سۇيىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئالدى تەرەپكە قارىدى، ئالدى تەرەپتە بىر تاش كۆۋرۈك كۆرۈندى، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى يېنىغا قىزىل سالاسۇن ياسالغان، قىرغاقتا ئاجايىپ - غارايىپ گۈللەر، ئوت - چۆپلەر، ئېگىز - يوغان قارىغايلار، قومۇشلار، ياپيېشىل مەجنۇنتاللار ۋە خاسىيەتلىك شاپتۇل دەرەخلىرى تىكىلگەن، كۆۋرۈكنىڭ سۈڭگۈچىدىن شىرىلداپ



www.uyghurkitap.com

سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىپ چىقىۋېتىپتۇ. كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى قاتار ئاجايىپ - غارايىپ تېرەكلەر ئوتتۇرىسىدا قىپقىزىل سىرلانغان چوڭ روجەكلىك دەرۋازا كۆرۈندى. سۆك جياڭ روجەكلىك دەرۋازىدىن كىرىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، شۇنداق ئاجايىپ بىر ساراي كۆرۈندىكى:

ئىشىكلىرى قىپقىزىل، ئالتۇن مىختا مىخلانغان،
كاھىشلىرى زۇمرەت، لەمپىسى نەقىشلەنگەن.
تۈۋرۈكلەرگە ئېسىلغان جۈپ ئەجدىھا - لەھەڭ پانۇس،
دەرپەردىگە سىزىلغان قۇياش بىلەن جۈپ قەقنۇس.
تاملىرى قىزىل رەڭلىك، گۈل باراقسان خانىدان،
ياپيېشىل راۋاقلىرى، نۇرلىرى غۇۋالاشقان.
بېلىق سىرتى پەنجىرە خۇشبۇي سېرىق پەردىسى،
ئاي كەشتىلىك پەردىنىڭ تال - تال چۇرقۇچ چۇچىسى.
ئەۋلىيا ھەم ئەنبىيالار ئوردىسىدۇر گويا ئۇ،
ئادىمىزات ئالىمىنىڭ خانىدانى ياكى بۇ.

سۆڭ جياڭ بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىدە: «مەن يۇنچېڭ ناھىيەسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇرۇقلۇق، ئەجەب بۇنداق جاينىڭ بارلىقىنى ئاڭلىماپتىمىنا» دەپ ئالاقزەدە بولۇپ، ئاياغ بېسىشقا پېتىنالماي قالدى. قارا كىيىملىك باللار بولسا، ئۇنى تەكلىپ قىلىپ زورلىدى. سۆڭ جياڭ ئۇلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن دەرۋازىدىن كىردى. ئۇ يەردە بىر شاھانە سۇپا بولۇپ، ئىككى تەرەپتىكى ئايۋاننىڭ قىزىل سىرلانغان تۈۋرۈكلىرىگە كەشتىلىك پەردىلەر ئېسىلغان. ئۇنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر ساراي بار ئىكەن، سارايدا شام - چىراغلار يېنىپ تۇرۇپتۇ. قارا كىيىملىك باللار سۆڭ جياڭنى سۇپىدىن پەلەمپەيگە باشلاپ ماڭدى، بۇ چاغدا ساراي ئالدىدىكى پەلەمپەيدە تۇرغان يەنە بىرنەچچە قارا كىيىملىك باللارنىڭ: «مەبۇدىمىز پىرىمىزنى كىرسۇن دەپ چىللاۋاتىدۇ»

دىگىنى ئاڭلاندى. سۈك جياڭ چوڭ سارايغا ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ پۇتۇن ئەزايى غال ـ غال تىترەپ شۇركۇنۇپ كەتتى. پەلەمپەي ئاجايىپ كاتتا شاھانە خىشلاردىن ياسالغانىكەن. قارا كىيىملىك باللار پەردىنىڭ ئىچىگە كىرىپ: «سۈك جياڭ پىرىمنى چاقىرىپ كەلدۇق» دەپ مەلۇم قىلدى.

سۈك جياڭ پەردىنىڭ ئالدىدىكى شاھانە پەلەمپەيگە كېلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە يەرگە يىقىلىپ:

— پېقىر بىر نادان پۇقرا مەن، ھەزرەتلىرىنى تونۇمايدىكەنمەن. پېقىرغا مېھىر ـ شەپقەت ياغدۇرۇپ، مەن بىچارىگە رەھىم قىلىشلىرىنى تىلەيمەن، — دېدى.

بۇ چاغدا شاھانە پەردىنىڭ ئىچىدىن پىرىم ئولتۇرسۇن دېگەن پەرمان ئاڭلاندى. سۈك جياڭ بېشىنى كۆتۈرۈشكە نە ھەددى؟ قارا كىيىملىك تۆت بالا ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ مەخمەل قاپلانغان ئېسىل ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇشقا ئېلىپ باردى، سۈك جياڭ نائىلاج ئولتۇردى. سارايدىن پەردە كۆتۈرۈلسۇن دېگەن سادا چىقتى ـ دە، بىرقانچە قارا كىيىملىك باللار ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن پەردىنى قايرىپ ئۇنى ئالتۇن ئىلمەككە ئىلىپ قويدى.

— پىرىم ئوبدان تۇرۇپسىز، — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن مەبۇدە.

— پېقىر بىر نادان پۇقرامەن، — دېدى سۈك جياڭ يەنە تەزىم قىلىپ، — ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ دىدارلىرىغا قانداق قارىيالايمەن.

— پىرىم، — دېدى مەبۇدە، — بۇ يەرگە كەلگەندىكىن ئۇنچە كۆپ قورۇنماڭ.

سۈك جياڭ ئاندىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزىنى ئېچىپ قارىدى، ھەشەمەتلىك ساراي ئىچىدە پال ـ پۇل، ۋال ـ ۋۇل قىلىپ شاھانە شام ـ چىراغلار يېنىپ تۇرۇپتۇ. ئىككى تەرەپتە قوللىرىدا ھۆرمەت تاختىسى تۇتقان قارا كىيىملىك قىزلار، پەي يەلپۈگۈچ كۆتۈرگەن خىزمەتكارلار تۇرۇپتۇ، تۆردىكى لەئەل ـ

ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن شاھانە ئورۇندا ھېلىقى مەبۇدە ئولتۇرۇپتۇ. سۆك جياڭ شۇنداق نەزەر تاشلىۋىدى، ئۇنىڭغا شۇنداق كۆرۈندىكى:

ئەينى ئەرش ئەنقا قاناتى ئۆرۈمە ـ ئۆرۈمە چاچلىرى،
زەر كالۋۇتۇن، شايى ـ دۇردۇندا ئورالغان بەدىنى.
ياپيېشىل مەرمەر كەمەرلىك نىمچە كىيگەن ھۆر سەنەم،
قوللىرى ئاق قاشتېشىدەك، يەڭلىرىكى رەڭمۇرەڭ.
چىرايى سۇ لەيلىسىدەك، قاشلىرى خۇددى كامان،
لەۋلىرى جىنەستە گويا، تېنى ئاق بەرقۇتسىمان.
تەرىپ ئەتمەككە بۇ ھۆرنىڭ ھۆسنىنى ئاجىز تىلىم،
سۈرى ـ تۇرقىنى سىزىشقا كەلدى ئاجىز قەلىمىم.

— قېنى، پىرىم بۇ يەرگە مەرھەمەت قىلىڭ، — دېدى مەبۇدە ۋە بالىلارنى مەي كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئىككى ياندا تۇرغان قارا كىيىملىك قىزلار ئاجايىپ گۈللۈك جانان خۇمرىدا مەي كەلتۈرۈپ، قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن قەدەھكە قۇيدى. قىزلارنىڭ باشچىسى قاشتېشى قەدەھتىكى مەينى سۆك جياڭغا تۇتتى. سۆك جياڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى ياندۇرالماي قولىغا ئالدى ـ دە، مەبۇدىنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ تۇرۇپ ئىچىۋەتتى. بۇ مەي سۆك جياڭغا خۇددى ئابىھايات سۈيىدەك ئاجايىپ مەززىلىك، خۇش پۇراق تېتىدى. يەنە بىر قارا كىيىملىك بالا بىر پەتنۇستا خاسىيەتلىك چىلان ئېلىپ كېلىپ سۆك جياڭغا تۇتتى. سۆك جياڭ لاغىلداپ تىترەپ، بىھۆرمەتلىك بولمىسۇن دەپ قولىنىڭ ئۇچىدا بىر تال ئېلىپ ئاغزىغا سالدى ـ دە، ئۇرۇقىنى ئالىقىنىدا سىقىملاپ تۇتۇۋالدى. قارا كىيىملىك بالىلار يەنە بىر قەدەھ مەي قۇيۇپ سۆك جياڭغا تۇتتى، سۆك جياڭ ئۇنىمۇ گۈپ قىلىپ ئىچىۋەتتى. مەبۇدە يەنە بىر قەدەھ قۇيۇشنى بۇيرۇدى. قارا كىيىملىك بالىلار يەنە بىر قەدەھ قۇيۇپ تۇتتى، سۆك جياڭ

ئۇنىمۇ ئىچتى. پەرى قىز پەتنۇستا خاسىيەتلىك چىلان ئېلىپ كېلىۋىدى، ئۇنىڭدىن يەنە ئىككى تال يېدى. جەمئىي ئۈچ قەدەھ پەرى شارابى ئىچىپ، ئۈچ تال خاسىيەتلىك چىلان يېدى. ئاندىن كېيىن سۇك جىياڭ ئۆزىنىڭ سەل ـ پەل خۇش كەيپ بولغانلىقىنى سەزدى ھەم مەيدىن كېيىن ھوشۇمنى يوقىتىپ قويۇپ سەتچىلىك بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئەندىشىمۇ قىلدى. ئۇ يەنە تەزىم قىلىپ:

— كەمىنىلىرى مەينى جىق ئىچەلمەيمەن، مەبۇدەم مېنى كەچۈرسىلە، ئەمدى ئىچمەي، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

— سارايدىن: «پىرىم مەي ئىچەلمەيدىغان بولسا، مەينى توختاتساڭلار بولىدۇ. ھېلىقى ئۈچ پارچە تىلسىمنامىنى ئېلىپ چىقىپ، پىرىمغا تەقدىم قىلىڭلار» دېگەن يارلىق ئاڭلاندى. قارا كىيىملىك بالىلار دەرپەردىنىڭ ئارقىسىدىن قاشتېشى پەتنۇستا سېرىق شايى رومالغا ئورالغان ئۈچ پارچە تىلسىمنامىنى ئېلىپ چىقىپ سۇك جىياڭغا سۇندى. سۇك جىياڭ قارىسا، ئۇ ئۇزۇنلۇقى بەش سۇڭ، كەڭلىكى ئۈچ سۇڭ، قېلىنلىقى ئۈچ سۇڭ كېلىدىغان كىتابلار ئىكەن، شۇڭا ئۇنى ئېچىپ كۆرۈشكە پېتىنالماي، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىلىپ ئىلكىدەپ ئالدى ـ دە، يېڭىگە تىقتى.

— سۇك پىرىم، — دېدى مەبۇدە، — سىزگە ئۈچ پارچە تىلسىمنامە بەردى، سىز تەڭرى يولىنى تۇتۇش بىلەن يولباشچى بولۇپ، پۈتۈنلەي ساداقەتلىك، مەردلىككە تايىنىدىغان ئەمەلدار بولۇپ، ئەلگە مەدەت بېرىپ، پۇقرالارنى ئەمىن ئېتىڭ ۋە ئۇلارنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ توغرا يولغا سېلىڭ، بۈگۈن مەن سىزگە تۆت جۈملە ۋەھىي يەتكۈزىمەن، بۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇپ، ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭ. ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ ۋە ئاشكارا قىلماڭ.

سۇك جىياڭ يەنە تەزىم قىلىپ ۋەھىينى ئاڭلاشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. مەبۇدە مۇنۇ ۋەھىينى ئوقۇدى:

سۇ ئەمرگە ئۇچرىماقتىن قاتمۇقات شادلىق كېلۇر،
گاۋ ئەمرگە ئۇچرىغاندا خەۋپ ـ خەتەر يىراق كېتۇر.
ئىچكى ـ تاشقى يات قاراقچىلارنى تىنچىتماق پەقەت،
سىزگە مەنسۇپ پالىۋانىم، تۆھپىڭىزدىنلا كېلۇر.

سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن يەنە تەزىم قىلىپ، ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلدى. بۇ چاغدا مەبۇدە يەنە يارلىق قىلىپ:

— پەرۋەردىگارىمىز پىرىم سىزنى يامان نىيىتىڭىزدىن قول ئۈزمىسگەنلىكىڭىز، تەڭرى يولىنى تېخى تۇتۇپ كېتەلمىگەنلىكىڭىز تۈپەيلىدىن ۋاقتىنچە جازالاپ مەرتىۋىڭىزنى چۈشۈرۈۋەتكەن، ئۈزۈن ئۆتمەي يەنە كەۋكەبىستانغا كىرىسىز، شۇڭا ھەرگىز قىلچىمۇ سۇسلۇق قىلماڭ! ناۋادا بىر كۈنى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ دوزاخقا مەھكۇم بولۇپ قالسىڭىز، مەنمۇ سىزنى قۇتقۇزالمايمەن. بۇ ئۈچ پارچە تىلسىمنامىنى ئوبدان، پىششىق كۆرۈپ چىقىڭ، بۇنى پەقەت ئەرش ئەقىل يۇلتۇزىلا كۆرسە بولىدۇ، باشقىلار كۆرسە بولمايدۇ. نام ـ ئاتاققا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىڭ. جاھاندا قېلىپ قالمىسۇن. تاپشۇرۇقلىرىمنى يادىڭىزدا چىڭ تۇتۇڭ. ھازىر يەر بىلەن ئاسمان بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، سىزنى ئۇزۇن تۇتۇپ قالالمايمەن. سىز دەرھال قايتىپ كېتىڭ، — دېدى ۋە باللارغا سۇڭ جياڭنى دەرھال ئۇزىتىپ قويۇشنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭغا قاراپ:

— تەڭرى بۇيرۇسا جەننەتتىكى ئالتۇن راۋاقتا يەنە كۆرۈشەرمىز، — دېدى.

سۇڭ جياڭ مەبۇدىگە تەزىم بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، قارا كىيىملىك قىزغا ئەگىشىپ سارايدىن چىقتى. قىز سۇڭ جياڭنى روجەكلىك ئىشىك بىلەن ئېلىپ چىقىپ، تاش كۆۋرۈكنىڭ يېنىغىچە ئۇزىتىپ بارغاندىن كېيىن:

— ئابايا ئۆزلىرىنى ئۇلار قورقۇتۇۋەتتى، ئەگەر مەبۇدىمىز ئۆز پاناھىدا ساقلىمىغان بولسا، قولغا چۈشۈپ كېتەتتىلە. تاڭ يورۇغاندا ئاندىن بۇ بالادىن قۇتۇلىلا، پىرىم قارىسىلا، تاش كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا ئىككى ئەجدىھا ئوينىشىۋاتىدۇ، — دېدى.

سۇڭ جياڭ كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قارىسا، دەرۋەقە، سۇ ئىچىدە ئىككى ئەجدىھا ئوينىشىۋېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا قارا كىيىملىك قىز سۇڭ جياڭنى پەسكە ئىتتىرىۋەتتى، سۇڭ جياڭ ۋاي دەپ ۋارقىرىدى ــ دە، ئۆزىنى تەكچىگە ئۇرۇۋالدى، ئېسىنى يىغسا بۇ بىر چۈشى ئىكەن.

سۇڭ جياڭ ئۆملەپ قوپۇپ قارىسا، ئاي چېكىگە كېلىپ، تۈن نىسپى بولۇپ قاپتۇ، ئۇ يېڭىنى سىلىدى، ئالىقىنىدا ئۈچ تال چىلان ئۇرۇقى، يېڭىدە ياغلىققا ئورالغان تىلسىمنامىمۇ تۇرۇپتۇ. ئۇنى چىقىرىپ قارىسا ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۈچ پارچە تىلسىمنامە ئىكەن. ئۇنىڭغا يەنە ئاغزىدىن مەينىڭ لەززىتى كەتمىگەنىدەك تۇيۇلدى، سۇڭ جياڭ ئۆز ئىچىدە: «ئاجايىپ كارامەت چۈش كۆرۈپتىمىنا، چۈشۈمىمكىن دېسەم چۈش ئەمەستەك، چۈش ئەمەسمىكىن دېسەم چۈشتەك تۇرىدۇ. ئۇنى چۈش دەي دېسەم، بۇ تىلسىمنامىلەر قانداق قىلىپ يېڭىمگە كىرىپ قالىدۇ، ئاغزىمدا مەينىڭ تەمى، ئالىقىنىمدا چىلان ئۇرۇقلىرى تۇرۇپتۇ، ماڭا قىلغان سۆزلىرىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ، بىرسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماپتىمەنغۇ؟ چۈش ئەمەسمىكىن دېسەم، ئۆزۈمنىڭ يىقىلىپ تەكچىگە كىرىپ قالغانلىقىم تاپتايىنلىقلا تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى مالائىك ــ ماشايىخلىرىمنىڭ كارامىتىنىڭ شۇنچە قالتىسلىقى بىلىنىپلا تۇرمامدۇ؟ بىراق، بۇ زادى قايسى مالائىكلەركىن؟» دەپ ئويلىدى. ئۇ پەردىنى قايرىپ قارىسا، شاھانە ئورۇندۇقتا خۇددى ئۆزى چۈشىدە كۆرگەنگە ئوخشاش ئايجامال بىر مەبۇدە ئولتۇرۇپتۇ. سۇڭ جياڭ: «بۇ مەبۇدە مېنى ئەختەرلەر پىرى دەۋالدى، شۇنىڭغا قارىغاندا تېگىمدىن قالتىس ئادەم ئوخشايمەن. بۇ ئۈچ پارچە تىلسىمنامىنىڭ چوقۇم پايدىسى تېگىدۇ. ماڭا

يەتكۈزگەن تۆت جۈملە ۋەھىيىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم. قارا كىيىم كىيگەن قىز: ‹تاڭ يورۇغاندا ئاندىن بۇ بالادىن قۇتۇلىلا›، دېگەنىدى. ھازىر تاڭمۇ يورۇپ قالاي دېدى. مەن بۇ كەنتتىن چىقىپ كېتەي» دەپ ئويلىدى.

سۇڭ جياڭ سىلاپ ـ سىيپاشتۇرۇپ كالتە توقمىقىنى تاپتى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قېقىپ ـ تۇزەشتۇرۇپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ سارايدىن چىقتى ۋە سول تەرەپتىكى ئايۋان ئارقىلىق بۇتخانىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئىشىك بېشىدىكى كونا لەمپىگە ئويۇلغان «ھۆر قىز بۇتخانىسى» دېگەن زەر خەتلەرگە چۈشتى. سۇڭ جياڭ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن قولىنى چېكىسىگە قويۇپ تۇرۇپ: «ھەشقاللا! ئەسلىدە ئەرشتىكى ھۆر قىز ماڭا ئۈچ پارچە تىلسىمنامە بەرگەن ھەم مېنىڭ جېنىمنى ساقلاپ قالغانىكەن ـ دە. ئەگەر يەنە ياخشى كۈنگە ئېرىشىپ قالسام، جەزمەن بۇ يەرگە كېلىپ بۇتخانىنى قايتىدىن ياسىتىپ، يېڭىدىن ئايۋان ـ سارايلارنى سالدۇرىمەن. ئەي پەرۋەردىگارىم، دائىم ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ تەشەككۇر ئىزھار قىلدى ۋە ئاستاغىنا كەنت ئاغزىغا قاراپ يول ئالدى.

بۇتخانىدىن ئانچە يىراققا بارماي تۇرۇپلا، ئالدى تەرەپتىن چىقىۋاتقان قىيقاس ـ چۇقان سادالىرى پەلەككە يەتتى. سۇڭ جياڭ: «يەنە پاناھسىز قالدىم، قىمىرلىماي تۇرۇپ تۇراي. ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقسام جەزمەن قولغا چۈشۈپ قالىمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە يول ياقىسىدىكى دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ مۆكۈنۈپ تۇرغىنىم ياخشى» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇ ئەمدىلا ئۆزىنى دەرەخنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا بىرقانچە چېرىك ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگەن پېتى قورال ـ ياراغلىرىنى قولتۇقلىشىپ: «مالائىك ـ ماشايىخلار، جېنىمىزنى قۇتقۇزغايسىلەر» دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي دۇرۇت ئوقۇپ قېچىپ كېلىۋېتىپتۇ. سۇڭ جياڭ دەرەخنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ بۇلارنى كۆرۈپ: «تووۋا، ئۇلار مېنى

www.uyghurkitap.com

تۇتۇش ئۇچۇن كەنت ئاغزىنى توسۇپ تۇراتتىغۇ، يەنە نېمىدەپ قېچىپ كېلىشىۋاتىدىكىنە؟» دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنە قارىسا چاۋ نىڭمۇ: «ۋاي، ھەممىمىز تۈگەشتۇق» دەپ ۋايسىغان پېتى قېچىپ كېلىۋېتىپتۇ. سۈك جياڭ: «بۇ مۇتتەھەم نېمىگە مۇنچە يۈرەكزادە بولۇپ كەتتىكىنە؟» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دۈشىدەك بىر پالۋان قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ پالۋان بېلىنىڭ يۇقىرىسىغا بىر قىللىق نەرسە ئارتىۋالغان، قىپيالىڭاچ ئىدى. ئەتلىرى جىن ـ شاياتۇنلارنىڭكىدەك تۇراتتى. ئۇ ئىككى قولىغا ئىككى دانە ئايپالتىنى ئېلىپ: «ھۇ خۇنپەر، توختا !» دەپ ۋارقىرىغان پېتى كېلىۋېتىپتۇ. سۈك جياڭ يىراقتىن ئۇنى ئېنىق تونۇيالمىدى، يېقىن كەلگەندە قارىسا، ئۇ دەل قارا قۇيۇن لى كۈي ئىكەن. سۈك جياڭ: «بۇ چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ؟» دەپ ئويلاپ ئالدىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

جاۋ نېڭ ئەمدىلا بۇتخانىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە قارىغاينىڭ يىلتىزىغا پۇتلىشىپ يىقىلدى. ئاڭغىچە لى كۈي يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ غولىغا دەسسەپ تۇرۇپ، پالتىسىنى كۆتۈرۈپ ئەمدىلا چاپاي دەپ تۇرۇشىغا، ئارقىسىدىن يەنە ئىككى پالۋان يېتىپ كەلدى، ئۇلار كىگىز قالپاقلىرىنى ئارقىسىغا تاشلىغان، ھەربىرى قولىغا بىردىن قىلىچ تۇتقانىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەلگىنى ئوۋ پىڭ، كېيىن كەلگىنى تاۋ زۇڭۋاڭ ئىدى. لى كۈي ئۇ ئىككىيلەننىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردى ـ دە، تۆھپە تالىشىپ، باتۇرلۇقىغا نۇقسان يېتىپ قالمىسۇن دەپ جاۋ نېڭنى پالتا بىلەن بىرنى چېپىپ، كۆكرەك ـ پۆكرىكى بىلەن قوشۇپ ئىككى پارچە قىلىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ چىبرىكلەرنى قوغلاپ قىرىپ، تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. سۈك جياڭ يەنىلا چىقىشقا پېتىنالماي جايىدا تۇرىۋەردى.

ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە ئۈچ پالۋانمۇ يېتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئالدىدىكىسى قىزىل چاچ شەيتان لىيۇ تاڭ، ئىككىنچىسى تاش زەردار شى يۇڭ، ئۈچىنچىسى جان ئالغۇچى

ئەزرائىل لى لىلار ئىدى. بۇ ئالتە پالۋان:
— بۇ نىجىسلارنىڭ قىرىپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتۇق. بىراق، ئاغىمىزنى تاپالمىدۇق. ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ — دېيىشتى.
— ئاۋۇ قارىغاينىڭ ئارقىسىدا بىرەيلەن تۇرىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى شى يۈك.
سۈك جياڭ پەقەت شۇ چاغدىلا مۆكۈنگەن يېرىدىن تۇغۇشلۇق① چىقالىدى ۋە:
— ھەرقايسىڭلارنىڭ يەنە كېلىپ مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزغانلىقىڭلارغا رەھمەت، بۇ ئۇلۇغ ئىلتىپاتىڭلارنى قانداقمۇ قايتۇرارمەن؟ — دېدى.
بۇ ئالتە پالۋان سۈك جياڭنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ:
— ئاغامنى تاپتۇق مانا! چاققان بېرىپ چاۋ گەي ئاتامانىمغا خەۋەر قىلايلى، — دېيىشتى.
شى يۈك بىلەن لى لى ئىككىگە بۆلۈنۈپ خەۋەر قىلغىلى كەتتى.
— بۇ يەرگە كەلسەڭلار مېنى قۇتقۇزۇۋالالايدىغانلىقىڭلارنى سىلەر نەدىن بىلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى سۈك جياڭ ئۇلاردىن.
— سىلى تاغدىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، — دېدى ليۇ تاڭ جاۋابەن، — چاۋ گەي ئاتامان بىلەن ۋۇ يۈڭ مۇشاۋىرنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپماي، زىندانبېگى دەي زۇڭ تۆرەمنى تاغدىن چۈشۈپ سىلىنىڭ دېرەكلىرىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. چاۋ گەي ئاتامانىم شۇنىڭدىمۇ خاتىرجەم بولالماي، ئۆزلىرىنى بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالامدىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئالدىلىرىغا بىزنى ئەۋەتكەنىدى. يېرىم يولدا دەي زۇڭغا يولۇقۇپ قالدۇق، ئۇ: «ئىككى مۇناپىق ئاغامنى تۇتىمىز دەپ قوغلاپ كەتتى» دېدى. چاۋ گەي ئاتامانىم بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ،

① تۇغۇشلۇق — يۈرەكلىك، دادىل، قورقماي دېگەن مەنىلەردە.

دەي زوڭنى تاغ تۇراغا ئەۋەتىپ، ۋۇ يوڭ مۇشاۋىرىم بىلەن گوڭسۇن شىڭ سۇنشىڭ، روەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۇچ بىر تۇغقان، لۇ فاڭ، گو شىڭ، جو گوي ۋە بەي شىڭلارنى تۇرانى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، قالغان قىرىنداشلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەرگە كېلىپ ئاغامنى ئىزدەشكە بۇيرۇدى. بىز خەقلەردىن: «سۇڭ جياڭ خۇەنداۋسۇن كەنتىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، كەنت ئېغىزىنى ساقلاپ تۇرغان بۇ ئەبلەخلەرنىڭ بىرسىنىمۇ قويماي ئۆلتۈرۈپ تاشلىدۇق، پەقەت بىرنەچچىسىلا بۇ كەنتكە قېچىپ كىرىۋالدى، ئۇلارنى قوغلاپ كېلىۋاتقان لى كوي ئاغامنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بىزمۇ بۇ يەرگە كېلىپ كۇتۇلمىگەن يەردە سىلىگە يولۇقۇپ قالدۇق.

ئۇنىڭ كەينى تۇگمەي تۇرۇپلا شى يوڭ، چاۋ گەي، خۇا روڭ، چىن مىڭ، خۇاڭ شىن، شۆ يوڭ، جياڭ جىڭ، ما لىنلارنى باشلاپ كەلدى، لى لى بولسا لى جۇن، مۇ خۇڭ، جاڭ خېڭ، جاڭ شۇن، مۇ چۇن، خۇ جيەن، شياۋ راڭ، جىن داجيەنلەرنى باشلاپ كەلدى، ھەممە پالۋانلار بىر سورۇنغا جەم بولۇپ بىر - بىرلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

سۇڭ جياڭ بارلىق ئاتامانلارغا رەھمەت ئېيتتى. چاۋ گەي:

— ئەزىز ئىنىم، تاغدىن يالغۇز چۈشمىسىلە دېسەم، مېنىڭ گېپىمگە كىرمىدىلە، چاتاق چىققىلى تاسلا قالدى، — دېدى.

— كەمىنە ئىنىلىرى، ئاتامدىن غەم قىلىپ، قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەي قالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئالغىلى بارماي تۇرالمىدىم، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ئىنى، سىلىگە بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزەي، — دېدى چاۋ گەي، — قەدىرلىك ئاتىلىرى، ئىنىلىرى ۋە ئۇنىڭ بالىچاقىلىرىنى ئاۋۋال ئاپىرىپ تۇرسۇن دەپ تاغقا يولغا سېلىۋەتتىم، ئۇلار ئالللىقاچان تاغقا يېتىپ باردى بولغاي.

سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ چاۋ گەيگە:

— مېھرىبان ئاغا، ئۆزلىرى شۇ قەدەر ياخشىلىق قىلدىلا،

ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق، — دەپ تەزىم بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

چاۋ گەي، سۈك جياڭلارنىڭ ھەممىسى شادلىققا چۆمدى. ئاتامانلار ئۆز ئاتلىرىغا مىنىپ، خۇەنداۋسۇن كەنتىدىن ئايرىلدى، سۈك جياڭ ئات ئۈستىدە ئاسمانغا قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، تەڭرىگە ھۆرمەت ئىپتىرام بىلدۈرۈپ، مالائىك - ماشايىخلارنىڭ ئۆز پاناھلىرىدا ساقلىغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىپ، بىر كۈنى مەخسۇس تائەت - تىلاۋەت ئۆتكۈزۈپ، بۇنى ياندۇرىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. قەدىمكى ئۇسلۇبتا يېزىلغان مۇنداق بىر نەزمىدە سۈك جياڭنىڭ سادىق، مەرد بولۇپ تەڭرىنىڭ مەدىتىگە ئېرىشكەنلىكى مەخسۇس مەدھىيىلەنگەن:

ئامەت كېتىپ شاھلاردىن تەختى بولغۇسى ۋەيران،
مەردلەر ئىلكىگە ئۆتۈپ، سەلتەنەتلىك بۇ دەۋران.
كۆچكۈن يۇلتۇز چۈشكۈسى، شەندۈڭ دېگەن بۇ جايغا،
ئوتتۇز ئالتە ساماۋى ئەختەر يۆلەك بوپ ھامان.
يۇنچېڭ شەھىرىگە ياققاي، سائادەتنىڭ يامغۇرى،
يارالغاچقا بۇ يۇرتتا سۈك دانىش دېگەن پالۋان.
ئوقۇغان كىچىك چاغدىن، ئۇ دەستۇر - كالامنامە،
يېتىلگەن پاراسەتلىك، ئاجىزلارغا بوپ غەمخان.
رەھىم، ئىنساب، ئەدەپ، يوسۇن، پاراسەتكە تولۇپ ئۇ،
ئالدى ئەرش ھۆر قىزىدىن تىلسىمنامىمۇ شۇ ئان.
مەرد پالۋانلار دوست بولۇپ، سورىغاندا ئالەمنى،
سائادەت بىلەن تولدى، شۇملۇق قاپلىغان جاھان.
بىرىپ ئۇدۇل شۇ چاغدا، لياڭشەن كۆلى بويىغا،
مالائىكلەرنى قوزغار، تەڭرى يولىن دەپ ھامان.

ئەمدى ئۇلار خۇەنداۋسۇن كەنتىدىن ئايرىلىپ، ئۇدۇل لياڭشەن كۆلىگە قايتىپ كەلدى. خەلپەت ۋۇ يۇڭ تاغ تۇرانى

ساقلاشقا قالغان ئاتامانلارنىڭ ھەممىسىنى باشلاپ جىنىشاتەنگە كېلىپ قارشى ئالدى، پالۋانلارنىڭ ھەممىسى چوڭ تۇرادىكى مەردلەر سارىيىغا كېلىپ جەم بولۇپ، بىر - بىرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. بۇ چاغدا سۇڭ جياڭ:

— ئاتام قېنى؟ — دەپ تەقەززالىق بىلەن سورىدى.

چاۋ گەي سۇڭ غوجىنى ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى. بىردەمدىلا تۆمۈر يەلپۈگۈچ سۇڭ چىڭ بىر تەختىراۋاندا سۇڭ غوجىنى ئېلىپ چىقتى، ھەممەيلەن ئولىشىپ كېلىپ، ئۇنى تەختىراۋاندىن چۈشۈرۈپ يۆلەپ سارايغا ئېلىپ كىردى. سۇڭ جياڭ ئۇنى كۆرۈپ قىن - قىنىغا پاتماي خۇشال بولدى.

— ئاتا، ئۆزلىرىنى بىئارام قىلىپ قويدۇم، — دېدى سۇڭ جياڭ تەزىم قىلىپ، — پېقىر سۇڭ جياڭ ئۆزلىرىگە بىۋاپالىق قىلىپ بىرمۇنچە دىشۋارچىلىققا سالدىم.

— جاۋ نېڭ دېگەن لەنتى بىلەن ئىنىسى جياڭجۇ ئايمىقىدىن ئالاقە كەلگەن ھامان، ئاتا - بالا ئىككىڭلارنى تۇتۇپ يامۇلغا ئېلىپ بارىمىز، دەپ ھەر كۈنى ئادەم ئەۋەتىپ بىزنى قىمىرلاتماي قويدى. سەن جاڭزىنىڭ ئارقا ئىشىكىنى قاققاندا ئالدىدىكى ھويلىدا يەتتە - سەككىز چېرىك بار ئىدى. كېيىن تۆرۈپلا يوقاپ كەتتى، قانداق كېتىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدىم. تۆت نىسپى بولغاندا، يەنە ئىككى يۈزچە ئادەم جاڭزىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ، مېنى تەختىراۋانغا سالدى. ئاندىن ئىنىڭغا ساندۇق - ساندۇقلارنى يىغىشتۇرغۇزۇپ، جاڭزىغا ئوت قويۇۋەتتى. مېنىڭ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورۇشتۇرۇشۇمغىمۇ يول قويماي، ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، — دېدى سۇڭ غوجا.

— بۈگۈن بىز ئاتا - بالا جەم بولۇپ، يۈز كۆرۈشۈشىمىز پۈتۈنلەي قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھىممىتى بىلەن بولدى، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە ئىنىسىنى ئاتامانلارغا رەھمەت، تەشەككۇر ئېيتقۇزدى. چاۋ گەيلەر سۇڭ غوجا بىلەن سالام - سەھەت

قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن قوي ـ كالىلارنى سويۇپ، قۇتلاش زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ، سۆڭ دانىشنىڭ ئاتىسى بىلەن جەم بولغانلىقىنى مۇبارەكلىدى. پالۋانلار شۇ كۈنى تازا تەڭشەلگۈچە ئىچىشكەندىن كېيىن تارقىلىشتى. ئەتىسى يەنە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ قۇتلۇقلىدى، چوڭ ـ كىچىك ئاتامانلارنىڭ ھەممىسى شادلىققا چۆمدى.

ئۈچىنچى كۈنى چاۋ گەي ئۆز قولى بىلەن داستىخان ھازىرلاپ سۆڭ جياڭنىڭ ئاتىسى بىلەن ساق ـ سالامەت جەم بولغانلىقىنى قۇتلۇقلىدى، بۇ ئىش بىردىنلا گۇڭسۇن شېڭغا تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭدا: «ئانام جىجۇ ئايمىقىدا قالغانىدى، ئۆيدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولدى، نە ھالدا تۇرۇۋاتىدىغاندۇ» دېگەن سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئويغاتتى. شۇڭا، ھەممەيلەن مەي ئىچىۋاتقاندا گۇڭسۇن شېڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتامانلارغا:

— ھەرقايسى باتۇر ـ پالۋانلار مېنىڭدەك بىر پېقىرنى ئۇزۇندىن بۇيان ئەگەشتۇرۇپ يۈرۈپ، بىر تۇغقان قېرىنداشتەك شەپقەت كۆرسىتىشتىلە، بىراق مەن چاۋ گەي ئاتامانىمغا ئەگىشىپ، تاغقا كەلگەندىن بۇيان مەرىكە ـ زىياپەتلەر بىلەن كۈنلەرنى شاد ـ خۇرام ئۆتكۈزۈپ، قېرى ئانامنى يوقلاش ئۈچۈن يۇرتۇمغا بېرىپ كېلەلمىدىم. مېنىڭ ئۇستازىم دەرۋىش كالانمۇ سېغىنىپ كەتكەندۇ، دېگەن خىيال بىلەن ھەرقايسى ئاتامانلاردىن ۋاقىتلىق تۆت ـ بەش ئاي ئايرىلىپ، يۇرتقا بېرىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ كېلەيمىكىن دەۋاتىمەن، پېقىرنىڭ تىلىكىمنى قوبۇل كۆرۈشسىلە، قېرى ئانامنى غەم ـ غۇسسىدىن خالاس قىلسام، — دېدى.

— ئۆزلىرىدىن ھۆرمەتلىك ئانىلىرىنىڭ شىمالىي يۇرتتا ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەمسىز قېلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، — دېدى چاۋ گەي، — بۇگۈن ئۆزلىرى مۇنداق دەپ تۇرغاندا، ئۆزلىرىنى بۇ سەپەردىن توسۇيالمايمىز، بىراق

ئايرىلغىمىز كەلمەيدۇ، ئەگەر جەزمەن ماڭماقچى بولساڭلا، بۈگۈنچە تۇرۇپ تۇرساڭلا، ئەتە ئۇزىتىپ قويايلى.

گۆھسۈن شىنىڭ بۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈردى. ئۇ كۈنى ھەممەيلەن تازا تەڭشەلگۈچە ئىچىشكەندىن كېيىن ئۆز ئۆيلىرىگە تارقىلىپ ئارام ئالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە دەرۋازىنىڭ ئالدىدا زىياپەت تەييارلاپ، گۆھسۈن شىڭنى سەپەرگە ئۇزىتىپ قويدى.

ئەمدى گۆھسۈن شىڭغا كېلەيلى. ئۇ ئاۋۋالقىدەك جاھانكەچتى دەرۋىشلەردەك ياسىنىپ، خالتا يوتىسى ۋە بوغجۇمىسىنى بېلىگە چىگىپ، جۈپ شەمشىرىنى ئۈشنىسىگە ئارتتى، خورما دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن ياسالغان قالپىقىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، تاشپاقا قاسرىقىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچنى قولىغا تۇتقان ھالدا تاغدىن چۈشتى. ئاتامانلار ئۇنى شۇ يەردە كۈتۈۋېلىپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا زىياپەت ھازىرلاپ، مەي تۇتۇپ خەيرلەشتى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن چاۋ گەي:

— تەخسىر، ماڭىمەن دەپ تۇرۇۋالدىلا، سەپەردىن قايتۇرالمىدۇق، بىراق لەۋزىلىرىدە تۇرسىلا. ئەسلىدە ئۆزلىرىنى ماڭغۇزمىساق بولاتتى. ئەمما، ئۇ يەردە ياشانغان قەدىرلىك ئانىلىرى بولغانلىقتىن، سىلىنى توسۇپ قېلىشقا بولمىدى. يۈز كۈنلەردىن كېيىن يوللىرىغا قارايمىز، ھەرگىز ۋەدىلىرىگە خىلاپلىق قىلمىغايلا، — دېدى.

— ئاتامانلىرىم، كۆپتىن بۇيان مېنى ھەرقايسىلىرى ئۆز قاتارلىرىغا ئېلىپ، خەيرخاھلىق قىلىپ كەلدىلە، — دېدى گۆھسۈن شىڭ، — مەن نېچۈك لەۋزىمدە تۇرمايمەن! ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، دەرۋىش كالان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئانامنى ئوبدان تاپىلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپلا، تاغ تۇراغا قايتىپ كېلىمەن.

— تەخسىر، ئەتە - ئاخشامدا ئانىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، بىرنەچچە ئادەم ئېلىپ بېرىپ، قەدىرلىك ئانىلىرىنى بىر يولىلا تاغقا كۆچۈرۈپ كەلسىلە بولمامدۇ؟ —



www.uyghurkitap.com

دېدى سوٚڭ جياڭ.

ــــ ئانام ئەزەلدىن تارتىپلا خالىي، خىلۋەت يەرنى خالايدوٗ، ۋاراڭ ـ چوٗروٗڭ بىلەن خوٗشى يوق، شوٗڭا ئېلىپ كېلەلمەيمەن. ئوٗنىڭ ئوٗستىگە ئانچە ـ موٗنچە يەر ـ زېمىن، ئوٚيـۋاق، ۋەج ـ دوٗنيالىرىمىز بار، بوٗنىڭدىن ئانام خەۋەر ئالمىسا بولمايدوٗ. پېقىر بېرىپ بىر كوٚروٚۋېلىپ كېلىپلا يەنە ھەرقايسىلىرى بىلەن بىللە بولىمەن، ــــ دېدى گوٗڭسوٗن شېڭ.

ــــ ئوٗنداق بولسا، ــــ دېدى سوٗڭ جياڭ، ــــ ئوٚزلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە بولسوٗن. تېزرەك قايتىپ كەلسىلە، بىز خوٗش بولايلى.

چاۋ گەي بىر پەتنوٗس ئالتوٗن ـ كوٗموٗش ئېلىپ چىقىپ يولـلوٗق توٗتتى.

ــــ ئوٗنچىلىك كوٚپىنىڭ كېرىكى يوق، خەج ـ خىراجەتلەرگە يەتكوٗدەك بولسىلا بولدى، ــــ دېدى گوٗڭسوٗن شېڭ.

چاۋ گەي زورموٗزور ئوٗنىڭغا يېرىمىنى ئالغوٗزدى. گوٗڭسوٗن شېڭ پوٗللارنى پوتىسىغا توٗگوٗپ، كوٚپچىلىك بىلەن خوشلاشتى ـ دە، جىنشاتەندىن ئوٚتوٗپ جىجوٗ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى.

ئاتامانلار زىياپەتتىن تارقىلىپ، تاغقا چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپ توٗرغاندا، قارا قوٗيوٗن لى كوٗي دەرۋازا ئاستىدا ئوٗن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

ــــ ئىنى، نېمىگە كوٚڭلىڭىز يېرىم بولوٗۋاتىدوٗ؟ ــــ دەپ سورىدى سوٗڭ جياڭ ئالمان ـ تالمان.

ــــ ئوٗموٗ بېرىپ دادىسىنى ئېلىپ كېلىۋاتىدوٗ، بوٗموٗ ئانىسىنى كوٚرگىلى كېتىۋاتىدوٗ، مەن توٚموٗر كالا تام توٚشوٗكىدىن چوٗشوٗپتىمەنموٗ؟ نېمىدېگەن قورساق كوٚپوٗكى بوٗ، ــــ دېدى لى كوٗي يىغلاپ توٗروٗپ.

ــــ ئوٗنداق بولسا ئەمدى قانداق قىلماقچى بولوٗۋاتىسىز، ــــ دەپ سورىدى چاۋ گەي.

— ئۆيدە مېنىڭ يالغۇز بىرلا قېرى ئانام بار، ئاكام بولسا باشقىلارنىڭ ئۆيىدە يىللىقچى تۇرسا، ئۇ ئانامنى قانداقمۇ بېقىپ راھەت كۆرسىتەلىسۇن؟ شۇڭا مەنمۇ بېرىپ ئانامنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ راھەت كۆرسىتىپ قويماي دەيمەن، — دېدى لى كۇي.

— دېگىنىڭىز راست، — دېدى چاۋ گەي، — مەن سىز بىلەن بىللە بېرىشقا بىرنەچچە ئادەم تەيىنلەي، ئانىڭىزنى تاغقا ئېلىپ كېلىڭ، بۇ تازا ئوبدان بولغۇدەك.

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ، — لى كۇي ئىنىمىزنىڭ مىجەزى ئوسال، يۇرتىغا قايتىپ بارسا چوقۇم چاتاق چىقىرىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىشقا ئادەم قوشساقمۇ ياخشى بولمايدۇ، مىجەزى چۇس، يولدا جەزمەن ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ جياڭجۇ ئايمىقىدا كۆپ ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئۇنىڭ قارا قۇيۇن لى كۇي ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ بۇ بىرنەچچە ۋاقىتتىن بۇيان، پادىشاھلىق ئۇنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن يۇرتىغا ئالاقە ئەۋەتمەي قالامدۇ؟ لى كۇي ئىنى، سىزنىڭ چىراي - تۇرقىڭىزمۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق، ئەگەر يولدا بىرەر چاتاق چىقىرىپ قويسىڭىز، يول ناھايىتى يىراق تۇرسا، بىز قانداق بىلەلەيمىز، بىرنەچچە ۋاق تۇرۇپ تىڭتىڭلاپ كۆرۈپ، يۇرت ئىچى بىرئاز تىنچلانغاندىن كېيىن بارسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز.

— ئاغا، سىزمۇزە تازا ئادالەتسىز ئادەم ئىكەنسىز. سىز دادىڭىزنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ راھەت كۆرسىتىۋاتىسىز، مېنىڭ ئانام يېزىدا تۇرۇپ جاپا چېكىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا تۆمۈر كالىنىڭ قورسىقى كۆپمەمدىكەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى لى كۇي خاپا بولۇپ.

— ئىنى، خاپا بولماڭ، — دېدى سۇڭ جياڭ، — ئەگەر مەن دېگەن ئۈچ ئىشقا كۆندىغان بولسىڭىز، ئاندىن سىزنى ئانىڭىزنى ئېلىپ كېلىشكە بارغىلى قويىمەن.

www.uyghurkitap.com

— دەڭچۇ، قانداق ئۇچ ئىش؟ — دېدى لى كۇي.
سۇڭ جياڭ بارماقلىرىنى پۈكۈپ مۇنداق ئۇچ ئىشنى ئېيتتى. ئەيىۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئاغۇخاس!

كۆتۈرۈپ قولىنى لى كۇي يەرنى سالدى لەرزىگە،
ئۆلتۈرۈپ يولۋاسنى ئۇ چۆرۈدى جىرا تەكتىگە.

سۇڭ جياڭ لى كۇيغا قايسى ئۇچ ئىشنى ئېيتقانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# قىرىق ئۈچىنچى باب

## يالغان لى كۈيىنىڭ يول توسۇپ يالغۇزاقلارنى بۇلىغانلىقى قاراقۇيۇن لى كۈيىنىڭ يىلىك چوقىسىدا تۆت يولۋاسنى ئۆلتۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، لى كۈي:

— ئاغا، دەڭچۇ، ئۈچ ئىش قانداق ئىش، — دەپ سورىدى.

— يىجۇ ئايمىقىدىكى يىشۈي ناھىيەسىگە بېرىپ ئانىڭىزنى ئېلىپ كېلىشتە، بىرىنچىدىن، ئۇدۇل بېرىپ ئۇدۇل قايتىپ كېلىشىڭ، مەي - شاراب ئىچمەڭ؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزىڭىز ئالدىراقسان، مىجەزىڭىز ئىتتىك، ھېچكىم سىز بىلەن بارغىلى ئۇنىمايدۇ، شۇڭا ئۆزىڭىز ئاستاغىنىلا بېرىپ، ئانىڭىزنى ئېلىپ كېلىشىڭىز؛ ئۈچىنچىدىن، قوش ئايپالتىڭىزنى ئېلىپ بارماڭ، يولدا ئاۋايلاپ مېڭىپ، تېز بېرىپ، تېز قايتىپ كېلىڭ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ۋايەي، بۇ ئۈچ ئىشنىڭ كۆنمەيدىغان نېمىسى بار! ئاغا، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بۈگۈنلا يولغا چىقىپ كېتەي، — دېدى لى كۈي ۋە دەرھال نەرسە - كېرەكلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇپ، يان قىلىچىنى ئېسىپ، كۆتمەك قىلىچىنى ئېلىپ، بىر كاللەك كۈمۈش بىلەن ئۈچ - تۆت سىر تەڭگىنى قويىنىغا سالدى - دە، مەيدىن بىرنەچچە قەدەھ ئىچىۋېتىپ، خوش ئەمىسە ··· دەپ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى ۋە جىنشاتەندىن ئۆتۈپ يولغا راۋان بولدى.

چاۋ گەي، سۇڭ جياڭ ۋە باشقا ئاتامانلار لى كۈينى ئۇزىتىپ

قويۇپ كېلىپ، چوڭ تۇرادىكى مەردلەر سارىيىدا ئولتۇرۇشتى. سۇڭ جياڭ خاتىرجەم بولالماي:

— ئىنىمىز لى كۇي يول ئۈستىدە چوقۇم چاتاق چىقىرىپ قويىدۇ. قايسىڭلار ئۇنىڭ بىلەن بىر يۇرتلۇق؟ ئارقىدىن بىرسى كۆز - قۇلاق بولۇپ بارمىسا بولمايدۇ، — دېدى كۆپچىلىككە.

— يالغۇز جۇ گۇيلا يىشۇي ناھىيەسىدىن، ئۇنىڭ بىلەن بىر يۇرتلۇق، — دېدى دۇ چيەن.

— ھە راست، مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئالدىنقى كۈنى ئاق ئەجدىھا بۇتخانىسىدا يىغىلىشقاندا لى كۇي ئۆز يۇرتلۇقى بولغان جۇ گۇينى تونۇپ قالغانىدى، — دېدى سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ جۇ گۇينى چاقىرىپ كېلىشكە كىشى بۇيرۇدى. چاپارمەنلەر تاغدىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ، مەيخانىغا كېلىپ جۇ گۇينى چاقىرىپ كەلدى.

— ئىنىمىز لى كۇي ئانىسىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يۇرتىغا ماڭغانىدى، مەي - شارابلارنى ئىچىۋالسا چاتاق سالامدىكىن دەپ ئۇنىڭغا كىشى قوشمىغانىدۇق، لېكىن يولدا بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەۋاتىمىز. ئىنىم، سىز ئۇنىڭ بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىكەنسىز، ئارقىدىن بېرىپ كۆز - قۇلاق بولۇپ يۇرسىڭىز قانداق؟ — دېدى سۇڭ جياڭ.

— پېقىر يىشۇي ناھىيەسىدىن بولىمەن، ھازىر شۇ ناھىيەنىڭ كۈنپېتىش قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا بىر مەيخانا ئاچىدىغان جۇ فۇ ئاتلىق بىر ئۇكىمىز بار. لى كۇي شۇ ناھىيەنىڭ بەيجاڭ كەنتىدىكى دۇڭدىيەندۇڭ دېگەن يېرىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ لى دا دېگەن بىر ئاكىسى بار، باشقىلارغا يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. لى كۇي كىچىكىدىن تارتىپلا ناھايىتى بەڭباش، كەپسىز ئىدى، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، جاھانكەچتى بولۇپ باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ، كۆز - قۇلاق بولۇپ يۇرسەممۇ مەيلى، بىراق مەيخانىغا قارايدىغان ئادەم يوق، شۇنىڭدىنلا ئەنسىرەيمەن،

پېقىرمۇ يۇرتۇمغا بارمىغىلى ئۇزۇن زامانلار بولدى، مۇشۇ باھانىدە ئۇكامنى يوقلاپ كېلەرمەن، ـــ دېدى جۇ گۇي جاۋابەن.

ـــ مەيخانىدىن ئەندىشە قىلماڭ، مەن خۇ جيەن، شى يۇڭلارغا ئېيتىپ قوياي، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بىر مەزگىل قاراپ بەرسۇن، ـــ دېدى سۇڭ جياڭ.

جۇ گۇي ماقۇل دەپ ئاتامانلار بىلەن خوشلىشىپ تاغدىن چۈشتى ـ دە، مەيخانىغا كېلىپ يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇردى، دۇكاننى شى يۇڭ، خۇ جيەنلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، يىجۇ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى. سۇڭ جياڭ بىلەن چاۋ گەي تۇرادا ھەر كۈنى بەزمە ـ زىياپەتلەر ئۆتكۈزۈپ، مەي ـ شارابلارنى ئىچىپ، كۆڭۈل ئېچىشتى. ۋۇ يۇڭ خەلپەت بىلەن تەڭرىنامە ئوقۇدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى لى كۇيدىن ئاڭلاڭ. لى كۇي يالغۇز ئۆزى لياڭشەن كۆلىدىن چىقىپ، يىشۇي ناھىيەسى تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى. لى كۇي راستىلا مەي ئىچمىدى، شۇڭلاشقا گەپ ـ سۆز بولغۇدەك بىرەر چاتاقمۇ چىقارمىدى. ئۇ يىشۇي ناھىيەسىنىڭ كۇنپېتىش قوۋۇقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسا، ئۇ يەردە بىر توپ ئادەم ئولىشىۋېلىپ ئېلان كۆرۈۋېتىپتۇ. لى كۇيمۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قۇلاق سېلىپ تۇردى، كىشىلەر: «ئوغرىلارنىڭ باشلىقى سۇڭ جياڭ، يۈنچېڭ ناھىيەسىدىن؛ ئىككىنچى نومۇرلۇق ئەگەشكۈچى ئوغرى دەي زۇڭ، جياڭجۇ ئايمىقىدىكى ئىككى كۈرەنىڭ زىندانبېگى؛ ئۈچىنچى نومۇرلۇق ئەگەشكۈچى ئوغرى لى كۇي، يىجۇ ئايمىقىنىڭ يىشۇي ناھىيەسىدىن» دەپ ئوقۇۋاتاتتى. لى كۇي ئەمدىلا قول ـ پۇتىنى شىلتىپ بىرنەرسە دەي دەپ تۇرۇشىغا، بىر ئادەم ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى ـ دە:

ـــ جاڭ ئاكا، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟ ـــ دەپ سورىدى.

لى كۇي بۇرۇلۇپ بىر قاراپلا ئۇنىڭ قۇرۇتقاق تىمساھ جۇ

گوي ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدى ۋە:

— سىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈسىز؟ — دەپ سورىدى.

— يۈرۈڭ سىزگە گېپىم بار، — دېدى جۇ گوي.

ئىككىيلەن بىرلىكتە كۈنپېتىش قوۋۇقنىڭ سىرتىغا يېقىن بىر مەھەللىدىكى مەيخانىغا كىرىپ، ئەڭ ئىچكىرىدىكى ھۇجرىدىن ئورۇن ئېلىشتى. جۇ گوي لى كۈينى ئەيىبلەپ:

— ئەجەبمۇ يۈرىكىڭىز چوڭكىنە! ئېلاندا سۇڭ جياڭنى تۇتۇپ بەرگەنلەرنى بىر تۈمەن تىزىق يارماق بىلەن، دەي زۇڭنى تۇتۇپ بەرگەنلەرنى بەش مىڭ تىزىق يارماق بىلەن، لى كۈينى تۇتۇپ بەرگەنلەرنى ئۈچ مىڭ تىزىق يارماق بىلەن تارتۇقلايمىز، دەپ ئېنىق يېزىلغان تۇرسا، قورقماستىن ئېلان كۆرۈۋاتامسىز؟ ئەگەر كۆزى چاققان بىرەرى تۇتۇۋېلىپ، يامۇلغا ئاپىرىپ بەرسە قانداق قىلاتتىڭىز؟ ئاغىمىز سۇڭ دانىش سىزنى چاتاق سالارمىكىن دەپ، سىزگە كىشى قوشماپتىكەن، بىراق سىزنى بىرەر ئىش تېرىپ قويمىسۇن دەپ مېنى ئەتەي ئارقىڭىزدىن كۆز - قۇلاق بولۇپ يۈرۈشكە ئەۋەتتى. مەن سىزدىن بىر كۈن كېيىن يولغا چىقىپىمۇ بىر كۈن ئىلگىرى كەپتىمەن. نېمىشقا كېچىكىپ قالدىڭىز؟ — دېدى.

— ئاغام مېنى مەي - شاراب ئىچمە دېگەچكە، يولدا ئاستىراق مېڭىپتىمەن. سىز بۇ مەيپۇرۇش بىلەن قانداق تونۇشسىز؟ سىزمۇ مۇشۇ يەرلىك ئىكەنسىز - دە، ئۆيىڭىز قەيەردە؟ دېدى لى كۈي — دەپ سورىدى لى كۈي.

— بۇ مېنىڭ ئۇكامنىڭ مەيخانىسى. مەن ئەسلى مۇشۇ يەردە سودا - سېتىق قىلىمەن دەپ، يۇرت كېزىپ يۈرۈپ دەسمايەمدىن ئايرىلىپ قالغانىدىم، شۇنىڭ بىلەن لياڭشەن كۆلىگە كېلىپ غەللىيانچى بولۇپ قالدىم، شۇنىڭدىن بۇيان يۇرتۇمغا ئەمدى كېلىشىم، — دېدى جۇ گوي ۋە ئۇكىسىنى چاقىرىپ لى كۈي بىلەن كۆرۈشتۈردى. جۇ فۇ داستىخان سېلىپ لى كۈينى مېھمان

قىلدى.

— ئاغىمىز ماڭا مەي ـ شارابلارنى ئىچمە، دەپ تاپىلىغانىدى، مەن ئەمدى يۇرتۇمغا كەپتىمەن، بىر ـ ئىككى ئاپقۇر مەي ئىچسەم ھېچنېمە بولماس، — دېدى لى كۇي.

جۇ گۇي ياق دېيەلمەي ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەردى.

شۇ كۈنى ئۇلار تاڭ قاراڭغۇسىغىچە ئىچىشتى، لى كۇي تامىقىنى يەپ بولۇپ، يۇلتۇزلار تېخى ئۆچمىگەن، ئايمۇ پاتمىغان بىر چاغدا تۇرۇپ ئۆز يېزىسىغا قاراپ ماڭماقچى بولدى. جۇ گۇي ئۇنىڭغا:

— يالغۇز ئاياغ چىغىر يوللار بىلەن ماڭماي، دەرەخلىكتىن ئەگىپ ئۆتۈپ، كۈنچىقىش تەرەپتىكى چوڭ يول بىلەن ماڭسىڭىز ئۇدۇل بەيجاڭ كەنتىگە بارىسىز، دۇڭدىيەندۇڭغا يېتىپ بارغىنىڭىز ئەنە شۇ. يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئانىڭىزنى ئېلىپلا قايتىڭ، ئاندىن ئىككىمىز تاغ تۇراغا بالدۇرراق قايتىپ كېتەيلى، — دېدى.

— يالغۇز ئاياغ چىغىر يوللار بىلەن ماڭسام يېقىنراق ئەمەسمۇ؟ چوڭ يول بىلەن ماڭىمەن دەپ نېمە ئاۋارىچىلىك، — دېدى لى كۇي.

— يالغۇز ئاياغ چىغىر يوللاردا يولۋاس تولا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان يول توسار قاراقچىلار بار، — دېدى جۇ گۇي.

— مەن ئۇلاردىن قورقۇپ قالامتىم؟ — دېدى لى كۇي دەرھال كىگىز قالپىقىنى كىيىپ، ئاندىن كۆتمەك قىلىچىنى ئېلىپ، يان قىلىچىنى ئاستى ـ دە، جۇ گۇي، جۇ فۇ بىلەن خوشلىشىپ، بەيجاڭ كەنتىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئالاھازەل نەچچە ئون چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن تاڭ خىرە ـ شىرە يورۇدى. ئۇ بىر ئوتلاقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، شەبنەم چۈشۈپ ھۆل قىلىنغان ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن بىر توشقان يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئالدىغا قاراپ قاچتى. لى كۇي ئۇنى

بىردەم قوغلىغاندىن كېيىن: «مۆشۈ ھارامزادىمۇ مېنى بىرمۇنچە يول ماڭغۇزدى - ھە !» دەپ كۇلۇپ قويىدى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم گۇۋاھتۇر:

تاغ يولى ئەگرى - توقاي، خىلۋەت، يەنە دىشۋار، يىراق،
چىقتى بوران كۆنپېتىشتىن چۈشتى غازاڭ، ياپىراق.
قوغلىشىپ توشقاننى پالۋان كەتتى مەنزىلدىن ئېشىپ،
ئالدىراپ ماڭغان يولىمۇ قاچتى ئېسىدىن بۇ چاغ.

بىردىنلا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئەللىك تۆپچە چوڭ - چوڭ تال سۆگەت بار بىر سۆگەتلىك كۆرۈندى. باش كۆز پەسلى بولغاچقا، سۆگەتلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغانىدى. لى كۇي سۆگەتلىك يېنىغا كېلىشىگە بىر دارازا يۇگۇرۇپ چىقىپ:
— بوغجۇمامدىن ئايرىلىپ قالماي دېسەڭ، يول ھەققى قويۇپ كەت! — دەپ ۋارقىرىدى.
لى كۇي شۇنداق قارىسا، ھېلىقى ئادەم بېشىغا قىر چىقىرىپ قىزىل شايى بوغمىچا چىگكەن، ئۈچىسىغا ماتادىن پەشمەت كىيگەن، قولىغا قوش ئايپالتا تۇتقان، يۈزىگە قارا كۈيە سۈرۈۋالغان ئادەم ئىكەن. لى كۇي ئۇنى كۆرۈپ:
— بۇ يەردە قورقماستىن يول توسۇپ تۇرغان قانداق نېمە سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.
— ئېتىمنى ئاڭلىساڭ يۈرىكىڭ يېرىلىپ كېتىدۇ، ئاكاڭ قارىغاينى قارا قۇيۇن لى كۇي دەپ ئاتىشىدۇ ! ئامان قالاي دېسەڭ، يول ھەققى تاپشۇر، بوغجۇماڭنىمۇ قوي، ئاندىن ئۆتەلەيسەن ! — دېدى دارازا.
لى كۇي قاقاھلاپ كۇلۇپ كېتىپ:
— پوق يەپسەن ! ئاكاڭ قارىغاينىڭ نامىنى سېتىپ بۇ يەردە بەڭباشلىق قىلىپ يۈرگەن قانداق نېمە سەن؟ نەدىن كەلگەن كىسپۇرۇش سەن؟ — دېدى - دە، قولىدىكى كۆتمەك قىلىچىنى

كۆتۈرگەن پېتى دارازىغا قاراپ ئېتىلدى، بۇ دارازا ئۇنىڭغا قانداق تەڭ كېلەلىسۇن؟ ئۇ قاچاي دەپ تۇرۇشىغا لى كۇي ئۇنىڭ پۇتىغا كۆتمەك قىلىچى بىلەن بىرنى سېلىپ، ئۇنى تىك موللاق چۇشۇردى ۋە مەيدىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ:

— ئاكاڭ قارىغاينى تونۇدۇڭمۇ؟ — دېدى.

— غوجا ئاكا، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن! — دەپ يالۋۇردى دارازا.

— جاھانكەچتى پالۋان قارا قۇيۇن لى كۇي دېگەن مەن شۇ، ئاكاڭ قارىغاينىڭ نامىنى بۇلغاپ يۈرۈپسەن - دە! — دېدى لى كۇي.

— مەن لى جەمەتىدىن بولسامۇ، قارا قۇيۇن لى كۇينىڭ ئۆزى ئەمەس مەن. ئەل - يۇرت ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ئاتاقلىرى بولغاچقا، ئۇلۇغ ناملىرىنى ئاڭلىغان ھامان مۇنكىر - نەكىرلەر يۈرىكى جىغىلدايدۇ. شۇڭا، مەن ئۆزلىرىنىڭ ناملىرىنى سېتىپ، بۇ يەردە يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرۈۋاتىمەن. بۇ يەردىن ئۆتكۈچى يالغۇزەكلەر قارا قۇيۇن لى كۇي دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ھامان قورقۇشىدا يۈك - تاقلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشىدۇ، مانا مەن شۇنىڭ بىلەن جان بېقىپ كېتىۋاتىمەن. مەن بىرەرسىنىڭمۇ جېنىغا زامىن بولمىدىم. مەن پېيسەندىنىڭ ئەسلى ئېتى لى گۇي، ئاۋۇ مەھەللىدە ئولتۇرىمەن، — دېدى دارازا.

— ھۇ ھارامزادە ئوغرى! مېنىڭ نامىمنى بۇلغاپ، مېنى دوراپ ئايپالتا كۆتۈرۈپ، بۇ يەردە خەقنىڭ يۈك - تاقلىرىنى بۇلاپ يۈرگىنىنى قارا! ئەمدى مېنىڭ پالتامنىڭ تەمىنى تېتىپ باق ئوغرى، — دېدى لى كۇي ۋە شۇئان ئۇنىڭ قولىدىن بىر ئايپالتىنى تارتىۋېلىپ چاپماقچى بولدى. لى گۇي ئالاقزادە بولۇپ:

— غوجا ئاكا، مېنى ئۆلتۈرسىلە ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ! — دېدى يىغلىنىپ.

— نېمىشقا سېنى ئۆلتۈرسەم ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك



www.uyghurkitap.com

بولىمەن؟ ــ دەپ سورىدى لى كوي ئۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەررۇ توختاپ.

ــ ئەسلىي مەن يول توسۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم، ئۆيدە توقسان نەچچە ياشقا كىرگەن قېرى ئانام بار، ئۇنىڭغا قارايدىغان ئادەم يوق، شۇڭا مەن غوجا ئاكامنىڭ مۇبارەك نامىنى سېتىپ ئادەملەرنى قورقۇتۇش ئارقىلىق يالغۇزەكلەرنىڭ بوغجۇمىلىرىنى بۇلاپ، ئانامنى بېقىپ كەلدىم. راستىنى ئېيتسام، بىر ئادەمگىمۇ زىيانكەشلىك قىلمىدىم. ئەگەر مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولسىلا، ئۆيدىكى قېرى ئانام ئاچ قېلىپ ئۆلىدۇ، ــ دېدى.

لى كوي ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خوردا بولۇپ كەتكەن جاللات بولسىمۇ، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىدە: «مەن ئاتايىن ئانامنى ئېلىپ كەلگىلى كېتىۋاتىمەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئانىسىنى بېقىۋاتقان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم تەڭرىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ، بەس، بەس! بۇ هارامتاماقنى كەچۈرەي!» دەپ ئويلاپ، ئۇنى قويۇپ بەردى. لى كوي ئايپالتىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، باش قويۇپ سەجدە قىلدى.

ــ مانا مەنلا چىن قارا قۇيۇن لى كوي بولىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ نامىمنى بۇلغىغۇچى بولما، ــ دېدى لى كوي.

ــ بۈگۈن قايتىدىن دۇنياغا كەلدىم، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن كەسپىمنى ئۆزگەرتىمەن. ھەرگىز غوجا ئاكامنىڭ نامىنى بۇلغىمايمەن، يول توسۇپ قاراقچىلىق قىلمايمەن، ــ دېدى لى گوي.

ــ سەن ئاناڭغا ۋاپادار ئىكەنسەن، مەن ساڭا ئون سەر كۈمۈش بېرەي، سەن ئۇنى دەسمايە قىلىپ، باشقا ئوقەت قىل، ــ دېدى لى كوي ۋە بىر كاللەك كۈمۈشنى چىقىرىپ لى گويغا بەرگەندىن كېيىن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

لى كوي ئۆزىچە كۈلۈپ كېتىپ: «بۇ ھارامزادىنىڭ مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالغىنىنى قاراڭلار. ئەگەر ئۇ ئانىسىغا راستىلا ۋاپادار بولسا، چوقۇم باشقا ئوقەت قىلىدۇ. ئەگەر مەن ئۇنى

ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسام، تەڭرىمۇ راۋا كۆرمەيدىكەن» دېدى ـ دە، كۆتمەك قىلىچىنى ئېلىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تاغدىكى چىغىر يول بىلەن مېڭىپ كەتتى.

uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

## نەزم

بار ئانام ئۆيدە قاراشلىق دېدى لى گوي لاپ ئېتىپ،
قىلدى نابۇت ئانىسىنى يولدا لى كوي ئەپ مېڭىپ.
چىقسا ئالەمدە ساداقەتلىك، ۋاپادارلىق سۆزى ــ
ھەر ماكاندا بولدى مەقبۇل، كەتتى زەپ قەدىرلىنىپ.

ئاش ۋاقتى بولدى، لى كوينىڭ قورسىقى ئاچتى، ئۇسساپمۇ كەتتى، ھەممە ياقتا كىچىك تاغ چىغىر يوللىرى سوزۇلغان بولۇپ، بىرمۇ ئاشخانا ياكى مەيخانا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ، يىراقتىكى بىر تاغ باغرىدا ئىككى كەپە تۇرغانلىقىنى كۆردى. لى كوي دەرھال شۇ ياققا قاراپ ماڭدى، كەپىنىڭ ئارقىسىدىن چېكىسىگە بىر تال ياۋا گۈل قىسىۋالغان، يۈزلىرىگە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈپ، سۇرمە تارتىۋالغان بىر خوتۇن چىقىۋاتاتتى. لى كوي كۆتمەك قىلىچىنى قويۇپ:

ــ يەڭگە، مەن بىر يولۇچى ئىدىم، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، ئاشخانا، مەيخانىمۇ تاپالمىدىم، سىزگە بىر تىزىق يارماق بېرەي، ماڭا ئازراق مەي، تاماق تېپىپ بەرسىڭىز، ــ دېدى.

ــ مەي دېسىڭىز بۇ يەردە مەي ساتىدىغان يەر يوق، تاماق دېسىڭىز مەن ئېتىپ بېرەي، ــ دېدى ھېلىقى خوتۇن لى كوينىڭ ئەپتىگە قاراپ ياق دېيەلمەي.

ــ بولىدۇ، لېكىن كۆپرەك ئېتىڭ، قورسىقىم ئېچىپ پېژىلداپ كەتتى، ــ دېدى لى كوي.

ــ بىر شىڭ گۈرۈچتە ئەتسەم بولامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى خوتۇن.

— ئۈچ شىڭ گۈرۈچتە ئېتىمىز، — دېدى لى كۈي.

بۇ خوتۇن ئوچاققا ئوت يېقىپ قويۇپ، ئېرىقتا گۈرۈچنى يۇيۇپ تاماق ئېتىشكە كىرىشتى.

لى كۈي تەرەت قىلماقچى بولۇپ، كەپىنىڭ ئارقىسىدىكى خادا تاشنىڭ يېنىغا كېلىشىگە، خادا تاشنىڭ ئارقىسىدىن ئاسقاقلاپ كېلىۋاتقان بىر ئادەم كۆرۈندى، لى كۈي كەپىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ تۇردى. ھېلىقى خوتۇن تاغقا چىقىپ ئوتياش ئېلىپ چۈشمەكچى بولۇپ، ئارقا ئىشىكنى ئېچىشىغا ھېلىقى ئادەم كېلىپ قالدى، خوتۇن:

— دادىسى، پۇتىڭىزنى نەدە سۇندۇرۇۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— خوتۇن، سەن بىلەن كۆرۈشەلمىگىلى تاسلا قالدىم، مېنى نەس باسقىنىنى قارىمامسەن؟ بىرەر يالغۇزەك ئۆتۈپ قالارمىكىن دەپ كۈتكىلى يېرىم ئاي بولدى، قىلچە ئوقەت بولمىدى، بۈگۈن ئاران بالالىقتا بىرسىنى ئۇچراتقاندىم، كىم ئىكەن دېمەمسەن، دەل قارا قۇيۇن لى كۈينىڭ ئۆزى ئىكەن ئەمەسمۇ، ئەستاغپۇرۇللا، شۇ ئېشەككە يولۇقۇپ قالغىنىمنى دېمەمدىغان، مەن ئۇنىڭغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلەي! ئۇ مېنى كۆتمەك قىلمىچى بىلەن چېپىپ يىقىتىۋەتتى، ئاندىن ئۆلتۈرمەكچى بولدى. مەن: «مېنى ئۆلتۈرسىلە ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولىلا» دەپ يالغان ئېيتتىم. ئۇ مەندىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورۇشتۇردى. مەن ئۇنىڭغا: «ئۆيدە توقسان نەچچە ياشقا كىرگەن قېرى ئانام بار، ئۇنىڭغا قارايدىغان ئادەم يوق، مەن بولمىسام ئاچ قېلىپ ئۆلىدۇ» دېدىم. ئۇ دۆت ئېشەك مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىپ، مېنى كەچۈردى ھەم ماڭا دەسمايە قىلىش ئۈچۈن بىر كاللەك كۈمۈش بېرىپ باشقا ئوقەت قىلىپ ئاناڭنى باق دېدى، مەن ئۇنىڭ ئۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال ئۇ يەردىن كېتىپ، ئورمانلىقنىڭ ئىچىدىكى خالىي بىر جايدا بىر مەھەل ئۇخلاپ، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، — دېدى دارازا.

— ئاستىراق سۆزلەڭ، ئابايا بىر قارىمۇتۇق ئادەم ئۆيگە كېلىپ تاماق ئېتىپ بېرىڭ، دېگەنىدى. شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە، ئۇ ھازىر ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. سىز چىقىپ قاراپ بېقىڭ، ئەگەر شۇ بولۇپ قالسا، ئازراق بىھوش دورىسى تېپىپ كېلىڭ، كۆك ـ گېزەككە ئارىلاشتۇرۇپ يېگۈزۈپ، ئۇنى مەست قىلىپ قويۇپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتەيلى، ئاندىن ئۇنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى ئالايلى ـ دە، شەھەرگە كۆچۈپ كېتىپ تىجارەت قىلىپ جان باقايلى، ھەر نېمە بولسا يول توسۇپ قاراقچىلىق قىلغاندىن ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دېدى خوتۇن.

لى كۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ ئىچىدە: «ھۇ ياخشىلىقنى بىلمىگەن ھارامتاماق! مەن تېخى رەھىم قىلىپ، قولىغا پۇل بېرىپ قويۇپ بەرسەم، ماڭا قەست قىلماقچى بولۇۋاتقىنىنى قارا، بۇنىڭغا ھەرگىز رەھىم قىلغىلى بولمىغۇدەك» دېدى ـ دە، بىر سەكرەپلا ئارقا ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى. لى گۈي ئىشىكتىن چىقماقچى بولۇپ تۇراتتى، لى كۈي كاپ قىلىپ ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋالدى. ھېلىقى خوتۇن ئالاقزادە بولۇپ، ئالدى ئىشىكتىن چىقىپ بەدەر قاچتى. لى كۈي لى گۈينى تۇتۇۋېلىپ يەرگە ئاتتى ـ دە، يېنىدىن قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، گاچ قىلىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىۋەتتى، ئاندىن ئالدى ئىشىككە چىقىپ، ھېلىقى خوتۇننى ئىزدىدى، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەي ئۆيگە كىرىپ ئاختۇردى. ئۆيدە ئىككى دانە قومۇش سېۋەت تۇراتتى، سېۋەتنىڭ ئىچىدىكى ئەسكى كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئاستىدا ئازراق ئۇششاق كۈمۈش تەڭگە ۋە بىرنەچچە كاللەك چاچ تۇرمىسى بار ئىدى. لى كۈي بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدى، يەنە لى گۈينىڭ يېنىدىن ھېلىقى كاللەك كۈمۈشنى تېپىپ يان خالتىسىغا سالدى. قازانغا قارىسا، ھېلىقى ئۈچ شىڭ گۈرۈچتە ئەتكەن تاماق پىشىپ قاپتۇ، لېكىن تاماق بىلەن يېگىلى كۆك ـ گېزەك يوق ئىدى. لى كۈي تاماقنى ئۇسسۇپ يەپ ئولتۇرۇپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن كۈلۈپ: «ھەي ئەخمەق! شۇنداق ئوبدان گۆش ئالدىمدا

تۇرسا، يېپىشنى بىلمىگىنىمنى قارا» دېدى ۋە يان قىلىچىنى چىقىرىپ، لى گۇيىنىڭ پاقالچىقىدىن ئىككى پارچە گۆشنى كېسىۋېلىپ، يۇيۇپ تازىلاپ، ئوچاقتا ئوتۇن سېلىپ كاۋاپ قىلىپ يېدى. قورسىقى تويغاندىن كېيىن، لى گۇيىنىڭ ئۆلۈكىنى ئۆيىنىڭ ماڭدىسى①غا سۆرەپ ئەكېلىپ، ئۆيگە ئوت قويۇۋەتتى ـ دە، كۆتمەك قىلىچىنى كۆتۈرگەن ھالدا تاغ يولى بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ دۇڭدىيەندۇڭغا يېتىپ بارغاندا، كۈن پاتاي دەپ قالغانىدى. ئۇ ئۇدۇل ئۆيىگە كېلىپ، ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئۆيگە كىردى، شۇنداق كىرىشىگە، كاتتا ئولتۇرغان ئانىسىدىن: «كىرگەن قايسىڭ» دېگەن ئاۋاز چىقتى، قارىسا ئانىسىنىڭ ئىككى كۆزى قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ، ئۇ كاتتا ئولتۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇۋېتىپتۇ، لى كۈي:

— ئانا، تۆمۈر كالا بالىڭىز كەلدى، — دېدى.

— ئوغلۇم، سەن ئۆيدىن كەتكىلى ئۇزۇن بولدى، نەچچە يىلدىن بۇيان نەلەردە يۈردۇڭ؟ ئاكاڭ خەققە يالللىقچى بولۇپ ئىشلەپ، ئازغىنا يەيدىغان بىرنەرسە تېپىپ كېلىدۇ، بۇ ئاناڭنى بېقىشقىمۇ يەتمەيۋاتىدۇ، شۇڭا مەن دائىم سېنى سېغىنىدىم، كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى، ئاخىرى قارىغۇ بولۇپ قالدىم. سەن قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن بالام، — دەپ سورىدى ئانىسى. لى كۈي ئىچىدە: «ئەگەر مەن لياڭشەن كۆلىگە بېرىپ غەلىيانچى بولۇۋالدىم دەيدىغان بولسام، ئانام جەزمەن بېرىشقا ئۇنىمايدۇ. شۇڭا، مەن يالغان ئېيتاي» دەپ ئويلىدى ـ دە:

— ئانا، تۆمۈر كالا بالىڭىز ھازىر مەنسەپدار بولۇپ قالدى، شۇڭا ئەتەي سىزنى ئالغىلى كەلدىم، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا ئوبدان بوپتۇ، بىراق مېنى قانداق ئېلىپ كېتىسەن؟ — دېدى ئانىسى.

---

① پەگاھ، تاپىسا دېگەن مەنىدە.

— ئانا، سىزنى يۇدۇپ ئالدىمىزدىكى يولغا ئاچىقىۋېلىپ، ئاندىن هارۋا تېپىپ ئېلىپ كېتىمەن، — دېدى لى كۇي.

— ئاكاڭ كەلگەندە مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى، — دېدى ئانىسى.

— ساقلاپ نېمە قىلاتتۇق؟ ئىككىمىزلا كېتىۋېرەيلى، — دېدى لى كۇي. ئۇلار ماڭايلى دەپ تۇرۇشىغا، لى دا بىر قاچا تاماقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

لى كۇي ئاكىسىنى كۆرۈپ باش قويۇپ تەزىم قىلدى ۋە:

— ئاكا، كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزۇن يىللار بولدى، — دېيىشىگە لى دا:

— سەن دىتى يوق يەنە ماڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگىلى كەپسەن ـ دە، نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ — دەپ تىللاپ كەتتى.

— ئۇ هازىر مەنسەپدار بولۇپ، ئاتايىن مېنى ئالغىلى كەپتۇ، — دېدى ئانىسى.

— ئانا، ئۇنىڭ ئۇنداق جۆيلۈشلىرىگە ئىشەنمەڭ. بۇرۇن ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغاندا، مېنىڭ بوينۇمغا تاقاق چۈشتى، تارتمىغان جاپايىم قالمىدى. ئاڭلىسام ئۇ لياڭشەن كۆلىدىكى قاراقچىلار بىلەن بىر بولۇۋاپتۇ. جازا مەيدانىغا تېگىپ، جياڭجۇ ئايمىقىنى ئالتوپىلاڭ قىلىۋېتىپتىمىش. هازىر لياڭشەندە قاراقچىلىق قىلىۋېتىپتۇ. ئالدىنقى كۈنى جياڭجۇ ئايمىقىدىن ئۇنى ئەسلىي يۇرتىدىن تۇتۇپ كېلىڭلار دېگەن ئالاقە كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى تۇتماقچى بولۇشۇپتۇ. باي غوجام سوراقتا ماڭا بولۇشۇپ: «ئۇنىڭ ئۇكىسى ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا چىقىپ كەتكەن. نەگە كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمىز، ئۆيگىمۇ قايتىپ باقمىدى، ئېھتىمال ئىسمىزاتى ئوخشايدىغان بىراۋلار ئۆزىنى مۇشۇ يۇرتلۇق دەپ يۈرگەن بولسا كېرەك» دېدى ھەم پۇل تۆلەپ مېنى تاياق ـ توقماقتىن ۋە تۇتۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى. هازىر پادىشاھلىق ئۇنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە ئۈچ مىڭ تىزىق يارماق تارتۇق بېرىمىز دەپ ئېلان

چىقىرىپ قويدى. بۇ ئۆلمىگۈرنىڭ تېخى ئۆيگە كېلىپ ئېگىز ـ پەس جۈيلۈپ يۈرگىنىنى قارا، ــ دېدى لى دا.

ــ ئاكا، تولا قايىنىماي بىز بىلەن بىللە تاغقا چىقىپ ئارامخۇدا ياشىغىنىڭىز ئوبدانراقمىكىن، ــ دېدى لى كۈي.

لى دا ئاچچىقلىنىپ لى كۈينى ئۇرماقچى بولدى، لېكىن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، تاماق قاچىسىنى يەرگە تاشلىدى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

لى كۈي كۆڭلىدە: «ئۇ چوقۇم ئادەم چاقىرىپ كېلىپ، مېنى تۇتۇپ بەرگىلى كەتتى. ئەگەر كېلىپ قالسا قۇتۇلالمايمەن. شۇڭا، بالدۇرراق ماڭغىنىم تۈزۈك. ئاكام ئۇنداق چوڭ كۈمۈشنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، ئۇنىڭغا ئەللىك سەرلىك كاللەك كۈمۈشتىن بىرنى قويۇپ كېتەي. ئاكام كېلىپ ئۇنى كۆرسە چوقۇم ئارقامدىن قوغلاشمايدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، يان خالتىسىنى ئېچىپ، چوڭ بىر كاللەك كۈمۈش چىقىرىپ كاتقا قويدى ۋە:

ــ ئانا، مەن سىزنى يۈدۈپ كېتىمەن! ــ دېدى.

ــ مېنى يۈدۈپ نەگە ئاپىرىسەن بالام؟ ــ دېدى ئانىسى.

ــ بۇنى سورىمايلا مېڭىۋېرىڭ، سىزنى ئارامخۇدا ياشايدىغان يەرگە ئېلىپ بارىمەن. مەن سىزنى يۈدۈپ كېتىۋېرەي، ــ دەپ لى كۈي ئانىسىنى يۈدۈپ، كۆتمەك قىلىچىنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقتى ۋە چىغىر يوللار بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

لى دا باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى ۋە ئون نەچچە ئوتاقچىنى باشلاپ ئۆيگە ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. قارىسا ئۆيدە ئانىسى يوق ئىدى، كات ئۈستىدە بىر چوڭ كاللەك كۈمۈش تۇرۇپتۇ، لى دا بۇ كۈمۈشنى كۆرگەندىن كېيىن: «بۇ بەڭباش كالا كۈمۈشنى قويۇپ ئانامنى ئېلىپ نەگە يوشۇرۇنۇۋالدىكىن؟ چوقۇم لياڭشەندىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئادەم كەپتۇ، ئەگەر مەن بېرىپ قوغلىسام چوقۇم جېنىمدىن ئايرىلىپ قالىمەن. مېنىڭچە، ئۇ ئانامنى ئارامخۇدا ياشىسۇن دەپ يۈدۈپ تاغ

www.uyghurkitap.com

تۇراسىغا كىتىپ قاپتۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئوتاقچىلار لى كۈينىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى.

— بۇ بەڭباش كالىنىڭ ئانامنى يۇدۇپ قايسى يول بىلەن ئېلىپ كەتكەنلىكى نامەلۇم، بۇ يەردە چىغىر يول بەك تولا ۋە قالايمىقان، ئۇلارنى قانداق قوغلاپ يەتكىلى بولسۇن؟ — دېدى لى دا ئوتاقچىلارغا.

ئوتاقچىلار لى دانىڭ ئامالسىز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

لى كۈي لى دانىڭ ئادەم باشلاپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئانىسىنى يۇدۇگىنىچە ئېگىز - پەس تاغلارنىڭ ئىچىدىكى خالىي يوللار بىلەن كېتىۋەردى. كەچمۇ كىرىپ قالدى. بۇ ئەھۋال بىر نەزمىدە مۇنداق يېزىلغان:

ئىس - تۈتەك سوزۇلۇپ چىقتى ئاسمانغا،
قاپلاندى ھەيۋەتلىك تاغلار تۇمانغا.
مېھرىبان قاغىلار ياندى ئورمانغا،
قۇشقاچلار چۇرقىرىشىپ مۆكتى بىر يانغا.
سەپ تارتىپ تۇرنىلار قاتارمۇقاتار،
پەلەكتىن قومۇشلۇق ئىچرە شۇڭغۇشار؛
ئوت قۇرت پىل - پىل قىپ نۇرىنى چاچار —
دالانىڭ چىغىر يول، چۆپىن يورۇتار.
ئۇچۇرۇپ غازاڭنى كۈزنىڭ شامىلى،
ئەپ كەلدى تاغ ئارا قىرووڭ پۇرىقى.

لى كۈي ئانىسىنى يۇدۇپ چوققىنىڭ ئاستىغا كەلگەندە، كۆز باغلىنىپ كەتكەنىدى. ئانىسىنىڭ كۆزى كۆرمىگەنلىكتىن، كۈندۈز - كېچىنى بىلمەيتتى. لى كۈي بۇ چوققىنىڭ يېنىڭ

چوققىسى دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكەندىلا ئاندىن ئادەم بار جايغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، لى كۇي ئانىسىنى يۆدەپ ئاي يورۇقىدا بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ چوققىغا ئۆرلىدى.

— ئوغلۇم، ماڭا بىر يەردىن سۇ تېپىپ بەرگىن، — دېدى ئانىسى.

— ئانا، چوققىدىن ئۆتۈپ بىرسىنىڭ ئۆيىنى تاپايلى. شۇ يەردە ھاردۇق ئالغاچ تاماق ئېتىپ بېرەي، — دېدى لى كۇي.

— مەن چۈشتە قورۇق موما يېگەنىدىم، تامىقىم قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— مېنىڭ تاماقلىرىمدىنمۇ ئوت چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، سىز بىردەم چىداپ تۇرۇڭ، چوققىغا چىققاندىن كېيىن سىزگە ئىچكۈدەك سۇ تېپىپ بېرەي.

— ئوغلۇم، مېنى سۇ تەشنالىقىدىن ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان بولدۇڭ، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن.

— مەنمۇ ھېرىپ ئارانلا كېتىۋاتىمەن، — دېدى لى كۇي ۋە چوققىغا چىققاندىن كېيىن ئانىسىنى قارىغاينىڭ يېنىدىكى بىر پارچە چوڭ قورام تاشنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، كۆتمەك قىلىچىنى بىر يانغا سانجىپ قويدى ۋە ئانىسىغا:

— بىردەم تاقەت قىلىپ تۇرۇڭ ئانا، مەن سىزگە ئىچكۈدەك سۇ تېپىپ كېلەي، — دەپ تاپىلاپ قويۇپ، جىلغىدىكى سۇ شارقىراۋاتقان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇچ - تۆت تاغدىن ھالقىپ ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى جىلغىغا يېتىپ باردى. شارقىراپ ئېقىۋاتقان بۇ سۇ شۇنداق بەلەن سۇ ئىكەنكى، ئۇنىڭ بەلەنلىكىگە مۇنۇ نەزم گۇۋاھ بولغۇسى:

ئاشتى قىيا، كەزدى جىلغا جايا دېمىدى،
يىراقتىن كۆز تىكىپ تاغقا سۇنى بايقىدى.

www.uyghurkitap.com

ئېرىق ـ جىلغا قانداق توسسۇن شۇ ئۇلۇغ سۇنى،
ئاخىر قۇيۇلار دېڭىزغا چىقار دولقۇنى.

لى كۇي سۇنىڭ بويىغا كېلىپ، ئوچۇملاپ ئېلىپ بىرنەچچە يۇتۇم سۇ ئىچتى ۋە: «سۇنى ئانامغا قانداق ئېلىپ بارارمەن» دەپ ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇيان ـ بۇيانغا قاراپ، يىراقتىكى تاغ چوققىسىدا تۇرغان بىر بۇتخانىنى كۆرۈپ: «ھەببەللى !» دېدى ـ دە، ئوت ـ چۆپ ۋە دەرەخ يىلتىزلىرىغا يامىشىپ ـ ئېسىلىپ بۇتخانىغا چىقىپ، ئىشىكنى ئېچىپ قارىدى. قارىسا سىجۇنىڭ بۇرھانى بۇزرۇكۋار بۇتخانىسى ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا تاشتىن ياسالغان ئىسىرىقدان تۇراتتى. لى كۇي ئۇنى ئالماقچى بولۇپ كۆتۈردى. ئەسلىدە ئۇ پايە①سى بىلەن بىرتۇتاش بولغاچقا قىمىرلىتالمىدى. لى كۇينىڭ راسا ئاچچىقى كەلدى ـ دە، ئۇنى ئاستىدىكى پايىسى بىلەن بىللە يۇلۇۋېلىپ، ئىشىك ئالدىدىكى تاش پەلەمپەيگە ئۇرۇپ سۇندۇرۇپ، ئىسىرىقداننى ئاجرىتىۋالدى، ئاندىن سۇ بويىغا ئاپىرىپ سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئوت ـ چۆپلەر بىلەن ئۇنى سۇرتۇپ راسا ئوبدان يۇدى. ئۇنىڭ يېرىمىغىچە سۇ قاچىلاپ، قولىدا كۆتۈرگىنىچە غالداڭلاپ چوققىغا چىقتى.

لى كۇي قارىغايىنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىدى. قارىسا ئانىسى كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ھېلىقى سانجىپ قويغان كۆتمەك قىلىچىلا جايىدا تۇرۇپتۇ. لى كۇي ئۇيان ـ بۇيان قاراپ ئانىسىنى چاقىردى، ئۇن ـ تىن يوق، نەچچە قېتىم چاقىرسىمۇ ھېچقانداق سادا چىقمىدى، لى كۇينىڭ يۇرىكى «جىغ !» قىلىپ قالدى ـ دە، ئىسىرىقداننى تاشلاپ، ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ تۆت ئەتراپقا نەزەر سېلىپ قارىدى، ئانىسى يەنىلا كۆرۈنمەيتتى، ئۇ ئانىسىنى ئىزدەپ ماڭدى، ئوتتۇز نەچچە قەدەم ماڭمايلا، ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىدە بىر پارچە قاننى كۆرۈپ قالدى. ئۇ تېخىمۇ ئالاقزادە

① پايە ـــ ياغاچ ياكى ساپالدىن ياسالغان چىراغ قويىدىغان جاھاز.

بولۇپ، شۇ قاننى بويلاپ مېڭىۋەردى. ئىزدە ـ ئىزدە بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قارىسا، ئىككى ئۆنۈك① بىر تال ئادەم پاچىقىنى يەۋېتىپتۇ.

### نەزم

تىرىدى ساختىا قارا قۇيۇن بۇ يەردە مىڭ ئويۇن،
ئۆز ـ ئۆزىنى ئالدىدى ئۇ بولدى نابۇت شۇل ئۇچۇن،
كىم بىلەتتى ئانىنىڭ پۇتىغىمۇ يەتتى قازا،
ئاچ ئارسلان ھەم ئادەمخورلار ئىچىز تەگدى بۇگۇن.

لى كۈي ئىچىدە: «مەن لياڭشەندىن ئاتايىتەن ئانامنى ئېلىپ كېتىش ئۇچۇن كېلىپ، ئانام بىچارىنى مىڭبىر جاپالار بىلەن بۇ يەرگە يۇدۇپ كەلسەم، سەنلەر يەپ كېتىپسىلەر ـ دە! سەن بويىنى ئۇزۇلگۇر ئۆنۈكلەر يەۋاتقان بۇ ئادەم پاچىقى ئانامنىڭ پاچىقى بولماي كىمنىڭ بولاتتى!» دەپ ئويلىدى ـ دە، غەزىپى يۇز گەز ئۆرلەپ، سېرىق ساقاللىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆتمەك قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە ھېلىقى ئۆنۈكلەرگە قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى. ئۆنۈكلەر قورققىنىدىن گاڭگىراپ قېلىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە لى كۈيغا قاراپ ئېتىلدى. لى كۈي چاققانلىق بىلەن گاچ قىلىپ ئۇلارنىڭ بىرسىنى چېپىۋەتتى، يەنە بىرسى ئۆڭكۈرگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. لى كۈي ئۆڭكۈرگە قوغلاپ كىرىپ ئۇنىمۇ چېپىپ تاشلىدى. ئۇ يولۋاسنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋېلىپ، سىرتقا كۆز تىكىپ تۇردى، شۇ ئەسنادا سىرتتىن چىشى يولۋاس ئۇۋىسىغا قاراپ خىرىس قىلىپ كەلدى. لى كۈي: «ھە، ئانامنى يېگەن سەن ھايۋان ئىكەنسەن ـ دە» دەپ كۆتمەك قىلىچىنى قويۇپ، يېنىدىن يان

① ئۆنۈك ــ يولۋاس كۈچۈكى.

www.uyghurkitap.com

قىلىچىنى ئالدى. چىشى يولۋاس ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا كېلىپ، ئالدى بىلەن قۇيرۇقىنى بىر شىپپاڭلىتىپ، ئاندىن ئارقىچىلاپ ئۆۋىسىغا كىردى، يولۋاسنىڭ ئارقا يېرىمى كىرىپ بولغۇچە، لى كۈي تازا زەن قويۇپ، قىلىچىنى يولۋاسنىڭ قوڭىغا ئۇدۇللاپ تۇردى ۋە يېقىن كېلىشىگىلا پارت قىلىپ تىقىۋەتتى. لى كۈي قىلىچىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تىققانلىقتىن، قىلىچ دەستىسىمۇ ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتتى. يولۋاس قاتتىق بىر ھۆركىرەپ، قىلىچ بىلەنلا جىلغا تەرەپكە چېپىپ چىقىپ كەتتى، لى كۈيمۇ كۆتمەك قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئۆڭكۈردىن قوغلاپ چىقتى. يولۋاس ئاغرىققا چىدىماي سەكرىگىنىچە قىيادىن چۈشۈپ كەتتى، لى كۈي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، قارىغايلىقتىن گۈلدۈرلەپ بوران چىققاندەك بولدى - دە، سارغىيىشقا باشلىغان غازاڭلار يامغۇردەك تۆكۈلدى. بۇرۇنقىلار: «بۇلۇتتىن ئەجدىھا ئۇنىدۇ، بوراندىن يولۋاس» دېگەن. ئەنە شۇ بوران كۆتۈرۈلگەن جايدىن بىردىنلا بېشى قازاندەك كېلىدىغان ئاق قاشقىلىق يولۋاس ئايىنىڭ يورۇقىدا ھۆركىرىگەن پېتى ئېتىلىپ چىقىپ، لى كۈيغا قاراپ تاشلاندى. لى كۈي ھودۇقماي - تەمتىرىمەي، تازا كۈچەپ كېلىۋاتقان يولۋاسنىڭ بوغۇزىغا قارىتىپ قىلىچ ئۇردى. ھېلىقى يولۋاس ئىككىنچى ئېتىلىپ كېلەلمىدى. بىرىنچىدىن ئاغرىققا چىدىماي. ئىككىنچىدىن بوغۇزى يىرتىلدى بولغاي. بەش - ئالتە قەدەم نېرىغا بارماي، خۇددى تاغ ئۆرۈلگەندەك يىقىلىپ، قىيا بويىدا جان بەردى.

لى كۈي بىر سائەتتىلا ئانا - بالا تۆت يولۋاسنى ئۆلتۈردى. ئۇ يەنە يولۋاس بار بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئۆڭكۈرگە كىرىپ، قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ھەممە يەرگە يەنە بىر قېتىم قاراپ چىقتى. يولۋاستىن ئىزمۇ قالمىغانىدى. لى كۈي ھېرىپ كەتكەچكە، بۇرھانى بۇزرۇكۋار بۇتخانىسىغا كىرىپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە كېلىپ، ئانىسىنىڭ ئىككى پۇتىنى ۋە قالدى -

قاتتىق سوغۇقتا ياغاچلار يېرىلىپ كەتكۈدەك سوغۇق بولۇپ كەتتى. يوپۇرماقلىرى ئاللىقاچان تۆكۈلگەن دەرەخلەر كۆزگە ئۇرۇلۇپ تۇرسىمۇ، قوراملار ئېلىپ ئۇلارغا قاپلاشقان ئىدى. بۇنىڭ گۇۋاھچىسى تۆۋەندىكى نەزمىدۇر:

يىلنىڭ چوققىدا غەربتىن، شامال چىقتى كۈز بولدى،
ئەركەك ـ چىشى يولۋاسلار، ئېدىرلارغا لىق تولدى.
قىرى ئانىسىنى بوغۇپ، يولۋاسلار يۇتۇپ بولغاچ،
پالۋاننىڭ كۆزىدىن تاراملاپ قان ـ ياش ئاقتى.
ئۇ ئېتىلدى كۈچ بىلەن يولۋاسلار ئۇۋىسىغا،
قىساس ئالدى ئۆلتۈرۈپ، تۆت يولۋاسنى راست چاپتى.
ئانىسىنى دەپنەتتى بۇتخانىنىڭ كەينىگە،
تۆمۈر كالا دېگەن نام، مەڭگۈ قېلىپ تارقالدى.

لى كۈينىڭ قورساقلىرى ئېچىپ، تاماقلىرى قۇرۇپ كەتتى. ئۇ يۇك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كۆتمەك قىلىچىنى ئېلىپ، بىر بىسىپ، ئىككى بېسىپ چوققىدىن پەسكە قاراپ ماڭدى. بىردىنلا نەيزە، يالىرىنى تەڭلەپ تۇرغان يەتتە ـ سەككىز ئوۋچىنى كۆرۈپ قالدى. ئوۋچىلار لى كۈينىڭ ئۇستىبېشى قانغا مىلەنگەن ھالدا چوققىدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى ۋە:

ـــ ھەي يولۇچى مېھمان، سىز تاغ مۇئەككىلى، يەر ئىلاھى ئوخشىمامسىز؟ ئۆزىڭىز يالغۇز چوققىدىن ئۆتۇشكە قانداق پېتىندىڭىز؟ ـــ دەپ سوراشتى.

لى كۈي ئۇلارنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە: «ھازىر يىشۇي ناھىيەسى مېنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە ئۈچ مىڭ تىزىق يارماق تارتۇق بېرىمىز، دەپ ئېلان چىقارغان تۇرسا، ئۇلارغا قانداقمۇ راست گەپ قىلغىلى بولسۇن، يالغان ئېيتىپ قۇتۇلمايمۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە:

— مەن بىر يولۋچى ئىدىم، تۈنۈگۈن ئانام بىلەن چوققىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئانام ئۇسساپ كېتىپ سۇ دېدى. مەن چوققىدىن سۇ ئالغىلى تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتسەم، يولۋاسلار ئانامنى يەپ كېتىپتۇ. مەن يولۋاسلارنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىپ ئاۋۋال ئىككى ئۆنۈكنى ئۆلتۈردۈم، كېيىن ئىككى چوڭ يولۋاسنى ئۆلتۈردۈم ۋە بۇرهانى بۇزرۇكۋار بۇتخانىسىغا كىرىپ ئۇخلاپ ئەمدى چۈشۈپ كېلىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— سىز يالغۇز بىر ئادەمنىڭ تۆت يولۋاسنى ئۆلتۈرگىنىگە قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن؟ — دېدى ئۇۋچىلار تەڭلا چۇرقىرىشىپ، — لى سۇنشياۋ بىلەن زى لۇدەك پالۋانلارنىڭمۇ ئاران بىر يولۋاسقىلا كۈچى يېتەتتى. ئىككى ئۆنۈكنىڭغۇ كارايىتى چاغلىق، بىراق ئىككى چوڭ يولۋاسنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. بىز بۇ ئىككى مەخلۇقنىڭ دەستىدىن قانچىلىك تاياق يېدۇقكىنتاڭ. يىلىڭ چوققىسىدا بۇ بىر ئۇۋا يولۋاس پەيدا بولۇپ قالغىلى تۆت ـ بەش ئاي بولۇپ قالدى. ھېچكىم بۇ يەردىن مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. بىزنى ئالداۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ ياق ئىشەنمەيمىز.

— مەن بۇ يەرلىك بولمىسام، سىلەرنى ئالداپ نېمە قىلاتتىم؟ ئىشەنمىسەڭلار مەن بىلەن چوققىغا چىقىڭلار، يولۋاسلارنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىپ بېرەي، ئادەم چىقىرىپ ئەكىلىۋېلىڭلار، — دېدى لى كۈي.

— راستتىن بار بولسا ناھايىتى ياخشى گەپ، بىز سىزنى ئوبدان تارتۇقلايمىز، — دېيىشتى ئۇۋچىلار.

ئۇۋچىلار بىرلا ئىسقىرتىۋىدى، شۇئان قىرىق ـ ئەللىكچە ئادەم توپلاندى، ئۇلار ئىلمەك ئوقۇرۇق ۋە نەيزە، كالتەكلىرىنى ئېلىپ لى كۈينىڭ ئارقىسىدىن يەنە چوققىغا قاراپ ماڭدى، تاڭ خېلى يورۇغان بىر چاغدا تاغ تۆپىسىگە يېتىپ چىقىشتى ۋە يىراقتىنلا ئىككى ئۆنۈكنىڭ بىرسى ئۇۋىنىڭ ئىچىدە، بىرسى ئۇۋىنىڭ سىرتىدا ئۆلۈك ياتقانلىقىنى، چىشى يولۋاسنىڭ قىيا

بويىدا، ئەركەك يولۋاسنىڭ بۇرھانى بۇزرۇكۋار بۇتخانىسى ئالدىدا ئۆلۈك ياتقانلىقىنى كۆردى. ئوۋچىلار تۆت يولۋاسنىڭ ئۆلۈك ياتقانلىقىنى كۆرۈپ شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتىكى، ئۇلارنى باغلاپ، تېڭىپ چوقىدىن كۆتۈرۈپ چۈشتى ۋە لى كۈينى ئۆزلىرى بىلەن بىللە بېرىپ تارتۇق ئېلىشقا تەكلىپ قىلىشتى. ئۇلار كېلىپ مەھەللە ئاقساقاللىرىغا خەۋەر قىلىشتى. مەھەللە ئاقساقاللىرى ئوۋچىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى، ئوۋچىلار يولۋاسلارنى ساۋ غوجىنىڭ جاڭزىسىغا كۆتۈرۈپ ئەكىرىشتى. بۇ كىشى ئەسلىدە بىكار تەلەپ بىر ئەمەلدار بولۇپ، ساپلا يېزىلىقلارنى بوزەك قىلاتتى. يېقىندىن بۇيان ئانچە - مۇنچە مال - مۈلۈكلەرگە ئېگە بولۇپ بېيىپ قالغانلىقتىن، ھە دېسىلا كىشىلەرگە يامانلىق ساناپ يۈرىدىغان بولۇۋالغانىدى. مانا مۇشۇ ساۋ غوجا ھازىر ئۇلارنى ئۆزى كۈتۈۋالدى ۋە لى كۈينى دالانغا باشلاپ كىردى. لى كۈي ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يولۋاسنى قانداق ۋە نېمە ۋەجىدىن ئۆلتۈرگەنلىكىنى سورىدى. لى كۈي ئانىسىنى يۇدۇپ چوققىغا چىققانلىقىنى، ئانىسىنىڭ سۇ ئىچمەكچى بولغانلىقىنى، شۇ ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ يولۋاسلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. ھەممىسى ھەيران قېلىشتى. ساۋ غوجا ئات - ئۇرۇقى ۋە لەقىمىنى سورىدى.

— يېقىرجاڭ ئۇرۇقىدىن بولىمەن، ئېتىم يوق، كىشىلەر مېنى قاپ يۈرەك جاڭ دەپلا ئاتىشىدۇ، — دېدى لى كۈي.

ئەل خالايىق ساختا لى كۈي بار دەيدۇ،
ساختا لى كۈي ئەزەلدىن بولغان ئەمەس.
ئۇ جاڭ سەن تۇرسا نېچۈك بولغاي لىسى،
كىم ھەقىقەت، ئايرىلار كىم ساختىپەز.

— راستلا قاپ يۈرەك پالۋان ئىكەنسىز، بۇنداق يۈرەكلىك بولمىغاندا تۆت يولۋاسنى قانداق ئۆلتۈرگىلى بولسۇن! — دېدى

ساۋ غوجا ۋە داستىخان راسلىتىپ ئۇنى مېھمان قىلدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى مەھەللىدىكىلەردىن ئاڭلاڭ. مەھەللىدىكىلەر يىلنىڭ چوققىسىدىكى تۆت يولۋاسنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ۋە ساۋ غوجىنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى ئۇقتى. بۇ پاراڭ پۈتۈن مەھەللە ۋە كوچا ـ كويلارغا پۇر كەتتى. ئالدى ـ ئارقا مەھەللىدىكىلەر، چەت ـ ياقىدىكى تاغلىقلار، چوڭ ـ كىچىكلەر، ئەر ـ ئاياللار توپ ـ توپ بولۇشۇپ يولۋاسنى كۆرگىلى كېلىشتى، بۇ چاغدا ساۋ غوجا يولۋاس ئۆلتۈرگەن بۇ پالۋان بىلەن مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ مەي ئىچىۋاتاتتى، كەلگۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا لى گۈينىڭ خوتۇنىمۇ بار ئىدى، ئۇ ئالدى مەھەللىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ بېرىۋالغانىدى، ھازىر ئۇ كۆپچىلىك بىللە يولۋاس كۆرگىلى كەلگەنىدى. ئۇ لى كۈينى تونۇۋېلىپ، ئالمان ـ تالمان ئۆيىگە يېنىپ كەلدى ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا:

— ھېلىقى يولۋاسنى ئۆلتۈرگەن قارىمۇتۇق پالۋان مېنىڭ ئېرىمنى ئۆلتۈرۈپ ئۆيۈمگە ئوت قويغان ئادەم شۇ، لياڭشەندىكى قارا قۇيۇن لى كۇي دېگەننىڭ نەق ئۆزى، — دەپ چۈشەندۈردى.

ئاتا ـ ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ دەرھال مەھەللە ئاقساقىلىغا مەلۇم قىلدى، ئۇ بۇنى ئاڭلاپ:

— ئەگەر ئۇ راستلا قارا قۇيۇن بولسا، چوققىنىڭ كەينىدىكى بەيجاڭ كەنتىدە ئادەم ئۆلتۈرگەن لى كۈي شۇ ئىكەن، ئۇ جاھانكەچتى بولۇپ قېچىپ يۈرۈپ، يەنە چاتاق چىقارغانلىقتىن، ئۆز يۇرتىدىن ئۇنى تۇتۇپ قولغا ئېلىش ھەققىدە پەرمان چىقىرىلغانىدى. ھازىر پادىشاھلىق ئۇنى تۇتقانلارغا ئۈچ مىڭ تىزىق يارماق تارتۇق بېرىمىز دەۋاتقان تۇرسا، بۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ يۈرگىنىنى قاراڭلار، — دېدى ۋە كېڭىشىپ كۆرۈش ئۈچۈن ساۋ غوجىنى چاقىرىپ كېلىشكە يوشۇرۇنچە بىر ئادەم ئەۋەتتى. ساۋ غوجا ئېگىنىمنى يۆتكىۋالاي دېگەننى باھانە

قىلىپ، ئالدىراش ـ تېنەش مەھەللە ئاقساقىلىنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە يولۋاسنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى پالۋاننىڭ چوقۇمنىڭ كەينىدىكى بەيجاڭ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق قارا قويۇن لى كۈي ئىكەنلىكىنى، ھازىر پادىشاھلىقنىڭ ئۇنى تۇتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقتى.

— سىلەر بۇنى ئېنىق ئۇقۇشۇپ بېقىڭلار، ئەگەر راست قارا قويۇن بولماي قالسا چاتاق چىقىرىپ قويىمىز، راست ئۆزى بولۇپ قالسا بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشمۇ تەس ئەمەس. راست ئۆزى بولماي قالسا چاتاق بولىدۇ، — دېدى ساۋ غوجا.

— ئۇنى لى گۈينىڭ خوتۇنى تونۇيدىكەن. ئۇ لى گۈينىڭ ئۆيىدە تاماق ئەتكۈزۈپ يەپ، لى گۈينى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن، — دېدى ئاقساقال.

— ئۇنداق بولسا، بىز ئۇنى ھە دەپ مەي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن: «يولۋاسنى ئۆلتۈرگىنىڭىز ئۇچۇن، تارتۇقنى يامۇلغا بېرىپ ئالامسىز ياكى مۇشۇ كەنتتىلا ئېلىۋېرەمسىز؟» دەپ سوراپ باقايلى، ئەگەر ئۇ ناھىيەگە بېرىپ ئېلىشقا ئۇنىمىسا، ئۇ قارا قويۇن لى كۈينىڭ ئۆزى، بىز ئۇنىڭغا نۆۋەت بىلەن قەدەھ تۇتۇپ، مەست قىلغاندىن كېيىن باغلاپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلەيلى ـ دە، ئامبالغا خەۋەر قىلايلى، ئامبال يۇزبېشىلىرىنى ئەۋەتىپ ئېلىپ كەتسۇن. بۇنىڭدىن ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ، — دېدى ساۋ غوجا. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

«ئۆتۈپ كەتكەي قىچا يىڭنە كۆزىدىنمۇ» دېگەن گەپتەك،
يولۇڭ ھەرقانچە تار بولسۇن، مۇخالىپ ئۇچرىشار جىندەك.
ۋەلەيكىن تارقىماس ھېچ چاغ، توزۇپ ئەرۋايى لى كۈينىڭ،
قويۇننىڭ ھەيۋىسى چۈشمەس، پەقەتلا زەررىچە قىلدەك.
ئۇنى تارتۇقلىغاي يولۋاس سوقار تۆھپىسىگە يامۇل،
ئۇ چۈشمەس پادىشاھلىق ئالدىغا قاتىل تۇتۇلغاندەك.

كۆرەيلى ياچىۋەك ھەمدە سىرىق قۇشقاچ نىمە قىلغاي،
تۇتۇلدى دەپ ئۇنى مەغرۇر بولۇشماڭ ئەي خالايىق بەك.

— شۇنداق قىلايلى، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— ئاقساقال كۆپچىلىك بىلەن كېڭىشىپ ئىشنى شۇنداق بېكىتتى. ساۋ غوجا ئۆيىگە كېلىپ، لى كۇينى ئۆيىدە بىر مەھەل تۇرۇشقا كۆندۈردى، يەنە بىر ياقتىن مېھمان قىلىپ:

— توغرا كېلىپ قالغىنى ئۈچۈن بىر گەپ قىلاي، ئەيىبكە بۇيرۇمغايسىز، ئۆشىنىڭىزدىكى بوغجۇمىڭىزنى تاشلاپ، قىلىچىڭىزنى قويۇپ، بەھۇزۇر ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

— بولىدۇ، بولىدۇ! مېنىڭ يان قىلىچىم چىشى يولۋاسنىڭ قورسىقىدا قالدى، يېنىمدا پەقەت قىپىلا بار، يولۋاسنى سويغاندا يان قىلىچىمنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلار، — دېدى لى كۇي.

— پالۋانىم، خاتىرجەم بولۇڭ، مەندە ياخشى قىلىچ دېگەن كۆپ، پالۋانغا بىرىنى تۇتاي، ئىسسىۋېلىڭ، — دېدى ساۋ غوجا.

لى كۇي يان قىلىچىنىڭ قىپىنى، خەنجىرى، يان خالتا ۋە بوغجۇملىرىنى ئوتاقچىلارغا ساقلاپ قويۇشقا بەردى، كۆتمەك قىلىچىنى بولسا تامغا يۆلەپ قويدى، ساۋ غوجا چوڭ تاۋاقلاردا گۆش ۋە يوغان خۇمىلاردا مەي ئەكېلىشنى بۇيرۇدى، يۇرت كاتتىلىرى، مەھەللە ئاقساقلى ۋە ئوۋچىلار نۆۋەت بىلەن چوڭ جام ۋە قەدەھلەردە لى كۇيغا مەي تۇتتۇەردى. ساۋ غوجا يەنە:

— پالۋىنىم، بۇ يولۋاسلارنى يامۇلغا ئېلىپ بېرىپ تارتۇق ئالامسىز ياكى مۇشۇ يەردىلا پۇل بەرسەك بولىۋېرەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بىر يولۇچى، ئىشىم ئالدىراش. بۇ يولۋاسلارنى توساتتىنلا ئۆلتۈرۈپ قويدۇم. شۇڭا، يامۇلغا بېرىپ تارتۇق تەلەپ قىلىشنىڭ كېرىكى يوق. ئەگەر بولسا، مۇشۇ يەردىلا ئازراق پۇل بەرسەڭلار بولىدۇ، بولمىسا كېتىۋەرسەممۇ بولىدۇ، — دېدى لى كۇي.

— يوقسۇ، سىزدەك پالۋانغىمۇ ئۇنداق قىلغىلى بولامدىكەن؟ بىر ئازدىن كېيىن يېزىدىن پۇل يىغىپ بېرەيلى، بۇ يولۋاسلارنى يامۇلغا مەن ئۆزۈم ئېلىپ باراي، — دېدى ساۋ غوجا.

— ماڭا بىر يەكتەك بېرىپ تۇرساڭلار، — دېدى لى كۇي.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى ساۋ غوجا ۋە شۇئان سىپتا توقۇلغان كۆك يەكتەكتىن بىرنى ئاچىقىپ، لى كۇينىڭ ئۇچىسىدىكى قان بولۇپ كەتكەن چاپىنىغا يەڭگۈشلەپ قويىدى. شۇ ئاندا ئىشىك ئالدىدا ناغرا - سۇناي، بۇرغا - دۇمباق ئاۋازلىرى ياڭرىدى، ھەممە كېلىپ قەدەھ تۇتۇپ، لى كۇينى قۇتلۇقلىدى. لى كۇي بۇنىڭ ئۆزىگە قورۇلغان تۇزاق ئىكەنلىكىنى سەزمەستىن، نە ئىسسىق، نە سوغۇق دېمەستىن، گۈپپۈلدىتىپ ئىچىۋېرىپ، سۇك جياڭنىڭ تاپىلىغانلىرىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدى. ئالاھازەل ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ قاتتىق مەست بولۇپ، پۇت دەسسەپ تۇرالماي قالدى. كۆپچىلىك ئۇنى دالاندىكى بىر بوش ئۆيگە يۆلەپ ئەكىرىپ ئورۇندۇققا يېقىتتى - دە، ئىككى تال ئارغامچا بىلەن ئورۇندۇققا تاڭدى، ئاندىن كېيىن ئاقساقالنىڭ ئادەملىرىنى ئۇچقاندەك يامۇلغا بېرىپ خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى. لى گۈينىڭ خوتۇنىنىڭ قولىغا بىر پارچە ئەرز خەت تۇتقۇزۇپ، دەۋاگەر قىلىپ ئېلىپ ماڭدى.

بۇ ئىش يېشۇي ناھىيەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى، ئامبال بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە دەرھال دىۋانغا چىقىپ:

— قارا قۇيۇن قېنى، ئۇ قەيەردە؟ بۇ بولسا بىر يۇرت بۇزدى، ئۇنى ھەرگىز قاچۇرۇپ قويماڭلار، — دەپ تاپىلىدى.

— ھازىر ئۇنى تۇتۇپ مەھەللىمىزدىكى ساۋ غوجامنىڭ ھويلىسىغا باغلاپ قويدۇق، — دېدى ئوۋچىلار، — ئۇنىڭغا ھېچقايسىمىز تەڭ كېلەلمەيدىكەنمىز، قاچۇرۇپ قويمايلى دەپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتىن قورقتۇق.

ئامبال دەرھال يۈزبېشىنى چاقىردى. شۇ ئان بىر يۈزبېشى

چىقىپ سالام بەردى. ئۇنى بىلمەكچى بولسىڭىز تۆۋەندىكى نەزمىدىن كۆرۈڭ:

يۈزى كەڭ، قېشى قويۇق، سېرىق ساقال ـ بۇرۇتلىرى،
غەيرىي مىللەتتەك بەئەينى ياپيېشىل جۈپ كۆزلىرى.
يۇرتى يىشۈي ناھىيەسىدىن، «قارا كۆز يولۋاس» دېگەن،
يۈزبېشى لى يۈن ئاتالغان مۇشۇ باتۇرنىڭ ئۆزى.

ئامبال لى يۈننى دىۋانغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا:
— يىلىڭ چوققىسىنىڭ ئاستىدىكى ساۋ غوجىنىڭ ھويلىسىدا قارا قۇيۇن لى كۈي باغلاپ قويۇلۇپتۇ، سىز كۆپرەك ئادەم باشلاپ بېرىپ، ئۇنى يوشۇرۇنچە بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭ، مەھەللىدىكىلەر تۇيۇپ قېلىپ، ئۇنى قاچۇرۇۋەتمىسۇن، — دەپ تاپىلىدى.
لى يۈن بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن دىۋاندىن چىقتى ـ دە، ئىشقا پىششىق ئوتتۇز نەچچە ياساۋۇلنى تاللاپ ۋە قوراللاندۇرۇپ، يىلىڭ كەنتىگە قاراپ چاپتى.
يىشۈي ناھىيەسى كىچىك بىر جاي بولغانلىقتىن خەۋەرنى قانداقمۇ يوشۇرۇپ قالغىلى بولسۇن؟ بۇ چاغدا كوچىلاردا: «جياڭجۇ ئايمىقىنى پاراكەندە قىلغان قارا قۇيۇن قولغا چۈشۈپتۇ. بۈگۈن يۈزبېشى لى يۈن ئۇنى ئېلىپ كەلگۈدەك» دېگەن گەپلەر پۇر كەتتى. جۇ گۈي كۈنچىقىش قوۋۇق سىرتىدىكى جۇ فۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدى ـ دە، ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئۆكىسى جۇ فۇغا:
— بۇ قارىۋاي يەنىلا چاتاق چىقىرىپ قويۇپتۇ ـ دە، ئۇنى قانداق قۇتۇلدۇرساق بولار؟ سۇڭ دانىش ئۇنىڭ چاتاق چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، مېنى ئاتايىتەن كۆز ـ قۇلاق بولۇشقا ئەۋەتكەنىدى. ھازىر ئۇنى تۇتۇپ كېتىپتۇ، مەن قۇتۇلدۇرۇۋالماي تۇراغا قايتىپ بارسام، ئاغىمىزنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟

ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ــ دېدى.

ــ ئاكا، ئالاقزەدە بولماڭ. لى يۈن دېگەن يۈزبېشى قالتىس يامان نەرسە، قىرىق ـ ئەللىك ئادەممۇ ئۇنىڭغا يېقىن يولىيالمايدۇ، بىز ئاران ئىككى ئادەم تۇرساق، ئۇنىڭغا قانداق تەڭ كېلەلەيمىز؟ ئۇنى كۈچ بىلەن ئەمەس، پەم بىلەن يەڭگىلى بولىدۇ. لى يۈن ئادەتتە مېنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ھەمىشە ماڭا قورال ـ ياراغ تۇتۇشنى ئۆگىتىپ تۇراتتى. مەندىغۇ ئۇنىڭغا توغرا تۇرالايدىغان بىر ئامال بار، لېكىن ئۇنى ئىشلىتىسەك بىز بۇ يەردە تۇرالمايمىز. بۈگۈن كېچە بىز يىگىرمە ـ ئوتتۇز جىڭ گۆشنى پىشۇرۇپ چوڭ ـ چوڭ توغراپ قويايلى، ئاندىن ئون نەچچە خۇمرا مەي ئېلىپ ئىچىگە بىھوش دورىسى ئارىلاشتۇرۇۋېتەيلى. تاڭ ئاتار ۋاقتى بىلەن بىرنەچچە خىزمەتكارغا بۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرتۈپ مېڭىپ، يېرىم يولدىكى بىر خالىي جايدا ئۇلارنى ساقلاپ تۇرايلى، ئۇلار لى كۈينى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، خۇشاللىقنى تەبرىكلەپ، قەدەھ تۇتۇپ، ھەممىسىنى مەست قىلىپ تاشلىغاندىن كېيىن لى كۈينى قويۇپ بېرەيلى، شۇنداق قىلساق قانداق؟ ــ دېدى جۇ فۇ.

ــ بۇ ناھايىتى ئوبدان ئامال ئىكەن، ئۇنداق بولسا، ئىشنى كېچىكتۈرمەي راسلىنىپ، بۇرۇنراق بارايلى، ــ دېدى جۇ گۈي.

ــ بىراق، لى يۈن مەي ئىچىشنى ئۇقمايدۇ، ئۇنى مەست قىلىپ قويغان ھالەتتىمۇ تېزلا ھوشىغا كېلىپ قالىدۇ. يەنە بىر گەپ، كېيىنچە بۇ ئىشىمىز پاش بولۇپ قالسا، بۇ يەردە تۇرغىلى بولماي قالىدۇ ـ دە، ــ دېدى جۇ فۇ.

ــ ئۇكام، سەن بۇ يەردە مەيپۇرۇشلۇق قىلىپمۇ تاپقان پۇلۇڭ تايىنلىق، ئۇنىڭدىن كۆرە بالىچاقاڭنى ئېلىپ، مەن بىلەن تاغقا چىقىپ توپقا قوشۇلۇپ، پۇل دېگەننى تۇمەنلەپ خەجلەپ، كىيىم دېگەننى قوشلاپ كىيىپ، راھەت كۆرسەڭ بولمامدۇ؟ بۈگۈن كېچە ئىككى خىزمەتكارغا بىر ھارۋا تاپتۇرغىن، ئالدىدا ئۆيدىكى خوتۇن بالىچاقاڭنى ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىڭنى يولغا

سېلىۋېتەيلى، ئۇلار چازانگاھقا بېرىپ ساقلاپ تۇرسۇن، ھەممىمىز تاغقا چىقىپ كېتەيلى. مېنىڭ بوغچامدا بىر قاپ بىھوش دورىسى بار، لى يۈن مەي ئىچىشنى بىلمىسە، گۆشكە جىقراق ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى كۆپرەك يېيىشكە زورلايلى. ئۇنىمۇ مەست قىلىپ يىقىتقاندىن كېيىن لى كۇينى قۇتقۇزۇپ بىللە تاغقا چىقىپ كېتەيلى، بۇنىڭ بولمايدىغان نەرى بار؟ — دېدى جۇ گۇي.

— ئاكا، ئېيتقانلىرىڭىز يوللۇق، — دېدى جۇ فۇ ۋە دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ بىر ھارۋا تاپتۇرۇپ، تۆت - بەش بوغچا ۋە ساندۇقنى ھارۋىغا باستى، ئۆيدىكى قاتتىق - قۇرۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، خوتۇن ۋە بالىلىرىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى خىزمەتكارىغا ھارۋا بىلەن بىرىشنى تاپىلاپ يولغا سېلىۋەتتى.

جۇ گۇي، جۇ فۇلار شۇ كېچىسى گۆشنى پىشۇرۇپ، چوڭ - چوڭ قىلىپ توغراپ، دورىنى ئارىلاشتۇردى ۋە مەي بىلەن گۆشنى ئىككى ئەپكەشكە قاچىلىدى. يىگىرمە - ئوتتۇز دانە بوش قاچا ئېلىۋالدى. مەي ئىچمەيدىغانلار بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىرقانچە خىل كۆكتات - مېۋىلەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭغىمۇ دورا ئارىلاشتۇرۇپ قويدى. ئىككى ئەپكەش گۆش بىلەن مەينى بىردىن خىزمەتكارىغا كۆتۈرگۈزدى. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن مېۋە - چېۋە سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈپ، تاڭ ئاتار ۋاقىتنىڭ ئالدى - كەينىدە تاغ يولىدىكى پىنھان بىر ئېغىزغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. تاڭ يورۇغاندا يىراقتىنلا دۇمباق ۋە جاڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، جۇ گۇي يول ئېغىزىغا چىقىپ تۇردى.

ھېلىقى ئوتتۇز نەچچە ياساۋۇل كەنتتە يېرىم كېچىگىچە مەي ئىچتى - دە، تۇن نىسپىدىن ئاشقاندا، لى كۇينىڭ قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ چەمبەرچاس باغلاپ، ئالدىغا سېلىپ مېڭىشتى. يۈزبېشى لى يۈن ئاتلىق ئارقىدا ماڭدى، بۇلارنىڭ



www.uyghurkitap.com

يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن جۇ فۇ يولىنى توسۇپلا ئالدىغا چىقتى ـ دە:
ـــ ئۇستازىم، مۇبارەك بولسۇن، كەمىنە ئىنىلىرى ئۆزلىرىنى قۇتلۇقلايمەن! ـــ دەپ ۋارقىرىدى ۋە سوغىدىن بىر قاچا مەينى ئېلىپ، لى يۇنگە تۇتتى. جۇ گۇي تەخسىدە گۆش ئېلىپ كەلدى، خىزمەتكارلار مېۋە ـ چېۋە، يەل ـ يېمىشلەرنى سۇندى. لى يۇن بۇلارنى كۆرۈپ ئالدىراش ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە:
ـــ ئۇكام، مۇنچە يىراققا كېلىپ كۈتۈۋېلىشىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ـــ دېدى.
ـــ شاگىرتلىرى ساداقىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، ـــ دېدى جۇ فۇ.
لى يۇن مەينى ئېلىپ ئاغزىغا ئاپاردى ـ يۇ، لېكىن ئىچمىدى. جۇ فۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:
ـــ پېقىر ئۇستازىمنىڭ مەي ئىچمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. بۈگۈنكى بۇ خۇشاللىقتا مەينىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ ئىچىپ قويسىلا، ـــ دەپ تۇرۇۋالدى.
لى يۇن جۇ فۇنىڭ رايىنى قايتۇرالماي ئىككى ئوتلام ئوتلىدى. جۇ فۇ:
ـــ ئۇستازىم، مەي ئىچمىگەندىكىن، گۆشتىن بولسىمۇ كۆپرەك يېسىلە، ـــ دېدى.
ـــ ئاخشام جىق يەپ تويۇپ قاپتىمەن، ئەمدى يېيەلمەيمەن، ـــ دېدى لى يۇن.
ـــ ئۇستازىم، كۆپ يول ماڭدىلا، قورساقلىرىمۇ ئېچىپ قالغاندۇ، مېنى خىجىل قىلماستىن، ئاغزىلىرىغا تېتىمىسىمۇ ئانچە ـ مۇنچە يەپ قويسىلا، ـــ دەپ گۆشنىڭ ئوبدان يېرىدىن ئىككى پارچە ئېلىپ لى يۇنگە ئۇزارتتى جۇ فۇ.
لى يۇن ئۇنىڭ مۇنچە سەمىمىي مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىككى پارچە گۆشنى زورغا يېدى. جۇ فۇ مەينى قويۇپ

يۇرت كاتتىلىرى، مەھەللە ئاقساقىلى ھەم ئۇۋچىلارنىڭ ھەربىرىگە ئۈچ قەدەھتىن تۇتتى. جۇ گۇي ياساۋۇللار ۋە ئوتاقچىلارنىمۇ مەي ئىچىشكە چاقىردى. بۇ نىمىلەرنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇق، ياخشى ـ يامانلىقى بىلەن نىمە كارى بولسۇن، گۆش ۋە مەينى كۆرۈش بىلەنلا ھەممىنى يالماپ ئاغزىلىرىغا تىقىشقەردى. ھەممەيلەن شامالدەك يوپۇرۇلۇپ كىلىپ، ھەممە نەرسىنى تالاپ ـ يالماپ يىگىلى تۇردى.

لى كۇي جۇ گۇي ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننى كۆرۈپلا، ھىيلە ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى بىلدى ۋە قەستەن:

— ماڭىمۇ ئازراق بەرسەڭلارچۇ، — دىدى.

— سەن دىگەن بىر يامان ئادەم، ساڭا بىرىدىغان گۆش، مەي نىمە ئىش قىلسۇن؟ قارا بۇ قاتىلنى! يۇم ئاغزىڭنى! — دەپ ۋارقىرىدى جۇ گۇي.

لى يۇن ياساۋۇللارنى مىڭىشقا بۇيرۇدى. لىكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ماڭالماي، ئاغزىلىرىدىن شۆلگەيلىرىنى ئاققۇزۇپ، پۇتلىرى بوشاشقان ھالدا بىر ـ بىرلەپ يىقىلدى. لى يۇن: «ئالدام خالتىغا چۈشۈپتىمەن» دەپ ۋارقىراپ، ئېتىلاي دىيىشىگىلا ئۆزىنىڭمۇ پۇتلىرى بوشىشىپ، كاللىسى ئايلىنىپ لەسسىدە بولۇپ قالدى ـ دە، يەرگە يىقىلىپ ئۇخلاپ قالدى. بۇ چاغدا جۇ فۇ، جۇ گۇيلارنىڭ ھەربىرى بىردىن كۆتمەك قىلىچ ئېلىپ: «ئوغلانلىرىم، قاچماڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى ۋە قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە گۆش يىمىگەن ۋە مەي ئىچمىگەن ئوتاقچىلارنى ھەم تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنى قوغلاشقا باشلىدى. تىز قاچقانلىرى قىچىپ قۇتۇلدى. تىز ماڭالماي قالغانلىرى شۇ يەردىلا چىپىپ تاشلاندى. لى كۇي قاتتىق بىر ۋارقىراپلا ئۆزىنى باغلىغان ئارغامچىنى كۈچ بىلەن ئۈزۈپ تاشلاپ، بىر قىلىچنى ئېلىپ لى يۇننى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. جۇ فۇ ئۇنى ئالمان ـ تالمان توسۇپ:

— ئۇنىڭغا تەگمەڭ. ئۇ مىنىڭ ئۇستازىم بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ئادەمگەرچىلىكى بار ئادەم، سىز ئۆز يولىڭىزغا كېتىۋېرىڭ! — دېدى.

— ساۋ غوجا دېگەن ئېشەكنى ئۆلتۈرمىسەم قورساق كۆپۈكۈمنى قانداق چىقىرىمەن ! — دېدى لى كۇي ۋە دەرھال قوغلاپ بېرىپ، غاچ ـ غۇچ قىلىپلا ئالدى بىلەن ساۋ غوجىنى ۋە لى گۇينىڭ خوتۇنىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن كېيىن مەھەللە ئاقساقىلىنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن غەزىپى ئۆرلەپ ئوۋچىلارنى ۋە ھېلىقى ئوتتۇز نەچچە ياساۋۇلنىمۇ چېپىپ تاشلىدى. تاماشا كۆرۈۋاتقانلار ۋە قالغان ئوتاقچىلار پۇتۇن كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ يىراقتىكى كەنت ۋە سەھرالارغا قېچىپ كېتىشتى.

لى كۇي ھە دەپ ئۆلتۈرۈشكە ئادەم ئىزدەپ يۈرەتتى. جۇ گۇي ئۇنىڭغا:

— بۇ ئىش بىلەن تاماشا كۆرگۈچىلەرنىڭ ھېچبىر ئالاقىسى يوق، ھە دەپ ئۇلارغا تالاپەت يەتكۈزىۋەرمەڭ ! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە دەرھال ئۇنى توسۇۋالغاندىن كېيىنلا لى كۇي قولىنى تارتتى ۋە ياساۋۇللارنىڭ ئۇچىسىدىكى ئىككى قۇر كىيىمنى سالدۇرۇۋېلىپ كىيدى ـ دە، ئۇچەيلەن كۆتمەك قىلىچلىرىنى كۆتۈرگىنىچە چىغىر يوللار بىلەن يۈرۈپ كەتتى. جۇ فۇ: «چاتاق بولدى، مەن ئۇستازىمنىڭ جېنىغا زامىن بولغۇدەكمەن. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن قايسى يۈزى بىلەن ئامبالنىڭ ئالدىغا بارالايدۇ؟ شۇڭا ئۇ جەزمەن بىزنى قوغلاپ كېلىدۇ. سىلەر ئىككىڭلار ئالدىدا مېڭىپ تۇرۇڭلار، مەن ئۇنى ساقلاپ تۇراي، مېنىڭچە ئۇنىڭ بۇرۇن ماڭا قىلغان ياخشىلىقى ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە ئادەمگەرچىلىكىدىن بولغانىدى. ئۇ بىزنى قوغلاپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى بىز بىلەن بىرلىكتە تاغقا چىقىپ توپقا قوشۇلۇشقا دەۋەت قىلايلى. بۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىم بولۇپ قالسۇن. ئۇمۇ يامۇلغا قايتىپ ئازاب چېكىپ يۈرمىسۇن» دېدى.

— ئۇكام، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزمۇ توغرا، مەن ئالدىدىراق مېڭىپ هارۋىغا يېتىشۋالاي ! لى كۇي يول بويىدا سىزگە ياردەملىشىش ئۈچۈن تۇرۇپ تۇرسۇن. لى يۇن دېگەن بۇ نېمە بىهوش دورىسىدىن ئاز ئىچتى، بىر ئاش پىشىم ۋاقىتقا قالمايلا هوشىغا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ قوغلاپ كەلمەي قالسا، ئىككىڭلار ئۇنى يەنە ساقلاپ تۇرىۋەرمەڭلار، — دېدى جۇ گۇي.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز، — دېدى جۇ فۇ.

جۇ گۇي ئالدىدا مېڭىپ كەتتى. جۇ فۇ، لى كۇيلا يول بويىدا ئولتۇرۇپ لى يۇننى كۈتتى. دەرۋەقە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، لى يۇن بىر كۆتمەك قىلىچنى تۇتقان هالدا ئۈچقاندەك قوغلاپ كەلدى ۋە: «توختاش ئوغرىلار !» دەپ ۋارقىرىدى. لى كۇي ئۇنىڭ تولىمۇ دەهشەت بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جۇ فۇغا زەرەر يەتكۈزۈپ قويمىسۇن دەپ قىلىچنى تۇتۇپ، سەكرەپ چىقىپ، لى يۇن بىلەن ئېلىشتى. ئەييۇهەنناس، ئىشتىڭلار ئاموخاس، بۇنىڭ هەممىسى راست ! لياڭشەن كۆلىگە بىر جۈپ يولۋاس قوشۇلغۇسى. مەردلەر سارىيى ئالدىدا تۆت كىشى قۇتلۇقلانغۇسى. قارا قۇيۇن لى كۇي بىلەن كۆك كۆز يولۋاسنىڭ ئېلىشىپ قايسىسىنىڭ يېڭىلىپ، قايسىسى يەڭگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# قىرىق تۆتىنچى باب

## گۆللۈك قاپلاننىڭ چىغىر يولدا دەي زۇڭ بىلەن ئۇچراشقانلىقى قەھرلىك گۇەن سۇنىڭ ئۇزۇن يولدا شى شيۇغا دۇچ كەلگەنلىكى

ئەلقىسسە، لى كۇي شۇ ئان قىلىچىنى دەس كۆتۈرۈپ لى يۇنگە ئېتىلىپ كەلدى، ئىككىسى چوڭ يول ياقىسىدا ئالتە - يەتتە مەرتەم ئېلىشتى، بىراق ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. دەل شۇ چاغدا جۇ فۇ قىلىچىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ:

— بولدى بەس، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، — دەپ ئۇلارنى ئاجرىتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسى توختاپ قېلىشتى.

— ئەي ئۇستازىم، — دەپ سۆز ئاچتى جۇ فۇ، — كەمىنە شاگىرتلىرىغا قىلىچ، نەيزىۋازلىقنى ئۆگىتىپ كۆپ ياخشىلىق قىلدىلا، بۇ ئۇلۇغ ھىممەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق؛ شۇغىنىسى، ئاكام جۇ گۇي ھازىر لياڭشەن كۆلىنىڭ ئاتامانلىرىدىن بىرسى بولۇپ قالدى. شىپالىق يامغۇر سۇڭ دانىش ئۇنى لى كۇي ئاغامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئەۋەتكەنىكەن، ئۆزلىرى ئۇنى پادىشاھلىققا تۇتۇپ بەرسىلە، ئۇ قانداق قىلىپ سۇڭ دانىشنىڭ ئالدىغا بارالىسۇن؟ بىز شۇ ۋەجىدىن ھېلىقى چارىنى قوللانغانىدۇق. ئابايا لى كۇي ئاغام ئۆزلىرىنى جايلىۋەتمەكچى بولغاندا، پېقىر ئۇنى غاچ قىلىپ توسۇۋالدىم. پەقەت ياساۋۇللارلا ئۆلگەن بولدى. بىز مېڭىۋەرگەن بولساق بۇ چاغقىچە كۆپ يىراقلاپ كېتەتتۇق، مەن ئۆزلىرىنىڭ

قايتالمايدىغانلىقلىرىغا ۋە شۇ ۋەجىدىن بىزنى قوغلاپ كېلىدىغانلىقلىرىغا كۆزۈم يېتىپ، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ماڭا قىلغان كۆپ ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەپ، ئەتەي مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇردۇم. ئۇستازىم، ئۆزلىرى ئوقۇمۇشلۇق كىشى، بۇنىڭ چۈشەنمەيدىغان نەرى بار؟ بۇگۈن نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا قۇيۇنمۇ قېچىپ كەتتى، ئەمدى ئامبال بېگىمنىڭ ئالدىغا نېمىدەپ بارالا؟ ئەگەر بارىدىغانلا بولسىلا، جەزمەن سوئال - سوراقلارغا قالىدىلا، ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان ئادەممۇ چىقمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە بىز بىلەن بىللە سۇڭ دانىشنى پاناھ تارتىپ تاغقا چىقىپ، توپقا قوشۇلغانلىرى تۈزۈك. مۇبارەك كۆڭۈللىرى تارتامدىكىن؟

لى يۈن بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— ئەزىز ئىنىم، ئۇ كىشى مېنى قوبۇل قىلارمىكىنتاڭ، — دېدى.

— ئەي ئۇستازىم، — دېدى جۇ فۇ كۈلۈپ، — شەندۈڭلۈق شىپالىق يامغۇر دېگەن ئۇلۇغ نامنى ئاڭلىمىغانمۇ ئۆزلىرى؟ ئۇ كىشى يالاڭ دانىشمەنلەر بىلەن باتۇرلارنى ئۆز يېنىغا توپلاپ، جاھاندىكى نوچى پالۋانلارنى دوست - يار تۇتىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ھەي «ئۆيى بار تۇرۇپ تالادا قاپتۇ، ئېلى بار تۇرۇپ سەرسان بوپتۇ» دېگەن مۇشۇ - دە، ھېلىمۇ ياخشى بالىچاقامنىڭ يوقلۇقى، سوئال - سوراققا چۈشۈپ قېلىشتىنمۇ قورقمايمەن، ئەمدى بارماي ئىلاجىم نېمە، — دېدى بۇنى ئاڭلىغان لى يۈن ئېغىر ئاھ ئۇرۇپ.

— بالدۇرراق دېسىڭىزچۇ ئاغا، — دېدى لى كۈي كۈلۈپ ۋە دەرھال لى يۈن بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى، لى يۈن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولمىغاچقا، ئۆي - بىساتلىرىمۇ يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچەيلەن بىرلىكتە ئالدىدا كېتىۋاتقان ھارۋىنى قارىلاپ مېڭىپ، يېرىم يولغا بارغاندا، جۇ گۈيغا يېتىشىۋالدى. جۇ گۈي بۇلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ

كەتتى.

تۆت پالۋان ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەنتكە ماڭدى، يول بويى ھېچ ئىش بولمىدى. لىياڭشەن كۆلىگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە، ئالدىدىن ما لىن بىلەن جېڭ تيەنشۇ چىقىپ ئۇلارنى قارشى ئالدى، ھەممىسى بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن:

— ئاتامانلىرىمىز چاۋ گەي بىلەن سۇڭ جياڭ، — دەپ سۆز باشلىدى ھېلىقى ئىككىيلەن، — بىزنى ھەربىرلىرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەندى. مانا ئەمدى كۆرۈشتۇق، بىز ئاۋۋال بېرىپ خەۋەر قىلىپ تۇرايلى.

ئىككىسى ئالدىدىن بېرىپ خەۋەر قىلىش ئۈچۈن تاغقا چىقىپ كەتتى. ئەتىسى تۆت پالۋان جۇ فۇنىڭ بالىچاقىلىرىنى ئېلىپ، لىياڭشەن كۆلىدىكى چوڭ تۇراغا جايلاشقان مەردلەر سارىيىغا كەلدى. جۇ گۈي ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاۋۋال لى يۈننى ئاتامان چاۋ گەي بىلەن سۇڭ جياڭنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ سالام بەرگۈزدى ۋە بارچە پالۋانلار بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ:

— بۇياق بولسا يىشۈي ناھىيەسىنىڭ يۈزبېشى، ئىسمىزاتى لى يۈن بولىدۇ، لەقىمى قارا كۆز يولۋاس، — دەپ تونۇشتۇردى. ئاندىن جۇ فۇنى ھەممىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ سالام بەرگۈزۈپ:

— بۇ مېنىڭ ئىنىم جۇ فۇ بولىدۇ. لەقىمى كۈلگۈنچەك يولۋاس، — دەپ تونۇشتۇردى.

ھەممەيلەن بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشتى. لى كۈي سۇڭ جياڭغا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭ ئۇنىڭ قوش ئايپالتىسىنى ياندۇرۇپ قولىغا بەردى. لى كۈي ئانىسىنى ئېلىپ يىلىڭ چوققىسىغا كەلگەندە، ئانىسىنى يولۋاسلار يەپ كەتكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن تۆت يولۋاسنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن يەنە يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرگەن يالغان لى كۈينى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ بەردى. بۇ چاغدا ھەممىسى

پاراقلاپ كۈلۈپ كەتتى. چاۋ گەي بىلەن سۇك جياڭ:

— سىز تۆت يامان يولۋاسنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، تۇرايىمىزغا يەنە ئىككى تىرىك يولۋاسنى باشلاپ كەپسىز، بۇنى قۇتلۇقلىساق بولىدىكەن، — دېدى كۈلۈپ.

پالۋانلار ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئات، قوي سويۇپ، بەزمە، زىياپەت راسلاپ، يېڭى كەلگەن ئىككى ئاتاماننى تەبرىكلىدى. چاۋ گەي سول تەرەپتە ئولتۇرغان بەي شېڭنى تۆردە ئولتۇرغۇزدى.

— يېقىندىن بۇيان، — دەپ سۆز باشلىدى ۋۇ يوڭ، — تۇرايىمىز روناق تېپىپ ئاۋاتلىشىپ بېرىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پالۋانلار ھەر ياقلاردىن كېلىپ توپقا قوشۇلۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى چاۋ گەي ھەزرەت بىلەن سۇڭ جياڭ ئاغىمىزنىڭ پەزىلىتىدىن ۋە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بەخت ـ تەلىيىدىن بولغان. شۇنداق بولسىمۇ، تۇرايىمىزنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى مەيخاننى يەنىلا جۇ گۈي باشقۇرسا، شى يوڭ بىلەن خۇ جيەن قايتىپ كەلسە. جۇ فۇنىڭ بالىچاقىلىرىغا باشقا بىر ئۆي بېرىلسۇن. ھازىر تۇرايىمىزنىڭ ئىشلىرى بۇرۇنقىدەك ئەمەس، چوڭىيىپ كەتتى. شۇڭا، مەخسۇس ياخشى ـ يامان ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش، پاناھ تارتىپ كەلگەن باتۇرلارنى تاغقا يوللاش ئۈچۈنلا، يەنە ئۈچ جايدا مەيخانا ئېچىشىمىز كېرەك، ئەگەر خانىدانلىق بىزگە قارشى لەشكەر ئەۋەتىپ قالسا، ئۇلارنىڭ قانداق تەرىقىدە كېلىۋاتقانلىقىنى بۇ مەيخانىدىكىلەر بىزگە خەۋەر قىلىپ تۇرالايدۇ. ئۇ چاغدا بىز ئوبدان تەرەددۇتلىنىپ تۇرالايمىز. كۈنپېتىش تەرەپتىكى تاغنىڭ يەرلىرى كەڭ، ئۇ يەرگە تۇڭ ۋېي بىلەن تۇڭ مىڭ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئون نەچچە ئادەم بىلەن بېرىپ مەيخانا ئاچسۇن، لى لى ئون نەچچە ئادەم بىلەن تاغنىڭ تۆۋەنكى ئېتىكىگە بېرىپ مەيخانا ئاچسۇن، شى يوڭمۇ ئون نەچچە ئادەم بىلەن بېرىپ يۇقىرى تاغ تەرەپتە مەيخانا ئاچسۇن، بۇ جايلارنىڭ ھەممىسىدە بەلگە ئوقى ئاتىدىغان شىپاڭلار قۇرۇلسۇن، ئادەم توشۇيدىغان كېمە، قېيىقلار ھازىرلاپ

قويۇلسۇن، بىرەر يېغىلىق شەپىسى بىلىنسە، تېزدىن كېلىپ
خەۋەر قىلىنسۇن، تاغنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۈچ چوڭ قوۋۇق
ياسالسۇن. ئۇنىڭ باش قوغدىغۇچىسى دۇ چيەن بولسۇن،
ھەرقانداق ھالەتتىمۇ ئۇنى ھەرگىز يۆتكەشكە بولمايدۇ، كېچە -
كۈندۈز شۇ يەردە ھازىر تۇرسۇن، يەنە تاۋ زۇڭشۋاڭ
ئىشلەمچىلەرگە باش نازارەتچى بولۇپ، كېچىكلەرنى قازدۇرسۇن،
سۇ يوللىرىنى ياساتسۇن، دەريا يوللىرىنى ئاچسۇن، دالدا قورغان
قەلئەسىنى ئوڭلاتسۇن، تاغ ئالدىغا چوڭ يول سالدۇرسۇن. ئۇنىڭ
تېگى دېھقان بولغاچقا، بۇنداق ئىشلارنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ. جياڭ
جىڭ ئامبار، خەزىنىلەرنى باشقۇرۇش، كىرىم - چىقىم، يىغىش -
جۇغلاش ۋە ھېساب - كىتاب ئىشلىرىنى ئىلكىگە ئالسۇن. شياۋ
راڭ تۇرايمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتى، تېغىمىزنىڭ ئۈستى ۋە
ئاستى، شۇنداقلا ئۈچ قوۋۇق ئارىلىقىدىكى خەت - چەك، ئالاقە
ئىشلىرىنى ۋە چوڭ - كىچىك ئاتامانلارنىڭ بۇيرۇقلىرىنى
يېزىش ئىشلىرىغا قارىسۇن. جىن داجيەن ئويمىكارلىق
ئىشلىرىنى ئىلكىگە ئېلىپ، لەشكەر دەستەكلىرى، تامغا -
مۆھۈر، نام تاختىلىرى ئويدۇرۇپ ياساتقۇزسۇن، خۇ جيەن كىيىم -
كېچەك، قۇياق - دۇبۇلغا، تۇغ - ئەلەم ئىشلىرىنى باشقۇرسۇن.
لى يۈن لياڭشەن كۆلى بويىدا ئۆي - ئىمارەت ۋە سارايلارنى
سېلىشقا قارىسۇن. ما لىن چوڭ - كىچىك ئۇرۇش كېمىلىرىنى
ياساشنى باشقۇرسۇن. سۇڭ ۋەن، بەي شېڭلار جىنشاتەنگە بېرىپ
جايلاشسۇن. پەتەك يولۋاس ۋاڭ يىڭ بىلەن جېڭ تيەنشۇ
يازۇيتەنگە بېرىپ جايلاشسۇن. مۇ چۈن، جۇ فۇلار تاغ
تۇرايمىزدىكى پۇل - پۇچەك ۋە ئوزۇق - تۈلۈك ئىشلىرىنى
باشقۇرسۇن. لۇ فاڭ، گو شېڭلار مەردلەر سارىيىنىڭ ئىككى
يېنىدىكى ئۆيلەرگە ئورۇنلاشسۇن. سۇڭ چىڭ بەزمە - زىياپەت
ئىشلىرىنى باشقۇرسۇن، — دەپ ھەممىسىگە ئىش تەقسىم قىلىپ
بولغاندىن كېيىن ئۈچ كۈن بەزمە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ گەپ مۇشۇ
يەردە قالسۇن. شۇنىڭدىن كېيىن لياڭشەن كۆلىدە ھېچ ۋەقە يۈز

بەرمىدى، پەقەت ھەر كۈنى ئادەملەرنى مەشىق قىلدۇرۇش، جەڭ ماھارىتىنى ئۆگىتىش ئىشلىرىلا بولدى. كۆل تۇرادىكى ئاتامانلار كىمە، قىيىق ھەيدەش، سۇ ئۈزۈش، كىمە ئۈستىدە قىلىچۋازلىق ۋە نەيزىۋازلىق قىلىشنى مەشىق قىلىشتى، بۇ گەپمۇ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

بىر كۈنى سۇڭ جياڭ چاۋ گەي، ۋۇ يۇڭ خەلپەت ۋە باشقا پالۋانلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ:

— قېرىنداشلىرىم، بىز ھەممىمىز مەردلىك يولىدا جەم بولۇپ ئولتۇرۇپتۇق، دىيانەتلىك سوپام گۇڭسۇن شېڭ تېخىچە يېتىپ كەلمىدى، ئۇ يۈز كۈنلۈك ۋەدە بىلەن ئانىسى ۋە ئۇستازىنى يوقلاش ئۈچۈن جىجۇغا كەتكەنىدى، كەتكىنىگە خېلى بولدى، ھېلىغىچە خەۋىرى يوق، ئۇنى كەلمەي قالارمىكىن دەيمەن. مېنىڭچە، دەي زوڭ ئىنىمىز مالال كۆرمەي بىر بېرىپ، ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى ۋە نېمىشقا كەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ كەلسە قانداق؟ — دېگەن گەپنى چىقاردى.

دەي زوڭ ماقۇل بولدى، سۇڭ جياڭ خۇشال بولۇپ:

— ئەزىز ئىنىم، سىزنىڭ ئايىغىڭىز ئىتتىك، سىز بارسىڭىز ئون كۈن ئىچىدىلا بىرەر خەۋەرنى ئاڭلاشقا كۆزۈم يېتىدۇ، — دېدى.

دەي زوڭ شۇ كۈنى ھەممىسى بىلەن خوشلاشتى - دە، ئەتىسى ئەتىگەندە دورغىغا ئوخشاش ياسىنىپ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى.

## نەزم

چاپسىمۇ ھەر ياقتا ھەر دەم زادى تىنماي يورغىدەك،
نامى يوق لەشكەر ساناق دەپتەرىدە بىر دورغىدەك.
ئۆمرىدە يات - ياقا يۇرتلارنى ھامان كەزدى تالاي،
شۇنچە يول ماڭماقتا كىمگە پۈتى قەرزداركىن تاڭەي.
ئالا بالداق تايىقىغا نام - نىشان تاختاي ئېسىپ،

قاتراپ يۇردى كۇره ـ زىندان ئارا كىرىپ ـ چىقىپ.
باسىدۇ مىڭ يولنى ئۇ تاڭدا چىقىپ كۈن پاتقۇچە،
يېغىلىق خەۋەرنى يەتكۈزگەي ھايال قالغۇچە.
تاڭ سەھەر ناشتا قىلىپ چىقسا ئۇ شەندۇڭدىن بۈگۈن،
ئاخشىمى ۋېيفۇدا نەشپۈت يەيدۇ ئۇسسىسا شۇ كۈن.

ئەمدى گەپنى دەي زوڭدىن ئاڭلاڭ. ئۇ لياڭشەن كۆلىدىن چىقىپ، جىجۇغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئىككى پۇتىغا تۆت تۇمارنى تاڭدى ۋە يەل تاپانلىق كاراماتىنى ئىشقا سېلىپ، يول بويى پەرھىز تائام يەپ ماڭدى. ئۈچ كۈن مېڭىپ يىشۈي ناھىيەسى ئەتراپىغا كەلگەندە، كىشىلەردىن: «ئالدىنقى كۈنى قارا قۇيۇن نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كېتىپتۇ، يۈزبېشى لى يۈننىمۇ ئاۋارە قىپتۇ، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكى نامەلۇم، ھازىرغىچە تاپالمايۋېتىپتۇ» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدى. دەي زوڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى. شۇ كۈنى ئۇ يول ئۈستىدە يىراقتىن قۇيۇچلۇق نەيزە تۇتۇپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆردى، ئۇ كىشى دەي زوڭنىڭ ناھايىتى چاپسان كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختىدى ـ دە:
ــ ھەي يەل تاپان شەيخ! ــ دەپ چاقىردى.
دەي زوڭ بۇرۇلۇپ كەينىگە سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، تاغ باغرىدىكى چىغىر يولنىڭ بويىدا باشلىرى يۇمىلاق، سالپاڭ قۇلاق، قاڭشارلىق، يوغان ئېغىز، قاشلىرى قاپقارا، پالكۆز، ئىنچىكە بەل، كەڭ گەۋدىلىك بىر دارازا تۇرۇپتۇ. دەي زوڭ دەرھال كەينىگە يېنىپ ئۇنىڭدىن:
ــ ھەي باتۇرۇم، بىز تونۇشمايتتۇق، ئەجەب پېقىرنى چاقىرىپ قالدىڭىز؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ دەرۋەقە ئۆزلىرى يەل تاپان شەيخ ئىكەنلا؟ ــ دەپ دەرھال جاۋاب قىلىپ نەيزىسىنى تاشلاپ يەرگە يۈكۈندى ھېلىقى دارازا.
دەي زوڭ شۇئان ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە تەزىمىنى ئىلىك

ئېلىپ:

— مۇبارەك ناملىرى كىم بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىرنىڭ ئىسمىزاتى ياڭ لىن بولىدۇ. ئانا يۇرتۇم جاڭدي دىيارى، ماكانىم جاڭگال. ئەل - يۇرت مېنى گۇللۇك قاپلان ياڭ لىن دەپ ئاتىشىدۇ. بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى يول بويىدىكى مەيخانىدا گۇڭ سۇنشېڭ تەخسىرنى ئۇچراتقانىدىم، بىللە ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشكەنىدۇق، ئۇ ماڭا لياڭشەن كۆلىدىكى چاۋ گەي ۋە سۇڭ جياڭنىڭ دانىشمەنلەر بىلەن پالۋانلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مەرد ئىكەنلىكىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەرگەنىدى. يەنە پېقىرنى تۇراغا بېرىپ توپقا قوشۇلۇشقا ئۈندەپ، قولۇمغا بىر پارچە خەت يېزىپمۇ بەرگەنىدى، ئوپۇل - توپۇل بېرىۋېلىشقا پېتىنالمىغانىدىم. گۇڭسۇنشېڭ تەخسىر يەنە ماڭا: «لى جەمەتلەر مەھەللىسىنىڭ دوقمۇشىدا جۇ گۇي دېگەن كىشى مەيخانا ئاچىدۇ، ئۇ كىشى توپقا قوشۇلىدىغان كىشىلەر بىلەن تېپىشىپ ئۇلارنى تاغقا يوللاپ تۇرىدۇ. تاغ تۇرادا يەنە بىر ئاتامانىمىز بار، ئۇ بىزگە قوشۇلماقچى بولغان دانىشمەنلەرنى ئۇچقاندەك بېرىپ مەلۇم قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ كىشىنى يەل تاپان شەيخ دەپ ئاتايمىز، دەي تۆرەم دەپمۇ قويىمىز، كۈنىگە سەككىز يۈز چاقىرىم يول باسىدۇ» دەپ ئېيتىپ بەرگەنىدى، قارىسام ئۆزلىرى كارامەت ئىتتىك ماڭىدىكەنلا. شۇڭا ئەتەي چاقىرىپ باقتىم، كىم ئويلاپتۇ، دەرۋەقە ئاشۇ مېھرىبان ئاكىمىز ئىكەنلا. بەختىمگە يارىشا تەڭرى بۇنى نېسىپ قىلدى.

— پېقىر، — دېدى دەي زۇڭ، — گۇڭسۇن شېڭ تەخسىرنى ئىزدەپ جىجۇغا كېتىۋاتىمەن، ئۇ كىشىنىڭ سىرتىقىنى ئالالمىغاچقا، چاۋ گەي بىلەن سۇڭ جياڭ ئاغىمىز پېقىرنى جىجۇ ئايمىقىغا بېرىپ تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇغانىدى، كۈتۈلمىگەندە بۇ يەردە سىلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق.

— پېقىر جاڭدي دىيارىدىن بولساممۇ، — دېدى ياڭ لىن، —

جىجۇ ئايمىقىغا تەۋە جايلارنىڭ ھەممىسىگە بارغانمەن. ئەگەر خالىسىلا، جانابلىرىغا ھەمراھ بولۇپ مېڭىشقا تەييارمەن.

— ماڭا ھەمراھ بولسىلا بەكمۇ ياخشى بولغىنى. گۇڭسۇن شېڭ تەخسىرنى تېپىپ، ھەممىمىز بىللە لياڭشەنگە بارساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دېدى دەي زۇڭ.

ياڭ لىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدا دەي زۇڭ بىلەن قول بېرىشىپ ئاكا - ئۇكا بولۇشتى. دەي زۇڭ پۇتىدىكى تۇمارنى يېشىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئالدىرىماي مېڭىپ، كەچقۇرۇنلۇقى بىر ئۆتەڭگە كېلىپ ئارام ئالدى. ياڭ لىن مەي، تاماق راسلاپ دەي زۇڭنى مېھمان قىلدى.

— مەن يەل تاپانلىق كارامىتىمنى ئىشقا سېلىشتا، گۆشلۈك تائام يېسەم بولمايدۇ، — دېدى دەي زۇڭ.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى قاتتىق - قۇرۇق نەرسىلەر بىلەنلا غىزالاندى. كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئاتتى. ئۇلار سەھەر قوپۇپ ئەتىگەنلىك تامىقىنى يېدى، ئاندىن نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا راۋان بولدى.

— ئاغا، ئۆزلىرى يەل تاپانلىق كارامەتلىرىنى ئىشلىتىپ ماڭسىلا، پېقىر قانداقمۇ يېتىشەلەيدۇ؟ ئۆزلىرى بىلەن تەڭ ماڭالماسمەنمىكىن دەيمەن ! — دېدى ياڭ لىن.

— مەن يەل تاپانلىق كارامىتىمنى ئىشلەتكەندە، بىللە ماڭغان كىشىنىمۇ تەڭ ئېلىپ ماڭالايمەن. مەن ئىككى تۇمارنى ئۆزلىرىنىڭ پۇتلىرىغا تېڭىپ كارامەت كۆرسىتىمەن - دە، ماڭا ئوخشاش تېز ماڭالايدىغان، ماڭىمەن دېسىلە ماڭىدىغان، توختايمەن دېسىلە توختايدىغان بولىلا. ئۇنداق قىلمىسام، ماڭا قانداق يېتىشىپ ماڭالايلا؟ — دېدى دەي زۇڭ كۈلۈپ.

— پېقىر قارا سۆڭەكلەردىن تۇرسام، — دېدى ياڭ لىن، — ئۆزلىرىدەك ئۇلۇغلار بىلەن تەڭ بولالامدىمەن؟

— ھېچقىسى يوق، مېنىڭ يەل تاپانلىق كارامىتىم ھەممىگە ئارا بولىدۇ، — دېدى دەي زۇڭ، — مېنىڭ كارامىتىمدىن

ئۆزلىرىمۇ تەڭ مېڭىۋېرىدىلا، پەقەت گۈش، مايلىق تاماق يېمىسەملا ھېچ گەپ يوق.

دەي زوڭ ئىككى تۇمارنى ئېلىپ ياڭ لىنىنىڭ پۇتىغا تاڭدى ۋە ئۆزىمۇ ئىككى تۇمارنى پۇتىغا تېڭىپ، يەل تاپانلىق كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ، سۇپىكۆچ دەپ بىر ھۇرۇۋىدى، ئىككىسى يېنىككىنە مېڭىپ كەتتى. ياڭ لىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا ماڭسا ئاستا، ئىتتىك ماڭسا ئىتتىك مېڭىۋەردى. ئىككىيلەن يول بويى ئەل - يۇرت ئارىسىدىكى ۋەقەلەر ئۇستىدە پاراڭلىشىپ ماڭدى. كۆرۈنۈشتە ئاستا ماڭغاندەك قىلسىمۇ، قانچىلىك يول باسقانلىقىنى بىلمەي قېلىشتى.

ئىككىسى چاشكا ۋاقتىدا تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، ئوتتۇرىسىدىن چوڭ يول كېسىپ ئۆتىدىغان بىر جايغا كېلىپ قالدى. ياڭ لىن بۇ جاينى بىلەتتى.

— ئاكا، — دېدى ياڭ لىن دەي زوڭغا، — بۇ جاي يىنماچۇەن دەپ ئاتىلىدۇ. ئالدىمىزدىكى ئاۋۇ ئېگىز تاغدا بىر توپ قاراقچى بولاتتى، ھازىرمۇ بارمىكىنتاڭ، بۇ تاغ گۈل - گىياھلارغا تولغان، ئەتراپى سۇ بىلەن ئورالغان كۆركەم تاغ بولغاچقا، يىنماچۇەن — ئات سۇغىرىدىغان ساي دەپ ئاتالغان.

ئىككىسى مېڭىپ دەل تاغ باغرىغا كەلگەندە، بىردىنلا سۇناي - كانايلارنىڭ ئاۋازى ياڭراپ، جەڭ دۇمباقلىرى چېلىنىپ، بىر - ئىككى يۈزچە چاپارمەن چىقىپ يولنى توغرىسىغا توسىۋالدى، ئالدىدىكى ئىككى پالۋان يان قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ:

— ھەي يولۇچىلار، توختاڭلار! سىلەر قانداق خۇنپەرلەر، نەگە بارىسىلەر؟ ئەقىلىڭلار بولسا يول ھەققى قويۇپ كېتىڭلار، بولمىسا ئامان قالمىز دېمەڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئاغا، سىلى قاراپ تۇرسىلا، بۇ ھاڭۋاقتىلارنى شۇنداق بىر جايلايكى، — دېدى ياڭ لىن كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە نەيزىسىنى تەڭلىگىنىچە ئۇلارغا قاراپ ئېتىلدى. ئۇنىڭ دەھشەت بىلەن



www.uyghurkitap.com

كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھېلىقى ئىككى پالۋاننىڭ ئالدىدىراق تۇرغان بىرسى:

— توختاڭچۇ، سىز ياڭ لىن ئاغام ئەمەسمۇ! — دەپ توۋلىدى.

ياڭ لىن بىر قاراپلا ئۇلارنى تونۇۋالدى، ئالدىدا تۇرغان دارازا قولىدىكى ياراغلىرى بىلەن كېلىپ سالام بەردى ۋە كەينىدىكى پالۋاننى چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى سالام ـ سەھەت قىلىشىپ كۆرۈشتى. ياڭ لىن دەي زوڭنى چاقىرىپ:

— ئاغا، بۇ ئىككى قېرىندىشىمىز بىلەن كۆرۈشسىلە، — دېدى ئۇنىڭغا.

— بۇ ئىككى پالۋىنىم كىم بولىدۇ؟ بۇ ئەزىزلەر بىلەن قانداق تونۇشىدىلا؟ — دەپ سورىدى دەي زوڭ ياڭ لىندىن.

— پېقىرنى تونۇيدىغان بۇ پالۋان گەيتەن قەلئەسىنىڭ شياڭياڭ دىيارىدىن بولىدۇ، ئىسمىزاتى دېڭ فېي، كۆزلىرىدە ئوت چاقناپ تۇرىدىغانلىقتىن، ئەل ـ يۇرتتىكىلەر ئۇنى ئوت كۆز ئارسلان دەپ ئاتىۋالغان، بۇ ئىنىمىز قولىغا زەنجىرنى ئالغاندا، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىش ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس، پېقىر خېلى ۋاقىتقىچە بۇ ئىنىمىزنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ بىللە بولغانىدىم، ئايرىلغىلى بەش يىل بولدى، شۇنىڭدىن تارتىپ يۈز كۆرۈشمىگەنىدۇق، مانا بۈگۈن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز كىمنىڭ يادىغا كەلسۇن ! — دېدى ياڭ لىن.

ياڭ لىن ئاغا! بۇ ئاغىمىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى دېڭ فېي، — بوش كىشى ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ.

— بۇ ئاغىمىز لياڭشەن كۆلىدىكى پالۋانلاردىن، يەل تاپان شەيخ دەي زوڭ دېگەن كىشى شۇ.

— ھە، ھېلىقى كۈنىگە سەككىز يۈز چاقىرىم يول ماڭىدىغان جياڭجۇلۇق دەي تۆرەم شۇ بولامدۇ؟

— خوش، پېقىر شۇ بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى دەي زوڭ.

ئىككى ئاتامان ئالمان ـ تالمان يۈكۈنۈپ:

ــ ئۇلۇغ ناملىرىنى كۆپ ئاڭلايتتۇق، بۇ يەردە مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆرۈش كىمنىڭ يادىغا كەلسۇن ! ــ دېدى تەزىم بىلەن.

دەي زۇڭ دېڭ فېيغا قارىدى، قارىسا ئۇ شۇنداق بىر ئادەم ئىكەنكى:

ئەسلىي شياڭياڭلىق بىكارچى پالۋان باتۇر ئىدى،
كەزدى ئەل ـ يۇرت، يۇرتىغا قايتىشنى ئويلاپ باقمىدى.
جىق يېگەچ ئادەم گۆشىنى قىپقىزىلدۇر جۈپ كۆزى،
ئوت كۆز ئارسلان دەپ ئاتالغان دېڭ فېي دېگەن بۇ ئۆزى.

ئىككى پالۋان سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، دەي زۇڭ:

ــ ماۋۇ پالۋىنىمىزنىڭ ئۇلۇغ نامى نېمە بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ بۇ ئۇكىمىزنىڭ ئىسمىزاتى مېڭ كاڭ. ئانا يۇرتى جېنىڭجۇ ئايمىقى. كېمە، قېيىق ياساشقا ئۇستا، مەرمەر تاش سۇۋغىتىنى ئاپىرىش ئۈچۈن كېمە ياساشقا توغرا كەلگەندە، جورۇقبېگى ئۇنى تېز ياسا دەپ دەشنەم بەرگەنلىكىدىن، جورۇقبېگىنى شۇ چاغدىلا ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۆيۋاقىنى تاشلاپ قېچىپتۇ، ئەل ئارىلاپ، جاڭگال، ئورمانلار ئىچىدە پاناھداپ يۈرگىلى ئۇزۇن ۋاقىتلار بولدى. ئۇ گەۋدىلىك ھەم ئاق بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ كېلىشكەن قامىتىگە قاراپ، ئۇنىڭغا سەدەپ خادا دېگەن لەقەمنى بەرگەن، ــ دېدى دېڭ فېي.

دەي زۇڭ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بەك خۇرسەن بولدى. مېڭ كاڭنىڭ قەددى ـ قامىتى شۇنداق ئىدىكى:

ئوق ئېتىپ، تارتىپ ساداق ھەر چاغ ماھار سەپ ئالدىدا،
كېمە، قولۋاقلار ياساپ جۈپ، كەزدى دەريالار ئارا،



www.uyghurkitap.com

جىجۇلۇق ماھىر ھۈنەرۋەن كىمىسازلىقتا چېۋەر —
ئېتى مېڭ كاڭ بۇ يىگىتنىڭ لەقىمى سەدەپ خادا.

دەي زۇڭ شۇ چاغ بۇ ئىككى ئادەمنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى. تۆت پالۋان پاراڭلىشىۋاتقاندا، ياڭ لىن:

— ئىككىلىرى مەردلىك يولىدا جەم بولغىلى قانچە ۋاقىت بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇلاردىن.

— راستىنى ئېيتسام ئاغا، — دېدى دېڭ فېي، — بىر يىلدىن ئاشتى. بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى بۇ جايىنىڭ توپتوغرا كۈنپېتىش تەرىپىدە بىر بۇرادەرنى ئۇچراتقانىدىم. ئۇنىڭ ئىسمىزاتى پېي شۈەن، ئۆزى جىجۇ دىيارىدىن ئىدى، ئۇ ئەسلىدە مەزكۇر دىيارنىڭ پەتىۋاچىسى، ئەلەم ۋە قەلەم ئىشلىرىغا بەك چېۋەر، ساداقەتلىك ۋە ئەقىللىك، ئىشقا ئىخلاسمەن كىشى ئىدى، ئۇ جايدىكى كىشىلەر ئۇنى ئادىل پەتىۋاچى دەپ ئاتىشاتتى، نەيزىۋازلىق ۋە چامباشچىلىقنى بىلەتتى، قىلىچۋازلىقتا ھەم شۇنداق ماھىر، ئەقىل - پاراسەت ۋە جۈرئەت - شىجائەتتە ئاجايىپ كامالەتكە يەتكەن كىشى ئىدى. ئوردىدا سەركەردە بولۇپ ئەمىلى تۆۋەنلىگەن بىر پارىخور ئامبال كېلىپ، ئۇنىڭ ئىشىدىن قۇسۇر چىقىرىپ، ئۇنى چۆل ئارال — شامېڭداۋغا سۈرگۈن قىلىنىۋەتكەنىكەن، ئۇلار بىزنىڭ بۇ جايدىن ئۆتكەندە، بىز ئۇنى ئېلىپ كېتىۋاتقان يايىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدۇق، ئۇ بۇ يەرنى پاناھداپ ئىككى - ئۈچ يۈز ئادەم يىغدى. پېي شۈەن دېگەن بۇ كىشى ئىككى قولىدا ئىككى شەمشەرنى كارامەت ئوينىتىدۇ، يېشى چوڭ بولغانلىقتىن، ئۇ ھازىر تاغ تۇرادا سەردار بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەرد ئاغىلىرىمىز مالال كۆرمىسە، كىچىككىنە تۇرايىمىزغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ مېڭىشسىلىرى قانداق دەپ، ئۇلار ئاتارمەن - چاپارمەنلەرگە ئات ئەكەلدۈرۈپ، دەي زۇڭ، ياڭ لىنلارنى ئاتقا مىندۈردى، تۆتەيلەن ئاتلىنىپ تاغ تۇراغا قاراپ ماڭدى. ئانچە

www.uyghurkitap.com

كۆپ يول ماڭمايلا، تۇراغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. يېپى شۈەن ئالدىنئالا خەۋەردار بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ دەرھال تۇرادىن پەسكە چۈشۈپ قارشى ئالدى. دەي زۇڭ بىلەن ياڭ لىن شۇنداق قارىسا، يېپى شۈەن دەر ھەقىقەت ئاجايىپ قامەتلىك، ئاق يۈزلۈك، سېمىز، سالماق كىشى ئىكەن، ئۇنى كۆرۈپ ئىچىدە خۇشال بولۇشتى. ئۇنى شائىر مۇنداق تەرىپلىگەن:

سوت ـ سوراق قىلدى ھەمىشە پەم ـ پاراسەتلىك بىلەن،
قىلسا ئۇ ھۆكۈم، تۆكەر ياش جىن نادامەتلىك بىلەن.
مېھرىباندۇر، قىلچە يوقتۇر بىغەرەزلىك، ئەل ئۇنى:
يېپى شۈەن ئادىل پەتىۋاچى دەر ئادالەتلىك بىلەن.

شۇ ئەسنادا يېپى شۈەن بۇ ئىككى باتۇرنى مەردلەر سارىيىغا تەكلىپ قىلدى، ئۇلار سالام بەجا كەلتۈرۈشۈپ، ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن تەكەللۇپ بىلەن دەي زۇڭنى تۆرگە ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن رەت بويىچە يېپى شۈەن، ياڭ لىن، دىڭ فېي، مېڭ كاڭ ئولتۇردى. بەش پالۋان بىر سورۇندا، مېھمان ۋە ساھىبخانىلىق ئورۇنلاردا ئولتۇرۇپ بەزمە قىلىشتى، شۇ كۈنى ئۇلار تازا قىزىق پاراڭلار بىلەن مەي ـ شاراب ئىچىشتى. ئوقۇرمەن قۇلاق سېلىڭكى، مانا بۇلار زىمىننى ئەپتەرلەر، ۋاقتى ـ سائىتى يېتىپ تەقدىرى قىسمەت بۇلارنى مەردلىك يولىدا ئۇچراشتۇرۇپ جەم قىلدى. بۇ شۇنداق بولدىكى:

بار ۋەجىكىم نوچى ـ پالۋانلار يولۇقتى ئۇچرىشىپ،
بىر ـ بىرىگە يار بولۇشتى ئەھدى ـ پەيمان تۈزۈشۈپ.
خەن① ۋەزىر ـ سەردارلىرى ھەم سالچى، قاسساپلار ئىدى،
كايىماڭلار قىلدى لياڭشەن ئەھلى خاتا دېيىشىپ.

---

① خەن ـــ خەن سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلار شۇنداق مەي ـ شاراب ئىچىشىۋاتقان بەزمە ئۈستىدە، دەي زۇڭ ئاتامان چاۋ گەي ۋە سۇڭ جياڭلارنىڭ دانىشمەن ۋە باتۇرلارنى ئۆز يېنىغا توپلاپ، زامان باتۇرلىرىنى يىغىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە ئوبدان مۇئامىلە قىلىپ، ئىناق ئۆتىدىغانلىقىنى، مەردلىكىنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان ياخشى خىسلەتلىرىنى؛ ئاتامانلارنىڭ يەكدىللىق بىلەن بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشىدىغانلىقىنى، سەككىز يۈز چاقىرىم يەرگە سوزۇلغان لياڭشەن كۆلىنىڭ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا دالدا قورغان، قومۇشلۇق دېگەن جايلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ تۆت ئەتراپىنىڭ كۆز يەتكۈسىز بىپايان سۇ بىلەن ئورالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ بارلىقىنى، خان لەشكەرلىرىنىڭ كېلىشىدىن قورقۇشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.
ئۇنىڭ سۆزلىرىگە جاۋابەن پېي شۇەن:

— تۇرايمىزدا پېقىرنىڭ قول ئاستىمدىمۇ ئۈچ يۈزچە ئادەم بار، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشىكىمىزنى ھېسابلىمىغاندا، ئوندىن ئوشۇق ھارۋىغا توشقۇدەك مال ـ مۈلۈكلىرىمىز بار، ناۋادا ئەزىز ئاكىمىز بۇلارنى ئەرزىمەس دەپ چاغلىمىسىلا، بىزنى چوڭ تۇراغا ئاپىرىپ تونۇشتۇرسىلىكەن، توپقا قوشۇلۇپ، ئەمىر ـ پەرمانلارغا بويسۇنۇپ، خىزمەت كۆرسىتىشنى ئارزۇ قىلىمىز. ئۆزلىرى بۇنىڭغا قانداق قارايدىلىكىن؟ — دېدى.

— چاۋ گەي ۋە سۇڭ جياڭ ئالىيلىرى كىشىلەرگە بەتنىيەتلىك قىلمايدۇ، — دېدى دەي زۇڭ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، — ھەرقايسىلىرىنىڭ يار ـ يۆلەكلىرىگە ئېرىشسە، گۈل ئۈستىگە گۈل چەككەندەك بولىدۇ. ئەگەر ئاشۇنداق ئىستەكلىرى بولسا، يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇشسىلا، پېقىر بىلەن ياڭ لىن جىجۇغا بېرىپ، گۇڭ سۇنشېڭ تەخسىر بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگەندىن كېيىن خان لەشكەرلىرى سۈپىتىدە ياسىنىپ

كىچىلەپ بىللە يولغا چىقىمىز.

خالايىق ھەممىسى بۇ گەپتىن شادلاندى.

مەي ئىچىشىپ چالا مەست بولغان چاغدا، ئۇلار ئارقا تاغدىكى دوستلۇق شىپاڭىغا يۆتكىلىپ بېرىپ، يىنماچۇەننىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ، يەنە ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشتى. ئۇ جاينىڭ مەنزىرىسى دەرۋەقە ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. بۇنى شائىر مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

شارقىراپ ئاققان سۇلار كۆز يەتكۈسىز،
ياپيېشىل تاغلار يىراقتا بەك ئېگىز.
چوڭ دەرەخلەر ياپرىقىدا كەچكى شەپەقنىڭ نۇرى،
چوققىلار ئۈستىدە كەزمەكتە بۇلۇتلار پارچىسى.
دەشتى سەھرالار تىنچ،
ھېچ كۆرۈنمەس كالا باققان پادىچى؛
كونا كىچىك بەك سۆرۈن،
ئۇندا يوق ھەم ئات سۇغارغان بىر كىشى.
تۇرا قۇردى بۇندا ھەر ياقتىن زوراۋانلار كېلىپ،
بولدى لايىق جاي يىگىتكە تۇغ ـ ئەلەم جەۋلان قىلىپ.

دەي زۇڭغا يىنماچۇەننىڭ تاغ مەنزىرىسى ياراپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنى ماختاپ:

— نېمىدېگەن بەلەن تاغ ـ سۇلار بۇ، ئەجەب گۈزەل ئىكەن، ئىككىلىرى بۇ جايغا قانداق كېلىپ قالدىلا؟ — دېدى.

— ئەسلىدە قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىرنېمىلەر بۇ يەرنى ئىگىلەپ تۇرۇپتىكەن، كېيىن ئىككىيلەن كېلىپ تارتىۋالدۇق، — دېدى دېڭ فېي جاۋابەن.

ئۇنىڭ سۆزىدىن ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بەش پالۋان شىر كەيپ بولۇشتى. يېي شۈەن مەي ئىشتىھاسىنى تېخىمۇ ئېچىش ئۈچۈن، قىلىچۋازلىق ماھارىتىنى كۆرسەتتى،

دەي زۇڭ ئۇنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى. شۇ يوسۇندا كەچ بولغۇچە ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ھەرقايسىسى تۇراغا قايتىپ ئارام ئېلىشتى. ئەتىسى دەي زۇڭ ياڭ لىن بىلەن تاغدىن چۈشۈپ كېتىمىز دەپ تۇرۇۋالدى، ئۈچ پالۋان ئۇلارغا تۇرۇپ قېلىشسىلا، دەپ شۇنچە تۇتسىمۇ ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى تاغ ئېتىكىگىچە ئۇزىتىپ ئاپىرىپ خوشلاشتى ـ دە، تۇراغا قايتىپ يۈك ـ تاقلارنى يىغىشتۇرۇپ سەپەرگە ئاتلىنىشقا تەرەددۇتلاندى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى دەي زۇڭغا كەلسەك، ئۇ ياڭ لىن بىلەن بىللە يىنىماچۇەن تاغ تۇراسىدىن چىققاندىن كېيىن، كۈندۈزى يول مېڭىپ، كېچىسى ئارام ئېلىپ، جىجۇ شەھىرىگە بالدۇرلا كېلىپ قالدى، ئۇ بىر كارۋان سارايغا بېرىپ چۈشتى.

— ھەي ئاغا، — دېدى ياڭ لىن دەي زۇڭغا، — گۇڭسۇن شېڭ تەخسىر تەقۋادار كىشى، جەزمەن شەھەردە تۇرماي، تاغ، ئورمانلار ئىچىدىكى كەنتتە تۇرىدۇ.

— راست ئېيتتىڭىز، — دېدى دەي زۇڭ.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى ئالدى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى ھەممە جاينى ئارىلاپ، گۇڭسۇن شېڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلدى، بىراق ھېچكىمدىن بىرەر ئۇچۇر ئالالمىدى. ئۇلار بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى ئەتىگەن قوپۇپ، يىراق كەنت ـ قىشلاق ۋە كوچا ـ كويلارغا بېرىپ كىشىلەردىن سوراپ باققان بولسىمۇ، تونۇيدىغان ھېچكىم چىقمىدى. ئىككىيلەن يەنە سارايغا قايتىپ بېرىپ دەم ئېلىشتى. ئۈچىنچى كۈنى دەي زۇڭ شەھەردە ئۇنى تونۇيدىغان بىرەر كىشى چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئىزدەپ ياڭ لىن بىلەن جىجۇ شەھىرىگە كىردى. ئىككىسى شەھەردىكى راستچىل كىشىلەردىن سوراپ كۆردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى:

— تونۇمايدىكەنمىز، ئۇ شەھەرلىك كىشى ئەمەس ئوخشايدۇ. چەت ناھىيەلەرنىڭ داڭلىق تاغلىرىدىكى چوڭ بۇتخانىلاردا تۇرامدىكىن، — دېيىشتى.

ياڭلىن چوڭ بىر كوچىغا يېتىپ كەلگەندە، يىراقتىن داقا ـ دۇمباقلار چېلىنىپ بىر ئادەمنىڭ قارشى ئېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. دەي زۇڭ بىلەن ياڭلىن كوچىدا توختاپ قارىدى، قارىسا ئالدىدا ئىككى گۇندىپاي كېلىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ بىرسى نۇرغۇنلىغان رەڭمۇرەڭ سوۋغاتلارنى كۆتۈرۈۋاپتۇ، يەنە بىرسى رەڭدار تاۋار ـ دۇردۇن، شايىلارنى كۆتۈرۈۋاپتۇ. كەينىدە هاۋا رەڭ كۇنلۇك ئاستىدا بىر كالىلىكېسەر زىندانبېگى كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئاجايىپ سۆلەتلىك ئادەم بولۇپ، ئىچىدىن كەشتىلىك كۆكۈچ كىيىمى چىقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قاشلىرى قولاق تۈۋىگىچە سوزۇلغان، كۆزلىرى سۇمۇرغىنىڭكىگە ئوخشايتتى، سارغۇچ يۈزىدە بىرنەچچە تال ئىنچىكە ساقال ـ بۇرۇتلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئانا يۇرتى خېنەن، ئىسمىزاتى ياڭ شيۇڭ ئىدى، ئۇ جىجۇ ئايمىقىغا ئامبال بولغان بىر تۇغقان تاغىسىغا ئەگىشىپ، مۇشۇ جايغا كېلىپ ماكانلىشىپ قالغانىدى. كېيىن يېڭى تەيىنلەنگەن ئامبال ئۇنى تونۇغاچقا، ئۇنى ئىككى كورەنىڭ زىندانبېگى ۋە قوشۇمچە شەھەر جازا مەيدانىنىڭ كالىلىكېسەرى قىلىپ بەلگىلىگەنىدى. ئۇ جەڭ ماهارىتىگە پىششىق، رەڭگىرويى سارغۇچ بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى قەھرىلىك گۇەنسۇ ياڭ شيۇڭ دەپ ئاتىشاتتى. بىر غەزەلدە ياڭ شيۇڭ مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

ئەينى يۇمران قاشتېشىدىن ياسىغاندەك بىلىكى،
بوغمىچا چىككەن، چىرايلىق هالقىسىنىڭ كۆزلىرى.
قۇلىقىغا قىسىۋالغان ياپيېشىل تۈگمەگۈلى،
دۇمبىسىگە يۆتۈلۈپتۇ ۋەھشىي جاللات بەلگىسى.
قىپقىزىلدۇر ئۇچىسىغا كىيىۋالغان پەشمىتى،
سوت ـ سوراق قىلغاندا بار پەم، چارىسىنى كۆرسىتەر.
مىسلى بوران كەبى ئىتتىك باش كېسەرنىڭ قىلىچى،

رەڭگىرويى ساپسېرىق، گويا قەلەمدەك قاشلىرى.
خەلقئالەم نام بېرىپتۇ «قەھرلىك گۆەنسۇ» دېگەن،
ئەسلىي ياڭ شيۇڭ پالۋاننىڭ ئۆزىنىڭ نامىشەرىپى.

شۇ تاپتا ياڭ شيۇڭ ئوتتۇرىدا، كەينىدە بىر گۇندىپاي جاللاتلىق قىلىچىنى كۆتۈرگەن هالدا، شەھەر ئىچىدىن جاللاتلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ قايتقانىدى، تونۇش ـ بىلىشلىرى ئۇنىڭ ئۇستىگە قىزىل شەلپەرلەرنى ئارتىپ مۇبارەكلەپ، ئۆيىگە ئۇزىتىۋاتاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا بۇلار دەي زۇڭ بىلەن ياڭ لىننىڭ ئالدىغا چىقىپ قالدى. بىر توپ كىشىلەر دوقمۇشتا ئۇنى توسۇۋېلىپ قەدەھ تۇتۇۋاتقاندا، ياندىكى تار كوچىدىن يەتتە ـ سەككىز چېرىك چىقتى، ئۇلارنىڭ باشلىقى قوي تەپكەك جاڭ باۋ ئىدى. بۇ نوچى جىجۇ شەھىرىنى ساقلايدىغان بىر قوغدىغۇچى ئىدى، ئۇنىڭ ئارقىغا سېلىۋالغانلىرى بولسا، شەھەرنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا دائىم قاقتى ـ سوقتىلىق يولى بىلەن پۇل، يارماق تېپىپ خەجلەيدىغان جۇندەكلەر ئىدى. پادىشاھلىق ھەر ئىلاج قىلىپمۇ ئۇلارنى پەيلىدىن ياندۇرالمىدى. ئۇلار ياڭ شيۇڭنى جىجۇغا كەلگەن ياقا يۇرتلۇق دەپ بىلگەچكە ۋە بەزىلەر ئۇنىڭدىن قورققاچقا، ھېچنېمىدىن تەپ تارتماي كېلىۋەردى. شۇ كۈنى جاڭ باۋ ياڭ شيۇڭغا ئىلتىپات قىلىنغان نۇرغۇن تاۋار ـ دۇردۇنلارنى كۆرۈپ، ئاشۇ بىرقانچە نىجىسنى باشلاپ، چالا مەست ھالەتتە ياڭ شيۇڭغا چېقىلماقچى بولۇپ، ئۇنى قوغلاپ كەلگەنىدى. خالايىقنىڭ دوقمۇشتا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قەدەھ تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن جاڭ باۋ توپنى يېرىپ ئالدىغا ئۆتتى ـ دە:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم زىندانبېگى، ــ دېدى.

ــ كەل بۇرادەر مەي ئىچ، ــ دېدى ياڭ شيۇڭ جاۋابەن.

ــ مەن مەي ئىچمەيمەن. سەندىن بىرەر يۈز تىزىق يارماق ئۆتنە ئالاي دەپ كەلگەنىدىم، ــ دېدى جاڭ باۋ.

ــ مەن سېنى تونۇساممۇ بۇرادەر، ساڭا بېرىشىم بولمىسا

www.uyghurkitap.com

قانداقسىغا مەندىن پۇل سوراپ يۈرسەن؟ ــ دېدى ياڭ شيۇك.

ــ بۇگۈن سەن، ــ دېدى جاڭ باۋ، ــ پۇقرالارنىڭ نۇرغۇن مال ـ دۇنياسىنى ئالداپ سوقۇۋالدىڭ، ماڭا ئازراق ئۆتنە بەرسەڭ نېمە بوپتۇ؟

ــ بۇنىڭ ھەممىسىنى ماڭا خەق تۇتقان تۇرسا، ئالداپ سوقۇۋالدىڭ دېگىنىڭ نېمىسى؟ ــ دېدى ياڭ شيۇك، ــ سەن ئۆكتەملىك قىلىۋاتىسەن، مەن سەن بىلەن بىر لەشكىرىي قىسىمدا ئەمەس، ھەرقايسىمىزنىڭ تەۋەلىكى باشقا ـ باشقا.

جاڭ باۋ گەپكە جاۋاب بەرمەي، شېرىكلىرىنى چاقىرىۋىدى، ئۇلار ئېتىلىپ كېلىپ ئالتوپىلاڭ قىلىپ، ئالدى بىلەن ھېلىقى گۈللۈك قىزىل تاۋار ـ دۇردۇنلارنى تارتىۋالدى. ياڭ شيۇك: «ھەي بىئەدەپ بەتبەختلەر» دەپ ۋارقىراپ، نەرسىسىنى تارتىۋالغانلارنى ئۇرماقچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، جاڭ باۋ ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئالدى. ئىككىسى كەينىدىن كېلىپ قولىنى تۇتۇۋالدى، قالغانلارمۇ مۇشت كۆتۈرۈشتى. گۇندىپاي، چېرىكلەرنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ قېچىشتى.

ياڭ شيۇك جاڭ باۋ ۋە ئىككى چېرىك يېپىشىۋالغاچقا، قىمىرلىيالماي، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ھەپىلىشىپ تۇرغاندا، بىر ئەپكەش ئوتۇن كۆتۈرگەن بىر دارازا كېلىپ قالدى، ئۇ بىرقانچە كىشىلەر يېپىشىۋالغان ياڭ شيۇڭنىڭ مىدىر ـ سىدىر قىلىشقا ئىمكان تاپالماي تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ ئادالەتسىزلىكنى كۆرگەن دارازا ئەپكىشىنى قويدى ـ دە، كىشىلەر ئارىسىدىن يېرىپ ئۆتۈپ:

ــ نېمىشقا زىندانبېگىنى ئۇرىسىلەر؟ ــ دەپ ئاجراتماقچى بولدى.

ــ سەن ئاچتىن ئۆلمەيدىغان، سوغۇقتىن توڭمايدىغان قەلەندەرنىڭ نېمە كارى؟ ــ دەپ ھۆركىرىدى جاڭ باۋ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

بۇ دارازىنىڭ غەزىپى قايناپ، تاقىتى تاق بولدى ـ دە، جاڭ

باۋنى لىككىدە كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى، ئۇنىڭ گۇپپاڭچىلىرى كېلىپ مۇشت ئاتقۇچە، دارازا بىر مۇشت بىلەن بىرسىنى تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى. ئەمدى ئۆزىنى بوشاتقان ياڭ شيۇڭ بار گۇمپىسىنى كۆرسىتىپ، ئىككى مۇشتى بىلەن خۇددى موكىدەك توختىماي مۇشت ئېتىپ، ھېلىقى جۇندەكلەرنى يەر چىشلەتكۈزدى. جاڭ باۋ ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى پەملەپ، ئۆمىلەپ ئورنىدىن قوپتى ـ دە، بەدەر تىكىۋەتتى. ياڭ شيۇڭنىڭ غەزەپ قاچىسى يېرىلىپ گۇرس ـ گۇرس دەسسەپ ئۇنى قوغلاپ كەتتى. ھېلىقى دارازا تېخىچە بولدى قىلماي، دوقمۇشتا بايىقىلارنى تېپىپ، ئۇلار بىلەن سوقۇشۇۋاتاتتى. دەي زۇڭ بىلەن ياڭ لىن بۇنى كۆرۈپ ئىچىدە: «قالتىس باتۇر ئىكەنغۇ بۇ، ئادالەتسىزلىكنى كۆرسە قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرىدىغان پالۋان دېگەن مۇشۇ ـ دە!» دەپ ئاپىرىن ئوقۇدى، بۇ شۇنداق پالۋان ئىدىكى:

بەسلىشىپ چىققاي قىلىچلار قىنلىرىدىن شۇ ھامان،
ۋەجىكىم، بار بۇ جاھاندا مۇتتەھەملەر ھەرقاچان.
ھەق ـ ناھەقنىڭ پەرقى روشەن چەتتە تۇرغان كىشىگە،
يار ـ يۆلەك بولساڭ بىلەرسەن، يات بىلەن ئۆزنى ئايان.

شۇ چاغدا دەي زۇڭ، ياڭ لىنلار ئالدىغا ئۆتۈپ:

— ھەي باتۇر، بىزنىڭ ئەرزىمەس يۈزىمىزنى دەپ بولسىمۇ بولدى قىلىڭ، — دەپ ئاجراتتى ۋە ئىككىسى ئۇنى يۆلەپ تەسەللى بېرىپ، بىر كوچىغا ئېلىپ باردى، ياڭ لىن ئۇنىڭ ئەپكىشىنى كۆتۈرۈپ، دەي زۇڭ ئۇنى قولتۇقلاپ بىر مەيخانىغا باشلىدى. ياڭ لىن ئەپكەشنى قويۇپ ھۇجرىغا بىللە كىردى. ھېلىقى دارازا قول قوۋۇشتۇرۇپ:

— ئاكىلار، پېقىرنى بالا ـ قازادىن قۇتقۇزۇپ قېلىشتىلا، ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا، — دېدى.

— بىز ئاكا ـ ئۇكا ئىككىمىزمۇ ياقا يۇرتلۇق، — دېدى دەي زۇڭ، — سىزنىڭ مەردلىكىنى ياقىلايدىغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، پايلىماي قاتتىق ئۇرۇۋېتىپ، بىكار كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ قالارمىكىن دېگەن تەشۋىشتە ئارىغا چۈشتۇق. سىزدەك پالۋان بىلەن مۇشۇ يەردە ئىككى ـ ئۈچ قەدەھ ئىچىشىپ، مەردلىك يولىدا قول بېرىشەيلى دەيمىز.

— مېھرىبان ئاكىلار، پېقىرنى جېدەلدىن ئاجرىتىۋېلىشتىلا، يەنە كېلىپ مەي بىلەن مېھمان قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا، بۇنچىلىك جوۋۇشمىسىلا بولاتتى، — دېدى دارازا.

— «كۆللى ئىنسان قېرىنداشتۇر»، بۇ قانچىلىك گەپ ئىدى؟ ئولتۇرۇڭ، — دېدى ياڭ لىن.

دەي زۇڭ ئۇ باتۇرنى تۆرگە تەكلىپ قىلىۋىدى، ئۇ زادى ئۇنىمىدى. دەي زۇڭ ياڭ لىن بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇردى، باتۇر ئۇلارنىڭ قارشىسىدىن ئورۇن ئالدى. ياڭ لىن مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ ھەميانىدىن بىر سەر كۈمۈش چىقىرىپ ئۇنىڭغا بېرىپ:

— بىزدىن سورىمايلا، ئۆزۈڭ بىلىپ بار غىزا ـ تائاملىرىڭنى ئەكېلىۋەر، بىراق ھېسابلىشىمىز، — دېدى.

مەيپۇرۇش كۈمۈشنى ئېلىپ، كۆك ـ گېزەك، مېۋە ـ چېۋە ۋە مەي ـ شارابلارنى ئەكىرىپ تىزدى.

ئۈچەيلەن بىرنەچچە قەدەھ ئىچىشكەندىن كېيىن دەي زۇڭ:

— ھەي باتۇر، ئىسمىشەرىپىڭىز نېمە؟ قەيەرلىك بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىرنىڭ ئىسمىزاتىم شى شيۇ، ئانا يۇرتۇم جىنلىڭدىكى جيەنكاڭ دىيارى بولىدۇ. كىچىكىمدىن نەيزىۋازلىق بىلەن قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلدىم. ئەزەلدىن دېگىنىمنى قىلىمەن، ئادالەتسىزلىكنى كۆرسەم چىداپ تۇرالماي، يار ـ يۆلەك بولىمەن، شۇڭا خەقلەر مېنى «پىداكار يىگىت» دېيىشىدۇ. تاغامغا ئەگىشىپ ياقا يۇرتلاردا ئات ـ ئۇلاغلارنى سېتىپ

يٶرەتتىم، كٶتىمگەندە تاغام يېرىم يولدا تٶگەپ كەتتى، دەسمايەمدىنمٶ ئايرىلىپ، قٶرٶق قول بولٶپ قېلىپ، يٶرتٶمغا قايتالماي، مٶشٶ جىجٶ ئايمىقىدا ماكانلىشىپ، ئٶتٶن سېتىپ كٶنٶمنى ئېلىۋاتىمەن، ھەرقايسىلىرى بىلەن تونٶشٶشقا مٶيەسسەر بولغانلىقىمدىن راستىنى ئېيتتىم، — دېدى شى شيٶ.

— بىز ئىككىمىز بٶ جايغا ئىش بىلەن كېلىپ، سىزدەك باتٶرغا دٶچ كېلىپ قالدٶق. مٶشٶنداق بىر باتٶر تٶرٶپ، ئٶتٶن سېتىپ يٶرسىڭىز قانداق بولىدٶ؟ ئٶنىڭدىن كۆرە جاھانكەچتىلىك قىلىپ، قالغان ئۆمرىڭىزنى راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتكٶزگىنىڭىز ياخشى ئەمەسمٶ؟ — دېدى دەي زٶڭ ئٶنىڭغا.

— پېقىرنىڭ قولىدىن نەيزىۋازلىق بىلەن قىلىچۋازلىقتىن باشقا ئىش كەلمەيدٶ، قانداقسىغا ئىشىم ئىلگىرى بېسىپ، راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتەي؟ — دېدى شى شيٶ.

— ھازىرقى زامانىنىڭ كۆزى كور، — دېدى دەي زٶڭ، — بىرىنچىدىن، خان غاپىللىقتا؛ ئىككىنچىدىن، مەككار ئەمەلدارلار ئٶنى غەپلەتتە قويٶۋاتىدٶ. پېقىرنىڭ بىر تونٶشٶم بار ئىدى، ئٶ ئٶتتٶر لياڭشەن كۆلىگە بېرىپ سٶڭ دانىشنىڭ توپىغا قوشٶلٶپتٶ، بٶگٶنكى كٶندە تىللا ـ تەڭگىلەرنى تەڭ بۆلٶشٶپ، قات ـ قات سەرپاي كىيىپ يٶرگٶدەك، خان ئەل بولٶشقا دالالەت قىلىپ چاقىرسا، ھەممىسى ئەمەل تٶتىدٶ.

— پېقىر، — دەپ ئٶلٶغ ـ كىچىك تىنىدى شى شيٶ، — بارىمەن دېگەن بىلەنمٶ، بېرىشقا ئامالىم يوق.

— ھەي باتٶر، — دېدى دەي زٶڭ، — بارىمەن دېسىڭىز مەن تونٶشتٶرىمەن.

— ھەرقايسىلىرىنىڭ مٶبارەك نامشەرىپلىرىنى بىلىشكە بولارمىكىن؟ — دەپ سورىدى شى شيٶ.

— پېقىرنىڭ ئىسمىزاتىم دەي زٶڭ، بٶ ئٶكىمىزنىڭ ئىسمىزاتى ياڭ لىن، — دەپ جاۋاب بەردى دەي زٶڭ.

— ئەل ـ يۇرت ئارىسىدا يەل تاپان شەيخ دەپ نامى بار كىشى سىلى بولاملا يا؟ — دېدى شى شيۇ.

— ھەئە، مەن بولىمەن، — دەپ تەستىقلىدى دەي زۇڭ ۋە ياڭ لىنغا يېنىدىكى بوغجۇمىسىنىڭ ئىچىدىن ئون سەرلىك بىر كاللەك كۈمۈش ئالدۇرۇپ، شى شيۇغا دەسمايە ئۈچۈن تۇتتى. شى شيۇ ئېلىشتىن ئەيمىنىپ، قايتا ـ قايتا تۈزۈت قىلغاندىن كېيىن ئاندىن قوبۇل قىلدى. ئۇ بۇ كىشىنىڭ لياڭشەن كۆلىدىكى يەل تاپان شەيخ ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا بىلگەندى. ئۇ ئەمدى كۆڭلى ـ كۆكسىدىكىنى تۆكۈپ، تويقا قوشۇلۇش نىيىتىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا، تالادىن بىراۋ ئىزدەپ كىرىپ قالدى. ئۇچەيلەن شۇنداق قارىسا، ئۇ ياڭ شيۇڭ ئىكەن، ئۇ يىگىرمىدىن ئوشۇق يايىنى ئەگەشتۇرۇپ مەيخانىغا كىرىپ كەلگەندى. دەي زۇڭ ۋە ياڭ لىنلار كىرگەن كىشىنىڭ كۆپلۈكىدىن چۆچۈپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «غىپپىدە» چىقىپ كەتتى.

— شى شيۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ياڭ شيۇڭنىڭ ئالدىغا چىقتى ـ دە:

— زىندانبېگى، نەگە بېرىپ كېلىشلىرى؟ — دەپ سورىدى.

— بۇرادەر، سىلىنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، مەي ئىچىپ ئولتۇرۇپتىكەنلى ـ دە، ئابايا ئاشۇ ئەبلەخلەر قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ، كۈچۈمنى كۆرسىتەلمەي تۇرغىنىمدا، سىلىنىڭ سايىلىرىدا قۇتۇلۇپ قالدىم. نەرسىلىرىمنى قايتۇرۇۋالىمەن دەپ شۇ ئەبلەخلەرنى قوغلاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، سىلىنى تاشلاپ كېتىپتىمەن، مۇنۇ ئاغىنىلەر مېنى ئۇرۇشۇپ قالدى دەپ ئاڭلاپ، ھەممىسى بولۇشقىلى كەپتۇ، بۇلاپ كەتكەن قىزىل شەلپەر ۋە تاۋار ـ دۇردۇنلىرىمنى ياندۇرۇۋالدۇق، پەقەت سىلىنى ئىزدەپ تاپالماي يۈرگەندۇق. ئابايا بىرسى: «ئىككى يولۇچى سىلىنى مەيخانىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى» دېدى. شۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئالاھىدە مۇشۇ يەرگە ئىزدەپ كەلدۇق، — دېدى ياڭ

www.uyghurkitap.com

شىيۇڭ.

— ئابايا ياقا يۇرتلۇق ئىككى يولۇچى مېنى بۇ يەرگە چىللاپ ئەكىردى، ئىككى ـ ئۈچ قەدەم مەي ئىچىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىدۇق. زىنداندىكى ئۆزلىرىنىڭ ئىزدەپ يۈرگەنلىكلىرىنى بىلمەيتتىمەن، — دېدى شى شيۇ.

بۇنىڭدىن ياڭ شيۇڭ بەك شادلاندى ۋە:

— نامىشەرىپلىرى كىم بولىدۇ؟ قەيەرلىك بولىلا؟ نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىرنىڭ ئىسمىزاتىم شى شيۇ، ئانا يۇرتۇم جىنلىڭنىڭ جيەنكاڭ دىيارى، تۇز كۆڭۈل ئادەممەن. ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغانلارنى كۆرسەم چىدىيالماي، پىداكارلىق بىلەن ھەمدەم بولىمەن، شۇڭا خەقلەر مېنى «پىداكار يىگىت» دەپ ئاتايدۇ. تاغامغا ئەگىشىپ ئات ـ ئۇلاغلارنى سېتىشقا چىققانىدىم، كۆتمىگەندە تاغام يولدا قازا تاپتى، دەسمايەم تۈگەپ قۇرۇق قول بولۇپ قېلىپ، جىجۇ ئايمىقىغا كېلىپ ئوتۇن سېتىپ كۈنۈمنى ئېلىۋاتىمەن، — دېدى شى شيۇ.

ياڭ شيۇڭ شى شيۇغا شۇنداق قاراپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ كېلىشكەن باتۇر ئىكەنلىكىنى كۆردى، تۆۋەندىكى نەزمىدە شى شيۇنىڭ خىسلىتى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

تەقى ـ تۇرقى تاغدىكى يولۋاس كەبى بەكمۇ يامان،
خۇلقى ـ پەيلى ياغ كەبى چاچراپ قازاندا قايىنغان.
داۋ يۈرەك ھەم بار پاراسەت بابىدا ئەقلى ـ ھوشى،
نەگە بارسا ھالاكەتتىن خەقنى ساقلاپ ھارمىغان.
قولىدىن چامباشچىلىقنىڭ تايىقى چۈشمەس ئۇنىڭ،
مۇشت بىلەنلا ھەرقاچاندا دۈشمىنىنى بابلىغان.
داڭقى پۈر كەتتى يىراققا — ھەرقەيەرگە تارقىلىپ،
شى شيۇ پىداكار يىگىت دەپ بىلىنگەن ئەل قالمىغان.

شۇ چاغدا ياڭ شيۇڭ شى شيۇدىن:

— باياتىن سىلى بىلەن مەي ئىچكەن يولۇچىلار نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئۇ ئىككىسى زىندانبېگىمنىڭ ئادەم باشلاپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، غوۋغا چىقارمىكىن دەپ كېتىپ قالدى، — دېدى شى شيۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ياڭ شيۇڭ، — ئاۋۋال مەيپۇرۇش ئىككى خۇمرا مەي ئەكەلسۇن، مۇنۇ ئاغىنىلەرنىڭ ھەربىرى ئۈچ ئاپقۇر مەي ئىچىپ قايتىپ كەتسۇن، ئەتە كۆرۈشەيلى.

يايىلار مەي ئىچىشىپ بولۇپ ھەرقايسىسى ئۆز يولىغا كېتىشتى.

— ھەي يىگىت، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ياڭ شيۇڭ شى شيۇغا، — مېنى يات كۆرمىسىلە، سىلىنىڭ بۇ جايدا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ يوقتۇ، مەن بۈگۈن سىلى بىلەن ئاكا-ئۇكا بولۇشقا قول بېرىمەن، ماقۇل كۆرەملا؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شى شيۇ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ:

— زىندانبېگىم، ئۆزلىرى قانچە ياشتا؟ — دەپ سورىدى.

بۇ يىل يىگىرمە توققۇز ياشقا كىردىم، — دەپ جاۋاب بەردى ياڭ شيۇڭ.

— مەن بۇ يىل يىگىرمە سەككىز ياشقا كىردىم، ئۆزلىرى ئاغا بولسىلا، مەن ئۇكىلىرى بولاي، — دەپ تۆت مەرتەم تەزىم قىلدى شى شيۇ.

ياڭ شيۇڭ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە مەيپۇرۇشنى مەي-تائام ھازىرلاشقا جورۇپ:

— ئۇكام بىلەن بۈگۈن شېرىكەيپ بولغۇچە ئىچىشىمىز، — دېدى.

ئۇلار تازا مەي ئىچىشىۋاتقان چاغدا، ياڭ شيۇڭنىڭ قېيىنئاتىسى پەن بوۋاي بەش-ئالتە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇدۇل مەيخانىغا كىرىپ كەلدى. ياڭ شيۇڭ ئۇنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇردى-دە:

— ھۆرمەتلىك ئاتا، نېمىگە كەلدىلە؟ — دېدى.

— سېنى خەق بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپتىمەن، ئىزدەپ كەلدىم، — دېدى پەن بوۋاي.

— تەڭرىمگە شۈكۈر، — دېدى ياڭ شيۇڭ، — مۇنۇ ئۇكام مېنى ساقلاپ قالدى. جاڭ باۋ دېگەن بەتبەختنى تازا بابلىدىكى، بۇنىڭ سايىسىنى كۆرسىمۇ دىر - دىر تىترەيدىغان قىلىۋەتتى. مەن ئاپايا شى جەمەتىدىن بولغان مۇشۇ ئۇكا بىلەن ئاغا - ئۇكا بولۇشقا قول بېرىشتىم.

— بەللى، بەللى، ئوبدان بوپتۇ، ماۋۇ بۇرادەرلەرگە مەي ئىچۈرەيلى، — دېدى پەن بوۋاي.

ياڭ شيۇڭ بۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئۈچ ئاپقۇردىن شاراب ئەكىلىشكە بۇيرۇدى. پەن بوۋاينى تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى ئۇنىڭ روبىروسىدا ئولتۇردى، شى شيۇ تۆۋەندىن ئورۇن ئالدى. ئۈچەيلەن جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن مەيپۇرۇش كېلىپ مەي قۇيدى، پەن بوۋاي شى شيۇنىڭ بۇنداق زەبەردەس بەستىنى كۆرۈپ، خۇشال بولغان ھالدا ئۇنىڭغا:

— كۈيئوغلۇم سىزنى ئۇكا تۇتۇپ يار - يۆلەككە ئېرىشىپتۇ، ئەمدى مەھكىمە - سارايلارغا كىرىپ - چىققاندىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا غىڭ - پىڭ قىلالمايدۇ! — دېدى ۋە يەنە، — ئۇكام، بالدۇر نېمە ئوقەت قىلاتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتامنىڭ تېگى قاسساپ ئىدى، — دېدى شى شيۇ.

— ئۇكام، مال - ئۇلاغ سويۇشنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى پەن بوۋاي ئۇنىڭدىن.

— كىچىكىمدىن قاسساپلىق قىلىپ جان بېقىپ كەلگەن تۇرسام، مال سويۇشنى نېمىشقا بىلمەي؟ — دېدى شى شيۇ كۈلۈپ.

— مەنمۇ ئەسلىي قاسساپ ئىدىم، قېرىپ قېلىپ چامام يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى، يالغۇز مۇشۇ بىرلا كۈيئوغلۇم بار، ئۇمۇ يامۇلدا ئىشلەيدۇ، شۇڭا ئۇ ئوقەتنى تاشلىۋەتتىم، — دېدى

پەن بوۋاي.

ئۇچەيلەن مەي ئىچىشىپ سەل ـ پەل كەيپ بولۇشتى ۋە مەي پۇلىنى تۆلىدى. شى شيۇ ئەكەلگەن ئوتتۇنىمۇ مەي پۇلىغا سۇندۇرۇپ بەردى. ئۇلار چىقىپ ياڭ شيۇڭنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ياڭ شيۇڭ ئىشىكنى ئېچىپ:

— ھەي خوتۇن، چىقىپ ماۋۇ ئۇكاڭ بىلەن كۆرۈش، — دەپ تۋۋلىدى.

— سىلىنىڭ نەدە ئۇكىلىرى بار؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى پەردە ئارقىسىدىن.

— تولا سۇرۇشتۇرمەي، ئاۋۋال چىقىپ كۆرۈشمەمسەن، — دېدى ياڭ شيۇڭ.

پەردە ئېچىلىپ بىر خوتۇن چىقىپ كەلدى، ئەسلىدە بۇ ئايال يەتتىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى تۇغۇلغاچقا، ئۇنىڭ ئىسمى چياۋ يۈن① دەپ ئاتالغان. ئۇ بالدۇر جىجۇلۇق ۋاڭ مىرزا دېگەن بىر مەنسەپدارغا تەگكەنىدى. ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، ئاندىن ياڭ شيۇغا تەگدى، ئۇلار ئەر ـ خوتۇن بولۇشقانغا تېخى يىل توشمىغانىدى، شى شيۇ ئايالنىڭ چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ ئېھتىرام بىلەن:

— يەڭگە، ئولتۇرۇڭ، — دەپ تەزىم قىلدى.

— مەن كىچىك تۇرسام، بۇياقنىڭ تەزىمىنى ئىلىك ئالسام راۋا بولامدۇ؟ — دېدى ئايال.

— بۇ كىشى، — دېدى ياڭ شيۇڭ، — بۈگۈن مەن بىلەن قول بېرىشىپ ماڭا ئۇكا بولدى، سەن يەڭگىسى، قوبۇل قىلساڭ راۋا بولار.

شى شيۇ شۇ زامات قەددىنى ئىككى پۈكۈپ، يەر ئۆپۈپ تۆت

① خەنزۇ رىۋايەتلىرىدە بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ئەرشتىكى توقۇمىچى قىز جىنىۇ پادىچى يىگىت نيۇلاڭ بىلەن ئۇچرىشىدىغان كۈن. چياۋ يۈن دېگىنى بەختلىك، تەلەيلىك دېگەن مەنىلەردە.



www.uyghurkitap.com

قىپتىم تەزىم قىلدى. ئايالمۇ جاۋابەن ئىككى قىپتىم تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئىچكىرىدىكى ھۇجرىغا تەكلىپ قىلدى ۋە بىر بوش ھۇجرىنى جابدۇپ، قېيىنئانىسىنى ئارام ئېلىڭ دېدى. گەپنى ئۇزارتمايلى. ئەتىسى ياڭ شيۇڭ مەھكىمىگە مېڭىش ئالدىدا ئۆيدىكىلەرگە: «شى شيۇغا كىيىم - كېچەك، بوغجۇمىلارنى ھازىرلاپ بېرىڭلار» دەپ جېكىلەپ قويدى. سارايغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ يۈك - تاقلىرىنى، كۈدە - كۆرپىلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردى.

ئەمدى دەي زۇڭ بىلەن ياڭ لىنلارغا كەلسەك، ئۇلار مەيخانىغا يايلارنىڭ شى شيۇنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ۋە قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شەھەر سىرتىدىكى كارۋان سارايغا قايتىپ ئارام ئالدى. ئەتىسى يەنە چىقىپ گۇڭسۇن شېڭنى ئىزدىدى، ئىككى كۈن سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنى تونۇيدىغان ھېچكىم چىقمىدى، ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىغاچقا، ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، قايتىشنى قارار قىلدى. شۇ كۈنى ئۇلار يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، جىجۇدىن ئايرىلىپ يىنماچۇەنگە كەلدى ۋە پېي شۈەن، دېڭ فېي، مېڭ كاڭ قاتارلىق بىر توپ كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە خان لەشكەرلىرى سۈپىتىدە ياسىنىپ، كېچىچە يول يۈرۈپ، لياڭشەن كۆلىگە باردى. دەي زۇڭنىڭ شۇ قاتارلىق تۆھپىسىنى ۋە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى باشلاپ تاغقا كەلگىنىنى قۇتلۇقلاپ، تاغدا بەزمە، زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى ياڭ شيۇڭلارغا كەلسەك، ياڭ شيۇڭنىڭ قېيىنئاتىسى پەن بوۋاي شى شيۇ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قاسساپلىق دۇكىنى ئاچماقچى بولدى، پەن بوۋاي:

— ئۆيىمىزنىڭ كەينى بىر خالتا كوچىغا ئۇلىشىدۇ، ئۇ يەردە يەنە بىر بوش ئۆي بار، ئۇ يەرگە قۇدۇقمۇ يېقىن، شۇنى دۇكان قىلساق، سىز شۇ ئۆيدە تۇرۇپ قاسساپلىق قىلىڭ، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

شى شيۇ: «ئەجەب ئوبدان بولدى» دەپ خۇشال بولدى. پەن بوۋاي بۇرۇندىن تونۇش بىر شاگىرتنى چاقىرىپ كەلدى ۋە شى شيۇغا:

— ئوغلۇم، ھېساب - كىتاب ئىشلىرىنى سىز باشقۇرسىڭىز، — دېدى.

شى شيۇ ماقۇل بولۇپ، شاگىرت بىلەن بىللە ئالىيپشىل بېزەپ چارچاپ ياسىدى، تەلەڭگە ۋە دۆشلەرنى ھازىرلاپ، پىچاقلارنى بىلەپ، چارچاپنى تەخلەپ قويدى، دۇكان ۋە چوشقا قوتانلىرىنى تەييارلاپ، ئون نەچچە سېمىز چوشقا ئەكېلىپ، خاسىيەتلىك بىر كۈننى تالالاپ دۇكان ئاچتى. قولۇم - قوشنا ۋە بۇرادەرلىرى كېلىپ، قىزىل شەلپەرلەرنى ئېسىشىپ تەبرىكلەشتى ۋە بىر - ئىككى كۈن مەي - شاراب ئىچىشتى، ياڭ شيۇڭنىڭ ئۆيىدىكىلىرى شى شيۇنىڭ سايىسىدا دۇكان ئاچقانلىقىغا خۇشال بولۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن پەن بوۋاي بىلەن شى شيۇ ئوقەتنى قىلىشىپ يۈرۈۋەردى.

ۋاقىت ئۇچقاندەك چېپىپ، ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. كۈز پەسلى ئۆتۈپ قىش كىردى، شى شيۇ ئىچى - تېشىغا يېڭى كىيىملەرنى قىلدۇرۇپ كىيدى. بىر كۈنى ئۇ تاڭ سەھەردە تۇرۇپ شەھەردىن سىرت ناھىيەگە چوشقا سېتىۋېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلدى، كەلسە دۇكان تاقاقلىق تۇرۇپتۇ، ئۆيگە كىرىپ قارىسا، دۆشە - پۆشلەر يىغىشتۇرۇلۇپ قاپتۇ، پىچاق ۋە باشقا جابدۇقلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ. شى شيۇ زېرەك ئادەم بولغاچقا، ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپ، ئىچىدە: «ئادەم ھەمىشە كۆڭۈللۈك ئۆتمەس، گۈل - چېچەكلەر بىر كۈنى تۇزۇماي كەتمەس، دېگەن گەپ بار. ئاغام كۆندە مەھكىمىگە كېتىپ، ئەمەلدارلىقى بىلەن بولۇپ، ئۆي ئىشلىرى بىلەن كارى يوق يۈرگەنىدى، جەزمەن يەڭگەم مېنىڭ يېڭى كىيىم قىلدۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ كەينىمدىن غەيۋەتىمنى قىلغان بولسا

كىرەك؛ ئۆنىڭ ئۈستىگە، مىنىڭ ئىككى ـ ئۈچ كۈن يوقاپ كەتكەنلىكىمنى باھانە قىلىپ بەزىلەرگە ئىگىز ـ پەس گەپلەرنى قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭدا گۇمان تۇغۇلۇپ، سودىسىنى يىغىشتۇرغان ئوخشايدۇ. باشقا گەپ ئاچماستىنلا خوشلىشىپ يۇرتۇمغا قايتاي» دەپ ئويلىدى. قەدىمدىن: «ئۆز نەپسىگە چوغ تارتمايدىغان ئادەم بولامدۇ» دېگەن گەپ بار. شى شيۇ چوشقىلارنى قوتانغا سولاپ قويۇپ، ھۇجرىسىغا كىردى ـ دە، كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ، كۆدە ـ كۆرپە، يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ھېساباتنى بىرمۇبىر ئېنىق ھېسابلاپ يېزىپ، كەينى ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا پەن بوۋاي گۆشسىز غىزا ۋە مەي تەييارلاپ قويغانىدى، ئۇ شى شيۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى ۋە:

— ئوغلۇم، يىراقتىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلدىڭىز، چوشقا ھەيدەپ يولدا جاپا تارتقانسىز؟ — دېدى.

— ئاتا، ھېچقىسى يوق. بۇ ئېنىق ھېساباتنى ئۆتكۈزۈۋالسىلا، بۇنىڭدا قىلچە بەتنىيەتلىك قىلغان بولسام، يەر يۇتسۇن، — دېدى شى شيۇ.

— ھەي ئوغلۇم، نېمانداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز؟ ھېچقانداق بىر ئىش ئۆتۈلمىدىغۇ، — دېدى بوۋاي.

— پېقىر يۇرتۇمدىن ئايرىلغىلى ئالتە ـ يەتتە يىل بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۆيۈمگە قايتاي دەيمەن، شۇڭا ھېساباتنى ئۆتكۈزۈۋېتەي. بۈگۈن ئاخشام ئاغام بىلەن خوشلىشىپ، ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىمەن، — دېدى شى شيۇ.

پەن بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ پاراقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— يېڭىلىشىۋاتىسىز ئوغلۇم. توختاڭ ئەمىسە، مەن قىزىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭ، — دېدى. ئەيىۋھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! شاپائەتچى باتۇر قىلىچىنى قولىغا ئالغاي، شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلغان شەيخ باقىي ئالەمگە راۋان بولغاي. پەن بوۋاينىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىرىق بەشىنچى باب

## ياڭ شيۇڭنىڭ كەيپىلىكتە يەن چياۋيۈننى تىللىغانلىقى
## شى شيۇنىڭ يېپى رۇخەينى يەم بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، شى شيۇ قايتىپ كېلىپ دۇكاننىڭ يىغىشتۇرۇلۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى ـ دە، خەيرلىشىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

— توختاڭ ئوغلۇم، — دەپ ئېغىز ئاچتى بوۋاي شۈئان، — كۆڭلىڭىزدىكىنى چۈشەندىم. ئىككى كۈن بولدى كەلمىدىڭىز، دۇكاندىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ يىغىشتۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، دۇكاننى ئەمدى ئاچمىسا كېرەك، كەتسەم بولغۇدەك دەۋاتامسىز نېمە؟ ھازىرچە بۇ ياخشى ئوقەتنىڭ گېپىنى قويۇپ تۇرايلى، دۇكاننى ئاچمىغان تەقدىردىمۇ، سىزنى ئۆيۈمدە ئېلىپ قالماقچىمەن. ئىچىمدىكىنى سىزگە ئېيتاي، بۇ قىزىمنى ئىلگىرى مۇشۇ يامۇلدىكى ۋاڭ مىرزىغا ياتلىق قىلغانىدىم. قازارا ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتتى، مانا بۈگۈن ئىككى يىل بولدى، ئۇنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ كىچىكرەك بىر نەزىر ئۆتكۈزۈپ بېرەي دەپ، سودىنى ئىككى كۈن توختىتىپ قويغانىدىم. ئەتە خەير ـ ئېھسان بۇتخانىسىدىكى راھىبلارنى چاقىرىپ دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزمەكچىمىز، مالال كۆرمەي قارىشىپ بەرگەيسىز. مەن بولسام قېرىپ قالدىم، كېچىچە تۈنەپ چىقىشقا چىداشلىق بېرەلمەيمەن، سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم شۇ.

— ئاتا، — دەپ جاۋاب بەردى شى شيۇ، — ئەگەر ئۆزلىرى شۇنداق دەيدىغان بولسىلا، يېقىر يەنە بىرنەچچە چاغ تۇرۇپ

بىرەي.

— ئوغلۇم، قورۇنۇپ - قىسىنىپ يۈرمەي، ئۆز مەيلىڭىزچە يۈرۈۋېرىڭ ئەمدى، — دېدى بوۋاي.

بۇ ئەسنادا بۇلار بىرنەچچە قەدەمنىڭ مەي ئىچىشىپ، غىزا - تاماق يېيىشتى. ئاندىن كېيىن داستىخانمۇ يىغىشتۇرۇلدى.

بۇ چاغدا بىر راھىب ئەپكەش كۆتۈرۈپ تاشقىرىدىن كىرىپ كەلدى ۋە تىللاۋەت سورۇنى تۈزۈپ، بۇت - بۇرھان، قاچا - قۇچا، جاڭ - دۇمباق، قوڭغۇراق - چىكىلداق، گۈل - چېچەك ۋە شام - چىراغلارنى تىزدى. ئاشخانىدا بولسا نەزىر ئېشى تەييارلىنىۋاتاتتى. كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىن قالغان چاغدا ياڭ شيۇڭ ئۆيگە قايتىپ كەلدى - دە، شى شيۇغا قاراپ:

— ئەي ئەزىز ئۇكام، مەن بۈگۈن كەچتىمۇ زىنداندا كۆزەتچىلىك قىلىمەن، شۇڭا تۈندە قايتىپ كېلەلمەيمەن. ئۆيدىكى ئىشلارغا ھە - ھۇ دېيىشىپ بېرەلا، — دېدى تاپىلاپ.

— خاتىرجەم بولۇپ يوللىرىغا كېتىۋەرسىلە ئاكا، كەچتىكى ئىش - كۈشلەرگە سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا ئۆزۈم قارىشىمەن، — دېدى شى شيۇ.

ياڭ شيۇڭ كەتكەندىن كېيىن شى شيۇ ئۇنىڭ ئۆيىدىن نېرى كەتمەي خەۋەر ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، تاشقىرىدىن ياش - قۇرامى چوڭ ئەمەس بىر شەيخ مىلەڭزىنى قايرىپ كىرىپ كەلدى. شى شيۇ قارىسا ئۇ شۇنداق سىپتا ياسانغان بىر شەيخ ئىكەنكى:

پارقىرايدۇ يېڭى قىرقىلغان سىلىق پاينەكبېشى،
سۈرتۈۋاپتۇ بېشىغا ئىپار ۋە قارىغاي مېغىزى.
يالتىرايدۇ قىپقىزىل سەندەل رەڭدە بويىغان —
ئۈچىسىدا يېڭى تىككەن ساپسېرىق پەرىجىسى.
سىر قارا رەڭدە بوياپ، قىرلار قويۇپ قاق ئۈستىگە —
پۇتلىرىدا تۇرىدۇ فۇجۇدا تىككەن مەسىسى.
بېلىدە توققۇز قەۋەتلىك چەشمە - مەشۇت يىپ بىلەن —

توقۇغان غەربىنىڭ قىينىق سۆسۇنە رەڭلىك يوتىسى.
ئۇ ساخاۋەتچى خىيىنىمغا تىكىلەر كەتمەي نېرى،
پارقىرار ۋال ـ ۋۇل قىلىپ بىر جۇپ ئۇنىڭ ئوغرى كۆزى.
ئېرىدىن بولغان جۇدا چوكاننى ئازدۇرماق بولۇپ،
چۇشمىدى ئاغزىدىن ھېچ شېرىن ـ شېكەر ياغلىما سۆزى.

شەيخ ئۆيگە كىرىپ، شى شيۇغا ئېگىلىپ سالام بەردى. شى شيۇ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ:

— ئولتۇرغايلا سوپۇم، — دېدى.

ئارقىدىنلا يەنە بىر راھىب ئىككى قۇتىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— ئاتا، بۇ يەرگە بىر سوپۇم كەلدى، — دەپ چاقىردى شى شيۇ.

پەن بوۋاي ئاڭلاپ ئىچكىرىدىن چىقتى.

— ئاتىجان، بۇتخانىمىزغا بارمايدىغان بولۇپ قالدىلىغۇ؟ — دېدى شەيخ.

— دۇكان ئېچىپ قويۇپ، بىرىشقا ۋاقىت ـ پۇرجام تەگمىدى.

— مىرزىنىڭ نەزىرىگە ئوبدانىراق بىرنەرسە ئېلىپ كېلەلمىدىم، ئاز بولسىمۇ قۇرۇق كەسمە ۋە بىرنەچچە قاپ ئاستانە چىلىنى ئالغاچ كەلدىم، — دېدى شەيخ ئۆزرە ئېيتىپ.

— نېمانچە جوۋايلا بۇزرۇكۋارىم، ئۇنداق قىلمىسىلىمۇ بولاتتىغۇ! — دېدى بوۋاي ۋە شى شيۇنى بۇ نېمىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇدى. شى شيۇ نېمىلەرنى ئىچكىرىگە ئەكىرىپ قويۇپ، چاي ئېلىپ چىقتى ۋە شەيخنى چايغا تەكلىپ قىلدى. ياڭ شيۇڭنىڭ ئايالى ئاڭلاپ بالىخانىدىن چۈشتى. بۇ ئايال ئانچە قاتتىق قارىلىق تۇتماي، ئانچىكىلا قارىلىق تۇتۇۋالغانىدى.

— ئىنى، داستىخان ئېلىپ كەلگەن كىم ئىكەن؟ — دەپ سورىدى شى شيۇدىن ئايال.

— بىر شەيخ ئىكەن، ئۇ كىشى ئاتىمىزنى ئاتىجان دەپ ئاتايدىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى شى شيۇ.

— ھە ھېلىقى شەيخلەر مۇدەررىسى پېيى رۇخەي ئاغىمىز ئىكەن ـ دە، ئۇ سوپيۇم ناھايىتى مۇلايىم بىر كىشى، ئەسلىدە ئۇ پېيى جەمەتىدىكىلەرنىڭ مەخمەلچىلىك دۇكىنىدا مال ـ پاللارنى ساتاتتى. كېيىن تەقۋادار بولۇپ، خەير ـ ئېھسان بۇتخانىسىغا راھىبلىققا كىرگەن. ئۇ كىشىنىڭ دادىسى بىزنىڭ بوۋىمىزنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولغاچقا، بىزنىڭ ئاتىمىزنى ئاتا تۇتقان، مەندىن ئىككى ياش چوڭ، شۇڭا مەن ئۇنى ئاغا دەيمەن، ئۇنىڭ تەرىقەت نامى خەي گۇڭ. ئىنى، كەچتە سىز ئۇ كىشىنىڭ بۇرھان كەرىمگە سېغىنىپ، ئايەت ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىڭ، بەك چىرايلىق قىرائەت قىلىدۇ، — دېدى كۇلۇپ ئايال.

— ھە، مۇنداق دەڭا، — دەپ قويدى شى شيۇ كۆڭلىدە بىرنەرسىنى ئاڭقىرىغاندەك قىلىپ.

ئايال بالىخانىدىن چۈشۈپ شەيخ بىلەن كۆرۈشتى، شى شيۇ قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ مىلەڭزىنىڭ كەينىدە قاراپ تۇردى، ئايال ئۆيدىن چىقىشىغا، شەيخ ئىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئالقىنىنى جۈپلەپ ئېگىلىپكىنە تەزىم قىلدى.

— ئاغا، نېمانچە جوۋايدىلا ! — دېدى ئايال.

— ئەزىز سىڭلىم، ئازغىنا بىرنېمە، ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق ! — دېدى شەيخ.

— نېمە دېگەنلىرى ئاغا، تەقۋادارلارنىڭ داستىخىنىنى قانداق ئالغۇلۇق؟ — دېدى ئايال تەكەللۇپ بىلەن.

— بۇتخانىمىزغا يېڭىدىن بىر تائەتگاھ سالدۇرغاندۇق. ئۆزلىرىنى بىرىپ كۆڭلى ـ كۆكسىنى ئېچىپ كېلەرمىكىن دېگەنىدىم، زىندانبېگىمىزنى باشقىچە ئويلاپ قالارمىكىن دەپ ئېغىز ئاچالمىدىم، — دېدى شەيخ.

— ئۇ دوت ئۇنداق ئىشلارنى ئانچە سورۇشتە قىلىپ

كەتمەيدۇ. ئانام رەھمىتى ئالەمدىن ئۆتكەندە ئانت ئىچىپ ۋەدە قىلغانىدىم، قاچان بولمىسۇن بىر كۈنى ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ مۇبارەك بۇتخانىلىرىدا دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇتۇپ ۋەدەمنى ئادا قىلماقچىمەن، — دېدى ئايال.

— يوقسۇ، ئۇنداق بولامدىغان، ئۆز ئىشىمىزغۇ، پېقىرغا جېكىلەيدىغان ئىش ـ كۈشلىرى بولسا، تارتىنماي دەۋەرسىلە، پەرمانبەردار ئورۇنلايمەن، — دېدى شەيخ.

— ئاغا، ئانام رەھمىتى ئۇچۇن كۆپرەك دۇئا ئوقۇپ قويسىلا، — دېدى ئايال.

چۆرە قىز چاي ئېلىپ چىقتى، ئايال بىر پىيالە چاي ئېلىپ، قول ياغلىقى بىلەن پىيالىنىڭ گىرۋەكلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، چاينى ئىككى قوللاپ شەيخكە تۇتتى. شەيخ پىيالىنى ئالغاچ، كۆزلىرىنى ئايالدىن ئۈزمەي تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ئايالمۇ كۈلۈپ ناز بىلەن قارىدى. ھېشقلارنىڭ شەۋقى قوزغالغاندا كۆزى قىزىرىپ قالىدۇ دېگەندەك، بۇ ئىككىسىنىڭ مىلەڭزىنىڭ ئارقىسىدا كۆز سېلىپ تۇرغان شى شيۇدىن پەرۋايى پەلەك ئىدى. شى شيۇ ئىچىدە: «ئادەمنىڭ سۆزىگە باقما، ئىشىغا باق» دېگەن شۇ ـ دە! ماڭا بۇ خوتۇن نەچچە قېتىم گەپ سالغانىدى، مەن ئۇنى ئۆز يەڭگەمدەك كۆرۈپتىمەن، ئەسلىدە بۇ قىچىقى بار خوتۇن ئىكەن ـ دە، پېقىرنىڭ قولىغىمۇ چۈشۈپ ـ تارتىپ قالمىسۇن، ئەگەر قولۇمغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، ياڭ شيۇڭنىڭ ئۆچىنى راسا ئېلىپ بېرەتتىم» دەپ ئويلىدى.

شى شيۇ ئىشىنىڭ تېگىگە چۈشىنىپ يېتىپ، مىلەڭزىنى قايرىپ چىقتى، پايىنەكباش شەيخ پىيالىنى قويۇپ:

— ئۇلتۇرۇڭ يىگىت، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

— بۇياق مېنىڭ كۈيئوغلۇمنىڭ يېڭىدىن قول بېرىشكەن ئىنىسى بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ئايال شى شيۇنى.

— ئەي يىگىت، قەيەردىن بولىسىز؟ خوش، مۇبارەك ئات ـ ئۇرۇقىڭىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سوراشتۇردى شەيخ سۆرۈن

نەزىرى بىلەن.

— ئات - ئۇرۇقۇم شى شيۇ بولىدۇ، ئۆزۈم جىنلىڭلىق بولىمەن. نەگە بارسام خەقنىڭ غىبىتىنى يەپ، كەتمىنىنى چىپىپ يۈرىدىغانلىقىم ئۈچۈن، ئەل مېنى «پىداكار يىگىت» دەپ ئاتىۋالغان. ئۆزۈم ئۆتۈپ كەتكەن بىر تومپاي، ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويسام ئېغىر ئالمىغايلا شەيخىم، — دېدى شى شيۇ.

— يوقسۇ، يوقسۇ، پېقىر بىرىپ قالغان راھىبلارنى باشلاپ كېلەي، بىللە ئولتۇرۇپ تىلاۋەت قىلايلى، — دېدى پېي رۇخەي ۋە شۇئان خوشلىشىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— ئاغا، چاپسانراق كەلگەيلا، — دېدى ئايال.

— خوپ، ھازىرلا كېلىمەن.

ئايال شەيخنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. شى شيۇ ئىشىك ئالدىدا بېشىنى سىلاپ ئولتۇرغىنىچە خىيالغا چۆكتى.

ئەي ئوقۇرمەنلەر، ئېيىتىڭلاردا بولسۇنكى، دۇنيادا ئەڭ شەھۋەتپەرەس ئادەملەر شەيخلەردۇر. نېمىشقا دېمەمسىلەر؟ پېقىر پۇقرالارمۇ، تەقۋادارلارمۇ ئوخشاشلا ئاتىلىق ئۇرۇقىدىن، ئانىلىق تۇخۇمىدىن تۆرۈلىدۇ، ئەمىسە نېمە سەۋەبتىن شەيخلەر ئەڭ شەھۋەتپەرەس كېلىدۇ؟ چۈنكى، توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ دېگەندەك، شەيخلەر ئەڭ بىكارچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈچ ۋاقلىق تامىقى تەييار، سەدىقە - ساخاۋەت ئاتىغۇچىلار ئېلىپ كەلگەن لەززەتلىك تائاملىرىنى يەپ تۇرىدۇ. ھەشەمەتلىك، ئازادە سارايلاردا ئولتۇرىدۇ، غېمى يوق، ئېسىل كات، يۇمشاق كۆرپىلەردە ئۇخلايدۇ، ھېچنېمىگە باش قاتۇرمايدۇ. كېچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنى شۇلا ئىش. ئالايلۇق، بىر مۆلۈكدار باينىڭ ئۆيىدە توققۇزى تەل بولسىمۇ، ئۇ ھەر كۈنى تالاي - تالاي ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ بىئارام بولىدۇ، كېچىلىرى پۇل، دۇنيانىڭ غېمىدە تۈن نىسپىدىلا ئاندىن ئۇخلايدۇ، ئۇلار سۇلۇ - سەتەڭ، ئاغىچا - توقاللارنىڭ قويىندا ياتسىمۇ، ئۇلاردا ئىشقىي ھەۋەس

www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ. يەنە ئالايلۇق، پىقىر ـ پۇقرالار ھەر كۈنى جاپا ـ ئەمگەكلەردىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ، ئەتىگىنى ئاخشىمىغا كۆزى يەتمەيدۇ، كەچ يېتىپ، سەھەر قوپىدۇ. كەچلىكى يېتىش ئالدىدا تېرىق كوزىسىنى سىلاپ باقىدۇ، قارىسا بىر تالمۇ تېرىق قالمىغان، ئەتىسى سېتىۋالاي دېسە پۇلى يوق تۇرغان، خوتۇنلىرى سەتەڭ بولسىمۇ، ھەپىسلىسى بارمايدۇ. ۋاھالەنكى، شەيخلەردە بۇنداق غەم ـ ئەندىشىلەر بولمايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئەتىدىن ـ كەچكىچە شەھۋانىيلىقتىن باشقىسىنى ئويلىمايدۇ. قەدىمكىلەر مانا مۇشۇلارنى ئويلاپ كېلىپ، شەيخلەر بەك يامان كېلىدۇ، دېگەن باھانى بېرىشكەن. ئۇلۇغ بىلگەر سۇ دۇڭپومۇ: «ئايدىڭ باش بولمىغان يامان بولماس، يامان بولمىغان ئايدىڭ باش بولماس، ئايدىڭ باشتىن يامانغا ئۆرۈلۈر، ياماندىن ئايدىڭ باشقا ئۆرۈلۈر» دېگەنىكەن. شەيخلەر توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەتلەرمۇ بار:

ئۇلارنىڭ بىر ئېتى راھىب، ئىككىنچى ئېتى شەيخ، ئۈچىنچى ئېتى راھەتپەرەس ئىبلىس، تۆتىنچى ئېتى شەھۋەتپەرەس شاياتۇن.

ئەمدى گەپنى شى شيۇدىن ئاڭلاڭلار. شى شيۇ ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن يەنە قايتىپ كىرىپ ئۆيدىكى ئىشلارغا ھە ـ ھۇ دېيىشتى، ئۇزاق ئۆتمەي دەرۋىشلەر كىرىپ شام ـ چىراغلارنى يېقىپ، كۈجە ـ ئىسرىقلارنى ياندۇردى. بىرئازدىن كېيىن مۇدەررىس بىرمۇنچە راھىبلارنى باشلاپ تىلاۋەت سورۇنىغا كەلدى، يەن بوۋاي بىلەن شى شيۇ ئۇلارنى چاي تۇتۇپ قارشى ئالدى، ئاندىن ئۇلار جاڭ ـ دۇمباقلىرىنى چالدى ۋە مۇناجات ئوقۇپ، قىرائەت قىلدى. مۇدەررىس بىردىنلا ياشراق بىر شەيخ بىلەن مۇدەررىسلىك قىلىپ، قوڭغۇراق چالدى، بۇت ـ بۇرھانلارنىڭ ئەرۋاھىنى چىللاپ ئۇلارغا ئاتاپ پەرھىز تائاملارنى قويدى. مۇنكىر ـ نەكىرلەردىن «مەرھۇم ۋاڭ مىرزىنى بېھىش ـ ئۈجماغقا

يـوللاش»نى ئـىلـتىجـا قىلـدى. دەل شـۇ چاغدا ئـايـال مۇسـىـبـەت كـىيـىمـنـى كـىيـىـپ، تىلاۋەت سۈپـىـسـىغـا كەلدى. ئۇ قـولـىدا بىـر كـوجىدانىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ بۇرھان كـەرىمگە تىۋىنندى. شەيخلـەر مـۇدەررىسى تىـخـمـۇ تـىـتـىـكـلـىـشـىـپ، قولـىدىكى قوڭغـۇرىقىنـى پۇلاڭلاتقىنىچە ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى. شەيخلەر ياڭ شـىـۋىڭـىـنـىـڭ خوتۇنـىـنـىـڭ بۇ تـۇرقى ـ پەيلـىـنـى كـۆرۈپ تـىـخـمـۇ تاقـىـلـداپ كەتتى.

راھىبلار تىلاۋەت سۈپـىـسـىدىكى بۇ ئايالغا قاراپ ئىختىيارسىز ھـالـدا پۇت ـ قـولـلـىـرىـنـى ئويـنـىـتـىـپ لـىـكاڭلاپ كـىـتـىـشـتـى، بىـردەمـدىـلا ئەقـىـل ـ ھـوشـىدىـن ئـىـزىـپ، تـەڭـرى ـ پەرۋەرنـى ئـۇنـتـۇدى، ئـۆزلـىـرى شـۇ يـەردە بـولـسـىـمـۇ، كـۆڭـۈلـلـىـرى ئاللىقاياقلاردا پالاس قىقىشتى، ئايهاي، دىيانەتلىـك دەپ ئاتالغـان بۇنداق راھىبـلار دۇنيادا ئـىـككىـنچى تىپـىـلماس، شـى شىۋ بىـر چەتـتـە تـۇرۇپ بۇلارنـى كـۆردى ـ دە، سـوغۇق كـۈلـۈپ، ئـۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ قـانداقمۇ نـەزىـر ـ چىراغ بـولسۇن، ساۋابـلىق ئـىش قىلـىمەن دىگۈچە، گۇنـاھ ئۆتكۈزمـەيلا قوي، دەپ ئەجـەبمۇ توغـرا ئېيتـىپتـىـكەن» دىدى. بىـرئازدىن كـىيـىـن تـىـلاۋەت توختـىـدى، شەيخ، راھىـبلار نەزىر تـائامغا تـەكلىپ قـىلـىنـىپ، ئىچـكىرىكى ئۆيگە باشلاندى. پىي رۇخەي مۇدەررىس راھـىـبلارنىڭ ئـارقىسـىـدا قىلىپ، كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، ئايالغا قاراپ ھىجايـدى، ئايالـمۇ ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلدى. ئىككىيلەن شۇ يەردە بىردەم قاشلىرىنـى ئېتىشىپ، كۆزلىرىنى ئوينىتىشىۋالدى. بۇ ھالـىـنى كۆرگەن شـى شىۋ خىلـى پەرىشان بـولدى. راھىبـلار ئولتۇرۇپ ئـالدى بىلـەن بىرنەچچە پىيالىدىن گـۈشسىز كـۆك ـ گىزەكلـەر بىلەن مـەي ئىچىشتى، ئاندىن نەزىر تائامغا تىگىش قىلدى، تائام يىيىلىـپ بولغاندىن كىيىـن ھەممىگە پۇل قويۇلدى.

ـــ سويىلىرىم، تائامغا ئوبدان بىقىشـسـىـلا، ـــ دەپ تەكلىپ قىلىپ قويىدى پەن بوۋاي.

بىردەمدىن كىيىن راھىبلار پەرھىز تائاملىرىنى يەپ بولـۇپ،

ئىستىراھەتكە چىقىشتى، ئاندىن بىر ئايلىنىپ يەنە سورۇنغا كىرىشتى. شى شيۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ دېگەن باھانە بىلەن تىلاۋەت سۇپىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئۇخلىماقچى بولۇپ ياتتى.

نەپسى تاقىلداپ، كۆزى قىزىرىپ قالغان بۇ ئايالنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى ـ دە، ئۆزىچىلا بىرىپ راھىبلارغا ھە ـ ھۇ دېيىشىپ، يەنە بىر قېتىم داقا ـ دۇمباق ۋە جاڭ ـ جۇڭلار چالدۇردى، ئۆزى بولسا چاچقۇلۇق چاچتى. شەيخلەر مۇدەررىسى راھىبلارنى نوم[1] ــ دەستۇرلارنى ئوقۇش، تەڭرىتائالاغا سېغىنىپ تۇۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇش، پاكلىنىپ ـ ئىبرىغدىنىپ، روھ ـ ئەرۋاھلارنى ياد ئېتىش، ئۈچ تۈتاتقۇ[2]غا ئەمەل ـ ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇدى. راھىبلار مەرھۇمنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى تىلەپ، ئېغىر ياتقۇ ۋاقتىغىچە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشتى، ئۇلار ئوقۇپ ـ ئوقۇپ چارچاپ قېلىشتى، پېي رۇخەي مۇدەررىس بارغانسېرى جانلىنىپ، قىرائىتىنى غارقىرىتىۋەتتى. ئايال بولسا مىلەڭزىنىڭ ئارقىسىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى، بىر چاغدا ئۇ دېدەك قىزغا شەيخنى چاقىرىۋەت دەپ بۇيرۇدى. پايىنەكباش شەيخ بۇنى ئاڭلىغان ھامان شاپاشلاپ ئايالنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

ــ ئاغا، ئەتە تىلاۋەت پۇلىنى ئالغىلى كەلگەندە، مېنىڭ ئانام رەھمىتىگە بەرگەن ۋەدەمنى ئادا قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى دادامنىڭ سەمىگە سېلىپ قويسىلا، ــ دەپ تاپىلاپ قويدى ئايال شەيخنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ.

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن ـ دە، خېنىم، ۋەدىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىۋەتكەن ياخشى، ــ دېدى شەيخ ۋە ئارقىدىنلا:

ــ ھېلىقى ئىنىلىرى ئەجەب يامان ئىكەن، ــ دەپ قايتىلاپ قويدى يەنە.

---

① نوم ــ بۇددا دىنىنىڭ كىتاب ـ دەستۇرلىرى.

② ئۈچ تۈتاتقۇ ــ بۇرھان، تەرىقەت، راھىب ئۈچىنىڭ بىرىكمىسى.

— ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز نىمە، يا ئۇ بىزنىڭ پۇشتىمىز بولمىسا، — دېدى ئايال.

— ئۇنداق بولسىغۇ مەيلى، مەن تېخى ئۇنى زىندانبېگىمنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسىمىكىن دەپتىمەن، — دېدى شەيخ.

ئىككىيلەن بىر مەھەل چاقچاق قىلىشىۋالغاندىن كېيىن شەيخ چىقىپ ئەرۋاھلارغا ئاش چېچىپ، مەرھۇمنىڭ روھىنى ئۇزىتىش بىلەن بولدى. شى شيۇ تىلاۋەت سۈپىسىنىڭ ئارقىسىدا يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ، بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆزىتىپ ياتتى ۋە كۆڭلىگە بىر ـ بىرلەپ پۈكۈپ قويدى، شۇ كۈنى تاڭ ئاتارغا يېقىن تىلاۋەت تۈگىدى، بۇت ـ بۇرھانلارنىڭ شەنىگە ئاتاپ قەغەز كۆيدۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن شەيخلەر مەغپىرەت تىلەپ قايتىشتى، ئايالمۇ بالىخانىغا چىقىپ ئۇخلاپ قالدى. شى شيۇ ئويلىغانسېرى ئاچچىقى كېلىپ: «ئاكام شۇنچە مەردانە ئەر تۇرۇپ، مۇشۇ جالاپ خوتۇنغا يولۇقۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان» دېدى ـ دە، پىغانى ئۆرلەپ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتقىنىچە قاسساپخانىغا كىرىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى ياڭ شيۇڭ قايتىپ كەلدى، ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا بىرنەرسە دېمىدى. تاماقتىن كېيىن ئۇ يەنە كېتىپ قالدى. ئارقىدىنلا پېيى رۇخەي مۇدەررىس يەنە كاتتا جابدۇنۇپ، تۇنۇگۈنكىگە ئوخشىمايدىغان راھىبلىق ئېگىنلىرىنى كىيگەن ھالدا پەن بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. شەيخنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئايال بالىخانىدىن ئىتتىك چۈشۈپ قارشى ئالدى ۋە ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى، ئاندىن دېدەك قىزنى چايغا بۇيرۇدى.

— ئاغا، — دېدى ئايال مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، — ئۆزلىرىنى كېچىچە كۆپ ئاۋارە قىلدۇق. تىلاۋەت پۇلىنى ئاپىرىپ بەرمەي سەت ئىش بولدى.

— يوقسۇ سىڭلىم، ئۇنداق دېمىسىلە، كېچە ئۆزلىرى ئانامغا قىلغان ۋەدەمنى ئادا قىلىپ توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇسام

دېگەندىلە، مانا بۈگۈن ئەتەي مۇشۇ ۋەدىنى ئادا قىلىۋېتىشنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن كەلدىم. ئىبادەتخانىمىزدا ھازىر نوم - دەستۇرلار ئوقۇلۇپ، دۇئا - تىلەك ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ، مۇشۇ تىلەككە قوشۇپ، ۋەدىلىرىنى ئادا قىلىۋېتەيلى، — دېدى مۇدەررىس.

— خوپ، بەك ياخشى بولغۇدەك، — دېدى ئايال ۋە كېڭىشىش ئۈچۈن دەرھال دېدەك قىزنى ئاتىسىغا بۇيرۇۋەتتى.

يەن بوۋاي چىقىپ مۇدەررىس بىلەن كۆرۈشتى.

— پېقىر تۇنەكتە ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولالمىدىم، تۇنىگۇدەك ھالىم يوق، قېرىپ قالدىم. يەنە كېلىپ شى شيۇنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالغىنىنى دېمەملا. مۇشۇ ۋەجىلەردىن ئۆزلىرىگە ياخشى قارىيالمىدۇق، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا شەيخىم، — دېدى يەن بوۋاي ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ.

— ياق، ئۇنداق دېمىسىلە ئاتا، — دېدى شەيخ جاۋابەن.

— دادا، — دەپ سۆز ئاچتى قىزى، — مەن ئانام رەھمەتى جان ئۆزگەندە قەسەم ئىچىپ ۋەدە بەرگەنىدىم. شەيخ ئاغىمىز ئەتە ئىبادەتخانىدا دۇئا - تىلەك ئۆتكۈزگۈدەك. بىزنىڭ ۋەدىمىزنىمۇ شۇ تىلەك بىلەن بىللە ئەمەلگە ئاشۇرۇۋەتسەك دەيدۇ شەيخ ئاغام. ھازىر ئاغام ئىبادەتخانىغا قايتىپ تىلاۋەت قىلىپ تۇرسۇن، بىز ئىككىمىز ئەتە تاماق - پامىقىمىزنى يەپ بولۇپلا بارايلى. تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇپ بۇ ۋەدىنى ئادا قىلايلى، — دېدى قىزى.

— شۇنداق بولسىغۇ ياخشى بولاتتى قىزىم، بىراق ئەتە ئوقىتىمىز ناھايىتى ئالدىراش بولىدۇ، دۇكاندا ئادەم قالمىسا قانداق بولار، — دېدى يەن بوۋاي.

— شى شيۇ ئىنىمىزنى قالدۇرۇپ كەتسەك بولمامدۇ، نېمىدىن ئەنسىرەيتتىڭىز؟ — دېدى قىزى.

— ئەتە ۋەدەمنى ئادا قىلىمەن دېسىڭىز، بوپتۇ بارساق بارايلى، — دېدى بوۋاي.

ئايال ئازراق كۈمۈش تەڭگە ئېلىپ، ئۇنى نەزىر، گېزەك پۇلى

ھېسابىدا شەيخكە بەردى ۋە:

— ئاز بولۇپ قالدى، رەنجىمىسىلە ئاغا، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم. ئەتە كېلىپ بىز بىلەن ھەمداستىخان بولالا، — دېدى.

— كۆجە - ئىسرىق يېقىشقا داخىل بولۇشلىرىنى كۈتىمەن، — دېدى پېپى رۇخەي مۇدەررىس ۋە تەڭگىلەرنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، قۇللۇق قىلىپ، — كۆپ نەرسە ئاتا قىلىشىپتىلا، پېقىر بېرىپ راھىبلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىمەن، ئەتە ئەزىز سىڭلىمنىڭ تىلاۋەتتە بولۇشىنى كۈتىمەن.

ئايال شەيخنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقتى. شى شيۇ قاسساپخانىدا ئارام ئېلىپ، ئەتىسى يەنە چوشقا سويۇپ بازارغا ئۈلگۈرتتى.

## نەزم

تا قەدىمدىن بولدى ئىشرەتكە ماكان بۇت قەسرىسى،
ئاشنا - يار تۇتقان كىشىلەر بولدى ئىشق سەۋدايىسى.
مەرھابا كالتەكنى ئوينىتاماققا چاپتى پېپى شەيخىم،
چىقتى چياۋ يۈن قەسرىدىن بولدى ئۇنىڭ خۇي ۋاستىسى.

ئەمدى ياڭ شيۇڭغا كېلەيلى. ياڭ شيۇڭ شۇ كۈنى كەچ قايتىپ ئارام ئالدى، ئۇ كەچلىك تاماقنى يەپ، پۇت - قوللىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن خوتۇنى ئۇنىڭغا دادىسى ئارقىلىق: «ئەتە قىزىم خەير - ئېھسان بۇتخانىسىغا بېرىپ، ئانىسى رەھمىتى ئۇچۇن تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇتماقچى. ئىككىمىز بىللە بېرىپ شۇ قەرزنى ئادا قىلىپ كېلەيلى دەۋاتىمىز، خەۋەردار بولۇپ قالغايسىز» دېگەن گەپنى يەتكۈزدى.

— خوتۇن، بۇ گەپنى ئۆزۈمگىلا دېسەڭ بولمامتى؟ — دېدى ياڭ شيۇڭ.

— مەن دېسەم باشقىچە ئويلاپ قالارمىكىن، دەپ سىلىگە دېيەلمىدىم، — دېدى خوتۇنى.

ئۇ كۆنى ھېچقانداق گەپ - سۆز بولمىدى، ھەر كىم ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ ئارام ئېلىشتى.

ئەتىسى ياڭ شيۇڭ تاڭ سەھەر بىلەن تۇرۇپ، يوقلىمىغا ئۇلگۇرۇش ئۈچۈن يامۇلغا كەتتى. شى شيۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز سودىسى بىلەنلا بولۇپ كەتتى. ئايال بولسا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇيا - ئەڭلىكلىرىنى سۇرتۇپ، تازا چىرايلىق ياساندى. كوچە - ئىشىكلار قۇتىسىنى ئالدى، بازاردىن شام، قەغەز ئالدۇرۇپ كەلدى ۋە بىر تەختىراۋان ياللاتتى. ئەتىگەن تۇرۇپ ئۆز سودىسى بىلەن بولۇپ كەتكەن شى شيۇ ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى. تاماقتىن كېيىن دېدەك قىز يىڭئېرنىمۇ ياساندۇردى. چاشگا ۋاقتى بولغاندا، پەن بوۋاي ئۈستىبېشىنى يەڭگۈشلەپ كېلىپ شى شيۇغا:

— ئوغلۇم، مالال كۆرمەي ھويلا - ئارانغا ئوبدانراق قاراپ قويۇڭ، پېقىر قىزىم بىلەن ئىبادەتخانىغا بېرىپ تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇۋېتىپلا قايتىپ كېلىمەن، — دېدى.

— بولىدۇ ئاتا، مەن ئۆيگە قاراپ تۇراي، ئۆزلىرى يەڭگەمگە قاراپ قويارلا. خوش پۇراق كۆجىلەردىن جىقراق كۆيدۈرۈپ كېلىشەلا، — دېدى شى شيۇ كۈلۈپ ۋە كۆڭلىدە ھەممىنى چۈشىنىپ.

پەن بوۋاي بىلەن يىڭئېر تەختىراۋاننىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، توپتوغرا ھېلىقى خەير - ئېھسان بۇتخانىسىغا قاراپ يول ئالدى. بۇرۇنقىلاردىن مۇنداق بىر ياخشى مۇناجات قاپتىكەن:

سەھەر تۇرسا قولىدا، ساكيامۇنىنىڭ دەستۇرى،
كەچ ياتقاندا ئاغزىدا، ئىمان دۇرۇت - سۇرىسى.
قوغۇن تېرىسا يەرگە، قوغۇن ئالۇر ئۇنىڭدىن،
پۇرچاق تېرىسا يەرگە، پۇرچاق ئالۇر شۇنىڭدىن.

سۆزلىنىدۇ دەستۇر ھەم سۇرىلەردە ساۋابلىق،
ئاداۋەتنى يېشىشكە، بەرگەي قانداق ئاسانلىق؟
كۆڭلىدىكى ئوي، نىيەت، ئايان بولدى بەئەينەن،
ئۇڭا پۇرسەت ـ پەيتلەرمۇ، كەلدى شۇنچە بەك بەلەن.
بولمىسا گەپ دىلدا، نەپسانىيەتلىك، شۇملۇق،
تەڭرىدىن نېمە ھاجەت، تىلەش ھەمدەم پاناھلىق؟
بارار يېرى دوزاخمۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ جەننەت،
بەلگىلەيدۇ ھەر كىمنىڭ ئۆز قىلمىشى ئاقىۋەت.

بۇ بايانلار بۇرۇنقىلاردىن قالغان بايانلار، ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق ھامان كۆلەڭگىدەك بىر ـ بىرىنى ئەگىشىپ يۈرىدۇ، ئالتە ئىشنى ۋە تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن پۈتنگەنلىرىنى ئادا قىلىمەن دېسەڭ، ئۇچ ئەمەل، بەش پەرھىزگە ئىتائەت قىلمىغىڭ لازىم، لېكىن راھىب دېگەن بۇزۇقلار ئىت ـ ئېشەكنىڭ قىلىقىنى قىلىپ، ئالدىنقىلارنىڭ نامىنى بۇلغاپ، كېيىنكىلەرنىڭ لەنىتىگە قالغان. ئەمدى پېيى رۇخەي مۇدەررىسكە كەلسەك، بۇ پاينەكباش مۇشۇ ئايالنى دەپلا پەن بوۋاينى ئاتا تۇتۇۋالغانىدى ھەمدە ياڭ شيۇڭ توسالغۇ بولۇپ تۇرغانلىقتىن، بۇ ئىشقا يۈرەكلىك قول سالالماي كەلگەنىدى. بۇ ئايال بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن قاش ئېتىشىپ، كۆز ئوينىتىشىپلا يۈردىكى، تېخى بىرەر ئىش ئۆتكۈزۈلمىگەنىدى. بۇ قېتىمقى تىلاۋەت سورۇنىدىلا ئۇنىڭ ئۆزىگە تازا مەيلى چۈشكەنلىكىنى ئۇقتى. ئۇچرىشىش ۋاقتىمۇ بەلگىلەندى، شۇڭا بۇ پاخشەك شۇ تاپتا چىشىنى بىلەپ، ئۆزىنى ئەپلەپ، بۇرۇنلا بۇتخانا ئالدىغا چىقىۋېلىپ ساقلاپ تۇردى، ئالدىدىن كېلىۋاتقان تەختىراۋاننى كۆرۈپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى ۋە دەررۇ ئالدىغا بېرىپ قارشى ئالدى.
— شەيخىم، بەك ئاۋارە بوپتىلا، — دېدى ئالدى بىلەن پەن بوۋاي.

www.uyghurkitap.com

ـــ ئاغىمىز كۆپ ئاۋارە بوپتۇ، ـــ دېدى ئايال تەختىراۋاندىن چۈشۈپ مىننەتدارلىق بىلەن.

ـــ يوقسۇ، يوقسۇ، ئۇنداق بولامدىغان، بىز سەھەر تۇرۇپلا تائەتگاھتا دۇئا ـ تىلاۋەتنى باشلىۋەتتۇق. راھىبلىرىمىز تېخى توختاتقىنى يوق. توۋا ـ ئىستىغپارنى سىڭلىمىز كەلگەندە ئوقۇيلى دەپ ساقلاپ قېلىشتى، ھەي، ھەي، تازا قاملاشقان دۇئا ـ تىلاۋەت بولىدىغان بولدى، ـــ دەپ پېپي رۇخەي مۇدەررىس ئايال بىلەن بوۋاينى تائەتگاھقا باشلاپ كىردى. ئالدىنئالا مېۋە ـ چېۋە، گۈل ـ چېچەك، كۆجە ـ ئىسرىق، شام ـ چىراغلار تەييارلاپ قويۇلغانىدى، ئون نەچچە راھىب ئۇ يەردە ھە دەپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى، ئايال ھەممىسىگە تەزىم قىلىپ ئىسەنلىك سوراپ، بۇددا كالامغا ئېتىقاد بىلدۈردى، كېيىن پېپي رۇخەي مۇدەررىس ئۇنى زېمىننى بۇدساتۋانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇتتى. ھەممە باش ئۇرۇپ تېۋىنىپ بولغاندىن كېيىن قەغەز كۆيدۈرۈلدى، راھىبلار نەزىر تائامغا تەكلىپ قىلىندى، شاگىرتلار كۆتۈشكە بۇيرۇلدى.

ـــ ئەي ئاتا، ئەي ئەزىز سىڭلىم، راھىبخانىمىزغا مەرھەمەت قىلىشسىلا، ـــ دەپ تەكلىپ قىلدى شەيخ.

مۇشۇ تەكلىپ بىلەنلا ئايالنى راھىبخانىنىڭ ئىچكىرىكى بۆلمىسىگە باشلاپ كىرىپ كەتتى، بۇ يەردە ھەممە نەرسە ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغانىدى. شەيخ: «ھوي باللار، چاي كەلتۈرۈڭلار» دېيىشىگە ئىككى كۆتكۈچى قىپقىزىل تەخسىلەرگە سېلىنغان ئاپپاق كۈمۈش پىيالىلەردە خۇش پۇراق چاي ئېلىپ كىردى. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن: «قېنى سىڭلىم، ئىچكىرىگە مەرھەمەت» دەپ يەنە بىر كىچىك ھۇجرىغا تەكلىپ قىلدى، ھۇجرىغا قاپقارا يالتىراق سىردا سىرلانغان بىر ئاشتاختا قويۇلغان بولۇپ، تېمىدا ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ قولى بىلەن يېزىلغان قول يازمىلار ۋە سىزىلغان رەسىملەر ئېسىقلىق تۇراتتى، كىچىككىنە شىرەدە ئىسرىقداندا خۇش پۇراق كۆجىلەر

كۆيۈپ تۇراتتى. پەن بوۋاي قىزى بىلەن بىر ياقتا، شەيخ بولسا ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى، يىگىتلەر يان ياقتا ئولتۇردى.

— ئاغا، بۇ يەر تەقۋادارلارغىلا خاس يەر ئىكەن ـ دە، ئەجەبمۇ تىنچ، ئارامبەخش ھۇجرا ئىكەنغۇ، — دېدى ئايال.

— زاكىلىق قىلمىسىلا سىگىلىم، ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك خانىلىرىغا يەتمەسمىكىن، — دېدى شەيخ.

— شەيخىم، ئۆزلىرىنى بىر كۆن ئاۋارە قىلدۇق، ئەمدى قايتايلى، — دېدى پەن بوۋاي.

شەيخ بۇنىڭغا نەدە كۆنسۇن.

— ئاتىمىزنىڭ بۇ يەرگە كەلمىكى ئاسان ئەمەس، بىز يات ئەمەسقۇ، بۇگۈنكى نەزىر تائامنى سىگىلىمىز ئاتىغان، تائام ـ پائام يېمەيلا قانداق قايتىشىلا ئاتا؟ ھوي باللار، تامىقىڭلارنى تېز ئېلىپ كىرىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى شەيخ.

شەيخنىڭ ھايت دېيىشى بىلەنلا كۈتكۈچىلەر ئالاھىدە ساقلاپ قويۇلغان يوچۇن ـ يوچۇن يېمىشلەر، تۇرلۇك ـ تۇرلۇك كۆك ـ گىزەكلەرنى تەۋەككە سېلىپ ئېلىپ كىرىپ ئاشتاختىغا قويدى.

— جان ئاغا، نېمىشقا مۇنچىۋالا جوۋاپ كېتىدىلا، — دېدى تەكەللۇپ بىلەن ئايال.

— ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولمىدى. قاتتىق ـ قۇرۇق بولۇپ قالغان بولسىمۇ ياخشى كۆڭلۇم، — دېدى شەيخ.

كۈتكۈچىلەر قەدەھلەرگە مەي قۇيدى.

— ئاتا، ئۆزلىرى بۇ يەرلەرگە يولىمىغىلى ئۇزاق بولدى. مۇنۇ مەينى تېتىپ باقسىلا، — دېدى شەيخ.

— ۋاي ـ ۋۇي ئەجەبمۇ خۇش پۇراق مەيكىنە، — دەۋەتتى بوۋاي ئىچىپ بېقىپ.

— بۇ مەينى ياساشنى ئۆتكەندە بىر ساخاۋەتچى تەخسىرنىڭ ئۆيىدە ئاڭلاپ، بۇ يەردىمۇ تۆت ـ بەش تاغار گۇرۇچتە ياساتقاندىم، ئەتە كۈيۈئوغۇل يىگىتكىمۇ بىرنەچچە خۇمرا ئەۋەتىپ بېرەي، ئېغىز تېگىپ باقسۇن، — دېدى شەيخ.

www.uyghurkitap.com

— جوۋىمىسىلا شەيخىم، — دېدى بوۋاي.

— سىڭلىمنىڭ لايىقىدا ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ يەنە بىر قەدەھ ئىچىپ قويسىلا، — دەپ تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى شەيخ يەنە.

— ئىككى كۆتكۈچى دەم ـ بەدەم مەي قۇيۇپ تۇردى، يىگىتلىرىمۇ بىرنەچچە قەدەھ ئىچىۋېتىشتى.

— بەس، ئەمدى بولار، — دېدى ئايال.

— سىڭلىمىزنىڭ بۇ يەرگە كەلمىكى ئاسان ئەمەس، يەنە بىر ئاز ئىچكەيلا، — دېدى شەيخ.

يەن بوۋاي تەخىراۋانچىلارنى چاقىرىپ كىرىپ، ئۇلارغىمۇ مەي قۇيۇپ بېرىشنى ئېيتتى.

— ئاتا، — دېدى شەيخ، — خاتىرجەم بولسىلا، پېقىر ئالىلىقاچان جورۇۋەتكەن. ئۇلارنى كۈتىدىغان ئادەم بار، شۇ تاپتا ئۇلارمۇ مەي ئىچىۋاتىدۇ. ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ بەھۇزۇر ئولتۇرغايلا.

بۇ پاخشەك ئەسلىدە بۇ چوكانغا ئاتاپ، ئەتەي كۈچلۈك مەيلەرنى تەييارلىتىپ قويغانىدى، شۇڭا يەن بوۋاي بىر ـ ئىككى قەدەھ ئىچە ـ ئىچمەيلا مەست بولۇپ قالدى.

— ئاتىمىزنى يۆلەپ ئاپىرىپ كاتقا ياتقۇزۇپ قويۇڭلار، — دەپ بۇيرۇدى شەيخ كۈتكۈچىلەرنى.

كۈتكۈچىلەر بوۋاينى قولتۇقلاپ، سالقىن بىر ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى.

— قېنى خېنىم، ئەمدى ئىشتەي بىلەن بىرنەچچە قەدەھ ئىچىۋەتكەيلا، — دەپ زورلىدى چوكاننى شەيخ.

بۇرۇنقىلار: «مەي شەھۋانىيەتنى قوزغايدۇ، ئىشقۋازلىق ئەقىلنى ئوغرىلايدۇ» دېگەنىكەن. چوكاننىڭ بىرىنچىدىن شەيخكە كۆڭلى بولغانلىقى، ئىككىنچىدىن مەي ئىچىپ شەۋقى قوزغىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇ تاپتا قىمىرلاپ ئولتۇرالماي كەتتى ۋە نەچچە قەدەھ مەي ئىچكەندىن كېيىن كەيپلىكتە:

— جىنىم ئاغا، مىنى ئەجەب مەيگە زورلاپ كەتتىلىغۇ، نىمە قىلماقچىدىلە، — دەۋەتتى.

— خىنىمنىڭ ھۆرمىتى، — دىدى شەيخ ھى - ھى قىلىپ كۈلۈپ.

— ئەمدى ئىچەلمەيمەن، — دىدى چوكان.

— ئۇنداق بولسا پىقىرنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ بۇرھان كەرىمنىڭ چىشىنى كۆرۈپ چىقمامىلا، — دىدى شەيخ.

— مەنمۇ دەل شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم، — دىدى چوكان.

شەيخ ئۇنى باشلاپ بىر راۋاققا ئېلىپ چىقتى، بۇ راۋاقتا شەيخنىڭ ناھايىتى سىپتا جابدۇنغان خاس ھۇجرىسى بار ئىدى. چوكان كۆرۈپ:

— ئەجەب پاكىز، ئازادە ھۇجرا ئىكەن ! — دىدى دىلخۇشلۇق بىلەن.

— پەقەت بىرلا كەم يېرى خوتۇن - دە، — دىدى شەيخ كۈلۈپ.

— بىرەرنى تېپىۋالسىلا بولمامدۇ، — دىدى چوكانمۇ كۈلۈپ.

— بۇنداق شاپائەتچى خىنىملار نەدە باردۇر، — دىدى شەيخ.

— ماڭا ئاۋۋال بۇرھان كەرىمنىڭ چىشىنى كۆرسەتسىلە، — دىدى چوكان.

— ئەمىسە يىڭئېرنى چىقىرىۋەتسىلە، ئاندىن كۆرسىتىمەن، — دىدى شەيخ.

— يىڭئېر، سەن چىقىپ دادامغا قاراپ باققىنا، ئويغاندىمىكىن، — دەپ يىڭئېرنى بۇيرۇۋەتتى. يىڭئېر راۋاقتىن چۈشۈپ پەن بوۋاينىڭ قېشىغا كەتتى. شەيخ غاچچىدە ئىشىكنى تاقىدى.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن دانىشمەنلەر شۇنداق دەپتۇكەنكى، شەيخلەر تۆمۈرنىمۇ تېشىۋېتىدىغان مىتىلەردۇر. تۆمۈر شۇنچە قاتتىق، تۆشۈكسىز نەرسە بولسىمۇ، شۇنىمۇ

تېشىپ كىرىپ كېتىدۇ. ناتىۋانلار ئۇلارغا تېگەلمەيدۇ. بۇنداق پاخشەكلەر ھەققىدە بۇرۇنىسىدا شۇنداق قوشاقمۇ بار:

شەھۋەتپەرەس شاياتۇنلار يىرتقۇچلارنىڭ يىرتقۇچىدۇر،
يالغاننى راست قىلغان ئۇلار، ئەجدادىغا لەنەت ياغۇر.
قانداقمۇ باب بولسۇن ئۇلار گۈل سارايغا باشلاپ كىرىش،
پەقەت مۇنداق بەتقىلىقلار جاڭگالغىلا لايىق كېلۇر.

شۇ ئەسنادا پاخشەك:
— ئاھ خېنىم، ئۆزلىرى ماڭا مەيلىلىرىنى بەردىلە، ئەمدى ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق. بۈگۈن كۆڭلۈمنى خۇش قىلدىلا، بىراق بىردەملىككىلا كۆڭۈل خۇشى. ئاي، كۈن ئۇزاق، دەرد - پىراقلىرىدا كۆيۈپ تۈگەيدىغان بولدۇم، — دېدى.
— توختىسىلا، مەن مۇنداق بىر ئامالنى ئويلاپ قويدۇم. مېنىڭ ئېرىم بىر ئاينىڭ ئىچىدە يىگىرمە نەچچە كۈن زىنداندا كۆزەتچىلىك قىلىدۇ. مەن يىگىتىرنى كۆندۈرۈپ، ئۇنى ھەر كۈنى ئارقا ئىشىكتە ساقلاپ تۇرۇشقا قويىمەن. ئېرىم ئۆيدە قونمىغان كېچىلىرى كوچە شىرەسىدىن بىرنى تاشقىرىغا قويدۇرۇپ قويىمەن. بۇ كەچلىك كوچە كۆيدۇرۇش بەلگىسى بولىدۇ، ئۆزلىرى مۇشۇ بەلگىگە قاراپ بەخۇدۇك كىرىۋەرسىلە. ئەگەر تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قالارمەنمىكىن دەپ ئەندىشە قىلسىلا، ئەتىگەندە تاكتاك چېلىپ بەلگە بېرىدىغان تاڭ چىللاقچىسىدىن بىرنى تاپسىلا، ئۇ ئەتىگىنى ئارقا ئىشىككە كېلىپ تاكتاك ئۇرۇپ بەلگە بەرسۇن، تاكتاكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايدىلا - دە، غىپپىدە تۇرۇپ چىقىپ كېتىدىلا. بۇ ئادەم بىر ياقتىن سىرتقا قارىتا كۆز - قۇلاق بولىدۇ، يەنە بىر ياقتىن ئۆزلىرىگە بەلگە بېرىدۇ، — دېدى چوكان.
— بەللى، بەللى، ئەمىسە ئۆزلىرىمۇ شۇنداق قىلسىلا، — دېدى شەيخ ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن، — مەنمۇ شۇنداق قىلاي، بىزنىڭ يېنىمىزدا بىر تاكتاكچى بار، ئۇ ھەر كۈنى كوچا ئارىلاپ

تاكتاك سوقىدۇ، مەن ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇشنى جېكىلەپ قويساملا بولغىنى.

— مەن بۇ يەردە كۆپ ھايال بولۇپ قالماي، بىكار ئۇ نېمىلەر گۇمان قىلىشىپ قالمىسۇن، تېزرەك قايتاي، ئەمىسە گەپ شۇنداق بولسۇن، — دېدى - دە، چوكان چاچلىرىنى ئالدىراش تۈزەشتۈرۈپ، ئۇپا - ئەڭلىكلىرىنى قايتىدىن سۈرتۈپ، ئىشىكنى ئاچتى - دە، راۋاقتىن ئىتتىك چۈشۈپ كەتتى ۋە يىڭئىبىرغا بوۋاينى چاقىرىۋېلىشنى تاپىلاپ قويۇپ، راھىبخانىدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى. تەختىراۋانچىلار ئىچىدىغىنىنى ئىچىپ، يەيدىغىنىنى يەپ بولۇپ، بۇتخانا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. مۇدەررىس چوكاننى بۇتخانىنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى، چوكان خوشلىشىپ تەختىراۋانغا چىقتى - دە، يەن بوۋاي ۋە يىڭئىبىرلار بىلەن بىللە ئۆيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى پېي رۇخەي مۇدەررىستىن ئاڭلاڭ. ئۇ قايتىپ كىرىپ ھېلىقى تاكتاكچىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئەسلىدە بۇ مەھەللىدە كوچا كېزىپ يۈرىدىغان بىر تىلەمچى بوۋاي بار ئىدى، ئۇ بۇتخانىنىڭ ئارقىسىدىكى خالتا كوچىغا جايلاشقان كىچىك بۇتخانىدا ئولتۇراتتى. كىشىلەر ئۇنى خۇ تاكتاكچى بوۋاي دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ تاكتاك چېلىپ، كىشىلەرنى بۇت - بۇرھانلارغا تېۋىنىشقا چاقىراتتى، تاڭ ئاتقاندا بولسا سەدىقە تىلەپ ئىشىكمۇئىشىك باراتتى. شەيخ ئۇنى چاقىرىپ كىرىپ، راسا ئوبدان مەيدىن ئۈچ قەدەھ قۇيۇپ بەردى ۋە ئازراق كۈمۈش تەڭگىمۇ بەردى.

— تەخسىر، — دەپ ئورنىدىن تۇردى تاكتاكچى، — مېنىڭ نېمە قىلغان ياخشىلىقىمغا پۇل بېرىدىلا. پېقىر ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ ياردەم، ئىلتىپاتلىرىغا ئېگە بولۇپ كېلىۋاتىمەنغۇ.

— سېنىڭ ئاق كۆڭۈل، تۈز نىيەت ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ياخشى بىلىمەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى راھىبلىق دەستىكى

www.uyghurkitap.com

سىتىۋېلىپ، سىنى راھىب قىلىۋالىمەن. بۇ پۇلنى ئاپىرىپ كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ كىيىۋالغىن، ـــ دېدى شەيخ.

بۇ شەيخ ھەر كۈنى دىگۈدەك خىزمەتكارلىرىدىن ئۇنىڭغا ئانچە ـ مۇنچە نەزىر تائامى چىقىرىپ تۇراتتى، تىلاۋەتلەرگىمۇ بىللە ئالغاچ بېرىپ ئانچە ـ مۇنچە نەزىر پۇللىرىغىمۇ ئىگە قىلىپ قوياتتى. شۇڭا، بۇ تاكتاكچى شەيختىن تولىمۇ رازى ئىدى. ئەمما، بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرالماي يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ: «بۈگۈن ماڭا يەنە پۇل بېرىۋاتىدۇ، چوقۇم ماڭا بىرەر ھاجىتى چۈشكەن ئوخشايدۇ، نىمىشقا قاراپ تۇرىمەن» دەپ ئويلىدى ـ دە:

ـــ تەخسىر، ئىش ـ كۈشلىرى بارمىدى، بولسا پېقىرنى بۇيرۇسىلا، بېشىم بىلەن تەييارمەن، ـــ دېدى.

ـــ ئەي بوۋاي، ـــ دەپ ئىچىدىكىنى ئېيىتتى مۇدەررىس، ـــ سەن شۇنچە ئاق كۆڭۈل تۇرساڭ، سەندىن نىمەمنى يوشۇراتتىم، مېنىڭ بىر ھاجىتىم بار، مەن يەن بوۋاي دېگەن كىشىنىڭ قىزى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشماقچىمەن، بۇ خېنىم ئارقا ئىشىكىگە كۆچە شىرەسى قويماقچى، بۇ مېنى چاقىرغانلىقىنىڭ بەلگىسى. مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ مارىلاپ يۈرمىكىم تەس، سەن ئاۋۋال بېرىپ شىرەنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قاراپ كېلىسەن، ئاندىن مەن بارىمەن؛ يەنە بىر ئىش، مالال كۆرمىسەڭ تاڭ ئالدىدا، كىشىلەرنى تېۋىنىشقا چاقىرغاندا، ھېلىقى ئارقا ئىشىككە كېلىپ قارايسەن، ئادەمزات بولمىسا، تاكتىكىڭنى قاتتىق ئۇرۇپ، بار ئاۋازىڭ بىلەن تېۋىنىشقا چاقىرىسەن، مەن ئاڭلاپ غىپپىدىلا چىقىۋالىمەن.

ـــ ۋاي تەخسىر، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، ـــ دەپ دەرھال قۇللۇق قىلدى ۋە شۇ كۈنىلا ئالدى بىلەن يەن بوۋاينىڭ ئارقا ئىشىكىگە كېلىپ سەدىقە تىلىدى، يىگىتىر چىقىپ:

ـــ ھەي دەرۋىش، سەدىقىنى نىمىشقا ئالدى ئىشىكتىن تىلىمەي، ئارقا ئىشىكتىن تىلەيسىز؟ ـــ دەپ سورىدى.

تىلەمچى بىرنىمىلەرنى ئوقۇدى، ئىچكىرىدە تۇرغان چوكان ئاڭلاپ ھەممىنى چۈشەندى ـ دە، ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ:

— ھەي دەرۋىش، سىز تاڭ ئالدىدا كىشىلەرنى تېۋىنىشقا چاقىرىدىغان تاكتاكچى بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، پېقىر تاڭ ئالدىدا كىشىلەرنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىدىغان، كەچتە كوچە ياقتۇرۇپ ساۋابقا ئۈندەيدىغان تاكتاكچى بولىمەن، — دېدى تىلەمچى.

چوكان بۇنى ئاڭلاپ شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتىكى، يىڭنىبىرنى دەرھال ئۆيگە كىرىپ بىر تىزىق يارماق ئېلىپ چىقىپ سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇۋەتتى.

تاكتاكچى يىڭنىبىرنىڭ كەينىگە ئۆرۈلۈپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— پېقىر پىي روخەي مۇدەررىسنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولىمەن. ئۇ كىشى مېنى كۆزىتىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، — دېدى چوكانغا.

— ئۇقتۇم، بۈگۈن كەچتە كېلىپ قاراپ بېقىڭ، ئەگەر سىرتقا كوچە شىرەسى قويۇلغان بولسا، بېرىپ ئۇ كىشىگە خەۋەر قىلىڭ، — دېدى چوكان.

تىلەمچى ماقۇل دەپ بېشىنى لىڭشىتتى. يىڭنىبىر يارماقنى ئېلىپ چىقىپ تىلەمچىگە بەردى. چوكان ئۆيگە يېنىپ كىرگەندىن كېيىن كۆڭلىدىكى سىرنى يىڭنىبىرغا ئېيتتى. بۇرۇنقىلار: «دېدەك دېمەك — قۇل دېمەكتۇر» دەپتىكەن. ئۇلارغا سەل - پەل نەپ تەگسە دېگەن يېرىگە چاپىدۇ. ھەرقانچە چوڭ ئىشنىڭ بولسىمۇ قىلىپ بېرىدۇ. دېدەكلەرنى ئىشقا سېلىشقىلا بولىدۇ، ئىشىنىشكە بولمايدۇ، بىراق ئۇلار بولمىسىمۇ بولمايدۇ. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

دەلىللىكتۇر ھەر بالانىڭ يىلتىزى - قاينار كۆزى،
ئەر - خوتۇننى ئايرىغاي، ئۆينى بۇزۇپ دېدەك ئۆزى.
سال نەزەر بىر چاغدا ئۆتكەن ئاشۇ يىڭ يىڭ[1] ئىشىغا،
ئۇنىمۇ ئۈندەككە كەلتۇرگەنغۇ خۇڭ نياڭ[2]نىڭ سۆزى.

---

① يىڭ يىڭ — «غەربىي ھوجرا» رومانىنىڭ قەھرىمانى.
② خۇڭ نياڭ — «غەربىي ھوجرا» رومانىدىكى دېدەك.

ئەمدى ياڭ شيۇڭغا كېلەيلى. ياڭ شيۇڭ شۇ كۈنى يەنە كۆزەتچىلىك نۆۋىتى كېلىپ قالغانلىقتىن، كەچ كىرمەيلا ئۆيگە كېلىپ، ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى ئالدى ـ دە، زىندانغا قونغىلى كەتتى. ئانچە ـ مۇنچە تاپان ھەققىگە ئىگە بولغان يىگىتبىر كەچ كىرگۈچە كۆزى تۆت بولۇپ، كۈجە شىرەسىنى تەييارلاپ، گۈگۈم ۋاقتى بىلەنلا، ئۇنى ئارقا ئىشىكنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ قويدى، چوكان بولسا بىر يانغا ئۆتۈپ كۈتۈپ تۇردى. ئەل ياتار چاغدا، بېشىغا بوغمىچا چىگكەن بىر ئادەم غىپپىدە ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— كىم؟ — دەپ سورى يىگىتبىر.

ھېلىقى ئادەم ئۇندىمەستىن بوغمىچىسىنى بېشىدىن ئېلىپ، پاينەكبېشىنى كۆرسىتىپ قويدى. بىر ياندا تۇرغان چوكان ئۇنىڭ شەيخ ئىكەنلىكىنى كۆردى ـ دە، «ھۇ... پاخشەك، ئەقىل ـ پەمىڭ بار ئىكەن ـ دە» دەپ بوشقىنا تىللاپ قويدى.

ئىككىسى ئۇدۇل بالىخانىغا چىقىپ كەتتى. يىگىتبىرمۇ كۈجە كۆيدۈرىدىغان شىرەنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئىشىكنى تاقىدى ـ دە، ئۇخلاشقا كەتتى. قەدىمكىلەرنىڭ «يار بىلەن تېپىشقاندا تاڭ ئاتماس كېچە بولسا، ئالتۇن خوراز تاڭ سەھەردە كېچىكىپرەك چىللىسا» دېگىنىدەك، بۇ ئىككىسى تازا تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا، تاشقىرىدىن قاتتىق ئۇرۇلغان تاكتاكنىڭ ئاۋازى بىلەن ئۇنلۇك ئوقۇلغان قىرائەت ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە، شەيخ بىلەن چوكان بىردىنلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. شەيخ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— مەن كەتتىم، كەچتە يەنە تېپىشارمىز، — دېدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن كۈجە شىرەسى ئىشىكنىڭ سىرتىدىلا بولىدىكەن، چوقۇم ۋەدىگە ۋاپا قىلسىلا؛ ئەگەر ئىشىكنىڭ سىرتىدا كۈجە شىرەسى بولمىسا ھەرگىز كەلمىسىلە، — دېدى چوكان.

شەيخ كاتتىن چۈشۈپ بوغمىچىسىنى چىگدى.

يېڭىبىر چىقىپ ئارقا ئىشىكنى ئېچىپ بەردى، شەيخ ئاستاغىنا چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ياڭ شيۇڭ زىندانغا كۆزەتچىلىك قىلىشقا كەتكەن هامان، بۇ شەيخ يېتىپ كېلىدىغان بولدى. ئاتىسى كەچ كىرە - كىرمەيلا يېتىۋالاتتى. چۆرە قىزمۇ چوكان بىلەن بىر نىيەتتە ئىدى. پەقەت شى شيۇدىنلا ئېهتىيات قىلاتتى. ئىككىيلەن يۆگىمەچتەك ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتتى. شەيخ تاكتاكچىنىڭ ياردىمى بىلەن هېچ توسالغۇسىز كېلىپ - كېتىپ يۈرىدىغان بولدى. چوكانمۇ يېڭىبىرنىڭ شەيخنى كىرگۈزۈپ - چىقىرىپ، پايلاقچىلىق قىلىپ بېرىشى ئارقىسىدا، شەيخ بىلەن ئوغرىلىقچە ئەيش - ئىشرەت قىلىپ نەپسىنى قاندۇرۇپ يۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر ئايدىن ئارتۇقراق باردى - كەلدى قىلىشتى، شەيخ ئون نەچچە قېتىم كەلگەن بولدى.

ئەمدى گەپنى شى شيۇدىن ئاڭلاڭ. ئۇ هەر كۈنى دۇكاننى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، قاسساپخانىدا يېتىپ - قوپۇپ يۈرەتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۇلغىۋالدى. هەر كۈنى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئىككى تايىن بولۇپ يۈردى، ئەمما شەيخنى هېچ ئۇچرىتالمىدى. هەر كۈنى تاڭ ئاتارغا يېقىن ئاران ئۇخلىيالايتتى، بەزىدە ئورنىدىن سەكرەپ - چاچراپ قوپۇپ كېتەتتى، ئولتۇرسا - قوپسا ئويلايدىغىنى مۇشۇ ئىش بولۇپ قالدى. دائىم تاڭ چىللاقچىسىنىڭ ئۇدۇل مۇشۇ خالتا كوچىغا كېلىپ تاكتىكىنى ئۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن تېۋىنىشقا چاقىرغانلىقى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بەك سەزگۈر بولغانلىقتىن، خېلى بۇرۇنلا ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشىنىۋالغانىدى. «بۇ بىر خالتا كوچا تۇرسا، نېمە ئۈچۈن تاكتاكچى ئۇدا نەچچە كۈنگىچە بۇ كوچىغا كېلىپ تاكتاك ئۇرۇپ تېۋىنىشقا چاقىرىدۇ؟ بۇنىڭدا بىر گەپ بار» دەپ تەمكىنلىك بىلەن ئويلىناتتى ئۇ ئون بىرىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بىر

كۈنى تاڭ ئاتار چاغدا شى شيۇ ئۇخلىماي ياتقاندا، بىردىنلا تاكتاكنىڭ ئاۋازى كەلدى ۋە يەنە تاكتاكچىنىڭ ئۇدۇل مۇشۇ كوچىغا تاكتاك ئۇرۇپ كىرىپ، ئارقا ئىشىككە كەلگەندە: «ئەي بەندىلەر، بالايىئاپەت، خەۋپ – خەتەردىن قۇتقۇزغۇچى ئىگىمىز — بۇت بۇرھانلاردىن نىجاتلىق تىلەڭلار» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىدى. شى شيۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ يوچۇنلا چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى – دە، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ، بېشىغا بوغمىچا چىگىۋالغان بىرەيلەننىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن غىپپىدە چىقىپ، تاكتاكچى بىلەن بىللە كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يىڭئېرنىڭ كېلىپ ئىشىكنى تاقىۋالغانلىقىنى كۆردى. شى شيۇ بۇنى كۆرۈپ ئۆز – ئۆزىگە: «ئاغام ئۆزى شۇنچە مەردانە ئەر تۇرۇپ، مۇشۇ جالاپ خوتۇنغا يولۇقۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان، ھەي، بۇ بۇزۇق شەرمەندىنىڭ ئاغامدىن يوشۇرۇنچە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرمەمدىغان» دېدى – دە، زەردە بولغان ھالدا تاڭنى بىتاقەتلىك بىلەن ئاتقۇزۇپ تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئۇ چوشقا گۆشلىرىنى ئىشىك ئالدىغا ئاچىقىپ ئەتىگەنلىك بازارغا ئۈلگۈرتۈپ ساتتى. تاماقتىن كېيىن نېسى پۇللارنى بىرەر قۇر يىغىپ، چۈش بولاي دېگەندە ياڭ شيۇڭنى ئىزدەپ ئايماق يامۇلىغا كەتتى.

يامۇلنىڭ يېنىغا كېلىشىگە، ياڭ شيۇڭ ئۇدۇلىدىن چىقىپ قالدى.

— ئۇكا، نەگە كېتىۋاتىدىلا؟ — دەپ سورىدى ياڭ شيۇڭ.

— نېسى پۇللارنى يىغقاچ ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، — دېدى شى شيۇ.

— مەن يالاڭ يامۇلنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراپ، سىلى بىلەن ئازادە ئولتۇرۇپ بىرنەچچە قەدەھ مەي ئىچىشەلمىگەنىدىم، كەلسىلە ئۇكا، بۇ يەردە بىردەم ئولتۇرايلى، — دېدى ياڭ شيۇڭ ۋە شۇئان شى شيۇنى يامۇلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بىر مەيخانىغا باشلاپ كىرىپ، پىنھان ۋە پاكىز بىر ھۇجرىدا ئولتۇردى.

ئىككىيلەن ئولتۇرغاندىن كېيىن ياڭ شيوۋ مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ ئوبدان مەيدىن بىر خۇمرا مەي، يەل - يېمىشلەر، يېڭى تۇتۇلغان دېڭىز نېمەتلىرىدىن ئالدۇردى. ئىككىيلەن ئولتۇرۇپ ئىككى - ئۈچ قەدەھتىن ئىچىشكەندىن كېيىن ياڭ شيوۋ شى شيۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرمەي ئوي - خىيال بىلەن ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ياڭ شيوۋ ئىچى كۆچلۈك ئادەم بولغانلىقتىن دەرھاللا:

— ئۇكام، كۆڭۈللىرى بەك پەرىشانغۇ؟ ئۆيدىكى بەزى گەپ - سۆزلەر كۆڭۈللىرىگە تەگكەن ئوخشىمامدۇ، — دەپ سورىدى.

— ئۆيدە ھېچقانداق گەپ - سۆز بولغىنى يوق ئاغا، پېقىرنى ئۆزلىرىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىلىرىدەك كۆرۈۋاتقانلىقلىرىغا بەكمۇ مىننەتدارمەن، دەيدىغان بىرئاز گېپىم بار ئىدى، ئېيتسام بولارمۇ؟ — دېدى جاۋابەن شى شيۇ.

— ئۇكام، نېمىشقا مېنى يات كۆرۈۋاتىدىلا؟ دەيدىغان گەپلىرى بولسا دەۋەرسىلە.

— ئاغا، سىلى ھەر كۈنى چىقىپ كېتىپ خانلىق ئىشى بىلەنلا بولۇپ كېتىلا، ئارقىلىرىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئۇقمايلا. خوتۇنلىرى ئوبدان خوتۇن ئەمەس ئىكەن، پېقىر ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆپ كۆرگەن بولساممۇ، سىلىگە ئېيتىشقا پېتىنالمىدىم. بۈگۈن ئۇنىڭ قىلمىشىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرگەنلىكىمدىن، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، سىلىنى ئىزدەپ كەلدىم، بۇ گەپنى تۇيۇتۇزلا دەۋەتتىم، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا.

— مېنىڭ گەجگەمدە كۆزۈم يوق، ئارقامدا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى نەدىن كۆرەي. ئېيتسىلا قېنى، زادى كىم ئىكەن؟

— ئالدىنقى كۈنى ئۆيدە دۇئا - تىلاۋەت ئوقۇتۇش ئۇچۈن، ھېلىقى پاخشەكنى تەكلىپ قىلغانىدۇق. شۇ كۈنى يەڭگەمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قاش - كۆز ئېتىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالغانىدىم، ئۈچىنچى كۈنى ئۇلار يەنە ئىبادەتخانىغا تۇۋا -

ئىستىغپار ئوقۇشقا بارغاندا، ھەر ئىككىيلەن مەي ئىچىپ قايتىپ كەپتۇ. يېقىنقى كۈنلەردىن بىرى مەن بىر تاكتاكچىنىڭ ئۇدۇل بىزنىڭ كوچىمىزغا كېلىپ تاكتاك ئۇرۇپ تېۋىنىشقا چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدىم، ئۇنىڭ تاكتاك ئۇرۇشى يوچۇنلا. بۈگۈن تاڭ ئاتاردا ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىسام، راستلا ھېلىقى پاخشەك بېشىغا بوغمىچىسىنى چىگىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنداق جالاپ خوتۇننى ساقلاپ نېمە قىلىلا ئاغا؟

— بۇ پەس جالاپ شۇنداق قىلىشقا پېتىنىپتىما؟ — دېدى ياڭ شيۇڭ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپ بىلەن.

— ئاغا، ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا، بۈگۈن ئاخشام بۇ ئىشنى ئېغىزلىرىدىن چىقارماي، ئادەتتىكىدەك مۇئامىلە قىلسىلا؛ ئەتە يەنە زىنداندا كۆزەتچىلىك قىلىمەن دەپ چىقىپ كېتىپ، يېرىم كېچە بولغاندا كېلىپ ئىشىكنى قاقسىلا، ھېلىقى بەتنىيەت ئەبلەخ ئارقا ئىشىكتىن چىقىدۇ، شۇ چاغدا پېقىر ئۇنى «كوپ» قىلىپ تۇتىمەن ـ دە، سىلىنىڭ قوللىرىغا تاپشۇرىمەن، — دېدى شى شيۇ.

— ئۇكام، دېگەنلىرىدەك بولسۇن، — دېدى ياڭ شيۇڭ.

— ئاغا، بۈگۈن كېچە ھەرگىز قالايمىقان سۆزلەپ چاندۇرۇپ قويمىسىلا، — دەپ تاپىلاپ قويدى شى شيۇ ئۇنىڭغا.

— مەن ئەتە سىلىنى چاقىرىمەن، — دېدى ياڭ شيۇڭ.

ئىككىيلەن يەنە بىرنەچچە قەدەھتىن مەي ئىچىپ، مەي پۇلىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن بالىخانىدىن چۈشۈپ ئۆز ئۆيىگە قايتماقچى بولۇشتى. بۇ چاغدا بىرنەچچە پايلاقچى ياڭ شيۇڭنى چاقىرىپ:

— سىلىنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىمىز قالمىدى. ئامبال بېگىم سىلىنى بىز بىلەن گۈرزىۋازلىق قىلىشقا سالماقچىكەن، ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، تېز بولسىلا تېز، — دەپ ئالدىراتتى.

— ئامبال بېگىم مېنى چاقىرتىۋېتىپتۇ، بارمىسام بولمايدۇ

ئۇكام، سىلى ئۆيگە قايتىپ كېتىۋەرسىلە، ـــ دېدى ياڭ شيۇڭ شى شيۇغا.

شى شيۇ ئۆزى يالغۇز ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، دۇكاننى يىغىشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن قاسساپخانىغا كىرىپ ئارام ئالدى.

ياڭ شيۇڭ ئامبالنىڭ چاقىرتىشىغا بىنائەن باغچىغا كىرىپ، بىرنەچچە مەررە گۇرزىۋازلىق ماھارىتىنى كۆرسەتتى. ئامبال ئويۇننى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئون جام مەي ئىنئام قىلدى. ياڭ شيۇڭ ئۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن كۆپچىلىك تارقاشتى. ئۇلار يەنە ياڭ شيۇڭنى مەي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. كەچ كىرگەندە ياڭ شيۇڭ قاتتىق مەست بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى باشقىلار ئۆيىگە يۆلەپ ـ سىيپاپ ئەكېلىپ قويىدى.

دەيدۇ خەق شەھۋانىيلىقنى مەي ـ شارابقا ھەمقىياش،
ئاشنا كويىدا ساياقلار چاپتى قاتراپ ئالدىراش.
كەيپ بولۇپ قالغاندا باتۇر ھەرنە پىنھان سىرىنى،
ھېچ تۇتالماس دىلىدا قىلىدۇ ئاشكارا ـ پاش.

چوكان ئېرىنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىككە رەھمەت ئېيتىپ، يىڭئېر بىلەن بىللە ئۇنى يەلەپيەيدىن يۆلەپ ئېلىپ چىقىپ شام ياقتى ۋە ياڭ شيۇڭنى كاتقا ئولتۇرغۇزدى. يىڭئېر ئۇنىڭ ئايىغىنى سالدۇردى، خوتۇنى ئۇنىڭ بوغمىچا ۋە بەلباغلىرىنى يېشىپ قويدى. قەدىمكىلەر: «كەيپلىكتە ئېغىزىدىن راست گەپ چىقىدۇ» دەپتىكەن، ياڭ شيۇڭ خوتۇنىنى كۆرۈپ بىردىنلا ئەرۋاھى ئۇچتى ـ دە، ئۇنىڭغا قولىنى تۇرتۇپ تۇرۇپ:

ـــ ھۇ پەس، شەرمەندە جالاپ، بىر كۈنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگە ـ نىمنى كۆر! ـــ دەپ تىللىدى.

خوتۇنى چۆچۈپ كېتىپ، گەپ ياندۇرالماي ياڭ شيۇڭنى ئەيلەپ ـ سەيلەپ ياتقۇزۇپ قويدى. ياڭ شيۇڭ كاتقا يېتىۋېلىپ:

— هۇ رەسۋا جالاپ، هېلىقى چۈپرەندىنى قارا، ئۆزىنى چاغلىماي يولۋاسنىڭ بۇرۇتىغا ئېسىلماقچى بولغىنىنى تېخى، سېنى بوش قويمايمەن، — دەپ زەردىسى بىلەن غىڭشىپ تىللىدى.

خوتۇنى قاتتىقراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي ياڭ شيۇڭ ئۇخلاپ قالغۇچە قاراپ ئولتۇردى. تاڭ ئاتارغا يېقىن ياڭ شيۇڭنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ ئويغاندى ۋە سۇ تەلەپ قىلدى، خوتۇنى بىر چىنە سۇ ئېلىپ كېلىپ ياڭ شيۇڭغا ئىچۈردى. شىرەدە شام تېخىچە يېنىپ تۇراتتى. ياڭ شيۇڭ سۇنى ئىچىپ بولۇپ:

— خوتۇن، سەن كېچىچە يېشىنىپ ياتمىغان ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەستلىكتە مۇمدەك ئېرىپ كېتىپتىلا. قۇسۇۋېتەرمىكىن دەپ، كىيىمىنى سېلىشقىمۇ پېتىنالماي، بىر كېچىنى ئاياغلىرىدا يېتىپ ئاتقۇزدۇم، — دېدى خوتۇنى.

— مەن بىر گەپ ـ سۆز قىلىپ قويمىغاندىمەن؟

بۇرۇن مىجەزلىرى ئوبدان ئىدى، مەست بولسىلا جىمىلا ئۇخلاپ قالاتتىلا، بۈگۈن كېچە نېمىشقىدۇر خاتىرجەم بولالمىدىم.

— شى شيۇ ئۇكام بىلەن خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرۇپ ئىككى ـ ئۈچ قەدەھ مەي ئىچمىگىلى بىرنەچچە كۈن بولۇپ قاپتۇ، سەن ئانچە ـ مۇنچە تەييارلىق قىلىپ قويۇپ، ئۇنى چاقىرىپ كىرگىن، — دەپ جورۇدى ياڭ شيۇڭ.

خوتۇنى جاۋابمۇ بەرمەي كات ئۈستىدە ئولتۇرغىنىچە كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ ئۇھ تارتتى.

— خوتۇن، ئاخشام مەن مەست بولغىنىم بىلەن سېنى رەنجىتمىسەم نېمىشقا شۇنچە بىئارام بولىسەن؟ — دېدى ياڭ شيۇڭ.

خوتۇنى يەنىلا يېشىنى ئېقىتىپ جاۋاب بەرمەي ئولتۇردى. ياڭ شيۈڭ ئۇدا نەچچە قېتىم سورىسىمۇ يەنىلا يۈزىنى ئېتىۋېلىپ يالغاندىن يىغلىدى. ياڭ شيۈڭ خوتۇنىنى كاتقا تارتىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن زادى نېمىگە شۇنچە پەرىشان بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشنى سوراپ تۇرۇۋالدى. خوتۇنى بىر ياقتىن يىغلىدى، يەنە بىر ياقتىن:

— ئاتا ـ ئانام مېنى ۋاڭ مىرزىغا ياتلىق قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرلۈك ئۆتۈشۈمنى ئارزۇ قىلغانىدى، ئويلىمىغاندا، ئۇ يېرىم يولدا مېنى تاشلاپ قويۇپ ئالەمدىن ئۆتتى، ئۆزلىرىنى مەرد، پالۋان يىگىت ئىكەن دەپ تەگكەنىدىم. لېكىن، ئۆزلىرىنىڭ ماڭا ئىگە بولالمايدىغانلىقلىرىنى ئويلىماپتىمەن، — دېدى خوتۇنى.

— يوچۇنلا گەپلەرنى قىلىسەنغۇ خوتۇن، سېنى بوزەك قىلىشقا پېتىنغان كىم ئىكەن، مەن قانداقىسىغا ساڭا ئىگە بولالماپتىمەن؟ — دېدى ياڭ شيۈڭ.

— ئەسلىدە ئېيتماي دېگەنىدىم، لېكىن ئېيتمىسام ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ كېتەمدىكىن دەيمەن، ئېيتسام دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپلا قالامدىكىن دەيمەن، — دېدى خوتۇنى.

— سەن ئاۋۋال ئېيتىپ باقمامسەن؟ — دېدى ياڭ شيۈڭ بۇنى ئاڭلاپ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ.

— ئەمسە ئېيتاي، لېكىن قايناپ كەتمىسىلە، ئۆزلىرى شى شيۇ دېگەن نېمىنى قېرىنداش تۇتۇپ ئۆيگە ئېلىپ كەلدىلە، دەسلەپتە خېلى ئوبدان يۈردى، كېيىنچە ئۇنىڭ مۈشۈگۈزى چىققىلى تۇردى. ئۆزلىرىنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەنلىكلىرىنى كۆرسىلا ماڭا: «ئاغام بۈگۈن يەنە قايتىپ كەلمەيتۇ يەڭگە، يالغۇز يېتىپ زېرىكىۋاتىدىغانسىز !» دەيدىغان بولدى. بۇنداق ئەھۋال بىر كۈنلا بولۇپ قالغىنى يوق، بىراق مەن ئۇنىڭغا ئېرەن قىلمىدىم، بۇنىغۇ قويۇپ تۇرايلى. تۈنۈگۈن مەن ئاشخانىدا باش ـ كۆزۈمنى يۇيۇۋاتاتتىم، ئۇ بىرنېمە ئارقامدىن كېلىپ، ئادەم يوق

ئىكەن دەپ بىر قولىنى ئۈزىتىپ كۆكرىكىمنى سىلاپ: «يەڭگە، هامىلىدار بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟» دېۋىدى، مەن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتىم. ئەسلىدە مەن ۋارقىراپ غوۋغا كۆتۈرمەكچىدىم، لېكىن قولۇم ـ قوشنىلار ئاڭلاپ قېلىپ زاڭلىق قىلمىسۇن، ئۆزلىرىنىڭ نامىغا داغ تەگمىسۇن دەپ ئۆزلىرىنى بىتاقەتلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرسام، مەست بولۇپ لايدەك ئېزىلىپ كەپتىلا، شۇڭا ئېيتالمىدىم، مەن ئۇنى يەۋەتكۈدەك بولۇپ تۇرسام، ئۆزلىرى تېخى شى شيۇ ئۇكام پالان ـ پوكۇن دەپ يۈرىدىلىغۇ؟ — دېدى خوتۇنى. بۇ ھەقتە مۇنداق نەزم بار:

تا ئەزەلدىن پەس جالاپلار ياغلىما گەپدان كېلۇر،
بولسا ئەرنىڭ قۇلىقى يۇمشاق ئاسان ئالداپ كېتۇر.
ئالدى ئىشىكتىن چىقارسا شى شيۇنى شۇ زامات —
ئارقا ئىشىكتىن شەيخ مۇدەررىسكە ئاسان يول ئېچىلۇر.

ياڭ شيۇڭ بۇلارنى ئاڭلاپ ئوغىسى قاينىدى ـ دە: «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، دېگەن شۇ ـ دە. ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلگىنىڭ بىلەن، دىلىنى بىلەلمەيدىكەنسەن، بۇ هارامزادە مېنىڭ ئالدىمدا مۇدەررىسنى ئۇنداق ـ مۇنداق دەپ ئۇنىڭ نۇرغۇن قىلمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. قارىغاندا ئۆزىنىڭ خۇدۇكى بولغاچقا، سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي دەپ، هىيلە ئىشلەتكەن ئىكەن ـ دە!» دەپ تىللىدى ۋە ئاچچىقى بىلەن:
— يا ئۇ مېنىڭ بىر تۇغقان ئۇكام بولمىسا، قوغلىۋەتسەكلا بولامدۇ، — دېدى غودۇڭشىپ.
تاڭ ئاتقاندا ياڭ شيۇڭ بالىخانىدىن چۈشۈپ:
— سويۇلغان ماللارنىڭ گۆشلىرىنى تۇزلاپ قويۇپ، بۈگۈندىن باشلاپ سودىنى توختىتايلى، — دېدى يەن بوۋايغا ۋە بىر پەستىلا پوكەي ۋە چارچاپلارنى چۇۋۇپ تاشلىدى. ئەتىگەندە شى شيۇ



www.uyghurkitap.com

گۆشنى ئېلىپ چىقىپ دۇكاننى ئاچتى ۋە چارچاپ، پوكەيلەرنىڭ چۇۋۇپ تاشلانغانلىقىنى كۆردى. سەزگۈر شى شيۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەي قالامتى؟ شۇڭا ئۇ كۈلۈپ قويۇپ: «دېمەك، ياڭ شيۇڭ مەستلىكتە سۆزلەپ ئىشنى چاندۇرۇپ قويغانلىقتىن، بۇ جالاپنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇ چوقۇم ماڭا قارا چاپلاپ، ئېرىنى قاسساپلىق دۇكىنىنى تاقاشقا قۇترىتىپتۇ. ئەگەر مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەق ـ ناھەقنى ئايرىيمەن دەپ جاڭجاللاشسام، چوقۇم ياڭ شيۇڭغا سەت بولىدۇ، ھەر ھالدا مەن بىرئاز يول قويۇپ، باشقىچە بىر چارە تاپاي» دېدى ـ دە، قاسساپخانىغا كىرىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى. ياڭ شيۇڭ شى شيۇنى ئىزا تارتىپ قالمىسۇن دەپ ئۆزىمۇ چىقىپ كەتتى. شى شيۇ يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىپ، قاسساپلىق پىچىقىنى بېلىگە ئېسىپ كېلىپ، پەن بوۋاي بىلەن خەيرلەشتى ۋە:

— پېقىر خاندانلىقلىرىنى كۆپ بىسەرەمجان قىلدىم، بۈگۈن ئاكام دۇكاننى يىغىشتۇرۇپ قويۇپتۇ، مەنمۇ ئەمدى كېتەي. ھېساب ـ كىتابمۇ ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ. بىر تىيىنمۇ ئۇياق ـ بۇيان بولۇپ كەتمىدى. ئەگەر بۇنىڭغا قىلچە بەتنىيەتلىك قىلغان بولسام تەڭرى تۆپەمدىن ئۇرسۇن، — دېدى.

پەن بوۋاي كۈيۈئوغلى تاپىلاپ قويغانلىقتىن ئۇنى ئېلىپ قېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

سۆز ئاسان كىرگەي قۇلاققا ئېيتسا ياستۇق ئۇستىدە،
ئارقىنى كۆرگەي نېچۇك كۆز بولمىسا گەجگىسىدە.
توغرا سۆز قىلغان كىشى قوغلاندى بولۇپ كەتتى بۈگۈن،
ئەسكى ئىش قىلغان كىشى چىللاندى كىردى غىپپىدە.

شى شيۇ خوشلىشىپ يېنىپ چىققاندىن كېيىن شۇ يېقىن ئەتراپتىكى بىر كوچىدىكى سارايغا كىرىپ، بىر ئۆينى ئىجارىگە

ئېلىپ ئولتۇردى. شى شيۇ ئۆز - ئۆزىگە: «ياڭ شيۇڭ مەن بىلەن قول بېرىشكەن. ئەگەر مەن بۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋەتمىسەم، بىكاردىن - بىكارغىلا ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولىمەن، بۇ گەپچە بىر مەھەل بۇ خوتۇنىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتىپ، مەندىن ئاغرىنىپ قالغان بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ هاجىتى يوق، بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتىشىم كېرەك. مەن بۈگۈن بېرىپ ئۇنىڭ قايسى ۋاقىتتا زىنداندا كۆزەتچىلىك قىلىدىغانلىقىنى تىڭتىڭلاپ كۆرەي - دە، تۇن يېرىمى بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھەق - ناھەقنى ئايراي» دەپ ئويلىدى. سارايدا ئىككى كۈن ياتقاندىن كېيىن ياڭ شيۇڭنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ تىڭتىڭلىدى. شۇ كۈنى كەچتە بىر گۇندىپاي ئۆيگە كېلىپ ئۇنىڭ ئورۇن - كۆرپىلىرىنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ: «ئۇ بۈگۈن كېچە جەزمەن كۆزەتچىلىك قىلىدىكەن. مەن ئۇنچە - مۇنچە قىسمىتىمنى كۆرسىتىپ قوياي» دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە.

شۇ ئاخشىمى ئۇ سارايغا قايتىپ كېلىپ تۇن يېرىمىغىچە ئۇخلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز يېنىدا دائىم ئېلىپ يۈرىدىغان قاساپلىق پىچىقىنى يېنىغا ئېسىپ، ئۆيدىن چىقتى ۋە ئۇدۇل ياڭ شيۇڭنىڭ ئارقا ئىشىكى بار كوچىغا كېلىپ قاراڭغۇلۇقتا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ قارىدى، قارىسا دەل تىۋىنىشقا چاقىرىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانلىقتىن، ھېلىقى تاكتاكچى تاكتىكىنى ئۇرۇپ، بۇ كوچىغا كىرىپ ماراپ يۈرۈپتۇ. شى شيۇ شارتلا قىلىپ تاكتاكچىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى - دە، بىر قولى بىلەن تاكتاكچىنى «كوپ» قىلىپ تۇتتى. بىر قولى بىلەن پىچاقنى ئېلىپ ئۇنىڭ كېكىردىكىگە تەڭلەپ تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا:

— تېپىرلىما، ئۇنۇڭنى چىقىرىدىغان بولساڭ جېنىڭنى

ئالـمەن. راستـىڭنى ئـېيت، شەيخ سېنـى بـۇ يەرگە نـېـمـشـقـا ئەۋەتتى؟ ــ دەپ ھەيۋە قىلدى.

ــ پالۋنـىـم، سىز مـېنى كەچۇرسىڭـىز ئاندىن راسـتـىمنـى ئېيتىمەن، ــ دېدى ھېلىقى تاكتاكچى.

ــ تېـزرەك ئېيت، ئـېيتساڭ ئۆلتۈرمـەيمەن، ــ دېدى شـى شيۇ.

ــ شەيخنىـڭ پەن بوۋاينىـڭ قىزى بـىلەن چاتـىقى بار. ھـەر كۈنى كېچىدە بىرىش ـ كېلىش قىلـىپ تۇرىدۇ، ئۇ مـېنى ئارقـا ئىشىككە قاراپ بېقىپ، كۆچە شىرەسى ئارقىلىق بەلگە بىرىلگەن بولسا، ئـۇنىڭغـا خەۋەر قىلـىپ قويۇشـقا؛ تاڭ سەھـەردە كېلـىپ تاكتاك ئۇرۇپ تېۋىنىشقا چاقىرىپ ئۇنىڭغا بەلگە بىرىپ قويۇشقا ئەۋەتكەندى، ــ دېدى تاكتاكچى.

ــ ھازىر ئۇ نەدە؟

ــ ئۇ ھازىرغىچە ئاشۇ خوتۇننىڭ ئۆيىدە ئۇخلاۋاتىدۇ. ھازىـر مەن تاكتاكنى ئۇرسام چىقىدۇ.

ــ ئۇنداق بولسـا سەن كـىيـىمىڭ بـىلەن تاكـتىكـىڭنى ماڭـا بىرىپ تۇرغىن، ــ دېدى ۋە تاكتاكچىنىڭ ئۇستىدىن كـىيىمىنى سالدۇرۇۋېلىپ، تاكـتىكـىنى تارتىـۋالدى. تاكتـاكچى كـىيـىمنـى سېلىۋاتقاندا، شى شيۇ پىچىقىنى ئۇنىڭ بوغۇزىغا سېلىۋىدى، ئۇ شۇ يەردىلا جان بەردى. تـاكتاكچـى ئۆلگەنـدىن كېيـىن شى شيـۇ ئـۇنىڭ يەكـتىكى بـىلەن مەسـىسىنـى كىيـىپ، تىزلاپچـىسىنـى تارتىـۋالدى. پىـچىقىنـى قونجـىغا قىـستۇرۇپ، تاكـتىكـىنـى ئۇرغـىنىچـە خالتـا كـوچىغا كـىردى. ئۇخلاپ يـاتقان مـۇدەررىـس تاكتاكنىڭ ئـاۋازىنى ئاڭـلاپ، ئالدىراش ئـورنىدىن تـۇردى ـ دە، چاپىنىنى يېپىنچـاقلاپ بالىخانىدىـن چۈشتى. يـىڭئېـر كېلـىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئارقىدىنلا شەيخمۇ ئارقا ئىشكتىن غىپپىدىلا چىقىپ كەتتى. شى شيۇ تاكتىكنى ئـۇرىۋەردى، ھېلـىقى شەيخ

ئاستاغىنا:

— نېمە ئۇرنۇۋېرىسەن؟ — دەپ خىرقىرىدى، شى شيۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن، ئۇنى كوچىنىڭ ئېغىزىغىچە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن بىر پۇتلاپلا يىقىتتى ـ دە، ئاستىغا بېسىۋېلىپ تۇرۇپ:

— زوۋانىڭنى چىقارما، ۋارقىرىساڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. كىيىملىرىڭنى سالدۇرۇۋالغۇچە تۇرۇپ تۇرغىن، — دېدى.

شەيخ ئۇنىڭ شى شيۇ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تېپىرلاشقا ۋە زوۋان سۇرۇشكە پېتىنالمىدى. شى شيۇ ئۇنىڭ كىيىملىرىنى بىرنى قالدۇرماي سالدۇرۇۋالغاندىن كېيىن قونجىدىن پىچىقىنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، ئۈچ ـ تۆت پىچاق ئۇرۇپلا ئۆلتۈردى، ئاندىن پىچىقىنى تاكتاكچىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇپ، ئىككىسىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى بىر ئورام قىلىپ باغلاپ ئۆيگە قايتتى ۋە ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ كىرىپ، يەنە پەم بىلەن تاقاپ قويۇپ ئۇخلاپ قالدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى باشقا ياقتىن ئاڭلاڭ. بۇ شەھەردە شوۋىگۇرۇچ ساتىدىغان ۋاڭ ئاتلىق بىر بوۋاي بار ئىدى. بۇ بوۋاي شۇ كۈنى ئەتىگەندە بىر ئەپكەش شوۋىگۇرۇچنى كۆتۈرۈپ، بىر پانۇسنى ياققىنىچە، بىر كىچىك بالىنى ئەگەشتۈرۈپ ئەتىگەنلىك بازارغا چىققانىدى. كېلىۋېتىپلا دەل ھېلىقى ئۆلۈكلەر ياتقان جايغا يېتىپ كەلگەندە پۇتلىشىپ كېتىپ، ھېلىقى بىر ئەپكەش شوۋىگۇرۇچ شالاق ـ شۇلۇق يەرگە تۆكۈلۈپ كەتتى. بۇ چاغدا:

— ۋايجان! بىر شەيخ مەست بولۇپ بۇ يەرگە يىقىلىپ قاپتۇ، — دەپ ۋارقىرىدى بالا.

بوۋاي سىلاپ ـ سىيپاپ يۆرۈپ ئورنىدىن قوپۇپ قارىسا، ئىككى قولى قانغا بويىلىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي، ۋايدادلاپ ۋارقىراپ كەتتى، بۇنى

ئاڭلىغان شۇ ئەتراپتىكى قولۇم ـ قوشنىلار يۈگۈرۈپ چىقىپ ئوتقاش يېقىپ قارىدى، قارىسا ھەممە يەرگە قان ئارىلاش شوۋىنگورۇچ تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئىككى ئۆلۈك يەردە يېتىپتۇ. قولۇم ـ قوشنىلار بوۋاينى سۆرەپ يامۇلغا ئېلىپ كېتىشتى. «بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت ـ قوللىرىنى ساڭگىلىتىپ» دەپتىكەن. بوۋاينىڭ ئەمدى قانداق قىلىپ قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قىرىق ئالتىنچى باب

## قەھرلىك گۈەن سۇنىڭ سۇيىپىك تېغىنى بويىغانلىقى پىداكار يىگىتنىڭ جۇ جەمەتىنىڭ سارىيىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا قوشنا ـ قولۇملار ھېلىقى ۋاڭ بوۋاينى تۇتۇۋېلىپ جىجۇ ئايماق ياملۇغا سۆرەپ باردى. ئايماق ئامبىلى تېخى ئەمدىلا دىۋانغا ئولتۇرغانىكەن، كۆپچىلىك تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— بۇ بوۋاي بىر ئەپكەشتە شوۋىگۇرۇچ كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپ، بىرنېمىگە پۇتلىشىپ ئۇنى تۆكۈۋېتىپتۇ، قارىسا يەردە ئىككى ئۆلۈك ياتقۇدەك؛ ئۇنىڭ بىرسى شەيخ، يەنە بىرى تاكتاكچى بولۇپ، ئۇستىبېشى يالىڭاچ ئىمىش، تاكتاكچىنىڭ ئۆلۈكىنىڭ يېنىدا بىر پىچاق تۇرارمىش، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— مەن ھەر كۈنى سۇبھى ۋاقتى بىلەن تۇرۇپ شوۋىگۇرۇچ سېتىپ جان باقاتتىم، — دېدى بوۋاي، — بۈگۈن بازارغا ئەتىگەنرەك چىقىپتىمەن، مۇنۇ كالانپاي بالا بىلەن يەرگە قاراپ باقماستىن مېڭىۋېرىپتىمەن، پۇتلىشىپ كېتىپ چىنە ـ تاۋاقلىرىمنىڭ ھەممىسى چېقىلىپ كەتتى، قارىسام يەردە قانغا مىلەنگەن ئىككى ئۆلۈك يېتىپتۇ، چۆچۈپ كېتىپ ۋارقىرىۋەتتىم، شۇنىڭ بىلەن قولۇم ـ قوشنىلار چىقىپ مېنى تۇتۇپ ھۇزۇرلىرىغا ئېلىپ كەلدى، بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ، مەن بىچارىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشلىرىنى تىلەيمەن.

ئامبال ئۇلارنىڭ ئىقرارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال يارلىق چۈشۈرۈپ، جەسەت تەكشۈرگۈچىلەر ۋە يايىلارغا شۇ جاينىڭ مەھەللە ئاقساقاللىرى، قولۇم - قوشنىلار ۋە ۋاڭ بوۋاينى نەق مەيدانغا ئېلىپ بېرىپ، جەسەتنى تەكشۈرۈپ دېلونى ئېنىقلاپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن يامۇلغا قايتىپ كېلىپ ئامبالغا:

— ئۆلتۈرۈلگۈچى راھىب خەير - ئېھسان ئىبادەتخانىسىنىڭ شەيخلەر مۇدەررىسى پېي رۇخەي ئىكەن، ئۇنىڭ يېنىدىكى تاكتاكچى ئىبادەتخانىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرىدىغان تىلەمچى ئىكەن، شەيخ ئۇستىبېشى يالىڭاچ يېتىپتۇ، بەدىنىگە ئۈچ - تۆت پىچاق تىقىلغاندىن كېيىن ئۆلۈپتۇ. تىلەمچىنىڭ ئۆلۈكىنىڭ يېنىدا بىر قاتىللىق پىچىقى، بويىنىدا سىرتماق ئىزى تۇرىدۇ، قارىغاندا، تىلەمچى شەيخكە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن گۇناھىدىن قورقۇپ بوغۇلۇپ ئۆلۈۋالغاندەك تۇرىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

ئامبال شۇ ئىبادەتخانىدىكى راھىبلارنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇلاردىن بۇنى سورۇشتۇردى، ئۇلارمۇ بۇ ۋەقەنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئامبال نېمىدەپ ھۆكۈم چىقىرىشنى بىلەلمەي قالدى، بۇ چاغدا پەتىۋاچى:

— بۇ شەيخنىڭ قىپيالىڭاچ ياتقىنىغا قارىغاندا، جەزمەن ھېلىقى تاكتاكچى بىلەن قانداقتۇر بىر قانۇنغا خىلاپ يامان ئىش ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشكەن ئوخشايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ۋاڭ بوۋاينىڭ چېتىشلىقى يوق ئىكەن. قولۇم - قوشنىلار ئىچىدىن ئۆزىگە كېپىل تېپىپ كېلىپ ھازىرچە قايتىپ تۇرسا بولىدۇ، جەسەتلەرنى مەزكۇر ئىبادەتخانىدىكىلەر ئىگە بولۇپ جەسەت ساندۇقىغا سېلىپ باشقا جايغا قويۇپ قويۇپ تۇرسۇن، دېلوغا بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشكەن، دەپ پۈتۈپ قويساقلا بولىدۇ، — دېدى.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئامبال ۋە شۇ ھامان

مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى بىر تەرەپ قىلدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

جىجۇ شەھىرىدىكى ھەممە ئىشقا قىزىقىدىغان كىشىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قوشاق قاتتى:

لەنتى ئۆلگۈر بۇ پاخشەك مەيلىچە شىلتاڭ ئىتىپ،
شۇنچە شاللاقلىق قىلامدۇ ھەددىنى بىلمەي كىتىپ؟
ۋەدىلەشتى يەڭ ئىچىدە نازىنىن چوكان بىلەن،
مەڭگۈ جۈپ بولايلى بىز پەرگاھدا دەپ غىلمان بىلەن.
ئەسكىلىك قىلسا نىچۈك بولماي ھالاك قالغاي ئامان،
بۇلغىغاچ شەيخلەر يۈزىنى كوچىدا بولدى ئۇ قان.
ياتىدۇ كىرمەي پىرىنىڭ سۆزىگە ئەمدى خاراب،
چۆلگە تاشلاڭلار يىسۇن يولۋاس، قاۋان چىشلەپ تالاپ.
ئانىسىنى قۇتقۇزۇشقا ئەرشكە چىققانغۇ مۇلەم①،
بىر خوتۇن كويىدا پاخشەك جاندىن ئايرىلدى بۇدەم.

كىيىن قەلەمكەشلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كىيىن قولىغا قەلەم ئېلىپ يەنە مۇنداق قوشاق يازغان:

جاجىسىنى تارتتى زىناخور ئەسكى راھىب ئاخىرى،
ئىلىنىپ قىساس يامانلىقا چالا قويماي بىرى.
غەلىتە بولدى ئەجەب تاكتاكچىنىڭمۇ ئۆلۈمى،
قىپيالىڭاچ ياتىدۇ نابۇت بولۇپ تىغدا جىنى.
پاينەكباش مۇدەررىسنىڭ تۆكۈلۈپ ئاقسا قىنى،
شۇ كىچە قىلدى پوخۇرلۇق شاكىچىك راھىبلىرى.
ئۈچرىشىپ قالدى ئىشكتە قەدىناسلار ئىككىسى،
بىر ماكاننى تالىشىپ ماڭدى جەھەننەمنىڭ سىرى.

① ئايال قەھرىمان.



www.uyghurkitap.com

بۇ ئىش پۈتۈن شەھەرنى غۇلغۇلىغا سېلىۋەتتى. ھېلىقى ئايالمۇ چۆچۈگىنىچە قېتىپلا قالدى، ئۇ زۇۋان سۈرۈشكە پېتىنالماي ئىچىدە ئاھ ئۇردى.

ياڭ شيۇڭ جىجۇ ئايماق يامۇلىدا بىراۋنىڭ شەيخ بىلەن تاكتاكچى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، دېگەننى ئاڭلاپ، بۇ ئىشنىڭ تېگىگە ئاللىقاچان يەتتى، ئۇ: «بۇ جەزمەن شى شيۇنىڭ قىلغان ئىشى. نەچچە زاماندىن بۇيان مەن ئۇنىڭدىن بىكارلا ئاغرىنىپ يۈرۈپتىمەن، بۈگۈن قولۇممۇ بىر ئاز بوشاپ قاپتۇ، ئۇنى تېپىپ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىر سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەي»، دەپ ئويلىدى ـ دە، مېڭىپ ئايماق يامۇل ئالدىدىكى كۆۋرۈككە يېتىپ كەلگەندە ئارقىسىدىن بىراۋنىڭ «ئاغا، نەگە كېتىۋاتىلا؟» دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلاندى. ئۇ بۇرۇلۇپ قارىسا شى شيۇ ئىكەن. ياڭ شيۇڭ:

— ئۇكا، مەن سىلىنى ئىزدەپ يۈرەتتىم، — دېدى.

— ئاغا، يۈرسىلە، مېنىڭ ھۇجرامغا بېرىپ پاراڭلىشايلى، — دېدى شى شيۇ ۋە ياڭ شيۇڭنى ئۆزىنىڭ سارايدىكى ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىپ:

— ئاغا، ئەمدىغۇ ئىنىلىرىنىڭ گېپى راست چىققاندۇ؟ — دېدى.

— ئۇكام، مەندىن ئاغرىنمىسىلا، — دېدى ياڭ شيۇڭ، — مەن بىر مەھەل دۆتلۈك قىلىپ ئېزىپتىمەن، دېمەيدىغان گەپنى كەيپلىكتە ئاغزىمدىن چىقىرىۋېتىپ، ئاشۇ جالاپنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن، سىلىنى جېدەلخور ئىكەن دەپتىمەن، بۇنىڭغا رەنجىمىسىلە ئۇكام. ئەزىز ئۇكام، بۈگۈن مەن ئالايىتەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا گۇناھىمنى بويۇنداپ ئەپۇ سوراي دەپ كەلدىم.

— ئاغا، ئىنىلىرى بىر پاراسەتسىز ئادەم بولساممۇ، لېكىن جاسارەتلىك بىر ئەرمەن، ئۇنداق قىلىشقا مېنىڭ قانداقمۇ قولۇم بارسۇن؟ ئاكا، سىلىنى كۆڭلەرنىڭ بىرىدە قىلتاققا چۈشۈپ كەتمىسۇن دېگەن ئەندىشە بىلەن، مۇنۇ بىر بەلگىنى ئۆزلىرىگە

كۆرسىتىپ قويۇشقا سىلىنى ئىزدەپ چىققانىدىم، مانا بۇنى كۆرسىلە، — دېدى شى شيۇ شەيخ بىلەن تاكتاكچىنىڭ كېيىمىنى ياڭ شيۇڭغا كۆرسىتىپ.

— ئۇكام، مەندىن ئاغرىنمىسىلا، بۇگۇن كېچە مەن بۇ پىسەندىنىڭ گۆشىنى تاسمىدەك تىلىپ، قورساق كۆپۈكۈمنى چىقارمىسام بولمايدۇ، — دېدى ياڭ شيۇڭ بۇ كىيىملەرنى كۆرگەندىن كېيىن قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ.

— مانا، مانا، يەنە ھېلىقى خۇيلىرى تۇتتى، — دېدى شى شيۇ كۇلۇپ، — سىلى يامۇلدا ئىشلەيدىغان ئادەم تۇرۇپ نىمىشقا قانۇن - جاساقنى بىلمەيلا؟ سىلى يا ئۇلارنى زىنا قىلىشىۋاتقاندا تۇتۇۋالمىسىلا قانداقمۇ ئۆلتۇرەلەيلا؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ناۋادا مەن يالغان ئېيتقان بولسام، خاتا ئۆلتۇرگەن بولماملا؟

— ئۇنداق بولسا بۇ ئىشقا قانداق چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ؟

— ئاغا، پەقەت مېنىڭ گېپىمگە كۆنسىلىلا ياخشى ئوغۇل بالا بولالايلا.

— ئەزىز ئۇكا، سىلىچە قېنى قانداق قىلسام ياخشى ئوغۇل بالا بولالايمەن؟

— كۇنچىقىش دەرۋازىنىڭ سىرتىدا سۈيپىڭ تېغى دېگەن بىر خالىي پىنھان ماكان بار، ئەتىلىككە سىلى: «مەن بۇتخانىغا بېرىپ كۆجە كۆيدۇرمىگىلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى، ئىككىمىز بېرىپ كۆجە كۆيدۇرۇپ كېلەيلى» دەپ ئاياللىرىنى ئالداپ يىگىبېر بىلەن تاغقا ئېلىپ چىقسىلا، پىقىر ئالدىدا بېرىپ ئۇ يەردە ساقلاپ تۇراي. ئوبدان يۈزلىشىپ ھەق - ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىن كېيىن سىلى پەتتە خېتى يېزىپ ئۇ خوتۇننى تالاق قىلىۋەتسىلە، ئىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى شۇ ئەمەسمۇ؟

— ئۇكا، مۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى، مەن سىلىنىڭ پاك ئىكەنلىكلىرىنى بىلدىم، ھەممە ئىش ئاشۇ خوتۇننىڭ يالغانچىلىقىدىن بولدى.

— ياق ئاغا، ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭ باردى - كەلدى



www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋىتىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ قالسىلا.

— بوپتۇ ئۇكا، ئۆزلىرىنىڭ دانا پىكىرلىرى بويىچە بولسۇن، مەن ئەتە ئاشۇ نىجىس پەسنى چوقۇم ئېلىپ باراي، سىلىمۇ ھەرگىز كېچىكىپ قالمىسىلا.

— بارمايدىغان بولسام، ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى يالغان بولسۇن.

ياڭ شيۇڭ شى شيۇ بىلەن خەيرلىشىپ سارايدىن چىقتى - دە، يامۇلغا بېرىپ ئىشلەپ، كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلدى، ئۇ ھېچنېمىنى تەرگىمەي ۋە سۆزمۇ قىلماي ئادەتتىكىدەكلا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ خوتۇنىغا:

— كېچە چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە مالائىكىلەر ماڭا: «سەن كونا ۋەدەڭنى ئادا قىلمىدىڭ» دەۋاتقۇدەك. ئۆتكەندە مەن كۈنچىقىش قوۋۇق سىرتىدىكى بەشتاغ بۇتخانىسىغا بېرىپ شام يېقىپ، كۈجە كۆيدۈرىمەن، دەپ ۋەدە قىلغانىدىم، ئۇنى تېخى ئورۇنلىمىغان، بۈگۈن قولۇم بىر ئاز بوشاپ قالدى، شۇنى ئورۇنلىۋېتەي، سەنمۇ بىللە بارغىن، — دېدى.

— ئۆزلىرى بېرىپلا ئورۇنلاپ كەلسىلە بولمامدۇ، مەن بېرىپ نېمە قىلىمەن؟ — دېدى ئايالى.

— مەن ئىككىمىزنىڭ توي چېيىدا مۇشۇ ۋەدىنى قىلغان، سەن بىلەن بىللە بارمىسام بولمايدۇ، — دېدى ياڭ شيۇڭ.

— ئۇنداق بولسا ئەتىگەنرەك قاتتىق - قۇرۇق بولسىمۇ ئازراق بىرنېمە يەۋېلىپ، يۇيۇنۇپ - تارىنىۋېلىپ، ئاندىن بارايلى، — دېدى ئايالى.

— مەن بازاردىن قەغەز، كۈجە ئېلىپ، تەختىراۋان تېپىپ كېلەي، سەن يۇيۇنۇپ - تارىنىپ بولۇپ مېنى كۈتۈپ تۇرغىن، يىڭئېرغىمۇ ئېيتىپ قوي، بىللە بېرىپ كەلسۇن.

ياڭ شيۇڭ يەنە سارايغا كېلىپ شى شيۇغا:

— تاماقتىن كېيىنلا بارىدىغان بولدۇق، ئەمسە كېچىكىپ قالمىسىلا جۇمۇ ئۇكا، — دەپ ئۇنىڭ بىلەن ۋەدىلەشتى.

— ئاغا، ئەگەر تەختىراۋان بىلەن ئېلىپ بارسىلا، تاغنىڭ بېلىگە چىققاندىلا تەختىراۋاندىن چۈشۈپ ئۆچەيلەن تاغقا پىيادە چىقسىلا، مەن تاغنىڭ ئۈستىدىكى خالىي - پىنھان بىر جايدا ساقلاپ تۇرىمەن. ھەرگىز پەلەپەتىش ئادەم ئەگەشتۈرۈپ چىقمىسىلا، — دېدى شى شيۇ.

ياڭ شيۇڭ شى شيۇ بىلەن پۈتۈشكەندىن كېيىن بازاردىن قەغەز ۋە كۆجە ئېلىۋېلىپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ناشتا قىلدى. ئايالى بولسا ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھە دەپ كىيىنىپ ياسىنىش بىلەن بولدى. يىگىتبېرنىمۇ ئوبدان ياساندۇردى، تەختىراۋانچىلار تەختىراۋاننى ئېلىپ كېلىپ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. ياڭ شيۇڭ قېيىنئاتىسىغا:

— ئاتا، ئۆيگە قاراپ قويۇڭ، مەن كۆچەم بىلەن بۇتخانىغا بېرىپ كۆجە كۆيدۈرۈپ قويۇپلا قايتىپ كېلىمەن، — دېدى.

— كۆجىنى كۆپرەك كۆيدۈرۈپ بالدۇرراق قايتىپ كېلىڭلار، — دېدى پەن بوۋاي.

ئايال تەختىراۋانغا چىقىپ، يىگىتبېر، ياڭ شيۇڭلار ئارقىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. كۆنچىقىش قوۋۇقتىن چىققاندىن كېيىن ياڭ شيۇڭ تەختىراۋانچىلارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— سۇيپىڭ تېغىغا ئېلىپ بېرىڭلار، سىلەرنى ئوبدان رازى قىلىمەن، — دېدى.

بۇلار ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتىغا قالمايلا سۇيپىڭ تېغىغا يېتىپ باردى. بۇ تاغ ئەسلىدە جىجۇ ئايمىقىنىڭ كۆنچىقىش قوۋۇقىدىن يىگىرمە چاقىرىم نېرىدا ئىدى، بۇ يەردە خەقلەرنىڭ ئۇڭغۇل - دوڭغۇل قەبرىلىرى بار ئىدى. ئۈستىگە نەزەر سالسا، سايىلا ئوت - چۆپ ۋە سۇۋادان تېرەكلەر كۆرۈنەتتى. ئۆي - ئىمارەت، ئىبادەتخانىلار ئەسلا يوق ئىدى. شۇ ئەسنادا ياڭ شيۇڭ ئايالىنى تاغنىڭ قاپ بېلىگە ئېلىپ چىقتى - دە، تەختىراۋانچىلارغا «توختىتات!» دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋە تەختىراۋاننى توختاتقاندىن كېيىن پەردە تايىقىنى تۇتۇپ

تەختىراۋان پەردىسىنى قايرىپ، ئايالىغا چۈشۈشنى بۇيرۇدى.
— قانداقلارچە بۇ تاغقا كېلىپ قالدۇق؟ — دەپ سورىدى ئايالى.
— ئۇنى قويۇپ تاغقا چىقىشنى بىل. ھەي تەختىراۋانچىلار سىلەر چىقماي بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇڭلار، بىر ئازدىن كېيىن مەي پۇلى بېرىمەن، — دېدى ياڭ شيۇڭ.
— خوش، ھېچقىسى يوق، ساقلاپ تۇرايلى، — دېدى تەختىراۋانچىلار.
ياڭ شيۇڭ ئايالى بىلەن يىڭئېرنى باشلاپ ماڭدى، ئۇچەيلەن تۆت - بەش بەلدىن ئۆتكەندىن كېيىن قارىسا شى شيۇ تاغ تۆپىسىدە ئولتۇرۇپتۇ.
— كۆجە بىلەن قەغەزنى نېمىشقا ئېلىپ كەلمىدىلە؟ — دەپ سورىدى ئايالى.
— مەن ئۇ نەرسىلەرنى بىرسىدىن ماڭدۇرۇۋەتكەن، — دېدى ياڭ شيۇڭ.
ياڭ شيۇڭ ئايالىنى بىر كونا قەبرە بېشىغا باشلاپ باردى، شى شيۇ بوغچا، يان قىلىچ، كالتەكلەرنى دەرەخ تۈۋىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— تىنچ تۇرۇپسىز يەڭگە، — دېدى.
— ئىنى، سىز بۇ يەردە يۈرىسىزغۇ؟ — دېدى ئايال ئالاقزادە بولۇپ، ئۇ ئاغزىدا سۆزلىگىنى بىلەن، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى.
— ھە، بۇ يەردە مەن ئالايىتەن ساقلاپ ئولتۇرغىلى خېلى بولدى، — دېدى شى شيۇ.
— سەن ئالدىنقى كۈنى ماڭا: «ئۇكاڭ ماڭا نەچچە قېتىم سۆز تاشلاپ چاقچاق قىلدى، يەنە كۆكرىكىمنى سىلاپ، ھامىلىدار بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟ دېدى» دېگەنىدىڭغۇ. بۈگۈن بۇ يەردە باشقا ئادەم يوق، ئىككىڭلار يۈزلىشىپ بۇ ئىشنى ئوچۇق - ئايدىڭ قىلىۋېتىڭلار، — دېدى ياڭ شيۇڭ.

www.uyghurkitap.com

— ۋاي خۇدايىمەي، ئۆتكەن ئىشنى تەرگەپ نېمە قىلىمىز؟ — دېدى ئايالى.

— يەڭگە، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ بۇ بىكار گەپ ئەمەس، قېنى، ئاغامنىڭ ئالدىدا يۈزلىشىپ ئوچۇق - ئايدىڭ قىلىۋېتەيلى، — دېدى شى شيۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— ئىنى، ئىش تاپالمىغاندەك، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى تەرگەپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى ئايال.

— يەڭگە، سىز خۇپسەنلىك قىلماڭ، مۇنۇ ئىسپاتنى كۆرۈپ قويۇڭ، — دېدى شى شيۇ ۋە بوغچىنىڭ ئىچىدىن پېي رۇخەي مۇدەررىس بىلەن تاكتاكچىنىڭ كىيىمىنى چىقىرىپ يەرگە يايدى - دە:

— تونۇدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

ئايال كىيىملەرنى كۆرگەندىن كېيىن يۈزى قىزىرىپ گەپ قىلالماي قالدى. شى شيۇ يېنىدىن قىلىچىنى شارتتىدە سۇغۇرۇۋېلىپ ياڭ شيۇڭغا:

— بۇ ئىشنى يەڭگەمدىن سورىساقلا راستى ئايان بولىدۇ، — دېدى.

ياڭ شيۇڭ دېدەكنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ تىزلاندۇرۇپ:

— ھۇ پېسەندى، تېزدىن راستىڭنى ئېيت، شەيخ بىلەن ئاپالىم ئوتتۇرىسىدا قانداق زىنا ئۆتۈلدى؟ كۆجە شىرەسىنى بەلگە قىلىشقا قانداقسىغا كېلىشتى؟ تاكتاكچىنى قانداق قىلىپ تاكتاك ئۇرۇشقا كۆندۈردى؟ ماناا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىسەن، راستىنى ئېيتساڭ ئۆلتۈرمەي كەچۈرىمەن؛ بىرەر نەرسىنى يوشۇرىدىغان بولساڭ، ئالدى بىلەن سېنىڭ تېرەڭنى سويۇپ، قىيما - چىيما قىلىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

— بېگىم، بۇ ئىش بىلەن مېنىڭ چېتىشلىقىم يوق، مېنى ئۆلتۈرمىسىلە، مەن سىلىگە ئېيتىپ بېرەي، — دېدى يىغئېر زارلىنىپ ۋە شەيخنىڭ ئۆيىدە مەي ئىچىشكەنلىكلىرىنى، پىل چىشىنى كۆرگىلى راۋاققا چىققاندا، ئۆزىنى پەن بوۋاي

ئويغاندىمىكىن قاراپ باق دەپ قوغلىغۇەتكەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ:

— ئىككىيلەن يوشۇرۇن ۋەدىلىشىپتۇ، ئۇچىنچى كۈنى تاكتاكچى سەدىقە سوراپ كەلگەندە، مېنى ئۇنىڭغا سەدىقە بەرگىلى داچەن ئېلىپ چىق دەپ ئۆيگە كىرگۈزۋۇەتتى، بۇ چاغدا خېنىم ئۇنىڭ بىلەن بېگىم زىندانداا كۆزەتچىلىككە بېرىپ قونۇپ قالغان كۈنلىرى دېدەك قىزغا كۆجە شىرەسىنى ئارقا ئىشىككە قويدۇرۇپ قويىمەن، بۇ يوشۇرۇن بەلگە بولسۇن، سەن كېلىپ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن بېرىپ شەيخكە خەۋەر قىلىسەن، دەپ كېلىشىپتۇ. شۇ كۈنى پېي روخەي مۇدەررىس پېقىر - پۇقرالارچە ياسىنىپ، بېشىغا بوغمىچا چىگىپ كەلدى. سۇبھى ۋاقتى بىلەن تاكتاكچى كېلىپ تاكتاك ئۇرۇپ ۋارقىراپ، تېۋىنىشقا چاقىرىپ بەلگە بەرگەندىن كېيىن مېنى ئارقا ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇدى. شەيخ ئۆيگە كىلىدىغانلا بولسا بۇنى مەندىن يوشۇرالماي ئېيتىپ تۇردى. خېنىم ماڭا مارجان كۆزلۈك بىر بىلەزۈك، بىر قۇر كىيىم بېرىشكە ۋەدە قىلغاچقا، مەن دېگىنىنى قىلىپ بەردىم. مانا شۇ تەرىقىدە شەيخ ئون نەچچە قېتىم كەلدى، كېيىن ئۇ ئۆز بېشىنى يېدى، خېنىم ماڭا يەنە بىرنەچچە تال زىننەت - زىۋەرلەرنى بېرىپ: «شى شيۇ تاغام خېنىمغا سۆز تاشلاپ چاقچاق قىلدى» دەپ بېگىمگە ئېيتقىن دېدى. بۇنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەنلىكىمدىن سىلىگە ئېيتىشقا پېتىنالمىدىم، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى راست، يالغىنى يوق،— دېدى.

يىڭئېر سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن شى شيۇ ياڭ شيۇڭغا:

— ئاغا، ئۇقتىلىمۇ ئەمدى؟ بۇ سۆزلەرنى ئۇنىڭغا مەن ئۆگىتىپ قويغىنىم يوق. ئەمدى سىلى يەڭگەمدىن ئوبدان سوراپ باقسىلا، — دېدى.

— ھەي پېسەندى، — دەپ ئايالىنىڭ چېچىدىن ئالدى ياڭ شيۇڭ توۋلاپ، — دېدەك ھەممىنى ئىقرار قىلدى. سەن تانماي

راستىنى ئېيتساڭ، سەن پېسەندىنى ئۆلتۈرمەي كەچۈرمەن.

— گۈناھ مەندە، — دېدى ئايال، — ئېزىپتىمەن، كونا ئەر - خوتۈنلۈقىمىزنىڭ يۈز - خاتىرىنى قىلىپ بولسىمۇ بىر نۆۋەت كەچۈرسىلە بېگىم.

— ئاغا، ھەرگىز بىخەستەلىك قىلمىسىلا، يەڭگەمدىن ئىشنىڭ ئۈجۈر - بۈجۈرىنى ئېنىق سورىسىلا، — دېدى شى شيۇ.

— ھوي پېسەندى، ئېيت چاققان ! — دەپ ۋارقىرىدى ياڭ شيۇڭ.

ئايال ھېچ ئىلاج قىلالماي، ئاخىر ئۆزىنىڭ شەيخ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئاشۇ تىلاۋەت كېچىسى باشلانغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە قىلغان - ئەتكەنلىرىنى بىرمۇبىر ئېيتىپ بەردى.

— ئۇنداق بولسا سىز نېمىشقا ئاغامغا مېنى «ماڭا چاقچاق قىلدى» دەيسىز؟ — دېدى شى شيۇ.

— ئالدىنقى كۈنى ئۇ مەي ئىچىۋېلىپ كەيپىلىكتە مېنى تىللىدى، مەن ئۇنىڭ تىللىغىنىنىڭ تېگىدە بىر گەپ بارلىقىنى سېزىپ، سىزنى بىرەر نەرسىنى ئۇقۇپ قېلىپ ئۇنىڭغا ئېيتقان ئوخشايدۇ، دەپ پەرەز قىلدىم. سۈبھى ۋاقتىدا ئۇ يەنە سىزنىڭ گېپىڭىزنى چىقىرىپ قالدى، شۇڭا مەن ئاشۇ سۆز بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدۇم، ئەمەلىيەتتە سىز مېنى ئۇنداق قىلمىغان، — دېدى ئايال.

— ئەمدى ئەھۋال ئۈچ تەرەپتىن ئېنىقلاندى، ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ئاغا ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارلىرىدا، — دېدى شى شيۇ.

— ئۇكام، سىلى ماڭا بۇ پېسەندىنىڭ بېشىدىكى نەرسىلىرىنى ئېلىپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ بەرسىلە، ئۇنى ئۆزۈم ئوبدان كۈتۈپ قوياي، — دېدى ياڭ شيۇڭ.

شى شيۇ ئۇنىڭ بېشىدىكى زىننەت - زېۋەرلىرىنى چىقىرىپ



www.uyghurkitap.com

ئېلىپ، كېيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى سالدۇردى، ياڭ شيۇڭ ئۇنىڭ كۆڭلىكىدىن ئىككى پارچە ئۈزۈن لاتا يىرتىۋېلىپ ئۆز قولى بىلەن ئۇنى دەرەخكە باغلىدى. شى شيۇ يىگىتنىڭ زىننەت ـ زىبۇەرلىرىنىمۇ چىقىرىۋالدى، ئاندىن پىچاقنى كۆتۈرۈپ كېلىپ:

— ئاغا، بۇ پىسەندىنى قالدۇرۇپ قويۇپ نېمە قىلىمىز؟ بۇنىمۇ بىراقلا ئۈجۈقتۇرۇۋېتەيلى، پاك ـ پاكىز تۈگەشسۇن، — دېدى.

— توغرا ئۇكام، قىلىچنى ماڭا بەرسىلە، ئۆزۈم جايلاي، — دېدى ياڭ شيۇڭ.

يىگىت ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىراي دېيىشىگىلا، ياڭ شيۇڭ قولىدىكى قىلىچنى بىر ئايلاندۇرۇپ گاچچىدە قىلىپ ئۇنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. ئايال دەرەخكە باغلاقلىق تۇرۇپ:

— ئىنى، ماڭا رەھىم قىلىپ، ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ قويۇڭا، — دەپ نالە ـ پەرياد قىلدى.

— يەڭگە، سىزنى ئۆزى مېھمان قىلىدۇ، — دېدى شى شيۇ.

ياڭ شيۇڭ ئايالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىلىچ بىلەن ئاۋۋال شارتتىدە ئۇنىڭ تىلىنى كېسىپ تاشلاپ، ۋارقىريالمايدىغان قىلىۋەتتى، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىگە ئىككى قولىنى تىقىپ تۇرۇپ:

— ھەي تېگى پەس شەرمەندە، مەن دەمالla سېنىڭ يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرىڭگە ئىشىنىپ، دامىڭغا چۈشۈپ كەتكىلى تاس قاپتىمەن. بىرىنچىدىن، سەن ئاغا ـ ئىنى ئىككىمىزنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى بۇزدۇڭ، ئەمدى كۆنلەرنىڭ بىرىدە جەزمەن مېنىڭ جېنىمغا زامىن بولىدىغان ئوخشايسەن. ئۇنىڭغىچە ئاۋۋال ئۆزۈم قول سالغىنىم تۈزۈك ئىكەن. قېنى، سەن جالاپىنىڭ ئۆچەي ـ باغرىڭنىڭ قانداقلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دېدى ـ دە، بىر قىلىچ بىلەنلا ئۇنىڭ يۈرىكىدىن دوۋسۇنىغىچە يېرىپ تاشلاپ، ئۆچەي ـ باغرىلىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ قارىغايغا ئېسىپ قويدى.

ئاندىن ئايالنى پارچە ـ پارچە قىلىپ تاشلىدى. ئۇنىڭدىن ئېلىۋالغان زىننەت ـ زىبۇەرلەرنى ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى بوغجۇمىغا سېلىپ تاڭدى. ئۇ شى شيۇغا قاراپ:

— ئۇكام، بىرى كەلسىلە، ئەمدى بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋالايلى، بۈگۈن بىر زىناخور ئەر بىلەن بىر جالاپنى ئۆلتۈردۇق، ئەمدى ئىككىمىز نەگە پاناھداپ بارىمىز؟ — دېدى.

— پېقىر بۇنى ئويلاپ قويغان، بارىدىغان جاي بار، ئاغا، ھايال بولمايلا شۇ ياققا قاراپ كېتىۋېرەيلى، — دېدى شى شيۇ.

— قېنى نەگە بارىمىز؟

— ئاغا، سىلىمۇ ئادەم ئۆلتۈردىلە، مەنمۇ ئادەم ئۆلتۈردۈم، ئەمدى لياڭشەن كۆلىگە بېرىپ توپقا قوشۇلۇشتىن باشقا يەنە قەيەرنى پاناھداپ باراتتۇق؟

— توختىسىلا، ھەر ئىككىمىز ئۇ يەردىكىلەردىن بىرەرسىنىمۇ تونۇمىساق، ئۇلار بىزنى قانداق قوبۇل قىلىدۇ؟

— ئاغا، يېڭىلىشىۋاتىدىلا، ھازىر ئالەمدىكى ئەلكېزەرلەر ئىچىدە شەندۇڭلۇق شىپالىق يامغۇر سۇڭ دانىشنىڭ بارلىق مەرد پالۋانلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاۋاتقانلىقىنى، ئالەمدىكى باتۇرلارنى دوست ـ يارلار تۇتۇۋاتقانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئىككىمىزنىڭ شۇنچە ئوبدان چامباشچىلىق ھۈنىرىمىز تۇرسا، ئۇنىڭدىن نېمە غەم!

— كېيىنچە بىرەر بالا ـ قازا يەتمىسۇن دېسەك، ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى كۆپرەك ئويلىغىنىمىز ياخشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن يامۇلنىڭ ئادىمى، شۇڭا ئۇلار گۇمانلىنىپ بىزنى قوبۇل قىلماي قالامدىكىن.

— ئۇنىڭ تېگىمۇ مىرزىغۇ؟ ئاغا، خاتىرجەم بولسىلا، ئۆتكەندە ئىككىمىز ئاغا ـ ئۇكىلىقىقا قول بېرىشكەن كۈنى مەن بىلەن مەيخانىدا مەي ئىچكەن ھېلىقى ئىككى ئادەمنىڭ بىرى لياڭشەن كۆلىدىكى يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭ، يەنە بىرسى

گۈللۈك قاپلان ياڭ لىن بولىدۇ. ئۇلار پىچقىرغا ئون سەرلىك كاللەك كۆمۈش بەرگەنىدى، ھازىرمۇ بوغجۇمىدا تۇرۇپتۇ. مانا شۇلارنى پاناھ تارتىپ بارساق بولىدۇ.

— ئەگەر مۇنداقلا بىر ئامال بولسا، مەن بىرىپ ئانچە - مۇنچە خىراجەت جايلاپ كىلەي، ئاندىن ماڭايلى.

— ئاغا، سىلىنى تازا سۆرەلمە ئىكەنلا، ناۋادا شەھەرگە كىرىپ تۇيۇلۇپ قېلىپ قولىغا چۈشۈپ قالسىلا، قانداق قۇتۇلالايدۇ؟ بوغجۇمدا ھازىر بىرمۇنچە ئۇنچە - مەرۋايىت، كۆزلۈك بىلەزۈك ۋە باشقا زىننەت - زىۋەرلەر بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە پىچقىردىمۇ ئازراق كۆمۈش بار، يەنە تۆت - بەش ئادەم بولسىمۇ خەج - خىراجەتلىرىگە يىتىدۇ، پۇل ئەكېلىشكە بېرىشىنىڭ نىمە ھاجىتى بار، بىرەر پىشكەللىككە ئۇچراپ قالسىلا ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلغۇلۇق؟ بۇ ئىش ئۇزاق ئۆتمەيلا تۇيۇلىدۇ، شۇڭا ھايال بولماي، تاغ ئارقىسى بىلەن كېتىۋەرگىنىمىز تۈزۈك.

شى شيۇ بوغجۇمىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، قولىغا توقمىقىنى ئالدى، ياڭ شيۇڭ يان قىلىچىنى بېلىگە ئېسىپ، كۆتمەك قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ بۇ كونا قەبرىستانلىقتىن كېتەي دەپ تۇرغاندا، قارىغاينىڭ ئارقىسىدىن بىر كىشى چىقىپ:

— بۇ ئادالەتلىك زاماندا، كۈپكۈندۈزدە قىلچە تەپ تارتماستىن ئادەملەرنى سويۇپ تاشلاپ، لياڭشەن كۆلىگە بىرىپ توپقا قوشۇلماقچىمۇ سىلەر، مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرغىلى نەۋاق، — دېدى.

ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار بىر قاراش بىلەنلا ھېلىقى ئادەم باش قويۇپ سەجدە قىلدى. ياڭ شيۇڭ بۇ ئادەمنى تونۇيتتى، ئۇنىڭ ئىسمى زاتى شى چيەن ئىدى، ئانا يۇرتى گاۋتاڭ ئايمىقىدىن بولۇپ، ئۇ مۇشۇ يەرگە سەرگەردان بولۇپ كېلىپ قالغان. ئۇ ھەمىشە تامىمۇتام، ئۆگزىمۇئۆگزە ئاتلاپ يۈرۈپ ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نىمە ئىدى. بۇرۇن دەۋا بىلەن جىجۇ ئايماق يامۇلىغا كىرىپ سوراق - سوئاللارغا

قالغاندا، ئۇنى ياڭ شيۇڭ قۇتۇلدۇرۇپ قويغان، خەقلەر ئۇنى ناغرا بۇرگىسى دېيىشەتتى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

سۆڭىكى ئەۋرىشىم، بەدىنى تەدان،
قاشلىرى قىياقتەك، كۆزلىرى چولپان.
گوياكى شاياتۇن تۇرقى ـ سىياقى،
مېڭىشى بەئەينى ھۆرلەردەك چاپسان.
كېچىسى پىنھاندا تاملاردىن ئاتلاپ،
تۇندە ئۇ ئۆيدىكى لىمغا ياماشقان.
قوش ـ تۇرا پايلاقچى، ئوغرىسى ماھىر —
بۇ شى چيەن «ناغرا بۇرگىسى» بولغان.

بۇ چاغدا ياڭ شيۇڭ شى چيەندىن:
— سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن، — دەپ سورىدى.
— زىندانبېگىم، پېقىر يېقىندىن بۇيان ھېچبىر ئىشنىڭ ئېپىنى قىلالماي، بۇ يەردىكى كونا قەبرىلەرنى قېزىپ، ئانچە ـ مۇنچە ئوقەت قىلىپ يۈرەتتىم، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردە ئادەم ئۆلتۈرۈپ يۈرگەنلىكلىرىنى كۆرۈپ، ئارىلىشىشقا پېتىنالماي ئولتۇرغاندا، لياڭشەن كۆلىگە بېرىپ تويغا قوشۇلماقچى بولغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم، پېقىر بۇ يەردە ئانچە ـ مۇنچە ئۇششاق ـ چۈششەك ئوغرىلىق قىلىپ يۈرىمەن، بولدى، ئەمدى بۇنى قاچانغىچە قىلىپ يۈرىمەن، ئىككىلىرىگە ئەگىشىپ تاغقا چىقىپ كەتسەم ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئىككىلىرى پېقىرنى ئالغاچ چىقامدىكىن؟ — دېدى جاۋابەن شى چيەن.
— سىزمۇ پالۋانلارنىڭ بىرسىغۇ، ئۇلار ھازىر مەرد ـ پالۋانلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاۋېتىپتۇ، سىزدەك بىر ئادەمنى ئالماي قوياتتىمۇ. ئەگەر ئۇنداق نىيىتىڭىز بولسا بىز بىلەن بىللە بېرىڭ، — دېدى شى شيۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— پېقىر بىر چىغىر يولنى بىلىمەن، — دېدى شى چيەن ۋە ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلارنى باشلاپ ماڭدى، بۇ ئۇچەيلەن چىغىر يول بىلەن تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ لياڭشەن كۆلىگە راۋان بولدى.

ئەمدى ھېلىقى ئىككى تەختىراۋانچىغا كەلسەك، ئۇلار تاغنىڭ بېلىدە كۈن ئولتۇرغۇچە ساقلىدى. بۇ ئۇچەيلەن قايتىپ چۈشمىدى، ئۇلارغا تاپىلاپ قويۇلغانلىقى ئۇچۈن تاغقا چىقىشقىمۇ پېتىنالمىدى. ئاخىر تاقىتى تاق بولۇپ، تاغقا ئىزدەپ چىقتى، چىقىپ قارىسا بىر توپ قاغىلار بىر كونا قەبرە ئۈستىگە توپلىشىۋاپتۇ. تەختىراۋانچىلار سىنچىلاپ قارىسا غاج - غاجلىشىپ ئۇچەي - قېرىن تالىشىۋېتىپتۇ. تەختىراۋانچىلار بۇنى كۆرگەندىن كېيىن چۆچۈپ كېتىپ، دەرھال قايتىپ بېرىپ پەن بوۋايغا خەۋەر قىلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە جىجۇ ئايماق ياملۇلغا ئەرز قىلىپ باردى. ئايماق ئامبىلى شۇ ھامان يامۇل بەگلىرىدىن بىرنى جەسەت تەكشۈرگۈچىلەرنى ئاپىرىپ جەسەتنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى، يامۇل بېگى سۈيپىڭ تېغىغا بېرىپ جەسەتلەرنى تەكشۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن ئامبالغا:

— تەكشۈرگۈدەك بولساق، ئۆلتۈرۈلگۈچى ئايال پەن چياۋيۈن ئىكەن، ئۇ قارىغاي تۈۋىدە سويۇپ تاشلىنىپتۇ؛ دېدەك قىز يىڭئېر كونا قەبرە تۈۋىدە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. قەبرىنىڭ يېنىدا ئايالنىڭ ۋە شەيخ بىلەن تاكتاكچىنىڭ بىر دۆۋە كىيىم - كېچەكلىرى تۇرىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

ئامبال بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ئالدىنقى كۈنىدىكى شەيخ بىلەن تاكتاكچى ۋەقەسى ئېسىگە كەلدى. ئۇ پەن بوۋايدىن ئەھۋالنى ئوبدان سورۇشتۇردى. بوۋاي ھېلىقى شەيخنىڭ مەي ئىچىپ مەست بولۇپ قالغانلىقى ۋە شى شيۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش سەۋەبلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئامبال: «قارىغاندا، بۇ ئايال بىلەن شەيخ زىنا قىلىشىپتۇ. دېدەك قىز بىلەن تاكتاكچى دەللاللىق قىلىپ بېرىپتۇ. شى شيۇ دېگەن

ھارامزادە بۇ ناھەقچىلىككە چىدىماي تاكتاكچى بىلەن شەيخنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئەمدى ياڭ شيۇڭ دېگەن نىمىسىنىڭ ئايالى بىلەن دېدەك قىزنى ئۆلتۈرگەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە قالمىدى، چوقۇم شۇنداق بولغان. ياڭ شيۇڭ بىلەن شى شيۇنى قولغا چۈشۈرسەكلا ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتىنى بىلگىلى بولىدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، شۇ ھامان ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلارنى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە ئىنئام بېرىدىغانلىقى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى، تەختىراۋانچى قاتارلىق كىشىلەرنى ھۆكۈمنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار دەپ قايتۇرۇۋەتتى. يەن بوۋاي ئۆزى جەسەت ساندۇقى سېتىۋېلىپ، مېيىتنى يەرلىككە قويدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى ياڭ شيۇڭ، شى شيۇ، شى چيەنلەرگە كېلەيلى. بۇلار جىجۇ ئايمىقى تەۋەسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن كېچىسى سارايدا قونۇپ، توختىماي بىر كۈن يول يۈردى. ئاخىر يۈنجۇ ئايمىقى تەۋەسىگە يېتىپ كېلىپ، شياڭلىن قومۇشلۇقىدىن ئۆتكەندە بىر تاغ كۆرۈندى، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى، بۇ چاغدا ئالدى تەرەپتە ئېرىق بويىغا جايلاشقان بىر ساراي كۆرۈندى، ئۇچەيلەن كېلىپ قارىسا شۇنداق ساراي ئىكەنكى:

ئىشىكى ئالدى خانلىق يول، ئاقار ئۆستەڭمۇ ئارقىدا،
باراقسان تاللىرى مەجنۇن، ئۆيىنىڭ چۆرىسى مېيخۇا.
تىكەن ـ چىتتە قاشاسى بار، ئۆيى چاتقالدا ئورالغان،
كېڭىنى دالدا ئەيلەشكە قومۇشتا تام ـ قاشا سوققان.
نەزەر سالساڭ چۈشەر نەزمە كۆزۈڭگە ئوڭدىكى تامدا:
«بۇ خىلۋەت خانىمىز تەييار نامازشام ھەرنە مېھمانغا».
يەنە سالساڭ نەزەر سولغا يېزىلغان يەتتە سۆز مۇنداق:
«ئوچۇق دەرۋازىمىز مېھمان مىڭەر كىم كەلسە سۇبھى چاغ».
ساراي ئورنى ياقا خىلۋەت، غېرىب كەنت بولسىمۇ گەرچە،
چۈشەر گاھ ئارغىماق مىنگەن بېگىملەر بۇ ساراي ـ دەڭگە.

گۈگۈم چۈشۈپ قالغانلىقتىن سارايۋەن ئىشىكنى تاقاي دەپ تۇرغانىكەن، ئۇ بۇ ئۇچەيلەننىڭ ئۇسۇپلا كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— مېھمانلار يىراقتىن كەلگەن ئوخشىمامىلا، كەچ قاپتىلىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇگۈن يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇق يول بېسىپ كەچ قالدۇق، — دېدى شى چيەن.

سارايۋەن ئۇلارنى ئىچكىرىگە ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن:

— مېھمانلار تاماق - پاماق يەمدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— تاماقنى ئۆزىمىز ئېتىپ يەيمىز، — دېدى شى چيەن.

— بۇگۈن سارايغا باشقا مېھمانمۇ چۈشمىدى، ئاشخانىدا ئىككىلا قازان پاكىز، ئىشلىتىۋېرىشسىلە، — دېدى سارايۋەن.

— سارايدا ساتىدىغان مەي - شاراب، گۆش - پۇشلەر يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى شى چيەن.

— بۇگۈن ئەتىگەندە ئازراق گۆش بار ئىدى، ھەممىنى قوشنا يېزىلىقلارغا سېتىۋەتتۇق، بىر خۇمرا مەي قالدى، يېگۈدەك باشقا نەرسە يوق، — دېدى سارايۋەن.

— بوپتۇ ھازىرچە بىزگە بەش شىڭ گۈرۈچ بېرىپ تۇرۇڭ، ئۆزىمىز ئەپلەپ بىرنېمە قىلارمىز، — دېدى شى چيەن.

سارايۋەن گۈرۈچنى ئاچىقىپ شى چيەنگە بەردى، شى چيەن ئۇنى يۇيۇپ بىر قازان ئاش ئەتتى، شى شيۇ كۆدە - كۆرپىلەرنى جايلاشتۇرۇش بىلەن بولدى، ياڭ شيۇڭ بولسا بىر جىغىنى ئېلىپ سارايۋەنگە بېرىپ:

— ھازىرچە ھېلىقى بىر خۇمرا مەينى ئاچىقىپ بېرىڭ، ئەتىلىككە بىراقلا ھېساب - كىتاب قىلىشايلى، — دېدى.

سارايۋەن جىغىنى ئالغاندىن كېيىن ئىچكىرىگە كىرىپ ئاشۇ بىر خۇمرا مەينى ۋە بىر تەخسە قورۇمىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ شىرەگە قويدى. شى چيەن ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلارنىڭ قول -

www.uyghurkitap.com

پۇتلىرىنى يۇيۇشىغا بىر سوغا سۇ ئەكىرىپ بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن مەي ئىسسىتىپ سارايۋەننىمۇ چاقىرىپ تۆت ئاپقۇردا بىللە مەي ئىچىشتى.

شى شيۇنىڭ كۆزىگە سارايىنىڭ دەھلىزىدە ئېسقلىق تۇرغان ئون نەچچە تال ئېسىل كۆتمەك قىلىچ چۈشۈپ قالدى، ئۇ:

— سارايدا قورال - ياراغ ساقلاپ نېمە قىلىسىلەر، — دەپ سورىدى سارايۋەندىن.

— غوجايىنىمىز قويۇپ قويغان، — دېدى سارايۋەن.

— غوجايىنىڭىز قانداق ئادەم؟

— مېھمان ئۆزلىرى ئەلكېزەرلەردىن تۇرۇقلۇق، بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ نامىنى ئەجەبمۇ بىلمەيدىكەنلىغۇ؟ ئالدىمىزدىكى تاغنى دۇلۇڭشەن تېغى دەپ ئاتايدۇ. تاغنىڭ ئالدىدا بىر ھەيۋەتلىك داۋان بار. ئۇ دۇلۇڭشەن داۋىنى دەپ ئاتىلىدۇ، خوجايىنىمىز ئەنە شۇ داۋاننىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. بۇ يەرنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ئوتتۇز چاقىرىم كېلىدىغان جايلارنىڭ ھەممىسى جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسى دەپ ئاتىلىدۇ، جاڭزىنىڭ ئىگىسى جۇ چاۋفېڭ غوجا، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار. ئۇلار جۇ جەمەتىنىڭ ئۈچ باتۇرى دەپ ئاتىلىدۇ. جاڭزىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بەش - ئالتە يۈز ئۆيلۈك ئادەمنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئوتاقچىلىرى، ھەر ئۆيگە بىردىن كۆتمەك قىلىچ تارقىتىپ بېرىلگەن، بۇ ساراي جۇ جەمەتىنىڭ سارىيى دەپ ئاتىلىدۇ. دائىم دېگۈدەك نەچچە ئون ئادەم كېلىپ قونىدۇ، شۇڭا بۇ يەرگىمۇ قىلىچ تارقىتىپ بېرىلگەن، — دېدى سارايۋەن.

— سارايدا قورال - ياراغنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — دەپ سورىدى شى شيۇ.

— بۇ جاي لياڭشەن كۆلىگە ئانچە يىراق ئەمەس، شۇڭا ئۇ يەردىكى قاراقچىلار ئاشلىق بۇلايمىز دەپ كېلىپ قالامدىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن قورال - ياراغلارنى تەييارلاپ قويغان، — دېدى سارايۋەن.

— مەن سىزگە ئازراق كۈمۈش بېرەي، ماڭا بىر قىلىچ سېتىپ بەرسىڭىزچۇ؟ — دېدى شى شيۇ.

— ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، ھەممە قورالنىڭ ئۈستىدە بەلگىسى بار، مېنى ئۇرۇۋەتسە غوجىمىزنىڭ تايىقىنى كۆتۈرەلمەيمەن، بىزنىڭ غوجىمىزنىڭ قانۇن - جاسىقى قاتتىق، — دېدى سارايۋەن.

— مەن سىزگە ئانچىكىم چاقچاق قىلىپ قويسام، ئەجەب ھودۇقۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ قېنى، كېلىڭ مەي ئىچەيلى، — دېدى شى شيۇ كۈلۈپ.

— پېقىر ئەمدى ئىچەلمەيمەن، چىقىپ يېتىپ قالاي، مېھمانلار بەھوزۇر ئولتۇرۇپ ئىچىشسىلە، — دەپ سارايۋەن چىقىپ كەتتى.

ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار يەنە بىر نۆۋەتتىن مەي ئىچىشتى. شى چيەن:

— ئاغىلىرىم، گۆش - پۆشلەردىن يېيىشەملا؟ — دېدى.

— سارايۋەن ساتىدىغان گۆش يوق دەۋاتسا، نەدىن تاپىسەن؟ — دېدى ياڭ شيۇڭ.

شى چيەن پىخىلداپ كۈلگىنىچە بېرىپ قازاندىن بىر چوڭ خوراز گۆشىنى ئېلىپ كەلدى. ياڭ شيۇڭ:

— بۇنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر ئابايا تەرەت قىلغىلى ئارقىغا ئۆتسەم، كاتەكتە مۇشۇ توخۇ تۇرۇپتۇ، ئاغاملار مەي ئىچكەندە يەيدىغان گۆش يوق دېگەن ئوي بىلەن، ئۇنى غىپپىدە ئېرىق بويىغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈپ بىر سوغا سۇ بىلەن پاكىز تازىلاپ قازانغا سېلىپ قويغانىدىم، قېنى، ئېغىز تېگىشسىلە، — دېدى شى چيەن.

— سەن ھارامزادە، تېخىچىلا شۇنداق ئوغرىلىق قىلىپ يۈرۈپسەن - دە، — دېدى ياڭ شيۇڭ.

— كونا ھۈنىرىڭنى تېخىچىلا تاشلىماپسەن - دە، — دەپ كۈلدى شى شيۇ.

ئۆچەيلەن بىر پەس كۈلۈشتى، ئاندىن توخۇ گۆشىنى قوللىرى بىلەن تىتىپ يېيىشتى، شورپىسىنى ئۇسۇپ ئىشتەي بىلەن ئىچىشتى.

ھېلىقى سارايۋەن بىرئاز ئۇخلىغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولالماي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدى ـ ئارقا تەرەپلەرگە ئۆتۈپ قاراشتۇردى ۋە ئاشخانىدىكى شىرە ئۈستىدە ئازراق توخۇ پەيلىرى ۋە ئۇستىخانلىرى تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، دەرھال بىرىپ قازانغا قارىسا توخۇ شورپىسى تۇرۇپتۇ، ئۇ ئالاقزادە بولۇپ شۇ ھامان ئارقىغا ئۆتۈپ كاتەككە قارىسا توخۇ يوق بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال چىقىپ:

— ھوي مېھمانلار، نېمىدېگەن يولسىزلىق بۇ، نېمىشقا سارىيىمىزنىڭ تاڭ خەۋەرچىسى بولغان خورىزىمىنى ئوغرىلاپ يېيىشتىلە؟ — دېدى.

— ھوي، سىزنى قارا باستىمۇ نېمە؟ بۇ توخۇ مەن يولدىن سېتىۋېلىپ كەلگەن توخۇ. سىزنىڭ توخۇيىڭىزنى كىم كۆرۈپتۇ؟ — دېدى شى چيەن.

— ئۇنداق بولسا سارايىنىڭ توخۇسى نەگە كەتتى؟ — دېدى سارايۋەن.

— مولۇن يېدىمۇ، مايمۇن يېدىمۇ، لاچىن قوش سوقۇپ كەتتىمۇ، مەن نەدىن بىلەي، — دېدى شى چيەن.

— مېنىڭ توخۇيۇم ھېلىلا كاتەكتە بار ئىدى، ئۇنى سىلەر ئوغرىلىمىساڭلار كىم ئوغرىلايدۇ، — دېدى سارايۋەن.

— بولدى تاكاللاشماڭلار، توخۇيىڭىز نەچچە پۇللۇق توخۇ ئىدى؟ پۇل تۆلەپ بېرەيلى، — دېدى شى شيۇ.

— ياق، مېنىڭ توخۇيۇم تاڭ خەۋەرچىسى ئىدى، سارايدا ئۇ بولمىسا بولمايدۇ. ماڭا ئون سەر كۈمۈش تۆلىگىنىڭلار بىلەنمۇ بىكار، زادى توخۇيۇمنى قايتۇرۇپ بەرمىسەڭلار بولمايدۇ! — دەپ تۇرۇۋالدى سارايۋەن.

— ھوي، سەن كىمنى قورقۇتماقچى مۇنداق ھۆركىرەپ؟

ئاكاڭ قارىغاي تۆلەپ بەرمەيدىغۇ، قېنى، نېمە قىلالايسەن؟ — دېدى شى شيۇنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ.
— مېھمانلار ھەرقايسىلىرى بۇ يەردە ئۆزلىرىگە ئىش تېپىۋېلىشتىلا، — دېدى سارايۋەن كۈلۈپ، — بىزنىڭ سارىيىمىز باشقا سارايلارغا ئوخشىمايدۇ، ئەگەر ھەرقايسىلىرىنى تۇتۇپ جاڭزىغا ئېلىپ بارىدىغان بولسام، چوقۇم لياڭشەن كۆلىنىڭ قاراقچىسى سۈپىتىدە تۇتۇپ كېتىدۇ.
— ھە، مەن شۇ لياڭشەن كۆلىنىڭ باتۇرلىرىدىن، قېنى، تۇتۇپ بېرىپ مۇكاپات ئېلىپ باققىنا، كۆرۈپ باقاي! — دەپ قاتتىق ئىللىدى ئۇ گەپنى ئاڭلىغان شى شيۇ.
— ياخشىلىق قىلىپ پۇل تۆلەپ بېرەيلى دەپتىمىز تېخى، تۆلىمەيمىزغۇ، قېنى، تۇتۇپ باقامسەن؟ — دېدى ياڭ شيۇڭمۇ غەزەپلىنىپ.
— ئوغرى كەلدى، — دەپ سارايۋەن بىر ۋارقىرىشى بىلەن سارايدىن قىپيالىڭاچ ھالدا تۆت - بەش دارازا يۈگۈرۈپ چىقىپ ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلارغا قاراپ ئېتىلدى، شى شيۇ بىر مۇشتتا بىرنى تىك موللاق چۈشۈرۈپ، ھەممىسىنى يەر چىشلەتتى. سارايۋەن ۋارقىراي دەپ تۇرۇشىغا شى چيەن بىر كاچات ئۇردى - دە، يۈزى ئىششىپ چىقىپ دېمىنى چىقىرالماي قالدى. بايىقى بىرنەچچە دارازا ئورنىدىن تۇرۇپ غىپپىدە ئارقا ئىشىك بىلەن بەدەر تىكىۋەتتى. ياڭ شيۇڭ:
— ئۇكىلىرىم، بۇ مەلئۇنلار غوجىسىغا دەپ ئادەم باشلاپ كېلىدۇ، بىز تامىقىمىزنى ئىتتىكرەك يەپ يۈرۈپ كېتەيلى، — دېدى.
ئۈچەيلەن قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، بوغجۇملىرىنى بېلىگە تاڭدى، چورۇقلىرىنى تارتىپ، يان قىلىچلىرىنى ئاستى، ياراقدانىدىن ھەربىرى بىردىن ئوبدان كۆتمەك قىلىچ تاللىۋالدى.
— شى شيۇ: «تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول» دەپتىكەن، بولغۇلۇق بولدى، ھەممىسى بىراقلا تۈگەشسۇن، — دېدى - دە،

ئاشخانىغا كىرىپ بىر تۇتام پاخالغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئۆيىنىڭ ئىچىگە چېچىۋەتتى. ئوت شامالنىڭ كۈچىدە يالقۇنلاپ يېنىپ، پاخالدا يېپىلغان ئۆيلەر گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى ۋە بىر پەستىلا ئاسمان ـ پەلەك يالقۇنغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۈچەيلەن چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ، چوڭ يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ئوغرىلاپ قويغاچ شى چيەن خوراز توخۇدىن بىرنى،
ئۈركۈشۈپ مەردلەر بۇنىڭدىن ئالدى قولغا تىغىنى.
چىقتى دولقۇن مەۋج ئۇرۇپ لياڭشەن كۆلىنىڭ بويىدىن،
پالۋانلار قىلدى يەكسان جۇ جەمەت ئۆيى، بېغىنى.

ئۈچەيلەن بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن ئالدى ـ ئارقا تەرەپتىن سان ـ ساناقسىز ئوتقاش كۆتۈرگەن بىر ـ ئىككى يۈزچە ئادەم قىيقاس ـ چۇقان سالغان ھالدا قوغلاپ كېلىشتى.

— ھودۇقماي چىغىر يول بىلەن قېچىپ كېتەيلى، — دېدى شى شيۇ.

— توختاڭلار، بىرسى كەلسە بىرسىنى، ئىككىسى كەلسە ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاڭ يورۇغاندىن كېيىن ماڭايلى، — دېدى ياڭ شيۇڭ.

بۇ گەپ ئاياغلاشماي تۇرۇپلا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئادەملەر كېلىپ بۇلارنى قورشىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ياڭ شيۇڭ ئالدىدا، شى شيۇ ئارقىدا، شى چيەن ئوتتۇرىدا تۇرۇپ، قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ ئوتاقچىلار بىلەن ئېلىشتى. ئوتاقچىلار دەسلەپتە ئەھۋالدىن بىخەۋەر بولغانلىقىدىن قىلىچ، نەيزە، تاياق ـ توقماقلىرىنى ئوينىتىپ كېلىۋەردى، ياڭ شيۇڭ قىلىچىنى بىر پىرقىرىتىپ چېپىش بىلەن ئۇلارنىڭ بەش ـ ئالتىسىنى تىك موللاق چۈشۈردى. ئالدىدىكىلەر بەدەر تىكىۋەتتى، ئارقىدىكىلەرمۇ قاچاي دەپ تۇرۇشىغا شى شيۇ قوغلاپ بېرىپ يەنە بەش ـ ئالتىسىنى يەر چىشلەتتى. تۆت ئەتراپتىكى



www.uyghurkitap.com

ئوتاقچىلار ئون نەچچە ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىدى ــ دە، جانلىرىنى پاناھداش ئۈچۈن ھەممىسى چېكىنىشتى. ئۇچەيلەن سوقۇشۇپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، يەنە قىيىقاس ــ سۈرەنلەر كۆتۈرۈلۈپ، قورۇپ كەتكەن ئوت ــ چۆپلەر ئىچىدىن ئىككى ئىلمەك ئوقىرۇق سوزۇلۇپ چىقتى ــ دە، شى چيەننىڭ بوينىدىن ئىلىۋېلىپ، ئوت ــ چۆپلەرنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. شى شيۇ دەرھال بۇرۇلۇپ شى چيەننى قۇتقۇزۇۋېلىشقا تەمشەلدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن يەنە ئىككى ئىلمەك ئوقىرۇق سوزۇلۇپ چىقتى، بىراق ياڭ شيۇڭ چاققانلىق قىلىپ قىلىچىنى بىر شىلتىپلا ئىككى ئىلمەك ئوقرۇقنى قايرىپ تاشلاپ، قىلىچىنى ئوتنىڭ ئىچىگە سانجىپ ــ سانجىۋېتىپ، ئالدى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى. ئىككىيلەن شى چيەننىڭ قولغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن قاتمۇقات مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، داۋاملىق ئېلىشىشقىمۇ كۆڭلى تارتماي، شى چيەنگىمۇ قاريىالماي، نائىلاج ئەتراپتىن يول ئىزدەشكە چۈشتى. بىراق، بۇ يەردە ئوتقاشلار پىلدىرلاپ تۇراتتى. چىغىر يوللاردا دەل ــ دەرەخلەردىن ئەسەر يوق ئىدى، بۇلار يول كۆرۈنگەن تەرەپ بىلەن مېڭىپ، ئۇدۇل كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. ئوتاقچىلار ئۇلارنى قوغلاپ يېتىشەلمەي، يارىدارلىرىنى قۇتقۇزۇپ، شى چيەننىڭ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپ، جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا ئېلىپ كەلدى.

ئەمدى ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلارغا كەلسەك، بۇلار تاڭ ئاتقۇچە يول ماڭدى، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن يىراقتا مەيخانىسى كۆرۈندى. شى شيۇ:

— ئاغا، ئالدىمىزدىكى مەيخانىغا كىرىپ بىرەر ئاپقۇردىن مەي ئىچكەچ يولنى سورىۋېلىپ ماڭايلىچۇ، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن مەيخانىغا كىرىپ قىلىچلىرىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، بىر ــ بىرىگە روبىرو ئولتۇردى، ئاندىن

مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ مەي ۋە تاماق بۇيرۇدى. مەيپۇرۇش كۆك ــ گىرەك كەلتۇردى، مەي ئىسسىتىپ كەلدى. ئۇلار ئەمدىلا تاماققا ئېغىز تېگەيلى دەپ تۇرۇشىغا سىرتتىن بىر دارازا ئېتىلىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ يۇزى كەڭ، كۆزى پارقىراپ تۇرىدىغان، سالپاڭ قۇلاق، سەت، تومپاي كەلگەن، ئۇستىگە زىغىر رەڭ تاۋار تون كىيگەن، بېشىغا توشقان قۇلاق بوغمىچا چىگكەن، بېلىگە ئاق دۇردۇن خالتا پوتا باغلىغان، پۇتىغا پارقىراپ تۇرىدىغان ئۆتۈك كىيىۋالغان بىر دارازا ئىدى. ئۇ مەيخانىغا كىرىپلا:

ــ بەگ غوجام سىلەرنى تاماقنى جاڭزىغا تىزىرەك ئەكەلسۇن دەيدۇ، ــ دەپ ۋارقىرىدى.

ــ تاماقنى قاچىلاپ تەخمۇتەخ قىلىپ قويدۇق، ھېلى ئېلىپ بارىمىز، ــ دەپ جاۋاب بەردى مەيپۇرۇش شۇ ھامان.

دارازا گېپىنى دەپ بولۇپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ:

ــ تېز ئاپىرىڭلار! ــ دەپ يەنە جېكىلىدى. ئۇ ئىشىكتىن چىقماقچى بولۇپ ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ياڭ شيۇڭ ئۇنى تونۇپ قالدى، ئۇ ئادەم:

ــ ئەي شاپائەتچىم، سىلى قانداقسىغا بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟ ــ دەپ ياڭ شيۇڭغا ئېگىلىپ سالام بەردى.

ئەيۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئاموخاس! ياڭ شيۇڭ بۇ ئادەمگە ئۇچرىشىپ قالغانلىقىدىن ئۇچ جاڭزىنىڭ دوستلۇق ئانتى بىكارغا كەتكۇسى، يولۋاسلار قەھرىدىن بالايىئاپەت ياغقۇسى. ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار ئۇچراشقان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# قىرىق يەتتىنچى باب

## ئاسمان بۇركۈتى لى يىڭنىڭ ئەھدىنى ئىزھار قىلىپ ئىككى پارچە مەكتۇپ ئەۋەتكەنلىكى
## سۇڭ دانىشنىڭ جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا بىرىنچى قېتىم تەگكەنلىكى

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا ياڭ شيۇڭ ھېلىقى ئادەمنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، شى شيۇ بىلەن كۆرۈشتۈردى. شى شيۇ:

— بۇ ئاغىمىز كىم بولىدۇ، — دەپ سورىدى.

— بۇ ئۇكىمىزنىڭ ئىسمىزاتى دۇ شىڭ بولىدۇ، يۇرتى جۇڭشەن دىيارى، — دېدى ياڭ شيۇڭ، — ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى سەت بولغانلىقتىن خەقلەر ئۇنى «جىن چىراي» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇزاقى يىلى سودا - سېتىق بىلەن جىجۇ ئايمىقىغا كەلگەندە، ئۆزىگە شېرىك بىر سودىگەر بىلەن سوقۇشۇپ قېلىپ ئاچچىقىدا ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سوراق - سوئالغا تارتىلىپ جىجۇ ئايماق يامۇلىغا قامالغانىدى. پېقىر ئۇنىڭ قولىدىن چامباشچىلىق - نەيزىۋازلىقنىڭ ھەممىسى قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھىمات بولۇپ قۇتقۇزۇۋالغانىدىم. كۇتۇلمىگەندە بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالدۇق.

— شاپائەتچىم، قانداق پادىشاھلىق ئىشى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟ — دېدى دۇ شىڭ.

— مەن جىجۇ ئايمىقىدا ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، لياڭشەن كۆلىگە توپقا قوشۇلۇش ئۈچۈن كېتىپ باراتتىم. تۈنۈگۈن كەچتە جۇ جەمەتىنىڭ سارىيىدا قونغاندۇق، بىز بىلەن بىللە

كەلگەن شى چيەن دېگەن ھەمراھىمىز شۇ سارايىنىڭ تاڭ خەۋەرچىسى بولغان خورىزنى ئوغرىلاپتىكەن، يەپ قويۇپتۇق، بۇنى سارايدىكىلەر بىلىپ قېلىپ جېدەل چىقاردى، شى چيەن ئاچچىقىدا ئۇلارنىڭ سارىيىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. بىز ئۈچەيلەن كېچىلەپ قاچتۇق. كۈتمىگەندە ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىشتى. بىز ئاغا ـ ئىنى ئىككىيلەن ئۇلاردىن بىرنەچچىسىنى قىلىچ بىلەن يەرگە تىك موللاق چۈشۈردۇق، بۇ چاغدا ئوت ـ چۆپلەر ئىچىدىن تۇيۇقسىز ئىككى ئىلمەك ئوقۇرۇق سوزۇلۇپ چىقتى ـ دە، شى چيەننى سۆرەپ ئېلىپ كەتتى. ئىككىمىز ئۇيان دوقۇرۇپ، بۇيان دوقۇرۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق، ئەمدى يولنى ئۇقۇشۇپ كۆرەيلى دەپ تۇرۇۋشىمىزغا سىزگە يولۇقۇپ قالدۇق، — دېدى ياڭ شيۇڭ ئۇنىڭ قولىقىغا شىۋىرلاپ.

— شاپائەتچىم، بىئارام بولمىسىلا، مەن شى چيەننى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىمەن، — دېدى دۇ شىڭ.

— ئىنىم، كىچىككىنە ئولتۇرۇڭ، بىر قەدەھتىن كۆتۈرەيلى، — دېدى ياڭ شيۇڭ.

ئۈچەيلەن ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشتى، مەي ئۈستىدە دۇ شىڭ:

— پېقىر جىجۇ ئايمىقىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىدا بۇ يەرگە كېلىپ بىر كاتتا بەگنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالدىم، بەگ پېقىرنى ئۆز ئۆيىدە ئېلىپ قېلىپ غوجىدار قىلىۋالدى، ھەر كۈنى مىڭلاپ، تۈمەنلەپ پۇللارنى نېرى ـ بېرى قىلىشنى پېقىرنىڭ زىممىمگە يۈكلىدى، ماڭا شۇنچە ئىشەنگەنلىكىدىن يۇرتۇمغا كەتكۈمۇ كەلمىدى، — دېدى.

— بۇ بەگ كىم ئىكەن؟ — دېدى ياڭ شيۇڭ.

— بۇ يەردىكى دۇلۇڭ راۋىقىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئۈچ داۋان بار، — دەپ سۆز باشلىدى دۇ شىڭ، — ئۇ يەرگە قاتار ئۈچ كەنت جايلاشقان، ئوتتۇرىسىدىكى جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسى، كۈنپېتىش تەرىپىدىكىسى خۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسى، كۈنچىقىش تەرىپىدىكىسى لى جەمەتىنىڭ جاڭزىسى. بۇ ئۈچ جاڭزا، ئۈچ

كەنتتە جەمئىي بىر ـ ئىككى تۈمەن ئۆيلۈك ئادەم بار. يالغۇز جۇ جەمەتىنىلا ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ جاڭزىسىدىكىلەر كارامەت باتۇر ئادەملەر، ئۆي چوڭى جۇ چاۋفىڭ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار. ئۇلار جۇ جەمەتىنىڭ ئۈچ باتۇرى دەپ ئاتىلىدۇ. چوڭ ئوغلى جۇ لۇڭ، ئوتتۇرانچىسى جۇ خۇ، كەنجىسى جۇ بياۋ. يەنە بىر موللا بار، ئۇ تۆمۈر توقماق لۈەن تىڭيۇ دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئادەمنىڭ باتۇرلۇقىغا تۈمەنلىگەن ئەرمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ جاڭزىسىدا بىر ـ ئىككى مىڭ قاۋۇل ئوتاقچى بار. كۈنپېتىش تەرەپتىكى خۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىنىڭ خوجايىنى خۇ ھەزرەت، ئۇنىڭ ئۇچار يولۋاس خۇ چېڭ ئاتلىق بىر ئوغلى بار، ئۇمۇ قالتىس نېمە؛ ئۇنىڭ يالغۇزلا بىر قىزى بار، ئۇ قىزنى كىشىلەر غۇنچە بوي قىز خۇ سەننياڭ دەپ ئاتىشىدۇ، ئۇ قالتىس باتۇر قىز بولۇپ، ئىككى قولىدا بىردىن ئىككى ئاي شەكىللىك قىلىچنى ئات ئۈستىدە شۇنداق چەبدەس ئوينىتالايدۇ. بۇ كۈنچىقىش تەرەپتىكى جاڭزا مېنىڭ بېگىمنىڭ جاڭزىسى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمىزاتى لى يىڭ، قۇيۇچ بىلەن سوقۇلغان بىر نەيزىسى، دۈمبىسىدە بەش دانە قىلىچى بار، ئۇ يۈز قەدەم نېرىدىن ئادەمنى مولجالىغا ئالالايدۇ. خۇددى شەيتاندەك گاھ ئۇندا، گاھ بۇندا پەيدا بولىدۇ. بۇ ئۈچ كەنت ئۆلۈم ـ كۆرۈمدە بىللە بولىمىز دەپ ئانت ئىچىشكەن، بىردىل ـ بىر نىيەتتە بولىمىز، ياخشى كۈننىڭ يامىنىدا بىر ـ بىرىمىزگە ھەمدەم بولىمىز دەپ ئەھدىلەشكەن. بۇ ئۈچ كەنت لياڭشەن كۆلىدىكى باتۇرلارنى ئاشلىق بۇلاشقا كېلىپ قالارمىكىن دەپ ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىقمۇ كۆرۈپ قويدى. ھازىر مەن ئىككىلىرىنى جاڭزىغا باشلاپ بېرىپ، بېگىم بىلەن كۆرۈشتۈرەي، ئۇنىڭدىن مەكتۇپ ئەۋەتىپ شى چيەننى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئىلتىجا قىلايلى.

— سىزنىڭ لى بېگىڭىز ئەل ـ يۇرتتا ئاسمان بۈركۈتى دەپ ئاتىلىدىغان لى يىڭ بولمىسۇن يەنە؟ — دەپ سورىدى ياڭ شيۇڭ.

www.uyghurkitap.com

— دەل ئاشۇ، — دېدى جاۋابەن دۇ شىك.

— يۇرت كېزىپ يۈرگەن چاغدا دۇلۇك داۋىنىدا ئاسمان بۇركۈتى لى يىلى دېگەن بىر باتۇر بار، دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇ بۇ يەردە ئىكەن - دە، ئۇنى قالتىس ئادەم، مەرد يىگىت دېگەننى كۆپ ئاڭلىغان، بىر بېرىپ كېلەيلى، — دېدى شى شيۇ.

ياڭ شيۇڭ مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ، مەي پۇلىنى ھېسابلاشتى، دۇ شىڭ ئۇنىڭ پۇل تۆلىشىگە نەدە ئۇنىسۇن، ئۇ ئۆزى تۆلىدى.

ئۇچەيلەن مەيخانىدىن چىقتى، دۇ شىڭ ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلارنى لى جىمەتىنىڭ جاڭزىسىغا باشلاپ باردى. ياڭ شيۇڭ قارىسا ئۇ دەرۋەقە ناھايىتى چوڭ جاڭزا ئىكەن، جاڭزىنىڭ ئەتراپىدا كەڭ - كەڭ شاخاپچىلار بار ئىكەن، ئاقارتىلغان ئاپپاق تامنى بويلاپ قۇچاق يەتمەيدىغان نەچچە يۈز تۈپ سۆۋادان تېرەك سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ، دەرۋازا سىرتىدىكى ئاسما كۆۋرۈك جاڭزىنىڭ دەرۋازىسىغا تۇتىشىپ تۇرۇپتۇ. بۇلار دەرۋازىدىن كىرىپ ئايۋاننىڭ ئالدىغا كەلدى، قارىسا ئىككى تەرەپتىكى يىگىرمە نەچچە ياراقداندا ۋالىلداپ تۇرىدىغان لىقمۇلىق قورال - ياراغ تۇرۇپتۇ. دۇ شىڭ:

— ئاغىلىرىم، مۇشۇ يەردە جىندەك تۇرۇپ تۇرۇشسىلا، پېقىر كىرىپ مەلۇم قىلاي، ئاندىن بېگىم چىقىپ ئىككىلىرى بىلەن كۆرۈشسۇن، — دېدى.

دۇ شىڭ كىرىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا لى يىڭ چىقتى. ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار قارىسا دەرۋەقە ئۇ شۇنداق كېلىشكەن ئادەم ئىكەن. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

كۆزلىرى بۈركۈت مىسال، يولۋاسقا ئوخشايدۇ بېشى،
قارلىغاچ ئېڭەك، مايمۇن بىلەك، بۆرە مىسال نازۇك بېلى.
ئۇ ھېرىس بوز ئارغىماققا ھەم قىزىل تونغا ھامان،
مالنى دوست تۇتمايدۇ بۇ مەرد، پالۋانلار قولدىشى.
دۇمبىسىگە قىستۇرۇلغان بىسى ئۆتكۈر بەش قىلىچ،

قولىدا گۈلى كۈمۈشلۈك پارقىرار گاڭ نەيزىسى.
ئۆزى ئۇ گويا پولاتتەك ھېچ ئېگىلمەس چۇس مىجەز،
چېقىلىشقا جۇرئەت قىلالماس ئۇنىڭغا ھېچ كىشى.
دەر ھەقىقەت شۇنچە باتۇر، پالۋان لى يىڭ ئېتى،
لەقىمىنى خەق ئۇنىڭغا قويدى «ئاسمان بۇركۇتى».

شۇ ئەسنادا لى يىڭ ئايۋان ئالدىغا چىقتى، دۇ شىڭ ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. لى يىڭ ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئايۋانغا تەكلىپ قىلدى. ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار بىر ھازاغىچە تەكەللۇپ قىلىشقاندىن كېيىن ئولتۇردى. لى يىڭ مەي كەلتۈرۈپ ئۇلارنى مېھمان قىلدى. ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— تەخسىر، جۇ جەمەتىگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ شى چيەننى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قويۇشلىرىنى تىلەيمىز، بۇ ياخشىلىقلىرىنى بۇ ئالەم ـ ئۇ ئالەم ئۇنتۇمىساق، — دەپ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلدى.

لى يىڭ دەرھال موللىنى چاقىرىپ، مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بىر پارچە مەكتۇپ يازغۇزدى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ نامىشەرىپىنى يېزىپ، تامغىسىنى باستى، ئاندىن ئىككىنچى قول غوجىدارنى چاقىرتىپ:

— بىر يورغا ئاتقا مىنگىنىڭچە بۇ مەكتۇپنى تېزدىن جۇ جەمەتىنىڭكىگە يەتكۈزۈپ، مەكتۇپتىكى ئادەمنى ئېلىپ كېلىسەن، — دەپ بۇيرۇدى.

غوجىدار غوجىسىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپلا يولغا راۋان بولدى. ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار بۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— باتۇرلىرىم، خاتىرجەم بولۇشسىلا، — دېدى لى يىڭ، — پېقىرنىڭ مەكتۇپىنى كۆرسىلا ئۇنى قويۇۋېتىدۇ.

ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىشتى.

— قېنى، ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ ئىزا - پىزا يېگەچ ئولتۇرۇپ ئۇنى كۈتەيلى، — دېدى لى يىڭ.

ئىككىيلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىردى، ئۇ يەردە داستىخان ھازىرلاپ قويۇلغانىكەن. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن سىنچاي ئىچىشتى، لى يىڭ ئۇلاردىن نەيزىۋازلىقنىڭ يوللىرىنى سورۇشتۇردى ۋە ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ناھايىتى ئورۇنلۇق جاۋابلارنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بولدى.

چاشكا ۋاقتى بىلەن ھېلىقى ئىككىنچى قول غوجىدار قايتىپ كەلدى. لى يىڭ ئۇنى ئارقا ھۇجرىغا چاقىرىپ:

— ئېلىپ كەلگەن ئادىمىڭ قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— كەمىنىلىرى جۇ چاۋفېڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، مەكتۇپنى تاپشۇردۇم، — دەپ جاۋاب بەردى غوجىدار، — ئۇنىڭ قويۇپ بېرىش نىيىتى بار ئىدى، لېكىن كېيىن ئۇنىڭ ھېلىقى ئۈچ باتۇر دەپ ئاتالغان ئوغۇللىرى چىقىپ: «مەكتۇپقا جاۋابمۇ قايتۇرمايمىز، ئادەمنىمۇ قويۇپ بەرمەيمىز، زادى ئايماققا ئېلىپ بارغىنىمىز بارغان» دەپ ۋارقىراپ - جارقىراپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

— بىز بۇ ئۈچ كەنتىكىلەر ئۆلۈم - كۆرۈمدە بىللە بولىمىز، دەپ ئەھدىلەشكەن ئىدۇققۇ، — دېدى لى يىڭ ھەيران بولۇپ، — مەكتۇپنى ئالغان زاماتلا دېگىنىمگە كۆنىمىكى كېرەك ئىدى. ئوبدان ئۇقتۇرالمىغان ئوخشايسەن. دۇ غوجىدار ئۆزىڭىز بېرىپ جۇ چاۋفېڭنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى ئوبدان ئېيتىپ كەلسىڭىز بولامدىكىن.

— پېقىر بېرىشقا تەييار بىگىم، ئۆز قوللىرى بىلەن بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بەرسىلە ئاپىرىپ باقاي، قويۇپ بېرەر، — دېدى دۇ شىڭ.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلاي، — دېدى لى يىڭ ۋە دەرھال قەغەز - قەلەملەر ئەكەلدۈرۈپ ئۆز قولى بىلەن بىر پارچە مەكتۇپ يازدى - دە، لېپاپىقا تامغىسىنى بېسىپ دۇ شىڭغا

بەردى، دۇ شىلىڭ ئوقـۇردىن بىر يـورغا ئاتنـى ئاچىقىپ مىنـدى، ئاندىن قامچىسىـنى ئىلـىپ، دەرۋازىدىن چىقتى ـ دە، ئـېتىنـى قامچىلىغىنىچە جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا قاراپ چېپىپ كەتتى.

ـــ ئىككىلىرى خاتىرجەم بولۇشسىلا، ـــ دېدى لى يىڭ، ـــ مېنىڭ ئۆز قولۇم بىلـەن يازغان مەكـتۇپىم بـارغان هامان ئـۇلار بىر دەمدە قويۇۋېتىدۇ.

شى شيۇ، ياڭ شيۇڭلار كۆپتىن ـ كۆپ رەھمـەت، تەشەككـۇر ئېيتىپ ئارقا هۇجرىدا مەي ئىچىشكەچ ئۇنى كۈتتى.

كەچكىچە ساقلىسىمۇ دۇ شىڭ قايتىپ كەلمىدى، لى يىڭ دەرگۇمـان بـولۇپ ئەمـدى يـەنە ئـادەم ئـەۋەتـەي دەپ تۇرۇشـىغا ئوتاقچىلاردىن بىرسى كىرىپ:

ـــ دۇ غوجىدار قايتىپ كەلدى، ـــ دەپ مەلۇم قىلدى.

ـــ كەلگەنلەر نەچچە ئادەم ئىكەن؟ ـــ دەپ سورىدى لى يىڭ.

ـــ ئېتىنى چاپتـۇرغىنىـچە دۇ غوجىـدارنىڭ ئۆزىـلا قايتىـپ كەلدى، ـــ دېدى جاۋابەن ئوتاقچى.

ـــ قىزىق ئىشقۇ بۇ، ئادەتتە ئۇ بىرنېمە بىز بىلەن مۇنداق ئېيتىشمايتتى، بۈگۈن نېمىشقا مۇنداق بولـۇپ كەتتى؟ ـــ دېدى لى يىڭ بېشىنى قاشلاپ.

ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئايۋانغا چىقىپ قارىسا يالغۇز دۇ شىڭلا ئاتتىن چۈشۈۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ تەلەتىدىن ئاچچىقىدا تاتىرىپ، چىشلىرى غۇچـۇرلاپ تۇرغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ بىر هازاغىچە سۆز قىلالماي قالدى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

ئۇ تۇغۇلغاندۇر ئەزەلدە تەقى ـ تۇرقى غەلىتە،
بولسا گەر ئۇ دەرغەزەپ تىترەيدۇ خەقنىڭ يۈرىكى.
تۇرقىدىن چىقمايدۇ ئەسلا ئادىمىزات تەلەتى،
قارا يۈز، دوزاختىكى بەئەينى ئەزرائىل ئىدى.

www.uyghurkitap.com

لى يىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا چىققاندىن كېيىن ئالمان ــ تالمان:

ــــ قېنى، نېمە ئىش بولدى، ماڭا ئۇجۇر ــ بۇجۇرىغىچە ئېيتىپ باقە، ــــ دېدى.

پېقىر ئۆزلىرىنىڭ مەكتۇپلىرىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئۇچ قەۋەتلىك دەرۋازىسىدىن كىردىم، كىرىشىم بىلەنلا ئۇچ ئاكا ــ ئۇكا جۇ لۇڭ، جۇ خۇ، جۇ بياۋغا دۇچ كەلدىم ۋە ئۇلارنىڭ ئۇچىلىسىگىلا سالام بەردىم، جۇ بياۋ: «سەن يەنە نېمىدەپ كەلدىڭ؟» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. مەن تەزىم قىلىپ: «ئۆزلىرىگە بېگىمنىڭ دۇئايىسالام خېتىنى ئېلىپ كەلدىم» دېيىشىمگىلا جۇ بياۋ دېگەن ھارامزادە تەرىنى بۇزۇپ: «بېگىڭ قانداق بىغەرەز نېمە ئۇ. ئەتىگەندە بىر لەقۋا جۆندەكتىن شى چيەن دېگەن لياڭشەن كۆلىنىڭ قاراقچىسىنى تەلەپ قىلىپ خەت ئەۋەتىپتۇ، ئۇنى يالاپ ئايىماققا ئاپارماقچى بولۇۋاتىمەن، سەن يەنە نېمىدەپ كېلىپ يۈرىسەن؟» دېدى. مەن: «شى چيەن دېگەن ئادەم لياڭشەن كۆلىدىن كەلمەپتۇ، ئۇ جىجۇ ئايىمىقىدىن كەلگەن مېھمان ئىكەن، بۈگۈن مېنىڭ بېگىمنىڭ جاڭزىسىنى پاناھداپ قونماقچى بولغانىكەن، ئۇقۇشماي ئۆزلىرىنىڭ سارايلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپتۇ، بېگىمىز ئەتە ئۇنى ئۆز ئەينى بويىچە قايتىدىن سالدۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. بېگىمنىڭ يۈز ــ خاتىرى ئۇچۈن مېھىر ــ شەپقەت قوللىرىنى سوزۇپ، بۇ ئادەمنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىلىمەن» دېسەم، جۇ جەمەتىنىڭ بۇ ئۇچ پۇشتى: «بەرمەيمىز، بەرمەيمىز!» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. پېقىر: «بېگىمنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىنى كۆرۈپ بېقىشسىلا» دېدىم. جۇ بياۋ دېگەن ھارىمى خەتنى قولىغا ئېلىپلا ئوقۇپمۇ باقماستىن، پارچە ــ پارچە قىلىپ يىرتىپ تاشلىدى ۋە مېنى جاڭزىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار، دەپ ۋارقىرىدى. جۇ لۇڭ، جۇ خۇلارمۇ: «ئاكاڭ قارىغاينىڭ سەپراسىنى ئۆرلەتمە، ھېلى بىكار سېنىڭ لى يىڭ دېگەن بىرنېمەڭنىمۇ تۇتۇپ كېلىپ لياڭشەن كۆلىنىڭ قاراقچىسى

قاتاردا ئايماققا ئاپىرىپ بېرىمىز» دەپ تېرە تاراقشىتتى. پېقىر ئۆزلىرىگە بۇ گەپلەرنى ئېيتمايلا قوياي دېگەنىدىم، بىراق ھېلىقى ئۈچ ھايۋان بىھۆرمەتلىك قىلىپ ئۆزلىرىنى ھەر خىل سۆزلەر بىلەن تىللاپ ھاقارەتلىدى ۋە ئوتاقچىلىرىغا مېنى تۇتۇشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئات چاپتۇرۇپ قايتىپ كەلدىم. يول بويى غەزىپىم ئۆرلەپ يېرىلغۇدەك بولدۇم، ئۇ نجىسلار بىلەن شۇنچە كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۆلۈم - كۆرۈمدە بىللە بولۇشقا ئەھدىلەشكەن تۇرۇقلۇق، بۇگۈنگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ بىزەمۇ رەھىم - ئىنساب دېگەننى بىلمىگەنلىكىنى كۆرمەملا، — دېدى دۇ شىڭ دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن.

## نەزم

خۇددى يىلىمدەك قەدىناس دوست دېگەن چىقتى باكا،
بىر - بىرىنى تاشلىدى پايدا - زىيانىنىڭ ئالدىدا.
بولمىسا ئادەتتە چىن مەردلىك - ئەقىدە قەلبىدىن،
بولمىقى بىللە ناھال ھايات - ماماتلىق ۋاقتىدا.

لى يىڭ بۇلارنى ئاڭلاپ يۈرىكىدىكى غەزەپ ئوتى پەلەككە يەتتى، ئۇ چىداپ تۇرالماستىن:

— ئوتاقچىلار، مېنىڭ ئېتىمنى تېز ئېگەرلەپ كېلىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى.

— تەخسىر، سەۋر قىلسىلا، بىز پېقىرلارنى دەپ مۇبارەك جاڭزىلىرىنىڭ مەردلىك شانۇشۆھرىتىگە نۇقسان يەتكۈزۈپ قويمىسىلا، — دەپ نەسىھەت قىلدى ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار.

لى يىڭ بۇنىڭغا قۇلاق سالامدىغان، ئۇ دەرھال ئۆيىگە كىرىپ سېرىق قۇياقنى كىيدى، ھايۋان سۈرەتلىك دالدىغۇچنى تارتىپ، چوغدەك قىزىل تونىنى كىيدى، دۈمبىسىگە بەش تال قىلىچنى سانجىپ، پولات نەيزىسىنى ئالدى، سۇمۇرغ قانىتىسىمان

دۇبۇلغىسىنى كىيىپ، جاڭزىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قاۋۇل، غەيرەتلىك ئوتاقچىدىن ئۈچ يۈزنى تاللىدى، دۈشمەنگە قويالمىغان بەرنى كىيىپ، قولىغا نەيزە ئېلىپ ئاتلاندى ـ دە، يىگىرمە نەچچە ئاتلىق لەشكەرنى سەپراس قىلدى. ياڭ شىيۇك، شى شيۇلارمۇ راسلىنىپ، كۆتمەك قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ لى يىگىنىڭ ئىتىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇدۇل جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا قاراپ يول ئالدى.

ئۇلار كۈن ئولتۇراي دەپ قالغاندا، دۇلۇڭ داۋىنى ئالدىغا يېتىپ بېرىپ، سەپراس بولۇپ تۇردى. ئەسلىدە جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسى ناھايىتى مەزمۇت سېلىنغان بولۇپ، دۇلۇڭ داۋىنىنى ئېگىلەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ناھايىتى كەڭ شاخاپچىلار بار ئىدى. جاڭزا ئەنە شۇ داۋاننىڭ ئۈستىگە سېلىنغان، ئۇنى قورام تاشتىن قوپۇرۇلغان، ئېگىزلىكى ئالاھازەل ئالتە غۇلاچ كېلىدىغان ئۈچ قەۋەت سېپىل ئوراپ تۇراتتى. جاڭزىنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدە ئىككى قوۋۇق ۋە ئىككى ئاسما كۆۋرۈك بار ئىدى. سېپىلنىڭ ئىچىدە تۆت تەرەپكە گەمە ئۆيلەر سېلىنغان، گەمىنىڭ ھەممىلا يېرىگە نەيزە، قىلىچلار ئېسىلغان، سېپىل راۋىقىغا جەڭ دۇمباقلىرى ۋە جاڭلار ئورنىتىلغانىدى. لى يىڭ سېپىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ۋە:

— ھەي جۇ جەمەتىنىڭ ئۈچ ئوغلى ئاكاڭ قارىغايغا قايسى ھەددىڭ بىلەن تىل تەگكۈزۈشتىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ چاغدا قوۋۇق ئېچىلىپ، ئەللىك ـ ئاتمىش ئاتلىق لەشكەر يوپۇرۇلۇپ چىقىشتى، ئالدىدىكى چوغىدەك چىلان تورۇق ئات ئۈستىدە جۇ چاۋفېڭنىڭ كەنجى ئوغلى جۇ بياۋ ئولتۇراتتى. ئۇنى قانداق جابدۇنۇپتۇ دېمەمسىز:

باشلىرىدا مىسلى لەيلى ياپرىقىدەك قالپىقى،
ئۈستىدە مىيخۇا گۈلىنىڭ ياپرىقىدەك قۇيىقى.
بېلىدە ئوقيا، قىلىچ سالغان ئېسىل كىمخاب پوتا،

گاڭدا سوققان نەيزە ـ خەنجەرلەر تۇتۇپتۇ قولىدا.
ئاتلىرىنىڭ بوينىغا چوغدەك قىزىل پۆپۈك ئېسىپ،
رەڭگىرويىدا تۇرار قەھرى ـ غەزەپ كۆككە يېتىپ.

لى يىڭ جۇ بىياۋنى كۆرگەندىن كېيىن قولىنى تۇرتۇپ تۇرۇپ:

— ھۇ، ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى كەتمىگەن، تېخى سىرىق تۈكى چۈشمىگەن ھارام سۈيدۈك، بوۋاڭ بىلەن مەن ئۆلۈم ـ كۆرۈمدە بىللە بولۇشقا ئەھدىلىشىپ، كەنتىمىزنى بىر دىل ـ بىر نىيەتتە بولۇپ قوغداش توغرىسىدا ئانت ئىچىشكەندۇق. ئۆيۈڭلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ قالغاندا، ئادەم دېسەڭلار، شۇ ھامان بەرگەندىم. نەرسە دېسەڭلار، ھېچنېمىنى ئايىمىغانىدىم. مەن بۈگۈن بىر مۆمىن بەندە ئۈچۈن ئىككى قېتىم مەكتۇپ ئەۋەتسەم، نېمىشقا مېنىڭ مەكتۇپىمنى يىرتىپ تاشلاپ، شەنىمگە تىل تەگكۈزىسەن، بۇ نېمە گەپ؟ — دەپ قاتتىق تىللىدى.

— سەن بىزنىڭ ئۆي بىلەن، — دېدى جۇ بىياۋ، — ئۆلۈم ـ كۆرۈمدە بىللە بولۇشقا ئەھدىلىشىپ، بىر نىيەتتە بار مەسلىھەت ئىش قىلىش، لياڭشەن كۆلىنىڭ قاراقچىلىرىنى بىرلىكتە تۇتۇپ، تاغ تۇرانى تازىلاش توغرىسىدا ئانت ئىچىشكەن تۇرۇقلۇق، نېمىشقا يەنە خانىغا يانغان قاراقچىلار بىلەن بىرلىشىپ يېغى قىلىش نىيىتىدە بولىسەن؟

— سەن، — دەپ ۋارقىرىدى لى يىڭ، — قانداقسىغا ئۇنى لياڭشەن كۆلىنىڭ ئادىمى كۆرۈۋالدىڭ؟ سەن ھارىمى، گۇناھسىز مۆمىن بەندىنى ئوغرى دەپ تۆھمەت قىلىۋاتىسەن، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق گۇناھقا تارتىلىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

— شى چيەن دېگەن ئوغرىنىڭ ئۆزى ئىقرار قىلىپ بولدى، — دېدى جۇ بىياۋ، — سەن بۇ يەردە مۇتتەھەملىك قىلىپ يوشۇرالمايسەن، كۆتۈر قاسقىنىڭنى، ئەگەر كۆتۈرمەيدىغان

بولساڭ، سېنىمۇ قوشۇپ تۇتۇپ، قاراقچىلار قاتارىدا ئايماقتا يالاپ ئاپىرىمەن.

لى يىڭ دەرغەزەپ بولۇپ، ئېتىنى دېۋىتىپ، نەيزىسىنى كۆتۈرگىنىچە جۇ بياۋغا قاراپ ئېتىلدى، جۇ بياۋمۇ ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى كېلىپ لى يىڭ بىلەن ئېلىشتى. ئىككىيلەن دۇلۇڭ داۋىنى ئالدىدا بىرى ئۇيانغا، بىرى بۇيانغا چېپىپ ئۆتۈپ، ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ ئون يەتتە ـ ئون سەككىز مەرتىۋە ئېلىشقاندىن كېيىن جۇ بياۋ لى يىڭغا تەڭ كېلەلمەي ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ بەدەر قاچتى. لى يىڭ ئېتىنى چاپتۇرۇپ قوغلاپ بارغاندا، جۇ بياۋ ئات ئۈستىدە نەيزىسىنى كۆندىلەڭ قىلىپ تۇسۇپ تۇرۇپ، سول قولىدا يانى، ئوڭ قولىدا ساداقنى ئېلىپ، يانىڭ كىرىچىنى كۈچەپ تارتىپ، لى يىڭ يېقىنلاشقان چاغدا، شارتتىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، كىرىچنى قويۇۋەتتى. لى يىڭ چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ بولغۇچە ئوق كېلىپ بىلىكىگە تەگدى ـ دە، ئاتتىن موللاق ئېتىپ يىقىلىپ چۈشتى، جۇ بياۋ بۇنى كۆرۈپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، بېشىنى بۇراپ، لى يىڭنى بۇلاپ كەتمەكچى بولدى. ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار بۇنى كۆرگەندىن كېيىن نەرە تارتىپ قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، جۇ بياۋنىڭ ئېتىغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. جۇ بياۋ تەڭ كېلەلمەي، ئاتنىڭ بېشىنى شاققىدە بۇراپ قاچاي دەپ تۇرۇشىغا، ياڭ شيۇڭ قىلىچ بىلەن بىرنى چاپتى، قىلىچ ئاتنىڭ كاسىسىغا تەگدى، ئات ئاغرىققا چىدىماي، ئالدى پۇتلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا كىشنەپ تىك تۇرۇپ جۇ بياۋنى يىقىتىۋەتكىلى تاسلا قالدى، ئاڭغىچە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يادىن ئوق ياغدۇردى، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار بۇنى كۆرۈپ، بەدىنىدە دالدا بولغۇدەك دۇبۇلغا قۇياقلىرىنىڭ يوقلۇقىنى ئەسلىدى ـ دە، ئۇلارنى قوغلىماي چېكىندى. دۇ شىڭمۇ لى يىڭنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئاتقا ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئالدىدا مېڭىپ كەتتى. ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلارمۇ ئوتاقچىلارغا ئەگىشىپ كېتىپ قالدى. جۇ جەمەتىنىڭ

جاڭزىسىدىكىلەرمۇ ئىككى - ئۈچ چاقىرىم يولغىچە قوغلاپ كېلىپ، كەچ بولۇپ كەتكەنلىكتىن قايتىپ كېتىشتى.
دۇ شىڭ لى يىڭنى يۆلەشتۈرگىنىچە جاڭزىسىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈرۈپ ئىچكىرىكى ھۇجرىغا ئېلىپ كىردى، بالىچاقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى يوقلاپ كىردى، يا ئوقىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، قۇياق - دۇبۇلغىلىرىنى يەشتى، يارىسىغا ئېسىل مەلھەم دورىلار چاپلىدى. ئاندىن ئىچكىرىكى ھۇجرىدا كېچىلەپ كېڭەش تۈزدى. ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار دۇ شىڭغا:
— بېگىمنى ھېلىقى ھارامزادىلەر ھاقارەتلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئوقى تەگدى، شى چيەننىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ چىققىلى بولمىدى، بۇ دىشۋارچىلىقنىڭ ھەممىسىنى بېگىمگە بىز كەلتۈردۇق. بىز ئاغا - ئىنى ئىككىيلەن لياڭشەن كۆلىگە چىقايلى، ئۇ يەردىكى چاۋ گەي، سۇڭ جياڭ ھەزرەتلىرىدىن ۋە باشقا ئاتامانلاردىن بېگىمنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىشنى، شى چيەننى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئىلتىجا قىلايلى، — دېدى ۋە لى يىڭ بىلەن خوشلاشتى.
— بۇنىڭغا مەن كۆڭۈل بۆلمىدىم ئەمەس، راستلا ھېچ ئىلاج بولمىدى. ئىككى باتۇرۇم مەندىن رەنجىمىسىلە، — دېدى لى يىڭ ۋە دۇ شىڭغا ئالتۇن - كۈمۈش ئاچىققۇزۇپ ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلارغا بەردى، ئۇلار ئالغىلى ئۇنىمىدى. بىراق لى يىڭ:
— بۇ مېنىڭ ئەلكېزەرلەر ئۈچۈن ئاتىغىنىم، قايتۇرۇشمىسىلا، — دەپ تۇرۇۋالغانلىقتىن تەسلىكتە قوبۇل قىلىپ، لى يىڭ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. دۇ شىڭ ئۇلارنى كەنت ئېغىزىغىچە ئۇزىتىپ بېرىپ چوڭ يولنى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن ۋىدالىشىپ، لى جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا قايتىپ كەتتى، ئەمدى بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.
ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلارغا كەلسەك، ئۇلار لياڭشەن كۆلى تەرەپكە راۋان بولدى، ئۇلار كېتىۋاتقاندا يىراقتىن يېڭى

سىلىنغان بىر مەيخانا كۆرۈندى. بۇ مەيخانىنىڭ ئالدىدا مەي تۇغى لەپىلدەپ تۇراتتى. ئىككىيلەن مەيخانىغا كىرىپ، ئازراق مەي ئىلىپ ئىچتى ۋە يولنى سۈرۈشتۈردى. بۇ مەيخانا لياڭشەن كۆلىدىكىلەرگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ بېرىش ئۈچۈن يېڭىدىن ئېچىلغان مەيخانا ئىدى، بۇنى شى يۇڭ باشقۇراتتى. بۇ ئىككىيلەن مەي ئىچىپ ئولتۇرۇپ مەيپۇرۇشتىن لياڭشەن كۆلىگە بارىدىغان يولنى سۈرۈشتۈرگەنلىكتىن، شى يۇڭغا ئۇلار بولەكچىلا كۆرۈندى، ئۇ بۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مېھمانلار، قەيەردىن كېلىشلىرى؟ تاغقا چىقىدىغان يولنى سوراپ نېمە قىلىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— بىز جىجۇ ئايمىقىدىن كەلدۇق، — دېدى ياڭ شيۇڭ.

— ئۆزلىرى شى شيۇ بولمىسىلا يەنە، — دېدى شى يۇڭ بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ.

— مەن ياڭ شيۇڭ بولىمەن، — دېدى ياڭ شيۇڭ، — بۇ ئىنىمىز شى شيۇ بولىدۇ. ئاغا سىلى شى شيۇنىڭ ئېتىنى قانداق بىلىدىلا؟

— پېقىر ئۇ ياقنى تونۇمايتتىم، — دېدى شى يۇڭ شۇ ھامان، — ئۆتكەندە دەي زۇڭ ئاغام جىجۇ ئايمىقىغا بېرىپ قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ گېپىنى كۆپ قىلغانىدى. ئىسمىشەرىپىنى ئاڭلىغانلىقىمغا ئۇزۇن بولدى. بۈگۈن تاغقا چىقىش نېسىپ بوپتۇ، قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن.

ئۈچەيلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارنى شى يۇڭغا سۆزلەپ بەردى. شى يۇڭ مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ، داستىخان تەييارلىتىپ ئۇلارنى مېھمان قىلدى ۋە ئارقىدىكى سۇ شىپاڭنىڭ روجىكىنى ئېچىپ، يانى تارتىپ بىر تال ئاۋازلىق ئوق ئۈزدى ـ دە، شۇ زامان ئۇدۇلدىكى قومۇشلۇق شاخاپچىدىن چاپارمەنلەر بىر قېيىقنى ھەيدەپ كەلدى، شى يۇڭ ئىككىيلەننى قېيىققا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇدۇل يازۇيتەنگە ئاپىرىپ قىرغاققا چىقاردى، ئاندىن ئۆزى تاغقا چىقىپ خەۋەر قىلدى. دەي زۇڭ، ياڭ



www.uyghurkitap.com

لىنلار تاغدىن چۈشۈپ ئۇلارنى قارشى ئالدى، ھەممەيلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن بىللە چوڭ تۆراغا چىقتى. ئاتامانلار تاغقا يەنە پالۋانلار كەپتۇ دېگەننى ئاڭلىغاندىن كېيىن جەم بولۇپ چوڭ تۆراغا كىرىشتى. دەي زۇڭ، ياڭ لىنلار ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلارنى سارايغا باشلاپ كىرىپ، چاۋ گەي، سۇڭ جياڭ ھەم باشقا ئاتامانلار بىلەن كۆرۈشتۈردى. كۆرۈشۈشتىن كېيىن چاۋ گەي ئىككىيلەننىڭ نەدىن كېلىشكەنلىكلىرىنى سۈرۈشتۈردى. ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەڭ ماھارەتلىرىنى، توپقا قوشۇلۇش نىيىتىدە كەلگەنلىكلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن كۆپچىلىك ناھايىتى خۇشال بولۇشتى ۋە ئۇلارغا ئورۇن بېرىپ ئولتۇرغۇزدى. ياڭ شيۇڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە توپقا قوشۇلۇش نىيىتىدە شى چيەن ئاتلىق بىرەيلەننىڭ كەلگەنلىكىنى، يول ئۈستىدە جۇ جەمەتىنىڭ سارىيىدىكى تاڭ خەۋەرچىسى بولغان خورازنى ئوغرىلاپ يەپ قويغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن جېدەل چىقىپ شى شيۇنىڭ سارايىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنى، شى چيەننىڭ قولغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، لى يىڭ ئىككى قېتىم خەت ئەۋەتسىمۇ ۋە جۇ جەمەتىنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ تەرسالىق قىلىپ قويۇپ بەرمەي، تاغ تۆرادىكى پالۋانلارنى تۇتىمىز دەپ قەسەمياد قىلغانلىقىنى، ئۇ ھارىسىلارنىڭ ئۇنى ئاز دەپ، ئىنتايىن بىھۆرمەتلىك قىلغانلىقىنى، دېمىگەن ھاقارىتى قالمىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇلارنى دېمىگەن بولسىغۇ ھېچ ئىش يوق ئىدى، دەپ بولۇشىغىلا چاۋ گەي دەرغەزەپ بولۇپ:

— ھەي ئوغلانلىرىم، بۇ ئىككىيلەننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى.

## نەزم

ئاشۇ ياڭ شيۇڭ بىلەن شى شيۇ ئويلىماي ئوبدان تازا،
بەتقىلىق شى چيەننى قىلدى تاغ يولىدا ھەمراھ.

www.uyghurkitap.com

پالۋانلار قەلبى گەرچە ئوت كەبى يانغان بىلەن،
تەرتىپى غەلىيانچىلارنىڭ مىسلى قاتتىق مۇز ـ قىروۋ.

— ئاغا، سەۋر قىلسىلا، بۇ ئىككى باتۇر ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، بىر نىيەتتە ھەمدەم بولۇشارمىكىن دەپ كەلگەن تۇرسا، ئۇلارنى نىمىشقا ئۆلتۈرىمىز؟ — دېدى سۇڭ جياڭ ئالمان ـ تالمان سۆز ئېلىپ.

— بىز لياڭشەن كۆلىنىڭ باتۇرلىرى، — دېدى چاۋ گەي، — ۋاڭ لۇننى قەتل قىلغاندىن كېيىن ساداقەتلىك، مەردلىكنى مۇھىم بىلىپ، پۇقرالارغا رەھىمدىللىك پەزىلىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلدۇق. تاغدىن چۈشكەن بۇرادەرلىرىمىزنىڭ بىرەرىمۇ مەردلىك شەنىمىزگە نۇقسان كەلتۈرمىگەنىدى. تاغقا بۇرۇن كەلگەن ۋە يېڭىدىن كەلگەن بۇرادەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى باتۇرلۇق شان ـ شەرىپىگە ئىگە. بۇ ئىككى مۇتتەھەم لياڭشەن كۆلىدىكى باتۇرلارنىڭ نامىنى سېتىپ، توخۇ ئوغرىلاپ يەپ، ھەممىمىزنىڭ شەنىگە چىچىپتۇ. بۈگۈن ئالدى بىلەن بۇ ئىككىيلەننى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بېرىپ سازايى قىلىمەن ۋە لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئاشۇ كەنتنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇيمەن، مەردلىك جاسارىتىمىزنى يوقىتىپ قويمايلى، ئوغلانلىرىم، دەرھال ئۇلارنى قەتل قىلىڭلار.

— ئاغا، ئۇنداق قىلساق بولماسمىكىن، — دېدى سۇڭ جياڭ ئۇنىڭغا، — بۇ ئىككى ئىنىمىزنىڭ بايا ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىمىدىلىمۇ؟ ھېلىقى ناغرا بۇرگىسى شى چيەن ئەسلىدە شۇنداق ئادەم بولغانلىقتىن، جۇ جەمەتىدىكى بىرنېمىلەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ، شۇنداق تۇرسا، تاغ تۇرامىزنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرگەنلەر قانداقسىغا بۇ ئىككى ئىنىمىز بولۇپ قالىدۇ؟ مەنمۇ دائىم باشقىلاردىن جۇ جەمەتىدىكى ئاشۇ مۇتتەھەملەرنىڭ بىزنىڭ تاغ تۇرايىمىز بىلەن ئۇرۇشماقچى

بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمەن. ھازىر بىزنىڭ تاغ تۇرايىمىزدا لەشكەر كۆپ، ئاشلىق، پۇل ـ پۇچەك كەملىك قىلىۋاتىدۇ، بىز بېرىپ ئۇنىڭغا چېقىلمىغان تۇرۇقلۇق، ئۇلار يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ ۋاقتى ـ سائەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇ مۇتتەھەملەرنى تۇتۇپ كېلەيلى. ئەگەر بۇ جاڭزىنى ئالالىساق، تۆت ـ بەش يىل يېگۈدەك ئاشلىققا ئىگە بولۇپ قالىمىز. ئىش تېرىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرمەك بولغان بىز ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھارىمىلار بىھۆرمەتلىك قىلىۋاتىدۇ. ئاغا، رەنجىمەي سەۋر قىلسىلا، پېقىر لاياقەتسىز ئادەم بولساممۇ، ئۆزۈم بىر توپ لەشكەر باشلاپ، بىرنەچچە ئاقسىلانە بۇرادەرلەر بىلەن تاغدىن چۈشۈپ، جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا تېگىش قىلاي. ئۇ كەنتىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇمىغۇچە زادى تاغقا قايتمايمەن، ئاشۇنداق قىلغاندىلا، بىرىنچىدىن تاغ تۇرايىمىز ئۈچۈن قىساس ئېلىنغان بولىدۇ، جاسارىتىمىز سۇنمايدۇ. ئىككىنچىدىن بۇنىڭغا ئوخشاش بۇرادەرلەرنى ئۇلار بوزەك ئېتەلمەيدۇ. ئۈچىنچىدىن تاغ تۇرايىمىز نۇرغۇن ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرگە ئىگە بولىدۇ. تۆتىنچىدىن لى يىڭنى تاغقا ئاچىقىپ توپقا قوشۇۋالغىلى بولىدۇ، ـــ دەپ نەسىھەت قىلدى.

ـــ سۇڭ دانىش ئاغامنىڭ سۆزى تازا ئوبدان سۆز بولدى، تاغ تۇرايىمىز ئۆزىگە پۇت ـ قول بولىدىغان ئادەملەرنى ئۆلتۈرسە قانداق بولىدۇ؟ ـــ دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

ـــ ئۆلتۈرىدىغان بولسىلا مېنى ئۆلتۈرسىلە، ـــ دېدى دەي زۇڭ، ـــ لېكىن ئاقسىللار يولىنى ئۈزۈپ قويمايلى.

باشقا ئاتامانلارمۇ پەندى ـ نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن چاۋ گەي ئاندىن بۇ ئىككىيلەننى كەچۈردى. ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلارمۇ گۇناھىدىن ئۆتكەنلىكىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ـــ ئەزىز ئۇكىلىرىم، كۆڭلۈڭلاردىن باشقىچە ئوي ـ خىيال كەچمىسۇن، ـــ دېدى سۇڭ جياڭ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ـــ بۇ تاغ تۇرايىمىزنىڭ بۇيرۇق ـ پەرمانى شۇنداق بولمىسا

www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ. ئەگەر پېقىر سۇڭ جياڭمۇ بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان بولسام، جەزمەن بېشىم ئېلىنىدۇ، قىلچە رەھىم قىلىنمايدۇ. يېقىندا يەنە ئادىل پەتىۋاچى پېي شۈەننى لەشكىرىي مەمۇرىيەت خىزمىتىگە قويدۇق، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى تارتۇقلاش، گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى جازاغا تارتىشنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرى تۈزۈپ بېكىتىلدى، ئۇكىلار ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىلەر.

ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار تەزىم بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن چاۋ گەي ئۇلارغا ياڭ لىننىڭ تۆۋىنىدىن ئورۇن بەردى. تاغ تۇرادىكى چاپارمەنلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ يېڭى ئاتامانلارنى مۇبارەكلىدى، ئاندىن كېيىن قوي، كالىلار سويۇلۇپ، قۇتلۇقلاش زىياپىتى ئۆتكۈزۈلدى، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلارغا ئىككى يۇرۇش ئۆي بېرىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە ھەربىرىنى كۈتۈشكە ئوندىن چاپارمەن تەيىن قىلىندى. ئۇ كۈنكى زىياپەت تۈگىگەندىن كېيىن ئەتىسى يەنە زىياپەت ھازىرلىنىپ، ھەممەيلەن بىر سورۇنغا جەم بولۇپ، مەسلىھەت تۈزۈشتى.

ئەمدى سۇڭ جياڭ ئادىل پەتىۋاچى پېي شۈەننى چاقىرىپ، تاغدىن چۈشىدىغان ئادەملەر بىلەن ئاتامانلارنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ چىقتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا تېگىپ، ئۇ كەنتنى ۋەيران قىلىش ئۈستىدە كېڭەشتى. مەسلىھەتمۇ پىشتى. ئاتامان چاۋ گەي تاغدىن چۈشمەي، تاغ تۇرادا قالىدىغان بولدى، ۋۇ يۇڭ خەلپەت، لىيۇ تاڭ ھەم رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ قېرىنداش، لۇ فاڭ، گو شېڭلار چوڭ تۇرانى قورۇقداشقا قالىدىغان بولدى. ئەسلىدە كۆل بويىنى، قوۋۇقلارنى، مەيخانىلارنى ساقلاش خىزمىتىنى ئارتقۇرۇشقا تەيىنلەنگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى قوزغىتىلمىدى. يېڭى كەلگەن ئاتامان مېڭ كاڭ كېمە، قېيىق ياسىتىشنى جوڭقۇرۇپ، مالىنىڭ ئورنىدا جەڭ كېمىلىرىگە نازارەت قىلىشقا تەيىن قىلىندى. تاغدىن چۈشۈپ جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا تېگىش

قىلغۇچى ئاتامانلارنىڭ ئىككى تۈركۈم بولۇپ يولغا چىقىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى: بىرىنچى تۈركۈمدە سۈڭ جياڭ، خۇا رۇڭ، لى جۈن، مۇ خۇڭ، لى كۈي، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇ، خۇاڭ شىن، ئوۋ پېڭ، ياڭ لىنلار ئۈچ مىڭ چاپارمەن ۋە ئۈچ يۈز ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ جابدۇندى ـ دە، تاغدىن چۈشۈپ يۈرۈپ كەتتى؛ ئىككىنچى تۈركۈمدە لىن چۇڭ، چىن مىڭ، دەي زۇڭ، جاڭ خېڭ، جاڭ شۈن، ما لىن، دېڭ فېي، ۋاڭ پەتەك يولۋاس، بەي شېڭلارمۇ ئۈچ مىڭ چاپارمەننى ۋە ئۈچ يۈز ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا بولۇشۇشقا ماڭدى؛ ئاندىن يەنە جىنشاتەن بىلەن يازۇيتەندىكى كىچىك تۈرالارنى ساقلاشقا سۇڭ ۋەن، جېڭ تيەنشۇلار تەيىنلەندى، ئۇلار شۇ هامان ئاشلىق ـ تۈلۈك ۋە يەم ـ خەشەكلەر يەتكۈزۈپ بېرىشكە كىرىشتى. چاۋ گەي ئۇلارنى ئۈزىتىپ قويغاندىن كېيىن تاغ تۈراغا قايتىپ كەلدى.

ئەمدى سۇڭ جياڭلارغا كېلەيلى، سۇڭ جياڭ ۋە باشقا ئاتامانلار ئۇدۇل جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا قاراپ ئاتلاندى، يول بويى هېچ ئىشمۇ بولمىدى. دۇلۇڭشەن تېغىغا يېتىپ بېرىشقا بىر چاقىرىمدەك يول قالغاندا تۈرشاۋۇل قىسىملىرى قوش تىكتى. سۇڭ جياڭ بارگاهقا كىرىپ ئولتۇرۇپ، خۇا رۇڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ:

— مەن جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىنىڭ يوللىرى ئىرماش ـ چىرماش، باستۇرۇپ كىرگىلى بولمايدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا، ئاۋۋال ئىككى ئادەمنى كىرگۈزەي، ئۇلار يولنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى ئۇقۇشۇپ چىقسۇن، كىرىپ ـ چىقىدىغان يوللارنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن تېگىش قىلايلى، — دېدى.

— ئاغا، — دېدى لى كۈي، — ئۈزۈندىن بۇيان بىكار يۈرۈپ قالدىم، بىرەر ئادەم ـ پادەم ئۆلتۈرمىدىم، مەن بېرىپ كېلەيچۇ.

— ئۇكام، سىز بارسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر سەپنى بۇزۇپ باستۇرۇپ كىرىدىغان ئىش بولغان بولسىغۇ سىزنى بۇرۇن

www.uyghurkitap.com

ئەۋەتەتتىم. بۇ دېگەن پايلاقچىلىق قىلىپ كېلىدىغان ئىش، سىزنى ئەۋەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ئاغا، مۇشۇنچىلىك بىر ئەبجەق جاڭزىغا، — دېدى لى كۇي كۆلۈپ تۇرۇپ، — سىلى ئاۋارە بولۇپ بېرىپ نېمە قىلىسىلا. پېقىر ئىككى - ئۈچ يۈز ئوغلاننى باشلاپ بېرىپ، جاڭزىدىكى نىجىسلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىسىملا بولىدىغۇ، ئاۋۋال ئادەم ئەۋەتىپ تىڭتىڭلاپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— جۆيلۈمە! ماڭ، ياندىكى ئۆيگە چىقىپ تۇر، چاقىرغاندا كىر! — دېدى ۋارقىراپ سۇڭ جياڭ ئۇنىڭغا.

لى كۇي چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە: «بىرنەچچە چىۋىننى ئۆلتۈرۈشكىمۇ شۇنچە ھودۇقۇپ كەتكەن بارمۇ» دەپ غودۇڭشىدى. سۇڭ جياڭ شى شيۇنى چاقىرىپ كېلىپ:

— ئۇكام، سىز بۇ يەرگە بېرىپ باققان، شۇڭا ياڭ لىن بىلەن بىللە بېرىپ كەلسىڭىز، — دېدى.

— ئاغا، — دېدى شى شيۇ، — بۇگۈن سىلى شۇنچە نۇرغۇن لەشكەرنى باشلاپ بۇ يەرگە كەلگەن تۇرسىلا، بۇ جاڭزىدىكىلەر بۇنىڭغا تەييارلىق قىلماي قالامدۇ؟ بىز قانداق كىشىنىڭ قىياپىتىدە ياسىنىپ كىرسەك بولار؟

— مەن پېرە ئوينايدىغان داخانچە ياسىنىپ، يېنىمغا خەنجەر تىقىپ، قولۇمغا پېرىخون دېيىنى ئېلىپ شاراقلاتقان پېتىم كىرىپ كېتەي، سىز مېنىڭ دېيىمنىڭ ئاۋازىغا ئەگىشىپ مېڭىۋېرىڭ، مېنىڭ ئۆپچۆرەمدىن يىراققا كەتمەڭ، — دېدى ياڭ لىن.

— مەن جىجۇ ئايمىقىدا ئوتۇنچىلىق قىلغانىدىم، ئوتۇن ساتقۇچىدەك ياسىنىپ بىر ئەپكەش ئوتۇن كۆتۈرۈپ كىرەي، يېنىمغا بىرەر قورال تىقىۋالاي، ئالمادىس بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا ئەپكەشمۇ كارغا كېلىدۇ، — دېدى شى شيۇ.

— ناھايىتى ياخشى. گېپىمىز گەپ بولسۇن، بۈگۈن كېچە تەييارلىق قىلىپ، سۈبھى بىلەن يولغا چىقايلى، — دېدى ياڭ

لىن.

كىچىككىنە بىر توخۇ ۋەقەسىدىن پەيدا بولغان غوۋغا بىر توپ ئارسلاننىڭ جەڭگى ـ جېدىلىگە سەۋەب بولدى، شۇڭا قەدىمكىلەر يازغان بىر نەزمىدە مۇنداق دەپ ياخشى ئېيتىلغان:

پەيلى يۇمشاقلىق ئېرۇر جانغا پاناھلىق مەنبەسى،
پەيلى قاتتىقلىق ئېرۇر جەڭگى ـ جېدەلنىڭ ھەمراھى.
خەق بىلەن ئېيتىشمىغان ئادەم ئۆزى ئاقىل ئېرۇر،
زەررىچە تارتسا زىيان قانچە پەرىشانلىق كېلۇر.
تەگسە گال پالتا كېلىپ خىشقا ئاسان پارە قىلۇر،
قانچە شاپ بولسۇن قىلىچ چاپسا سۇغا قانداق قىيۇر.
ئاقىرىپ چاچ، چىش تۆكۈلگەي يەتسە ۋاقتى ـ سائىتى،
ئۇپرىماس ھېچ چاغ بىراقكى، ئادىمىزاتنىڭ تىلى.

ئەمدى شى شيۇلارغا كەلسەك، ئۇ ئوتتۇن ئەپكىشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا مېڭىپ كەتتى، يىگىرمە چاقىرىمچە يول ماڭغاندىن كېيىن يول ئەگرى ـ توقاي، ئىرماش ـ چىرماش، قويۇق دەل ـ دەرەخلىك بولغانلىقتىن يولنى ئاڭقىرالماي، ئەپكىشىنى يەرگە قويۇپ توختاپ قالدى. بۇ چاغدا ئارقىدا يېقىنلا بىر يەردىن داپنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، شى شيۇ قارىسا ياڭ لىن بېشىغا ئەسكى قالپاق، ئۇچىسىغا كونىراپ كەتكەن پېرىخون تونى كىيىپ، قولىدىكى دېپىنى شاراقلاتقىنىچە كېتىپتۇ. شى شيۇ ئادەم يوق خالىي يەرگە كەلگەندە، ياڭ لىننى چاقىردى، ئۇ توختىغاندىن كېيىن شى شيۇ:

ـــ بۇ يوللار ناھايىتى ئەگرى ـ توقاي، ئىرماش ـ چىرماش يوللار ئىكەن، ھېچلا پەرق ئەتكىلى بولمىدى، نەچچە ۋاق بۇرۇن لى يىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن يولۇمنىڭ قايسى يوللۇقىنى ئاڭقىرالمايۋاتىمەن. ئۇ كۈنى كەچ كىرىپ قالغانىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يولنى ئوبدان بىلىشىدىكەن، مەن ئوبدان

كۆرۈۋالماپتىمەن، — دېدى.

— يول ئەگرى - توقاي بولسا بولىۋەرمەمدۇ، ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىمىز، چوڭ يول بىلەن كېتىۋېرەيلى، — دېدى ياڭلىن.

شى شيۇ يەنە ئەپكىشىنى كۆتۈرۈپ، چوڭ يول بىلەن مېڭىپ كەتتى، كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئالدىدا بىر كەنت، بىرقانچە مەيخانا ۋە قاسساپلىق دۇكىنى كۆرۈندى، شى شيۇ ئەپكىشىنى مەيخانا ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ يەرگە قويۇپ، ھاردۇق ئالغاچ ئۇياق - بۇياققا كۆز تاشلىدى، دۇكانلارنىڭ ئىشىكلىرىگە نەيزە، قىلىچلار ئېسىپ قويۇلۇپتۇ، ھەممە كىشى ئۇچىسىغا «جۇ» دېگەن خەت يېزىلغان سېرىق جىلىتكە كىيىۋاپتۇ، كوچىدىن ئۆتۈۋاتقان ئادەملەرنىڭمۇ شۇنداق ئىكەن. شى شيۇ ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن بىر قېرى بوۋايغا سالام بېرىپ:

— ئاتا، نەيزە، قىلىچلارنى نېمىشقا ئىشىككە ئېسىپ قويىدۇ؟ بۇ قانداق ئۆرپ - ئادەت؟ — دەپ سورىدى.

— مېھمان، سىز نەدىن كەلدىڭىز؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇقمايدىغان بولسىڭىز، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىڭ! — دېدى بوۋاي.

— پېقىر، — دېدى شى شيۇ، — شەندۇڭلۇق چىلان ساتىدىغان سودىگەر ئىدىم، دەسمايەمدىن ئايرىلىپ قېلىپ، يۇرتۇمغا كېتەلمىدىم، شۇڭا بۇ يەرگە سېتىشقا بىر ئەپكەش ئوتۇن ئېلىپ كەلگەنىدىم، بۇ يۇرتنىڭ قائىدە - يوسۇن، ئوي - چوڭقۇرلىرىنى بىلمەيمەن.

— ئىتتىكرەك باشقا جايغا بېرىپ ئۆزىڭىزنى پاناھداڭ، — دېدى بوۋاي، — بۇ يەردە پات ئارىدا قاتتىق قىرغىنچىلىق بولىدۇ.

— شۇنداق ئوبدان جايدا قانداقسىغا قاتتىق قىرغىنچىلىق بولىدۇ؟ — دېدى شى شيۇ.

— مېھمان، — دېدى بوۋاي، — ئەگەر بۇنى راستىلا ئۇقمايدىغان بولسىڭىز، مەن سىزگە ئېيتىپ بېرەي. بىزنىڭ بۇ

كەنتىمىز جۇ جەمەتىنىڭ كەنتى دەپ ئاتىلىدۇ، داۋابنىڭ ئۈستىدە جۇ چاۋفېڭنىڭ جاڭزىسى بار. ئۇلار يېقىندا لياڭشەن كۆلىدىكى پالۋانلارنىڭ زىستىغا تېگىپ قويىدى. ھازىر ئۇلار لەشكەر تارتىپ قان تۆككىلى كەنت ئىغىزىغا كەپتۇدەك، لېكىن كەنتىمىزنىڭ يوللىرى ناھايىتى ئەگرى ـ توقاي بولغاچقا، كەنتكە كىرىشكە پېتىنالماي، كەنت سىرتىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپتۇدەك. جۇ جەمەتى جاڭزىسىدىن: «ئۆي ـ ئۆيلەر ئۆزلىرىنىڭ قاۋۇل ئوغۇللىرىنى جابدۇپ تەخ قىلىپ تۇرۇشسۇن، بۇيرۇق چۈشكەن ھامان، جەڭگە ئاتلىنىدۇ» دېگەن پەرمان چۈشتى.

— ئاتا، كەنتىڭىزلاردا جەمئىي قانچىلىك ئادەم بار، — دېدى شى شيۇ.

— يالغۇز بىز تۇرغان مۇشۇ جۇ جەمەتىنىڭ كەنتىدىلا بىر ـ ئىككى تۈمەن ئادەم بار، ئۇنىڭغا تېخى كۇنچىقىش، كۇنپېتىش تەرەپتىكى ئىككى كەنتنىڭ ئادەملىرىمۇ كېلىپ بولۇشىدۇ. كۇنچىقىش كەنت ئاسمان بۇركۇتى لى يىڭ بېگىمنىڭ كەنتى دەپ ئاتىلىدۇ. كۇنپېتىش كەنت خۇ غوجىنىڭ كەنتى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ خۇ سەننياڭ دەپ ئاتىلىدىغان «غۇنچە بوي قىز» لەقەملىك بىر قىزى بار، ئۇ ئاجايىپ باتۇر، — دېدى بوۋاي.

— شۇنداق تۇرۇقلۇق، — دەپ سورىدى شى شيۇ، — لياڭشەن كۆلىدىكىلەردىن نېمىشقا قورقىدۇ؟

— ناۋادا، بىزمۇ دەسلەپتە كەلگەندە يولنى تونۇيالمىغان بولساق قولغا چۈشەتتۇق، — دېدى بوۋاي.

— ئاتا، — دېدى شى شيۇ، — دەسلەپتە كەلگەندە نېمىشقا قولغا چۈشىسىز؟

— بىزنىڭ كەنتىمىزنىڭ يولى ھەققىدە، — دېدى بوۋاي، — مۇنداق بىر قوشاق بار:

«جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسى ئەجەبمۇ ياخشى،
يوللىرى ئەگرى ـ توقاي يىلان باغرى.

www.uyghurkitap.com

دەسلىپىدە كىرمەك ئاسان بۇ جاڭزىغا،
لېكىن زىنھار چىقماق قىيىن ئۇندىن ئاخىرى».

شى شيۇ بۇنى ئاڭلاپلا ھېلىقى بوۋاينىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلاپ يالۋۇردى:

— پېقىر جاھانكەچتى بولۇپ، دەسمايىدىن ئايرىلىپ، يۇرتۇمغا كېتەلمەيۋاتقان بىر ئادەممەن، ئەگەر ئوتۇننى سېتىپ چىقىپ كەتكۈچە ئاشۇ جېدەل ـ غوۋغانىڭ ئىچىدە قېلىپ چىقىپ كېتەلمىسەم چاتاق بولغۇدەكقۇ؟ ئاتا، مۇشۇ بىر ئەپكەش ئوتۇننى سىزگە بېرەي، مەن بىچارىگە رەھىم قىلىپ، چىقىپ كېتىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويسىڭىز.

— مەن پۇل بەرمەي سىزنىڭ ئوتۇنىڭىزنى ئالسام قانداق بولىدۇ، — دېدى بوۋاي، — ئۇنى مەن سېتىۋالاي، مەن بىلەن كىرىپ ئانچە ـ مۇنچە تاماق ـ پاماق يەۋېلىڭ.

شى شيۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئوتۇننى كۆتۈردى ـ دە، ھېلىقى بوۋايغا ئەگىشىپ ئىچكىرىگە كىردى. بوۋاي شى شيۇغا ئىككى ئاپقۇر مەي، بىر قاچا شوۋىگۈرۈچ ئاچىقىپ بەردى. شى شيۇ يېنىش ـ يېنىش رەھمەت ـ تەشەككۇر ئېيتىپ:

— ئاتا، ئەمدى چىقىپ كېتىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويسىڭىز، — دېدى.

— كەنتنىڭ سىرتىغا چىققاندىن كېيىن ئاق تېرەك بار يەرنى كۆرگەن ھامان بۇرۇلۇپ مېڭىڭ، — دېدى بوۋاي، — يولنىڭ كەڭ ـ تارلىقى بىلەن كارىڭىز بولماي مېڭىۋېرىڭ، ئاق تېرەك بار ئەگىم يولنىڭ ھەممىسى راۋان يول، ئاق تېرەك يوقلىرىنىڭ ھەممىسى تۇيۇق يول، باشقا دەرەخلەر بار ئەگىم يوللارمۇ راۋان يوللار ئەمەس. ئەگەر خاتا مېڭىپ قويسىڭىز ئۇيان ئايلىنىپ، بۇيان چۆرگۈلەپ زادىلا چىقىپ كېتەلمەيسىز. ئەمدى ئۇ يولغا كەلسەك، بامبۇك، مىخ، تۆمۈر تىكەنلەر كۆمۈپ قويۇلغان، خاتا مېڭىپ قويۇپ، بامبۇك، مىخلارنى دەسسەپ سالسىڭىز، چوقۇم

قولغا چۈشىسىز، ھېچ يەرگە بارالمايسىز.

— ئاتا، نامىشەرىپىڭىز كىم بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى شى شيۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ.

— بۇ كەنتتە جۇ ئۇرۇقىدىن بولغان كىشىلەر كۆپ، جۇڭ لى ئاتلىق مەنلا بار، ئۆزۈم مۇشۇ يەرلىك، — دېدى بوۋاي.

— مەي ۋە تائام بىلەن قورسىقىمنى ئوبدان توقلاپ قويدىڭىز، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى خىزمىتىڭىزدە بولارمەن، — دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى شى شيۇ.

ئۇلار دەل مۇشۇ سۆزلەرنى دېيىشىپ تۇرغاندا، تالادىن قىيقاس - سۈرەن ئاڭلاندى. شى شيۇ قۇلاق سالسا بىر سۇخەنچىنى تۇتۇۋالدۇق دېيىشىۋېتىپتۇ. شى شيۇ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بوۋاي بىلەن بىللە چىقىپ قارىسا يەتمىش - سەكسەن ئوتاقچى قولى ئارقىسىغا قىلىپ باغلانغان بىر ئادەمنى ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ. شى شيۇ ئوبدان قارىسا ئۇ ياڭ لىن ئىكەن، ئۇنى قىپيالىڭاچ قىلىپ ئارغامچا بىلەن باغلاپتۇ. شى شيۇ بۇنى كۆرۈپ، ئىچىدە ئەمدى چاتاق بولدى، دەپ زارلىنىپ، يالغاندىن بىلمىگەن بولۇۋېلىپ:

— تۇتۇۋېلىنغان ئادەم كىم ئىكەن ئاتا؟ ئۇنى نېمىشقا باغلاپ قويۇپتۇ؟ — دەپ پىچىرلاپ سورىدى بوۋايدىن.

— سۇڭ جياڭ تەرەپتىن كەلگەن سۇخەنچى دېيىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟

— قانداق تۇتۇلۇپ قاپتۇ؟

— بۇ ھارمىنىڭمۇ يۈرىكى قاپتەك ھارىمى ئوخشايدۇ. تەنھا ئۆزى سۇخەنچىلىك قىلىشقا داخان قىياپىتىدە ياسىنىپ غىپلا قىلىپ كەنتكە كىرىۋاپتۇ. يولنى ئۇقمىغانلىقتىن، چوڭ يول بىلەن مېڭىۋېرىپتۇ، ئۇيان ئايلىنىپ، بۇيان چۆرگۈلەپ تۇيۇق يولغا كىرىپ قاپتۇ، ئاق تېرەك بار ئايلانمىدىن بۇرۇلۇش توغرىسىدىكى سىرنىمۇ ئۇقمايدىكەن. خەقلەر ئۇنىڭ خاتا يولغا مېڭىپ قويغانلىقىنى، مېڭىش - تۇرۇشىنىڭ غەلىتىلىكىنى

كۆرۈپ جاڭزىغا مەلۇم قىپتۇ. جاڭزىدىكى ئوتاقچىلار ئۇنى تۇتقىلى كەلسە، بۇ ھارمى قىلىچىنى سۇغۇرۇپ چىقىرىپ بەش- ئالتە لەشكەرنى ياربدار قىپتۇ. لېكىن، بۇ يەردىكى ئادەملەر كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇلار يوپۇرۇلۇپ ئېتىلغاندا، ئۇ تەڭ كېلەلمەي قولغا چۈشۈپ قاپتۇ، بەزىلەر ئۇنى ئەزەلدىن تارتىپلا ئوغرىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان گۇللۇك قاپلان ياڭ لىن دېگەن ئوغرى شۇ ئىكەنغۇ دەپ تونۇۋاپتۇ.

ئۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئالدىدىكى بىرەيلەن جاڭزىنىڭ ئۈچ بېگى چارلاپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ ۋارقىرىدى. شى شيۇ تامنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ، ئالدىدا پۆپۈكلۈك نەيزە تۇتقان يىگىرمە نەچچە ئادەم ماڭغان، ئارقىدا بولسا تۆت - بەش ئادەم جەڭ ئاتلىرىنى مىنىپ، ئوقيالىرىنى ھازىرلا ئاتىدىغاندەك ئەلپازدا تۇتۇشقان، تۆت - بەش جۈپ جېسەكچى بوز ئاتلارغا مىنىشكەن ھالدا ئوقيا، ساداقلار ئېسىپ، قولىغا پارقىراپ تۇرغان نەيزە تۇتقان بىر ياش باتۇرنى ئارىغا ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شى شيۇ ئۇنى تونۇدى، بىراق ئۇ بىلمىگەن بولۇپ بوۋايدىن:

— بۇ بېگىم كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ جۇ چاۋفېڭنىڭ كەنجى ئوغلى جۇ بىياۋ بولىدۇ، — دېدى بوۋاي، — ئۇنىڭ بىلەن كۇنپېتىش كەنتىدىكى خۇ جەمەتىنىڭ غۇنچە بوي قىزى چاي ئىچۈرۈپ قويۇلغان. ئۈچ قېرىنداشتىن مۇشۇ خېلى بوش كەلمەيدىغان بالا بولدى.

— ئاتا، كېتىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويسىڭىز، — دېدى شى شيۇ بوۋايغا تەزىم قىلىپ ئىلتىجا بىلەن.

— بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى، — دېدى بوۋاي، — ئالدى تەرەپتە جەڭ - پەڭ بولۇپ قېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدە قالسىڭىز، بىكاردىن - بىكارغىلا ئۆلۈپ كېتىسىز.

— ئاتا، — دېدى شى شيۇ، — ئۇنداق بولسا پېقىرنى بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلدۇرۇپ قويۇڭ.

— بۇگۇنچە مېنىڭ ئۆيۈمدە قونۇڭ، ئەتە سۇرۇشتۇرۇپ كۆرەيلى، تىنچ - ئامانلىق بولسا ئاندىن چىقىپ كېتىڭ، — دېدى بوۋاي.

شى شيۇ رەھمەت ئېيتىپ، بوۋاينىڭ ئۆيدە ئولتۇرغاندا، ئىشىك ئالدىدا ئاتلىق تۆت - بەش چاپارمەننىڭ:

— ئەي ئەھلى خالايىق، بۇگۇن كېچە قىزىل چىراغ بىلەن بەلگە بېرىلىدۇ، ئۇنى كۆرگەن ھامان بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، لياڭشەن كۆلىدىن كەلگەن قاراقچىلارنى يامۇلغا تۇتۇپ ئېلىپ بارغايسىلەر، پادىشاھلىقتىن تارتۇق، ئىنئام ئالىسىلەر، — دەپ ئۆيمۇئۆي تاپىلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بۇ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋايدىن شى شيۇ.

— ئۇ بۇ يەرنىڭ ئوغرى، قاراقچى تۇتىدىغان تۇتقاۋۇلى بولىدۇ، بۇگۇن كېچە سۇڭ جياڭنى تۇتماق بولغان ئوخشايدۇ، — دېدى بوۋاي جاۋابەن.

شى شيۇ بۇنى ئاڭلاپ بىر پەس دەككە - دۈككىگە چۈشكەندىن كېيىن ئوتقاشتىن بىرنى تاپتى ۋە نەرسە - كېرەكلىرىنى تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئارقىدىكى سامانلىقتا كىرىپ يېتىپ قالدى.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كېلەيلى، سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى كەنت ئېغىزىغا جايلاشقاندىن كېيىن قارىسا، ياڭ لىن، شى شيۇلار ئۇچۇر ئېلىپ چىقمىدى، كېيىن يەنە ئوۋ پېڭنى كەنتنىڭ ئېغىزىغا ئەۋەتتى. ئۇ قايتىپ كېلىپ:

— ئۇ يەردىكىلەرنىڭ بىر سۇخەنچىنى تۇتۇۋالدۇق دەپ كوچىنى بېشىغا كىيگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، پېقىر يوللارنىڭ ناھايىتى ئىرماش - چىرماش، ئەگرى - توقايلىقىنى، يولنى پەرق ئېتىش تەسلىكىنى كۆرۈپ، ئىچكىرىلەپ كىرىشكە پېتىنالمىدىم، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ئۇچۇر ئەكەلگەندىن كېيىن تېگىمىز دەپ نىكەمگىچە كۈتكۈلۈك؟ — دېدى سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ غەزەپ بىلەن، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىر سۇخەنچىنى تۇتۇۋالدۇق دەۋاتقان

بولسا، جەزمەن بىزنىڭ ئىككى قېرىندىشىمىز قولغا چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، بىز كېچىلەپ تېگىش قىلىپ، باستۇرۇپ كىرىپ بولسىمۇ، ئىككى قېرىندىشىمىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالمىقىمىز لازىم. قېنى، ئولتۇرغان ھەرقايسى ئاتامانلار قانداق دەيدىكىن؟

— ئالدى بىلەن مەن باستۇرۇپ كىرىپ ئۇ يەردە نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىقاي، قانداق دېيىشىدىلا؟ — دېدى لى كۈي شۇ ئان.

سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ لەشكەرلەرگە دەرھال جابدۇنۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. لى كۈي، ياڭ شيۇڭلارنىڭ قوشۇنى تۇرشاۋۇل قىسىم، لى جۇنلەرنىڭ قوشۇنى ئارقىدا ھەمدەمچى، مۇ خۇڭ سول قانات، خۇاڭ شىن ئوڭ قانات قىسىم بولدى؛ سۇڭ جياڭ، خۇا رۇڭ، ئوۋ پېڭ قاتارلىق ئاتامانلار بارگاھ سەردارى بولۇپ ئەلەم چۆرۈپ، نەرە تارتقىنىچە جاڭ - دۇمباقلار چېلىپ، قىلىچ، پالتىلار كۆتۈرگىنىچە دەبدەبە - ئەسئەسە بىلەن جۇ جەمەتىنىڭ جاگزىسىغا قاراپ ئات سالدى. ئۇلار بەس - بەس بىلەن چېپىشىپ دۆلۈڭ داۋىنىغا يېتىپ كەلگەندە نامازشام ۋاقتى بولۇپ قالدى، سۇڭ جياڭ تۇرشاۋۇل قوشۇنىنى جاگزىغا تېگىشكە ئالدىراتتى. تۇرشاۋۇل لى كۈي كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ قىپيالىڭاچ ھالدا قۇيۇچ باغلانغان ئايپالتىسىنى ئويناتقىنىچە بوراندەك چاپقىنىچە جاگزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسا، ئاسما كۆۋرۈك ئېگىز چىقىرىپ باغلاپ قويۇلۇپتۇ، جاگزىنىڭ دەرۋازىسىدىن بىر ئازمۇ يورۇق كۆرۈنمىدى. لى كۈي خەندەككە چۈشۈپ سۇنى كېچىپ ئۆتمەكچى بولۇۋىدى، ياڭ شيۇڭ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئۇنداق قىلماڭ، جاگزىنىڭ دەرۋازىسى چىڭ ئېتىكلىك تۇرغىنىغا قارىغاندا، بۇنىڭدا چوقۇم بىر ئويۇن بار. ئاغام كەلگەندىن كېيىن مەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلايلى، — دېدى.

لى كۈي بۇنىڭغا نەدە تاقەت قىلىپ تۇرالىسۇن، ئۇ قوش ئايپالتىسىنى ئويناتقىنىچە نېرىقى قىرغاقتا تۇرۇپ:

— ھۇ، ئىتتىن تۆرەلگەن جۇ غوجا دېگەن پوق ساقال ئوغرى، قېنى، چىقمامسەن، قارا قويۇن لى كۇي ئاتلىق غوجا ئاكاڭ كەلدى! — دەپ تىللىدى.

جاڭزىدىن يەنىلا جاۋاب چىقمىدى. سۇڭ جياڭ لەشكەرلەرنى باشلاپ يېتىپ كەلگەندە، ياڭ شيۇڭ ئۇنىڭغا جاڭزىدا ھېچقانداق ئادەمنىڭ قارىسى ۋە ھەرىكەتنىڭ شەپە - شىماسى يوق دەپ ئۇچۇر بەردى. سۇڭ جياڭ ئېتىنى توختىتىپ قارىسا، جاڭزىدا ھېچقانداق لەشكەر ۋە قورال - ياراغ كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە شۈبھە تۇغۇلدى، ئۇ بىردىنلا:

— مەن خاتا قىپتىمەن، تىلسىمنامىدە ياۋغا دۇچ كەلگەندە ھەرگىز ھودۇقۇپ ئالدىراقسانلىق قىلما، دەپ تەۋسىيە قىلغانىدى. مەن ئەھۋالنى توغرا پەملىيەلمەپتىمەن، ئىككى قېرىندىشىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭلا كويىدا بولۇپ كېچىلەپ لەشكەر تارتىپ كەپتىمەنۇ، بىمەھەل ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىشىمىزنى ئويلىماپتىمەن. بىز تاكى بۇلارنىڭ جاڭزىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالساقمۇ، لېكىن ياۋ لەشكەرلىرى كۆرۈنمەيۋاتىدۇ، بۇنىڭدا چوقۇم بىر ئويۇن بار، ئۇچ قوشۇن چېكىنىپ تۇرسۇن، — دېدى.

— ئاغا، لەشكىرىمىز بۇ يەرگە كېلىپ قالغاندا چېكىندۇرمەيلى، ئالدىدا مەن باستۇرۇپ كىرەي، سىلەر مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار، — دېدى لى كۇي ۋارقىراپ.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگىمەيلا، جاڭزىدىكىلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى - دە، جاڭزىدىن ئاسمانغا بىر بەلگە توپى ئېتىلدى. توپ ئوقى كۆككە كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭلا دۇلۇڭ داۋنىدا نەچچە مىڭلىغان ئوتقاش تەڭلا ۋالىلداپ يېنىپ كەتتى، سېپىل ئۈستىدىكى ئوقيالاردىن يامغۇردەك ئوق يېغىشقا باشلىدى. سۇڭ جياڭ كەلگەن يولى بىلەن دەرھال چېكىنمەكچى بولدى. بۇ چاغدا ئارقىدىكى ھەمدەمچى لەشكەرلەر ئاتامانى لى جۈننىڭ لەشكەرلىرى قىيقاس - سۈرەنلەر كۆتۈرۈپ:

— كەلگەن يولىمىز تۇسۇلۇپتۇ، قاپقانغا چۈشۈپ قاپتىمىز، — دەپ ۋارقىراشتى.

سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى قېچىشقا يول تېپىڭلار دەپ بۇيرۇدى. لى كۈي قوش ئايپالتىسىنى ئوينىتىپ قىرىشقا ئادەم ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇ ياۋ لەشكەرلىرىدىن بىرىنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. بۇ چاغدا دۆلۈڭ داۋىنىدىن يەنە بىر توپ ئېتىلدى، توپ ئاۋازى تېخى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا تۆت تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن چۇقان - سۈرەنلەر يەر - زېمىنلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. سۇڭ دانىش قورقىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئېغىزى ئېچىلغىنىچە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ھاڭ - تاڭ قېتىپلا قالدى. سېنىڭ ھەرقانچە زور تەدبىرىڭ بولغان بىلەنمۇ، يەردىكى قاپقان - ئاسماندىكى توردىن قانداق قۇتۇلۇپ كېتەلەيسەن؟ ئەجدىھا يولۋاسنى تۇتۇشقا قۇردى قاپقان، ئالەمشۇمۇل باتۇرنى تۇتۇشقا شۇئان. سۇڭ دانىش ۋە باشقا ئاتامانلارنىڭ بۇ يەردىن قانداق قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# قىرىق سەككىزىنچى باب

## غۇنچە بوي قىزنىڭ ۋاڭ پەتەك يولۋاسنى ئۆزى يالغۇز تۇتۇۋالغانلىقى
## سۇڭ دانىشنىڭ جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا ئىككىنچى قېتىم تەگكەنلىكى

ئەلقىسسە، سۇڭ جياڭ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ تۆت ئەتراپقا قارىدى، ھەممە يەرگە ئوتاقچىلار مۆكتۈرۈپ قويۇلۇپتۇ. ئۇ دەرھال چاپارمەنلىرىنى چوڭ يول بىلەن ئۇر - چاپ قىلىپ ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. بەش قوشۇننىڭ توسۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن نالە - پەريادقا چۈشتى.

— نېمىگە چۇقان سېلىشىپ نالە - پەرياد قىلىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

ئالدىمىزدىكى يوللارنىڭ ھەممىسى ئەگرى - توقاي يوللار ئىكەن، — دېدى چاپارمەنلەر، — بىر دەم مېڭىۋىدۇق يەنىلا ئاۋايىقى يېرىمىزگە كېلىپ قاپتىمىز.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى سۇڭ جياڭ، — ئوتقاش يورۇپ تۇرغان، ئۆي - ئوتاق، ئادەمزات بار تەرەپتىن يول تېپىپ چىقىڭلار.

ئۇلار مېڭىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئالدىدا ماڭغان چاپارمەنلەر يەنىلا قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈپ:

— ئوتقاش يورۇپ تۇرغان تەرەپكە قاراپ مېڭىۋىدۇق، يولنىڭ ھەممە يېرىگە ئۇچلۇق بامبۇك مىخ، تۆمۈر تىكەنلەر ۋە شاخ - شۇمبىلارنى قويۇپ، يولنىڭ ئېغىزىنى توسۇۋېتىپتۇ، —

www.uyghurkitap.com

دىيىشتى.

— مىنى تەڭرى جازالىدىمۇ نىمە؟ — دېدى سۇڭ جياڭ. ئۇ تازا دىلغۇل بولۇپ، تەقەززالىقتا تۇرغاندا، سول تارام قوشۇنلار ئىچىدىكى مۇ خۇڭنىڭ چاپارمەنلىرى قىيا - چىيا قىلىشىپ: «شى شيۇ قايتىپ كەلدى» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى.

سۇڭ جياڭ قارىسا شى شيۇ قولىغا بىر قىلىچنى تۇتقان هالدا كېلىۋېتىپتۇ، ئۇ يۈگۈرگەن پېتى ئاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئاغا، خاۋاتىر بولمىسىلا، پىقىر يولنى ئۇقۇۋالدىم. بەش قوشۇنغا يولنىڭ كەڭ - تارلىقىغا قارىماي، ئاق تېرەك ئۆچرىغان هامانلا بۇرۇلۇپ مېڭىش توغرىسىدا يوشۇرۇنچە بۇيرۇق چۈشۈرسىلە، — دېدى.

سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى هەيدەشتۇرۇپ، ئاق تېرەك ئۇچرىغان هامان بۇرۇلۇپ مېڭىشۋەردى. ئۇ ئالاهازەل بەش - ئالتە چاقىرىمدەك يول يۈرگەندىن كېيىن ئالدىدىكى ئوتاقچىلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ گۇمانلىنىپ شى شيۇدىن:

— ئۇكام، ئالدىمىزدىكى دۈشمەنلەر ئەجەب كۆپىيىپ كېتىۋاتىدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇلار پانۇس بىلەن بەلگە بېرىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى شى شيۇ.

— ئاغا، — دېدى خۇا رۇڭ ئاتتا تۇرۇپ قولى بىلەن سۇڭ جياڭغا كۆرسىتىپ، — دەرەخنىڭ سايىسىدا تۇرغان ئاۋۇ پانۇسنى كۆردىلىمۇ؟ ئۇ بىزنىڭ كۈنچىقىش تەرەپكە ماڭغىنىمىزنى كۆرسە، پانۇسنى كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ پۇلاڭلىتىۋاتىدۇ. بىزنىڭ كۈنپېتىشقا قاراپ ماڭغىنىمىزنى كۆرسە، پانۇسنى كۈنپېتىشقا قاراپ پۇلاڭلىتىۋاتىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ بەلگىسى ئوخشايدۇ، — دېدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى سۇڭ جياڭ.

— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى؟ — دېدى خۇا رۇڭ ۋە يايىنى

تارتقىنچە، ئېتىنى چاپتۇرۇپ بېرىپ ئاشۇ سايىنى چەنلەپ تۇرۇپ، بىر ئوق ئېتىۋىدى، ئوق ھېچ قىيماستىن دەل ھېلىقى پانۇسنى يەرگە چۈشۈردى. ئەتراپتا مۆكۈنۈپ ياتقان ئوتاقچىلار پانۇس يوقالغاندىن كېيىن پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى.

سۈڭ جياڭ شى شيۇغا يول باشلاتقۇزۇپ كەنت ئېغىزىنى بۆسۈپ چىقتى، دەل شۇچاغدا تاغنىڭ ئالدىدىن قىيقاس ـ سۈرەن سادالىرى كۆتۈرۈلدى ۋە بىر توپ ئوتقاش پەيدا بولدى، سۈڭ جياڭ تۇرشاۋۇل قوشۇننى توختىتىپ، شى شيۇنى ئالدىدا بېرىپ يولنى چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا شى شيۇ قايتىپ كېلىپ:

— تاغ تۇرادىكى ئىككىنچى تۇركۇمدىكى لەشكەرلەر بىزگە بولۇشۇشقا يېتىپ كېلىپ، مۆكۈنۈۋالغان ئوتاقچىلارنى قىرىپ تىرىپىرەن قىلىۋېتىپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

سۈڭ جياڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ياۋغا ئىككى ياندىن قىستاپ تېگىپ، كەنت ئېغىزىدىن يول ئېچىپ چىقتى ۋە جۇ جەمەتىنىڭ ئوتاقچىلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. ئاندىن لى جۈڭ، چىن مىڭلارنىڭ لەشكەرلىرىگە قوشۇلۇپ، كەنت ئېغىزىدا ماكانلاشتى. ئەتىسى تاڭ يورۇغاندىن كېيىن ئېگىزرەك جايغا قوش تىكىپ، لەشكەرلەرنى ئېدىتلاپ چىقتى، ئۇلار ئىچىدە ئۇچ تاغ غوجىسى خۇاڭ شىن يوق بولۇپ چىقتى. سۈڭ جياڭ چۆچۈپ كېتىپ، ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈردى، تۈنۈگۈن كەچتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغانلار:

— ئاتامان خۇاڭ شىن ئۆزلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرى بىلەن يولنى چارلاپ كېلىش ئۈچۈن بىز بىلەن بىللە بارغانىدى، ئېھتىياتسىزلىقىمىزدىن قومۇشلۇق ئارىسىدىن ئىككى دانە ئىلمەك ئوقرۇق سوزۇلۇپ چىقىپ، ئاتلارنىڭ پۇتىدىن ئىلىپ موللاق ئاتقۇزۇۋەتكەندىن كېيىن شۇ ئوقرۇق تۇتقان بەش ـ ئالتە ئوتاقچى خۇاڭ شىننى تۇتۇپ كەتتى، قۇتۇلدۇرالمىدۇق، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

www.uyghurkitap.com

سۇلۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە بىللە بارغان لەشكەرلەرنى نېمىشقا بۇرۇنراق خەۋەر بەرمەيسىلەر دەپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. لىن چۇڭ، خۇا رۇڭلار سۇلۇڭ جياڭغا نەسىھەت قىلىپ توختىتىۋالدى. ھەممەيلەن: «جاڭزىنىنىڭ ئالالمىدۇق، ئۇنى ئاز دەپ ئىككى قېرىنداشىمىزنى زىيان تارتتۇق، ئەمدى قانداق قىلارمىز» دېيىشىپ كۆڭلى غەش بولدى. ياڭ شيۇڭ:

— بۇ يەردىكى ئۈچ كەنت ئەھدە تۈزۈپتۇ، ئالدىنقى كۈنى جۇ بياۋ دېگەن ھارامزادە كۈنچىقىش كەنتىنىڭ غوجىسى لى بېگىمنى ئوقيا بىلەن جاراھەتلەندۈرۈپ قويدى، ھازىر ئۆيىدە ئاغرىق ياتىدۇ، ئاغا، نېمىشقا بېرىپ ئۇ كىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقمايمىز؟ — دېدى.

— ھە راست، مەن ئۇنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇ كىشى بۇ يەرنىڭ ئوي - دۆڭىنى ئوبدان بىلىدۇ، — دېدى سۇلۇڭ جياڭ ۋە ئىككى توپ تاۋار - دۇردۇن، قوي - پوي ۋە مەي - شارابلار تەييارلاشنى تاپىلىدى، ئوبدان ئاتتىن بىرنى تاللاپ ئېگەرلەپ، ئۆزى بېرىپ كۆرۈشمەكچى بولدى.

سۇلۇڭ جياڭ لىن چۇڭ، چىن مىڭلارغا قوشنى ساقلاشنى تاپشۇردى، شۇنىڭ بىلەن خۇا رۇڭ، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار بىلەن ئاتلىنىپ، ئۈچ يۈز لەشكەر ئەگەشتۈرۈپ، كۈنچىقىشتىكى لى جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا قاراپ يول ئالدى.

جاڭزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسا، جاڭزىنىڭ دەرۋازىلىرى چىڭ ئېتىلىپ، ئاسما كۆۋرۈكلەر تارتىۋېتىلىپتۇ، تامنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن چېرىكلەرنى تۇرغۇزۇۋېتىپتۇ، دەرۋازا ئۈستىدىكىلەر بۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن گۇمبۇرلىتىپ دۇمباق چېلىشقا باشلىدى. سۇلۇڭ جياڭ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ:

— پېقىر لياڭشەن كۆلىدىكى مەردلەردىن سۇلۇڭ جياڭ دېگەن بولىمەن، ئاتايىتەن بېگىم بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلدىم، باشقا غەرىزىم يوق، ئېھتىيات قىلىپ ئۆلتۈرمىساڭلارمۇ بولىدۇ، —

دەپ ۋارقىرىدى.

جاڭزا دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان دۆڭ شىلڭ ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلارنىڭمۇ بۇ يەردە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، جاڭزا دەرۋازىسىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئېچىپ، قېيىق بىلەن نېرى ياققا ئۆتۈپ سۇڭ جياڭ بىلەن سالاملاشتى. سۇڭ جياڭ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى.

ـــ بۇ ئۇكىمىز پېقىر ئىككىيلەننى لى بېگىمنى پاناھ تۇتۇشقا باشلاپ بارغان كىشى بولىدۇ، جىن چىراي دۆ شىڭ دېگەن ئادەم مۇشۇ، ـــ دېدى ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار ئالدىغا كېلىپ.

ـــ دۆ غوجىدار دېگەن ئۆزلىرى ئىكەنلى ـ دە، ـــ دېدى سۇڭ جياڭ، ـــ ئۆزلىرى جوۋاپ لى بېگىمگە: «لياڭشەن كۆلىدىكى سۇڭ جياڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك ناملىرىنى ئاڭلىغىلى ئۇزۇن بوپتىكەن، كۆرۈشۈش نېسىپ بولماپتۇ. بۈگۈن جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدىكىلەر ئۇلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغاچقا، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئاتايىتەن گۈللۈك دۇردۇن، داڭلىق ئات ـ مات، قوي ـ پوي ۋە مەي ـ شاراب قاتارلىق ئەرزىمەس سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىدار كۆرۈشسەم دېگەن ئۈمىدتە كەپتۇ، باشقىچە غەرىزى يوق ئىكەن» دەپ خەۋەر قىلىپ قويغان بولسىلا ئىكەن.

دۆ شىڭ بۇ گەپنى ئېلىپ سۇدىن ئۆتۈپ جاڭزىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئۇدۇل ئايۋانغا كېلىپ توختىدى، لى يىڭ كات ئۈستىدە يوتقانغا ئورىنىپ ئولتۇرغانىدى، دۆ شىڭ سۇڭ جياڭنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپىنى يەتكۈزدى.

ـــ ئۇ لياڭشەن كۆلىدە ئىسيان كۆتۈرگەن ئادەم تۇرسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۆرۈشەلەيمەن؟ ئۇنىڭ خۇسۇسىي غەرىزى بولمىغاندىمۇ بىر مەقسىتى بار. سەن بېرىپ ئۇنىڭغا مېنى: «ئاغرىپ قېلىپ قىمىرلىيالماي ئورۇن تۇتۇپ ياتىدۇ ، هازىرچە كۆرۈشەلمەيمەن، باشقا بىر كۈنى كۆرۈشسەك، ئېلىپ كەلگەن

سوۋغا ـ سالاملىرىنىمۇ قوبۇل قىلالمايمەن» دەيدۇ دېگەن جاۋابنى بەرگىن، — دېدى لى يىلىڭ.

دۇ شىلىڭ يەنە سۇدىن ئۆتۈپ:

— غوجام ئۆزلىرىگە يېنىش ـ يېنىش دۇئايىسالام دېدى، ئەسلىدە ئالدىلىرىغا ئۆزى چىقماقچى ئىدى، يارىدار بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، ھازىرچە كۆرۈشەلمەيمەن، باشقا بىر كۈنى ئاتايىتەن ئۆزۈم بېرىپ كۆرۈشەي، سوۋغا ـ سالام ئېلىپ كېلىپ بەكمۇ ئاۋارە بوپتۇ، رەھمەت، قوبۇل قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن، دەيدۇ، — دېدى.

— مەن غوجىلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋاتىمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ، — مەن جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا تېگىپ يېڭىلىپ قالغانلىقىمدىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم، ئۇ ھەرقاچان جۇ جەمەتىنىڭ كۆڭلىدە باشقىچە ئىش كېچىپ قالارمىكىن دەپ كۆرۈشكىلى چىقمايۋاتقان بولسا كېرەك.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى دۇ شىلىڭ، — غوجام راستتىن ئاغرىپ ياتىدۇ. يېقىندا جۇڭشەنلىك بولىمەن، بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئۇزاق يىللار بولدى، بۇ يەرنىڭ ئىپىي ـ جىپىنى ئوبدان بىلىمەن. ئوتتۇرىدىكىسى جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسى، كۈنچىقىشتىكى مەن تۇرىدىغان لى جەمەتىنىڭ، كۈنپېتىشتىكى خۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسى. بۇ ئۈچ كەنت، جاڭزىدىكىلەر «ئۆلۈم ـ كۆرۈمدە بىللە بولىمىز، بېشىمىزغا كۈن چۈشۈپ قالسا بىر ـ بىرىمىزگە بولۇشۇپ قۇتقۇزىمىز» دەپ ۋەدىلىشىپ ئانت ئىچىشكەن. ھازىر ئۇلار غوجامنى خاپا قىلىپ قويدى. شۇڭا، ئۇلارغا بولۇشقىلى بارمايدۇ، بولۇشسا خۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدىكىلەر بولۇشۇشى مۇمكىن. ئۇ جاڭزىدىكى باشقىلارنىڭ كارايىتى چاغلىق، غۇنچە بوي قىز خۇ سەنىياڭ دەپ ئاتىلىدىغان بىر باتۇر بار، ئاي شەكىللىك بىر جۈپ قىلىچى باركى، ئۇنى شۇنداق قالتىس ئوينىتىدۇ. ئۇنى جۇ جەمەتى جاڭزىسىنىڭ كەنجى ئوغلى جۇ بياۋ بىلەن چاي ئىچۈرۈپ قويدى، قاچانلا

www.uyghurkitap.com

بولمىسۇن بىر كۈنى ئېلىپ كېتىدۇ. سەردارىم، ئەگەر جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا تەگمەكچى بولسىلا، كۈنچىقىش تەرەپتىن ئېھتىيات قىلىپ كەتمەي، كۈنپېتىش تەرەپتىكى يولنى چىڭ تۇتسىلالا بولىدۇ. جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىككى دەرۋازا بار: ئۇنىڭ بىرسى دۇلۇڭ داۋىنىنىڭ ئالدىدا، يەنە بىرسى ئۇنىڭ ئارقىسىدا. ئالدى دەرۋازىغا تەگكەن بىلەن بىكار، ئۇنىڭغا ئىككى تەرەپتىن قىستاپ تەگكەندىلا ئاندىن ئۇنى ئالغىلى بولىدۇ، ئالدى دەرۋازا ناھايىتى چىڭ، يوللىرى ئىرماش ـ چىرماش، پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ، ھەممىسى ئەگرى ـ توقاي يوللار، كەڭ يەرلىرى بار، تار يەرلىرىمۇ بار. لېكىن، ئاق تېرەك بولسىلا بۇرۇلسا بولىدۇ، ئەنە شۇ راۋان يول، ئاق تېرەك يوقلىرى تۇيۇق يول.

— ئۇلار ئەگەر، — دېدى شى شيۇ، — ئاق تېرەكلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ تاشلىغان بولسا نېمىنى بەلگە قىلغۇلۇق؟

— دەرەخنى كېسىۋەتكەن بىلەن، — دېدى دۇ شىڭ، — ئۇنىڭ يىلتىزىنى تۈگىتەلمەيدۇ، ئۇ يەردە دەرەخنىڭ يىلتىزلىرى باردۇ ھەرقاچان، شۇڭا ئۇ يەرگە كېچىسى ئەمەس، كۈندۈزى تېگىش ئەپلىك. سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دۇ شىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ھەمراھلىرى بىلەن قوشقا قايتتى. لىن چوڭ قاتارلىقلار ئۇلارنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ھەممەيلەن چوڭ قوشقا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. سۇڭ جياڭ لى يىڭنىڭ كۆرۈشۇشكە ئۇنىمىغانلىقىنى ۋە دۇ شىڭنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاتامانلارغا سۆزلەپ بەردى. لى كۈي سۆز قىستۇرۇپ:

— ياخشى كۆڭۈل بىلەن سوۋغا ـ سالام ئېلىپ بارسا، ئۇ ھارامزادىنىڭ ئاغام ئالدىغا چىقمىغانلىقىنى قاراڭلار، مەن ئۆچ يۈز ئادەمنى باشلاپ بېرىپ، ئۇ كىسپۇرۇشنىڭ جاڭزىسىنى تىرىپىرەن قىلىپ، ئۇ خۇنپەرنى تۇتۇپ ئاغام ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ باش ئەگدۈرىمەن، — دېدى.

— ئۇكام، — دېدى سۇڭ جياڭ، — سىز ئۇقمايسىز، ئۇ

www.uyghurkitap.com

دېگەن مال ـ دۇنيالىق دۆلەتمەن، مۆمىن ئادەم، يامۇلدىن قورقىدىغان تۇرسا، قانداقسىغا ئالدىراپ ـ تېنەپ بىز بىلەن كۆرۈشسۇن؟

ـــ ئۇنداق بولسا، ـــ دېدى لى كۈي كۈلۈپ تۇرۇپ، ـــ ئۇ هارامزادە باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈشتىن قورقىدىغان كىچىك بالا ئىكەن ـ دە.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشتى.

ـــ شۇنداق دېگەنبىلەنمۇ، ئىككى بۇرادىرىمىز قولغا چۈشۈپ قالدى، ـــ دېدى سۇڭ جياڭ، ـــ ئۇلارنىڭ يا ئۆلۈك، يا تىرىكلىكى بىزگە نامەلۇم، ھەرقايسىلىرى باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەپ، مەن بىلەن بارسىلا، جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا يەنە تېگىپ باقايلى.

ـــ ئاغا، بۇيرۇق بەرسىلە ئاڭلىماسلىققا قايسىمىزنىڭ ھەددى؟ ئۆزلىرى كىمنى ئالدىدا بېرىشقا بۇيرۇيدىلىكىن؟ ـــ دېيىشتى ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ.

ـــ سىلەر كىچىك بالىدىن قورقىدىكەنسىلەر، مەن ئالدىدا باراي، ـــ دېدى قارا قويۇن لى كۈي.

ـــ سىز تۇرشاۋۇل بولۇپ بارسىڭىز ياخشى بولمايدۇ، بۇ قېتىم سىزنىڭ لازىمىڭىز يوق، ـــ دېدى سۇڭ جياڭ.

لى كۈي ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم بولۇپ قالدى. سۇڭ جياڭ ما لىن، دېڭ فېي، ئوۋ پېڭ، ۋاڭ پەتەك يولۋاس قاتارلىق تۆتەيلەننى چاقىرىپ:

ـــ مەن بىلەن بىللە تۇرشاۋۇل بولۇپ بېرىڭلار، ـــ دېدى ۋە ئىككىنچى قېتىمدا دەي زۇڭ، چىن مىڭ، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇ، لى جۈن، جاڭ خېڭ، جاڭ شۈن، بەي شېڭلارنىڭ ئېتىنى ئاتاپ، سۇ يولى بىلەن ماڭىدىغان ئادەملىرىنى تەييارلاپ قويۇشنى تاپىلىدى. ئۈچىنچى قېتىمدا، لىن چۇڭ، خۇا رۇڭ، مۇ خوڭ، لى كۈيلارنى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ بولۇشۇشقا تەيىنلىدى. لەشكەرلەر بۆلۈنۈپ، تەييار بولغاندىن كېيىن قورساقلىرىنى ئوبدان

توقلىۋېلىپ، راسلىنىپ يولغا چىقتى.

سۆڭ جياڭ ئۆزى تۇرشاۋۇل بولۇپ، جەڭنى باشلاش ئۈچۈن ئاتلاندى، ئالدىدا «سەردار» دەپ خەت يېزىلغان چوڭ قىزىل ئەلەم تۇتۇپ مېڭىلدى. تۆت ئاتامان بىر يۈز ئەللىك ئاتلىق لەشكەر ۋە مىڭ پىيادە لەشكەرنى باشلاپ توپتوغرا جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا قاراپ، ئۇر - چاپ بىلەن باستۇرۇپ ماڭدى. يول بويى ئادەملەرنى بۆيرۇپ يوللارنى چارلىتىپ، ئۇدۇل دۇلۇڭ داۋىنى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. سۆڭ جياڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ بۇ جاڭزىغا قارىدى، ئۇ دەرۋەقە ھەيۋەت جاڭزا ئىكەن، جاڭزىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدىكى ئەلەمگە جۇ جەمەتىنىڭ بۇ جاڭزىسىنى سۆرەتلەپ بېرىدىغان مۇنداق بىر مەدھىيە نەزمى يېزىلغانىدى:

تۇرىدۇ دۇلۇڭ تېغى ئالدىدا بىر دۇلۇڭ داۋان،
بۇ داۋاندا جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسى تۇتقان ماكان.
سۇ ئۇزۇلمەي ئاقىدۇ ئەگىپ داۋان ئەتراپىدا،
سايە تاشلاپتۇ باراقسان لەيلى - مەجنۇن ھەر تامان.
جاڭزىدا رەت - رەت تىزىق، شەمشەر - تەبەر قاتار - قاتار،
قوۋۇقى ئالدىدا بەش قولدەك قىلىچ، نەيزە ھامان.
ياش يىگىتلەر ئالدىدا لەشكەر چەۋەندازى بولۇپ،
تەخ تۇرۇپتۇ ياۋغا قارشى بارچە باتۇر - پالىۋان.
جەڭگە كىرسە شۇ جۇ لۇڭ، تەڭ كېلەلمەس ھەرنە ياۋ،
كەلسە دۇچ جۇ - خۇ تېغىغا ياۋ جېنى تاپماس ئامان.
چىقسا جۇ بياۋ جەڭگە قاچماس قولىدىن تۇرلۇك ھۈنەر،
نەرە تارتسا ئاچچىقىدا مىسلى بىر ۋەھشىي قاۋان.
توشتى ئالتۇن ھەم كۈمۈش، دۇردۇنغا مىڭلاپ ساندۇقى،
مۇشۇ جۇ چاۋفېڭ غوجام مىكرى - پاراسەتتە يامان.
قەد كۆتۈرگەن ئىشىكىنىڭ ئالدىدا جۈپ ئاق ئەلەم،
ئىككى مىسرا خەت يېزىلغان ئۈستىگە روشەن ئايان:

www.uyghurkitap.com

«تىندۇرۇپ لىياڭشەن كۆلىنى چاۋ گەينى تۇتقايمىز چوقۇم،
قالمىغاي سۇڭ جياڭ ئامان لىياڭشەننى قىلغايمىز كۇكۇم».

سۇڭ جياڭ ئات ئۇستىدە تۇرۇپ جۇ جەمەتى جاڭزىسىنىڭ دەرۋازىسى ئۇستىدىكى ئىككى ئەلەمنى كۆردى ـ دە، ئىچىدە دەرغەزەپ بولۇپ: «جۇ جەمەتى جاڭزىسىغا تىگمىسەم ئۇنى ئالالمىسام، لىياڭشەن كۆلىگە ئەبەدىلئەبەد قايتمايمەن» دەپ قەسەمياد قىلدى. باشقا ئاتامانلارمۇ بۇنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى. سۇڭ جياڭ ئارقىدىكى لەشكەرلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىككىنچى تۇركۇمدىكى ئاتامانلارنى ئالدى دەرۋازىغا تېگىشكە قالدۇرۇپ، ئۆزى تۇرشاۋۇل لەشكەرلىرىنى باشلاپ دۇلۇڭ داۋىنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا قارىدى، جاڭزىدىكىلەر ئارقىدىكى دەرۋازىنى پولات قورغاندەك ناھايىتى پۇختا ساقلاۋېتىپتۇ. ئۇ بۇلارنى كۆرۈپ تۇرغاندا، كۇنپېتىش تەرەپتىن بىر توپ ئوتاقچىلار نەرە تارتىپ باستۇرۇپ كەلدى. سۇڭ جياڭ ما لىن، دىڭ فېيلارنى جاڭزىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىنى توسۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئوۋ پېڭ، ۋاڭ پەتەك يولۋاس قاتارلىق بىر بۆلەك ئادەمنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. داۋاننىڭ ئېتىكىدە كېلىۋاتقان ئوتاقچىلار ئالاھازەل يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئاتلىق ئادەم ئىكەن، ئۇلار بىر باتۇر قىزنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى:

چېچىغا قوشلاپ قىسىلغان ساپسېرىق ئالتۇن جىغا،
سۇمۇرغگۇل كەش ـ ئاياغ ئېسىل ئۇزەڭگە قېشىدا.
قۇر قۇياقى ئىچىدە دۇردۇندا چوغدەك كۆڭلىكى،
غۇنچىدەك بېلىگە راۋرۇس باغلىغان كەشتە پوتا.
پارقىراق ۋال ـ ۋۇل قىلىچتا كەستى باتۇرلار بېشىن،
ھەرنە زور باتۇر چېرىك مەھكۇم ئۇنىڭ شاپ تىغىغا.

تۆرىلىشتىن شۇنچە زىبا، تۇرقى گويا غۇنچىدەك،
«غۇنچە بوي قىز» دۇر چىپىپ يۇرگەن بۇ سەپنىڭ ئالدىدا.

ئۇ كېلىۋاتقان ئوتاقچىلار خۇ جەمەتى جاڭزىسىدىكى باتۇر غۇنچە بوي قىزنىڭ قوشۇنى ئىدى، غۇنچە بوي قىز قارا يالىلىق ئاتقا مىنىپ، بىر جۈپ ئاي شەكىللىك شەمشەر قىلىچنى ئويناتقان هالدا ئۈچ ـ تۆت يۈز ئوتاقچىنى باشلاپ، جۇ جەمەتى جاڭزىسىغا بولۇشۇش ئۈچۈن كېلىۋاتقانىكەن. سۇڭ جياڭ بۇنى كۆرۈپ:

— هېلى خۇ جەمەتى جاڭزىسىدا قالتىس باتۇر بىر ئايال بار دەپ ئاڭلىغانىدىم، پەمىمچە، كېلىۋاتقىنى دەل شۇ ئايال بولسا كېرەك، قېنى، كىم ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا چىقىدۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ پەتەك يولۋاس خوتۇنپەرەس بىرنېمە بولغاچقا، سۇڭ جياڭنىڭ ئاغزىدىن ئايال باتۇر دېگەن گەپ چىقا ـ چىقمايلا بىر ئېلىشىپ قولغا چۈشۈرۈش ئويىغا كەلدى ـ دە، قاتتىق بىر ۋارقىراپ، ئېتىنى دېۋىتكىنىچە ئالغا ئېتىلدى ۋە قولىدىكى نەيزىسىنى تەڭلەپ ياۋ بىلەن ئېلىشماقچى بولدى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى نەرە تارتتى، خۇ سەننياڭمۇ ئېتىنى قامچىلاپ، قىلىچىنى ئوينىتىپ، ۋاڭ پەتەك يولۋاسقا قاراپ ئېتىلدى، ئۇلارنىڭ بىرسى قوش قىلىچنى ئۇستىلىق بىلەن ئويناتسا، يەنە بىرسى تاق نەيزە ئىشلىتىشتە كارامەت كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىككىيلەن ئون نەچچە مەرتىۋە ئېلىشتى، سۇڭ جياڭ ئات ئۇستىدە تۇرۇپ، ۋاڭ پەتەك يولۋاسنىڭ نەيزىۋازلىقى ئىشلىمەيۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەسلىدە ۋاڭ پەتەك يولۋاس غۇنچە بوي قىزنى كۆرۈشى بىلەنلا، ئۇنى دەرهال تۇتۇۋالغۇسى كېلىپ كەتكەنىدى، ئون نەچچە مەرتىۋە ئېلىشقاندىن كېيىن كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى تىترەپ لاسسىدە سولىشىپ، نەيزىسىنى كەلسە ـ كەلمەس يەرلەرگە سانجىلغىلى باشلىدى. ئىككىيلەن جان تىكىپ ئېلىشۋاتقان چاغدا، ۋاڭ پەتەك يولۋاس

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا پوخورلۇق قىلىشقا باشلىدى. غۇنچە بوي قىز چېچەن بولغاچقا، كۆڭلىدە: «بۇ ھارامزادىنىڭ ئەدەپسىزلىك قىلىۋاتقانلىقىغا قاراڭلار» دەپ ئويلىدى ـ دە، جۇپ قىلىچىنى گاھ يۇقىرى، گاھ تۆۋەنگە چاپقىلى تۇردى، ۋاڭ پەتەك يولۋاس بۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرالىسۇن؟ ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قېچىشقا تەمشىلىۋىدى، غۇنچە بوي قىز ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئوڭ قولىدىكى قىلىچىنى ئېگەرگە قىستۇرۇپ قويۇپ، شاققىدە قولىنى سۇندى ـ دە، ۋاڭ پەتەك يولۋاسنى ئېگەردىن لىككىدە يۇلۇۋېلىپ تىرىك تۇتۇۋالدى. ئوتاقچىلار گۈررىدە كېلىپ ۋاڭ پەتەك يولۋاسنى سۆرىگەن پېتى ئېلىپ كەتتى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

زىناخورلار كۆرسە خوتۇننى،
ئالالمايدۇ ئۇندىن كۆزىنى.
ئەنە ئاشۇ ئەرزىمەس يولغا،
پىدا قىلىدۇ ھەتتا ئۆزىنى.
كۆشۈگىدىن چىقمىدى شىرمەرد،
خوتۇنغا بەرگەچ جىسمى ـ قېنىنى.

ئوۋ پېيك ۋاڭ يىگىنىڭ قولغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، نەيزە بىلەن كېلىپ ئۇنى قۇتقۇلدۇرماق بولدى. غۇنچە بوي قىز قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئات بىلەن ئوۋ پېيكنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئىككىيلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. ئوۋ پېيك ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ لەشكەر بولغاچقا، نەيزىنى قالتىس ئويناتاتتى. سۇڭ جياڭ ئۇنىڭ چەبدەسلىكىنى كۆرۈپ ئىچىدە بارىكاللا ئېيتتى. بىراق، ئوۋ پېيك نەيزىۋازلىقتا ھەرقانچە پىششىق بولغىنى بىلەنمۇ، باتۇر قىزغا تەڭ كېلەلمىدى، دېڭ فېي يىراقتا تۇرۇپ، ۋاڭ پەتەك يولۋاسنىڭ قولغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، ئوۋ پېيكنىڭمۇ ئۇ باتۇر قىزنى يېڭەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە،

ئېتىنى چاپتۇرۇپ، تۆمۈر زەنجىرنى ئوينىتىپ، قىيقاس -
سۈرەن بىلەن يېتىپ كەلدى. جۇ جەمەتى جاڭزىسىدىكىلەر
بۇلارنى خېلى ئۇزۇن كۆزىتىپ تۇرغاندىن كېيىن، غۇنچە بوي
قىزنى يېڭىلىپ قالمىسۇن دەپ ئالمان - تالمان ئاسما
كۆۋرۈكنى چۈشۈرۈپ، جاڭزىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى، جۇ لۇڭ
ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ چىقىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ
نەيزە ئويناتقان هالدا سۇڭ جياڭنى تۇتماقچى بولدى. ما لىن بۇنى
كۆرۈپ قوش قىلىچىنى ئوينىتىپ چېپىپ كېلىپ، جۇ لۇڭ
بىلەن ئېلىشتى. دېڭ فېي سۇڭ جياڭنى يېڭىلىپ قالمىسۇن دەپ
ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئىككى تەرەپتىن كەلگەنلىرى بىلەن
ئېلىشىپ ماڭدى، بۇ چاغدا قىيا - چىيالار كۆتۈرۈلدى. سۇڭ
جياڭ ما لىننىڭ جۇ لۇڭغا تەڭ كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى، ئوۋ
پېڭنىڭمۇ غۇنچە بوي قىزنى يېڭەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ،
ئالاقزادىلىككە چۈشتى، بۇ چاغدا بىر توپ ھەيۋەتلىك لەشكەر
يانباغىردىن باستۇرۇپ كەلدى. سۇڭ جياڭ شۇنداق قارىسا، بۇ
تېرىككەك چىن مىڭنىڭ لەشكەرلىرى ئىكەن، شۇڭا ئۇ ناھايىتى
خۇشال بولۇپ كەتتى، جاڭزىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇر - چاپ دېگەن
قىيقاس - سۈرەنلەر ئاڭلانغاندىن كېيىن بۇلار بولۇشۇشقا يېتىپ
كەلگەنىكەن. سۇڭ جياڭ:

— قولىباش چىن مىڭ ما لىنغا بولۇشۇڭ! — دەپ
ۋارقىرىدى.

چىن مىڭ مىجەزى ئىتتىك ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۇ
جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدىكىلەر ئۇنىڭ شاگىرتى خۇاڭ شىننى
تۇتۇۋالغانلىقتىن، ئەلىمىنى كىمدىن ئېلىشنى بىلمەي تۇراتتى،
شۇڭا ئۇ ئېتىنى قامچىلاپ بۆرە چىش كالتىكىنى ئويناتقىنىچە،
ئۇدۇل جۇ لۇڭغا قاراپ ئات سالدى. جۇ لۇڭمۇ قورالىنى تەڭلەپ
ئۇنىڭغا تاقابىل تۇردى. ما لىن ئادەم باشلاپ كېلىپ، ۋاڭ پەتەك
يولۋاسنى تارتىۋالماقچى بولدى. غۇنچە بوي قىز ما لىننىڭ ئادەم
تارتىۋېلىشقا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئوۋ پېڭنى تاشلاپ، ما

www.uyghurkitap.com

لىن بىلەن ئېلىشقىلى تۇردى. ھەر ئىككىيلەنلا قوش قىلىچ ئىشلىتىشنى بىلگەچكە، بىر ـ بىرى بىلەن ئات ئۈستىدە ئېلىشتى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە بوراندەك ھەملە قىلىسا، قىلىچلىرىنىڭ يالت ـ يۇلت قىلىپ چاقناشلىرى گويا ئاسماندىن ئاپپاق كۈمۈش تەڭگىلەر چېچىلغاندەك، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى، ھەتتا سۈك جياڭنىڭ كۆزىنىمۇ ئالاق ـ جالاق قىلىۋەتتى. بۇ يەردە چىن مىڭ بىلەن جۇ لۇڭ ئون نەچچە مەرتىۋە ئېلىشتى، جۇ لۇڭ چىن مىڭغا قانداق تەڭ كېلەلىسۇن. دەرۋازا ئىچىدە بۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ئۇنىڭ ئۇستازى لۇەن تىڭيۇ ئومۇتىنى ئېلىپ، ئات ئۈستىدە نەيزىسىنى ئويناتقان پېتى ئېتىلىپ چىقتى. ئوق پېڭ كېلىپ لۇەن تىڭيۇ بىلەن ئېلىشتى. لۇەن تىڭيۇ ئات بىلەن كېلىپ نەيزىلەر گىرەلىشىپ توختىغان پەيتتە، يان تەرەپ بىلەن قاچتى، ئوق پېڭ ئۇنى قوغلاپ كېلىۋىدى، ئۇ ئومۇتى بىلەن بىر ئۇرۇپلا ئوق پېڭنى ئاتتىن تىك موللاق چۈشۈردى. دېڭ فېي: «ئوغلانلىرىم، چاپسان بېرىپ قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىغان پېتى زەنجىرنى ئوينىتىپ لۇەن تىڭيۇگە ئېتىلدى. سۈڭ جياڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ چاپارمەنلىرىنى چاقىرىپ ئوق پېڭنى قۇتقۇزۇپ ئاتقا مىنگۈزدى. جۇ لۇڭ چىن مىڭغا تەڭ كېلەلمەي ئېتىنى قامچىلاپ قاچتى. لۇەن تىڭيۇمۇ دېڭ فېينى تاشلاپ چىن مىڭ بىلەن ئېلىشقىلى كەلدى. ئىككىيلەن ئون ـ يىگىرمە مەرتىۋە ئېلىشىپمۇ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. بۇ چاغدا لۇەن تىڭيۇ تەڭ كېلەلمىگەندەك قىلىپ يەنت ئىشلىتىپ قاچقان بولدى، چىن مىڭ توقمىقىنى ئوينىتىپ قوغلىدى. لۇەن تىڭيۇ ئۇتلۇققا ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ كەتتى، چىن مىڭ بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كىردى. ئەسلىدە جۇ جەمەتىگە قاراشلىق بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئادەم مۆكتۈرۈپ قويۇلغانىكەن، ئۇلار چىن مىڭنىڭ ئاتلىق كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى ـ دە، ئاتقا سالما تاشلاپ ئۇنى ئېتى بىلەن موللاق ئاتقۇزۇپ، قىيا ـ چىيا

قىلىشقان پېتى تۇتۇۋالدى، دىلى قېپ چىن مىڭىنىڭ ئاتتىن يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنى قۇتقۇزۇشقا كەلدى، ئۇ سالمىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئارقىغا بۇرۇلاي دەپ تۇرۇشىغا، ئىككى ياندىن قىيقاس ـ سۈرەنلەر كۆتۈرۈلۈپ، يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئىلمەك ئوقرۇقلار پەيدا بولدى ـ دە، ئۇنى ئېتى بىلەن قوشۇپلا تىرىك تۇتۇۋالدى.

سۇڭ جياڭ بۇنى كۆرۈپ زارلانغىنىچە نائىلاج ئوۋ پېگىنى ئېلىپ ئارقىغا چېكىندى. ما لىن غۇنچە بوي قىزنى تاشلاپ ئۇچقاندەك كېلىپ سۇڭ جياڭنى قوروغداپ تۆۋەن تەرەپكە قاچتى، ئارقىسىدىن لۈەن تىڭيۇ، جۇ لۇڭ، غۇنچە بوي قىز بۆلۈنۈپ قوغلىدى. ئۇلارقېچىشقا يول تاپالماي قولغا چۈشۈپ كېتەي دەپ تۇرغاندا، تۆۋەن تەرەپتىن بىر پالۋان ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى، ئۇ ئالاھازەل بەش يۈزدەك لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ. سۇڭ جياڭ قارىسا، بۇ توسقۇنسىز مۇ خۇڭ ئىكەن. كۈنچىقىش تەرەپنىڭ تۆۋىنىدىنمۇ ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئىككى پالۋاننىڭ باشلامچىلىقىدا يېتىپ كەلدى؛ ئۇلارنىڭ بىرسى قەھىرلىك گۈەنسۇ ياڭ شيۇڭ، يەنە بىرسى پىداكار يىگىت شى شيۇ ئىكەن. كۈنچىقىش تەرەپنىڭ يۇقىرىسىدىنمۇ يەنە بىر پالۋان: «ئادەمنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. سۇڭ جياڭ قارىسا، كىچىك لى گۇاڭ خۇا رۇڭ ئىكەن. ئۈچ يولدىكى لەشكەرلەرنىڭ گۇركىرەپ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن سۇڭ جياڭ ناھايىتى سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە بىللە لۈەن تىڭيۇ، جۇ لۇڭلار بىلەن ئېلىشتى. جاڭزىدا تۇرغانلار بۇنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ ئىككىيلەننىڭ زىيان تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، جۇ فۇغا جاڭزا دەرۋازىسىنى قوغداشنى تاپشۇردى ـ دە، كەنجى بەگزادە جۇ بياۋ بىر شاش ئاتقا مىنىپ، قولىغا ئۇزۇن نەيزە ئېلىپ، بەش يۈزدەك ئادەمنى باشلىغىنىچە جاڭزىنىڭ ئارقىسىدىن باستۇرۇپ چىقىپ، جەڭگە ئارىلاشتى. جاڭزىنىڭ ئالدىدىكى لى جۇن، جاڭ خېڭ، جاڭ شۇنلەر سۇدىن ئۆتمەكچى بولۇۋىدى، دەرۋازا

ئۈستىدىكىلەر ئوقيادىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، ئۇلارنى قىمىر قىلغۇزمىدى. دەي زۇك، بەي شىپكلار ئىلاج قىلالماي، قىرغاقتا تۇرۇپ چۇقان ـ سۈرەنلەر سېلىشتى، سۇك جياك كەچ بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ما لىننى چاقىرىپ، ئاۋۇال ئوۋ پىكىنى كەنت ئېغىزىدىن قورۇغداپ چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇدى. ئاندىن چاپارمەنلىرىگە جاك ئۇردۇرۇپ، پالۋانلارنى يىغىۋالدى ـ دە، سوقۇشا ـ سوقۇشا چېكىندى.

سۇك جياك بۇرادەرلىرىنىڭ ئادىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزى ئات چېپىپ يۇرۇپ يول ئىزدىدى. ئۇ ئىزدەپ كېتىۋاتقاندا غۇنچە بوي قىز ئۇچقاندەك ئۇنى قوغلاپ كەلدى. سۇك جياك ئۇنىڭغا قول ياندۇرۇشقا ئۇلگۈرەلمەي، ئېتىنى قامچىلاپ كۇنچىقىشقا قاراپ بەدەر قاچتى، غۇنچە بوي قىز ئارقىسىدىن ھە دەپ قوغلىغىلى تۇردى، ئىككى ئاتنىڭ سەككىزى تۇۋىقىدىن تەك ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى. غۇنچە بوي قىز سۇك جياكنى قوغلىغان پېتى كەنتنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتى. غۇنچە بوي قىز سۇك جياكقا يېتىشىپ كېلىپ، ئەمدى قول سالاي دەپ تۇرغاندا، تاغ باغرىدىن بىرەيلەننىڭ: «ھۇ دەججال دەللە، ئاغامنى قوغلاپ نەگە ئېلىپ بارىسەن؟» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. سۇك جياك قارىسا، قارا قويۇن لى كۇي ئىكەن، ئۇ قوش ئايپالتىسىنى پۇلاڭلىتىپ يەتمىش ـ سەكسەنچە چاپارمەننى باشلاپ قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ. غۇنچە بوي قىز بۇنى كۆرۈپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بۇراپ دەرەخلىكنىڭ چېتىگە قاراپ قاچتى. سۇك جياكمۇ ئېتىنى توختىتىپ قارىسا، دەرەخلىكنىڭ چېتى بىلەن ئون نەچچە ئاتلىق لەشكەر بىر باتۇرنى ئارىغا ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ كىم دېمەمسىز؟

بېشىدىكى ساۋۇتىغا قادىغان گۆھەر،
كۇمۇش كەبى قۇياق تونى ھەيۋەت شۇ قەدەر.
تاۋار تونغا گۈل ـ چېچەك قىپ كەشتىلەر سالغان،

باغلاپ بەلگە ئۇنچە تىزغان شاھانە كەمەر.
يىلان باشلىق ئۇزۇن نەيزە سۇيلار يىلاندەك،
ئاپپاق قاردەك ئارغىمىقى سەگرەپ كىشنەر.
ئەھلى يۇرتتا كىچىك جاڭ فېي دېيىشەر ئۇنى،
قاپلانباش بۇ لىن چۇڭ نامىن ئىشتسە ئەگەر.

ھېلىقى كېلىۋاتقان لەشكەرلەر دەل قاپلانباش لىن چۇڭنىڭ لەشكەرلىرى ئىكەن، ئۇ ئات ئۇستىدە تۇرۇپ:

— ھەي دەججال دەللە، نەگە قاچماقچى سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

غۇنچە بوي قىز قىلىچىنى ئوينىتىپ ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى لىن چۇڭغا قاراپ ئېتىلدى. لىن چۇڭ ئۇزۇن يىلانباش نەيزىسىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى. ئىككىيلەن ئون نەچچە مەرتىۋە ئېلىشا ـ ئېلىشمايلا لىن چۇڭ بىر پەنت ئىشلەتتى ـ دە، غۇنچە بوي قىزنىڭ جۇپ قىلىچىنى چېپىشقا يول قويغاندەك بولۇپ، ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يىلانباش نەيزىسى بىلەن شاققىدە ئۇنىڭ قىلىچلىرىنى بېسىپ قىمىرلاتقۇزمىدى. شۇنىڭ بىلەن لىن چۇڭ ئۇنىڭ قىلىچلىرىنى بىر چەتكە قايرىۋېتىپ، يان تەرەپتىن غۇنچە بوي قىزنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ، لىككىدە قىلىپ ئات ئۇستىگە ئېلىۋالدى. سۇڭ جياڭ بۇنى كۆرۈپ بارىكاللا ئېيتتى ۋە ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. لىن چۇڭ لەشكەرلەرگە ئۇنى باغلاتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ سۇڭ جياڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئاغا، بىرەر يېرىڭىزگە زەخىم ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، زەخىم يەتمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى سۇڭ جياڭ ئۇنىڭغا ۋە لى كۈينى چاقىرىپ ئۇنىڭغا كەنتكە تېز بېرىپ ھەممە پالۋانلارنى كەنت ئاغزىغا مەسلىھەتكە چاقىرىپ كېلىشنى، كەچ كىرىپ قالغانلىقتىن جەڭنى توختىتىشنى تاپشۇردى. قارا

www.uyghurkitap.com

قويۇن ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ كەتتى. لىن چوڭ سۇڭ
جياڭنى قوغداپ غۇنچە بوي قىزنى يالاپ كەنتتىن چىقتى. ئۇ
كۇنى كەچتە باشقا ئاتامانلارمۇ بىرەر نەپ ـ پەپكە ئېرىشەلمەي،
ئالدىراپ ـ تېنەپ كەنتتىن چىقىشتى. جۇ جەمەتىنىڭ
جاڭزىسىدىكىلەرمۇ لەشكەرلىرىنى يىغىپ جاڭزىغا قايتىشتى،
پۈتۈن كەنتتە ئۆلتۈرۈلگەنلەر ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى. جۇ
لۇڭ ئادەملىرىگە قولغا چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆشۈككە
سېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ سۇڭ جياڭنىمۇ تۇتۇپ ئۇلار بىلەن بىللە
ئاستانىگە ئېلىپ بېرىپ ئىنئام ئالماقچى بولدى، خۇ جەمەتىنىڭ
جاڭزىسىدىكىلەرمۇ ۋاڭ پەتەك يولۋاسنى جۇ جەمەتىنىڭ
جاڭزىسىغا ئاپىرىپ بەردى.
سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى يىغىپ كەنت ئاغزىغا باشلاپ
كېلىپ قوش تىككەندىن كېيىن غۇنچە بوي قىزنى ئالدۇرۇپ
كەلدى، ئاندىن يىگىرمە ياۋاش چاپارمەننى ئالدىغا چاقىردى، تۆت
سەردارنى تۆت يورغا ئاتقا مىنگۈزدى، غۇنچە بوي قىزنىڭ ئىككى
قولىنى باغلاپ ئۇنىمۇ ئاتقا مىنگۈزگەندىن كېيىن:
— بۇنى كېچىلەپ لياڭشەن كۆلىگە ئاپىرىپ، ئاتام سۇڭ
غوجىغا تاپشۇرۇپ، تاپشۇرۇۋالغانلىق جاۋابىنى ئېلىپ كېلىڭلار،
مەن تاغ تۈراغا قايتقاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىمەن، — دەپ
تاپىلىدى. ئاتامانلار بۇ قىزنى سۇڭ جياڭ ئۆزى ئالىدىغان
ئوخشايدۇ، ئۇنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئېلىپ بارايلى،
دېيىشتى. ئاندىن ئوۋ پېڭنىمۇ بىر ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، تاغقا
چىقىپ دەم ئېلىپ تۇرۇشقا ئەۋەتىشتى. يولغا چىققۇچىلار بۇ
بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن كېچىلەپ مېڭىپ كەتتى. سۇڭ جياڭ
بۇ كېچىسى بارگاھتا ئولتۇرۇپ ئىچى پۇشۇپ كىرپىك قاقماي
ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدى.
ئەتىسى خەۋەرچىلەر كېلىپ، «مۇشاۋىرىمىز ۋۇ يۇڭ خەلپەت
رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ قېرىنداشنى ھەم لۇ فاڭ، گو
شېڭلارنى ئېلىپ، بەش يۈز لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى» دەپ

خەۋەر قىلدى. سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ، بارگاھتىن چىقىپ مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭنى كۈتۈۋالدى ۋە بارگاھقا باشلاپ كىردى. ۋۇ يۇڭ خەلپەت مەي ـ شاراب ۋە غىزا ـ تائاملار كەلتۈرۈپ، سۇڭ جياڭغا قەدەھ تۇتۇپ ئۇنى مۇبارەكلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈچ قوشۇن سەركەردىلىرىنى تارتۇقلىدى. ۋۇ يۇڭ:

— تاغ تۇرايمىزنىڭ ئاتامىنى چاۋ گەي ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى قېتىمقى جەڭدە ئوخشىمىغىنىمىزنىڭ ئۈچرىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، كەمىنە ۋۇ يۇڭنى ھەم بەش ئاتامانىنى جەڭدە ھەمدەم بولۇشقا ئەۋەتتى. مۇشۇ كۈنلەردىكى جەڭ ئەھۋالى قانداقراقكىن، — دەپ سورىدى.

— ھەي، بۇنى ئېيتىپ كەلسە گەپ تولا، — دېدى سۇڭ جياڭ، — جۇ جەمەتىنىڭ خۇنپەرلىرى بىھۆرمەتلىك قىلىپ، جاڭزىنىڭ دەرۋازىسىغا بىر ئاق ئەلەم تىكلەپتۇ، ئۇنىڭغا: «تىندۇرۇپ لياڭشەن كۆلىنى چاۋ گەينى تۇتقايمىز چوقۇم، قالمىغاي سۇڭ جياڭ ئامان لياڭشەننى قىلغايمىز كۇكۇم» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. ئالدىنقى قېتىم تەگكىنىمىزدە ئۇلارنىڭ يەر ـ سۈيى بىلەن تونۇشلۇقمىز بولمىغانلىقتىن، ياڭ لىن، خۇاڭ شىنلارنى زىيان تارتتۇق، تۇنۇگۈن كەچ تەگكىنىمىزدە ۋاڭ يەتەك يولۋاسنى غۇنچە بوي قىز تۇتۇپ كەتتى، لۇەن تىڭيۇ ئوق يېگىنى ئومۇت بىلەن ئۇرۇپ جاراھەتلەندۇردى، چىن مىڭ، دېڭ فېيلارنىڭ ئېتىغا سالما تاشلاپ يۇتلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىمۇ تۇتۇپ كەتتى، مانا شۇنداق كېلىشمەسلىكلەرگە ئۇچراپ كەتتۇق، ئەگەر مەشقاۋۇل لىن چۇڭ غۇنچە بوي قىزنى تىرىك تۇتۇۋالمىغان بولسا، لەشكەرلىرىمىزنىڭ غەيرەت ـ جاسارىتىمۇ تۈگىشىپ كېتەتتى. ئەلھال ئەھۋال مۇشۇنچىلىك، نېمە ئىلاج دەيلا؟ ئەگەر يېقىن سۇڭ جياڭ جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇپ، تۇتۇپ كەتكەن ئاشۇ بىرنەچچە قېرىنداشىمىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالالمايدىغان بولسام، مۇشۇ يەردە ئۆلۈشكە رازىمەنكى، چاۋ گەي ئاغامنىڭ ئالدىغا بۇ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ بارالمايمەن.

— جۇ جەمەتىنىڭ تىرىپىرەن بولۇشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدەكلا قالدى، — دېدى كۈلۈپ ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

— قانداقسىغا جۇ جەمەتىنىڭ تىرىپىرەن بولۇشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدەكلا قالدى دەيلا؟ بۇ پەيت قانداق كېلىدۇ؟ — دەپ ئالمان - تالمان سورىدى سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيران ۋە خۇشاللىق ئىچىدە.

ۋۇ يۇڭ خەلپەت كۈلۈپ تۇرۇپ، ئالدىرىماي - تەمتىرىمەي ئىككى بارمىقىنى پۈكۈپ، بۇ پەيتنىڭ قاچان يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئەيىۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! كۆكتىن بىر تەۋەررۈك قول سوزۇلۇپ، ئاسماندىكى تور، يەردىكى قاپقانغا ئىلىنغان خەقلەرنى قۇتقۇزغۇسى، زادى ۋۇ يۇڭ مۇشاۋىرنىڭ قانداق پەيت ھەققىدە سۆزلىگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# قىرىق توققۇزىنچى باب

## شيې جېن بىلەن شيې باۋنىڭ زىنداندىن قاچقانلىقى سۇن لى بىلەن سۇن شىنلارنىڭ زىندانغا تەگكەنلىكى

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا ۋۇ يۇڭ خەلپەت سۇڭ دانىشقا:

— پەيت ئەمدى يېتىپ كەلدى، شى يۈڭنىڭ يۇز ـ خاتىرى بىلەن كېلىپ توپقا قوشۇلغان ھېلىقى ئادەم لۇەن تىڭيۇ دېگەن ھارامزادە بىلەن ناھايىتى ئەپ ئۆتۈشىدىكەن، ياڭ لىن، دېڭ فېيلارنىڭمۇ جانجىگەر سىردىشى ئىكەن. ئۇ ئاغىمىزنىڭ جۇ جەمەتى جاڭزىسىغا تېگىشتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىنى بىلىپ، توپقا قوشۇلۇشتا دىدار مۇلاقات سوۋغىتى سۈپىتىدە ئاتايىتەن بۇ تەدبىرنى كۆرسەتتى، ئۆزى بولسا ھېلى ئالدىلىرىغا يېتىپ كەلمەكچى. بۇ تەدبىرنى بەش كۈن ئىچىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ياخشى بوپتىمۇ؟ — دېدى.

— بارىكاللا ! — دېدى سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشلۇققا چۆمۈپ.

— خوش، گەپنىڭ قانداق تەدبىر ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى تۆۋەندە كۆرەيلى. ئوقۇرمەنلىرىمىز شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتقايسىلەركى، بۇ ۋەقە سۇڭ دانىش جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا دەسلەپ تەگكەن چاغدىلا يۈز بەرگەنىدى. بىردە ئۇنى، بىردە بۇنى سۆزلەش ئەپسىز بولغانلىقتىن بايان قىلىنمىغان، ئەمدى جۇ جەمەتى جاڭزىسىغا ئىككى قېتىم تېگىش قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى گېپىمىزنى توختىتىپ، ئالدى بىلەن ھېلىقى توپقا قوشۇلغان ئادەم ئېيتقان پەيتتىن پايدىلىنىش ۋەقەسىنى سۆزلەپ

بولغاندىن كېيىن ئەسلىي گېپىمىزگە قايتايلى.

شەندۇڭنىڭ دېڭىز بويىدا بىر ئايماق بار ئىدى، ئۇ دېڭجۇ ئايمىقى دەپ ئاتىلاتتى. دېڭجۇ شەھىرىنىڭ سىرتىدا بىر تاغ بار ئىدى، تاغدا چىلبۆرە، يولۋاس، يىلپىزلار ناھايىتى تولۇپ كېتىدىغان بولۇپ، ئادەملەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا، دېڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلى ئوۋچىلارنى يىغىپ، دېڭجۇ تېغىدىكى يولۋاسلارنى تۇتۇش توغرىسىدا دەررە مۆھلىتى بەلگىلەپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى. تاغنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىدا ئولتۇرۇشلۇق مەھەللە ئاقساقاللىرىغىمۇ يولۋاس تۇتۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپ، يارلىقنى ئىجرا قىلماي مۆھلەتتىن ئاشۇرۇۋەتسە، سوراق ـ سوئالغا تارتىلىدىغانلىقى، كەچۈرۈم قىلماي قاتتىق جازا بېرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغانىدى. دېڭجۇ تېغىنىڭ ئاستىدا بىر ئۆيلۈك ئاكا ـ ئۇكا ئوۋچى بار ئىدى، ئاكىسى شيې جېن، ئۇكىسى بولسا شيې باۋ دەپ ئاتىلاتتى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەنلا ئارىلاشما پولاتتىن ياسالغان قويۇش چاڭگاك ئىشلىتەتتى، ئۇلارنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك چامباشچىلىق ھونىرى بار ئىدى. ئۇلار ئايماقتىكى ئوۋچىلارنىڭ ئالدى ئىدى. شيې جېننىڭ لەقىمى ئىككى باشلىق يىلان، شيې باۋنىڭ لەقىمى ئاچا قۇيرۇق چايان ئىدى. ئىككىيلەننىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆيلەنمىگەنىدى. ئاكىسىنىڭ بويى ئۈچ يېرىم گەزدىن ئارتۇقراق، چىرايلىرى قىپقىزىل، بەللىرى ئىنچىكە، مۈرىلىرى كەڭ ئىدى؛ ئۇكىسى شيې باۋ ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق ئىدى، ئۇنىڭمۇ بويى ئۈچ يېرىم گەزدىن ئارتۇقراق كېلەتتى، يۈزلىرى يۇمىلاق ۋە ئەتلىرى قارا ئىدى، ئىككى يوتىسىنىڭ بۆلجۈك گۆشىگە ئۇچقۇر يەكشانىڭ سۈرىتىنى چېكىتۋالغانىدى، بەزىدە مىجەزى قوداڭشىپ قالغاندا ئاسمان ـ زېمىننى كۆمتۈرۈۋەتكۈدەك، دەرەخلەرنى قومۇرۇپ، تاشلارنى تەۋرەتكۈدەك ئوغىسى قايناپتتى، بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا مۇنداق تەرىپلىنىدۇ:

تا ئەزەلدىن ئۆتتى دېڭجۇدا ئۇلار ئوۋچى بولۇپ،
ئەسلىي قىسمەتتە يارالغان كۈچ ـ جاسارەتنى قۇچۇپ.
تاغ ـ داۋان، ئاتلاپ چوققا، مايمۇنغا يول بەرگەن ئەمەس،
كۆرسە گەر بۆغا ـ مارال هوشتىن كېتەر قورقۇپ ـ چۆچۇپ.

بېلىگە ئالغان قىسىپ يىكەن سىياق خەنجەر ـ پىچاق،
قولىغا لەيلى سىمان ئوۋ ئارىسى ئالغان تۇتۇپ.
بەلبېغى يولۋاس پېيى، پەشتامى يىلپىز تېرىسى،
يېتىشىپتۇ ئىككى شىي ئوغلان بۇگۈن كۈچكە تولۇپ.

بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا ئامبالنىڭ مۆهلەتلىك يارلىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىپ تۇزاق يا، دورىلانغان يا ئوقى، ئەگمەچ چارمىخلىرىنى تەييارلاپ تەخلىدى ۋە يىلپىز تېرىسى ئىشتانلىرىنى كىيىپ، يولۋاس تېرىسىدىن ياسالغان دالدىغۇچلىرىنى، قۇيۇش چاڭگاكلىرىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇدۇل دېڭجۇ تېغىغا چىقتى، ئۇلار تاغقا چىققاندىن كېيىن تۇزاق يالىرىنى قۇرۇپ قويۇپ، دەرەخكە چىقىپ بىر كۈن ساقلىدى، هېچنېمە چۈشمىدى، ساقلىغىنى بىكار بولۇپ چىقتى، ئۇلار تۇزاقلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېلىپ، تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. ئەتىسى يەنە قاتتىق ـ قۇرۇق نان ـ پان ئېلىۋېلىپ يېڭىباشتىن تاغقا چىقىپ، كەچ كىرگەندە تۇزاقلىرىنى يەنە قۇرۇپ قويۇپ، دەرەخ ئۈستىگە چىقىپ سۈبهى ۋاقتىغىچە ساقلىدى، هېچبىر شەپە ـ شىما بولمىدى. ئۇلار تۇزاقلىرىنى كۈنپېتىش تاغ باغرىغا يۆتكەپ، تاڭ ئاتقۇچە ساقلاپ ئولتۇردى، يەنە پايدىسى بولمىدى. ئىككىيلەن: «يولۋاسنى ئۈچ كۈن مۆهلەت ئىچىدە تاپشۇرۇش كېرەك ئىدى، كېچىكىپ قالسا جازاغا تارتىلىمىز، ئەمدى قانداق قىلساق بولار !» دېيىشىپ ئىچى تىت ـ تىت بولدى.

ئىككىيلەن تا ئۈچىنچى كېچىسى توخۇ چىللىغۇچە مۆكۈنۈپ يېتىپ ناهايىتى چارچاپ كەتتى. شۇڭا، دۈمبىلىرىنى بىر ـ

بىرىگە تىرەپ ئۇخلاشقا باشلىدى، كۆزلىرى تېخى ئۇيقۇغا بارا ـ بارمايلا تۇزاق يالىرىنىڭ پاق قىلىپ ئېتىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىككىيلەن ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇپ چاڭگاكلىرىنى كۆتۈرگىنىچە ئەتراپنى ئاختۇردى، بىردىنلا بىر يولۋاسنىڭ دورىلانغان ئوقيا ئوقى تېگىپ يەردە دومىلاپ ياتقىنىنى كۆردى ـ دە، ئىككىيلەن چاڭگاكلىرىنى تەڭلەپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى، يولۋاس ئادەم كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئوقنى ئېلىپ قاچتى. ئىككىيلەن يولۋاسنى قوغلىدى، قوغلاپ تاغنىڭ بېلىگە بارا ـ بارماي دورا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى ـ دە، يولۋاس ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي بىر ھۆركىرەپ، گۇلدۇرلىگەن پېتى تاغدىن دومىلاپ چۈشتى. شىپى باۋ:

— ئوبدان بولدى، مەن بۇ تاغنى بىلىمەن، بۇ تاغ ماۋ غوجىنىڭ جاڭزىسىنىڭ ئارقىسىدىكى باغقا توغرا كېلىدۇ، ئىككىمىز تاغدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ھويلىسىدىن يولۋاسنى ئېلىپ چىقايلى، — دېدى.

ئىككىيلەن چارمىخلىرىنى كۆتۈرگىنىچە تاغدىن ئۇدۇل ماۋ غوجىنىڭ جاڭزىسىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى. بۇ چاغدا تاڭ ئەمدىلا يورۇغانىدى، ئىككىيلەن جاڭزا دەرۋازىسىنى ئاچتۇرۇپ، ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئوتاقچىلار غوجىغا خەۋەر قىلدى. بىر ھازادىن كېيىن ماۋ غوجا ئۆيدىن چىقتى، شىپى جېن، شىپى باۋلار چاڭگاكلىرىنى قويۇپ سالام بېرىپ:

— ئاتا، ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈشەلمىدۇق، بۈگۈن ئاتايىتەن ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ كۆرۈشكىلى كەلدۇق، — دەپ سالام بەردى.

— ئەزىز ئىنىلىرىم، نېمانچە ئەتىگەن كەلدىڭلار؟ نېمە گېپىڭلار بار ئىدى؟ — دېدى ماۋ غوجا.

— بىرەر ھاجىتىمىز چۈشمىگەن بولسا، ئاتا ئۆزلىرىنىڭ تاتلىق ئۇيقۇلىرىنى بۇزۇشقا نېمە ھەددىمىز، — دېدى شىپى جېن، — بىز يامۇلدىن يولۋاس تۇتۇپ تاپشۇرۇش توغرىسىدا

مۆھلەتلىك يارلىق ئالدۇق، ئۇدا ئۈچ كۈن ساقلاپ بۈگۈن سۈبھى بىلەن بىر يولۋاسنى تۇزاق يادا ئېتىۋالغاندۇق، كۈتۈلمىگەندە ئۇ يولۋاس تاغدىن دومىلاپ كېتىپ سىلىنىڭ باغلىرىغا چۈشۈپ كەتتى، مالاللىق كەلمىسە، يول بەرسىلە كىرىپ يولۋاسنى ئاچىقىۋالساق، — دېدى شىي جىن.

— ھە شۇنداقمۇ، بىزنىڭ باغقىلا چۈشۈپ كەتكەن بولسا كارايىتى چاغلىق، ئىككىڭلار ئاز - پاز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، قورساقلىرىڭلارمۇ ئېچىپ قالغاندۇ، ئانچە - مۇنچە ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن بېرىپ ئاچىقايلى، — دېدى ماۋ غوجا ۋە ئوتاقچىلىرىنى ناشتىلىق ھازىرلاپ ئۇلارنى مېھمان قىلىشقا بۇيرۇدى. ئىككىيلەننى زورلاپ يۇرۇپ تاماق يېگۈزدى، مەي ئىچۈردى، تاماقتىن كېيىن شىي جىن، شىي باۋلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ:

— ئاتا، ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، ئەمدى ئۆزلىرى جوۋاپ يولۋاسنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇنى بىزگە بېرىۋەتكەن بولسىلا، — دېدى.

— مېنىڭ جاڭزامنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ كەتكەن بولسا، — دېدى ماۋ غوجا، — نېمىدىن ئەنسىرەيتتىڭلار، ئولتۇرۇپ ئازراق سىنچاي ئىچكەندىن كېيىن ئاچىقساقمۇ كېچىكىپ قالمايمىز.

شىي جىن، شىي باۋلار ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرالماي نائىلاج ئولتۇرۇشتى، ئوتاقچىلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا سىنچاي كەلتۈردى.

— ئەي ئىنىلىرىم، ئەمدى مەن سىلەرنى باشلاپ كىرەي، يولۋاسنى ئاچىقايلى، — دېدى ماۋ غوجا بىرئازدىن كېيىن.

— رەھمەت ئاتا، — دېيىشتى شىي جىن، شىي باۋلار.

ماۋ غوجا ئىككىيلەننى جاڭزىنىڭ ئارقىسىدىكى بېغىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپ، ئوتاقچىلارغا ئىشىكنى ئېچىشنى بۇيرۇدى، لېكىن ئۇلار ھەرقانچە قىلسىمۇ قۇلۇپنى ئاچالمىدى.

— بۇ باغنى، — دېدى ماۋ غوجا ئوتاقچىلىرىغا قاراپ، — ئۇزۇندىن بېرى ھېچكىم ئېچىپ باقمىغاچقا، قۇلۇپ داتلىشىپ

قېلىپ ئېچىلمايۋاتقان ئوخشايدۇ، بولقا ئاچقىپ قۇلۇپنى چېقىڭلار.

ئوتاقچىلار بولقىنى ئاچقىپ قۇلۇپنى چاقتى، ھەممەيلەن باغقا كىرىپ، تاغ تۆۋىنىڭ ھەممە يېرىنى ئىزدەپ يولۋاسنى تاپالمىدى.

— ئەزىز ئىنىلىرىم، — دېدى ماۋ غوجا، — ئىككىڭلار خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسىلەر؟ مېنىڭ بىغىمغا چۈشمىگەن ئوخشايدۇ، جۇمۇڭلار؟

— بىز قانداقسىغا خاتا كۆرۈپ قالىمىز؟ مۇشۇ يەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغان تۇرساق، بۇ يەرنى نېمىشقا پەرق ئېتەلمەيمىز؟ — دېدى شيې جېن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ماۋ غوجا، — ئۆزۈڭلار ئىزدەپ بېقىڭلار، بار بولسا ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار.

— ئاكا، — دېدى شيې باۋ، — ماۋۋيەرگە كېلىپ قاراپ بېقىڭا، بۇ يەردىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ھەممىسى بېسىلىپ كېتىپتۇ، ئۈستىدە تېخى سوزۇلغان بىر قان ئىزىمۇ تۇرىدۇ. قانداقسىغا بۇ يەردە يوق دېگىلى بولىدۇ؟ تايىنلىق ئاتىمىزنىڭ ئوتاقچىلىرى ئېلىپ كەتكەن نەرسە.

— ئۇنداق دېمە، — دېدى ماۋ غوجا، — مېنىڭ ئوتاقچىلىرىم باغدا يولۋاس بارلىقىنى قانداق بىلىدۇ؟ سەنمۇ كۆرۈپ تۇردۇڭغۇ بايا قۇلۇپنى چاققىنىمىزنى؟ ئىككىڭلار باغقا بىللە كىرىپ ئىزدەپمۇ باقتىڭلارغۇ؟ سەن نېمىشقا مۇنداق دەپ يۈرىسەن؟

— ئاتا، باشقا گەپنى قويۇپ بىزگە يولۋىسىمىزنى بەرسىلە، يامۇلغا تاپشۇرىمىز، — دېدى شيې جېن.

— ئىككىڭلار ئەجەبمۇ يولسىزلىق قىلىۋاتىسىلەرغۇ! — دېدى ماۋ غوجا، — مەن سىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ سىلەرنى مەي، تاماق بىلەن مېھمان قىلسام، ئەمدىزە ماڭا يولۋاسنى سەن ئېلىۋالدىڭ دەپ تۆھمەت قىلىۋاتامسىلەر؟!

— بۇ قانداق تۆھمەت بولىدىكەن! سىلى مۇشۇ كەنتنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئاقساقىلى، يامۇل سىلىگىمۇ بەلگىلىك مۆھلەت ئىچىدە يولۋاس تۇتۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن، سىلىزە يولۋاس تۇتالماي بىزنىڭ تەييار يولۋىسىمىزنى ئېلىۋېلىپ، يامۇلغا ئاپىرىپ ئىنئام ئېلىپ بىز ئىككىمىزگە دەررە يېگۈزمەكچىمۇ؟ — دېدى شيې باۋ.

— سىلەرنىڭ دەررە يېيىشىڭلار بىلەن مېنىڭ نېمە چاتىقىم؟ — دېدى ماۋ غوجا.

— ئۇنداق بولسا بىز ئاختۇرۇپ كۆرەيلى، بولامدۇ؟ — دېدى شيې جېن، شيې باۋلار كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار بىلەن مېنىڭ ئۆيۈم ئوتتۇرىسىدا ئازراق پەردىشەپ بار جۇمۇ. قاراڭلار بۇ ئىككى قەلەندەرنىڭ مۇتتەھەملىك قىلىۋاتقىنىنى، — دېدى ماۋ غوجا.

شيې باۋ ئايۋاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىزدەپ تاپالماي، غەزىپى ئۆرلەپ، ئۇ يەردە مۇشت ئاتقىلى تۇردى؛ شيې جېنمۇ ئايۋان ئالدىدىكى سالاسۇننىڭ لەڭگىرىنى سۇندۇرۇپ ئىچىگە ئېتىلىپ كىردى.

— شيې جېن، شيې باۋلار كۈپكۈندۈزدە بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ماۋ غوجا.

ئۇ ئىككىيلەن ئايۋان ئالدىدىكى شىرە - ئورۇندۇقلارنى چېقىپ تاشلىغاندىن كېيىن جاڭزىدىكىلەرنىڭ تەخلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يوگۈرگىنىچە تالاغا چىقتى - دە، جاڭزا تەرەپكە قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— سەن بىزنىڭ يولۋىسىمىزنى ئوغرىلىۋالدىڭ، سەن بىلەن يامۇلدا سۆزلىشىمىز، — دەپ تىللىدى.

## نەزم

تۇتسا يولۋاس شيې جەمەتلەر، پەم تۇزاق - يا ئىشلىتىپ،  
ماۋ جەمەتى ھىيلە بىرلە سالدى زىندانغا تىقىپ.  
بىرگىنە يولۋاس ئىدى ئىككى جەمەت تالاشقىنى،  
مانا «قوش ئەجدىھا» بۇگۈن غوۋغاغا قالدى تىقىلىپ.

ئۇ ئىككىلەن تىللاپ تۇرغاندا، ئۇچ ـ تۆت ئاتلىق كىشى كۆرۈندى، ئۇلار بىر توپ كىشىنى باشلاپ جاڭزىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى، شيې جېن ئۇنىڭ ماۋ غوجىنىڭ ئوغلى ماۋ جۇڭيى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا:

— جاڭزاڭلاردىكى ئوتاقچىلار بىزنىڭ يولۋىسىمىزنى ئېلىۋالغاندى، ئاتاڭ بۇنى بىزگە قايتۇرۇپ بەرمەكتە يوق، تېخى ئىككىمىزنى ئۇرماقچى بولدى، — دېدى.

— بۇ سەھرالىقلار ھېچنېمە بىلمەيدىغان نېمىلەر، ئاتامدىن يوشۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ. خاپا بولماي مەن بىلەن بىللە ئۆيگە يۈرۈڭلار، مەن ئۇنى سىلەرگە ئېلىپ بېرەي، — دېدى ماۋ جۇڭيى.

شيې جېن، شيې باۋلار ماۋ جۇڭيىغا رەھمەت ئېيتتى، ماۋ جۇڭيى جاڭزىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقۇزۇپ، ئىككىيلەننى ئەكىردى. ئۇلار ئىشىكتىن كىرىشىگىلا ماۋ جۇڭيى دەرۋازىنى يېپىشقا بۇيرۇق بېرىپ: «تۇتۇڭلار» دەپ ۋارقىرىدى. ئىككى تەرەپتىكى دالاندىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئوتاقچى يۈگۈرۈپ چىقتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بايا ئاتلىقلارنى ئەگىشىپ كەلگەنلەر ئىدى. شيې جېن بىلەن شيې باۋ تېخى ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا ئۇلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنى باغلىۋالدى.

— تونۇگۈن كېچە، — دېدى ماۋ جۇڭيى، — بىزنىڭ جاڭزىدىكىلەر بىر يولۋاسنى ئېتىۋالغان تۇرسا، سىلەر نېمىشقا ئۆكتەملىك قىلىپ ئۇنى ئېلىۋالمىسىلەر؟ تېخى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆيىمىزدىكى مال ـ مۈلۈكلەرنى بۇلاپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى چېقىشىپسەن؟ بۇنىڭغا قانداق گۇناھ كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ بۇنىمۇ ئايماقتا يالاپ ئاپىرايلى، ئايمىقىمىزدىن يەنە بىر زىياندash يوقالسۇن!

ئەسلى ماۋ جۇڭيى سۇبھى ۋاقتى بىلەن يولۋاسنى ئايماق يامۇلىغا ئاپىرىپ قويۇپ، بىرقانچە يايى باشلاپ كېلىپ شيې جېن، شيې باۋلارنى تۇتماقچى بولغانىدى، كۈتۈلمىگەندە بۇ

ئىككىيلەن شىلتىڭ ئېتىپ، دەل ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ قېلىپ ھېچنېمە دېيەلمەي قالدى. ماۋ غوجا بۇ ئىككىسگە چاڭگاك، بىر بوغچا ھارام مال ۋە چېقىۋېتىلگەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى كۆتۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى قىيپالىڭاچ قىلىپ قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلاتقۇزۇپ، ئايماققا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. بۇ ئايماق يامۇلىنىڭ بىر پەتىۋاچىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمىزاتى ۋاڭ جېڭ ئىدى، ئۇ ماۋ غوجىنىڭ كۈيۈئوغلى بولغانلىقتىن، ھەممىدىن ئاۋۋال بېرىپ ئايماق ئامبىلىنى بۇ ئىشتىن ئاللىقاچانلا خەۋەردار قىلىپ بولغانىدى. شۇڭلاشقا، شيې جېن، شيې باۋلارنى مەھكىمىگە يالاپ ئېلىپ كەلگەن زاماتلا، ئۇ نېرى ـ بېرىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا يىقتىپ دۇمبالاپ، ئۇ ئىككىيلەننى: «ئۆكتەملىك قىلىپ يولۋاسنى ئېلىۋالماقچى ۋە چاڭگاك كۆتۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلىماقچى بولغانىدۇق» دەپ ئىقرار قىلىشقا قىستىدى. شيې جېن، شيې باۋلار تاياققا چىدىيالماي ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىقرارقىلدى. ئايماق ئامبىلى يىگىرمە بەش جىڭ كېلىدىغان ئېغىر تاقاقنى ئالغۇزۇپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ بويىنىغا سالغۇزۇپ زىندانغا تاشلىدى. ماۋ غوجا، ماۋ جۇڭيىلار جاڭزىغا قايتىپ كېلىپ: «بۇ ھارامزادىلەرنى قويۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. كېيىنچە بىرەر بالا ـ قازا كەلتۈرۈپ قويىماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى يوقىتىۋەتكەنلا تۈزۈك» دېگەن مەسلىھەتنى قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئايماق يامۇلىغا كېلىپ پەتىۋاچى ۋاڭ جېڭغا:

— ئۇلارنى بىزگە تۇپ يىلتىزىدىن قىرقىپ تۈگىتىپ، ئىككىنچى باش كۆتۈرۈپ چىقالماس قىلىپ بەرسىڭىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئايماق ئامبىلىنىڭ ئاغزىنى ئۆزىمىز مايلايلى، — دېدى.

ئەمدى شيې جېن، شيې باۋلارغا كېلەيلى. ئۇلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلار زىندىنىغا تاشلانغاندىن كېيىن زىندانبېگى بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن شىپاڭغا ئېلىپ كىرىلدى.

زىندانبېگىنىڭ ئىسمىزاتى باۋ جې ئىدى، ئۇ ماۋ غوجىدىن كۆمۈش ئالغان ھەم ۋاڭ پەتىۋاچىنىڭ: «ئۇ ئىككىيلەننىڭ جېنىغا تىغ ئۇرسەن» دېگەن تاپشۇرۇقىنى ئالغانىدى، شۇڭا ئۇ شىپاڭنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. گۇندىپايلار شىبى جېن، شىبى باۋلارغا:

— تېز شىپاڭ ئالدىغا بېرىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇش، — دېدى.

— ئىككى باشلىق يىلان، ئاچا قۇيرۇق چايان دېگەنلەر ئىككىڭ بولۇشامسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى زىندانبېگى.

— باشقىلار بىزنى شۇنداق دەپ ئاتاپ كېلىشىۋاتىدۇ، راستىنى ئېيتقاندا، بىز ئىككىمىز مۆمىن، ئاق نىيەت ئادەملەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزگۈچىلەر ئەمەس، — دېدى شىبى جېن.

— ھۇ ھايۋان سۈيدۈكلىرى، — دەپ ۋارقىرىدى باۋ زىندانبېگى، — بۈگۈن مېنىڭ قولۇمغا چۈشتۈڭلار، سەن ئىككى باشلىق يىلاننىڭ ئىككى بېشىنى بىر قىلىۋەتمىسەم، سەن ئاچا قۇيرۇق چاياننىڭ ئاچا قۇيرۇقىنى تاق قىلىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس، قېنى، بۇلارنى ئاپىرىپ باش زىندانغا سولىۋېتىڭلار.

ھېلىقى گۇندىپاي بۇ ئىككىيلەننى زىندانغا ئېلىپ كىردى ۋە ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ:

— ئىككىڭلار مېنى تونۇدۇڭلارمۇ؟ مەن ئاكاڭلارنىڭ قېيىنئاغىسى بولىمەن، — دېدى.

— بىز بىر ئۇرۇقتىن پەقەت ئاكا - ئۇكا ئىككىمىزلا تۆرەلگەن، باشقا ئاكىمىز يوق ئىدى، — دېدى شىبى جېن.

— ئىككىڭلار سۇن باقاۋۇلنىڭ ئىنىلىرىغۇ؟ — دېدى گۇندىپاي.

— سۇن باقاۋۇل بىزنىڭ تاغىمىز بولىدۇ، مەن ئۆزلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ باقماپتىكەنمەن. جانابلىرى لى خې تاغىمىز بولمىسىلا يەنە؟ — دېدى شىبى جېن.

— شۇنداق، مېنىڭ ئىسمىزاتىم لي خې، ماۋجۇ ئايمىقىدىن بولىمەن. ئاتا - بوۋىلىرىمىز مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، ئاچامنى سۇن باقاۋۇلغا ياتلىق قىلىپتىكەن. مەن مۇشۇ ئايماقتا گۇندىپاي بولۇپ ئىشلەيمەن. خەقلەر مېنىڭ ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىغانلىقىمغا قاراپ، مېنى زىل كاناي لي خې دەپ ئاتىۋېلىشتى. قېيىنئاغام مېنىڭ جەڭ ماھارىتىمگە زوقمەنلىكىمنى كۆرۈپ، ماڭا ئانچە - مۇنچە نەيزىۋازلىق يوللىرىنى ئۆگىتىپ قويدى، — دېدى كىچىك گۇندىپاي. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

كىيىملىرى رەت - رەتلىك، ئۆزى چاققان ھەم زېرەك،
ئوچۇق كۆڭۈل، خۇشخۇيلۇق، سۆزى چورغا بۇلبۇلدەك.
ئۇستا ھاپىز غەزەلخان، خەق ئاتايدۇ «زىل كاناي»،
لي خې تۇغما ئەقىللىك، پاراسەتلىك چاقماقتەك.

لي خې ناھايىتى ئەقىللىك ۋە زېرەك ئىدى، چالغۇ سازلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى، ئاسان ئۆگىنىۋالاتتى. ئىش قىلغاندا ئىشنىڭ بېشىغا قاراپلا ئاخىرىنى بىلىۋالايتتى، نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق دېسە خۇددى شىرنە - ھەسەلگە يېپىشقاندەك يېپىشىپلا قالاتتى. ئۇ شىي جېن، شىي باۋلارنىڭ مەرد يىگىتلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەندەك، ئامال قىلالماي، خەت بىلەن ئەھۋالدىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلىپلا قويالايتتى. لي خې ئۇلارغا:

— سىلەرنى بىر ئىشتىن خەۋەردار قىلىپ قوياي: باۋ زىندانبېگى ماۋ غوجىدىن پارا يېدى، ئۇ جەزمەن ئىككىڭلارنىڭ جېنىغا قەست قىلىدۇ، ئىككىڭلار ئەمدى قانداق قىلىسىلەر؟ — دېدى.

— ئۆزلىرى سۇن باقاۋۇلنى تىلغا ئالمىغان بولسىلىغۇ بىر نۆرى ئىدى، ئۇنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ بىز ئۈچۈن بىر ئۇچۇر بېرىپ قويۇشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دېدى شيې جېن.

— سىلەر مېنى كىمگە ئۇچۇر بېرىپ قويغىن دەيسىلەر؟ — دېدى لې خې.

مېنىڭ بىر ئاچام بار، — دېدى شيې جېن، — ئۇ مېنىڭ بوۋامنىڭ جەمەتى بولۇپ، سۇن باقاۋۇلنىڭ ئىنىسىغا ياتلىق قىلىنغان، ئۇ ھازىر كۇنچىقىش قوۋۇق سىرتىدىكى چازانگاھتا ئولتۇرىدۇ. ئۇ مېنىڭ ھامامنىڭ قىزى، ئۇنى چىشى يولۋاس گۇ يەڭگە دەپ ئاتىشىدۇ، ئۇ مەيخانا ئاچىدۇ، ئۇنىڭغا ياندىشتۇرۇپ قاسساپلىق، جەزخورلۇقمۇ قىلىدۇ، مېنىڭ ئۇ ئاچامغا يىگىرمە - ئوتتۇز ئادەم تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئاچامنىڭ ئېرى سۇن شىننىڭ شۇنچە بېڭىسى بار تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنىڭدىن يېڭىلىپ قالىدۇ. پەقەت شۇ ئاچىمىزلا ئىككىمىز بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتىدۇ. سۇن شىن، سۇن لىلارنىڭ ھاممىسى مېنىڭ ئانام، شۇڭا ئۇ ئىككىيلەن يەنە بىر جەھەتتىن بىزنىڭ ئاكىمىز بولىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر كۆرمەي، ئۇنىڭغا ئاستىرتىن خەت ئەۋەتىپ قويۇشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىمەن، بۇ ئىشتىن ئۇنى خەۋەردار قىلىپلا قويسىلا، ئاچام ئۆزى بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالاتتى.

— ئەزىز تۇغقانلىرىم، خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى لې خې بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋە چىقىپ كېتىپ يوشۇرۇنچە شيې جېن، شيې باۋلارغا قاتلىما ۋە گۆش ئەكىرىپ بەردى. ئاندىن ئازراق ئىشىم بار دېگەننى باھانە قىلىپ، زىنداننىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ، باشقا بىر گۇندىپاينى ئىشىككە قارىتىپ قويۇپ، ئۇدۇل كۇنچىقىش قوۋۇق سىرتىدىكى چازانگاھقا قاراپ يول ئالدى. يىراقتىن بىر مەيخانا كۆرۈندى، مەيخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قوي، كالا گۆشلىرى ئېسىلغان، ئارقىدىكى ئۆينىڭ پېشايۋىنىدا بىر توپ كىشىلەر قىمار ئويناۋېتىپتۇ. لې خې

مەيخانىدىكى پوكەي ئالدىدا بىر ئايالنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇنى قانداق دېمەمسىز:

قاشلىرى توم ـ توم، كۆزلىرى يوغان،
يۈزلىرى دۇمباق، بەللىرى كادان.
ئۆزگىچە جىنغا قىسىپ بېشىغا،
جۇپلەپ مودا بىلەزۈك سالغان.
ئاچچىقى كېلىپ قالسا گاھىدا،
بادرا بىلەن ئېرىنى ئۇرغان.
تۇيۇقسىز ئەگەر جۇدۇنى تۇتسا،
ئوتاقچىلارنىڭ پۇتىنى چاققان.
نەيزە، توقماقنىڭ پىرى بۇ ئايال،
يىڭنە ئىشىغا دارىپ باقمىغان.

لي خې مەيخانىغا كىرىپ، گۇ يەڭگىگە قاراپ سالام قىلىپ:
— سۇن ئۇرۇقىدىن بولغان كىشىنىڭ مەيخانىسى مۇشۇمىكىن؟ — دەپ سورىدى.
— شۇنداق، — دېدى گۇ يەڭگە ئالمان ـ تالمان جاۋاب بېرىپ، — ئۆزلىرى مەي ـ پەي ئىچەمەلا، يا گۆش ـ پۆش ئالامىلا؟ ئەگەر قىمار ئوينىسىلا، ئارقىغا ئىلتىپات قىلسىلا.
— پېقىر سۇن باقاۋۇلنىڭ قېيىنئىنىسى لي خې بولىمەن، — دېدى لي خې.
— ئۆزلىرى لي خې تاغىمىز ئىكەنلى ـ دە، مۇبارەك ھۆسنلىرى چوڭ ئانامغا ئوپئوخشاش ئىكەن، قېنى ئىچكىرىگە ئىلتىپات قىلىپ چاي ـ پايلار ئىچسىلە، — دېدى گۇ يەڭگە كۈلۈپ.
لي خې ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىچكىرىگە كىرىپ تۆردىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن گۇ يەڭگە ئۇنىڭدىن:
— ئۆزلىرىنى ئايماق يامۇلدا ئىشلەيدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم،

نامرات بولغانلىقىمىزدىن تىرىكچىلىك غېمىدە يۈرۈپ ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشەلمىگەنىدىم. بۈگۈن بۇ تەرەپكە سىلىنى قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر، — دېدى لې خې، — بىرەر ئىش بولمىسا كېلىپ سىلىنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەس ئىدىم. بۈگۈن تۇيۇقسىزلا مەھكىمىدىن زىندانغا ئىككى مەھبۇس ئەۋەتىلدى، بۇرۇن ئۇلار بىلەن كۆرۈشمىگەن بولساممۇ، داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭ بىرسى ئىككى باشلىق يىلان شىي جېن، يەنە بىرسى ئاچا قۇيرۇق چايان شىي باۋ ئىكەن.

— بۇ ئىككىيلەن، — دېدى گۇ يەڭگە، — مېنىڭ ئۇكىلىرىم بولىدۇ، ۋاي ئاتىمەي، ئۇلار نېمە گۇناھ بىلەن زىندانغا تاشلانغاندۇ؟

— بۇ ئىككىيلەن، — دېدى لې خې، — بىر يولۋاسنى ئېتىۋالغانىكەن، مۇشۇ يۇرتتىكى ماۋ غوجا دېگەن بىر باي ئۇنى ئۆكتەملىك بىلەن ئېلىۋاپتۇ ھەم ئۇ ئىككىيلەنگە ئۆيۈمگە باستۇرۇپ كىرىپ، مال - مۈلكۈمنى بۇلىماقچى بولدى، دېگەن بەتنامنى چاپلاپ، ئايماق يامۇلىغا ئاپىرىپتۇ. ئۇ يەنە يۇقىرى - تۆۋەندىكى بەگ - سىپاھلارغا پارا بېرىپ، باۋ زىندانبېگىنىڭ قولى بىلەن بۈگۈن - ئەتە ئىچىدە ئۇلارنى زىنداندا ئۇجۇقتۇرماق بولۇۋاتىدۇ. پېقىر بۇ ئادالەتسىزلىكنى كۆرۈپ قۇتۇلدۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولساممۇ، يەككە - يېگانە بولغانلىقىمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالالمىدىم. شۇڭلاشقا، بىرىنچىدىن، تۇغقانچىلىق ۋەجىدىن، ئىككىنچىدىن، مەردلىك، دىيانەتلىكنى ئەلا بىلىپ ئاتايىتەن ئۇلار ئۈچۈن خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلدىم. ئۇلار: «بىزنى پەقەت شۇ ئاچىمىزلا قۇتۇلدۇرۇۋالايدۇ» دېگەنىدى. ئەگەر بالدۇرراق ھەرىكەتكە كېلىشمىسىلە قۇتۇلدۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ.

گۇ يەڭگە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن داد - پەرياد ئۇرۇپ زارلاپ كەتتى، ئۇ خىزمەتكارلىرىغا تېز بېرىپ،

خوجايىنىڭلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار دەپ بۇيرۇدى. بىرنەچچە خىزمەتكار كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۇن شىننى تېپىپ كەلدى، ئۇ كېلىپ لي خې بىلەن كۆرۈشتى. سۇن شىننى قانداق كىشى ئىكەن دېمەمسىز:

چېۋەر لەشكەر پەرزەنتى، كۆزى سۇرلۇك، ھەيۋەتلىك،
چيۇڭجۇ ئارالدىن كەلگەن، تېگى - تەكتى پېڭلەيلىك.
يۇكسەك ئىرادە تۇرۇپ، يىرتقۇچنى تۇتۇپتۇ جۇپ،
قولىدا يارما دەستە، قوش ئەجدىھادەك تولغىنىپ.
ئوينىاتسا ئەگەر نەيزە، ئۇچار يىلاندەك پەيزە،
سۇنلاڭدەك كىچىك بولغاچ، «كىچىك يۇ چى» دەر خەقلە.

بۇ سۇن شىننىڭ ئاتا - بوۋىسى چيۇڭجۇ ئايمىقىدىن بولۇپ، ئۇ بەگ - سىپاھ پۇشتى ئىكەن، ئۇ تۇرۇشلۇق قوشۇن دېڭجۇغا كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقتىن، ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن شۇ جايدا ماكانلىشىپ قاپتۇ، سۇن شىن قەددى - قامەتلىك، قاۋۇل پالۋان ئىدى، ئۇ ئاكىسىنىڭ ھەممە بىڭسىسىنى ئۆگىنىۋالغانىكەن ۋە يارما دەستە ھەم نەيزە، قىلىچ ئوينىتىشنىڭ بىرنەچچە خىل يولىنى بىلىدىكەن. شۇڭلاشقا، كۆپ كىشىلەر ئۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنى يۇ چىگۇڭ① غا تەقلىد قىلىپ، كىچىك يۇچى دەپ ئاتىشىدىكەن. گۇ يەڭگە بۇلارنى سۇن شىنغا بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، سۇن شىن:
— تاغا، ئۇنداق بولسا سىلى قايتىپ تۇرسىلا. ئۇ ئىككىيلەن زىندانغا تاشلىنىپ بوپتۇ، ئەمدى ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئۆزلىرىنىڭ خەۋەر ئالغاچ تۇرۇشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمەن، بىز ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىشنىڭ بىرەر يولىنى تاپقاندىن كېيىن بېرىپ سىلىنى تاپايلى، — دېدى.
— ئەگەر يېقىنىڭ قولىدىن كەلگۇدەك ھەمدەملىك بولسا

① يۇ چىگۇڭ — تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كارامەت سەردار.

www.uyghurkitap.com

خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، ــــ دېدى لي خې.

گۇ يەڭگە ئۇنى مەي ـ شارابلار بىلەن مېھمان قىلغاندىن كېيىن بىر بولاق تەڭگە ئاچىقىپ ئۇنىڭغا بېرىپ:

ــــ تاغا، مۇشۇنى ئاپىرىپ، زىنداندىكى كىشىلەرگە ۋە گۇندىپايلارغا ئۇلەشتۇرۇپ بەرسىلە، ئىككى قېرىندىشىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويار، ــــ دېدى.

لي خې تەڭگىنى ئېلىپ، زىندانغا قايتىپ ئۇنى بايا ئېيتىلغان ئورۇنلارغا ئىشلەتتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گۇ يەڭگىگە كېلەيلى، ئۇ سۇن شىندىن:

ــــ سىزنىڭ ئىككى قېرىندىشىمنى قۇتقۇزۇۋالغۇدەك بىرەر ئەپلىك چارە ـ پارىڭىز بارمۇ؟ ــــ دەپ مەسلىھەت سورىدى.

ماۋ غوجا دېگەن مۇتتەھەمنىڭ پۇلىمۇ بار، ھىماتىمۇ بار، ــــ دېدى سۇن شىن، ــــ ئۇ سېنىڭ ئىككى قېرىندىشىڭنى زىنداندىن چىقىپ كەتمىسۇن دەپ جىم ياتماي ئۇنىڭ كويىغا چۈشتى، بۇ ئىككىيلەن ئۇنىڭ قولىدىن تىرىك چىقىشى قىيىن، ئۇلارنى زىندانغا تېگىپ قۇتۇلدۇرماقتىن باشقا چارە يوق.

ــــ ئۇنداق بولسا ئىككىمىز بۈگۈن كېچىلا بارايلى، ــــ دېدى گۇ يەڭگە.

ــــ ئەجەبمۇ قارامكەنسىنا، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوبدان ئويلىشىپ باقايلى، زىندانغا تەگكەندىن كېيىن نەگە بارىمىز. ئەگەر ئاكام بىلەن ئىككى ئادەمنى قوشۇۋالمىساق بۇ ئىشنى بىر باشقا چىقارغىلى بولمايدۇ، ــــ دېدى سۇن شىن كۈلۈپ كېتىپ.

ــــ ئۇ ئىككىيلەن كىم بولىدۇ؟ ــــ دەپ سورىدى گۇ يەڭگە ئۇنىڭدىن.

ــــ قىمار ئويناشقا خۇشتار زۇ يۈەن، زۇ رۇن دېگەن بىر نەۋرە ئىككىيلەن بار، ئۇلار ھازىر دېڭيۈن تېغىدىكى تەيىۇ جىلغىسىدا ئادەم توپلاپ بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار مەن بىلەن ناھايىتى ئەپ ئۆتىدۇ، بۇ ئىككىسى ھەمدەم بولسىلا بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ، ــــ دېدى سۇن شىن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى گۇ يەڭگە، — دېڭيۇن تېغى بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس، سىز كېچىلەپ بېرىپ ئاشۇ ئىككى تۇغقىنىڭىزنى چاقىرىپ كېلىڭ، مەسلىھەتلىشىپ باقايلى.

— ئۇنداق بولسا مەن هازىرلا ماڭاي، سەن مەي - شاراب، غىزا - تاماقلارنى تەييارلاپ تۇر، مەن ئۇلارنى چوقۇم ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى سۇن شىن.

گۇ يەڭگە خىزمەتكارلارغا بىر چوشقىنى سويغۇزدى ۋە مەي - شاراب، بىرنەچچە تەخسە كۆك - گېزەك، يەل - يېمىشلەرنى تەييارلاتقۇزۇپ، مەزە تىزىپ قويدى.

گۇگۇم چۈشەي دېگەن چاغدا سۇن شىن ئىككى پالۋاننى باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئالدىدا ماڭغاننىڭ ئىسمىزاتى زۇ يۈەن، يۇرتى لەيجۇ ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا قىمارغا ئامراق ئىدى، تېگىدىن بىكار تەلەت ئۆتكەن، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىدىغان سېخىي، يەنە كېلىپ ئوبدان قىلىچۋاز، نەيزىۋاز ئادەم ئىدى، كىشىگە يۈز - خاتىر قىلىشنى بىلمەيتتى. ئەل - يۇرتلاردا جاڭگال ئەجدىهاسى دېگەن لەقىمى بار ئىدى. ئىككىنچى پالۋاننىڭ ئىسمىزاتى زۇ رۇن بولۇپ، زۇ يۈەن بىلەن بىر نەۋرە ۋە بىر دېمەتلىك دېگۈدەك بولۇپ، ئۇ بەستلىك، قاۋۇل، چىرايى غەلىتىلا بولۇپ، گەجگىسىدە بىر هۆررەك بار ئىدى. شۇڭلاشقا، خەقلەر ئۇنى يەككە مۈڭگۈز ئەجدىها دەپ ئاتىشاتتى. زۇ رۇن خەق بىلەن سوقۇشۇپ قالسا ئاچچىقىدا كاللىسى بىلەن ئۇسۇۋېتەتتى، بىر كۈنى ئۇ جىلغا بويىدىكى بىر تۇپ قارىغاينى كاللىسى بىلەن ئۇسۇپ سۇندۇرۇپ تاشلاپتۇ، بۇنى كۆرگەنلەر هەيران قاپتۇ. «شىجياڭيۈ» ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بىر نەزمىدە ئۇنىڭ خاسىيىتى مۇنداق تەرىپلەنگەن:

هەر ئۇرۇش - جاڭجالدا باشلامچى هامان،
جەزىخورلۇقتا ئاتالغان پالۋان.
كۆكتىكى هەسەن - هۈسەندەك تۈز تۇغۇلغاندۇر بۇلار،
جەڭ ماهارىتىدە خەق هاڭ - تاڭ قالۇر كۆرگەن زامان.

ئاشۇ دېڭىزنى تېغىنى ئەيلەپ ماكان،
نامى پۇر كەتتى تولۇپ شەندۇڭ سايان.
خۇددى جۇپ ئەجدىها كەبى دەريا ـ دېڭىزدا شۇڭغۇشۇپ،
ئۈزىدۇ گوياكى بىر كۆلچەكتە ئۈزگەندەك ئاسان.

گۇ يەڭگە ئۇلار بىلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ئۇلارنى ئارقا ھۇجرىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىردى، ئۇلار ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن يۇقىرىقى ئىشلاردىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلدى. ئاندىن زىندانغا تېگىش قىلىش توغرىسىدا سۆز باشلىدى.

— مېنىڭ، — دېدى زۇ يۇەن، — سەكسەن ـ توقساندەك ئادىمىم بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاران يىگىرمىدەكلا ئىشەنچلىك ئادىمىم بار. ئەتە بۇ ئىشنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن بۇ يەردە جان ساقلاپ تۇرالمايمىز. مېنىڭ كۆزلەپ قويغان بىر ماكانىم بار. ئۆزۈممۇ كۆپتىن بۇيان شۇ ياقىقا بارماقچى بولۇپ تۇراتتىم، سىلەر ئەر ـ خوتۇن ئىككىڭلار ئۇ يەرگە بېرىشنى خالامسىلەركىن؟

— مېنىڭ، — دېدى گۇ يەڭگە، — ئىككى قېرىندىشىملا قۇتۇلىدىغان ئىش بولسا نەگىلا دېسىڭىز سىزگە ئەگىشىپ كېتىۋېرىمىز.

— ھازىر، — دېدى زۇ يۇەن، — لياڭشەن كۆلى ئىنتايىن گۈللىنىپ روناق تېپىپ كېتىپتۇ. سۇڭ دانىش مەرد پالۋانلارنى ئەتراپىغا توپلاۋېتىپتۇ. ھازىر ئۇنىڭ قول ئاستىدا مېنىڭ ئۈچ تونۇشۇم بار: ئۇنىڭ بىرسى گۈللۈك قاپلان ياڭ لىن، يەنە بىرسى ئوت ئارسلان دېڭ فېي، ئۈچىنچىسى تاش زەردار شى يۇڭ، ئۇلار ئۇ يەرگە بېرىپ توپقا قوشۇلغىلى ئۇزۇن بولدى. بىز سىزنىڭ ئىككى قېرىندىشىڭىزنى قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن ھەممىمىز لياڭشەن كۆلىگە بېرىپ توپقا قوشۇلساق قانداق؟

— ناھايىتى ياخشى، ئەگەر كىم بارمايدىغان بولسا، مەن ئۇنى

نەيزە تىقىپ ئۆلتۇرۇۋېتىمەن، — دېدى گۇ يەڭگە.
— ھە، يەنە بىر ئىش، — دېدى زۇ رۇن، — بىزنىڭ ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ چىقارمىز، ئەگەر دېڭجۇ ئايمىقىدىن چېرىكلەر قوغلاپ كەلسە قانداق قىلىمىز؟
— مېنىڭ بىر تۇغقان ئاكام ھازىر مۇشۇ ئايماقتىكى لەشكەرلەرنىڭ باقاۋۇلى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھازىر دېڭجۇ ئايمىقىدا تىلغا ئالغۇدەك باتۇردىن پەقەت شۇلا بار. قاراقچىلار بىرنەچچە قېتىم شەھەرگە يېقىنلىشىپلا قالغاندا، شۇ كىشى تىرىپىرەن قىلىۋېتىپتىكەن. مەن تىلىكىكە بېرىپ ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ، كۆندۈرەي، — دېدى سۇن شىن.
— ئۇ غەلىيانچى بولۇشقا ئۇنىماي قويارمىكىن؟ — دېدى زۇ يۈەن.
— بۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم بار، — دېدى سۇن شىن.
ئۇلار شۇ كۈنى تۈن نىسپىگىچە مەي ئىچىشتى، ئاندىن يېتىپ تاڭ يورۇغىچە ئارام ئالدى، تاڭ يورۇغاندىن كېيىن سۇن شىن ئىككى پالۋاننى ئۆيدە قالدۇرۇپ، چىقىپ بىر خىزمەتكارىغا:
— ئىككى ئادەم بىلەن بىر ھارۋىنى ئېلىپ ناھايىتى تېزدىن شەھەردىكى لەشكەر قوشىغا بېرىپ، ئاكام سۇن باقاۋۇل بىلەن لي يەڭگەمنى چاقىرىپ كەل، — دەپ بۇيرۇدى ۋە:
— ئۆيدە يەڭگەمىز ئېغىر بىتاپ بولۇپ قالغانىدى، ئۆزلىرىنى ئېغىر كۆرمەي كېلىپ بىر يوقلاپ كەتسە، دەيدۇ دېگىن، — دېدى.
گۇ يەڭگىمۇ خىزمەتكارلارغا:
— مېنى كېسىلى ناھايىتى ئېغىر، سەكراتتا ياتىدۇ، بىرنەچچە ئېغىز مۇھىم گېپىم بار ئىدى، چوقۇم كەلسۇن، بۇ گەپنى كۆرۈشكەندە ئۆزىگىلا ئېيتىمەن دەيدۇ دېگىن، — دېدى.
خىزمەتكارلار ھارۋىنى ئېتىتىرىپ كېتىشتى. سۇن شىن ئاكىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىشىكتە ساقلاپ تۇردى. ئۇ بىر

www.uyghurkitap.com

ئاش پىشىم ساقلىغاندىن كېيىن يىراقتىن ھارۋا كۆرۈندى، لى يەڭگە ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا سۇن باقاۋۇل ئاتلىق ئون نەچچە لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ چازانگاھ تەرەپكە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ. سۇن شىن كىرىپ:

— ئاكام بىلەن يەڭگەم كەلدى، — دەپ گۇ يەڭگىنى خەۋەردار قىلدى.

— مېنىڭ دېگىنىم بويىچە بولسۇن جۇمۇ، — دەپ جېكىلىدى گۇ يەڭگىمۇ ئۇنىڭغا.

سۇن شىن ئاكىسى ۋە يەڭگىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشۈپ، يەڭگىسىنى ھارۋىدىن چۈشۈردى ۋە بىللە كېلىنىنىڭ كېسەللىنى يوقلاشقا ئېلىپ كىردى.

سۇن باقاۋۇلمۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىردى، ئۇ دەرۋەقە زەبەردەس، سېرىقراق، بومبا ساقال، ئېگىز ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمىزاتى سۇن لى، لەقىمى قەھرىلىك يۇچى ئىدى، ئوقيانى ياخشى ئاتاتتى؛ شاش ئاتقا مىنىپ، ئۆزۈن نەيزە ئىشلىتەتتى. بېغىشىدا بەرتىك پولات يارما دەستە بار ئىدى. بۇنى كۆرگەن خەقنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچاتتى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

ساقىلى قاپقارا تۇماندەك ئۇچار،
مىجەزى تېز گويا يۇلتۇزدەك ئاقار.
يارما دەستە ھەم نەيزىنىڭ پىرى،
ئوقيادىن توختاتماي ئوقلارنى ئۈزەر.
يۈزلىرى تاۋاقتەك، زەر ئالتۇن گويا،
جۈپ كۆزى قارىمۇق، چاقناپ پارقىرار.
لەشكەرلەر ئىچىدە مەشھۇر بۇ پالۋان،
«قەھرىلىك يۇچى سۇن لى» ئاتىلار.

شۇ ئەسنادا قەھرىلىك يۇ چى سۇن لى ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپلا:

— ئۇكام، سىڭلىمىزغا نېمە كېسەل تېگىپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ غەلىتە بىر خىل كېسەل بولۇپ قالدى، قېنى ئاكا يۇرۇڭ ئىچكىرىگە كىرىپ سۆزلىشەيلى، — دەپ جاۋاب بەردى سۇن شىن.

سۇن لى ئۆيگە كىردى. سۇن شىن خىزمەتكارلارغا ئاكىسى بىلەن كەلگەن لەشكەرلەرنى ئۇدۇلدىكى مەيخانىغا ئەكىرىپ مەي ئىچۈرۈشكە بۇيرۇدى، ئاندىن خىزمەتكارلارنى ئاتنى باغلاشقا جورۇۋېتىپ، سۇن لىنى ئىچكىرى ھۇجرىغا تەكلىپ قىلدى. ئارىدىن خېلى ئۆتكەندىن كېيىن:

— ئاكا، يەڭگە، ئۆيگە كىرىپ كېسەلنى كۆرۈپ چىقىڭلار، — دېدى.

سۇن لى، لى يەڭگىلەر ئۆيگە كىردى، كېسەل ئادەم كۆرۈنمىدى، شۇنىڭ بىلەن سۇن لى سۇن شىندىن:

— سىڭلىمىز قايسى ئۆيدە يېتىپتۇ؟ — دەپ سورىدى ۋە بۇ چاغدا گۇ يەڭگە زۇ يۈەن، زۇ رۇنلارنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. سۇن لى ئۇنىڭدىن:

— سىڭىل، نېمە كېسەل بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئاكا ئامان تۇردىڭىزمۇ؟ مەن قېرىندىشىمنى قۇتقۇزۇش كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ قالدىم، — دېدى گۇ يەڭگە.

— قىزىق گەپقۇ بۇ، قايسى قېرىندىشىڭىزنى قۇتقۇزماقچى؟

— ئاكا، سىز قۇلىقىڭىزنى يوپۇرۇۋالماڭ، سىز شەھەردە تۇرۇقلۇق، ئۇ ئىككىيلەننىڭ مېنىڭ قېرىندىشىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنداق بولغاندىكىن سىزنىڭمۇ قېرىندىشىڭىز بولىدىغانلىقىنى نېمىشقا بىلمەيسىز؟

— مەن گەپنىڭ باش - ئاخىرىنى بىلەلمەيۋاتىمەن، قايسى قېرىندىشىڭىز ئۇ؟

— ئىززەتلىك ئاكا، — دېدى گۇ يەڭگە، — ناھايىتى جىددىي بىر ئىش چىقىپ قالدى، سىزگە گەپنىڭ ئېنىقىنى

ئېيتاي: دېڭيۈن تېغى ئېتىكىدە ئولتۇرۇشلۇق ماۋ غوجا ۋاڭ پەتىۋاچى بىلەن بىر تىللىق بولۇۋېلىپ، شىيى جىن، شىيى باۋلارغا قەست قىلىۋاتىدۇ، بۈگۈن ـ ئەتە ئىچىدە ئۇلارنى ئۆجۈقتۇرماقچى. ھازىر مەن بۇ ئىككى پالۋان بىلەن شەھەردىكى زىندانغا تېگىش قىلىپ، ئۇ ئىككى قېرىندىشىمنى قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن ھەممىمىز لياڭشەن كۆلىگە بېرىپ توپقا قوشۇلۇش مەسلىھەتىگە كەلدۇق، ئەتە بۇ ئىش پاش بولۇپ قالسا، سىزنى بىرەر بالاغا تىقىپ قويارمەنمىكىن دەپ، كېسەل بولۇپ قالدىم دېگەن باھانە بىلەن سىز ۋە يەڭگەمنى بۇ يەرگە مەسلىھەتكە چاقىرتتىم. ئەگەر ئاكا سىز بېرىشنى خالىمىسىڭىز، لياڭشەن كۆلىگە ئۆزىمىز كېتىۋېرىمىز. ھازىرقى ئوردىنىڭ قانداقلىقىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، قېچىپ كەتكەنلەرگە ھېچ گەپ يوق. كۆزئالدىدىكىلەر سوراققا تارتىلىدۇ. ئادەتتە «يېغا ياندىن قوپار» دېگەن گەپ بار. ناۋادا ئاكا سىز بىز ئۈچۈن سوراق ـ سوئاللارغا تارتىلىپ، زىندانغا چۈشۈپ قالسىڭىز، ئۇ چاغدا سىزگە تاماق توشۇپ بەرگۈدەك ۋە سىزنى قۇتقۇزۇۋالغۇدەك ئادەممۇ چىقماي قالىدۇ. ئاكا بۇ مەسلىھەتكە رايىڭىز قانداق؟

— مەن دېگەن، — دېدى سۈن لى، — دېڭجۇ ئايماق يامۇلىنىڭ سىپاھىبېگى تۇرسام، بۇنداق ئىشنى قىلىش ھەددىممۇ؟

— ئاكا، بۇنىڭغا ئۇنىمىسىڭىز، بۈگۈن ئىككىمىز يا ئۆلۈم ـ يا كۆرۈمگە چىقىمىز، — دېدى ـ دە، گۇ يەڭگە يېنىدىن شارت قىلىپلا ئىككى قىلىچنى سۇغۇرۇۋالدى. زۇ يۈەن، زۇ رۇنلارمۇ خەنجەرلىرىنى قولىغا ئېلىشتى.

— سىڭىل، — دېدى سۈن لى ۋارقىراپ، — توختاپ تۇرۇڭ! ئالدىراقسانلىق قىلماڭ، مەن ئۇزۇننى كۆزلەپ شۇنداق دەۋاتىمەن. ئالدىرىماي بار مەسلىھەت ئىش قىلمايمىزمۇ.

لې يەڭگە بۇلارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەنلىكىدىن بىر ھازاغىچە زۇۋان سۈرەلمەي قالدى. گۇ يەڭگە يەنە:

— ئاكا، بېرىشنى خالىمىغاندىكىن، يەڭگىمىزنى بالدۇرراق يولغا سېلىپ قويۇڭ، بىز ئۆزىمىز بېرىپ قول سالايلى، — دېدى.

— ئەگەر شۇنداق قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، — دېدى سۇن لى، — مەن ئۆيگە بېرىپ، نەرسە - كېرەك، كۇدە - كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئاندىن بىر ئىش قىلمىسام بولامدۇ؟

— ئاكا، — دېدى گۇ يەڭگە، — سىزنىڭ قېينىئاغىڭىز لې خې بىزگە خەۋەر بېرىپ قويغان. زىندانغا تېگىپ بولۇپ، ئاندىن بېرىپ يۈك - تاقلارنى يىغىشتۇرسىڭىزمۇ كېچىكىپ قالمايسىز.

— سىلەر ھەممىڭلار شۇنداق قىلماقچى بولۇۋاتساڭلار، مەن قانداقمۇ رەت قىلالايمەن، — دېدى سۇن لى ئاھ ئۇرۇپ، — بولمىسا كېيىن سىلەر ئۈچۈن مەن سوراق - سوئاللارغا قالمايمەنمۇ؟ خەير، بوپتۇ، ھەممىمىز مەسلىھەتنى ئوبدان پىشۇرۇپ، ئىشنى باشلايلى.

سۇن لى ئالدى بىلەن زۇ يۇەننى ئۆزىنىڭ دېڭيۇن تېغىدىكى تۇرايىغا بېرىپ، پۇل - پۇچەك، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئىشەنچلىك كىشىدىن يىگىرمىنى ئېلىپ مەيخانىدا تەخ بولۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇۋەتتى. ئاندىن سۇن شىنىنى شەھەرگە كىرىپ، لې خېنىڭ ئۇچۇرىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈشۈپ، شىې جېن، شې باۋلارغا يوشۇرۇنچە ئۇقتۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

ئەتىسى زۇ يۇەن دېڭيۇن تېغىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئادەملىرىنى باشلاپ ھەمدەم بولۇشقا كەلدى. سۇن شىنىنىڭ ئۆيىدىمۇ يەتتە - سەككىز ئىشەنچلىك سىرداش خىزمەتكارلىرى بار ئىدى. ئۇلار سۇن لى باشلاپ كەلگەن ئون نەچچە لەشكەر بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي قىرىق نەچچە ئادەم بولدى. سۇن شىن ئىككى چوشقا ۋە بىر قوي سويدى. ھەممەيلەن تازا يەپ قورساقلىرىنى توقلىۋالدى. گۇ

يەڭگە قوينىغا خەنجىرىنى تىقىپ، زىندانغا تاماق ئېلىپ بارىدىغان ئايال سۈپىتىدە ياسىنىپ ئالدىدا كەتتى.

سۈن شىن سۈن لىنىڭ كەينىدىن ماڭدى، زۇ يۈەن زۇ رۈننى باشلاپ ھەر ئىككىلىسى ئۆز خىزمەتكارلىرىنى ئېلىپ، بۆلەك ـ بۆلەك يول بىلەن يۈرۈپ كېتىشتى.

نەزم

ۋەھشىي يولۋاس بەگ ـ سىپاھلار سالدى يولۋاس ئالۋىنى،
بولدى ئازاد ئىككى يولۋاس، قالدى بەگلەر تاڭ پېتى.
پالۋانلارغا «تۆمۈر نەيچى» كېلىپ قىلغاچ خەۋەر،
بولدى ئاندىنلا تۆمۈر زىندانىنى شۇنداق چاققىلى.

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. ماۋ غوجا دېگچۇ ئايماق ياملۇلىدىكى باۋ زىندانبېگىنىڭ ئاغزىنى مايلىغاندىن كېيىن باۋ زىندانبېگى شيې جېن، شېي باۋلارنىڭ جېنىغا قەست قىلماقچى بولدى. شۇ كۈنى لې خې قولىغا يايى كالتىكى ئېلىپ زىنداننىڭ ئېغىزىدىكى شىرنىڭ ھەيكىلى يېنىدا جىبسەكچىلىك قىلىپ تۇرغىنىدا، قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىم سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى لې خې.

— تاماق ئېلىپ كەلگەن ئايالمەن، — دەپ جاۋاب بەردى گۇ يەڭگە.

لې خې بۇنىڭ تېگىگە يەتتى ـ دە، ئىشىكنى ئېچىپ، گۇ يەڭگىنى ئىچىگە كىرگۈزگەندىن كېيىن ئىشىكنى يەنە تاقىۋالدى.

ئۇلار پېشايۋاندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، باۋ زىندانبېگى شىپاڭدا ئولتۇرغانىكەن، ئۇ بۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ:

— قانداق ئايال بۇ، زىندانغا تاماق توشۇشقا پېتىنغان؟ قەدىمدىن زىندانغا شامالمۇ دارىمىغان تۇرسا! — دەپ

ۋارقىرىدى.

— بۇ شىيې جىن، شىيې باۋلارنىڭ ئاچىسى ئىكەن، تاماق ئېلىپ كەپتۇ، — دېدى لىي خې.

— ئۇنى ئىچكىرىگە كىرگۈزمەي، تاماقنى ئۆزۈڭلار ئەكىرىپ بېرىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى زىندانبېگى.

لىي خې تاماقنى ئېلىپ زىنداننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، تاماقنى ئىككىيلەنگە بەردى. شىيې جىن، شىيې باۋلار ئۇنىڭدىن:

— تاغا، تۇنۇگۇن دېيىشكەن ئىش قانداق بولۇپ كەتتى، — دەپ سورىدى.

— ئاچاڭلار كەلدى، ئۇ ھەر تەرەپتىن بولۇشۇشۇڭلارنى كۈتۈۋاتىدۇ، — دېدى لىي خې شىيې جىن بىلەن شىيې باۋغا، ئۇ ئىككىيلەننىڭ تاقاق - كىشەنلىرىنى ئېچىۋەتتى. بۇ چاغدا بىر گۇندىپاي كىرىپ:

— سۈن باقاۋۇل كېلىپ، زىندانغا كىرىمەن دەپ ئىشىكنى قېقىۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ئۇ دېگەن قوش بېگى تۇرسا، مېنىڭ زىندانىمدا نېمە قىلىدىكەن؟ ئىشىكنى ئاچماڭلار! — دېدى باۋ زىندانبېگى.

گۇ يەڭگە بىر سەكرەپلا شىپاڭ تەرەپكە ئۆتۈۋالدى. تالادىن يەنە:

— سۈن باقاۋۇل ئىشىكنى ئۇرۇپ ئالدىرىتىۋاتىدۇ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

باۋ زىندانبېگى غەزەپ بىلەن شىپاڭدىن چۈشتى، گۇ يەڭگە:

— مېنىڭ قېرىنداشلىرىم نەدە؟ — دەپ ۋارقىرىغان پېتى يېنىدىن پارقىراپ تۇرغان ئىككى خەنجەرنى شارتتىدە سۇغۇرۇپ ئالدى. باۋ زىندانبېگى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، شىپاڭنىڭ سىرتىغا قاراپ قاچتى. شىيې جىن، شىيې باۋلار تاقاقلىرىنى كۆتۈرگەن پېتى زىنداندىن چىقىپ باۋ زىندانبېگى بىلەن دوقۇرۇشتى. باۋ زىندانبېگى بىرنېمە قىلاي دېگۈچە، شىيې باۋ تاقاق بىلەن ئۇنى بىر ئۇرۇپلا مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقاردى.

بۇ چاغدا گۇ يەڭگمۇ هايت ـ هۇيت دېگۇچە خەنجەر بىلەن تۆت ـ
بەش كىچىك گۇندىپاينى يەر چىشلەتتى. قالغانلىرى چۇقان
سىلىپ زىنداندىن قېچىپ چىقتى. سۇن لى، سۇن شىنلار
ئۇلارنى توسۇۋالدى. يەنە تۆتەيلەن زىنداندىن چىقىپ، ئايماق
يامۇلىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، زۇ يۇەن، زۇ رۇنلارمۇ ئايماق يامۇل
ئىچىدىن ۋاڭ پەتىۋاچىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ چىقتى.
كوچىدىكى ئادەملەر چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ شەھەردىن
قېچىشتى. سۇن باقاۋۇل ئات مىنىپ، ئوقيا ئېتىپ ئارقىدىن
باستۇرۇپ كەلدى. كوچىدىكى ئادەملەر ئىشىكلىرىنى تاقاپ تالاغا
چىقىشقا پېتىنالمىدى، ئايماقنىڭ دورغا، يايلىرى بۇنىڭ سۇن
باقاۋۇل ئىكەنلىكىنى تونۇغاندىن كېيىن بىرسىمۇ ئالدىغا چىقىپ
توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. كۆپچىلىك سۇن لىنى ئارىغا
ئېلىپ، شەھەر قوۋۇقىدىن چىقىپ، ئۇدۇل چازانگاھقا كەلدى ـ
دە، لي يەڭگىنى يۆلەپ هارۋىغا ئولتۇرغۇزدى. گۇ يەڭگە ئاتلىنىپ
ئۇلارغا هەمدەم بولۇپ يولغا چىقتى. شيې جېن، شيې باۋلار
كۆپچىلىككە قاراپ:
— ماۋ غوجا دېگەن بۇ مۇناپىقتىن ئۆچىمىزنى ئالمايلا
كېتىۋېرەمدۇق؟ — دېدى.
— ئالىمىز، — دېدى سۇن لى ۋە ئۇكىسى سۇن شىن بىلەن
قېيىنئاغىسى لي خېنى هارۋىنى قوغداپ ئالدىدا مېڭىپ تۇرۇشقا
بۇيرۇپ: «بىز ئارقىڭلاردىن يېتىشىۋالىمىز» دېدى.
سۇن شىن، لي خېلار هارۋىنى ئارىغا ئېلىپ ئالدىدا مېڭىپ
كەتتى.
سۇن لى شيې جېن، شيې باۋ، زۇ يۇەن، زۇ رۇن هەم باشقا
ئادەملەرنى باشلاپ، ئۇدۇل ماۋ غوجىنىڭ جاڭزىسىغا باستۇرۇپ
كەلدى. ماۋ جۇڭيى ماۋ غوجا بىلەن جاڭزىدا بەهۇزۇر ماۋ
غوجىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلاپ مەي ئىچىشىپ
ئولتۇراتتى. بۇ بىر توپ پالۋانلار نەرە تارتقان پېتى باستۇرۇپ
كىرىپ، ماۋ غوجا بىلەن ماۋ جۇڭيىنى هەم ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى



www.uyghurkitap.com

خوتۇن ـ بالىلىرىنى بىرىنىمۇ قويماي قىرىپ تاشلىدى.

ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئاختۇرۇپ ئون نەچچە بوغچا ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت تاپتى. ئىچكىرىكى هويلىدىن يەتتە ـ سەككىز ئوبدان ئاتنى ئاچىقتى، ئۇنىڭدىن تۆتىگە نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئارتتى، شيې جېن، شيې باۋلار نەچچە قۇر ئوبدان كىيىمنى تاللاپ كىيدى، ئاندىن جاڭزىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن يارەنلىرى بىرلىكتە يولغا چىقتى. تېخى ئوتتۇز چاقىرىممۇ يول يۈرمەيلا ئالدىدىكى هارۋىدا كېتىۋاتقانلارغا يېتىشىۋېلىپ بىللە ماڭدى. يول بويىدىكى جاڭزىلاردىن يەنە تۆت ـ بەش ئوبدان ئات بۇلاپ، كېچىلەپ لياڭشەن كۆلىگە يول ئالدى. بۇنىڭغا «شىجياڭيۆ» ئۇسلۇبىدىكى مۇنۇ نەزم دەلىل:

سادىقلىق ـ مەردلىكتۇر ئادەملىك ئەپتى،
مەككارلىق ـ پاسىقلىق توزۇتار ئەلنى.
قارا دىل، بەتنىيەتلەر چىقتى ئەمەلگە،
قوزغاتتى مەردلەردە نەپرەت ـ غەزەپنى.
رەزىل ھىيلە بىلەن يولۋاسنى سوقسا،
ئاجايىپ پەنت بىلەن چاقتى زىندانىنى.
دېڭجۇ كۆكىنى نالە ـ زار قاپلاپ،
بىر دەمدە جەسەتلەر توستى كوچىنى.

ئۇلار ئىككى كۈنگە قالمايلا شى يۇڭنىڭ مەيخانىسىغا يېتىپ كەلدى، زۇ يۈەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ياڭ لىن بىلەن دېڭ فېينى سورۇشتۇردى. شى يۇڭ ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، سۇڭ دانىشنىڭ جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا تېگىش قىلغىلى بارغانلىقىنى، ئۇ ئىككىيلەنىڭمۇ بىللە كەتكەنلىكىنى، ھەر ئىككى قېتىم تېگىش قىلغاندا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنداقلا ئۇ يەردىن كەلگەنلەرنىڭ «ياڭ لىن، دېڭ

فېيىلار ئۇ يەردە قولغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلارنىڭ نە هالدا ئىكەنلىكى نامەلۇم» دەپ خەۋەر ئېلىپ كېلىشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن جۇ جەمەتىدىكى ئۈچ باتۇرغا ئۇلارنىڭ مۇئەللىمى لۈەن تىڭيۇ هەمدەم بولغانلىقىدىن ئىككى قېتىم هۇجۇم قىلىپمۇ جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىنى ئالالمىغانلىقىنىمۇ بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. سۇن لى بۇلارنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— چوڭ تۇراغا كېلىپ توپقا قوشۇلۇشتا، بىزمۇ تۆھپىمىز يوق، جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا تېگىش قىلىش هەققىدىكى بۇ تەدبىرنى دىدار مۇلاقات سوۋغىسى سۈپىتىدە تەقدىم قىلساق قانداق؟ — دېدى.

— دانا تەدبىرىڭىزنى ئاڭلاشقا تەييارمەن، — دېدى شى يۇڭ ناهايىتى خۇشال بولۇپ.

— لۈەن تىڭيۇ دېگەن بۇ هارامزادە بىلەن مەن جەڭ ماهارىتىنى بىر ئۇستىدىن ئۆگەنگەن، — دېدى سۇن لى، — مەن ئۆگەنگەن نەيزە، قىلىچۋازلىقنى ئۇمۇ بىلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۆگەنگەن جەڭ ماهارىتىنى مەنمۇ ئېرىغ بىلىمەن. شۇ ۋەجىدىن بۈگۈن بىز دېڭجۇ ئايمىقىنىڭ يۇنجۇ ئايمىقىنى ساقلاشقا ئەۋەتكەن لەشكىرى تۈسىگە كىرىپ، بۇ يەردىن ئۆتۈۋېتىپ ئۇنى يوقلاپ كىرگەن بولۇۋالىمىز، ئۇ جەزمەن بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقىدۇ، بىز جاڭزىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغاندىن كېيىن ئىچ ۋە سىرتتىن ماسلاشساق بۇ ئىش جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ تەدبىر قانداقراقكىن؟

بۇ گەپنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا، خەۋەرچى كىرىپ:

— ۋۇ يۇڭ خەلپەت جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدا قالغانلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا تاغدىن چۈشۈپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

شى يۇڭ بۇنى ئاڭلاپ، خەۋەرچىگە تېز بېرىپ مۇشاۋىرغا: «شى يۇڭ بىر كېلىپ كۆرۈنۈپ كەتسۇن، دەيدۇ» دەپ خەۋەر ئېيتىشنى تاپىلىدى. بۇ گەپمۇ ئۈزۈلە - ئۈزۈلمەيلا مەيخانىنىڭ

ئالدىدا لەشكەرلەر پەيدا بولدى. ئۇلار لۇ فاڭ، گو شېڭ ھەم رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ باتۇر ئىدى، ئارقىدىنلا ۋۇ يۇڭ مۇشاۋىر بەش يۈز لەشكەرنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. شى يۇڭ ئۇلارنى مەيخانىغا باشلاپ كىرىپ، ئولتۇرغانلار بىلەن كۆرۈشتۈردى ۋە ئۇلارنىڭ تويقا قوشۇلماق بولۇپ، بىر تەدبىر تەقدىم قىلغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ۋۇ يۇڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— ھەرقايسىلىرى تاغ تۇرايمىز ئۇچۇن خىزمەت كۆرسىتىشكە نىيەت قىلغان بولسىلا، ھەرقايسىلىرىغا ئېغىر كەلمىسە، ھازىرچە تاغقا چىقماي تۇرۇپ، جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا تېگىش قىلىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشسىلا، بۇ ھەرقايسىلىرىنىڭ تۆھپىلىرى بولسا قانداق؟ — دېدى.

سۇن لىلار ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى.

— پېقىر بېرىپ، مۇشۇ بويىچە تەييارلىق قىلىپ تۇراي، مېنىڭ لەشكەرلىرىم ئالدىدا مېڭىپ تۇرسۇن، ھەرقايسىلىرى ئارقىدىنراق كېلىشەلا، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

ۋۇ يۇڭ خەلپەت مەسلىھەتنى پىششۇرغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭنىڭ قارارگاھىغا كەلدى، ئۇ كېلىپ قارىسا سۇڭ جياڭنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ غەم بىلەن ئولتۇرۇپتۇ، ۋۇ يۇڭ سۇڭ جياڭنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن مەي تەييارلاتقۇزدى. ئۇ ئاندىن شى يۇڭ، ياڭ لىن، دېڭ فېيلارنىڭ بىر سىردىشى — دېڭجۇ ئايمىقى لەشكەرلىرىنىڭ باقاۋۇلى، قەھرلىك يۇ چى سۇن لىنىڭ بۇ جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدىكى لۇەن تىڭيۇ موللا بىلەن بىر ئۇستازدىن تەلىم ئالغانلىقىنى، بۇگۇن كەلگەن سەككىز ئادەمنىڭ تويقا قوشۇلۇش نىيىتىدە، دىدار مۇلاقات سوۋغىسى سۈپىتىدە ئالايىتەن بىر تەدبىرنى تەقدىم قىلغانلىقىنى، بۇگۈن ئۇلار بىلەن ئىچ ۋە سىرتتىن ماسلىشىپ تېگىش قىلىش توغرىسىدا كېلىشىپ قويغاندىن كېيىن ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىر قۇر بايان قىلىپ بەردى.

سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇنىڭ غەم ـ پىغانلىرى يېشىلدى. ئۇ دەرھال ئادەملىرىگە قارارگاھتا ئۇلارنى كۇتۇۋېلىشقا مەي ـ شارابلار بىلەن زىياپەت ھازىرلاشنى بۇيرۇدى.

ئەمدى سۇن لى بولسا ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى ۋە ئات ـ ئۇلاغ ھارۋىلىرىنى بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن شيې جېن، شيې باۋ، زۇ يۈەن، زۇ رۈن، سۇن شىن، گۇ يەڭگە، لې خې بولۇپ جەمئىي سەككىز ئادەمنى ئېلىپ كېلىپ سۇڭ جياڭ بىلەن كۆرۈشتى، ھەممەيلەن سالام ـ سەھەت قىلىشىپ، تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى مېھمان قىلدى. ۋۇ يوڭ خەلپەت كۆپچىلىككە ئۇچىنچى كۈنى مۇنداق قىلىمىز، بەشىنچى كۈنى ئۇنداق قىلىمىز، دەپ يوشۇرۇنچە بۇيرۇق بەردى. ھەممە ئىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سۇن لىلار تەدبىرگە بىنائەن، يارەنلىرىنى ۋە ئات ـ ئۇلاغ، ھارۋىلىرىنى ئېلىپ، جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا قاراپ يولغا چىقتى.

— دەي تۆرەم، تاغ تۇراغا يەنە بېرىپ، ماڭا تېزدىن تۆت ئاتامانىنى ئەكېلىپ بېرىڭ، ئۇلار ماڭا كېرەك، — دېدى ۋۇ يوڭ خەلپەت يەنە.

دەي زوڭ كېچىلەپ تاغ تۇراغا بېرىپ بۇ تۆت ئادەمنى ئېلىپ كەلدى. ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس!

سۇ بويىغا قوشۇلدى يېڭى قانات،
تاغ جاڭزىسى تاپتى ئەبەد يېڭى ھايات.

ئۇۋ يوڭ خەلپەتنىڭ زادى قايسى تۆت ئادەمنى ئېلىپ كېلىشنى تاپشۇرغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.



www.uyghurkitap.com

# ئەللىكىنچى باب

## خەلپەت ۋۇ يۇڭ خەلپەتنىڭ قوش پەنت ئىشلەتكەنلىكى سۇڭ دانىشنىڭ جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا ئۈچىنچى قېتىم تەگكەنلىكى

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ دەي زوڭغا:

— ئەزىز ئىنىم، ئېغىر كۆرمەي تاغ تۇراغا قايتىپ بېرىپ، ماڭا ئادىل پەتىۋاچى پېي شۈەننى، تەۋەررۇك قول تالىپ شياۋ راڭنى، ئەۋرىشىم بىلەك خۇ جيەننى ۋە قولى ئالتۇن ئۇستام جىن داجيەننى چاقىرىپ كەلسىڭىز، بۇ تۆتەيلەن مۇنداق - مۇنداق نەرسە - كېرەكلەرنى ئېلىپ كېچىلەپ تاغدىن چۈشسۇن، ئۇلار ماڭا كېرەك، — دېدى.

دەي زوڭ مېڭىپ كەتتى.

بۇ چاغدا قوشۇننىڭ سىرتىدا تۇرغان لەشكەرلەردىن بىرسى كىرىپ:

— كۇنپېتىش كەنتتىكى خۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدىكى خۇ چېڭ بىر ئەپكەش مەي ئېلىپ ۋە بىر كالىنى يېتىلەپ كېلىپتۇ، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىجا قىلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

سۇڭ جياڭ ئۇنى باشلاپ كىرىشنى بۇيرۇدى. خۇ چېڭ بارگاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— سىڭلىم ئىش بىلمەيدىغان گۆدەك بولغاچقا، قارامىلىق قىلىپ، ھەرقايسىلىرىنىڭ سەلتەنەتلىرىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈپ قويۇپ قولغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئەي سەردارلىرىم، ئۇنىڭ

گۇناھىدىن ئۆتۈشلىرىنى تىلەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنى جۇ جەمەتى بىلەن چاي ئىچۈرۈپ قويغانىدۇق، ئۇ ھالىغا باقماي، كۆرەڭلىك قىلىپ ھەرقايسىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ، ئەگەر ھەرقايسىلىرى ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ قويۇپ بېرىشسىلە، نېمە كېرەك دېسىلە بېشىم بىلەن مېڭىپ بولسىمۇ ھازىر قىلسام، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

— قېنى ئولتۇرۇپ سۆزلە، — دېدى سۇڭ جياڭ، — جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدىكى مۇتتەھەملەر ھەددىدىن تاشقىرى ئەدەپسىزلىك بىلەن بىزنىڭ تاغ تۇرايىمىزغا بىكاردىن - بىكار ھاقارەت كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشقا بۇ يەرگە لەشكەر تارتىپ كەلگەنىدۇق. سىلەر بىلەن بىزنىڭ ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتىمىز يوق ئىدى، سىڭلىڭ ئادەم باشلاپ كېلىپ بىزدىكى ۋاڭ پەتەك يولۋاسنى تۇتۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا، بىزمۇ ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دەپ سىڭلىڭنى تۇتتۇق. سەن ۋاڭ پەتەك يولۋاسنى قايتۇرۇپ بەرسەڭ، سىڭلىڭنى قايتۇرۇپ بېرىمىز.

— ئۇ پالۋاننى جۇ جەمەتىدىكىلەر ئېلىپ كېتىپ قالدى، — دېدى خۇ چېڭ.

— ۋاڭ پەتەك يولۋاس دېگەن ئادىمىمىز ھازىر نەدە؟ — دەپ سورىدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت ئۇنىڭدىن.

— ئۇ ھازىر جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدا نەزەربەندىلىكتە، پېقىر ئۇنى قانداق ئېلىپ چىقالايمەن؟ — دېدى خۇ چېڭ.

— سەن ۋاڭ پەتەك يولۋاسنى بىزگە ئېلىپ كېلىپ بەرمىسەڭ، سىڭلىڭنى بۈگۈن نېمە ئۈچۈن ساڭا قوشۇپ قويىمىز، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ئاغا، مۇنداق دەپمۇ تۇرۇۋالمىسىلا، — دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت ۋە خۇ چېڭغا قاراپ، — پېقىرنىڭ دېگىنىمگە كۆنۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداقلىكى چاغدا جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدا بىرەر جەڭگى - جېدەل بولۇپ قالسا، جاڭزاڭدىن بولۇشۇشقا

هەرگىز ئادەم ئەۋەتمەيسەن. ئەگەردە، جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدىكى بىرەر كىم جاڭزاڭغا باشپاناھلىق تىلەپ بارسا، ئۇنى شۇ زامات باغلاپ بىزگە تۇتۇپ بېرىسەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەر ئادىمىنى تۇتۇپ بەرسەڭ، ئۇ چاغدا سىڭلىڭنى قايتۇرۇپ بېرىمىز. ئەمما، سىڭلىڭ ھازىر قېشىمىزدا يوق، ئوزاكۇن ئۇنى تاغ تۇرايىمىزغا ئەۋەتىۋەتتۇق، ئۇ تۇرايىمىزدىكى سۇڭ غوجىنىڭ ئۆيىدە كۈتۈلۈۋاتىدۇ. سەن كۆڭلۈڭنى توق تۇتۇپ قايتىپ كېتىۋەر، بۇ ئىشنى ئۆزىمىز توغرىلايمىز.

— ئەمدى ھەرگىز ئۇلارغا بولۇشۇشقا بارمايمەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ جاڭزىسىدىكى بىرەر كىم جاڭزامغا پاناھلىق تىلەپ كېلىپ قالسا، ئۇنى چوقۇم تۇتۇپ باغلاپ ھەرقايسىلىرىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا يوللايمەن، — دېدى خۇ چېڭ.

— ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ بۇنى ماڭا ئالتۇن ـ كۈمۈش سوۋغا قىلغاندىنمۇ ئەلا بىلىمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

خۇ چېڭ تەزىم بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ قايتتى.

ئەمدى سۇن لى لىلارغا كېلەيلى. سۇن لى ئۆزىنىڭ ئەلىمىنى «دېڭجۇ ئايمىقىنىڭ لەشكەرلەر باقاۋۇلى سۇن لى» دەپ ئۆزگەرتىپ، يارەنلىرى بىلەن جۇ جەمەتى جاڭزىسىنىڭ ئارقا دەرۋازىسى ئالدىغا باردى. جاڭزا تېمى ئۈستىدە تۇرغانلار دېڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئەلىمىنى تونۇپ ئىچكىرىگە خەۋەر قىلدى. لۈەن تىڭيۇ دېڭجۇ ئايمىقىنىڭ باقاۋۇلى سۇن لى كۆرۈشكىلى كېلىۋاتىدۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جۇ جەمەتىنىڭ ئۈچ باتۇرىغا:

— بۇ باقاۋۇل سۇن لى مېنىڭ بۇرادىرىم بولىدۇ، كىچىكىمىزدە ئىككىمىز بىر ئۇستازدىن تەلىم ئالغان. بۈگۈن ئۇ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىكىن؟ — دېدى ـ دە، يىگىرمە نەچچە ئوتاقچىنى باشلاپ جاڭزىنىڭ ئالدىغا چىقتى. سۇن لى ۋە ئۇنىڭ يارەنلىرى ئاتتىن چۈشۈپ سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن لۈەن تىڭيۇ سۇن لىدىن:

— ئىنىم، سىز دىڭجۇ ئايمىقىنى قوغداۋاتاتتىڭىزغۇ، قانداقسىغا بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— لياڭشەن كۆلىدىكى قاراقچىلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بەردى سۇن لى، — باش لەشكەر مەھكىمىسىدىن پەرمان چۈشۈپ، مېنى مۇشۇ يۇنجۇ ئايمىقىغا شەھەرنى قوغداشقا يۆتكىگەندى، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مېھرىبان بۇرادىرىم سىزنىڭ مۇشۇ جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدا ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ، ئاتايىتەن يوقلاپ ئۆتەي دەپ كەلدىم. ئەسلىدە ئالدى دەرۋازىدىن كىرمەكچىدۇق، بىراق جاڭزىنىڭ ئالدىدىكى كەنت ئېغىزىدا نۇرغۇن لەشكەرلەر تۇرغانلىقتىن، ئۇلار بىلەن توقۇنۇشۇپ يۈرۈشنى ئەپ كۆرمەي، سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ، چىغىر يوللار بىلەن جاڭزىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىنى تېپىپ ھۇزۇرىڭىزغا كەلدىم.

— يېقىندىن بۇيان، — دېدى لۈەن تىڭيۇ، — ئۇدا نەچچە كۈن لياڭشەن كۆلىنىڭ قاراقچىلىرى بىلەن ئېلىشتىم، ھازىر ئۇلارنىڭ بىرنەچچە ئاتامانىنى قولغا چۈشۈرۈپ، جاڭزىغا سولاپ قويدۇم. ئەمدى قاراقچىلارنىڭ بېشى بولغان سۇڭ جياڭنىلا تۇتساق، ھەممىسىنى يامۇلغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچىمىز. بەخت - تەلىيىمىزگە بۇ يەرنى قوغداشقا بۈگۈن سىز كەلدىڭىز، بۇ خۇددى گۈل ئۈستىگە گۈل چەككەندەك، قاغجىراپ كەتكەن بىنام مايسىلىرى ئۈستىگە شىپالىق يامغۇر ياغقاندەك ئىش بولدى.

— كەمىنىڭىز سىزگە بۇ خۇنپەرلەرنى تۇتۇشۇپ بېرىپ، ئەجىر كۆرسىتەي دېگەن نىيەتتە مەن، — دېدى سۇن لى كۈلۈپ تۇرۇپ.

لۈەن تىڭيۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ھەممەيلەننى جاڭزىغا باشلاپ كىرگەندىن كېيىن ئاسما كۆۋرۈكنى تارتتۇۋېتىپ، جاڭزا دەرۋازىسىنى تاقىدى. سۇن لى ۋە ئۇنىڭ يارەنلىرى ھارۋا، ئات - ئۇلاغلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن كىيىم - كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلەپ، ساراي ئالدىغا كەلدى. جۇ چاۋفېڭ ۋە

ئۇنىڭ جۇ لۇڭ، جۇ خۇ، جۇ بياۋ دېگەن ئۈچ باتۇر ئوغلىدىن تارتىپ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلارنىڭ ئالدىغا چىقتى.

لۇەن تىڭيۇ سۇن لىلارنى سارايغا باشلاپ كىرىپ جۇ چاۋفېڭ بىلەن كۆرۈشتۇردى، سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن جۇ چاۋفېڭغا:

— بۇ مېنىڭ ئىنىم سۇن لى بولىدۇ، لەقىمى قەھرلىك يۇچى، دېڭجۇ ئايمىقىنىڭ لەشكەرلەر باقاۋۇلى ئىدى. ھازىر باش لەشكىرىي مەھكىمىدىن ئۇنى مۇشۇ يۇنجۇ ئايمىقىنى قوغداشقا تەيىن قىلىپتۇ، — دېدى.

— مەن قېرى كىشىمۇ سىزنىڭ تەۋەيىڭىزگە ئۆتۈپتىمەن، — دېدى جۇ چاۋفېڭ.

— پېقىرنىڭ بۇ ۋەزىپىسىنى ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق! — دېدى سۇن لى، — بۇنىڭدىن كېيىن يەنىلا جۇ ھەزرىتىم سىزنىڭ يول كۆرسىتىپ يېتەكلىشىڭىزگە موھتاجمەن.

جۇ جەمەتىنىڭ ئۈچ باتۇرى بۇلارنى ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئۇدا نەچچە كۈن جەڭ قىلىپ كۆپ رىيازەت چەككەنسىزلەر، — دەپ سورىدى سۇن لى.

— شۇغىنىسى بىر – بىرىمىزنى يېڭەلمىدۇق. ھەرقايسىڭىزلارمۇ ئات ئۈستىدە يىراقتىن كۆپ جاپا چەكتىڭىزلەر، — دېدى جۇ لۇڭ جاۋاب بېرىپ.

سۇن لى گۇ يەڭگىگە: «لې يەڭگە ۋە تاغىلىرىنى ئارقا ھوجرىغا باشلاپ كىرىپ، ئۆيدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭ» دەپ تاپىلىدى، ئاندىن سۇن شىن، شېي جېن، شېي باۋ، لې خې، زوۋيۇەن ۋە زوۋرۇنلارنى چاقىرىپ ئولتۇرغانلار بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇردى:

— بۇ ئۈچەيلەن مېنىڭ قېرىنداشىم بولىدۇ، — دېدى سۇن شىن، شېي جېن ۋە شېي باۋنى كۆرسىتىپ ۋە يەنە لې خېنى

كۆرسىتىپ، — بۇياق بولسا يۇنجۇ ئايماق يامۇلى مېنىڭ ئالدىمغا چىقارغان دورغابەگ، — دېدى. — دە، زۇ يۇەن، زۇ رۇنلارنى كۆرسىتىپ، — بۇ ئىككىيلەن دېڭجۇ ئايماق يامۇلىدىن مېنى ئۇزىتىپ كەلگەن سىپاھبەگلەر، — دېدى. جۇ چاۋفېڭ ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى گەرچە ناھايىتى ئەقىللىك بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ باللىچاقىلىرى بىلەن كەلگەنلىكىنى ھەم نۇرغۇن يۇك - تاق ۋە ئات - ئۇلاغلىرى بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزلىرىنىڭ ئۇستازى لۇەن تىڭيۇنىڭ بۇرادىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە ھېچ شەك - شۇبھە كەلمىدى، ئۇلار شەرىپىگە ئات، كالا سويۇپ، مەي - شاراب ھازىرلاپ زىياپەت بەردى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى، ئۈچىنچى كۈنى جاڭزىنى ساقلاۋاتقان ئوتاقچىلار كىرىپ:

— سۇڭ جياڭ يەنە لەشكەر تارتىپ جاڭزا تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— بۇ ئوغرىنى ئاتلىق بېرىپ ئۆزۈم تۇتۇپ كېلەي، — دېدى جۇ بياۋ.

ئۇ شۇ ئان جاڭزا دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ئاسما كۆۋرۈكنى چۇشۇرگۈزدى - دە، يۈز نەچچە ئاتلىق ئوتاقچىنى باشلاپ ئۇر - چاپ بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بەش يۈز لەشكەرلىك بىر ھەيۋەتلىك قوشۇن سەپ تارتىپ چىقتى، قوشۇننىڭ ئالدىدا ئوقيانى ئېسىپ، نەيزىسىنى ئويناتقان پېتى ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاتامان كىچىك لىگۇاڭ خۇا رۇڭ ئىدى. جۇ بياۋ بۇنى كۆرۈپ ئېتىنى يورغىلىتىپ، نەيزىسىنى تەڭلەپ ئالغا ئېتىلدى. خۇا رۇڭمۇ جۇ بياۋ بىلەن ئېلىشقىلى ئات سېلىپ كەلدى. بۇ ئىككىيلەن دۇلۇڭ داۋىنى ئالدىدا ئالاھازەل ئون نەچچە مەرتىۋە ئېلىشىپ بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. خۇا رۇڭ پەنت ئىشلىتىپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قېچىپ، جۇ بياۋنى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا ئۈندىدى. جۇ بياۋ ئەمدىلا ئات سېلىپ قوغلاي دەپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى خۇا

روْڭنى بىلمىدىغانلار:

— سەردار، ئۇنى قوغلىمىسىلا، ئۇ يوشۇرۇن ھىيلە ئىشلىتىۋاتقان بولمىسۇن يەنە، ئۇ ناھايىتى ئۇستا ئوقياچى، — دېيىشتى.

جۇ بياۋ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ قوغلاشتىن يالتايدى ۋە ئادەملىرىنى باشلاپ جاگزىغا قايتىپ كەلدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاسما كۆۋرۈكنى تارتىۋېتىپ قارىسا، خۋا روڭمۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قايتىپ كېتىپتۇ. جۇ بياۋ ئۇدۇل ساراي ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئارقا ھوجرىغا مەي ئىچىشكە كىرىپ كەتتى. سۇن لى ئۇنىڭدىن:

— كەنجى سەردارىم بۈگۈن قايسى ئوغرىنى تۇتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ مۇتتەھەملەرنىڭ ئارىسىدا كىچىك لىگۇاڭ خۋا روڭ دەمدۇ نېمە؟ بىر مۇتتەھەم بار ئىكەن، ئۇ نەيزىنىڭ پىرى ئىكەن. ئەللىك نەچچە مەرتىۋە ئېلىشتۇق، ئۇ بىرنېمە قېچىپ كەتتى. مەن ئۇنى قوغلاي دېۋىدىم، ئوتاقچىلار بۇ مۇتتەھەمنى ئۇستا ئوقياچى دەپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن قوغلىمىدىم، شۇنداق قىلىپ، ئىككىلا تەرەپ ئوتاقچىلار جەڭدىن قايتۇرۇۋېلىندى، — دېدى جۇ بياۋ.

— ئەتىلىككە پېقىر ئۇلارنى تۇتۇپ كېلەي، — دېدى سۇن لى.

شۇ كۈنكى زىياپەتتە لي خې ناخشا ئېيتىپ ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلدى.

ئۇلار كەچقۇرۇن زىياپەتتىن تارقاپ، يەنە بىر كېچە ئارام ئېلىشتى، تۆتىنچى كۈنى پېشىن ۋاقتى بىلەن تۇيۇقسىزلا جاگزىنىڭ ئوتاقچىلىرى كىرىپ:

— سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى يەنە جاگزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

ھوجرىدىكى جۇ لۇڭ، جۇ خۇ، جۇ بياۋ ئۈچەيلەن جابدۇنۇپ

جاڭزا دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قارىسا، يىراقتىن دۇمباق چېلىپ، نەرە تارتىپ ئەلەم چۆرۈپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەر ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇلار ئاللىقاچان سەپ تارتىپ تەييار بولغانىكەن. بۇ تەرەپتە بولسا جۇ چاۋفېڭ جاڭزا دەرۋازىسى ئۈستىگە چىقىپ ئورۇن ئالدى، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە لۇەن تىڭيۇ، ئوڭ تەرىپىدە سۇن باقاۋۇل بىلەن جۇ جەمەتىنىڭ ئۈچ باتۇرى ھەم ئىككى تەرىپىدە سۇن لىننىڭ يارەنلىرى تۇرۇشتى. سۇڭ جياڭنىڭ سېپىدىكى قاپلانباش لىن چۇڭ بۇلارنى ۋارقىراپ تىللىدى، جۇ لۇڭ تېرىكىپ ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈرۈڭلار، دەپ ۋارقىرىدى ۋە نەيزىسىنى ئېلىپ ئاتلاندى ـ دە، بىر ـ ئىككى يۈز ئوتاقچىنى باشلاپ سۈرەن ـ چۇقانلار بىلەن لىن چۇڭنىڭ سېپىگە قاراپ تاشلاندى. جاڭزا دەرۋازىسى ئۈستىدىكىلەر گۈلدۈرلىتىپ ناغرا ـ دۇمباقلارنى چالدى، ئىككى ياندا تۇرغانلار ئوقيا ئېتىپ سەپنى توستى. لىن چۇڭ سەككىز گەزلىك ئۇزۇن يىلانباش نەيزىسىنى ئوينىتىپ كېلىپ جۇ لۇڭ بىلەن ئېلىشتى. ئۇدا ئوتتۇز نەچچە مەرتىۋە ئېلىشىپمۇ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. ئىككىلا تەرەپ جاڭلىرىنى چېلىپ، لەشكەرلىرىنى قايتۇردى. جۇ خۇ ناھايىتى غەزەپلىنىپ، قىلىچىنى كۆتۈرگەن پېتى ئاتلىنىپ سەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سۇڭ جياڭ بىلەن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم جېڭى قىلىمەن، دەپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا، سۇڭ جياڭنىڭ سېپىدىن بىر باتۇر ئېتىلىپ چىقتى، بۇ توسقۇنسىز مۇ خۇڭ بولۇپ، جۇ خۇغا قارشى ئاتلانغانىدى. ئىككىيلەن يەنە ئوتتۇز نەچچە مەرتىۋە ئېلىشىپ يەنە بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. جۇ بياۋمۇ بۇنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى، ئۇ نەيزىسىنى ئېلىپ، ئېتىغا سەكرەپ مىندى ـ دە، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ، سەپنىڭ ئالدىغا كەلدى. سۇڭ جياڭنىڭ سېپىدىن قەھرىلىك گۇەنسۇ ياڭ شيۇڭ ئاتلىق نەيزە كۆتۈرگەن پېتى ئۇچقاندەك چىقىپ جۇ بياۋ بىلەن ئېلىشتى.

سۇن لى ئىككى قوشۇننىڭ سەپ ئالدىدىكى ئېلىششىنى كۆرگەندىن كېيىن تاقەت قىلىپ تۇرالماي سۇن شىنغا:

— مىنىڭ تەبەر نەيزەمنى، قۇياق ـ دۇبۇلغامنى، يەكتەك پەشمەتىمنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۆزىنىڭ قاغا ئارغىماق دەپ ئاتىلىدىغان ئېتىنى يېتىلەپ كېلىپ ئېگەرلىدى، ئاتىنىڭ ئۈچ تال تۆشلۈكىنى چىڭىتىپ، قولىنىڭ بىغىشىغا بوغۇم ـ بوغۇم پولات تەبەرنى ئېلىپ، نەيزىنى تۇتقىنىچە ئاتلاندى. جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدىكىلەر جاڭلىرىنى چېلىشتى، سۇن لى سەپ ئالدىدا ماڭدى. سۇڭ جياڭنىڭ سېپىدىكى لىن چۇڭ، مۇ خۇڭ، ياڭ شيۇڭلارمۇ ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تۇتقىنىچە سەپ ئالدىدا تۇراتتى. سۇن لى ئېتىنى چېپىپ ئالدىغا چىقىپ، مەن بۇ مۇتتەھەملەرنى قانداق تۇتىمەنكى، سىلەر قاراپ تۇرۇڭلار، — دېدى ـ دە، ئېتىنى توختىتىپ:

— هوي قاراقچىلار، بىگىسىڭ بارلىرىڭ مەن بىلەن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم جېڭىگە چىقىپ باقامسىلەر قېنى، — دەپ ۋارقىرىدى.

سۇڭ جياڭ سېپىدىن قوڭغۇراقلار جاراڭلاپ، بىر باتۇر ئات چېپىپ چىقتى، كۆپچىلىك قارىسا، ئۇ سۇن لىغا قارشى ئاتلانغان پىداكار يىگىت شى شيۇ ئىكەن. ئىككى ئاتلىق گىرەلىشىپ نەيزىلەر تەڭلا ھەملە قىلىندى. ئىككىيلەن ئەللىك مەرتىۋە ئېلىشقاندىن كېيىن سۇن لى پەنت ئىشلىتىپ شى شيۇنىڭ نەيزىسىگە يول بېرىپ، ئۆزىنى غىپ قىلىپ بىر يانغا ئالغاندەك بولدى ـ دە، لىككىدە شى شيۇنى ئېگەردىن يۇلۇۋېلىپ ئۇدۇل جاڭزىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلاپ:

— قېنى كېلىڭلار، باغلاڭلار بۇنى، — دەپ ۋارقىرىدى.

جۇ جەمەتىنىڭ ئۈچ ئوغلى سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرىنى ساراسىمىگە سېلىپ قوغلاپ يۇرۇپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. ئۈچ ئوغۇل ئادەملىرىنى يىغىپ جاڭزىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن

سۇن لى بىلەن كۆرۈشتى، قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

— جەمئىي نەچچە ئوغرىنى تۇتتۇڭلار؟ — دەپ سورىدى سۇن لى.

— دەسلەپتە شى چيەن دېگەن بىرىنى تۇتتۇق، — دېدى جۇ چاۋفېڭ، — ئۇنىڭدىن كېيىن ياڭ لىن دېگەن سۇخەنچىنى تۇتتۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە خۇاڭ شىن دېگەننىمۇ تۇتۇۋالدۇق؛ خۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدىكى غۇنچە بوي قىز ۋاڭ پەتەك يولۋاس دېگەن بىرىنى تۇتتى؛ جەڭدە چىن مىڭ، دېڭ فېي دېگەنلىرى قولغا چۈشتى؛ بۇگۈن سەردارىم ئۆزىڭىز شى شيۇ دېگەن بۇ نېمىنى تۇتتىڭىز، بۇ دەل مېنىڭ سارىيىمغا ئوت قويۇۋەتكەن خۇنپەرىنىڭ ئۆزى شۇ. جەمئىي يەتتەيلەن قولغا چۈشتى.

— بۇلارنىڭ بىرەرىگىمۇ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويماڭلار، — دېدى سۇن لى، — تېزدىن يەتتە كۇشۇك ياساپ، ئۇلارنى سېلىپ تاماق بىلەن بېقىپ تۇرۇڭلار، قورسىقىنى ئاچ قويۇپ، زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويساق، يۈزىمىزگە سەت بولىدۇ. سۇڭ جياڭنى تۇتقان كۈنى ھەممىسىنى بىراقلا ئاستانىگە ئاپىرىپ بېرەيلى، بۇلارنى جۇ جەمەتىنىڭ ئۈچ باتۇرى تۇتقان دەپ جاھانغا ئۈچ باتۇرنىڭ داڭقىنى چىقىرىمىز.

— بەختىمىزگە يارىشا باقاۋۇل سىزنىڭ ھەمدەملىكىڭىزگە ئېرىشتۇق، — دېدى جۇ چاۋفېڭ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، — لياڭشەن كۆلى گۇم بولىدىغان بولدى.

جۇ چاۋفېڭ ئۇنى ئارقا ھۇجرىدىكى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. شى شيۇ كۇشۇككە سېلىندى. ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مەلۇمكى، شى شيۇنىڭ جەڭ ماھارىتى سۇن لىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى، بىراق ئۇ جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدىكىلەرنى گوللاش ئۈچۈن ئەتەي ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىپ، ئۇلارنى سۇن لىغا ئىشەندۈرمەكچى بولغانىدى. سۇن لى يەنە يوشۇرۇنچە زۇ يۈەن، زۇ رۈن، لې خېلارغا ئارقا ھۇجرىغا كىرىپ — چىقىش

يوللىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈۋېلىشنى تاپشۇردى. ياڭ لىن، دىڭ فېيلار زۇ يوەن ۋە زۇ رۇنلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. لى خې ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، ئادەم يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارغا ئاستا خەۋەر بېرىپ قويدى، گۇ يەڭگە بىلەن لى يەڭگە ئىچكىرىدە تۇرۇپ، ئۆي ۋە سەيناغا كىرىش - چىقىش يوللىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈۋالدى.

بەشىنچى كۈنىگىچە سۇن لىلار جاڭزىدا بىكار يۈرۈشتى، شۇ كۈنى ئاش ۋاقتى بىلەن ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن جاڭزىنىڭ بىر ئادىمى كىرىپ:

— ئەمدى سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى تۆت يولغا بۆلۈپ، جاڭزىمىزغا تەگكىلى كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— ئۇن يولغا بۆلۈپ كەلسىمۇ، نېمە قىلالايتتى؟ — دېدى سۇن لى، — ئادەملىرىڭگە ئېيت، ھودۇقمىسۇن، بالدۇرراق تەييارلىنىپ تۇرسۇن. ئىلمەك ئوقرۇق ۋە سالغا ھازىرلاڭلار، تىرىك تۇتىمىز. ئۆلتۈرۈپ قويساڭ تۇتقان ھېساب بولمايدۇ.

جاڭزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى جابدۇنۇشتى. جۇ چاۋفېڭ ئۆزى بىر توپ ئادەمنى باشلاپ دەرۋازا بېشىدىكى راۋاقتا چىقىپ قارىسا، دەل كۈنچىقىش تەرەپتىن بىر توپ لەشكەرلەر كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاتامان قاپلانباش لىن چۇڭ، ئارقىسىدا بولسا لى جۇن، رۇەن شياۋئېرلار ۋە بەش يۈزدىن ئارتۇق لەشكەر كېلىۋېتىپتۇ. دەل كۈنپېتىش تەرەپتىن يەنە بەش يۈزدەك لەشكەر كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاتامان كىچىك لى گۇاڭ خۇا رۇڭ، ئارقىسىدا جاڭ خېڭ، جان شۇنلەر كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار يەنە ئارقا دەرۋازا ئۈستىدىكى راۋاققا چىقىپ قارىدى، ئۇ تەرەپتىمۇ بەش يۈزدەك لەشكەر توسقۇنسىز مۇخۇڭ ئاتامان بىلەن قەھرىلىك گۇەنسۇ ياڭ شيۇڭ، قارا قۇيۇن لى كۇيلارنىڭ باشلامچىلىقىدا كېلىۋېتىپتۇ. تۆت ئەتراپنىڭ ھەممىسى لەشكەرلەر بىلەن تولدى، جەڭ دۇمباقلىرى گۈلدۈرلەپ، چۇقان - سۈرەن سادالىرى پەلەكنى بىر ئالدى. لۇەن

تىڭيۇ:
— بۇگۈن بۇ مۇتتەھەملەرگە ھەرگىز سەل قارىمايلى. مەن بىر بۆلەك ئادەمنى باشلاپ، ئارقا دەرۋازىدىن چىقىپ كۈنپېتىشنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى لەشكەرلەرنى قىراي، — دېدى.
— مەن ئالدى دەرۋازىدىن چىقىپ، كۈنچىقىش تەرەپتىكى لەشكەرلەرنى قىراي، — دېدى جۇ لۇڭ.
— مەنمۇ، — دېدى جۇ خۇ، — ئارقا دەرۋازىدىن چىقىپ، كۈنپېتىشنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى لەشكەرلەرنى قىراي.
— مەن ئالدى دەرۋازىدىن چىقىپ، ئەڭ مۇھىم قاراقچىلار بېشى بولغان سۇڭ جياڭنى تۇتاي، — دېدى جۇ بياۋ.
جۇ چاۋفېڭ ناھايىتى سۆيۈنۈپ كەتتى، ھەممەيلەنگە شاراب تۇتتى. ئۇلار ئاتلىنىپ ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىق ئوتاقچىنى باشلاپ جاڭزا دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى، قالغانلار جاڭزا دەرۋازىسىنىڭ راۋقىدا تۇرۇپ ھە - ھۇ دەپ بەردى. بۇ چاغدا زۇ يوەن، زۇ رۇنلار ئايپالتىلىرىنى قوينىغا تىقىپ جاڭزا دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىدە تۇرۇشتى. شىي جىن، شيې باۋلار قورال - ياراغلىرىنى ئىچىگە تىقىشىپ دەرۋازىدىن نېرى كەتمىدى. سۇن شىن، لې خېلار ئالدى دەرۋازىنى قوغداپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگۈلەپ يۈرۈشتى. گۇ يەڭگە· ئالدى بىلەن لې يەڭگىنى قوغداشقا ئادەم تەيىنلىگەندىن كېيىن بىرەر شەپە چىققان ھامانلا قول سالىمەن، دەپ قولىغا جۈپ خەنجىرىنى ئېلىپ ساراي ئالدىدا يۈردى.
ئەمدى جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا كېلەيلى. بۇ يەردە جەڭ دۇمبىقى ئۈچ قېتىم گۈمبۈرلەپ بىر پاي توپ ئېتىلىشى بىلەن تەڭ، ئالدى - ئارقا دەرۋازىلارنىڭ ھەممىسى ئېچىلىپ ئاسما كۆۋرۈكلەر چۈشۈرۈلدى - دە، ھەممەيلەن دۈكۈرلەپ چىقىپ ئۇر - چاپقا كىرىشتى.
جۇچاۋفېڭنىڭ ئادەملىرى دەرۋازىدىن چىقىپ تۆت تەرەپكە

بۆلۇنۇپ چاپ ـ چاپقا چۈشتى. ئارقىدىنلا سۇن لى ئون نەچچە ئادەمنى باشلاپ ئاسما كۆۋرۈككە چىقىۋالدى. دەرۋازىنىڭ ئىچىدە تۇرغان سۇن شىن ئەسلىدە ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئىلىپ كەلگەن ئەلىمنى چىقىرىپ، دەرۋازا بېشىدىكى راۋاقتا قاداپ قويدى. لى خې بولسا نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ناخشا ئېيتقىلى تۇردى. زۇ يۈەن، زۇ رۇنلار لې خېنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ بىرنەچچە قېتىم ئىسقىرتىپ قويۇپ، پالتىلىرىنى ئويناتقىنىچە، ياڭ لىن ۋە دىڭ فېي قاتارلىقلار سولانغان زىنداننى قوغداۋاتقان جاڭزا ئوتاقچىلىرىدىن ئون نەچچىسىنى چېپىۋەتكەندىن كېيىن زىندانغا كىرىپ كۇشۇكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ھېلىقى يەتتە ئەزىمەتنى قويۇۋەتتى، ئاندىن ئۇلارغا بىردىن ياراغ تېپىپ بېرىپ چۇقان ـ سۈرەنلەر سېلىشتى. گۇ يەڭگە ئىككى خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ھۇجرىغا ئېتىلىپ كىردى ـ دە، ئۇ يەردىكى خوتۇنلارنى ھەر خەنجەردە بىردىن ئۆلتۈرۈپ، ھەممىسىنى قىرىۋەتتى. جۇ چاۋفېڭ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، ئەمدىلا قۇدۇقتا ئۆزىنى ئاتاي دەپ تۇرۇشىغا، شى شيۇ ئۇنى بىر قىلىچ بىلەنلا يەر چىشلىتىپ، بېشىنى كېسىۋالدى. ھېلىقى ئون نەچچە باتۇر بۆلۈنۈپ جاڭزىدىكى ئوتاقچىلارنى قىرىشقا باشلىدى. ئارقا دەرۋازىدا تۇرغان شيې جېن، شيې باۋلار دۆۋىلەپ قويۇلغان ئوت ـ سامانلار دۆۋىسىگە ئوت قويۇۋەتتى، قاپقارا ئىس ـ تۈتەك پەلەكنى قاپلىدى.

جۇچاۋفېڭنىڭ تۆت يولغا بۆلۈنگەن ئادەملىرى جاڭزىغا ئوت كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەڭ ئالدىدا قايتىپ كەلدى. ئاسما كۆۋرۈكنى ساقلاپ تۇرغان سۇن لى:

— ھەي مۇتتەھەملەر، نەگە بارماقچىسىلەر؟ — دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، ئاسما كۆۋرۈكتە تۇرۇپ توستى.

جۇ خۇ بۇنىڭغا چاۋابمۇ بەرمەستىن، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ يەنە سۇڭ جياڭنىڭ سېپىگە قاراپ ئېتىلدى. ئۇ يەردە تۇرغان لۇ فاڭ، گو شېڭلار ئىككى يالمان بىلەن تەڭلا چېپىپ، ئۇنى جۇ

خۇنى ئېتى - پېتى بىلەن قوشۇپ موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى، لەشكەرلەر ئولىشىپ كېلىپ ئۇنى چاناپ قىيما - چىيما قىلدى. ئۇنىڭ تۇرشاۋۇل قوشۇنى شۇنىڭ بىلەن تىرىپىرەن بولدى. سۇن لى، سۇن شىنلار سۇڭ دانىشىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى جاڭزىغا باشلاپ كىردى.

ئەمدى كۈنچىقىش يولدىكى جۇ لۇڭ لىن چۇڭنى يېڭەلمىگەندىن كېيىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ جاڭزىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىغا كەلدى. ئۇ ئاسما كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىسا، ئارقا دەرۋازىدا تۇرغان شىي جېن، شىي باۋلار ئوتاقچىلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى بىر - بىرلەپ ئوتقا تاشلاۋېتىپتۇ، جۇ لۇڭ ئالمان - تالمان ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ يۇقىرى تەرەپكە قاچتى. ئۇ قېچىپ كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا قارا قۇيۇن لى كۇيغا دوقۇرۇشۇپ قالدى، لى كۇي شىددەت بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگىلا باستۇرۇپ كېلىپ، قوش ئايپالتىسىنى پىرقىرىتىپ ئاتنىڭ پۇتىنى چېپىۋەتتى. جۇ لۇڭ بىرنېمە قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي موللاق ئېتىپ چۈشتى، بۇ چاغدا لى كۇي گاچ قىلىپ پالتا بىلەن بىرنى چاپتى - دە، ئۇنىڭ كاللىسى تورۇككىدە يەرگە دومىلاپ چۈشتى. جۇ بياۋ جاڭزا ئوتاقچىلىرىنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جاڭزىسىغا قايتالماي، ئۇدۇل خۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىنى پاناھداپ كەلدى. بۇ چاغدا خۇ چېڭ ئوتاقچىلارغا ئۇنى تۇتقۇزۇپ باغلاتقۇزدى ۋە ئۇنى سۇڭ جياڭنىڭ ئالدىغا يالاپ ئاپارماقچى بولۇپ تۇرغاندا لى كۇيغا يولۇقۇپ قالدى. لى كۇي پالتا بىلەن بىرنى چاپتى - دە، جۇ بياۋنىڭ كاللىسى يەرگە دومىلاپ چۈشتى، بۇنى كۆرگەن ئوتاقچىلارنىڭ ھەممىسى تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى. لى كۇي پالتىسىنى پىرقىرىتىپ خۇ چېڭنى چېپىشقا قاراپ ماڭدى. خۇ چېڭ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ ئېتىنى قامچىلاپ ئالاقزادىلىك بىلەن قاچتى ۋە ئۆيىدىنمۇ كېچىپ، جان قايغۇسى بىلەن يەنئەن دىيارىغا پاناھداپ باردى.

كېيىن شۇ يەردە سىپاھبەگ بولدى.

ئەمدى لى كۇيغا كەلسەك، ئۇ ئۇدۇل كەلگەننى قىرىپ چېپىپ، خۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، خۇ غوجىنىڭ ئۆيىدىكى چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياشنىڭ بىرىنى قويماي قىرىۋەتتى، ئاندىن چاپارمەنلەرنى ئۇ يەردە بار ئات ـ ئۇلاغنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ، ھەممە مال ـ مۈلۈكنى قىرىق ـ ئەللىك ئاتقا يۈكلەپ ئېلىپ مېڭىشقا بۇيرۇدى ۋە جاڭزىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى سۇنۇش ئۈچۈن ئارقىغا قايتتى.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كېلەيلى. ئۇ جۇ جەمەتى جاڭزىسىنىڭ تۆرىدىكى سارايغا كىرىپ ئولتۇرغاندا، ئاتامانلارنىڭ ھەممىسى سۇڭ جياڭغا ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى تۇتتى. تۆت ـ بەش يۈز ئادەم تۇتۇۋېلىنغان، بەش يۈزدىن ئارتۇق ياراملىق ئات قولغا چۈشكەنىدى. غەنىيمەت ئېلىنغان قوي، كالىنىڭ سان ـ سانىقى يوق ئىدى. سۇڭ جياڭ بۇلارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ:

— ئىسىت، — لۈەن تىڭيۇ دېگەن پالۋاننى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپسىلەر ـ دە، — دەپ ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغاندا، بىرەيلەن كىرىپ:

— قارا قۇيۇن لى كۇي خۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىپ، خۇ غوجىنىڭ كاللىسىنى ھۇزۇرلىرىغا ئېلىپ كەپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

— ئوزاكۇن خۇ چېڭ ئۆزى كېلىپ ئەل بولغان تۇرسا، بۇ ئادەمنى ئۇنىڭغا كىم ئۆلتۈرسۇن دەپتۇ؟ ئۇنىڭ جاڭزىسىنى نېمىشقا كۆيدۈرىدىكەن؟ — دېدى سۇڭ جياڭ.

شۇ ئەسنادا پۈتۈن بەدىنى قان بىلەن بويالغان قارا قۇيۇن بېلىگە ئىككى دانە ئايپالتىنى قىستۇرغان پېتى ئۇدۇل سۇڭ جياڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپ:

— جۇ لۇڭنى پېقىر ئۆلتۈردۈم، جۇ بياۋنىمۇ چېپىۋەتتىم.

خۇ چېچەك دېگەن مۇتتەھەم قېچىپ كەتتى، خۇ غۇجىنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى پاك - پاكىز قىرىۋەتتىم، ئەمدى بۇ ئەجىر - تۆھپەمنى مەلۇم قىلىشقا ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم، — دېدى.

— جۇ لۇڭنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭنىغۇ كۆرگەن ئادەم بار، — دەپ ۋارقىرىدى سۇڭ جياڭ، — قالغانلارنى قانداقچە سەن ئۆلتۈرگەن بولىسەن؟

— مەن، — دېدى قارا قۇيۇن، — ئالدىمغا ئۇچرىغاننى چېپىپ خۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىغا قاراپ كېتىۋاتاتتىم، جۇ بياۋنى يالاپ ئېلىپ كېلىۋاتقان غۇنچە بوي قىزنىڭ ئاكىسىغا دوقۇرۇشۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن جۇ بياۋنى پالتا بىلەن چېپىۋەتتىم، ھەتتەڭگەي، خۇ چېچەك دېگەن ھېلىقى ھارامزادە قېچىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ جاڭزىسىدىكىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىرىۋەتتىم.

— ھۇ بەڭباش، — دەپ ۋارقىرىدى سۇڭ جياڭ، — كىم سېنى ئۇ يەرگە بارغىن دېدى؟ تۈنۈگۈن خۇ چېچەكنىڭ كالا ۋە مەي ئېلىپ بىزگە ئەل بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلەتتىڭغۇ؟ نېمىشقا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىماي ئۆزۈڭچە ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، مېنىڭ ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلىسەن؟

— سىلى، — دېدى لى كۇي جاۋاب بېرىپ، — ئۇ مۇتتەھەمنىڭ ئۆزاكۇن ھېلىقى دەججال دەللىگە سىلىنى ئۆلتۈر دەپ قوغلاتقۇزۇپ يۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىرى بىلەن مەن ئۇنتۇپ قالمىدىم. بۈگۈن ئەجەب ئادىمەتچىلىك قىلغىلىرى كېلىپ كېتىپتىغۇ؟ قېيىنئاكام، قېيىنئاتام دەپ كېتىدىغانغا يا ئۇنىڭ سىڭلىسىنى ئالمىسىلا.

— ھۇ تۆمۈر كالا، پوق يېمە! مەن ئۇنى قانداقسىغا ئالىدىكەنمەن؟ ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ؟ ئۇنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن. قېنى ئېيتچۇ، سەن قارىۋاي زادى نەچچىنى تىرىك تۇتتۇڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ چاتىقى، تىرىكىنى كۆرسەملا

چېپىۋەردىم، — دەپ جاۋاب بەردى لى كۇي.

— سەن مۇتتەھەم، — دېدى سۇڭ جياڭ، — مېنىڭ لەشكىرىي بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن كاللاڭنى ئېلىش لازىم ئىدى، جۇ لۇڭ، جۇ بياۋلارنى ئۆلتۈرگەن ئەجرىڭ ئۈچۈن گۇناھىڭدىن ئۆتتۇم، بۇنىڭدىن كېيىن بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىدىغان بولساڭ، زادى كەچۈرمەيمەن.

— كۆرسەتكەن ئەجرىم كۆرۈنمىگەن بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ تازا خۇماردىن چىقىۋالدىم، — دەپ كۇلدى قارا قۇيۇن.

شۇ ئەسنادا، ۋۇ يۇڭ خەلپەت يارەنلىرىنى باشلاپ جاڭزىغا كېلىپ، سۇڭ جياڭغا قەدەھ تۇتۇپ ئۇنى مۇبارەكلىدى. سۇڭ جياڭ ۋۇ يۇڭ بىلەن بۇ جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسى تۇرۇشلۇق كەنتنى قانغا بوياش توغرىسىدا كېڭەشتى. شى شيۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جۇڭ لى بوۋاي مېھرىبان، دىيانەتلىك ئادەم، ئۇنىڭ بىزگە يول كۆرسەتكەن ئەجرى بار، بىزنى قۇتقۇزۇش يولىدا ساداقەتلىك بىلدۈردى، بۇ كەنتتە ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى نىيەتلىك ئاق كۆڭۈل پۇقرالارمۇ بار، بۇنداق ئوبدان ئادەملەرگە ئازار بېرىپ، زىيان - زەخمەت يەتكۈزسەك ياخشى بولماسمىكىن، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ، شى شيۇغا شۇ بوۋاينى تېپىپ كېلىشنى تاپشۇردى. شى شيۇ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بوۋاينى جاڭزىغا باشلاپ كېلىپ، سۇڭ جياڭ ۋە ۋۇ يۇڭ خەلپەت بىلەن كۆرۈشتۈردى. سۇڭ جياڭ بىر بوغچا ئالتۇن ۋە تاۋار - دۇردۇن ئاچىقتۇرۇپ، بوۋاينى تارتۇقلىغاندىن كېيىن ئۇنى ئەبەدىلئەبەد سادىق پۇقرا بولۇشقا دەۋەت قىلىپ:

— بوۋا، ئەگەر سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭىزنىڭ يۈز - خاتىرىنى دېمىسەم، بۇ كەنتىڭىزلەرنى بىر ئۆيلۈكمۇ ئادەم قالدۇرماستىن قانغا بويايتتىم. سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭىز تۈپەيلىدىن بۇ كەنتنىڭ خەلقىنى كەچۈردۈم، — دېدى.

جۇڭ لى بوۋاي ھە دەپ تىز چۆكۈپ تەزىم قىلاتتى. سۇڭ جياڭ يەنە:

— مەن ئۇدا بىرنەچچە كۇنگىچە بۇ يەردە سىلەر پۇقرالارنى ئاۋارە قىلدىم، بۇگۇن جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىنى جەڭ بىلەن ئېلىپ، كەنتىڭلار ئۇچۇن بالايىئاپەتنى يوقىتىپ بەردىم، شۇڭلاشقا ھەربىر ئۆيلۇك بىزگە دىل خۇشلۇقۇڭلارنى بىلدۇرۇپ، بىر تاغاردىن گۇرۇچ تۇتۇڭلار، — دېدى.

بۇنى بىرىنچى بولۇپ جۇڭ لى بوۋاي باشلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدىكى ئارتۇقچە ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى ھارۋىلارغا قاچىلىدى؛ ئالتۇن - كۇمۇش، ۋەج - دۇنيانى ئۇچ قوشۇندىكى لەشكەرلەرگە تارتۇق قىلدى؛ قالدى - قاتتىق قوي، كالا، ئات - ئۇلاغ قاتارلىق نەرسىلەرنى تاغدا ئىشلىتىش ئۇچۇن ئېلىپ ماڭدى. جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىنى جەڭ بىلەن ئېلىپ، ئەللىك تۇمەن تاغار ئاشلىققا ئىگە بولغان سۇڭ جياڭنىڭ كۆڭلى بەكمۇ ياياراپ كەتتى، چوڭ - كىچىك ئاتامانلار، يېغىدىن قوشۇلغان سۇن لى، سۇن شىن، شيې جېن، شيې باۋ، زۇ يۇەن، زۇ رۇن، لې خې، گۇ يەڭگە ھەم قۇتقۇزۇۋېلىنغان يەتتە پالۋان جابدۇنۇپ يولغا چىقىشتى. سۇن لىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مال - دۇنيالىرىنى ئاتلىرىغا غانجۇغىلاپ، لې يەڭگىلەر بىلەن بىللە چوڭ قوشۇنغا ئەگىشىپ تاغقا قاراپ ماڭدى. بۇ كەنتتىكى پۇقرالار قېرىلىرىنى يۆلىشىپ، بالىلىرىنى يېتىلىشىپ، خۇشبۇي كۇجە - ئىسرىقلار يېقىپ، يول بويى رەھمەت، تەشەككۇرلەر ئېيتىپ ئۇزىتىشتى. سۇڭ جياڭ ۋە پالۋانلار دۇكۇرەپ ئاتلاندى، ئاندىن لەشكەرلەرنى ئۇچ بۆلەككە بۆلۇشتى، تۇرشاۋۇل قوشۇن قامچىلىرىنى تارسىلدىتىپ، ئۆزەڭگىلىرىنى جاراڭلىتىپ يولغا راۋان بولدى، ئارقىدىكى ھىماتچى قوشۇن زەپەر ناخشىلىرىنى شۇنداق ياڭراتتىكى، ھايھات:

قاراقچى دېگەن قاراقچى ھامان،
لياڭشەندىكىلەر ئۆزگىچە بىراق.

زور بىلەن زورنى پەرق قىلماق ئاسان،
لياڭشەندىكىلەر راستىن زور شۇنداق.
بۇلاڭ ۋە تالاڭ قىلدى ئۇلارمۇ،
زالىملارنى بولغاچ يوقاتماق.
زالىملار زۇلمى خەقنى قاقشاتقاچ،
دېھقانلار بولدى مەردلەرگە ئامراق.
باتۇرلار مېھىر - شەپقەت كۆرسىتىپ،
ئوغرى شى چيەننى بولدى قۇتقۇزماق؛
ئۇ «ئۇچار يولۋاس»، «ئاسمان بۈركۈتى»،
دۇلۇڭ داۋاندا قالدى يەككە - تاق.
«لياڭشەن كۆلىنى تىندۇرماق» سۆزى،
ئەكبىلىپ بەردى ئاشلىق، مال بۇ چاغ؛
«لياڭشەننى تالقان» قىلىش نەدىكى،
قوشۇلدى كۆپلەپ ئادەم، ئات - ئۇلاغ.

ئەمدى گېپىمىزنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ، ئاسمان بۈركۈتى لى يىڭغا كېلەيلى. ئاسمان بۈركۈتى لى ياڭ بۇ كۈنلەردە ئىشىكىنى چىڭ تاقاپ جاڭزىدىن چىقماي يېتىپ، ئۆز يارىسىنى ساقايتىش بىلەن بەند بولسىمۇ، لېكىن ھەمىشە خۇپىيانە ئادەم ئەۋەتىپ، جۇ جەمەتى جاڭزىسىنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇشۇپ تۇردى، ئۇ جاڭزىنى سۇڭ جياڭ ئېلىۋالغانلىقىنى ئۇقۇپ ھەم چۆچۈدى، ھەم خۇشال بولدى. شۇ ئەسنادا ئوتاقچىلار كىرىپ، مۇشۇ ئايماق ئامبىلىنىڭ قىرىق - ئەللىك چېرىكنى ئەگەشتۈرۈپ، جۇ جەمەتى جاڭزىسىنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرگىلى كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. لى ياڭ شاپاشلاپ كەتتى، ئۇ دۇ شىڭغا جاڭزىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىشنى، ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈرۈپ ئۇلارنى جاڭزىغا ئېلىپ كىرىشنى تاپشۇردى. ئۆزى بولسا ئاق دۇردۇن ياغلىق بىلەن قولىنى تېڭىپ بوينىغا ئاسقان ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئالدى سارايغا باشلىدى. ئايماق ئامبىلى ئاتتىن

چۇشۇپ، سارايغا كىرىپ، تۆردىن ئورۇن ئالدى، ئۇنىڭ يان تەرىپىدە پەتىۋاچى، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە مىرزا، ياپىلار ۋە بىرنەچچە پايلاقچىلار ئولتۇردى، تاپىسىدا بولسا زىندانبېگى، گۇندىپايلار تۇرۇشتى. لى ياڭ تەزىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا قۇللۇق قىلىپ تۇردى. ئامبال:

— جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدىكى قىرغىنچىلىق قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى لى يىڭدىن.

— كەمىنىلىرىنىڭ چەپ قولۇمغا جۇ بياۋنىڭ ئوقى تېگىپ يارىدار بولۇپ ئىشىك سىرتىغا چىقالمىدىم، شۇڭا زادى قانداق بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى لى ياڭ.

— پوق يەپسەن، — دېدى ئامبال، — سېنىڭ لياڭشەن كۆلىدىكى قاراقچىلار بىلەن بىر تىللىق بولۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ جاڭزىنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىڭ، ئۇزاكۇن يەنە ئۇلارنىڭ ئات، قوي، كالا، مەي ـ شاراب، تاۋار ـ دۇردۇن، ئالتۇن ـ كۇمۇش سوۋغاتلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىڭ ھەققىدە جۇ جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدىن ئەرز چۈشتى. سەن بۇنىڭدىن قانداق تېنىۋالالايسەن؟

— پېقىر قانۇن ـ پەرماندىن خەۋىرىم بار ئادەم تۇرسام، ئۇلارنىڭ سوۋغىتىنى قانداقسىغا قوبۇل قىلاي؟ — دېدى لى ياڭ.

— سېنىڭ گېپىڭگە ئىشىنىش تەس، سېنى يامۇلغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن يۈزلەشتۈرۈپ ئەھۋالنى ئېنىقلايمەن، — دېدى ئامبال. ئاندىن گۇندىپايلارغا جۇ جەمەتى بىلەن زوكونلىشىش ئۈچۈن ئۇنى تۇتۇپ، ئايماق يامۇلىغا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ئىككى تەرەپتە تۇرغان مىرزا، ياپىلار ۋە پايلاقچىلار لى ياڭنى باغلىدى. كۆپچىلىك ئولىشىپ كېلىپ ئامبالنى يۆلەپ ئاتقا چىقاردى. ئامبال يەنە:

— غوجىدار دۇ شىڭ دېگەن قايسىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر بولىمەن، — دېدى دۇ شىڭ.



www.uyghurkitap.com

— ئەرزدە سىنىڭ ئىتىڭمۇ بار، بۇنىڭغىمۇ تاقاق سېلىپ بىللە ئېلىپ بېرىڭلار، — دېدى ئامبال.

ھەممەيلەن جاڭزىدىن چىقىشتى. ئۇلار لى يىڭ، دۇ شىڭلارنى ئېلىپ لى جەمەتىنىڭ جاڭزىسىدىن چىققاندىن كېيىن زادىلا توختىماستىن ماڭدى. ئۇلار ئوتتۇز نەچچە چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن ئورمانلىقتىن سۇڭ جياڭ، لىن چۇڭ، خۇا رۇڭ، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇ قاتارلىق بىر توپ كىشى چىقىپ يولنى توستى. لىن چۇڭ:

— قېنى كېلىشە، بىز لياڭشەن كۆلىنىڭ باتۇرلىرى مانا بۇ يەردە! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئامبال ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا پېتىنالماي، لى يىڭ، دۇ شىڭلارنى تاشلاپ، جېنىنى پاناھداپ قاچتى. سۇڭ جياڭ ئادەملىرىگە ئۇلارنى قوغلاشقا بۇيرۇدى، ئۇلار خېلى بىر يەرگىچە قوغلاپ بارغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ:

— ئەگەر قوغلاپ يېتىشۋالغان بولساق، ھېلىقى ئامبال دېگەن دەيۈزنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتۇق، نەگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدۇق، — دېدى.

سۇڭ جياڭ ئادەملىرىگە لى يىڭ، دۇ شىڭلارنىڭ ئارغامچىلىرىنى يېشىپ، ئۇلارنىڭ تاقاقلىرىنى ئېچىشتى، ئىككى ئات كەلتۈرۈپ بۇ ئىككىيلەننى مىندۈرۈشنى بۇيرۇدى.

— قېنى بېگىم، لياڭشەن كۆلىگە چىقىپ ئۆزلىرىنى بىر مەھەل يانغا ئالسىلا قانداق؟ — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ياق بولمايدۇ. ئامبالنى سىلەر ئۆلتۈرمەكچى بولغان تۇرساڭلار، ماڭا نېمە گەپ كېلەتتى؟ — دېدى لى يىڭ.

— دەۋادا بۇنداق دەپ ئۆزلىرىنى قانداق ئاقلىيالايلا، — دېدى سۇڭ جياڭ كۈلۈپ، — بىز كەتكەندىن كېيىن چوقۇم بىزنىڭ بالايىمىزغا قالىلا، ئۆزلىرى تاغقا چىقىپ غەلىيانچى بولۇشقا ئۇنىمىسىلا، تاغ تۇرايىمىزدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، تىڭتىڭلاپ باقسىلا، ھېچ گەپ ـ سۆز بولمىسا ئاندىن چۈشۈپ كەتسىلىمۇ

كېچىكمەيلا، ــــ دېدى.

لى يىڭ، دۇ شىڭلارنىڭ رايىغا قارىماي، لەشكەرلەر ئۇلارنى ئارىسىغا ئېلىپ ماڭغان تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ قايتىپ كېلەلىسۇن؟ ئۇچ قوشۇن ئەگرى ـ بۈگرى يوللارنى بېسىپ لياڭشەن كۆلىگە قايتىپ كەلدى. تۇرادىكى چاۋ گەي قاتارلىق ئاتامانلار ناغرا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇنايلارنى چېلىشىپ تاغدىن كۇتۇۋېلىشقا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشتى ۋە ئۇلارغا هاردۇق شارابى تۇتقاندىن كېيىن چوڭ تۇرادىكى مەردلەر سارىيىغا باشلاپ كىردى. هەممەيلەن قاناتسىمان ئولتۇرۇشتى، ئاندىن لى يىڭنى ئاتامانلار بىلەن كۆرۈشتۇردى. ئۇلار سالام ـ سەهەت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن لى يىڭ سۆز جياڭغا:

ــــ پېقىر ئىككىيلەن ئۆزلىرىنى تۇراغا يەتكۈزۈپ قويدۇق، هەرقايسى ئاتامانلار بىلەنمۇ دىدار كۆرۈشتۇق، بۇ يەردە بىر ئاز تۇرسامىمغۇ كارايىتى چاغلىق ئىدى، بىراق ئۆيۈمدىكى خوتۇن ـ بالىلىرىمنىڭ ئەهۋالى قانداق بولۇپ كەتكەنلىكى ماڭا نامەلۇم، پېقىرنىڭ ئۆيگە قايتىشىمغا ئىجازەت بېرىشلىرىنى سورايمەن، ــــ دەپ ئىلتىجا قىلدى.

ــــ بېگىم، يېڭىلىشىۋاتىدىلا! ــــ دېدى ۋۇ يۇڭ خەلىپەت كۈلۈپ، ــــ ئەزىز خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئاللىقاچان تاغ تۇرامىزغا ئەكېلىپ بولدۇق، سىلىنىڭ جاڭزىلىرىمۇ ئوت قويۇلۇپ قاقاسلىققا ئايلىنىپ بولدى. بېگىم، ئۆزلىرى نەگە قايتىدىلا ئەمدى.

لى يىڭ بۇنىڭغا ئىشەنمەي تۇرغان چاغدا، هارۋا، ئات ـ ئۇلاغلار توپ ـ توپ بولۇپ تاغقا چىقىشقا باشلىدى. لى يىڭ قارىسا بۇ ئۆزىنىڭ جاڭزىسىدىكى ئوتاقچىلار ۋە ئۆزىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى ئىكەن. لى يىڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ خوتۇنىدىن ئەهۋالنى سۈرۈشتە قىلدى. ئۇ:

ــــ سىلىنى ئامبال تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن ئارقىلىرىدىنلا يەنە ئىككى پاشىپ تۆت نەپەر يۈزبېشىنى باشلاپ، ئۇچ يۈزچە



www.uyghurkitap.com

چىرىكنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ئۆيىمىزنى ئاختۇردى، ۋە بىزگە تەگمەي هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆيدىكى چىغ ساندۇقىمىزنى، قوي، كالا، ئات ـ ئۇلاغلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېلىپ، جاڭزىغا ئوت قويۇۋەتتى، ـــ دېدى.

لى يىڭ بۇلارنى ئاڭلاپ داد ـ پەرياد چەكتى. چاۋ گەي، سۇڭ جياڭلار تاپسىغا چۆشۈپ ئۆز گۇناھلىرىنى تىلەپ:

ـــ بىز جانابلىرىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئاڭلاپ كېلىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، مانا شۇنداق پەنت ئىشلەتكەنمىز، جانابلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىمىز، ـــ دېيىشتى.

لى يىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نائىلاج ئۇلارنىڭ رايىچە ئىش قىلىشقا كۆندى. سۇڭ جياڭ:

ـــ بالىچاقىلىرى بىلەن ئارقا سارايىنىڭ يان ھۇجرىسىغا كىرىپ ئارام ئالسىلا، ـــ دېدى.

لى يىڭ سارايىنىڭ ئالدى ۋە ئارقىدىكى ئاشۇ نۇرغۇن ئۆيلەردە شۇ يەردىكى ئاتامانلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى ئولتۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ كۆچەسىگە:

ـــ ئەمدى ئۇلارنىڭ رايىغا باقماي نېمە ئىلاج، ـــ دېدى.

سۇڭ جياڭ ئۇلارنى ساراي ئىچىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلاشتى، ھەممەيلەن ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. سۇڭ جياڭ چاقچاق قىلىپ:

ـــ بېگىم، مەن سىلىنى ئىككى پاشىشاپ ۋە ھېلىقى ئامبال بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قوياي، ـــ دېدى.

ھېلىقى ئامبالچە ياسىنىۋالغان شياۋ راڭ، پاششاپچە ياسىنىۋالغان ئىككىيلەن دەي زۇڭ، ياڭ لىن، پەتىۋاچى بولۇپ ياسىنىۋالغىنى پېي شۇەن، پايلاقچى بولۇپ ياسىنىۋالغىنى جىن داجيەن، خۇ جيەنلەر ئىكەن. ئۇ يەنە ھېلىقى تۆت نەپەر يۈزبېشىنىمۇ چاقىردى. ئۇلار لى جۈن، جاڭ شۇن، ما لىن، بەي شېڭلار ئىكەن. لى يىڭ بۇلارنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە

زۇۋان سۈرەلمەي قېتىپلا قالدى. سۇڭ جياڭ كىچىك سەردارلارنى دەرھال ئات، كالا سويۇپ، لى يىڭنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ۋە يېڭىدىن تاغقا چىققان لى يىڭ، سۇن لى، سۇن شىن، شيې جېن، شيې باۋ، زۇ يۈەن، زۇ رۇن، دۇ شىڭ، لې خې، شى چيەن، خۇ سەننياڭ، گۇ يەڭگە قاتارلىق ئون ئىككى ئاتاماننى مۇبارەكلەشكە بۇيرۇدى، ئايال ئاتامان خۇ سەننياڭ، گۇ يەڭگىلەر لې يەڭگە، لى يىڭنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن يەنە بىر سورۇن تۈزۈپ ئارقىدىكى ھۇجرىدا مەي ـ شارابلارنى ئىچىپ، ئولتۇرۇشتى. ئۈچ قوشۇندىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەنگە ئىنئاملار بېرىلدى. تۆردىكى سارايدا نەغمە ـ ناۋالار ياڭرىدى، پالۋانلار كەچكىچە مەي ـ شارابلارنى ئىچىپ، ئاندىن تارقىلىشتى. يېڭى ئاتامانلار يېڭى ھۇجرىلىرىغا جايلاشتۇرۇلدى.

ئەتىسى يەنە داستىخان ھازىرلىنىپ، ئاتامانلار چاقىرىپ كېلىندى. داستىخان ئۈستىدە سۇڭ جياڭ ۋاڭ پەتەك يولۋاسقا قاراپ:

— چىڭفېڭ تېغىدا تۇرغان ۋاقتىمىزدىلا سىزگە مەن ئۆيلەپ قويىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم، بۇ ۋەدەمنى كۆڭلۈمدە ساقلاپ كەلدىم ـ يۇ، ئادا قىلالمىدىم. ھازىر دادامنىڭ ھۇزۇرىدا بىر قىز بار، شۇنى ئېلىپ بېرەيلى، كۈيئوغۇل بولۇپ قېلىڭ، — دېدى ۋە ئۆزى بېرىپ سۇڭ غوجىنى چاقىردى، سۇڭ غوجا غۇنچە بوي قىز خۇ سەننياڭنى باشلاپ داستىخان ئالدىدا ھازىر بولدى. سۇڭ جياڭ گەپنى ئۆزى باشلاپ:

— مېنىڭ بۇ ۋاڭ يىڭ ئىنىمنىڭ جەڭ ماھارىتىدىن خېلى خەۋىرى بولسىمۇ، لېكىن سىڭلىم سىزگە يېتەلمەيدۇ، مەن خېلى بۇرۇنلا ئۇنىڭغا سىزنى ئۆيلەپ قويىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم، بىراق ئۇنى تا مۇشۇ كۈنگىچە ئادا قىلالمىدىم. ھازىر سىڭلىم سىز مېنىڭ ئاتامغا قول بېرىپ ئاتا تۇتتىڭىز، ئاتامانلارنىڭ ھەممىسى ئەلچى بولسۇن، بۈگۈن خەيرلىك بىر كۈن ئىكەن، مانا مۇشۇ ياخشى كۈن، ياخشى سائەتتە ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ



www.uyghurkitap.com

قويايلى، — دېدى.

غۇنچە بوي قىز سۇڭ جياڭنىڭ بۇ ئاجايىپ مەردلىك، ئادەمگەرچىلىك پەزىلىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمىدى، ئىككىيلەن هە دەپ تەزىم قىلىپ رەهمەت ئېيتتى. چاۋ گەي ۋە خالايىق ناهايىتى خۇشال بولۇشۇپ، سۇڭ دانىشنى دەرهەقىقەت پەزىلەتلىك، دىيانەتلىك ئادەم ئىكەن دەپ ماختاشتى. شۇ كۈنى توي شەرىپىگە هەممەيلەن مەي ـ شارابلارنى ئىچىشىپ، مەرىكە ئۆتكۈزدى. ئۇلار دەل داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرغاندا، تاغ ئېتىكىدىكىلەردىن بىرەيلەن كىرىپ:

— ئاتامان جۇ گۈينىڭ مەيخانىسىدا يۈنچېڭلىق بىر كىشى ئاتامانلار بىلەن كۆرۈشمەن دەپ ئولتۇرىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

— ئەگەر ئاشۇ شەپقەتچى توپقا قوشۇلۇش ئۈچۈن تاغقا چىقىدىغان بولسا، پۈتۈن ئۆمرىمىزدە مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يەتكەندەك بولاتتۇق، — دېيىشتى چاۋ گەي بىلەن سۇڭ جياڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ. بۇ دەل «ۋاپا بىلەن جاپانى ئايرىمىسا خار بولغاي، ئاق ـ قارىنى ئايرىغانغا ئەر دېگەن نام يار بولغاي» دېگەندەك ئىش ئىدى. يۈنچېڭ شەھىرىدىن كەلگەن بۇ كىشىنىڭ زادى كىملىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئەللىك بىرىنچى باب

## قاناتلىق يولۋاسنىڭ بەي شيۈيگىنى تاقاق بىلەن ئۇرغانلىقى كۆركە ساقالنىڭ بەگزادىنى يوقىتىپ قويغانلىقى

ئەلقىسسە، سۇڭ جياڭ غۇنچە بوي قىز بىلەن ۋاڭ يىڭلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويماقچى بولدى، خالايىق سۇڭ دانىشىنىڭ مېھرىبانلىقىغا ۋە ئەخلاق - پەزىلىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. شۇ كۈنى يەنە بەزمە - زىياپەت راسلىنىپ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇلار داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرغان چاغدا جۇ گۈينىڭ مەيخانىسىدىن بىر خىزمەتكار كېلىپ:

— دەرەخزارلىقتىكى چوڭ يولدىن بىر توپ كارۋان ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، چاپارمەنلەر تۇسۇۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈنچېڭ ناھىيەسىنىڭ يۈزبېشى لېي خېڭ دېگەن بىرسى بار ئىكەن، ئاتامانىمىز جۇ گۈي ئۇنى چىللاپ تۇتۇپ قالدى، ھازىر مەيخانىمىزدا يوسۇن شارابى، غىزا - تائاملار بىلەن مېھمان بولۇۋاتىدۇ، مېنى ئۆزلىرىگە خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان چاۋ گەي بىلەن سۇڭ جياڭ بەك خۇشال بولدى، ئۇلار دەرھال مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ بىللە تاغدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشتى. جۇ گۈي ئۇنى قېيىق بىلەن جىنشاتەن قىرغىقىغا ئېلىپ كەلدى. سۇڭ جياڭ لېي خېڭنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال تەزىم قىلىپ:

— دىدار كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزۇن بوپتۇ، سىلىنى كۆپ سېغىندىم. بۈگۈن نېمە ۋەجىدىن بۇ ئەرزىمەس ماكانىمىزدىن ئۆتۈپ قالدىلىكىن؟ — دېدى.

— كەمسىنلىرى، — دېدى لېي خېڭمۇ شۇ ھامان جاۋابەن تەزىم قىلىپ، — يامۇلنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن دۆڭچىڭ دىيارىغا پادىشاھلىق ئىشى بىلەن بېرىپ، قايتىپ كېلىۋاتاتتىم، يول ئېغىزىغا كەلگەندە چاپارمەنلەر توسۇۋېلىپ يول ھەققى تەلەپ قىلدى، ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي تۇتۇپ قالدى.

— بۇ ھەم تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى، — دېدى سۇڭ جياڭ ۋە ئۇنى چوڭ تۇراغا باشلاپ بېرىپ، ئاتامانلار بىلەن كۆرۈشتۈرگەندىن كېيىن مەي - شارابلار بىلەن مېھمان قىلدى. لېي خېڭ ئۇ يەردە بەش كۈن تۇردى. كۈنلەرنى سۇڭ جياڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئۆتكۈزدى. چاۋ گەي ئۇنىڭدىن جۇ تۇڭنى سۈرۈشتۈردى.

— جۇ تۇڭ ھازىر ناھىيەدە زىندانبېگى، — دېدى لېي خېڭ جاۋابەن، — يېڭى تەيىنلەنگەن ئامبال ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى.

سۇڭ جياڭ گەپنى ئەگىتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ تاغقا چىقىپ توپقا قوشۇلۇشى ھەققىدە سۆز ئاچتى، لېي خېڭ ئانام ياشىنىپ قالدى، قوشۇلالمايمەن دېگەن باھانە بىلەن رەت قىلىپ:

— ئانامنى ئاخىرەتكە ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن قوشۇلاي، — دېدى - دە، خەيرلىشىپ تاغدىن كەتمەكچى بولدى. سۇڭ جياڭلار ئۇنى شۇنچە يالۋۇرۇپمۇ تۇتۇپ قالالمىدى. ئاتامانلار ئۇنىڭغا تىللا - تەڭگە، تاۋار - دۇردۇن يوللۇق تۇتتى. سۇڭ جياڭ ۋە چاۋ گەيلەرنىڭ تۇتقان يوللۇقلىرىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. لېي خېڭ يوغان بىر بوغچا تىللا - تەڭگىگە ئىگە بولۇپ تاغدىن چۈشتى. ئاتامانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى يول ئاغزىغىچە ئۇزىتىپ بېرىپ خەيرلەشتى، ئۇنى قېيىق بىلەن كېچىكتىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. لېي خېڭ يۈنچېڭ ناھىيەسىگە قايتىپ كەتتى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى چاۋ گەي، سۇڭ جياڭلاردىن ئاڭلايلى، ئۇلار چوڭ تۇرادىكى مەردلەر سارىيىغا قايتىپ كېلىش بىلەن مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ خەلپەتنى چاقىرتىپ، تاغ تۇرادىكى ئەمەل - مەنسەپلەر

www.uyghurkitap.com

ئۈستىدە كېڭەشتى. ۋۇ يۇڭ سۇڭ دانىش بىلەن مەسلىھەتنى پىششۇرۇپ قويۇپ، ئەتىسى ئاتامانلارنى يىغىپ پەرمانىنى جاكارلىدى. ئاۋۋال چەتتە مەيخانا ئاچىدىغان ئاتامانلارنى تەيىنلىدى. سۇڭ جياڭ گەپ باشلاپ:

— سۇن شىن بىلەن گۇ يەڭگە بۇرۇن مەيپۇرۇش بولغان، شۇڭا ئەر - خوتۇن ئىككىسى تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭلارنىڭ ئورنىغا بارسۇن، ئۇلار باشقا ئىشقا قويۇلسۇن؛ شى چيەن بىرىپ شى يۇڭغا، لى خې بىرىپ جۇ گۈيغا، جېڭ تيەنشۇ بىرىپ لى لىغا ھە - ھۇ دېيىشسۇن؛ بۇلار تۆت تەرەپتىكى تۆت مەيخانىدا مەي ۋە گۆش سېتىپ، تەرەپ - تەرەپتىن تويقا قوشۇلۇشقا كەلگەن باتۇرلارنى كۈتۈۋالسۇن؛ ھەر مەيخانىغا ئىككىدىن ئاتامان قويۇلسۇن، غۇنچە بوي قىز بىلەن ۋاڭ پەتەك يولۋاس تاغ كەينىدىكى تۇرادا ئات - ئۇلاغ ئۈستىدىكى ئىشلارغا قارىسۇن؛ كىچىك تۇرا جىنشاتەننى ئاكا - ئۇكا تۇڭ مېڭ، تۇڭ ۋېيلار قوغدىسۇن؛ كىچىك تۇرا يا زۇيتەننى بىر تۇغقان زۇ يۈەن بىلەن زۇ رۇن قوغدىسۇن؛ تاغ ئالدىدىكى چوڭ يولنى خۋاڭ شىن ۋە يەن شۈنلەر ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن قوش تىكىپ قوغدىسۇن؛ شېي جېن، شېي باۋلار تاغ ئالدىدىكى بىرىنچى قوۋۇقنى قوغدىسۇن؛ دۇ چيەن بىلەن سۇڭ ۋەن ئىككىنچى قوۋۇق بولغان دالدا قورغاننى قوغدىسۇن؛ ليۇ تاڭ بىلەن مۇ خۇڭ چوڭ تۇرا ئېغىزىدىكى ئۈچىنچى قوۋۇقنى قوغدىسۇن؛ رۇەن جەمەتىدىن بولغان ئۈچ باتۇر تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كۆل تۇرانى قوغدىسۇن؛ مېڭ كاڭ بالدۇرقىدەكلا كېمە - قولۋاقلار ياساتسۇن؛ لى يىڭ، دۇ شىڭ، جياڭ جىڭلار تاغ تۇرامىزدىكى پۇل - پۇچەك، ئوزۇق - تۈلۈك، ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇنلارنى باشقۇرسۇن؛ تاۋ زۇڭۋاڭ بىلەن شۆ يۇڭ لياڭشەن كۆلىگە سېپىل - قاشا، راۋاق، پەشتاقلارنى ياساتسۇن؛ خۇ جيەن كىيىم - كېچەك، قۇياق - دۇبۇلغا، تۇغ - ئەلەم، جەڭ كىيىملىرىنى ياسىتىش ئىشلىرىنى زىممىسىگە ئالسۇن؛ جۇ فۇ بىلەن سۇڭ چىڭ بەزمە - زىياپەت

ئىشلىرىنى زىممىسىگە ئالسۇن؛ مۇ چۇن بىلەن لى يۇن ئۆي ـ ھۇجرا ۋە تۇرا ـ قاشالارنى ياساتسۇن؛ شياۋ راڭ بىلەن جىن داجيەن باغاق ۋە خەت ـ ئالاقە يېزىش ئىشلىرىنى ئىلكىدە تۇتسۇن؛ پېي شۇەن لەشكىرىي ۋە مەمۇرىي سوت ـ سوراق ئىشلىرىنى ئىلكىدە تۇتۇپ، ئەجىر كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاپ، گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالىسۇن؛ قالغان لۇ فاڭ، گو شېڭ، سۇن لى، ئوۋ پېڭ، ما لىن، دېڭ فېي، ياڭ لىن، بەي شېڭلار چوڭ تۇرانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلىشىپ ئارام ئالسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلدى.

چاۋ گەي، سۇڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭلار بولسا چوققىدىكى تۇراغا، خۇا رۇڭ بىلەن چىن مىڭ تاغنىڭ سول يېقىدىكى تۇراغا، لىن چۇڭ بىلەن دەي زۇڭ تاغنىڭ ئوڭ يېقىدىكى تۇراغا، لى جۇن بىلەن لى كۇي تاغنىڭ ئالدى تەرىپىگە، جاڭ خېڭ بىلەن جاڭ شۇن تاغنىڭ كەينى تەرىپىگە جايلىشىدىغان بولدى. ياڭ شيۇڭ بىلەن شى شيۇ مەردلەر سارىيىنىڭ ئىككى يېقىنى قوغدايدىغان بولدى. باشقا ئاتامانلارمۇ ئىشقا قويۇلدى، ئۇلار ھەر كۇنى بەزمە ـ مەشرەپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن تاغ تۇرانىڭ سەلتەنىتى شۇنداق تاكامۇللاشتىكى:

ئوتتۇرىدا كۆلى بار ھەم شۇنچە ھەيۋەت تاغ تۇرا،
ھەر كىشىگە تەگدى خىزمەت ئۆزىگە لايىق تازا.
ئوردا غايىللىقا پاتقاچ زادى بويسۇنماي ئاڭا ــ
پالۋانلار قىلدى پەرۋاز شوخ لاچىندەك كۆل ئارا.

ئەمدى لېي خېڭغا كەلسەك، ئۇ لياڭشەن كۆلىدىن ئايرىلدى، ئۇ بوغجۇمىسىنى ئېسىپ، قولىدا قىلىچىنى تۇتقان پېتى يۇنچېڭ ناھىيەسىگە قايتقاندىن كېيىن ئۆيىگە كېلىپ، قېرى ئانىسى بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن كىيىملىرىنى يۆتكەپ، جاۋاب خېتىنى

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرگىنىچە ئامبال يامۇلغا كېلىپ ئامبال بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن ئۆز ئىشىدىن ئامبالغا ئۇچۇر بېرىپ، جاۋاب خەتنى تاپشۇرغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ ئارام ئالدى. ئۇ بۇرۇنقىدەك ھەر كۈنى يامۇلغا بېرىپ رويخەتتىن ئۆتۈپ قويۇپ، ئامبالنىڭ جورۇقىنى كۈتۈپ ياتتى. بىر كۈنى ئۇ يامۇلنىڭ كۈنچىقىش دوقمۇشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا كەينىدىن بىرسى:

— يۈزبېشى بېگىم، قاچان قايتىپ كەلدىلە؟ — دەپ چاقىردى.

لىي خېڭ بۇرۇلۇپ كەينىگە قارىسا، مۇشۇ ناھىيەدىكى گۇيپاڭچى لى شياۋئېر ئىكەن. لىي خېڭ ئۇنىڭغا:

— مەن بۇرناكۈن قايتىپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

— يۈزبېشىم، — دېدى لى شياۋئېر، — سىلى كەتكىلى خېلى بولدى، ئۆزلىرىنىڭ تېخى خەۋەرلىرى يوق. يېقىندا ئاستانىدىن بۇ يەرگە سەييارە ئويۇن كۆرسىتىدىغان شۇنداق بىر ناخشىچى قىز كەلدىكى، ئۇ ھەم ھۆسن - جامال، ھەم ھاپىزلىقتا توشقان قىز ئىكەن، ئېتى بەي شيۇيىڭ ئىكەن. بۇ قىز سىلى بىلەن كۆرۈشەي دەپ بارسا، سىلى خانلىق ئىشى بىلەن چەتكە كېتىپ قاپلا، شۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەپتۇ، ھازىر ئۇ بىر ئويۇن سورۇنى قۇرۇپ، شۇ يەردە ھەر خىل ناخشا - ناۋا ئېيتىپ، چالغۇ - ساز چېلىپ ئويۇن كۆرسىتىۋاتىدۇ. ھەر كۈنى گاھى ئۇسسۇل ئويناپ، گاھى نەي - سازلارنى چېلىپ بېرىدۇ ۋە ياكى ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئويۇنىنى باس - باستا، تىقما - تىقما بولۇپ كۆرۈۋاتىدۇ، يۈزبېشىم، نېمىشقا بىر بېرىپ كۆرۈپ باقمايلا؟ ئۇنىڭ ھۆسن - جامالى راستىلا قالتىس چىرايلىق!

بىكار ئولتۇرۇپ ئىچى پۇشۇپ كەتكەن لىي خېڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن لى شياۋئېر بىلەن بىللە ئويۇن سورۇنىغا كەلدى، كېلىپ قارىسا ئويۇن سورۇنىنىڭ ئىشىكىدە زەر خەتلەر بېزەلگەن شەلپەر، نىشان - بەلگە سېلىنغان توغ خادىسى

تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئويۇن سورۇنىغا كىرىپ ئالدىنقى قاتارنىڭ سول تەرىپىدىكى بىرىنچى ئورۇندا ئولتۇردى. سەھنىگە قارىسا رەسمىي ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇپ پارچە ـ پۇرات كۈلكىلىك ئويۇنلار قويۇلۇۋېتىپتۇ، لى شياۋئېر لېۋى خېڭنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى مەي ئىچكىلى كەتتى. پارچە ـ پۇرات ئويۇنلار تۈگىگەندىن كېيىن بېشىغا بوغمىچا چىگىپ، بېغىر رەڭ شايى كەمزۇل كىيگەن، بېلىگە قارا پوتا باغلاپ، قولىغا يەلپۈگۈچ تۇتقان بىر بوۋاي چىقىپ:

— پېقىر ئاستانىلىك بولىمەن، ئېتىم بەي يۈچياۋ، ئۆزۈم ياشىنىپ قالدىم، يۆلەنچۈكۈم پەقەت مۇشۇ شيۈيىڭ ئاتلىق بىرگىنە قىز، ئۇ نەغمە ـ ناۋا، چالغۇ ـ سازلارنى چېلىپ مېنى بېقىۋاتىدۇ، ئۇ ئالەمدىكى تاماشىبىنلارنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ، — دېدى.

بۇ چاغدا جاڭ ـ دۇمباقلار چېلىنىپ بەي شيۈيىڭ سەھنىگە چىقتى، ئۇ تۆت تەرەپكە قاراپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن جاڭ ئۇرىدىغان چوكىنى ئېلىپ، جاڭنى خۇددى پۇرچاق چېچىلغاندەك تىترىتىپ چېلىشقا باشلىدى. ئاندىن بىر پالاق بىلەن جاڭنىدە بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ، بېيىت ئوقۇدى، بېيىت ئوقۇپ بولۇپ:

— ھازىر قويۇلىدىغان ئويۇنىمىز ئېلان تاختىسىغا ئوچۇق يېزىلغان، بۇ ئويۇن ئىشق ـ مۇھەببەت ھېكايىلىرىنىڭ ئۆلگىسىدىن پارچىدۇر. ئۇنىڭ نامى قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىنىڭ يۈجاڭ شەھىرىدە سۇ چىڭنىڭ ئارقىسىغا چۈشكەنلىكى دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى ـ دە، ناخشا باشلىدى، ناخشا ئېيتىپ بولۇپ ھېكايىگە چۈشتى. سورۇندىكى تاماشىبىنلار ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ئاپىرىن ئوقۇشتى، لېي خېڭ ئولتۇرغان جايىدىن ئۇ قىزغا قارىسا، ئۇ دەرۋەقە ھۆسن ـ جامال ھەم ھاپىزلىقتا توشقان قىز ئىكەنكى:

ئۈستىدە شايى لىباس قار كەبى ئاق،
زۇلپى بۇلۇت دۇرى تاققان پارقىراق.

مىسلى ئەينۇلدەك چىرايلىق لەۋلىرى،
خۇددى توغاچ مەڭزىدە بار گۈل زىنىخ؛
تال چىۋىق گوياكى نازۇك بەللىرى،
مىسلى غۇنچىدەك ئېچىلغان زەپ ئۇماق.
خۇش ئاۋاز ياڭراتتى مۇڭلۇق ناخشا ـ كۈي،
شاختا بۇلبۇل سايرىغاندا كەتتى دولقۇنلاپ يىراق.
ئەۋرىشىمدەك تولغىنىپ ئوينار ئۇسسۇل،
گۈل ـ گۈلىستان ئىچرە ئەنقا جىلۋە قىلغاندەك شۇ چاغ.
كونا مۇقاملارنى ئېيتىپ كۈيلىگەن ــ
تاشتى ئۇرغۇپ ناخشىسىدا خۇش تەبىئىي بىر ئىشتىياق.
گاھ ئېگىزۇ، گاھ تۆۋەن ھەم ئاستا ـ چاپسان ئېيتىسمۇ،
كەلتۈرۈپ دەل ساز مۇقامغا تايمىدى ھېچ ۋە بىراق.
قىلدى چاكىلداقنى تەڭكەش يېڭى پەدىگە سېلىپ،
نەي كۈيىدىن دەستە ـ دەستە چاچتى غۇنچە خۇش پۇراق.

بەي شىۋىڭنىڭ ناخشىسى تازا قىزىق يېرىگە كەلگەندە، بەي يۈچياۋ ئۇنى توختىتىپ، تاماشىبىنلارغا قاراپ:

ــ قىزىمنىڭ ھۈنىرىنى تازا كامالەتكە يەتتى دېگىلى بولمىسىمۇ، كۆزى بار كىشىلەر پەرق ئېتەلەيدۇ. قىزىم، ئويۇنۇڭنى بىردەم توختىتىپ تۇر. ھازىر تاماشىبىنلار ئاپىرىن ئوقۇشتى، ئەمدى خەير ـ ساخاۋەت تىلەيدىغان ناخشا ـ دۇمباقلىرىڭنى باشلا، ــ دېدى.

ــ ئەي تاماشىبىن بەگلىرىم، ــ دەپ ناخشا ئوقۇدى بەي شىۋىڭ پەتنۇسنى سۇنۇپ، ــ دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي، مال ـ دۇنيالىرى ئاۋۇغاي، بەخت ـ ئامەت قۇچۇپ، راھەت ـ پاراغەت كۆرۈشكە نېسىپ بولغاي، قولۇمنى قۇرۇق قايتۇرمىغايلا.

ــ قىزىم، ــ دېدى بەي يۈچياۋ، ــ بىر ئايلىنىپ چىق، تاماشىبىنلىرىمنىڭ ساڭا خەير ـ ئېھسانى باردەك تۇرىدۇ.

بەي شىۋىڭ پەتنۇسنى تۇتۇپ، ئالدى بىلەن لېي خېڭنىڭ

ئالدىغا كەلدى، لىبى خېنىڭ يانچۇقىنى سىلاپ باقسا، بىر يارماقمۇ چىقمىدى. لىبى خېنىڭ:

— بۈگۈن پۇل ئالغاچ كەلمەپتىمەن، ئەتە بىراق بېرەي، — دېدى.

— «باش ئاچچىقسۇ قېيىق بولمىسا، كېيىنكىسىنىڭ تەمى بولمايدۇ» دېگەندەك، بېگىم، ئۆزلىرى ئالدىدا ئولتۇرۇپتىلا، قېنى، باشلاپ بەرسىلە، — دېدى بەي شيۇيىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— پۇلۇمنى ئاياۋاتقىنىم يوق، راستلا يېنىمغا پۇل سالغاچ كەلمەپتىمەن، — دېدى لىبى خېنىڭ يۈزى قىزىرىپ.

— بېگىم، ئويۇن كۆرگىلى كەلگەن ئادەممۇ پۇلسىز كېلەمدىكەن؟ — دېدى بەي شيۇيىڭ.

— سىزگە تۆت - بەش سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىۋەتسەممۇ ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ھەتتەڭەي، بۈگۈن پۇل سالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ، — دېدى لىبى خېنىڭ.

— بېگىم، يانلىرىدا سۇنۇق يارماقمۇ يوق تۇرۇپ، تېخى تۆت - بەش سەر كۈمۈشنىڭ گېپىنى قىلىدىلىغۇ، بۇ مېنى «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ ئىچسۇن» دېگەنلىرى ئەمەسمۇ، — دېدى بەي شيۇيىڭ.

— ھەي قىزىم! — دەپ تۇۋلىدى ئاتىسى، — كۆزۈڭ يوق ئىكەن، ئۇنىڭ شەھەرلىك - سەھەرالىقلىقىغا قارىماي ئۇنىڭدىن سوراۋېرەمسەن؟ بۇياققا ئۆت، باشقا ئىش بىلىدىغان شەپقەتچان بېگىمدىن سورا، باشقىلارغا ئۆلگە بولسۇن.

— مەن قانداقسىغا ئىش بىلمەيدىكەنمەن؟ — دېدى لىبى خېنىڭ.

— سەن قائىدە - يوسۇننى بىلىدىغان بولساڭ ئىدى، ئىشەككە مۈڭگۈز چىققان بولاتتى، — دېدى بوۋاي.

— خالايىق بوۋايغا بولۇشتى، لىبى خېنىڭنىڭ ئوغىسى قايناپ:

— ھەي پەس تېجىمەل، ماڭا تىل تەگكۈزۈشكە نېمە ھەددىڭ؟ — دەپ ئۇنى تىللىدى.

— سەن سەھرالىق كالىنى تىللىسام نېمە بوپتۇ؟ — دېدى بوۋاي.

— ئۇنداق دېمىسىلە، بۇ كىشى يامۇلنىڭ يۈزبېشى بولىدۇ، — دېدى لېي خېڭنى تونۇيدىغانلارنىڭ بىرسى.

— ئېشەك بېشى بولامدۇ، نېمە كارىم، — دېدى بوۋاي.

تاقەت قاچىسى يېرىلغان لېي خېڭ ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، سەھنىگە چىقتى ـ دە، بەي يۈچياۋ بوۋاينى تۇتۇۋېلىپ، ئۇرۇپ ـ تېپىپ، ئۇنىڭ ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى ماكچايتىپ، چىشىنى تۆكۈۋەتتى. ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن خالايىق ئاجرىتىپ قويدى ۋە لېي خېڭغا نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇۋەتتى، ئويۇن سورۇنىدىكى كىشىلەر ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ تارقاپ كېتىشتى.

بەي شيۇيىڭ يىغى تەيىنلەنگەن ئامبال بىلەن ئاستانىدىكى چېغىدىلا باردى ـ كەلدى قىلىشاتتى. شۇڭا، شۇ كۈنلەردە ئۇ يۇنچېڭ ناھىيەسىگە كېلىپ ئويۇن سورۇنى قۇرغانىدى. لېي خېڭ بۇ جالاپنىڭ ئاتىسىنى ئۇرۇپ قاتتىق زەخىملەندۈرگەندىن كېيىن بەي شيۇيىڭ بىر تەختىراۋان چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئولتۇرغىنىچە، يامۇلغا بېرىپ ئاتىسىنى ئۇرۇپ ـ دۇمبالىغان، ئويۇن سورۇنىنى بۇزۇپ ئۆزىنى بوزەك ئەتكەن لېي خېڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. ئامبال بۇنى ئاڭلاپ، دەرغەزەپ بولۇپ:

— چاپسان ئەرز ياز، — دەپ ۋارقىرىدى.

«ياستۇق ئۈستىدىكى گەپ ئوڭاي ئۆتىدۇ» دېگەن مۇشۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن بەي يۈچياۋ ئەرز يازغۇزدى ۋە يارىلىرىنى تەكشۈرتتى، گۇۋاھ ـ شاھىتلارنى تەيىنلىدى. مەزكۇر يامۇلدىكى كىشىلەر لېي خېڭ بىلەن ئوبدان ئۆتۈشەتتى. ئۇلار ئامبالنىڭ قېشىغا كىرىپ ئاغزىنى ياغلىدى. بىراق، ھىلىقى جالاپ يامۇلدىن كەتمەي ئەركىلەپ، نازلىنىپ ئاخىرى ئامبالغا گېپىنى ئۆتكۈزدى. ئامبال لېي خېڭنى يامۇلغا تۇتقۇزۇپ كېلىپ، دىۋاندا ئۇرغۇزۇپ ئىقرارنامە يازغۇزدى، بويىنىغا تاقاق سالدۇردى، ئاندىن

سازایی قىلىشنى بۇيرۇدى، ھېلىقى جالاپ ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ قويۇش غەرىزىدە، ئامبالدىن لىپي خېنىمنى ئويۇن سورۇنىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا سازایی قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەتىسى ئۇ جالاپ يەنە ئويۇن قويۇشقا باردى. ئامبال لىپي خېنىمنى ئويۇن سورۇنىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا سازایی قىلىشنى بۇيرۇدى. بۇ يەردىكى گۇندىپايىلارنىڭ ھەممىسى لىپي خېنىمدەك دورغا ـ يايى قاتارىدىكى ئادەملەر تۇرسا، قانداقمۇ لىپي خېنىمنى باغلاپ سازایی قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىسۇن؟ ھېلىقى جالاپ: «ئۇنىڭغا يامانلىق قىلدى دېگەن ئاتاقتا قالدىم، ئارتىلسا ماڭا بەرىبىر شۇ بىرلا ئەيىب ئارتىلىدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئويۇن سورۇنىدىن چىقىپ چايخانىغا كىرىپ ئولتۇردى ۋە گۇندىپايىلارنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— سىلەر ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ئادەم بولغاچقا، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەيلى دەمسىلەر. ئامبال بېگىم، سىلەرگە ئۇنى باغلاپ ئۇرۇڭلار دەپ بۇيرۇغان تۇرسا، سىلەر ئۇنىڭغا يۈز ـ خاتىر قىلاي دەمسىلەر، ھېلى بىكار ئامبالغا دېسەم، سىلەر قانداق ئەھۋالدا قالىدىغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— خېنىم، رەنجىمىسىلە، بىز ئۇنى باغلاپ قويۇپ ئۇرايلى، — دېدى گۇندىپايىلار.

— ھە مانا، شۇنداق قىلساڭلار مەندىن ئىنئام ئالىسىلەر، — دېدى بەي شيۇيىڭ.

— ئاغا، — دېدى گۇندىپايىلار لىپي خېنىمغا قاراپ، — ئىلاجىمىز يوق، ئانچە ـ مۇنچە باغلاپ قويمىساق بولمىدى.

گۇندىپايىلار ئۇنى كوچىدا باغلاپ قويدى.

تازا ئالىتوپىلاڭ بولۇۋاتقان چاغدا، لىپي خېنىمنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا غىزا ئەكىلىپ قالدى، ئۇ ئوغلىنى گۇندىپايىلارنىڭ باغلاپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ:

— سىلەر ئوغلۇم بىلەن بىر يامۇلدا ئىشلەيسىلەرغۇ، پۇل ـ

پۇچەك دېگەن شۇنداق ئوبدان نەرسىمىكەن؟ قايسىڭلار بېشىمغا كۇن چۈشمەيدۇ دېيەلەيسىلەر؟ — دەپ گۇندىپايلارنى تىللىدى.

— ئەي ئانا، گېپىمىزنى ئاڭلاڭ، — دېدى گۇندىپايلار، — بىزمۇ ئۇنىڭغا يۈز - خاتىر قىلايلى دېگەنىدۇق، دەۋاگەر باغلاڭلار دەپ ئۈستىمىزدە تىكىلىپ تۇرۇۋالدى. بىزگە بىرنېمە دېيىشكە ئورۇن قالمىدى. ئۇ ئامبالغا بېرىپ دېسە بىزمۇ بالاغا قالىمىز، شۇڭا مۇشۇنداق يۈزسىزلىك قىلىپ قويدۇق.

— نەدە دەۋاگەرنىڭ گۇناھكارنى ئۇنداق قىلىڭلار، مۇنداق قىلىڭلار دېيىشكە يول قويىدىغان ئىش بار، — دېدى موماي.

— ئانا، — دەپ ئاستا پىچىرلىدى گۇندىپاي، — ئۇ ئامبال بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىشىپ ئۆتىدۇ. ئۇ بىر ئېغىز گەپ قىلسا تۈگەشكىنىمىز شۇ، شۇڭا ئىككى ئوتتۇرىدا تەڭقىسلىقتا قالدۇق.

موماي ئوغلىنى باغلىغان ئارغامچىنى يېشىشكە كىرىشىپتىپ:

— بۇ پەس ئوغرى كۈچ - قۇۋۋىتىمگە يۆلىنىمەن دەۋېتىپتۇ - دە ! مەن بۇ ئارغامچىنى يېشىۋېتىمەنغۇ، نېمە قىلالايدىكىن قېنى؟ — دەپ تىل ياغدۇردى.

چايخانىدىكى بەي شىيۆيىڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— ھەي قېرى جالاپ، ھېلى نېمە دېدىڭ؟ — دەپ ئاغزىنى بۇزدى.

موماي ئۇنىڭغا رەھىم قىلالاتتىمۇ، ئۇ قولىنى تۇرتۇپ تۇرۇپ:

— ھەي قانجۇق، سەن تېخى مېنى تىللىيسەنا! — دەپ تىللىدى.

بۇنى ئاڭلىغان بەي شىيۆيىڭنىڭ قەلەمدەك قاشلىرى تىك تۇرۇپ، يۇلتۇزدەك كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ:

— ھەي قېرى چايان، زىدى پەس قەلەندەر دەللە، مېنى تىللاشقا قانداق تىلىڭ باردى؟ — دەپ قاتتىق تىللىدى.

— تىللايمەنغۇ، قېنى، نېمە قىلالايتتىڭ؟ يۇنچىلىك



www.uyghurkitap.com

ناھىيەسىنىڭ ئامبىلىمىتىلىڭ سەن، ــ دېدى موماي.

بەي شيۆيىڭنىڭ جان ـ جەھلى چىقىپ، ئالدىغا ئېتىلىپ باردى ـ دە، موماينى بىر كاچات ئۇردى، موماي سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى ئوڭشاي دېيىشىگە بەي شيۆيىڭ يەنە بىرنى تەپتى. ئۇ قايتا تۇرالمىدى. كەينىدىن شاپىلاق بىلەن ئۇرۇۋەردى. لېي خېڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ناھايىتى ۋاپادار ئىدى، ئۇ ئانىسىنىڭ تاياق يېگىنىنى كۆرۈپ، غەزەپ قاچىسى يېرىلدى ـ دە، بويىنىدىكى تاقاق بىلەن بەي شيۆيىڭنىڭ كاللىسىغا سالدى، تاقاق دەل ئۇنىڭ كاللىسىغا تېگىپ، ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. ئۇ يۇلاڭگىنىدە يەرگە يىقىلدى، خالايىق قارىسا بەي شيۆيىڭنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقى ئېقىپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ مىدىرلىيالماي يېتىپتۇ، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلگەنىدى.

خالايىق بەي شيۆيىڭنىڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن لېي خېڭنى تۇتۇپ يامۇلغا ئەكەلدى ۋە ئۇلار ئامبال بىلەن كۆرۈشۈپ ئەرز ئېيتىپ، ۋەقەنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. ئامبال يايىغا لېي خېڭنى ئاچىقتۇرۇۋەتتى، ئاندىن بەگ ـ سىپاھلارنى يىغىپ، ئۇلارغا مەھەللە ئاقساقاللىرى بىلەن قولۇم ـ قوشنىلارنى چاقىرىپ جەسەتنى تەكشۈرۈپ كېلىشنى تاپشۇردى. جەسەت تەكشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن بەگ ـ سىپاھلار ئۇلارنى يامۇلغا ئەكەلدى. لېي خېڭ ھەممىنى بويىنىغا ئېلىپ دەۋا قىلمىدى. ئۇنىڭ ئانىسى كېپىل بېرىپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆيىگە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن لېي خېڭ بويىنىغا تاقاق سېلىنىپ زىندانغا تاشلاندى، زىندانبېگى كۆركە ساقال جۇ تۇڭ ئىدى، ئۇ لېي خېڭنىڭ زىندانغا تاشلانغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچ ئىلاج قىلالمىدى، پەقەت ئانچە ـ مۇنچە مەي ـ شاراب ۋە غىزا ـ تاماقلارنى بەرگەندىن كېيىن گۇندىپايغا بىر ھۇجرىنى تازىلاتقۇزۇپ ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن لېي خېڭنىڭ ئانىسى زىندانغا غىزا ـ تاماقلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ھەي جۇ تۇڭ زىندانبېگىم، ئاجىزەلىرىنىڭ يېشىم ئاتمىشتىن ئاشتى، بار ئۈمىدىم شۇ ئوغلۇمدا ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بولغان بۇرادەرلىكنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلىپ، مالال كۆرمەي بىچارە بالامغا ئوبدانىراق بىر قاراپ قويۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپ يالۋۇردى.

— ئانا، — دېدى جۇ تۇڭ جاۋابەن، — خاتىرجەم بولۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن غىزا ـ تاماقلارنى ئەكەلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن، ئەگەر ئېپى كېلىپ قالسا قۇتۇلدۇرۇۋالارمەن.

— جېنىم بالام، ئوغلۇمغا ئىككىنچى ئاتىدارچىلىق قىلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قويسىلا، ناۋادا ئوغلۇم ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالغۇدەك بولسا، مەن مەزلۇمنىڭ كۇنى تۇگىگىنى، — دېدى لېي خېڭنىڭ ئانىسى.

— پېقىر گېپىڭىزنى يادىمدا ساقلايمەن، غەم قىلماڭ ئانا، — دېدى جۇ تۇڭ.

موماي جۇ تۇڭغا رەھمەت ـ تەشەككۇرلەر ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. جۇ تۇڭ بىر كۈن ئويلاندى، بىراق لېي خېڭنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ھېچ ئامال ـ چارىسىنى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىراۋغا يالۋۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئامبالنىڭ ئاغزىنى ياغلىدى. يۇقىرى ـ تۆۋەندىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ئادەمەتچىلىك قىلدى، ئامبال جۇ تۇڭغا ئامراق بولسىمۇ، بىراق لېي خېڭ ئۇنىڭ ئاشنىسى بەي شيۈيىڭنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ گېپىنى يېمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەي يۈچياۋ دېگەن بىرنېمە ئامبالغا لېي خېڭنى ئەنگە ئېلىپ، جانغا جان ئېلىپ بېرىسەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، لېي خېڭ زىنداندا ئاتمىش كۈن ياتقاندىن كېيىن مۇددىتى توشۇپ، جىنجۇ ئايمىقىغا ئېلىپ كېتىلىدىغان بولدى. دېلوغا مەسئۇل مىرزا دېلونى ئېلىپ ئالدىدا كەتتى، جۇ تۇڭغا لېي خېڭنى يالاپ ئېلىپ بېرىش بۇيرۇلدى.

جۇ تۆڭ ئون نەچچە گۇندىپاينى باشلاپ لىي خېڭنى يالاپ يولغا چۈشتى، ئۇلار يۇنچېڭ ناھىيەسىدىن چىقىپ، ئالاھازەل ئون نەچچە چاقىرىم يول ماڭغاندا، ئالدى تەرەپتە بىر مەيخانا كۆرۈندى، جۇ تۆڭ گۇندىپايلارغا:

— بىز مەشەدىن بىر - ئىككى ئاپقۇر مەي ئىچىپ ئاندىن ماڭايلى، — دېدى.

گۇندىپايلارنىڭ ھەممىسى مەيخانىغا كىرىشتى، جۇ تۆڭ يالغۇز ئۆزى تەرەت قىلماقچى بولغان بولۇپ، لىي خېڭنى ئارقىدىكى خالا جايغا باشلاپ كەلدى - دە، تاقاقنى ئېچىپ قويۇۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەزىز ئىنى، ئەمدى ئۆزۈڭ ئۆيۈڭگە قايتىپ بېرىپ ئاناڭنى ئال - دە، كېچىلەپ باشقا جايغا قاچ، بۇ ياقتا سەن ئۈچۈن سوئال - سوراق كەلسە ماڭا كەلسۇن، — دەپ جېكىلىدى.

— مەن قاچسام مەيلى ئىدى، بىراق سىنى بالاغا تىقىپ قويىمەن ئاغا، — دېدى لىي خېڭ.

— قېرىندىشىم، سېنىڭ خەۋىرىڭ يوق. ئامبال ئاشنامنى ئۆلتۈرۈۋەتتى دەپ سېنىڭ دېلويىڭنى قاتتىلىق دېلوسى دەپ بېكىتتى، ئايماقتا بارساڭ جەزمەن خۇن تۆلىتىدۇ. سېنى قويۇۋەتسەم مېنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلماس. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ غېمىمنى يەيدىغان ئاتا - ئانامۇ يوق، تۆلەمگە يەتكۇدەك مال - بىساتىممۇ بار، ئۆزۈڭنىڭ ئىستىقبالىنى دەپ كېتىۋەر، — دېدى جۇ تۆڭ.

لىي خېڭ ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ ئارقا ئىشىك سىرتىدىكى چىغىر يول بىلەن ئۆيىگە قايتتى - دە، ئېرىغ ماللىرىنى بوغجىمىغا سېلىپ، ئانىسىنى ئەگەشتۈرگىنىچە كېچىلەپ لياڭشەن كۆلىگە توپقا قوشۇلۇشقا كەتتى. ئۇلار كېتىپ تۇرسۇن، ئەمدى جۇ تۆڭغا كېلەيلى.

جۇ تۆڭ بوش قالغان تاقاقنى ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا

تاشلىنىۋەتكەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ گۇندىپايلارغا:

— لېيى خېنىمنى قاچۇرۇپ قويدۇم، ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى.

— چاققان ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇتۇپ كېلەيلى، — دېدى گۇندىپايلار.

جۇ تۇڭ قەستەن ۋاقىتنى سوزۇپ لېيى خېنىمنىڭ ئۇزاپ كەتكىنىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن گۇندىپايلارنى باشلاپ يامۇلغا كەلدى، ئۇ ئامبالغا:

— پېقىر ئېھتىياتسىزلىقتىن لېيى خېنىمنى يولدا قاچۇرۇپ قويدۇم، قوغلاپمۇ تاپالمىدۇق. ھەرقانداق گۇناھقا تارتسىلىمۇ رازىمەن، — دېدى.

ئامبال جۇ تۇڭغا ئامراق ئىدى، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش نىيىتىمۇ بار ئىدى. بىراق، بەي يۇچياۋ يۇقىرىغا جۇ تۇڭ لېيى خېنىمنى قەستەن قاچۇرۇۋەتتى دەپ ئەرز قىلغاچقا، ئامبال نائىلاج جۇ تۇڭ گۇناھىنىڭ تەپسىلاتىنى يېزىپ جىجۇ ئايمىقىغا ئەرز سۇندى. جۇ تۇڭنىڭ ئۆيىدىكىلەر يامۇلغا ئادەم ئەۋەتىپ پارا تىقتى، جۇ تۇڭ جىجۇ ئايماق يامۇلىغا يالاپ كېلىندى، دىۋاندا سوراقتا تارتىلىپ، ئىقرار قىلغۇزۇلغاندىن كېيىن يىگىرمە دەررە ئۇرۇلدى ۋە يۈزىگە خەت چېكىلىپ، ساڭجۇ ئايمىقىدىكى مەھبۇسلار كورەسىگە پالاندى. جۇ تۇڭنىڭ بويىنىغا تاقاق سېلىندى، ئىككى يايى ئالاقە بىلەن ئۇنى يالاپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر كىيىم - كېچەك، خىراجەتلەرنى ئېلىپ كېلىپ بەردى ۋە يايىلارغىمۇ پۇل - پۇچەك بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۇنچېڭ ناھىيەسىدىن يولغا چىقىپ، ساڭجۇ ئايمىقىنىڭ خېڭخەي دىيارىغا راۋان بولدى، يولدا ھېچ ۋەقە يۈز بەرمىدى. ئۇلار ساڭجۇ شەھىرىگە بېرىپ ئايماق يامۇلىغا كىردى، بۇ چاغدا ئامبال دىۋاندا ئولتۇرغانىكەن، ئىككى يايى جۇ تۇڭنى يالاپ دىۋان تاپىسىغا ئەكېلىپ، ئايماق ئامبىلىغا ئالاقىنى سۇندى. ئامبال

جۇ تۇڭنىڭ تەقى - تۇرقىنىڭ نۇرانىلىقىنى، ئۇنىڭ چىلانىدەك قىزىل يۈزى ۋە بەلدىن ئاشقان كۆركە ساقىلىنى كۆرۈپ، ئۇنى خېلى ياقتۇرۇپ قالدى، ئۇ مۇلازىملارغا: «مەھبۇسنى زىنداندا تاشلىماڭلار، مەھكىمىمىزدە مۇلازىملىققا قالسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئۇنىڭ بويىنىدىكى تاقاقنى ئالغۇزدى، ئاندىن ئىككى يايىغا جاۋاب خەت يېزىپ بەردى. بۇ ئىككى يايى خەتنى ئېلىپ خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى.

جۇ تۇڭ يامۇلدا خىزمەت كۆتۈپ ياتتى، ئۇ ساڭجۇ دىيارىدىكى مىرزا يايلار، پايلاقچى، دەرۋازىۋەن، دورغىلار ۋە زىندانبېگى، گۇندىپايلارغا ئاز - تولىدىن ئادىمەتچىلىك قىلدى: ئۇلار ئۇنىڭ مۇلايىملىقىنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالدى. بىر كۈنى ئامبال دىۋاندا ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ كۆزىگە تاپىدا تۇرغان جۇ تۇڭ چېلىقتى، ئامبال ئۇنى دىۋانغا چاقىرىپ:

— سەن لېي خېڭنى قويۇۋەتسەڭ بۇ ياققا پالىنىدىغانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، نېمىشقا قويۇۋېتىسەن؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— پېقىرنىڭ قەستەن قاچۇرۇۋېتىشكە قانداق ھەددىم، بىردەم بىخەستەلىك قىپتىمەن، قېچىپ كەتتى، — دېدى جۇ تۇڭ جاۋابەن.

— ئەمىسە ئەجەب ساڭا بۇنچىۋالا ئېغىر گۇناھ ئارتىلىپتىغۇ؟

— دەۋاگەر چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، پېقىرنى قەستاپ قەستەن قاچۇرۇۋەتتىم، دەپ ئىقرار قىلغۇزدى، شۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق ئېغىر گۇناھقا قالدىم، — دېدى جۇ تۇڭ.

— لېي خېڭ ئۇ جاللاپنى قانداق ئۇرۇپ ئۆلتۈردى؟ — دەپ سورىدى ئامبال.

جۇ تۇڭ لېي خېڭنىڭ ۋەقەسىنى ئامبالغا بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

— سەن جەزمەن ئۇنىڭ ئۆز ئانىسىغا ۋاپادارلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن مەردلىك قىلىپ قويۇۋەتكەن ئوخشايسەن -

هە؟ — دېدى ئامبال.

— پېقىرنىڭ يۇقىرىنى ئالداشقا نېمە هەددىم؟ — دېدى جۇ تۇڭ.

دەل شۇ ئەسنادا، دەرپەردە كەينىدىن كىچىك بەگزادە يۈگۈرۈپ چىقتى، ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن بۇ چىرايلىق بالا ئامبالنىڭ ئوغلى ئىدى، ئامبال ئۇنى گۆھەردەك ئەتىۋارلاپ، جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى. كىچىك بەگزادە جۇ تۇڭنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ «مېنى كۆتۈر» دەپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى. جۇ تۇڭ ئۇنى كۆتۈرۈپ قۇچىقىغا ئالدى. بەگزادە ئىككى قولى بىلەن جۇ تۇڭنىڭ ساقىلىنى تۇتۇپ:

— مېنى مۇشۇ ساقال كۆتۈرسۇن، — دېدى.

— بالام چاپسام قولۇڭنى چۇشۇر، تولا كەپسىزلىك قىلما، — دېدى ئامبال.

— ياق مېنى مۇشۇ ساقال كۆتۈرۈپ ئويناتسۇن، — دېدى كىچىك بەگزادە يەنە.

— پېقىر، بەگزادىنى تالاغا ئاچىقىپ بىردەم ئوينىتىپ كېلەي، — دېدى جۇ تۇڭ.

— بالام سېنى ئوينىتىپ كەل دەۋاتقاندىكىن بىردەم ئوينىتىپ كەلسەڭمۇ كەل، مەيلى، — دېدى ئامبال ئۇنىڭغا.

جۇ تۇڭ بەگزادىنى كۆتۈرۈپ يامۇل ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭغا قەنت - گېزەك ئېلىپ بەردى، بىردەم ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن بالىنى كۆتۈرۈپ يەنە يامۇلغا قايتىپ كەلدى.

— بالام، نەگە بېرىپ كەلدىڭ؟ — دېدى ئامبال ئۇلارنى كۆرۈپ.

— بۇ ساقال مېنى كوچىدا ئويناتتى، يەنە قەنت - گېزەك ئېلىپ بەردى، — دېدى بەگزادە.

— نەدىكى پۇلۇڭغا بالىغا نەرسە ئېلىپ بەردىڭ؟ — دەپ سورىدى ئامبال جۇ تۇڭدىن.

— بۇ مېنىڭ كىچىككىنە ياخشى كۆڭلۈم، تىلىغا

ئالغۇچىلىكى يوق! — دېدى جۇ تۇڭ جاۋابەن.

ئامبال مۇلازىملارنى جۇ تۇڭغا ئاتاپ مەي ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، يامۇلدىكى چۆرى قىز كۈمۈش پەتنۇستا كۆك ـ گېزەك ۋە ئېلىتقان مەي ئېلىپ كىرىپ ئارقا ـ ئارقىدىن جۇ تۇڭغا تۇتتى، ئۇ بۇ ئېلىتىپات شارابىدىن ئۈچ جام ئىچتى، ئامبال ئۇنىڭغا:

— ئەتىسى ـ ئاخشىمى بالام سىزنى ئويىنات دېسە، كۆتىرۈپ چىقىپ ئوينىتىپ كەلسەڭ بولىدۇ، — دېدى.

— ھەزرىتى بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ لەۋزىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشقا مېنىڭ نېمە ھەددىم؟ — دېدى جۇ تۇڭ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ھەر كۈنى بەگزادىنى كوچىغا ئاچىقىپ ئوينىتىپ يۈرىدىغان بولدى. جۇ تۇڭنىڭ چۆنتىكىدە تەڭگە ـ تىللا كۆپ ئىدى، ئۇ ئامباللا خۇش بولىدىغان بولسا مەيلى، دەپ بەگزادە ئۈچۈن خەجلەۋەردى.

ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتۈپ يەتتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنىگە بارغاندا ئۇلۇمبانا① سەيلىسى بولۇپ قالدى، بۇ كۈندە ئادەت بويىچە كۆللەرگە پانۇسلار قويۇپ بېرىلىپ، ساۋابلىق ئىشلار قىلىناتتى. شۇ كۈنى كەچتە يامۇلدىكى خىزمەتچى خوتۇن:

— جۇ تۇڭ يۈزبېشى، — دەپ چاقىردى، — بۈگۈن ئاخشام بەگزادە پانۇس سەيلىسى قىلىمەن دېگەنىدى، ئاغىچا خېنىم

---

① سانسكرىتچە ئۇلۇمبانا دېگەن بۇ سۆزنىڭ تەرجىمىسى ۋە مەنىسى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇش. بۇددا مۇخلىسلىرى بۇ ھەقتە بىر ھېكايە توقۇغان، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، مۇلەننىڭ ئانىسى بۇ ئالەمدە يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن، ئۆلگەندە ئاچ قالغان، ئىنس ـ جىنلار جەھەننەمدە ئۇنى ئازابلىغانىمىش. شۇنىڭ بىلەن مۇلەن يەتتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئۇلۇمبانا تىلاۋىتى ئۆتكۈزۈپ، بۇددا راھىبلىرىغا نەزىر ـ چىراغ ئېشى بەرگەندىن كېيىنلا ئانىسى قۇتۇلۇپ چىققانىمىش. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ بۇددا دىنىدىكىلەر ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان ئەقىدىسىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ھەر يىلى يەتتىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئۇلۇمبانا تامىقى ھازىرلاپ، شەيخلەرگە نەزىر ـ چىراغ بېرىدىغان بولۇپ قالغان.

www.uyghurkitap.com

سىلىنى كۆرسىتىپ كەلسۇن، دەيدۇ، — دېدى.
— ماقۇل، ئاپىراي، — دېدى جۇ تۇڭ.
بۇ چاغدا يېشىل شايى كۆڭلەك كىيىپ، چېكە چېچىغا ئىككى تىزىق ئۈنچە - مارجان چىگىپ قويۇلغان بەگزادە ئىچكىرىدىن چىقىپ كەلدى. جۇ تۇڭ ئۇنى ھاپاش قىلىپ يامۇلدىن چىقتى-دە، پانۇس سەيلىسى قىلىش ئۈچۈن يەر - زېمىن ئىلاھى بۇتخانىسىغا قاراپ ماڭدى. بۇ دەل ئەلياتقۇ مەھەل ئىدى. ھايھات:

ئاڭلىنىپ جەڭنىڭ ساداسى كەتتى ھەرياققا تاراپ،
بۇتخانىنىڭ سايىسى ئۆركەشلىدى دولقۇن ياساپ.
كوچە - ئىسرىقلار يېقىلدى، چاچتى ھەر خىل خۇش پۇراق،
نازۇنېمەتلەر تىزىلغان تەخسىلەرگە شۇنچە باب.
قولىغا زەر ھاسا تۇتقان شەيخۇدەرۋىشلەر كېلىپ،
نوم ئوقۇپ، قىلدى تىلاۋەت ھەممە ئەرۋاھقا ئاتاپ.
قارىلىق كىيگەن كىشى تەڭگە - تىللالار تۇتۇپ،
ياد ئېتىپ ئەجدادىنى قىلدى تىلاۋەتۇتاۋاپ.
سىزىلىپ بۇتخانىغا دوزاخ - جەھەننەم تەسۋىرى:
ئاسىيلار كۆيگەن كاۋاپتەك، ياخشىلار ئالغان ساۋاب.
ئېسىلىپتۇ تاملىرىغا روزى مەھشەر تەسۋىرى:
باقىي ئالەمگە چىقارمىش يەتتە دوزاختىن ئازاب.
تالى مەجنۇن شاخلىرىغا تۆكۈلۈپ زەمزەم سۈيى،
سۇدا پانۇسلار ئۈزەرمىش لەيلىگۈل كۆلنى ئوراپ.

شۇ ئەسنادا جۇ تۇڭ بەگزادىنى ھاپاش قىلىپ بۇتخانىنى بىر ئايلاندۇرۇپ چىقتى، ئۇنىڭدىن كېيىن تائەتگاھ يېنىغا كېلىپ كۆلگە قويۇپ بېرىلگەن دەريا پانۇسلىرىنى تاماشا قىلدى، بەگزادە سالاسۇنغا ئارتىلىۋېلىپ قىزىقىپ كۆرۈۋاتاتتى، شۇ تاپتا جۇ تۇڭنىڭ يېنىدىن بىرسى تارتىپ:
— ئاغا، بۇ ياققا كەل، گېپىم بار، — دېدى.

جۇ تۇڭ بۇرۇلۇپ قارىسا لىي خېڭ ئىكەن، ئۇ چۆچۈپ كەتتى ـ دە، شاققىدە بەگزادىگە قاراپ:

— بەگزادەم پەسكە چۈشۈپ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن سىلىگە قەندالەت ئەكېلىپ بېرەي، بۇ يەردىن قوزغالماي تۇرۇپ تۇرسىلا جۇمۇ، — دېدى.

— تېزرەك كەل، مەن كۆۋرۈككە بېرىپ پانۇس كۆرىمەن، — دېدى بەگزادە.

— هازىرلا كېلىمەن، — دېدى ـ دە، بۇرۇلۇپ لىي خېڭغا:

— هە ئەزىز ئىنى، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟ — دېدى.

— ئاغا، سەن جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، — دېدى لىي خېڭ جۇ تۇڭنى تارتىپ خالىيراق بىر جايغا باشلاپ بېرىپ، — قېرى ئانام بىلەن بارار ـ تۇرار جاي يوق، ئاخىر لياڭشەن كۆلىگە سۇڭ دانىشنى پاناهداپ بېرىپ توپقا قوشۇلدۇم. قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى سۇڭ دانىشقا سۆزلەپ بەردىم، ئۇمۇ سېنىڭ ئۇنى قاچۇرۇۋەتكەن ياخشىلىقلىرىڭنى ئۇنتۇمىغانلىقىنى ئېيتتى. چاۋ گەي هەزرەت ۋە باشقا ئاتامانلارمۇ ساڭا بەھىساب مىننەتدارلىق بىلدۈردى، شۇڭا ۋۇ يۇڭ مۇشاۋىر بىلەن پېقىرنى ئالايىتەن سېنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى، — دېدى.

— ۋۇ يۇڭ تەخسىر هازىر نەدە؟ — دەپ سورىدى جۇ تۇڭ.

— مانا مەن بۇ يەردە، — دەپ تەزىم قىلدى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خەلپەت ۋۇ يۇڭ چىقىپ.

— ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈشەلمىدۇق تەخسىر، ئامان ـ ئېسەن تۇرۇپتىلا، — دېدى جۇ تۇڭمۇ دەرهال تەزىم قىلىپ.

تاغ تۇرايىمىزدىكى ئاتامانلار سىلىگە كۆپتىن ـ كۆپ سالام ئېيتتى، — دېدى خەلپەت ۋۇ يۇڭ، — سىلىنى تاغقا چىللاپ چىقساڭلار، مەردلىك يولىدا جەم بولساق، دەپ پېقىر بىلەن لىي خېڭنى ئالايىتەن ئالدىلىرىغا ئەۋەتكەنىدى، بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، كۆرۈشەلمىدۇق، مانا

بۈگۈن ئاخشام يولۇقۇپ قالدۇق، قېنى، بىر بىلەن تاغ تۇراغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، چاۋ گەي، سۈك جياڭ ھەزرەتلىرىنى مەمنۇن قىلغايلا، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جۇ تۇڭ بىر ھازاغىچە گەپ قىلماي تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— تەخسىر، — دېدى ئۇ، — بۇ گەپنى قويسىلا! خەق ئاڭلاپ قالسا ياخشى بولمايدۇ. لېي خېڭ ئىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغانلىقتىن، ئۇنى مەردلىك بىلەن قويۇۋەتتىم، ئۇ باشپاناھسىز قالغانلىقتىن، تاغقا چىقىپ توپقا قوشۇلۇپتۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەرگە پالاندىم، ئەمدى تەڭرىم رەھىم قىلسا، بىر-ئىككى يىلغىچە تىرمىشىپ يۈرۈپ، ئامان-ئېسەن يۇرتۇمغا قايتىۋېلىپ، تىنچ نېنىمنى يەپ ئۆتەي. مېنىڭ ئۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا قانداق كۆڭلۈم ئۇنىسۇن؟ ئىككىلىرى قايتىپ كەتسىلە، بۇ يەردە بىرەر ئىش تېرىپ قويمايلى.

— ئاغا، — دېدى لېي خېڭ، — بۇ يەردە سەن خەقنىڭ تاپىنىنى يالاپ ئۆتۈۋاتىسەن، بۇ ھەرگىز ئوغۇل بالىغا لايىق ئىش ئەمەس. مەن سېنى تاغقا چىقىشقا قىستىغىنىم ئەمەس، چاۋ گەي بىلەن سۈڭ جياڭ ھەزرەتلىرى راستىلا ئۇزۇندىن بۇيان سېنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، كېچىكمەي بارغىن.

— ھەي ئىنى، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ سېنىڭ ياشانغان ئاناڭنى دەپ سېنى قويۇۋەتكىنىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، ئەمدى كېلىپ مېنى نامەردلىك تۇزىقىغا ئىتتىرىۋاتىسىنا! — دېدى جۇ تۇڭ.

— يۈزبېشىم، بېرىشقا رازى بولمىسىلا مەيلى، خەير، بىز كېتەيلى ئەمىسە، — دېدى خەلپەت ۋۇ يۇڭ.

— ئەرزىمەس نامىمنى ئىزھار قىلىپ، ئاتامانلارغا جاۋابىمنى يەتكۈزۈپ قويسىلا، — دېدى جۇ تۇڭ.

ئۇلار بىللە كۆۋرۈك بېشىغا كەلدى.

جۇ تۇڭ كېلىپ قارىسا كىچىك بەگزادە كۆرۈنمىدى، ئۇ

قاياقتىن ئىزدىشنى بىلمەي داد ـ پەرياد چەكتى. لىي خېڭ ئۇنى توسۇپ:

— ئاغا، تۇرۇپ تۇر، مەن بىلەن بىللە كەلگەن ئىككى ھەمراھىم سېنىڭ بېرىشقا ئۇنىمىغانلىقىڭنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەگزادىنى ھاپاش قىلىپ ئەكېتىپ قالغان بولمىسۇن يەنە، بىللە ئىزدەيلى، — دېدى.

— ھەي ئىنى، بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇ بەگزادە ئامبال بېگىمنىڭ جېنى، ئۇنى ماڭا تاپشۇرۇپ قويغان، — دېدى جۇ تۇڭ.

— ئاغا، مەن بىلەن ماڭ، — دېدى لىي خېڭ ئۇنىڭغا.

جۇ تۇڭ لىي خېڭ ۋە ۋۇ يۇڭ بىلەن بىللە يەر ـ زېمىن ئىلاھى بۇتخانىسىدىن شەھەر سىرتىغا چىقتى. جۇ تۇڭ:

— ھەمراھىڭ بەگزادىنى نەگە ئېلىپ كەتكەندۇ؟ — دەپ سورىدى خاۋاتىرسىزلىنىپ لىي خېڭدىن.

— ئاغا، مېڭىۋەر، بىزنىڭ چۈشكۈنىمىزگە بارساڭ بەگزادىنى تېپىپ بېرىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى لىي خېڭ.

— كېچىكىپ بارسام ئامبال بېگىم كايىپ كېتەمدىكىن دەيمەن، — دېدى جۇ تۇڭ.

— بىللە كەلگەن ئىككى ھەمراھىمىز ئىش بىلمەيدىغان نېمىلەر، جەزمەن چۈشكۈنىمىزگە ئېلىپ كەتتى بولغاي، — دېدى خەلپەت ۋۇ يۇڭ.

— ھەمراھىڭنىڭ ئىسمى-شەرىپى كىم؟ — دەپ سورىدى جۇ تۇڭ لىي خېڭدىن.

— مەنمۇ تونۇمايمەن، — دېدى لىي خېڭ، — ئۇنى قاراقۇيۇن لى كۇي دېگەننىلا ئاڭلىغىنىم بار.

— جياڭجۇدا ئادەم ئۆلتۈرگەن لى كۇيمۇيا؟ — دېدى جۇ تۇڭ چۆچۈپ.

— ھەئە شۇ، — دېدى خەلپەت ۋۇ يۇڭ.

جۇ تۇڭ بۇنى ئاڭلاپ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك داد ـ پەرياد

سالدى ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ كېتىۋەردى. ئۇلار شەھەردىن ئالاھازەل يىگىرمە چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا «مانا مەن بۇ يەردە» دەپ ۋارقىراپ لى كوي پەيدا بولدى.

جۇ تۇڭ ھاپىلا ـ شاپىلا بېرىپ ئۇنىڭدىن:

— بەگزادە قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— ئەسسالام زىندانبېگىم، بەگزادە مۇشۇ يەردە، — دەپ تەزىم قىلدى لى كوي.

— سەن بەگزادىنى ساق ـ سالامەت ماڭا تاپشۇر، — دېدى جۇ تۇڭ.

— بەگزادىنىڭ چېكە چېچى مانا مېنىڭ بېشىمدا، — دېدى لى كوي بېشىنى كۆرسىتىپ.

جۇ تۇڭ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، «بەگزادە قەيەردە» دەپ يەنە سورىدى.

— مەن ئۇنىڭ كالپۇكىغا بىھوش دورىسى سۇرتۇپ شەھەردىن كۆتۈرۈپ كەلگەندىم، ھازىر ئۇ دەرەخزارلىقتا ئۇخلاۋاتىدۇ، ئۆزلىرى بېرىپ كۆرسىلە، — دېدى لى كوي.

جۇ تۇڭ ئاي يورۇقىدا دەرەخلىككە يۈگۈرۈپ بارسا، بەگزادە يەردە دومىلاپ يېتىپتۇ. جۇ تۇڭ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولۇپ قولىنى سوزدى ـ دە، ئۇنىڭ كاللىسى ئىككى پارچە بولۇپ ئۆلۈك ياتقانلىقىنى بىلدى.

جۇ تۇڭنىڭ ئوغىسى قايناپ دەرەخزارلىقتىن ئېتىلىپ چىقتى، قارىسا ھېلىقى ئۇچەيلەن كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۇياق ـ بۇياققا كۆز تاشلاپ يىراقتىكى قارا قۇيۇننى كۆردى، ئۇ جۇپ ئايپالتىسىنى ئوينىتىپ:

— كەل، قېنى سەن بىلەن تازا بىر ئېلىشاي، — دېدى.

جۇ تۇڭنىڭ قەھرى ئۆرلەپ، ھېچنېمىگە قارىماي، يەڭلىرىنى شىمايلىغان پېتى گۈرس ـ گۈرس قەدەم تاشلاپ قوغلاپ كەلدى. لى كوي كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى، جۇ تۇڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. تاغ ـ داۋانلار كېزىشكە كۆنۈپ كەتكەن لى كويغا جۇ



www.uyghurkitap.com

تۆك قانداق يېتىشەلىسۇن؟ ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۇدەپ توختاپ قالدى. لى كۆي ئۇنىڭ ئالدىدا كېتىۋېتىپ: «كەل، كەلمەمسەن قېنى، يا سەن ئۆلىسەن، يا مەن» دەپ يەنە توۋلىدى.

جۇ تۆڭنىڭ ئۇنى چايناپ يۇركۇۋەتكۇسى كەلسىمۇ، قوغلاپ يېتىشەلمىدى. قوغلا ـ قوغلا ئاخىرى تاڭ سۇزۇلۇپ قالدى. لى كۆي ئۇنىڭ ئالدىدا تېز قوغلىسا تېز، ئاستا قوغلىسا ئاستا قاچتى، قوغلىمىسا قاچمىدى. ئاخىر ئۇ قېچىپ بىر جاڭزىغا كىرىپ كەتتى. جۇ تۆڭ بۇنى كۆرۈپ: «بۇ لەنىتى مۇشۇ يەرگە كىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقىنىم ئېلىشقان» دېدى.

جۇ تۆڭ قوغلاپ ھېلىقى جاڭزىغا كىرىپ، سارايىنىڭ ئالدىغا كەلدى، قارىسا ئىككى ياندا نۇرغۇن قورال ـ ياراغلار ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. جۇ تۆڭ: «بۇمۇ بىر سىپاھبەگنىڭ جاڭزىسىدەك تۇرىدۇ» دەپ قەدىمىنى توختاتتى ـ دە:

— جاڭزىدا ئادەم بارمۇ؟ — دەپ توۋلىغانىدى. دەرپەردە كەينىدىن بىر ئادەم چىقتى. بۇ كىم بولغاي؟

## نەزم

تا ئەزەلدىن لەئەل ـ گۆھەردەك ئەتىۋا ئۆسكەندى،
جەد ـ جەمەتى شاھى سۇلتان بەگ بولۇپ ئۆتكەندى.
پاسىبان بولغاچ تۆمۇر شاھانە دەستەك ئۆيىدە،
مەردۇ دانىشلارنى تويلاپ داڭقى يۇر كەتكەندى.
كەلسە مېھمانلار كۇتەر ئۇ شادىمان ئۇلپەتلىشىپ،
مېھرى ئىسسىق، قولى كەڭ، داستىخاننى كەڭ ئەتكەندى.
خۇددى مىڭ چاڭچۇن كەبى ئەلەم ـ قەلەمنىڭ ماھىرى،
زەكى چەي جىن كىچىك قۇيۇن دەپ لەقەم سىڭگەندى.

بۇ كىشى دەل كىچىك قۇيۇن چەي جىن ئىدى، ئۇ:
— كىم سەن؟ — دەپ سورىدى.

جۇ تۇڭ ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە كېلىشكەن ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تەزىم قىلىپ:

— پېقىر يۇنچېڭ ناھىيەسىنىڭ زىندانبېگى جۇ تۇڭ بولىمەن، گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىمدىن يۈزۈمگە خەت چېكىپ بۇ يەرگە پالاشتى. تۈنۈگۈن ئاخشام ئامبالنىڭ كىچىك بەگزادىسىنى دەريا پانۇسلىرىنى كۆرسىتىشكە ئاچىققانىدىم، قارا قۇيۇن بەگزادىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، مۇبارەك جاڭزىلىرىغا قېچىپ كىرىۋالدى، ئۇنى تۇتۇشقا يارى - ھەمدەم بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

— ھە، كۆركە ساقال ئىكەنلىغۇ، قېنى، مەرھەمەت قىلىپ بىردەم ئولتۇرسىلا، — دېدى چەي جىن.

— بېگىم، ناملىرىنى سورالمايۋاتىمەن، كىم بولىلاكىن؟ — دەپ سورىدى جۇ تۇڭ ئۇنىڭدىن.

— كەمىنىلىرى قۇيۇنتاز دەپ ئاتىلىدىغان چەي جىن بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— ئۇلۇغ ناملىرىنى ئاڭلىغانىمەن، — دەپ تەزىم قىلدى جۇ تۇڭ، — بۈگۈن مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بوپتىمەن ئەمىسە!

— ئۆزلىرىنىڭ كۆركە ساقال دېگەن ناملىرىنىمۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئاڭلايتتىم، قېنى، ئىچكىرى سارايغا كىرىپ پاراڭلىشايلى، — دېدى چەي جىن.

جۇ تۇڭ چەي جىنگە ئەگىشىپ ئىچكىرىگە كىردى ۋە:

— قارا قۇيۇن دېگەن ئەبلەخ جاڭزىلىرىغا يوشۇرۇنۇشقا قانداق پېتىنالىدى؟ — دېدى.

— گېپىمگە قۇلاق سالسىلا، — دېدى چەي جىن، — كەمىنىلىرى ئۆمرۈمدە ئەل يۇرتتىكى پالۋانلارنى دوست - يار تۇتۇشقا خۇشتارمەن. ئەجدادلىرىمنىڭ چېنچياۋ ئۆتكىمىدە تاج - تەختىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن تۆھپىسى بولغاچقا، بۇرۇنقى خانلىقلار تۆمۈرگە ئويۇلغان شاھانە دەستەك ئىنئام قىلغان. شۇڭا، ئىش -

پىش تېرىپ قويغان ئادەملەر ئۆيۈمگە يوشۇرۇنۇۋالسىمۇ ھېچكىم كىرىپ ئاختۇرالمايدۇ. مېنىڭ بىر جانجىگەر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ ئۆزلىرى بىلەنمۇ قەدىناس ئىكەن، مۇشۇ كۈنلەردە لياڭشەن كۆلىدە ئاتامان بولۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇنى شىپالىق يامغۇر سۇڭ دانىش دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ سىلىنى تاغقا چىقىپ، مەردلىك يولىدا جەم بولسا دەپ بىر مەخپىي مەكتۇپ بىلەن ۋۇ يۇڭ خەلپەت، لىبې خېڭ ۋە قارا قۇيۇننى جاڭزامغا ئەۋەتىپتىكەن، سىلى تاغقا چىقىشقا كۆنمىگەنلىكتىن، قەستەن لى كۇيغا كىچىك بەگزادىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىپ، سىلىنىڭ قايتىدىغان يوللىرىنى كېسىپ تاشلىدى. ئەمدى تاغقا چىقىپ پالۋانلار كۇرسىسىدىن ئورۇن ئالماقتىن باشقا ئىلاجىلىرى قالمىدى! ھەي، ۋۇ يۇڭ تەخسىر، لىبې خېڭ! نېمىشقا بېرى چىقىپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتمايسىلەر؟ — دەپ توۋلىدى.

بۇ چاغدا ۋۇ يۇڭ، لىبې خېڭلار يان ھۇجرىدىن چىقىپ جۇ تۇڭغا سالام بىلەن تەزىم قىلىپ:

— ئاغا، كەچۈرسىلە، گۇناھ بىزدە ئەمەس، بۇنىڭ ھەممىسى ئاغىمىز سۇڭ دانىشنىڭ بۇيرۇقى، ئۇ شۇنداق قىلىڭلار دەپ تاپشۇرغانىدى. تاغ تۇراغا بارغاندا بىلىلا، — دېيىشتى.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ بۇمۇ بۇرادەرلىرىم ھەرقايسىلىرىنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرى ئىكەن ـ دە، بىراق بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭلار! — دېدى جۇ تۇڭ.

چەي جىن ھە دەپ ئوتتۇرىدا سۆلھى ـ سالا قىلدى.

— چىقسام چىقاي، ئالدى بىلەن قارا قۇيۇننى ماڭا بىر كۆرسىتىڭلار! — دېدى جۇ تۇڭ.

— ھەي، لى كۇي ئاغا قېنى سەن، بۇ ياققا چىقىپ ئۆزرىخاھلىق ئېيت، — دەپ قىچقىردى چەي جىن.

لى كۇيمۇ يان ھۇجرىدىن چىقىپ سالام بەردى، بۇنى كۆرگەن جۇ تۇڭنىڭ قەلبىدىكى غەزەپ ئوتى مىڭ گەز ئۆرلىدى، ئۇ ئۆزىنى باسالماي، چاچراپ تۇرۇپ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى ـ دە،

لى كۆي بىلەن جان تىكىپ ئېلىشماقچى بولدى. چەي جىن، لېي خېڭ، ۋۇ يۇڭلار ئۇنىڭغا ھاي بېرىپ ئاران تۇتۇۋالدى.

— مېنى تاغقا چىقسۇن دېسەڭلار، بىر شەرتىمگە كۆنسەڭلار ئاندىن چىقىمەن، — دېدى جۇ تۇڭ.

— بىر ئەمەس، قانچە شەرتلىرى بولسىمۇ كۆنىمىز، قېنى، شەرتلىرىنى ئېيتسىلا، ئاڭلايلى، — دېدى ۋۇ يۇڭ. ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس! مۇبادا جۇ تۇڭ بۇ شەرتنى قويمىغان بولسا، گاۋ تاڭ ئايمىقىدا ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈلمىگەن بولاتتى، دانىشمەنلەر ھامىيسى بولغان شاھ ئەۋلادى جازاغا تارتىلمىغان، مېھماندوست خان پۇشتى تەھتىساراغا راۋان بولمىغان بولاتتى. جۇ تۇڭنىڭ زادى قانداق شەرت قويغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئەللىك ئىككىنچى باب

## لى كۇينىڭ يىن تيەنشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۇرگەنلىكى چەي جىنىنىڭ گاۋ تاڭ ئايمىقىدا قولغا چۈشكەنلىكى

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا جۇ تۇڭ ئۇلارغا:

— ئەگەر مېنى تاغقا چىقسۇن دېسەڭلار، قارا قۇيۇننى ئۆلتۇرۇپ دەردىمنى ئېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن چىقىمەن، — دېدى.

— پالان نېمەمنى چايناپسەن، — دېدى بۇ گەپنى ئاڭلىغان لى كۇي دەرغەزەپ بولۇپ، — مەن چاۋ گەي، سۇڭ جياڭ ئاغامىلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شۇنداق قىلدىم، مەن بىلەن بۇ ئىشنىڭ نېمە چېتىشلىقى بار!

جۇ تۇڭنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ يەنە لى كۇي بىلەن ئېلىشماقچى بولۇۋىدى، ئۇچەيلەن ئۇنىڭغا هاي بېرىپ توختىتىۋالدى.

— ئەگەر تاغدا قارا قۇيۇنلا بولىدىغان بولسا مەن ئۆلسەممۇ چىقمايمەن، — دېدى جۇ تۇڭ.

— ئۇنداق بولسا ئىش ئاسان، — دېدى چەي جىن، — مېنىڭچە، لى كۇي ئاغا مېنىڭكىدە قالسۇن، ئۇچەيلەن تاغقا چىقىۋېرىشسىلە، چاۋ گەي بىلەن سۇڭ جياڭ هەزرەت مەمنۇن بولسۇن.

— ئەمدى بولار ئىش بولدى، — دېدى جۇ تۇڭ، — ئامبال جەزمەن يۇنچېڭ ناهىيەسىگە مېنى تۇتۇش توغرىسىدا ئالاقە چۈشۈرىدۇ. ئۇلار خوتۇن ـ بالامنى تۇتۇپ كەتسە قانداق

قىلغۇلۇق؟

— خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى ۋۇ يۇڭ، — بۇ چاغقىچە سۇڭ دانىش سىلىنىڭ ئەزىز باللىچاقىلىرىنى تاغقا ئاچىقىپ كەتتى.

جۇ تۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاندىن ئازراق خاتىرجەم بولدى.

شۇ كۈنى چەي جىن ئۈزىتىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى مەي - شاراب بىلەن مېھمان قىلدى. كەچقۇرۇن ئۇچەيلەن چەي جىن غوجا بىلەن خەيرلىشىپ مېڭىشقا جابدۇندى. چەي جىن ئوتاقچىلارغا ئۈچ ئات بىلەن ئۇلارنى ساڭجۇ تەۋەسىگە ئۈزىتىپ قويۇشنى بۇيرۇدى، جۇدالىشىش ئالدىدا ۋۇ يۇڭ لى كۈيغا:

— ئېھتىياتچان بول، غوجىنىڭ جاڭزىسىدا بىر مەھەل تۇرۇپ تۇرغىن، ھەرگىز كەلسە - كەلمەس ئىش تېرىپ، كىشىنى بالاغا قويما، بىرەر - يېرىم يىل ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئاچچىقى يانغاندىن كېيىن كېلىپ سېنى تاغقا ئاچىقىپ كېتىمىز، شۇ چاغدا چەي جىن غوجامنىمۇ چىللاپ تويقا قوشۇۋالىمىز، — دەپ جېكىلىدى.

ئۇچەيلەن ئاتلىرىغا مىنىپ يولغا راۋان بولدى.

ئەمدى چەي جىن بىلەن لى كۈينىڭ جاڭزىغا قايتقانلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، ۋۇ يۇڭ، لېي خېڭلارنىڭ كەينىدىن لياڭشەن كۆلىگە تويقا قوشۇلۇشقا كېتىپ بارغان جۇ تۇڭغا كېلەيلى. ئۇلار بىر مەنزىل يول بېسىپ ساڭجۇ ئايمىقى تەۋەسىدىن ئۆتكەندە، ئوتاقچىلار ئاتلىق ئارقىغا قايتىپ كەتتى. ئۇچەيلەن بولسا لياڭشەن كۆلىگە قاراپ مېڭىۋەردى، يولدا ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىدى. ئۇلار جۇ گۈينىڭ مەيخانىسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئاۋۋال تاغ تۇراغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. چاۋ گەي بىلەن سۇڭ جياڭ چوڭ - كىچىك ئاتامانلارنى ئەگەشتۈرۈپ، داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلارنى چېلىپ جىنشاتەنگىچە ئالدىغا كەلدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى. مېھمانلار تاغدىكى چوڭ تۇرا ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئاندىن ھەممىسى مەردلەر سارىيىغا جەم

بولۇپ مۇڭداشتى.

— ھەرقايسىلىرىنىڭ دەۋەتلىرى بىلەن تاغقا چىقتىم، ساڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلى خوتۇن - بالىلىرىمنى تۇتۇش توغرىسىدا يۇنچېڭ يامۇلىغا جەزمەن بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. بۇنىڭغا قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى جۇ تۇڭ.

— خاتىرىلىرىنى جەم قىلسىلا ئاغا، ھۆرمەتلىك يەڭگىمىز بىلەن ئەزىز ئوغۇللىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىلى خېلى كۈن بولدى، — دېدى سۇڭ جياڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ.

— ھازىر ئۇلار نەدە؟ — دەپ سورىدى جۇ تۇڭ.

— بۇزرۇكۋار ئاتامنىڭ ئارامگاھىدا كۈتۈلۈۋاتىدۇ، ئۆزلىرى بېرىپ كۆرۈشۈپ كەلسىلە، — دېدى سۇڭ جياڭ.

جۇ تۇڭ بىھېساب خۇرسەن بولدى. سۇڭ جياڭ ئۇنى باشلاپ بېرىشقا ئادەم تەيىنلىدى، جۇ تۇڭ سۇڭ غوجىنىڭ ئارامگاھىغا بېرىپ خوتۇن - بالىلىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئېرىغ ماللىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، خوتۇنى ئۇنىڭغا:

— يېقىندا بىرى سىلىنى تاغ تۇراغا بېرىپ تويقا قوشۇلدى، — دەپ مەكتۇپ ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ كېچىلەپ بۇ يەرگە كەلدۇق، — دېدى.

جۇ تۇڭ قايتىپ چىقىپ ھەممىسىگە رەھمەت - تەشەككۈر ئېيتتى. سۇڭ جياڭ جۇ تۇڭ بىلەن لېي خېڭنى تاغ تۆپىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ ئىككى ئاتامانلار شەرىپىگە ئۇدا نەچچە كۈن بەزمە - زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى قۇتلۇقلىدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى ساڭجۇ ئامبىلىدىن ئاڭلايلى. ئامبال كەچ بولۇپ كەتكۈچە جۇ تۇڭنىڭ بەگزادىنى قايتۇرۇپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇشمۇتۇشقا ئادەم ئەۋەتىپ، يېرىم كېچىگىچە ئىزدەتتى، ئەتىسى بىرى ئامبالغا دەرەخزارلىقتا ئايرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دەپ خەۋەر قىلدى، بۇنى ئاڭلىغان ئامبال قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن دەرەخزارلىققا باردى. ئۇ

جەسەتنى كۆرۈپلا يۇم ـ يۇم يىغلىدى، ئاندىن جەسەتنى جەسەت ساندۇقىغا سېلىپ كۆيدۈردى. ئەتىسى ئۇ دۇۋانغا چىقىپ جۇ تۇڭنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ كېلىش توغرىسىدا ھەرقايسى جايلارغا ئالاقە ئەۋەتتى. يۇنچېڭ ئامبال يامۇلى جۇ تۇڭنى خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ، قاياقلا كەتكەنلىكى نامەلۇم، دەپ ئايماق يامۇلىغا مەلۇمات يوللىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئايماق، ناھىيەلەرگە ئالاقە ئەۋەتىلىپ، تۇتۇپ كەلگەنلەرگە ئىنئام بېرىلىدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇلدى، بۇ گەپمۇ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى لى كۇيگە كەلسەك، ئۇ چەي جىننىڭ جاڭزىسىدا بىر ئايدەك تۇردى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز بىر كىشى بىر پارچە جىددىي مەكتۇپنى كۆتۈرۈپ جاڭزىغا كىردى، چەي جىن غوجا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە مەكتۇپنى ئېلىپ ئوقۇش بىلەن قاتتىق چۆچۈپ، ئۇنىڭغا:

— ئۇنداق بولسا، بارمىسام بولمايدىكەن، — دېدى.

— غوجام، شۇنچىۋالا جىددىي نېمە ئىش ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سورىدى لى كۇي ئۇنىڭدىن.

— چەي مەھرەمبېگى دېگەن بىر تاغام بار ئىدى، — دېدى چەي جىن، — ئۇ گاۋ تاڭ ئايمىقىدا ئولتۇراتتى، ھازىر مەزكۇر ئايماقنىڭ ئامبىلى گاۋ ليەن دېگەننىڭ قېيىنئىنىسى يىن تيەنشى دېگەن بەتبەخت تاغامنىڭ بېغىنى تارتىۋالماقچى بولۇپتىكەن، تاغام شۇ دەرد ـ ئەلەمدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، ئۆلۈپ ـ تىرىك قالماسلىقى نامەلۇم ئوخشايدۇ، ھەرقاچان ۋەسىيىتى بولسا كېرەك، شۇڭا مېنى ئالاھىدە چاقىرتىپتۇ. تاغامنىڭ يا بىر ئوغلى، يا بىر قىزى يوق، مەن ئۆزۈم بارمىسام بولمايدۇ.

— سىلى بىلەن مەنمۇ بىللە بارسام قانداق؟ — دېدى لى كۇي.

— بارىمەن دېسىلە مەيلى، بىللە بارسىلا، — دېدى چەي جىن ۋە شۇ ئان كۆرپىسىنى جۆندىدى، ئاندىن ئون نەچچە

ئوبدان ئات تاللاپ بىرقانچە ئوتاقچى بىلەن ماڭغان بولدى، ئەتىسى چەي جىن لى كوي ۋە مولازىملىرى بىلەن تاڭ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتلاندى ـ دە، جاڭغىزىدىن چىقىپ گاۋ تاڭ ئايمىقىغا يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار گاۋ تاڭ ئايمىقىغا شۇ كۈنىلا يېتىپ باردى. ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئۇدۇل چەي مەھرەمبېگىنىڭ ئۆيى ئالدىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشتى، چەي جىن، لى كوي ۋە مولازىملىرىنى تاشقىرىقى سارايدا قالدۇرۇپ، ئۆزى تاغىسى چەي مەھرەمبېگىنى يوقلاپ ھوجىرىسىغا كىردى. كىرىپ قارىسا، ئۇ شۇ ھالەتتە يېتىپتۇكى:

يۈزلىرى زەپىران، دەردتە سارغايغان،
تەنلىرى تېرەكتەك قۇرۇپ قاقشىغان.
ھەردەمدە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭبىر تىرىلىپ،
جېنىمۇ ھەلقۇمغا كېلىپلا قالغان.
چىشلىرى كىرىشكەن ئاچچىق دەستىدىن،
ئۆتمەيتتى بىر تال چۆپ كالپۇك ـ لېۋىدىن.
يۈرىكى ـ باغرى كۆيۈپ ـ ئۆرتىلىپ،
مەلھەممۇ ماڭمايتتى ھېچلا گېلىدىن.
ئەزرائىل بېشىدىن كەتمەي يىراققا،
لوقماننىڭ دورىسىمۇ كار قىلماس ئاڭا.

چەي مەھرەمبېگىنى بۇ ھالدا كۆرگەن چەي جىن كات ئالدىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلىدى. چەي مەھرەمبېگىنىڭ كىچىك خوتۇنى چىقىپ:

ــ غوجام، ئات مىنىپ سەپەردىن ھېرىپ ـ ئېچىپ ئەمدىلا كەلدىلە، سەۋر قىلسىلا، ــ دەپ تەسەللى بەردى.

چەي جىن ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ ئەھۋالنى سورۇشتۇردى. ئۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— بۇ يەرگە گاۋ لىيەن دېگەن يېڭى بىر ئامبال كەلدى، مەزكۇر ئايماقنىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئۇنىڭ ئىلكىدە، ئۇ ئاستانىدىكى گاۋ ئەمىر بىلەن بىر نەۋرە بولىدىكەن، ئاكىسىنىڭ كۈچ - ئابرۇيىغا تايىنىپ، بۇ يەردە قىلمىغان شۇملۇقلىرى قالمىدى. ئامبال خوتۇنىنىڭ يىن تيەنشى دېگەن بىر ئىنىسىنىمۇ ئېلىپ كەپتۇ، خەقلەر ئۇنى «مەھرەمبېگى» دەپ ئاتىۋاپتۇ. ئۇ هارامزادە كىچىك بولغىنى بىلەن ئاچىسىنىڭ ئېرى گاۋ لىيەننىڭ هوقۇق - كۈچىگە تايىنىپ، بۇ يۇرتتا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ كىشىلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا خۇشامەتگۈي - تەخسىچىلەر بىزنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدە شىپاڭلىق كۆلى بار چارباغنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ هارامزادە يىگىرمە - ئوتتۇز قىزىلكۆز ئوغرىنى باشلاپ كېلىپ، ئۆيىمىزگە ئۇسۇپ كىردى، ئاندىن ئارقىدىكى باغنى كۆرۈپ: «مەن كېلىپ ئولتۇرىمەن، كۆچۈڭلار» دېدى. تاغىلىرى ئۇنىڭغا: «بىز ئالتۇن تاجدارلار ئەۋلادى، بۇرۇنقى خانلىقلار ئىنئام قىلغان تۆمۈرگە ئويۇلغان دەستىخەتلىرىمىز بار، سىلەرنىڭ بوزەك قىلىشىڭلارغا يول قويمايمەن. ئۆي - ماكانلىرىمنى تارتىۋېلىپ، خوتۇن - بالىلىرىمنى قوغلىۋېتىشكە سىنىڭ نېمە هەددىڭ؟» دېسىمۇ، ئۇ بەتبەخت گەپكە قۇلاق سالماي بىزنى جەزمەن كۆچىسىلەر دەپ تۇرۇۋالدى. تاغىلىرى ئۇنىڭغا يەنە گەپ قىلىۋىدى، ئۇ ئەبلەغ تاغىلىرىنى دۆشكەلەپ قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. شۇ دەرد - ئەلەم بىلەن يېتىپ قالغىنىچە ئورنىدىن قوپالمايۋاتىدۇ، ئاسمانغا چىقاي دېسەك ئاسمان يىراق، يەرگە كىرەي دېسەك يەر قاتتىق، ئىلاجسىز قالدۇق، غوجام ئۆزلىرى هىمات بولۇشقا بىر ئوبدان كەپلا، ئەمدى هېچنېمىدىن غەم - ئەندىشىمىز يوق، — دېدى.

— هەي هۆرمەتلىك يەڭگەم، كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ، — دېدى چەي جىن، — سىز ئوبدان تېۋىپ - هېكىملەرنى چاقىرتىپ تاغامغا ياخشى سەۋەب قىلغۇزۇڭ، ئۇلار يەنە بوسۇغىمىزغا

دوقۇرۇپ كەلگۈدەك بولسا، مەن ساڭجۇغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆيۈمدىكى شاھانە تۆمۈر دەستەكنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇلار بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن، يامۇلدىن تارتىپ تاكى خاننىڭ ھۇزۇرىغىچە بارىمەن، ئۇنىڭدىن ھېچ قورقۇشۇم يوق!

— غوجام، تاغىلىرى ئىشنى باشقا ئاچىقالمىدى، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق زۇكۇنلاشقانلىرى تۇزۇك تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ.

چەي جىن تاغىسىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن لى كۇي بىلەن مۇلازىملىرىغا ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. لى كۇي ئاڭلاپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ـ دە:

— ئۇ تازا يولسىز مۇتتەھەمكىنە! مەن ئۇنىڭغا قولۇمدىكى پالتامنىڭ تەمىنى تېتىتىپ، ئاندىن بېشىمغا نېمە كەلسە شۇنى كۆرىمەن، — دېدى.

— ھەي لى كۇي ئاغا، پەيلىلىرىدىن يانسىلا، ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلىپ نېمە قىلىسىلا؟ ئۇ كۈچ ـ ئابرۇيىغا تايىنىپ كىشىنى بوزەك قىلىمەن دېگەن بىلەن، ئۆيىمىزدە پاناھ بولىدىغان خان يارلىقى بارغۇ، بۇ يەردە سۆزىمىز ئۆتمىسە، پايتەختتە ئۇنىڭدىن چوڭراقلارمۇ بارغۇ، ئېنىق قانۇن ـ مىزاننى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ دەۋالىشىمەن، — دېدى چەي جىن ئۇنىڭغا.

— قانۇن ـ مىزان، قانۇن ـ مىزان دەۋېرىدىكەنلا، — دېدى لى كۇي، — ئەگەر قانۇن ـ مىزانلارغا ئەمەل قىلىنىشىدىغان بولسا، جاھان مۇنداق مالىمان بولمايتتى ! مەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ئاندىن كۆرگۈلۈكنى كۆرىمەن. ئەگەر ئۇ چۇپرەندە ئەرز قىلىدىغان بولسا، شۇ مەلئۇن بەگلەر بىلەن قوشۇپ ھەممىسىنى چاناپ تاشلايمەن.

— بۇ گەپلىرىگە قارىغاندا يەنە تاغقا چىقىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا، جۇ تۇڭ بىلەن يەنە تۇتۇشۇپ قالىلا، بۇ بولسا خان شەھىرى، كىچىك تۇرادىكى چاغدىكىدەك بىشەملىك قىلىسىلا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى چەي جىن.

— خان شەھىرى بولسا نېمە بوپتۇ؟ ۋۇۋېي قەلئەسىدىمۇ

www.uyghurkitap.com

كاللا كەسكەندىمغۇ؟ — دېدى لى كۇي.

— مەن ئەھۋالغا قاراپ باقاي، — دېدى چەي جىن، — سىلىگە ھاجىتىم چۈشسە، شۇ چاغدا يار - يۆلەك بولارلا، ئىش چىقمىسا ئۆيدە ئولتۇرىۋەرسىلە.

دەل بۇ چاغدا ئىچكىرىدىن ئالدىراپ - تېنەپ دېدەك چىقىپ:

— غوجام، ئۆزلىرىنى چەي مەھرەمبېگىم چىللاۋاتىدۇ، — دېدى.

چەي جىن ئىچكىرىگە كىرىپ كات بېشىغا كەلدى، چەي مەھرەمبېگى ئىككى كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ چەي جىنگە:

— ھەي ئەزىز قېرىندىشىم، سەن جەسۇر - جاسارەتلىك، غەيرەت - شىجائەتلىك ئادەم، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزگىنىڭ يوق. مەن ئەمدى يىن تيەنشى سالغان دەرد - ئەلەم دەستىدىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، قان - قېرىنداشلىق يۈز - خاتىرىدىن ئاستانىگە ئۆزۈڭ بېرىپ ئەرز تۇتۇپ، مەن ئۈچۈن قىساس ئال، سەندىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولاي. ئىنى، خەير، ئامان بول، سېنى تەڭرىمگە تاپشۇردۇم! باشقا ۋەسىيىتىم يوق! — دېدى - دە، جان ئۈزدى. چەي جىن بىر پەس ھۆركىرەپ يىغلىدى. چەي مەھرەمبېگىمنىڭ كىچىك خوتۇنى ئۇنى ھوشىدىن كېتىپ قالمىسۇن دەپ تەسەللى بېرىپ:

— بېگىم، كۆڭۈللىرىنى بۇزماي سەۋر قىلسىلا، ئەمدى كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋالايلى، — دېدى.

— شاھانە دەستەك ئۆيۈمدە قاپتۇ، كېچىلەپ ئېلىپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇي، ئاستانىگە بېرىپ ئەرز قىلىشقاندا لازىم بولۇپ قالىدۇ. ئەمدى تاغامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرايلى، قارىلىق كىيىملەر پۈتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنىش ئىشلىرىنى مەسلىھەتلەشمەيمىزمۇ، — دېدى چەي جىن ۋە دىنىي قائىدە - يوسۇن بويىچە كېپەن، يوپۇقلارنى، ھازا خانىنى تەييارلىدى، ئۆيدىكىلەر چوڭىدىن - كىچىكىگىچە

قارىلىق كىيىملىرىنى كىيىپ ھازا تۇتتى. لى كۈي ئىچكىرىكى ھۇجرىدىن چىقىۋاتقان يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بىردەم ئالىقىنىنى سىلىسا، بىردەم مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، ئاھ ـ ھەسرەت يۇتاتتى، ئۇ مۇلازىملاردىن نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى سورىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئېيتىپ بەرمىدى. دۇئا ـ تىلاۋەت ئۇچۇن ھويلىغا راھىبلار تەكلىپ قىلىنغانىدى.

ئۇچىنچى كۈنى يىن تيەنشى بىر يورغا ئارغىماققا مىنىپ، يىگىرمە ـ ئوتتۇزغا يېقىن گۇپپاڭچىنى ئەگەشتۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى. ئۇلار كامالەك، كامان، كاناي ـ سۇناي، چالغۇ ـ سازلارنى كۆتۈرگەن ھالدا، شەھەر سىرتىنى تاماشا قىلىپ بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن قايتىپ كېلىۋاتقانىدى. ئۇلار تۆت سەر ئىچىپ، ئالتە سەر مەست بولۇپ، ئۇدۇل چەي مەھرەمبېگىمنىڭ ھويلىسى ئالدىغا كېلىپ ئاتلىرىنى توختاتتى ـ دە:

— غوجايىن چىقسۇن، گېپىمىز بار، — دەپ توۋلاشتى.

چەي جىن ئاڭلاپ، قارىلىق كىيىملىرى بىلەن ئالدىراپ ـ تېنەپ چىقىپ كەلدى. يىن تيەنشى ئات ئۇستىدە تۇرۇپ ئۇنىڭدىن:

— سەن كىمنىڭ پۇشتى، ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر چەي مەھرەمبېگى بىلەن بىر تۇغقان چەي جىن بولىمەن، — دېدى ئۇ.

— ئوزاكۇن مەن ئۇنىڭغا ئۆيۈڭلەردىن كۆچۈڭلار دەپ تاپشۇرغانىدىمغۇ، نېمىشقا گېپىمگە قۇلاق سالمايسىلەر؟ — دېدى يىن تيەنشى.

— تاغام ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقتىن كۆچەلمىدۇق، كېچە قازا تاپتى، ئەمدى ئۈچ ـ يەتتىسىنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ كۆچۈرمىز.

— كاپشىما ! — دېدى يىن تيەنشى، — مەن ساڭا ئۆيدىن كۆچۈپ كېتىشكە ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىمەن، ئۈچ كۈنگىچە كۆچۈپ كەتمىسەڭ، ئالدى بىلەن سەن مۇتتەھەمنىڭ بوينىغا

تاقاق سالىمەن، ئەمرىمەرۇپ دەررىسىدىن يۈزنى يەيسەن!

— ئۈنچىلىك بوزەك تاپىمەن دەپ خىيال ئەيلىمىسىلە! بىز شاھ ئەۋلادلىرى، بۇرۇنقى خانلىقلار بەرگەن شاھانە دەستىكىمىز بار، بىزگە ھۆرمەت قىلماسلىقتا كىمنىڭ ھەددى ئىكەن؟ — دېدى چەي جىن.

— ئېلىپ چىق، قېنى كۆرۈپ باقاي! — دەپ تووۋلىدى يىن تيەنشى.

— ھازىر دەستەك ساڭجۇ ئايمىقىدىكى ئۆيۈمدە، ئېلىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتىم.

— بۇ بەتبەخت يالغان ئېيتىۋاتىدۇ! خان بەرگەن دەستىكىڭدىنمۇ قورقمايمەن، ھەي مۇلازىملار قېنى سىلەر، ئۇرۇڭلار بۇ بەتبەختنى! — دەپ تووۋلىدى يىن تيەنشى قەھرى بىلەن.

كەلگەنلەر ئەمدى قول سالاي دەپ تۇرۇشىغا، ئىشىك يوچۇقىدىن ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان لى كۇي چەي جىننى ئۇرۇڭلار دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئىشىكنى «جالاققىدە» ئېچىپ نەرە تارتىپ چىقتى ـ دە، ئۇدۇل ئاتنىڭ يېنىغا بېرىپ، يىن تيەنشىنى ئات ئۈستىدىن تارتىپ چۈشۈرگىنىچە مۇشت بىلەن ئۇرىۋەردى. ئۇنىڭ يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئاتلىق چېرىكى لى كۇينى تۇتماقچى بولۇۋىدى، لى كۇي مۇشت بىلەن بەش ـ ئالتىسىنى تىك موللاق چۈشۈردى. قالغانلىرى گۇررىدە قېچىپ كەتتى. لى كۇي يىن تيەنشىنى يەردىن يۇلۇۋېلىپ، ھە دەپ ئۇرۇپ تەپتى. ئۇنى چەي جىن نەدىكىنى توختىتىۋالىسۇن. چەي جىن يىن تيەنشىگە قارىسا، ئاللىقاچان ئۆلۈپ، جىن ـ شەيتانلارغا يەم بوپتۇ.

## نەزم

تايىنىپ ھوقۇققا يىن تيەنشى بۇلاپ خەق مۈلكىنى،
تەگرى قانۇنىدىن ئالدى قىلمىشىغا ھەققىنى.



www.uyghurkitap.com

قەھرلىك لى كۇيغا قانداق تەڭ تۇرالايدۇ كىشى،
ساڭا ئەزرائىلنى كۆرسەتمەي كەچۈرگەيمۇ سىنى.

لى كۇي يىن تيەنشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. چەي جىن ئەمدى چاتاق بولدى، دەپ زارلاندى، ئۇ لى كۇينى كەينى ھۇجرىغا مەسلىھەتكە چاقىرىپ:

— ھېلى بۇ يەرگە ئادەم يېتىپ كېلىدۇ، ئەمدى سىلى بۇ جايدا ئارام تاپالمايلا، دەۋانى مەن ھۆددىگە ئالاي، چاققان لياڭشەن كۆلىگە قايتىپ كەتسىلە، — دېدى.

— مەن كەتسەم سىلى بالاغا قالماملا، — دېدى لى كۇي.

— مېنىڭ شاھانە دەستىكىم پاناھ بولىدۇ. سىلى ھايال بولماي كەتكەنلىرى تۈزۈك، — دېدى چەي جىن.

— لى كۇي قوش ئايپالتىسىنى كۆتۈردى ۋە يېنىغا خەج - خىراجەت ئۈچۈن پۇل - پۇچەك سېلىۋېلىپ ئارقا دەرۋازىدىن چىقتى - دە، لياڭشەن كۆلىنى پاناھداپ ماڭدى.

بىردەمدىن كېيىن شەمشەر - قىلىچ، نەيزە - توقماقلارنى كۆتۈرگەن ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادەم كېلىپ چەي مەھرەمبېگىنىڭ قورۇسىنى ئورىۋالدى. چەي جىن ئۇلارنىڭ ئادەم تۇتقىلى كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇلارغا:

— مەن سىلەر بىلەن يامۇلغا بېرىپ دەۋالىشىمەن، — دېدى.

ئۇلار ئالدى بىلەن چەي جىننى چەمبەرچاس باغلىدى. ئاندىن ئۆيگە كىرىپ قاتىللىق قىلغان قارا باتۇرنى ئىزدىدى، لېكىن تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن چەي جىننى ئايماق يامۇلغا ئەكېلىپ، دىۋان ئالدىدا يۈكۈندۈردى. ئامبال گاۋ ليەن قېيىنئىنىسى يىن تيەنشىنىڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دىۋاندا ئوغىسى قايناپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە تۇتقۇننى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ دىۋان ئالدىدا باغلاقلىق يۈكۈندۈرۈلگەن چەي جىننى كۆرۈپ:

— مېنىڭ يىن تيەنشىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قانداق قولۇڭ

باردى؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— پېقىر پادىشاھ چەي شىزۇڭنىڭ ئەۋلادىمەن، — دەپ داد ئېيتتى چەي جىن، — ئۆيىمىزدە بۇرۇنقى بوۋاكالان ئىلتىپات قىلغان دەستىكىم بار. ھازىر ساڭجۇ ئايمىقىدا ئولتۇرىمەن. تاغام چەي مەھرەمبېگى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغانلىقتىن، ئالاھىدە يوقلاپ كەلگەنىدىم، قازارا تاپتى، ھازىر مېيىت ئۆيدە قالدى، يىن «مەھرەمبېگى» يىگىرمە - ئوتتۇزچە ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، ئۆيدىن چوقۇم قوغلاپ چىقىرىمەن، — دېدى. ئۇ پېقىرنىڭ گېپىنى قىلچە ئىلىك ئالماي، ئادەملىرىگە مېنى ئۇرغۇزماقچى بولۇۋىدى، ئوتاقچى لى دا مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىمەن دەپ ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى.

— لى دا ھازىر قەيەردە؟ — دەپ ۋاقىرىدى گاۋ ليەن.

— قورقىنىدىن قېچىپ كەتتى، — دېدى چەي جىن.

— ئۇ بىر ئوتاقچى تۇرسا، سەندىن بىسوراق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۇنىڭ ھەددىمۇ! ئۇنى ئۆزۈڭ قەستەن قاچۇرۇۋېتىپ، ئەمدى خانىدانلىقنىڭ كۆزىنى بويىماقچى بولۇۋاتىسەن. سەن ھارامزادىنى ئۇرمىسا ئىقرار قىلمىغۇدەكسەن ! ھەي گۇندىپايلار، قېنى سىلەر، بۇ ھارامزادىنى بولۇشىغا ئۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى گاۋ ليەن.

— ئوتاقچىم لى دا غوجايىنىمنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمەن دەپ ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى، مەندە گۇناھ يوق ! بوۋا كالان ئىلتىپات قىلغان دەستىكىم بار تۇرسا، نېمىشقا مېنى جازاغا تارتىسىلەر؟ — دەپ توۋلىدى چەي جىن:

— دەستىكىڭ قېنى؟

— ساڭجۇدا ئىدى، ئەكېلىشكە ئادەم ئەۋەتتىم.

— بۇ ھارامزادە خانىدانلىققا بويۇنتاۋلىق قىلىۋاتىدۇ. ھەي مۇلازىملار، ئۇنى ئايىماي ئۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى گاۋ ليەن غەزەپ بىلەن.

ئۇنىڭ مۇلازىملىرى چەي جىننى ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ

گۆشلىرىنى تىتىۋەتتى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئاقتى. ئۇ نائىلاج: «ئوتاقچىم لى داغا يىن تىيەنشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگۈزدۈم» دەپ ئىقرار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بوينىغا يىگىرمە بەش جىڭ كېلىدىغان قاتىللىق تاقىقى سېلىنىپ، زىندانغا تاشلاندى. يىن تيەنشىنىڭ جەسىتى تەكشۈرۈلۈپ، جەسەت ساندۇقىغا سېلىنىپ دەپنە قىلىندى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن. يىن ئاغىچا خېنىم ئۆزىنىڭ ئۆكىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماقچى بولۇپ، ئېرى گاۋ ليەنگە چەي مەھرەمبېگىنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرتقۇزدى. ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى قاماتقۇزدى ۋە ئۆيىۋاق، هويلا - ئارانلىرىنى ئىگىلىۋالدى. چەي جىن بولسا زىنداندا ئازاب چېكىپ ياتتى. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى نەزم دەلىل:

يۈز - لېۋىدە ئۇپا - ئەڭلىك چار يىلاندەك يىلڭ خېنىم،
بىر تىيىنچە كۆرمىدى كۆرسەتسە دەستەك چەي بېگىم.
ئەي ئىست، ئەجدادى تەخت - تاجنى ئۆتۈنگەچ ئۆزىگە،
پۈشتى - ئەۋلادى پايانسىز، نائىلاج قالدى يېتىم.

ئەمدى لى كۈيغا كەلسەك، ئۇ كېچىچە يول مېڭىپ لياڭشەن كۆلىگە باردى ۋە تۇراغا كېلىپ ئاتامانلار بىلەن كۆرۈشتى. جۇ تۇڭ ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا دەرغەزەپ بولۇپ، كۆتمەك قىلىچىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى. قارا قۇيۇن قوش ئايپالتىسىنى ئېلىپ جۇ تۇڭغا ھەملە قىلدى. چاۋ گەي، سۇڭ جياڭ ۋە باشقا ئاتامانلار كېلىپ سۆلھى - سالا بىلەن ئۇلارنى ئاجرىتىۋەتتى. سۇڭ جياڭ جۇ تۇڭغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ:

— كىچىك بەگزادىنى ئۆلتۈرۈشتە لى كۈينىڭ چېتىشلىقى يوق، مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ خەلپەت سىلىنىڭ تاغقا چىقىشقا ئۇنىمىغانلىقلىرىنى كۆرۈپ مۇشۇ پەنت - ھىيلىلەرنى تاپتى. ئەمدى تاغقا كەلگەن بولغاندىكىن، كۆڭۈللىرىدە غۇم ساقلىمىسىلا، يەكدىللىك بىلەن بىر - بىرىمىزگە ھەمدەم

بولۇشايلى، مەردلىك جاسارىتىمىز ئۇلغىيىپ راۋاج تاپسۇن، ياتلارنىڭ كۈلكىسىگە قالمايلى، — دەپ لى كۇينى جۇ تۇڭغا ناماقۇل بولۇشقا ئۈندىدى.

— ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ! مەن تاغ تۇرادا كۆپ ئەجىر قىلدىم، ئۇ تېرىقتەكمۇ تۆھپە - ئەجىر قىلمىغان تۇرسا، تېخى مەن ئۇنىڭغا ناماقۇل بولىمەنما؟ ! — دېدى لى كۇي كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

— ھەي ئىنى، — دېدى سۇڭ جياڭ لى كۇيغا قاراپ، — گەرچە مۇشاۋىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شۇنداق قىلغان بولساڭمۇ، كىچىك بەگزادىنى سەن ئۆلتۈردۈڭ ئەمەسمۇ، ياش - قۇرام جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، ئۇ ساڭا ئاغا بولىدۇ، مېنىڭ يۈز - خاتىرىمنى قىلىپ، ئۇنىڭغا باش ئەگ، بولدى، مەن ساڭا باش ئېگىپ تەزىم قىلاي.

— بۇ سەندىن قورققىنىم ئەمەس، — دېدى لى كۇي سۇڭ جياڭنىڭ ئىلتىجاسىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن جۇ تۇڭغا قاراپ، — ئاكامنىڭ قىستىشى بىلەن ئىلاجسىز ساڭا ناماقۇل بولاي.

لى كۇي سۇڭ جياڭنىڭ دەۋىتى بىلەن قوش ئايپالتىسىنى تاشلاپ قويۇپ، جۇ تۇڭغا ئىككى قېتىم تەزىم قىلدى، جۇ تۇڭنىڭ ئاندىنلا ئاچچىقى ياندى. ئاتامان چاۋ گەي تاغ تۇرادا بەزمە - زىياپەت بېرىپ ئۇ ئىككىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويدى.

— چەي جىن غوجا گاۋ تاڭ ئايمىقىغا كېسەل تاغىسى چەي مەھرەمبېگىنى يوقلاپ بارغانىدى، — دېدى لى كۇي گەپ باشلاپ، — ئايماق ئامبىلى گاۋ ليەننىڭ قېيىنئىنىسى يىن تيەنشى ئۇلارنىڭ ھويلا - ئاران، باغۋارانلىرىنى تارتىۋالمەن دەپ چەي جىننى ئۇرۇپ تىللىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يىن تيەنشى دېگەن مۇتتەھەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم، — دېدى.

— سەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چەي جىن غوجا بالايىغا قېلىپ سوئال - سوراق قىلىنىدىغان بوپتۇ - دە، — دېدى بۇ

www.uyghurkitap.com

گەپنى ئاڭلىغان سوڭ جياڭ ئەندىكىپ.
— ئەنسىرىمىسىلە ئاغا، — دېدى ۋۇ يوڭ خەلپەت، — دەي زوڭ قايتىپ كەلسە، نېمە بولغانلىقىنى بىلىمىز.
— دەي زوڭ ئاغام نەگە كەتكەن، — دەپ سورىدى لى كۇي.
— مەن سېنى چەي جىن غوجامنىڭ جاڭزىسىدا ئىش تېرىپ قويامدىكىن دەپ، سېنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۇنى ئالاھىدە ئەۋەتكەنىدىم. ئۇ بارسا سەن بولمىغاندىكىن سېنى ئىزدەپ گاۋ تاڭ ئايمىقىغا كەتتى بولغاي، — دېدى ۋۇ يوڭ.
ۋۇ يوڭنىڭ گېپى تېخى تۈگە - تۈگمەيلا چاپارمەن كىرىپ، دەي تۆرە قايتىپ كەلدى، دەپ خەۋەر قىلدى. سوڭ جياڭ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ سارايغا ئەكىردى. ئاندىن سوڭ جياڭ ئۇنىڭدىن چەي جىن غوجىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سورىدى.
— چەي جىن غوجىنىڭ جاڭزىسىغا بارسام، ئۇ لى كۇي بىلەن گاۋ تاڭ ئايمىقىغا كېتىپ قاپتۇ. ئۇدۇل شۇ يەرگە بېرىپ سۈرۈشتۈردۈم. شەھەردىكى ھەممە خەقنىڭ ئاغزىدا: «يىن تيەنشى چەي مەھرەمبېگىنىڭ ھويلا - ئارانلارنى تارتىۋالماقچى بوپتىكەن، قارا باتۇر ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىمىش، ھازىر چەي جىن غوجا ئۇنىڭ بالاسىغا قېلىپ پۇت - قوللىرى چۈشىلىپ زىندانغا تاشلىنىپتۇ، دېگەن گەپلەر ئېقىپ يۈرىدۇ. چەي مەھرەمبېگىنىڭ ئۆيۋاقىنى ئاختۇرۇپ، مال - دۇنيالىرىنى ئېلىۋاپتۇ. چەي جىن غوجىنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قاپتۇ، — دېگەن جاۋابنى بەردى دەي زوڭ.
— بۇ قارىموتۇق يەنە ئىش تېرىپتۇ، بارغانلا يېرىدە ئىش تېرىماي قالمايدۇ، — دېدى چاۋ گەي.
— ئۇ چەي مەھرەمبېگىنى زەخملەندۈرۈپ دەرد - ئەلەمدە ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيۋاقىنى ئىگىلىۋالدى. ئادەملىرىگە چەي جىن غوجامنى ئۇرغۇزدى. بۇنىڭغا تىرىك ئەۋلىيامۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ، — دېدى لى كۇي.
— چەي جىن غوجا تاغ تۇرايىمىزغا كۆپ ياخشىلىقلارنى

www.uyghurkitap.com

قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۈنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، ئۇنى بېرىپ قۇتۇلدۇرمىساق بولامدۇ؟ مەن ئۆزۈم باراي، — دېدى چاۋ گەي.

— ئاغا، سىلى تاغ تۇرانىڭ پاسىبانى، ئۆزلىرى قوزغالسىلا بولماسمىكىن؟ پېقىرمۇ بۇرۇن چەي جىن بېگىمنىڭ دۆلىتىنى كۆپ كۆرگەندىم. سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا مەن باراي، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— گاۋ تاڭ شەھىرى كىچىك بولغىنى بىلەن ئادىمى كۆپ، لەشكىرى جىق، ئاشلىق - تۈلۈكى مول شەھەر، سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى ۋۇ يۇڭ، — لىن چۇڭ، خۋا رۇڭ، چىن مىڭ، لى جۈن، لۈ فاڭ، گو شېڭ، سۈن لى، ئوۋ پېڭ، ياڭ لىن، دېڭ فېي، ما لىن، بەي شېڭ قاتارلىق ئون ئىككى ئاتامان بەش مىڭ نەپەر ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرنى باشلاپ تۇرشاۋۇل قوشۇن بولۇپ ماڭسۇن؛ بارگاھ لەشكەرلىرىگە سۇڭ دانىش بىلەن ئىككىمىز سەردار بولۇپ بارايلى، جۇ تۇڭ، لېي خېڭ، دەي زۇڭ، لى كۈي، جاڭ شۈن، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇ قاتارلىق ئون ئاتامان ئۈچ مىڭ نەپەر ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرنى باشلاپ ھەمدەم بولسۇن، — دېدى ۋۇ يۇڭ مۇشاۋىر.

جەمئىي يىگىرمە ئىككى ئاتامان چاۋ گەيلەر بىلەن خەيرلىشىپ، تاغ تۇرادىن گاۋ تاڭ ئايمىقىغا راۋان بولدى. ئۇلارنىڭ قوشۇنى شۇنداق رەتلىك ئىدىكى:

كەشتە تۇغ يەلپۈندى كۆككە ئۇچۇپ بەلگە بېغى،
بۇرغىلارغا جور قىلىپ چېلىندى مىس جاڭ - دۇمبىقى.
ئۈچ ئاچا ئارا ۋە چارمىخلار ۋالىلداپ - پارقىراپ،
كۆك ئارا گويا قىروۋ توزغانغا ئوخشاش كۆز چېغى.
گاڭ خۇرۇچلۇق ھەم قومۇشنىڭ ياپرىقىدەك نەيزىلەر،
ئارقا - ئارقا چۈشتى خۇددى يەرگە توزۇغان قار كەبى.
قاپلىدى يوللارنى قاپقان، يول ئېچىپ ئوقياچىلار،

نەيزە ـ يالمانلار ھىمات بوپ، ھارۋىدا ماڭدى توپى.
ئولتۇرۇپ ئاتتا گويا تاغ يولۋىسى ـــ سەركەردىلەر،
جەڭگە قابىل، شۇنچە ماھىر بەس ـ تالاشتا ھەممىسى.
مىنگىنى گويا دېڭىزنىڭ ئەجدىھاسىدەك ئارغىماق،
چىقمدۇ سەپنى يېرىپ جەڭدە بۇ ئاتنىڭ ھەربىرى.
دەرھەقىقەت ماڭدى لەشكەرلەر ئۇچۇپ بوران مىسال،
نەيزە ـ شەمشەر راست بەئەينى تېز ئاقار دەريا سۈيى.

لياڭشەننىڭ تۇرشاۋۇل قوشۇنلىرى گاۋ تاڭ ئايمىقى تەۋەسىگە يېتىپ كەلگەندە، ئايغاقچىلار گاۋ ليەنگە خەۋەر يەتكۈزدى. گاۋ ليەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ:

ـــ سەن غەلىيانچى ئوغرىلار، لياڭشەن كۆلىگە مۆكۈنۈپ ئۆزۈڭ تۇتۇشقانىدىڭ، مەن تېخى سەنلەرنى تۇتاي دەپ يۈرسەم، بۈگۈن ئالدىمغا ئۆزۈڭلارنى تۇتۇپ بېرىشكە كەپسىلەر، بۇ تەڭرىنىڭ ماڭا بەرگەن مەدىتى. ھەي مۇلازىملار، بۇيرۇقۇمنى تۆۋەنگە چاپسان يەتكۈزۈش، لەشكەرلەر راسلىنىپ شەھەردىن چىقىپ دۈشمەنگە قارشى ئاتلانسۇن، پۇقرالار سېپىلغا چىقىپ شەھەرنى قوغدىسۇن، ـــ دېدى ـ دە، ئۇ ئات ئۈستىدە لەشكەرلەرنى، ئاتتىن چۈشكەندە پۇقرالارنى جوڭقۇردى، ئۇنىڭ بۇيرۇقى يەتكۈزۈلۈشى بىلەن بارگاھنىڭ ئەلەمدار ۋالىي، سۈركاۋۇل، زەڭگى، قولباش، باقاۋۇل قاتارلىق سىپاھبەگلىرى ھازىر بولدى. لەشكەرلەر مەشىق مەيدانىدا كۆزدىن كەچۈرۈلدى. ئاندىن ئۇلار شەھەردىن سەپ تارتىپ چىقىپ ياۋغا قارشى ئاتلاندى. گاۋ ليەننىڭ قول ئاستىدا ئۆزىگە يېقىن ئۈچ يۈز چېرىكى بار ئىدى، ئۇلار ئۇچقۇر سىھىرگەر چېرىكلەر دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار شەندۇڭ، خېبېي، جياڭشى، خۇنەن، ئەنخۇي، جېجياڭ، جياڭسۇلاردىن بىر ـ بىرلەپ تاللىۋېلىنغان خىل باتۇرلار ئىدى. بۇ ئۈچ يۈز ئۇچقۇر سىھىرگەر چېرىكنى قانداق دېمەمسىز، ئۇلار شۇنداق ئىدىكى:

چاچلىرى چۇۋۇلغان ھەر ياققا قاراپ،
تۇماندەك ئارقىدا تۇرار ساڭگىلاپ؛
ساڭگىلىتىپ قاپاقلار ئاسقان بويىغا،
مىڭ تاللاپ ئوتقاشنى سالغان ئۇنىڭغا.
ساپسېرىق كىيىمى، رەملىك دالدامچە،
يىلپىز تېرىسىدىن تارتقان قۇياقچە.
يۈزىگە ئالتۇندەك دالدىغۇچ تاققان،
گالڭ شەمشەر گوياكى سۇپۇرگە چاققان.
مەيدىسىن توسار ئالدى ـ كەينىدىن،
دالدىغۇچ ـ قۇياقى قاپقارا تۇشتىن؛
كۆزلەرنى چاقنىتار ئەلەملەر ــ تۇغلار،
بەئەينى قاتمۇقات قارا تۇمانلار ــ
ئەرشتىن چۈشتى دەرخەق سەركەردىلەر،
كەلدى زېمىنغا ۋە يا دىۋە دەر.

ئامبال گاۋ لىيەن ھېلىقى ئۈچ يۈز سېھىرگەر چېرىكنى باشلاپ، قۇياق كىيىپ، زۇلپىقارنى دۈمبىسىگە قىسقىنىچە شەھەردىن چىقتى، قول ئاستىدىكى سىپاھىبەگلەر ئۇنى دەۋر قىلىپ سەپ تۈزدى، ئۈچ يۈز سېھىرگەر چېرىك بارگاھ قوشۇنى بولۇپ تىزىلدى، ئۇلار ئەلەم چۆرۈپ، نەرە تارتىشىپ، داقا ـ دۇمباقلار بىلەن لياڭشەن لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرۇشتى. لىن چۇڭ، خۇا رۇڭ، چىن مىڭلار بەش يۈز لەشكەرنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئىككى قوشۇن ئۇچراشتى، ھەر ئىككى تەرەپتە تۇغ ـ ئەلەملەر يەلپۈنۈپ داقا ـ دۇمباقلار ياڭرىدى، ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ سېپىگە كامالەك، تەپكىلىك يا ئېتىشتى. ئىككى ياقتىن بۇرغا ـ كانايلار چېلىنىپ، جاڭ ـ دۇمباق سادالىرى كۆتۈرۈلدى. خۇا رۇڭ، چىن مىڭ قاتارلىق ئون ئاتامان سەپ ئالدىغا كېلىشىپ ئاتلىرىنى توختاتتى. ئاتامان لىن چۇڭ سەككىز گەزلىك يىلانباش

نەيزىسىنى ئوينىتىپ، ئىتىنى چاپقىنىچە سەپتىن چىقتى ـ دە،
ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن:
— ھەي گاۋتاڭلىقلار! جىنىڭدىن تويغىنىڭ چىقىش ! — دەپ
ۋارقىرىدى.
گاۋ ليەن ئىتىنى ئويناقشىتىپ، ئوتتۇزدىن ئوشۇق بەگ ـ
سىپاھلارنى ئەگەشتۇرگىنىچە تۇغ ئاستىغا كېلىپ ئىتىنى
توختاتتى ۋە لىن چۇڭغا قاراپ:
— ھۇ ئۆلمىگەن تۇز كور ئوغرى، مېنىڭ شەھىرىمگە
چېقىلىشقا نىمە ھەددىڭ؟ — دېدى.
— ھەي بالاگەردى قاراقچى، مەن بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى
ئاستانىگە بېسىپ كىرىپ، خانىنىڭ كۆزىنى بويىغان ئوغرى گاۋ
چيۇنى قىيما ـ چىيما قىلمىغۇچە ئارمىنىمغا يەتمەيمەن، — دەپ
توۋلىدى لىن چۇڭ.
گاۋ ليەننىڭ قەھرى ئۆرلىدى، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ:
— ھەي، قېنى قايسىڭ چىقىپ بۇ ئوغرىنى تۇتىسەن؟ —
دېدى.
سىپاھلار ئارىسىدىن يۈجى ئىسىملىك بىر قولباشبەگ
ئىتىنى قامچىلاپ، قىلىچىنى ئوينىتىپ چىقتى. لىن چۇڭ ئۇنى
كۆرۈپ ئىتىلىپ كەلدى. ئىككىسى بەش مەررە ئېلىشا ـ
ئېلىشمايلا لىن چۇڭ ئۇنىڭ كۆكرىكىگە يىلانباش نەيزىسىنى
سانجىدى، يۈجى ئاتتىن تىك موللاق ئىتىپ يىقىلدى. بۇنى
كۆرگەن گاۋ ليەن قاتتىق چۆچۈپ:
— يەنە قايسىڭ چىقىپ قىساس ئالىسەن؟ — دېدى.
سىپاھلار ئارىسىدىن شۇئان يەنە بىر قولباشبەگ چىقتى.
ئۇنىڭ ئىسمىزاتى ۋېن ۋېنباۋ ئىدى. ئۇ ئۇزۇن نەيزە تۇتقان
ھالدا جەدە ئارغىماق ئىتىنى مىنىپ، ئۇستىبىشىدىكى
قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ، قاشتاشلىرىنى شاراقشىتىپ،
سەپ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئىتىنىڭ تۇياقلىرىدىن چاڭ ـ توزان
توزۇتۇپ لىن چۇڭغا تىغ ھەملە قىلىپ كەلدى. ئۇنى كۆرگەن

www.uyghurkitap.com

چىن مىڭ لىن چۇڭغا:

— ئاغا، سىلى سەل ئارام ئېلىۋالسىلا، بۇ ئوغرىنى مەن بابلاي، — دېدى. لىن چۇڭ ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىپ، پولات نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ، ۋېن ۋېنباۋنى چىن مىڭغا قويۇپ بەردى. ئۇ ئىككىسى ئون مەررە ئېلىشقاندىن كېيىن چىن مىڭ ئۇنىڭ تىغىغا يول بېرىپ، ئۇنى ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈپ، قولىدىكى غولدىسى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا تازا كەلتۈرۈپ بىرنى سېلىۋىدى، ئۇنىڭ كاللىسى پالاققىدە پارچىلىنىپ، ئات ئۈستىدە جان بەردى. ئۇنىڭ ئېتى ئۆز سېپىگە قېچىپ كەتتى، ئىككى تەرەپتىكى لەشكەرلەر يۈزمۇيۈز تۇرۇشۇپ، چۇقان - سۈرەن سېلىشاتتى.

گاۋ لىيەن ئارقا - ئارقىدىن ئىككى سەركەردىسىنىڭ نابۇت بولغانلىقىنى كۆرۈپ، قىستۇرۇۋالغان «تەيئاچە» زۇلپىقارىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، ئاغزىدا ئەپسۇن ئوقۇپ، «سۇف !» دېيىشى بىلەن تەڭ، گاۋ لىيەننىڭ چېرىكلىرى ئارىسىدىن بىر قارا تۈتەك كۆتۈرۈلدى، كۆتۈرۈلگەن تۈتەك ئاسماننىڭ تەڭ يېرىمىنى قاپلاپ، قۇم - تاشلار ياغدۇردى ۋە يەرۇكۆكنى لەرزىگە سېلىپ، قارا بوران پەيدا قىلدى. قارابوران قارشى تەرەپكە ئۇرۇلدى، لىن چۇڭ، چىن مىڭ، خۇا رۇڭ قاتارلىق سەركەردىلەر قارشى تەرەپنى كۆرەلمىدى، ئاستىلىرىدىكى ئاتلىرى ئۈركۈشۈپ تۇرالماي كىشنىشىپ كەتتى، ئاندىن ھەممەيلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى. گاۋ لىيەن زۇلپىقارىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئۈچ يۈز سېھىرگەر چېرىكىنى باشلاپ بۆسۈپ كەلدى، ئۇلارغا كەينىدىكى خان لەشكەرلىرى ھەمدەم بولۇپ، ھەممىسى بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. لىن چۇڭلارنىڭ لەشكەرلىرى پاتىپاراقتا چۈشۈپ، تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ئۇلار ۋاي ئاتام، ۋاي قېرىندىشىم دەپ داد - پەرياد سېلىپ، قىيا - چىيا قىلدى. بەش مىڭ لەشكەرنىڭ مىڭدىن ئارتۇقراقى نابۇت بولۇپ، ئەللىك چاقىرىم نېرىدىكى جايغا كېلىپ جايلاشتى. گاۋ لىيەن ئۇلارنىڭ

چېكىنگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆز چېرىكلىرىنى يىغىۋېلىپ گاۋ تاڭ شەھىرىگە قايتتى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. لىن چۇڭلار ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. سۇڭ جياڭ بىلەن ۋۇ يۇڭ ئاڭلاپ ھەيران ـ ھەيران بولۇشتى. سۇڭ جياڭ مۇشاۋىردىن:

ـــ شۇنچىلىك قالتىس قانداق سېھىر ـ كارامەت ئىكەن ئۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ بۇ جادۇگەرلىك سېھرى چېغى، ناۋادا بوران ۋە ئىس ـ تۈتەكلەرنى دەپئى قىلالىساق، ياۋنى تىرىپىرەن قىلالايمىز، ـــ دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ، تىلسىمنامىنى ئېچىپ قارىسا، ئۈنىڭ ئۈچىنچى جىلدىدا بوران ۋە ئىس ـ تۈتەكلەرنى دەپئى قىلىپ سەپنى تىرىپىرەن قىلىش يوللىرى چىقىپ قالدى. سۇڭ جياڭ بۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ، ئوقۇيدىغان دۇرۇت بىلەن ئەپسۇننى زېھىن قويۇپ يادلىۋالدى ۋە لەشكەرلىرىنى ئېلىپ سۇبھى ۋاقتى بىلەن تەڭ غىزا ـ تائاملارنى ئېتىپ يېدى، ئاندىن ئەلەم چۆرۈپ، داقا ـ دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ، ئۇر ـ چاپ بىلەن شەھەر تۈۋىگە كەلدى.

بىراۋ شەھەر ئىچىدىكى گاۋ ليەنگە خەۋەر قىلدى. گاۋ ليەن غالىب چېرىكلىرىنى ۋە ئۈچ يۈز نەپەر سېھىرگەر چېرىكنى ئاتلاندۇردى. ئاندىن شەھەر قوۋۇقىنى ئاچقۇزۇپ، ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈرگۈزدى ـ دە، سەپىراس بولۇپ تۇردى. سۇڭ جياڭ قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە ئېتىنى چېپىپ سەپ ئالدىغا چىقتى. ئۇ گاۋ ليەننىڭ بارگاھ قوشۇنىغا نەزەر تىكىپ، ئۇلارنىڭ بىر توپ قارا تۇغلىرىنى كۆردى. ۋۇ يۇڭ خەلپەت سۇڭ جياڭغا:

ـــ ئاۋۇ قارا تۇغ ئاستىدا تۇرغانلار سېھىر ـ كارامەت ئىشلىتىدىغان چېرىكلەر. يەنە ئاشۇ سېھىرنى ئىشلىتىدىغاندەك قىلىدۇ، قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟ ـــ دېدى.

www.uyghurkitap.com

— مۇشاۋىرىم، خاتىرجەم بولسىلا، مېنىڭ سىبھىرنى دەپئى قىلىدىغان ئامالىم بار. لەشكەرلەر قورقماي ئالغا بۆسىۋەرسۇن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— كۇچلۇك ياۋغا تاقابىل تۇرغاندەك تۇتۇشۇپ كەتمەڭلار، — دېدى گاۋ لىيەن چوڭ - كىچىك سەردارلىرىغا جېكىلەپ، لېكىن بەلگە بېرىلگەن ھامان گۈررىدە تېگىپ، سۇڭ جياڭنى تۇتۇڭلار، سىلەرگە كاتتا ئىنئام بېرىمەن.

ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ نەرە - چۇقانلىرى كۆتۈرۈلدى. گاۋ لىيەننىڭ ئېگىرىنىڭ قېشىغا ھايۋانلارنى جەم قىلىشتا چىلىنىدىغان تۇچ جاڭ ئېسىلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەلتەنەتلىك شاھانە خەتلەر چېكىلگەنىدى، گاۋ لىيەن شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ سەپ ئالدىغا ئۆتتى. سۇڭ جياڭ گاۋ لىيەنگە قوللىرىنى تۇرتۇپ:

— تۇنۇگۇن ئاخشام مەن يوق بولۇپ قاپتىمەن، بۇرادەرلىرىم بىر مەررە جەڭنى ساڭا ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ، بۈگۈن سېنى ئەسلى - ۋەسلىڭ بىلەن قۇرۇتۇۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس، — دەپ تىللىدى.

— سەن تۇزكور ئوغرى، ئېتىڭدىن تېزرەك چۈشۈپ ئۆزۈڭنى تۇتۇپ بەر، مېنىڭ قولۇم قېنىڭ بىلەن بۇلغانمىسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى گاۋ لىيەن.

گاۋ لىيەن سۆزىنى تۈگىتىپلا شەمشىرىنى ئويناتقىنىچە ئاغزىنى مىدىرلىتىپ ئەپسۇن ئوقۇپ «سۇف» دەپ بىر ھۆرۈۋىدى، قارا تۇتەك چىقىپ تەتۈر قويۇن كۆتۈرۈلدى. سۇڭ جياڭ ئۇ قويۇن يېتىپ كەلگۈچە ئاغزىدا ئەپسۇن ئوقۇپ، سول قولىدا سىبھىر قىلىپ، ئوڭ قولىدىكى شەمشىرىنى تۇرتۇپ «سۇف» دەپ بىر ھۆرۈۋىدى، ئۇ قويۇن سۇڭ جياڭنىڭ سېپىگە كەلمەي، گاۋ لىيەننىڭ سىبھىرگەر قوشۇنى تەرەپكە ئۆرۈلدى. سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنى ئۇر - چاپقا سالماقچى بولۇپ تۇرغاندا، گاۋ لىيەن قويۇننىڭ قايتقىنىنى كۆرۈپ، دەرھال شەمشىرى بىلەن

تۇچ جاڭنى چالدى ـ دە، ھېلىقى سىپەھسالار قوشۇن ئىچىدىن بىر بۆلەك سىرىق قوم كۆتۈرۈلۈپ، لەشكەرلەر ئىچىدىن بىر توپ يىرتقۇچ ھايۋانلار چىقىپ كەلدىكى:

ئارسلان ئويناتسا تىرناق پەنجىنى،
چۇشتى شىرمۇ جەڭگە بولغاپ بېشىنى.
يالتىراق ئالتۇنسىمان ھۆجۇ ـ بۆجۇ ھەيۋە قىلىپ،
پارقىراق مەخمەل كەبى يولۋاس جاسارەت كۆرسىتىپ.
چىقىرىپ ھىڭگاڭ چىشىنى خىرىس قىلىپ چىلبۆرىلەر،
پالۋانلارغا ئېتىلدى چىپىلىپ؛
ئاچتى چوڭ ـ چوڭ ئاغزىنى قاپلانۇ يولۋاس ۋەھشىيلەر،
توسۇن ئاتلارغا غەزەپ ـ نەپرەت چېچىپ.
كىرپە تۈكلۈك ياۋا چوشقا سەپ ئارا كىرسە بۆسۈپ،
تۈكى چۇرقۇش ۋەھشىي تايغانمۇ ئېتىلدى دوقۇرۇپ.
ئەجدىھا كەبى بوغما يىلان ئۈچتى پەلەكنىڭ قەرىگە،
يىل يۈتار بوغما يىلان يامراپ زېمىنىنىڭ ئۈستىدە.

گاۋ ليەننىڭ تۇچ جاڭى جاراڭلىغان ھامان بىر توپ ئاجايىپ ـ غارايىپ ھايۋانلار، يىلان ـ چايانلار ئېتىلىپ چىقتى، سۇڭ جياڭنىڭ سىپىدىكى لەشكەرلەر ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېتىپلا قېلىشتى. سۇڭ جياڭ شەمشىرىنى تاشلاپ، ئېتىنى ئارقىغا قايرىلدۇرۇپ ئالدىدا يۈرۈپ كەتتى؛ ئاتامانلارمۇ سۇڭ جياڭنى ئارىغا ئېلىپ جانلىرىنى پاناھداپ قاچتى؛ چوڭ ـ كىچىك سەردارلار بىر ـ بىرىگە باققىچىلىك ھالى قالماي، يول تالىشىپ قېچىشتى. گاۋ ليەن ئۆلارنىڭ ئارقىدا شەمشىرىنى ئوينىتىپ، سىپەھسالار چېرىكلەر ئالدىدا، بەگ ـ سىپاھسالار ئارقىدا ئۇر ـ چاپ بىلەن دۈكۈرەپ كېلىشىۋاتاتتى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلىپ قالدى. گاۋ ليەن يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ كېلىپ، جاڭ ئۇرۇپ چېرىكلىرىنى

يىغىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. سوڭ جياڭ داۋان تۈۋىگە كېلىپ لەشكەرلىرىنى يىغىپ قوش تىكتى، بىرمۇنچە لەشكىرى چىقىم بولغىنىنى بىلەن، ئاتامانلىرىنىڭ ھەممىسى ساق بولغاچقا، ئۇ خۇشال بولدى. لەشكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مۇشاۋىر ۋۇيوڭغا:

— بۇ قېتىم گاۋتاڭ ئايمىقىغا تېگىشتە ئۇدا ئىككى قېتىملىق جەڭدە يېڭىلدۇق، سېھىرگەر چېرىكلەرنى تىرىپىرەن قىلىشتا ھىيلە - پەنت تاپالمىدۇق، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېگەن مەسلىھەتنى سالدى.

— ئەگەر بۇ مۇتتەھەم سېھىر - كارامەت ئىشلىتىشنى بىلسە، جەزمەن بۈگۈن ئاخشام قوشنى ئېلىشقا كېلىدۇ، ئۇنىڭغا چۈشلاپ بىزمۇ ئالدىدىن ھىيلە - پەنت تەييارلاپ قويايلى، بۇ يەردە ئازراقلا لەشكەر قالدۇرۇپ قويۇپ، بىز كونا قوشقا بېرىپ تۇرايلى، — دېدى ۋۇ يوڭ خەلپەت.

سوڭ جياڭ ياڭ لىن، بەي شېڭلارغا قوشقا قاراپ قېلىش، قالغان لەشكەرلەر كونا قوشقا بېرىپ ئارام ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئەمدى ياڭ لىن، بەي شېڭلار ئادەملىرىنى باشلاپ، قوشتىن يېرىم يول نېرىدىكى ئوت - چۆپلۈك دۆڭگە بېرىپ مۆكۈندى، ئۇلار تاكى ئەلياتقۇ مەھەلگىچە كۈتتى.

## نەزم

تۆت تەرەپتىن دالانى تۇتتى بۇلۇت پەيدا بولۇپ،
تۇشمۇتۇشقا يامرىدى كۆكتە تۇمانمۇ ئۇلغىيىپ.
يەر - زېمىننى تەۋرىتىپ قوزغالدى دەھشەتلىك بوران،
كۆل، دېڭىزنى ئۆكتۈرۈپ تۆكۈلدى يامغۇرمۇ شۇئان.
كايىدى گۈلدۈر ئىلاھى شۇ زامات ئاچچىقلىنىپ،
مىندى ئوت دۈلدۈلىنى ھەيۋەت بىلەن ئۇ سۇر قىلىپ؛



www.uyghurkitap.com

كەلدى دەھشەتلىك غەزەپكە كۆكتە چاقماقنىڭ پىرى،
كۆرسىتىپ ئالتۇن يىلان سىرلىق كارامەت كۈچىنى.
ھەر يوغان تالۇ دەرەخلەرنى تۈۋىدىن قومۇرۇپ،
ئېقىتىپ كەتتى ئۇلۇغ دولقۇن پۈتۈنلەي قۇرۇتۇپ.
ئۇ ئەگەركىم بولمىسا بىر كۈھىقاپنىڭ ئەجدىھارى،
ئېھتىمال چۈشكەن ئۇ ئەرشتىن سۇ مالائىكىنىڭ بىرى.

بۇ كېچىسى قاتتىق بوران چىقتى، ياڭ لىن، بەي شېڭلار ئۈچ يۈز نەچچە ئادەم بىلەن ئوتلاق ئىچىدە مۆكۈنۈپ يېتىپ قارىسا، گاۋ ليەن ئۈچ يۈز سىپاھىگەر چېرىكنى باشلاپ، گۇركىرىتىپ بوران چىقىرىپ پىيادە قوشقا كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلار قوشتا ھېچ ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئارقىغا ياندى، ياڭ لىن بىلەن بەي شېڭ سۈرەن ـ چۇقان سالدى. گاۋ ليەنلەر بۇنى ئاڭلاپ قىلتاقتا چۈشۈپ قالمايلى دەپ تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتى، ئۈچ يۈز سىپاھىگەر چېرىكمۇ بېشى قايغان تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ياڭ لىن، بەي شېڭلار ئوقيانى كەلسە ـ كەلمەس ئېتىۋەردى، بىر ئوق بېرىپ گاۋ ليەننىڭ مۈرىسىگە تەگدى ـ دە، چېرىكلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاشتى، ياڭ لىنلار يامغۇرغا قارىماي، ئۇر ـ چاپ بىلەن سۈر ـ توقاي قىلدى. گاۋ ليەن سىپاھىگەر چېرىكلىرى بىلەن بەك ئۇزاپ كەتتى. ياڭ لىن، بەي شېڭلار ئۆزىنىڭ ئادىمى ئاز بولغانلىقتىن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ قوغلىيالمىدى. بىردەمدىن كېيىن يامغۇر ئۆتۈپ بۇلۇتلار تارقاپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار پەيدا بولدى، ئاي يورۇقىدا ئوتلۇق دۆڭ ئالدىدا ئوق تېگىپ تۇتۇلغان يىگىرمە نەچچە سىپاھىگەر چېرىك سۇڭ دانىشىنىڭ قوشىغا ئېلىنىپ بېرىلدى، ئاندىن ھېلىقى بوران ـ چاپقۇن چىققانلىقى ۋە يامغۇر ياغقانلىقى توغرىسىدا پاراڭلار بولدى. سۇڭ جياڭ بىلەن ۋۇ يۇڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيران بولۇپ:

— ئۇ يەر بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى پەقەت بەش چاقىرىملا كېلىدۇ. بۇ يەردە يامغۇرمۇ ياغمىدى، بورانمۇ چىقمىدىيا! —

www.uyghurkitap.com

دېدى.

— سېھىر دېگەن ئەنە شۇ، بۇلۇت، يامغۇرلار يەردىن پەقەت سەكسەن - توقسان غۇلاچلا ئېگىزلىكتە پەيدا بولىدى، دېمەك يامغۇر سول تەرەپتىكى كۆلدىن چىققان ئوخشايدۇ، — دېدى خالايىق پىكىر يۈرگۈزۈپ.

— گاۋ لىيەنمۇ سالۋا چاچ بولۇپ شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ قوش ئېگىگە كىرگەندىن كېيىن مېنىڭدىن بىر ئوق يەپ شەھەرگە قايتىپ كەتتى. ئادەم ئاز بولغانلىقتىن قوغلاپ بارالمىدىم، — دېدى ياڭ لىن.

سۇڭ جياڭ ياڭ لىن، بەي شېڭلارغا ئايرىم - ئايرىم ئىنئاملارنى بەردى. تۇتۇپ كېلىنگەن سېھىرگەر چېرىكلەرنى ئۆلتۈردى، ئاتامانلارنى چوڭ قوشنى چۆرىدىگەن يەتتە - سەككىز كىچىك قوشقا جايلاشتۇرۇپ، قوشقا تەگكىلى ياۋ كېلىپ قالمىسۇن دەپ ھازىرلىق كۆردى، يەنە بىر تەرەپتىن ھەمدەم بولۇشقا لەشكەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تاغ تۇراغا ئادەم جورۇدى.

ئەمدى گاۋ لىيەنگە كەلسەك، ئۇنىڭغا ئوقيا ئوقى تەگكەندىن كېيىن شەھەرگە قايتىپ بېرىپ كېسىلىنى باقتى، ئۇ چېرىكلىرىگە شەھەرنى قوغداپ ئەتىسى - ئاخشىمى سەگەك بولۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپ:

— ھازىرچە ئۇلار بىلەن ئېلىشماي تۇرۇڭلار، مېنىڭ يارام ساقايغاندىن كېيىن ئاندىن سۇڭ جياڭنى تۇتساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دەپ جېكىلىدى.

ئەمدى سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرىنىڭ چىقىم بولغانلىقىنى كۆرۈپ غەم - قايغۇغا چۆكتى، ئۇ مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭغا:

— بۇ قېتىم گاۋ لىيەننى تىرىپىرەن قىلالمىدۇق. ناۋادا ئۇ لەشكەرلىرىنى كۆپەيتىپ قوشۇنىمىزغا تەگكىلى كېلىپ قالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ مەسلىھەت سالدى.

— مېنىڭچە، گاۋ لىيەننىڭ سېھىرىنى دەپئى قىلىمىز دېسىلە، مېنىڭ رايىمغا بىقىپ مۇنداق - مۇنداق قىلماي

بولمايدۇ! يەنى ئەگەر بۇ ئادەمنى چىللاپ كەلمىسەك، چەي جىن غوجامنىڭ جىنىنىمۇ قۇتقۇزالمايمىز. گاۋتاڭ شەھىرىنى ئەبەدىلئەبەد قولغا چۈشۈرەلمەيمىز، — دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

تۇمانلارنى چىقىرىپ، بۇلۇتلارنى قوزغايدىغان سېھىرنى دەپئى قىلىش ئۇچۇن ئاسمان ـ زېمىنلارنىڭ سىرىنى بىلەلەيدىغان خىزىر ئەلەيھىسسالامدەك ئادەمنى چىللاپ كېلىش كېرەك. ۋۇ يۇڭ ئېيتقان بۇ ئادەمنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئەللىك ئۈچىنچى باب

## دەي زۇڭنىڭ گۇڭسۇن شېڭنى پەم بىلەن ئېلىپ كەلگەنلىكى لى كۈينىڭ لۇ بوۋاكالاننى پالتا بىلەن چاپقانلىقى

ئەلقىسسە، ۋۇ يۇڭ خەلپەت سۇڭ دانىشقا:

— بۇ سېھىر - كارامەتنى دەپپى قىلىش ئۈچۈن جىجۇ ئايمىقىغا ئادەم ئەۋەتىپ، گۇڭسۇن شېڭنى تاپتۇرۇپ كېلىشتىن باشقا ئىلاج يوق، شۇ چاغدىلا ئۇنى دەپپى قىلغىلى بولىدۇ، — دېدى.

— ئۆتكەن قېتىم دەي زۇڭ بېرىپ خېلى ۋاقىتلارغىچە ئىزدەپ ھېچبىر ئۇچۇر - سىرتىقىنى ئالالماي كەلدى، ئەمدى نەگىمۇ ئىزدەپ بارىمىز؟ — دېدى سۇڭ جياڭ.

— جىجۇ ئايمىقىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭغا قاراشلىق نۇرغۇن ناھىيەلەر، بازارلار، يېزا - سەھرالار بار، ئۇ ھەممىسىگە بېرىپ كېتەلمىدى چېغىم. گۇڭسۇن شېڭ بىر سوپىيانە ئادەم، ئاتاقلىق تاغلارنىڭ ئۆڭكۈر - غارلىرىنى، چوڭ - چوڭ سارايلارنىڭ خاسىيەتلىك جايلىرىنى ماكان تۇتۇپ ياتىدىغاندۇ. بۇ قېتىم دەي زۇڭنى ئەۋەتەيلى، ئۇ جىجۇ ئايمىقىغا قاراشلىق ناھىيەلەرنىڭ ئاتاقلىق تاغلىرىدىكى ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ماكانلىرىنى بىر قۇر ئىزدەپ باقسۇن، ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

سۇڭ جياڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن دەرھال دەي تۆرىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا:

— جىجۇ ئايمىقىغا بېرىپ گۇڭسۇن شېڭنى تېپىپ

كەلسڭىز، ــ دەپ مەسلىھەت سالدى.

ــ پېقىر بېرىشقا رازى، بىراق ماڭا بىرەيلەن ھەمراھ بولۇپ بارغىنى ياخشى بولارمىكىن، ــ دېدى دەي زۇڭ.

ــ سىز، ــ دېدى ۋۇ يۇڭ، ــ يەل تاپانلىق كارامىتىڭىزنى ئىشقا سالسىڭىز، كىم سىزگە يېتىشىپ ماڭالايدۇ؟

ــ ئەگەر ھەمراھ بولىدىغان ئادەملا چىقسا، مەن ئۇنىڭ تىزىغىمۇ تۇمار تېڭىپ قويىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ نۇرغۇن يول باسالايدۇ، ــ دېدى دەي زۇڭ.

ــ مەن، ــ دېدى لى كۈي، ــ دەي تۆرەمگە ھەمراھ بولۇپ بېرىپ كېلەي.

ــ ئەگەر سەن مەن بىلەن بارىمەن دېسەڭ، يولدا پەرھىز تائام يەيسەن، مېنىڭ گېپىمدىن چىقمايسەن، ئاندىن ئاپىرىمەن، ــ دېدى دەي زۇڭ.

ــ بۇ قانچىلىك ئىشتى؟ مەن سىزنىڭ جورۇقىڭىز بىلەن ئىش قىلسام‌لا بولمىدىمۇ، ــ دېدى لى كۈي.

ــ يولدا سەگەك بولغىن، ئىش تېرىپ قويما ! ــ دەپ لى كۈيغا جېكىلىدى سۇڭ جياڭ بىلەن ۋۇ يۇڭ ۋە ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە قاراپ، ــ ئۇنى ئىزدەپ تېپىۋالغاندىن كېيىن بالدۇرراق قايتىپ كېلىڭلار، ــ دەپ تاپىلىدى.

ــ مەن يىن تيەنشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، چەي جىن غوجامنى پادىشاھلىقنىڭ سوراق ـ سوئالىغا قويدۇم. ئۇنى قۇتقۇزۇۋالمىسام قانداق بولىدۇ؟ بۇ قېتىم ئىش تېرىمايمەن، ــ دېدى لى كۈي.

ئىككىيلەن قورال ـ ياراغلىرىنى ئىچىگە تىقىشىپ، بوغجۇملىرىنى تاڭدى ـ دە، سۇڭ جياڭ ۋە خالايىق بىلەن ۋىدالىشىپ گاۋتاڭ ئايمىقىدىن جىجۇ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى.

يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن لى كۈي توختاپ:

ــ ئاغا، بىرەر ئاپقۇردىن مەي ئىچىۋېلىپ ماڭساق، ــ دېدى.

— مېنىڭ بىلەن يەل تاپانلىق كارامەتنى ئىشقا سېلىپ ماڭماقچى بولساڭ پەرھىز مەي ئىچمىكىڭ لازىم، يەنە ئازراق ماڭايلى، — دېدى دەي زوڭ.

— ئاز - تولا گۆش يېگەننىڭ نېمە كارايىتى بار؟ — دېدى لى كۇي.

— مانا يەنە ھېلىقى قىلىقىڭ قوزغالدى. بۈگۈن كەچ بولۇپ قالدى، بىرەر ساراي - پاراي تېپىپ قونۇپ ئەتە سەھەر مېڭىپ كېتەيلى، — دېدى دەي زوڭ.

ئىككىسى يەنە ئوتتۇز نەچچە چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. ئۇلار بىر سارايىنى تېپىپ چۈشتى ۋە ئوچاقتا ئوت يېقىپ تاماق ئەتتى، بىر جام مەي سېتىۋېلىپ ئىچتى. لى كۇي بىر چىنە پەرھىز تائام ۋە بىر چىنە كۆك شورپىسى ئېلىپ كىرىپ دەي زوڭغا سۇندى.

— سەن نېمىشقا تاماق يېمەيسەن؟ — دەپ سورىدى دەي زوڭ ئۇنىڭدىن.

— يېگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى لى كۇي.

دەي زوڭ كۆڭلىدە: «بۇ بىرنېمە تەھقىق مەندىن يوشۇرۇنچە تاماق يەۋالماقچى» دەپ ئويلىدى - دە، ھېلىقى تاماقنى ئۆزى يەپ ئاستاغىنا ئارقىغا ئۆتۈپ قارىسا، ئۇ يەردە لى كۇي ئىككى جام مەي ۋە بىر تاۋاق كالا گۆشىنى قويۇپ يەۋېتىپتۇ. دەي زوڭ ئۆزىچە: «ئاپلا، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ ھازىرچە گەپ قىلماي ئەتە ئازراق كولدۇرلىتىپ قوياي» دېدى - دە، ئۆيگە قايتىپ كىرىپ يېتىپ قالدى. لى كۇي بىرپەس گۆش يەپ، مەي ئىچكەندىن كېيىن دەي زوڭنى بىرنېمە دەپ يۈرمىسۇن دەپ غىپپىدە ئۆيگە كىرىپ يېتىۋالدى.

تاڭ ئاتقاندا دەي زوڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، لى كۇينى ئوچاقتا ئوت يېقىشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇنىڭغا ئازراق پەرھىز تائام ئەتكۈزۈپ ئىچتى. ئاندىن ساراي ھەققىنى تۆلەپ، كۆدە - كۆرپىلىرىنى كۆتۈرۈپ سارايدىن يولغا چىقتى. ئىككى چاقىرىم يول ماڭا -

ماڭمايلا، دەي زۇڭ:

— بىز تۇنۇگۇن يەل تاپانلىق كارامەتنى ئىشلەتمىدۇق، بۇگۇن يولنى ئاۋۇتايلى، سەن بوغجۇملىرىڭنى چىڭ چىگىۋال، مەن ساڭا سۇفكۆش قىلىپ قوياي، بىراقلا سەككىز يۈز چاقىرىم يول بېسىپ توختايسەن، — دېدى ـ دە، يېنىدىن تۆت تۇمارنى چىقىرىپ لى كۇينىڭ ئىككى تىزىغا تاڭدى. ئاندىن ئۇنىڭغا:

— سەن ئالدىمىزدىكى مەيخانىغا بېرىپ مېنى كۇتۇپ تۇرغىن، — دەپ ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇنىڭ تىزىغا سۇف دېدى، ئۇ لىككىدە يەردىن كۆتۈرۈلۈپ خۇددى بۇلۇتنى مىنگەندەك ئۇچۇپ كەتتى. دەي زۇڭ: «قېنى ئۇ بىر كۇن ئاچ يۈرۈپ چىداپ باقسۇن» دەپ كۇلدى ـ دە، ئۆزىمۇ پۇتىغا تۇمارنى تېڭىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. لى كۇي ئادەتتىكىدەك يول مېڭىۋاتىمەن دەپ ئويلاپ، بۇنىڭ سېھىر ـ كارامەت ئىكەنلىكىنى بىلمىدى. قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ ئاۋازىدەك غۇيۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. ئىككى تەرەپتىكى ئۆي ـ ئىمارەت، دەل ـ دەرەخلەر ئۇلگۇجىلا يىقىلىپ چۇشكەندەك، پۇتى ئاستىدا بۇلۇتلار سۈرۈلگەندەك بىلىنەتتى. لى كۇي قورقۇپ كېتىپ، بىرنەچچە قېتىم ئۆزىنى توختىتىۋالاي دەپ باقتىيۇ، ئىككى پۇتىغا ئىگە بولالمىدى، گويا بىراۋ پەستە ئىتتىرىۋاتقاندەك توختىماي يۇگۇرۇپ كەتتى. ئۇ مەيخانىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغىمۇ كىرەلمەسلىككە كۆزى يېتىپ:

— ۋاي ئاتا، مېنى بىردەم توختىتىۋالسىڭىزا! — دەپ نالە ـ زار قىلدى. ئۇ قارىسا كۇن قىيىلىپ قاپتۇ. قورسىقى ئېچىپ، ئۇسساپ ھېچ ھالى قالمىدى. ئۆزىنى توختىتىۋالالمىغانسېرى قورقۇپ پۇتۇن بەدىنى چىپ ـ چىپ تەرلەپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۇدەپ دېمى كېسىلگىلى تۇردى. دەي زۇڭ يېتىشىپ كېلىپ:

— ھەي بۇرادەر، ئاز ـ تولا تاماق ـ پاماقلارنى يەۋېلىپ ئاندىن ماڭمامسەن؟ — دەپ توۋلىدى.

— قېرىندىشىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، مەن تۆمۈر كالا

ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالدىم، — دېدى جاۋابەن.

دەي زۆڭ قوينىدىن بىرنەچچە موما چىقىرىپ يېيىشكە باشلىدى.

— مەن ئېلىپ يەي دېسەم ئۆزۈمنى توختىتالمايۋاتىمەن، ماڭا بىر ـ ئىككىنى بەرسىڭىز قورساقا ياماق سېلىۋالسام، — دېدى لى كۈي.

— قېرىندىشىم، بېرى كەلگىن، مە بۇنى يەۋالغىن، — دېدى دەي زۆڭ.

لى كۈي قولىنى سۇندى، ئارىلىقى ئۈچ غۇلاچتەك بولسىمۇ يېقىن بارالمىدى. ئۇ:

— جېنىم ئاكا، سەل توختاڭ، — دەپ زارلاندى يالۋۇرۇپ.

— بۈگۈن باشقىچە تۇرىمەن، مەنمۇ ئىككى پۇتۇمغا ئىگە بولالمايۋاتىمەن.

— ئاپلا، بۇ كاساپەت پۇتۇم، زادى جورۇققا كىرمەيۋاتىدۇ، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ھېلى بىكار پالتا بىلەن بىلىمىنىڭ تۆۋىنىنى چېپىۋېتىمەن.

— شۇنداق قىلماقتىن باشقا ئىلاج يوق، بولمىسا تاكى كېلەر يىلىنىڭ بىرىنچى ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنىگىچە ئۆزۈڭنى توختىتالماي مېڭىۋېرىسەن.

— جېنىم ئاكا، كارامەت كۆرسىتىپ مېنى ئۇنداق كولدۇرلاتماڭ، پۇتۇمنى كېسىۋەتسەم، ھېلى بىكار مەسخىرە قىلارسىز.

— تۈنۈگۈن ئاخشام مېنىڭ گېپىمگە ئەمەل قىلمىغان ئوخشىمامسەن؟ ئەمدى مەنمۇ ئۆزۈمنى توختىتالمايۋاتىمەن. مېڭىۋەرگىن.

— جېنىم ئاكا، مېنى كەچۈرۈپ بىر توختىتىپ قويسىڭىز.

— مېنىڭ بۇ كارامىتىم گۆشلۈك تائام يېيىشكە يول قويمايدۇ. بىرىنچى پەرھىز قىلىدىغان نەرسە كالا گۆشى، ئەگەر بىر لوقما كالا گۆشى يەپ قويىدىغان بولساڭ بىراقلا يۈز مىڭ

چاقىرىم يول بېسىپ ئاندىن توختايسەن.

— ئاپلا، چاتاق بولدىغۇ! مەن تۇنۇگۇن ئاخشام سىزدىن يوشۇرۇنچە راستلا نەچچە جىڭ كالا گۆشى يەۋېتىپتىمەن، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

— ھە، شۇڭلاشقا بۇگۇن مېنىڭ پۇتۇممۇ جورۇقتا كىرمەيۋېتىپتۇ - دە، ئەمدى ئاسماننىڭ ئۇ چېتىگە بېرىپ كېلىدىغان بولدۇق، بۇنىڭغا بېرىپ - كېلىش ئۇچۇن ئاز دېگەندە تۆت - بەش يىل كېتىدۇ.

لى كۇي بۇنى ئاڭلاپ ئاللا - توۋا ئېيتىپ نالە - زار قىلدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن، — دېدى دەي زۇڭ، — سەن مەن دېگەن بىر ئىشقا كۆنسەڭ، مەن بۇ كارامىتىمنى بولدى قىلىمەن.

— جېنىم ئاكا، جۇگۇ - جۇگۇ ئەمدى ھەرگىز گېپىڭىزدىن چىقمايمەن، — دېدى لى كۇي.

— ئەمدى يەنە مەندىن يوشۇرۇنچە گۆشلۈك تائام يەمسەن؟

— بۇنىڭدىن كېيىن گۆشلۈك تائام يەيدىغان بولسام تىلىمغا يوغان قوقاق چىقسۇن! مەن سىزنىڭ پەرھىز تائام يېگىنىڭىزنى كۆرۈپ، گېلىمدىن ئۆتمەيدىغاندەك قىلىۋىدى، يوشۇرۇنچە شۇنداق يەۋېتىپتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن.

— ئۇنداق بولسا بۇ نۆۋەت بىر قېتىم كەچۈرەي سېنى! — دېدى دەي زۇڭ ۋە بىر قەدەم چېكىنىپ يېڭى بىلەن لى كۇينىڭ پۇتىنى بىر قېقىپ: «توختا!» دەپ بىر ۋارقىرىۋىدى، لى كۇينىڭ ئىككى پۇتى خۇددى مىختەك مىدىر - سىدىر قىلماي يەرگە قادالدى.

— مەن مېڭىپ تۇراي، — سەن ئاستىراق كەلگىن، — دېدى دەي زۇڭ.

لى كۇي پۇتىنى كۆتۈرۈشكە تەمشىلىۋىدى، خۇددى قۇيۇپ قويغان چويۇندەك كۆتۈرۈلمىدى. ئۇ داد - پەرياد سېلىپ: «ئاپلا، يەنە چاتاق بولدى! ئەمدى قانداق بارارمەن؟» دەپ ئويلاپ:

— قېرىندىشىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، — دەپ زارلىدى.

— ھە، ئەمدىغۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلارسەن؟ — دەپ كۈلدى دەي زۇڭ ئارقىغا قايرىلىپ.

— راستىنلا سىزنى ئۆز ئاكام دەپ بىلىمەن، ھەرگىز سۆزىڭىزدىن چىقمايمەن، — دېدى لى كۇي

— ئەمدى سەن مېنىڭ سۆزۈمگە كىرىدىغان بولدۇڭ ـ ھە ! — دېدى دەي زۇڭ ۋە لى كۇينىڭ قولتۇقىدىن ئېلىپ: «ئۇچ !» دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، ئىككىيلەن يۈرۈپ كەتتى.

— قېرىندىشىم، مەن بىچارە تۆمۈر كالىغا رەھىم قىلىڭ، بالدۇرراق دەم ئالايلى ! — دېدى لى كۇي.

ئىككىيلەن ئالدى تەرەپتىكى بىر سارايغا بېرىپ چۈشتى. بۇلار ئۆيگە كىرىپ پۇتلىرىدىكى تۇمارلىرىنى يېشىپ، نەچچە يۈز دەستە يارماق شەكلى بېسىلغان قەغەزلەرنى كۆيدۈردى، دەي زۇڭ لى كۇيدىن:

— ئەمدى قانداقراق تۇرىسەن، — دەپ سورىدى.

ئىككى پۇتۇم ئەمدى ئۆزۈمنىڭكىدەك ھالغا كەلدى، — دېدى لى كۇي.

— ئاخشام سېنى ئۆز ئالدىڭغا مەي، گۆش ئېلىپ يەڭ دەپ كىم قويۇپتۇ؟

— سىز گۆشلۈك تائام يېيىشكە رۇخسەت يوق دېگەندىكىن ئوغرىلىقچە يەپتىمەن، بۇنى مېنىڭ بۇرنۇمدىن چىقاردىڭىز.

دەي زۇڭ لى كۇيغا پەرھىز مەي ۋە پەرھىز تاماق ئەتتۈرۈپ يېگەندىن كېيىن ئىسسىق سۇدا پۇتلىرىنى يۇيۇپ يېتىپ قالدى. شۇ ياتقىنىچە تاڭ يورۇغاندا ئورنىدىن تۇردى ۋە يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ تاماق يېدى. ئاندىن سارايىي ھەققىنى تۆلەپ ئىككىسى يەنە يولغا راۋان بولدى. ئۈچ چاقىرىمچە يول يۈرگەندىن كېيىن دەي زۇڭ تۇمارنى چىقىرىپ:

— قېرىندىشىم، بۈگۈن ساڭا ئىككىنى تېڭىپ قوياي، ئاستىراق ماڭىدىغان بولىسەن، — دېدى.

— جېنىم ئاكا، مەن تاغمای، — دېدى لى كۈي.

— سەن مېنىڭ سۆزۈمگە كىرىمەن دېگەن تۇرساڭ، ئىككىمىز چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلماقچى بولساق، قانداقسىغا سېنى كولدۇرلىتاي؟ ئەگەر مېنىڭ سۆزۈمگە كىرمىسەڭ ئاخشامقىدەك مۇشۇ يەردە مىخلاپ تۇرغۇزۇپ قويىمەن ــ دە، قاچان مەن جىجۇ ئايمىقىغا بېرىپ گۆشسۇن شېڭنى تېپىپ كەلگەندىن كېيىنلا بوشىتىمەن.

— سۆزىڭىزگە كىرىمەن، كىرىمەن، — دېدى ئالدىراپ ــ تېنەپ لى كۈي.

دەي زۇڭ بىلەن لى كۈي شۇ كۈنى ئىككى تۇمار تاڭدى، ئاندىن دەي زۇڭ يەل تاپانلىق كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ، لى كۈيغا ھەمدەم بولۇپ بىللە ماڭدى. ئەسلىدە دەي زۇڭنىڭ كارامىتى ماڭىمەن دېسە ماڭىدىغان، توختايمەن دېسە توختايدىغان كارامەت ئىدى. لى كۈي شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ سۆزىدىن قانداق چىقالىسۇن دەيسىز، يول ئۈستىدە پەرھىز مەي ئىچىپ، پەرھىز تائام يەپ مېڭىۋەردى. گەپنى ئۇزارتمايلى. ئىككىيلەن يەل تاپانلىق كارامەت بىلەن ئەگرى ــ توقاي ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئون كۈنگە قالمايلا، جىجۇ ئايمىقىغا كېلىپ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر كارۋان سارىيىغا چۈشتى.

ئەتىسى ئىككىيلەن شەھەرگە كىردى، دەي زۇڭ خوجايىن سۈپىتىدە، لى كۈي بولسا چاكار سۈپىتىدە ياساندى. ئۇلار گۆشسۇن شېڭنى شەھەر ئىچىدە بىر كۈن ئىزدىدى، گۆشسۇن شېڭنى تونۇيدىغان بىرمۇ كىشى چىقمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن سارايغا قايتىپ كېلىپ يېتىپ قالدى. ئەتىسى يەنە شەھەرگە كىرىپ چوڭ ــ كىچىك كوچا ــ كويلارنى ئاربلاپ يەنە بىر كۈن ئىزدەپ ھېچبىر ئۇچۇر ئالالمىدى. لى كۈينىڭ ئىچى پۇشۇپ:

— بۇ قەلەندەر راھىب قەيەرگىمۇ تىقىلىۋالغاندۇ! ئەگەر تېپىۋالىدىغان بولسام، قاراپ تۇر، بويىنىدىن سۆرەپ ئاغامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارمىغاننى كۆر، — دېدى.

— مانا، يەنە ھېلىقى قىلىقىڭ تۇتتى، ئەگەر سۆزۈمنى ئاڭلىمايدىغان بولساڭ، يەنە بايىقىدەك ئازابلايمەن، — دېدى دەي زۈڭ.

— مەن ئانچىكىلا چاقچاق قىلىپ قويدۇم، — دەپ كۈلدى لى كۈي.

دەي زۈڭ يەنە بىر پەس ئاغرىنىپ تاپا - تەنە قىلدى. لى كۈي گەپ ياندۇرالمىدى. ئىككىيلەن يەنە سارايغا كېلىپ قونۇپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ، شەھەر سىرتىدىكى يېقىن سەھرا - كەنتلەرنىڭ بازارلىرىغا بېرىپ ئىزدىدى. دەي زۈڭ ئۇچرىغانلىكى بوۋايلارغا سالام بېرىپ، گۇڭسۇن شېڭ تەخسىرنىڭ ئۆيى نەدىكىن، دەپ سۈرۈشتۈردى، ئۇنى تونۇيدىغان بىرمۇ كىشى چىقمىدى، دەي زۈڭ ئەنە شۇ تەرىقىدە ئون نەچچە ھويلا - ئارامغا بېرىپمۇ سۈرۈشتە قىلدى. دەل چۈش ۋاقتى بولغاندا ئىككىيلەن قاتراپ يۈرۈپ تازا قورسىقى ئېچىپ كەتتى، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كۆزىگە يول ياقىسىدا بىر پەرھىز تائام ئېتىدىغان ئاشخانا چېلىقىپ قالدى. بۇلار ئۇدۇل ئۇنىڭغا كىرىپ تاماق - پاماقلارنى ئېلىپ يېمەكچى بولدى. ئىچكىرىسىدە ئادەم لىقمۇلىق ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ، بىرمۇ بوش ئورۇن قالماپتۇ. دەي زۈڭ بىلەن لى كۈي يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدى. ئاشخانا خىزمەتچىسى كېلىپ:

— مېھمانلار، ئاش - پاش يەيدىغان بولۇشسىلا، ئاۋۇ بوۋاينىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى.

دەي زۈڭ بوۋايغا نەزەر سالدى. ئۇ يالغۇز يوغان بىر شىرەنى ئىگىلەپ ئولتۇرۇپتۇ، دەي زۈڭ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. لى كۈي دەي زۈڭنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، دەي زۈڭ خىزمەتچىگە تۆت قاچا لەڭمەن ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

— مەن بىر قاچا يېسەم، سەن ئۈچ قاچا يېسەڭ بولار؟ —

دېدى دەي زۇڭ.
— ئۇ قانچىلىك ئاشتى، بىراقلا ئالتە قاچا ئىچىپ كەلسىمۇ سوقۇۋېتىمەن، — دېدى لى كۇي.
خىزمەتكار ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ بىر هازاغىچە لەڭمەننى ئىچىپ چىقمىدى، لى كۇي خىزمەتكارنىڭ لەڭمەننى ئىچكىرىدىكىلەرگىلا توشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خېلىلا زەردىسى قايناپ. شۇ ئارىدا خىزمەتكار بىر قاچا سۇيۇقئاشنى ئېلىپ چىقىپ، شۇ شىرەدىكى بوۋاينىڭ ئالدىغا قويدى. بوۋاي خۇش ـ پۇشمۇ دېمەيلا ئاشنى قولىغا ئالدى، سۇيۇقئاش ناهايىتى ئىسسىق بولسىمۇ، بېشىنى كۆتۈرمەي، شىرەگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىچىۋەردى. تاماق ئىچىپ چىقمايۋاتقىنىغا لى كۇينىڭ تاقىتى تاق بولۇپ «هەي ئۇستام!» دەپ خىزمەتكارنى چاقىرىپ كېلىپ:
— غوجا ئاكاڭنى شۇنچىمۇ ساقلىتامسەن. بىز ساقلاپ ئولتۇرغىلى نەۋاق، — دەپ تىللىدى ـ دە، جوزىغا «پاق» قىلىپ بىرنى ئۇرۇۋىدى، ئاش سۈيى بوۋاينىڭ يۈزىگە چاچراپ، سۇيۇقئاش يەرگە تۆكۈلۈپ كەتتى. بوۋاينىڭ زەردىسى قايناپ، كاپ قىلىپ لى كۇينىڭ گېلىدىن ئېلىپ:
— هەي بىئەدەپ، نېمىشقا مېنىڭ ئېشىمنى تۆكۈۋېتىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.
لى كۇي مۇشتىنى تۈگۈپ بوۋاينى ئۇرماقچى بولۇۋىدى، دەي زۇڭ ئۇنى شاققىدە تۇتۇۋېلىپ بوۋايغا ناماقۇللۇق بىلدۈرۈپ:
— ئاتا، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولماڭ، پېقىر سىزگە ئېشىڭىزنى تۆلەپ بېرەي، — دېدى.
— مېهمان بېگىم، ئۆزلىرى بىلمەيلا، مەن قىرىنىڭ يولۇم يىراق، تامىقىمنى بالدۇرراق يەۋېلىپ ماڭمىسام يولدا تەخىر بولۇپ، ۋەز ئاڭلاشقا كېچىكىپ قالىمەن، — دېدى بوۋاي.
— ئاتا، سىز قەيەرلىك؟ كىمدىن، قانداق ۋەز ئاڭلىماقچىسىز؟ — دەپ سورىدى دەي زۇڭ.
— مەن مۇشۇ جىجۇ ئايمىقىغا قاراشلىق جيۇگۇڭ

ناھىيەسىدىكى ئىككى ئەۋلىيا تېغى ئېتىكىدىن بولىمەن. مۇشۇ شەھەردىن ئازراق خۇشبۇي ئىسرىق ئېلىپ، تاغدىكى بوۋاكالاننىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ يوللىرى توغرىسىدىكى ۋەزىسىنى ئاڭلاپ كېلەي دەپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى بوۋاي.

دەي زۇڭ: «توختا، گۇڭسۇن شېڭمۇ شۇ يەردە بولمىسۇن يەنە؟» دەپ ئويلىدى ـ دە، بوۋايدىن:

— ئاتا، مۇبارەك جاڭزىلىرىدا گۇڭسۇن شېڭ دېگەن كىشى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مېھمان بېگىم، ئۇنى باشقا ئادەملەردىن سورىسىلا بىلمەيدۇ، ئۇنى كۆپ ئادەم تونۇمايدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن قوشنا. ئۇنىڭ ئۆيىدە بىرگىنە قېرى ئانىسى بار. بۇ تەخسىرىم بۇرۇن جاھانكەچتىلىك قىلىپ سىرتتا يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ چاغدا ئۇنى خەق گۇڭ سۈيۈم دەپ ئاتايتتى. ئەمدى گۇڭسۇن شېڭ دېمەي، ئۇرۇق ـ زاتىنى تاشلاپ قويۇپ، دىيانەتلىك سۈيۈم دەپلا ئاتايدىغان بولۇشتى. شۇڭا ئۇنىڭ يېقىرانە ئېتىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، — دېدى بوۋاي.

دەي زۇڭ: «تۆمۈر كەشنى كىيىپ ئالەمنى كېزىپ ئىزدىسەڭمۇ بىكار، ۋاقتى كەلگەندە كۈچ سەرپ قىلمىساڭمۇ ئالدىڭدا پەيدا بولار» دېگەن مۇشۇ ـ دە، دەپ ئويلىدى ـ دە:

— جيۇگۇڭ ناھىيەسىنىڭ ئىككى ئەۋلىيا تېغى بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى قانچە يول كېلىدۇ؟ دىيانەتلىك سۈيۈم ئۆيىدە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋايدىن يەنە.

— مۇشۇ ناھىيەنىڭ قىرىق بەش چاقىرىم نېرىسىدىكى تاغ ئاشۇ ئىككى ئەۋلىيا تېغى بولىدۇ. دىيانەتلىك سۈيۈم بوۋاكالاننىڭ ئەتىۋارلىق مۇرىتى، ئۇستازى ئۇنى يېنىدىن نېرى كەتكۈزمەيدۇ، — دېدى بوۋاي.

دەي زۇڭ بۇ ئۇچۇرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى ـ دە، تاماقنى ئالدىرىتىپ ئالدۇرۇپ كېلىپ بوۋاي بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يېدى، تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن پۇلىنى تۆلەپ

بوۋاي بىلەن بىللە ئاشخانىدىن چىقتى ۋە يولنى ئوبدان سورىۋالدى. ئاخىرىدا دەي زوڭ:

— ئاتا، سىز مېڭىپ تۇرۇڭ. پېقىر ئازراق كوجە، قەغەز ئېلىۋېلىپ ئارقىڭىزدىنلا بارىمەن، — دېدى. ئاندىن بوۋاي خوشلىشىپ يورۇپ كەتتى.

دەي زوڭ بىلەن لى كوي قايتىپ كېلىپ كوچە - كوچىلارنى ئېلىپ، پۇتنغا تۇمارنى تېڭىپ سارايدىن چىقتى - دە، ئىككىسى توپتوغرا جيوگوڭ ناھىيەسىدىكى ئىككى ئەۋلىيا تېغىغا قاراپ يول ئالدى. يولغا چىققاندىن كېيىن دەي زوڭ يەل تاپانلىق كاراماتنى ئىشقا سېلىپ قىرىق چاقىرىم يولنى بىردەمدە بېسىپ قويدى. ئۇلار ناھىيەگە كېلىپ ئىككى ئەۋلىيا تېغىنى سوروشتۇرۇۋىدى، بىراۋ:

— بۇ يەردىن كونچىقىش تەرەپكە قاراپ بەش چاقىرىملا ماڭساڭلار يېتىپ بارغىنىڭلار شۇ، — دەپ كورسىتىپ قويدى. بۇلار ئۇ يەردىن يەنە كونچىقىش تەرەپكە قاراپ يورۇپ كەتتى. دەرۋەقە بەش چاقىرىم ماڭا - ماڭمايلا ئاشۇ ئەۋلىيالار تېغىغا بېرىپ قالدى، دېگەندەك ئۇ شۇنچە گوزەل تاغ ئىدىكى:

سېپسىلىق تىك تاغ - گىلاڭ كوپكوك باراقسان ياشىرىپ،
قاپلىغان زۇمرەت يېشىل تاغنى بۇلۇتلار توپلىشىپ.
ئىككى يارنى ئەجدىھا، يولۋاس كېلىپ تۇتقان ماكان،
يىغلىشىپ مايمۇن، ئۇچار قۇش، تورنىلار زار قاقشىغان.
تاڭ بىلەن سالساڭ نەزەر قاپلار بۇلۇت تاغ ئۇستىنى،
كەچقۇرۇن باقساڭ قۇياش قىزارتىدۇ شاخ ئۇچىنى.
شىلدىرلاپ ئاققان ئېقىن سۇ، جىلغىدا لەئەل كەبى،
شارقىراپ بۇلاقتا سۇمۇ، غاردا ۋىلڭ - ۋىلڭ ساز كويى.

شۇ ئەسنادا دەي زوڭ بىلەن لى كوي ئىككى ئەۋلىيا تېغى ئېتىكىگە يېتىپ بارغاندا، بىر ئوتۇنچىغا ئۇچراشتى، دەي زوڭ

ئۇنىڭغا سالام قىلىپ:

— دىيانەتلىك سوپۇمنىڭ ئولتۇرۇقى قەيەردىكىن؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— مۇشۇ تاغنىڭ كۈنچىقىش ئېغىزىدىن چىقىپ بۇرۇلسىڭىز، ئىشىكى ئالدىدا بىر كىچىك تاش كۆۋرۈك تۇرغان ئۆي شۇ، — دەپ ئېيتىپ بەردى.

ئىككىيلەن تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ بۇرۇلۇپ قارىسا ئون نەچچە ئېغىز كەپە تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا پاكار تام سېلىنغان، تام سىرتىدا بىر كىچىك تاش كۆۋرۈك بار ئىكەن. بۇلار كۆۋرۈك يېنىغا كەلگەندە بىر سېۋەت ھۆل مېۋە كۆتۈرگەن يېزىلىق بىر چوكان پەيدا بولدى. دەي زۇڭ ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ:

— دىيانەتلىك سوپۇمنىڭكىدىن چىقىۋاتاملا، دىيانەتلىك سوپۇم ئۆيىدە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆيىنىڭ كەينىدە قېرىماسلىق دورىسى ياساۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى چوكان.

دەي زۇڭ ئىچىدە خۇشال بولۇپ، لى كۈيغا:

— سەن تېرەك ئارقىسىغا ئۆتۈپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ تۇرغىن، مەن ئۆزۈم كىرىپ باقاي، ئۇنى تاپسام چىقىپ سېنى چاقىراي، — دەپ تاپىلىدى - دە، ئىچكىرىگە كىردى، كىرىپ قارىغۇدەك بولسا قاتار ئۈچ كەپە تۇرۇپتۇ، كەپىنىڭ ئىشىكلىرىگە قومۇش مىلەڭزە ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. دەي زۇڭ «ئەھە» دەپ بىر يۆتىلىۋىدى، ئىچكىرىدىن ئاپئاق چاچ بىر موماي چىقتى. ئۇ شۇنداق موماي ئىكەنكى:

چېچى ئاق، قېرىغان، لېكىن تىمەن ئۇ قىپقىزىل يۈزلۈك،
گويا كۆز ئېيىنى باسقان تۇمان - ئىستەك خىرە كۆزلۈك.
قېشى ئاق تاڭ قىرووۋسىدەك، قۇياشتا پارقىراپ چاقنار،
قارا پەشتاما، ئاق ئەڭنى، كەۋكەبىستان زاتىغا ئوخشار؛

كىيىپ ئۇستىگە بۆز يەكتەك، چېچىنى جىغىدا باسقان،
قېرىپ لىشەن① دېكى ئەينى بۇۋىمىنىڭ ئۆزى بوپقالغان.
قانات قاققان قىلىپ پەرۋاز گوياكى تۇرنىدۇر ئەپتى،
كى تاغنىڭ قارغىيىدەك مەغرۇرانە تۇرقىيۇ ـ تەقى.

دەي زۇڭ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ:
— ئانا، ئۆزلىرىگە بىر ئىلتىجايىم بار، پېقىرنى دىيانەتلىك سوپۇم بىلەن بىر كۆرۈشتۇرۇپ قويسىلا ئىكەن، — دېدى.
— بېگىم، نامىشەرىپلىرى كىم بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى موماي.
— پېقىرنىڭ ئىسمىزاتىم دەي زۇڭ بولىدۇ، شەندۇڭدىن كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى دەي زۇڭ.
— ئوغلۇم جاھانكەچتى بولۇپ چىقىپ كەتكەنىدى، قايتىپ كەلمىدى، — دېدى موماي.
— پېقىر كونا قەدىناسى ئىدىم، ئۇنىڭغا مۇھىم بىر سۆزۈم بار ئىدى، كۆرۈشەي دەپ كېلىۋىدىم.
— ئۆيدە يوق، قانداق گەپلىرى بولسا ماڭا دەپ قويۇپ كەتسىلە. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بېرىپ كۆرۈشسۇن.
ئۇنداق بولسا كېيىن كېلەي، — دېدى دەي زۇڭ ۋە موماي بىلەن خوشلىشىپ سىرتقا چىقىپ، لى كۇيغا:
— ئەمدى ساڭا ئىش چىقتى، ئۇنىڭ ئانىسى ئۆيدە يوق دەيدۇ. ئەمدى سەن كىرىپ چاقىرىپ باققىن، ناۋادا يەنە يوق دېسە ھەيۋە قىلىپ چۇقان كۆتۈرگىن، لېكىن ئۇنىڭ ئانىسىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويما. مەن كىرىپ ساڭا ھاي بېرىمەن، شۇ ھامان توختاپ قالغىن، — دېدى.
لى كۇي بوغجۇمىسىدىن قوش ئايپالتىسىنى چىقىرىپ بېلىگە قىستۇردى ـ دە، ئۆيگە كىرىپ:
— ئۆيدە كىم بار ! — دەپ ۋارقىرىدى.

① لىشەن — شەنشىدىكى تاغ.

www.uyghurkitap.com

موماي ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

ـــ كىم؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇ لى كۈينىڭ چەكچىيىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ، ـــ ئوغلۇم، نېمە گېپىڭىز بار ئىدى؟

ـــ مەن لياڭشەن كۆلىدىكى قارا قۇيۇن بولىمەن. ئاغىلارنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن گۇڭسۇن شېڭنى چىللاپ كەلدىم. ئۇنى چاقىرىپ بېرىڭ، چىقسا ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. ئەگەر يەنە چىقمىسا ئوت قويۇپ ئۆيئاقىڭلارنى كۆيدۈرۈپ تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن. ئۇ چاغدا مەندىن كۆرمەڭلار، پات چىقسۇن!

ـــ پالۋان، ئۇنداق دېمىسىلە، بۇ گۇڭسۇن شېڭنىڭ ئۆيى ئەمەس، دىيانەتلىك سوپۇمنىڭ ئۆيى.

ـــ ئۇنى چاقىرىپ بەرسىڭىزلا بولىدى، مەن ئۇ دۆيۈزنى تونۇيمەن.

ـــ ئۇ يۇرت كېزىپ چىقىپ كەتكەنىدى، تېخى قايتىپ كەلمىدى.

لى كۈي پالتىسىنى ئالدى ـ دە، تامغا «گاچ» قىلىپ چاپتى، موماي ئالدىغا كېلىپ ئۇنى توستى، لى كۈي:

ـــ ئوغلۇڭنى چاقىرىپ بەرمىسەڭ، ئۆلتۈرىمەن سېنى، ـــ دېدى ـ دە، پالتىسىنى كۆتۈرۈپ دىۋەيلىدى.

موماي قورقۇپ كېتىپ يەرگە يىقىلدى. بۇ چاغدا ئىچكىرىدىن گۇڭسۇن شېڭ چىقىپ:

ـــ ھەي، بىئەدەپلىك قىلما! تارت قولۇڭنى، ـــ دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ھال مۇنداق تەرىپلىنىدۇ:

قېرىماسلىق دورا قايناتماقتا پىردىن ئۆلگە ئەپ،
چىقتى ئەلدىن، باردى تاغقا مۆكتى ئۇ پىنھانە دەپ.
كەلمىگەن بولسا ئەگەر جان ئالغۇچى لى كۈي بۇڭا،
ئۆيىدىن چىققايمۇ گۇڭسۇن شېڭ ئىشككە ئەنسىرەپ.

— ھەي تۆمۈر كالا، ئانامنى شۇنداق قورقۇتۇۋېتەمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى دەي زۇڭ ۋە دەرھال موماينى يۆلەپ تۇرغۇزدى. لى كۈي پالتىسىنى ياندۇرۇپ ئېلىپ:

— ئاغا، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، ئۇنداق قىلمىسام ئۆزلىرى چىقمايتىلا، — دېدى تەزىم قىلىپ.

گۇڭسۇن شېڭ ئاۋۋال ئانىسىنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرىۋېتىپ چىقىپ، دەي زۇڭ، لى كۈيلارنى ئېتىكاپخانىسىغا باشلىدى.

— ئىككىلىرى جوۋاپ مۇشۇ يەرگىچە مېنى ئىزدەپ كەپلا، — دېدى ئۇ.

— ئۇستازىم، — دېدى دەي زۇڭ، — ئۆزلىرى تاغدىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاۋۋال پېقىر جىجۇ ئايمىقىغا كېلىپ بىر قېتىم ئىزدەپ چىقتىم، ھېچ يەردىن ئۇچۇرلىرىنى ئالالمىغانلىقىمدىن، بىرنەچچە شېرىك تۇپلاپ تاغقا قايتىپ كەتتىم. بۇ قېتىم ئاغىمىز سۇڭ دانىش گاۋتاڭ ئايمىقىغا چەي جىن غوجامنى قۇتقۇزۇشقا بارغانىدى، ئامبال گاۋ ليەن سېھىر قىلىپ ئىككى - ئۈچ مەررە جەڭدە يېڭىۋاپتۇ، ھېچ ئىلاج بولمىغانلىقتىن پېقىر بىلەن لى كۈينى ئۆزلىرىنى چىللاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. جىجۇنى بىر ئايلىنىپ چىقتۇق، ئىز - دېرەكلىرىنى ئالالمىدۇق. كۇتۇلمىگەندە ئاشخانىدا مۇشۇ يەرلىك بىر بوۋاي ئۇچراپ قېلىپ مۇشۇ يەرنى كۆرسىتىپ قويدى. كەلسەك ئالدىمىزدىن بىر يېزىلىق چوكان چىقىپ قالدى، ئۇنىڭدىن سورىساق جانابلىرىنى ئۆيدە قېرىماسلىق دورىسى ياساۋاتىدۇ دېدى، كېلىپ ئانامدىن سورىساق يوق دېگىلىلا تۇردى، شۇڭا لى كۈي ئۆزلىرىنى تېرىكتۇرۇپ ئاچىقتى، ئىنىمىز قوپاللىق قىلىپ قويدى، ئەپۇ قىلسىلا، ئاغامغا گاۋتاڭ ئايمىقىدا بىر كۈن تۇرۇش بىر يىلدەك بىلىنىۋاتىدۇ. مەرھەمەت قىلسىلا يولغا چىقايلى، مەردلىكنىڭ بەجا كەلتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئاخىرغىچە ھەمدەمدە بولسىلا.

— پېقىر، — دېدى گۇڭسۇن شېڭ، — ياش چېغىمدا

يۇرتمۇيۇرت سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈردۈم. كۆپ باتۇرلار بىلەن تونۇشۇپ بىللە بولدۇم، لياڭشەن كۆلىدە ھەربىرلىرىدىن ئايرىلىپ يۇرتقا قايتىپ كەلسەم، بىرىنچىدىن، ئانام ياشىنىپ قاپتۇ، قارايدىغان ھېچكىمى يوق ئىكەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۇستازىم بوۋاكالان تۇتۇۋالدى، مېنى بىرەركىم ئىزدەپ كېلىپ قالمىسۇن دەپ، نامىمنى ديانەتلىك سوپۇمغا ئۆزگەرتىپ مۇشۇ يەرگە بېكىنىۋالغانىدىم. بۇ ئۆز مەيلىمچە بولغان ئىش ئەمەس.

— ھازىر سۇڭ دانىش ناھايىتى خەۋپ ئاستىدا قالدى، ئۇستازىم، شەپقەت قىلىپ بىر بېرىپ كەلسىلە، — دېدى دەي زۇڭ.

— ئانامغا قارايدىغان ئادەم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بوۋاكالان ماڭا رۇخسەت قىلمايدۇ، راستلا بارالمايمەن، — دېدى گۇڭسۇن شېڭ.

دەي زۇڭ يۈكۈنۈپ قايتا ـ قايتا ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن گۇڭسۇن شېڭ دەي زۇڭنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— قېنى، يەنە مەسلىھەتلىشىپ باقاي، — دېدى.

گۇڭسۇن شېڭ ئېتىكاپخانىسىدا دەي زۇڭ بىلەن لى كۈينىڭ ئالدىغا پەرھىز مەي، تائام كەلتۈردى.

ئۈچەيلەن بىر پەس غىزالانغاندىن كېيىن دەي زۇڭ يەنە زارلانغان ھالدا يالۋۇرۇپ:

— ئۇستازىم، ناۋادا ئۆزلىرى بارمىسىلا سۇڭ دانىشنى گاۋ ليەن جەزمەن تۇتۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تاغ تۇرايىمىزدىكى مەردلىك يولىدا جەم بولۇشتەك بۈيۈك ئىشىمىز نابۇت بولىدۇ! — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، مەن بوۋاكالاندىن ئىجازەت ئالاي. ناۋادا ئىجازەت بېرىپ قالسا بىللە باراي، — دېدى گۇڭسۇن شېڭ.

— بۈگۈنلا بېرىپ سوراپ باقسىلا بولماسمۇ، — دېدى دەي زۇڭ.



www.uyghurkitap.com

— يەنە بىر كىچە تەخىر قىلسىلا، ئەتە سەھەر بىرىپ سوراپ كېلەي.

— ئاغامغا ئۇ يەردە بىر كۈننى ئۆتكۈزمەك بىر يىلدەك بىلىنىۋاتىدۇ، مالال كۆرمىسىلە بىللە بىرىپ كەلسەك.

گۈڭسۈن شېڭ ئورنىدىن تۇرۇپ دەي زۇڭ بىلەن لى كۈينى باشلاپ ئۆيدىن چىقىپ ئىككى ئەۋلىيا تېغىغا راۋان بولدى. بۇ كۈز ئاخىرلىشىپ قىش باشلانغان، كۈن قىسقىراپ، تۈن ئۇزىرىپ قالغان چاغلار ئىدى، ئاسانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى، شۇڭا بۇلار تاغنىڭ بېلىگە يېتىپ كەلگەندە كۈن ئولتۇرۇپ كەتتى. قارىغايلىق ئىچىدىن تويتوغرا بوۋاكالان ئىبادەتخانىسىغا بارىدىغان بىر چىغىر يول بار ئىدى، بۇلار شۇ يول بىلەن كېتىۋاتقاندا ئىبادەتخانىنىڭ پېشايۋىنى ئاستىدا قىپقىزىل تاختا كۆرۈندى. ئۇنىڭغا ھەل بىلەن «كەۋكەبىستان ئىبادەتخانىسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. ئۇچەيلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىككى ئەۋلىيا تېغىغا نەزەر سالدى. ئۇ دەرۋەقە شۇنداق ئىسىل ئەۋلىيالار ماكانى ئىكەنكى:

كۆك باراقسان قارىغايلار، ياپيېشىل ئارچا قاتار،
تىڭشىسا نوم تۇرنىلار، نەچچە غۇلام دورا ياسار.
پۇرقۇغان تاش ئۆيدە ھور ـ ئىس، ئاق، سېرىق دورا ھىدى،
قاپلىغان غار ئاغزىنى كۆكلەپ قومۇش يېشىل چىنار.
ئالما چىشلەپ ئاغزىغا يارلار ھالقىپ تاغ مايمۇنى،
گۈل مۈڭگۈز ياۋا بۇغا يول ئاتلىشىپ ئويناپ چاپار.
ئاڭلىنار دەرۋىش ـ غۇلاملار نوم ـ تىلاۋەت ئۈنلىرى،
ئەۋلىيا ئەزەم شەرىئەت ئۈستىدە مەنە ئوقار.
ئەۋلىيالاردىن ھامان مەدەت ـ شاپائەتلەر تىلەپ،
بۇ تىلاۋەت كۈرسىگە مىڭگەن بۇلۇت پىرلەر قونار؛
بۇ مۇقەددەس قەسرىگە تەزىم ـ تاۋاپ ئەيلەشكە ھەم،
ئەرشىئەلادىن مىنىپ ئەنقا ئۈچۈپ ھۆرلەر كېلەر.

www.uyghurkitap.com

دەرھەقىقەت مانا بۇ ھۆر ـ پەرىلەرنىڭ قەسرىسى،
بۇنىڭدىن ئۆزگە ئىزدىسەڭ پىڭلەي چىقار ئەمدى قەيەر.

ئۇچەيلەن كىيىم رۇسلاش شىپاڭىدا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ دالان بىلەن تويپتوغرا سارايىنىڭ ئارقىسىدىكى «قەقنۇس ھۇجرا»غا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەردە تۇرغان ئىككى مۇلازىم بالا گۇڭسۇن شېڭنىڭ ئادەم باشلاپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن بوۋاكالانغا خەۋەر قىلدى، بوۋاكالان بۇ ئۇچەيلەننى چىللاپ ئېلىپ كىرىشكە ئىجازەت بەردى. گۇڭسۇن شېڭ دەي زۇڭ، لى كۇيلارنى «قەقنۇس ھۇجرا»غا باشلاپ كىردى، بوۋاكالان ئەمدىلا دۇئا ـ تىلاۋەتنى تۈگىتىپ ئېتىكاپ كۇرسىسىدە ئولتۇراتتى، گۇڭسۇن شېڭ ئالدىغا بېرىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ئېسەنلىك سورىدى، ئاندىن چەتكە ئۆتۈپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ تۇردى. دەي زۇڭ بىلەن لى كۇي بوۋاكالانغا قارىسا، ئۇ دەرۋەقە شۇنداق سۇرلۇك ئەنبىيا قىياپىتىدە كۆرۈندىكى:

كۇلاسى ئۇستىگە لەئەل يوپۇرماق قاشنى بېكىتكەن،
ئۇ جەندە تونىغا قات ـ قات كالۋۇتۇن كەشتە گۇل چەككەن.
يۇزىكىم كەڭ ئۇنىڭ كۆركە ساقىلى ئۆزىراپ چەندان،
ئىبادەت ئەجرىسى راست ئەنبىيالىق چېكىگە يەتكەن؛
ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى زۇمرەت، چاناقى چاسا شەكلىدە،
ئىچىپ ئۇ ھەۋزىكەۋسەرنى ئۆزىنى ياش تۇتۇپ كەلگەن.
ھەمىشە يەيدىكەن قورساق ئاچۇرماس تاغ چىلاننى،
ئۆمۈرنى ئۇزارتار شاپتۇلدىنمۇ ئۇزۇپ يېگەن.
تۇتۇپ جىسمى ـ ۋۇجۇدىنى مىسالى ئەنبىيا قۇدرەت،
ھەقىقەتتە يېشىل مۇسكۇل، سۆسۈنە مىڭە ئاتا ئەتكەن.
ئىسمىزاتى ئورۇن ئالغان پەرىشتىلەر قاتارىدىن،
بۆرىكى قارىيىپ، تەھقىق جىگىرى كۆكىرىپ كەتكەن.
مىنىپ تون نىسپىدە ئەنقا، كېزىپ ھۆرلەر سارايىنى،
بۇلۇتنى ئات قىلىپ، تۇرنا مىنىپ كۆك قەرىنى كەزگەن.

دەي زۇڭ ئۇنى كۆرۈپ ئالدىراپ ـ تېنەپ سالام بەردى. لى كۇي ئۇنىڭغا قاراپلا تۇردى، بوۋاكالان گۇڭسۇن شىڭدىن:
— بۇ ئىككىيلەن قەيەردىن كەلدى؟ — دەپ سورىدى.
— ھېلىقى مەن سىلىگە ئېيتقان شەندۇڭلۇق دوستلىرىم مۇشۇ. ھازىر گاۋتاڭ ئايماق ئامبىلى گاۋ ليەن سېھىرگەرلىك كارامىتىنى ئىشلەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئاغىمىز سۇڭ جياڭ مېنى چاقىرىشقا بۇ ئىككى ئىنىمىزنى ئەۋەتىپتۇ. ئۆزۈمچە كېتەلمەي ئۆزلىرىدىن سوراپ كەلدىم.
— شاگىرتىم، سىز بالايىئاپەت گىردابىدىن قۇتۇلۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش يولىدا تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا شۇ يولنى ھېرىس قىلىسىز؟
— سىزدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمىزكى، — دەپ سۆز ئالدى دەي زۇڭ يەنە تەزىم قىلىپ، — گۇڭسۇن شېڭ تەخسىرىمنىڭ تاغدىن چۈشۈپ گاۋ ليەننىڭ سېھىرىنى دەپئى قىلىپ بېرىشىگە رۇخسەت قىلغايسىز، شۇنىڭدىن كېيىنلا بىز ئۇنى تاغقا ئۆزىمىز قايتۇرۇپ ئەكېلىپ قويىمىز.
— ئىككىڭىزلار بىلمەيسىزلەر: تەقۋادارلار ئۇچۇن يوقىلاڭ ـ ياۋىداق ئىشلارغا ئارىلىشىش جايىز ئەمەس، سىلەر تاغدىن چۈشۈپ تۇرۇڭلار، ئاندىن مەسلىھەتلىشەيلى، — دېدى بوۋاكالان.
گۇڭسۇن شېڭ نائىلاج ئىككىيلەننى ئەگەشتۇرۇپ «قەقنۇس ھۇجرا»دىن ئايرىلىپ كېچىلەپ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. لى كۇي:
— ھەزرىتى ئەۋلىيايىم نېمە دەيدۇ؟ — دېدى دەي زۇڭ.
— ئاڭلىمىدىڭمۇ، سەنمۇ بارغۇ؟ — دېدى دەي زۇڭ.
— ئۇ بىرنېمىنىڭ گېپىنى كىم ئۇقسۇن.
— ئۇستازىم ئۇ يەرگە بارمىغىن، دېدى.
— ئىككىمىز شۇنچە كۆپ يول يۈرۈپ مىڭ مۇشەققەتتە ئىزدەپ تاپساق، پوقتەك گەپ قىپتۇ بۇ، — دېدى بۇنى ئاڭلىغان لى كۇي ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، — غوجا ئاكاڭنىڭ ئاچچىقىم تۇتۇپ كەتسە، ھېلى بىكار بىر قولۇم بىلەن دەستار ـ

www.uyghurkitap.com

پەستارلىرىنى مۇجۇپ مىجىقىنى چىقىرىپ، بىر قولۇم بىلەن بىلىدىن ئېلىپ، بۇ قېرى ئوغرىنى تاغدىن غولتىپ تاشلايمەن.

— يەنە پۇتۇڭنى يەرگە مىخلاتقىلىك كەپتۇ - دە! — دېدى دەي زۇڭ ئۇنىڭ بىلىكىنى سىقىپ.

— ياق - ياق، ئانچىكىم ئويۇن - چاقچاقتىن شۇنداق دەپ قويدۇم.

ئۇچەيلەن يەنە گۇڭسۇن شېڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئازراق كەچلىك تاماق يېدى. گۇڭسۇن شېڭ:

— بۇگۈن ئاخشامچە يېتىپ تۇرۇپ، ئەتە ئۇستازىمىزغا يەنە ئىلتىجا قىلىپ باقايلى، ناۋادا ئۇناپ قالسا باراي، — دېدى.

دەي زۇڭلار شۇ كېچىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلدى. ئىككىيلەن يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئېتىكاپخانىغا كىرىپ يېتىپ قالدى. تاڭ يورۇشقا يېقىن لى كۈي ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ دەي زۇڭنىڭ خورۇلداپ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە: «بۇ نېمىدېگەن نەسكەشلىك؟ ئۆزۈڭ تاغ تۇرانىڭ ئادىمى تۇرۇپ ئاشۇ مەلئۇن ئۇستاز دېگەن بىرنېمىدىن سورايمىز دەپ ئولتۇرۇشۇڭ نېمىسى! ئەتە ئۇ مۇتتەھەم ئۇنىماي تۇرۇۋالسا ئاغىمىزنىڭ چوڭ ئىشى تەخىرگە قالامدۇ؟ مېنىڭ تاقەت قىلغۇچىلىكىم قالمىدى، ئۇ قېرى ئوغرىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم، گۇڭسۇن شېڭ يەنە سوراپ باقاي دەيدىغان ئادەم قالمىسا، بىز بىلەن بارماي نېمە ئىلاجى» دەپ ئويلىدى - دە، شۇ هامان قوش ئايپالتىسىنى قولىغا ئېلىپ ئاستاغىنا ئىشىكنى ئېچىپ، ئاي يورۇقىدا بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ تاغقا چىقتى. ئۇ كەۋكەبستان ئىبادەتخانىسى ئالدىغا يېتىپ بېرىپ قارىسا چوڭ دەرۋازا ئېتىك تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدىكى سوقما تام ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىكەن، لى كۈي ئۇنىڭدىن لىككىدە سەكرەپ ئۆتۈپ دەرۋازىنى ئاچتى - دە، بىر - بىر بېسىپ ئىچكىرىگە كىردى. ئۇ توپتوغرا «قەقنۇس هۇجرا» ئالدىغا يېتىپ بېرىپ تىڭشىدى، ئىچىدىن بىراۋنىڭ گۆھەر نوم دەستۇر ئوقۇۋاتقان

ئاۋازى ئاڭلاندى. لى كۇي تامغا يامىشىپ چىقىپ پەنجىرىنىڭ قەغىزىنى ھۆلدەپ تېشىپ قارىسا، ھۇجرا ئىچىدە بوۋاكالان ئۆزى يالغۇز ئېتىكاپ كۇرسىسىدە ئولتۇرۇپتۇ؛ ئۇنىڭ ئالدىدىكى شىرەدە بىر كۇجىداندا ئىلىلىق كۇجە كۆيۈپ تۇرۇپتۇ. يەنە ئىككى دانە شام يورۇپ تۇرۇپتۇ، بوۋاكالان قىرائەت قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. لى كۇي: «بۇ قېرى جادۇگەر ئەمدى ئۆلىدىغان بولدى!» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىپ بىر قولى بىلەن ئىشىكنى بىر ئىتتىرىۋىدى، ئىككى قانىتى «غاچ ـ غۇچ» قىلىپ ئىككى تەرەپكە ئېچىلىپ كەتتى. لى كۇي باستۇرۇپ كىرىپ ئايپالتىسىنى كۆتۈرگەن پېتى بوۋاكالانىڭ كاللىسىغا قارىتىپ تازا بىرنى چېپىۋىدى، بوۋاكالان ئېتىكاپ كۇرسىسىگە يىقىلدى. ئۇنىڭدىن ئاپئاق قان چاچرىدى. لى كۇي بۇنى كۆرۈپ: «بۇ ئوغرى تېخى يىگىتلىكىنى پاك ساقلاپ كەلگەن جادۇگەردەك تۇرىدۇ، قېنىدا بىزەمۇ قىزىل دانچە كۆرۈنمەيدۇ» دەپ كۇلدى ۋە ئۇ ئوبدان سىنچىلاپ قارىسا، ئۇنىڭ دەستار ـ پەستارلىرىمۇ ئىككى پارچە بولۇپ، بېشى بويىنىغىچە چېپىلىپ كېتىپتۇ. لى كۇي: «ئەمدى بىر بالا ـ قازانى يوقاتتىم، گۇڭسۇن شېڭنىڭ بارماي قېلىشىدىن غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى» دەپ ئويلاپ، «قەقنۇس ھۇجرا»دىن يېنىپ چىقىپ، يان تەرەپتىكى دالان بىلەن سىرتقا ماڭدى، بۇ چاغدا قارا كىيىملىك بىر مۇلازىم بالا پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— سەن مېنىڭ ئۇستازىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئەمدى نەگە قاچماقچىسەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— ھەي شۇمتەك ئوغرى، سېنىڭمۇ پالتامنى تېتىپ باققۇڭ كەپتۇ ـ دە! — دېدى ـ دە، لى كۇي قولىدىكى پالتىسىنى بىر بۇلغاپ ئۇنىڭ كاللىسىغا سىلىۋىدى، ئۇنىڭ كاللىسى پەلەمپەينىڭ بىر چېتىگە دومىلاپ چۈشتى. لى كۇي بۇ ئىككىيلەننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ خۇشال بولغان ھالدا: «ئەمدى بۇ يەردىن كېتەي» دەپ دەرۋازىدىن چىقىپ تاغدىن ئۇچقاندەك

چۈشۈپ كەتتى. ئۇ گۈڭسۈن شىڭنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، غىپپىدە ئىچكىرىگە كىرىپ ئىشىكنى ئېتىۋالدى، ئۇ ئېتىكاپخانا ئىچىگە قولاق سېلىپ تىڭشىدى. دەي زۇڭ تېخى ئويغانماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇرۇنقىدەك يېتىۋالدى. تاڭ ئاتقاندا گۈڭسۈن شېڭ تۇرۇپ تاماق راسلاپ ئىككىسىنى مېھمان قىلدى، دەي زۇڭ:

— تەخسىر، يەنە بىز ئىككىمىزنى تاغقا باشلاپ چىقسىلا، كالانىمىزدىن ئىلتىجا قىلىپ باقساق قانداق، — دېدى.

لى كۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ قويدى.

ئۈچەيلەن بۇرۇنقى يول بىلەن يەنە تاغقا چىقتى. بۇلار كەۋكەبىستاندىكى «قەقنۇس ھۇجرا» ئالدىغا بارغاندا ئىككى مۇلازىم بالىغا دۇچ كەلدى. گۈڭسۈن شېڭ:

— كالانىم قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ئۇلاردىن.

— كالانىم ئېتىكاپ كۇرسىدە ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپتۇ، — دېدى بالىلار جاۋابەن.

لى كۈي بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ بىر ھازاغىچە تىلىنى چىقارغان پېتى تۇرۇپ قالدى. ئۈچەيلەن پەردىنى قايرىپ كىرىپ قارىسا بوۋاكالان ئېتىكاپ كۇرسىدە ئولتۇرۇپتۇ. لى كۈي كۆڭلىدە: «ئاخشام خاتا ئۆلتۈرۈپ قويغان ئوخشىمايمەنمۇ؟» دەپ ئويلاپ تۇرغاندا، بوۋاكالان:

— ئۈچىڭلار يەنە نېمىدەپ كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— بىز خالايىقنىڭ مۇشكۈلىمىزنى ئاسان قىلارمىكىن دەپ ئالاھىدە مېھىر - شەپقىتىڭىزگە سېغىنىپ كەلدۇق، — دېدى دەي زۇڭ.

— بۇ زەڭگى باتۇر كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋاكالان.

— پېقىرنىڭ دىيانەتلىك ئىنىم بولىدۇ، ئىسمىزاتى لى كۈي، — دېدى دەي زۇڭ جاۋابەن.

— گۈڭسۈن شېڭنى ئەۋەتمەي دېۋىدىم، ئۇنىڭ يۈزىنى قىلاي،

بارسۇن، ـــ دېدى بوۋاكالان كۈلۈپ.

دەي زوڭ تەزىم بىلەن تەشەككۇر بايان قىلدى، لى كوي كۆڭلىدە: «بۇ مۇتتەھەم مېنىڭ ئۆلتۇرمەكچى بولغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى كۆرمەمدىغان !» دەپ ئويلىدى.

ـــ مەن ئۈچىڭلارنى بىردەمدە گاۋتاڭ ئايمىقىغا يەتكۈزۈپ قويسام قانداق؟ ـــ دېدى بوۋاكالان.

ئۈچەيلەن رەھمەتلەر ئېيتىشتى، دەي زوڭ كۆڭلىدە: «مېنىڭ يەل تاپانلىق كارامىتىمدىن بوۋاكالاننىڭ كارامىتى ئارتۇق ئىكەن» دەپ ئويلىدى. بوۋاكالان بالا دەرۋىشنى چاقىرىپ ئۈچ قول ياغلىق ئالدۇرۇپ چىقتى.

ـــ ئۇستازىم، قېنى ئېيتىپ بېقىڭچۇ، بىزنى گاۋتاڭ ئايمىقىغا قانداقسىغا يەتكۈزۈپ قويالايسىز؟ ـــ دېدى دەي زوڭ.

ـــ ھەممىڭلار مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭلار، ـــ دەپ ئورنىدىن تۇردى بوۋاكالان.

ئۈچەيلەن بوۋاكالاننىڭ ئارقىسىدىن ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىسى سىرتىدىكى قىيا تاش يېنىغا كەلدى. ئاۋۋال بىر قىزىل قول ياغلىقنى ئېلىپ تاش ئۇستىگە سېلىپ:

ـــ شاگىرتىم، قېنى ئۇستىگە چىقىڭ، ـــ دېدى.

گوڭسۇن شېڭ ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقتى. بوۋاكالان يېڭى بىلەن «ياققىدە» بىرنى ئۇرۇپ «ئۈچ» دېۋىدى، ھېلىقى قول ياغلىق بىر پارچە قىزىل بۇلۇتقا ئايلىنىپ، گوڭسۇن شېڭنى ئېلىپ لىككىدە كۆتۈرۈلدى ـ دە، تاغدىن ئالاھازەل ئاتمىش نەچچە غۇلاچ ئېگىزدە پەرۋاز قىلدى. بوۋاكالان: «توختا !» دېۋىدى، ھېلىقى قىزىل بۇلۇت قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالدى. ئەمدى بىر قارا قول ياغلىقنى سېلىپ دەي زوڭنى ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقاردى ـ دە، «ئۈچ» دېۋىدى، قول ياغلىق بىر پارچە قارا بۇلۇتقا ئايلىنىپ، دەي زوڭنى ئېلىپ پەلەك قەرىگە كۆتۈرۈلدى. ئاشۇ ئىككى پارچە قارا، قىزىل بۇلۇت خۇددى ئىككى پارچە بورىغا ئوخشاش، كۆكتە

ئەگىپ يۈرەتتى. لى كۇي ئۇلارنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ قالدى. بوۋاكالان يەنە بىر ئاق قول ياغلىقنى تاش ئۈستىگە سېلىپ لى كۇينى «ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىڭ» دېدى. لى كۇي كۈلۈپ كېتىپ:

— ئۇنداقمۇ ئوينىشامسىز، ئەگەر يىقىلىپ چۈشسەم، بېشىم يېرىلىپ ھۆررەك بولۇپ چىقسا قانداق بولىدۇ، — دېدى.

— ئاۋۇ ئىككىيلەننى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى بوۋاكالان.

لى كۇي قول ياغلىق ئۈستىگە چىقتى، بوۋاكالان: «ئۇچ!» دېۋىدى، قول ياغلىق بىر پارچە ئاق بۇلۇتقا ئايلىنىپ، كۆككە كۆتۈرۈلدى.

— ۋايجان ! تۇرالماي قالدىم، چاپسان مېنى چۈشۈرۈۋېتىڭ، — دەپ زارلاندى لى كۇي.

بوۋاكالان ئۆز قولىنى بىر بۇلغىۋىدى، ھېلىقى قارا، قىزىل بۇلۇت سىلىقىنا ئۇچۇپ پەسكە چۈشتى. دەي زۇڭ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ بوۋاكالاننىڭ ئالدىدا تۇردى، گۇڭسۇن شېڭ سول تەرىپىدە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ تۇردى. لى كۇي پەلەكتە:

— مېنىڭ ھاجىتىم قىستاپ كەتتى، چۈشۈرۈۋالمىسىڭىز ھېلى بىكار بېشىڭىزغا چىقىرىۋېتىمەن ! — دەپ چۇقان سالدى.

— بىز تەقۋادار كىشىلەرمىز، سىزگە چېقىلمىساق، نېمىشقا ئاخشام تامدىن ئاتلاپ كىرىپ مېنى پالتا بىلەن چاپىسىز؟ ناۋادا مەن دىيانەتسىز ئادەم بولغان بولسام ئالىلىقاچان سىزنىڭ قولىڭىزدا ئۆلۈپ تۇگەشكەن بولاتتىم. يەنە كېلىپ مېنىڭ بىر دەرۋىش بالامنى ئۆلتۈردىڭىز، — دېدى بوۋاكالان.

— يوقىسۇ، مەن ئەمەس، خاتا كۆرۈپسىز، — دېدى لى كۇي.

— سىز كاللا دەپ ئىككى قاپىقىمنى چېپىۋاتقان بەتنىيەتلىكىڭىز ئۈچۈن ئازراق كۆرگۈلۈكىڭىزنى كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى بوۋاكالان كۈلۈپ ۋە قولىنى بۇلغاپ «ماڭ» دەپ بىر ۋارقىرىۋىدى، بىر قارا بوران كېلىپ لى كۇينى بۇلۇت قەرىگە ئاچىقىپ كەتتى. ئىككى سېرىق دەستارلىق پالۋان ئۇنى يالاپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قولىقى تۇۋىدە شۇۋىرغان ۋىژىلداپ



www.uyghurkitap.com

ئۈشقىرتقانلىقىدىن جىجۇ تەۋەسسگە كىرەلمەي قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى، ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقانىدى. پۇت ـ قوللىرى بولسا غال ـ غال تىترەيتتى. بىردىنلا ئۇنىڭغا قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازلار ئاڭلاندى ـ دە، جىجۇ ئايماق يامۇلىنىڭ دىۋانىغا دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى.

دەل شۇ كۈنى ئامبال ماشىخۇڭ دىۋانغا چىققانىدى، دىۋان ئالدىدا نۇرغۇن دورغا ـ يايىلار سەپراس بولۇپ تۇرۇشاتتى، ئاسماندىن بىر قارا بۇلۇت «گۈپپىدە» چۈشۈۋىدى، ھەممەيلەن چۆچۈشۈپ كەتتى. ئامبال بۇنى كۆرۈپ:

ـــ تۇتۇڭلار بۇ مۇتتەھەمنى! ـــ دەپ توۋلىدى.

ئون نەچچە گۈندىپاي ـ چىرىكلەر شۇ ھامان لى كۈينى تۇتۇپ ئامبالنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

ـــ ھەي مۇتتەھەم، نەدىكى جىن ـ شاياتۇنسەن؟ قانداق قىلىپ ئاسماندىن چۈشۈۋاتىسەن؟ ـــ دەپ توۋلىدى ئامبال.

ـــ لى كۈي يىقىلىپ چۈشۈپ باش ـ كۆزلىرى يېرىلغانىدى. شۇڭا، بىر ھازاغىچە ئۈنىنى چىقىرالماي قالدى.

ـــ سېھىر ـ كارامەت قايتۇرغۇچ نەرسىلەرنى كەلتۈرۈڭلار، ـــ دېدى ئامبال.

گۈندىپاي، زىندانبەگلىرى لى كۈينى چەمبەرچاس باغلاپ دىۋان ئالدىدىكى چىملىقتا ھەيدەپ چۈشتى، بىر پايلاقچى بىر داس ئىت قېنىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا چاچتى. يەنە بىرى بىر سوغا نىجاسەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ لى كۈينىڭ بېشىدىن ئايىغىچە تۆكتى. لى كۈينىڭ ئاغزى ـ بۇرنى، قۇلاق ـ پۇتلىرىغىچە نىجاسەتكە چىلىنىپ كەتتى. ئۇ:

ـــ مەن جىن ـ شاياتۇن ئەمەس. مەن بوۋاكالانىنىڭ خىزمەتكارى بولىمەن، ـــ دەپ داد ـ پەرياد قىلدى.

ئەزەلدىن جىجۇلۇقلار بوۋاكالانى پانىي دۇنيانىڭ تىرىك ئەۋلىياسى دەپ بىلەتتى، شۇڭا لى كۈيغا چېقىلىشقا پېتىنالمىدى. لى كۈينى دىۋان ئالدىغا ھەيدەپ چىقىرىش ۋاقتىدا

سىپاھلاردىن بىرى: «جىجۇدىكى بوۋاكالان ئالەمدە ئاتىقى بار دىيانەتلىك تىرىك ئەۋلىيانىڭ ئۆزى. بۇ ناۋادا ئۇنىڭ ئادىمى بولسا ئۇنى جازاغا تارتىشقا بولماس» دەپ ئىلتىجا قىلغانىدى. بۇنىڭغا ئامبال كۈلۈپ كېتىپ:

— مەن كۇرمىڭلىغان دەستۇر ـ كالاملارنى ئوقۇغانمەن، ئاڭلىغان قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئىشلاردا ئەۋلىيالارنىڭ مۇنداق جىن ـ شاياتۇن مۇرىتى بارلىقىنى ئۇچراتمىغانمەن. ھەي گۇندىپايلار، ئۇنى ئۇبدان دۇمبالاش! — دېدى.

گۇندىپايلار لى كۇينى كۆتۈرۈپ ئېلىپ يەرگە بېسىپ راسا دۇمبالاپ تۆرەلگىنىگە بىزار قىلدى.

— ھەي مۇتتەھەم، شاياتۇنلۇقۇڭنى پات ئىقرار قىل، ئىقرار قىلساڭ تاياقتىن قۇتۇلىسەن، — دېدى ئامبال.

— شاياتۇن لى ئېر بولىمەن، — دېدى لى كۇي نائىلاج.

ئۇنىڭغا چوڭ تاقاق سېلىپ زىندانغا تاشلىدى. لى كۇي زىندانغا كىرگەندىن كېيىن:

— مەن كۆزەتچى ئەرش سەركەردىسى تۇرسام، نېمىشقا ماڭا تاقاق سېلىپ قويۇشىسەن؟ خەپ سەن جىجۇلۇقلارنى بىرىڭنى قويماي قىرىپ تاشلىمىغاننى كۆر، — دېدى.

زىندانبېگى ۋە گۇندىپايلار بوۋاكالانىڭ ئەخلاقلىق ـ پەزىلەتلىك زات ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ھەممىسى ئۇنىڭغا قول قوياتتى، شۇڭا ئۇلار لى كۇيدىن:

— سىز زادى كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراشتى لى كۇينىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— مەن بوۋاكالانىڭ خاس كۆزەتچى سەركەردىسى بولىمەن، ئازراق ئېزىقىپ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىمدىن بوۋاكالان كايىپ مېنى بۇ ئالەمگە مۇشۇنداق ئازاب چېكىشكە تاشلاپ قويدى، بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆز دەرگاھىمغا جەزمەن ئاچىقىپ كېتىدۇ. ناۋادا سىلەر ماڭا غىزا ـ تاماق، مەي ـ شارابلار، ئەمىنلىك بەرمەيدىغان بولساڭلار، ھەممىڭلارنى جەد ـ

جەمەتىڭلار بىلەن قوشۇپ قىرىپ تاشلايمەن، — دېدى.
زىندانبېگى ۋە گۇندىپايلار ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن قورقۇپ كېتىپ مەي - شاراب، گۆش - پۆش ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا يېدۈرۈپ تۇردى. لى كۇي ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن قورققانلىقىنى كۆرۈپ، بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ كەتتى. زىنداندىكىلەرمۇ بارغانسېرى قورقۇپ، ئۇنىڭ يۇيۇنۇشى ئۇچۇن سۇ ئىسسىتىپ ئەكېلىپ بەردى، پاك - پاكىز كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قويدى.
— ناۋادا مېنىڭ غىزا - تاماق، مەي - شارابلىرىمنى ئۆكسۈتۈپ قويىدىغان بولساڭلار مەن ئەرشكە ئۇچۇپ چىقىپ، سىلەرگە بالا - قازا ياغدۇرىمەن، — دېدى لى كۇي.
گۇندىپايلار ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يالۋۇردى. لى كۇي جىجۇ زىندانىدا ياتقىنىچە يېتىۋەردى.
ئەمدى بوۋاكالانغا كەلسەك، ئۇ ئۆتكەن ۋەقەنى دەي زۇڭغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. دەي زۇڭ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ لى كۇينى قۇتقۇزۇپ كېلىشنى ئىلتىجا قىلدى. بوۋاكالان دەي زۇڭنى ئىبادەتخانىدا قوندۇرۇپ قېلىپ تاغ تۇرادىكى ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلدى. دەي زۇڭ چاۋ گەي ھەزرەت بىلەن سۇڭ دانىشنىڭ مەردلىكىنى قولدىن بەرمەيدىغان، بايلىقنى دوست تۇتمايدىغانلىقىنى، تەڭرى يولىنى تۇتۇشتىن زادى تايمايدىغانلىقىنى، ساداقەتمەن پېقىر، پۇقرالارغا، ۋاپادار پەرزەنتلەرگە، دىيانەتلىك ئەر، ئىپپەتلىك ئاياللارغا ئىللا - بىللا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان نۇرغۇن ياخشى خىسلەتلىرىنى بايان قىلىپ بەردى. بوۋاكالان ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولدى. دەي زۇڭ ئۇدا بەش كۈن تۇردى، ھەر كۈنى ئورنىدىن تۇرۇپلا دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، بوۋاكالاندىن لى كۇينى قۇتقۇزۇپ كېلىشنى يېنىش - يېنىش يالۋۇرۇپ ئۆتۈندى.
— بۇنداق ئادەملەر يوقىتىلغايكى، ئېلىپ كېتىلمىگەي، — دېدى بوۋاكالان.
— كالانىم، بىلمەيسىز، — دېدى دەي زۇڭ، — لى كۇي

www.uyghurkitap.com

نادان، قائىدە ـ يوسۇننى بىلمەيدىغان بىر ئادەم بولغىنىنى بىلەن ئاز ـ تولا ئۇبدان خىسلەتلىرىمۇ بار: بىرىنچىدىن تۈز كۆڭۈل، باشقىلارنى قىلچە قاقشاتمايدۇ. ئىككىنچىدىن تەخسىچىلىك، خۇشامەتتىن خالىي، ئۆلۈپ كەتسىمۇ ساداقەتمەنلىكتىن تايمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ۋە يامان يولغا مېڭىش نىيىتى يوق، نەپسانىيەتچىلىك، نامەردلىك قىلمايدۇ، مەردلىككە كەلگەندە كۆكرەك كېرىپ چىقىدۇ. شۇڭا، سۆڭ دانىش ئۇنىڭغا ناھايىتى ئامراق. بۇ ئادەمنى ئالماي سۆڭ دانىشنىڭ ئالدىغا بارالمايمەن.

— خوپ، كەمىنە بۇ ئادەمنىڭ ئەرشتىكى ساماۋى ئەختەرلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئالەمدىكى مۆمىنلەر ئېغىر گۇناھ، سەۋەنلىكلەر ئۆتكۈزگەنلىكتىن، ئۇنى ئاشۇلارنى قىرىپ تاشلاشقا چۈشۈرگەنىكەن. مەن قانداقسىغا تەڭرى يولىدىن تېنىپ، ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەي؛ ئۇنى ئازراق ئىسسىق ـ سوغۇقنى كۆرسۇن دەپلا شۇنداق قىلدىم، ئەمدى ئەكېلىپ سىزگە قايتۇرۇپ بېرەي، — دېدى بوۋاكالان كۈلۈپ.

دەي زوڭ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، تەشەككۈر ئېيتتى. بوۋاكالان:

— پالۋانىم، قېنى سىلەر؟ — دەپ بىر ۋارقىرىۋىدى، «قەقنۇس ھۇجرا» ئالدىدىن بىر قويۇن كۆتۈرۈلۈپ، قويۇن ئىچىدىن سېرىق دەستارلىق بىر پالۋان چىقتى.

نەزم

يۈزلىرى قىپقىزىل لەئل ـ ياقۇتتەك،
ساقىلى قاپقارا مەخمەل ـ بەرقۇتتەك.
گوياكى بەش گەزدەك قەددى ـ قامىتى،
مىڭ پاتمان كەلگۈدەك كۈچى ـ قۇۋۋىتى.
ساپسېرىق دەستارىنىڭ سىڭار يېنىدا،

شەپەقتەك نۇر چاچار چەمبىرەك ھالقا.
كەشتىلىك پەشمەتنىڭ مەيدىسىدە دەل،
تۇمۇردە قۇياقى تۇرار ئاي مىسەل.
ئىبادەت ساتمىسىنى قوغدايدۇ دائىم،
ئەپكىلەر شاياتۇنلارنى بۇ خادىم.

سىرىق دەستارلىق بۇ پالۋان:
— خوش، پىرىم، قانداق يارلىقلىرى باركىن؟ — دەپ قۇللۇق قىلدى.
— سەن جىجۇ ئايمىقىغا ئاپىرىپ قويغان ھىلىقى ئادەمنىڭ گۇناھىنىڭ قەرەلى توشتى. جىجۇ ئايمىقىنىڭ زىندانىغا بىرىپ ئۇنى قايتۇرۇپ كەل. پات بىرىپ پات كەل، — دىدى بوۋاكالان.
پالۋان سالام بىرىپ يولغا راۋان بولدى. ئالاھازەل يىرىم ئاش پىشىمچە ۋاقىتتىن كىيىن ئاسماندىن لى كۇينى ئىلىپ چۈشتى.
دەي زۇڭ ئالدىراپ - تىنەپ لى كۇينى يۆلىۋىلىپ:
— ئىنى، بۇ نەچچە كۈندىن بىرى نەدە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.
— تۈمۈر كالا ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ، — دىدى لى كۇي بوۋاكالانىنى كۆرگەندىن كىيىن يۈكۈنۈپ تىنىماي باش ئۇرۇپ.
— بۇنىڭدىن كىيىن سىز پەيلىڭىزدىن يىنىپ پۈتۈن ئىجتىھاتىڭىز بىلەن سۇڭ دانىشقا ھەمدەم بولۇڭ، يامان نىيەتتە بولماڭ، — دىدى بوۋاكالان لى كۇيغا.
— كالانىم، سىزنىڭ لەۋزىڭىزگە ئەمەل قىلماسقا نىمە ھەددىم؟ — دەپ يەنە تەزىم قىلدى لى كۇيغا.
— سىز كەتكەندىن كىيىن نەچچە ۋاقىتتىن نەلەردە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى دەي زۇڭ لى كۇيدىن.
— ئاشۇ كۈنكى بوران مىنى ئۇچۇرۇپ جىجۇ ئايماق يامۇلىغا

ئېلىپ باردى. دىۋانىنىڭ ئۈستىدىن دومىلانغىنىمچە پەسكە چۈشتۈم، يامۇلدىكى خالايىق مېنى تۇتۇۋېلىشتى. ھېلىقى مىا ئاتلىق مېنى شاياتۇنكەنسەن دەپ باغلاتقۇزدى، گۇندىپاي، گۇندا چېرىكلىرىگە ئۈستىبېشىمغا ئىت قېنى، نىجاسەت تۆككۈزدى، ئۇرۇپ پۇت ـ قولۇمنى لەخشە ـ لەخشە قىلىۋەتتى، ئاندىن تاقاق سېلىپ زىندانغا تاشلىدى. خالايىق مەندىن: «سىزنى ئەرشتىكى قايسى ئەۋلىيا ئەۋەتتى؟» دەپ سورىدى. مەن: «بوۋاكالانىڭ خاس كۆزەتچى سەركەردىسى ئىدىم. ئازراق ئېزىقىپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىمدىن مۇشۇ ئازابنى چېكىشكە قويدى. بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن مېنى ئۆز دەرگاھىغا ئاچىقىپ كېتىدۇ» دېدىم. بىر پەس تاياق ـ توقماقلارنى يېگىنىم بىلەن تېرە تاراقشىتىپ يۇرۇپ غىزا ـ تاماق، مەي ـ شارابلارمۇ تېپىپ يەپ ـ ئىچىپ ئۆتتۈم، ئۇ مۇتتەھەم بوۋاكالاندىن قورقۇپ مېنى يۆيۈندۇرۇپ، ئۈستىبېشىمنى يەڭگۈشلەپ قويدى. بايىلا شىپاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېرە تاراقشىتىپ، مەي ـ شاراب، گۆش ـ پۆشلەرنى ئالدۇرۇپ كېلىپ يەپ ئولتۇراتتىم، ئاسماندىن مۇشۇ سېرىق دەستارلىق پالۋان سەكرەپ چۈشۈپ تاقاقنى ئېچىپ مېنى «كۆزۈڭنى يۇم» دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، بىر چۈش كۆرگەندەك بولدۇم، كۆزۈمنى ئاچسام بۇ يەردە سىلەر يۆلەپ تۇرۇپسىلەر، — دېدى لى كۈي.

— ئۇستازىمىنىڭ مۇنداق سېرىق دەستارلىق پالۋانلىرى بىرەر مىڭدىن ئاشىدۇ، ھەممىسى بوۋاكالانىمىزنىڭ ئادەملىرى، — دېدى گۇڭسۇن شېڭ.

— ھەي ھايات بۇرھانىم، نېمىشقا بالدۇرراق شۇنداق دېمەيسىز، بالدۇرراق دېسىڭىز، مەن ئاشۇ گۇناھتىن خالىي بولاتتىم ئەمەسمۇ! — دېدى لى كۈي بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىپ.

— بىز كەلگىنىمىزگە دەرۋەقە خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى، — دېدى دەي زوڭمۇ تەزىم بىلەن ئىلتىجا قىلىپ، — گاۋتاڭ

ئايمىقمىدىكى لەشكەرلەر ناھايىتى تەقەززا بولۇپ تۇرىدىغاندۇ، ئۇستازىم شەپقەت قىلىپ گۈگۈسۈن شىڭ تەخسىرىمگە بىز بىلەن بىرىپ ئاغىمىز سۆك دانىشنى قۇتقۇزۇپ قويۇپ كىلىشكە ئىجازەت قىلسىڭىز، گاۋ لىيەننىڭ سىپەرنى دەپئى قىلىپ بولغاندىن كىيىن ئەكىلىپ قويساق.

— مەن ئۇنى ئەۋەتمەي دىۋىدىم، ھازىر سىلەرنىڭ مەردلىكىنى قەدىرلەيدىغانلىقىڭلارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىرىشىغا رۇخسەت قىلدىم. مىنىڭ ئازراق ئوقۇيدىغان كەلىمىلىرىم بار، ئىپىشڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار، — دىدى بوۋاكالان.

گۈگۈسۈن شىڭ ئالدىغا بىرىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بوۋاكالاننىڭ تەلىمىگە قۇلاق سالدى.

قىلىپ پەرۋاز، كىزەر كۆكنى گويا سۇمۇرغ بولۇپ ئۇچقىن،
جاھاننى قۇتقۇزۇپ، ئەلنى ئەمىن ئەتمەكنى يار تۇتقىن.

بوۋاكالاننىڭ گۈگۈسۈن شىڭغا زادى نىمىلەرنى دىگەنلىكىنى كىيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەللىك تۆتىنچى باب

## پەلەك ئەجدىھاسىنىڭ سېھىر ـ كارامەتتە سىنىشىپ گاۋ ليەننى تىرىپىرەن قىلغانلىقى
## قارا قۇيۇننىڭ قۇدۇقتىن ئاختۇرۇپ چەي جىننى قۇتقۇزۇپ ئالغانلىقى

ئەلقىسسە، بۇ چاغدا بوۋاكالان:

— شاگىرتىم، سىزنىڭ بۇرۇنىسىدا ئۆگىنىۋالغان ئەپسۇنىڭىز گاۋ ليەننىڭكى بىلەن ئوخشاش. مەن ئەمدى سىزگە ساماۋى ئەختەرلەرنىڭ ئەپسۇنىنى ئۆگىتىپ قوياي. شۇ بويىچە ئىش قىلسىڭىز سۇڭ جياڭنى قۇتقۇزۇۋالالايسىز، ئەلنى قوغداپ، خەلقنى ئەمىن ئېتىڭ، تەڭرى يولىنى تۇتۇڭ، ئىنسانىي نەپسانىيەتنى دەپ ئۇلۇغ ئىشقا دەخلى يەتكۈزۈپ قويماڭ، پۈتۈن زېھنىڭىزنى بۇرۇنقى ئېتىقادىڭىز يولىغا سەرپ قىلغايسىز. مەن ئادەم تەيىنلەپ قېرى ئانىڭىزنىڭ ھالىدىن ئەتىسى ـ ئاخشىمى خەۋەر ئالدۇرۇپ تۇرىمەن، ئۇنىڭدىن غەم قىلماڭ. سىز ئەرش ئەركى يۇلتۇزى، شۇڭا سىزنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ سۇڭ دانىشقا ھەمدەم بولۇشىڭىزغا ئىجازەت بەردىم. مەن سەككىز كەلىمە ئۆگىتىمەن، ئۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇپ، ۋاقتى ـ سائىتىدە بەجا كەلتۈرۈڭ، — دېدى بوۋاكالان ۋە سەككىز كەلىمىنى بايان قىلىپ: «يۇ① زېمىنىغا يولىماڭ، بيەن② زېمىنىغا دارىماڭ»

---

① يۇ — قەدىمكى ئايماق ئىسمى. تەخمىنەن بۈگۈنكى خېبېينىڭ شىمالىي قىسمى ۋە لياۋنىڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

② بيەن — ھازىرقى خېنەننىڭ كەيفېڭ شەھىرى.

دېدى.

گۇڭسۇن شىڭ ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن ئەپسۇننى ئۆگىنىۋالدى - دە، دەي زۇڭ، لى كۇيلارنى ئەگەشتۇرۇپ بوۋاكالان ۋە دەرۋىشلەر بىلەن ۋىدالىشىپ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. گۇڭسۇن شىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرۋىشلىك كىيىملىرىنى سەرەمجانلىدى، ئىككى شەمشەر ۋە تۆمۈر قالپاق قاتارلىق دەرۋىشلىككە باب نەرسە - كېرەكلەرنى ئېلىپ قېرى ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ تاغدىن يولغا چىقتى. ئوتتۇز - قىرىق چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن دەي زۇڭ:

— پېقىر ئاۋۋال بېرىپ ئاغامغا خەۋەر قىلغاچ تۇراي، تەخسىرىم، ئۆزلىرى لى كۇي بىلەن چوڭ يولنى بويلاپ كەلسىلە، مەن يەنە ئالدىلىرىغا كېلىمەن، — دېدى.

— ئوبدان، ئەزىز ئىنىسىم، بېرىپ خەۋەر قىلغاچ تۇرۇڭ، مەنمۇ ھېلى يېتىپ بارىمەن، — دېدى گۇڭسۇن شىڭ.

— يول ئۈستىدە تەخسىرىمدىن ئوبدان خەۋەر ئال. سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويساڭ ئەدىپىڭنى بېرىمەن، — دېدى دەي زۇڭ لى كۇيغا جېكىلەپ.

— ئۇنىڭ ئەپسۇنى بوۋاكالان بىلەن ئوخشاش تۇرسا، قانداقسىغا ئۇنىڭغا بىھۆرمەتلىك قىلاي؟ — دېدى لى كۇي.

دەي زۇڭ تۇمارنى تېڭىپ يەل تاپانلىق كارامىتىنى ئىشقا سالدى - دە، يۈرۈپ كەتتى.

ئەمدى گۇڭسۇن شىڭ بىلەن لى كۇيمۇ ئىككى ئەۋلىيا تېغى جايلاشقان جيۇگۇڭ ناھىيەسىدىن ئايرىلىپ، چوڭ يول بىلەن ئىلگىرىلىدى. ئۇلار كەچ بولغاندا بىر سارايىنى تېپىپ قوندى، لى كۇي بوۋاكالاننىڭ ئەپسۇنىدىن قورقۇپ، گۇڭسۇن شىڭدىن ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن خەۋەر ئالدى، پەيلى يامانلىق قىلمىدى. ئىككىيلەن ئۈچ كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بىر جايغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەرنى ۋۇگاڭجېن دەپ ئاتايتتى. كوچىدا كىشىلەر مىغ - مىغ ئىدى، بۇنى كۆرگەن گۇڭسۇن شىڭ:

— ئىككى كۈن يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتتۇق، بىرەر ئاپقۇردىن پەرھىز مەي - پىيى ئىچىپ، پەرھىز ئاش - تاماق يەۋېلىپ ئاندىن ماڭايلى، — دېدى.

— مەيلى، — دېدى لى كۈي.

يول ياقىسىدىكى مەيخانىنى كۆرۈپ ئىككىيلەن ئۇنىڭغا كىردى. گۇڭسۇن شېڭ تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى. لى كۈي بوغجۇمىسىنى يېشىپ ئۇنىڭ تۆۋىنىدە ئولتۇردى، ئاندىن ئۇلار مەيخانا خىزمەتچىسىنى چاقىرىپ مەي - شاراب، ئازراق كۆك - گېزەكلەرنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. گۇڭسۇن شېڭ:

— قانداق پەرھىز تاماقلار بار؟ — دەپ سورىدى.

— دۇكىنىمىزدا مەي بىلەن گۆشلا سېتىلىدۇ، پەرھىز تاماق سېتىلمايدۇ. شەھەر دوقمۇشىدىكى دۇكاندا چىلان موما سېتىلىدۇ، — دېدى خىزمەتچى.

— مەن ئەكېلەي، — دېدى لى كۈي ۋە بوغجۇمىسىدىن يارماق ئېلىپ ئۇدۇل بازارغا بېرىپ بىر بولاق چىلان موما ئالدى. ئۇ قايتاي دەپ تۇرغاندا، يول ياقىسىدا بىراۋنىڭ: «ئەجەب كۈچلۈك ئىكەن - ھە!» دەپ ماختىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. لى كۈي قارىسا بىر توپ ئادەم بىر دارازىنى ئورىۋاپتۇ، ئۇ تۆمۈر ئومۇت ئوينىتىۋېتىپتۇ، خالايىق كۆرۈپ ئۇنى ماختاۋېتىپتۇ.

لى كۈي دارازىغا قارىدى، ئۇ قەددى - قامەتلىك كېلىشكەن، بويى ئۈچ گەزدەك كېلىدىغان، چوقۇر، يېسسى بۇرۇنلۇق ئادەم ئىكەن. بۇ تۆمۈر ئومۇت لى كۈينىڭ پەرىزىچە ئوتتۇز جىڭ چامىسىدا كېلەتتى. دارازا ئومۇتنى ئوينىتىپ كېلىپ شۇنداق تاشلىۋىدى، كوچىغا يېيىتقان تاشقا تېگىپ، تاشنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتتى، خالايىق ھوششەرە دەپ قىيقاس سالدى. لى كۈي تاقەت قىلىپ تۇرالماي قولىدىكى مومىنى قوينىغا سېلىپ «شاققىدە» ئاشۇ ئومۇتقا قولىنى سۇندى، ھېلىقى دارازا:

— ھەي، قانداق كىسپۇرۇشسەن مىنىڭ ئومۇتۇمغا قول ئۇزارتقان؟ ! — دېدى.

— سېنىڭ ئۆيىنىڭىزدىكى ساغلام ۋاتقان بىر نېمەڭ قانچىلىك بىر نېمىدى، ئۇنىڭ قىيقاس سالغۇدەك نېمىسى بار! كۆرگۈدەك نېمىسى بار! غوجا ئاكاڭ ئويناتقاننى كۆرۈپ باقسۇن خالايىق، — دېدى لى كۇي.

— ساڭا بىر پارچە پۇرساممۇ تۇراي، ناۋادا قىمارلىقتا ئالماسالىڭ، كاچىتىڭغا يەيسەن، — دېدى دارازا.

— لى كۇي ئومۇتنى قولىغا ئېلىپ خۇددى ساقىنى ئويناتقاندەك ئوينىتىۋەتتى. بىر پەس ئوينىتىپ ئاستا يەرگە قويۇپ قويدى. نە ئۇنىڭ يۈزى قىزارمىدى، نە بىر يۈرىكى سېلىپ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كەتمىدى. دارازا بۇنى كۆرگەندىن كېيىن يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىپ:

— ئاغا، ئۇلۇغ ناملىرى كىم بولىدىكىن، — دېدى.

— قەيەردە ئولتۇرسىز، — دېدى لى كۇي.

— ئەنە ئاشۇ يەردە، — دېدى دارازا.

دارازا لى كۇينى باشلاپ قولۇپ سېلىنغان بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. دارازا ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ لى كۇينى ئىچكىرىگە باشلاپ كىردى. لى كۇي ئۆينىڭ ئىچىگە قارىسا سەندەل، تۆمۈر بازغان، ئوچاق، قىسقۇچ، قەلەم تۇرۇپتۇ، ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ ئادەم تۆمۈرچىدەك تۇرىدۇ، تاغ تۇرادا لازىملىق ئادەم ئىكەن، نېمىشقا ئۇنى ئۆزۈم بىلەن تاغقا ئېلىپ چىقىپ تويقا قوشۇلۇشقا دەۋەت قىلمايمەن؟» دەپ ئويلىدى - دە:

— يىگىت، نامىڭىزنى دەپ بېقىڭا، — دېدى.

— پېقىرنىڭ ئىسمىزاتى تاڭ لۇڭ، — دېدى يىگىت، — ئاتام بۇرۇن يەنئەن دىيارىدا تۇرابېگى ئىدى. تۆمۈرچىلىكتىن خەۋىرى بولغانلىقتىن پىشقەدەم باسقاقبەگ بىلىپ قېلىپ ئۆز ھۇزۇرىغا خىزمەتكە ئېلىۋالغانىدى. نەچچە يىل بولدى، ئاتام ئۆلۈپ كەتتى، مەن قىمارنىڭ كەينىگە كىرىپ، سەرگەردان بولۇپ، ئەل كېزىپ يۈردۈم. ھازىر مۇشۇ يەردە تۆمۈرچىلىك بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتىمەن. كىچىكىمدىن نەيزىۋازلىق -

www.uyghurkitap.com

قىلىچۋازلىقتا خۇشتارمەن. پۈتۈن بەدىنىمدە چېچەك ئىزى بولغانلىقتىن خەقلەر پېقىرنى «چىپار قاپلان» دەپ ئاتىشىۋالدى.
ئاغا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغناملىرى كىم بولىدىكىن؟
— مەن لياڭشەن كۆلىنىڭ پالۋىنى قارا قۇيۇن لى كۈي بولىمەن، — دېدى لى كۈي.
تاڭ لۇڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەزىم قىلىپ:
— ئاغا، شۆھرەتلىك ناملىرىنى كۆپ ئاڭلىغانمەن، بۈگۈن تۇيۇقسىز بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىش كىمنىڭ خىيالىغا كەپتۇ، — دېدى.
— بۇ يەردە يۈرۈپ قانداقمۇ كۈنىڭىزنى كۆن ئېتەرسىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە مەن بىلەن بىللە لياڭشەن كۆلىگە چىقىپ توپقا قوشۇلۇڭ، سىزنىمۇ ئاتامان قىلىپ قويايلى.
— ئاغا، ئەگەر ئۆزلىرى مېنى مۇناسىپ كۆرۈپ، بىللە ئاچىقىپ كېتەي دېسىلە، ئاياغلىرىدا خىزمەتتە بولۇشقا مەمنۇن رازىمەن.
شۇنىڭ بىلەن تاڭ لۇڭ لى كۈينى ئاغا تۇتتى، لى كۈي ئۇنى ئىنى تۇتتى. تاڭ لۇڭ:
— مېنىڭ ئۆيۈمدە ھېچكىمىم يوق، ئۆزلىرى بىلەن بازارغا بېرىپ بىرنەچچە قەدەھ مەي ئىچىپ، قېرىنداشلىق ئارزۇيۇمنى ئىزھار قىلسام، بۈگۈن ئاخشام بىر كېچە قونۇپ قالساق، ئەتە سەھەر يولغا چىقساق، — دېدى.
— ئالدىمىزدىكى مەيخانىدا مېنىڭ بىر ئۇستازىم قالدى. مېنى چىلان موما ئېلىپ كېلىدۇ دەپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ، ئۇنى يەۋېلىپلا مېڭىپ كەتمەكچىمىز، تەخىر بولالمايمەن، ھازىر ماڭمىسام بولمايدۇ، — دېدى لى كۈي.
— نېمانچىلا مۇھىم ئىش ئىدى ئۇنچىلا ئالدىرىغىلى؟
— سىز بىلمەيسىز، سۇڭ دانىش ئاغىمىز ھازىر گاۋ تاڭ ئايمىقى تەۋەسىدە سوقۇش ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ مۇشۇ ئۇستازىمىزنىڭ ياردىمىگە قاراقلىق قالدى.

— ئۇستازلىرى كىم بولىدۇ؟
— سىز ئۇنى سۈرۈشتۈرمەي نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزنى پاتراق يىغىشتۇرۇڭ.
تاڭ لۇڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ بوغچۇملىرىنى تېڭىپ، خىراجەتكە پۇل ـ پۇچەكلەر ئالدى، بېشىغا كىگىز قالپىقىنى كىيدى ۋە يان قىلىچىنى ئېسىپ، كۆتمەك قىلىچىنى ئېلىپ، كونا ئۆيۋاقى، قاتتىق ـ قۇرۇق روزىغار سايمانلىرىنى تاشلاپ، لى كۇينىڭ كەينىدىن مەيخانىغا كېلىپ گۇڭسۇن شېڭ بىلەن كۆرۈشتى.
— شۇنچىمۇ ئۇزۇن يوقاپ كېتەمسىز؟ يەنە كەلمىگەن بولسىڭىز، قايتىپ كېتەتتىم، — دېدى باتناپ گۇڭسۇن شېڭ.
لى كۇي ھېچنېمە دېيەلمەي قالدى. ئۇ تاڭ لۇڭنى گۇڭسۇن شېڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. گۇڭسۇن شېڭ ئۇنىڭ تۆمۈرچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ خۇش بولدى. لى كۇي چىلان مومىسىنى قوينىدىن ئېلىپ، دۇكان خىزمەتچىسىگە توغرىتىپ كەلدى. ئۇچەيلەن بىللە ئولتۇرۇپ بىرنەچچە قەدەھ مەي ئىچكەندىن كېيىن چىلان مومىنى يېدى، ئاندىن مەيخانا بىلەن ھېساب ـ كىتاب قىلىشتى. لى كۇي ۋە تاڭ لۇڭلار بوغچۇملىرىنى كۆتۈرۈپ، گۇڭسۇن شېڭ بىلەن ۋۇگاڭجېندىن چىقىپ ئەگرى ـ توقاي يوللار بىلەن گاۋتاڭ ئايمىقىغا راۋان بولدى. ئۇلار ئۈچ ئۆتەڭ يولنىڭ ئىككى ئۆتەڭدىن كۆپرەكىنى بېسىپ بولغاندا دەي زوڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. گۇڭسۇن شېڭ ئۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى، ئۇ ئالمان ـ تالمان:
— يېقىندىن بۇيانقى ئۇرۇش ئەھۋالى قانداقراق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.
— گاۋ ليەن دېگەن مۇتتەھەم، يېقىندىن بېرى ئوق يارىلىرى ساقىيىپ قالغانلىقتىن، ھەر كۈنى لەشكەر تارتىپ كېلىپ چېقىلىۋېتىپتۇ. ئاغىمىز ئۆز ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ياۋ ئالدىغا چىقالماي جانابلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — دېدى دەي زوڭ.

— بۇنىڭ ئىشى ئاسان، — دېدى گۆڭسۈن شېڭ.

لى كۈي تاڭ لۇڭنى دەي زۇڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئۇلار ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن تۆتەيلەن بىللە گاۋتاڭ ئايمىقىغا راۋان بولدى. بارگاھقا بەش چاقىرىم يول قالغاندا لۇ فاڭ، گو شېڭلار يۈزنەچچە ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. تۆتەيلەن ئاتلىنىپ ئۇلار بىلەن بىللە بارگاھقا كەلدى. سۇڭ جياڭ ۋە ۋۇ يۇڭلار بارگاھتىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن سالام - سەھەت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن ھاردۇق شارابى ئىچىشتى ۋە سەرگۈزەشتىلىرى ئۈستىدە مۇڭداشتى، ئاندىن ئۇلارنى ئاتامانلار لەشكەر بارگاھىغا تەكلىپ قىلىپ ئۇ يەردە قارشى ئالدى. لى كۈي تاڭ لۇڭنى سۇڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭ ۋە باشقا ئاتامانلار ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ سالام بەرگۈزدى. تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن بارگاھتا قۇتلاش زىياپىتى بېرىلدى.

ئەتىسى بارگاھتا سۇڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭ، گۆڭسۈن شېڭلار گاۋ ليەننى تىرىپىرەن قىلىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى، گۆڭسۈن شېڭ:

— سەردارىم، بۇيرۇق قىلسىلا ھەممىمىز قومۇرۇلۇپ چىقايلى، ياۋ قېنى نېمە قىلالايدىكىن، قالغىنىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دېدى.

سۇڭ جياڭ شۇ كۈنى ھەرقايسى بارگاھلارغا گاۋ تاڭ شەھىرىنىڭ سېپىل خەندىكى تۈۋىگە تۇش - تۇشتىن لەشكەر تارتىپ بېرىپ، قوش تىكىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. لەشكەرلەر ئەتىسى سۈبھى بىلەن تەڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ غىزالاندى، ئاندىن قۇياقلىرىنى كىيىپ جابدۇندى. سۇڭ دانىش، ۋۇ يۇڭ خەلپەت، گۆڭسۈن شېڭلار ئاتلىنىپ لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا ماڭدى، لەشكەرلەر ئەلەم چۆرۈپ، داقا - دۇمباقلارنى ياڭراتقىنىچە قىيقاس - چۇقان سېلىپ شەھەر تۈۋىگە كەلدى.

ئەمدى ئامبال گاۋ ليەنگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئوق تەگكەن

يارىلىرى ساقىيىپ شەھەردە تۇرۇۋاتاتتى، بىر كېچە ئۆتكەندىن كېيىن چېرىكلەردىن بىرسى كىرىپ ئۇنىڭغا سۇڭ جياڭ لەشكەرلىرى بىلەن يەنە يېتىپ كەلدى، دەپ خەۋەر قىلدى. ئەتىسى سەھەردە ئامبال لەشكەرلىرىگە قوياقلىرىنى كىيدۈرۈپ، شەھەر قوۋۇقىنى ئاچۇرۇپ ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈرگۈزدى ـ دە، ئۈچ يۈز سېپىھىگەر چېرىكنى ھەم چوڭ ـ كىچىك سەركەردىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەر سىرتىدىكى ياۋ ئالدىغا چىقتى. ئىككى تەرەپتىكى لەشكەرلەر ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى، تۇغ ـ ئەلەم، ناغرا ـ دۇمباقلار بەس ـ بەس بىلەن چېلىنىپ تۇراتتى. ئىككى تەرەپ سەپ تارتىشتى. ئىككى سەپنىڭ ئىچىدە ھەر خىل ئاۋازلىق داقا ـ دۇمباقلار ياڭراپ، رەڭگارەڭ كەشتىلىك تۇغ ـ ئەلەملەر جەۋلان قىلدى. سۇڭ جياڭنىڭ ئالدىدا ئون ئاتلىق كىشى خۇددى غاز قانىتىدەك يېيىلىپ ئىككى سەپكە بۆلۈندى. سول قول تەرەپتە خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، جۇ تۇڭ، ئوۋ پېڭ، لۈ فاڭ قاتارلىق بەش سەردار؛ ئوڭ قول تەرەپتە لىن چۇڭ، سۇن لى، دېڭ فېي، ما لىن، گو شېڭ قاتارلىق بەش سەردار تۇردى؛ ئوتتۇرىدا تۇرغان ئۈچ ئاتلىق كىشىنىڭ باشچىسى بولۇپ باش سەردار سۇڭ دانىش تۇراتتى. ئۇ شۇنداق ياسانغانكى:

تۇگۇۋاپتۇ بېشىغا ئۇ قىزىل ئوردان كەبى ياغلىق،
چىگىپ شىر سۇرىتى سالغان بېلىگە كاتتا بەلباغلىق.
تاۋار جەڭ تونى ئارقىغا قىلىپ كەشتە يوغان ئەنقا،
بېزەكلەپ سۇمۇرغ قاناتىنى كۇمۇش رەڭلىك دۇبۇلغىغا.
يېشىل مەسە بىلەن قىيپاش بېسىپ ـ دەسسەپ ئۇزەڭگىنى،
پارقىرىتىپ ئەجدىھا گۇللۇك، بەئەينى زەر قۇياقىنى.
سېرىق ئالتۇن ئېگىرىگە سۆسۇنە سىم قامچىنى ئاسقان،
كەشتىلەنگەن توقۇمىغا بۇرغۇل ئات تازا قاملاشقان.

سول تەرەپتىكى ئات ئۇستىدە لياڭشەن كۆلىنىڭ لەشكەر

ھوقۇقىنى تۇتىدىغان مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ خەلپەت ئولتۇراتتى، ئۇ شۇنداق ياسانغانكى:

ئاق قانات پەيدىن ياسالغان يەلپۈگۈچنى كۆتۈرۈپ،
بېشىغا توققۇز بوغقۇچلۇق قارا شايىنى چىگىپ.
ئاق تاۋاردا تون كىيىپتۇ، قاپقارا جىيەكلىرى،
باغلىغان مەشۇتتە بەلباغ، قاشتېشى ھالقا قويۇپ.
قۇلۇن ئات ئۈزەڭگىسىدە مەسە كىيگەن پۇتلىرى،
تۇتقىنى سۆسۈن يۇگەن، كۈمۈش ئېگەردە ئولتۇرۇپ.
ئىككى تال تۇش زەنجىرىنى بېلىگە ئاسقان يېتى،
كىردى جەڭ مەيدانىغا كۆك بوز ئېتىنى چاپتۇرۇپ.

ئوڭ تەرەپتىكى ئات ئۈستىدە لياڭشەن كۆلىنىڭ سەپ ھوقۇقىنى تۇتىدىغان، مۇئاۋىن مۇشاۋىر گۇڭسۇن شېڭ ئولتۇراتتى. ئۇ شۇنداق ياسانغانكى:

پارقىرار ھەيۋەتلىك كۈلاسى كۈندەك،
ھېكمەتلىك شەمشىرى چاقنار قىرووۋدەك.
بورانلار چىقىرار ھېكمەت قەلبىدە،
شەپەق رەڭ جەندىسىدە بۇلۇت گۈل كەشتە.
باغلىغان كالتە قۇر پوتىسى رەڭدار،
ئۆشنىگە ئاسقىنى گۈللۈك زۇلپىقار.
پاشنىلىق يايپېشىل ئۆتۈك پۇتىدا،
قۇلا رەڭ ئارغىماق ئوينار ئاستىدا.
پۇتۇلگەن دەرۋىشلەر يېنىغا نامى،
قويۇلغان ئۇ ئۆزى پىرلەر قاتارى.

ئۈچ باش سەردار ئۈچ ئاتقا مىنىپ سەپنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. قارشى سەپتىن دۇمباقلار چېلىپ، ئەلەملەر چۆرىدىگەن ھالدا

يىگىرمە ـ ئوتتۇز بەگ ـ سىپاھ گاۋتاڭ ئايمىقىنىڭ ئامبىلى گاۋ ليەننى ئارىغا ئېلىپ سەپ ئالدىدا ھازىر بولدى، ئاتلىقلار ئەلەم ئاستىغا توپلاندى. ئۇلارنىڭ تەقى ـ تۇرقى شۇنداق ئىدىكى:

چاچ باسقۇچ قالپىقىغا ئۇنچىلەر ئاسقان،
قىپقىزىل جەڭ تونىغا كىمخاب گۈل باسقان.
چاتما قۇياقى چاقناپ پارقىرار،
كۈمۈش دۇبۇلغىدا سۇمۇرغ پەي ئۇچار.
قونچلۇق ئۆتۈككە بۇلۇت ـ گۈل تىككەن،
شىر سۈرەت، ئالتۇن رەڭ كەمەر بېكىتكەن.
قولىدا پارقىرار ئۈچ چى زۇلپىقار،
جەڭ ئېتى سەپ يارار گويا ئەجدىھار.

ئامبال گاۋ ليەن سەپ ئالدىغا بېرىپ داۋراڭ بىلەن:
— ھەي سازلىق كۆلىنىڭ ئوغرىسى، ئېلىشماق غەرىزىڭ بولغاندىكىن، قېنى كىمنىڭ زور چىقىشىنى كۆرۈپ باقامسەن، كىم قاچسا ئوغۇل بالا ئەمەس! — دەپ ۋارقىراپ تىللىدى.
— قېنى قايسىڭلار ئات چېپىپ بېرىپ بۇ ئوغرىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ كېلىسىلەر؟ — دەپ سورىدى بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۇڭ جياڭ.
كىچىك لى گۇاڭ خۇا رۇڭ نەيزىسىنى تۇتقىنىچە جەڭ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ ئات سالدى. گاۋ ليەن بۇنى كۆرۈپ:
— قېنى قايسىڭ ماڭا بۇ ئوغرىنى تۇتۇپ كېلىپ بېرىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى لەشكەرلىرىگە قاراپ.
قولباش قوشۇنى ئىچىدىن شۆ يۈەنخۇي ناملىق بىر سەركەردە چىقىپ ئىككى قولىغا قوش قىلىچ تۇتقان پېتى شاش ئات بىلەن جەڭ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۈسۈپ كىرىپ خۇا رۇڭ بىلەن ئېلىشتى. بۇ ئىككىيلەن سەپ ئالدىدا بىرنەچچە مەرتەم

ئىلىشقاندىن كېيىن خۇا رۇڭ ئىتىنىڭ بىشىنى قايرىپ ئۆز سىپىگە قاراپ ماڭدى. شۆ يوەنخۇي ئۇنىڭ پەنت ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئىتىنى يورغىلىتىپ، قىلىچىنى ئويناتقان ھالدا ھە دەپ ئۇنى قوغلىدى. خۇا رۇڭ ئىتىنى سەل توختىتىپ سادىقتىن ئوقنى ئېلىپ كىرىچكە بىسىپ ئارقىغا شاقىدە بۇرۇلدى ـ دە، ۋاققىدە ئاتتى، ئوق شۆ يوەنخۇيغا تېگىپ ئۇنىڭ پۇت ـ قولى لاسسىدە يۇمشاپ ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشتى. ئىككى قوشۇندىن تەڭلا چۇقان ـ سۈرەنلەر كۆتۈرۈلدى. گاۋ ليەن ئات ئۈستىدە بۇ ھالنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى، ئۇ دەرھال ئېگەرنىڭ قېشىدىن تۇچ جاڭنى ئېلىپ شەمشىرى بىلەن چالدى. ئۇچ قېتىم چېلىشىغا سېھىرگەر قوشۇن ئىچىدىن بىر پارچە سېرىق قۇم قوپۇن بولۇپ كۆككە كۆتۈرۈلدى ـ دە، ئاسماننى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى قاپلاپ، كۈن يورۇقىدىن قىلچە ئەسەر قالمىدى. ئاشۇ سېرىق قۇم ئىچىدىن سۈرەن ـ چۇقانلار كۆتۈرۈلۈپ، چىلبۆرىلەر، يولۋاس، قاۋانلار، ئاجايىپ ـ غارايىپ يىرتقۇچلار، يىلان، چايانلار پەيدا بولدى. لەشكەرلەر ئارقىغا قاچماق بولۇپ تەمشىلىۋېدى، بۇ چاغدا گۇڭسۇن شېڭ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ يىنىدىن ئۈستىگە غەلىتە گۈللەر چېكىلگەن ھېلىقى خاسىيەتلىك شەمشىرىنى چىقاردى ـ دە، ئۇنى ياۋغا تەڭلەپ تۇرۇپ ئەپسۇن ئوقۇپ، شەمشەرگە «سۇف !» دەپ بىر ھۈرۈۋېدى، ئۇنىڭدىن ۋال ـ ۋۇل قىلىپ بىر نۇر چاقناپ ھېلىقى ئاجايىپ ـ غارايىپ يىرتقۇچلارنى، يىلان ـ چايانلارنى سېرىق قۇم ئىچىگە يىغىشتۇرۇپ سەپ ئالدىغا دۆۋىلەپ قويدى. لەشكەرلەر قارىسا ئۇنىڭ ھەممىسى ئاق قەغەزدىن قايچىلاپ ياسالغان يولۋاس، قاۋان قاتارلىق يىرتقۇچلار ئىكەن، سېرىق قۇملارمۇ توزۇپ كەتتى. سۇڭ جياڭ بۇنىڭغا قاراپ يارما دەستە بىلەن بىر ئىشارەت بېرىۋېدى، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى باستۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتتى؛ گاۋ ليەننىڭ ئادەملىرى ھالاك بولۇپ، ئاتلىرى يىقىلدى. تۇغ ـ ئەلەم، داقا ـ دۇمباقلىرى يەرگە چېچىلدى. گاۋ ليەن سېھىرگەر

چېرىكلىرىنى تېزدىن شەھەرگە چېكىندۈرۈپ كەتتى. سۈڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى ئۆلارنىڭ ئارقىسىدىن شەھەر تۈۋىگىچە قوغلىشىپ باردى، سېپىل ئۈستىدىكىلەر ئاسما كۆۋرۈكنى تارتىۋېلىپ شەھەر قوۋۇقىنى ئېتىۋالدى، سېپىل ئۈستىدىن ياغاچ ـ تاشلارنى، توپ ئوقلىرىنى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتتى. سۈڭ جياڭ جاڭ سوقتۇرۇپ لەشكەرلەرنى قوشقا يىغدى، ئادەملەرنى ئېدىتلاپ چىقتى، شۇنداق قىلىپ، زور غەلىبىگە ئېرىشكەن بولدى. بارگاھقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن گۇڭسۇن شېڭ تەخسىرنىڭ كارامەت تۆھپىسى، ئالىي پەزىلىتى ئۈچۈن تەشەككۇر بايان قىلدى. ئاندىن ئۈچ قوشۇننى تارتۇقلىدى.

ئەتىسى، لەشكەرلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن شەھەرنى قورشاپ، بار كۈچ ـ جاسارىتى بىلەن تېگىش قىلدى، گۇڭسۇن شېڭ سۈڭ جياڭ بىلەن ۋۇ يۇڭغا:

— ئاخشام ياۋ چېرىكلىرىنىڭ تەڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى دېگۈدەك يوقاتقان بولساقمۇ، لېكىن ئۈچ يۈز نەپەر سېپىرگەر چېرىك چېكىنىپ شەھەرگە كىرىۋالدى. ئۇ مۇتتەھەم چوقۇم كېچىدە قوش ـ بارگاھىمىزغا تېگىدۇ. بۈگۈن ئاخشام لەشكەرلەرنى بىر يەرگە توپلاپ تۈن نىسپىگىچە تەرەپ ـ تەرەپكە مۆكتۈرۈۋېتەيلى. بۇ يەرگە ياسما قوش ـ بارگاھلار تىكىپ قويايلى، لەشكەرلەر چېقىن ئاۋازى ئاڭلانغان هامان بارگاھتىكى ئوتنىڭ چېقىشىغا قاراپ تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتسۇن، — دېدى.

بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. شۇ كۈنى پېشىن ۋاقتىغىچە شەھەرگە تېگىش قىلىنىپ، ئاندىن تەرەپ ـ تەرەپتىكى لەشكەرلەر قوش ـ بارگاھقا قايتۇرۇپ كېلىندى، لەشكەر قوشىدا دەبدەبە بىلەن مەي ـ شارابلار ئىچىلدى، ئاتامانلار كەچ بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، غىپپىدە تارقىلىشىپ تەرەپ ـ تەرەپكە مۆكۈنۈۋالدى.

ئەمدى سۈڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭ، گۇڭسۇن شېڭ، خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، لۈ فاڭ، گو شېڭلارغا كەلسەك، بۇلار دۆڭگە چىقىپ كۈتۈپ تۇردى. گاۋ لىيەن دەرۋەقە ئەلياتقۇ مەھەلدىن كېيىن شەھەر

دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈرۈۋەتتى ـ دە، ئۈچ يۈز سېھىرگەر چېرىكنى باشلاپ چىقتى، ئۇلار تۆمۈر قاۋاقنى يۈدۈپ ماڭدى، ئۇلارنىڭ ئىچىگە پارتلىغۇچ گۈڭگۈرت دورىلار قاچىلانغانىدى؛ ھەربىرى ئىلمەك، تۆمۈر سۈپۈرگىلەر ئېلىۋېلىشتى، ئېغىزلىرىغا قومۇش پۈشتەك سېلىۋالدى. گاۋ لىيەن سېھىرگەر چېرىكلەرنىڭ ئالدىدا باشلاپ ماڭدى، ئارقىدىن ئوتتۇز نەچچە ئاتلىق چېرىك ماڭدى. قوش ـ بارگاھقا يېقىنلاشقاندا گاۋ لىيەن ئات ئۈستىدە ئەپسۇن ئوقۇپ سېھىر قىلدى ـ دە، قارا تۈتەك ئاسماننى قاپلاپ، قاتتىق بوران چىقتى، شېغىل ـ تاش، توپا ـ توزانلار ياغدى، ئۈچ يۈز سېھىرگەر چېرىك ئوت تۇترۇقلىرىنى ئېلىپ ھېلىقى تۆمۈر قاۋاققا تۇتاشتۇردى، ھەممە يەردىن تەڭلا قومۇش پۈشتەكلەر ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن، قارا تۈتەك ئارىسىدا كۆرۈنگەن ئوت يورۇقىدا قىلىچ، پالتا كۆتۈرگەن چېرىكلەر قوش ـ بارگاھلارغا دۈكۈرەپ ئېتىلدى. دۆڭدە تۇرغان گۇڭسۇن شېڭ شەمشىرى بىلەن سېھىر قىلىپ، بوش قالغان قوش ـ بارگاھلار ئىچىدە چېقىن چىقاردى. ئۈچ يۈز سېھىرگەر چېرىك دەرھال قوش ـ بارگاھلار ئالدىغا بېرىپ قارىسا، بوش قالغان قوش ـ بارگاھلار ئىچىدە يالقۇنجاپ ئوت كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە يەرنى قىپقىزىل چوغ قاپلاپ كېتىپتۇ، چىقىپ كېتىشكە ھېچقانداق يولمۇ قالماپتۇ. بۇ چاغدا سۇڭ جياڭلارنىڭ ئەتراپقا مۆكۈنۈۋالغان لەشكەرلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ قوش ـ بارگاھلارنى قورشىۋالدى. قاراڭغۇدا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۈچ يۈز سېھىرگەر چېرىكنىڭ بىرسىمۇ قاچالماي ھەممىسى بارگاھ ئىچىدە گۇم بولدى. گاۋ لىيەن ئالمان ـ تالمان ئوتتۇز نەچچە ئاتلىق چېرىكنى باشلاپ شەھەرگە قايتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر توپ لەشكەر قوغلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ سەردارى قاپلانباش لىن چۇڭ ئىدى. گاۋ لىيەن ئۇ يېتىشىۋالاي دېگەننى كۆرۈپ، دەرھال ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزى سەككىز ـ توققۇز ئاتلىق

چېرىك بىلەن شەھەرگە كىرىۋالدى، لىن چۇڭ قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئات ـ پاتلىرى بىلەن تىرىك تۇتۇۋالدى. گاۋ ليەن شەھەر ئىچىگە كىرىۋالغاندىن كېيىن پۇقرالارنى شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن سېپىلغا چىقاردى. گاۋ ليەننىڭ سېھىرگەر چېرىك ۋە باشقا لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۇڭ جياڭ بىلەن لىن چۇڭ قىرىپ تۈگىتىۋەتتى.

ئەتىسى سۇڭ جياڭ يەنە لەشكەر تارتىپ بېرىپ شەھەرنى تۆت تەرەپتىن قاتتىق قورشىدى. گاۋ ليەن: «مەن شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۆگەنگەن ئەپسۇنۇمنى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۇلارنىڭ دەپئى قىلىۋېتىشىنى ھەرگىز ئويلىماپتىكەنمەن، ئەمدى نېمە قىلغۇلۇق؟ قوشنا ئايماق يامۇللىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ نىجاتلىق تىلىمەكتىن باشقا ئىلاج قالمىدى» دەپ ئويلىدى ـ دە، دەرھال دۆڭچاڭ، كۆجۈ ئايماقلىرىغا ئىككى پارچە خەت يازدى، بۇ ئىككى جاي بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى، ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ ئىككى ئايماق ئامبىلىنى ئاكام ئۆستۈرۈپ تەيىنلىگەن ئادەملەر» دەپ ئويلاپ، خېتىدە ئۇلاردىن كېچىلەپ بولۇشۇشقا چېرىك ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىشقا ئۆز ھوزۇرىدىكى قولباشلاردىن ئىككىنى تەيىنلەپ خەتنى ئۇلارغا بەردى، بۇلار كۈنپېتىش دەرۋازىدىن بۆسۈپ چىقىپ، كۈنپېتىش تەرەپتىكى يولغا راۋان بولدى. سەردارلار ئۇلارنى قوغلىماقچى بولۇۋىدى، ۋۇ يۇڭ:

— قويۇپ بېرىڭلار، چىقىپ تۇرسۇن، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» ئىشلىمىز، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

— مۇشاۋىر مۇنداق قىلغاننىڭ پايدىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

— شەھەردىكى چېرىكلەر ئاز قالغانلىقىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ شۇنداق قىلىۋاتقىنى، — دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت، — بىز بۇ يەردىن ئىككى توپ لەشكەر چىقىرىمىز، ئۇلار بولۇشۇشقا كەلگەن چېرىك سۈپىتىدە بىز بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ، بۇ چاغدا

گاۋ لیەن جەزمەن قوۋۇقنی ئېچىپ چىقىپ ئۇلارغا بولۇشماقچى بولىدۇ، مانا ئۇنىڭ سىرتقا چىقىشىدىن پايدىلىنىپ، بىز تەرەپتىن شەھەرنى ئالىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، گاۋ لیەننى چېكىنىش يولىغا باشلاپ بارىمىز - دە، ئۇنى قولىغا چۈشۈرىمىز.

سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى. دەي زۇڭنى لياڭشەن كۆلىگە قايتىپ ئىككى توپ لەشكەر باشلاپ كېلىشكە، لەشكەرلەرنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ ئەكېلىشكە بۇيرۇدى.

گاۋ لیەن ھەر ئاخشىمى شەھەر ئىچىدىكى بوش يەرلەرگە ئوتۇن - خەشەك دۆۋىلىتىپ، تىنماي ئوت يېقىپ بەلگە بېرىپ، قۇتقۇزۇشقا كېلىدىغان چېرىكلەرنى سېپىل ئۈستىدە تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شەھەرنى قوغدايدىغان چېرىكلەر سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەر سېپىنىڭ ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ پاتىپاراقچىلىقتا چۇشۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئەھۋالنى دەرھال گاۋ لیەنگە مەلۇم قىلدى. گاۋ لیەن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالدىراپ - سالدىراپ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ سېپىل ئۈستىگە چىقىپ قارىدى، قارىسا ئىككى تۈركۈم لەشكەرلەر چاڭ - توزان توزۇتۇپ، نەرە تارتىپ باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ؛ تۆت تەرەپتىن شەھەرنى قورشىۋالغان لەشكەرلەر تەرەپ - تەرەپكە قېچىۋېتىپتۇ. گاۋ لیەن بۇ ئىككى تۈركۈم لەشكەرلەرنى ھىماتچى لەشكەرلەر يېتىپ كەلدى دەپ بىلىپ، شەھەر قوۋۇقىنى چوڭ ئېچىۋەتتى - دە، شەھەردىكى بار - يوق لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئارقا - ئارقىدىن باستۇرۇپ كەلدى.

ئەمدى گاۋ لیەن سۇڭ جياڭ قوشۇنلىرىنىڭ سېپى ئالدىغا باستۇرۇپ كېلىپ قارىسا سۇڭ جياڭ خۋا رۇڭ، چىن مىڭلارنى باشلاپ ئاتلىق چېكىنىش يول بىلەن قېچىپ كېتىۋېتىپتۇ. گاۋ لیەن لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دەرھال ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى، بۇ چاغدا تۇيۇقسىز تاغ كەينىدىن ئارقىمۇئارقا توپ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلىغان گاۋ لیەن ئەنسىرەپ دەرھال



www.uyghurkitap.com

لەشكەرلىرىنى ئارقىغا قايتۇردى. ئىككى تەرەپتىن جاڭ ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەنلا، سول تەرەپتىن لۇ فاڭ، ئوڭ تەرەپتىن گو شىڭ بەش يۈزدىن لەشكەر ئەگەشتۈرۈپ باستۇرۇپ كەلدى. گاۋ ليەن دەرھال يولنى كېسىپ ئۆتمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن كۆپرەكى يوقىتىلدى. ئۇ شۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ سېپىلغا قارىۋىدى، سېپىل ئۈستىنى لياڭشەن كۆلىنىڭ ئەلەملىرى قاپلاپ كېتىپتۇ. ئۇ كىرىپىك كۆتۈرۈپ يەنە بىر قارىدى، بولۇشۇشقا كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئىز - دېرىكى كۆرۈنمىدى. ئاخىر نائىلاج ئېشىپ قالغان چېرىكلىرىنى ئېلىپ، تاغ ئىچىدىكى خالىي، پىنھان يول بىلەن تىكىۋەتتى. ئۇن چاقىرىمچە ماڭغا - ماڭمايلا تاغ ئارقىسىدىن بىر توپ لەشكەرلەر ئېتىلىپ چىقتى، لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا قەھرلىك يۈچى سۈن لى كېلىۋاتاتتى، ئۇلار يولنى توسۇپ:

— مەن سېنى كۈتۈپ تۇرغىلى نەۋاق، ياخشىلىقچە ئاتتىن چۈشۈپ قول باغلاپ تۇر! — دەپ ھەيۋە بىلەن ۋارقىرىدى.

گاۋ ليەن شۇ ئان لەشكەرلىرىنى ئارقىغا ياندۇردى، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى يولنى ئاللىقاچان كۆركە ساقال جۇ تۇڭ لەشكەرلىرى بىلەن توسۇۋالغانىدى. ئىككى باشتىن قىستاپ كېلىپ، تۆت تەرەپتىكى يوللار كېسىپ تاشلانغانلىقتىن گاۋ ليەن ئېتىنى تاشلاپ تاغقا ياماشتى. ئەتراپتا توسۇپ تۇرغان لەشكەرلەر ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ چىقتى، گاۋ ليەن ئالمان - تالمان ئاغزىنى قىمىرلىتىپ ئەپسۇن ئوقۇپ: «ئۈچ» دەپ ھۆرۈپ بىر ۋارقىرىۋىدى، بىر پارچە قارا بۇلۇتقا مىنىپ قالدى، بۇلۇت ئۇنى لىككىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈپ تاغ چوققىسىغا چىقىرىپ قويدى. شۇ ھامان گۇڭسۈن شېڭ تاغ بېلىدە پەيدا بولدى، ئۇ گاۋ ليەننى كۆرۈپ، ئات ئۈستىدە شەمشىرىنى چىقىرىپ كۆككە قاراپ ئاغزىدا بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ «سۇف !» دەپ شەمشىرىنى كۆككە بىر سۇنۇۋىدى، گاۋ ليەن بۇلۇت قەرىدىن پالاقىدە يىقىلىپ چۈشتى. يان تەرەپتە تۇرغان قاناتلىق يولۋاس لېي خېڭ قىلىچىنى

شارتتىدە چىقىرىپ گاۋ لىيەننى «گاچ» قىلىپ ئىككى پارچە قىلدى. ئىسسىل ئاتلار ئۈستىدە دەۋر سۈرۈپ يۈرگەن بۇ بېگىمنىڭ ئاشۇ راھەت ـ پاراغەتلىرى گويا چۈشىدەك تۈزۈپ كەتتى.

### نەزم

ئەرشتئەلادا پەرىشتە تۇرسا روشەن كۆز تىكىپ،
يەردە ھازىر يەر ئىلاھى تۇرىدۇ چىلىك كۆزىتىپ.
تۇرسا ئايان ھەممىگە قانۇن ـ شەرىئەت چارىسى،
جىن ـ شاياتۇنلارمۇ پىنھان مارىلايدۇ كۆز قىسىپ.
كىمكى گەر قىلسا يامانلىق تارتىدۇ، تەھقىق جازا،
گۆم بولار ئاخىر زوراۋانلار ھالاكەتلىنىك يېتىپ.
ئەي كىشى ھوشيار بولۇش ئىنسانچىلىق ئەخلاقىدا،
ئىبرەت ئال، قىلغىن ھەزەر، قورقىن يامانلىقتىن قېچىپ.

ئەمدى لىبي خېنغا كەلسەك، ئۇ گاۋ لىيەننىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، كۆتۈرگىنىچە تاغدىن چۈشتى، تېزدىن بېرىپ باش سەردارغا مەلۇم قىلىشقا ئادەم ئەۋەتتى. سۇڭ جياڭ گاۋ لىيەننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ لەشكەرلىرىنى گاۋتاڭ شەھىرىگە توپلىدى، ئاۋۋال ئۇ لەشكەرلىرىگە پۇقراغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىك خۇسۇسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئاندىن كېيىن ئەل ـ پۇقراغا قىلچە چېقىلمايمىز، دەپ ئەل ئەمىن ئېلانى چىقاردى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە زىنداندىن چەي جىن غوجىنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا زىندانبېگى، گۇندىپايلار قېچىپ كېتىپ، زىنداندا ئوتتۇز ـ قىرىق گۇناھكار قالغانىدى، تاقاقلارنى ئېچىپ تاشلاپ بۇ گۇناھكارلارنى بوشاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە چەي جىن غوجا يوق ئىدى، بۇ ئەھۋالدىن سۇڭ جياڭ ئەنسىرەپ غەمگە چۈشتى. يەنە بىر گۇندىخانىنى چارلاپ كۆردى. ئۇنىڭغا چەي مەھرەمبېگىنىڭ بالىچاقىلىرى سولاپ

قويۇلۇپتۇ؛ يەنە بىر گۇندىخانىنى ئاچتى. ئۇنىڭغا چەي جىننىڭ چاڭجۇدىن تۇتۇپ كېلىنگەن بالىچاقىلىرى سولاپ قويۇلۇپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۇدا جەڭ بولغاچقا، ئۇلارنى سوئال ـ سوراقلار قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەپتۇ. ئۇ يەردىمۇ چەي جىن غوجا يوق بولۇپ چىقتى.

ۋۇ يۇڭ خەلپەت گاۋتاڭ ئايمىقىنىڭ گۇندىپايلىرىنى يىغىپ چەي جىننى سۈرۈشتۈردى. ئۇلاردىن بىرى:

— كەمىنىلىرى زىندانبېگى لىن رېن بولىمەن. نەچچە كۈنلەر بۇرۇن ئامبال گاۋ ليەن بېگىم: «چەي جىننى خاس، يۇختا گۇندىخانىغا سولايسەن، قاچۇرۇۋەتمەيسەن» دەپ تاپشۇردى. يەنە ئۇ: «بېشىمىزغا بىرەر پېشكەللىك كېلىپ قالسا ئۆزۈڭ توغرىلىۋەت !» دەپ جېكىلىدى. ئۈچ كۈن بۇرۇن ئۇ: «چەي جىننى گۇندىخانىدىن ئاچىقىپ ئۆلتۈرىسەن» دەپ بۇيرۇدى. قارىسام ئۇ بىر مەرد ئوغلان ئىكەن، كۆرۈپ قولۇم بارمىدى، مەن: «بۇ كىشى قاتتىق ئاغرىپ نىمجان بولۇپ قالدى، ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ كەينىگە سۈردۇم، كېيىن يەنە قىستىۋىدى، «چەي جىن ئۆلدى» دەپ جاۋاب بەردىم. ئامبال ئۇدا بىرنەچچە كۈن جەڭ بىلەن بولۇپ سۈرۈشتۈرۈشكە چولىسى تەگمىدى، مەن ئامبالنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، مېنى جازالىشىدىن قورقۇپ، تۈنۈگۈن چەي جىننى ئارقا تەرەپتىكى قۇرۇپ كەتكەن قۇدۇق بېشىغا ئاپىرىپ، تاقاقلىرىنى ئېچىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە پاناھداشقا چۈشۈرۈۋەتكەنىدىم، ھازىر ئۇنىڭ نە تىرىك، نە ئۆلۈكلۈكىدىن خەۋىرىم يوق، — دېدى.

سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالمان ـ تالمان لىن رېننى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. زىندان ئارقىسىدىكى قۇرۇق قۇدۇق تۈۋىگە بېرىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىكەن، ئۇنىڭ قانچىلىك تىرەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. يۇقىرىدا تۇرۇپ چاقىرىپ باقتى، نەدىكى جاۋاب چىقسۇن. ئارغامچىنى

سىلىپ باقتى. ئۇنىڭ تىرەنلىكى ئالاھازەل يىگىرمە ـ ئوتتۇز غۇلاچ كەلدى. سۇڭ جياڭ: «قارىغاندا چەي جىن غوجا ئاللىقاچان تۇگىشىپ كېتىپتۇ» دەپ كۆز يېشى قىلدى. ۋۇ يۇڭ خەلپەت:

— سەردارىم، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا. قېنى ئۇنىڭ ئىچىدە بار ـ يوقلۇقىنى كىم چۈشۈپ بىلىپ چىقىدۇ؟ — دېدى.

— مەن چۈشۈپ چىقاي، — دەپ مەيدىسىگە ئۇردى بۇ چاغدا قارا قۇيۇن لى كۇي كېلىپ.

— خوپ، باشتىمۇ بۇنىڭغا سەن زامىن بولغان، ئەمدى خەۋەرنىمۇ سەن ئېلىپ چىقىپ سەۋەنلىكىڭنى يۇغىن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— مەن چۈشۈشتىن قورقمايمەن. لېكىن، ئارغامچىنى كېسىۋېتىشمىسىلە يەنە، — دەپ كۈلدى لى كۇي.

— سىزمۇ شەيتانلىق قىلماڭ يەنە، — دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

بۇلار بىر چوڭ سېۋەتنى ئېلىپ چىقىپ ئارغامچىنى ئۇزۇن ئۇلاپ بىر جازا تەييارلىدى، ئارغامچىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە چىگدى. لى كۇي كىيىملىرىنى سېلىپ قىپيالىڭاچ بولۇپ قولىغا قوش ئايپالتىسىنى ئالدى ـ دە، سېۋەت ئىچىگە چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قۇدۇق ئىچىگە سېلىشتى، ئارغامچىغا ئىككى مىس قوڭغۇراق باغلاپ قويۇشتى. ئۇنى ئاستا ـ ئاستا قۇدۇقنىڭ تەكتىگە چۈشۈرگەندىن كېيىن ئۇ سېۋەتتىن چىقىپ قۇدۇق ئاستىدا ئۇ يەر ـ بۇ يەرنى سىلاشتۇردى، قولىغا بىر دۆۋە بىرنېمە ئۇرۇندى، تۇتۇپ باقسا ئۇستىخان ئىكەن، لى كۇي: «ۋاي ئاتىمەي، بۇ بىرنېمىلەر بۇ يەردە يۇرۇپتا؟!» دەپ يەنە بىر قىرغاقنى سىلىدى، قولىغا ھۆللۈك ئۇرۇندى، ئۇ يەردە پۇت دەسسەپ تۇرغۇچىلىك يەر يوق ئىدى. لى كۇي قوش ئايپالتىسىنى سېۋەتكە سېلىپ قويۇپ قولى بىلەن يەرنى سىلاپ كۆردى، ئەتراپى كەڭ ئىكەنلىكى بىلىندى. سىلا ـ سىلا كېتىۋاتقاندا قولىغا بىر ئادەم ئۇرۇندى، ئۇ تۇگۈلۈپ قۇدۇق

ئىچىدە ئولتۇرۇپتۇ. لى كوي:
— چەي جىن غوجام ! — دەپ چاقىرىپ باقتى، نەدىكىنى، ئۇ قىمىرلىمىدى، قولى بىلەن ئۇنى تۇتۇۋىدى، قولىغا ئازغىنا ئىسسىق هور بىلىندى. لى كوي:
— خۇداغا شۈكۈر، هەرنېمە بولسا جېنى بارئىكەن ! — دېدى ـ دە، دەرهال سېۋەتكە ئېسىلىپ قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى، ئۈستىدىكىلەر ئۇنى تارتىپ چىقاردى. لى كوي پەستە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى ئېيتىپ بەردى.
— سەن يەنە چۈشۈپ چەي جىن غوجامنى سېۋەتكە سېلىپ چىقىرىۋەت، ئاندىن سېۋەتنى چۈشۈرۈپ سېنى تارتىۋالىمىز، — دېدى سۇڭ جياڭ.
— ئاغا، سىز بىلمەيسىز، جىجۇ ئايمىقىغا بارغاندا، ئىككى قېتىم كولدۇرلىدىم، ئەمدى ئۈچىنچى قېتىم كولدۇرلاتماڭلار مېنى، — دېدى لى كوي.
— مەن قانداقسىغا سېنى كولدۇرلىتاي؟ تېزرەك چۈشكىن، — دېدى سۇڭ جياڭ كۈلۈپ.
لى كوي نائىلاج يەنە سېۋەتكە ئولتۇرۇپ قۇدۇققا چۈشتى.
لى كوي قۇدۇقنىڭ تەكتىگە چۈشكەندىن كېيىن سېۋەتتىن چىقىپ چەي جىن غوجامنى كۆتۈرۈپ سېۋەت ئىچىگە سالدى ـ دە، قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى. يۇقىرىدىكىلەر ئاڭلاپ ئۇنى تارتىۋالدى. سېۋەت يۇقىرىغا چىققاندىن كېيىن هەممەيلەن چەي جىننى كۆرۈپ ناهايىتى خۇشال بولدى. سۇڭ جياڭ قارىسا چەي جىننىڭ باش ـ كۆزلىرى يېرىلىپ، ئىككى پۇتىنىڭ گۆشلىرى يارا بولۇپ تىتىلىپ كېتىپتۇ، كۆزىمۇ چالا ئوچۇق يېتىپتۇ. سۇڭ جياڭنىڭ ئۇنىڭغا ناهايىتى ئىچى ئاغرىدى، ئۇ داۋالاشقا دەرهال تېۋىپ چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم بۇيرۇدى. ئەمدى لى كوي بولسا قۇدۇق تەكتىدە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كەتتى. سۇڭ جياڭ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرهال سېۋەتنى چۈشۈرۈپ ئۇنى ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى. لى كوي يۇقىرىسىغا چىققاندىن

كېيىن خاپا بولۇپ:

— قويۇچىلار، ھەرقايسىڭلار ياخشى نىمىلەر ئەمەس ئىكەنسىلەر، نىمىشقا سىۋەتنى چۈشۈرۈپ مېنى تارتىۋالمايسىلەر؟ — دېدى.

— خاپا بولما ئۇكا، بىز چەي جىن غوجام بىلەنلا بولۇپ كېتىپ سېنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز، — دېدى سۈڭ جياڭ.

سۈڭ جياڭ ئادەملىرىگە چەي جىن بېگىمنى يۆلەپ ھارۋىغا ياتقۇزۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ئاندىن ئىككى ئۆيلۈكنىڭ بالىچاقىلىرىنى ھەم نۇرغۇن ئۆي روزىغارلىرىنى يىگىرمە نەچچە ھارۋىغا باستى، لى كۈي، لېي خېڭلارنى ھارۋىلارنى قوغداپ ئاۋۋال لياڭشەن كۆلىگە ئېلىپ بېرىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى، گاۋ ليەننىڭ ئۆيىدىكىلىرىدىن قىرىق نەچچە جاننىڭ ياخشى - يامىنىنى ئايرىمايلا كوچىدا قەتل قىلدى. لىن رېنغا رەھمەت - تەشەككۈر ئېيتىپ ئۇنى تارتۇقلىدى. ئاندىن يامۇلنىڭ خەزىنىسىدىكى مال - مۈلۈك، تاۋار - دۇردۇنلارنى، ئامباردىكى ئاشلىق - تۈلۈكنى ھەم گاۋ ليەننىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى قاچىلاپ تاغقا ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن چوڭ - كىچىك سەركەردىلەر گاۋتاڭ ئايمىقىدىن چىقىپ غەلىبە بىلەن لياڭشەن كۆلىگە قايتتى. يول ئۈستىدىكى ئايماق - ناھىيەلەردىن ئۆتكۈچە ھېچكىمگە چېقىلمىدى. نەچچە ئون كۈن يول يۈرۈپ چوڭ تۈراغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن چەي جىن ئاغرىقتىن ساقىيىپ ھەزرىتى چاۋ گەي بىلەن سۈڭ جياڭ قاتارلىق ئاتامانلارغا رەھمەت - تەشەككۈرلەر بايان قىلدى. چاۋ گەي چەن جىن غوجامنى سۈڭ دانىشىنىڭ تاغ تۆپىسىدىكى تۇرالغۇسىنىڭ يېنىدا يەنە بىر يۈرۈش ئۆي سالدۇرۇپ، بالىچاقىلىرى بىلەن ئورۇنلىشىپ قېلىشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چاۋ گەي، سۈڭ جياڭلار ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى. گاۋتاڭ ئايمىقىدىن قايتىپ كەلگۈچە يەنە مۇشۇ چەي جىن، تاڭ لۇڭ ئاتامانلار قوشۇلدى. ئۇلارغا ئاتاپ قۇتلۇقلاش زىياپەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ

www.uyghurkitap.com

گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى دۇڭچاڭ، كۇجۇ ئايماقلىرى گاۋتاڭ ئايمىقىدا گاۋ لىيەننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، شەھەرنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن ئوردىغا ئەرزنامە يېزىپ ئادەم ئەۋەتتى. گاۋتاڭ ئايمىقىدىن قېچىپ چىققان بەگ ـ سىپاھلارمۇ ئاستانىگە بېرىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى يەتكۈزدى. گاۋ ئەمىر بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆز قېرىندىشى گاۋ لىيەننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئەتىسى سۇبھى ۋاقتى بىلەن ھويلىغا چىقىپ جىڭيالڭ راۋىقىدىكى قوڭغۇراقنىڭ چېلىنىشىنى كۈتتى. ھەممە بەگ ـ سىپاھلار ئوردا لىباسلىرىنى كىيىشكەن ھالدا، شاھانە تاپسىغا كېلىپ تەڭرىقۇتقا سالام بېرىشكە ھازىر بولدى. شۇ كۈنى تاڭ سۈزۈلگەن ۋاقىتتا خان ئالىي كىراملىرى قەسرگە چىقتى. نىزام قامچىسى ئۈچ نۆۋەت قېقىلىشى بىلەن قەلەمدار ـ ئەلەمدارلار ئىككى رەت بولۇپ تىزىلدى. تەڭرىقۇت شاھانە ئورۇن ئالدى. دىۋانبېگى جاكارلىدى:

— ئىش ـ كۈش بولسا دەڭلار، بولمىسا يېنىڭلار.

گاۋ ئەمىر ئالدىغا چىقىپ:

— ھازىر جىجۇ ئايمىقىنىڭ لياڭشەن كۆلىدىكى قاراقچىلارنىڭ باشلىقى چاۋ گەي، سۇڭ جياڭلار ئۈست ـ ئۈستىگە چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ: شەھەرگە تەگدى، خەزىنە ـ ئامبارلارنى بۇلىدى، قاتىل، بەتنىيەتلەرنى يىغىپ، جىجۇ ئايمىقىدا خان لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈردى، قىردى، جياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ۋۇۋېي قەلئەسىنى ئالتۇپىلاڭ قىلدى، ئەمدى گاۋتاڭ ئايمىقىدىكى بەگ ـ سىپاھ، پېقىر، پۇقرالارنىڭ بىرسىنىمۇ قويماي قىرىپ، خەزىنە ـ ئامبارلارنى بۇلاپ كېتىپتۇ. مانا بۇ ئىچىمىزدىن چىققان چوڭ بالايىئاپەت. بۇنى بالدۇرراق يىغىشتۇرۇۋەتمىسەك كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قاراقچىلارنىڭ كۈچى زورىيىپ كېتىپ، باشقۇرۇش تەس بولۇپ قالىدۇ، ئالىي ھۆكۈم چىقىرىلىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلەيمىز، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

تەڭرىقۇت بۇ بايانى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ شۇ دەم گاۋ ئەمىرگە خىل سەردار ـ چېرىكلەر ئەۋەتىپ قاراقچىلارنى كۆل بويىدىن ۋەسلى ـ نەسلىگىچە تۇتۇپ، قىرىپ، پاك ـ پاكىز قۇرۇتۇۋېتىش ھەققىدە مۇقەددەس پەرمان چۈشۈردى. گاۋئەمىر يەنە:

— قارىغاندا بۇ قاراقچىلارغا نۇرغۇن لەشكەر باشلاپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوقتەك تۇرىدۇ. بىرلا ئادەم بارسىلا يىغىشتۇرۇۋېتەلەيدۇ، — دەپ بايان قىلدى.

— سىز شۇ ئادەمنى ئىشقا سالسىڭىز، چاتاق چىقمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، دەرھال يولغا چىقىپ، زەپەر خەۋەرلىرىنى ئېلىپ قايتسۇن، شۇ چاغدا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ تارتۇقلايمەن، يۇقىرى ئەمەلگە قويىمەن، — دېدى تەڭرىقۇت.

— بۇ ئادەم، — دېدى گاۋ ئەمىر يەنە تۆۋەنچىلىك بىلەن، — ئەل بىنا بولغان دەسلەپكى چاغلاردا داڭدار سەردار بولۇپ ئۆتكەن خېدۇڭلۇق خۇ يەنزەننىڭ ئۆز پۇشتى بولىدۇ، ئىسمىزاتى خۇ يەنجو؛ ئىككى يارما دەستىنى قولىغا ئالسا، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا تەمەنلىگەن ئەرمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ. ھازىر ئۇ رۇنىڭ دىيارىنىڭ باشبۇغى، قول ئاستىدا نۇرغۇن خىللانغان چېرىك، باتۇر سەركەردىلەر بار. پېقىر كۆرسەتكەن بۇ ئادەم لياڭشەن كۆلىدىكى قاراقچىلارنى ئۈجۇقتۇرۇۋېتەلەيدۇ. لەشكەرلەر پاسىبانى قىلىپ تەيىنلەنسە، خىل ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ، تاغ تۇرانى تازىلاپ، غەلىبە بىلەن ئوردىغا قايتسا.

تەڭرىقۇت ئۇنىڭ بايانىنى تەستىقلاپ:

— لەشكىرىي ۋازارەت دەرھال رۇنىڭ ئايمىقىغا ئادەم تەيىنلەپ ئەۋەتسۇن، ئۇ ئادەم يارلىقنى ئېلىپ كېچىلەپ يولغا چىقسۇن، — دەپ مۇقەددەس پەرمان چۈشۈردى.

شۇ كۈنلۈك تاۋاپ ـ تەزىم تۈگىگەندىن كېيىن گاۋ ئەمىر ياساۋۇللار مەھكىمىسىنىڭ نامىدىن لەشكىرىي ۋازارەتكە بىر سىپاھبەگنى تەيىنلەشنى ۋە سىپاھبەگنىڭ مۇقەددەس پەرمانىنى

ئېلىپ دەرھال يولغا چىقىشنى بەلگىلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ شۇ كۈنلا يولغا چىقتى، خۇ يەنجونىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىت ـ مۆھلەت ئىچىدە ئاستانىگە يېتىپ بېرىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى.

ئەمدى خۇ يەنجو رۇنىڭ ئايمىقىنىڭ باشبۇغ مەھكىمىسىدە داتاڭغا چىقىشى بىلەن تەڭ ئىشىك باقار كىرىپ:

— سەردارىم، ئۆزلىرىنى ئاستانىگە كەلسۇن، مۇھىم ۋەزىپە بار دەپ مۇقەددەس يارلىق ئېلىپ ئالاھىدە ئادەم كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

خۇ يەنجو ئۆز ئايمىقىنىڭ سىپاھبەگلىرى بىلەن مەھكىمىدىن چىقىپ، كەلگۈچىنى باشبۇغ مەھكىمىسىگە باشلاپ كىردى، يارلىقنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ بەگنى زىياپەت ئۆتكۈزۈپ مېھمان قىلدى، خۇ يەنجو دەرھال دۇبۇلغا ـ قۇياقلىرىنى تەييارلاپ، ئېتىنى ئېگەرلەپ قورال ـ ياراغلىرىنى ئالدى، ئاندىن ئوتتۇز ـ قىرىق ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ھېلىقى كەلگەن بەگ بىلەن بىللە بۇيرۇققا بىنائەن رۇنىڭ ئايمىقىدىن كېچىلەپ ئاستانىگە يول ئالدى. يول ئۈستىدە ھېچ ئىش ئۆتۈلمىدى. بۇلار ئاستانىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئوردا ياساۋۇللىرى مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشۈپ، گاۋ ئەمىر بىلەن كۆرۈشتى. شۇ كۈنى گاۋ چيۇ ئوردا ياساۋۇللىرى مەھكىمىسىدە دىۋاندا ئىدى، ئىشىك باقار ئەمەلدار كىرىپ:

— رۇنىڭ ئايمىقىدىن خۇ يەنجو يارلىققا بىنائەن يېتىپ كەپتۇ، ھازىر ئىشىك سىرتىدا قالدى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

گاۋ ئەمىر ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا ئۇنى چاقىرىپ كىرىڭلار دەپ بۇيرۇدى. ئۇ كىرگەندىن كېيىن خۇ يەنجوغا قارىدى، ئۇ شۇنداق سالاپەتلىك ئادەم ئىدىكى:

ئەجرىسى بار ئەل بىنا ئەيلەشتە بەگ ئەۋلادى بۇ،
داڭقى بار ئۆتكەن ئاشۇ سەردار بېگىمنىڭ پۇشتى بۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يارما دەستە ئوينىتىشنى قول ئېلىپ ئەجدادىدىن،
ئۇ تالاي ئويناپ قىلىچ، چىققان بۆسۇپ سەپ ئىچىدىن.
زۇلپىقار تۇتسا كىرەر ئۇ ئارسلان ئۇۋاسىغا،
ئاتسا يا تەگكەي بىرىپ بۇركۇت توپى ـ قاتارىغا.
بولدى سەردار بەگ ئاتا ئالەمنى تىنچ ئەتمەك ئۇچۇن،
پۇر بولۇپ خۇ يەنجو نامى ھەممە جايلارغا پۇتۇن.

گاۋ ئەمىر ئۇنىڭ بىلەن ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ئۇنى تارتۇقلىدى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاۋاپ ـ تەزىم ۋاقتىدا خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپ كۆرۇشتۇردى. تەڭرىقۇت خۇي زۇڭ خۇ يەنجونىڭ سالاپەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۇپ، خۇشلۇقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى، ئۇ دەرھال ئۇنى بىر دانە قار تېپەر قاغا ئارغىماق بىلەن تارتۇقلىدى. بۇ ئاتنىڭ پۇتۇن تېنى قارا سىياھتەك قاپقارا، تۆت پۇتى ئاپپاق ئىدى. شۇڭا، ئۇ قار تېپەر قاغا ئارغىماق دېگەن نام ئالغانىدى. بۇ ئات كۇنىگە مىڭ چاقىرىم يول يۇرەتتى، مۇقەددەس يارلىق بويىچە ئات خۇ يەنجوغا تاپشۇرۇلدى. ئۇ خاننىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر ـ رەھمەتلەر بايان قىلغاندىن كېيىن گاۋ ئەمىر بىلەن يەنە ئوردا ياساۋۇللىرى مەھكىمىسىگە كىرىپ، لياڭشەن كۆلىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ قاراقچىلارنى يوقىتىش ئىشى ئۇستىدە كېڭەشتى. خۇ يەنجو:

— مەلۇملىرىدا بولغايكى، مېنىڭچە لياڭشەن كۆلى بويىدا لەشكەر، سەركەردىلەر ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنىڭ جەڭ ماھارىتى ئۇستۇن، ياۋنى بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ، پېقىر ئىككى سەركەردىنى كۆرسەتسەم شۇلار تۇرشاۋۇل بولسا، ئۇلار بىلەن بىللە بارساق چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۇرەلەيمىز، — دېدى.

— سىز كۆرسەتمەكچى بولغان ئادەملەر كىم بولىدۇ، تۇرشاۋۇل بولۇپ بارسا بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى گاۋ ئەمىر ئىنتايىن خۇشال بولۇپ.

خۇيەنجو بۇ ئىككى سەركەردىنى كۆرسەتتى. ئەيىۋھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس ! دالدا قورغانغا ئېسىل سەركەردىلەر قوشۇلغۇسى، لياڭشەن كۆلى بويىدا خان لەشكەرلىرى تىرىپىرەن بولغۇسى.

تېخى تۆھپە ئاتاغى تىزىلماي لىنيەن راۋىقىغا،
ئۇنىڭ ئىسمى پۈتۈلدى ئالدىدا مەردلەر سارىيىغا.

خۇ يەنجونىڭ گاۋ ئەمىرگە زادى كىمنى كۆرسەتكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەللىك بەشىنچى باب

## گاۋ ئەمىرنىڭ ئۈچ قوشۇننى سەپراس قىلغانلىقى خۇ يەنجونىڭ ئاتلىق چېرىكلەردىن چاتما قاتار تۈزگەنلىكى

ئەلقىسسە، گاۋ ئەمىر خۇ يەنجودىن:

— ھەي سەردار، تۇرشاۋۇللۇققا كىمنى كۆرسەتمەكچىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— چېنجۇ ئايمىقىنىڭ قۇربېگىنى كۆرسەتمەكچىمەن تەخسىر، — دېگەن جاۋاب بىلەن سۆز باشلىدى خۇ يەنجو، — ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىزاتى خەن تاۋ، ئاستانىلىك، تەكتىدىن بەگ-سىپاھ پۇشتى؛ چىلان دەستىلىك نەيزە ئوينىتىشتا نامى چىققان، خەقلەر ئۇنى يېڭىلمەس سەردار دەپ ئاتىشىدۇ. شۇڭا، ئۇ بىرىنچى قول تۇرشاۋۇل بولۇشقا لايىق. يەنە بىر كىشى باركى، ئۇ يىنجۇ ئايمىقىنىڭ قۇربېگى، ئىسمىزاتى پېڭ چى؛ بۇ كىشىمۇ ئاستانىلىك، پۇشتىدىن لەشكەر بېشى بولۇپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى. قولىدىن ئۈچ ئۇچلۇق، ئىككى بىسلىق قىلىچ چۈشمەيدۇ، قىلىچۋازلىقتا داڭ چىقارغان، كىشىلەر ئۇنى تەڭرىكۆز سەردار دېيىشىدۇ. بۇ زات تۇرشاۋۇل ئورۇنباسارى بولۇشقا لايىق.

— ئەگەر بۇ ئىككى سەردار تۇرشاۋۇل بولسا، قاراقچىلارنىڭ زورلۇقىدىن نېمە قورقۇش، — دېدى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالغان گاۋ ئەمىر.

گاۋ ئەمىر شۇ كۈنلا ئوردا ياساۋۇللىرى مەھكىمىسىگە خەن تاۋ بىلەن پېڭ چىنى تېزدىن ئاستانىگە يۆتكەش توغرىسىدا

ئىككى پارچە ئالاقە يازدۇردى ۋە بۇ ئالاقىلەرنى بۇگۇن كېچىدىن قالدۇرماي چىڭجۇ ئايمىقى بىلەن يېنجۇ ئايمىقىغا يەتكۇزۇپ بېرىشكە ئادەم بۇيرۇلسۇن دەپ لەشكىرىي ۋازارەتكە بۇيرۇق چۇشۇردى. بەش - ئون كۇنگە قالمايلا، ئىككى سەردار ئاستانىگە بېرىپ، ئوردا ياساۋۇللىرى مەھكىمىسىدە هازىر بولدى ۋە ئەمىر هەم خۇ يەنجو بىلەن كۆرۇشتى. ئەتىسى گاۋ ئەمىر يارانلىرىنى باشلاپ مەشىق مەيدانىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىلىچۋازلىق ماھارەتلىرىنى كۆزدىن كەچۇردى. ئاندىن مەھكىمىگە قايتىپ، لەشكىرىي ۋازارەتتىكى بەگ - سىپاھلار بىلەن يېغىلىق تەييارلىقلىرى ئۇستىدە كېڭەش ئېلىپ باردى.

— قولىڭىزدىكى ئۇچ قوشۇندا جەمئىي قانچىلىك كىشى بار، — دەپ سورىدى گاۋ ئەمىر.

ئۇچ قوشۇندىكى ئاتلىقلار بەش مىڭغا يېتىدۇ. ياياق قىسىملارنى قوشقاندا تۇمەنگە بېرىپ قالىدۇ، — دەپ جاۋاب قىلدى خۇ يەنجو.

— ئۇنداق بولسا ئۇچىڭلار ئايماققا قايتىپ، ئالدى بىلەن ئۇچ مىڭ ئاتلىق، بەش مىڭ ياياق چېرىك تاللاڭلار، يولغا چىقىش ۋاقتىنى كېلىشىۋالغاندىن كېيىن لياڭشەندىكىلەرنى ئۇجۇقتۇرۇشقا قاراپ ئاتلىنىڭلار، — دېدى گاۋ ئەمىر.

— بۇ ئۇچ قوشۇندىكى ئاتلىق، ياياق چېرىكلىرىمىزنىڭ هەممىسى پۇختا ئۆگىتىلگەن، بىر - بىرىدىن خىل يىگىتلەر، ئاتلىرىمىز قاۋۇل، ئادەملىرىمىز چاققان، خاتىرجەم بولسىلا ئەمىر. بىراق دۇبۇلغا - قۇياقلىرىمىز تەل ئەمەس، شۇ ۋەجىدىن كېچىكىپ كېلىپ گۇناھقا لايىق بولۇپ قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، سەپەرگە ئاتلىنىش ۋاقتىنى يەنە بىرئاز ئۇزارتىپ بەرگەيلا تەخسىر، — دەپ ئۆتۇندى خۇ يەنجو ئېھتىرام بىلەن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى گاۋ ئەمىر، — ئۇچىڭلار ئاستا قورال - ياراغ ئامبىرىغا كىرىپ، خالىغىنىڭلارچە تاللىۋېلىڭلار، چېرىكلەر خىل، ياراغلار تەل بولسۇن، بولمىسا ياۋغا تەڭ كېلىش

تەس بولۇپ قالىدۇ، قوشۇنلار يولغا چىقىدىغان كۈنى بەگ - سىپاھ ئەۋەتىپ كۆزدىن كەچۈرگۈزىمەن.

خۇ يەنجو بۇيرۇقنى ئېلىپ، ئادەملىرى بىلەن قورال - ياراغ ئامبىرىغا قاراپ ماڭدى، ئامباردىن ئۈچ مىڭ كىشىلىك قۇياق، بەش مىڭ ئاتلىق تېرە يوپۇق، ئۈچ مىڭ كىشىلىك دۇبۇلغا، ئىككى مىڭ نەيزە، مىڭ دانە قىلىچ، سان - ساناقسىز ئوقيا، بەش يۈزدىن ئارتۇق توپ تاللىۋېلىپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھارۋىلارغا باستۇردى. يولغا چىقىدىغان كۈنى گاۋ ئەمىر يەنە ئۈچ مىڭ جەڭ ئارغىمىقىنى قوشۇپ بەردى. ئۈچ سەردارغا ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇنلار تارتۇق قىلدى. ئۈچ قوشۇنغا كېتىدىغان ئوزۇق - تۈلۈك، تەمىناتلىرىنى تولۇق تارقىتىپ بەردى. خەن تاۋ بىلەن پېڭ چىغمۇ خۇ يەنجۇنىڭكىگە ئوخشاش يېڭىلمەس سەردار دېگەن دەستەك بېرىلدى. ئۈچ سەردار ئەمدى گاۋ ئەمىر ۋە لەشكىرىي ۋازارەتتىكى بەگ - سىپاھلار بىلەن خوشلىشىپ، ئاتلىرىغا مىندى - دە، رۇننىڭ ئايمىقىغا قاراپ راۋان بولدى. يول ئۈستىدە ھېچ ئىش ئۆتۈلمىدى.

— ئىككىڭلار ئۆز ئايماقلىرىڭلارغا بېرىپ، قوشۇنلىرىڭلارنى باشلاپ كېلىڭلار، ھەممىمىز مۇشۇ يەردە جەم بولايلى، — دېدى.

يېرىم ئايغا بارمايلا، ئۈچ قوشۇن تولۇق كېلىپ بولدى. خۇ يەنجو ئاستانىدىن ئالغان دۇبۇلغا، قۇياق، نەيزە، ئەلەم، ئېگەر - جابدۇقلارنى ۋە سوقتۇرغان چاتما ھالقا، تۆمۈر قالقان، قورال - ياراغ ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۈچ قوشۇنغا ئۈلەشتۇرۇپ بېرىپ، يۈرۈش قىلىشقا تەييار بولدى. قوشۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن، گاۋ ئەمىر مەھكىمىدىن ئىككى سىپاھنى ئەۋەتتى. ئۈچ قوشۇن تارتۇقلىنىپ بولغاندىن كېيىن خۇ يەنجو قوشۇنلارنى شەھەردىن چىقىشقا قاتار قىلدى.

## نەزم

جۇپ چەۋەنداز يېپىنىپتۇ ئۈستىگە تۆمۈر قۇياق،
ئارغىماقلارغا ئېسىلغان جىڭغىراق - مىس قوڭغۇراق.



www.uyghurkitap.com

تۇغ ـ ئەلەملەر يەلپۇنۇپ قىزىل شەپەقتەك پارقىراپ،
ۋال ـ ۋۇل ئەيلەر نەيزە، شەمشەر ئاق كۆمۈشتەك يالتىراپ.
سۈرىتى بىلىق غىلاپلاردىن چىقىپ ئوقيا ئۇچى،
شىر سۈرەت ئوقدانلىرىدا پەيسىمان چەككەن ئوقى.
چۆكۈرۈپ كىيگەن تۆمۈر قالپاق يىگىتلەر بېشىغا،
باشقا ياق ھېچ دارىمايدۇ كۆزلىرىنىڭ قېشىغا،
ئارغىماقلارغا يېپىلغان چۇچىلىق قىزىل يوپۇق،
ئات تۇۋاقىدىن كۆرۈنمەس زەررىچە باشقا يوچۇق.
مۇرىسىگە پالتىلار ئارتقان ئاشۇ باشلامچىلار،
قوللىرىغا نەيزىلەر تۇتقانىدى قورۇقچىلار.
چىقتى سانسىز ئات شەھەردىن ئۇستىدە يوپۇقلىرى،
باشلىدى سۇ بويىغا مەردلەرنى چاھار سەردارلىرى.

قوشۇنلار قاتار ـ قاتار بولۇپ دەرۋازىدىن چىقتى، تۇرشاۋۇل خەن تاۋ تۇرشاۋۇل قوشۇنىنى، بارگاھ سەردارى خۇ يەنجو بارگاھ قوشۇنىنى باشلاپ ئالدىدا ماڭدى. ھىماتچى قوشۇننى بولسا پىلىڭچى باشلاپ قوشۇنلارنى كۆزىتىپ ماڭدى. ئاتلىق ـ ياياق ئۈچ قوشۇن سۈر ـ ھەيۋەت بىلەن لياڭشەن كۆلىگە قاراپ يول ئالدى.
ئەمدى لياڭشەنگە كېلەيلى. ئايغاقچىلار ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە ئۇدۇل چوڭ تۇراغا كېلىپ بۇ ئەھۋالنى يەتكۈزدى، ئوتتۇرىدا چاۋ گەي بىلەن سۇڭ جياڭ، تۆردە مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ، تۆۋەندە گۇڭسۇن شىڭ ھەزرەت ۋە باشقا ئاتامانلار چەي جىننى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن مەردلەر سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە كەچكىچە ئولتۇرۇشقانىدى. بىردىنلا:
— قوش يارما دەستىلىك خۇ يەنجو بىزنى باستۇرۇش ئۈچۈن رۇنىڭ ئايمىقىدىن لەشكەر تارتىپ كېلىۋېتىپتۇ، — دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى.
ھەممە ئاڭلاپ، شۇ ئان ياۋ بىلەن ئېلىشىش پەنتى ئۈستىدە كېڭەشتى. ۋۇ يۇڭ:

— مەن بۇ ئادەمنى ئاڭلىغاندىم، ئۇ ئەلنى باشلاپ، ئەل بىنا بولغان چاغلاردا ئەجىر - تۆھپە كۆرسىتىپ، داڭدار سەردار بولۇپ ئۆتكەن خېدۇڭلۇق خۇ يەنزەننىڭ ئۆز پۇشتى ئىمىش. ئۇ جەڭ ماھارەتلىرىگە پىششىق ئىمىش. ئۇ ئىككى يارما دەستىنى قولىغا ئالغاندا، ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىن داريالماس ئىمىش. ئۇنى بېسىپ چۇشىدىغان قابىل سەردارلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئالدى بىلەن كۈچ، ئاندىن پەنت ئىشلىتىپ ئۇنى قولغا چۇشۇرۇشىمىز كېرەك، — دېدى.

مۇشاۋىرنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا قارا قۇيۇن لى كۇي سۆز ئېچىپ:

— بۇ ئەبلەخنى مەن سىزگە تۇتۇپ بېرەي، — دېدى.

— سەن بارساڭ بولماس، — دېدى سۇڭ جياڭ، — مەن شۇنداق توغرىلىماقچىمەنكى، تېرىككەك چىن مىڭ بىرىنچى جەڭگە چۇشسۇن، قاپلانباش لىن چۇڭ ئىككىنچى جەڭگە چۇشسۇن، كىچىك لىگۇاڭ خۇا روڭ ئۈچىنچى جەڭگە چۇشسۇن، غۇنچە بوي خۇ سەننياڭ تۆتىنچى جەڭگە چۇشسۇن، قەھرلىك يوچى سۇن لى بەشىنچى جەڭگە چۇشسۇن؛ بۇ ئالدىنقى بەش سەپ خۇددى چاقپەلەكتەك پىرقىراپ بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى جەڭگە چۇشىۋەرسۇن. مەن ئۆزۈم ئون سەردارنى باشلاپ، چوڭ قوشۇن بىلەن ئارقىدىن كۆزىتىپ تۇرىمەن. سولدىن بەش سەردار — جۇ تۇڭ، لېي خېڭ، مۇ خۇڭ، خۇاڭ شىن، لۇ فاڭلار؛ ئوڭدىن بەش سەردار — ياڭ شيۇڭ، شى شيۇ، ئوۋ پېڭ، ما لىن، گو شېڭلار سەپ تارتىپ تۇرسۇن. لى جۇن، جاڭ خېڭ، جاڭ شۇن ۋە رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ بىر تۇغقان قېيىقلار بىلەن سۇ ئۈستىدە بولۇشۇشقا تەييار تۇرسۇن. لى كۇي بىلەن ياڭ لىن بولسا پىيادە قوشۇنلار بىلەن ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئىككى چەتتە مۆكۈنۈپ تۇرسۇن.

سۇڭ جياڭ يۇقىرىقىدەك ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن چىن مىڭ تۇرشاۋۇل قوشۇننى باشلاپ تاغدىن چۇشۇپ، كەڭ

www.uyghurkitap.com

تۈزلەڭلىكتە سەپ تۈزۈپ تۇردى. قىش ۋاقتى بولسىمۇ، لېكىن ھاۋا ئىللىق ئىدى. بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يىراقتىن خان لەشكەرلىرى كۆرۈندى، ھەممىنىڭ ئالدىدا يېڭىلمەس سەردار خەن تاۋ تۇرشاۋۇللارنى باشلاپ كېلىپ، لەشكەر قوشنى تىكتى. بۇ كېچىسى جەڭ بولمىدى.

ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەن ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە قارشى سەپ تۈزدى ۋە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سەردارلىرى ئۈچ مەررە دۇمباق چېلىنغاندىن كېيىن سەپ ئالدىغا كېلىپ تەخ بولۇشتى. ئات ئۈستىدە بۆرە چىش كالتىكنى توغرىسىغا تۇتۇپ تۇرغان چىن مىڭ قارشى تەرەپنىڭ سېپىگە قاراپ ماڭغاندا، تۇرشاۋۇل سەردار خەن تاۋ نەيزىسىنى توغرىسىغا قىلىپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتقىنىچە چىن مىڭغا تىل سالدى:

— ھەي ئوغرىلار، تەڭرى لەشكەرلىرى ئالدىڭلاردا تۇرسا، بالدۇرراق ئەل بولۇشنى ئويلىماقتا يوق، قارشى چىقماقچىمۇ سىلەر تېخى، بۇ ئۆلۈمنى تىلىگەنلىك ئەمەسمۇ! سەنلەرنىڭ كۆللىرىڭلارنى تىندۇرۇپ، تېغىڭلارنى تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن، ئۆزۈڭلارنى تىرىك تۇتۇپ ئاستانىگە ئېلىپ بېرىپ، تېنىڭلارنى پارە - پارە قىلدۇرۇۋېتىمەن! — دېدى.

چىن مىڭ مىجەزى چۇس ئادەم ئىدى، لېكىن لام - جىم دېمەيلا ئېتىنى قامچىلىغان پېتى بۆرە چىش كالتىكنى ئوينىتىپ، ئۇدۇل خەن تاۋغا ئېتىلدى. خەن تاۋ نەيزىسىنى تىك كۆتۈرگەن پېتى ئات قويۇپ كېلىپ چىن مىڭ بىلەن ئېلىشتى. ئىككىسى يىگىرمە نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، خەن تاۋ تەڭ كېلەلمەي، قاچاي دەپ تۇرۇشىغا، ئارقىدا تۇرغان بارگاھ قوشۇنىدىكى سەردار خۇ يەنجو خەن تاۋنىڭ چىن مىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بايقىدى - دە، قوش يارما دەستىسىنى پۇلاڭلىتىپ، ئاستىدىكى خان ئالىيلىرى ئىنئام قىلغان قار تېپەر قاغا ئارغىمىقىنى ئويناقلىتىپ، ئات كىشنىگەن، ئۆزى نەرە تارتقان پېتى مەيدانغا چۈشتى. چىن مىڭ تەييارلىنىپ، خۇ

يەنجو بىلەن ئېلىشاي دەپ تۇرۇشىغا ئىككىنچى رەتتە جەڭگە چۈشمەكچى بولۇپ تۇرغان قاپلانباش لىن چۇڭ يېتىپ كېلىپ:

— ھەي قولباش، سىز تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئۆزۈم بۇ مەرتەم ئېلىشىپ كۆرەي، ئاندىن بىر گەپ بولار، — دېدى — دە، يىلانباش نەيزىسىنى تىك كۆتۈرگىنىچە خۇ يەنجوغا ئېتىلدى. چىن مىڭ ئۆز لەشكەرلىرىنى سول ياقتىن ئەگىتىپ تاغنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ كەتتى. خۇيەنجو ئۆزى لىن چۇڭ بىلەنلا تۇتۇشتى. بۇ ئىككىسى ھەقىقەتەنمۇ بىر - بىرىگە تەڭداش ئىدى: سانجىلغان نەيزە بىلەن پىرقىرىتىلغان يارما دەستىدىن غۇنچىسىمان دۈگىلەكلەر. پىرقىرىتىلغان يارما دەستە بىلەن سانجىلغان نەيزىدىن گۈللەر ھاسىل بولاتتى. ئىككىسى ئەللىك نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. ئۈچىنچى رەت جەڭگە چۈشۈشكە سەپراس بولۇپ تۇرغان كىچىك لى گۇاڭ خۇا رۇڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇلار ئالدىغا كېلىپ:

— ھەي سەردارىم، سىز سەل ئارام ئېلىۋېلىڭ، بۇ ئەبلەخنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، ئۆزۈم تۇتمىسام ھېساب ئەمەس ! — دەپ ۋارقىرىدى.

لىن چۇڭ ئېتىنى بۇراپ كېتىپ قالدى. خۇ يەنجومۇ لىن چۇڭنىڭ نەيزىۋازلىقتا ئۈستۈن ماھارەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ ئۆز سېپىگە يانغانىدى. لىن چۇڭ ئۆز لەشكەرلىرىنى بۇرۇلدۇرۇپ تاغ ئارقىسىغا ئۆتتى - دە، خۇا رۇڭنى مەيدانغا چۈشۈشكە ئۈندىدى. خۇ يەنجونىڭ ھىماتچى قوشۇنىمۇ يېتىپ كەلدى. تەڭرىكۆز سەردار پېڭ چى ئۈچ ئۈچلۈق، ئىككى بىسلىق، تۆت كۆزلۈك، سەككىز ئۈگىلىك قىلىچىنى توغرىسىغا تۇتقىنىچە ھارماس، چېچەن، بوغۇل ئېتىنى مىنىپ مەيدانغا چۈشتى - دە، ئۈن سېلىپ:

— ھەي تۇزكور خائىن، نېمەڭگە نېمە يېتىشمەيدۇ! كەل، ئېلىشىپ باقايلى، قايسىمىز يېڭىپ چىقىمىزكىن قېنى ! — دەپ خۇا رۇڭنى قاتتىق تىللىدى.

خۇا رۇڭ قاتتىق غەزەپكە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇن - تىن چىقارماي، ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلمايلا ئۇدۇل پېڭ چىغا قاراپ ئات سالدى. ئىككىسى يىگىرمە نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، خۇ يەنجو پېڭ چىنىڭ تەڭ كېلەلمەي قالغىنىنى سەزدى - دە، ئېتىنى ئويناقلىتىپ، يارما دەستىسىنى پۇلاڭلاتقىنىچە خۇا رۇڭغا قاراپ ئېتىلدى. بۇلار ئۈچ - تۆت قېتىم ئېلىشمايلا، تۆتىنچى رەت جەڭگە چۈشۈشكە تەمشىلىپ تۇرغان غۇنچە بوي قىز خۇ سەننياڭ لەشكىرىنى باشلاپ يېتىپ كېلىپ:

— ھەي سەردارىم، سىز سەل ئارام ئېلىۋېلىڭ، بۇ ئەبلەخنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، ئۆزۈم تۇتمىسام ھېساب ئەمەس! — دەپ ئۇن سالدى خۇا رۇڭغا قاراپ.

خۇا رۇڭمۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلدى - دە، تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. پېڭ چى كېلىپ غۇنچە بوي قىز بىلەن ئېلىشا - ئېلىشمايلا، بەشىنچى رەت جەڭگە چۈشۈشكە ئىنتىلىپ تۇرغان قەھرىلىك يۈچى سۇن لى لەشكىرىنى ئاللىقاچان سەپ ئالدىدا قاتارلاپ قويدى - دە، ئات ئۈستىدە غۇنچە بوينىڭ پېڭ چى بىلەن ئېلىشىشىغا كۆز سېلىپ تۇردى. بۇ ئىككىسى شۇ تاپتا چاڭ - توزانلار چىقىرىپ تازا چاپ - چاپقا چۈشۈپ كەتكەنىدى. بىرسىنىڭ قولىدا ئۇزۇن ساپلىق قىلىچ، بىرسىنىڭ قولىدا قوش قىلىچ ئوينايتتى. ئىككىسى يىگىرمە نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، غۇنچە بوي قىز قوش قىلىچىنى ئايرىپ، ئېتىنى ئارقىغا بۇراپ كەتتى. پېڭ چى تازا يانپاشقا ئالماقچى بولۇپ، ئارقىدىن ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. غۇنچە بوي قىز قوش قىلىچىنى ئېگەرنىڭ قېشىغا ئىلىپ قويۇپ، قوينىدىن قىزىل پۆپۈكلۈك، يىگىرمە تۆت ئالتۇن ئىلمەكلىك سالمىسىنى سۇغۇرۇۋالدى ۋە پېڭ چىنىڭ ئېتى يېقىن كېلىشىگىلا، قايرىلىپ كېلىپ سالمىنى شۇنداق تاشلىدىكى، پېڭ چى ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، توشقاندەك سالمىغا چۈشۈپ، ئاتتىن يىقىلدى. سۇن لى يىگىتلىرىنى بۇيرۇۋىدى، يىگىتلەر ئوقتەك

www.uyghurkitap.com

ئېتىلىپ بېرىپ، پىلىڭ چىننى تىرىك تۇتتى. بۇنى كۆرگەن خۇ يەنجو شۇنداق بوغۇلدىكى، پىلىڭ چىننى قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ ئوقتەك ئېتىلدى، غۇنچە بوي قىز ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ خۇ يەنجو بىلەن تۇتۇشتى. خۇ يەنجو ئاچچىقىدا غۇنچە بوي قىزنى چاينىۋەتكۈدەك بولۇپ كەتتى، ئىككىسى ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، غۇنچە بوي قىزنى ئالدىراپ - تېنەپ يەڭگىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن خۇ يەنجو تىت - تىت بولۇپ: «بۇ پاسىق خوتۇن چېغىدا مەن بىلەن ئاز ئېلىشمىدى، شۇنداقمۇ قالتىس بولامدۇ!» دېدى - دە، ئۇنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئۇستىلىق ئىشلىتىپ، ئۇنى يېقىن كەلسۇن دەپ، قولىدىكى قوش يارما دەستىسىنى غاچچىدە يىغىۋالدى. بۇ چاغدا غۇنچە بوي قىزنىڭ قوش قىلىچى دەل ئۇنىڭ قورسىقىغا تاقىلىپ بېسىلىپ قالدى، خۇ يەنجو ئوڭ قولىدىكى يارما دەستىنى دەس كۆتۈرۈپ غۇنچە بوي قىزنىڭ دوققىسىغا سالدى، كۆزى ئۆتكۈر، قولى چاققان غۇنچە بوي قىز قىلىچىنى ئىككىدە كۆتۈرۈپ يارما دەستىنى توسۇۋالدى، ئۇ ئوڭ قولىدىكى قىلىچىنى يۇقىرىغا كۆتۈردى. ئۇرۇلغان يارما دەستە دەل قىلىچىنىڭ بىسىغا تەگدى - دە، جاڭ قىلغان ئاۋاز چىقىپ ئوت چاقناپ كەتتى، غۇنچە بوي قىز ئېتىنى قايرىپ ئۆز سېپى تەرەپكە كېتىپ قالدى، خۇ يەنجو ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى، قەھرلىك يۈچى سۇن لى نەيزىسىنى تىك كۆتۈرگىنىچە ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشماقچى بولدى. ئارقا قاتاردا تۇرغان سۇڭ جياڭ چەبدەس سەردارلاردىن يىگىرمىنى باشلاپ كېلىپ سەپ تارتتى. غۇنچە بوي قىزمۇ ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى.

سۇڭ جياڭ تەگرىكۆز سەردار پىلىڭ چىننىڭ تىرىك قولغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتىكى، سەپ ئالدىغا ئۆتۈپ سۇن لى بىلەن خۇ يەنجونىڭ ئېلىشىشىنى كۆزدىن كەچۈردى. سۇن لى نەيزىسىنى ئالدى ۋە قولىغا بەرتىك سايلىق،

قاپلان كۆزلۈك يارما دەستە كۆتۈرگىنىچە خۇ يەنجوغا قاراپ ئېتىلدى. بۇلار ئىككىلىسىلا يارما دەستە كۆتۈرۈپ، بىر خىل جابدۇنغانىدى: قەھرلىك يۇچى سۇن لى بېشىغا ئاچا قاشلىق سىم بۆك كىيگەن، پېشانىسىگە قىپقىزىل تاۋار ماڭلايچە تارتقان، ئۇچىسىغا چېكىم گۈللۈك قارا يېشىل تاۋار تون كىيگەن، ئۇستىگە ھەل بېرىلگەن قارا قۇياق كىيگەن، قاغا ئارغىماق مىنگەن، قولىغا بەرتىك ساپلىق، قاپلان كۆزلۈك يارما دەستە تۇتقانىدى، شۇ تۇرقىدا ئۇ يۇ چىگۈڭدىن ئېشىپ چۈشەتتى. خۇ يەنجو بولسا ئېگىز قاشلىق سىم بۆك كىيگەن، زەر گۈللۈك سېرىق تاۋار ماڭلايچە تارتقان، يۇلتۇز گۈللۈك قارا تاۋار تون كىيگەن، ئۇستىگە جۈپ گۈللۈك، تۇم قارا ساۋۇت يېپىنغان، خان ئالىيلىرى ئىنئام قىلغان قار تېپەر قاغا ئارغىماق مىنگەنىدى، ئۇنىڭ قولىدا سەككىز قىرلىق ئىككى يارما دەستە يالتىراپ تۇراتتى، سول قولىدىكىسى ئون ئىككى جىڭ، ئوڭ قولىدىكىسى ئون ئۈچ جىڭ كېلەتتى، شۇ تاپتا ئۇ بەئەينى خۇ يەنزەنگە ئوخشايتتى. ئىككىسى مەيداندا قۇيۇندەك پىرقىرىشىپ، ئوتتۇز نەچچە مەرتەم ئېلىشتى، بىنر - بىرىنى يېڭەلمىدى. سۇڭ جياڭ باركاللا ئېيتىپ قاراپ تۇراتتى، بۇنىڭ دەلىلى قىلىپ مۇنداق نەزم يېزىلىپتىكەن:

ئىككى سەردار مىنگىنى تۇلپارغا ئوخشاش ئارغىماق،
مىسلى خۇ يەنجو يۇ چىگۇڭغا تەڭ تۇرغان سىياق.
تۇچ بولۇپ كەلمىكى تەستۇر يارما دەستە قوش تاياق،
ئاقىۋەت ھەر ئىككىسى لياڭشەن سايان قويدى ئاياغ.

سەردار خەن تاۋ پېڭ چىنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھىماتچى قوشۇنغا باردى - دە، لەشكەر تارتىپ كېلىپ سەپكە قېتىلدى. باستۇرۇپ كەلمىسۇن دەپ ئەندىككەن سۇڭ جياڭ يارما دەستىسىنىڭ ئۇچى بىلەن شۇنداق ئىشارە قىلىۋىدى، ئون ئاتامان

لەشكەرلىرىنى باشلاپ توغرىسىغا ئېتىلدى. ئارقىدىكى تۆت تۈركۈم لەشكەر ئىككى ياققا بۆلۈنۈپ، يان ياقتىن قىستىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن خۇ يەنجو ئۆز لەشكەرلىرىنى ئالمان ـ تالمان قايرىپ كېيىنگە ياندى، ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئۇلارنى يېڭەلمىدى؟ چۈنكى، خۇ يەنجونىڭ لەشكىرى تامامەن چاتما قاتارلىق قوشۇن ئىدى. ئاتلارغا ساۋۇت، ئادەملەرگە قۇياق تون كىيدۈرۈلگەنىدى. ساۋۇتلار ئاستىدا، ئاتلارنىڭ تۇۋاقلىرىدىن باشقا ھېچ يېرى كۆرۈنمەيتتى؛ قۇياق تونلار ئىچىدە، ئادەملەرنىڭ بىر جۈپ كۆزىلا كۆرۈنەتتى. سۇڭ جياڭنىڭ سېپىدىكى ئاتلارغا ساۋۇت كىيدۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇ پەقەت مىس قوڭغۇراق ئېسىلغان قىزىل پۆپۈكلۈك، قىرغاۋۇل قۇيرۇقى شەكىللىك يۈز دالدىغۇچ ئىدى. بۇ ياقتىن ئېتىلغان يا ئوقىنى ئۇياقتىكى ساۋۇت توسۇۋالاتتى. ئوقيا بىلەن قوراللانغان ئۈچ مىڭ ئاتلىق لەشكەر ئوق ياغدۇرۇپ كېلىۋاتقاچقا، ئۇلارغا يېقىن كېلىش قىيىن ئىدى. شۇڭا، سۇڭ جياڭ جاڭ چالدۇرۇپ لەشكەرلىرىنى قايتۇردى، خۇ يەنجومۇ يىگىرمە نەچچە چاقىرىمچە يەرگە قايتىپ قوش ـ بارگاھ تىكتى.

سۇڭ جياڭ لەشكىرىنى قايتۇرۇپ، تاغنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە بېرىپ قوش ـ بارگاھ تىكتى. ئاندىن پېڭ چىنى كەلتۈرۈڭلار دەپ چاپارمەنلىرىنى بۇيرۇدى. سۇڭ جياڭ پېڭ چىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، لەشكەرلەرنى داجىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ باغلىقىنى ئۆز قولى بىلەن يەشتى ۋە بارگاھقا باشلاپ كىرىپ، تېگىشلىك جايلاردىن ئورۇن ئېلىشتى. سۇڭ جياڭ ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى. پېڭ چىمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەي سەردارىم، پېقىر قولغا چۈشكەن، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان بىر ئادەم تۇرسام، نېمىشقا بۇنچىۋالا ئىززەت ـ ئىكرام قىلىلا؟ — دەپ سورىدى تەزىم بىلەن.

— بىز، — دەپ سۆز ئاچتى سۇڭ جياڭ، — ئۆزىمىزنى

سىغدۇرالماي، لياڭشەن كۆلى بويىنى ۋاقتىنچە ئىگىلەپ، ۋاقتىنچە ماكان تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئادەملەرمىز، قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىمىز تولا. خان ئائىلىسىدىكىلەرى بىزنى تۇتماق ئۈچۈن جانابلىرىنى ئەۋەتىپتۇ، ئەسلىدە بىز ئەلھۆكمىللىلا دەپ بوينىمىزنى باغلاقتا تۇتۇپ بەرسەك بولاتتى. بىراق، كاللىمىز كېتەرمىكىن دەپ گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن يانماي، جانابلىرىغا قارشى تىغ كۆتۈرۈپ قويدۇق، سۆز ـ ھەيۋەتلىرىدىن ئەيمەنمەي قول ياندۇردۇق، گۇناھىمىزنى تىلەيمىز، ئەپۇ ئەتكەيلا تەخسىرىم،

ــ ھەي سەردارىم، جانابلىرىنى مەردانە، رەھىمدىل، كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولغۇچى زات دەپ ئىشىتكەنىدىم، راست ئىكەن، مەردانە زات ئىكەنلا. جانابلىرىدىن بىر قوشۇق قېنىمىنى تىلەيمەن، بۇنىڭ بەدىلىگە پادىشاھتىن گۇناھلىرىنى تىلىۋالاي، ــ دېدى پېڭ چى.

ــ بىز يارەنلەرمۇ ئۇلۇغ ئىگەمنىڭ رەھىم ـ شەپقەت ئەيلەپ ئېغىر گۇناھىمىزدىن كېچىشىنى تىلەيمىز، ئەل ئۈچۈن جېنىمىز كەتسە ئارمىنىمىز يوق، ــ دېدى سۇڭ جياڭ.

## نەزم

خانغا سادىق بوپ، ئۇ پاسىق بەگ ـ سىپاھنى ئۆچ كۆرۈپ،
بۇندا ۋاقتىنچە ماكان تۇتتۇق قېرىنداشلىق قۇرۇپ.
بولمىسا مەردلىكتە سادىق ھەممىمىزدە بىر نىيەت،
قوشۇلاتتۇقمۇ بۇ يۇز سەككىز يىگىت بىر جەم بولۇپ.

سۇڭ جياڭ تەگرىكۆز سەردار پېڭ چىنى چاۋ گەي بىلەن كۆرۈشتۇرۇپ تۇرادا قالدۇرۇپ قىلىش ئۈچۈن، شۇ كۈنلا چوڭ تۇراغا ئەۋەتتى. ئۆزى بولسا بۇ يەردە قېلىپ ئۈچ قوشۇننى ۋە ئاتامانلارنى تارتۇقلاپ، يىغىلىق ئۈستىدە كېڭەشتى. ئەمدى خۇ

www.uyghurkitap.com

يەنجوغا كېلەيلى، ئۇ چېرىكلىرىنى چېكىندۇرۇپ قوش بارگاھ قورغاندىن كېيىن لياڭشەندىكىلەرنى قانداق يېڭىش ئۈستىدە خەن تاۋ بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

— بۈگۈن بۇ ئەبلەخلەر، — دېدى خەن تاۋ، — لەشكەرلىرىمىزنىڭ قىستاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالمان - تالمان بىزگە ئېتىلدى، ئەتە ئەگەر ئاتلىق لەشكەرلىرىمىزنى ئېلىپ كېلىپ ھەممىسىنى سالىدىغان بولساق، چوقۇم ئۇلارنى گەپ يوق تىرىپىرەن قىلىۋېتىمىز.

— مەن ئاللىقاچان شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، سىزنى خەۋەردار قىلىپ قويۇش ئۈچۈن بۇ مەسلىھەتنى سالدىم، — دېدى خۇ يەنجو ۋە شۇئان بۇيرۇق چۈشۈردى:

— ئۈچ مىڭ ئاتلىق بىر سەپ بولسۇن، ھەربىر ئوتتۇز ئاتلىق چاتما قاتار قىلىنسۇن؛ ياۋ قوشۇنىغا دۈچ كەلگەندە يىراقتىن ئوقيا ئېتىلسۇن، يېقىن بارغاندا، نەيزە بىلەن توپ - توغرىسىغىلا بۆسۈپ كىرىلسۇن؛ ئۈچ مىڭ ئاتلىق چاتما قوشۇن يۈز قاتارغا بۆلۈنۈپ بېكىتىلسۇن؛ بەش مىڭ كىشىلىك پىيادە قوشۇن ئارقا تەرەپتىن بولۇشسۇن. بىز ئاۋۋال تەگمەيلى، ئىككىمىز سەپنىڭ ئارقىسىدا ھىمات بولۇپ تۇرايلى، ئەگەر ئېلىشىپ قالساق لەشكەرلەر ئۈچكە بۆلۈنۈپ باستۇرۇپ كەلسۇن. مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا جەڭگە يۈرۈش قىلماق بولدى.

سۇڭ جياڭ ئەتىسى ئاتلىقلارنى بەش قاتارغا بۆلۈپ، ئالدىنقى سەپكە ئۆتكۈزدى، ھىماتچى قوشۇننىڭ ئون سەردارى ئۇلارنى ئوراپ قوغداپ تۇردى، ئىككى ياقتا مۆكتۈرۈلگەن ئىككى قوشۇن ئوڭ ۋە سول ياقتا بۆلۈنۈپ مۆكۈندى. چىن مىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، خۇ يەنجونى جەڭگە ئۈندىدى. ئەمما، قارشى سەپتىكىلەر مەيدانغا چۈشمەي، سۇرەن - چۇقانلارنى سېلىپلا بىر خىلدا تۇرۇۋالدى. باشلامچى بەش قاتار لەشكەر خۇددى بىر تال تانابتەك سەپ ئالدىدا ھازىر بولدى. ئوتتۇرىدا چىن مىڭ، سولدا لىن

چۆك، غۇنچە بوي قىز، ئوڭدا خۇا رۇڭ، ئارقىدا سۇن لى تۇردى، سۇڭ جياڭ بىلەن بىللە ئون سەردارمۇ يېتىپ كېلىپ، لەشكەرلىرىنى قات ـ قات قىلىپ سەپكە تىزدى. قارشى سەپتە تۇرغان بىرەر مىڭچە پىيادە لەشكەرنىڭ بىرەرىمۇ مەيدانغا چىقماي، دۇمباقلىرىنى چېلىپ ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈردى. سۇڭ جياڭ بۇ ھالنى كۆرۈپ، جىككىدە گۇمانلاندى ـ دە، دەرھال ئىشارەت بىلەن: «ھىماتچى قوشۇن قايتسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋە ئۆزى ئات قويۇپ، توپتوغرا خۇا رۇڭنىڭ قاتارىغا بېرىپ كۆزىتىپ تۇردى. بىردىنلا قارشى سەپتىن گۈمبۈرلىگەن توپ ئاۋازى كەلدى، مىڭ ياياق لەشكەر بىردىنلا ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۈچ ياقتىن ئوراپ كەلگەن چاتما ئاتلىقلار بىلەن بىللە يوپۇرۇلۇپ كەلدى؛ ئۇلارنىڭ ئىككى ياقتىكىلىرى ئوق ياغدۇرۇپ، ئوتتۇرىدىكىلىرى تامامەن ئۇزۇن نەيزىلەر بىلەن ئېتىلىپ كەلمەكتە ئىدى. سۇڭ جياڭ كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈدى ۋە دەرھال لەشكەرلەرنى ئوق ياغدۇرۇشقا بۇيرۇدى، نەدىكىنى تەڭ كېلەلىسۇن. ھەربىر قاتاردىكى ئوتتۇز ئاتلىق لەشكەر بىراقلا ئېتىلىپ كەلدى، بۇ ئاتلىقلارنىڭ بىرسىمۇ چېتىقتىن ئايرىلىپ قالالمايتتى. چاتما لەشكەرلەر ھەممە ياقنى قاپلاپ، بوراندەك ئېتىلىپ كەلمەكتە ئىدى، بۇلارنىڭ قارشىسىدا تۇرغان بايىقى بەش قاتار لەشكەر ئۇلارنى يىراقتىنلا كۆرۈپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، بېشى قايغان، پۇتى تايغان ياقلارغا قېچىشتى؛ ئارقا تەرەپتىكى چوڭ قوشۇنمۇ توغرا تۇرالماي، ئۆز جانلىرىنى ئەپقېچىپ، تۇشمۇتۇشتىن قېچىشتى، سۇڭ جياڭ ئېتىنى قامچىلاپ ئۇچقاندەك قاچتى. ئون سەردار ئۇنى قوغداپ ماڭدى، ئارقىدا پايلاپ تۇرغان بىر قاتار لەشكەرلەر ئۇلارنى قوغلىشىپ ئات سالدى. قومۇشلۇق ئىچىدە مۆكۈنۈپ ياتقان لى كۈي بىلەن ياڭ لىن ئادەملىرى بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ، سۇڭ جياڭنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. ئۇلار سۇڭ جياڭنى توپتوغرا كۆل بويىغا ئېلىپ باردى، كۆل بويىدا سۇچى قوشۇننىڭ لى جۇن، جاڭ خېڭ، جاڭ

www.uyghurkitap.com

شۇن ۋە رۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۇچ بىر تۇغقان قاتارلىق ئالتە ئاتامانى جەڭ كېمە ـ قېيىقلىرىنى تەييارلاپ كۈتۈپ تۇراتتى. سۇڭ جياڭ ئىتتىك كېمىگە چۈشتى ۋە «تۇشمۇتۇشتىن بىرىپ ئاتامانلارنى قۇتۇلدۇرۇپ كېمىگە چۈشۈرۈۋېلىڭلار»، دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئاتلىقلار قاتارى ئۇدۇل چېپىپ كۆل بويىغا كېلىپ ئوق ياغدۇردى. كېمىنىڭ ياغاچ تېمى ئوقلارنى ئۆتكۈزمەي توسۇپ قالاتتى. ئۇلار كېمىنى دەرھال يازۇيتەنگە بۇراپ قىرغاقىقا يەتكۈزۈپ باردى. كۆل تۇرادا لەشكەرلەر يوقلىما قىلىندى، لەشكەرلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپى دېگۈدەك ئۆلۈپ تۈگىگەنىدى، ھېلىمۇ ياخشى ئاتامانلارنىڭ ھەممىسى ساق ئىدى؛ ئاتلىرى ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۆزلىرى ھايات قالغانىدى. بىر سائەتتىن كېيىن شى يۇڭ، شى چيەن، سۇن شىن ۋە گۇ يەڭگىلەرنىڭ ھەممىسى تاغقا قېچىپ چىقىپ:

— پىيادە چېرىكلەر بېسىپ كېلىپ، مەيخانىلىرىمىزنى تۆپتۈز قىلىۋەتتى. ئەگەر ئالدىمىزغا كېمە كەلمىگەن بولسا، بىزمۇ تىرىك قولغا چۈشكەن بولاتتۇق، — دېدى.

سۇڭ جياڭ بىر ـ بىرىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ، ئاتامانلارنى ئېبدىتلىدى، لىن چۇڭ، لېي خېڭ، لى كۇي، شى شيۇ، سۇن شىن، خۇاڭ شىن قاتارلىق ئالتە ئاتامانغا ئوق تەگكەنىدى، چاپارمەنلەردىن ئوق تەگكەنلىرىنىڭ سان ـ سانىقى يوق ئىدى. چاۋ گەي بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ۋۇ يۇڭ، گۇڭسۇن شېڭلار بىلەن تاغدىن چۈشتى ۋە ھەممىسىنى بىر ـ بىردىن سۈرۈشتە قىلدى، سۇڭ جياڭ قايغۇنى ئاچماي غەمكىن تۇراتتى.

— ئاغا، پەرىشان بولمىسىلا، ئۇرۇش دېگەندە يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ، نېمە غەم قىلاتتىلا؟ باشقىدىن ئويلىنىپ ئوبدان چارە ـ ئامال تاپساق، بۇ چاتما لەشكەرلەرنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىمىز، — دېدى ۋۇ يۇڭ كۆڭۈل ياساپ. چاۋ گەي دەرھال: «سۇچى قوشۇنغا شۇنى تاپىلاڭلاركى، تۇرا ـ قوشلاردىكى كېمە ـ قېيىقلارنى پۇختا ساقلىسۇن، سازلىق ئاغزىنى چىڭ تۇتسۇن،

ئەته ـ ئاخشامدا سەگەك بولسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋە سۆڭ
دانىشنى تاغقا چىقىپ ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى. سۆڭ جياڭ
تاغقا چىققىلى ئۇنىماي، يارىلانغان ئاتامانلارنى ئوبدان
داۋالىنىڭلار دەپ تاغقا چىقىرىۋەتتى، ئۆزى يازۇيتەندىكى تۇرادا
قالدى.

ئەمدى خۇ يەنجوغا كەلسەك، ئۇ تولۇق غەلىبە بىلەن ئۆز
قوشىنىغا قايتىپ كەلدى، ئۇ چاتما قوشۇندىكى ئاتلارنىڭ
چېتىقلىرىنى يەشتۈرۈۋەتتى، ھەممە كېلىپ تۆھپە ـ
ئەجىرلىرىنى ئىزھار قىلدى. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سان ـ سانىقى
يوق ئىدى. بەش يۈزدىن ئارتۇق ئادەم، ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئات
تىرىك قولغا چۈشۈرۈلگەنىدى. شۇئان خۇش خەۋەر ئېيتىپ
ئاستانىگە ئادەم چاپتۇردى ۋە ئۈچ قوشۇننى تارتۇقلىدى.

ئەمدى گاۋ ئەمىرگە كېلەيلى، گاۋ ئەمىر دىۋاندا ئولتۇراتتى،
بىردىنلا ئىشىكتىن:

— خۇ يەنجو لياڭشەننى ئېلىشتىن خۇش خەۋەر ئېيتىپ
ئادەم ئەۋەتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلىپ كىردى خەۋەرچى.

گاۋ ئەمىر ناھايىتى خۇرسەن بولدى. ئۇ ئەتىسى تاڭ سەھەردە
تەڭرىقۇت ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا تاۋاپ ـ تەزىمگە كىرىپ، بۇ
خۇش خەۋەرنى مەلۇم قىلدى. خۇي زوڭ ئالىيلىرى ئاڭلاپ
شۇنداق خۇش بولدىكى، ئالتۇن قەغەزگە ئورالغان شاھانە
شارابتىن ئون شىشە، بىر ياقا كىمخاب تون تارتۇق قىلدى؛
بارگاھتىكى لەشكەرلەرگە مەخسۇس بىر سىپاھتىن ئون مىڭ
تىزىق يارماق ئىنئام ئەۋەتمەكچى بولدى. گاۋ ئەمىر مۇقەددەس
يارلىقنى ئېلىپ مەھكىمىگە قايتتى ۋە دەرھال سىپاھ تەيىنلەپ
تارتۇق، ئىنئاملارنى ماڭغۇزدى.

تەڭرىقۇت ئەلچىسى كېلىدىغانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەر
تاپقان خۇ يەنجو خەن تاۋ بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىگىرمە
چاقىرىمچە كېلىپ قارشى ئالدى ۋە ئەلچىلەرنى قوش ـ
بارگاھلارغا باشلاپ كېلىپ، خان ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا

رەھمەت ـ تەشەككۈرلەر ئېيتتى، مەي ـ شارابلارنى تۇتۇپ ئەلچىلەرنى ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن كۈتۈۋالدى. خەن تۈرشاۋۇلغا قوشۇنلارنى تارتۇقلاشنى تاپشۇردى، قولغا چۈشۈرۈلگەن بەش يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى قوش ـ بارگاھلاردا تۇتۇپ تۇرۇپ، قاراقچىلارنىڭ باشلىقلىرى تۇتۇلغاندىن كېيىن ھەممىسىنى خەلقئالەم ئالدىدا سازايى قىلىش ئۈچۈن ئاستانىگە ئېلىپ بارماقچى بولدى.

— پېلىڭ قۇربېگى قانداق بولۇپ ياۋ قولىغا چۈشۈپ قالدى؟ — دەپ سورىدى ئەلچى.

— سۆڭ جياڭنى تۇتىمەن دەپ، ئىچكىرىلەپ كېتىۋېرىپ، ئاخىر قاراقچىلار قولىغا چۈشۈپ قالدى. قاراقچىلار ئەمدى بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ. پېقىر لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تاغ تۇراسىنى كۆكۇم ـ تالقان قىلىپ، كۆلنى تىندۇرۇپ، ئۆزلىرىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇۋىسىنى خانىۋەيران قىلىۋېتەي دېگەنىدىم؛ بىراق قېرىشقاندەك تۆت ئەتراپىنىڭ ھەممىسى سۇ ئىكەن، ئۆتكۈدەك يول يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ قوش ـ قاشالىرىنى يىراقتىن قارىغاندا، پەقەت توپ بىلەنلا تىرىپىرەن قىلغىلى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئاستانىدە لىڭ جېن دېگەن بىر توپچى مەرگەن بار دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئۇنى كۆك تەۋرىتەر گۈلدۈرماما دەر ئىكەن. ئۇ توپ ياساشقا ئۇستىمىش، ئۇنىڭ ياسىغان توپ ئوقى، ئون تۆت ـ ئون بەش چاقىرىم يەرگە بارارىمىش، تاش ئوق ئاسمان ـ زېمىنلارنى كۆمتۈرۈپ، تاغۇ تاشلارنى ئۆڭتۈرۈپ تاشلارمىش. ئەگەر بۇ ئادەمنى تاپساق ئىدۇق، قاراقچىلار ئۇۋىسىنى گۇمران قىلىۋېتەتتۇق. يەنە ئۇ كىشى قىلىچۋازلىق، ئوقيا ئېتىش، ئات مىنىش، نەيزە ئويىنىتىش ھۈنەرلىرى جەھەتتە كامالەتكە يەتكەنىمىش. جانابىڭىز ئاستانىگە بارغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋالنى ئەمىر ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىسىڭىز، بۇ كىشىنى بىزگە تېزدىن ئەۋەتىپ بەرسە، قاراقچىلار ئۇۋىسىنى شۇ كۈنىلا ئالىمىز، — دېدى خۇ يەنجو.

www.uyghurkitap.com

ئەلچى ماقۇل بولۇپ ئەتىسى يولغا راۋان بولدى. يولدا ھېچ ۋەقە ئۆتۈلمىدى. ئەلچى ئاستانىگە كېلىپ، گاۋ ئەمىر بىلەن كۆرۈشتى. خۇيەنجونىڭ توپچى مەرگەن لىڭ جېنىنى تەلەپ قىلىپ چوڭ ئەجىر ـ تۆھپىلەر كۆرسەتمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى ئايان ۋە بايان قىلدى. گاۋ ئەمىر ئاڭلاپ، قورال ـ ياراغ ئامبىرىنىڭ ئورۇنباسار بېگى، توپچى مەرگەن لىڭ جېنىنى چاقىرىپ كېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. لىڭ جېن ئەسلىدە يەنلىڭلىق بولۇپ سۇڭ خانىدانلىقىنىڭ داڭ چىقارغان تۇنجى توپچىسى ئىدى. خەقلەر ئۇنى كۆك تەۋرىتەر گۈلدۈرماما دېيىشەتتى. قىلىچۋازلىقتا كەلگەندە ئۇ كامالەتكە يەتكەنىدى. لىڭ جېننى تەرىپلەپ مۇنداق بىر نەزمۇ يېزىلغانىكەن:

تو پ ئوقلىرى گۈمبىرىدىن قەلئەلەر ۋەيران،
داد ـ پەرياد ئەيلىگەي ئېسىدىن شەيتان.
«ئالتۇنچاق»، «چاشمىلار»① تىترەتسە كۆكنى،
مەرگەننىڭ نامىغا قايىلدۇر جاھان.

لىڭ جېن كېلىپ گاۋ ئەمىر بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ لەشكەرلەر زەڭگى بەگلىكىگە تەيىنلەنگەنلىك دەستىكىنى ئېلىپ، يولغا چىقىش ئۈچۈن ئات ـ ئېگەر، قورال ـ ياراغلارنى راسلىدى. لىڭ جېن توپقا كېرەكلىك دورا ـ خۇرۇچلارنى، تەييارلىغان تۈرلۈك توپلارنى ۋە ئوقتاشلار بىلەن توپ جازىلىرىنى ھارۋىلارغا باستۇردى؛ قۇياق، تون، دۇبۇلغا، قىلىچ، يۇك ـ تاقلىرىنى ئالدى ۋە ئوتتۇز ـ قىرىق چېرىكنى باشلاپ، ئاستانىدىن ئايرىلىپ، لياڭشەن كۆلىگە قاراپ يول ئالدى. قارارگاھقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن باش سەردار خۇ يەنجو بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن تۇرشاۋۇل خەن تاۋ بىلەن كۆرۈشتى، كۆل تۇرانىڭ يىراق ـ يېقىن يوللىرىنى ۋە ئوي ـ چوڭقۇرىنى سورىدى. تاغ تۇرانىڭ

① «ئالتۇن چاقلىق توپ»، «چاشما توپ» دېمەكچى.

مۇھىم چوقىلىرىغا قارىتىپ كۆيدۈرگۈچ توپ، «ئالتۇن چاقلىق توپ»، «چاشما ئۇچلۇق توپ» دېگەن ئۈچ خىل توپنى ئورناتقۇزدى. ئالدى بىلەن چېرىكلەرگە توپ جازىلىرىنى رەتلەپ، كۆل بويىغا جازىلارنى ئورنىتىپ، توپلارنى ئېتىشقا تەخلەپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ يازۇيتەندىكى كىچىك تۇرادا مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ خەلپەت بىلەن سەپنى تىرىپىرەن قىلىش يوللىرى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ، نېمە قىلارنى بىلمەي ئولتۇراتتى. ئايغاقچىلاردىن بىرسى كېلىپ:

— ئاستانىدىن توپچى مەرگەن كەپتىمىش، ئۇنى كۆك تەۋرىتەر گۈلدۈرماما لىڭ جېن دەپ ئاتىشارمىش، بۈگۈن ئۇ كۆل بويىغا توپ جازىلىرىنى تىكلىتىپ، تۇرايمىزنى توپقا تۇتماقچى بوپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ھېچقىسى يوق، — دەپ سۆز باشلىدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت، — تاغ تۇرايمىزنىڭ تۆت ئەتراپى سۇ بىلەن ئورالغان، كۆل، دەريا شاخاپچىلىرى كۆپ، يەنە كېلىپ دالدا قورغان قەلئەسى كۆلدىن خېلى يىراق، ئاسماندا ئۇچىدىغان توپ بولسىمۇ مەيلى كەلسۇن، قېنى قەلئەيمىزنى قانداق چېقەلەيدىكىن؟ يازۇيتەندىكى كىچىك تۇرانى ۋاقتىنچە تاشلايمىز، قېنى ئۇلار قانداق قىلىدىكىن، شۇ چاغدا يەنە باشقىچە مەسلىھەتلىشەرمىز.

سۇڭ جياڭ شۇ ھامان يازۇيتەندىكى كىچىك تۇرانى تاشلاپ، قورغانغا قايتىپ كەلدى. چاۋ گەي، گۇڭ سۇنشېڭلار ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، مەردلەر سارىيىغا باشلاپ كىردى ۋە ئۇنىڭدىن:

— ئەمدى ياۋنى قانداق تىرىپىرەن قىلماق بولدۇق، — دەپ سورىدى. گەپ تۈگە - تۈگىمەيلا، تاغ باغرىدىن گۈمبۈرلىگەن توپ ئاۋازلىرى كەلدى. ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان ئۈچ توپ ئوقىدىن ئىككىسى كۆلگە چۈشتى، بىرى توپتوغرا بېرىپ يازۇيتەن



كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

بويىدىكى كىچىك تۇراغا چۈشتى. بۇ ھالنى كۆرگەن سۇڭ جياڭنى غەم - غۇسسە باستى، باشقا ئاتامانلارنىڭمۇ رەڭگى ئۆچتى.

— بىر كىشى بېرىپ، لىڭ جىېننى ئازدۇرۇپ كۆل بويىغا ئېلىپ كەلسە، ئاۋۋال ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرسەك، ئاندىن ياۋنى تىرىپىرەن قىلىشنىڭ ئامالىنى تاپالايمىز، — دەپ مەسلىھەت بەردى ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

— ئۇنداق بولسا لى جۈن، جاڭ خېڭ، جاڭ شۈن ۋە رۇەن ئاتلىق ئۈچ بىر تۇغقان ئالتە كىشى كېمە - قېيىق بىلەن ئىشنى مۇنداق - مۇنداق جايلىسۇن، جۇ تۇڭ، لېي خېڭلار قىرغاقتا مۇنداق - مۇنداق قىلىپ بولۇشسۇن، — دېدى چاۋ گەي.

ئەمدى گەپنى سۇچى قوشۇننىڭ ئالتە ئاتامانى ئىشنى قانداق جايلىغانلىقىدىن ئاڭلاڭلار. بۇلار بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈندى: لى جۈن بىلەن جاڭ خېڭ ئاۋۋال سۇ ئۈزۈشنى ياخشى بىلىدىغان قىرىق - ئەللىك يىگىتنى باشلاپ، تېز ئۈزەر ئىككى قېيىق بىلەن قويۇق قومۇشلۇق ئارىسىدىن غېپپىدە ئۆتۈپ كەتتى؛ ئارقىدىن جاڭ شۈن ۋە رۇەن ئاتلىق ئۈچ بىر تۇغقان قىرىق نەچچە قېيىقنى ھەيدەپ بولۇشۇشقا يېتىپ كەلدى. ئەمدى لى جۈن بىلەن جاڭ خېڭ ئۇدۇلدىكى قىرغاققا چىقىپ، توپ جازىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ چۇقان كۆتۈردى ۋە جازىلارنى ئۆرۈۋەتتى. چېرىكلەر ئالمان - تالمان لىڭ جىېنغا مەلۇم قىلدى، لىڭ جىېن ئىككى كۆيدۈرگۈچ توپنى ئېلىپ، نەيزىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئېتىغا مىندى - دە، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. لى جۈن بىلەن جاڭ خېڭ ئادەملىرىنى باشلاپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. لىڭ جىېن قومۇشلۇق بويىغا قوغلىشىپ باردى، قارىسا قىرىق نەچچە قېيىق يېپيەك تۇپتۈز قاتار بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇستىدە يۈز نەچچە سۇ لەشكىرى بار

www.uyghurkitap.com

ئىكەن. لى جۇن بىلەن جاڭ خېڭ ئالدىراپ قىيىققا چۈشۈۋېلىپ ماڭماي ئەتەي قاراپ تۇراتتى. چېرىكلەر يېتىپ كېلىش بىلەنلا ھەممىسى سەكرەپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى. لىڭ جېنىنىڭ چېرىكلىرى ئۇياقتىن كېلىپ بۇياقتىن كېمىلەرنى بۇلاپ ـ تالىغىلى تۇردى. جۇ تۇڭ بىلەن لىي خېڭ ئۇدۇلدىكى قىرغاقتا تۇرۇپ ھە دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ، دۇمباق چالماقتا ئىدى. لىڭ جېن بىر تالاي قېيىقنى ئولجا ئالغاندىن كېيىن چېرىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى قېيىقلارغا چۈشۈرۈپ چاپ ـ چاپقا ئۆتتى. قېيىقلار تازا بىر قاينامغا يېتىپ كەلگەندە، قىرغاقتا تۇرغان جۇ تۇڭ بىلەن لىي خېڭ دۇمباق جاڭلىرىنى ياڭرىتىپ چالغىلى تۇردى؛ سۇنىڭ ئاستىدىن قىرىق ـ ئەللىك سۇچى يىگىت شۇڭغۇپ چىقىپ، قېيىقلارنىڭ قۇيرۇقلىرىدىكى شىنىلارنى چىقىرىۋەتتى. قېيىقلارغا سۇ كىرىشكە باشلىدى؛ سۇدىكىلەر قېيىقلارنى ئۆرۈۋېتىپ، چېرىكلەرنىڭ ھەممىسىنى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتتى. لىڭ جېن قېيىقنى كەينىگە ئەمدىلا بۇراي دەپ تۇرۇشىغا يىگىتلەر قېيىقنىڭ قۇيرۇقىدىكى پىرقىراتقۇچنى چىقىرىۋېتىپ سۇ ئاستىغا تاشلىۋەتتى. ئىككى ياقتىن ئىككى ئاتامان شۇڭغۇپ چىقىپ، قېيىقنى يان تەرەپكە قىڭغايتىپ ئەكېلىپ، لىڭ جېن بىلەن قوشۇپلا سۇغا پاتۇرۇۋەتتى. سۇنىڭ تېگىدە رۇەن شياۋئېر لىڭ جېننى كوپ قىلىپ قۇچاقلىۋېلىپ، توپتوغرا قىرغاققا تارتىپ ئاچىقتى. قىرغاقتا ئالدىبۇرۇن ساقلاپ تۇرغان ئاتامانلار ئۇنى ئارغامچا بىلەن چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ، تاغقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. سۇ ئىچىدىن ئىككى يۈز نەچچە ئادەم قولغا تىرىك چۈشۈرۈلدى، قالغانلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك بۇرنىغا سۇ كىرىپ ئۆلدى، ئاز بىر قىسمى جېنىنى ئاران تەسلىكتە قۇتۇلدۇرۇپ كېتىشتى.

## نەزم

نېچۈك يول بېرىلەر «ئۆت!» دەپ سۇچى قوشۇنغا دەريادىن،
ساڭا بار نە ئامال باشقا توپىڭنى ئىشقا سالماقتىن.

توپىڭنى تازا گۇلدۇرلىتىپ ئېتىپ باقساڭمۇ ھەرقانچە،
سېنى غەم ـ غۇسسىگە سالدى چىقىپ دولقۇن شۇ كۆل ياندىن.

خۇ يەنجو ئاڭلاپ چېرىكلىرى بىلەن ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى، قارىسا قېيىقلارنىڭ ھەننىۋاسى يازۇيتەندىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئوقيا ئېتىشمۇ كار قىلمايتتى، ئادەملەرنىڭ بىرسىمۇ قالماي كېتىپ قالغانىدى، شۇڭا ئاچچىق يۇتماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. خۇ يەنجو بىرپەس ئاچچىق يۇتۇپ، چېرىكلىرىنى ياندۇردى ـ دە، كېتىپ قالدى. ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. ئاتامانلار كۆك تەۋرىتەر گۇلدۇرماما لىڭ جېننى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن تاغ تۇراغا ئېلىپ چىقتى ۋە ئالدىدىن بېرىپ مەلۇم قىلىشقا كىشى ئەۋەتتى. سۇڭ جياڭ تۇرادىكى ئاتامانلار بىلەن بىللە ئىككىنچى قوۋۇقتا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇ لىڭ جېننى كۆرۈپلا دەرھال بېرىپ باغلىقىنى يېشىۋەتتى ۋە ئۇنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە:

— مەن سىلەرنى شۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىڭلار دېدىممۇ، نېمىشقا زەڭگى بېگىمنى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ كەلمەيسىلەر؟ — دېدى ئارازلىنىپ.

لىڭ جېن ئۆزىنى ئۆلتۈرمىگەنلىكىگە رەھمەت ـ تەشەككۇرلەر ئېيتىپ توققۇز تەزىم قىلدى، سۇڭ جياڭ ئۇنىڭغا شاراب تۇتۇپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلدۇردى ۋە قولىدىن تۇتۇپ تاغقا باشلاپ چىقتى. لىڭ جېن چوڭ تۇراغا چىقىپ، پېڭ چىنىڭ ئاتامانلار قاتارىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ لام ـ جىم دېمىدى.

— چاۋ گەي بىلەن سۇڭ جياڭ ئىككى ئاتامانىمىز تەڭرى يولىنى تۇتۇپ، ئۆز ئەتراپىغا باتۇرلارنى توپلاپ، ئەلگە ئەجىر كۆرسىتىش نىيىتىدە ئەل بولۇشنىلا كۈتۈپ يېتىپتۇ. بۇ يەرگە كەلگىنىكەنمىز، ھەققە بويسۇنمىقىمىز كېرەك، — دېدى پېڭ چى كۆڭۈل ياساپ.

سۇڭ جياڭ ئەمدىلا گەپ قىستۇراي دەپ تۇرۇشىغا لىڭ جېن

جاۋاب قايتۇرۇپ:

— پېقىر بۇ يەردە تۇرساممۇ ھېچقىسى يوق، بىراق قىبرى ئانام بىلەن خوتۇنۇم ئاستانىدە، ئەگەر بۇنى بىرەرى ئۇقۇپ قېلىپ مەلۇم قىلىپ قويسا، بىچارە ئانام بىلەن خوتۇنۇمنى دارغا ئېسىشىدۇ، ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق ! — دېدى.

— خاتىرجەم بولسىلا تەخسىر، يېقىن ئارىدا ئالدۇرۇپ كېلىمىز، — دېدى سۈك جياڭ.

— ئەگەر ئاتامانلىرىمىز مۇشۇنداق غەمخورلۇق قىلسا، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق، — دېدى لىك جېن رەھمەت ئېيتىپ.

— ئەمدى زىيابەت داستىخىنى سېلىپ، مۇبارەك مەرىكىسى ئۆتكۈزەيلى، — دېدى چاۋ گەي.

ئەتىسى مەردلەر سارىيىغا بارلىق ئاتامانلار يىغىلىشتى. مەي - شاراب ئىچىش ئارىلىقىدا، سۈك جياڭ ھەممىسى بىلەن چاتما قوشۇننى قانداق قىلىپ تىرىپىرەن قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەر ئېلىپ باردى. ھېچبىر ياخشى ئامال تېپىلماي تۇرغان بىر پەيتتە، چىپار قاپلان تاڭ لۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— پېقىر ناقابىل كىشى بولساممۇ، بىر پەنتنى ئېيتىپ باقاي. شۇنداق بىر ياراغ باركى، بۇ ياراغنى مېنىڭ بىر ئاغاملا بىلىدۇ، بۇنىڭسىز بۇ چاتما قوشۇننى تىرىپىرەن قىلغىلى بولمايدۇ.

— ئەزىز ئىنىم، ئېيتقىنچۇ قېنى، ئۇ قانداق ياراغ ئىكەن؟ سىزنىڭ ئۇ ئاغىڭىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

تاڭ لۇڭ ئالدىرىماي - تەمتىرىمەي، قولىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە ئالدىغا كېلىپ، بۇ ياراغ بىلەن ھېلىقى ئادەمنى ئايان ۋە بايان قىلدى. ئەيىۋھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس ! تۆت - بەش ئاتامان ئەمدى توپتوغرا ئاستانىگە قاراپ يول ئالۇر، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر ئەمدى بىتچىت بولۇر. بۇ خۇددى مەرۋايىت تەختتىن

ھىيلە بىلەن يەككە مۇڭگۈزنى تۇتقاندەك، ئالتۇن راۋاقتىن مىكىر بىلەن ئارسلاننى تۇتقاندەك ئىش بولغۇسى! تاڭ لۇڭنىڭ زادى قانداق ياراغنى، قايسى كىشىنى ئايان ۋە بايان قىلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئەللىك ئالتىنچى باب

## ۋۇ يۇڭنىڭ شى جيەننى قوياق ئوغرىلاشقا ئەۋەتكەنلىكى تاڭ لۇڭنىڭ شۇ نىڭنى گوللاپ تاغقا ئېلىپ چىققانلىقى

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا تاڭ لۇڭ ئاتامانلارغا:

— پېقىر ئاتا - بوۋامدىن تارتىپ قورال - ياراغ ياساش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن ئادەممەن. ئاتام رەھمەتتى ئۇستا ھۈنەرۋەن ئىدى، ئۇنى پېشقەدەم باسقاقبەگ ئۇچرىتىپ قېلىپ، يەنئەندە تۇرا بەگلىككە تەيىنلىگەنىدى. بۇرۇنقى پادىشاھلىقلار چاتما قاتار لەشكەر بىلەن جەڭدە غەلىبە قىلالايتتىكەن. سەپنى تىرىپىرەن قىلىش ئۇچۇن ئىلمەك نەيزە ئىشلەتمەي بولمايدۇ، بۇنىڭ ئاتا - بوۋامدىن قالغان نۇسخىسى بار، ئەگەر سوقمىدىغان بولساق، ھازىردىن باشلاپ تۇتۇش قىلىشقا بولىدۇ. پېقىر ئۇنى سوقۇشنى بىلسەممۇ، ئىشلىتىشنى بىلمەيمەن. مېنىڭ بىر نەۋرە ئاغام بار، ئۇنى پەقەت شۇلا ئىشلىتىشنى بىلىدۇ. بۇ نەيزىۋازلىقنىڭ يوللىرىنى ئۇ ئاتا - بوۋىسىدىن ئۆگەنگەن، ئۇنى باشقىلارغا ئۆگەتمىگەچكە، ئاشۇ مەشقاۋۇل ئاغامدىن باشقا ئادەملەر بىلمەيدۇ. مەيلى پىيادە ياكى ئاتلىق جەڭ قىلغاندا بولسۇن، ئۇنى ئىشلەتكىلى بولىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆز قائىدە - يوللىرى بار، ئۇنى پىرقىرىتىپ ئوينايدىغان بولسا، دەرۋەقە ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى باغلىنىپ قالىدۇ! — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگىمەيلا، لىن چۇڭ:

— ئۇ ئادەم زەر نەيزىۋازلار ئۇستازى بولۇپ تۇرغان شۇ نىڭ بولمىغاي يەنە؟ — دەپ سورىدى.

— دەل شۇ ئادەم، — دېدى تاڭ لۇڭ.

— بۇنى دېمىگەن بولساڭ، — دېدى لىن چۇڭ، — ئېسىمگە كەلمەيتتىكەن. زەر نەيزە ۋە ئىلمەك نەيزە ئىشلىتىش ھۈنىرىدە دەرۋەقە جاھاندا شۇ نىڭغا يېتەلەيدىغان كىشى يوق. ئاستانىدىكى ۋاقتىمدا مەن ئۇنىڭ بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇراتتىم، بىر - بىرىمىزنى سىنىشىپ تۇراتتۇق، بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەت قىلاتتۇق ۋە ياخشى كۆرەتتۇق. شۇغىنىسى ئەمدى ئۇنى تاغقا قانداق ئاچىققىلى بولار؟

— شۇ نىڭدا ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان بىباھا تەۋەررۇك بىر نەرسە بار، — دېدى تاڭ لۇڭ، — بۇ شۇ جەمەت ئۈچۈن ئەڭگۈشتەر. بىلىشىمچە ئاتام بىلەن ئاستانىگە كىچىك ئانامنى يوقلاپ بارغان چاغلىرىمدا ئۇنى كۆپ كۆرگەنىدىم. ئۇ تۇرنا پېيىدىن ياسالغان چەمبىرىكى بار بىر زەر قۇياق ئىدى. ئۇ كىيمەككە يېنىك ھەم پۇختا، ئۇنىڭغا ئوق، قىلىچ، نەيزە ئۆتمەيدۇ، شۇڭا خەقلەر ئۇنى «سۆسەردىن ئېشىپ چۈشىدىغان قۇياق» دەپ ئاتىشاتتى. نۇرغۇن ئېسىلزادىلەر ئۇنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئاغام ئۇنى زادىلا كۆرسەتمىگەن. ئۇ بۇ قۇياقنى ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدۇ؛ ئۇنى كۆن قاپقا سېلىپ ئۆزى ياتىدىغان ئۆينىڭ لىمىغا ئېسىپ قويىدۇ. ئەگەر بۇ قۇياقنى قولغا چۈشۈرۈۋالساق، ئۇنىڭ تاغقا چىقماي نېمە ئىلاجى؟

— ئۇنداق بولسا، ئۇ ھېچقانچە تەس ئىش ئەمەسقۇ؟ — دېدى ۋۇ يۇڭ، — بۇ يەردە قولى چاققان ئىنىمىز تۇرۇپتۇغۇ، بۇنى ئاشۇ ناغرا بۈرگىسى شى چيەن جۈندەپ كەلسۇن.

— مېنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنىم، — دېدى شى چيەن دەرھال ماقۇل بولۇپ، — ئۇ نەرسە شۇ يەردە بارمىدۇ؟ ئەگەر دېگەندەكلا شۇ يەردىلا بولسا، ئۇنى قانداقلا بولمىسۇن قولغا چۈشۈرىمەن.

— ئەگەر سەن قۇياقنى ئوغرىلاپ كېلەلىسەڭ، ئۇنى گوللاپ تاغقا ئاچىقىشنى مەن ھۆددىگە ئالىمەن، — دېدى تاڭ لۇڭ.

— سىز قانداق يول بىلەن گوللاپ ئۇنى تاغقا ئاچىقماقچى سىز؟ — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.

تاڭ لۇڭ سۇڭ جياڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى شىۋىرلىدى، سۇڭ جياڭ كۈلۈپ:

— بەللى نېمىدېگەن ئەپچىل پەنت بۇ! — دېدى.

— يەنە ئۈچ ئادەم كېرەك، — دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت، — ئۇلارمۇ ئاستانىگە بېرىپ كەلسۇن. ئۇلارنىڭ بىرسى ئاستانىدىن پوجاڭزا، دورا ـ خۇرۇچ ۋە توپقا ئىشلىتىلىدىغان ئوق ـ دورا ئەكەلسۇن؛ ئىككىسى زەڭگى بەگ لىڭ جىنىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى تاغقا ئېلىپ چىقسۇن.

— ئەگەر بىرەر ئادەم يىڭجۇ ئايمىقىغا بېرىپ پېقىرنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىمنى تاغقا ئېلىپ چىقسا، مەن ئۇچۇن كاتتا مېھىر ـ شەپقەت قىلغان بولاتتى، — دېدى ئىلتىجا بىلەن پېڭ چى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، قورىبېگىم، — دېدى سۇڭ جياڭ، — ئىككىڭلار خەت يېزىڭلار، مەن ئادەم ئەۋەتەي.

سۇڭ جياڭ ياڭ لىننى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە خەت ـ چەكلەرنى ئېلىپ، خىزمەتكارلار بىلەن يىڭجۇ ئايمىقىغا بېرىپ، پېڭ چى سەردارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئەكېلىشنى؛ شۆ يۇڭنىڭ چامباشچىلىق بىلەن دورا ساتقۇچى سىياقىدا ياسىنىپ بېرىپ، ئاستانىدىكى لىڭ جىنىنىڭ بالىچاقىلىرىنى ئەكېلىشنى؛ لى يۈننىڭ سودىگەر سىياقىدا ياسىنىپ بېرىپ، ئاستانە بازىرىدىن پوجاڭزا، دورا ـ خۇرۇچلار ئەكېلىشنى؛ لېي خېڭنىڭ تاڭ لۇڭ بىلەن بىللە بېرىشىنى ۋە بېرىپ ـ كېلىشتە شۆ يۇڭغا ھەمراھ بولۇشىنى بۇيرۇدى. ئاۋۋال شى چيەننى تاغدىن ئۇزاتتى، ئاندىن تاڭ لۇڭنى بىر دانە ئىلمەك نەيزىنىڭ نۇسخىسىنى سوقۇپ چىقىشقا بۇيرۇدى، لېي خېڭ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈستىدە نازارەت قىلدى، بۇرۇنىسىدا لېي خېڭنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىمۇ تۆمۈرچى ئىدى. تاڭ لۇڭ ئىلمەك



www.uyghurkitap.com

نەيزىنىڭ نۇسخىسىنى سوقۇپ چىققاندىن كېيىن تاغ تۇرادىكى قورال ـ ياراغ ياسايدىغان تۆمۈرچىلەرگە شۇ نۇسخىغا قاراپ ئىلمەك نەيزە سوقۇش تاپشۇرۇلدى. لېي خېڭ نازارەت قىلدى، بۇ گەپ بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. چوڭ تۇرادا ياڭ لىن، شۆ يۇڭ، لى يۈن، لې خې، تاڭ لۇڭلارغا ئۇزىتىش زىياپىتى بېرىلدى، ئۇلار خوشلىشىپ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. ئەتىسى يەنە دەي زۇڭ بىلەن ئىشىنىڭ ئۇچۇر ـ سىرتىقىنى ئېلىشقا يولغا سېلىنىدى، بىراق بۇنى سۆزلەپ كەلسەك گەپ تولا، بۇ گەپلەرمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى شى چيەنگە كېلەيلى، ئۇ لياڭشەن كۆلىدىن ئايرىلىپ يېنىغا قورال ـ ياراغلىرىنى تىقىۋېلىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى كۆتۈرگىنىچە يولغا چىقتى، ئۇ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئاستانىگە كېلىپ، بىر سارايغا چۈشتى. ئەتىسى شەھەرگە كىرىپ كىشىلەردىن زەر نەيزىۋازلار ئۇستازى شۇ نىڭنىڭ ئۆيىنى سۈرۈشتۈردى، بىر كىشى ئۇنىڭغا:

— لەشكەرگاھ ئىچىگە كىرسىڭىز كۈنچىقىش تەرەپتىكى بەشىنچى قارا سىرلىق يان ئىشىك شۇ، — دېدى.

شى چيەن لەشكەرگاھ ئىچىگە كىرىپ ئاۋۋال ئالدى ئىشىكنى كۆرۈۋېلىپ، ئاندىن بۇرۇلۇپ ئارقا ئىشىككە قارىدى، قارىسا ئەتراپتا ئېگىز تام، تام ئىچىدە ئىككى ئېغىزلىق بىر چاققان بالىخانا كۆرۈندى، يان تەرەپتە بولسا تامغا تىرەپ قويۇلغان بىر تۈۋرۈك تۇرۇپتۇ. شى چيەن بۇلارنى ئوبدان كۆرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوشنىسىدىن:

— شۇ ئۇستام ئۆيدە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ئىشقا كەتكەنچە تېخى قايتىپ كەلمىدى، — دېدى بىر كىشى جاۋابەن.

— قاچان قايتىپ كېلىدىكەن؟ — دەپ سورىدى شى چيەن يەنە.

— كەچتە قايتىپ كېلىدۇ، سۇبھى ۋاقتى بىلەن ئىشقا ماڭىدۇ، — دېدى ھېلىقى كىشى.

www.uyghurkitap.com

ــ سىزنى ئاۋارە قىلدىم، كەچۇرگەيسىز! ــ دېدى شى چيەن ۋە سارايغا قايتىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يېنىغا تىقىۋېلىپ سارايۋەنگە:

ــ مەن بۇگۇن قايتىپ كېلەلمەيمەن ئېھتىمالىم، ئۆيگە قاراپ قويارسىز، ــ دەپ تاپىلىدى.

ــ خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ، ھېچنېمە بولمايدۇ، ــ دېدى سارايۋەن.

شى چيەن يەنە شەھەرگە كىرىپ، كەچلىك تائامنى يەپ بولۇپ، زەر نەيزىۋازلار ئۇستازى شۇ نىڭنىڭ ئۆيگە قاراپ ماڭدى، ئەتراپقا قارىسا، پاناھلىنغۇدەك بىرەر ئەپلىك جاي كۆرۇنمىدى. قاراڭغۇ چۇشكەندە شى چيەن لەشكەرگاھ ئىچىگە غىپپىدە كىرىۋالدى. بۇ قىش كۇنلىرىدىكى ھاۋا سوغۇق، قاراڭغۇ كېچە ئىدى. شى چيەن بۇ چاغدا زېمىن مەبۇدىسى بۇتخانىسىنىڭ ئارقىسىدىكى يوغان بىر ئارچا دەرىخىنى كۆرۇپ قالدى. ئۇ ئۇنىڭغا يامىشىپ ئىككى پۇتى بىلەن دەرەخنى چىڭ قىسقىنىچە سۇرۇلە ـ سۇرۇلە ئۇچىغا چىقىپ بىر شاخقا ئولتۇرۇۋالدى. شۇ يەردە جىممىدە ئولتۇرۇپ شۇ نىڭنىڭ ئۆيگە قايتقانلىقىنى، لەشكەرگاھنىڭ ئىككى خىزمەتچىسىنىڭ پانۇس كۆتۇرۇپ چىقىپ ئۇنى ئىشىكتىن كىرگۇزۇۋەتكەندىن كېيىن، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. پەشتاقتىن ئەل ئايىغىنى بېسىلدۇرۇشقا ئۇرۇلىدىغان بىرىنچى تاكتاك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاسماننى سوغۇق ۋە بۇلۇت قاپلاپ، يۇلتۇزلار خىرە كۆرۇنەتتى، چۇشۇۋاتقان شەبنەم ئاستا ـ ئاستا ئاق قىروۋغا ئايلاندى، لەشكەرگاھنىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىدى، بۇ چاغدا شى چيەن دەرەختىن چۇشۇپ شۇ نىڭنىڭ ئارقا ئىشىكىگە كەلدى ـ دە، ھېچ ھەشەمسىزلا تامدىن يامىشىپ ئۆتتى. قارىسا ئۇ كىچىككىنە بىر ھويلا ئىكەن. شى چيەن ئاشخانا يېنىغا كېلىپ، مارىلاپ قارىسا ئاشخانىدا چىراغ يورۇپ تۇرۇپتۇ، ئىككى دېدەك بىرنېمىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپتۇ. شى

چيەن تامغا تىرەپ قويۇلغان تۇۋرۇككە ئېسىلىپ، تۆپىسىگە چىقتى، ئاندىن روجەك تاختىسىدا تۇگۇلۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ، بالىخانىنىڭ ئىچىگە كۆز تاشلىدى، ئۆينىڭ ئىچىدە زەر نەيزىۋازلار ئۇستازى شۇ نىڭ ئۆز خوتۇنى بىلەن ئوچاق تۇۋىدە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ ئوت سۇنۇۋېتىپتۇ، خوتۇنىنىڭ قۇچىقىدا ئالتە ـ يەتتە ياشلىق بالا يېتىپتۇ، شى چيەن ئۆينىڭ ئىچىگە يەنە كۆز يۈگۈرتتى، دەرۋەقە لىمدا يوغان بىر كۆن قاپ، ئىشىك يېنىدىكى تامدا بىر ئوقيا، بىر يان قىلىچ؛ كىيىم ئاسقۇچقا رەڭگارەڭ كىيىم ـ كېچەكلەر ئېسىقلىق تۇرغانلىقى كۆزگە چېلىقتى. شۇ نىڭ:

— ھەي دېدەك، مېنىڭ كىيىملىرىمنى قاتلاپ يىغىشتۇرۇپ بەرگىن، — دېدى تۇۋلاپ.

شۇ ئەسنادا بىر دېدەك كىرىپ، يان تەرەپتىكى شىرەدە ئاۋۋال بىر سۆسۈنە كەشتە ياغلىقنى قاتلىدى، ئاندىن كېيىن يېشىل ئەستەرلىك بىر يەكتەكنى ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى رەڭگارەڭ كەشتىلەنگەن ئېتەكلىكنى، رەڭدار كىمخابتا تىكىلگەن بىر دانە بويۇن دالدىغۇچنى، بىر دانە قىزىل ـ يېشىل كەمەر ۋە بىر دانە قول ياغلىقنى بىر بوغجۇمىغا يۆگىدى؛ يەنە بىر سېرىق ياغلىققا بىر جۈپ قۇندۇز قويرۇقى ۋە لىزى گۈلى كەشتىلەنگەن بىر دانە زەپىران رەڭ بەلباغنىمۇ تۇگدى ۋە ئۇنىمۇ بوغجۇمىغا سېلىپ، كىيىم قاقلىغۇچ ئىچىگە سالدى. شى چيەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق يادىغا ئېلىۋالدى. ئەلياتقۇ ۋاقىتتىن كېيىن شۇ نىڭ يوتقان سېلىپ ياتماقچى بولدى، خوتۇنى:

— ئەتە ئوردىغا بارامدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— ئەتە پادىشاھ ئەجدىھا سارىيىغا قەدەم تەشرىپ قىلماقچى، مەن ئەتە سۈبھى ۋاقتى بىلەن تۇرۇپ، ئۇ يەردە تەييار بولۇشۇم كېرەك، — دېدى شۇ نىڭ.

— غوجام ئەتە سۈبھى ۋاقتى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشقا ماڭماقچى، — دېدى خوتۇنى دېدەكلىرىگە تاپىلاپ، — سىلەر تۆت

نىسپىدىن كېيىن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، سۇ قاينىتىپ غىزا تەييارلاڭلار.

شى چيەن كۆڭلىدە: «ئاشۇ كۆن قاپنىڭ ئىچىدە قۇيياق بارلىقى ئېنىق. ئۇنى تۈن نىسپىدە قولغا چۈشۈرسەم ياخشى بولاتتى. ئەگەر تۇيدۇرۇپ ئىش تېرىپ قويسام، ئەتە شەھەردىن چىقالماي ئۇلۇغ ئىشقا دەخلى يەتكۈزۈپ قويارمەنمۇ؟ ··· سۈبھى بىلەن ئۇنى قولۇمغا چۈشۈرسەم ئاندىن كېچىكمەيمەن» دەپ ئويلىدى.

شۇ نىڭ خوتۇنى بىلەن كاتقا چىقىپ يېتىپ قالدى، ئىككى دېدەكمۇ ئىشىك ئالدىدا ئورۇن ـ كۆرپە سېلىپ ياتتى. لېكىن ئۆيدىكى شىرەدە تۇرغان چىراغ تېخى يېنىپ تۇراتتى. بەشىلىسى ئۇخلاپ كەتتى. ئىككى دېدەك كەچكىچە شاپاشلاپ خىزمەت قىلغاچقا قاتتىق ھېرىپ، تېخىمۇ قاتتىقراق ئۇخلاپ كەتتى. شى چيەن يەرگە سىيرىلىپ چۈشۈپ، يېنىدىن بىر تال قومۇش نەيچە چىقىرىپ، ئۇنى روجەكنىڭ كۆزىدىن كىرگۈزۈپ بىرلا پۈۋلىۋىدى، چىراغ ئۆچتى. تۈن نىسپىدە شۇ نىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، دېدەكلەرنى سۇ قاينىتىڭلار دەپ ئويغاتتى. ئۇلار ئويغىنىپ قارىسا، ئۆينىڭ ئىچىدە چىراغ كۆرۈنمىدى، ئۇلار:

— ۋىيەي، بۈگۈن كېچە چىراغنىڭ ئۆچۈپ كەتكىنىنى! — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئارقىغا بېرىپ چىراغ ئەكەلمەي نەۋاقىچە قاراپ تۇرىسىلەر! — دېدى شۇ نىڭ.

دېدەك قىزلار ئىشىكنى ئېچىپ بالىخانىدىن چۈشۈپ كەتتى. شى چيەن بۇنى ئاڭلاپ غىپپىدىلا تۇۋرۇكتىن چۈشۈپ ئارقا ئىشىكنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنۈۋالدى. شى چيەن دېدەكنىڭ ئارقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ كوچا ئىشىكنى ئېچىشقا ماڭغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئاشخانىدىكى شىرەنىڭ تېگىگە كىرىۋالدى. دېدەك چىراغ ئەكېلىپ بىر قارىۋېتىپ ئىشىكنى ياپتى ـ دە، ئوچاققا ئوت ياقتى. يەنە بىر دېدەك قىزمۇ بالىخانىغا چىقىپ ئوچاققا ئوت

قالدى. بىر ھازادىن كېيىن سۇ ئىسسىدى، ئۇنى داس بىلەن ئۇستىگە ئاچىقتى، شۇ نىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئاز ـ پاز ئىلمىتقان مەي كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. دېدەكلەر ناشتىلىق تەييارلىدى، شۇنىڭ ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن سىرتتىكى خىزمەتكارلارغا غىزا ـ تائاملار بېرىشنى بۇيرۇدى. شى چيەن شۇ نىڭ بالىخانىسىدىن چۈشۈپ، تائام يەپ بولغان چاپارمەنلىرىگە بوغچۇمىنى كۆتۈرتۈپ، زەر نەيزىسىنى تۇتقىنىچە تالاغا ماڭغانلىقىنى بىلدى. ئىككى دېدەك چىراغ كۆتۈرۈپ غوجىسىنى ئۇزىتىپ قويدى. بۇ چاغدا شى چيەن شىرەنىڭ تېگىدىن بالىخانىغا چىقىپ، توسمىنىڭ قىرغىقى بىلەن لىمغا ئۆتتى ـ دە، ئۇ يەردە بېغىرلاپ يېتىۋالدى. ئىككى دېدەك ئىشىكلەرنى يەنە بۇرۇنقىدەك تاقاپ، چىراغنى ئۆچۈردى، ئاندىن ئۇستىگە چىقىپ كىيىملىرىنى سېلىپ يېتىپ قالدى.
شى چيەن دېدەكلەرنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلىپ، يېنىدىن قومۇش نەيچىنى چىقاردى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن چىراغنى بىرلا پۈۋلىۋىدى، چىراغ يەنە ئۆچۈپ قالدى. شى چيەن كۆن قاپنى لىمدىن ئاۋايلاپ يېشىپ، تۆۋەنگە چۈشمەك بولغاندا، شۇ نىڭنىڭ خوتۇنى ئاۋازنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ:
— ھەي، لىمدا چىقىۋاتقان نېمىنىڭ ئاۋازى؟ — دەپ دېدەكلەرنى چاقىردى.
شى چيەن چاشقاندەك كىسىر ـ كىسىر چىرقىرىدى.
— خېنىم ئاڭلىمايۋاتامىلا، چاشقان چىرقىراۋاتامدۇ؟ چاشقانلار سوقۇشۇپ قالغىچقا، شۇنداق كىسىرلاۋاتىدۇ، — دېدى دېدەكلەر.
شى چيەن چاشقانلار سوقۇشۇۋاتقاندەك چىرقىرىۋېتىپ، لىمدىن سىيرىلىپ پەسكە چۈشتى ـ دە، ئاستاغىنا بالىخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، كۆن قاپنى كۆتۈرگىنىچە بالىخانىدىن چۈشتى، ئاندىن ئۇدۇل تالاغا چىقىپ لەشكەرگاھنىڭ ئىشىكىگە كەلدى، تۈن نىسپى بىلەن تەڭ لەشكەرگاھنىڭ ئىشىكى

www.uyghurkitap.com

ئېچىلىپ، نۆۋەتچىلەر چىقىشقا باشلىدى، شى چيەن كۆن قاپنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ئادەملەر ئارىسى بىلەن سىرتقا چىقىپ ئۇدۇل شەھەر سىرتىدىكى سارايىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ تېخى تاڭ ئاتمىغان بىر ۋاقىت ئىدى. شى چيەن سارايىنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ ئاچقۇزدى، ئۇ يەردىكى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بىر ئەپكەش قىلىپ تېڭىپ، ئاندىن ئۆي پۇلىنى تۆلىدى ـ دە، ئەپكىشىنى كۆتۈرگىنىچە سارايدىن چىقىپ، كۇنچىقىش تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

قىرىق چاقىرىمدىن ئارتۇق يول باسقاندىن كېيىن بىر ئاشخانىغا كىرىپ تائام تەييارلاتتى. بۇ چاغدا بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. شى چيەن قارىسا ئۇ باشقا ئادەم ئەمەس، يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭ ئىكەن. دەي زۇڭ شى چيەننىڭ ھېلىقى نەرسىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىككىسى بىرنەچچە ئېغىز پىچىرلاشتى، دەي زۇڭ:

— مەن ئاۋۋال قۇياقنى تاغ تۇراغا يەتكۈزۈپ تۇراي، سىز تاڭ لۇڭ بىلەن ئارقامدىن ئاستا كېلەرسىز، — دېدى.

شى چيەن كۆن قاپنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن تۇرنا پېيىدىن ياسالغان زەر قۇياقنى ئېلىپ بىر بوغجۇمىغا ئورىدى، دەي زۇڭ ئۇنى يېنىغا تېڭىۋېلىپ، ئاشخانىدىن چىقتى ـ دە، يەل تاپانلىق كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ لياڭشەن كۆلىگە قاراپ يول ئالدى.

شى چيەن قۇرۇق كۆن قاپنى كۆرۈنىدىغان قىلىپ ئەپكەشكە باغلاپ قويدى، ئۇ ئاندىن تاماق يەۋېلىپ، تاماق پۇلىنى تۆلىگەندىن كېيىن ئەپكەشنى كۆتۈرگىنىچە ئاشخانىدىن چىقىپ يولغا چۈشتى. ئۇ يىگىرمە چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن يولدا تاڭ لۇڭغا ئۇچرىشىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى مەيخانىغا كىرىپ مەسلىھەتلەشتى. تاڭ لۇڭ:

— سەن مۇنۇ يول بىلەن مېڭىۋەرگىن، يول ئۈستىدىكى مەيخانا، ئاشخانا ۋە سارايلارنىڭ ئىشىكىدە ئاق بور بىلەن سىزىلغان يۇملاق بەلگە كۆرۈنسە، ئۇلارغا كىرىپ مەي ـ

شارابلارنى ئىچ، گۆش ـ تائاملارنى يە. ساراي بولسا كىرىپ ئارام ئال. بۇ كۆن قاپنى كىشلەرگە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان جايغا قويۇپ قويغىن. بۇ يەرگە بىر مەنزىل كېلىدىغان جايغا بېرىپ مېنى كۈتۈپ تۇرغىن، ــ دېدى.

شى چيەن تاڭ لۇڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يۈرۈپ كەتتى. تاڭ لۇڭ بىر پەس مەي ئىچىپ، ئاستانىگە قاراپ يول ئالدى.

ئەمدى شۇ نىڭغا كېلەيلى، تاڭ يوروغاندىن كېيىن ئىككى دېدەك ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، بالىخانىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرۇپتۇ، تۆۋەندىكى ئوتتۇرا ئىشىك ۋە دەرۋازىلارمۇ ئوچۇق تۇرۇپتۇ، ئۇلار ئالمان ـ تالمان ئۆيگە كىرىپ قارىدى، قارىسا ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا ئىكەن، ئۇلار بالىخانىغا چىقىپ خېنىمغا:

ــ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسى ئېچىلىپ كېتىپتۇ، نېمە بولغانلىقىنى ئۇقالمىدۇق، بىراق نەرسە ـ كېرەك ساق ئىكەن، ــ دېدى.

ــ سۇبھى ۋاقتىدا لىمدا بىر خىل ئاۋاز چىقىۋىدى، سورىسام سىلەر چاشقانلار سوقۇشۇۋاتىدۇ دېگەنتىڭلارغۇ، كۆن قاپقا قاراپ بېقىش، ساقمىكىن، ــ دېدى خېنىم.

ئىككى دېدەك بېرىپ قارىۋېتىپ:

ــ ۋاي ئاتىمەي، كۆن قاپ يوق، نەگە كەتكەندۇ! ــ دەپ زارلاندى.

خېنىم بۇنى ئاڭلاپ ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ چاپسان ئادەم تېپىڭلار، ئەجدىھا سارىيىغا بېرىپ غوجامغا خەۋەر قىلسۇن، غوجام بالدۇرراق قايتىپ كېلىپ ئۇنى ئىزدەتسۇن! ــ دېدى.

دېدەكلەر شۇ نىڭغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، ئەجدىھا سارىيىغا ئادەم ئەۋەتتى، ئارقا ـ ئارقىدىن ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قايتىپ كېلىپ:

ــ زەر نەيزىۋازلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھ بىلەن چارباغقا

www.uyghurkitap.com

كېتىپتۇ، سىرتتا كاھلار ئىشىك توسۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇ يەرگە كىم بارالىسۇن؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئىلاج يوق، — دېيىشتى.

شۇ نىڭنىڭ خوتۇنى ۋە ئىككى دېدەك خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گېلىدىن غىزا ـ تاماقلار ئۆتمەي، رەڭگىرويى سۇنۇپ ئالاقزەدىلىكتە قالدى.

شۇ نىڭ نامازشام بولغاندىلا ئاندىن يوسۇن كىيىمىنى سېلىپ، قاراۋۇلغا تۇتقۇزدى ـ دە، ئۆزى نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى، لەشكەرگاھنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە قولۇم ـ قوشنىلىرى:

— ئۆيلىرىگە ئوغرى كىرىپتۇ، خېنىم سىلىنىڭ قايتىپ كېلىشلىرىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ، — دېيىشتى.

شۇ نىڭ بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، ئۇ ئالمان ـ تالمان ئۆيگە كىردى، ئىككى دېدەك ئىشىك ئالدىغا چىقىپ:

— غوجام، سىلى سۇبھى بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ھامان، بىر ئوغرى كۆز بوياپ غىپپىدە ئۆيگە كىرىۋاپتۇ، باشقا ھېچ نەرسىگە چېقىلماي، لىمدىكى كۆن قاپنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، — دېدى.

شۇ نىڭ بۇنى ئاڭلاپ «يامان بولدى !» دەپ ئاھ ئۇرۇپ زار قاقشاپ كەتتى.

— بۇ ئوغرى ئۆيگە قاچان كىردىكىنە؟ — دېدى خوتۇنى.

— باشقا نەرسىنىڭمۇ كارى چاغلىق ئىدى، — دېدى شۇ نىڭ، — تۇرنا پېيىدىن ياسالغان ھېلىقى قۇياق ئاتا ـ بوۋامدىن قالغان تەۋەررۇك ئىدى، ئۇنى تۆت ئەۋلادقىچە يوقاتماي كېلىۋاتاتتىم، ۋاڭ ئەمىر ئۇنى مىڭ تىزىق يارماققا ئالماقچىمۇ بولغانىدى، قولدىن چىقارغۇم كەلمەي سېتىپ بەرمىگەنىدىم؛ كۈنلەرنىڭ بىرىدە جەڭ ـ ئۇرۇشلار بولۇپ قالسا، لازىم بولۇپ قالارمىكىن دەپ ساقلاپ كېلىۋاتاتتىم، ئۇنىڭغا بىركىم تېگىپ قويمىسۇن دەپ ئەتەي لىمغا باغلاپ ئېسىپ قويغانىدىم. نۇرغۇن

كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ باقايلى دەپ تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، يوقاپ كەتتى دېگەن باھانە بىلەن رەت قىلدىم، بۇ ئىش سىرتقا يېيىلىپ داۋراڭ بولۇپ كەتسە، خەقلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىمەن، بۇگۈن ئۇ يوقاپتۇ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

شۇ نىڭ كېچىچە كۆز يۇماي «بۇنى كىم ئوغرىلىغاندۇ! تايىنلىق مېنىڭ بۇ قۇياقىمنى بىلىدىغان كىشى ئالدى» دەپ ئويلىدى.

— كېچە چىراغ ئۆچكەندە ئوغرى ئۆيگە كىرىۋالغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى خوتۇنى ئويلاپ كېتىپ، — بۇ جەزمەن سىلىنىڭ قۇياقلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى ئىكەن، پۇلغا سېتىپ ئالالمىغانلىقتىن، بۇ ئۇستا ئوغرىغا ئوغرىلاتقان، سىلى بىراۋنى ئۇقۇشۇپ بېقىشقا تەكلىپ قىلسىلا، ئۇ ئاستا ئۇقۇشۇپ باقسۇن، ئاندىن قانداق قىلىشنى مەسلىھەتلىشەيلى. «ئوت چاپىمىز دەپ، يىلاننى ئۈركۈتۈپ قويمايلى».

شۇ نىڭ خوتۇنىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى، ئۇ تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيدە ئىچى پۇشۇپ غەمگە چۆمۈلدى. ئۇ شۇنداق ئولتۇراتتىكى:

شۇ ۋاڭ① دەك دىلىدا ئۆرلەپ ئىنتىقام،
سۇڭ يۇ② دەك كۆكسىنى تۇتۇپ غەم ـ قايغۇ.
شەمشەردىن ئايرىلغان لۇ چيەندەك شۇ دەم،
خەنجىرىن يوقاتقان لېي خۇەندەك بۇ دەم.
ئۇ قۇياق ئىدىكى چاقنار ياقۇتتەك،
قىممىتى چوڭ ـ چوڭ شەھەرلەرگە تەڭدەك.
گوياكى ئىدى ئۇ ئېسىل بىر مارجان،
مەرمەر تاش خادىسى ئىدى شىر چىققان.

① شۇ ۋاڭ — جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان بىر پادىشاھ.

② سۇڭ يۇ — يېغىلىق دەۋرىدىكى جۇ بەگلىكىدىن بولۇپ، چۇ يۈەننىڭ شاگىرتى، ئۆز ئۇستازىنىڭ پالانغانلىقىغا قايغۇرۇپ، ئېچىنىپ غەم ـ قايغۇ چەككەن.

www.uyghurkitap.com

چىقىلدى شۇ ياقۇت ھەم مەرمەر دالدا،
ئۇۋۇلۇپ مارجان ھەم مەرمەر خادا.
بولدى ئۇ سۇمۇرغدەك تاغدىن ئايرىلغان،
ئەجدىھادەك سەرگەردان، ۋەيرانە بولغان.
پەيلىرى توزغان سۇمۇرغ ئۇ بۇگۈن،
كۆز قارىچۇقى ئۆچكەن ئەجدىھا بۇگۈن.

شۇ كۈنى شۇ نىڭ ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغاندا ئەتىگەنلىك ناشتا ۋاقتى بىلەن ئىشىكنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، نۆۋەتچى چىقىپ، كەلگەن كىشىنىڭ ئىسمىزاتىنى سورىغاندىن كېيىن ئىچكىرىگە كىرىپ:

— يەنئەن دىيارىدىكى تاڭ تۇرا بېگىنىڭ ئوغلى تاڭ لۇك ئالاھىدە سىلى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

شۇ نىڭ نۆۋەتچىگە مېھماننى ئۆيگە باشلاپ كىرىشنى بۇيرۇدى، تاڭ لۇك شۇ نىڭنى كۆرۈپلا ئايىغىغا يىقىلىپ تەزىم قىلىپ:

— ئاغا، تىنچ - ئامان تۇردىلىمۇ؟ — دېدى.

— چوڭ ئاتامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىم، — دېدى شۇ نىڭ، — بىرىنچىدىن، پادىشاھلىق ئىشى پۈتلاشقانلىقى، ئىككىنچىدىن، يول يىراق بولغانلىقىدىن كۆڭۈل سوراپ كېلەلمىدىم، ئىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۈچۈرلىرىنى ئالالمىدىم، قەيەرلەردە يۈردىلە؟ بۈگۈن قەيەردىن كەلدىلە؟

— ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا، — دېدى تاڭ لۇك، — ئاتام ۋاپات بولغاندىن كېيىن تەلىيىم تەتۈرگە تارتىپ، ئەل - يۇرت كېزىپ يۈردۈم، ھازىر ئاستانىگە سىلىنى كۆرۈش ئۈچۈن شەندۇڭدىن كېلىشىم.

— بىر ئاز ئولتۇرۇپ تۇرسىلا ئىنىم، — دېدى شۇ نىڭ ۋە ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا دەرھال مەي - تائاملارنى تەييارلاتتى.

تاڭ لۇڭ بوغجۇمىسىدىن يىگىرمە سەر كېلىدىغان ئىككى زىخ ئالتۇننى چىقىرىپ شۇ نىڭغا سۇندى ۋە:

— ئاتام ۋاپات بولۇش ئالدىدا مۇشۇ نەرسىلەرنى ئۆزلىرىگە مېنى ياد ئېتىپ تۇرسۇن دەپ قالدۇرغانىدى. ئىشەنچلىك ئادەم بولمىغانلىقتىن ئەۋەتىپ بېرەلمىدىم، ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇراي دەپ بۈگۈن ئاستانىگە ئېلىپ كەلدىم.

— چوڭ ئاتامنىڭ مېنى شۇنچە ياد ئەتكىنىگە مىڭ رەھمەت، بىراق مەن ئۇنىڭغا تىرناقچىلىك خىزمەت كۆرسەتكىنىم يوق، بۇنى قانداق قايتۇرارمەن !— دېدى شۇ نىڭ.

— ئۇنداق دېمىسىلە ئاغا، — دېدى تاڭ لۇڭ، — ئاتام رەھمەتى ھايات چېغىدا سىلىنىڭ چامباشچىلىق ماھارەتلىرىنى ياد ـ پات تىلغا ئېلىپ تۇراتتى. يول يىراق بولغاچقا، سىلى بىلەن كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىدى، شۇڭا يادلانما قىلسۇن دەپ بۇ نەرسىنى سىلىگە قالدۇردى.

شۇ نىڭ رەھمەت ئېيتىپ ئۇنى قوبۇل قىلدى ۋە مەي، تائام ھازىرلاپ تاڭ لۇڭنى مېھمان قىلدى.

تاڭ لۇڭ بىلەن شۇ نىڭ مەي ئىچىشتى، مەي ئۈستىدە تاڭ لۇڭ شۇ نىڭنىڭ چىرايى ئېچىلماي، غەمكىن ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاغا، چىرايلىرىدىن پەرىشانلىق چىقىپ تۇرۇپتۇ، نېمە بولدىلا؟ كۆڭۈللىرىدە يېشىلمەي تۇرغان بىر غەم ـ ئەندىشە باردەك تۇرىدىغۇ؟ — دېدى.

— ئىنى ئۆزلىرى بىلمەيلا، — دېدى شۇ نىڭ ئاھ ئۇرۇپ، ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا، ئاخشام ئۆيۈمگە ئوغرى كىردى.

— نېمىنى ئوغرىلاپتۇ؟

— قارىماملا، باشقا ھېچ نەرسىنى ئالماي، پەقەت ئاتا ـ بوۋامدىن قالغان ھېلىقى تۇرنا پېيىدىن ياسالغان زەر قۇياقنى ئېلىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ، ئۇنى سۆسەر قۇياق دەپمۇ ئاتايتتى. ئاخشام ئۇنى ئوغرىغا بېرىپ قويغانلىقىمدىن كۆڭلۈم پەرىشان

www.uyghurkitap.com

بولۇپ تۇردۇ.

— ئۆزلىرىنىڭ شۇ قۇياقلىرىنى مەنمۇ كۆرگەنىدىم، دەرۋەقە بىباھا قۇياق ئىدى، ئاتام رەھمەتىمۇ بەك ماختايتتى. ئۇنى قەيەردىن ئېلىپ كېتىپتۇ؟

— مەن ئۇنى بىر كۆن قاپنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئۆيۈمنىڭ لىمىغا ئېسىپ قويغانىدىم، بۇ ئوغرىنىڭ قاچان كىرىپ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق.

— ئۇ قانداق كۆن قاپ ئىدى؟

— ئۇ قوي تېرىسىدىن ياسالغان قىزىل قاپ ئىدى، ئىچىدىكى قۇياق بىر پارچە خۇشبۇي كىمخابقا ئوراقلىق ئىدى.

— قوي تېرىسىدىن ياسالغان قىزىل قاپ دېدىڭىزمۇ؟ — دېدى تاڭ لۇڭ يالغاندىن چۆچۈگەن بولۇپ، — ئۈستىگە كۆڭۈلگە ياققۇدەك قىلىپ يېشىل جىيەكلىك ئاق بۇلۇت كەشتىلەنگەن، ئوتتۇرىسىدا توپ دومىلىتىۋاتقان شىرنىڭ سۈرىتى بارمىدى؟

— ئىنى، بۇنى سىلى نەدە كۆردىلە؟ — دېدى شۇ نىڭ.

— ئاخشام، — دەپ سۆز باشلىدى تاڭ لۇڭ، — شەھەردىن قىرىق چاقىرىم نېرىدىكى بىر يېزا مەيخانىسىغا كىرىپ مەي ئىچىۋېتىپ، كۆزى چولپاندەك، قارامتۇل كەلگەن ئورۇق بىر ئادەمنى كۆرگەنىدىم، شۇ قاپ ئۇنىڭ ئەپكەشىدە تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈمدە: «بۇ نېمە سالىدىغان قاپكىن؟» دەپ ئويلاپ ئىشىكتىن چىقىدىغان چېغىمدا ئۇنىڭدىن: «بۇ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغان قاپ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ كىشى: «بۇرۇن قۇياق سېلىنىدىغان قاپ ئىدى، ئەمدى ئانچىكىم كىيىم - كېچەكلەرنى سېلىپ قويدۇم» دەپ جاۋاب بەردى. قۇياق ئوغرىلىغان ئادەم جەزمەن شۇ ئادەم. ئۇ بەدرەكنىڭ پۇتى سەل ئاقساپ قالغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ سۆرۈلۈپ كەتتى، بىز ئارقىسىدىن ئۇنى قوغلاپ بارساق قانداق؟

— ئەگەر ئۇنىڭغا قوغلاپ يېتەلىسەك، بۇ تەڭرىنىڭ قىلغان ئىلتىپاتى بولىدۇ! — دېدى شۇ نىڭ.

— ئۇنداق بولسا كىچىكمەي قوغلايلى، — دېدى تاڭ لۇڭ.

شۇ نىڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھامان ئالدىراپ - سالدىراپ چىگە چورۇقىنى كىيدى، ئاندىن يان قىلىچىنى ئېسىپ، قولىغا يەنە بىر كۆتمەك قىلىچ ئېلىپ تاڭ لۇڭ بىلەن دۇڭگوۋا دەرۋازىسىدىن چىقتى - دە، بەرجەس قەدەم تاشلاپ ئوغرى كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن تېمىغا ئاق دۇگىلەك بەلگە سىزىپ قويۇلغان مەيخانا ئۇچرىدى، تاڭ لۇڭ:

— بۇ مەيخانىدا بىرئاز مەي ئىچكەچ ئوغرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى سوراشتۇرۇپ ئاندىن قوغلايلى، — دېدى.

تاڭ لۇڭ مەيخانىغا كىرىپ ئورۇن ئالغاندىن كېيىن مەيپۇرۇشتىن:

— ئۇستام، سىزدىن بىرنەرسىنى سوراپ باقاي، بۇ يەردىن چولپان كۆزلۈك، قارامتۇل كەلگەن ئورۇق بىر ئادەم ئەپكەشتە قىزىل كۆن قاپ كۆتۈرۈپ ئۆتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تۈنۈگۈن كەچتە شۇنداق بىر ئادەم بىر قىزىل كۆن قاپنى كۆتۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ پۇتى ئاقساقتەك سۆرۈلۈپ كېتىۋاتقان، — دېدى مەيپۇرۇش.

— ئاغا، ئاڭلىدىڭمۇ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى تاڭ لۇڭ.

شۇ نىڭ بۇنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

ئىككىسى ئالمان - تالمان مەي پۇلىنى تۆلەپ مەيخانىدىن چىقىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ماڭا - ماڭا يەنە بىر سارايىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ يەردىكى تامغىمۇ ئاق دۇگىلەك بەلگە سىزىپ قويۇلۇپتۇ. تاڭ لۇڭ تۇرۇپ قېلىپ:

— ئاغا، مەن ماڭالمايۋاتىمەن، بۇ سارايغا كىرىپ ئارام ئېلىپ ئەتە سەھەر تۇرۇپ مېڭىپ كەتسەك، — دېدى.

— مەن پادىشاھلىقنىڭ ئادىمى، ناۋادا يوقلىما قىلغاندا بولماي قالسام جازاغا تارتىلىمەن، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى شۇ نىڭ.

— ئاغا، غەم قىلمىسىلا، يەڭگەم جەزمەن بىر باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ بېرىدۇ، — دېدى تاڭ لۇڭ.

كەچتە تاڭ لۇڭ سارايۋەندىن ھېلىقى كىشىنى يەنە سۈرۈشتۈردى. سارايۋەن:

— ئاخشام چولپان كۆزلۈك، قارامتۇل كەلگەن ئورۇق بىر ئادەم سارىيىمىزدا بىر كېچە قونۇپ قالدى، ئۇ بۈگۈن چۈشكىچە يېتىپ ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى؛ ئۇ شەندۇڭنىڭ يولىنى سورىدى، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭغا يېتىشەلەيدىكەنمىز، — دېدى تاڭ لۇڭ، — بۈگۈن كېچە تۆت نىسپىدىن ئۆتكەندە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ قوغلىساق، جەزمەن ئۇنىڭغا يېتىشەلەيمىز. ئۇ ئەبلەخنى تۇتالىساق، قۇياقنىڭ ئۇچۇرى چىقىدۇ.

شۇ كېچە ئۇلار سارايدا قونۇپ تۆت نىسپىدىن ئۆتكەندە ئورنىدىن تۇردى - دە، سارايدىن چىقىپ يەنە بىرمۇنچە يولنى باستى. تاڭ لۇڭ ئاق دۆگىلەك بەلگە قويۇلغانلىكى مەيخانا ئۇچرىسا ئۇنىڭغا كىرىپ مەي - شاراب ئىچتى، گۆش - پۇش يېدى، ئەھۋال ئۇقۇشتى، ھەممە يەردىكى جاۋاب بىردەك چىقتى. شۇ نىڭ قۇياقنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئالدىراپ، تاڭ لۇڭنىڭ كەينىدىن ئوغرىنى قوغلاۋەردى. كۈن ئولتۇرۇپ كېتەي دەپ قالغاندا ئالدىدا بىر قەدىمي بۇتخانا كۆرۈندى. بۇتخانىنىڭ ئالدىدىكى دەرەخ ئاستىدا شى چيەن ئەپكىشىنى قويۇپ قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. تاڭ لۇڭ ئۇنى كۆرۈپ:

— بەللى ! ئەنە ئاۋۇ دەرەخ ئاستىدىكى كۆن قاپ ئاغىمىزنىڭ قۇياق قېپى بولماي نېمە؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇ نىڭ قارىۋېتىپ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە شى چيەنگە چاڭگال سېلىپ:

— ھەي ئۇياتسىز مۇتتەھەم، ئەجەب يۈرىكىڭ چوڭكىنە ! سەن نېمە ۋەجىدىن بۇ قۇيىقىمنى ئوغرىلايسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئاغزىڭىزنى يىغىڭ ! ئاغزىڭىزنى يىغىڭ دەيمەن !

قۇيىقىڭىزنى مەن ئوغرىلىدىم، قېنى قانداق قىلالايتتىڭىز؟ — دېدى شى چيەن.

— ماۋۇ ھايۋاننىڭ يولسىزلىقىنى كۆرمەمدىغان، يەنە ماڭا نېمە قىلالايتتىڭ دەۋاتقىنىڭنى! — دېدى شۇ نىڭ قاتتىق ۋارقىراپ.

— سىز ئاۋۋال قاپقا قاراپ بېقىڭ، قۇياق بارمىكىن؟ — دېدى شى چيەن.

تاڭ لۇڭ قاپنى ئېچىپ قارىسا، ئىچىدە ھېچ نەرسە يوق ئىكەن. شۇ نىڭ:

— ھەي ئەبلەخ، قۇيىقىمنى نېمە قىلدىڭ؟ — دېدى.

— گېپىمنى ئاڭلاڭ! — دېدى شى چيەن، — پېقىر جاڭ ئۇرۇقىدىن بولىمەن، مەن بىرىنچى ئوغۇل، ئانا يۇرتۇم تەيئەن ئايمىقى، ئايمىقىمىزدا بىر باي بار ئىدى. ئۇ پېشقەدەم باسقاقبەگ بىلەن تونۇشماقچى ئىكەن، سىزنىڭ تۇرنا پېيىدە ياسالغان قۇيىقىڭىزنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى ساتمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ، مېنى لى سەن دېگەن بىر كىشى بىلەن ئوغرىلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئون مىڭ تىزىق يارماق تارتۇق قىلىدىغان بولدى. كۈتۈلمىگەندە مەن ئۆيىڭىزنىڭ تۈۋرۈكىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتۇمنى سۇندۇرۇۋالدىم، شۇڭا ماڭالماس بولۇپ قالدىم. قۇياقنى لى سەن مەن يەتكۈزۈپ بېرەي دەپ، بۇ قۇرۇق قاپنى ماڭا قالدۇرۇپ، ئالدىمدا يۈرۈپ كەتتى. مېنى پادىشاھلىق ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ قىيىن - قىستاق قىلىمىز دېسەڭلارمۇ جېنىمنى تىكىپ قويىمەن، ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ تەن ئالمايمەن، باشقىلارنى تارتامدىكىن دەپمۇ خىيال ئەيلىمەڭلار. ئەگەر مېنى پادىشاھلىق ئالدىغا ئېلىپ بارماي كەچۈرۈم قىلساڭلار، مەن سىلەرنى باشلاپ بېرىپ قۇياقنى ئېلىپ بېرىمەن.

شۇ نىڭ بىر پەسكىچە ئارىسالدى بولۇپ، بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇپ قالدى. تاڭ لۇڭ:

— ئاغا، بۇ ئۇچۇپمۇ قېچىپ كېتەلمەيدۇ، قورقماي ئۇنىڭ

بىلەن بىللە بېرىپ، قۇياقنى ئېلىۋالايلى! ناۋادا قۇياق بولماي قالسا، شۇ يەردىكى يامۇلغا ئەرز قىلساق بولىۋېرىدۇ، — دېدى.

— توغرا ئېيتتىلا ئىنى، — دېدى شۇ نىڭ قوشۇلۇپ.

شۇ نىڭ بىلەن تاڭ لۇڭ شى چيەننى ئالدىغا سېلىپ يول ئالدى، كەچ بولغاندا يولدىكى سارايغا چۈشۈپ قونۇپ قالدى. شۇ نىڭ بىلەن تاڭ لۇڭ شى چيەنگە كۆز - قۇلاق بولۇپ بىر ئۆيدە ياتتى. ئەسلىدە شى چيەن ئەتەي لاتا بىلەن پۇتىنى يۆگەپ، ئاقساق ھالەتكە چۈشۈۋالغانىدى. شۇ نىڭ ئۇنىڭ ماڭالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئانچىمۇ ئېھتىيات بىلەن تۇتۇپ كەتمىدى، ئۇچەيلەن يەنە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە يولغا چىقتى، شى چيەن يولدا مەي - شاراب، گۆش، تائام ئېلىپ ئۇلارنى مېھمان قىلىپ ماڭدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە يەنە بىر كۈن يول ماڭدى.

ئەتىسى شۇ نىڭ كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە قۇياقنىڭ غېمىگە چۈشتى. مېڭىپ كېتىۋېتىپ يولنىڭ چېتىدە بىر ھارۋىكەشنىڭ ئۈچ - تۆت ئات قاتقان بىر قورۇق ھارۋىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھارۋىنىڭ يېنىدا بىر سودىگەرنىڭ مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ سودىگەر تاڭ لۇڭنى كۆرۈپ تەزىم قىلدى. تاڭ لۇڭ:

— ئىنىم، نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— جىڭجۇغا بېرىپ سودا قىلىپ كەلدىم، ئەمدى تەيئەن ئايمىقىغا كېتىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ كىشى.

— ئەجەب ياخشى بولدى، — دېدى تاڭ لۇڭ، — ئۇچىمىزمۇ تەيئەن ئايمىقىغا بارماقچىمىز، سىلەرنىڭ ھارۋاڭلارغا چۈشۈۋالايلى.

— ئۇچەيلەن ئەمەس، يەنە كۆپرەك بولساڭلارمۇ ھېچقىسى يوق، — دېدى ئۇ.

— تاڭ لۇڭ خۇشال بولۇپ، ئۇنى شۇ نىڭ بىلەن

كۆرۈشتۈردى، شۇ نىڭ:
— بۇ ياق كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ئۆتكەن يىل مەن تەيئەن ئايمىقىدىكى بۇتخانىغا كۆچە كۆيدۈرۈپ، تائەت - ئىبادەت قىلىشقا بارغىنىمدا تونۇشۇپ قالغان ئىنىم، ئىسمىزاتى لى رۇڭ، بۇ مەرد - شىجائەتلىك ئادەم، — دېدى تاڭ لۇڭ جاۋابەن.
— ئۇنداق بولسا ھەممىمىز ھارۋىغا چىقايلى، بۇ جاڭ يىمۇ ماڭالمايۋاتىدۇ، — دېدى شۇ نىڭ.
تۆتەيلەن ھارۋىغا ئولتۇردى، ھارۋىكەش ھارۋىنى ھەيدەپ ماڭدى، شۇ نىڭ:
— جاڭ يى، ھېلىقى باينىڭ ئىسمىزاتى نېمە، ئېيتىپ بېرىڭا؟ — دېدى.
شى چيەن ئۇنى - بۇنى دەپ ئېيتىپ بېرىشتىن قايتا - قايتا قېچىپ بېقىپ، شۇ نىڭ قىستاۋەرگەندىن كېيىن نائىلاج:
— ئۇ ناھايىتى داڭدار ئادەم، ئۇنى گو غوجا دەيدۇ، — دەپلا قويدى.
— تەيئەن ئايمىقىلاردا گو غوجا دېگەن ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى شۇ نىڭ لى رۇڭدىن.
— ئايمىقىمىزدىكى گو غوجا ناھايىتى كاتتا، باي ئادەم، ئۇ بەگ - سىپاھ ۋە ئاتاقلىق كىشىلەرنى دوست تۇتۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆيىدە بېقىلىپ ياتقان نۇرغۇن بىكارچىلار بار، — دېدى لى رۇڭ جاۋابەن.
شۇ نىڭ بۇنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە: «شۇ كىشى بولىدىغانلا بولسا، ئىشىم پۈتكىنى شۇ» دەپ ئويلىدى. لى رۇڭ نەيزىۋازلىق توغرىسىدا يەنە بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىپ بەردى ۋە بىرنەچچە ناخشا - قوشاقلارنى ئېيتىپ بەردى، شۇنداق قىلىپ تۆيمايلا يەنە بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى.
**خوش، گەپ يورغىلىتىپ ئولتۇرمايلى، ئۇلار لياڭشەن كۆلىگە يەنە ئىككى مەنزىل قالغاندا، لى رۇڭ ھارۋا ئۈستىدە**

www.uyghurkitap.com

بىرنەچچە قەدەھتىن مەي ئىچىلى دەپ، هارۋىكەشكە بىر قاپاق مەي ۋە بىرئاز گۆش ئەكەلدۈردى. لى رۇڭ بىر نوگاينى چىقىرىپ مەي قۇيۇپ، ئاۋۋال شۇ نىڭغا تۇتتى. شۇ نىڭ بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. لى رۇڭ هارۋىكەشكە يەنە توشقۇز دېۋىدى، هارۋىكەش ئەتەي قولىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ قاپاقتىكى مەينى يەرگە تۆكۈۋەتتى. لى رۇڭ هارۋىكەشنى تىللاپ يەنە ئەكەل دەپ بۇيرۇدى، بۇ چاغدا شۇ نىڭنىڭ ئېغىزىدىن شۆلگەي ئېقىپ، هارۋىغا دۈم چۈشتى.

لى رۇڭ زادى كىم؟ ئۇ تۆمۈر نەيچى لي خې ئىدى. ئۇچەيلەن هارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، هارۋىنى ئۇدۇل قورۇتقاق تىمساھ جۇ گوينىڭ مەيخانىسىغا هەيدەپ باردى. كۆپچىلىك شۇ نىڭنى يۆلەپ كېمىگە چىقىرىپ، جىنشاتەن قىرغىقىغا ئېلىپ كەلدى. سۇڭ جياڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن باشقا ئاتامانلار بىلەن بىللە تاغدىن چۈشۈپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. بۇ ۋاقىتتا بىھوش دورىسىنىڭ كۈچى كېتىپ شۇ نىڭ هوشىغا كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنىڭغا يەنە تىرياق دورا ئىچۈردى. شۇنىڭ بىلەن شۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ كۆپچىلىكنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە تاڭ لۇڭدىن:

— ئىنى، سىلى نېمىدەپ مېنى مۇشۇ يەرگە گوللاپ ئېلىپ كەلدىلە؟ — دەپ سورىدى.

— ئاغا، مەن سىلىگە ئېيتاي، — دېدى تاڭ لۇڭ، — پېقىر سۇڭ دانىشىنىڭ ئۆز ئەتراپىغا تەرەپ - تەرەپتىن قەيسەر باتۇرلارنى توپلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ۋۇگاڭجېنىدا قارا قۇيۇن لى كۇينى ئاغا تۇتتۇم ۋە ئۇنىڭ يار - هەمدەملىكى بىلەن چوڭ تۇرادىكى توپقا قوشۇلدۇم. هازىر خۇ يەنجو چاتما ئاتلىقلار قاتارى تۈزۈپ سېپىمىزگە هۇجۇم ياساۋاتىدۇ، ئۇنى يېڭىشكە هېچقانداق ئامال - چارىلەرنى تاپالماي، پېقىر ئىلمەك نەيزە بىلەن يېڭىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بۇنداق نەيزىنى ئىشلىتىش يوللىرىنى سىلىدىن باشقا ئادەم بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق

پەنت ئىشلەتتۇقكى، ئاۋۋال شى چيەنگە قۇياقلىرىنى ئۇغرىلاتتۇق، ئاندىن سىلىنى ئالداپ يولغا ئېلىپ چىقتىم، كېيىن لې خېنى لى رۇڭ دەپ تونۇشتۇرۇپ هارۋىغا چىقىرىۋالدۇق، تاغدىن ئۆتكەندە سىلىگە بىهوش دورىسى ئىچۈرۈلدى، ئەمدى سىلىنىڭ تاغقا چىقىپ پالۋانلىق ئورۇندىن ئورۇن ئېلىشلىرىنى سورايمەن.

— ئىنى، سىلى مېنىڭ جېنىمغا زامىن بولىدىغان بولدىلا ! — دېدى شۇ نىڭ.

سۇڭ جياڭ قەدەھ كۆتۈرۈپ ئالدىغا كېلىپ:

— مەن ۋاقتىنچە لياڭشەن كۆلىنى ماكان تۇتۇپ، خان ئوردىسىنىڭ ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن، بۇيرۇق كەلگەن هامان دۆلەتكە بارلىق ساداقىتىم بىلەن خىزمەت قىلىمەن، ۋەج - دۇنيانى دەپ ئادەملەرنى قىرىش - ئۆلتۈرۈشكە، بىرەھىملىك ۋە نامەردلىك قىلىشقا نېچۇك قولۇم بارسۇن؛ سىلىنىڭ بۇ ئەهۋالىنىڭ تېگى - تەكتىگە ئوبدان يېتىپ، بىز بىلەن بىللە تەگرى يولىنى تۇتۇشلىرىنى تىلەيمەن، — دەپ ئۆزرىخاهلىق ئېيتتى.

لىن چۇڭمۇ شۇ نىڭغا مەي تۇتۇپ:

— مەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، ئاغا، ئۆزلىرىنىڭ ئالىي پەزىلەتلىرىنى كۆپ ئېيتىپ يۈرەتتىم، بىز بىللە ئىش كۆرۈشتىن باش تارتمىغايلا، — دېدى.

— تاڭ لۇڭ ئىنى، سىلى مېنى بۇ يەرگە گوللاپ ئەكەلدىلە، ئۆيدىكى خوتۇن - بالىلىرىمنى پادىشاهلىق تۇتۇپ كېتىدىغان بولدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ! — دېدى شۇ نىڭ.

— بۇنىڭ كارى چاغلىق، — دېدى سۇڭ جياڭ، — خاتىرجەم بولسىلا، بۇ ئىشنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە بالىچاقىلىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ سىلى بىلەن جەم قىلىپ قويىمەن.

چاۋ گەي، ۋۇ يوڭ، گوڭسۇن شېڭلارمۇ شۇ نىڭنىڭ ئالدىغا

كېلىپ ئۆزرىخاھلىق سورىدى ۋە قۇتلۇقلاش زىياپىتىنى ئۆتكۈزدى. ئىلمەك نەيزە ئىشلىتىش يوللىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن قاۋۇل چاپارمەنلەرنى تاللىدى، يەنە بىر تەرەپتىن دەي زۇڭ بىلەن تاڭ لۇڭنى كېچىلەپ ئاستانىگە بېرىپ شۇ نىڭنىڭ خوتۇن - باللىرىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇن كۈننىڭ ئىچىدە ياڭ لىن يىڭجۇ ئايمىقىدىن پېيڭ چىنىڭ باللىچاقىلىرىنى، شۆ يۇڭ ئاستانىدىن لىڭ جېننىڭ باللىچاقىلىرىنى ئېلىپ كەلدى، لى يۈن بەش ھارۋا پوجاڭزا، دورا - خۇرۇچلارنى ئېلىپ تۇراغا قايتىپ كەلدى. يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دەي زۇڭ بىلەن تاڭ لۇڭ شۇ نىڭنىڭ باللىچاقىلىرىنى تاغقا ئېلىپ چىقتى.

شۇ نىڭ خوتۇنىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، چۆچۈپ كەتتى ۋە:

بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭلار، — دەپ سورىدى.

— سىز ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — دېدى خوتۇنى، — يامۇلدا يوقلىما قىلغاندا سىز بولمىغانلىقتىن چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتىپتۇ. مەن سىزنى ئۆلارغا كېسەل بولۇپ ياتىدۇ، دەپ بىرئاز ئالتۇن - كۈمۈش ۋە زىننەت - زىبۇزەر خەجلىدىم، شۇنىڭدىن كېيىن چاقىرغىلى كەلمىدى. كۈتۈلمىگەندە تاڭ لۇڭ ئاغا تۇرنا پېيىدىن ياسالغان قۇياقنى ئېلىپ كېلىپ ماڭا: «قۇياقنى قايتۇرۇۋالدۇق، بىراق ئاغام يولدا كېسەل يۇقتۇرۇۋېلىپ، سارايدا ئۆلەر ھالەتتە ياتىدۇ، سىزنى باللارنى ئېلىپ كېلىپ كۆرۈشسۇن دەيدۇ» دەپ مېنى گوللاپ ھارۋىغا چىقاردى. مەن يول بىلمىگەچكە، مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى.

— ئىنى، بۇنداق قىلىشقانلىرىڭغۇ ياخشى بوپتۇ، — دېدى شۇ نىڭ تاڭ لۇڭغا قاراپ، — ئەتتەڭگەي! شۇغىنىسى قۇياقىمنى ئۆيدە قالدۇرۇپ كەپتىلا ئەمەسمۇ.

— ئاغامنى خۇش قىلاي دېگەن نىيەتتە يەڭگەمگە ئۇنى - بۇنى

دەپ ھارۋىغا چىقارغاندىن كېيىن يەنە بۇرۇلۇپ ئۆيگە كىرىپ قۇياقنى ئالدىم، ئاندىن ئىككى دېدەكنى گوللاپ ئېرىغ ماللارنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرغۇزۇپ، بىر ئەپكەش قىلىپ كۆتۈرتكۈزۈپ كەلدىم، — دېدى تاڭ لۇڭ كۈلۈپ.

— ئۇنداق بولسا، بىز ئاستانىگە قايتىپ بارالمايدىغان بوپتۇق - دە؟ — دېدى شۇ نىڭ.

— مەن سىلىگە يەنە بىر ئىشنى دەپ بېرەي، — دېدى تاڭ لۇڭ، — يېرىم يولغا كەلگەندە بىر توپ سودىگەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، مەن سىلىنىڭ قۇياقلىرىنى كىيىپ، يۈزۈمنى ئازراق بوياپ، سىلىنىڭ ناملىرىنى سېتىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى تارتىۋالدىم، بۇ چاغقىچە ئاستانىدىن سىلىنى تۇتۇشقا جاي - جايلارغا ئالاقە تارقاتتى چېغى.

— سىلىنىڭ ماڭا كەلتۈرگەن زەرەرلىرى ئاز بولمىدى ئىنىم! — دېدى شۇ نىڭ.

— بىز مۇشۇنداق قىلمىساق، سىلى قانداقمۇ بۇ يەردە تۇرۇشقا ئۇنايلا؟ — دېيىشتى چاۋ گەي، سۇڭ جياڭلار شۇ نىڭدىن يەنە ئۆزرىخاھلىق سوراپ.

ئۆي ئاجرىتىپ شۇ نىڭنىڭ بالىچاقىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاتامانلار چاتما قاتار لەشكەرلەرنى يېڭىش يوللىرى توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى.

شۇ ئارىدا لىبي خېيڭ ئىلمەك نەيزىلەرنى ياسىتىپ بولغانىدى. سۇڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭلار شۇ نىڭنى لەشكەرلەرگە ئىلمەك نەيزە ئىشلىتىش يوللىرىنى ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلدى.

— پېقىر سەردارلارغا شۇ نەيزىنى ئىشلىتىشنىڭ ھەممە يوللىرىنى ئۆگىتىش يولىدا ئىجتىھات كۆرسىتىمەن، بىراق قەددى - قامەتلىك، قاۋۇل باتۇرلارنى تاللاپ بەرگەيلا، — دېدى شۇ نىڭ.

ھەممە ئاتامانلار مەردلەر سارىيىدا شۇ نىڭنىڭ لەشكەر تاللىشىغا قاراپ تۇرۇشتى، ئۇنىڭ ئىلمەك نەيزىدىن پايدىلىنىش

يوللىرى توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى. ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس! قۇياقلىق ئۈچ مىڭ ئاتلىق تارمار بولغۇسى، ساناقلىق كۈنلەردە بىر باتۇر چۈشكۈسى. زەر نەيزىۋاز شۇ نىڭنىڭ ئىلمەك نەيزىنى ئىشلىتىش توغرىسىدا نېمىلەرنى ئىزھار قىلغانلىقىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئەللىك يەتتىنچى باب

## شۇ نىڭنىڭ ئىلمەك نەيزە ئىشلىتىشنى لەشكەرلەرگە ئۆگەتكەنلىكى سۇڭ جياڭنىڭ چاتما قاتار چېرىكلەرنى تىرىپىرەن قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، چاۋ گەي، سۇڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭ، گۇڭسۇن شېڭ ۋە باشقا ئاتامانلار مەردلەر سارىيىدا شۇ نىڭنى ئىلمەك نەيزە ئىشلىتىش يوللىرىنى ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلىشتى. كۆپچىلىك قارىغۇدەك بولسا، شۇ نىڭ دەرۋەقە بىر كېلىشكەن، سۆلەتلىك، بوي - بەستى ئۈچ گەزدىن ئوشۇقراق كەلگەن، ئاپپاق يۇمىلاق يۇزلۇك، چىشلىرى دانە - دانە، ساقال - بۇرۇتلىرى قاپقارا، بېلى باداڭ، يەلكىلىرى كەڭ كەلگەن بىر ئادەم ئىكەن. «شىجياڭيۆ» ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بىر بېيىتتا شۇ نىڭ مۇنداق تەرىپلىنىدۇ:

قوللىرى ئوقياغا چەبدەس، ئاتسا قاچماي تېگىدۇ،
تەنلىرى چاققان ۋە يەڭگىل مىنسە ئاتنى ئۇچىدۇ.
ئەگىم - ئەگىم قاشلىرى گوياكى مەشۇت قۇرتى،
بۇ ئۆزىكىم داڭقى چىققان پالۋاننىڭ پۇشتىسى.
جەڭ قۇياقى شۇنچە كاتتا، مىسلى ياپراق توقىغان،
قاپقارا بوغمىچىغا قىيپاش قىلىپ گۇل تاقىغان.
ئەگىشەر ئۇ شاھى سۇلتاننى ھەمىشە دەۋر قىلىپ،
نەيزىۋاز شۇ نىڭ ئىدى بۇ تەڭ كېلەلمەس ھېچ رەقىب.

شۇ نىڭ لەشكەرلەرنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن مەردلەر سارىيىدىن چىقىپ، بىر ئىلمەك نەيزىنى قولىغا ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

پىرقىرىتىپ ئوينىتىشقا باشلىدى، بۇ ھەممىگە بەك ياراپ كەتتى.

— بۇنداق قورال ـ ياراغنى ئات ئۈستىدە ئىشلەتكەندە، — دەپ تەلىم بەردى شۇ نىڭ لەشكەرلەرگە، — خۇددى يول ماڭغاندەك پۈتۈن بەدەننى ھەرىكەتكە كەلتۈرمەك كېرەك، يۇقىرىغا چىقىرىپ ۋە ئوتتۇرىغا چۈشۈرۈپ يەتتە خىل ئىشلەتكەندە، ئۈچ قېتىم ئېلىش، تۆت قېتىم قېقىش، بىر قېتىم سانجىش، بىر قېتىم ئايرىش بولۇپ جەمئىي توققۇز ياڭزا چىقىدۇ. بۇ ئىلمەك نەيزە پىيادە ئىشلىتىشكىمۇ ناھايىتى ئەپلىك. ئاۋۋال سەككىز قەدەم مېڭىپ، تۆت قېتىم قېقىش بىلەن يول ئاچماق كېرەك، ئون ئىككى قەدەمدە بىر ھۈنەر چىقىرىپ، ئون ئالتە قەدەمدە قاتتىق بۇرۇلماق كېرەك. ئايرىش، ئېلىش، ئۇرۇش، سانجىش ۋە ئالدىغا ئېتىش ھۈنەرلىرىنى ئىشلىتىپ يىگىرمە تۆت قەدەم مېڭىپ نەيزىنى يۇقىرىغا ۋە تۆۋەنگە قارىتىش، ئوڭ تەرەپنى ئېلىش، سول تەرەپنى قېقىش؛ ئالدىغا ئوتتۇز ئالتە قەدەم چامداپ بەدەننى ئوبدان دالدا قىلغان ھالدا ئېلىشىپ كۈچلۈك ياۋنى يەڭمەك كېرەك؛ مانا بۇ ئىلمەك نەيزە ئىشلىتىشنىڭ رەسمىي يوللىرى. بۇ دەل: «تۆت قاقماق، ئۈچ ئىلماق، يەتتە ياققا ئىشلەتمەك، بۇ — توققۇز خىل ھۈنەرنىڭ جەمئىيسى چاققانلىق دېمەك. كەينىگە ماڭ يىگىرمە تۆت قەدەم، موللاق ئات تولغىنىپ ئون ئالتە مەرتەم» دېگەن بېيىتتا ئوخشاش.

شۇ نىڭ ئىلمەك نەيزە ئىشلىتىشنىڭ يوللىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئوينىپ كۆرسەتتى، ئاتامانلار ئۇنى كۆرۈپ تۇردى. لەشكەرلەر شۇ نىڭنىڭ ئىلمەك نەيزە ئىشلىتىش يوللىرىنى ناھايىتى ياقتۇرۇشتى. شۇ نىڭ بۇ ھۈنەرلىرىنى تاللاپ چىقىلغان زەبەردەس لەشكەرلەرگە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن كېچە ـ كۈندۈزلەپ تىنماي ئۆگەتتى. ئۇ يەنە پىيادە لەشكەرلەرگە جاڭگالغا موكۇنۇش، ئات تۇۋاقلىرىنى ئېلىش، ئادەملەرنى

تۆتۈشتەك ئۈچ تۈرلۈك يوشۇرۇنچە جەڭ قىلىش يوللىرىنى ئۆگەتتى. يېرىم ئاي ئۆتمەيلا، تاغ تۆرادىكى ئالتە ـ يەتتە يۈز لەشكەر تەربىيەلەپ چىقىلدى. سۇڭ جياڭ باشلىق ئاتامانلار بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشتى ۋە ياۋنى تىرىپىرەن قىلىشقا تەييار بولدى.

خۇ يەنجوغا كەلسەك، ئۇ پېڭ چى، لىڭ جېنلار تۇتۇپ كېتىلگەندىن كېيىن ھەر كۈنى ئاتلىق لەشكەرلەرنى سۇ بويىغا باشلاپ كېلىپ لياڭشەن كۆلىدىكى ئاتامانلارنى جەڭگە چىللاپ تۇردى. تاغ تۆرادا سۇچى لەشكەرلەرنىڭ ئاتامانلىرى بۇيرۇق بويىچە ھەممە كېچىكلەرنىڭ ساھىللىرىنى پۇختا ساقلاپ، سۇ تەكتىگە يوشۇرۇن توسۇقلار ئورناتتى. خۇ يەنجو تاغنىڭ كۈنپېتىش ۋە يۇقىرى تەرەپلىرىدىن ئايغاقچىلارنى چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تاغ تۆراغا زادىلا يېقىن يولىيالمىدى. لياڭشەن كۆلىدە ئاتامانلار لىڭ جېنغا توپ ياساتتى ۋە تاغدىن چۈشۈپ ياۋ بىلەن ئېلىشىشقا ۋاقىت ـ سائەتلەر بەلگىلىدى، لەشكەرلەرمۇ ئىلمەك نەيزە ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالدى. سۇڭ جياڭ:

— پېقىرنىڭ ئەرزىمەس بىر پىكىر ـ تەكلىپىم بار، ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياقامدىكىن؟ — دېدى.

— پەنتلىرى بولسا ئاڭلايلى، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— ئەتە جەڭگە بىرمۇ ئاتلىق لەشكەر سالمايلى، — دېدى سۇڭ جياڭ، — ئاتامانلارنىڭ ھەممىسى پىيادە جەڭ قىلسۇن. سۇن ۋۇنىڭ جەڭ قائىدىلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا تاغ، جاڭگال ۋە سازلىقلاردىن پايدىلىنىش بايان قىلىنغان. ياۋنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال پىيادە لەشكەرلەرنى تاغدىن چۈشۈرۈپ ئون قاتارغا بۆلەيلى، ياۋنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى باستۇرۇپ كەلگەندە، بىزنىڭكىلەر قومۇشلۇق ۋە توقايلىقلارغا تاراپ كەتسۇن. بىز ئاۋۋال ئىلمەك نەيزە تۇتقان لەشكەرلەرنى شۇ يەرلەرگە مۆكۈندۈرەيلى، ھەر ئون ئىلمەك نەيزە تۇتقان

لەشكەرنىڭ ئارىسىغا ئون ئىلمەك ئوقرۇقچىنى قىستۇرايلى، ئاتلىق لەشكەرلەر كەلگەندە ئۇنى ئىلىپ يىقىتىپ، تار يوللاردىمۇ شۇنداق قىلايلى، بۇ پەنتكە قانداق دىيىشىدىلىكىن؟

— لەشكەرلەرنى شۇنداق مۇكۇندۇرۇپ ياۋ سەردارلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش كىرەك، — دىدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

— ئىلمەك نەيزە بىلەن ئوقرۇقنى قوشۇپ ئىشلىتىش يولى دەل شۇنداق بولىدۇ، — دىدى شۇ نىڭ.

شۇ كۈنى سۇڭ جياڭ لەشكەرلەرنى ئون قاتارغا بۆلدى: بىرىنچى قاتارغا لىيۇ تاڭ، دۇ چيەنلەرنى؛ ئىككىنچى قاتارغا مۇ خۇڭ، مۇ چۈنلارنى؛ ئۈچىنچى قاتارغا ياڭ شيۇڭ، تاۋ زۇڭۋاڭلارنى؛ تۆتىنچى قاتارغا جۇ تۇڭ، دېڭ فېيلارنى؛ بەشىنچى قاتارغا شىې جېن، شىې باۋلارنى؛ ئالتىنچى قاتارغا زۇ يۈەن، زۇ رۇنلارنى؛ يەتتىنچى قاتارغا غۇنچە بوي قىز، ۋاڭ پەتەك يولۋاسلارنى؛ سەككىزىنچى قاتارغا شۆ يۇڭ، ما لىنلارنى؛ توققۇزىنچى قاتارغا يەن شۈن، جېڭ تيەنشۇلارنى؛ ئونىنچى قاتارغا ياڭ لىن، لى يۈنلەرنى سەردارلىققا تەيىنلىدى. بۇ ئون قاتار لەشكەرلەر ياۋنى گوللاش ئۈچۈن ئاۋۋال تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. يەنە لى جۈن، جاڭ خېڭ، جاڭ شۈن، رۈەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئۈچ بىر تۇغقان، تۇڭ ۋېي، تۇڭ مېڭ، مېڭ كاڭدىن ئىبارەت سۇچى لەشكەرلەرنىڭ توققۇز ئاتامانى جەڭ كېمىلىرى بىلەن بولۇشۇشقا ئەۋەتىلدى؛ خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، لى يىڭ، چەي جىن، سۈن لى، ئوۋ پېڭ قاتارلىق ئالتە ئاتامان ئاتلىنىپ لەشكەر باشلاپ، تاغ بويى ياۋنى جەڭگە چىللاشقا بۇيرۇلدى؛ لىڭ جېن، دۇ شىڭ مەخسۇس بەلگە توپى ئېتىشقا تەيىنلەندى؛ شۇ نىڭ، تاڭ لۇڭ ئىلمەك نەيزىلىك لەشكەرلەر باشبۇغى قىلىپ تەيىنلەندى؛ بارگاھ سەردارلىرى سۇڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭ، گۇڭسۈن شېڭ، دەي زۇڭ، لۈ فاڭ، گو شېڭلار پۈتۈن لەشكەرلەرگە باشبۇغ بولدى؛ باشقا ئاتامانلار تۇرا ساقلاشقا قالدۇرۇلدى.

سۇڭ جياڭ لەشكەرلەر ۋە سەردارلارنى تەقسىم قىلىپ

بولغاندىن كېيىن شۇ كېچە ئېغىر ياتقۇ ۋاقتىدا ئاۋۋال ئىلمەك نەيزە تۇتقان لەشكەرلەرنى كۆلدىن ئۆتكۈزۈۋەتتى، ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپلەرگە مۆكۈندى، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئون قاتار پىيادە لەشكەر كۆلدىن ئۆتتى. لىڭ جېن، دۇ شىڭلار كۆيدۈرگۈچ توپنى كۆلدىن ئۆتكۈزۈپ، ئېگىز جايغا جازىلار تىكىپ ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن بەتلەپ قويدى. شۇ نىڭ، تاڭ لۇك قوللىرىغا بۇرغا تۇتۇپ كۆلدىن ئۆتتى. تاڭ سەھەردە سۇڭ جياڭ بارگاھ سەردارى سۇپىتىدە لەشكەرلەرنى باشلاپ ئالدىغا ئىلگىرىلىدى، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى كۆلنىڭ قىرغىقىدا داقا ـ دۇمباق چېلىپ، چۇقان ـ سۈرەنلەر سېلىپ ئەلەم چۆرۈدى. بۇ چاغدا خۇ يەنجو ئۆز بارگاھىدا ئىدى، بىر ئايغاقچى كىرىپ ئۇنىڭغا بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلدى، ئۇ دەرھال خەن تاۋنى لەشكەر باشلاپ بېرىپ تەكشۈرۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى... ئارقىدىنلا ئاتلىق لەشكەرلەرنى بىر ـ بىرىگە چاتتى، خۇ يەنجو ئۆزى بولسا جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ جابدۇندى، ئاندىن قار تېپەر قاغا ئارغىماقىقا مىنىپ، قوش يارما دەستە تۇتقىنىچە لەشكەرلەرنى باشلاپ لياڭشەن كۆلىگە ئېتىلدى، خۇ يەنجو سۇنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ سۇڭ جياڭنىڭ نۇرغۇن لەشكەرلەرنى باشلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى ـ دە، ئاتلىق لەشكەرلەرنى سەپراس قىلدى. ئالدىدا تەكشۈرۈشكە كەتكەن خەن تاۋ كېلىپ:

— تۆۋەن تەرەپتە بىر توپ پىيادە لەشكەر بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇقالمىدىم، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— مەيلى ئۇلارنىڭ ئادىمى قانچىلىك بولسا بولسۇن، — دېدى خۇ يەنجو، — چاتما قاتار لەشكەرلەر چاپ ـ چاپقا ئۆتىۋەرسۇن!

خەن تاۋ بەش يۈز ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ، ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى، ئۇ كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپتىن بىر توپ لەشكەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، بىر بۆلۈك لەشكەرنى ئۇنىڭغا قارشى ئەۋەتمەكچى بولغاندا، كۈنپېتىش تۆۋەن تەرەپتىن

www.uyghurkitap.com

يەنە بىر توپ لەشكەر ئەلەم چۆرۈپ، چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ لەشكەرلەرنى باشلاپ قايتىپ كېلىپ، خۇ يەنجوغا:

— تۆۋەن تەرەپتىكى ئۈچ توپ لەشكەرنىڭ ھەممىسى لياڭشەن كۆلىنىڭ ئەلىمىنى كۆتۈرگەن قاراقچىلار ئىكەن، — دېدى.

— بۇ خۇنپەرلەر ئېلىشىشقا چىقمىغىلى خېلى بولغانىدى، بۇلارنىڭ كەلگىنىگە قارىغاندا، بۇنىڭدا جەزمەن بىر ھۈنەر بار، — دېدى خۇ يەنجو.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگىمەيلا يۇقىرى تەرەپتىن توپ ئاۋازى ئاڭلاندى. خۇ يەنجو:

— لىنىڭ جېن قاراقچىلارغا تەسلىم بوپتۇ ـ دە، بۇ توپنى جەزمەن شۇ ئاتقۇزدى، — دەپ تىللىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۆۋەن تەرەپكە سەپسىلىپ تۇرغاندا، يۇقىرى تەرەپتىن يەنە ئۈچ توپ لەشكەرنىڭ ئەلىمى كۆرۈندى، خۇ يەنجو خەن تاۋغا:

— بۇ جەزمەن قاراقچىلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرلىرى. ئىككىمىز لەشكەرلەرنى ئىككىگە بۆلەيلى: مەن يۇقىرى تەرەپتىكىلەرنى قىراي، سەن تۆۋەن تەرەپتىكىلەرنى قىر، — دېدى.

ئۇلار لەشكەرلەرنى بۆلمەكچى بولۇۋاتقاندا، كۈنپېتىش تەرەپتىن يەنە تۆت توپ لەشكەر پەيدا بولدى، خۇ يەنجو بۇنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالدى؛ بۇ چاغدا يۇقىرى تەرەپتىن يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىلغان توپ ئاۋازى ئاڭلاندى، توپ ئاۋازى توپتوغرا دۆڭدىن كەلدى. شۇ يەردە ئانا توپ ئەتراپىغا قىرىق توققۇز بالا توپ چېتىپ قويۇلغان، بۇ توپ «ئانا ـ بالا توپ» دەپ ئاتىلىدىكەن، ئېتىلغان توپلار ناھايىتى زور ھەيۋەت بىلەن ئېتىلدى. خۇ يەنجونىڭ چېرىكلىرى تېخى ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپلا پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. خۇ يەنجو بىلەن خەن تاۋ چېرىكلىرىنى باشلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە ھۇجۇم ياسىدى. بۇ ئون

توپ پىيادە لەشكەر بولسا، بۇ تەرەپتىن كەلسە، ئۇ تەرەپكە قاچتى، ئۇ تەرەپتىن كەلسە بۇ تەرەپكە قاچتى، خۇ يەنجونىڭ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن قەھرى قىرىق گەز ئۆرلىدى. ئۇ چېرىكلىرىنى باشلاپ يۇقىرى تەرەپكە قاراپ ھۇجۇم قىلدى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى قومۇشلۇققا تاراپ كەتتى. خۇ يەنجو چاتما قاتار چېرىكلەرنى ئالدىغا سېلىپ ھە دەپ قوغلىدى. چاتما قاتار چېرىكلەرنىڭ ئاتلىرى ئۆزىنى توختىتالماي چاپقىنىچە قومۇشلۇققا كىرىپ كەتتى. بىردىنلا ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئىلمەك نەيزىلەر تەڭلا سوزۇلدى. ئاۋۋال ئىككى چەتتىكى ئاتلار ئىلمەك نەيزىگە ئىلىنىپ يىقىتىلدى، ئوتتۇردىكى ئاتلار قىمىرلىيالماي كىشنىدى. ئىلمەك ئوقرۇقچىلار ھەممە ئاتنى ئىلىۋېلىپ، قومۇشلۇقتا چېرىكلەرنى باغلىغىلى تۇردى. خۇ يەنجو ئۆزلىرىنىڭ ئىلمەك نەيزە قىلتىقىغا چۈشكەنلىكىنى تۇيدى ـ دە، ئېتىنى ئارقىغا بۇراپ خەن تاۋنىڭ كەينىدىن تۆۋەن تەرەپكە چېپىپ كەتتى. ئارقىسىدىن ئېتىلغان توپ ئوقلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشكىلى تۇردى؛ تەرەپ ـ تەرەپنى قاپلىغان پىيادە لەشكەرلەر ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. خەن تاۋ، خۇ يەنجولارنىڭ چاتما قاتار چېرىكلىرى قومۇشلۇققا كىرىپ يىقىلىپ چۈشۈپ تۇتۇلدى.

ئىككىيلەن قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاتلىق لەشكەرلىرىنى ئىزدىمەكچى بولۇپ، ئەمدىلا بىر يول تېپىپ چىقماقچى بولغىنىدا، ئۇ يولدا لياڭشەن لەشكەرلىرىنىڭ قومۇشتەك تىكىلىپ كەتكەن ئەلەملىرىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يولغا ماڭمايلا، ئۇدۇللاپ كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپكە ماڭدى. بەش ـ ئالتە چاقىرىم يول ماڭا ـ ماڭمايلا، بىر توپ چاپارمەنلەر ئالدىغا چىقىپ يولنى توسۇۋالدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا باش بولۇپ ئىككى پالۋان تۇراتتى. بۇ پالۋانلارنىڭ بىرسى توسقۇنسىز مۇ خۇڭ، يەنە بىرسى كىچىك توسقۇن مۇ چۈن ئىدى، ئۇلار كۆتمەك

قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ:

— ھەي يېڭىلگەن سەردارلار توختاش ! — دەپ توۋلىدى.

خۇ يەنجو بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپلىنىپ، قوش يارما دەستىسىنى ئويناتقىنىچە مۇ خۇڭ، مۇ چۇنلارنىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ باردى ۋە ئۇلار بىلەن تۆت ـ بەش مەرتىۋە ئېلىشقاندىن كېيىن مۇ چۈن بەدەر تىكىۋەتتى. خۇ يەنجو ئۇنى يەنە ھېيلە ئىشلەتكەن بولمىسۇن دەپ قوغلىماي، يۇقىرى تەرەپتىكى چوڭ يولغا قاراپ ئات سالدى. تاغ ئېتىكىدە يەنە بىر توپ چاپارمەن پەيدا بولۇپ يولنى توسۇۋالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىمۇ باش بولۇپ كەلگەن ئىككى پالۋان تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرسى ئىككى باشلىق يىلان شىپ جېن، يەنە بىرى قوش قۇيرۇق چايان شىپ باۋ ئىدى. ئۇلار چاڭگاكلىرىنى كۆتۈرۈپ دېۋەيلەپ كەلدى. خۇ يەنجو قوش يارما دەستىسىنى پىرقىرىتىپ ئىككىسى بىلەن ئېلىشتى. ئالتە ـ يەتتە مەرتىۋە ئېلىشا ـ ئېلىشمايلا شىپ جېن بىلەن شىپ باۋ قاچتى. خۇ يەنجو ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى، يېرىم چاقىرىمدىن كۆپرەك بىر جايغا كەلگەندە، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىن يىگىرمە تۆت ئىلمەك نەيزىچى چىقتى، خۇ يەنجو ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقا كۆڭلى تارتماي، ئېتىنى بۇراپ كۈنچىقىش يۇقىرى تەرەپتىكى چوڭ يولغا راۋان بولدى. خۇ يەنجو يولدا يەنە ۋاڭ پەتەك يولۋاس ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى غۇنچە بويىغا دۇچ كەلدى. خۇ يەنجو يولنىڭ تۈز ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپقا تىكەن توسۇقلار ئورنىتىلغانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئېتىنى چاپتۇرۇپ يارما دەستىسىنى پىرقىراتقان پېتى چاپ ـ چاپ بىلەن يول ئېچىپ ئۆتۈپ كەتتى. ۋاڭ پەتەك يولۋاس بىلەن غۇنچە بوي قىز بىر پەس قوغلىغان بولسىمۇ، يېتىشەلمىدى. خۇ يەنجو كۈنچىقىش يۇقىرى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى. خۇ يەنجو تامامەن يېڭىلدى، چېرىكلىرى تىرىپىرەن بولدى. بۇنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:



www.uyghurkitap.com

ئات سېلىپ كەلدى شۇ دەم لياڭشەننىڭ ئون يول لەشكىرى،
«قار تېپەر»①نى مىنىپ قاچتى خۇ يەنجو يەل كەبى.
بولدى ئىلمەك ئوقرۇقتا تىتما ـ تىت چاتما قاتار،
يارما دەستە كۆتۈرۈپ جۈپ، سەپ بۆسۈپ تىكتى بەدەر.

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلايلى. سۇڭ جياڭ جاڭ ئۇردۇرۇپ لەشكەرلىرىنى يىغىپ تاغقا قايتىپ كەلدى، ھەربىر كىشى كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىسىگە قاراپ تارتۇقلاندى. ئۈچ مىڭ چاتما قاتار ئاتنىڭ تېگى ئىلمەك نەيزىگە ئىلىنىپ پۇت ـ تۇۋاقلىرى زەخىملەنگەنىدى، بۇ ئاتلار سويۇلۇپ تائام قىلىندى. ساق قالغان ئازراق بىر قىسىم ئات مىنىشكە قالدۇرۇلۇپ، بېقىش ئۈچۈن تاغقا ئېلىپ چىقىلدى. قوياقلىق چېرىكلەرنىڭ ھەممىسى تىرىك تۇتۇلۇپ تاغقا ئېلىپ چىقىلدى. بەش مىڭ پىيادە چېرىك ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ ئېلىنىندى، بارگاھ قوشۇنى ئىچكە مۆكۈنۈۋالماقچى بولغانلار ئىلمەك نەيزە بىلەن تۇتۇلدى؛ سۇ بويىغا قاچقانلار سۇچى لەشكەرلەرنىڭ ئاتامانلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، كېمىگە سېلىپ تاغقا ئېلىپ چىقىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى جەڭلەردە پادىشاھلىق قوشۇنىنىڭ چېرىكلىرى تۇتۇپ كەتكەن ئات ۋە لەشكەرلەر تاغ تۇراغا قايتۇرۇپ كېلىندى. خۇ يەنجونىڭ قوشلىرى بۇزۇپ تاشلىنىپ سۇ بويىدا كىچىك تۇرالار سېلىندى ۋە كۆز ـ قۇلاق بولۇشقا يەنە ئىككى ئورۇندا مەيخانا قۇرۇلدى، بۇ مەيخانىلارغا يەنە بۇرۇنقىدەكلا سۇن شىن، گۇ يەڭگە، شى يۇڭ، شى چيەنلەر قويۇلدى. ليۇ تاڭ بىلەن دۇ چيەن خەن تاۋنى تۇتۇۋېلىپ باغلاپ تاغ تۇراغا ئېلىپ كەلدى. سۇڭ جياڭ ئۇنى كۆرگەن ھامان ئالدىغا بېرىپ باغلاقنى يېشىپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، زىياپەت بەردى ۋە پېيك چى، لىڭ جېنلارنى ئۇنى توپقا قوشۇلۇشقا سۆلھى ـ سالا قىلىڭلار دەپ بۇيرۇدى. خەن تاۋمۇ يەتمىش ئىككى زېمىنني ئەپتەرنىڭ بىرسى

① «قار تېپەر» ـــ قاغا ئارغىماق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بولغاچقا، توپقا ھەۋەس بىلەن قوشۇلۇپ، لياڭشەن كۆلىدە بىر ئاتامان بولۇپ قالدى. سۇڭ جياڭ خەن تاۋغا خەت يازدۇرۇپ، ئۇنىڭ بالىچاقىلىرىنى تاغقا ئېلىپ كېلىشكە چېنجۇ ئايمىقىغا ئادەم ئەۋەتتى. سۇڭ جياڭ چاتما قاتار لەشكەرلەر تىرىپىرەن قىلىنغانلىقىغا ۋە نۇرغۇن ئات، قۇياق، دۇبۇلغا ھەم قىلىچلار ئولجا ئېلىنغانلىقىغا خۇش بولۇپ، بۇنىڭ شەرىپىگە ھەر كۈنى زىياپەت ئۆتكۈزۈپ قۇتلۇقلىدى. خانلىق قوشۇن لەشكەرلىرىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن ھەرقايسى يوللارنى ساقلاشقا لەشكەرلەر قويۇلدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى خۇ يەنجودىن باشلايلى. ئۇ نۇرغۇن سەردار، چېرىكلەردىن ۋە ئاتلىرىدىن ئايرىلغانلىقىدىن ئاستانىگە قايتىشقا پېتىنالمىدى، ئۆزى يالغۇز ھېلىقى قار تېپەر قاغا ئارغىمىقىغا مىنىپ، قۇياقنى ئېتىغا تاڭغىنىچە، خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يولغا راۋان بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول خىراجىتىمۇ تۈگەپ قالغانىدى. ئۇ ئالتۇن كەمىرىنى يېشىپ ئۇنى يول خىراجىتى قىلىشقا ساتتى، ئۇ كېتىۋېتىپ: «بۈگۈن مېنىڭ مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىم كىمنىڭ ئويىغا كەپتۇ، ئەمدى قەيەرگە بارسام بولار؟» دەپ ئويلىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە چىڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلى مۇرۇڭ چۈشۈپ قالدى، ئۇ: «مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشلۇقۇم بارغۇ، نېمە ئۈچۈن شۇنى پاناھداپ بارمايمەن؟ پادىشاھنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان خوتۇنى بولغان ئۇنىڭ ئاچىسىغا پارا تىقىپ بىر ئىش قىلمايمەنمۇ، كېيىنچە لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئىنتىقامىمنى ئالسام بولمامدۇ» دەپ ئويلىدى.

خۇ يەنجو ئىككى كۈن يول ماڭدى، كەچ بولغاندا ئۇنىڭ قورسىقى ئاچتى ۋە بەكمۇ ئۇسساپ كەتتى. ئۇ يولنىڭ چېتىدە بىر يېزا مەيخانىسىنى كۆرۈپ، ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى مەيخانا ئالدىدىكى دەرەخكە باغلىدى؛ ئاندىن مەيخانىغا كىردى، قامچىسىنى شىرەگە قويۇپ قويۇپ ئولتۇرۇپ، مەيپۇرۇشنى مەي،

گۆشلەرنى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. مەيپۇرۇش ئۇنىڭغا:

— بىزنىڭ بۇ مەيخانىمىزدا پەقەت مەيلا سېتىلىدۇ، بايا كەنتتە قوي سويۇلغانىدى، گۆش كېرەك بولسا ئېلىپ كېلىپ بېرەي، — دېدى.

— مۇشۇ پۇلغا قوينىڭ بىر پۇتىنى ئېلىپ كېلىپ، پىشۇرۇپ بېرىڭ، يەنە ئوت - بوغۇز تېپىپ ئېتىمنى بېقىپ قويۇڭ، بۈگۈن بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، ئەتە چىڭجۇ ئايمىقىغا بارىمەن، — دېدى.

— بېگىم، بۇ يەردە قونسىڭىزغۇ مەيلىدى، شۇغىنىسى ياخشىراق كات - پاتىمىز يوق، — دېدى مەيپۇرۇش.

— ھېچقىسى يوق، مەن سەپەر ئۈستىدىكى سىپاھبەگ، ماڭا ئارام ئالغۇدەك بىر جاي بولسىلا بولىدى، — دېدى خۇ يەنجو.

مەيپۇرۇش كۈمۈشنى ئېلىپ گۆشكە كەتتى. خۇ يەنجو ئات ئۈستىدىن قۇياق ۋە قورالىنى يېشىۋېلىپ، ئاتنىڭ تۆشلۈكىنى يەشكەندىن كېيىن ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ ئولتۇردى، بىر پەس ساقلىغاندىن كېيىن مەيپۇرۇش قوينىڭ بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. خۇ يەنجو مەيپۇرۇشنى گۆش پىشۇرۇشقا، ئۈچ جىڭ ئۇن بىلەن نان قىلىپ بېرىشكە ۋە ئىككى خۇمرا مەي كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. مەيپۇرۇش گۆش پىشۇرغاچ ھور نان سالدى، پۇت - قول يۇيۇشقا سۇ ئىسسىتتى، ئاتنى ئۆي ئارقىسىدىكى بىر كىچىك ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى، ئاندىن ئۇ ئوت توغراپ، يەم - خەشەك تەييارلىدى، خۇ يەنجو ئىسسىقتان مەينى ئىچىپ ئولتۇردى. بىرئازدىن كېيىن گۆش پىشتى، خۇ يەنجو مەيپۇرۇشنى چاقىرىپ ئۇنىڭ بىللە مەي ئىچىپ، گۆش يېدى ۋە:

— مەن ئوردا سىپاھبېگى، لياڭشەن كۆلىدىكى قاراقچىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يېڭىلىپ قالدىم، ئەمدى چىڭجۇ ئايمىقىدىكى مۇ رۇڭ بەگنىڭ قېشىغا كېتىۋاتىمەن. مېنىڭ بۇ ئېتىمنى ئوبدان بېقىپ قويۇڭ، بۇ ئات ماڭا پادىشاھ ئىنئام

www.uyghurkitap.com

قىلغان ئات، ئۇنىڭ نامى «قار تېپەر قاغا ئارغىماق». ئەتە مەن سىزنى ئوبدان تارتۇقلايمەن، ــ دەپ تاپىلىدى.

ــ رەھمەت بېگىم، ــ دېدى مەيپۇرۇش، ــ مۇنداق بىر ئىشتىن سىزنى خەۋەردار قىلىپ قويمىسام بولمايدۇ: بۇ يەردىن سەل ـ پەل ماڭغاندا بىر تاغ بار، ئۇنى خەقلەر شاپتۇللۇق تاغ دەپ ئاتىشىدۇ. شۇ تاغدا بىر توپ قاراقچى بار. ئۇنىڭ ئاتامانى يولۋاس سوقار پالۋان لى جۇڭ، ئىككىنچى ئاتامانى كىچىك دوكەر جۇ تۇڭ، ئۇلار ئۆز ئەتراپىغا ئالتە ـ يەتتە يۈز چاپارمەن توپلىۋاپتۇ، ئەتراپتىكى خەقنى بۇلاپ ـ تالاپ تۇرىدۇ، كەنتىمىزگىمۇ پات ـ پات كېلىپ، پاراكەندىچىلىك سالىدۇ، قاراقچىلارنى تۇتۇش ئۈچۈن پادىشاھلىق بىرقانچە قېتىم لەشكەر ئەۋەتتى. لېكىن، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدى، كېچىدە ئۇخلىغاندا ئېھتىيات قىلىڭ.

ــ مېنىڭ باتۇرلۇقۇمغا نەچچە تۈمەن كىشىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۇ بىر نېمىلەرنىڭ ھەممىسى كەلسىمۇ، مېنى ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ! مېنىڭ بۇ ئېتىمنى ياخشى بېقىپ قويسىڭىزلا بولىدى، ــ دېدى خۇ يەنجو.

بىرئاز مەي ئىچىپ، گۆش بىلەن هورنان يېگەندىن كېيىن مەيپۇرۇش مەيخانىدا خۇ يەنجوغا يېتىپ قېلىڭ دەپ ئورۇن تەييارلاپ بەردى.

خۇ يەنجو بىرىنچىدىن نەچچە كۈندىن بېرى بىئارام بولغانلىقى، ئىككىنچىدىن بىرنەچچە قەدەھ مەينى كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالمايلا يېتىپ قالدى. تاكى ئېغىر ياتقۇ مەھەلگىچە ئۇخلاپ ئاندىن ئويغاندى، ئويغانغاندىن كېيىن ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا مەيپۇرۇشنىڭ داد ـ پەرياد ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ، قوش يارما دەستىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ:

ــ نېمىشقا داد ـ پەرياد سېلىۋاتىسىز؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ يېقىر ئاتقا چۆپ سېلىپ بېرەي دەپ چىقسام، ئوغرىلار بۇ يەردىكى قاشانى ئۆرۈۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىنى ئېلىپ

كېتىپتۇ. بۇ يەردىن ئۈچ ـ تۆت چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر يەردە ئوتقاش يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇلار جەزمەن شۇ ياققا كەتتى، ــ دېدى مەيپۇرۇش.

ــ ئۇ يەر قەيەر؟ ــ دېدى خۇ يەنجو.

ــ ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان يول دەل شاپتۇللۇق تاغقا بارىدىغان يول. ئىتتىگىزنى جەزمەن شۇ قاراقچىلار ئوغرىلاپ كەتتى، ــ دېدى مەيپۇرۇش.

خۇ يەنجو بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ـ دە، مەيپۇرۇشنى يول باشلاشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ئىتىنى قىرلىرىنى بويلاپ ئىككى ـ ئۈچ چاقىرىم يەرگىچە قوغلىدى. ئوتقاشنىڭ يورۇقى يوقاپ قاراقچىلارنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدى.

ــ پادىشاھنىڭ تارتۇقلىغان ئىتىنى يوقىتىپ قويدۇم، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ــ دېدى خۇ يەنجو.

ــ بېگىم، ئەتە ئايماق ياملۇغا بېرىپ ئەرز قىلىڭ، پادىشاھلىق لەشكەر ئەۋەتىپ قاراقچىلارنى يوقاتسا ئاندىن ئىتىڭىزنى قايتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ، ــ دېدى مەيپۇرۇش.

ــ خۇ يەنجو خاپىلىقتا ئولتۇرغىنىچە تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن مەيپۇرۇشقا قوياقنى كۆتۈرتۈپ چىڭجۇ ئايمىقىغا قاراپ يول ئالدى، چىڭجۇ شەھىرىگە كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. ئۇلار بىر سارايغا كىرىپ ئارام ئالدى، ئەتىسى ئەتىگەن ئۇدۇل ئايماق ياملۇغا بېرىپ ئامبال مۇ رۇڭنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام بېرىپ كۆرۈشتى. مۇ رۇڭ ئۇنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە:

ــ مەن سىلىنى لياڭشەن كۆلىدىكى قاراقچىلارنى يوقىتىشقا كەتتى، دەپ ئاڭلىغانىدىم، قانداقسىغا يەنە بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟ ــ دەپ سورىدى.

خۇ يەنجو ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. ئامبال ئاڭلاپ:

ــ سىلى نۇرغۇن لەشكەرلەردىن ئايرىلىپ زىيان تارتىپلا،

بىراق ئەيىب سىلىدە ئەمەس، ئۆزلىرى قاراقچىلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قاپتىلا، بۇنىڭغا نېمە ئىلاج. پېقىرغا قاراشلىق جايلارغىمۇ قاراقچىلار كۆپ كېلىپ، زىيان سېلىۋاتىدۇ. سىلى بۇ يەردە ئاۋۋال شاپتۇللۇق تاغدىكى قاراقچىلارنى يوقىتىپ پادىشاھ ئىنئام قىلغان ئاتنى قايتۇرۇۋالسىلا، — دېدى.

— ئېرلۇڭشەن ۋە شىرمەتلەر تېغىدىكى قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى يوقاتقاندا، مەن سىلىگە لەشكەر بېرىش ھەققىدە پادىشاھقا مۇراجىئەت قىلىمەن. شۇ چاغدا لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئىنتىقام ئېلىۋالسىلا قانداق؟ — دېدى ئامبال.

— ھىممەتلىرىگە تەشەككۇر، ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسىلا، مېھىر - شەپقەتلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇش يولىدا جېنىمنى تىكىمەن، — دېدى خۇ يەنجو يەنە تەزىم قىلىپ.

ئامبال مۇ روڭ خۇ يەنجونى مېھمانخانىغا كىرىپ، كىيىم يەڭگۈشلەپ ئارام ئېلىشقا ۋە غىزا - تائاملارغا تەكلىپ قىلدى. قوياق كۆتۈرۈپ كەلگەن مەيپۇرۇش ئۆز جايىغا قايتۇرۇلدى.

خۇ يەنجو ئۈچ كۈن تۇردى، پادىشاھ ئىنئام قىلغان ئاتنى ئوغرىلاردىن قايتۇرۇۋېلىش كويىدا ئامبالنىڭ قېشىغا كىرىپ لەشكەر بۇيرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئامبال خۇ يەنجوغا ئىككى مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە چېرىك بۇيرۇپ بەردى، بىر دانە قارا يالىلىق ئات بەردى. خۇ يەنجو ئامبالنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر ئېيتىپ، ئۇرۇش كىيىملىرىنى كىيدى، ئاندىن ئېتىغا مىندى - دە، لەشكەرلەرنى باشلاپ شاپتۇللۇق تاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

شاپتۇللۇق تاغقا كەلسەك، يولۋاس پالۋان لى جوڭ بىلەن كىچىك دوكەر جۇ تۇڭ قار تېپەر قاغا ئارغىماقنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن ھەر كۈنى مەي ئىچىشىپ ئولتۇرۇش قىلدى. شۇ كۈنى يول ئۈستىدە پايلاقچىلىق قىلىۋاتقان بىر چاپارمەن كېلىپ:

— چىڭجۇ ئايمىقىنىڭ چېرىكلىرى كېلىۋاتىدۇ! — دەپ

مەلۇم قىلدى.

— ئاغا، سىز تۇرانى مەھكەم ساقلاڭ، مەن بېرىپ خان لەشكەرلىرىنى ئۇچۇقتۇرۇپ كېلەي، — دېدى كىچىك دوكەر جۇ تۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ.

جۇ تۇڭ يۈز چاپارمەننى تاللاپ، قولىغا نەيزە تۇتقۇزۇپ ئاتلىنىپ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى.

خۇ يەنجو ئىككى مىڭ چېرىك بىلەن تاغنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، چېرىكلەرنى سەپ تارتقۇزۇپ، ئۇرۇشقا تەييار بولدى ۋە ئۆزى ئالدىغا ئۆتۈپ:

— ئەي قاراقچىلار، چاپسان تەسلىم بولۇش! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

كىچىك دوكەر جۇ تۇڭ چاپارمەنلەرنى قاتار تۇرغۇزۇپ، نەيزىسىنى ئويناتقان پېتى ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى قانداق دېمەمسىز؟

يۇمىلاق گۇللۇك تاۋار پەشمەت كىيىپتۇ بويىغا،
پارقىراق، سىپى يېشىل نەيزە تۇتۇپتۇ قولىغا.
ئۇنى ياڭراق، يۈزى كەڭ، قىلدەك يىرىك موي ساقىلى،
ئۇنى جۇ باۋاڭ ئاتايدۇ ئەل ـ خالايىق ھەممىسى.

خۇ يەنجو جۇ تۇڭنى كۆرۈپ ئات چاپتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. جۇ تۇڭمۇ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئىككىسى ئالتە ـ يەتتە مەرتىۋە ئېلىشقاندىن كېيىن جۇ تۇڭ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي ئېتىنى بۇراپ تاغقا قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى. خۇ يەنجو بىر ئاز قوغلىغاندىن كېيىن قىلتاققا چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، تاغدىن چۈشتى، يەنە ئۇلار بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن تاغ باغرىدا قوش تىكتى.

جۇ تۇڭ تۇراغا قايتىپ بېرىپ، لى جۇڭغا:

— خۇ يەنجونىڭ نەيزىۋازلىق ھۈنىرى ئۈستۈن ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي قايتىپ كەلدىم؛ ئەگەر ئۇ تۇرايىمىزغا

قوغلاپ كېلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق، ــ دېدى.

ــ ئاڭلىشىمچە، ــ دېدى لى جۇڭ، ــ ئېرلۇڭشەن تېغىدىكى مەرۋايىت ئىبادەتخانىسىدا گۇلدار شەيخ لۇ جىشېن دېگەن شەيخ بارئىمىش، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ كۆپ ئىكەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەڭلىك ياۋا ياڭ جى ۋە ۋۇ سوڭلارمۇ شۇ يەردە ئىمىش، ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقىغا نەچچە تۈمەن كىشىمۇ تەڭ كېلەلمەيدىكەن. ئۇلاردىن ياردەم سوراپ بىر مەكتۇپ يېزىپ چاپارمەنلەردىن ئەۋەتسەك قانداق؟ ئەگەر ئۇلار بىزنى خەۋپ - خەتەرلەردىن قۇتقۇزۇۋالسا، بىز ئۇلارنىڭ چوڭ تۇراسىغا بېقىنايلى، ھەر ئايدا ئۇلارغا سېلىق تۆلىسەكمۇ مەيلى.

ــ پېقىرمۇ ئۇ يەردىكى باتۇرلار نامىنى كۆپ ئاڭلىغان، بىراق ئۇ شەيخ بۇرۇن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئۇنىماسمىكىن، ــ دېدى جۇ تۇڭ كۈلۈپ، ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش مەي قاچىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن تۇرسا، قانداقسىغا يەنە ئەيىبكە بۇيرۇسۇن؟ ئۇ ئاق كۆڭۈل ياخشى ئادەم، بىز ئۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتسەك، جەزمەن لەشكەر باشلاپ كېلىپ بىزگە بولۇشىدۇ.

ــ ئېيتقىنىڭىز دۇرۇس ئاغا، شۇنداق قىلايلى، ــ دېدى جۇ تۇڭ.

ئۇلار مەكتۇپ يېزىپ، ئىش بىلەرمەن چاپارمەنلەردىن ئىككىنى تاللاپ ئېرلۇڭشەن تېغىغا ئەۋەتتى، ئىككى چاپارمەن تاغنىڭ ئارقا تەرىپىدىن چۈشۈپ ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىنلا ئېرلۇڭشەن تېغىغا باردى. ئۇ يەردىكى چاپارمەنلەر ئۇلاردىن نېمىگە كەلگەنلىكىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سورىدى.

مەرۋايىت ئىبادەتخانىسىنىڭ چوڭ ئايۋىنىدا ئۈچ ئاتامان ئولتۇراتتى ــ تۆردە گۇلدار شەيخ لۇ جىشېن، ئىككىنچى ئورۇندا مەڭلىك ياۋا ياڭ جى، ئۈچىنچى ئورۇندا دەرۋىش ۋۇ سوڭلار ئولتۇراتتى. ئالدى قوۋۇقتا تۆت كىچىك ئاتامان ئولتۇراتتى: ئۇنىڭ بىرسى پالكۈز يولۋاس شى ئېن، ئۇ ئەسلىدە

مىڭجۇ ئايمىقىدىكى مەھبۇسلار كۈرەسىنىڭ بېگى شى كۈرە بېگىنىڭ ئوغلى ئىدى، ۋۇ سۇڭ شى ئېنىنى دەپ جاڭ سۇركاۋۇلنى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن پادىشاھلىق شى ئېنىنى تۇتۇپ سوراق– سوئالغا تارتماقچى بولغاندا، ئۇ شۇ كېچىسى بالىچاقىلىرىنى ئېلىپ قېچىپ چىققان پېتى ئەل كېزىپ يۈردى. كېيىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ۋۇ سۇڭنىڭ ئىرلۇڭشەن تېغىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ كېچىلەپ تاغقا چىقىپ، توپقا قوشۇلغانىدى. ئىككىنچىسى، پوكانچى شەيتان ساۋ جېڭ، ئۇ ئەسلىدە لۇ جىشېن، ياڭ جىلار بىلەن مەرۋايىت ئىبادەتخانىسىنى تارتىۋېلىپ، دېڭ لۇڭنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن توپقا قوشۇلغانىدى. ئۈچىنچىسى، كۆكتاتچى جاڭ چىڭ بىلەن سۇن چوكان ئەر ـ خوتۇن بولۇپ، ئەسلىدە مىڭجۇ ئۆتىڭىدىكى چاسا داۋانىدا ئادەم گۆشىدىن مانتا ئېتىپ سېتىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭلار ئارقا ـ ئارقىدىن خەت يېزىپ، ئۇلارنى تاغقا تەكلىپ قىلغاچقا، ئۇلارمۇ كېلىپ توپقا قوشۇلغانىدى. ساۋ جېڭ شاپتۇللۇق تاغدىن بىر كىشى مەكتۇپ ئېلىپ كەپتۇ، دېگەننى ئاڭلاپ، ئەھۋالنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈردى، ئاندىن ئايۋانغا چىقىپ ئۈچ چوڭ ئاتامانغا خەۋەر قىلدى. لۇ جىشېن:

— مەن دەسلەپتە ۋۇتەيشەن تېغىدىن ئايرىلىپ شاپتۇللۇق كەنتكە كېلىپ قونغاندا، جۇ تۇڭ دېگەن دۆيۈزنى تازا دۇمبالىغانىدىم. لى جۇڭ دېگەن بىرنېمە پېقىرنى تونۇيدىكەن، مېنى تاغقا تەكلىپ قىلىپ بىر كۈن مېھمان قىلدى، مېنى ئاتا تۇتتى، تۇرابېگى بولۇشقا تەكلىپ قىلدى، مەن بۇ بىرنېمىلەرنىڭ ناھايىتى بېخىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ، چۆنتىكىمگە بىرمۇنچە ئالتۇن ـ كۈمۈش مەي قاچىلىرىنى سېلىپ ئۇلارنى تاشلاپ كەتكەنىدىم. ئۇلار بۈگۈن يەنە ياردەم تەلەپ قىلىپ كەپتۇ، قېنى ئۇلار نېمە دەيدىكىن ئاڭلاپ باقايلى. كەلگەن چاپارمەنلەرنى چاقىرىڭلار، — دېدى.

ساۋ جىبلڭ بىر ئازدىن كېيىن چاپارمەنلەرنى باشلاپ كىردى، ئۇلار ئاتامانلارغا سالام بېرىپ:

— چىڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلى مۇ رۇڭ يېقىندا لياڭشەن كۆلىگە تېگىپ يېتىلگەن قوش يارما دەستە تۇتقان خۇ يەنجونى قوبۇل قىپتۇ. ھازىر ئامبال ئۇنىڭغا ئاۋۋال شاپتۇللۇق تاغ، ئېرلۇڭشەن، شىرمەتلەر تېغى قاتارلىق تاغ تۇرالارنىڭ كۇلىنى كۆككە سورۇۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا لياڭشەن كۆلىدىكىلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ ئىنتىقام ئېلىشقا چېرىك بۇيرۇپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئاتامانلىرىمىز بىزنى ئەۋەتتى. چوڭ سەردارلىرىمىز تاغدىن چۈشۈپ بىزگە بولۇشسا، بۇ ۋەقە بېسىلغاندىن كېيىن سېلىق تۆلىسەك، دەيدۇ، — دېيىشتى.

— ھەرقايسىڭىز، — دېدى ياڭ جى، — ئۆز تاغ تۇرايىڭىزنى ساقلاپ، باشقىلارغا بولۇشمىساق بولاتتى، بىراق ئۇنداق قىلساق بىرىنچىدىن ئەلكىزەرلەر ئارىسىدىكى مەردلىككە دەخلى - تەرۇز يېتىشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن ئۇ مەلئۇن شاپتۇللۇق تاغنى ئالغاندىن كېيىن بىزگە چېقىلىدۇ. شۇڭا جاڭ چىڭ، سۇن چوكان، شى ئېن، ساۋ جىڭلار تاغ تۇرادا قالسۇن، بىز ئۈچەيلەن بېرىپ كېلەيلى.

ئۇلار شۇ زامانلا بەش يۈز چاپارمەن، ئاتمىش نەچچە ئات تاللىدى، ئاندىن جابدۇنۇپ قورال - ياراغ تۇتقىنىچە شاپتۇللۇق تاغقا راۋان بولدى.

ئەمدى لى جۇڭغا كېلەيلى، لى جۇڭ ئېرلۇڭشەن تېغىدىكىلەر بولۇشۇشقا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۈچ يۈز چاپارمەننى باشلاپ ماسلىششقا تاغدىن چۈشتى. خۇ يەنجو بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ئۆز چېرىكلىرىنى باشلاپ بېرىپ، يول توسۇپ سەپ تۈزدى، ئۆزى ئات ئۈستىدە يارما دەستىسىنى ئوينىتىقىنىچە لى جۇڭغا ئېتىلدى. لى جۇڭنىڭ تەقى - تۇرقى شۇنداق ئىدىكى:

سوقىۋاش، يۈزى ياداڭغۇ، تېنى قىل خۇددى يىلان،
نەيزىۋازلىق ئەھلى ئىچرە نامى ـ شۆھرىتى ئايان.
يۈرىكى قاپتەك يوغان يولۋاس سوقار باتۇرنىڭكى،
ئىسمى لى جۇڭ، بوۋىسى بالىڭنى تۇتقانىكەن ماكان.

لى جۇڭ خاۋجۇ ئايمىقىنىڭ دېگيۇەن ناھىيەسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى نەيزىۋازلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ ئۆتكەنىدى؛ لى جۇڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ۋە قاۋۇل بولغاچقا، خەقلەر ئۇنى «يولۋاس سوقار پالۋان» دېيىشەتتى. ئۇ تاغدىن چۈشۈپ خۇ يەنجو بىلەن ئېلىشتى، ئۇ خۇ يەنجوغا تەڭ كېلەلمەيتتى، ئون نەچچە مەرتىۋە ئېلىشقاندىن كېيىن تەڭ كېلەلمەي، ئۇنىڭ قورالىنى قېقىۋېتىپ بەدەر تىكىۋەتتى. خۇ يەنجو ئۇنىڭ جەڭ ماھارىتى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئات سېلىپ تاغقىچە قوغلاپ چىقتى. تاغ باغرىدا بۇنى كۆرگەن كىچىك دوكەر جۇ تۇڭ تاغدىن تاش دومىلاتتى، خۇ يەنجو ئالمان ـ تالمان ئېتىنى ئارقىغا بۇراپ، تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. تاغ ئېتىكىدىكى چېرىكلەر نەرە تارتىپ چۇقان سېلىشتى.

— نېمىدەپ چۇقان سېلىشىسىلەر؟ — دەپ سورىدى خۇ يەنجو.

— يىراقتىن بىر توپ لەشكەرلەر چېپىپ كېلىۋاتىدۇ، — دېيىشتى ھىماتچى چېرىكلەر جاۋابەن.

خۇ يەنجو بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھىماتچى چېرىكلەر ئارىسىغا بېرىپ قارىسا، چاڭ ـ توزانلار كۆتۈرۈلگەن جايدا سېمىز بىر شەيخ ئاتقا مىنىپ ئالدىدا كېلىۋېتىپتۇ، كېلىۋاتقان كىشىنى كىم دېمەمسىز:

چېچىنى چۇشۇرۇپ چىققان، تىلاۋەت ئۆيىدىن شۇل كۈن،
ئېشىپ تاغ، كەزدى دەريالار سوراقلاپ پالۋانلارنى.
تېنىدە بىھېساب قۇۋۋەت، كۆتۈرگەي ئۇ يوغان داڭقان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غەزەپلىك تۇغۇلۇپتۇ ئۇ، قىرىپ چاپقاي ئادەملەرنى.
پىرنى ئالدىغان ھەتتا شاپائەت مەبۇدىگە كايىپ،
رەھمە قىلماي تەشلىگەيكى زۇلپىقارۇ گۇرزىلەرنى.
ئەزەلدىن ئۇقماس دەستۇر ـ كالاملار مۇشۇ گۇلدار شەيخ —
بۇددا مۇخلىسى بۇ لۇ جىشېن يەپ ـ ئىچەر گوشۇ هاراقلارنى.

لۇ جىشىن ئات ئۇستىدە:

— ھوي لياڭشەن كۆلىدىكىلەردىن پەشۋا يىگەن مەلئۇن قايسىڭ؟ بۇ يەردە پوپوزا قىلىشقا نىمە ھەددىڭ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

— ئاۋۋال سەن پاخشەكىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ پۇخادىن چىقاي، — دېدى خۇ يەنجو.

لۇ جىشىن تۆمۈر گۇرزىسىنى پىرقىراتقان، خۇ يەنجو قوش يارما دەستىسىنى ئويناتقان پېتى بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشتى، ئىككى تەرەپتىن چۇقان كۆتۈرۈلدى. ئۇلار قىرىق ـ ئەللىك مەرتىۋە ئېلىشىپ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. خۇ يەنجو كۆڭلىدە: «كارامەت ئىكەنغۇ!» دەپ قالدى. ئىككى تەرەپ جاڭ چېلىپ ۋاقتىنچە توختاشتى.

خۇ يەنجو بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە ئاتلىنىپ سەپ ئالدىغا چىقىپ:

— ھەي ئوغرى، قېنى چىقمامسەن يەنە، — دەپ توۋلىدى، زادى سەن بىلەن ئېلىشقىنىم ئېلىشقان، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم! — دېدى.

لۇ جىشېن ئاتلىنىپ ئېلىشىشقا تەمشەلگەندە، خۇ يەنجونىڭ سۆزى لۇ جىشېن يېنىدىكى بىر باتۇرنىڭ زەردىسىگە تېگىپ كەتتى. ئۇ:

— ئاغا، بىردەم ئارام ئېلىۋالسىلا، مەن بۇ بەدرەكنى تۇتۇپ كېلەي! — دېدى.

ئۇ ئاتلىنىپ قىلىچىنى پىرقىراتقىنىچە خۇ يەنجوغا

ئېتىلدى. خۇ يەنجو بىلەن ئېلىشىشقا كەلگەن بۇ كىشىنى كىم دېمەمسىز؟ ھايھات:

ئاستانىدە ئۇ باقاۋۇل بەگمۇ بولغان بىر زامان،
ئەكېلىش يولىدا مەرمەر تاشنى چەككەن دەرد ـ پىغان.
خۇدى ھەسەن ـ ھۈسەندەك ئەرشكە ھەيۋە كۆرسىتىپ،
قىلدى ئوقيا، قىلىچى ئالەم ـ زېمىننى تىنچ ـ ئامان.
تېنى يولۋاس، بۆرە بەل، مايمۇن مىسەللىك بىلىكى،
ئولتۇرار دۈلدۈلنى مىنسە قۇش ئېگەردە مىخ كەبى.
پالۋانلىق شۆھرىتى لياقشەنگە پۇر بولدى چىقىپ،
تېگى لەشكەر ياڭ جى بۇ، «مەڭلىك ياۋا» دەپ نام ئېلىپ.

ياڭ جى ئات سېلىپ چىقىپ خۇ يەنجو بىلەن ئېلىشتى. قىرىق نەچچە مەرتىۋە ئېلىشقاندىن كېيىن ھېچقايسىسى بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. خۇ يەنجو ياڭ جىنىڭ ئۇرۇش ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرۈپ: «بۇ ئىككىيلەن قەيەردىن كېلىپ قالغاندۇ؟ ئەجەب يامان بىرنېمىلەرغۇ! بۇلارنىڭ ھۈنىرى ئادەتتىكى ئەلكېزەرلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغۇ!» دەپ ئويلىدى. ياڭ جىمۇ خۇ يەنجونىڭ ئۇرۇش ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى سېزىپ چاندۇرۇپ قويغاندەك قىلىپ ئېتىنى بۇراپ ئۆز سېپىگە قېچىپ كەتتى. خۇ يەنجومۇ قوغلىماي ئارقىغا بۇرۇلۇپ كەتتى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆز لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى. لۇ جىشېن ياڭ جىغا:

— بىز بۇ يەرگە يېڭىدىن كەلدۇق، ئۇلارغا يېقىن جايغا قوش تىكىشكە بولمايدۇ. ئارقىغا يىگىرمە چاقىرىم چېكىنەيلى، ئاندىن ئەتە كېلىپ يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشايلى، — دەپ مەسلىھەت سالدى.

ئۇلار چاپارمەنلەرنى باشلاپ يېقىن يەردىكى بىر داۋاندىن ئۆتۈپلا قوش تىكتى.

ئەمدى خۇ يەنجوغا كېلەيلى، ئۇ بارگاھتا بىئارام بولۇپ: «بۇ يەرگە قاراقچىلارنى ھەش - پەش دېگۈچىلا قولغا چۈشۈرىمەن دەپ كەلگەنىدىم. قانداقسىغا يەنە مۇنداق بىر رەقىبكە دۇچ كېلىپ قالدىم، مېنىڭ پېشانەم تەتۈر ئىكەن!» دەپ ئويلىدى. ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ئامبال مۇ رۇڭ ئادەم ئەۋەتتى.

— ئامبال سىزنى، — دېدى كەلگەن كىشى، — چېرىكلەرنى قايتۇرۇپ كېلىپ، شەھەرنى ساقلىسۇن دەيدۇ. شىرمەتلەر تېغىدىكى قاراقچى كۆك مىڭ، كۆك لياڭلار لەشكەر تارتىپ، چىڭجۇ ئايمىقىغا ئاشلىق سوراپ كەلدى، ئۇلارنى ئايماقنىڭ ئاشلىق سېڭىغا تېگىپ قويامدىكىن دەپ سىزنى شەھەرنى قوغداشقا قايتسۇن دەپ بۇيرۇدى.

خۇ يەنجو بۇنى ئاڭلاپلا، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چېرىكلەرنى باشلاپ كېچىلەپ چىڭجۇ ئايمىقىغا قايتىپ كەتتى.

ئەتىسى لۇ جىشېن، ياڭ جى، ۋۇ سۇڭلار يەنە چاپارمەنلەرنى باشلاپ، نەرە تارتىپ چۇقان سالغىنىچە ئۇدۇل تاغ ئېتىكىگە كەلدى، قارىسا چېرىكلەرنىڭ بىرسىمۇ قالماي غايىب بوپتۇ، ئۇلار بۇنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. لى جۇڭ، جۇ تۇڭلار ئادەملىرى بىلەن تاغدىن چۈشۈپ، ئۈچ ئاتامانىنى تاغ تۇراغا تەكلىپ قىلدى، ئات، كالا سويدۇرۇپ ئۇلارنى زىياپەت بېرىپ كۈتتى ۋە تىڭتىڭلاشقا تەرەپ - تەرەپكە ئادەملەر ئەۋەتتى.

ئەمدى خۇ يەنجوغا كېلەيلى، ئۇ چېرىكلەرنى باشلاپ شەھەر يېنىغا كەلگەندە، بىر توپ لەشكەرنىڭ شەھەرگە يېقىن كەلگەنلىكىنى كۆردى. بۇ بىر توپ لەشكەرنىڭ سەردارلىرى شىرمەتلەر تېغى ئېتىكىدىكى كۆك غوجىنىڭ ئوغلى تۇك باش يولتۇز كۆك مىڭ بىلەن تەنھا ئۈچقۇن كۆك لياڭلار ئىدى. ئۇلار ئۆز يۇرتىدىكى بىر باي بىلەن قېرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ئالتە - يەتتە يۈز ئادەم توپلاپ، شىرمەتلەر تېغىغا ئورۇنلىشىۋېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ

كەلدى. ئۇلارنىڭ چىڭجۇ شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق تاغىسى كۆك بىننى ئامبال تۇتۇپ زىندانغا تاشلىغان بولغاچقا، بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن تاغىسىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە تاغ تۇرادىكى چاپارمەنلەرنى ئېلىپ چىڭجۇغا كەلدى. دەل شۇ چاغدا خۇ يەنجونىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئىككى تەرەپتىكى لەشكەرلەر ئېلىشتى. خۇ يەنجو ئات سېلىپ سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئامبال مۇ رۇڭ سېپىل راۋىقىدا قاراپ تۇردى، كۆك مىڭ قولىغا نەيزە تۇتۇپ ئالدىغا ئاتلىق بۆسۈپ چىقىپ خۇ يەنجوغا ئېتىلدى. ئۇلار يىگىرمە نەچچە مەرتىۋە ئېلىشتى. خۇ يەنجۇ ئامبال ئالدىدا ئۆز ماھارىتىنى بىر كۆرسەتمەكچى بولدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆك مىڭنىڭ جەڭ ماھارىتى تۆۋەن بولۇپ خۇ يەنجوغا تەڭ كېلەلمەي ئۆزىنى قاچۇرۇش بىلەن بولۇپ تۇرغاندا، خۇ يەنجو ئۇنىڭ يان تەرىپىدىن قىستاپ كېلىپ، كۆك مىڭنى ئات ئۈستىدىن يۇلۇۋالدى. بۇنى كۆرگەن كۆك لياڭ چاپارمەنلىرىنى باشلاپ بەدەر تىكىۋەتتى، ئامبال مۇ رۇڭ سېپىل راۋىقىدا تۇرۇپ: «ۋاي قوغلاڭلار !» دەپ قولىنى شىلتىپ، خۇ يەنجوغا بۇيرۇق قىلدى. چېرىكلەر قوغلاپ بېرىپ، يۈز نەچچە ئادەمنى تىرىك تۇتۇۋالدى. كۆك لياڭنىڭ لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، پىتىراپ كەتتى، ئۇلار كەچ بولغاندا كونا بىر بۇتخانىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇشتى.

خۇ يەنجو كۆك مىڭنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، شەھەر ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، ئامبال مۇ رۇڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئامبال بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى، كۆك مىڭغا يوغان تاقاق سېلىپ، ئۇنى كۆك بىن ياتقان زىندانغا تاشلىدى. بىر تەرەپتىن ئۈچ قوشۇننى تارتۇقلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن خۇ يەنجونى بەزمە ـ زىياپەت بىلەن كۈتتى ۋە شاپتۇللۇق تاغنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

خۇ يەنجو:

— ئۇلار ئەسلىدە «قولىنى سېلىپلا ئالغۇدەك كومزەك ئىچىدىكى تاشپاقا» ئىدى. كۈتۈلمىگەندە يەنە بىر توپ قاراقچىلار

www.uyghurkitap.com

كېلىپ ئۇلارغا بولۇشتى؛ بۇ كەلگەنلەر ئىچىدىكى بىر شەيخ ۋە بىر مەڭلىك دارازا بىلەن ئېلىشتىم، لېكىن ھېچقايسىمىز بىر ـ بىرىمىزنى يېڭەلمىدۇق. بۇ ئىككىيلەننىڭ جەڭ ماھارىتى ئادەتتىكى ئەلكېزەرلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى تۇتۇپ كېلەلمىدىم، — دېدى جاۋابەن.

— بۇ شەيخ، — دېدى مۇ رۇڭ، — يەنئەن دىيارىدىكى پېشقەدەم باسقاقبەگنىڭ باقاۋۇلى لۇ دا ئىدى، كېيىن چېچىنى چۈشۈرۈپ شەيخ بولۇۋالدى، ئۇنى كىشىلەر گۇلدار شەيخ لۇ جىشېن دەپ ئاتىشىدۇ. مەڭلىك دارازىمۇ ئاستانە ئوردا ياساۋۇللىرى مەھكىمىسىنىڭ پەرمانچىسى، كىشىلەر ئۇنى مەڭلىك ياۋا ياڭ جى دەپ ئاتىشىدۇ. يەنە بىرى دەرۋىش، ئۇنىڭ ئىسمىزاتى ۋۇ سۇڭ، ئۇ ئەسلىدە جىڭياڭ داۋىنىدا يولۋاس ئۆلتۈرگەن يۈزبېشى، بۇ ئۈچەيلەن ئېرلۇڭشەن تېغىغا ئورۇنلىشىۋېلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتى، پادىشاھلىق چېرىكلەرنىڭ تۇتۇشىغا بوي بەرمەي، تۆت تۇتقاۋۇلنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى، ئۇلار تا بۈگۈنگە قەدەر تېخى تۇتۇلماي كېلىۋاتىدۇ.

— ھە، بۇ بىرنېمىلەرنىڭ جەڭ ماھارىتى ئۈستۈن ئىكەن ـ دە، دېمىدىمىمۇ، ئەنە بۇلار ياڭ پەرمانچى بىلەن لۇ باقاۋۇل ئىكەن، ئۇلارنىڭ نامى بىكارغا تارقالماپتۇ ـ دە! شاپائەتچى بېگىم، خاتىرجەم بولسىلا، ئۇلارنىڭ ماھارىتىنىمۇ سىناپ كۆردۈم، بىر كۈن بولمىسا بىر كۈن ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ تۇتۇپ كېلىپ يۈقىرىغا تاپشۇرىمەن، — دېدى خۇ يەنجو.

ئامبال خۇشال بولۇپ خۇ يەنجوغا زىياپەت بەردى ۋە ئۇنى مېھمانخانىغا ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

كۆڭ لياڭ ئۇرۇشتىن قېلىپ قالغان ئادەملىرىنى باشلاپ ئالدىغا ماڭغاندا، ئۇشتۇمتۇتلا جاڭگالدىن بىر توپ لەشكەر بۆسۈپ چىقتى، ئالدىدا ماڭغان بىر پالۋاننى قانداق دېمەمسىز، ئۇ «شىجياڭيۇ» ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بىر نەزمىدە مۇنداق تەرىپلىنىدۇ:

قارا جەندە بويىدا گويا يېپىنغاندەك تۇمان،
پارقىراپ چاچ باسقۇچى نۇر چاقنىتىپ قىرووۋسىمان.
قاچىلاپ ماڭلاي چېچىنى تەپمۇتەكشى قاشقىچە،
تەكشىلەپ ئارقا چېچىنى قايچىلاپ گەدەنگىچە.
پارقىرايدۇ مېڭە ئۈستىخانىدىن ئاق تەسۋىيى،
تاقىغان مەشۈت يېپىدا ساپسېرىق بىر بەلبېغى.
نۇر چاچار گاڭدىن سوقۇلغان قولىدا جۇپ شەمشىرى،
مانا بۇ ۋۇ سۇڭنىڭكى تەقى ـ تۇرقى سۈرىتى.

كۇڭ لياڭ ۋۇ سۇڭنى كۆرگەندىن كېيىن ئالمان ـ تالمان ئاتتىن چۈشۈپ:

— باتۇرۇم، ئوبدان تۇرۇپتىلا؟ — دېدى ۋۇ سۇڭنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ.

ۋۇ سۇڭ تەزىمنى ئىلىك ئېلىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— مەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىلىرىنى شىرمەتلەر تېغىغا ئورۇنلىشىپ، مەردلىك يولىدا جەم بولغانلىقلىرىنى ئاڭلىغانىدىم، ھەرقايسىلىرىنى نەچچە قېتىم يوقلاپ كېلەي دېگەن بولساممۇ، بىرىنچىدىن، تاغدىن چۈشۈشكە ئىمكان بولمىدى، ئىككىنچىدىن، ئۆزلىرىنىڭ يانلىرىغا بېرىشقا سەپەر چىقمىدى، شۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىدى. بۈگۈن نېمە ئىش بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى.

كۇڭ لياڭ تاغىسى كۇڭ بىننى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن چىڭجۇغا تېگىپ ئاكىسىنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى ۋۇ سۇڭ، — ئالتە ـ يەتتە قېرىنداش ئىبرلۇڭشەن تېغىدا مەردلىك يولىدا جەم بولدۇق. چىڭجۇ ئايمىقىنىڭ چېرىكلىرى شاپتۇللۇق تاغدىكى لى جۇڭ، جۇ تۇڭلارغا قاتتىق تەگكەنلىكى ئۈچۈن، ھەمدەملىك سوراپ تاغ

تۇرايىمىزغا كەلگەنىكەن. لۇ جىشىن، ياڭ جى ــ ئىككى ئاتامان ئوغلانلارنى باشلاپ ئاۋۋال خۇ يەنجو بىلەن ئېلىشتى. ئۇلار بىر كۈن ئېلىشقاندىن كېيىن خۇ يەنجو كېچىدە كېتىپ قالدى. شاپتۇللۇق تاغدىكىلەر ئۇچىمىزگە زىياپەت بەردى. بۈگۈن ماڭا لەشكەر بىلەن تاغ تۇرايىمىزغا قايتىشنى بۇيرۇدى. ئۇ ئىككىيلەن ئارقامدىن كېلىدۇ. مەن ئۇلارغا تاغلىرى ۋە ئاكىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن چىڭجۇغا تېگىش قىلىشنى ئېيتىپ باقسام قانداق دەيلا؟

كۇڭ لياڭ ۋۇ سۇڭغا تەشەككۇر بىلدۇردى، ئۇلار بىر پەس ساقلىغاندىن كېيىن لۇ جىشىن، ياڭ جىلار تەڭلا ئات سېلىپ يېتىپ كەلدى. ۋۇ سۇڭ كۇڭ لياڭنى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈردى ۋە:

ــ مەن بۇ ياقىنىڭ جاڭزىسىدا سۇڭ جياڭ بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇلارغا كۆپ ئاۋارىگەرچىلىك سالغانىدىم، ئەمدى بىز مەردلىكنى ئەلا بىلىپ، ئۈچ تاغدىكى لەشكەرلەرنى توپلاپ، چىڭجۇ ئايمىقىغا تېگىش قىلايلى، ئامبال مۇ رۇڭنى ئۆلتۈرۈپ، خۇ يەنجۇنى قولغا چۈشۈرەيلى، ئايماقنىڭ ئاشلىق سېڭىدىكى ئاشلىقنى ۋە خەزىنىسىدىكى پۇللارنى تاغ تۇراغا ئېلىپ كېتەيلى، بۇ مەسلىھەتىم قانداقراق؟ ــ دېدى.

ــ مېنىڭ ئويلىغىنىممۇ شۇ، ــ دېدى لۇ جىشىن، ــ شاپتۇللۇق تاغقا ئادەم ئەۋەتەيلى، لى جۇڭ بىلەن جۇ تۇڭ ئۆز ئوغلانلىرىنى باشلاپ كەلسۇن، بىز ئۈچ تاغدىكىلەر بىرلىشىپ چىڭجۇغا تېگىش قىلايلى.

ــ چىڭجۇ شەھىرىنىڭ سېپىللىرى ناھايىتى پۇختا، ــ دېدى ياڭ جى، ــ چېرىكلىرىمۇ قاۋۇل؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇ يەنجو قالتىس باتۇر بىرنېمە. بۇ ئۆزىمىزنىڭ ھەيۋىتىمىزنى يوقاتقانلىق ئەمەس، ئەگەر چىڭجۇغا تېگىمىز دېسەك مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، شۇ چاغدا شۇ شەھەرنى ئاسانلا ئالغىلى بولىدۇ.

— قېنى ئاغا، پەنتىڭىزنى ئاڭلايلى! — دېدى ۋۇ سۇڭ.
ياڭ جى قىسقىغىنا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى.
ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس! چىڭجۇ شەھىرىنىڭ ھەممە ئۆيلىرى كۆلى قالغۇچە خاراب بولغۇسى، خارابە ئۈستىدە تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ ئىس - تۈتەكلەر چىقىقۇسى، سۇ بويى باتۇرلىرى يەڭلىرىنى شىمايلاپ تەخ بولۇپ تۇرغۇسى. ياڭ جىنىڭ ۋۇ سۇڭغا چىڭجۇغا تېگىش قىلىش توغرىسىدا نېمىلەرنى ئېيتقانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئەللىك سەككىزىنچى باب

## ئۈچ تاغدىكىلەرنىڭ مەردلىك يولىدا جەم بولۇپ چىڭجۇغا تەگكەنلىكى
## شىرمەتلەرنىڭ بىر نىيەتكە كېلىپ سۇ بويىدىكىلەرگە قېتىلغانلىقى

شۇ ئەسنادا ۋۇ سۇڭ كۇڭ لياڭنى لۇ جىشېن، ياڭ جىلار ئالدىغا باشلاپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈردى، كۇڭ لياڭ ئۇلاردىن ئاكىسى كۇڭ مىڭ، تاغىسى كۇڭ بىنلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئىلتىجا قىلدى. لۇ جىشېن دەرھال ئۈچ تاغ لەشكەرلىرىنى توپلاپ چىڭجۇغا تەگمەك بولدى. ياڭ جى:
— ئەگەر چىڭجۇغا تېگىمىز دېسەك، نۇرغۇن لەشكەر كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇنى ئالغىلى بولىدۇ. مەن لياڭشەن كۆلىدىكى سۇڭ دانىش دېگەن بىر كىشىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان، ئەل - يۇرت ئۇنى شىپالىق يامغۇر سۇڭ جياڭ دەپ ئاتىشىدۇ. سۇڭ جياڭ خۇ يەنجوغا تازا ئۆچ. بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز بىلەن كۇڭ جەمەتىنىڭ لەشكەرلىرىنى يىغىپ مۇشۇ يەرگە توپلايلى. شاپتۇللۇق تاغدىكى لەشكەرلەرمۇ كېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن چىڭجۇ ئايمىقىغا تېگىش قىلايلى. كۇڭ لياڭ ئىنىم، سىز كېچىلەپ لياڭشەن كۆلىگە بېرىپ سۇڭ دانىشنى چىللاپ كېلىڭ. بۇ شەھەرگە كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ تېگىش قىلىش ھەممىدىن ئەۋزەل. سىزنىڭ سۇڭ جياڭ باتۇر بىلەن بولغان ئالاقىڭىز قويۇق، قېنى قېرىنداشلار قانداق دەيسىلەر؟ — دېدى.
— بۇ گەپ دېگەن يەردىن چىقتى، — دېدى لۇ جىشېن، —

مەنمۇ بۇگۈن بۇنىڭ ئاغزىدىن، ئەتىسى ئۇنىڭ ئاغزىدىن سۆڭ جياڭ باتۇر ياخشى ئادەم دېگەننى ئاڭلاپ كەلدىم، شۇغىنىسى ئۇنىڭ بىلەن مولاقات بولالمىدىم. خەلقىئالەم ئۇنىڭ نامىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي دەۋىرىپ، قولىقىم پاڭمۇ بولاي دەپ قالدى، قارىغاندا ئۇ دەرھەقىقەت ياخشى ئەر ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئالەمگە نامى پۇر كەتكەن سۆڭ جياڭ، خۇا رۇڭ تۇرابىگى شامال تاغدا تۇرغان چېغىدا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشنى نىيەت قىلغانىدىم، ئەمدى باراي دەپ تەمشەلگەندە، ئۇنى تىلاۋەتكە كېتىپتۇ دەپ ئاڭلاپ بارالماي قالغانىدىم. بوپتۇ! كۇڭ لياڭ ئىنى، سىز ئاكىڭىزنى قۇتقۇزماقچى بولسىڭىز، ئۇ يەرگە ئۆزىڭىز بېرىپ ئۇلارغا ئىلتىجا قىلىڭ؛ بىز بۇ يەردە ئۇ مەلئۇنلار بىلەن ئېلىشىپ تۇرايلى.

كۇڭ لياڭ چاپارمەنلىرىنى لۇ جىشېنغا تاپشۇرۇپ قويدى ۋە بىر ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ، كارۋان سىياقىدا ياساندى ـ دە، كېچىلەپ لياڭشەن كۆلىنى پاناھ تۇتۇپ ماڭدى.

ئەمدى لۇ جىشېن، ياڭ جى، ۋۇ سۇڭلارغا كەلسەك، ئۇلار تاغ تۇراغا بېرىپ شى ئېن، ساۋ جېڭلارنى چاقىردى، ئاندىن يەنە بىر ـ ئىككى يۈز ئادەم ئېلىۋېلىپ تاغ تۇرادىن ھەمدەم بولۇشقا چۈشتى، شاپتۇللۇق تاغدىكى لى جۇڭ، جۇ تۇڭلار خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ئادەملىرىنى ئېدىتلاپ تۇرا ـ قاشانى ساقلاشقا ئوتتۇز ـ قىرىق ئادەم قالدۇردى. قالغان لەشكەرلىرىنى چىڭجۇ شەھىرى تۇۋىگە ئېلىپ بېرىپ، شەھەرگە تېگىشكە تەخمۇتەخ بولدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى كۇڭ لياڭدىن ئاڭلايلى. ئۇ چىڭجۇ ئايمىقىدىن چىقىپ، ئەگرى ـ توقاي يوللار بىلەن لياڭشەن كۆلى بويىدىكى جان ئالغۇچى ئەزرائىل لى لىنىڭ مەيخانىسىغا كەلدى. ئۇ مەيخانىدا مەي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ يولنى سۈرۈشتۈردى. لى لىغا بۇ ئىككىيلەن يات كۆرۈندى، شۇڭا ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ:

www.uyghurkitap.com

— مېھمانلار، قەيەردىن كېلىشتىلە؟ — دەپ سورىدى.
— چىڭجۇدىن كەلدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى كۇڭ لياڭ.
— مېھمانلار، لياڭشەن كۆلگە كىمنى ئىزدەپ بېرىشىدىلا؟ — دەپ سورىدى لى لى.
— ئۇ يەردە بىر تونۇشىمىز بار ئىدى، شۇنى ئىزدەپ بارماقچىمىز، — دېدى كۇڭ لياڭ جاۋابەن.
— تاغ تۇرادا ئاتامان ھەزرەتلەر تۇرىدۇ، ئۇ يەرگە قانداق بارىدىلا؟
— بىز ئەنە شۇ سۇڭ ھەزرەتنى ئىزدەيمىز.
— سۇڭ ھەزرەتنى ئىزدەپ كەلگەن بولسىلا، بۇ يەردە قائىدە - يوسۇنىمىز بار، — دېدى - دە، لى لى خىزمەتكارلىرىنى يوسۇن شارابى تەييارلاشقا بۇيرۇدى.
— بىز تونۇشمىساق، نېمىشقا مۇنچىلا كايىپ كېتىسىز؟ — دېدى كۇڭ لياڭ.
— مېھمان، ئۆزلىرى بىلمەيلا، تاغ تۇرادىكى ئاتامانلارنى ئىزدەپ كەلگەنلەر توپ ئېچىدىكى كىشىلەرنىڭ قەدىناس دوستلىرى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلماي بولمايدۇ! مەن ھازىر بېرىپ خەۋەر قىلاي، — دېدى لى لى.
— پېقىر شىرمەتلەر تېغى ئالدىدا ئولتۇرىدىغان كۇڭ لياڭ بولىمەن.
— سۇڭ دانىش ئاغزىدىن مۇبارەكناملىرىنى ئاڭلىغانىدىم، بۈگۈن بىر ئۇبدان تاغقا چىقىپلا.

ئىككىيلەن يوسۇن شارابىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال پەنجىرىنى ئېچىپ سۇ ئىچىدىكى شىپاڭدىن ئاۋازلىق بىر ياي ئوق ئاتتى. بۇ چاغدا ئۇدۇلدىكى شاخاپچىنىڭ قومۇشلۇقىدىن چاپارمەنلەر بىر قېيىقنى ھەيدەپ چىقتى. ئۇلار قېيىقنى سۇ ئىچىدىكى شىپاڭ تۇۋىگە ھەيدەپ كېلىپ توختاتتى، لى لى كۇڭ لياڭنى قېيىققا چۈشۈرۈپ، بىللە جىنشاتەن ساھىلى قىرغىقىغا چىقىپ قوۋۇققا باردى. كۇڭ لياڭ ئۈچ قوۋۇقنىڭ

ھەيۋەتلىكىنى، بەش قولدەك تۈرغان نەيزە، قىلىچ، شەمشەر، يالمانلارنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلىدە: «لياقشەن كۆلىنى روناق تېپىپ كەتتى، دەپ ئاڭلىغانىدىم، پاھ ! دېمىسىمۇ شۇنچىلىك روناق تېپىپ كېتىپتۇ ـ دە!» دەپ ئويلىدى. چاپارمەنلەردىن بىرسى كىرىپ كېتىپ خەۋەر قىلدى، سۇڭ جياڭ ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. كۇڭ لياڭ سۇڭ جياڭنى كۆرۈپ دەرھال يۈكۈنۈپ سالام قىلدى. سۇڭ جياڭ:

— ئەزىز ئىنىم، نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە كەلدىڭىز، — دەپ سورىدى.

كۇڭ لياڭ سالامدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇن سېلىپ يىغلىدى.

— ئەزىز ئىنىم، كۆڭلىڭىزدە يېشەلمەس قانداق بىر مۇشكۈللۈك بار، قورۇنماي ئېيتىۋېرىڭ، سۇ كەلسە سۇغا چۆشۈپ، ئوت كەلسە ئوتقا كىرىپ كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ھەمدەم بولۇپ قۇتقۇزاي، ئىنىم، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— ئۇستازىم، ئۆزلىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئاتام قازا تاپتى، كۇڭ مىڭ يېزىمىزدىكى بىر تۆرە بىلەن قېرىشىپ قېلىپ، ئۇنى خوتۇن ـ باللىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىدىن، پادىشاھلىق تۇتۇپ سولايمىز دەپ قاتتىق ئىز ـ دېرىكىنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قېچىپ شىرمەتلەر تېغىغا چىقىۋالدۇق. ئالتە ـ يەتتە يۈز ئادەم توپلاپ بۇلاڭ ـ تالاڭ بىلەن كۈن كەچۈرگەنىدۇق، چىڭجۇ شەھىرىدە كۇڭ بىن دېگەن بىر تاغام بار ئىدى، ئۇنى مۇ رۇڭ تۇتۇۋېلىپ بويىنىغا ئېغىر تاقاق سېلىپ زىندانغا تاشلىدى، شۇ ۋەجىدىن قېرىنداش ئىككىمىز تاغام كۇڭ بىننى قۇتقۇزۇۋېلىش نىيىتىدە شەھەرگە تەگمەكچى بولۇپ بارغانىدۇق. شەھەر تۈۋىگە بارغاندا، ئويلىمىغان يەردىن قوش يارما دەستە كۆتۈرگەن خۇ يەنجو دېگەن بىرىنىڭ قولىغا ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئاكام ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى، كېيىن ئۇ

ئاكامنى تۇتۇۋېلىپ چىڭجۇ ئايمىقىغا ئاپىرىپ زىندانغا تاشلىدى، ئۇنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكىدىن دېرەك يوق، ئۇ پېيىقىرنىمۇ ئۆلتۈرىمەن دەپ بىرپەس قوغلىدى. ئەتىسى ۋۇ سۇڭغا يولۇقۇپ قالدىم. ئۇ ئۇستازىم ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەكناملىرىنى ئېغىزغا ئالدى. ئاندىن مېنى ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتۈردى؛ بىرسىنى گۇلدار شەيخ لۇ جىشېن، بىرسىنى مەڭلىك ياۋا ياڭ جى دەيدىكەن. بۇ ئىككىيلەن مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپلا خۇددى كونا قەدىناسلاردەك كۆرۈپ، ئاكامنى قۇتقۇزۇش ئۇستىدە كېڭەشتى، ۋۇ سۇڭ: «چىڭجۇ ئايمىقىغا تېگىش ئۈچۈن ئېرلۇڭشەن تېغىدىكى باتۇر ـ ئەزىمەتلەردىن باشقا، يەنە شاپتۇللۇق تاغدىكى لى جۇڭ، جۇ تۇڭلارنىڭ چاپارمەنلىرىنى ۋە شىرمەتلەر تېغىنىڭ چاپارمەنلىرىنى بىرلەشتۈرەيلى، سىز كېچىلەپ لياڭشەن كۆلىگە تېز بېرىپ ئۇستازىڭىز سۇڭ دانىشتىن ئاكىڭىز بىلەن تاغىڭىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشى ئۈچۈن ياردەمگە ئادەم ئەۋەتىشنى ئىلتىجا قىلىپ ئادەم باشلاپ كېلىڭ» دېدى. شۇ گەپ بىلەن بۈگۈن ئۇدۇل بۇ يەرگە كەلدىم، — دېدى.

— بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس، خاتىرجەم بولۇڭ، ئاۋۋال ئاتامان چاۋ گەي بىلەن كۆرۈشۈڭ، بىللە مەسلىھەتلىشەيلى، — دېدى سۇڭ جياڭ.

سۇڭ جياڭ كۇڭ لياڭنى چاۋ گەي، ۋۇ يۇڭ، گۇڭسۇن شېڭ ۋە باشقا ئاتامانلار بىلەن كۆرۈشتۈردى ۋە خۇ يەنجونىڭ چىڭجۇ ئايمىقىغا بېرىپ ئامبال مۇ رۇڭغا قوشۇلۇپ كۇڭ مىڭنى تۇتقانلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن كۇڭ لياڭ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قويۇشنى ئىلتىجا قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— بۇ ئىككى جايدىكى پالۋانلار مەردلىكنى قولدىن بەرمەي، مېھرىبانلىق قىلماقچى بولۇۋاتسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇلار باتۇرۇم ئۆزلىرىنىڭ جانجىگەر دوستلىرى تۇرسا، بىز نېمىشقا

بارمايلى؟ ئەزىز باتۇرلىرىم، ئۆزلىرى تاغدىن تولا چۈشتىلە، بۇ قېتىم تۇرانى ساقلاپ قېلىپ قالسىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئورنىدا كەمىنىلىرى چۈشۈپ چىقاي، — دېدى چاۋ گەي.

— ئاغا، ئۆزلىرى تاغ تۇرامىزنىڭ باشپاناھى، بۇ يەردىن قوزغالسىلا بولمايدۇ، بۇ مېنىڭ ئىشىم، ئۇ يىراقتىن پاناھ تارتىپ كەلگەندىكىن، مەن ئۆزۈم بارمىسام قېرىنداشلارنىڭ كۆڭلى ئارام تاپالماي قالارمىكىن. پېقىر بىرنەچچە بۇرادەر بىلەن بېرىشقا رازىمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

سۇڭ جياڭنىڭ بۇ سۆزى ئۈزۈلمەيلا سارايىنىڭ ھەممە تەرىپىدىن گۇررىدە:

— ئۆزلىرى بىلەن بىللە بېرىپ، كىچىككىنە بولسىمۇ كۈچ چىقىرىشنى خالايمىز، — دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى.

سۇڭ جياڭ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. شۇ كۈنى زىياپەت ئۆتكۈزۈپ كۇڭ لياڭنى مېھمان قىلدى. زىياپەت ئۈستىدە سۇڭ جياڭ ئادىل پەتىۋاچى پېي شۇەننى چاقىرىپ تاغدىن بىللە بارىدىغان ئادەملەرنى ئېنىقلاپ، بەش قوشۇن بولۇپ ماڭىدىغان بولدى: تۇرشاۋۇل قوشۇنغا خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، يەن شۇن، ۋاڭ پەتەك يولۋاسلارنى؛ ئىككىنچى توپقا مۇ خۇڭ، ياڭ شيۇڭ، شيې جېن، شيې باۋلارنى تەيىنلەشنى؛ بارگاھ قوشۇنغا سۇڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭ، لۇ فاڭ، گو شېڭلار سەردار بولۇشنى؛ ئۈچىنچى توپقا جۇ تۇڭ، چەي جىن، لى جۈن، جاڭ خېڭلارنى؛ ھىماتچى قوشۇنغا سۇن لى، ياڭ لىن، ئوۋ پېڭ، لى جېنلارنى لەشكەرلەرگە ھەيدەكچى بولۇپ مېڭىشقا تەيىنلەشنى ئۇقتۇردى. لياڭشەن كۆلىدىكى بەش قوشۇن، جەمئىي يىگىرمە ئاتامان، ئۈچ مىڭ كىشىلىك ئاتلىق، پىيادە لەشكەر تەيىن قىلىندى. قالغان ئاتامانلار چاۋ گەي بىلەن تۇرا ـ قاشانى ساقلاشقا قالدۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، سۇڭ جياڭ چاۋ گەي بىلەن ۋىدالىشىپ، كۇڭ لياڭ بىلەن تاغدىن يۈرۈپ كەتتى. لياڭشەن لەشكەرلىرى بەش قوشۇنغا بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## نەزم

تۇنجى رەت ئاتلاندى لياڭشەندىن جەڭگە،
سەپ تارتىپ دەريانىڭ ئەجدىھاسىدەك؛
لياڭشەن تىغىدىن چىقتى سەپەرگە،
بوراندا ئىتىلغان يولۋاس ـ قاپلاندەك.
بەش قوشۇن قوزغالدى دۈكۈرەپ تەڭلا،
ئالدى ـ كەينىدە يىگىرمە پالۋان.
بىر ئۈزۈن سەپ تۈزۈپ ماڭدى يارەنلەر ـــ
ئۈچ مىڭ سەرۋاز جەم بولۇپ شۇئان.
بەش قولدەك كەشتىلىك ھەر رەڭ ئەلەملەر،
گويا ئوخشايتتى بۇلۇت ـ تۇمانغا.
كۆزنى چاقنىتىپ پولات شەمشەرلەر،
خۇددى قار، قىروۋدەك چاقناپ ھەر يانغا.
جاراڭلاپ قوڭغۇراقلار، ئاتلار ئويناقلاپ،
گۇمبۇرلەپ دۇمباقلار، چاپتى لەشكەرلەر؛
سىرىق چاڭ ـ تۇمانلار كۆككە توزغاقلاپ،
تۆكۈلدى ئاسماندىن توپا ـ يامغۇرلار.
ماڭدى ئوتتۇردا ئەلەم ئىچىدە،
پەملىك ـ ئەقىللىك ۋۇ يوڭ خەلپىتىم؛
ئورۇن ئەپ زۇمرەت خادا تۇۋىدە،
تەڭرى يولىن تۇتقۇچى سۇڭ دانىش بىگىم.
بىرىشتا يولدىكى جىن ـ شاياتۇنلار،
قوۋۇشتۇرۇپ قولىنى تەزىم قىلىشتى.
قايتىشقا ياڭرىتىپ خەقلەر قوشاقلار،
بەللى ـ ھۇششەررە دەپ مەدھىي ئوقۇشتى.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ لياڭشەن كۆلىدىن يىگىرمە ئاتامانىنى، ئۈچ مىڭ لەشكەرنى باشلاپ، بەش قوشۇنغا بۆلۈنۈپ

يولغا چىقتى، يول ئۈستىدە ھېچ ۋەقە ئۆتۈلمىدى. ئايماق، ناھىيەلەردىن ئۆتكەچ ھېچنېمىگە چېقىلمىدى. چىڭجۇ ئايمىقىغا يېتىپ بارغاندا كۇڭ لياڭ ئاۋۋال لۇ جىشېنلارنىڭ لەشكىرى ئىچىگە بېرىپ، پالۋانلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. سۇڭ جياڭنىڭ بارگاھ قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋۇ سۇڭ لۇ جىشېن، ياڭ جى، لى جۇڭ، جۇ تۇڭ، شى ئېن، ساۋ جېڭلارنى باشلاپ كىرىپ سۇڭ جياڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. سۇڭ جياڭ لۇ جىشېننى تۆرگە تەكلىپ قىلدى.

— ئاغا، ئۇزۇندىن بۇيان مۇبارەك ناملىرىنى ئاڭلاپ كەلدىم، كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىدى، بۈگۈن ئۆزلىرى بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىمغا بىھېساب خۇشالمەن، — دېدى لۇ جىشېن.

— پېقىر ئۇنداق دېيىشكە ئەرزىمەيمەن! ئەل - يۇرتتىكى مەرد پالۋانلار ئۆزلىرىنى دىيانەتلىك، پەزىلەتلىك دەپ ماختىشىدۇ، بۈگۈن مېھرىبان دىدارلىرىغا مۇلاقات بولدۇم، ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختىيار ھېسابلايمەن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— پېقىر بۇرۇنمۇ لياڭشەن كۆلىدىن ئۆتكەنىدىم، ئۆزلىرى تاغ تۇرادا ناھايىتى كۆپ ئىززەت - ھۆرمىتىمنى قىلىپ كۆپ تۇتقانىدىلە؛ كەم ئەقىللىك قىلىپ تۇرۇپ قېلىشقا ئۇنىماپتىمەن. بۈگۈن بەختىمىزگە يارىشا ئۆزلىرى تاغ تۇرانى گۈللەندۈرۈۋەتتىلە، بۇ جاھاندا كارامەت ياخشى ئىش بولدى، — دېدى ياڭ جىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— پەرمانچى، ئۆزلىرىنىڭ شۆھرەتلىك ناملىرى يۇرت - ئەلگە تارقالغان، ئىسىت! مەن ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشتە بەك كېچىكتىم، — دېدى سۇڭ جياڭ.

لۇ جىشېن ئادەملىرىگە ئۇلارنى كۈتۈشكە مەي - شاراب تەييارلاشنى بۇيرۇپ، ھەممىسى بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى، ئەتىسى سۇڭ جياڭ:

— چىڭجۇ تەۋەسىدە يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان يېڭىش كىم

تەرەپتە بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كۆڭ لياڭ كېتىپ قالغاندىن كېيىن ئىلگىرى - ئاخىر تۆت - بەش قېتىم ئېلىشىپ باقتۇق، ھېچقايسى تەرەپ يېڭەلمىدى. ھازىر چىڭجۇ ئايمىقى پەقەت خۇ يەنجوغىلا تايىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ؛ ئەگەر بۇ ئادەمنى قولغا چۈشۈرەلىسەك، بۇ شەھەر خۇددى قاردەك ئېرىپ كېتىدۇ، — دېدى ياڭ جى.

— بۇ ئادەمنى كۈچ ئىشلىتىپ ئەمەس، پەم - پاراسەت بىلەن تۇتۇش كېرەك، — دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت كۈلۈپ.

— بۇ ئادەمنى قانداق پەم - پاراسەت بىلەن قولغا چۈشۈرىمىز؟ — دېدى سۇڭ جياڭ.

— مۇنداق - مۇنداق يول بىلەنلا، — دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

— بۇ پەنت ناھايىتى ئەپلىك ئىكەن.

شۇ كۈنى لەشكەرلەر ئاجرىتىلدى. ئەتىسى ئەتىگەن يولغا چىققان لەشكەرلەرنىڭ ئالدى چىڭجۇ شەھىرىنىڭ يېنىغا باردى، شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىنى لەشكەرلەر قورشىۋالدى، داقا - دۇمباقلار ياڭراپ، ئەلەم چۆرۈلۈپ، چۇقان - سۈرەنلار كۆتۈرۈلۈپ ئۇرۇشقا چىللاندى. شەھەر ئىچىدىكى مۇ رۇڭ ئامبال بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھاپىلا - شاپىلا خۇ يەنجونى مەسلىھەتكە چاقىرىپ:

— بۇ قېتىم قاراقچىلار يەنە لياڭشەن كۆلىدىكى سۇڭ جياڭغا خەۋەر قىلىپ، ئۇنى ئەكەپتۇ، بۇنىڭغا قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى.

— جانابلىرى بۇنىڭدىن خاتىرىلىرىنى جەم قىلسىلا، قاراقچىلار كەلسە، يەر شارائىتىدىن پايدىلىنالمايدۇ، بۇ بىرنېمىلەر سۇ بويىدىلا ھۆركىرىيەلەيدۇ، ئەمدى ئۇۋىسىدىن چىقىپ كەلدى، بىرسى كەلسە، بىرسىنى جايلايمىز، قېنى، ئۇلار قانداق ھۈنەر كۆرسىتەلەيدىكىن؟ ھەزرەتلىرى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ خۇ يەنجونىڭ ئۇلار بىلەن قانداق ئېلىشىدىغانلىقىغا قاراپ تۇرسىلا، — دېدى خۇ يەنجو ۋە ئالدىراپ - تېنەپ

قۇياقلىرىنى كىيىپ ئاتلاندى، ئاسما كۆۋرۈكنى قويۇۋېتىپ مىڭ چېرىك ئېلىپ شەھەرگە يېقىنراق بىر جايدا سەپراس بولۇپ تۇردى. سۇڭ جياڭ سىپىدىن بىر باتۇر ئات چاپتۇرۇپ چىقتى. ئۇ كىشى قولىغا بۆرە چىشلىق كالتەكنى تۇتقىنىچە، ئامبالنى قاتتىق تىللاپ:

— ھەي خەقنى زار - زار قاقشاتقان خىيانەتكار ئوغرى! ئۆيۈمدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردۈڭ، بۈگۈن قانلىق قىساسنى ئالىدىغان بولدۇم! — دەپ توۋلىدى.

— ھەي مۇتتەھەم، سەن ئوردا تەيىنلىگەن مەنسەپدار، پادىشاھلىق ساڭا يامان قىلمىسا، نېمە ۋەجىدىن ئىسيان قىلىپ پادىشاھلىقا يانىسەن، ناۋادا قولۇمغا چۈشۈپ قالىدىغان بولساڭ تېنىڭنى پارە - پارە، لەخشە - لەخشە قىلىۋېتىمەن! قېنى، ئاۋۋال بۇ قاراقچىنى تۇتۇڭلار لەشكەرلەر! — دەپ تىللىدى ئامبال مۇ رۇڭ چىن مىڭنى تونۇغاندىن كېيىن.

خۇ يەنجو بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قوش يارما دەستىسىنى ئوينىتىپ، چىن مىڭغا قاراپ ئات سالدى. چىن مىڭمۇ ئۇنىڭغا ئات سېلىپ بۆرە چىشلىق كالتەكنى پىرقىرىتىپ، خۇ يەنجوغا دۈشىنىپ كەلدى، بىر - بىرىگە دەل كېلىشكەن بۇ ئىككىيلەن گىرەلىشىپ ئېلىشتى. بۇنىڭغا «شىجياڭيۇ» ئۇسلۇبىدا يېزىلغان تۆۋەندىكى نەزم دەلىل:

يارما دەستە ئالدى قوش خۇ يەنجو ئەجدىھا قۇيرۇقى،
ئوينىدى چىن مىڭ قولىدا بۆرە چىشلىق كالتەكى.
ئۈچ قوشۇن كۆرمەك بىلەن قاماشتى شۇلئان جۇپ كۆزى،
ئات سېلىپ مەيدانغا چۈشتى ئىككى سەردار ھەربىرى.
ئوينىتىپ كالتەكنى چىقتى بارىگاھنىڭ رەھبىرى،
يارما دەستىنى كۆتۈردى پالۋان پەرزەندىسى.
بولدى قىرغىن، يەر - زېمىن قاپلاندى زۇلمەت، قۇم بىلەن،
جىن - شاياتۇنمۇ چىقار كۆرسە بۇنى ھوش - كاللىسى.

ئىككىسى قىرىق ـ ئەللىك مەرتىۋە ئېلىشتى، بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. ئامبال مۇ روڭ ئېلىشىش ئۇزۇن داۋام قىلغاننى كۆرۈپ، خۇ يەنجونى يېڭىلىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئالمان ـ تالمان جاڭ چېلىپ چېرىكلىرىنى يىغىشقا بۇيرۇق بەردى، بۇنىڭ بىلەن خۇيەنجو چېرىكلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. چىن مىڭمۇ قوغلىماي ئۆز سېپىگە قايتىپ كەتتى. سۇڭجياڭ ئاتامانلىرىنى ئون بەش چاقىرىم نېرىسىغا چېكىنىپ قوش تىكىشكە بۇيرۇدى.

ئەمدى خۇ يەنجوغا كەلسەك، ئۇ شەھەرگە قايتىپ بېرىپ ئېتىدىن چۈشتى ـ دە، ئامبال مۇ روڭ ئالدىغا بېرىپ:

— كەمىنىلىرى چىن مىڭنى تۇتاي دەپ تۇرسام، جانابلىرى نېمىشقا چېرىكلەرنى يىغىۋالدىلا؟ — دېدى.

— مەن سىلىنىڭ نۇرغۇن ئېلىشقانلىرىنى كۆرۈپ، ھېرىپ كەتتىمىكىن دەپ، دەم ئېلىۋالسۇن دېگەن نىيەتتە چېرىكلەرنى يىغىۋالدىم، چىن مىڭ دېگەن مۇتتەھەم بۇرۇن مېنىڭ چېرىكلىرىمنىڭ قولبېشى ئىدى. خۇا روڭ بىلەن بىللە مەندىن يۈز ئۆرۈپ كەتتى، بۇ مۇتتەھەمنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئامبال.

— ئالىيلىرى خاتىرجەم بولسىلا، كەمىنىلىرى بۇ ۋاپاسىز ئوغرىنى چوقۇم تۇتىمەن! ھېلى ئېلىشقاندا ئۇ چاندۇرۇپ قويغانىدى، ئەتە بۇ ئوغرىنىڭ بېشىنى كېسىپ كەلمىگىنىمنى كۆرسىلە جانابلىرى! — دېدى خۇ يەنجو.

— سەركەردەم، ئەگەر شۇنچە باتۇر بولسىلا، ئەتە ياۋ كېلىپ قالسا، ئالدىدا مېڭىپ يول ئېچىپ ئۈچ ئادەمنى چىقىرىۋەتسىلە: ئۇنىڭ بىرى، ئاستانىدىن ھەمدەملىك سوراپ بارسۇن. ئىككىسى قوشنا دىيار، ئايماق، يامۇللارغا بېرىپ، ئۇلاردىن چېرىك چىقىرىپ، قاراقچىلارنى تۇتۇشقا ياردەم سوراپ كەلسۇن، — دېدى ئامبال.

— جانابلىرىنىڭ بۇ پىكىرلىرى ئاجايىپ ئاقىلانە پىكىر



www.uyghurkitap.com

بولدى، — دېدى خۇ يەنجو.

ئامبال شۇ ھامان ياردەم سوراش مەكتۇپى يېزىپ قاۋۇل ئۈچ سىپاھقا تۇتقۇزۇپ تەخمۇتەخ قىلدى.

ئەمدى خۇ يەنجوغا كەلسەك، چۈشكۈنگە قايتىپ كىيىم - قۇياقلىرىنى يېشىپ ئارام ئالدى. ئەتىسى تېخى تاڭ يورۇمايلا بىر چېرىك كىرىپ:

— شەھەرنىڭ يۇقىرى قوۋۇقى سىرتىدىكى تاغ بېلىدە ئۈچ ئاتلىق كېلىپ شەھەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ: ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل تون كىيىپ ئاق ئات مىنىپتۇ. ئىككى يېنىدىكىسىدىن ئوڭدىكىسىنىلا تونۇدۇم، ئۇ كىچىك لىگۇاڭ خۇا رۇڭ ئىكەن، سولدىكىسى دەرۋىشتەك ياسىنىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— قىزىل تون كىيگىنى ئوزايىدىن سۇڭ جياڭ چېغى. دەرۋىشتەك ياسانغىنى جەزمەن مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ، ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتمەڭلار، يۇز لەشكەر بىلەن ئۆزۈم چىقىپ تۇتمىسام بولمىغۇدەك، — دېدى خۇ يەنجو.

خۇ يەنجو دەرھال جابدۇنۇپ ئاتلاندى، قولىغا قوش يارما دەستىسىنى ئالدى، ئاندىن يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىق چېرىكنى باشلاپ، جىمغىنا يۇقىرى قوۋۇقنى ئاچقۇزۇپ، ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈرتتى - دە، چېرىكلىرىنى ئېلىپ تاغ بېلىگە كەلدى. سۇڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭ، خۇا رۇڭ شەھەرگە تىكىلىپ تۇراتتى. خۇ يەنجو ئېتىنى قامچىلاپ تاغ بېلىگە چىقىشىغا ئۈچەيلەن ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئاستاغىنا كېتىپ قېلىشتى. خۇ يەنجو ئالدى تەرەپتىكى نەچچە تۈپ قاقشال تېرەك تۈۋىگە قوغلاپ باردى، سۇڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭ، خۇا رۇڭلار ئاتلىرىنى توختىتىپ قاتار تۇراتتى. خۇ يەنجو ئەمدىلا قاقشال تېرەك تۈۋىگە يېتىپ كېلىشىگە سۈرەن - چۇقان كۆتۈرۈلدى، خۇ يەنجو لەخمىگە پۈتلىشىپ ئات - پېتى بىلەن تىقىلىپ قالدى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپتىن ئەللىك - ئاتمىش ئىلمەك ئوقرۇقچى چىقىپ، خۇ يەنجونى ئىلدى - دە، باغلاپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئېتىنى يېتىلەپ

ماڭدى. ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن چېرىكلەردىن بەش ـ ئالتىسىنى خوۋا روڭ ئوقياسى بىلەن ئېتىپ يىقىتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكىلەر ئاتلىرىنىڭ بېشىنى قايرىپ، دۈكۈرەپ قېچىپ كەتتى.

سۇڭ جياڭ قوشقا قايتىپ كېلىپ ئولتۇرۇشىغا خۇ يەنجونى لەشكەرلەر ئېتتەرگىنىچە ئېلىپ كىردى. ئۇنى كۆرگەن سۇڭ جياڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— يېشىۋېتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى لەشكەرلىرىگە ۋە ئۇنى ئۆزى يۆلەپ بارگاھنىڭ تۆرىگە چىقىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. خۇ يەنجو:

— نېمە سەۋەبتىن مۇنداق قىلىشىسىلە؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر سۇڭ جياڭ ئوردىغا بىۋاپالىق قىلىشقا ھەددىمۇ؟ — دېدى سۇڭ جياڭ، — بەگ ـ سىپاھلارنىڭ خىيانەتكارلىقى، بىشەملىكى دەستىدىن چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، شۇڭا لياڭشەن بويىنى ۋاقىتىنچە پاناھداشقا ماكان تۇتۇپ، ئوردىنىڭ ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىشىنى كۈتۈپ يېتىپتىمەن. ئويلىمىغاندا، سەردارىم، ئۆزلىرىنى لەشكەر تارتىپ بۇ يەرگە كېلىشكە جوۋاتتىم. ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقلىرىغا قايىلمەن. بۇگۈن ئۆتكۈزگەن گۇناھىمىزنى كەچۈرگەيلا.

— تۇتۇلغان ئادەمنى ئۆلتۈرسىمۇ ئېغىر كەتمەيدۇ، باتۇرۇم، نېمىشقا ئۇنچىلا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىدىلا؟ — دېدى خۇ يەنجو.

— ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىغا قەست قىلىشقا قانداقمۇ قولۇم بارسۇن، تەڭرىمگە كۆڭلۈمدىكىنى ئىزھار قىلىشقا تەييارمەن، — دەپ يالۋۇرۇپ يېلىندى سۇڭ جياڭ.

— قېرىندىشىم، ئۇلۇغ مەقسەت ـ مۇرادلىرىچە مېنى ئاستانىگە بېرىپ، خاندىن ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىشنى ئىلتىجا قىلىپ كەلسەڭ، تاغقا ئادەم ئەۋەتىپ گۇناھىمنى كەچۈرسە، دەيلىغۇ دەيمەن؟ — دېدى خۇ يەنجو.

— سەردار، ئۆزلىرى قانداق بارالايلا؟ — دېدى سۇڭ جياڭ، — گاۋ ئەمىر دېگەن دۆيۈز ناھايىتى ئىچى تار مۇتتەھەم، كىشىنىڭ چوڭ شاپائەتلىرىنى ئۇنتۇپ، كىچىككىنە گۇناھلىرىنى كۆڭلىدە ساقلايدۇ. ئۆزلىرى نۇرغۇن چېرىك، ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى يوقىتىۋەتسىلە، ئۇ ئۆزلىرىنى جازالىماي قالامدۇ؟ ھازىر خەن تاۋ، پېڭ چى، لىڭ جېنلارنىڭ ھەنىڭۋاسى كەمىنىلىرىنىڭ تاغ تۈرايىغا كېلىپ توپقا قوشۇلدى. جانابلىرىمۇ تاغ تۈرايىمىزنى پەس كۆرمەيدىغانلا بولسىلا، پېقىر سۇڭ جياڭ ئۆز ئورنۇمنى ئۆزلىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكىمۇ رازىمەن. ئوردا بىزنى كېرەك قىلماق بولۇپ ئەل بولۇشقا دالالەت قىلغاندا، دۆلەتكە بارلىق ساداقىتىمىز بىلەن خىزمەت كۆرسەتسەكمۇ كېچىككەن بولمايمىز.

خۇ يەنجو بىرپەس ئويلاندى، بىرىنچىدىن، ئۇ ئۆزىمۇ ساماۋى ئەختەرلەر قاتارىدىكى كىشى بولۇپ، مەردلىك - ۋاپادارلىقتا ئوخشاش بولغانلىقىدىن؛ ئىككىنچىدىن، سۇڭ جياڭنىڭ ناھايىتى ئەدەپ - قائىدىلىك، گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىگە قاراپ، بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— مەن دۆلەتكە ساداقەتسىزلىك قىلىپ ئەمەس، دەرھەقىقەت ئۆزلىرىنىڭ مەردلىك - ۋاپادارلىقلىرىنىڭ ھەممىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن رايىلىرىغا كۆنۈشكە رازى بولدۇم، ئاياغلىرىدا يۈرۈپ خىزمەتلىرىدە بولغايمەن. بولغۇلۇق بولدى. بۈنىڭدىن باش تارتىشقا ھېچ يول قالمىدى، — دېدى. بۈنىڭغا مۇنۇ نەزم دەلىل:

خان مۇددىئاسى بىلەن خۇ يەنجو،
ئاتلاندى قاراقچىلارنى قىرماققا.
بويسۇنۇپ ئۇلارغا ئەگدى بوگۇن باش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خىلاپلىق قىلىپ ئۇ خانلىق بۇيرۇققا.
بۇنى گەر دېگىلى بولمىسىمۇ ھەم،
چىن دىلدىن رازىمەن قاراقچى ئۇنداق.
ۋە لېكىن شاياتۇن قەسرىسىدىن،
ئۇنىڭ تەقدىرىگە پۇتۇلگەن شۇنداق.

سۇڭ جياڭ بۇنىڭغا ئىنتايىن خۇرسەن بولدى، خۇ يەنجونى باشلاپ ئاتامانلار بىلەن كۆرۈشتۈردى. لى جۈڭ، جۇ تۇڭلارنى چاقىرىپ، قار تېپەر قاغا ئارغىماقنى ئالدۇرۇپ كېلىپ سەردارغا تۇتتى. ئاندىن كۆپچىلىك كۈڭ مىڭنى قۇتقۇزۇۋېلىش يوللىرىنى كېڭەشتى.

— خۇ يەنجو ئارقىلىق ئامبالنى گوللاپ شەھەر قوۋۇقىنى ئاچۇرساقلا، شەھەرنى ئالغىنىمىز شۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇ يەنجو سەردارنىڭ كۆڭلىدىكى نىيەتلىرىمۇ ئۇزۇلىدۇ، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

سۇڭ جياڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇ يەنجودىن ئۆزرىخاھلىق سوراپ:

— مېنىڭ مۇددىئايىم شەھەرنى تارتىۋېلىش ئەمەس، كۈڭ مىڭ ۋە ئۇنىڭ تاغىسى زىندانغا چۈشۈپ باغلاقلىق يېتىپتۇ، سەردارىم ئۆزلىرى شەھەر قوۋۇقىنى ئاچقۇزۇپ بەرمىسىلە، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالالمايمىز، — دېدى.

— قېرىندىشىم، ئۆزلىرى پېقىرنى ئېلىپ قېلىشقا رازى بولغاندىكىن، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەجىر كۆرسىتىمەن، — دېدى خۇ يەنجو جاۋابەن.

شۇ ئاخشىمى چىن مىڭ، خۇا رۇڭ، سۈن لى، يەن شۈن، لۇ فاڭ، گو شېڭ، شيې جېن، شيې باۋ، ئۇۋ پېڭ، ۋاڭ يىڭ قاتارلىق ئون ئاتامان بۇ ئىشقا تەيىنلەندى، ئۇلار چېرىكچە ياسىنىپ خۇ يەنجونىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى، خۇ يەنجو ئۆزى قوشۇلۇپ ئون بىر ئاتلىق بولۇپ، شەھەر ياقىسىدىكى خەندەك تۇۋىگىچە بېرىپ:

— قوۋۇقنى ئېچىڭلار، مەن ئاران جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇپ

كەلدىم ! — دەپ ۋارقىرىدى.
سىپىل ئۈستىدە تۇرغانلار خۇ يەنجوننىڭ ئاۋازىنى تونۇپ، ئالمان - تالمان ئامبال مۇ رۇڭغا مەلۇم قىلدى. بۇ چاغدا ئامبال خۇ يەنجوننىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىدىن پەرىشان ئولتۇراتتى، ئۇ خۇ يەنجوننىڭ قېچىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، خۇشلۇقتا چۆمۈپ، دەرھال ئاتلىنىپ شەھەر سىپىلىغا چىقتى، قارىسا خۇ يەنجوننىڭ ئارقىسىدىن ئون نەچچە ئاتلىق چېرىك كېلىۋېتىپتۇ، ئامبال خۇ يەنجوننىڭ ئاۋازىنى تونۇپ:
— سەردارىم، قانداق قايتىپ كەلدىڭلە، — دەپ سورىدى.
— مەن ئۇلارنىڭ لەخمىسىگە چۈشۈپ قالدىم، مېنى ئۇلار تۇراغا ئېلىپ باردى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بۇرۇنىسىدا مېنىڭ قول ئاستىمدا ئىشلىگەن بىر سەردار مۈشۈ ئاتنى ئوغرىلاپ كېلىپ يوشۇرۇنچە ماڭا بەردى ۋە ماڭا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلدى، — دېدى خۇ يەنجو.
ئامبال خۇ يەنجوننىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇ ھامان چېرىكلىرىنى بۇيرۇپ شەھەر قوۋۇقىنى ئاچقۇزۇپ، ئاسما كۆۋرۈكنى چۈشۈرگۈزدى، ئون ئاتامان خۇ يەنجوغا ئەگىشىپ شەھەر قوۋۇقىدىن كىردى، چىن مىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئامبال مۇرۇڭنىڭ بېشىغا بىر كالتەك سېلىۋىدى، ئۇ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. شىي جېن، شىي باۋلار ئوت قويدى؛ ئوۋ پېڭ، ۋاڭ پەتەك يولۋاسلار سېپىلغا يۈگۈرۈپ چىقىپ چېرىكلەرنى قىرىپ، تىرىپىرەن قىلدى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى سېپىل ئۈستىدە ئوت كۆيگەنلىكىنى كۆرۈپ گۇررىدە شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. سۇڭ جياڭ ئالدىراپ - تېنەپ: «پۇقرالارغا تىغ تەگكۈزمەي، ئامبار - خەزىنىلەردىكى ئوزۇق - تۈلۈك، پۇل - مالنى يىغىشتۇرۇڭلار، باش زىنداندىكى كۇڭ مىڭنى، ئۇنىڭ تاغىسى كۇڭ بىننى بالىچاقىلىرى بىلەن قۇتقۇزۇپ ئوتنى ئۆچۈرۈڭلار، ئامبال مۇ رۇڭنىڭ ئۆيىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆيىدىكى مال - مۈلۈكلىرىنى

لەشكەرلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. تاڭ ئاتقاندا شەھەردىكى ئۆيۋاقى كۆيۈپ كەتكەن ئائىلىلەرنىڭ سان ــ ئېدىتىنى ئېلىپ ئوزۇق ــ تۈلۈك تارقىتىپ بەردى. يامۇلنىڭ خەزىنىسىدىكى ئالتۇن ــ كۈمۈش، تاۋار ــ دۇردۇنلارنى، ئامباردىكى ئاشلىقلارنى بەش ــ ئالتە يۈز ھارۋىغا قاچىلاتتى، يەنە ئىككى يۈز نەچچە ياراغلىق ئات غەنىيمەت ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن چىڭجۇ يامۇلىدا تەبرىك زىياپىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۈچ تاغ ئاتامانلىرى چوڭ تۇراغا تەكلىپ قىلىندى. لى جۇڭ، جۇ تۇڭلار شاپتۇللۇق تاغقا ئادەم ئەۋەتىپ، لەشكەر، پۇل ــ پۇچەك، ئوزۇق ــ تۈلۈكلەرنى يىغىشتۇرۇپ، تۇرا ــ قاشالارغا ئوت قويغۇزۇۋەتتى. لۇ جىشېنمۇ شى ئېن، ساۋ جېڭلارنى ئېرلۇڭشەن تېغىغا ئەۋەتىپ، جاڭ چىڭ، سۇن چوكانىنىڭ لەشكەر ۋە ئوزۇق ــ تۈلۈكلىرىنى يىغىشتۇرغۇزۇپ، مەرۋايىت ئىبادەتخانىسىنىڭ تۇرا ــ قاشالىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، نەچچە كۈن ئىچىدە ئۈچ تاغ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى تەخمۇتەخ بولدى. سۇڭ جياڭ چوڭ قوشۇننى باشلاپ تاغقا قايتتى. سەردار خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، خۇ يەنجو، جۇ تۇڭلار يول ئېچىپ ئالدىدا ماڭدى. يول ئۈستىدىكى ئايماق ــ ناھىيەلەرگە قىلچە پاراكەندىچىلىك سېلىنمىدى. يېزا ــ سەھرالاردىكى خالايىق قېرىلىرىنى يۆلىشىپ، بالىلارنى يېتىلىشىپ، كوچە ــ ئىسرىقلار يېقىشقان ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، تەزىم ــ ئېھتىرام بىلەن قارشى ئېلىشتى. بۇلار نەچچە كۈنگە قالمايلا لياڭشەن كۆلى بويىغا يېتىپ كېلىشتى. نۇرغۇن سۇچى لەشكەرلەرنىڭ ئاتامانلىرى ئۇلارنى كېمە ــ قولۋاقلار بىلەن قارشى ئېلىشتى. چاۋ گەي تاغ تۇرادىكى ئاتلىق، پىيادە لەشكەرلەرنىڭ ئاتامانلىرىنى باشلاپ جىنشاتەن ساھىلىغىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇلار چوڭ تۇراغا كېلىپ مەردلەر سارىيىدا ئۆز مەرتىۋىلىرى بويىچە ئورۇن ئېلىشتى. تاغ تۇراغا يېڭى كەلگەن خۇ يەنجو، لۇ جىشېن، ياڭ جى، ۋۇ سۇڭ، شى ئېن، ساۋ جېڭ، جاڭ چىڭ، سۇن چوكان، لى جۇڭ، جۇ تۇڭ،

كۆڭ مىڭ، كۆڭ لياڭ قاتارلىق ئون ئىككى ئاتامان شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى. زىياپەت ئۈستىدە لىن چۇڭ لۇ جىشېننىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزغانلىقىغا رەھمەت - تەشەككۈر بىلدۈردى. لۇ جىشېن:

— پېقىر ساڭجۇ ئايمىقىدا ئۆزلىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يەڭگەمدىن خەت - خەۋەر كەلدىمۇ؟ — دەپ سورۇشتۇردى لىن چۇڭدىن.

— پېقىر ۋاڭ لۇننى ئۆلتۈرگىنىمدىن كېيىن خوتۇن - بالىلىرىمنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەنىدىم، خوتۇنۇمنىڭ دۆيۈز گاۋ ئەمىرنىڭ قىيىن - قىستىقىغا چىدىماي ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىقى؛ قېيىنئاتامنىڭمۇ دەرد - پىغاندا كېسەلگە چېقىلىپ قازا تاپقانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر ئېلىپ كەلدى، — دەپ جاۋاب بەردى لىن چۇڭ.

ياڭ جى تاغ تۇرا ۋاڭ لۇننىڭ ئىلكىدىكى چاغدا كۆرگەن كونا ۋەقەلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ھەممەيلەن:

— بۇ ئەزىلى قىسمەتتە شۇنداق پۈتۈلگەن، ئۇ ھەرگىز تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس! — دېيىشتى.

— چاۋ گەي سېرىق تۆپىلىكتە مەۋلۇت سوۋغىتىنى بۇلىغانلىقىنى پاراڭ قىلىپ بېرىۋىدى، ئەھلى خالايىقنىڭ ھەنىنۋاسى قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەتىسىدىن باشلاپ نۆۋەت بىلەن بەزمە - زىياپەتلەر ئۆتكۈزۈلدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كېلەيلى. سۇڭ جياڭ تاغ تۇراغا شۇنچىۋالا لەشكەر، ئاتامانلار قوشۇلسا نېمىشقا خۇش بولمىسۇن، ئۇ تاڭ لۇڭنى چاقىرىپ تۆمۈرچىلەر باشبۇغى قىلىپ، ئۇنىڭغا قورال - ياراغ ۋە تۆمۈر قاپلىق قۇياقلار ياساش ئىشلىرىغا قاراشنى تاپشۇردى؛ خۇ جيەننى تۇغ - ئەلەم، كىيىم - كېچەك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش باشبۇغى قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاسمان - زېمىن، ئادەم سۈرىتى، توققۇز يۇلتۇز سۈرىتى، تۆت يەتتە تىكەن

سۆرىتى، بەش تەرەپ سۆرىتى، يىگىرمە سەككىز مالائىك سۆرىتى چۈشۈرۈلگەن ئەلەملەر، ئۆچار ئەجدىھا، ئۆچار يولۋاس، ئۆچار ئېيىق، ئۆچار قاپلان سۆرەتلىك ئەلەملەر، سىرىق يالمان، ئاق قوتاز قۇيرۇقى شەكىللىك ئۆچى قارا، قىزىل پۆپۈكلۈك ئەلەملەر ياستىنىشنى تاپشۇردى. تاغ ئەتراپىغا قاشا، راۋاق سالدۇردى. تاغ تۆراغا كېلىدىغان پالۋانلارنى كۆتۈۋېلىش، پايلاقچىلىق قىلىپ، يىغىلىق خەۋەرلىرىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، كۈنپېتىش تۆۋەن تەرەپتىكى يوللارغا قايتىدىن ئىككى مەيخانا سالدۇردى. كونا مەيپۇرۇش جاڭ چىڭ بىلەن سۇن چوكان ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى تاغنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى يول ئۈستىگە سېلىنغان مەيخانىغا قارانچۇق قىلىپ تەيىنلىدى؛ تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى يول ئۈستىگە سېلىنغان مەيخانىغا سۇن شىن بىلەن گۇ يەڭگە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى قارانچۇق قىلىپ تەيىنلىدى؛ تاغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى يول ئۈستىگە سېلىنغان مەيخانىغا جۇ گۈي، لې خېلارنى، تاغنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى يول ئۈستىگە سېلىنغان مەيخانىغا يەنىلا لى لى، شى چيەنلەرنى تەيىنلىدى. ئۈچ قوۋۇق ئۈستىگە قاشا ياسىتىپ ئۇنىڭغا قاراشقا ئاتامانلار يۆتكىدى. بۇيرۇقلار بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاتامانلار ئۇنى ئادا قىلدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.

بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا گۈلدار شەيخ لۇ جىشېن كېلىپ سۇڭ دانىشقا:

— پېقىرنىڭ بىر تونۇشۇم بار، ئۇنى قېرىنداشىمىز لى جۇڭمۇ تونۇيدۇ، خەق ئەجدىھا يىگىت شى جىن دەپ ئاتىشىدۇ؛ ھازىر ئۇ خۇاجۇ ئايىمىقىنىڭ خۇايىڭ ناھىيەسىدىكى شاۋخۇا تېغىدا، ھېلىقى چېچەن مۇشاۋىر جۇ ۋۇ ۋە غار سەكرىگەك يولۋاس چېن دا، چار يىلان ياڭ چۇنلار بىلەن مەردلىك يولىدا جەم بولغان. مەن دائىم ئۇنى ئەسلەيمەن. بۇرۇنىسىدا چىنە تاۋۇت بۇتخانىسىدىكى چىغىمىدا ئۇ ماڭا ھەمدەم بولۇپ قۇتقۇزۇۋالغانىدى، شۇڭا يادىمدىن زادى چىقمايدۇ. مەن يوقلىغاچ

بىرىپ ئاشۇ تۆتەيلەننى ئەكېلىپ توپقا قوشۇۋالساق، بۇنىڭغا سىلى قانداق دەيلاكىن؟ — دېدى.

— شى جىننىڭ داڭقىنى مەنمۇ ئاڭلىغان، تەخسىرىم، ئەگەر ئۆزلىرى چىللاپ كېلەلىسىلە، ناھايىتى ياخشى گەپ، شۇنداقتىمۇ يالغۇز بارسىلا بولمايدۇ. ئىنىمىز ۋۇ سۇڭ جوۋاپ ھەمراھ بولۇپ بىرىپ كەلسۇن. ئۇ بىر تەقۋادار دەرۋىش، بىللە بىرىشقا لايىق ئادەم، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— خوش مەن ئۇستازىم بىلەن بىللە بىرىپ كېلەي، — دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى ۋۇ سۇڭ.

بۇلار شۇ كۈنىلا بوغچا، يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇردى. لۇ جىشېن سوپىيانە سۇپەتتە، ۋۇ سۇڭ مۇلازىم دەرۋىش سۇپىتىدە ياساندى. ئىككىيلەن ئاتامانلار بىلەن خوشلىشىپ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. بۇلار جىنشاتەن ساھىلىدىن ئۆتۈپ، سەھەر تۇرۇپ يول يۈرۈپ، كەچ بولغاندا قونۇپ، بىر كۈنمۇ توختىماي، خۇاجۇ ئايمىقىنىڭ خۇايىڭ ناھىيەسى تەۋەسىگە يېتىپ بىرىپ، ئاندىن ئۇدۇل شاۋخۇا تېغىغا باردى.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭلارنى يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن كۆڭلى تىنماي، يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇچۇر - سىرتىقىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئارقىدىن ئەۋەتتى.

ئەمدى لۇ جىشىن، ۋۇ سۇڭلار شاۋخۇا تېغىغا كەلگەندە، يول ئۈستىگە مۆكۈنۈۋالغان چاپارمەنلەر ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ھەي ئىككى سوپۇم، نەدىن كېلىشتىلە؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ تاغدا شى جىن غوجام بارمۇ؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى ۋۇ سۇڭ.

— شى جىن ھەزرىتىمنى ئىزدەپ كەلگەن بولۇشسىلا، بۇ يەردە كىچىككىنە تەخىر قىلىپ تۇرۇشسىلا. مەن تاغقا چىقىپ ئاتامانغا خەۋەر قىلاي، ئالدىلىرىغا چىقسۇن، — دېدى چاپارمەنلەر.

www.uyghurkitap.com

— سەنلەر زىيادە گەپنى قويۇپ، لۇ جىشىن كەيتۇ دىسەڭلار بولىدۇ، — دىدى ۋۇ سۇڭ.

چاپارمەنلەر چىقىپ كىتىپ ئانچە ئۆتمەيلا چىچەن مۇشاۋىر جۇ ۋۇ، غار سەكرىگەك يولۋاس چىن دا، چار يىلان ياڭ چۇنلار تاغدىن لۇ جىشىن، ۋۇ سۇڭلارنىڭ ئالدىغا چۈشتى، لىكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە شى جىن يوق ئىدى.

— شى جىن غوجام نەدە قالدى؟ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى لۇ جىشىن.

— تەخسىرىم، ئۆزلىرى يەنئەن دىيارى مەھكىمىسىدىكى لۇ باقاۋۇل ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى جۇ ۋۇ ئالدىغا كىلىپ.

— مەن شۇ، بۇ دەرۋىش جىڭياڭ داۋىنىدا يولۋاس ئۆلتۈرگەن ۋۇ سۇڭ، — دىدى لۇ جىشىن.

— ناملىرىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئاڭلىغانمىز! ئىككىلىرىنىڭ ئىرلۇڭشەن تىغىدا قوش تىكىپ ماكان تۇتقانلىقلىرىدىن خەۋىرىمىز بار، بۈگۈن نىمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە كىلىپ قالدىلاكىن؟ — دەپ ئۈچەيلەن ئالمان - تالمان سالام بەجا كەلتۈردى.

— بىز ھازىر ئىرلۇڭشەندە ئەمەس، لياڭشەن كۆلى بويىدىكى سۇڭ دانىشنىڭ چوڭ تاغ تۇرادىكى توپىغا قوشۇلدۇق، بۈگۈن ئالاھىدە شى جىن غوجامنى ئىزدەپ كەلدۇق، — دىدى لۇ جىشىن.

— ئىككىلىرى بۇ يەرگە كەلگەندىن كىيىن تاغ تۇراغا مەرھەمەت قىلسىلا، پىقىر ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بىرەي، — دىدى جۇ ۋۇ.

— گەپ - سۆزىڭىز بولسا قىلىڭ، كىمگە ساقلايسىز، — دىدى لۇ جىشىن.

— ئۇستازىمىنىڭ مىجەزى چۈس ئادەم، گىپىڭىز بولسا دەۋىرىڭ، — دىدى ۋۇ سۇڭ.

— بىز ئۈچەيلەننىڭ تاغ تۇرايىمىز مۇشۇ بولىدۇ، شى جىن

غوجام تاغقا چىققاندىن كېيىن ئاجايىپ روناق تاپقانىدۇق. يېقىندا شى جىن غوجام تاغدىن چۈشۈپ بىر نەققاشقا ئۇچراپ قاپتۇ، ئۇ ئەسلىدە يۇقىرى ئاستانە دامىڭ دىيارلىق ۋاڭ يى دېگەن ئادەم ئىكەن. ئۇ كۈنپېتىش يۆخۈا تېغىنىڭ ئالتۇن تەڭرىقۇت بۇتخانىسى ئىچىدىكى تامغا نەقىش قىلىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەنىكەن، شۇ ۋەدىنى ئادا قىلىشقا بارغاندا، ئۆزى بىلەن بىللە يۇ جياۋجى ئاتلىق قىزنى ئاپىرىپتۇ، مۇشۇ ئايماقنىڭ خې ئىسىملىك ئامبىلى — بۇ ئەسلىدە سەي جىڭ ۋەزىر ئەزەمنىڭ ـ جەمەتى بولۇپ، مەنسەپ تەمەسىدە زورلۇق ـ زومبۇلۇق بىلەن بىگۇناھ خەلقنى قاقشىتىپ كەلگەن مۇتتەھەم ئىدى، بىر كۈنى بۇ بۇتخانىغا تائەت ـ ئىبادەت ئۈچۈن كېلىپ ئويلىمىغاندا يۇ جياۋجىنىڭ خېلى چىرايلىق قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ماڭا كىچىك خوتۇنلۇققا تەگسۇن، دەپ نەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ۋاڭ يى بەرگىلى ئۇنىمىغانلىقتىن، ئامبال ئۇنىڭ قىزىنى تارتىپ كېتىپ كىچىك خوتۇن قىلىۋاپتۇ، ۋاڭ يىنى يۇزىگە خەت چېكىپ، جاپالىق ياقا يۇرتقا پالاپتۇ. ئۇ ئەنە شۇ سەۋەب بىلەن بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، شى جىن غوجام ئۇچراپ قېلىپ بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن شى جىن غوجام ئۇنى قۇتقۇزۇپ تاغقا ئېلىپ چىقتى، ئۇنى ئېلىپ كەلگەن ئىككى يايىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇدۇل يامۇلغا بېرىپ خې ئامبالنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا تۇيۇلۇپ قېلىپ، تۇتۇلۇپ قالدى. ھازىر زىنداندا يېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خې ئامبال لەشكەر توپلاپ، تاغ تۇرانى پاراكەندە قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، بىز بۇ يەردە ھېچ ئامال قىلالماي ئىلاجسىز تۇرۇۋاتىمىز ! — دېدى جۇ ۋۇ.

— بۇ خۇمسى شۇنچە يولسىزلىق قىپتۇ ـ دە ! قانچىلىك ھالىغا ئۇنچىلىك قىلىدۇ؟ مەن سىلەرگە ئۇ مۇتتەھەمنى ئۆلتۈرۈپ بېرەي، — دېدى لۇ جىشېن ئاڭلاپ.

— قېنى، ئىككىلىرى تاغ تۇراغا مەرھەمەت قىلسىلا، مەسلىھەتلىشەيلى، — دېدى جۇ ۋۇ.

www.uyghurkitap.com

بەش ئاتامانىنىڭ ھەممىسى شاۋخۇا تاغ تۇراسىغا چىقتى، ۋاڭ يىنى لۇ جىشېن، ۋۇ سۇڭلار بىلەن كۆرۈشتۇردى. ئۇ خې ئامبالنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن خەقنى قاقشاتقانلىقى، مۆمىن خەقلەرنىڭ قىزلىرىنى زوراۋانلىق بىلەن خوتۇن قىلىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. جۇ ۋۇ ئات، كالا سويۇپ لۇ جىشېن بىلەن ۋۇ سۇڭنى مېھمان قىلدى. زىياپەت ئۈستىدە لۇ جىشېن: «خې ئامبال دېگەن مۇتتەھەم شۇنچە يولسىزلىقلارنى قىپتۇ، مەن ئەتە ئايماققا بېرىپ ئۇ مۇتتەھەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ بېرەي !» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇنى ۋۇ سۇڭغا دېدى.

— ئاغا، ئۇنداق قىلغىلى بولماس. ئىككىمىز كېچىلەپ لياڭشەنگە بېرىپ مەلۇم قىلايلى، سۇڭ دانىشتىن نۇرغۇن لەشكەر ئېلىپ خۇاجۇ ئايمىقىغا تېگىش قىلايلى، ئەنە شۇ چاغدىلا شى جىن غوجامنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولىدۇ، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— بىز تاغ تۇراغا بېرىپ ئادەم چاقىرىپ كەلگۈچە، شى جىن قېرىنداشىمىزنىڭ جېنى تۇرامدۇ، — دېدى لۇ جىشېن.

— ئامبالنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىلەنمۇ شى جىن غوجامنى قانداق قۇتقۇزۇۋالغىلى بولار؟ پېقىر سىلىنى ھەرگىز بارغۇزمايمەن ! — دېدى ۋۇ سۇڭ.

— تەخسىر، رەنجىمىسىلە، باقاۋۇلۇمنىڭ ئېيتقانلىرىمۇ دۇرۇس، — دېدى جۇ ۋۇ نەسىھەت قىلىپ.

— ھەممە كىشى سىلەردەك ئېزىلەڭگۈ بولسا، شى جىن قېرىنداشىم تۈگىشىدۇ. سىزمۇ لياڭشەن كۆلىگە بېرىپ مەلۇم قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، مېنىڭ بېرىپ قانداق قىلىشىمنى كۆرۈڭ ! — دېدى لۇ جىشېن خاپا بولۇپ.

ئەھلى - خالايىق ئۇنى قانداق توختىتىپ قالالىسۇن، شۇ ئاخشىمى يەنە نەسىھەت قىلدى، لېكىن ئۇ ئەتىسى ييرىم كېچىدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈرزىسىنى كۆتۈرۈپ، شەمشىرىنى ئالغىنىچە ئۇدۇل خۇاجۇ ئايمىقىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— گېپىمىزگە كىرمەي كېتىۋاتىدۇ، چوقۇم بالاغا تىقىلىدۇ، — دېدى ۋۇ سۈك.

جۇ ۋۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پۇختا ئىككى چاپارمەننى ئۇچۇر ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

ئەمدى لۇ جىشېنغا كەلسەك، ئۇ خۇاجۇ شەھىرىگە كېلىپ يول بويى ئايماق يامۇلنى سۈرۈشتە قىلدى.

— ئايماق كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كۈنچىقىشقا بۇرۇلسىڭىزلا يەتكىنىڭىز شۇ، — دېيىشتى خەقلەر.

لۇ جىشېن سال كۆۋرۈك ئۈستىگە چىقىپ تۇردى، ئۇچرىغانلىكى ئادەم:

— شەيخ، ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇڭ، ئامبال بېگىم ئۆتىدۇ، — دېدى.

لۇ جىشېن: «ھەببەللى، مېنىڭ ئىزدەپ يۈرگىنىم شۇ ئىدى، ئەمدى قولۇمغا چۈشىدىغان بولدى ! ئۇ مۇتتەھەم ئەمدى ئۆلمەي نەگە بارىدۇ» دەپ ئويلىدى.

خې ئامبال ئالدىدا جۈپ - جۈپلەپ سەردارلار ماڭغان ھالدا يېتىپ كەلدى، لۇ جىشېن قارىسا ئۇ تەختىراۋانغا چۈشۈپتۇ، لېكىن ئېتىك تەختىراۋانغا چۈشۈپتۇ. تەختىراۋاننىڭ ئىككى يەنجىرىسىنىڭ تۈۋىدە ئوندىن پايلاقچى قوللىرىغا يارما دەستە، نەيزە، زەنجىر تۇتۇشۇپ قوغداپ مېڭىپتۇ. لۇ جىشېن ئۇنى كۆرۈپ:

«بۇ خۇمىسىغا تېگىش ئاسان ئەمەستەك تۇرىدۇ، ئەگەر پايلىيالماي قالسام كۈلكىگە قالىمەن» دەپ ئويلىدى.

خې ئامبال لۇ جىشېننىڭ يا يېقىن كېلەلمەي، يا يىراق كېتەلمەي تۇرغانلىقىنى تەختىراۋان يەنجىرىسىدىن كۆرۈپ قالدى. ئامبال سال كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ياموۇلغا بارغاندىن كېيىن تەختىراۋاندىن چۈشۈپلا ئىككى پايلاقچىغا:

— كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇرغان سامان قورساق شەيخنى ياموۇلغا تائامغا داخىل بولسۇن دەيدۇ دەپ قىچقىرىپ كېلىڭلار، — دەپ تاپىلىدى.

پايلاقچىلار ئامبالنىڭ ئەمرىگە بىنائەن كۆۋرۈك ئۈستىگە

بېرىپ لۇ جىشېنغا:

— ئامبال بېگىم ئۆزلىرىنى تائامغا چىللاپ ئەۋەتتى، — دېدى. لۇ جىشېن: «بۇ مۇتتەھەم مېنىڭ قولۇمدا ئۆلىدىغان بولدى، مەن ئۇنى تازا بابلاي دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق يەنە بابلىيالماي قالارمەنمىكىن دېگەن ئوي بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدىم، مەن ئۇنى ئىزدەپ يۈرسەم، ئۆزى چىللاپ كەپتۇ» دەپ ئويلىدى - دە، پايلاقچىلار ئارقىسىدىن يامۇلغا كەلدى. ئامبالنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە لۇ جىشېن دىۋان ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇ گۈرزىسىنى قويۇپ، شەمشىرىنى تاشلاپ ئىچكىرىكى هويلىغا تائامغا كىرىشكە تەكلىپ قىلىنىدى.

لۇ جىشېن دەسلەپ ئۇنىمىدى، ئەھلى - خالايىق:

— سىز بىر سوپىيانە ئادەم تۇرۇقلۇق ئىش بىلمەيدىكەنسىز، يامۇلنىڭ ئىچكىرى هويلىسىغا گۈرزە، شەمشەر كۆتۈرۈپ كىرىشكە قانداقسىغا ئىجازەت بېرىلىدۇ؟ — دېيىشتى.

لۇ جىشېن: «ئىككى مۇشتۇمۇمنى كۆتۈرۈپ كىرسەممۇ ئۇ مۇتتەھەمنىڭ كاللىسىنى مەلەق - مەلەق قىلىۋېتىمەنغۇ!» دەپ ئويلىدى - دە، ئايۋاندا گۈرزە، شەمشەرلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، پايلاقچىلارنىڭ ئارقىسىدىن كىردى. خې ئامبال ئىچكىرىكى هويلىدا ئولتۇراتتى، ئۇ قولىنى بىر شىلتىپ:

— تۇتۇڭلار بۇ پاخشەكنى! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئىككى تەرەپتىكى ئۆيلەر ئىچىدىن ئوتتۇز - قىرىق دورغا، يايى چىقىپ، ئۇنى سۆرەپ تارتىپ باغلاشتى، سەن شاھزادە بولغىنىڭ بىلەنمۇ زېمىندىكى قاپقان، ئاسماندىكى توردىن قانداق قېچىپ قۇتۇلالايتتىڭ؟ ئوتتۇاش كوچتۇڭگۇرنىڭ ئەجدىھا، ئارسلانلار ئۇۋىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقمىقى تەس! بۇ دەل نەزمىدىكىدەك بولدى.

ئۇرسا پەرۋانە ئۆزىنى ئوتقا، كۆيگەي كۈل بولۇپ،
قەھرلىك تاشپاقا قارماق يۇتسا ئۆلگەي تۇتۇلۇپ.

لۇ جىشېنىنىڭ خې ئامبال قولىغا چۈشۈپ، هاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئەللىك توققۇزىنچى باب

## ۋۇ يۇڭنىڭ ئالتۇن قوڭغۇراقلىق پانۇسنى ئالداش بىلەن قولغا كەلتۈرگەنلىكى سۇڭ جياڭنىڭ كۆنىپىتىش يوخۇا تېغىدا مالىمان چىقارغانلىقى

ئەلقىسسە، خې ئامبال لۇ جىشېننى گوللاپ ئارقا ھويلىغا ئېلىپ كىردى ـ دە، «تۇتۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. دورغا، يايىلار لۇ جىشېننى ئارىغا ئېلىپ دىۋان تاپىسىغا ئېلىپ باردى. خې ئامبال:

— ھەي پاخشەك، قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دېدى ۋارقىراپ.
— پېقىر نېمە گۇناھ قىلدىم؟ — دېدى ياندۇرۇپ لۇ جىشېن.
— راستىڭنى ئېيت، كىم سېنى ماڭا تىغ تەڭلەشكە ئەۋەتتى؟
— مەن بىر تەقۋادار ئادەم تۇرسام، قانداقسىغا بۇ گەپنى قىلىۋاتىسىز؟
— ھېلى سەن پاخشەككە قارىسام، گۇرزەڭ بىلەن تەختىراۋانىمغا تەگمەكچى بولۇپ، تېگەلمەي تۇرۇپسەن، ھەي پاخشەك، تۈزۈك ئىقرار قىل.
— پېقىر سىزنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلمىسام، نېمىشقا پېقىرنى تۇتۇۋېلىپ، مەندەك مۆمىن ئادەمگە زورلۇق قىلىسىز؟
— تەقۋادار ئادەم نەدە ئۆزىنى پېقىر دەيدۇ، بۇ پاخشەك غەربتىكى بەش يول تەرەپتە بولاڭ ـ تالاڭ قىلىپ يۈرگەن قاراقچىنىڭ ئۆزى شۇ، ئۇ شى جىن ئۇچۇن ئۆچ ئېلىشقا كەپتۇ، ئۇنى تازا ئۇرۇپ ـ سوقمىغۇچە ئىقرار قىلمىغۇدەك، قېنى

ئوغلانلىرىم، بۇ پاخشەكنى تازا كەلتۇرۇپ بابلاڭلار.

— غوجا ئاكاڭنى ئۇرۇپ زەخىملەندۇرمەن دەپ ھەددىڭدىن ئاشما، — دېدى لۇ جىشېن ۋارقىراپ، — مەن ساڭا ئېيتايكى، مەن لياڭشەن كۆلىنىڭ باتۇرى گۇلدار شەيخ لۇ جىشېن بولىمەن. پېقىر ئۆلسەممۇ كارىم چاغلىق، ئاغام سۇڭ دانىش خەۋەر تاپسا تاغدىن چۈشۈپ سېنىڭ كاللاڭنى ئالىدۇ.

خې ئامبال بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قويقا چېچى تىك تۇرۇپ، لۇ جىشېننى تازا بىر پەس قاتتىق ئۇردۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا چوڭ تاقاقتىن بىرنى سالدۇرۇپ زىندانغا تاشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاستانىگە ئېنىق بىر ھۆكۈم چۈشۈرۈشنى ئىلتىجا قىلىپ مەلۇمات يازدى. ئۇنىڭ گۇرزە، زۇلپىقارلىرىنى مەھكىمە خەزىنىسىگە تىقىۋەتتى.

بۇ ۋەقە خۇاجۇ ئايمىقى دىيارىغا پۇر كەتتى. چاپارمەنلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تېزدىن تاغ تۇراغا خەۋەر قىلدى. ۋۇ سۇڭ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ: «ئىككىمىز خۇاجۇ ئايمىقىغا ئىش بېجىرىشكە كەلگەن تۇرساق، بىرەيلەن تۇتۇلۇپ كەتسە، مەن قايسى يۈزۈم بىلەن ئاتامانلار ئالدىغا قايتىپ بارىمەن» دەپ ئويلىدى.

ۋۇ سۇڭ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئولتۇرغاندا، تاغ ئېتىكىدىكى چاپارمەنلەر كېلىپ:

— لياڭشەن كۆلىدىن بىر ئاتامان كەپتۇ، نامى يەل تاپان شەيخ دەي زۇڭ ئىكەن، ھازىر تاغ ئېتىكىدە قالدى، — دەپ مەلۇم قىلدى.

ۋۇ سۇڭ شۇ ھامان تاغدىن چۈشۈپ ئۇنى تاغقا باشلاپ چىقتى ۋە جۇ ۋۇ باشلىق ئۈچەيلەن بىلەن كۆرۈشتۈردى ۋە لۇ جىشېننىڭ گەپ يېمەي تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى، دەي زۇڭ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ:

— مەن ئۇزۇن تەختىر بولماي! دەرھال لياڭشەن كۆلىگە بېرىپ ئاغامنى خەۋەردار قىلىپ، لەشكەر تەيىنلەپ بەرسە كېلىپ

ئۇنى قۇتقۇزمىسام بولمايدۇ ! — دېدى.

— مەن بۇ يەردە سىزنى كۈتۈپ تۇراي، بالدۇرراق بېرىپ، پاتراق كەلسىڭىز، — دېدى ۋۇ سۇڭ.

دەي زۇڭ ئاززاق پەرھىز تائام يەۋېلىپ، يەل تاپانلىق كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ يەنە لياڭشەن كۆلىگە قايتتى. ئۈچ كۈندە تاغ تۇراغا يېتىپ باردى. ئاتامان چاۋ گەي بىلەن سۇڭ جياڭغا لۇ جىشېننىڭ شى جىننى قۇتقۇزىمەن دەپ خې ئامبالنى قەستلىگىلى بېرىپ، تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنى بۇنىڭدىن خەۋەردار قىلدى. سۇڭ جياڭ ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ بولغىنىچە:

— ئىككى قېرىندىشىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، نېمىشقا قۇتقۇزمايمىز؟ بۇ ئىشنى تەخىرگە قويۇشقا بولمايدۇ. دەرھال لەشكەرلەرنى ئېلىپ، ئۈچ توپ بولۇپ يولغا چىقايلى، — دېدى.

ئالدىدا ماڭىدىغانغا بەش كىشى: خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، لىن چۇڭ، ياڭ جى، خۇ يەنجولار تەيىنلەندى، ئۇلار قويۇقلىق بىر مىڭ ئاتلىق لەشكەر، ئىككى مىڭ پىيادە لەشكەرنى ئېلىپ مېڭىپ، تاغ ئۈچرىسا يول ئېچىپ، سۇ ئۈچرىسا كۆۋرۈك سېلىپ ماڭدى. بارگاھ لەشكەرلىرىنىڭ سەردارلىرى بولغان سۇڭ دانىش، مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ، جۇ تۇڭ، شۇ نىڭ، شيې جېن، شيې باۋ قاتارلىق ئالتە ئاتامان ئىككى مىڭ ئاتلىق، پىيادە لەشكەرنى ئېلىپ ماڭماقچى بولدى. ھىماتچى لەشكەر سەردارلىرىدىن لى يىڭ، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇ، لى جۈن، جاڭ شۈن بولۇپ جەمئىي بەش ئاتامان لەشكەرلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، ئوت - بوغۇزلىرىغا قاراپ، ئىككى مىڭ ئاتلىق، پىيادە لەشكەر بىلەن ئارقىدىن ھىماتچى بولۇپ مېڭىشقا تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىي يەتتە مىڭ لەشكەر لياڭشەن كۆلىدىن چىقىپ ئۇدۇل خۇاجۇغا قاراپ ماڭدى. يول ئۈستىدە توختىماي مېڭىپ، يولنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن دەي زۇڭنى شاۋخۇا تېغىغا خەۋەر

قىلىشقا ئالدىن ماڭدۇرۇۋەتتى. جۇ ۋۇ قاتارلىق ئۈچەيلەن، مال ـ ۋاران سويۇپ، مەي ـ شاراب تەييارلاپ كۈتۈپ تۇردى.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كەلسەك، بۇلارنىڭ ئۈچ توپ لەشكىرى شاۋخۇا تېغىنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ۋۇ سۇڭ جۇ ۋۇ، چېن دا، ياڭ چۈن قاتارلىق ئۈچەيلەننى باشلاپ تاغدىن چۈشۈپ سۇڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭ ۋە باشقا ئاتامانلار بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتۈردى، ئاندىن تاغ تۇراغا باشلاپ چىقتى. سۇڭ جياڭ شەھەردىكى ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىلدى.

— ئىككى ئاتامانىنى خې ئامبال زىندانغا تاشلىدى، ئوردا ئېنىق ھۆكۈم چۈشۈرگەندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىشقا قاراقلىق تۇرۇپتۇ، — دېدى جۇ ۋۇ.

— ئەمدى شى جىن بىلەن لۇ جىشېننى قايسى يول بىلەن قۇتقۇزۇپ چىقساق بولار؟ — دېدى سۇڭ جياڭ بىلەن ۋۇ يۇڭ.

— خۇاجۇ شەھىرىنىڭ دائىرىسى چوڭ، سېپىل ـ خەندەكلىرى چوڭقۇر، ئوپۇل ـ توپۇللا تېگىش قىلغىلى بولمايدۇ؛ پەقەت ئىچ بىلەن سىرت ماسلاشقاندىلا، ئاندىن ئۇنى قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ، — دېدى جۇ ۋۇ.

— ئەتە شەھەر ياقىسىغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىپ ئاندىن بىرنېمە دەيلى، — دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

سۇڭ جياڭلار شۇ كۈنى مەي ـ شارابلارنى ئىچىش بىلەن كەچ قىلدى، ئەتىسى تاڭ ئاتا ـ ئاتمايلا شەھەرنى كۆرۈپ كەلمەك بولدى. ۋۇ يۇڭ نەسىھەت قىلىپ:

— شەھەردە ئىككى قاپلان زىنداندا ياتىدۇ، نېمىشقا ئېھتىيات قىلمايمىز؛ كۈندۈزى بارغان بىلەن بولمايدۇ. بۈگۈن ئاخشام خېلى يورۇق ئايدىڭ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، تاغدىن كەچقۇرۇنراق چۈشۈپ، ئەلياتقۇ مەھەلگە ئۈلگۈرۈپ ئۇ يەرگە بېرىپ، يوشۇرۇنچە كۆرۈپ كەلگىنىمىز تۈزۈك، — دېدى.

شۇ كۈنى كۈن قىيىلغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭ، خۇا رۇڭ، چېن مىڭ، جۇ تۇڭ قاتارلىق بەشەيلەن ئاتلىق تاغدىن

چۈشۈپ يولغا راۋان بولدى. ئەلياتقۇ مەھەلدە خۇاجۇ شەھىرىنىڭ سىرتىغا يېتىپ باردى. داۋاننىڭ ئېگىزرەك يېرىدە تۇرۇپ خۇاجۇ شەھىرىگە نەزەر تاشلىدى، بۇ دەل ئىككىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، ئاي كۈندۈزدەك يورۇغان، ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت يوق ئىدى. خۇاجۇ ئەتراپىدا بىرنەچچە شەھەر قوۋۇقى كۆرۈندى، شەھەرنىڭ سىپىلى ئېگىز، مەزمۇت، سىپىل خەندەكلىرى چوڭقۇر ۋە كەڭ ئىكەن، ئاشا بىر پەس تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن كۈنچىقىش يۆنىلىشتىكى تېغىغا نەزەر تاشلىدى، ئۇ دەرھەقىقەت شۇنداق ئاتاقلىق تاغ ئىكەنكى، ھايھات:

نامى مەشھۇر بۇ چوققا مىسلى پەرىشتە ئالقىنى،
بۇت ماكان تۇتقان بۇلۇت پەشتاق ئىچىدە دالدىنى.
بېشى ھۆر قىز جاۋۇرىغا تەڭ ئۇلاشقان بوي ئېلىپ،
تېگى ساماۋۇل چىقارغان سۇغا تۇتاشقان بېرىپ.
يەرۇ ئاسمان خۇش چىرايلىق كەشتە تون كىيگەن گويا،
تۇتىشىپ كەتكەن بۇلۇتنىڭ قەرىگە ئېگىز چوققا؛
تاغ ـ ئېدىرلار شۇنچە كۆركەم قەد كۆتۈرگەنكى ئېگىز،
تاشلىرى ھەيۋەت گويا يۇلتۇزغا بوي تارتقان بىگىز.
دېغى يوق، قۇندۇزغا ئوخشار قاپقارا بۇ تاغ ـ داۋان،
خۇددى بىر زۇمرەت ئۆزى كۆكلەمدە لەيلىگەنسىمان.
سىزغىلى ئاجىز بۇنىكىم جاڭ سىڭياۋنىڭ قەلىمى،
تەسۋىرىگە كوتا لى لۇڭمىڭنىڭكى ئەقلى ـ تىلى.
خالىي ـ پىنھان، سايىۋەن بۇ غار ئىچىگە ھەر زامان،
ئاي قىزىل ئالتۇن شەپەق نۇرىنى سېپەر ھەربىر تامان.
تىك قىيا بۇ يار ـ گىلاگدىن سۆسۈنە نۇرلار يانار،
تاشلىسا خەقلەر يىراقتىن كۆز ئۇلارغا چېلىقار:
خۇددى بۇلۇت كۆلدە دولقۇن ئىچرە نىلۇپەر گۈلى،
چايقىلىپ ھەر يانغا تۇرغان كۆلدىكى قېيىق كەبى؛
تاغ ئىدى قەدىم رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان سىياق،

www.uyghurkitap.com

مەرمەر بۇلاق سۇيى بىلەن گۇلدەك ئېچىلغان خۇش پۇراق.
دەرغەزەپ بولغاندا ئەرشتە ئەۋلىيايۇ ئەنبىيا،
ئىككى پارچە قىپتۇ تاغنى كۆرستىپ قۇدرەت تازا؛
قىپ تەقۋادار سوپىلار بۇ تاغنى ئەيلەشكە ماكان،
كەپە سەپ بۇندا خىرامان ئۇخلىشىپ تائەت قىلغان.
نى زامانلاردىن بۇيانلا داڭقى بار خۇاشەن تېغى،
ئۆچمىدى بۇندا پەقەت دۇئا ـ تىلاۋەت چىرىغى.

سۇڭ جياڭلار كۇنىپىتىش يۆخۇا تېغىغا نەزەر تاشلىدى، قارىسا شەھەر سېپىلى ناھايىتى قېلىن سوقۇلغان، ناھايىتى پۇختا جايلاشقانىدى، ئۇلار قانداق ئامال قوللىنىشنى بىلمەي قالدى. ۋۇ يوڭ:

ــ ھازىرچە تۇراغا قايتىپ، قايتا مەسلىھەتلىشەيلى، ــ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بەشەيلەن ئاتلىق كېچىلەپ شاۋخۇا تېغىغا قايتتى. سۇڭ جياڭ قاپاقلىرى سېلىنىپ، غەمگە چۆمگەنىدى. ۋۇ يوڭ خەلپەت:

ــ ئىش بىلەرمەن چاپارمەنلەردىن ئوننى بۇيرۇيلى، ئۇلار تاغدىن چۇشۇپ يىراق ـ يېقىندىن خەۋەر ئۇقۇشۇپ كەلسۇن، ــ دېدى.

ئىككى كۇن ئۆتكەندىن كېيىن تۇيۇقسىز بىرسى تاغقا چىقىپ:

ــ يېقىندا ئوردا ياساۋۇللىرى مەھكىمىسىدىن بىر ئەمىر لەشكەر خان ئىنئام قىلغان ئالتۇن قوڭغۇراقلىق پانۇسنى كۆتۇرۇپ، خان ئورنىدا كۇنىپىتىش يۆمياۋ بۇتخانىسىغا كۇجە ـ ئىسرىقلارنى يېقىپ تاۋاپ قىلىشقا كەلگۇدەك، ئۇ خۇاڭخېدىن ۋېيخېغا ئۆتۇپ كېلىدىكەن، ــ دەپ مەلۇم قىلدى.

ــ ئاغا، غەم قىلمىسىلا، مانا ئامال تېپىلدى، ــ دېدى ۋۇ يوڭ ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋە لى جۇن، جاڭ شۇنلەرگە، ــ

ئىككىڭلار مۇنداق ـ مۇنداق قىلىڭلار، ــ دەپ تاپشۇردى.

ــ بۇ يەرنى ھەر ئىككىمىز بىلمەيدىكەنمىز، يول باشلاپ بارىدىغانغا بىرەر ئادەم بولسا ياخشى بولاتتى، ــ دېدى لى جۇن.

ــ پېقىر ھەمدەم بولۇپ بارسام قانداق؟ ــ دېدى چار يىلان ياڭ چۇن.

سۇڭ جياڭ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش بولدى. ئۇچەيلەن تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. ئەتىسى ۋۇ يۇڭ خەلپەت سۇڭ جياڭ، لى يىڭ، جۇ تۇڭ، خۇ يەنجو، خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، شۇ نىڭلارنى باشلاپ بەش يۈزدىن ئارتۇق لەشكەر ئېلىپ جىمجىتتىقىنا تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار ئۇدۇل ۋېيخې كېچىكىگە كەلدى، لى جۇن، جاڭ شۇن، ياڭ چۇنلار ئۇ يەردە ئون نەچچە چوڭ كېمىنى تارتىۋېلىپ قاراپ تۇراتتى. ۋۇ يۇڭ خۇا رۇڭ، چىن مىڭ، شۇ نىڭ، خۇ يەنجولارنى قىرغاقتا مۆكۈنۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. سۇڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭ، جۇ تۇڭ، لى يىڭلار كېمىگە چۈشتى. لى جۇن، جاڭ شۇن، ياڭ چۇنلار كېمىلەرنى ھەيدەپ سازلىقتا بېرىپ مۆكۈنۈۋالدى.

ئۇلار بىر كېچە كۈتتى. ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن يىراقتىن جاڭ ـ دۇمباق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، پادىشاھلىق كېمىدىن ئۈچى يېتىپ كەلدى، كېمىگە بىر سېرىق ئەلەم سانجىلغان، ئەلەمگە «خاننىڭ ئۇلۇغ يارلىقىغا بىنائەن خان ئورنىدا كۈنپېتىش يۈمياۋ بۇتخانىسىغا كۈجە ـ ئىسرىق يېقىپ تاۋاپ قىلىشقا كەلگەن ئەمىر لەشكەر سۇ يۈەنجىڭ» دېگەن خەتلەر يېزىلىپتۇ.

سۇڭ جياڭ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلىدە: «ئۆتكەندە ھۆر قىز ‹سۇ ئەمىرگە ئۇچرىماقتىن قاتمۇقات شادلىق كېلۇر› دېگەنىدى، بۇگۈن بۇ ئادەمگە يولۇقۇپ قالغاندىكىن چوقۇم بىر گەپ بولىدۇ» دەپ خۇشال بولدى.

ئەمىر لەشكەرنىڭ كېمىلىرى دەريا قوشۇلمىسىغا يېقىنلاشقاندا، قوللىرىغا ئۇزۇن نەيزىلەر تۇتقان جۇ تۇڭ، لى يىڭلار سۇڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ تۇردى. ئەمىر لەشكەرنىڭ كېمىسى شاخاپچىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇلار

ئالدىنى توستى. كېمىدىن سۆسۇنە يەكتەك كىيىپ، كۇمۇش كەمەر باغلىغان يىگىرمە نەچچە پايلاقچى چىقىپ:

— كىمنىڭ كېمىلىرى بۇ، ۋەزىر ئالىيلىرى شاخاپچىدىن ئۆتۈۋاتسا ئالدىنى توسۇشقا پېتىنغان؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

سۇڭ جياڭ مۇنەك دەستەك تۇتقىنىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ۋۇ يۇڭ خەلپەت كېمىنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ:

— لياڭشەن كۆلىنىڭ مەرد پالۋانى سۇڭ جياڭ جانابلىرىدىن ئېسەنلىك سوراپ كەلدى، — دېدى.

— بۇ ئوردا ئەمىر لەشكىرى، خاننىڭ ئۇلۇغ يارلىقىغا بىنائەن خان ئورنىدا كۇنىپتىش يۆمياۋ بۇتخانىسىغا كۇجە - ئىسرىق يېقىپ تاۋاپ قىلىشقا كەلدى؛ ھەرقايسىڭ لياڭشەن كۆلىنىڭ قاراقچىلىرى تۇرساڭ، نېمە ۋەجىدىن يول توسۇشىسەن؟ — دېدى پەشتامىچى ئۇنىڭغا جاۋابەن.

— بىز مەرد باتۇرلار، ئەمىر لەشكەرنىڭ مۇبارەك ھۆسن - جامالىغا مۇلاقات بولماقنى ئىستەيمىز، مەلۇم قىلىدىغان ئىش - كۇشلار بار ئىدى، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

— ھەرقايسىڭ قانچىلىك ئادەم، ئەجەب ئوپۇل - توپۇل ئەمىر لەشكەر بىلەن كۆرۈشۈشكە پېتىنىپسىلەرغۇ؟ — دېدى پەشتامىچى.

— تىلىڭنى يىغ! — دېدى ئىككى تەرەپتىكى پايلاقچىلار ۋارقىراپ.

— ئەمىر لەشكەر قىرغاققا چىققاي، مەسلىھەتىمىز بار، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— يوق يېمە! ئەمىر لەشكەر ئوردا تەيىنلىگەن ۋەزىر، قانداقسىغا سەندەك نېمىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ؟ — دېدى پەشتامىچى.

— ئەمىر لەشكەر كۆرۈشكىلى ئۇنىمىسا، ئوغلانلار ئەمىر لەشكەرنى چۆچۈتۈپ قويارمىكىن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

جۇ تۇڭ نەيزىسى ئۇستىدىكى كىچىك ئەلەمنى بىر

بۇلغۇدى، قىرغاقتىكى خوۋا روڭ، چىن مىڭ، شۇ نىڭ، خو يەنجولار لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئوق يالىرىنى ئوقلىغىنىچە گۈررىدە تەڭلا دەريا قوشۇلمىسىنىڭ قىرغىقىدا سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. كېمىچىلەر قورققىنىدىن كېمە قازنىقىغا چۈشۈۋېلىشتى. پەشتامچى ئىلاجسىز شاپاشلاپ بېرىپ سۇ ئەمىرگە مەلۇم قىلدى، ئەمىر كېمىنىڭ بېشىغا چىقتى. سۇڭ جياڭ ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— كەمىنىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە چېقىلىشقا ھەددى ئەمەس، — دېدى.

— ھەي باتۇر، نېمىشقا مېنىڭ كېمەمنى توسۇسىلەر؟ — دېدى سۇ ئەمىر.

— ئەمىرنىڭ كېمىسىنى توسۇشقا نېمە ھەددىمىز؟ ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىدىغان ئىش بار ئىدى، شۇڭا ئۆزلىرىنى قىرغاققا تەكلىپ قىلدۇق، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— بۈگۈن مەن ئۇلۇغ يارلىققا بىنائەن كۈنپېتىش يۈخوۋا تېغىغا خان ئورنىدا كۈجە - ئىسرىقلارنى يېقىپ، تاۋاپ قىلىشقا كېتىۋاتىمەن. مەن بىلەن نېمە مەسلىھەت بولماقچىدى؟ ئوردا ۋەزىرى ئۆز مەيلىچە قىرغاققا چىقسا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى سۇ ئەمىر.

— ئەمىرىم، ئۆزلىرى ئۈنىمىسىلا، مېنىڭ مۇلازىملىرىم تەڭقىس قىلىپ قويارمىكىن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

لى يىڭ بەلگە بېغى بېكىتىلگەن نەيزىسىنى بىر بۇلغۇدى، لى جۈن، جاڭ شۈن، ياڭ چۈنلار كېمىلىرىنى ھەيدەپ دۈكۈرلىشىپ چىقتى. سۇ ئەمىر بۇنى كۆرۈپ ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى. لى جۈن، جاڭ شۈنلەر خەنجەرلىرىنى پارقىرىتىپ كېمىگە سەكرەپ ئۆتتى - دە، ئىككى پايلاقچىنى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتتى. سۇڭ جياڭ:

— ھەي، قولۇڭنى يىغىش، كاتتىلارنى چۆچۈتۈۋېتىشمە! — دەپ ۋارقىرىدى.

لى جۇن بىلەن جاڭ شۇن سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ ئىككى پايلاقچىنى يەنە كېمىگە ئېلىپ چىقتى. جاڭ شۇن، لى جۇنلەر سۇدا خۇددى تۈز يەردە يۈرگەندەك يۈرەتتى، ئۇ شاققىدە كېمىگە سەكرەپ چىققۇدى، سۇ ئەمىر ئالاقزادە بولۇپ تېنىدە جان قالمىدى.

— ئوغلانلار، چۈشۈپ كېتىڭلار، كاتتىلارنى چۆچۈتۈۋەتمەڭلار، مەن ئەمىر بېگىمنى قىرغاققا ئۆزۈم تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ چىقاي، — دېدى سۇڭ جياڭ.

— باتۇر، قانداق ئىش - كۈشىڭىزلار بار؟ مۇشۇ يەردە ئېيتىۋېرىڭىزلار، — دېدى سۇ ئەمىر.

— بۇ يەردە ئېيتىشقا بولمايدۇ، ئەمىرىم تاغ تۇراغا مەرھەمەت قىلسىلا، شۇ يەردە ئېيتاي، ھەرگىز سىلىگە زىيان يەتكۈزمەيمىز؛ ئەگەر بەتنىيەتلىك قىلساق، كۈنپېتىش يۆمياۋ بۇتخانىسىدىكى مالائىكىلىرىم بېشىمىزدىن ئۇرسۇن! — دېدى سۇڭ جياڭ.

شۇنداق زورلاش ئارقىسىدا سۇ ئەمىر كېمىدىن قىرغاققا چىقىشقا مەجبۇر بولدى. پالۋانلار بىر ئاتنى يېتىلەپ كېلىپ ئەمىر لەشكەرنى يۆلەپ ئاتقا مىندۇردى، ئۇ ئىلاجسىز ئۇلار بىلەن ماڭدى. سۇڭ جياڭ خۇا رۇڭ، چىن مىڭلارنى ئەمىر لەشكەرگە ھەمراھ قىلىپ تاغقا يولغا سېلىۋەتتى. ئاندىن ئۆزىمۇ ئاتلاندى، كېمىدىكى ئادەملەرگە شاھانە كۇجە - ئىسرىق، نەزىر - چىراغ نېمەتلىرى، ئالتۇن قوڭغۇراقلىق پانۇسنى يىغىشتۇرۇپ ھەممىسىنى تاغقا ئېلىپ چىقىشنى تاپىلىدى؛ لى جۇن، جاڭ شۇنلەرنى يۈزنەچچە ئادەم بىلەن كېمە - قولۋاقلارغا قاراشقا قالدۇردى.

ئاتامانلارنىڭ ھەممىسى تاغقا چىقتى، سۇڭ جياڭ ئاتتىن چۈشۈپ تاغ تۇراغا كىردى، سۇ ئەمىرنى يۆلەپ مەردلەر سارىيىغا ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزدى، ئاتامانلار ئىككى تەرەپتە ئېھتىرام بىلەن ئۆرە تۇرۇشتى. سۇڭ جياڭ ئېگىلىپ تۆت مەررە تەزىم قىلغاندىن

كىيىن:

— پىقىر سۇلى جىيالى ئەسلىدە يۇنچىبىلى ياموُلىدا كىچىك ئەمەلدار ئىدىم، دەۋاغا تارتىلىپ قالغانلىقىمدىن، نائىلاج مۇشۇ تاغ ئىچىدە تۇرۇۋاتىمەن. ۋاقتىنچە لىياڭشەن كۆلىنى پاناھ تۇتۇپ، دۆلەتكە ئەجىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوردىنىڭ ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىشىنى كۈتۈپلا تۇرۇۋاتىمەن. خې ئامبال يوق يەردىن چاتاق چىقىرىپ، ھازىر ئىككى قېرىنداشىمىزغا زىيان يەتكۈزمەك بولۇپ سەۋەبسىزلا زىندانغا تاشلىدى. ئۆزلىرى ئەكەلگەن شاھانە كۈجە ـ ئىسرىق، ياساۋۇللارنى ھەم ئالتۇن قوڭغۇراقلىق پانۇسنى بىزگە بېرىپ تۇرغايلا، بۇنىڭ بىلەن خۇاجۇنى قولغا چۈشۈرۈۋالساق، ئىش پۈتكەندىن كېيىن قايتۇرۇپ بەرسەك، ئۆزلىرىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەيمىز. بۇنى نەزەر ـ ئېتىبارغا ئېلىشلىرىنى تىلەيمىز، — دېدى.

— شاھانە كۈجە ـ ئىسرىق قاتارلىق نەرسىلەرنى سىزلەردىن ئايىمايمەن، لېكىن كېيىن بىلىنىپ قالسا بالاغا قالىمەن، — دېدى سۇ ئەمىر.

— ئۆزلىرى ئاستانىگە قايتقاندا ھەممىنى ماڭا دۆڭگەپ قويسىلا، — دېدى سۇڭ جىياڭ.

سۇ ئەمىر بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ قىياپىتىگە قارىدى، ئۇ قانداقمۇ ياق دېيەلىسۇن؟ نائىلاج ماقۇل بولدى. سۇڭ جىياڭ جام ـ قەدەھ تۇتۇپ مېھمان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەمىر لەشكەر ئۆزى بىللە كەلگەن ئادەملىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگىچە ھەممىسىنى بېرىپ تۇردى. چاپارمەنلەر ئىچىدىن چىرايلىق بىرىنى تاللاپ، ئۇنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى چۈشۈردى، ئاندىن ئەمىر لەشكەرنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ، ئۇنىڭ تۇرقىدا ياساندۇردى؛ سۇڭ جىياڭ بىلەن ۋۇ يۇڭ پەشتامچى تۇرقىدا، شىيې جېن، شىيې باۋ، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇلار پايلاقچى تۇرقىدا ياساندى؛ چاپارمەنلەرنىڭ ھەممىسى سۆسۈنە كۆڭلەك كىيىپ، كۈمۈش كەمەر باغلاپ، قوللىرىغا ئەلەم، تۇغ ـ نىشان، نىزام

تاياقلىرى، تاۋاپ نازۇنىمەتلىرىنى تۇتقىنىچە، شاھانە كۈجە ـ ئىسرىق، نەزىر ـ چىراغ نازۇنىمەتلىرى، ئالتۇن قوڭغۇراقلىق پانۇسلار كۆتۈردى؛ خۋا رۇڭ، شۇ نىڭ، جۇ تۇڭ، لى يىڭلار تۆت يامۇل چىرىكى تۇرقىدا ياساندى. جۇ ۋۇ، چېن دا، ياڭ چۇنلار ئەمىرلەشكەرنى قوغداپ ۋە ئەگەشتىلىرى ئۇنىڭغا مەي تۇتۇپ ماڭدى. چېن مىڭ، خۇ يەنجو بىر توپ لەشكەرنى، لىن چۇڭ، ياڭ جىلار بىر توپ لەشكەرنى باشلاپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. ۋۇ سۇڭ ئالدىنئالا كۈنپېتىش يۆخۋا قوۋۇقىغا بېرىپ، بېرىلگەن بەلگىگە قاراپ ئىش كۆرۈشكە ئەۋەتىلدى.

گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلى. ئەمدى بايىقى سەپەرگە چىققان يارەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار تاغ تۇرادىن چىقىپ دەريا قوشۇلمىسىغا كېلىپ كېمە بىلەن يورۇپ كەتتى. ئۇلار خۋاجۇ ئايمىقىنىڭ ئامبىلىغا خەۋەر يەتكۈزمەيلا، ئۇدۇل كۈنپېتىش يۆمياۋ بۇتخانىسىغا كەلدى. دەي زۇڭ ئالدىن بېرىپ بولۇت پەشتاق مۇتىۋەللىسىگە، ۋەزىپىدار راھىبلارغا خەۋەر قىلدى، ئۇلار كېمە يېنىغا بېرىپ كەلگۈچىلەرنى قىرغاقتا ئاچىقتى. كۈجە ـ ئىسرىق، شام ـ چىراغلار يېقىپ تۇغ ـ نىشانلارنى ئالدىغا تىزدى. ئاۋۋال شاھانە كۈجە ـ ئىسرىقلارنى ئىسرىق شىپاڭىغا قويۇش تەكلىپ قىلىندى، ئۇنى بۇتخانىدىكىلەر كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئالتۇن قوڭغۇراقلىق پانۇس يورۇتۇپ مېڭىلدى. مۇتىۋەللى ئەمىرلەشكەرگە سالام بەردى، ۋۇ يۇڭ خەلپەت:

— ئەمىرلەشكەر سەپەر ئۈستىدە بىتاپ بولۇپ قالدى، ھېچ مىجەزى يوق تۇرىدۇ، تەختىراۋان ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى.

مۇلازىملار ئەمىرلەشكەرنى يۆلەپ تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ، يۆمياۋ بۇتخانىسى ئايۋىنىغا ئېلىپ چىقتى. پەشتامچى ۋۇ يۇڭ خەلپەت مۇتىۋەللىگە:

— بۇ ئالاھىدە خان ئالىيلىرىنىڭ ئۇلۇغ بۇيرۇقىغا بىنائەن، تەڭرىتائالاغا ئاتاپ ئەۋەتىلگەن شاھانە كۈجە ـ ئىسرىقلار، ئالتۇن

قوڭغۇراقلىق پانۇس تۇرسا، نېمە ۋەجىدىن ئايماق بەگلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقماي كەمستىدۇ؟ — دېدى.
— خەۋەر قىلىشقا ئادەم ئەۋەتكەن، ھېلى كېلىدۇ، — دېدى مۇتىۋەللى جاۋابەن.
بۇ گەپ ئاخىرلاشمايلا ئايماقتىن بىر سىپاھبەگ ئەللىك ـ ئاتمىش يايى بىلەن يېتىپ كەلدى، ئۇلار ئەمىرلەشكەرگە مەي ـ شاراب، يەل ـ يېمىشلەر ئېلىپ كەپتۇ، ئەسلىدە ئەمىرلەشكەر تۇرقىدا ياسانغان چاپارمەننىڭ تەقى ـ تۇرقى ئەمىرلەشكەرگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن گەپ ـ سۆزلەرنى قاملاشتۇرالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ئاغرىق دەپ، يۇمشاق يوتقان ـ كۆرپىگە ئوراپ، كاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشقا توغرا كەلگەنىدى. كەلگەن سىپاھبەگ ئەلەملەرگە، نىشان تۇغلار بىلەن نىزام تاياقلارغا نەزەر سالدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوردىدا ياسالغانلارنىڭ نەق ئۆزى ئىدى، ئۇنداق تۇرسا نېمىشقا ئىشەنمىسۇن. پەشتامچى يالغان ـ ياۋىداقتىن ئىككى قېتىم ئىچكىرىگە كىرىپ ـ چىقىپ ئىلتىجا قىلغان بولدى، كېيىن سىپاھبەگنى باشلاپ كىردى، ئۇ قولىنى ئىشارەت قىلىپ نېمىدۇر بىرنېمىلەرنى دېگەندەك قىلدى. ۋۇ يۈك سىپاھبەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا تاپا ـ تەنە قىلىپ:
— ئەمىرلەشكەر بولسا تەڭرىقۇت ھۇزۇرىدىكى بىر ئىززەتلىك ۋەزىر، ئۇ شۇنچە يىراق مەنزىللەرنى يىراق كۆرمەي، ئالاھىدە ئۇلۇغ خان بۇيرۇقىغا بىنائەن بۇ يەرگە خان ئوردىدا كۆجە ـ ئىسرىق كۆيدۈرۈپ، تاۋاپ قىلىشقا كېلىۋېتىپ كۇتۇلمىگەندە بىتاب بولۇپ ئاغرىپ قالدى، نېمىشقا ئايماقنىڭ بەگلىرى يىراقراق ئالدىغا چىقمايدۇ؟ — دېدى.
— يول ئۈستىدىكى مەھكىمىلەردىن ئايماققا بۇ ھەقتە مەلۇمات كەلگەن بولسىمۇ، يېقىندا ئۇچۇر بولمىغانلىقتىن بىخەۋەر بولۇپ چىقالمىدى. ئەمىرلەشكىرىم بالدۇر كېلىپ قاپتۇ، ئامبال ئەسلىدە كەلمەكچىدى، شاۋخوا تېغىدىكى

www.uyghurkitap.com

قاراقچىلار لىياڭشەن كۆلىدىكى قاراقچىلار بىلەن بىرلىشىپ شەھەرگە تەگمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ھەر كۈنى ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەپ ئامبال شەھەردىن قىمىرلىيالمايۋاتىدۇ، پىقىرنى ئالدىدىن مەي ـ شاراب، سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئالاھىدە ھۇزۇرلىرىغا ئەۋەتتى. ئۆزىمۇ ئارقامدىن يېتىپ كېلىدۇ، ـــ دەپ جاۋاب بەردى سىپاھبەگ.

ـــ ئەمىر بىر تىمىمۇ مەي ئىچەلمەيدۇ، ئامبال تېزدىن كەلسۇن، تاۋاپ ـ تەزىم ئۇستىدە مەسلىھەت قۇرماقچىمىز، ـــ دېدى ۋۇ يۇڭ خەلپەت.

كەلگەن سىپاھبەگ دەرھال مەي ـ شارابلارنى ئېلىپ پەشتامچىنىڭ يېنىدىكىلەرگە قەدەھ تۇتتى. ۋۇ يۇڭ خەلپەت يەنە بىر قېتىم مەلۇم قىلىشقا كىرىپ ئاچقۇ ئاچىقتى، ئاندىن سىپاھبەگنى ئالتۇن قوڭغۇراقلىق پانۇسنى كۆرۈشكە باشلاپ باردى، قۇلۇپنى ئاچتى ـ دە، خۇشبۇي خالتىدىن خان ئىنئام قىلغان ئالتۇن قوڭغۇراقلىق پانۇسنى چىقىرىپ سىپاھبەگكە كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇنى قومۇش خادىغا ئېسىپ قويدى. سىپاھبەگ قارىسا ئۇ دەرۋەقە تەڭداشسىز ئېسىل ياسالغاندى:

پارقىرار ئالتۇنغا ئوخشاش ھەل بېرىپ،
ياسىلىپتۇ رەڭمۇرەڭ زىننەتلىنىپ.
جۈپ پۆپۈكلۈك ئاستى ئالتۇن قوڭغۇراقلار ياڭرىتىپ،
ئۈستىگە لەئەل ـ جاۋاھىر، ئۈنچە ـ مەرۋايىت تىزىپ.
ئورىلىپتۇ ساپسېرىق دۇردۇن ـ تاۋاردا چۆرىسى،
ئوتتۇرىغا جايلىشىپ سەككىز بۇرجەك لەئەل تاۋۇقى؛
ساڭگىلاپتۇ ئىككى ياقتا سۆسۈنە جۈپ بوغقۇچى ـــ
سىزىلىپتۇ سىرتىغا جۈپ سۇمۇرغنىڭ سۈرىتى.
ئۈنچە ـ مەرۋايىت، ھېقىقلار قويۇلۇپتۇ كۆز قىلىپ،
قاتمۇقات لەئەل ـ جاۋاھىرلار تىزىپ چۆرۈلدۈرۈپ.
شايى لىباسلىق چىراغ زۇمرەت كەبى كۆز چاقنىتىپ،

قىزىل نىلۇپەر ئىدى گويا يېشىل ياپراق بېسىپ.
ئالتۇن ھۆجرا، لەئەل راۋاقلارغا مۇناسىپ بۇ چىراغ،
ئېسىلىپ پەشتاق ـ قەسىرگە چاچتى نۇرىنى بۇ چاغ.

بۇ بىر جۈپ ئالتۇن قوڭغۇراقلىق پانۇسنى ئاستانە ئوردىسىدىكى ئۇستا ھۈنەرۋەن ياسىغان، ئۇنىڭغا رەڭگارەڭ ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ئېسىلغان، ئوتتۇرىسىغا چىنىدەك قىپقىزىل شاھى چىراغ يېقىلغان بولۇپ، ئۇ دەل تەڭرىقۇت قەسرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىلاتتى؛ بۇنى ئوردا قىلدۇرمىسا خەلقنىڭ قىلدۇرۇشقا قانداق كۈچى يەتكەي؛ ۋۇ يۈك ئۇنى سىپاھبەگكە كۆرسىتىپ بولۇپ يەنە قۇتىغا سېلىپ قۇلۇپلىدى؛ يەنە مىرزىبەگ مەھكىمىسىنىڭ نۇرغۇن ئالاقە، خەت ـ چەكلىرىنى چىقىرىپ سىپاھبەگكە بەردى؛ ئامبال كەلسۇن، خاسىيەتلىك كۈننى تاللاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزەيلى، دېدى. سىپاھبەگ ۋە دورغا ـ يايىلار ئاشۇ نۇرغۇن خەت ـ ئالاقىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن پەشتامچى بىلەن ۋىدالىشىپ، ئۇدۇل خۇاجۇ ئايماق يامۇلىغا قايتىپ كېلىپ خې ئامبالغا مەلۇم قىلدى.
ئەمدى سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ ئىچىدە بارىكاللا ئېيتىپ: «بۇ مۇتتەھەم شۇنچىۋالا ھىيلىگەر بولسىمۇ، ئالداپ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىپ ساراسىمىگە سېلىۋەتتۇق» دېدى. بۇ چاغدا ۋۇ سۇڭ ئالىلىقاچان بۇتخانا ئىشىكىگە ھازىر بولغانىدى. ۋۇ يۈڭ خەلپەت يەنە شى شيۇنى قوينىغا خەنجەر تىقىپ بۇتخانا ئىشىكىگە بېرىپ، ۋۇ سۇڭغا ھە ـ ھۇ دېيىشكە ئەۋەتتى؛ ئاندىن دەي زۇڭنىمۇ پايلاقچى سۈپىتىدە ياساپ قويدى. بۇلۇت پەشتاق مۇتىۋەللىسى پەرھىز تائام ئەكەلدى، ۋەزىپىدار راھىبلارغا يۈمىياۋ بۇتخانىسىدا ئورۇن ھازىرلاشنى تاپشۇردى. سۇڭ جياڭ كۈنپېتىش يۈمىياۋ بۇتخانىسى ئەتراپىدا ئىستىراھەت قىلغاچ ئۇنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقتى، ئۇ دەرۋەقە قالتىس ياسالغان بۇتخانا ئىكەن، ئۇ پانىي ئالەمدىكى ئەرشىئەلا ئىدى.

سۇڭ جياڭ تۆره سارايغا كېلىپ كۇجه بېقىپ سەجده ـ تاۋاپ قىلدى، ئۇ تىلاۋەتنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئايۋان ئالدىغا قايتىپ كېلىشىگە ئىشىك باقار كىرىپ: «خې ئامبال كەلدى» دەپ مەلۇم قىلدى. سۇڭ جياڭ يامۇل يايى ـ چېرىكلىرى تۇرقىدا ياسانغان خۋا رۇڭ، شۇ نىڭ، جۇ تۇڭ، لى يىڭلارنى قورال ـ ياراغلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىككى چەتتە تۇرۇشقا بۇيرۇدى. شيې جېن، شيې باۋ، ياڭ شيۇڭ، دەي زۇڭلارنى قوينىغا قورال ـ ياراغلارنى تىقىپ ئوڭ ـ سولدا تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

خې ئامبال ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم بىلەن بۇتخانا ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى، ئۇنى ئادەملىرى ئارىغا ئېلىپ بۇتخانىغا ئەكىرمەك بولغاندا، يالغان پەشتامىچى ۋۇ يۇڭ خەلپەت بىلەن سۇڭ جياڭ خې ئامبالنىڭ نەيزە، قىلىچ كۆتۈرگەن ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق لەشكەرلىرىگە قاراپ:

— ئوردا ئەمىرلەشكىرى مانا بۇ يەردە، پەلپەتىش ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشىگە رۇخسەت يوق! — دېدى.

ئەگىشىپ كەلگەنلەر ئىزىدىلا توختاپ قالدى. خې ئامبال ئۆزى يالغۇز ئەمىرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ سالام بەجا كەلتۈرمەك بولدى. پەشتامىچى:

— ئەمىرلەشكەر ئامبال كىرسۇن دەيدۇ، — دېدى.

خې ئامبال ئايۋان ئالدىغا كىرىپ، يالغان ئەمىرلەشكەرگە سالام بەردى. ۋۇ يۇڭ خەلپەت:

— ئامبال، گۇناھىڭىزنى بىلەمسىز؟ — دېدى.

— پېقىر ئەمىرلەشكەرنىڭ كېلىشىدىن خەۋەرسىز قاپتىمەن، گۇناھىمدىن ئۆتسە، — دېدى ئامبال.

— ئەمىرلەشكەر خاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن، مۇشۇ بۇتخانىغا خان ئورنىدا كۇجە ـ ئىسرىق كۆيدۈرۈپ تاۋاپ قىلىشقا كەلسە، نېمىشقا يىراققا ئالدىغا چىقمايسىز؟ — دېدى خەلپەت ۋۇ يۇڭ.

— يېقىندا يامۇلغا ئۇچۇر بولمىغانلىقىدىن بىخەۋەر

قاپتىمەن، — دېدى جاۋابەن ئامبال.

— تۇتۇڭلار بۇنى! — دەپ ۋارقىرىدى خەلپەت ۋۇ يۇڭ.

شيې جېن، شېي باۋلار يېنىدىن شارت قىلىپ خەنجىرىنى چىقاردى - دە، بىر تېپىك بىلەن ئامبالنى تىك موللاق چۇشۇرۇپ كالل‍ىسىنى ئالدى.

— بۇرادەرلەر، قېنى تۇتۇش قىلىڭلار! — دېدى سۇڭ جياڭ.

ئامبالغا ئەگىشىپ كەلگەن ئۈچ يۈز نەچچە ئادەم قىمىر - چىمىر قىلالماي ھاڭۋاقىنىچە قېتىپلا قالدى. خۇا رۇڭلار ئېتىلىپ بېرىپ ھېلىقى ئەگەشتىلەرنى خۇددى يېپى ئۈزۈلگەن تەسۋى ئۇرۇقىدەك بىر - بىرلەپ يەرگە ياتقۇزۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇتخانا ئىشىكىگە قاراپ يۈگۈردى، بۇ چاغدا ۋۇ سۇڭ، شى شيۇلار قىلىچلىرىنى ئويناتقىنىچە دۈكۈرلىشىپ كەلدى، چاپارمەنلەر ئۇلارنى تۇش - تۇشتىن قىرغىلى تۇردى، ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ بىرسىمۇ قۇتۇلۇپ چىقالمىدى. كېيىن بۇتخانىغا كىرگەنلىرىنى بولسا جاڭ شۇن، لى جۈنلەر ئۆجۈقتۇرۇۋەتتى.

سۇڭ جياڭ دەرھال شاھانە كۈجە - ئىسرىق، پانۇسلارنى يىغىشتۇرۇپ كېمىگە چۈشتى، بۇلار خۇاجۇ ئايمىقىغا يېتىپ بارغاندا، شەھەردە ئىككى تەرەپتىن ئوت كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى، بۇلار دۈكۈرلىشىپ بۆسۈپ كىرىپ، ئاۋۋال زىندانغا بېرىپ، لۇ جىشېن، شى جىنلارنى قۇتقۇزدى، ئاندىن خەزىنە - ئامبارلارنى چېقىپ، مال - مۈلۈك، تاۋار - دۇردۇنلارنى ئېلىپ چىقىپ ھارۋىلارغا قاچىلىدى. يارەنلەر خۇاجۇدىن ئايرىلىپ كېمە بىلەن شاۋخۇا تېغىغا قايتىپ كېلىپ، ھەممىسى سۇ ئەمىر بىلەن كۆرۈشتى ۋە شاھانە كۈجە - ئىسرىقلار، ئالتۇن قوڭغۇراقلىق پانۇس، ئەلەم، نىشان، تۇغ، نىزام تاياقلارنى قايتۇرۇپ، ئەمىر لەشكەرنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت - تەشەككۇر بايان قىلدى. سۇڭ جياڭ بىر پەتنۇس ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىپ چىقىپ ئەمىر لەشكەرگە تۇتتى. ئەگەشتىلەرنىڭ مەنسىپىگە قارىماي قارىقويۇق

هەممىسىگە ئالتۇن ـ كۈمۈش تارقاتتى. تاغ تۇرادا ئۇزىتىش يۈزىسىدىن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئەمىر لەشكەرگە رەھمەت ـ تەشەككۈرلەر ئېيتتى. ئاتامانلار تاغ ئېتىكىگىچە ئۇزىتىپ باردى. دەريا قوشۇلمىسىغا بارغاندا بۇرۇن ئېلىۋالغان كېمىلەرنى ۋە ئادەملەرنى بىرسىنىمۇ كەم قىلماي قايتۇرۇپ بەردى.

سۇڭ جياڭ سۇ ئەمىرگە رەھمەت ـ تەشەككۈر ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، شاۋخۇا تېغىغا قايتىپ تۆت تەرەپتىن كەلگەن باتۇرلار بىلەن كېڭەشتى ۋە تاغ تۇرانىڭ پۇل ـ پۇچەك، ئاشلىق ـ تۈلۈكلىرىنى يىغىشتۇردى، تۇرا ـ قوشلارغا ئوت قويۇۋەتتى، يارەنلەر ئات ـ ئۇلاغ، ئاشلىق ـ تۈلۈك، ئوت ـ بوغۇزلارنى ئېلىپ لياڭشەن كۆلگە قاراپ راۋان بولدى.

ئەمدى سۇ ئەمىرگە كەلسەك، ئۇ كېمىگە چۈشۈپ خۇاجۇ شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن «لياڭشەن قاراقچىلىرى چېرىكلەرنى قىرىپ ـ چېپىپ، ئايماق يامۇلىنىڭ ئامبار ـ خەزىنىلىرىدىكى پۇل ـ پۇچەك، ئاشلىق ـ تۈلۈكلەرنى بۇلاپ كېتىپتۇ؛ شەھەر ئىچىدە سەرۋازلاردىن يۈزنەچچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ھەممىسىنى ئولجا ئېلىپ كېتىپتۇ، كۇنپېيتىش يۇمياۋ بۇتخانىسىدىمۇ نۇرغۇن جانغا زامىن بوپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. ئايماق يامۇلىنىڭ سىپاھبېگىگە مىرزىبەگ مەھكىمىسىگە قارىتىپ: «سۇڭ جياڭ يول ئۈستىدە شاھانە كۆجىلەرنى، پانۇسنى تارتىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئامبالنى بۇتخانىغا ئالداپ ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەن ئەرزنى يازغۇزدى. سۇ ئەمىر بۇتخانىغا كىرىپ شاھانە كۆجە ـ ئىسرىق ياقتى، بۇ ئالتۇن قوڭغۇراقلىق پانۇسنى بۇلۇت پەشتاق مۇتىۋەللىسىگە تاپشۇرۇپ، كېچىلەپ ئاستانىگە قايتىپ ئىشنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى سۇڭ جياڭغا كەلسەك، ئۇ شى جىن، لۇ جىشېنلارنى قۇتقۇزۇپ، شاۋخۇا تېغىدىن تۆت پالۋاننى ئېلىپ يەنە بۇرۇنقىدەك ئۈچ قوشۇنغا بۆلۈنۈپ لياڭشەنگە سەپەر قىلدى، يول ئۈستىدىكى

ئايماق، ناھىيەلەر تەۋەسىدىن ئۆتكۈچە ھېچكىمگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىدى. دەي زۇڭ ئاۋۋال تاغقا چىقىپ مەلۇم قىلدى، چاۋ گەي ۋە ئاتامانلار تاغدىن سۇڭ جياڭلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئۇلارنى مەردلەر سارىيىغا ئېلىپ چىقتى، ئۇلار بىر ـ بىرلىرى بىلەن سالام ـ سەھەت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن خۇشاللىق شەرىپىگە زىياپەت بېرىلدى.

ئەتىسى شى جىن، جۇ ۋۇ، چېن دا، ياڭ چۈنلارمۇ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، چاۋ گەي، سۇڭ جياڭ ھەزرەتلەر بىلەن ئاتامانلارغا رەھمەت ـ تەشەككۈر ئېيتتى. ئارىدا بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ھەقتىكى گەپنىمۇ ئۇزارتمايلى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز قۇرۇتقاق تىمساھ جۇ گۈي تاغقا چىقىپ:

— شۇجۇ ئايمىقىنىڭ پېيشيەن ناھىيەسىدىكى ماڭداڭ تېغىدا يېڭىدىن بىر توپ قاراقچى پەيدا بوپتۇ، ئۇلار ئۈچ مىڭ لەشكەر توپلاپتۇ. ئۇلارنىڭ چوڭى فەن رۇي ئاتلىق، مالىمانچى دىۋە لەقەملىك بىر دەرۋىش ئىكەن. ئۇ بوران چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرالايدىكەن، لەشكەرلىرىنى ئەنبىيادەك ئىشقا سالىدىكەن. ئىككى ئورۇنباسارى بار ئىكەن، بىرسىنىڭ ئىسمىزاتى شياڭ چۇڭ، لەقىمى سەككىز قوللۇق نالاكۇۋارا① ئىكەن، قالقان تۇتىدىكەن، قالقاندا يىگىرمە تۆت ئاتقۇچ خەنجەر قىستۇرۇلغان بولۇپ، قولىدا بىر تۆمۈر نەيزىسى بار ئىكەن. يەنە بىرسىنىڭ ئىسمىزاتى لى گۇن، لەقىمى ئۇچار ئەۋلىيا ئىكەن، ئۇمۇ قالقان تۇتىدىكەن، قالقاندا يىگىرمە تۆت نەيزە سانجىقلىق ئىكەن. قولىدا بولسا بىر زۇلپىقار بار ئىكەن؛ بۇ ئۈچەيلەن ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقان بولۇپ، ئۇلار ماڭداڭ تېغىنى ئىگىلەپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋېتىپتۇ، بۇ ئۈچەيلەن لياڭشەن تاغ تۇرامىزنى تارتىۋېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. پېقىر بۇنى ئاڭلاپ تۇرالماي خەۋەر

① نالاكۇۋارا — بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ بىر ئىلاھى. سانسكرىت تىلىدا نالاكۇۋارا دېيىلىدۇ.

ئەكەلدىم، — دېدى.

— بۇ ئوغرىلار شۇنداقمۇ بىئەدەپلىك قىلامدۇ؟ مەن يەنە بىر چۈشۈپ چىقاي ! — دېدى سۇك جياڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ.

— بىز تۆتىمىز، — دېدى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئەجدىھا يىگىت شى جىن، — تاغ تۇراغا يېقىن كەلدۇق، تىرناقچىلىك ئەجىر - تۆھپە كۆرسىتەلمىدۇق، بىز ئۆز لەشكەرلىرىمىزنى باشلاپ بېرىپ بۇ قاراقچىلارنى تۇتۇپ كەلسەك.

بۇنى ئاڭلىغان سۇك جياڭ ناھايىتى خۇرسەن بولدى. شۇ ئەسنادا شى جىن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، جۇ ۋۇ، چېن دا، ياڭ چۇنلار بىلەن بىللە ياسىنىپ، سۇك جياڭ بىلەن خوشلىشىپ تاغدىن چۈشتى. بۇلار كېمە بىلەن جىنشاتەندىن ئۆتۈپ ئۇدۇل ماڭداڭ تېغىغا سەپەر قىلدى، ئۈچ كۈن ئىچىدە تاغنىڭ قارىسىنى كۆردى، ئۇ تاغ بۇرۇنىسىدا خەن سۇلالىسىنىڭ خانى بولغان گاۋ زۇ يىلان ئۆلتۈرۈپ يىغى كۆتۈرگەن تاغ ئىدى. ئۈچ قوشۇن لەشكەرلىرى تاغ ئېتىكىگە يېتىپ كەلگەندە، يولدا مۆكۈنۈپ ياتقان چاپارمەنلەر تاغقا چىقىپ خەۋەر يەتكۈزدى.

ئەمدى شى جىنغا كەلسەك، ئۇ شاۋخۇا تېغىدىن باشلاپ كەلگەن ئادەملىرىنى سەپكە تىزىپ، ئۆزى قورال - ياراغلار بىلەن ياسىنىپ، چىلان تورۇق ئات مىنىپ سەپ ئالدىدا تۇردى. شى جىننىڭ باتۇرلۇقىنى قانداق دېمەمسىز.

## نەزم

تۇتتى خۇاجۇ شەھىرى سىرتىنى ئۇزاقتىن ئۇ ماكان،
تا ئەزەلدىنلا ئىدى ئۇ تېگى - تەكتىدىن دېھقان.
ئۆگىنىپ نەيزە، قىلىچۋازلىقنى دىلدا ساقلىغان،
ئۈچ ئۇچلۇق قىلىچى قار، چىلان ئېتى ئەجدىھاسىمان.

يالتىراقلىق چاتما گاڭ قۇياقنى بويىغا يېپىنىپ،
خۇددى چوغدەك قىپقىزىل جەڭ تونىنى ئاپتۇ كىيىپ،
ئۇنچە ـ ياقۇتتىن ئۇنىڭغا زىبۇزىننەتلەر ئېسىپ،
ئەل ئۇنى شى جىن ئاتار، ئەجدىھا يىگىت لەقەم بېرىپ.

بۇ ئەسنادا شى جىن ئالدىدا ئات سېلىپ چىقتى، قولىدا ئۈچ ئۇچلۇق ئىككى بىسلىق قىلىچنى ئويناتماقتا ئىدى. ئارقىدىن ئۈچ ئاتامان ئەگەشكەنىدى، ئوتتۇرىسىدىكى پاراسەتلىك مۇشاۋىر جۇ ۋۇ ئىدى، ئۇ دىگىيۇەن ناھىيەسىدىن بولۇپ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئىدى. بۇمۇ قوش قىلىچ ئويىنىتالايتتى. ئۇ سەپ ئالدىغا كەلدى، جۇ ۋۇنى تەرىپلەپ مۇنداق نەزم پۈتۈلگەن:

جەندىسى پالمىنىڭ ياپرىقى گويا،
بۇغا تېرىسىدىن كىيگىنى كۆلا.
مەگزىدە قىزىللىق، كۆزلىرى شەھلا،
ئاق يۈزلۈك كېلىشكەن ساقىلى سالا.
ئەقىلدە ئۇ ئىدى جاڭ لياڭدىن ئۆتەر،
پاراسەت بابىدا فەن لىدىن دانا.
پەملىكتە ۋۇ يۇڭدىن كەم قالماس چېۋەر،
بولالماس ھېچ كىشى جۇ ۋۇدىن ئەلا.

يەنە بىر پالۋان سەپ ئالدىدا ئات سېلىپ ئاپپاق قۇيۇچلۇق نەيزىنى پارقىرىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ لەقىمى غار سەكرىگەك يولۋاس چېن دا، يۇرتى يېچېڭ ئىدى. ئۇنىڭ نەيزە تۇتۇپ ئات ئويىنىتىپ جەڭگە كىرگەنلىكى توغرىسىدا بىر نەزمدە مۇنداق تەرىپلىنىدۇ:

ئۇ كارامەت پالۋانكى سەكرىسە ئەينى قاۋان،
جىلغىلار ئاتلاپ ئۆتەر گوياكى ئۇ بىر ئارسلان.
دەرھەقىقەت ئەل ئارا يولۋاس ئىدى چېن دا ئۆزى،
ئات چېپىپ، نەيزە تۇتۇپ ياڭراتتى دۇمباقنى ھامان.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان پالۋان قولىغا بىر كۆركەم ساپلىق قىلىچ تۇتقان، چار يىلان لەقەملىك ياڭ چۇن ئىدى، ئۇ جىيېلياڭ ناھىيەسىنىڭ پۇچېڭ شەھىرىدىن ئىدى. ئۇ قىلىچ تۇتقان ھالدا ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سەپ ئالدىنى قوغداپ تۇراتتى، ياڭ چۇننى تەرىپلەيدىغان مۇنداق بىر نەزم بار:

شۇنچىلىك قالتىس ئىدى بۇ نامى ياڭ چۇن پالۋان،
تۇتتى شاۋخۇا تېغىنى ئۇ كۆپ ئۇزۇن يىلدىن بۇيان.
بەل ـ بىلەكلىرى ئۇزۇن، كۈچ ـ قۇدرەت تاپقان كامال،
يۇتقۇدەك ھەرنە يوغان پىلىلارنى ئۇ بىر چار يىلان.

تۆت پالۋان ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ سەپ ئالدىدا تۇراتتى. بىر پەس نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن ماڭدالڭ تېغىدىن بىر توپ لەشكەرنىڭ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككى پالۋان كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى باشلامچىسى شۇجۇ ئايمىقىنىڭ پېيشيەن ناھىيەسىدىن بولۇپ، ئىسمىزاتى شياڭ چۇڭ، لەقىمى سەككىز قوللۇق نالاكۇۋارا ئىدى. ئۇ بىر قالقاننى تۇتقانىدى، قالقانغا يىگىرمە تۆت ئاتقۇچ خەنجەر قىستۇرۇلغانىدى، ئەگەر يۈز قەدەم نېرىدىكى ئادەمگە بۇ خەنجەرلەرنى ئاتسا تەگمەي قالمايتتى، ئۇ ئوڭ قولىغا بىر نەيزە تۇتقانىدى. ئارقىدا بەلگە ئەلەم كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا «سەككىز قوللۇق نالاكۇۋارا» دەپ يېزىلغانىدى، بۇلار تاغدىن پىيادە چۈشكەنىدى. تۆۋەندىكى نەزمدە شياڭ چۇڭ مۇنداق تەرىپلىنىدۇ:

## نەزم

ئۇ تۆمۈر قالپاق كىيىپتۇ چېكىسىگە چۈكۈرۈپ،
ساڭگىلاپ مىس ھالقىسى چۈشكەن زىنىخىدىن ئۆتۈپ.

بىر يوغان ھايۋان سۈرەت قالقان تۇتۇپتۇ قولىغا،
قالقىنى ئۈستىگە ئاتقۇچ خەنجىرىنى قىستۇرۇپ.
پۈتى گەر تەگسە زېمىنغا خۇددى ئۇچقۇر ئوت بولۇر،
بۇ زېمىنغا چۈشتى ئۇ بالايىئاپەتنى قۇچۇپ.
قولى بار سەككىز ئۇنىڭ نالاكۇۋارا لەقىمى،
كەلدى بۇ دۇنياغا شىياڭ چۇڭ دەپ ئاتاق ـ نامنى ئېلىپ.

ئۇنىڭ كەيىندىكىسى پېيشيەن ناھىيەسىدىن بولۇپ، ئىسمىزاتى لى گۇن، لەقىمى ئۇچار ئەۋلىيا ئىدى. ئۇمۇ بىر قالقان تۇتقانىدى. قالقانغا يىگىرمە تۆت نەيزە قىستۇرۇلغانىدى، ئۇمۇ يۈز قەدەم نېرىدا تۇرۇپ ئادەملەرنى چېنىيەلەيتتى؛ سول قولىدا قالقان، ئوڭ قولىدا زۇلپىقار تۇتۇپ تۇراتتى. ئارقىدا بولسا بىر بەلگە ئەلەم كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئۇچار ئەۋلىيا» دەپ يېزىلغانىدى، ئۇ سەپ ئالدىغا كەلدى. لى گۇننى تەرىپلەپ مۇنداق نەزم پۈتۈلگەن:

پۆپۈكلۈك دۇبۇلغا باشقا كىيگىنى،
تونى يېپىپتۇ تىزلاپچىسىنى.
كۆكسىگە ئورنىغان قاپلانەك يۈرەك،
تۇلۇك ياپقان يۈرىكى قاتىلىنىڭكىدەك.
ئاتقۇچ خەنجەرلىرى قاشتېشى گويا،
ئالتۇنەك يالتىرار قالقىنى راسا.
لەقىمى «ئۇچار ئەۋلىيا» بولار،
لى گۇننى خالايىق ماختاپ قول قويار.

شۇ ئەسنادا ئىككىسى تاغدىن پىيادە چۈشۈپ، قارشى سەپتىكى شى جىن، جۇ ۋۇ، چېن دا، ياڭ چۇنلارنىڭ ئاتلىق سەپ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇلارغا ھېچ گەپ قىلمايلا، چاپارمەنلەر جاڭ ئۇردى. ئىككى پالۋان قالقان ئوينىتىپ تەڭلا سەپكە

www.uyghurkitap.com

يوپۇرۇلۇپ كىردى. شى جىنلار توسۇيالمىدى، ھىماتچى لەشكەر-لەر ئالدىدا ماڭدى. شى جىننىڭ تۇرشاۋۇل لەشكەرلىرى كۈشەندىلىرى بىلەن ئېلىشتى. جۇ ۋۇلارنىڭ بارگاھ قوشۇنلىرى چۇقان سېلىپ پىتىراپ كەتتى، ئادەم توختىسا ئات توختىماپتۇ دېگەندەك، چاپ - چاپقا پايلىماي ئۇتتۇز - قىرىق چاقىرىم چېكىنىپ كەتتى. ئاتقۇچ خەنجەر شى جىنغا تېگىپ كېتىشكە تاسلا قالدى؛ ياك چۇن بۇرۇلۇپ بولغۇچە ئاتقۇچ خەنجەردىن بىرى كېلىپ تەگدى، ئۇنىڭ ئېتى يارىلاندى، ئۇ ئېتىنى تاشلاپ جىنىنى ئېلىپ قاچتى. شى جىن لەشكىرىنى ئېدىتلىۋىدى، تېگى ئۆلگەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇ جۇ ۋۇلار بىلەن كېڭىشىپ لياڭشەن كۆلىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئادەم ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئادەم ئەكەلدۇرسەكمىكىن دەپ غەم - غۇسسىگە چۆشۈپ تۇرغاندا، بىر سەرۋاز كېلىپ:

— يۇقىرى تەرەپتىكى چوڭ يولدىن توپا توزۇتۇپ ئىككى مىڭچە لەشكەر كېلىۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. شى جىنلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلسە، ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈۋالغىنى لياڭشەن كۆلىنىڭ ئەلىمى ئىكەن، ئالدىدا ئاتلىق ئىككى سەردار كېلىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ بىرسى كىچىك لىگۇاڭ خۇا رۇڭ، يەنە بىرسى زەر نەيزىۋاز شۇ نىڭ ئىكەن. شى جىن شياڭ چۇڭ، لى گۇنلارنىڭ قالقىنىنى ئويناتقاندا لەشكەرلەرنىڭ توسۇۋالالمىغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— سۇڭ دانىش ئاغىمىز ئۆزلىرىنى ئەۋەتىپ قويۇپ خاتىرجەم بولالماي، ناھايىتى پۇشايمان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە ئىككىمىزنى ھەمدەملىككە ئەۋەتتى، — دېدى.

شى جىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى، لەشكەرلىرىنى جەم قىلىپ بىر ئورۇنغا قوش - بارگاھلار تىكتى. ئەتىسى تاڭ سەھەر بىلەن لەشكەر تارتىپ چىقىپ ياۋ بىلەن ئېلىشماق بولۇپ تۇرغاندا، بىر سەرۋاز كېلىپ:

— يۇقىرى تەرەپتىكى چوڭ يولدا يەنە لەشكەرلەر كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

خۇا رۇڭ، شۇ نىڭ، شى جىنلار بىللە ئاتلىنىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى، قارىسا سۇڭ دانىشىنىڭ ئۆزى مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ خەلپەت، گۇڭسۇن شېڭ، چەي جىن، جۇ تۇڭ، خۇ يەنجو، مۇ خۇڭ، سۇن لى، خۇاڭ شىن، لۇ فاڭ ۋە گو شېڭلارنى ئېلىپ ۋە ئۈچ مىڭ لەشكەرنى باشلاپ كەپتۇ. شى جىن، شياڭ چۇڭ، لى گۇنلارنىڭ ئاتقۇچ خەنجەر ۋە نەيزە، قالقانلىرىغا يېقىن يولىغىلى بولمىغانلىقىنى، لەشكەرلەرنى قىرىۋەتكەنلىكىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. سۇڭ جياڭ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

— ئاۋۋال قوش - بارگاھلارنى تىكىپ جايلىشىۋېلىپ، باشقىدىن مەسلىھەتلىشەيلى، — دېدى ۋۇ يۇڭ.

سۇڭ جياڭ تەقەززا بولۇپ، دەرھال لەشكەر تارتىپ چىقىپ ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن تاغ تۈۋىگىچە بارماق بولدى. بۇ چاغدا كەچ كىرىپ قالغانىدى. ماڭداڭ تېغىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئۈستىنى ياپيېشىل پانۇسلار قاپلىغانىدى، گۇڭسۇن شېڭ بۇنى كۆرۈپ:

— بۇ قوش- بارگاھتا يېشىل رەڭلىك پانۇسلار كۆرۈنۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە جادۇگەرلەر بار بولسا كېرەك، بىز ھازىرچە لەشكەرلەرنى چېكىندۇرۇپ تۇرايلى، پېقىر ئەتە بىر جەڭ سېپى تۈزۈپ، بۇ ئىككى ئادەمنى تۇتاي، — دېدى.

سۇڭ جياڭ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، لەشكەرلىرىگە ھازىرچە يىگىرمە يول نېرىغا چېكىنىپ قوش - بارگاھلار تىكىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ئەتىسى سەھەر بىلەن گۇڭسۇن شېڭ بۇ جەڭ سېپىنى تەقدىم قىلدى، ئەيىۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس !

شاياتۇن قول قوشتۇرۇپ چىقتى لياڭشەن تېغىغا،
پالىۋان مايىل بولۇپ قوشۇلدى سۇ بويىغا.

گۇڭسۇن شېڭنىڭ زادى قانداق جەڭ سېپى تۈزگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاتمىشىنچى باب

## گوڭسۈن شېڭنىڭ ماڭدالىك تېغىدا يالماۋۇزنى يەڭگەنلىكى چاۋ گەي ھەزرەتنىڭ زېڭتۇ شەھرىدە يارىلانغانلىقى

ئەلقىسسە، گوڭسۈن شېڭ سۇڭ جياڭ بىلەن ۋۇ يۇڭغا شۇ سەپنىڭ تۈزۈلۈشىنى بايان قىلدى:

— خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى پادىشاھلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن چاغلار ئىدى، جۇگې لياڭ سەپنى تاش تىزىش يولى بىلەن كۆرسەتتى. لەشكەرلەر تۆت تەرەپكە سەككىز — سەككىزدىن ئاتمىش تۆت قاتار بولۇر، باش سەردار قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇرار؛ بۇ سەپ تۆت باش، سەككىز قۇيرۇقلۇق بولۇپ كۆرۈنەر، ھاۋادا بولغان ئۆزگىرىش پەيتىدە ئۇياق — بۇياققا ئايلانسا، بەئەينى ئەجدىھا، يولۋاس، قۇش ۋە يىلان شەكلىگە كىرەر. ئەگەر ئۇلار تاغدىن چۈشۈپ سەپنى بۇزسىمەك بولسا، قوشۇنىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئېچىۋېتىمىز، ناۋادا سەپ ئىچىگە كىرمەك بولسا، ھەممىلىرى قاراپ تۇرۇشسىلاركى، يەتتە يۇلتۇزلۇق ئەلەم كۆتۈرۈلگەن جايدا سەپ شۇئان يىلان شەكلىگە كىرەر؛ دەل شۇ پەيتتە پېقىر ھۈنەر ئىشلىتەركىم، ئۇلار سەپ ئىچىدە يا ئالدىغا ماڭىدىغان، يا ئارقىغا چېكىنىدىغان يول، يا سول، يا ئوڭ تەرەپتىن چىقارغا ئىشىك تاپالماي قالۇر، لەخمە قازىمىز، سۈرۈپ كېلىپ لەخمىگە چۈشۈرىمىز؛ بۆكتۈرمە قىلىنغان ئوقرۇقچىلار ئۇلارنى تۇتۇشقا تەييار بولغاي.

بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان سۇڭ جياڭ چوڭ — كىچىك ئاتامانلارنى بۇيرۇق بويىچە ئىش تۇتسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋە

قەھرلىك سەككىز سەركەردىنى ــ خۇ يەنجو، جۇ تۇڭ، خۇا رۇڭ، شۇ نىڭ، مۇ خۇڭ، سۇن لى، شى جىن، خۇاڭ شىنلارنى جەڭ بارگاھىنى چىڭ ساقلاشقا بۇيرۇدى. چەي جىن، لۇ فاڭ، گو شېڭلارنى بارگاھ لەشكەرلىرىگە قاراشقا بۇيرۇدى؛ سۇڭ جياڭ، ۋۇ يۇڭ، گۇڭسۇن شېڭلار چېن داغا ئەلەم بۇلغاتتى؛ جۇ ۋۇنى بەش ئادەمنى يان تەرەپتىكى تاغقا ئېلىپ چىقىپ، قارشى سەپنىڭ ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىشقا بۇيرۇدى.

چۈش ۋاقتىدا لەشكەرلەر تاغقا يېقىن كېلىپ سەپ تارتتى، ئەلەملەر پۇلاڭلىتىپ، داقا ـ دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ جەڭگە ئۈندىدى.

بىردىنلا ماڭدالڭ تېغى ئۈستىدە يىگىرمە ـ ئوتتۇز ناغرا ـ دۇمباق چېلىنىپ يەر ـ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئۈچ ئاتامان تەڭلا تاغ ئېتىكىگە چۈشتى. ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر سەپ تارتىپ سەپراس بولدى. شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاتلىق بىرباتۇر باش بولۇپ تۇراتتى. بۇ ئادەم فەن رۇي ئىدى. ئۇ پۇجۇ ئايمىقىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئىلگىرى قازى كالان بولغان ۋە جاھان كېزىپ يۈرۈپ، مۇكەممەل ئۇرۇش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. فەن رۇي ئات ئۈستىدە زەنجىرلىك سوقماق ئوينىتىشقا ماھىر ئىدى. كۆز باغلاپ سەركەردىلەرنى يۆتلىۋېتىپ، ئەلەم بارگاھىنى يۇلۇپ تاشلايتتى، ئۇنىڭغا ئادەم يېقىن كېلەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ مالىمانچى دىۋە دەپ نام ئالغانىدى، فەن رۇينىڭ باتۇرلۇقىنىڭ قانداقلىقى «شىجياڭيۈ» ئۇسلۇبىدىكى نەزم بىلەن مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

چۈۋۈلۈپ كەتكەن ئۇنىڭ بېشىدىكى قۇندۇز چېچى،
ئۈستىدە مەخمەل گۈلى چەككەن قارا تون ـ يەكتىكى.
چاتما قۇياقى ئۇنىڭكىم نۇر سېپەر ۋالت ـ ۋۇلت قىلىپ،
قولىدا ئوينار كارامەت چىڭ پولاتتا سوقمىقى.
بۇ ئۆزى لۇتپى قۇتۇپنىڭ پىركالانىدۇر گويا،

www.uyghurkitap.com

يوقىتار جىنۇ شاياتۇننى سۇرۇپ ئالەم ئارا.
كەزدى ئالەمنى چىقاردى ئەل ئارا نامۇ ئاتاق،
ئالدى «مالىمانچى دىۋە» بۇ دەيدىغان لەقەم يانا.

بۇ مالىمانچى دىۋە فەن رۇي قۇندۇزسىمان بىر ئاتنى مىنىپ سەپىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. شياڭ چۇڭ ئوڭ تەرىپىدە، لى گۇن سول تەرىپىدە ئىدى. فەن رۇي سېھىرگەرلىكنى بىلسىمۇ، سەپ تۈزۈلۈشىنى ئاڭقىرالمايتتى. فەن رۇي سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ تۆت تەرەپكە يېيىلىپ سەپ تارتقانلىقىنى كۆرۈپ: «سەپ تارتىمەن دەپ، دەل ئاكاڭنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپسەنغۇ» دەپ ئىچىدە خۇشال بولۇپ كەتتى.

— شامال چىقىقان هامان، — دېدى فەن رۇي شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇنغا جېكىلەپ، — ئىككىڭلار دەرهال بەش يۈز پىرقىراتما قىلىچۋازنى باشلاپ سەپكە بۆسۈپ كىرىڭلار.

شياڭ چۇڭ، لى گۇنلار سېھىرلىك قالقان كۆتۈرگەن هالدا نەيزە - شەمشەرلىرىنى تۇتقىنىچە فەن رۇينىڭ هۈنەر ئىشلىتىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. ئەمدى فەن رۇيغا قاراڭ، ئۇ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ سول قولىدا زەنجىرلىك مىس سوقماقنى چىڭ تۇتۇپ، ئوڭ قولىدا مالىمانچى دىۋە زۇلپىقارىنى ئالدى - دە، ئەپسۇن ئوقۇپ «سۇف !» دېۋىدى، قۇم - تاشلارنى ئۇچۇرتۇپ، قارا بوران چىقتى، كۈن نۇرى ئۆچۈپ يەر - ئاسمانلارنى قاراڭغۇ زۇلمەت باستى. شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇن چۇقان كۆتۈرۈپ، بەش يۈز پىرقىراتما قىلىچۋازنى باشلىغان پېتى باستۇرۇپ كەلدى. سۇڭ جياڭنىڭ لەشكەرلىرى باستۇرۇپ كەلگەنلەرنى كۆرۈپ، سەپىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئېچىۋەتتى، شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇن سەپ ئىچىگە دېۋەيلەپ كىردى، سەپىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن كەلگەنلەرگە كامالەكتىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇلدى، پەقەت قىرىق - ئەللىك ئادەملەرلا سەپ ئىچىگە كىرەلىدى، قالغانلىرىنىڭ هەممىسى بەدەر ئۆز سېپىگە قاراپ قاچتى. شياڭ

چۇڭ بىلەن لى گۇننىڭ سەپ ئىچىگە كىرگىنىنى دۆڭ ئۈستىدە تۇرۇپ كۆرگەن سۇڭ جياڭ چېن داغا يەتتە يۇلتۇزلۇق ئەلەمنى پۇلاڭلاتقۇزۇۋىدى، سەپ ئۆركەشتەك دولقۇنلىنىپ، بەئەينى ئۇزۇن بىر يىلان شەكلىنى ئالدى. شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇن ئۆزىنى گاھ ئۇياققا، گاھ بۇياققا ئۇرۇپ يول ئىزدەپ يۈرمەكتە ئىدى. دۆڭ ئۈستىدە تۇرغان جۇ ۋۇ بىر كىچىك ئەلەم بىلەن ھىيلە ئىشلەتتى: شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇن كۈنچىقىشقا قاراپ ئېتىلسا، جۇ ۋۇ ئەلەم بىلەن كۈنچىقىشنى كۆرسەتتى؛ كۈنپېتىشقا قاراپ ئېتىلسا، كۈنپېتىشنى كۆرسەتتى، گۇڭسۇن شېڭ ئېگىز دۆڭدە تۇرۇپ، گۈل چېكىلگەن زۇلپىقارىنى ئېلىپلا دۇرۇت ئوقۇپ «سۇف !» دېۋىدى، ھېلىقى بوران شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇننىڭ ئايىغىدا تەتۈر قۇيۇنغا ئايلاندى. سەپ ئىچىدە يۈرگەن بۇ ئىككىسىنىڭ كۆز ئالدىدا كۈن نۇرى ئۆچۈپ، يەر - ئاسمانلارنى قاراڭغۇلۇق باستى، ئەتراپنى قارا تۈتەك قاپلاپ، ئۆز لەشكەرلىرىدىن بىرەرسىمۇ كۆرۈنمىدى، ئارقىدىن كېلىۋاتقانلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇن ئالاقزەدىلىككە چۈشتى، ئۆز سېپىگە قايتىدىغان بىرەر يول تېپىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ باقسىمۇ، زادىلا يول تاپالماي چېپىپ يۈرگىنىدە، تۇيۇقسىزدىنلا يەر - زېمىننى تىترىتىدىغان بىر ئاۋاز چىقتى - دە، بۇ ئىككىسى سەپ ئىچىدە نالە - پەرياد ئۇرۇپ، زار قاقشاپ كەتتى. ئىككىلىسى يىقىلىپ چۈشۈپ، يوشۇرۇن لەخمىگە موللاق ئېتىپ كەتتى. لەخمىنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرغان ئوقرۇقچىلار بۇ ئىككىسىنى ھەش - پەش دېگۈچە ئىلىۋالدى - دە، ئارغامچا بىلەن چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ، تارتۇقلىنىش ئۈچۈن دۆڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. سۇڭ جياڭ قامچىسىنى شىلتىۋىدى، ئۈچ قوشۇن قارشى تەرەپكە باستۇرۇپ ئېتىلدى، فەن رۇي لەشكەرلىرىنى باشلاپ تاغقا قاچتى، قاچالمىغانلىرىدىن يېرىمى ھالاك بولدى.

سۇڭ جياڭ لەشكەرلەرنى يىغىۋالدى، ئاتامانلار بارگاھ ئالدىغا

كېلىپ ئۆلتۈرۈشتى. لەشكەرلەر شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۈننى ئاللىقاچانلا ئەلەم ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ بولغانىدى. بۇلارنى كۆرگەن سۇڭ جياڭ دەمبەس قەدەم بېرىپ ئارغامچىنى يېشىۋەتتى ۋە ئۆز قولى بىلەن مەي تۇتۇپ:

— ئەزىمەتلەر ئەجەبلەنمەڭلار، ياۋغا دۇچ كەلگەندە شۇنداق قىلماي ئىلاج يوق، پېقىر سۇڭ جياڭ ئۇچىڭلارنىڭ نام - شۆھرىتىنى ئۇزاقتىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن، مەردلىك يولىدا جەم بولماق ئۈچۈن، سىلەرنى تاغقا چىقىشقا تەكلىپ قىلىشنى ئويلاپ كېلىۋاتقانىدىم. ئوبدان پۇرسەت تاپالماي، پەيت ئۆتۈپ كېتىۋەردى، ئەگەر ياق دېمەي، تاغ تۇراغا كېلىپ قوشۇلساڭلار، تۈگىمەس بەخت قونار ئىدى، — دېدى.

— شىپالىق يامغۇر دېگەن نام - شۆھرەتلىرىنى ئاللىبۇرۇن ئاڭلىغانىدۇق، — دېدى گەپكە قۇلاق سېلىپ تۇرغان بۇ ئىككىيلەن تىزلىنىپ تۇرۇپ، — ھېچبىر ۋەج - سەۋەب بولمىغاچقا، تونۇشۇش ئۈچۈن ھۇزۇرلىرىغا كەلمىگەنىدۇق، دېمىسىمۇ ئاغىمىز كارامەت مەرد كىشى ئىكەنلا! بىز ئېسىل ئادەملەرنى تونۇماي يۈرۈپتۇق، زامانغا مۇخالىپ ئىش قىپتۇق؛ بۈگۈن قولغا چۈشۈپ قالدۇق. جاجىمىزنى بېرىش ئۈچۈن تېنىمىزنى پارە - پارە قىلىۋېتىشكە تېگىشلىك ئىدى؛ قەسەمياد قىلىمىزكى ئۆلتۈرۈلمەيدىغان بولساق، جېنىمىزنى پىدا قىلىپ، كاتتا ئىلتىپاتنى قايتۇرۇشقا تەييارمىز! ئىككىمىز بولمىساق، فەن رۇي دېگەن نېمىسىنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟ ئەي، مەرد ئاتامانىم! ئىككىمىزدىن بىرەرىمىزنى قويۇپ بېرىدىغان بولساڭلار، بېرىپ فەن رۇينى ئەل بولۇشقا ئېلىپ كېلەتتۇق، بۇ ئىلتىجايىمىز ئاتامانىمىزنىڭ كۆڭلىگە ياقارمىكىن؟

— ئەزىمەتلەر، — دېدى سۇڭ جياڭ، — بىر ئادەمنى بۇ يەردە قالدۇرۇشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق، ئىككىڭلار مۇبارەك تۇرايىڭلارغا قايتىڭلار، مەن خۇش خەۋەر كۈتۈپ تۇرىمەن.

— بارىكاللا، ئەر ئىكەنلا، — دېدى ئىككىسى رەھمەت

ئېيتىپ، — مۇبادا فەن رۇي ئەل بولمايمەن دېسە، تۇتۇپ كېلىپ ئەلەملىرى ئالدىدا باش ئەگدۈرىمىز.

بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن سۇڭ جياڭ ئۇلارنى بارگاھقا باشلاپ كىردى، بىردىن ياخشى ئات بەردى، چاپارمەنلەرنى چاقىرىپ ئۇلارنىڭ نەيزە ـ قالقانلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ بەردى ۋە تاغدىن چۈشۈرۈپ، ئۆز تۇراسىغا ئۇزىتىپ قويدى. بۇ ئىككىسى يول ئۈستىدە ئاتلىق كېتىۋېتىپ مىننەتدارلىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلىشىپ ماڭدى. ماڭداڭ تېغى باغرىغا كەلگەندە چاپارمەنلەر ھەيران بولۇشۇپ، ئۇلارنى تاغ تۇراغا ئېلىپ چىقتى. فەن رۇي بۇ ئىككىسىنىڭ نېمە ئۈچۈرىدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى. شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇن:

— بىز دەك تەڭرىگە بويۇنتاۋلىق قىلغانلار مىڭ قەتل ـ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغايمىز، — دېدى.

— بۇ نېمىدېگەن گەپ ئىنىلىرىم، — دېدى فەن رۇي.

شياڭ چۇڭ بىلەن لى گۇن سۇڭ جياڭنىڭ نەقەدەر مەرد ـ مەردانە ئىكەنلىكىنى بىر قۇر بايان قىلىپ بەردى.

— سۇڭ دانىش شۇ قەدەر پاراسەتلىك بولسا، مەرد ـ مەردانىلىك ھەممىدىن ئەلا، بىز تەڭرىگە قارشى يول تۇتماي بالدۇرراق تاغدىن چۈشۈپ ئۇلارغا قوشۇلايلى، — دېدى فەن رۇي.

— بىزمۇ دەل شۇ نىيەت بىلەن كەلگەنىدۇق، — دېدى ھېلىقى ئىككىيلەن.

شۇ كېچىسىلا تۇرانى يىغىشتۇرۇپ تەخمۇتەخ قىلىپ قويدى، تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۈچەيلەن تاغدىن چۈشۈپ ئۇدۇل ماڭغان پېتى سۇڭ جياڭنىڭ تۇراسى ئالدىغا بېرىپ، تىزلىنىپ باش ئەگدى. سۇڭ جياڭ بۇ ئۈچەيلەننى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، بارگاھقا تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. بۇ ئۈچەيلەن سۇڭ جياڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن قىلچىمۇ شۈبھىلەنمىدى، بىر ـ بىرىگە ئىچ ـ قارنىلىرىدىكىنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈشتى، ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرى ئۈستىدە كەڭتاشا مۇڭداشتى. ئۈچەيلەن ھەممە

ئاتامانلار بىلەن كۆرۈشتى، ھەممىسى ماڭداك تاغ تۇراسىغا كېلىشتى، كالا ـ ئاتلار ئۆلتۈرۈلۈپ، سۈڭ دانىش قاتارلىق نۇرغۇن ئاتامانلار كەڭتاشا كۈتۈۋېلىندى ھەم ئۈچ قوشۇن تارتۇقلاندى، مەي ـ شاراب ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن فەن رۇي گۇڭسۇن شېڭنى ئۇستاز تۇتتى. سۇڭ جياڭ گۇڭسۇن شېڭنى فەن رۇيغا چاقماق چېقىلدۇرۇپ، كۆك قەرىنى يېرىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشكە ئۈندىدى، بۇنىڭدىن فەن رۇي بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بۇلار ئات ـ كالىلارنى يېتىلىشىپ، تاغ تۇرادىكى پۇل ـ پۇچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى يىغىشتۇرۇپ، يۈك ـ تاقىنى ئېلىپ، لەشكەرلىرىنى يىغىپ، تۇرانى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىپ، سۇڭ جياڭ بىلەن بىللە لياڭشەن كۆلىگە قايتتى. يول ئۈستىدە ھېچ ۋەقە يۈز بەرمىدى.

سۇڭ جياڭ باتۇرلار ۋە لەشكەرلەر بىلەن لياڭشەن كۆلىنىڭ بويىغا كېلىپ، كېچىكتىن ئۆتەي دەپ تۇرۇشىغا قومۇشلۇق يېنىدىكى چوڭ يولدىن بىر دارازا چىقىپ سۇڭ جياڭغا قاراپ يۈكۈنۈپ تەزىم قىلدى. سۇڭ جياڭ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ:

— بۇرادەر، ئىسمىڭىز نېمە، نەلىك بولىسىز؟ قەيەرلىك كىشى بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىرنىڭ ئىسمى دۇەن جىڭجۇ بولىدۇ، — دېدى ھېلىقى دارازا جاۋابەن، — چېچىم قىزغۇچ، ساقىلىم سېرىق بولغاچقا، كىشىلەر مېنى سېرىق تايغان دېيىشىدۇ، ئاتا ـ بوۋام جوجۇ ئايمىقىدىن. تاغ تەرەپكە بېرىپ ئات ئوغرىلاپ كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن، بۇ يىل چاڭگەنلىڭ چوققىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە بېرىپ، تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ غۇلاچ، ئېگىزلىكى سەككىز چى كېلىدىغان، بەدىنىدە بىر تالمۇ ياۋا تۈك يوق قاردەك ئاق بىر ئاتنى ئوغرىلىغانىدىم. بۇ ئات ھەم ئېگىز، ھەم يوغان ئىدى، كۈنىگە مىڭ چاقىرىم يول باسالايتتى، شۇ تەرەپلەردە بۇ ئات «گۆھەردەك يالتىرايدىغان شىر ئات» دەپ نام ئالغان بولۇپ، جىن

خانىدانلىقى شاھزادىسى مىنگەن ئات ئىدى. چاڭگەنلىك تېغى باغرىدا بېقىۋاتقان يېرىدىن ئوغرىلاپ كەلگەنىدىم، ئەل - يۇرت كېزىپ يۈرۈپ، شىپالىق يامغۇر دېگەن نامىلىرىنى ئاڭلىغان بولسامۇ، كۆرۈشەلمەي كەلگەن. ئۆزۈمنىڭ تۇيۇقسىز كىرىش نىيىتىمنى بىلدۈرەي دەپ بۇ ئاتنى بۇ يەرگە يېتىلەپ كېلىپ ئاتامانىمىزغا تۇتاي دېگەنىدىم. لىگجۇ ئايىمىقىنىڭ كونىپېتىش تۆۋەن تەرىپىدىكى زېگتۇ شەھىرىدىن ئۆتكەندە، ئۇنى زېكىنىڭ جەمەتىنىڭ بەش ئوغلى تارتىۋالدى. مەن ئۇلارغا: « بۇ لياڭشەن كۆلىدىكى سۇڭ دانىشىنىڭ ئېتى ئىدى» دەپ تۇرۇۋالسام، ئۇ ئەبلەخلەر ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتماي، بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىپ كەتتى. ھەممىسىنى دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ. ئاران تەسلىكتە قېچىپ چىقىپ، ئۆزلىرىگە خەۋەر قىلىشقا كەلدىم.

سۇڭ جياڭ سەپسېلىپ قارىۋىدى، بۇ ئادەم ئورۇق، قوپال بولسىمۇ، لېكىن قالتىس بىر خىل كۆرۈنەتتى. بۇ ئادەمنىڭ تەقى - تۇرقىنى بىلەي دېسىڭىز مۇنۇ نەزم تەسۋىرىگە قاراڭ:

چاچلىرى ساپسېرىق، ساقىلى چۇرقۇش،
يەل تاپان، سەپەردىن ئۇندا يوق قورقۇش.
ئاتلارنى ئوغرىلار، ساقلىماس ئۆينى،
ۋەجى نە «ساپسېرىق تايغان» دەپ قويۇش؟

دۇەن جىڭجۇنىڭ تەقى - تۇرقىنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى كۆرگەن سۇڭ جياڭ ئىچىدە بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى - دە:
— ئەھۋال شۇنداق بولغان بولسا تاغ تۇراغا چىقىپ مەسلىھەتلىشەيلى، — دېدى.

سۇڭ جياڭ دۇەن جىڭجۇنى باشلاپ كېمىگە چۈشۈپ، جىنشاتەن ساھىلىغا باردى. چاۋ گەي ھەزرەت ۋە باشقا ئاتامانلار ئۇلارنى مەردلەر سارىيىغا باشلاپ چىقتى. سۇڭ جياڭ فەن رۇينى، شىياڭ چۇڭ ۋە لى گۇننى بارلىق ئاتامانلار بىلەن

كۆرۈشتۇردى، دۇەن جىڭجۇمۇ بىللە تۇرۇپ كۆرۈشتى، داقا ـ دۇمباقلارنى چېلىنىپ بەزمە ـ زىياپەتلەر باشلىنىپ كەتتى. تاغ تۇراغا نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ كېلىپ قوشۇلغانلىقى، باتۇر ئەزىمەتلەر ھەر تەرەپلەردىن ھە دەپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، سۇڭ جياڭ لى يۈن بىلەن تاۋ زوڭۋاڭنى يەنە ئۆي سېلىشقا ھەم تۆت تەرەپكە قورۇ سېلىشقا بۇيرۇدى. دۇەن جىڭجۇ يەنە ھېلىقى ئاتنى ئۇنداق ياخشى، بۇنداق ياخشى دەپ گەپ قوزغىۋىدى، سۇڭ جياڭ يەل تاپان شەيخ دەي زوڭنى زېڭتۇ شەھىرىگە بېرىپ، شۇ ئاتنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى بىلىپ كېلىشكە ماڭغۇزدى.

دەي زوڭ كېتىپ تۆت ـ بەش كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، ئاتامانلارغا:

ـــ زېڭتۇ شەھرىدە ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە زېڭ جەمەتى دېگەن بىر ئائىلە بار ئىكەن، بۇۋاي ئەسلىدە جىن بەگلىرىدىن بولۇپ، زېڭ جەمەتىنىڭ چوڭى ئىكەن؛ ئۇنىڭ بەش يولۋاس دەپ نام چىقارغان بەش ئوغلى بار ئىكەن: چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى زېڭ تۇ، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى زېڭ مى، ئۈچىنچىسىنىڭ زېڭ سۇ، تۆتىنچىسىنىڭ زېڭ كۈي، بەشىنچىسىنىڭ زېڭ شېڭ ئىكەن. بۇلارنىڭ باش ئۇستازى شى ۋېنگۇڭ، قوشۇمچە ئۇستازى سۇ دىڭ ئىكەن. ئۇلار زېڭتۇ شەھرىدە ئالتە ـ يەتتە مىڭ لەشكەر توپلاپ تۇرا سېپتۇ، ئەللىك نەچچە كۇشۇك ھارۋا ياسىتىپتۇ، بىزنى: «ئۇلار بىلەن زادىلا كېلىشەلمەيمىز، تاغ تۇرادىكى ئاتامانلارنىڭ بىرسىنىمۇ قالدۇرماي تۇتىمىز، ئۇلار بىزگە دۈشمەن» دەپتىمىش. ھېلىقى شىر ئاتنى ھازىر ئۇلارنىڭ باش ئۇستازى شى ۋېنگۇڭ مىنىۋېتىپتۇ. بەتبەختلەرنىڭ كىشىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرىدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار بىرنەچچە ئېغىز قوشاق توقۇپ چىقىپتۇ ۋە ئۇنى كوچىدىكى باللارغا ئېيتقۇزۇپ يۈرۈپتۇ:



www.uyghurkitap.com كىتاب تورى

ئات بېشىدا قوڭغۇراق جىلدىرلىسا جىن چۆچۈشەر،
تۆمۈر هارۋا ئاستى - ئۈستىدە تىكەندەك مىخى بار.
بارىمىز ئاستانىگە، چاۋ گەينى تاغدىن يوقىتىپ،
«موللا تاپقاق» هەم «شىپالىق يامغۇر» ئاتلىقنى تۇتۇپ،
زېڭ جەمەتىنىڭ بەش نەپەر ئوغلانى بىز - ئارسلانىمىز،
خەلقىئالەمگە ئاياندۇر نامىمىز - نىشانىمىز.

بۇنى ئاڭلىغان چاۋ گەينىڭ غەزىپى ئۆرلەپ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىپ كېتىپ:

— بۇ توڭگۇزنىڭ بالىلىرى شۇنچە دۆيۈزلۈك قىلامدۇ - هە! ئۆزۈم بىر بېرىپ، بۇ بەتبەختلەرنى تۇتمىسام، تۇراغا زادى قايتمايمەن، — دەۋەتتى.

— ئاغا، — دېدى سۇڭ جياڭ، — ئۆزلىرى تاغ تۇرايىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، يېنىكلىك قىلىشقا بولماس، مەن ئىنىلىرى بېرىپ كېلەي.

— سىلىنىڭ تۆهپە - هەسسىلىرىگە چاڭ سالماقچى ئەمەسمەن، سىلى نۇرغۇن قېتىم تاغدىن چۈشۈپ، جىق جەڭلەرنى كۆرۈپ، كۆپ هاردىلا، بۇ دورەم مەن بېرىپ كېلەي، ياندۇرقى ئىشلارغا يەنە سىلى بارسىلا ئەزىز ئىنىم، — دېدى چاۋ گەي.

سۇڭ جياڭ ياندۇرۇش - ياندۇرۇش يېلىنىپ، يالۋۇرسىمۇ چاۋ گەي رايىدىن يانمىدى. غەزەپكە كەلگەن چاۋ گەي بەش مىڭ لەشكەر تارتىپ، يىگىرمە ئاتامان بىلەن بىللە تاغدىن چۈشتى. قالغانلار سۇڭ دانىش بىلەن بىرلىكتە تاغ تۇرانى ساقلاشقا قالدى.

چاۋ گەي ئۆزى بىلەن بىللە لىن چۇڭ، خۇ يەنجو، شۇ نىڭ، مۇ خۇڭ، ليۇ تاڭ، جاڭ خېڭ، رۇەن شياۋئېر، رۇەن شياۋۋۇ، رۇەن شياۋچى، ياڭ شيۇڭ، شى شيۇ، سۇن لى، خۇاڭ شىن، دۇ چيەن، سۇڭ ۋەن، يەن شۇن، دېڭ فېي، ئوۋ پېڭ، ياڭ لىن، بەي شېڭ بولۇپ يىگىرمە ئاتاماننى ئالدى ۋە ئۈچ قوشۇن لەشكەرلىرىنى

باشلاپ تاغدىن چۈشۈپ، زىخىتۇ شەھىرىگە قاراپ يول ئالماق بولدى. سۈك جياڭ ئۇلارنى ئۇزاتماق بولۇپ، ۋۇ يۈك، گۇڭسۇن شېڭ قاتارلىق ئاتامانلار بىلەن تاغدىن چىنشاتەن ساھىلىغا چۈشتى، مەي ئىچىشىۋاتقان چاغدا بىردىنلا سەت بىر قارا بوران چىقىپ، چاۋ گەينىڭ يېڭىدىن ياساتقان بەلگە ئەلەمنى قاپ يېرىمىدىن قاسلا قىلىپ سۇندۇرۇۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەننىڭ رەڭگى ئۆچۈپ كەتتى.

— بۇ يامان بىر ئىشارەت بولدى، ئەتە يولغا چىقسىلا ئاغا، — دېدى ۋۇ يۈڭ ئىلتىجا بىلەن.

— ئاغا، — دېدى سۈك جياڭ مەسلىھەت ئورنىدا، — لەشكەر تارتىپ چىقاي دەپ تۇرۇشلىرىغىلا بوران چىقىپ بەلگە ئەلەمنى سۇندۇرۇۋەتتى، بۇ لەشكەرلىرىمىزگە زىيانلىق، ئۇ دۈيۈز بىلەن ئازراق توختىۋېلىپراق ئېلىشسىلا بولارمىكىن.

— ھاۋادا بولغان ئۆزگىرىشتىن ئەجەبلىنىش نېمە ھاجەت؟ ھازىرقى ئەتىيازنىڭ ئىللىق ھاۋاسىدا ئۇنى يىغىشتۇرماي ئۆز مەيلىچە قويۇۋېتىپ ئۇ دۈيۈز كۆچىيىپ كەتكەندە لەشكەر چىقىرىمىز دېسەك، ئۇ چاغدا كېچىكىپ قالغان بولىمىز. سىلى مېنى توسمىسىلا، قانداقلا بولمىسۇن بىر بارمىسام بولمايدۇ، — دېدى چاۋ گەي.

سۈك جياڭ ھېچبىر ئامال بىلەلمىگەن تۇتۇپ قالالمىدى، چاۋ گەي لەشكەرلەرنى باشلاپ كۆلدىن ئۆتۈپ كەتتى. سۈك جياڭنىڭ كۆڭلى ھېسابسىز بىئارام بولدى. تاغ تۇراغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن تىڭتىڭلاپ كېلىشكە دەي زۇڭنى ماڭدۇردى.

گەپنى ئەمدى چاۋ گەيدىن باشلايلى، چاۋ گەي بەش مىڭ لەشكەر، يىگىرمە ئاتامانىنى باشلاپ، زىخىتۇ شەھىرىگە يېقىن كېلىپ ئۇدۇلغا قوش تىكتى. ئەتىسى ئاتامانلار بىلەن ئاتلىنىپ زىخىتۇ شەھىرىنى كۆرۈشكە باردى، باتۇر ئەزىمەتلەر كۆز يۈگۈرتۈپ قارىۋىدى، بۇ زىخىتۇ شەھىرى دېگەندەك قالتىس ھەيۋەتلىك شەھەر ئىكەن.



www.uyghurkitap.com

## نەزم

هەر تەرەپنى چۆرگۈلەپ ئاققان ياۋا سۇلار راۋان،
تۆت تەرەپتىن قاپلىغاندۇر ئۈچ بۈيۈك ئېگىز داۋان.
ئەگىپ ـ ئەگىپ ئاقىدۇ ئۆستەڭ ـ شاخاپچە ھەرتامان،
ئېرىقى بويىدا شىپشىر تال ـ دەرەخلەر سايىۋەن.
سەن تۇرۇپ داۋاندا سالساڭ نە يىراقلارغا نەزەر،
بۈك ـ باراقسان تال توسۇپ ئۆيمۇ كۆرۈنمەيدۇ بىرەر.
سەن بىرىپ يېقىن تىمىسقىلاپ ـ مارىلاپ باقساڭ ئەگەر،
قاپقارا سايە ئىچىدە بارگاھ ـ قوش كۆرۈنەر.
يېزىنىڭ باتۇرلىرى گوياكى ئەرش كۈچتۈڭگۈرى،
تۇغۇلۇپ قىر ـ دالانىڭ بولدى ياۋۇز باللىرى،
دەرھەقىقەت بۇ ئۆزى تۆمۈر ـ پولات شەر قالقىنى،
ئاتلىرى قاۋۇل ـ ياراقلىق، زور ئىكەن ھەر ئادىمى.

چاۋ گەي بىلەن ئاتامانلار قاراپ تۇراتتى. سۆگەتلىك ئىچىدىن يەتتە ـ سەككىز يۈز كىشىلىك بىر توپ لەشكەر ئۈچقاندەك چېپىپ چىقتى، ئۇنىڭغا بېشىغا مىس دۇبۇلغا كىيگەن، ئۈچىسىغا چاتما قۇياق يېپىنغان، قولىغا بىر گۈل چېكىلگەن نەيزە ئالغان، سەپكە بۆسۈپ كىرەر ئات مىنگەن بىر باتۇر باش بولۇپ كەلدى. زىڭ جەمەتىنىڭ بۇ تۆتىنچى ئوغلى زىڭ كۈي قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— ھەي پادىشاھلىققا ئاسىيلىق قىلىپ يۈرگەن لياڭشەن كۆلى قاراقچىلىرى، مەن تېخى سەنلەرنى تۇتۇپ ئوردىغا تاپشۇرۇپ تارتۇقلىناي دەپ يۈرگەنىدىم، تەڭرى ماڭا ئوڭايلىق بېرىپتۇ! دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ تەسلىم بولماي، قاچانغىچە تۇرۇشىسەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

چاۋ گەي غەزەپكە كېلىپ، ئارقىسىغا قارىسا، ئاللىقاچان بىر

www.uyghurkitap.com

باتۇر ئات سېلىپ چىقىپ، زېڭ كۆي بىلەن ئېلىشىۋېتىپتۇ. بۇ ئادەم لياڭشەن كۆلىدە دەسلەپتە قېرىنداش بولغان قاپلانباش لىن چۇڭ ئىدى. ئىككى ئاتلىق يىگىرمە نەچچە مەرتەم ئېلىشىپ بىر-بىرىنى يېڭەلمىدى، زېڭ كۆي يىگىرمە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ لىن چۇڭنى يېڭەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، نەيزىسىنى تۇتقان پېتى ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، سۆگەتلىككە تىكىۋەتتى، لىن چۇڭ قوغلىماي ئېتىنى توختاتتى. چاۋ گەي لەشكەرلىرىنى باشلاپ قوشقا قايتىپ كېلىپ، زېڭتۇ شەھىرىنى ئېلىش پەنتلىرىنى مەسلىھەتلەشتى.

— ئەتە ئۇدۇللاپ شەھەر دەرۋازىسىغا بېرىپ ئۇرۇشقا چاقىرىپ، چىن ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن ئاندىن مەسلىھەتلىشەيلى، — دېدى لىن چۇڭ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە بەش مىڭ لەشكەر زېڭتۇ شەھىرىنىڭ قوۋۇقى ئالدىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىكتە سەپ تارتىپ، داقا-دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ چۇقان سېلىشتى. زېڭتۇ شەھىرىنىڭ توپ ئېتىلىدىغان يېرىدىن نۇرغۇن لەشكەر چىقتى-دە، يەتتە باتۇر لەشكەرلەر ئالدىغا كېلىپ سەپ تارتىپ تۇردى. ئوتتۇرىدا باش ئۇستاز شى ۋېنگۇڭ، يۇقىرى تەرەپتە قوشۇمچە ئۇستاز سۇ دىڭ، تۆۋەن تەرەپتە زېڭ جەمەتىنىڭ چوڭ ئوغلى زېڭ تۇ، سول تەرەپتە زېڭ مى، زېڭ كۆي، ئوڭ تەرەپتە زېڭ شېڭ، زېڭ سولار پۈتۈنلەي قوراللانغان پېتى تۇردى، شى ۋېنگۇڭ ئوقيانىڭ كىرىچىنى كېرىپ، ھېلىقى دۇلدۇلسىمان شىر ئاتنى مىنىپ، قولىدا ئىككى بىسلىق يالمان نەيزىنى ئوينىتىپ تۇراتتى، دۇمباق ئۈچ قېتىم چېلىنىشى بىلەن زېڭ جەمەتى سېپىدىن ئىككى كۆشۈك ھارۋا ئىتتىرىپ چىقىرىلىپ، سەپ ئالدىدا توختىتىلدى، زېڭ تۇ قولىنى قارشى تەرەپكە شىلتىپ:

— ھەي پادىشاھلىققا ئاسىيلىق قىلغان قاراقچىلار، كۆشۈك ھارۋىنى كۆرۈشتۈڭمۇ؟ زېڭ جەمەتىدىن سەنلەرنى ئۆلتۈرگەنلەرنى باتۇر ھېسابلىمايمىز! سەنلەرنى تىرىك تۇتۇپ،

كۈشۈك هارۋىغا سىلىپ ئاستانىگە ئاپىرىپ، تىنىڭنى پارە ـ پارە قىلدۇرۇۋېتىمەن. تېزرەك تەسلىم بولۇشساڭ، ئىشىڭ ئاسان بولىدۇ، ــ دەپ قاتتىق تىل سالدى.

قاتتىق غەزىپى ئۆرلىگەن چاۋ گەي نەيزىسىنى چىقارغان پېتى زىيڭ تۇغا قاراپ ئات سالدى. قالغان ئاتامانلار چاۋ گەينى پەنتكە چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ، بىراقلا ئېتىلدى ـ دە، ئىككى قوشۇن گىرەلىشىپ كەتتى. زىيڭ جەمەتىنىڭ لەشكەرلىرى بىر ـ بىرلەپ چېكىنىپ يېزىغا كىرىپ كەتتى. لىن چۇڭ بىلەن خۇ يەنجو چاۋ گەيدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي چاپ ـ چاپقا چۈشتى. لىن چۇڭ خەۋپلىك يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى. ئېيتىلاپ كۆرۈۋىدى، ئىككىلا تەرەپتىن ئاز ـ تولا چىقىم بوپتۇ، قوشقا قايتقاندىن كېيىن چاۋ گەينىڭ كۆڭلى بەكمۇ بىئارام بولدى.

ــ ئاغا، ــ دېدى ئاتامانلار كۆڭۈل ياساپ، ــ بىئارام بولماي، ئۆزلىرىنى ئازادە تۇتسىلا، بولمىسا سالامەتلىكلىرىگە دەخلى يېتىپ قالىدۇ. ئاغىمىز سۇڭ دانىش لەشكەر تارتىپ چىققان چاغلاردىمۇ كېلىشمەسلىكلەر بولۇپ، ئاران تەسلىكتە غەلىبە قىلىپ قايتقانىدۇق، بۈگۈن ئىككى قوشۇن گىرەلىشىپ كېتىپ، ئىككىلا تەرەپتىن ئاز ـ تولىدىن چىقىم بولدى، بىز ئۇنىڭدىن يېڭىلىپ قالمىدۇققۇ، نېمانچە بىئارام بولىدىلا؟

چاۋ گەي زادىلا ئېچىلىپ كېتەلمىدى. ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە ئۇرۇشقا ئۈندەلگەن بولسىمۇ، زىيڭتۇ شەھىرى تەرەپتىن بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

تۆتىنچى كۈنى غايىبتىنلا ئىككى شەيخ چاۋ گەي تۇرغان قوش ئىچىگە كىرىپ يۈكۈنۈپ تەزىم قىلدى، لەشكەرلەر ئۇلارنى بارگاھ ئالدىغا ئېلىپ كېلىۋىدى، بۇ ئىككىسى گۇرسىلا قىلىپ يۈكۈنۈپ:

ــ كەمىنىلىرى زىڭتۇ شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى فاخۇاسى ئىبادەتخانىسىنىڭ شەيخلىرى بولىمىز، مۇشۇ كۈنلەردە

www.uyghurkitap.com

زىڭ جەمەتىنىڭ بەش يولۋىسى ھەر دائىم كېلىپ ئىبادەتخانىمىزنى ئاياغ ئاستى، پاراكەندە قىلىپ، مال ـ مۈلۈك، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ، بولۇشىچە ئەسكىلىك قىلىۋاتىدۇ. پېقىر ئۇلارنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا بۇ تۇرانى ئېلىشقا باشلاپ بارايلى دەپ كەلدۇق. ئۇلارنى قورۇتقاندىن كېيىن ئەل ـ يۇرتىمىز گۈللەپ كېتەر، — دېدى.

چاۋ گەي بۇنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى ـ دە، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ شاراب كەلتۈردى.

— ئاغا، — دېدى لىن چۇڭ كېسىپلا، — بۇلارنىڭ گېپىگە بەك ئىشىنىپ كەتمىسىلە، بۇنىڭ ئىچىدە ئويۇن بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

— بىز دېگەن، — دېدى شەيخلەر، — تەقۋادار كىشىلەرمىز، ئاغزىمىزغا كەلگەننى دېيىشكە قانداقمۇ پېتىنىمىز؟ لياڭشەن كۆلى بويىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى تەرىقەت يولىغا بېغىشلىغانلىقىنى، بارغان يەرلىرىدە پۇقرانى ھېچبىر پاراكەندە قىلمايدىغانلىقىنى ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز، شۇڭلاشقا ئالاھىدە تەزىمگە كەلدۇق، قاراپ تۇرۇپ قانداقمۇ سەركەردىمىزنى ئالدايمىز؟ زىڭ جەمەتى ئاتامان سەركەردىمىزنى يېڭەلمىگەن تۇرسا، قانداقسىغا گۇمانلىنىسىلەر.

— گۇمانلاناڭلار ئىنىلىرىم، ئىشىنىڭ چوڭىغا دەخلى يېتىپ قالمىسۇن يەنە، بۈگۈن كېچىدە مەن ئۆزۈم بىر بېرىپ كېلەي، — دېدى چاۋ گەي.

— ئاغا، ئۆزلىرى بارمىسىلا، مەن لەشكەرنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇراسىغا تېگىش قىلاي، ئۆزلىرى سىرتتىن ھەمدەم بولۇشۇپ بەرسىلە، — دېدى لىن چۇڭ.

— مەن ئۆزۈم بارمىسام، كىم ئىلگىرىلەشنى خالايدۇ؟ سىز لەشكەرلەرنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ قېلىپ، سىرتتىن ھەمدەم بولۇڭ، — دېدى چاۋ گەي.

— ئاغا، كىملەرنى ئېلىپ بارىلا؟ — دەپ سورىدى لىن چۇڭ.

— ئون ئاتامان، ئىككى مىڭ بەش يۈز لەشكەر ئېلىپ بارىمەن، — دېدى چاۋ گەي.

لىۇ تاڭ، رۇەن شياۋئېر، خۇ يەنجو، رۇەن شياۋۋۇ، ئوۋ پېڭ، رۇەن شياۋچى، يەن شۈن، دۇ چيەن، سۇڭ ۋەن، بەي شېڭ بولۇپ ئون ئاتامان تاللاندى. شۇ ئاخشىمى كەچلىك غىزادىن كېيىنلا ئاتلارنىڭ قوڭغۇراقلىرى ئېلىپ تاشلاندى، لەشكەرلەر ئاغزىغا يىگچە چىشلەپ تېز يۈرۈش قىلىپ، ئۈن - تىنسىز ئىككى شەيخ ئارقىسىدىن توپتوغرا فاخۇاسى ئىبادەتخانىسىغا كەلدى. قارىغۇدەك بولسا، بۇ بىر قەدىمىي ئىبادەتخانا ئىكەن. چاۋ گەي ئاتتىن چۈشۈپ ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىگە كىردى، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرەرمۇ راھىب كۆرۈنمىدى. چاۋ گەي ئۇ شەيختىن:

— شۇنچىۋالا چوڭ ئىبادەتخانىدا بىرەرمۇ شەيخ كۆرۈنمەيدىغۇ، — دەپ سورىدى.

— زىڭ جەمەتىنىڭ خۇمسىلىرى پاراكەندە قىلىپ كەتكەنلىكتىن، ھەممىسى پۇقرا بولۇپ كەتتى؛ پەقەت قېرى شەيخ ۋە بىرنەچچە خىزمەتچىلەرلا مۇنار ھويلىسىدا ئولتۇرۇشلۇق. سەركەردەم لەشكەرلەرنى بىردەم ئارام ئالغۇزۇۋالايلى، تېخىمۇ كەچرەك بولغاي، پېقىرلىرى ئۆزلىرىنى توپتوغرا شۇ دۆيۈزنىڭ جايىغا باشلاپ بارىدۇ، — دېدى شەيخلەر.

— ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسى نەدە؟ — دەپ سورىدى چاۋ گەي.

— ئۇلارنىڭ تۆت قوشى بار، — دېدى شەيخلەر، — يۇقىرى تەرەپتىكىسى زىڭ جەمەتى لەشكەر تۇرغۇزىدىغان جاي. مۇبادا شۇ قوشلا ئېلىنسا، باشقىسىنىڭ كارى چاغلىق، قالغان ئۈچ قوش تۈگىشىدۇ.

— نەۋاقلاردا بارساق بولىدۇ، — دەپ سورىدى چاۋ گەي.

— ئەمدى تېخى باش ياتقۇ ۋاقتى بولدى، ئېغىر ياتقۇ ۋاقتى بولغاندا ئۇلار تەييارلىقسىز بولىدۇ، — دېدى شەيخلەر.

زىڭتۇ شەھرىدە باش ياتقۇغا دۇمباق چېلىندى، ئۇنىڭدىن

كېيىن چالا ـ پۇلا يەنە بىر چېلىندى ـ دە، جىمجىت بولۇپ كەتتى.

ـــ لەشكەرلەر، ـــ دېدى شەيخلەر، ـــ ئۇخلاپ قالغاندۇ، ئەمدى بارساق بولىدۇ.

شەيخلەر ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. چاۋ گەي ئاتامانلار بىلەن ئاتلىنىپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ فاخۋاسى ئىبادەتخانىسىدىن چىقىپ، شەيخلەرنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كەتتى.

بەش چاقىرىمچە ماڭا ـ ماڭمايلا قاپقاراڭغۇ بىر يەرگە كەلگەندە، ئىككى شەيخ غايىب بولۇپ كەتتى، سەپ ئالدىدا ماڭغان لەشكەرلەر يۈرۈشكە پېتىنالماي قالدى. ئەتراپقا نەزەر سېلىنۇىدى، ھەممە جاي ئوڭتەي ـ توڭتەي ئىدى. مېڭىشقا بولمايتتى، بىرەر ئۆيمۇ كۆرۈنمەيتتى، لەشكەرلەر پاتىپاراق بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن چاۋ گەي خەۋەر تاپتى. خۇ يەنجو دەرھال ئارقىغا بۇرۇلۇپ بۇرۇنقى يول بىلەن قايتىشنى بۇيرۇدى، بىرەر يۈز قەدەم يۈرە ـ يۈرمەيلا تۆت ئەتراپنى داقا ـ دۇمباق ئاۋازى قاپلىدى، چۇقان ئاۋازى يەر ـ جاھانلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى، ھەممە ياقتا ئوتقاشلار ياندى. چاۋ گەي بىلەن ئاتامانلار قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ ئىككى دوقمۇشتىن ئەگىپ ئۆتۈشكە ئالدىدىن بىر توپ لەشكەر چىقىپ يادىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇۋەتتى، كۇتۇلمىگەندە بىر پاي ئوق كېلىپ چاۋ گەينىڭ ئېڭىكىگە تەگدى ـ دە، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى؛ خۇ يەنجو بىلەن يەن شۈن ئات ئۈستىدە جان تىكىپ چاپ ـ چاپقا ئۆتتى، ئارقىدىن لىيۇ تاڭ بىلەن بەي شېڭ كېلىپ چاۋ گەينى قۇتقۇزۇپ ئاتقا مىندۈردى ـ دە، يېزىدىن بۆسۈپ چىقتى. شۇ ئەسنادا لىن چۇڭ لەشكەر تارتىپ ياردەمگە كېلىپ، ياۋنى ئاران تەسلىكتە توسۇۋالدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى راسا ئېلىشىپ تاڭ ئاتقاندىلا ئۆز قوشلىرىغا يېنىپ كېلىشتى. لىن چۇڭ لەشكەرلىرىنى ئېيدىتلاپ كۆرۈۋىدى، رۇەن ئاتلىق ئۈچ قېرىنداش، سۇڭ ۋەن، دۇ چيەنلەر جەڭدىن ئۆز جېنىنى ئاران

قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپتۇ؛ جەڭگە ئېلىپ كىرگەن ئىككى مىڭ بەش يۈز لەشكەردىن ئاران بىر مىڭ ئىككى - ئۈچ يۈزى ئوۋ پېڭىنىڭ ئارقىسىدىن بارگاھقا يېنىپ كەپتۇ. ئاتامانلار چاۋ گەينىڭ يېنىغا كەلسە، ئوق دەل مەڭزىگە تەگكەنىكەن، ئوقنى تارتىپ ئېلىۋىدى، قان چىقتى، چاۋ گەيمۇ ھوشىدىن كەتتى. ئوقنى ئېلىپ قارىسا، ئۇنىڭغا شى ۋېنگۇڭ دېگەن خەتلەر چېكىلگەنىكەن، مەلھەم دورىنى ئېلىپ يارىغا سۈركىدى، بۇ ئەسلىدە زەھەرلىك ئوق ئىكەن، چاۋ گەي زەھەرلىك ئوق تېگىپ سۆزدىن قالدى. لىن چۇڭ ئۇنى يۆلەپ ھارۋىغا چىقاردى - دە، روەن ئاتلىق ئۈچ قېرىنداش، دۇ چيەن، سۇڭ ۋەنلەرنى قوشۇپ تاغ تۇراغا ماڭدۇرۇۋەتتى. قېلىپ قالغان ئون بەش ئاتامان قوش ئىچىگە كىرىپ مەسلىھەتلەشتى:

— ئاغىمىز چاۋ گەي ھەزرەتلىرى تاغدىن چۈشكەن چاغدا بۇنداق بولارىنى ئويلىمىغان ئىكەنمىز، ھېلىقى بورانىنىڭ بەلگە ئەلەمنى سۇندۇرۇۋەتكەنلىكى مۇشۇنىڭغا ئىشارەت ئىكەندۇق؛ بىز لەشكەرلەرنى قايتۇرۇشىمىز كېرەك. زېڭتۇ شەھىرىنى ئېلىشقا ئالدىراپ كېتىشكە بولمايدۇ.

— سۇڭ دانىش ئاغىمىزدىن بۇيرۇق كەلگەندىلا، لەشكەرلەرنى قايتۇرساق بولار، — دېدى خۇ يەنجو. شۇ كۈنى ئاتامانلار خارمۇش يۈردى، لەشكەرلەردىمۇ جەڭ قىلىش رايى قالمىدى، ھەممە ئادەم تاغقا قايتىش كويىدا ئىدى.

شۇ ئاخشىمى باش ياتقۇ ۋاقتىدا ھاۋا ئوچۇق بولدى. ئون بەش ئاتامان قوش ئىچىدە، خۇددى يىلان بېشى بولمىسا ماڭالماس، قۇش قانىتى بولمىسا ئۇچالماس دېگەندەك نېمە قىلارىنى بىلمەي ئاھ ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇشتۇمتۇتلا يولغا قارايدىغان پايلاقچىلار ھاپىلا - شاپىلا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ئەنە، ئەشەدىلا تۆت - بەش توپ لەشكەر سان - ساناقسىز ئوتقاش ياندۇرۇپ باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر ئەكەلدى.

بۇنى ئاڭلىغان لىن چۇڭ ھەممىنى ئاتلاندۇردى. ئۈچ تەرەپتىن ھەر خىل ئوتقاش ياندۇرۇلۇپ، كېچە خۇددى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى، ھەر تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن چۇقان قوش ئالدىغىچە يېتىپ كەلدى، لىن چۇڭ ئاتامانلارنى باشلاپ قارشى تۇرمايلا قوشتىن چىقىپ ئاتنى بۇراپ ئارقىغا قاراپ تىكىۋەتتى. زېڭ جەمەتى لەشكەرلىرى ئارقىدىن باستۇرۇپ كەلدى. لەشكەرلەر دەم ئۇرۇشۇپ، دەم چېكىنىپ ماڭدى. ئەللىك ـ ئاتمىش چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن ئۇلاردىن ئاران قۇتۇلدى. لەشكەرلەرنى ئېدىتلاپ كۆرۈۋىدى، يەنە بەش ـ ئالتە يۈز ئادەم چىقىم بوپتۇ، بۇلار قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاچقا، تېزدىن كونا يولغا چۇشۇپ، لياڭشەن كۆلى تەرەپكە يول ئالدى. يېرىم يولغا كەلگەندە، دەي زوڭ ئۇچرىدى، ئۇ ھەممە ئاتامانلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ تاغ تۇراغا قايتسۇن، باشقىدىن ئوبدان ئامال تاپىمىز، دېگەن لەشكەر بۇيرۇقىنى ئۇقتۇردى. ئاتامانلار بۇيرۇقنى ئېلىپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ سۇ بويىدىكى تاغ تۇراغا قايتىپ كەلدى. ھەممىسى كېلىپ قارىۋىدى، چاۋ گەي سەردارنىڭ گېلىدىن نە سۇ، نە ئاش ئۆتمەي ھېچنېمە يېيەلمەي پۈتۈن بەدىنى دۇمباقتەك ئىششىپ كېتىپتۇ. سۇڭ جياڭ ۋە ئۇنىڭ قولداشلىرى كات يېنىدا تۇرۇپ ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلىشىپ تۇرۇپتۇ، ئۆز قولى بىلەن مەلھەم دورا سۈرۈپ، شەربەت ئىچۈرۈۋېتىپتۇ. باشقا ئاتامانلار بارگاھ ئالدىدا قاراپ تۇرۇپتۇ.

شۇ كۈنى ئېغىر ياتقۇ مەزگىلىدە چاۋ گەي بەك ئېغىرلىشىپ قېلىپ، بېشىنى ئۆرۈپ سۇڭ جياڭغا قاراپ تۇرۇپ:

— ئەزىز ئىنىم، ئۆزىڭىزگە ئاگاھ بولۇڭ، كىمكى مېنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنى تۇتۇۋالسا، شۇ ئادەم تاغ تۇراغا باش بولسۇن، — دېدى جېكىلەپ.

چاۋ گەينىڭ سۆزى تۈگىدى ـ دە، كۆزىنى يۇمۇپ ئۇ دۇنياغا كەتتى. سۇڭ جياڭ چاۋ گەينىڭ نەپەستىن توختاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇددى ئۆز ئاتىسى ئۆلۈپ قالغاندەك قاتتىق يىغلاپ

ئايلىنىپ قالغىلى تاسلا قالدى. ئاتامانلار سۇڭ جياڭنى يۆلەپ ئېلىپ چىقىپ، ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قويدى.

— سەۋر قىلىسىلا، — دېدى ۋۇ يۇڭ بىلەن گۇڭسۇن شېڭ مەسلىھەت تەرىقىسىدە، — ئۆلۈش، تۇغۇلۇش ئادەمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئىش تۇرسا، نېمانچە بىئارام بولىلا؟ چوڭ ئىشلار سىلىگە قاراشلىق تۇرۇپتۇ.

سۇڭ جياڭ يىغىسىنى توختىتىپ ئىپار - زەپەر چىلانغان ئىسسىق سۇ بىلەن ئۆلۈكنى يۇدۇردى، ئۆلۈككە كىمخاب دۇردۇندىن تون كىيدۇرۇپ ۋە بېشىغا ياغلىق چىگىپ، مەردلەر سارىيىغا ئاچىقىپ قويدى. ئاتامانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ تەزىيە بىلدۈرۈشتى. جەسەت ساندۇقى ئۇستىگە يەنە بىر قاپقا كىيدۈرۈپ، خاسىيەتلىك كۇنلەرنىڭ بىرىدە ساراي ئوتتۇرىسىغا ھەيۋەت بىلەن قويدى، ئۇزۇنچاق ئەلەملەرنى تىكتى، ئوتتۇرىغا ئىلاھى ئېگە قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە «لىياڭشەن كۆلىنىڭ باش ئاتامانى ھەزرىتى چاۋ گەي بەگ ئىلاھى ئىگەم» دەپ يېزىپ قويدى. تاغ تۇرادىكى ئاتامانلارنىڭ سۇڭ جياڭدىن تۆۋەنلىرىنىڭ ھەممىسى ماتەملىك كىيدى. كىچىك سەردارلار ۋە چاپارمەنلەر ۋاپادارلىق ياغلىقى چىگدى. ھېلىقى ئوق جەسەت ئالدىغا قويۇپ قويۇلدى. تۇرا ئىچىگە تۇغ تىكىلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئىبادەتخانىلاردىن شەيخلەر تاغقا قىچقىرىلدى، ئۇلار چاۋ گەي ھەزرەتلىرىگە ئاتاپ تائەت - ئىبادەت قىلىشتى. سۇڭ جياڭ ھەر كۇنلۈكى ئاتامانلارنى باشلاپ تەزىيە بىلدۈرۈش بىلەنلا بولۇپ، تاغ تۇرانىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى. ھەممەيلەن بىر بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىسۇن ئۈچۈن، لىن چوڭ، گۇڭسۇن شېڭ، ۋۇ يۇڭلار ۋە باشقا ئاتامانلار سۇڭ دانىشنى لياڭشەن تۇراسىغا باش قىلىش مەسلىھەتىگە كەلدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە شام - كۈجىلەر ياندۇرۇلۇپ، لىن چوڭ باش بولۇپ، ھەممەيلەن سۇڭ دانىشنى مەردلەر سارىيىغا تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزدى.

— ئاغا، مەلۇملىرىدا بولغايكى، — دەپ سۆز باشلىدى ۋۇ يۇڭ بىلەن لىن چۇڭ، — «دۆلەتتە پادىشاھ، ئۆيدە غوجا بولمىسا بولمايدۇ»، سەردارىمىز چاۋ گەي ھەزرەتلىرىنى تەڭرى قۇچىقىغا ئېلىپ كەتتى، تاغ تۇرايىمىزدا باش بولىدىغان ئادەم بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئاغىمىزنىڭ نام ـ شۆھرىتى جاھانغا تارقالغان، خاسىيەتلىك چاغلار كەلگەندە ئاغىمىز تاغ تۇرايىمىزغا باش بولسىلا، ھەممە كىشى بۇيرۇقلىرىغا پەرمانبەردار بولىدۇ.

— چاۋ گەي ھەزرەتلىرى جان ئۈزۈش ئالدىدا: «كىمكى شى ۋېنگۇڭنى تۇتۇۋالسا، شۇ ئادەم لياڭشەن تېغىغا باش بولسۇن» دېگەنىدى، بۇ گەپتىن ھەممىڭلارنىڭ خەۋىرى بار. ھازىر ئۇنىڭ تېنى تېخى سوۋۇپ كەتمەي تۇرغاندا، ئۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالايمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قىساس ئالمىدۇق تېخى، قانداقمۇ بۇ ئورۇنغا ئۆتكىلى بولسۇن؟ — دېدى سۇڭ جياڭ.

— چاۋ گەي ھەزرەتلىرىغۇ شۇنداق دېگەن، — دەپ مەسلىھەت بەردى ۋۇ يۇڭ خەلپەت، — بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۇ ئادەم تېخى قولغا چۈشمىدى، تاغ تۇرادا بىرەر كۈن بىرەر باش بولماي قالسا بولامدۇ؟ ئەگەر ئاغىمىز بۇ ئورۇنغا ئۆتمىسە يەنە كىم ئۆتۈشكە پېتىنالىسۇن؟ تۇرادىكى لەشكەرلەر قانداق باشقۇرۇلىدۇ؟ ۋەزىيەت شۇنداق بولسىمۇ، ئاغىمىز ۋاقتىنچە شۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ تۇرسا، كېيىنچىرەك بىرەر مەسلىھەتكە كەلسەك.

— مۇشاۋىرنىڭ سۆزى بەكمۇ جايىدا بولدى. پېقىر بۈگۈن مۇشۇ ئورۇنغا ئۆتۈپ تۇراي، قىساس ئېلىپ، شى ۋېنگۇڭنى تۇتقانلار، مەيلى كىم بولسۇن، شۇ ئورۇنغا ئۆتسۇن، — دېدى سۇڭ جياڭ.

بىر تەرەپتە تۇرغان قارا قۇيۇن لى كۇي:

— ئاغىمىز لياڭشەن كۆلىگە باش بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بۈيۈك سۇڭ خاندانلىقىغا خان بولسىمۇ بولىدىغۇ ! — دېدى.

— يەنە قالايمىقان جۆيلۈگىلى تۇردى بۇ قارىمۇتۇق، — دېدى سۇڭ جياڭ، — يەنە قالايمىقان گەپ قىلىدىغان بولساڭ، تىلىڭنى

كېسىپ تاشلايمەن سېنىڭ.
— ئاغا، سىلىنى مەن جامائەت ئاقساقىلى بولسۇن دېمىسەم، پەقەت خان بولسا بولىدۇ دېسەم، تىلىمنى كېسىۋېتەملا تېخى؟
— بۇ ھۆرمەت بىلەن پەسلىكنى ئايرىۋالالمايدىغان ئادەم، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قىلمىسىلا، چوڭ ئىشلارنى قولغا ئالسىلا بولارمىكىن، — دېدى ۋۇ يوڭ خەلپەت.
شام كۆيدۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن سۇڭ جياڭ باش بولۇپ بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. يۇقىرى تەرەپتە مۇشاۋىر ۋۇ يوڭ، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە گوڭسۇن شېڭ ئولتۇردى. سول تەرەپتە لىن چوڭ، ئوڭ تەرەپكە خۇ يەنجو باش بولدى. ھەممەيلەن تەرتىپ بىلەن كېلىپ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ ئولتۇردى.
— بۈگۈن، — دەپ سۆز باشلىدى سۇڭ جياڭ، — مېنىڭ بۇ ئورۇنغا چىقىشىم كۆللىكىم قېرىنداشلىرىمنىڭ ھىممىتىدىن بولدى، نىيىتىمىز بىر، ئارزۇيىمىز ئوخشاش بولغاي، بىرلىكتە تەڭرى يولىنى تۇتقايمىز. ھازىر تاغ تۇرايىمىزدا ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلار كۆپىيىپ كەتتى، بۇرۇنقىدەك ئەمەس، قېرىنداشلىرىمىز ئالتە تۇراغا بۆلۈنسە، مەردلەر سارىيىنى سادىق مەردلەر سارىيى دەپ ئۆزگەرتىمىز. ئالدى - كەينى، ئوڭ - سول بولۇپ تۆت چۆل تۇرا بولىدۇ، ئارقا تاغدا ئىككى كىچىك تۇرا بولىدۇ. ئالدى تاغدا ئۈچ قوۋۇق بولىدۇ. تاغ تۆۋىدە كۆل تۇراسى، ئىككى ساھىلدا ئىككى كىچىك تۇرا بولىدۇ. بۈلارنى ئەمدى ئۈكىلىرىم ھەربىرىڭلار بېرىپ باشقۇرسىلەر. سادىق مەردلەر سارىيىدا مەن ھازىرچە ئالىي ئورۇنغا ئۆتىمەن. ئىككىنچى ئورۇندا مۇشاۋىر ۋۇ يوڭ خەلپەت، ئۈچىنچى ئورۇندا پىرىم گوڭسۇن شېڭ، تۆتىنچى ئورۇندا خۇا روڭ، بەشىنچى ئورۇندا چىن مىڭ، ئالتىنچى ئورۇندا لۈ فاڭ، يەتتىنچى ئورۇندا گو شېڭ ئولتۇرىدۇ؛ سولدىكى لەشكەر تۇراسىدا بىرىنچى ئورۇندا لىن چوڭ، ئىككىنچى ئورۇندا لىيۇ تاڭ، ئۈچىنچى ئورۇندا شى جىن، تۆتىنچى ئورۇندا ياڭ شيوڭ، بەشىنچى ئورۇندا شى شيۇ، ئالتىنچى ئورۇندا دۇ چيەن،

يەتتىنچى ئورۇندا سۇك ۋەن ئولتۇرىدۇ؛ ئوڭدىكى لەشكەر تۇراسىدا بىرىنچى ئورۇندا خۇ يەنجو، ئىككىنچى ئورۇندا جۇ تۇك، ئۈچىنچى ئورۇندا دەي زۇك، تۆتىنچى ئورۇندا مۇ خۇك، بەشىنچى ئورۇندا لى كۇي، ئالتىنچى ئورۇندا ئوۋ پېك، يەتتىنچى ئورۇندا مۇ چۇن ئولتۇرىدۇ؛ ئالدىدىكى لەشكەر تۇراسىدا بىرىنچى ئورۇندا لى يىك، ئىككىنچى ئورۇندا شۇ نىك، ئۈچىنچى ئورۇندا لۇ جىشىن، تۆتىنچى ئورۇندا ۋۇ سۇك، بەشىنچى ئورۇندا ياك جى، ئالتىنچى ئورۇندا ما لىن، يەتتىنچى ئورۇندا شى ئېن ئولتۇرىدۇ؛ ئارقا لەشكەر تۇراسىدا بىرىنچى ئورۇندا چەي جىن، ئىككىنچى ئورۇندا سۇن لى، ئۈچىنچى ئورۇندا خۇاك شىن، تۆتىنچى ئورۇندا خەن تاۋ، بەشىنچى ئورۇندا پېك چى، ئالتىنچى ئورۇندا دېك فېي، يەتتىنچى ئورۇندا شۆ يۇك ئولتۇرىدۇ. سۇ لەشكەرلىرى تۇراسىدا بىرىنچى ئورۇندا لى جۇن، ئىككىنچى ئورۇندا رۇەن شياۋئېر، ئۈچىنچى ئورۇندا رۇەن شياۋۇۋ، تۆتىنچى ئورۇندا رۇەن شياۋچى، بەشىنچى ئورۇندا جاك خېك، ئالتىنچى ئورۇندا جاك شۇن، يەتتىنچى ئورۇندا تۇك ۋېي، سەككىزىنچى ئورۇندا تۇك مېك ئولتۇرىدۇ. ئالتە تۇراغا جەمئىي قىرىق ئۈچ ئاتامان بۆلۈندى، تاغ ئالدىدىكى بىرىنچى قوۋۇقنى لېي خېك، فەن رۇي ساقلىسۇن؛ ئىككىنچى قوۋۇقنى شيې جېن، شيې باۋ ساقلىسۇن، ئۈچىنچى قوۋۇقنى شياك چۇك، لى گۇن ساقلىسۇن، جىنشاتەن ساھىلىدىكى كىچىك تۇرانى يەن شۇن، جىك تيەنشۇ، كۇك مىك، كۇك لياڭلار ساقلىسۇن؛ يازۇيتەن ساھىلىدىكى كىچىك تۇرانى لى جۇك، جۇ تۇك، زۇ يۈەن، زۇ رۇنلار ساقلىسۇن. ئارقا تاغدىكى ئىككى كىچىك تۇرادىن سول تەرەپتىكىنى ۋاك پەتەك يولۋاس، غۇنچە بوي، ساۋ جېڭلار، ئوڭ تەرەپتىكىنى جۇ ۋۇ، چېن دا، ياك چۇنلار ساقلىسۇن، سادىق مەردلەر سارىيىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۆيلەردە خەت ـ ئالاقىگە شياۋ راك، جازا ـ مۇكاپاتقا پېي شۈەن، تامغىغا جىن داجيەن، پۇل ـ پۇچەك، ئاشلىققا جياك جىك مۇئەككەل بولسۇن. ئوڭ

تەرەپتىكى ئۆيلەردە توپ ئوققا لىڭ جېن، كېمە ياساشقا مېڭ كاڭ، كېيىم ـ قۇياققا خۇ جيەن، سېپىل ـ توسۇققا تاۋ زۇڭۋاڭ مۇئەككەل بولسۇن، سادىق مەردلەر سارىيىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆيلەردە مۈلكى ئىشلارغا قارايدىغانلار: ئۆي ـ جاي سېلىشقا لى يۈن، تۆمۈرچىلىككە تاڭ لۇڭ، مەي ئېچىتقۇ چىقىرىشقا جۇ فۇ، زىياپەت تەييارلاشقا سۇڭ چىڭ، مال ـ مۈلۈككە دۇ شىڭ، بەي شېڭلار قارىسۇن. تاغ ئاستىدىكى تۆت يولغا قارانچۇق قىلىنغان مەيخانىلارغا بۇرۇن جۇ گۇي، لى خې، شى چيەن، لى لى، سۇن شىڭ، گۇ يەڭگە، جاڭ چىڭ، سۇن چوكانلار بەلگىلەنگەن، شۇ بويىچە بولسۇن. تاغ يۇقىرىسىدىن ئات ـ ئۇلاغ ئېلىشقا ياڭ لىن، شى يۇڭ، دۇەن جىڭجۇلار تەيىنلەنسۇن. ھەممە ئىشقا ئادەم قويۇلۇپ بولدى. ھەممەيلەن ئۆز ئىشىغا ئىگە بولسۇن، سەۋەنلىك ئۆتۈلمىسۇن.

لياڭشەن كۆلى تۇراسىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئاتامانلار سۇڭ دانىش تۇراغا باش بولغاندىن كېيىن قالتىس خۇش بولۇشتى، قائىدە ـ يوسۇندىن چىقىشمىدى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سۇڭ جىياڭ ئاتامانلارنى يىغىپ، چاۋ گەي ئۈچۈن قىساس ئېلىش نىيىتىدە لەشكەر تارتىپ زېڭتۇ شەھىرىگە تېگىش قىلىشنى مەسلىھەتلەشتى. مۇشاۋىر ۋۇ يۇڭ كېسىپلا:

— ئاغا، ھەممىمىز مۇسىبەتتە تۇرغاندا يېنىكلىك بىلەن لەشكەر تارتمىساق بولارمىكىن، لەشكەر تارتىمىز دېسەك، يۈز كۈندىن كېيىن ئاندىن لەشكەر تارتساق بولار، — دېدى.

سۇڭ جىياڭ ۋۇ يۇڭ خەلپەتنىڭ رايىغا بېقىپ، تاغ تۇرانى ساقلاپ ياتتى، چاۋ گەيگە ئاتاپ ھەر كۈنى خەير ـ ساخاۋەت بېرىش، نەزىر ـ چىراغ قىلىش ئىشلىرى بىلەنلا بولدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر راھىب تەكلىپ قىلىندى. ئۇنىڭ راھىبلىق نامى دايۇەن بولۇپ، ئەسلىدە يۇقىرى ئاستانە دامىڭ دىيارى مەھكىمىسىنىڭ شەھەردىكى لۇڭخۇاسى ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبى ئىدى، ئۇ يۇرت كېزىپ جىنىڭغا كېلىۋېتىپ لياڭشەن

باغرىدىن ئۆتكەندە، تۇرادا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان. پەرھىز غىزاسى ئۇستىدە ئۇياق ـ بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، سۇڭ جياڭ يۇقىرى ئاستانىدىكى باتۇرلارنى سورىۋىدى، بۇ دايۋەن شەيخ:

— ئاتامان خېببىلىق بوز تۇلپارنى بىلمەملا؟ — دەپ سورىدى.

سۇڭ جياڭ بىلەن ۋۇ يوڭ بۇنى بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ:

— قارىمامسىلەر، تېخى قىبىرىماي تۇرۇپلا شۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇق، يۇقىرى ئاستانىدە بوز تۇلپار دەپ لەقەم ئالغان لۇ جۇنيى ناملىق بىر چوڭ تۆرە بار ئىدى، خېببي بويىچە ئۇچ ئىشتا تەڭداشسىز ئىدى، ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ يۇقىرى ئاستانىلىك، سوقۇش ھۇنىرىگە پىشقان، گۇرزە ـ توقماقلارنى ئوينىتىشتا تەڭدىشى يوق ئىدى. مۇبادا بۇ ئادەم لياڭشەن كۆلى تۇراسىدا بولۇپ قالىدىغان بولسا، پادىشاھ چېرىكلىرىنىڭ تۇتۇشىدىن، چېرىكلەرنىڭ كېلىپ قىلىشىدىن نېمە ئەنسىرىگۈلۈك؟ — دېدى.

— ئاغا، — دېدى ۋۇ يوڭ كۈلۈپ كېتىپ، — نېمە ۋەجىدىن ئۆزىمىزنىڭ شىجائىتىمىزنى سۇندۇرىدىلا؟ مۇبادا بۇ ئادەمنى تاغقا چىقارماق بولساق ئۇ قانچىلىك ئىش !

— ئۇ يۇقىرى ئاستانە دامىڭ دىيارى مەھكىمىسىدىكى ئەڭ كاتتا مۆتىۋەر، ئۇنى قانداقمۇ بۇ يەرگە كەلتۈرگىلى بولغاي؟ — دېدى سۇڭ جياڭ جاۋابەن.

— پېقىر كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرگىلى خېلى بولدى، لېكىن ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن، شۇنچىلىكلا پەم ئىشلەتسەم، ئۇ ئادەمنى تاغقا كەلتۈرەلەيمەن، — دېدى ۋۇ يوڭ خەلپەت.

— جاھاندا موللا تاپقاق دېگەن ناملىرى بىكارغا تارقىلىپ يۈرمىگەنىكەن ـ دە، ئېيتىپ باقسىلا ! شۇ ئادەمنى تاغقا چىقارماققا نېمە پەم ئىشلەتمەكچى ! — دەپ سورىدى سۇڭ جياڭ.